مۇھەممەد سىيىت مۇھەممەد قاسىم

# يېشىل تۇمان

1

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

بۇ رومانىمنى ئۆزلۈك ئېڭى بىلەن ئىنسانىي دوستلۇقنى
قەدىرلىگۈچى زامانداشلىرىمغا ھۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن.

— ئاپتوردىن




مۇھەممەد سېلىم مۇھەممەد قاسىم

# يېشىل تۇمان

( رومان )

1



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

本书作者以现实的生活情景描述友谊与和谐的价值，通过塑造脱贫致富的农村家庭形象，引导农牧民利用科学方法走向致富道路。

مەسئۇل مۇھەررىرى: **تۇردى قۇربان يامغۇر**
مەسئۇل كوررېكتورى: **ئارزۇگۇل سدىق**

## يېشىل تۇمان (1)

ئاپتورى: مۇھەممەدسېلىم مۇھەممەدقاسىم
نەشرىيات: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
تېلېفون: 0998 — 2653927
ئادرېسى: قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 844000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: شىنجاڭ يېبەيفېڭ باسما چەكلىك شىركىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880×1230 م م 1 / 32
باسما تاۋىقى: 43.25
نەشرى: 2013ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2013 ـ يىلى 3ـ ئاي 1ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3000
ئومۇمىي باھاسى: 130.00 يۈەن



# نەشرىياتتىن

يازغۇچى مۇھەممەدسېلىم مۇھەممەدقاسىم 1964- يىلى 3- ئاينىڭ 24-كۈنى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ كېرىيە ناھىيە، جاي يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1983- يىلى 7- ئايغىچە تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان، 1987- يىلى خىزمەتكە قاتنىشىپ، كېرىيە ناھىيەسىنىڭ يېڭىباغ يېزىسىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1991- يىلى 9- ئايدىن، 1993- يىلى 7- ئايغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ ئومۇمىي پەن كەسپىدە ئوقۇغان، 1994- يىلدىن 1995- يىلغىچە كېرىيە ناھىيەلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تارىخ ماتېرىياللىرى ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن، 1995- يىلى 8- ئايدىن بۇيان «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتىدۇ. ئارىدا ئۇ 1996- يىلىدىن 1998- يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات كەسپىدە ئىشتىن سىرت ئوقۇپ تولۇق كۇرس دىپلومىغا ئېرىشكەن.

مۇھەممەدسېلىم مۇھەممەدقاسىمنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1985- يىلى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «رۇبائىي ۋە پارچىلار» ناملىق شېئىرى بىلەن باشلىنىپ، ھازىرغىچە «دېسەم ئۆزۈمنى مېۋىلىك دەرەخ»، «ئىشەنمەسەن تۇغقان ئاناڭغا» قاتارلىق 10 نەچچە پارچە شېئىرى، «باھار يەنە كېلىدۇ»، «مەڭگۈلۈك ناخشا»، «سۆگەل»، «قىساس»، «غوجى بودەك»، «قاباھەت» قاتارلىق 100 نەچچە پارچە ھېكايە، پوۋېستى، «تەكلىماكاندىن سادا — ئاگاھ بولۇڭلار ئادەملەر»،

«يىگىـى ئەسـىر بوسۇغىسـىدىكى كونـا پـاراڭلار» ، «هەكىمـلەر ئىزىــدىن» قاتـارلىق 20 نەچـچە پـارچە ئەدەبىـي ئاخبـاراتى ، «بەخــت قوينىــدىكى بەختــىىزلەر» ، «ئـات ئـالايمۇ ماشــىنىمۇ» قاتارلىق 30 نەچچە پارچە ئىلمىي نەزەرىـيەۋى ماقـالىلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى هەرقايسى مەتبۇئـاتلاردا ئېلان قىلىنغان. مىللەتـلەر نەشـرىياتى تەرىپىــدىن «باهــار يەنە كېلىــدۇ» ، «ئۇنتۇلمـاس ئىزلار» ؛ شىنجاڭ سەھىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن «تۇردى هاجى» ، «ئابدۇلھەمىــد يۈسـۈپ هــاجى» ؛ شــىنجاڭ خەلــق نەشـرىياتى تەرىپىــدىن «تۇمـاق تىكىمچىلىكـى» ؛ قەشـقەر ئۇيغـۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «كۆز يېشى ۋە تەبەسـسۇم» قاتـارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغـان. «باهـار يەنە كېلىدۇ» ، «ئۇنتۇلمـاس بىـر كۈنۈم» ، «مېھىر ـ شـەپقەتلىك دۇنيـادىكى ياش ۋە تەبەسـسۇم» ناملىق ئـۈچ پـارچە ئەسىرى 1996 ـ ، 2001 ـ ۋە 2005 ـ يىللىـرى ئايرىم ـ ئايرىم هالدا «شىنجاڭ خانتەگرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ، «هەكىمـلەر ئىزىـدىن» نـاملىق ئەدەبىـي ئاخبـاراتى 2011 ـ يىلـى ئاپتونوم رايـونىمىز بـويىچە «3 ـ قېتىملىـق ئەركىـن روزى ئەدەبىـي ئاخبـارات مۇكاپـاتى»غـا ئېرىــشكەن. 2007 ـ ، 2009 ـ يىللىـرى ئـاپتونوم رايونلـۇق ئەدەبىيـات ـ سـەنئەتچىلەر بىرلەشمىـسى ۋە «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن «تۆھپە مۇكاپاتى» ۋە «مـۇنەۋۋەر ئەدىــپ» مۇكاپاتىغـا ، ئـالتە پـارچە ئەسـىرى خـوتەن ۋىلايىتـى بـويىچە ئۆتكـۈزۈلگەن مـۇنەۋۋەر ئەسـەرلەرنى مۇكاپـاتلاش پائالىيەتلىرىــدە 1 ـ ۋە 2 ـ دەرىجىلىــك مۇكاپاتلارغـا ئېرىــشكەن. «غوجى بـودەك» ، «سۆگەل» قاتـارلىق بىـرنەچچە پارچە ئەسـىرى خەنـزۇ تىلىغـا تەرجىمە قىلىنىپ «غەربىـي دىيـار ئەدەبىيـاتى»دا ئېلان قىلىنىپ ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن شىنجاڭ يـازغۇچىلار جەمئىيىتـى بىـرلىكتە تـۈزگەن «شىنجاڭ ئـاز سانلىق مىللەت مۇنەۋۋەر تەرجىمە ئەسەرلىرىدىن تاللانما» نـاملىق

كىتابقا ھەم جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى تۈزگەن «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر مۇنەۋۋەر تەرجىمە ئەسەرلىرىدىن تاللانما» ناملىق مەجمۇئەگە كىرگۈزۈلگەن.

مۇھەممەدسېلىم مۇھەممەدقاسىم ھازىر قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپلىك مۇھەررىرى. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسى ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى قاتارلىق جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزاسى.

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى قىسىم


بىرىنچى باب ئۈنچە ـ مارجان چېچىلدى .........1
ئىككىنچى باب ئىزتىراپلىق ئۇچقۇنلار ..........43
ئۈچىنچى باب ئاچالدىكى ئارمان ..........83
تۆتىنچى باب تۇنجۇققان ۋىسال ..........119
بەشىنچى باب سەرسان بەخت .......... 171
ئالتىنچى باب كۆلپەتلىك بەدەل ..........231
يەتتىنچى باب ئۈششۈك تەگكەن كۆكۈل ..........298
سەككىزىنچى باب رەقىب دوستلار ..........359
توققۇزىنچى باب قايتا مۇزلىغان كاچكۈل ..........440
ئونىنچى باب سۈبھىدىكى يانغىن ..........500
ئون بىرىنچى باب ھالاكەتتە تېپىرلاش ..........560
ئون ئىككىنچى باب شىۋىرغاندىكى ئەقىدە ..........634

بىرىنچى باب

# ئۈنچە ـ مارجان چېچىلدى

سۈيى مول، يەرلىرى مۇنبەت، باغلىرىدا قۇشلارنىڭ بەزمىسى ئۈزۈلمەيدىغان بۇ يۇرتقا كىمنىڭ، قاچان «ئاقتاش» دەپ ئىسىم قويغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. بۇ يۇرتنىڭ تەزكىرىسىنى ھەرقانچە ۋاراقلىغان بىلەنمۇ، «قەدىمدە قاراقۇرۇم تېغىدىن سەل بىلەن نۇرغۇن ئاق تاش ئېقىپ كېلىپ مۇشۇ جايدا توختاپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر بۇ يۇرتنى ئاقتاش دەپ ئاتاپتۇ» دېگەندىن ئۆزگە ئۇچۇر يوق ئىدى. بۇ خۇددى ئاقتاش يېزىسىنىڭ كۆزى ھېسابلىنىدىغان غازلىق كەنت ھەققىدىكى «بۇرۇنقى زاماندا يېكەنكۆلگە جەنۇبتىن سان ـ ساناقسىز غازلار كۆچۈپ كېلىپ ماكانلىشىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ يەر غازلىق دەپ ئاتىلىپتۇ» دېگەن رىۋايەتكە بەكلا ئوخشايتتى. قانداقلا بولمىسۇن ئاقتاش يېزىسى ئۆزگىچە گۈزەللىكى بىلەن دېھقانلارنىڭ نەزەرىدە تۇتىيادەك قەدىرلىنەتتى. بۇ يىلقى باھار ئاقتاش يېزىسىغا ئاسايىشلىق ھەم بەرىكەت بەخش ئەتكەنىدى. بۇغدايدىن مول ھوسۇل ئېلىنغاندىن باشقا، كۆجۈم باغلاردا مېۋە ـ چېۋىلەر راسا ئوخشاپ، مەمۇرچىلىقتىن بېشارەت بېرىۋاتاتتى. بۇ ھالەت ئەتراپقا ئېسەنگىرەش ئىچىدە قاراۋاتقان ئاقتاشلىقلار ئۈچۈن تولىمۇ خاسىيەتلىك ئىدى.

باھار كىرگەنىدى. ئاسماندا يۇلتۇزلار سۇس جىمىرلايتتى، دىماقلارغا كوكاتلارنىڭ خۇشبۇي ھىدى ئۇرۇلاتتى. بىر چاغدا ئۇتۇنچىلارنىڭ شاش ھاڭگىلىرى ھاڭرىشىپ، تىنچلىقنى بۇزۇۋەتتى. ئارقىدىنلا ئىتلار قاۋاپ، قويلار كەينى ـ كەينىدىن مەرەشكە باشلىدى. بۇ تۇن نىسپىدىن ئاشقانلىقنىڭ بېشارىتى ئىدى. بۇنداق چاغدا ئاقتاش يېزىسىدىكى ئۇتۇنچىلاردىن باشقا، جاڭگال ئاغزىدىن قومۇش ئورۇشقا، ياتاق چېپىشقا، يۇرتىنىڭ باش تەرىپىدىكى سۇ تۇگمىنىگە ئۇن تارتىشقا بارىدىغانلارمۇ بىر ـ بىرلەپ ئۆز ئىشلىرىغا جۆنەيتتى. بۇ ئىشلار بۇگۇنمۇ مۇشۇ تەرتىپلەر بويىچە تەكرارلاندى. ئەزان ئاڭلانغۇچە نىسپىي جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرسە بولاتتى، بىراق بۇگۇن ئۇنداق بولمىدى. غازلىق كەنتىنىڭ دوقمۇشىدىكى بۇكلۇكتىن ئەرۋاھلاردەك تىمىسقىلاپ چىققان ئىككى گەۋدە ئىلگىرىكى تەرتىپنى بىراقلا بۇزۇۋەتتى. كەنتىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى قوناقلىققا ئېھتىيات بىلەن قاراپ كېتىۋاتقان بۇ گەۋدىلەر بىردەم ماڭسا، بىردەم توختاپ ئەتراپنى تىڭتىڭلايتتى. ئۇلار خېلىدىن كېيىن قوناقلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېرىق بويىغا يېتىپ كېلىپ، ئەتراپنى بىردەم كۆزەتكەندىن كېيىن ئېرىقنىڭ قېشىغا يۆلىنىپ يېتىشتى. ئەسلىدە ئۇلار ئابدۇللا بىلەن راشىدىن ئىدى. ئارىدىن بىر پەس ئۆتتى، راشىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— تۈن نىسپىدىن ئاشتى بولغاي، ئەمدى بارايلى، يەنە ياتساق ئۇخلاپ قېلىپ پىلانىمىز بۇزۇلىدۇ، — دېدى يېنىدا تۇرغان تاننى ئېلىپ بېلىگە ئورىغاچ.

— يەنە بىردەم كۈتەيلى، — دېدى ئابدۇللا بەخىرامان قىياپەتتە.

— ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ مەھەللىدە ئېشەك ھاڭراپ، خوراز چىللاپ كەتتىغۇ! راشىدىن تېرىكتى:

— ھاڭرىغىنى ئانايەتكامنىڭ چامبۇل ئېشىكى، بېدىلىككە

باغلاپ قويۇپ ئېغىلغا سولاشنى ئۇنتۇغان گەپ. چىللىغان خوراز چوقۇم نىساخان جەۋىنىڭ. ئىگىلىرىنى دورىغان گەپ.

— تولا ۋالاقلىماي ئورنۇڭدىن تۇرە!

— بىردەم جىم ياتە، نىياز چوچەك ئاڭلاشقا ئامراق نېمە، مۇشۇ تاپتا ئەخمەتكام كۆزلەكتە چۆچەك ئېيتىۋاتامدۇ تېخى......

— بوپتۇ ئەمىسە، باياتىن سەن ئۇخلىدىڭ. ئەمدى مەن ئۇخلاي، ماڭدىغان چاغدا مېنى ئويغات!

— مەن ياتقىنىم بىلەن ئۇخلىمىدىم.

— ھېلى خورەك تارتتىڭغۇ؟

— سېنى ئۇخلاپ قالمىسۇن دەپ شەپە بېرىپ قويدۇم شۇ، مەن راستتىنلا ئۇخلىمىدىم.

— يالغان ئېيتما!

— كاللامغا بىرمۇنچە ئوي كىرىۋېلىپ ئۇخلىيالمىدىم.

— كەۋسەرنى ئويلىغانسەن ھەقاچان؟

— كەۋسەرنىلا ئەمەس، خەلچەم، نىياز ھەم ئۆزۈمنى، يەنە سەدىردىننى. ئىشقىلىپ، ھەممىمىزنى ئويلىدىم.

— كەۋسەر بىلەن ئىككىمىز ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا كىرسەك، باشقىلار ئۆتەلمىسە دەپ ئويلىغانسەن تايىنلىق؟

— مەن سىلەرنىمۇ ئىمتىھاندىن ئۆتسە، ئالىي مەكتەپتە بىللە ئوقۇساقكەن دەيمەن، كالۋا!

— ئۆزۈڭنىڭ غېمىنى يېگىنە!

— ئۆزىنىڭلا غېمىنى يەيدىغانغا مەن سەن ئەمەس ـ دە!

— مېنى ھەرنېمە قىلىپ چېقىۋالمىساڭ كۆڭلۈڭ ئارام تاپمايدۇ سېنىڭ!

— شۇنداق بولمامتىكى!

— بىلسەڭ، كەۋسەرنى ھېلىقى غېنىي زەڭگى ماراپ

يۈرىدىكەن.

— نېمە؟ ئۆزىگە تۇشلۇق بولسۇچۇ ئۇ ھارىمى! ئىككىمىز ئۇنى پايلاپ تۇرۇپ تازا بىر ئەدەپلەپ قويمايلىمۇ؟

— غېنى زەڭگى پاكار بولغان بىلەن يېشى بىزدىن چوڭ، كۈچلۈك نېمە ئۇ. بىزنىڭ كۈچىمىز ئۇنىڭغا ھەرگىز يەتمەيدۇ.

— ئۇنچە دەپ كەتمە، نىياز بىلەن سەدىردىن قوشۇلسا، تۆتىمىز ئىشتىنىغا سىيدۇرۇۋېتىمىز ئۇ زەڭگىنى!

— پو ئاتمىغىنە!

— بولدى، بۇ گەپنى دېيىشمەيلى. قېنى ئېيتە، ئۆلۈشكۈن كۈزلەكتە كەۋسەر سىلەرگە نېمە دېدى؟

ئابدۇللا شۇنداق دەپلا راشىدىنگە تىكىلدى. قاياقتىندۇر كۆتۈرۈلگەن سەلكىن شامال ئۇنىڭ كىيىمىدىن توزۇغان قۇمساڭغۇ توپىنى يىراققا ئۇچۇرۇپ كەتتى. راشىدىن تېرىككىنىچە دېدى:

— ئاستىراق تۇرمامسەن، كۆزۈمگە توپا كىرىپ كەتتى!

— دېگىنە، كەۋسەر ساڭا نېمە دېدى؟

— نىياز سېنى «ئۆگىنىش قىلمايدىغان بولۇۋالدى، مۇشۇنداق يۈرۈۋەرسە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيدۇ» دېۋىدى، كەۋسەر: «ئابدۇللا ئىمتىھاندىن ئەڭ يۇقىرى نومۇر بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئىككىنچى بولۇپ مەن ئۆتىمەن، ئىككىمىز بىر مەكتەپكە بېرىپ قېلىشىمىز مۇمكىن» دېدى. كەۋسەرنىڭ دادىسى يېزا باشلىقى بولغانلىقىن بىر ئامال قىلىشى مۇمكىن، بىزدەك بىچارىلەرگىمۇ خۇدايىم بار.

— نەدىكىنى؟ مۇئەللىم دېدىغۇ، ھازىر ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا ئۇنداق يوچۇق يوقكەن. سېنىڭچە، مەن تاسادىپىي ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىسەم، كەۋسەر مېنى يارىتارمۇ؟

— ياراتمايدۇ.

— ئۇمۇ ئۆتەلمىسچۇ؟

— ياراتمايدۇ.

— ھەي! ئۇيقۇڭنى ئېچىپ تۈزۈكرەك جاۋاب بەرمەمسەن!؟ بىر گەپنى شاتۇتىدەك تەكرارلاۋەرمەي!

— ياراتمايدۇ دېدىم ياراتمايدۇ! ئۇنى قولغا كەلتۈرىمەن دەيدىكەنسەن، ساڭا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشتىن باشقا يول يوق.

— سەنچۇ؟ خەلچەمنى شۇنچە ياخشى كۆرسەن، ئەمما ئۇ توغرۇلۇق گەپ قىلمايسەنغۇ؟

— ھازىر مۇھەببەتنى ئەمەس، ئۆگىنىشنى ئويلايمەن. كېلەر يىلى ئىمتىھاندىن ئۆتۈپلا كەتسەم، ھەممە ئىشىم ھەل بولىدۇ. سەنمۇ كەۋسەرنى ئەمەس، ئىمتىھاننى ئويلا!

— مەن دەيمەن، خەلچەم ئىككىڭلار ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ كەتسەڭلارغۇ مەيلى، مۇبادا بىرىڭلار ئۆتۈپ، بىرىڭلار ئۆتەلمىسەڭلار، كېيىنكى ئىشلار قانداق بولۇپ كېتەر؟

— قانداق بولاتتى، پېشانەمگە پۈتۈلگەننى كۆرىمەن شۇ. مۇبادا مەن ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، خەلچەم ئۆتەلمىسە، مەن ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىمەن.

— سەن ئۆتەلمەي، خەلچەم ئۆتۈپ كەتسە، ئۇ سېنى يارىتارمۇ؟

— بىلمەيمەن.

— ھەي، بىزمۇ ئەتىدىن كەچكىچە ئۆشنىسىدىن كەتمەن چۈشمەيدىغان دېھقاننىڭ ئۆيىدە تۇغۇلغۇچە، كەۋسەردەك باشلىقنىڭ ئۆيىدە تۇغۇلساقچۇ ـ ھە!

ئابدۇللا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنغىنىچە يەنە ياتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئويچان كۆزلىرى كۆك قەرىدە جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا تىكىلگەنىدى. بىردىنلا ئاشۇ ساناقسىز يۇلتۇزلار ئارا ئالاھىدە چاقناۋاتقان بىر يۇلتۇز كەۋسەرنىڭ ئاق سۈزۈك چىرايىغا ئۆزگىرىپ ئابدۇللاغا يېقىملىق باققىنىچە مېھرىلىك كۈلۈمسىرىدى. ئابدۇللا ئۇنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ چىقتى. ئىككىسى قول تۇتۇشۇپ، زوق ـ

شوخ بىلەن ئالىي مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەتتى.

راشىدىنمۇ تەگسىز خىيالغا چۆمگەنىدى. گەرچە ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ كۆڭلىدىكىنى ئاسانلىقچە باشقىلارغا ئاشكارىلىمايدىغان ئىچ مىجەز خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، ئابدۇللانىڭ ھېلىقى گەپلىرى ئۇنى ئويغا سېلىپ قويدى.

— ئۆگىنىش باشلىقى تۇرۇپمۇ شۇنچە غەم قىلغىنىڭغا قاراپ، مەنمۇ ئەندىشە قىلىۋاتىمەن. مۇبادا ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىسەم، دادام يەنە شۇ موزدۇزلۇقنى ئۆگىنىپ ئىزىمنى باسقىن دەپ تۇرىدۇ. ئۇنداق بولۇپ قالسا قاچىمەن شۇ ......

خىلىدىن بېرى ئۇندىمەي ياتقان راشىدىنىڭ خۇددى جۆيلۈگەندەكلا دېگەن بۇ گەپلىرى ئابدۇللانى لەززەتلىك خىيال قوينىدىن قايتۇرۇپ كەلدى. ئۇ تېرىككىنىچە:

— بىردەم جىم ياتساڭ بولمامدۇ!؟ — دېۋىدى، راشىدىن ئۇنىڭدىن ئۆتە تېرىكىپ:

— نېمىگە تېرىكىسەن؟ ئاخشامدىن بېرى كاپىلداپ مېنى ئۇخلىغىلى قويمىدىڭ، ئادەمگە غەم سالىدىغان گەپلەرنى دېمىگەن بولساڭ، ھېلىغىچە ئۇخلاپ چۈشىمۇ كۆرەتتىمەن، — دېدى ئابدۇللاغا دوق قىلىپ.

— بولدى - بولدى، ئۇخلاپ چۈشۈڭنى كۆرگىنە!

— ئۇيقۇم قاچتى. ھەي، كېلەر يىلى نېمە ئىشلار بولۇپ كېتەر- ھە؟ ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ كەتسەكقۇ بىزدىن نوچىسى بولماس، مۇبادا ئۆتەلمەي قالساق......

راشىدىن ئابدۇللانىڭ ئاسمانغا قاراپ ئۈن - تىنسىز ياتقىنىنى كۆرۈپ جىمىپ قالدى.

خىيال ئىنسان ئۇچۇن ئەڭ قولاي، ئەڭ ئەركىن تۇيغۇ. ئۇنىڭ قوينىغا چوڭ - كىچىك، باي - گاداي ھەممە كىشى خالىغان چاغدا كىرەلەيدۇ، قەلب قەسرىدىكى ھەسرەت - نادامەتلەرنى

بىردەملىك بولىسمۇ يىراققا قوغلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدىغان بەخت ئەلچىلىرىنى باشلاپ كېلەلەيدۇ. ئابدۇللا بىلەن راشىدىن ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن سىردىشىپ، تۈن نىسپىدىن ئاشقۇچە ئويغاق يېتىشتى. گەرچە بۇ يىلقى يازلىق تەتىلنى ئۆزئارا ئۇيۇشۇپ دەرس تەكرارلاش بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان بولىسمۇ، كېلەر يىلى قاتنىشىدىغان ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ئۇلارنى شۇنچە بۈرۈن غەمگە پاتقۇزغانىدى. ئىمتىھاندىن قورقمايمۇ بولمايتتى، چۈنكى ئۇلار ھازىرغىچە ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزۈپ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشقانلارنىڭ تەقدىرىنى كۆرۈپ كەلدى: دەرستە ياخشى خېلى كۆپ ئوقۇغۇچى نېمىشقىدۇر شاللىنىپ قېلىپ، دەرستە ئادەتتىكىچە ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ كەتتى. شۇڭا، ئۇلار بۇ ئىشتا ئالدىراپ مەيدىگە مۇشتلىغىلى بولمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. ئەسلىدە ئابدۇللا ۋە راشىدىندىن باشقا يەنە ئاقتاش يېزىسىنىڭ غازلىق كەنتىدە كىشلەرنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدىغان كەۋسەر، خەلچەم، نىياز، سەدىردىن قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. بۇ ئالتەيلەندىن نىيازدىن باشقىلىرى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كەنجى باللىرى بولغاچقا، مەھەللىدىكىلەر ئۇلارنى «كەنجىلەر» دەپ ئاتىشاتتى. ئۇلار ناھىيە مەركىزىدىن 30 نەچچە كىلومېتىر يىراق بۇ يېزىدىكى ھەر خىل تەبىقە، ھەر خىل مىجەز- خۇلقتىكى كىشلەرنىڭ ئائىلىسىدە ئاپىرىدە بولغان ئىدى. ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئېغى ئوچۇق ئىشتان كىيىپ، ياداڭلاردا پاتمىچۇق، يىڭناغۇچ قوغلىشىپ يۈرۈشىدىغان بۇ سەبىي باللار ئەمدىلىكتە چوڭ بولۇپ ھايات ۋە ئىستىقبال ھەققىدە ئويلىنالايدىغان بولغانىدى. ئون نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئۇلار ئابدۇللانىڭ تەشەببۇسى بىلەن كېلەر يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈشنى شەرت قىلىپ باغلاشقان ھەمدە ئۆزئارا ئۇيۇشۇپ دەرس تەكرارلاۋاتقانىدى، بىراق يېقىندىن

بىرى سەدىردىن بىلەن نىياز كۆتۈلمىگەندە ئايرىمچىلىق قىلىپ تۇيتىن چۆشۈۋالدى، كېيىن دېگۈدەك ئابدۇللانى ياقلايدىغان كەۋسەر بىلەن خەلچەممۇ نىمىشقىدۇر ئۇ ئىككىسىگە ئەگىشىپ كېتىشتى. بۇنىڭغا ئابدۇللا بىلەن راشىدىن سۆكۈت قىلىپ تۇرالمايتتى، ئاخىر ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ، نىيازنى ئايرىمچىلىق قىلغانغا پۇشايمان قىلدۇرىدىغان ياخشى بىر ئامال تاپتى.

نىياز ئەسلىدە ئەخمەت بوۋاينىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ تۇنجى بالىسى ئىدى، ئۇ ئىككى ياشقا كىرگەن يىلى دادىسى قىزىلتۆگمەچ راكىغا گىرىپتار بولۇپ قازا قىلىپ كەتتى، كېيىن ئانىسى يىراق يېزىدىكى بىرسى بىلەن توي قىلغاندا، ئەخمەت بوۋاي نىيازنى ئانىسىنىڭ يېنىدىن ئەكېلىۋېلىپ كەنجى ئوغۇل قىلىۋالدى. كەنجىلەرگە ئاتا - ئانىسىنىڭ مېھرى بىر بولسا، ئەخمەت بوۋاينىڭ مېھرى ئىككى ئىدى. قىسقىسى، ئۇ نىيازنى يۈرەك پارەم دەپ، مەرھۇم ئوغلىدىنمۇ ئارتۇق كۆرەتتى، نىيازمۇ ئەخمەت بوۋاينى ئۆز دادام دەپ بىلەتتى. ئەخمەت بوۋاي ئۆتكەن يىلى يەرلەر دېھقانلارغا ئومۇمیۈزلۈك ھۆددە بېرىلگەندە، ھۆددە ئالغان 12 مو يەرگە قوغۇن - تاۋۇز تېرىپ، قوغۇنلىرىنىڭ تەمى بىلەن يېزىدىلا ئەمەس، ناھىيە تەۋەسىدىمۇ نام قازىنىپ كېلىۋاتاتتى. 80 ياشلارغا يېقىنلاپ قالغان ئەخمەت بوۋاينىڭ بىردىنبىر ئارمىنى نىيازنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇپ كادىر قىلىش ئىدى. گېپى كەلسە ئۇ نىيازنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن ئايانمايتتى. بىراق، بۇ يىل قوغۇن- تاۋۇزلار تازا ئوخشىغان بىلەن نىمىشقىدۇر بىر قىسىم چۆپقەتلىرى ھازىرغىچە سېتىۋالغىلى كېلىشمىدى، ئۇ ئەمدى كۈتۈپ تۇرسا بولمايتتى. شۇنچە ئوخشىغان قوغۇن - تاۋۇزلار بىر ئامال قىلمىسا نابۇت بولۇپ كېتەتتى، ئۇنىڭغا ئەمدى پەقەت پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، قوغۇن - تاۋۇزلارنى ناھىيە بازىرىغا ئۆزى

يۆتكەپ ساتماقتىن باشقا يول يوق ئىدى. ئاخىر ئۇ شۇنداق قىلدى، نىيازنىڭ تەتىل ۋاقتى مانا مۇشۇ مۇھىم ئىشقا ئۇدۇل كەلگەچكە، ئەخمەت بوۋاي ئۇنى ھەپتىدىن بۇيان قوغۇنلۇققا قارىتىپ كېلىۋاتاتتى. ئىشنىڭ بېشىدا نىياز تاقىرىشۇىدى، بوۋاي: «ساتمىدا ئولتۇرۇپ ئۆگىنىش قىل. پۇل بولسا ھەممە ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ» دەپ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى.

نىياز ئامالسىز ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىدىن ئايرىلىپ قالدى. لېكىن، ئەتىسىدىن باشلاپ خەلچەمنى قوغۇنلۇقتا پىللە دەرس تەكرارلاشقا كۆندۈرۈۋالدى. يامان يېرى كەۋسەرنىڭ خەلچەمگە ئەگىشىپ كېلىۋېلىشى ئاز كەلگەندەك، دەرس تەكرارلاشتىن زېرىكىپ گۇرۇپپىدىن يالتىيپلا يۇرىدىغان سەدىردىن بىر جۈپ تورغاينى نىيازغا سوۋغا قىلىپ بولارغا قوشۇلۇۋالدى. تۈنۈگۈن كەچتە ئابدۇللا ئەخمەت بوۋايغا نىيازنى قوغۇنلۇققا قاراتماسلىق توغرۇلۇق گەپ قىلىۋىدى، ئەخمەت بوۋاي ئۇنىڭغا چۈشەندۈردى:

— نىياز قوغۇنلۇققا قارىشىپ بەرگەندىن بېرى ھايتاق[1] باللار قوغۇن - تاۋۇزلارنى ئوغرىلاپ كېتەلمىدى......

ئابدۇللا ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلمىدى:

— ئوغرى نىيازدىن قورقاتتىمۇ! ئەگەر نىيىتىنى بۇزسا نىيازنىڭ كۆزىچە قوغۇنلۇققا كىرىۋېرىدۇ.

ئەخمەت بوۋاي نىيازنى يەنە ماختىدى:

— قاراپتۇر، نىياز قوغۇنلۇقنىكى ۋاقتىتا بىرەرسى قوغۇن ئەمەس، بىر دانە كۇس سويمىنى ئېلىپ كېتەلىسە ئىگەكىم...... مانا مەن ساڭا قول بېرەي!

ئاخىر ئابدۇللا ئەخمەت بوۋاي بىلەن باغلاشتى. مۇبادا بىرەرسى قوغۇنلۇقتىن بىر دانە قوغۇن ياكى تاۋۇزنى ئوغرىلاپ كېتەلىسە

---

[1] ھايتاق — كەپسىز دېگەن مەنىدە.

ئەخمەت بوۋاي نىيازنى قوغۇنلۇقتا تۇتۇپ قالمايدىغان بولدى.
ئابدۇللا ئەتراپنى تىڭتىڭلىغاندىن كېيىن راشىدىننى نوقۇدى، راشىدىن شۇئان ئورنىدىن تۇرۇپ يېنىدا تۇرغان ئىككى پارچە ئۇستىخاننى قولىغا ئالدى، ئاندىن ئىككىسى قوناقلىقنىڭ ئىچىگە قاراپ ماڭدى، بىردەمدىن كېيىن ئۇلارنىڭ بۇرنىغا پىشىپ ۋايىغا يەتكەن قوغۇنىنىڭ ھىدى ئۇرۇلدى. ئەسلىدە ئۇلار ئەخمەت بوۋاينىڭ قوغۇنلۇقىغا يېقىنلاپ كەلگەنىدى. قوغۇنلۇقنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان كۈزلەكنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولمايتتى، شەرق تەرەپتىكى كۈزلەك قاراڭغۇلۇق قوينىدا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئابدۇللا راشىدىننىڭ قۇلىقىغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىۋىدى، ئۇ ئۇستىخاننى ئېلىپ قوغۇنلۇقنىڭ شىمالىي تەرىپىگە قاراپ ماڭدى. بىردەمدىن كېيىن ئىت چالا - بۇلا قاۋاپلا توختىدى، ئىككىسى ئاۋايلاپ قوغۇنلۇققا كىردى. پېلەكلەرنىڭ ئارىسىدا سايىنىڭ تېشىدەك ياتقان قوغۇن - تاۋۇزلار شەبنەم تامچىلىرى بىلەن يۇيۇلغانىدى، ئۇلار قوغۇنلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۈزلەككە يېتىپ كەلدى. نىياز بىرسى بىلەن كارىۋاتتا يېتىپ شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئابدۇللا راشىدىننىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:
— نىياز سەدىردىن خاپانباش بىلەن بىللە يېتىپتۇ. ئەخمەتكام ئاۋۇ كۈزلەكتە ياتقان ئوخشايدۇ.
ئابدۇللا بىلەن راشىدىن نىياز بىلەن سەدىردىننىڭ پۇتلىرىنى كارىۋاتقا ئېھتىيات بىلەن باغلىۋەتكەندىن كېيىن، شەرق تەرەپتىكى كۈزلەككە كېلىشتى. دېگەنىدەك بۇ كۈزلەكتىكى بىر كىشىلىك كارىۋاتتا ئەخمەت بوۋاي خورەك تارتقىنىچە بەھۇزۇر ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئابدۇللا راشىدىنگە ئىشارەت قىلىۋىدى، ئۇ دەرھال كارىۋاتنىڭ يەنە بىر بېشىغا ئۆتتى. ئىككىيلەن ئەخمەت بوۋاي ياتقان كارىۋاتنى كۆتۈرۈپ ياندىكى بېدىلىككە ئېلىپ كېلىپ ئاۋايلاپ قويدى . پەقەت شۇ چاغدىلا ئەخمەت بوۋاي سول تەرەپكە

ئۆرۈلۈپ بوشىقىنە ئېغىناپ قويدى ـ دە، يەنە خورەكنى باشلىۋەتتى. ئابدۇللا بىلەن راشىدىن بىرنەچچە قوغۇن- تاۋۇزنى ئۈزۈپ قوغۇنلۇقتىن چىقىپ كېتىشتى.
ئەتىسى چاشكاھ ۋاقتىدا ئابدۇللا بىلەن راشىدىن ئىككى دانە قوغۇننى كۆتۈرۈشكىنىچە كۈزلەككە كېلىشتى. بۇ چاغدا ئەخمەت بوۋاي يېنىغا توپلانغان بىرنەچچە كىشىگە كېچىچە قوغۇنلۇقتا يۈز بەرگەن ئىشلار توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. ئەخمەت بوۋاي ئابدۇللا بىلەن راشىدىننى كۆرۈپلا ساقىلىنى تۇتاملىغىنىچە دېدى:
— ھە، ئەمدى بىلدىم! قوغۇنلۇققا كىرگەن ئوغرىلار سىلەر- كەنسىلەر ـ ھە؟ ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرۇشۇمغا بېشىم قېيىپ كېتىۋىدى، ھازىرغىچە ئوڭشىلالمىدىم......
— ئاخشىمى كۈزلەكتە يېتىپ، ئەتىسى ئاۋۇ بېدىلىكتىن قوپىسىڭىز كۆڭلىڭىز ئېلىشىماتتى ئەمسە! — دېدى ئابدۇللا ھىجايغىنىچە.
— ھا! ـ ھا!ـ ھا!ـ ھا!......— ھەممەيلەن ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈشتى. ئۇلارنىڭ كۈلكە ساداسى ئەتىگەنلىك ساپ مۇھىتتا يىراق ـ يىراقلارغا كەتتى.
شۇ چاغدا مەھەللە تەرەپتىن خاتىرە ۋە كىتاب كۆتۈرۈۋالغان ئىككى قىز چىقىپ كەلدى. ئۇزۇن چاچلىرىنى تال ـ تال ئۆرۈپ، بېشىغا چىرايلىق گۈللۈك دوپپا كىيگەن، ئەتلەس كۆڭلىكى زىلۋا بويىغا خويمۇ ياراشقان ئاق سۇزۇك قىز كەۋسەر؛ قۇندۇزدەك قارا چاچلىرىنى ئىككى ئۆرۈپ، بېشىغا يېشىل گاز ياغلىق چىگكەن، ئۇچىسىغا ئېتىكىگە چىرايلىق گۈل ئىشلەنگەن ئاق گىرىپ كۆڭلەك كىيىۋالغان سۇمباتلىق قىز خەلچەم ئىدى. يېنىك قەدەملەر بىلەن قوغۇنلۇققا قاراپ كېلىۋاتقان بۇ قىزلار گاھ پىخىلداپ كۈلۈشسە، گاھ ئىزىدا توختاپ بىر ـ بىرىنىڭ قۇلىقىغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىشاتتى. ئۇلار كۈزلەككە يېتىپ كەلگەندە ئەخمەت بوۋاي

ئابدۇللاغا دېدى:

— بۇ دۆرەم ساڭا ئۆتتۈرۈپ قويدۇم، ئابدۇللا. بوپتۇ، هازىردىن باشلاپ نىيازنى سىلەرگە تاپشۇرۇپ بېرەي، ئۆگىنىشنى ئوبدان قىلىڭلار، سەدىردىنىنىڭ ماۋۇ بىر جۈپ تورغىيىنى قويۇپ بېرىڭلار. بولمىسا سىلەرنى خاتىرجەم ئۆگىنىش قىلدۇرمايدۇ.

— يېڭىلدىڭىزمۇ، بولدى ئەمىسە، بىز كېتەيلى، نىيازنى يەنە قوغۇنلۇققا قاراتسىڭىز ئۆزىڭىزنى بېدىلىكتە ئەمەس، دەريا بويىدا كۆرىسىز، ماخما!؟مېڭىڭلا، بىزنىڭ باغدا دەرس تەكرار قىلىمىز!

ئابدۇللا گېپىنى دەۋالغاندىن كېيىن ساۋاقداشلىرىنى باشلاپ قوغۇنلۇقتىن چىقىپ كەتتى.

* * *

ئارىدىن بىر يىل شۇنداق تېز ئۆتۈپ كەتتى، ئىمتىهان ۋاقتى ئاخىر يېتىپ كەلدى. ئىيۇلنىڭ تولۇن ئاي كائىناتنى سۈتتەك يورۇتۇۋەتكەن خەيرلىك بىر سەھەرى ئىدى، تەرەپ ـ تەرەپتە خورازلار چىللايتتى، ئاقتاش يېزىسىدىن ناھىيە مەركىزىگە بارىدىغان تاشيول كۆمۈش لېنتىدەك سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئابدۇللا ۋېلىسىپىتىنىڭ پېدالىنى كۈچەپ ئايلاندۇرۇپ، چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈلگىنىچە يولنى داۋاملاشتۇراتتى. ئۇ كۆڭلىدە «كەۋسەر، خەلچەملەر ئېشەك هارۋىسىدا ماڭغان بولۇشى مۇمكىن، ئۇلارغا يېتىشىۋېلىشىم كېرەك» دەپ ئويلايتتى. دېگەندەك ئۇ ئون نەچچە كىلومېتىر يول يۈرۈپ بولغاندا ئالدى تەرەپتە ناھىيەگە قاراپ كېتىۋاتقان ئېشەك هارۋىسىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇ يېقىنلاپ كېلىپ هارۋىدىكى خەلچەم، نىياز، راشىدىن ۋە ئۇنىڭ دادىسى هوشۇر موزدۇزنى كۆرۈپلا كۆڭلى يېرىم بولدى.

— ئابدۇللامۇسەن؟— دېدى هوشۇر موزدۇز ئېشەكنى

قولىدىكى تاياق بىلەن نوقۇغاچ.

— ھەئە، سىلەرگە بەكمۇ تەستە يېتىشتۇالدىم.

— ئاچما كۆۋرۈك يېنىدا سېنى بىردەم ساقلىدۇق، كەلمىدىڭ، كېتىپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ مېڭىۋەرگەنىدۇق.

— كەۋسەر بىلەن سەدىردىنچۇ؟

— كەۋسەر بىز بىلەن بىرگە ماڭىمەن دېگەنىبىلەن، دادىسى ئۇنى پىكاپ بىلەن ئەكىرىپ قويىدۇ، سەدىردىن تۆنۈگۈن يۇلغۇنلۇقتا توشقان قوغلاپ پۇتىنى زەخىملەندۈرۈۋالدى. ئۇ ھاڭۋاقتى كونا چىققاندا يولغا چىقارمىكىن، — دېدى راشىدىن دادىسى ھوشۇر موزدۇز ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە ئالدىراپ.

ئابدۇللا خورسىنىپ قويدى.

— تېزرەك ماڭايلى! مۇئەللىم ئەتىگەنلىك ئۆگىنىشكە ھەرگىز كېچىكىپ قالماڭلار دېگەن! — دېدى خەلچەم شەرق ئاسمىنىغا قاراپ ئەندىكىپ.

— ئەنسىرىمە، قىزىم، — ھوشۇر موزدۇز سالماق تەلەپپۇزدا ئېيتتى، — خۇدايىم بۇيرۇسا سىلەرنى كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى مەكتەپكە يەتكۈزىمەن. ئىگەم سىلەرگە مەدەت بەرگەي. ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ مۇرادىڭلارغا يەتكەيسىلەر! ئوقۇپ كادىر بولۇپ......

سوكۇلداپ كېتىۋاتقان سۇر ئېشەك ئۇشتۇمتۇت ئۇركۈپ ھوشۇر موزدۇزنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ قويدى.

— ۋۇتچىش، ۋۇتچىش!...... نېمە بولدى ماۋۇ كاساپەتكە!...... — دېدى ئۇ ئېشەكنىڭ نوختا تانىسىنى كۈچەپ تارتىپ تۇرۇپ.

شۇ چاغدا كەينى تەرەپتە بىركىمنىڭ قارىسى كۆرۈندى.

— ئاۋۇ كېلىۋاتقان سەدىردىن بولمىسۇن يەنە، — دېدى ئابدۇللا ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ كەينىگە بۇرۇلغىنىچە.

— سەدىردىن بولماي كىم بولاتتى!؟ — دېدى سەدىردىن يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپ.

— بايا ئېشەك مۇشۇ چاپلىكەشتىن ئۈركۈپتىكەن - دە، — دېدى ھوشۇر موزدۇز سەدىردىنگە قاراپ.

— بۇ خاپانباش بىزنى كۆرۈپ يول ياقىسىدىكى قومۇشلۇققا مۆكۈۋالغان گەپ! — دېدى راشىدىن سەدىردىنگە يېنىچە قاراپ.

سەدىردىن يۈگۈرۈپ كېلىپ ھارۋىغا ئولتۇرۇۋالدى - دە، دېدى:

— ئالدىمدا ماڭغان بولسا يېتىشۋالارمەن، ئەگەر كەينىمدە بولسا ئۇلار ماڭا يېتىشۋالار دەپ مېڭىۋەرگەنىدىم، ئەسلىدە كەينىمدە ئىكەنسىلەر.

— ھەي بىغەرەز! ئاخشام ساڭا دېگەن ئىدىمغۇ، بىرگە ماڭايلى دەپ! —كايىدى ئابدۇللا سەدىردىننىڭ بۇ خىل تەۋەككۈلچىلىكىگە نارازى بولۇپ.

— سېنىڭ نېمە كارىڭ!؟ ئاغرىسا مېنىڭ پۇتۇم ئاغرىدى!

— ياخشىلىق ياراشمايدىغان ئادەمگە گەپ قىلىپ نېمە قىلىسەن؟— راشىدىن ئىككىسىنىڭ دەتالىشىغا ئارىلاشتى.

— نېمىشقا مەن بىلەن قېيىشىسەن؟

— قېيىشسام قانداق قىلاتتىڭ؟ — ئابدۇللامۇ بوش كەلمىدى.

— ھاي...... ھاي، چوجە خورازلار! بۇنچە قىلىپ كەتمەڭلار! ئۆگۈنلۈككە ئىمتىھان بېرىسىلەر، يوقىلاڭ ئىشقا تەگىشىپ يۈرۈشمەي، ئىمتىھان ھەققىدە باش قاتۇرمامسىلەر...... ھە، راست، ئابدۇللا بالام، سەن دەرستە ياخشى بولغاندىكىن، ماۋۇ بىزنىڭ راشىدىنگە ئوبدانىراق ياردەملەش، يەنە......

ھوشۇر موزدۇزنىڭ گېپىنى يەنە راشىدىن ئۈزۈپ قويدى:

— خۇدايىم مېنى ئىمتىھاندا ماۋۇ سەدىردىن بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇپ قېلىشتىن ساقلىسۇن!......

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن، بالام؟ سەدىردىن ھايتاق بولغىنى بىلەن خېلى زېرەك چوكا بولىدىغۇ!؟

— دەرس تەكرارلايلى دېسە ئۇنىڭ بېشى ئاغرىيدۇ.

— راست، راشىدىن توغرا ئېيتتى، — سۆز قىستۇردى خەلچەم، — سەدىردىن ئويۇن قېپى بولۇپ كەتكەن، مانا ئەمدى ئوينىغاننىڭ ھېسابى چىقىدىغان بولدى.

— ھەممىڭلار مېنى كۆزگە ئىلمىغاندىكىن، تورغاي ئوينىدىم شۇ. ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىسەم ھۈنەر ئۆگىنىمەن. چۆكۈپ كېتىدىغان دەسمي يوق.

— ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ سەدىردىن دېگەن مانا مۇشۇنداق نوچى!

— راشىدىن، بولىدى قىل بالام، يەنە سەدىردىنگە يامىشىۋەرمە. ھە، ئابدۇللا بالام، سەن گەپ قىلمايسەنغۇ؟

— نېمە دەيمەن، ئەمدى نېمىلا دېگەنبىلەن قىلچە پايدىسى يوق!

ئابدۇللا شۇنداق دەپلا پىدالنى كۈچەپ تېپىپ ھارۋىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. دېمىسىمۇ ھازىر ئۇنىڭغا بۇنداق دەتالاش ياقمايتتى، پەقەت جىمجىت مۈھىت بولسا، قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا كەۋسەر بىلەن كۆز ئالدىدىكى ئىمتىھان ۋە كەلگۈسى ھەققىدە سۆزلىشىشنىلا ئىستەيتتى.

ئۇلار مەكتەپكە يېتىپ كەلگەندە شەرق ئاسمىنى رەڭلەنـ ـگەنىدى. راشىدىن خەلچەمنىڭ قولىدىكى سومكىنى ئېلىپ ئابدۇللانىڭ ۋېلىسىپىتىگە جايلاشتۇرۇۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ يېنىغا ئاقتاش يېزىسىنىڭ پىكاپى كېلىپ توختىدى ـ دە، پىكاپتىن كەۋسەر سومكا كۆتۈرگىنىچە چۈشتى. ئابدۇللانىڭ كۆڭلى پاللىدە يورۇپ كەتتى.

ئەندىشە ئىچىدە كۈتۈلگەن ۋاقىت ئاخىر يېتىپ كەلدى. مانا، ئاقتاش يېزىسىنىڭ بۇ ئەركىلىرى ئەتە باشقا ساۋاقداشلىرى بىلەن

بىلله ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىدۇ، ئۇلار مۇئەللىمنىڭ ئالدىنقى كۈندىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئۆيلىرىگە بېرىپ تەييارلىقنى قىلىپ كېلىشتى، ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى جەم بولغاندىن كېيىن مۇئەللىم مۇھىم دەپ قارالغان مەزمۇنلارنى بىرقۇر تەكرار قىلىپ بەردى. ئاخىرىدا ئىمتىھان تۈزۈمى ھەققىدە ئېغىز ئېچىپ تۇراتتى، كەينى تەرەپتىن بىرسىنىڭ خورەك ئاۋازى ئاڭلاندى، ئوقۇغۇچىلار پاراققىدە كۈلۈشتى. شۇئان ئاخىرقى ئورۇندۇقتا بېشىنى ئۈستەلگە قويغىنىچە بەھۇزۇر ئۇخلىۋاتقان سەدىردىن چۆچۈپ ئويغاندى - دە، كۆزىنى ئۇۋۇلىغىنىچە ئورنىدىن تۇردى، مۇئەللىم بېشىنى چايقاپ دېدى:

— توپان بالاسى ئوشۇقىغا كەلمەيدىغان سەدىردىندەك نوچىلارمۇ بار مانا. مۇشۇنداق مۇھىم ۋاقىتتا كۆزۈڭگە قانداقمۇ ئۇيقۇ كەلگەندۇ سىېنىڭ!

ئوقۇغۇچىلار سەدىردىنگە قاراپ كۈلۈشتى. مۇئەللىم ئۇلارنى ئىنتىزامغا چاقىرىۋاتقاندا، سەدىردىن يېنىدا ئولتۇرغان ساۋاقدىشى بىلەن نېمىدۇر دېيىشىپ گال سىقىشتى، شۇنىڭ بىلەن كونسۇلتاتسىيە ئىنتىزامى پۇتۇنلەي بۇزۇلۇپ كەتتى. چۈشتىن كېيىن باللار ئىمتىھان مەيدانىغا بېرىپ ئۆز ئورۇنلىرىنى كۆرۈپ قايتىشتى. ئابدۇللا كەۋسەر بىلەن بىر مەيداندا ئىمتىھان بېرەلمەيدىغانلىقىغا ئۆكۈنسە، راشىدىن سەدىردىن بىلەن بىر مەيداندا، يەنە كېلىپ ئارقىمۇئارقا ئولتۇرۇپ ئىمتىھان بېرىدىغانلىقىدىن ئىچى ئاچچىق بولاتتى. تەقدىر نىياز بىلەن خەلچەمگە ئوڭ كۆزىدە باققان بولۇپ، ئۇلار بىر مەيداندا، يەنە كېلىپ يانمۇيان ئولتۇراتتى. ھوشۇر موزدۇز چاندۇرمىغان بىلەن، كەنجىلەرنىڭ سەھەردە يول ئۈستىدە دېيىشكەن گەپلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ:

— سىلەرگە نېمە بولدى؟— دېدى ئابدۇللا بىلەن نىيازغا

قاراپ، ــ ئاتا ـ ئاناڭلارنىڭ كەلمىگەنلىكىدىن خاپا بولۇۋاتامـ-
ـسىلەر؟ مانا ئۇلارنىڭ ئورنىدا مەن كەلدىمغۇ. ھازىر دېگەن خامان
ۋاقتى تۇرسا، باللىرىم، ئاتا ـ ئاناڭلاردىن رەنجىمەڭلار، ئۇلار
ھەقىقەتەنمۇ ئامالسىز قالدى، ھەرقانداق ئىشىڭلار بولسا مەن بار.
سىلەرمۇ ئاۋۇ شەھەر باللىرىدەك خۇشال يۈرۈڭلار.

كەنجىلەرگە ھوشۇر موزدۇزنىڭ بۇ گەپلىرى ئانچە تەسىر
قىلمىغاندەك ئىدى، شۇ ئەسنادا خەلچەم راشىدىنگە قاراپ پەس
ئاۋازدا:

ــ سەدىردىننىڭ شەھەردە ھېلىقى مىجىت دىرېكتور دېگەن
تاغىسى بار تۇرسا، سەن نېمىگە غەم قىلىسەن؟! سەدىردىن ساڭا
چوقۇم ياردەم بېرىدۇ، ــ دېۋىدى، ئابدۇللا دەرھال ئۇنىڭ
گېپىنى قۇۋۋەتلەپ ئېيتتى:

ــ راست، مىجىت دىرېكتور ھېلىراقتا سەدىردىننى
كومىسسىيەلەرگە تونۇشتۇرۇپ قويغىلى ئېلىپ كەتتى.

مىجىت دىرېكتور ھەققىدىكى خەۋەرمۇ راشىدىننىڭ كۆڭلىنى
ئاچالمىدى. ئۇ خەلچەمگە ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەيلا يېنىدىكى
ئابدۇللاغا قارىدى، بىراق بۇ چاغدا ئابدۇللانىڭ كۆزى ساۋاقداشـ-
ـلىرىنىڭ ئارىسىدىن كەۋسەرنى ئىزدەپ ئاۋارە ئىدى.

* * *

سېنتەبىرنىڭ باشلىرى. بىر كۈنى ئاقتاش يېزىسىدىكى كۆجۈم
مەھەللىلەردە، بۇ يىل ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەن
ئوقۇغۇچىلاردىن پەقەت كەۋسەر بىلەن سەدىردىننىڭلا ئۆتكەنلىك
خەۋىرى تارالدى. كېيىنكى مىش ـ مىش گەپلەردىن قارىغاندا
مۇبادا نومۇر چېكى ئازراق تۆۋەنلىسە خەلچەمنىڭمۇ ئۆتۈش
ئېھتىماللىقى بار ئىدى. ئابدۇللا خەلچەمدىن يەتتە نومۇر كەم

ئالغانىدى. راشىدىن بىلەن نىيازنىڭ نومۇرى خىلىلا تۆۋەن بولۇپ، قىلچىلىك ئۈمىد يوق ئىدى. شۇنداق قىلىپ، تەقدىر كەۋسەر بىلەن سەدىردىننى كۆلدۈرگەن بولسا، خەلچەمنى ئۈنىڭدىن مەھرۇم قويدى. ئابدۇللانىڭ كۆز چاناقلىرىدىن سىرغىغان ياشلار مەڭزىدە ئۇيۇپ قالدى. راشىدىن مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلىدىغاندەك زوۋان سۈرمەي بېشىنى ھەسرەتلىك چايقىدى. نىياز لەۋلىرىنى ئۆمچەيتىۋىدى، ئەخمەت بوۋاي تەسەللى بېرىپ بەزلەپ باغرىغا باستى. ئارىدىن يىگىرمە نەچچە كۈن ئۆتۈپ سەدىردىنگە شىنجاڭ 1 ـ ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش كەسپىدىن، كەۋسەرگە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات كەسپىدىن چاقىرىق كەلدى. تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى شۇنداقمۇ، ئەيتاۋۇر، بۇ قېتىمقى ئىمتىھان كەنجىلەرنى يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ھەر تەرەپكە چېچىۋەتتى. ئۇلار ئەينى چاغدا ئابدۇللانىڭ دەۋىتى بىلەن ئىمتىھاندىن ئۆتۈشنى شەرت قىلىپ ئەھدىلەشكەن ئەمەسمىدى! مانا، ئەتە كەۋسەر بىلەن سەدىردىن ئۈرۈمچىگە ماڭىدۇ، بىرنەچچە كۈندىن بۇيان نېمىشقىدۇر ئۇلار بىر يەرگە جەم بولۇپ تۈزۈكرەك پاراڭلىشىپمۇ باقمىدى. بۈگۈن كەچكە يېقىن ئابدۇللا كۆڭلىدە كەۋسەر بىلەن سەدىردىننى ئاددىي بولسىمۇ ئۇزىتىپ قويۇشنى ئويلاپ راشىدىننىڭ ئۆيىگە كەلگەنىدى، ھوشۇر موزدۇز راشىدىننىڭ تۈنۈگۈندىن بېرى ئۆيگە كەلمىگەنلىكىنى ئېيتتى. ئابدۇللا سولغۇن ھالدا قايتىپ، كېيىن نىيازنىڭ ئۆيىگە كىلىۋىدى، ئانىسى ئۇنىڭ دادىسى بىلەن شەھەرگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ئابدۇللا ئاخىرىدا خەلچەمنىڭ ئۆيىگە كەلدى، خەلچەم مەڭزىنى بويلاپ ئېقىۋاتقان ئەلەملىك ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ:

— ئانامنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالدى. مەن بارالمىغۇدەك-

ـمەن ، ــ دېگەن جاۋابنى بەردى.
ئابدۇللا خەلچەمنىڭ ئېغىر نەپەس ئېلىپ ياتقان ئانىسىغا قاراپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، خەلچەم بىلەن خوشلىشىپ سەدىردىننىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.
كەچكى شەپەق نۇرىغا چۆمگەن مەھەللە بۆگۈن باشقىچە ئىمتاسلىققا پاتقانىدى. ئابدۇللا خىيال سۈرگىنىچە مەھەللىدىكى ئەگرى - بۈگرى توپىلىق يولدا كېتىۋېتىپ، تاملىرى پاكار، رەتسىز سېلىنغان ئۆيلەرگە ئارىلاپ قارىياتتى. ئۇ سەدىردىننىڭ ئۆيىگە يېقىنلاشقاندا، سازلىق تەرەپتىن مەھەللىگە قاراپ كېلىۋاتقان بىرسىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە راشىدىن بولمىسۇن يەنە دەپ ئويلىدى - دە، شۇ تەرەپكە كۆز تىككىنىچە ئورنىدا توختىدى. دېگەندەك ئۇنىڭ يېنىدا راشىدىن پەيدا بولدى.
ــ پەرىزىم توغرا چىقتى، قوشىدۆڭدىكى تۇغقىنىڭنىڭكىگە بارغان ئىكەنسەن - دە! داداڭ بەك ئەنسىرەپتۇ، ئۇنىڭغا دەپ قويساڭ بولمامدۇ؟ ــ دېدى ئابدۇللا راشىدىننىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ.
ــ نېمە، بۈگۈن ئەجەب ماڭا تەنبىھ بېرىپ قاپسەنغۇ؟ يەنە مېنى تېزەكنى ئاز تەردى دەپ مۇئەللىمگە چېقىشتۇرماقچىمۇ؟ بۇ يەر مەكتەپ ئەمەس، ۋەزىيەڭ ئاياغلاشتى. مەكتەپ، مۇئەللىم دېگەنلەر ئەمدى تۈگىدى!
ــ ماۋۇ مۆرىمەسنىڭ گېپىنى! ئەجەب تىلىڭ چىقىپ قاپتىغۇ سېنىڭ؟
ــ ھە، نېمە!؟ ئۇرۇشامسەن؟ كېلە قېنى! ساڭا دېسەم، قوشىدۆڭدىكى باللاردىن پەشۋا ئېتىشنى ئۆگىنىۋالدىم، ئەمدى سېنىلا ئەمەس، غېنى قارىنىمۇ تىك موللاق ئاتقۇزىمەن.
ــ پو ئاتقىنىڭ بىلەن غېنى قارا قوغلىسا ياۋا توشقاندەك بەدەر قاچىسەنغۇ!؟

— سەنمۇ قورقسەن، بولمىسا كەۋسەرگە چېقىلىپ باقە قېنى، غېنى قارا سېنى بوش قويۇۋېتەمدىكەن.
— بولدى، بۇ گەپلەرنى قويۇپ تۇر، ساڭا دەيدىغان مۇھىم گېپىم بار.
— دېسەم دېمىسەم سەدىردىن بىلەن كەۋسەرنى ئۇزىتىپ قويايلى دەيسەنغۇ شۇ، ئەمدى بولدى قىل، كەۋسەر كادىر بولۇپ كەتتى! ئۇ ئەمدى سەندەك داشقالنى كۆزىگە ئىلمايدۇ.
— ئاغزىڭنى ئۇشۇۋېتىمە!
— بىلمەيۋاتامسەن؟ مەھەللىدە ئاخىر ئىككىمىزلا قالدۇق، نىيازمۇ پۇل تولەپ ۋىلايەتتىكى ئالىي تېخنىكومدا ئوقۇيدىغان بوپتۇ، خەلچەمگە چاقىرىق كېلىشى مۇمكىن. بۇ يەردە تىمىسقىلاپ يۇرمەي كەينىمدىن ماڭ، ساڭا دەيدىغان مۇھىم گەپ بار!
راشىدىن ئۆيى تەرەپكە يول ئالدى. ئابدۇللا ئۇنىڭ پەرۋاسىزلىقىدىن ئەجەبلەندى.
— توختا، كەۋسەر بىلەن سەدىردىن ئەتە ماڭىدىكەن. ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويايلى، لەۋزىمىزدە تۇرمىساق ئەركەكلىك بولمايدۇ!
— مەردلىشىپ كېتىپسەنغۇ، چاقىرىق قەغىزى كەلگەندىن بېرى ھەر ئىككىسى غادىيىپ بىزنى كۆزىگە ئىلىپ قويۇشمىدى. كېيىن بىزگە قاراشقا چولىسى تەگسە ئىگەكىم......
— نېمانداق گەپ قىلىسەن؟ بىز دېگەن قول بېرىشكەن دوست تۇرساق.
— ئۇلارنىڭ گېپىنى قىلمىغىنە بولدى، مەن بۈگۈن ساڭا مۇھىم بىر ئىشنى دېگىلى كەلگەن، قوشىدۆڭدىكى ھېلىقى كەپتەرۋاز ئامان پاراكەندى بارغۇ، ھازىر ئىچكىرىگە گۈلە - قاق ئاپىرىپ سېتىپ باي بولۇپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭغا بىزنىڭ كۆك كەپتەردىن بىر جۈپ ئالغاچ بارغانىدىم، بەك خۇش بولۇپ كەتتى،

مىنى ئىچكىرىگە ئاپىرىپ تىجارەت يولىغا باشلاپ قويىدىغان بولدى، قانداق، ئىككىمىز غىپپىدە قاچامدۇق؟

— قولىمىزدا پۇل بولمىسا، ئۇ يەرگە بارغان بىلەنمۇ قانداق تىجارەت قىلىمىز؟ بۇ نىيىتىڭدىن يانغىن، ياخشىسى ئوقۇشىنىڭ ئامالىنى قىلايلى!

— ئوقۇشقا تويمىدىڭمۇ؟ يەنە ئوقۇشنىڭ گېپىنى قىلىسەنغۇ! راستىنى دېسەم مېنىڭ مەكتەپكە يەنە بېرىپ، «قالدۇق» بولغۇم يوق. قانداق، ماڭا ئەگىشەمسەن؟

— مەن سەندەك قىلالمايمەن، دادامنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىنى بىلىسەن، ئاچامنىڭ بالىلىرى كىچىك...... ئاكاممۇ ئۆز كۈنىنى ئارانلا ئېلىۋاتىدۇ. مەن كەتسەم ھەممە ئىش ئانامغا قالىدۇ. سەنمۇ بارما، ئۆيۈڭدىكىلەرنى ئويلاپ قوي، راشىدىن.

— كەنت كادىرلىرى بىزنى ئەمگەكچى قاتارىدا تىزىملاپ بوپتۇ. ئىتىزدا كەتمەن چېپىشقا چىدامسەن؟ گېپىمگە كۆنمىسەڭ كېيىن چوقۇم پۇشايمان قىلىسەن، ئابدۇللا!

— ياق، مەن سەندەك قىلالمايمەن.

— ئەخمەق بولما......

— قارىغاندا گېپىمگە كىرمىگۈدەكسەن، خەلچەمنى ياخشى كۆرەتتىڭ، ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولمامدۇ؟

— مۇبادا نومۇر چېكى تۆۋەنلەيدۇ دېگەن گەپ راست بولۇپ قالسا خەلچەمگە چوقۇم چاقىرىق كېلىدۇ، كېيىن ئۇ ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كەلسە مېنى كۆزگە ئىلەمدۇ؟ بۇ ئىشنى ئويلىسام كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالىدىكەن. شۇڭا، يىراقلارغا كېتەي دەيمەن.

— نومۇر چېكى تۆۋەنلەيدىكەن دېگەن گەپ راست بولسا ھازىرغىچە ئۇچۇر بولمامتى؟

— ئۆتكەن يىلمۇ تۇنجى قارار چاقىرىق كەلگەن بالىلار مەكتەپكە كېتىپ بولغاندا ئاندىن نومۇر چېكى تۆۋەنلىدىغۇ؟

ئابدۇللا بىلەن راشىدىن شۇ يوسۇندا پاراڭلىشىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ يېنىغا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا خەلچەم پەيدا بولدى. راشىدىن ئاددىيلا كىيىنىۋالغان خەلچەمنى كۆرۈپلا ئارسالدى بولۇپ قالدى.

— سەن كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئاچام ئانامنى يوقلاپ كەلدى، مەن ئاچامغا دەپ قويۇپلا بۇ تەرەپكە يۈگۈردۇم. ئاۋۇال سەدىردىننىڭ ئۆيىگە بارامدىمىز ياكى كەۋسەرنىڭ ئۆيىگىمۇ؟ — دېدى خەلچەم چىرايلىق مەڭزىدىكى تەر تامچىلىرىنى ئالىقىنى بىلەن سۈرتكىنىچە.

— ئىككىڭلار كەۋسەرنىڭ ئۆيىگە بارغاچ تۇرۇڭلار، مەن سەدىردىننى چاقىرىپ باراي، نىياز شەھەرگە كەتمىگەن بولسا ياخشى بولاتتى.

ئابدۇللا راشىدىنگە شۇلارنى دەپ مېڭىشقا تەمشىلىۋىدى، مەھەللىنىڭ باش تەرىپىدىن ۋېلىسىپىت يېتىلەپ كېلىۋاتقان كەنت بوغالتىرى روزى كاداڭ ئۇنى چاقىرىپ قالدى:

— ماڭا قارا، ئابدۇللا! ۋوي، خەلچەممۇ بار ئىكەنغۇ! بۈگۈن ناھىيە بازىرىغا بارغانىدىم، تونۇشلاردىن ئاڭلىشىمچە نومۇر چېكى راستتىنلا تۆۋەنلىتىلىدىكەن. قارىغاندا مۇشۇ ھەپتە خەلچەمگە چاقىرىق كەلگۈدەك، بەلكىم ساڭمۇ كېلىپ قېلىشى مۇمكىن.

روزى كاداڭ تاماكا ئىسىدا سارغىيىپ كەتكەن شالاڭ چىشلىرىنى چىقىرىپ ھىجايدى.

— ئاغزىڭىزغا ناۋات، كاداڭ ئاكا! — ئابدۇللا ئېغىز ئاچقۇچە خەلچەم ئالدىراپ ئىنكاس قايتۇردى. ئۇنىڭ ھىلىلا مەيۈسلۈك چىقىپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرىدە بىردىنلا ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى. راشىدىننىڭ ئۈندىمەي تۇرغىنىغا قاراپ ئابدۇللانىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى، روزى كاداڭ كەتكەندىن كېيىن راشىدىنمۇ گەپ - سۆزسىز ئۆيى تەرەپكە يول ئالدى، ئابدۇللا بىلەن خەلچەم

بىر - بىرىگە قاراشقىنىچە ئورنىدا تۇرۇپ قېلىشتى.

*　　　*　　　*

ئەتراپتا كەچ كۈز شاملى ھۇۋۇلايتتى. دەل - دەرەخلەردىن تۆكۈلگەن غازاڭلار ئاقتاش يېزىسىدىكى توپىلىق يوللارنى ساپسېرىق تۇسكە كىرگۈزۈۋەتكەنىدى. ئېتىز بۇرجەكلىرى ۋە قىرلارنىڭ ئۇيەر - بۇيەرلىرىدىكى ئورۇلماي قالغان كەنجى قوناق شاخلىرىدا، كۈزگى بوغداي ئېتىزلىرىدا قورسىقىنى توقلاۋاتقان ئاق قۇشقاچلار تىنىمسىز ۋىچىرلىشاتتى. ئەخمەت بوۋاينىڭ قوغۇنلۇقى ۋاشاڭ قىلىنغىنىمۇ ئىككى ھەپتىدىن ئاشتى. ئەخمەت بوۋاينىڭ تولا ھاگراپ، مەھەللىنى بېشىغا كىيىدىغان بوز ھاڭگىسىمۇ كۈزگى بوغداي تېرىلغۇسىدا ساپان سۆرەپ ھالىدىن كەتكەچكە، پىچان دۆۋىسىنىڭ يېنىدا قۇلىقىنى سالپايتىپ ياتاتتى.

ئابدۇللا كەچقۇرۇن ناھىيە بازىرىدىن قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ روھى تولىمۇ سولغۇن بولۇپ، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدە چوڭقۇر مۇڭ ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ۋېلىسىپىتىنى ھويلىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى تونۇرنىڭ سۇپىسىغا يۆلەپ قويۇپ ئۆيگە كىردى - دە، كارىۋاتتا تۈگۈلۈپ ياتقان دادىسىغا قاراپ كۆڭلى بىر قىسما بولدى. يېشى 60 لاردىن ھالقىغان، ئورۇق، كەكە ساقال بۇ ئادەمنى مەھەللىدىكىلەر «سۇلايمان ياۋاش» دەپ ئاتايتتى. ئابدۇللا ئەجدادىنىڭ «كانچى» لەقەملىك ئىكەنلىكىنى، چوڭ دادىسىنىڭ بىر ئۆمۈر سوغراقتىكى ئالتۇن كانىدا ئىشلەپ، يۇرت ئىچىدە نامى تارالغانلىقىنى بىلگەچكە، دادىسىغا كانىدەك چاپلاشقان «ياۋاش» دېگەن بۇ لەقەمنى زادىلا ياقتۇرمايتتى. بىراق، لەقەم دېگەننى خەق قويىدۇ، ياقتۇرۇش - ياقتۇرماسلىق بىلەن كىمنىڭ كارى دەيسىز! ئابدۇللا ھەر قېتىم كەنت

ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدىكى بوتا جىگدە دەرىخىگە ئورنىتىلغان رادىيو كانىيىدىن قاۋۇل سېكرېتارنىڭ دېھقانلارنىڭ يېقىندا ھاشارغا بارىدىغانلىقىنى جاكارلاپ بولۇپ، ئارقىدىن «ھاشارغا بېرىشتىن قېچىپ، يالغان كېسەل بولۇۋالغانلار سولايمان ياۋاشقا ئوخشاش جەرىمانە تۆلەيدۇ» دېگەن قوپال ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا قاتتىق ئازابلىنىپ كېتەتتى. ئەمەلىيەتتە سولايمان ياۋاشنىڭ كېسەلچان بولۇپ قالغىنىغا ئون نەچچە يىل بولغانىدى. ئابدۇللا دادىسىنىڭ بۇرۇن مەھەللىدىكى بەردەم كىشىلەردىن قېلىشمايدىغان چېۋەر دېھقانلىقىنى، بىر قىشلىقى ھاشارغا چىققاندا ئۆستەڭگە كەپلىشىۋالغان مۇزنى چاقىمەن دەپ سۇغا چۈشۈپ كېتىش تۈپەيلى مۇشۇ ھالغا كېلىپ قالغانلىقىنى خىرە - شىرە ئېسىگە ئالالايتتى. ئەمما، قاۋۇل سېكرېتار ئۇنداق قارىمىغاچقا ئابدۇللا غەزەپلىنەتتى، ھەسرەت ئىچىدە بۇ يېگى لەقەمنىڭمۇ دادىسىغا سىڭىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. دېمىسىمۇ كېسەللىك دەردىدە بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان دادىسى كۆندىن - كۈنگە ياۋاشلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئابدۇللا بۈگۈن ئەتىگەن دادىسىغا «ناھىيەگە بېرىپ مۇئەللىم بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەي، نومۇر چىقىپ تۆۋەنلىگەن بولسا خەۋەرسىز قالماي يەنە» دېگەنىدە، دادىسى ئۇنىڭغا ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپ: «بارغىن، بالام، خۇدا پېشانەڭنى ئوڭ قىلىپ، ئىشلىرىڭ دەريانىڭ سۈيىدەك يورۇشۇپ كەتكەي» دەپ دۇئا قىلغانىدى. ئەپسۇس، دادىسى ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپ، ئۈمىدلىك باققان بىلەن، ئابدۇللا خۇش خەۋەر يەتكۈزەلمەيتتى، قانداق قىلىش كېرەك؟ يالغان ئېيتىپ بولسىمۇ كېسەلچان دادىسىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ قويۇش كېرەكمۇ؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. ئابدۇللا يول بويى ئويلاپ كەلگەنلىرىنى يەنە بىر قېتىم خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، كۆڭلى سەل ئەمىن تاپقاندەك بولدى - دە، ئىچكىرى ئۆيگە

بويۇنداپ قاراپ سورىدى:

— ئانام تېخىچە ئېتىزدىن كەلمىدىما؟

باياتىن بېرى ئابدۇللانىڭ ئاغزىدىن «نومۇر چېكى تۆۋەنلەپتۇ، مەن ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەپتىمەن، دادا!» دېگەن خۇش خەۋەرنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تاقىتى - تاق بولغان سۇلايمان ياۋاش گاڭگىراپ قالدى. كېيىن ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— كەلمىدى، بالام، بۇغداي ئېتىزىدىكى موندەكلەرنى تېرىۋەتمىسەم بوغداي ئالا بولۇپ قالىدۇ دەۋاتقان. ئېتىزغا كەتكەن چېغى، ئېيتقىنا، بالام، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدىڭمۇ؟ — دېدى.

— دورىلىرىڭىزنى ئىچمەپسىزغۇ، دادا، ماۋۇ گىردىنى يېگەچ تۇرۇڭ، مەن ئېتىزغا بېرىپ كېلەي.

ئابدۇللا گەپنى باشقا تەرەپكە يۆتكەپ، قولىدىكى لاتا سومكىنى دادىسىنىڭ يېنىغا قويۇپلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. سۇلايمان ياۋاش نېمە دېيىشىنى بىلمەي ئاغزىنى ئۆمەللەپ قالدى.

ئابدۇللا ئېتىزلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ بىرەرمۇ ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆرەلمىگەندىن كېيىن، ئەتراپنى كۆزىتىشكە باشلىدى. ئابدۇللانىڭ كۆزى بىردىنلا ئەخمەت بوۋاينىڭ قوغۇنلۇقىدا مۈكچىيىپ تۇرغان ساتمىغا چۈشتى، ساتمىنىڭ ئۈستىدىكى شاخقا ئېلىنىشىپ قالغان يالتىراق پارچىسى قايسىدۇر بىر كىنودا كۆرگەن مەغلۇپ سەركەردىنىڭ يىرتىق بايرىقىنى ئەسلەتتى. شۇتاپ ئابدۇللانىڭ كۆز ئالدىدا كەۋسەر پەيدا بولدى - دە، تاتلىقتىنە كۈلۈمسىرەپ قارىغاندىن كېيىن قوغۇنلۇق تەرەپكە ماڭدى. ئابدۇللانىڭ قەلبى ئۆركەشلەپ، كۆز چاناقلىرىدا ياش كەلكۈنى تاشقىنلىدى، خىيالىنىڭ ئەركىن سەيرىسى ئۇنى نىياز، خەلچەم، راشىدىن، سەدىردىنلەر بىلەن ئۇچراشتۇردى. ئۇلار ئىككى ئاي ئىلگىرىكى بىر ئايدىڭ ئاخشامدا مۇشۇ ساتمىغا جەم بولۇپ، ئەخمەت بوۋاينىڭ قىزىقارلىق چۆچەكلىرىنى ئاڭلاپ ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك

كۆلۈشــكەندى. «هەي ئىســست!...... دوســتلار ئەجەبمــۇ ئايرىلــدۇققۇ! بۇنــداق بولۇشــنى كىممــۇ خالايــدۇ، قاچــانمۇ جەم بــولارمىزا!؟» ئابــدۇللا پېتىۋاتقــان قۇياشــنىڭ قىزغــۇچ نۇرلىرىغــا تىكىلىــپ ئــۆز ـ ئــۆزىگە ئەلەملىــك پىچىرلىــدى. ھەقىقەتەنمــۇ كېتىــدىغانلار كېتىــپ، مەھەلــلە خــۇددى ئابــدۇللانىڭ قەلبىــدەكلا جىمىــپ قالغانــدى. كەۋســەر بىــلەن ســەدىردىن ئۇنىۋېرســىتېتقا مېڭىــپ، ئاردىن بىــر ئــايچە ئۆتكەنــدە ئەخــمەت بوۋاينىــڭ قوغــۇن سېتىپ جۇغلىغان پۇلى كارامىتىنى كۆرسەتتى. نىيازغا ۋىلايەتتىكــى پېــداگوكىكا ئــالىي تېخنىكومىــدىن چــاقىرىق كەلــدى. نىيازغــا ئــۆز خىراجىتىگە ئۇقۇيدىغان بــۇ ئوقۇشــنى ئەخــمەت بوۋاينىــڭ ئــۆتكەن يىلى ناھىيە بازىرىدا قوغۇن ســېتىش جەريانىــدا تونۇشــۇپ قالغــان بىــر كــادىر يېقىنــى ھەل قىلىــپ بەرگەنــدى. بىــراق، راشــىدىن نەگىــدۇر غايىــب بولــدى، گەرچە ئابــدۇللا گۇمــانىنى يوشــۇرغان بىــلەن، راشــىدىنىڭ قوشــدۆك يېزىــسىدىكى ھېلىقــى ئامــان پاراكەنــدىگە ئەگىــشىپ ئىچكىــرى ئــۆلكىلەرگە كەتكەنلىكــى ئېنىــق ئىدى، خەلچەم ئانىسىنىڭ كېسلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن ناھىيەلىك دوختۇرخانىغــا كەتكىلىمــۇ خېلــى كــۈنلەر بولــۇپ قالــدى، ھېلىقــى كۈنى روزى كاداڭ يەتكــۈزگەن خــۇش خەۋەرنىڭمــۇ قــۇيرۇقىنى قــۇم باســقانىدى. ئــاخىر مەھەللىــدە يــالغۇز قالغــان ئابــدۇللا بەكمــۇ غېرىبسىنىش ھېس قىلىۋاتاتتى.

ئابــدۇللا مەگــزىگە ئېقىــپ چۈشــكەن يېشىنى ســۈرتۈۋاتاتتى، يېقىــنلا يەردە مــۆكچەيگىنىچە ئــۆزىگە قــاراپ كېلىۋاتقــان بىرســىنى كۆرۈپ تۇرۇپ قالدى. چىرايىنى دىگۈدەك قورۇق باسقان، سىيپاپلا چىگىۋالغان داكا ياغلىقى ياخپايغان چاچلىرىنى تولۇق ياپالمىغــان، ئۇڭ قولتۇقىغا قىستۇرۇۋالغان پاسارنى كۆگلىكىنىــڭ ئېتىكــى بىــلەن قوشۇپ تۇتۇۋالغان ھالدا ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ كېلىۋاتقان بۇ ئايال ئابــدۇللارنىڭ يــورۇق دۇنيــالىقتىكى بىردىنبىــر بــايلىقى ھەم

مۇقەددەس بەختنى ھېسابلىنىدىغان ئانىسى مۆھتەرەمخان ئىدى. مۆھتەرەمخان مەھەللىدە ئىشچانلىقى، ھەرقانداق قىيىنچىلىققا چىدامچانلىقى بىلەنلا ئەمەس، يەنە كىچىك بالىلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى كېسىپ بېرىش، توي - تۆكۈن، پەتىلەردە مېھمان كۈتۈش دېگەندەك بىر قاتار مۇھىم ئىشلاردىكى ئالاھىدە ئىپى بىلەن مۆھتەرەملەرنىڭ قاتارىدا سانىلاتتى. ھەر ئەتىگىنى چالا - بۇلا ناشتا قىلىپلا سۇلايمان ياۋاشنىڭ دورىسىنى ئىچۈرگەندىن كېيىن، تاغار، كەتمەننى ئۆشنىسىگە سېلىپ ئېتىزغا چىقىپ كېتەتتى. مەھەللىدىكىلەر ئۇنىڭ چىدامچانلىقىغا قاراپ «ئەجەب مەزمۇت ئايال، رىزىقىدەك ئۇپرىمايدىغان» دېيىشەتتى. دېمىسىمۇ ئۇ يەر - جاھان تونۇردەك ئىسسىپ كەتكەن تومۇز كۈنلىرىدىمۇ، قولنى يەگدىن چىقارسا ئۈششۈپ قالىدىغان قەھرىتان قىشتىمۇ دېگۈدەك ئېتىزدا بولاتتى، ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى قىلىپ بولسا، ئېرىنمەي قولۇم - قوشنىلارنىڭ ئېتىزلىرىغا كېلىپ ياردەملىشەتتى، ئورەك، ئېرىقلاردا دۆۋىلىنىپ قالغان غازاڭ ۋە ئەخلەتلەرنى يىغىپ كېلىپ چىرىنىدە ئوغۇت ياسايتتى. كالا تېزىكى ۋە شاخ - شۇمبىلارنى تېرىپ قۇرۇتۇپ، قىشلىق ئوتۇن غەملەيتتى. سۇلايمان ياۋاش ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يۈكى تېخىمۇ ئېغىرلىشىشقا باشلىدى. بالىلىرى بىر - بىرلەپ ئۆي ئايرىپ، ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ كەتكەچكە، يەنە كېلىپ كەنجى ئوغلى ئابدۇللا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاچقا، ئائىلىسىنىڭ بارلىق يۈكى ئۇنىڭ زىممىسىگە چۈشكەنىدى، شۇڭىمۇ مەھەللىدىكىلەر ئۇنى «يېشىغا باقماي تېز قېرىپ كەتتى» دېيىشەتتى، دېمىسىمۇ ئۇ ھەممە ئىشقا ئۆزىلا چاپقاچقا، قوللىرىدىكى يېرىقلار ئاۋۇپ، چاچلىرى بالدۇر ئاقاردى، قارىغاندا بىچارە بۇ دۇنياغا جاپا - مۇشەققەت تارتىش ئۈچۈنلا يارالغاندەك قىلاتتى.

— ئابدۇللامۇسەن، بالام؟ — دېدى مۆھتەرەمخان ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرۇپ قالغان ئابدۇللاغا يېقىنلاپ كېلىپ، ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ.

— ھەئە مەن، ئانا. بۇ پاسار ھۆلكەن، قانداقمۇ كۆتۈرگەنسىز، ئالماي كەلسىڭىز بولمامدۇ؟

— بىرىكىم سۇ تۇتقان چېغى، چۈشۈرگۈ بېشىغا تاشلاپ قويۇپتۇ، ئالغاچ كەلدىم، بالام.

— قاراڭ، يەكتىكىڭىز ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ، ئەكېلىڭ پاسارنى مەن كۆتۈرەي.

— ئىمتىھاندىن خەۋەر بارمۇ، بالام؟

— بۈگۈندىن كېيىن سىرتتا تەمەچ تېرىپ يۈرمەڭ، ئانا، مەن جاڭگالغا بېرىپ ئوتۇن ئەكېلىپ بېرەي.

— نېمىدەپ جۆيلۈۋاتىسەن، بالام؟ جاڭگال دېگەن جاننى ئۈپرىتىدۇ. ھەرگىز جاڭگالنىڭ گېپىنى قىلما، قىنى دېگىنە، مۇئەللىم بىلەن كۆرۈشتۈڭمۇ؟

— كۆرۈشتۈم. ماڭايلى، ئانا، دادامنىڭ چىرايى بۈگۈن بۆلەكچە سارغىيىپ قاپتۇ.

ئانا - بالا ئىككىسى ئۆيگە كەلگۈچە پاراڭلىشىپ ماڭدى. مۆھتەرەمخان ئوغلىنىڭ دېگەنلىرىنى توغرا تاپمىغان بولسىمۇ، ئابدۇللا ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى، ئىككىسى بىردەم تالاش - تارتىش قىلىشتى، ئاخىرىدا مۆھتەرەمخان كۆز چاناقلىرىدىن تاشقان ياش كەلكۈنىنى ئالمان - تالمان سۈرتۈۋەتتى.

* * *

جاڭگال — ئۆزگىچە بىر دۇنيا. ئۇنىڭ قوينىدىكى كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغان يۇلغۇن چېچەكلىرى، قۇياش نۇرىدا تاۋلانغان

قومۇشلار، بارخانلارنىڭ كۆكسىدە قۇم ـ بورانلارغا جەڭ ئېلان قىلىپ تۇرغان توغراقلار...... كىشىگە ئاجايىپ سېھرىي گۈزەللىك بەخش ئېتىدۇ، پارچە ـ پارچە توغراقزارلىقلار يىراقتىن كۆجۈم مەھەللىلەردەك كۆرۈنىدۇ. جىمجىتلىق ئىلكىدە ئۇخلاۋاتقان بۇ ماكان ئېشەك هارۋىلىرىدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇشۇپ، ئىككى كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ يېتىپ كېلىدىغان ئوتتۇنچىلارنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازدا ئېيتىشقان «ئادارگۈل»، «ئاللايارىم» دېگەندەك ناخشىلىرىنىڭ ساداسى بىلەن ئويغىنىپ كېتىدۇ. ھەر يىلى ئۆكتەبىر ئايلىرىنىڭ ئاخىرى جاڭگال يوللىرىدا ئوتتۇنچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ، بۇ مۇشەققەتلىك سەپەر جەريانىدا ئېشەك هارۋىلىرىدا كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان تۈرلۈك كاشىلىلار ئوتتۇنچىلارنىڭ ئۆزئارا قان قېرىنداشلارچە ھەمكارلىشىشى بىلەن ھايالىشماي ئوڭشىلىپ، تەقدىرداشلىق، دوستلۇق ۋە ئادىمىيلىكنىڭ ئەڭ مۇقەددەس داستانلىرى ماڭدامدا بىر پۈتۈلۈپ تۇرىدۇ. ئىلگىرى مەھەللىدە قانداقتۇر يوقلاڭ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئازارلىشىپ، گىنە ـ ئاداۋەت ساقلىشىپ كېلىۋاتقانلارمۇ جاڭگال سەپىرى جەريانىدا ئۆزئارا ئەپۇ قىلىشىپ، دەريادەك كەڭ دېھقان كۆڭلى ئوكيانغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئابدۇللانىڭ جاڭگالنى كۆرۈشى تۇنجى قېتىم ئىدى. ئۇنىڭ ساددا تەسەۋۋۇرىدىن ھالقىغان بۇ ماكان كۆز ئالدىدا ئەخمەت بوۋاينىڭ چۆچەكلىرىنى قايتا نامايان قىلاتتى، ھارۋىلار يىلان باغرى سوزۇلغان يولدا تىزىلىپ كېتىۋاتاتتى، ھارۋا ئۈستىدە تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان ئابدۇللا ھەمراھلىرىنىڭ چاقچاقلىرىغا سەمە بولغاندەك قىلسىمۇ، يەنىلا خىيالغا ئەسىر ئىدى. ئۇنىڭ ئويلىغانلىرى ئىچىدە ئانىسى ئاساسيي ئورۇننى ئىگىلەيتتى. ئوتتۇنغا چىققان ئىككى كۈننىڭ ھەمراھلىرىدىن بەزىلىرى ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈپ: «ئوبدان قىلدىڭ، ئابدۇللا، ئاتا ـ ئاناڭ ياشىنىپ قالدى. ئۇلارغا سەن بولمىساڭ بولمايدۇ، خۇدا رىزقىڭنى

يەرگە چاچقان ئوخشايدۇ، مەيۇسلەنمەي ئوبدان ئىشلىگىن، ھەرگىز راشىدىندەك قېچىپ ئوسال ئىشنى قىلمىغىن!» دېيىشسە، يەنە بەزىلىرى ئەتەي چىشىغا تېگىپ: «ھەي ئابدۇللا، قارىسا خېلى جىگىرىلىك باردەك تۇراتتىڭ، ئاقتارمىلىقتا تورغاي قوغلاپ يۈرىدىغان سەدىردىنچىلىك بولالماي قاپسەنغۇ ئاخىر! ئەگەر ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ كەتكەن بولساڭ، بۇ جاڭگالدا بىز بىلەن توپىغا مىلىنىپ يۈرمەي، چېچىڭنى مايلاپ، شىمىڭنى قىرلاپ ئۇرۇمچى دېگەن كاتتا شەھەردە يۈرمەمتىڭ ـ ھە!؟» دەيتتى. ئابدۇللا بۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا دەماللىققا ئازابلانغاندەك قىلىسمۇ، كېيىن مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ئۆتكۈزۈۋېتەتتى. ئۇ قەلبىنى ئېچىشتۇرىدىغان بۇنداق گەپلەرگىمۇ ئاشۇ كۈنى ئانىسى بىلەن مۇڭداشقاندىن كېيىن ئىدىيەسىدە تولۇق تەييارلىق قىلىپ قويغانىدى. شۇ كۈنى ئۇ ئانىسىغا بۇ يىللىق ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى، نومۇر چېكى تۆۋەنلىتىلىدىكەن دېگەن گەپنىڭ يالغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، بىراق مۇئەللىمنىڭ «قايتا ئوقۇپ كېلەر يىلى ئىمتىھان بەرگىن، سەندە ئۈمىد بار، چوقۇم ئۆتۈپ كېتىسەن، ئالىي مەكتەپكە ئەسلى سەندەك ئوقۇغۇچىلار بارسا بولاتتى. ئۆتەلمەي قالغىنىڭغا بەكمۇ ئېچىنىمەن» دېگەن سۆزلىرىنى ئېيتمىغان؛ ئوقۇشقا بولغان قىزغىنلىقى ۋۇجۇدىدا گۈلخاندەك يېنىپ تۇرسىمۇ، ئانىسى ئۈچۈن بۇ ئارزۇسىدىن ۋاز كەچكەنىدى. «مېنىڭ تاللىغان يولۇم بەلكىم توغرىدۇر، ــ دەيتتى ئۇ ئانىسىنىڭ مۇشەققەت دەستىدىن جۈدەپ، مۈكچىيىپ كېتىۋاتقان قامىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ــ مۇبادا مەن ئۆيدىن ئايرىلسام، ئانام ــ بۇ دۇنياغا تۆرىلىپ، تۇرمۇشنىڭ ھېچبىر خۇۋلۇقىنى كۆرمىگەن ئاشۇ ياۋاش ئىنسان بىر ئائىلىنىڭ ئېغىر يۈكىنى قانداقمۇ كۆتۈرەلىسۇن؟ ئۇنى ھايات ۋاقتىدا ئوبدان بېقىۋالسام، قازايى ـ قەدەر يېتىپ ئايرىلىپ

قالغانـدا ۋىجـدان ئـازابى تارتمـايمەن. ئۇنـىڭ قـولىنى سـوۋۇتۇپ، خاتىرجەم ئارام ئالدۇرۇشۇم كېرەك!» ئابـدۇللا شـۇلارنى كۆڭلىـدىن ئۆتكۈزۈپ ئىككى كۈنـدىن كېيىن، ئالـدى بىـلەن قىشلىق ئوتـۇن غېمىنـى قىلىـپ، ئانىسىنىڭ ئېتىـز ـ قىـرلاردا چـاۋار ـ كۆتـشەك تېرىـپ يۇرۇشـىگە خـاتىمە بېـرىش ئۈچـۈن ئوتـۇنچىلار سـېپىگە قوشۇلۇپ جاڭگالغا كەلگەنىدى. مانا ئۇ جاڭگالنى كۆردى، سەپەردە ئۇرتاق قايىنتىلىپ دەملەنگەن چاي ۋە ئۆزئـارا ئوتتۇرىغـا تاشلاپ، تەكەللۇپسىز، ئـولاش ـ چـولاش يېيىشكەن ناننىـڭ تەمىنـى تېتىدى، شۇ هالدا ئۇ كۆڭلىنىـڭ بارغانسېرى يورۇپ كېتىۋاتقانـ ـلىقىنى سەزدى.

كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە ئۇلار «ئېشەك ئۆلدى دۆڭ» دەپ ئاتىلىدىغان ئېگىزلىكنىڭ باغرىغا يېتىپ كېلىپ ئېشەكلەرگە بوغۇز بېرىشتى، ئاندىن گۈلخان سېلىپ چاي قايىنتىـپ قورساقلىرىنى توقلىغانـدىن كېيىن، سـايمانلىرىنى كۆتۈرۈشـكىنىچە تەرەپ ـ تەرەپكە تارىلىپ ئوتۇن كولاشقا كىرىشتى.

جاڭگـال دېـگەن مانـا مۇشـۇ، ئالتۇننىـڭ قەدرىنـى زەرگەردىـن كـۆرە، ئـالتۇن قـازغۇچى ئوبـدان بىلگەنـگە ئوخـشاش، بىـر تـال ئوتۇننىـــڭ قانچىلىـــك ئەمـــگەك بەدىلىـــگە ئوچـــاق ئالـــدىغا كېلىـدىغانلىقىنى ئوتـۇنچىلار ئوبـدان بىلىـدۇ. ئىككـى كـېچە ـ كۈنـدۈز يـول يـۈرۈپ هـاردۇق يېتىـپ، تالجىقىـپ ئـاران دېگەنـدە جاڭگالغا كەلگەندىن كېيىن، يەنە توپا ـ چاڭغا كۆمۈلـۈپ، تـۆگە لوكىسىدەك چوقچىيىپ تۇرغان دۆڭلەرنـى بىـر تـال ئوتـۇن ئۈچـۈن ئورنىدىن يۆتكەيدىغان گەپ. پەرەز ۋە ئۈمىـد تۇرتكىسـىدە ئېلىـپ بېرىلىدىغان بۇ خىل ئەمگەكتە نۇرغۇن ساپ تەر بىهۇدە تۆكۈلـۈپ تۇرىدۇ، كۆپ ئەجىرلەر بىلەن بىر قۇچاق ئوتـۇننى ئـاران دېگەنـدە كـولاپ ئـالغىلى بولىـدۇ. ئوتـۇنچىلار بـۇ خىـل جاپالارغـا كۆنـۈپ كەتكەن، بەلكى قىشلىق هاشارغىچە بولغان بۇ بىر ئـاي غەنىيمەت

پۇرسەتتە قىشلىق ئوتتۇننى غەملىۋالسا ھاردۇقى چىقىپلا كېتىدۇ. كەچ كىردى. ئوتتۇنچىلار بىر - بىرلەپ «قونالغۇ» غا قايتىپ كېلىشتى. جاڭگال ئاسمىنى ئىمتاسلىق ئىچىدە سۇرلۇك تۇس ئالغان بولۇپ، يىراقلاردا كىملەردۇر ناخشا ئېيتاتتى. ئېشەكلەر ھاڭرايتتى، ئاندا - ساندا گۇلخانلارمۇ كۆرۈنەتتى. ئابدۇللانىڭ بەدىنى ھارغىنلىق دەستىدىن زىڭىلداپ ئاغرىۋاتقان، دىماقلىرىغا شورلۇق جاڭگال توپىسى ئورناپ ئېغىر نەپەس ئېلىۋاتقان بولسىمۇ، روھى ئۇستۇن ئىدى. ئەسلىدە ھەمراھلىرى ئۇنىڭ يېرىم كۈن ئىچىدە خېلى كۆپ ئوتۇن كولىغانلىقىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختىشاندى.

گۇلخان يېقىلغان ۋاقىتلىق چۇشكۈن جاڭگالدىكى ئائىلە، گۇلخان ئەتراپى ئوتتۇنچىلار ھاردۇق چىقىرىدىغان ئارامگاھ، گۇلخاننىڭ چاراسلاپ كۆيۈشى ئوتتۇنچىلارنىڭ غەيرەت - جاسارىتىنى ئۇرغۇتىدۇ، ئوتنىڭ تەپتى ئىناقلىق ئىلكىدىكى ئوتتۇنچىلارنىڭ پىچ كەبى يالقۇنجىغان قەلبىگە ئوخشايدۇ. دومبىلاردا پۇرۇقلاپ چاي قاينىدى. ئادەتتىكىدەكلا خۇرجۇنلارنىڭ ئىزمىسى ئېچىلىپ، يېمەكلىكلەر «داستىخان» غا تىزىلدى. ھەركىم ئۆز ھالىغا يارىشا نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىشكەنىدى. پىياز، كاۋا، شوخلا ئارىلاشتۇرۇپ يېقىلغان مەززىلىك زاغرا، قوقاستا سىگدۈرۈپ پىشۇرۇلغان كۆمەچ، گۆلە - قاق، نانجىگدە، ئۈزۈم، قوغۇن، تاۋۇز، شاپتۇل...... ئىشقىلىپ، ھەممىسى تېپىلاتتى، ئانايەت كۈدەك ئىسىملىك 40 نەچچە ياشلىق بويتاق ھەر قېتىم ئوتۇنغا چىققاندا ئاق ئۇندا يۇغۇرۇلغان بىر كاللەك خېمىرنى ئېلىپ كېلەتتى، بۇگۈنمۇ ئۇ ئادىتى بويىچە خېمىرنىڭ قېتىغا كۆيدۈرۈلگەن قوي يېغى سۇۋاپ قوقاسقا كۆمەچ كۆمدى. تاماكا يۆگەپ تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن، ھەمراھلىرىنىڭ تەلىپى بويىچە قىزىقچىلىقنى باشلاپ، دەسلەپتە ئېغىز، قوللىرىنى ماسلاشتۇرۇپ

«پاختا ئېتىش ئويۇنى»نى كۆرسەتتى. ئاندىن كالپۇكىدا «راۋاب» چېلىپ «تاشۋاي» نى ئورۇنلىدى، ئاخىرىدا ھەييارلىق بىلەن كۆزىنى قىسىپ قويۇپ گەپ باشلىدى:
— بۇ ئۆز بېشىمدىن ھەقىقىي ئۆتكەن ئىشلار، قاراڭلار! «شەرق قىزاردى» سۇ ئامبىرى ياسالغان يىلى يازدا ھاشاردىن قاچتىم، قورساقنىڭ ئېچىپ كەتكىنىنى بىر دېمەڭلار، ئاخىر بىر جىگدىلىككە كېلىپ جىگدە قېقىپ يېدىم، قورسىقىم ئارام تېپىش بىلەن شۇ يەردىلا ئۇخلاپ قاپتىمەن. بىر چاغدا ئويغانسام، كۆن ئولتۇرۇپ ئەتراپ قاراڭغۇلىشىپ كېتىپتۇ. ھەرنېمە قىلىپ بولسىمۇ ئادەم بار يەرگە بېرىۋالاي دەپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتسام، پۇتۇمنى شاخ تىلىۋەتتى. «بالا- قازا قوش كېلىدۇ» دېگەن شۇ ئەمەسمۇ! خۇپتەنگە يېقىن لايقا يېزىسىنىڭ بېشىدىكى مەھەللىگە كېلىۋالدىم. پۇتۇمنىڭ ئاغرىقىدا قەدەم يۆتكىيەلمەي تۇرسام، ياندىكى ئۆيدىن بىر ئايال چىقىپ قىزغىن ئەھۋال سوراپ كەتتى. مەنمۇ بىردىنلا مۇلايىم قىياپەتكە كىرىپ ئەھۋالىمنى ئېيتتىم، ئاخىرىدا بىر كېچە ئۆيىدە قوندۇرۇشنى ئۆتۈندۈم. ئايال بىر دەم ئويلانغاندىن كېيىن:
— ماقۇل ئەمىسە، سىلىگە ھويلىدىكى سۇپىغا جاي سېلىپ بېرەي، قونۇپ قالسىلا، — دېدى.
ناھايىتى خۇشال بولدۇم. ئەمدىلا بېشىمنى ياستۇققا قويۇشۇمغا، ئايال ئۆيدىن بىر خەنجەرنى ئېلىپ چىقىپ:
— مۇنداق ئىش قارىسىلا، بالىنىڭ دادىسى تۇغمەنگە كەتكەن. تاڭ ئاتقۇچە كېلەلمەيدىغان ئوخشايدۇ، قوتاندا موزايلايدىغان ۋاقتى يېقىنلاپ قالغان بىر ئىنەك بارئىدى، ئالمادىس كېچىچە ئىنەك مۇزايلىيالماي ئۆلۈپ قېلىش خەۋپى بولۇپ قالارمۇ، ھەرھالدا بۇ خەنجەر يانلىرىدا تۇرسۇن! — دېگەندىن كېيىن خەنجەرنى ماڭا بېرىپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.
دېگەندەك تۆن نىسپى بولغاندا قوتاندىكى ئىنەكنىڭ جان

تالــشۋاتقاندەك پۇشــقۇنىۋاتقىنى قۇلىقىمغــا كىــردى. دەرھــال ئورنۇمدىن تۇرۇپ خەنجەرنى قولۇمغا ئالدىم - دە، قوتانغا كىرىپ ھەش - پەش دېگۈچە ئىشنى تۈگەتتىم. ئايالنى ئويغىتاي دەپ ئويلىدىم -يۇ، ئۇنى بىسەرەمجان قىلماي، تاڭ ئاتقاندا ئەھۋالنى ئۆزى كۆرەر دەپ يېتىپ قالدىم. ئەتىسى ئۆي ئىگىسى ئايالنىڭ ۋارقىراپ - جارقىراشلىرىدىن چۆچۈپ ئويغاندىم. ئايال ھەدەپ مېنى قارغاۋاتاتتى، نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئېنىق ئاڭقىرالماي:

— خېنىم، نېمە بولدىلا ؟ ئەتىگەندە بۇنچىۋالا ۋارقىراپ كەتكۈدەك. مەن سىلىگە نېمە قىلدىم؟ — دېسەم، ئايال قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ:

— ھوي بىغەرەز ھابدال! يارامىلىق ئېشىكىمىزنى بوغۇزلاپ قويۇپ، يەنە ۋارقىرىمىسىلا دەيسىنا!؟ ئېشەكنى تۆلەپ بەر! — دېگىنىچە ھۆكرەپ يىغلىغىلى تۇردى

ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ قوتانغا كىرىپ كۆردۈمكى، تــوۋا خۇدايىم! مېنىڭ قىلغان ئىشىمنى كۆرمەمدىغان! قاراڭغۇدا ئېنەكنى ئۆلتۈردۈم دەپ شۇنداق يارامىلىق بىر قارا ھاڭگىنى بوغۇزلاپ قويۇپتىمەن، ئېنەك بولسا سالامەت مۇزايلاپ مۇزىيىنى ئېمىتىۋېتىپتۇ، لام - جىم دېيەلمەي يەرگە قاراپ تۇردۇم. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئايالنىڭ ئېرى تۈگمەندىن قايتىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۆلگۈدەك دۇمبا يېدىم، كېيىن ئۇلار ئەھۋالنى كەنت مەسئۇللىرىغا مەلۇم قىلىمىز دەپ مېنى سامانلىققا سولاپ قويۇۋىدى، بۇلۇڭدىكى توخۇ تۇخۇملايدىغان ئۇۋىغا كۆزۈم چۈشتى. قارىسام ئالتە دانە تۇخۇم تۇرۇپتۇ، ئۆيگە بارغاندا پىشۇرۇپ يەمەن دەپ تۇخۇمنى تەلپىكىمنىڭ قاسقىنىغا تىقىۋالدىم. بىر چاغدا ئايالنىڭ ئېرى كەنت ئامانلىق مۇدىرىنى باشلاپ كىردى، ئۇلار مېنى خېلىغىچە سوراققا تارتتى. بېشىمغا قايىسىنىڭ مۇشتى تەگىدىكىن بىلمىدىم، بىر چاغدا تەلپىكىمنىڭ قاسقىنىدىكى تۇخۇملار چېقىلىپ

پېشانەمدىن تۇخۇمنىڭ سېرىقى سىرغىپ چۈشۈشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار «بۇ يالاڭتۆشنى ئۇرۇپ مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋەتكەن ئوخشايمىز، ئىش چاتاققا ئۆرۈلمىسۇن» دېيىشىپ مېنى قويۇپ بەردى. سىرتقا چىقىپ ئۆزۈمچە، بىكارغا يېگەن تاياقنىڭ ئۆچىنى ئېلىۋالمايمەنمۇ دەپ ئويلاپ، سۆڭگۈچتىن ئۇلارنىڭ بېغىغا كىردىم ـ دە، تام تۈۋىدىكى دوڭغاق سۆگەتكە يامىشىپ ئۆگزىسىگە چىقتىم. قارىسام ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى هويلىدىكى كارىۋاتتا چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۆگزىدىن بېشىغا تاشلىغۇدەك بىرنەرسە ئىزدەپ، كۆزۈم بىردىن يېنىمدىلا تۇرغان كونا توقۇمغا چۈشتى. توقۇمنى تاشلىماقچى بولۇپ كۆتۈرسەم، هېچ قاملاشمىدى، ئاخىر توقۇمنى بېشىمغا ئېلىپ غەزەپ بىلەن تاشلىدىم. هەتتىگىنەي، ئۆزۈمنىڭمۇ توقۇم بىلەن بىللە هويلىغا چۈشۈشۈمنى نەدىن بىلەي!؟ ئەسلىدە توقۇمنىڭ قۇشقۇنى بوينۇمغا كىرىپ قالغانىكەن......

ــ ها! ـ ها! ـ ها!......

ئەتراپتا ئانايەت كۈدەكنىڭ ئاغزىغا قىزىقىش ئىلكىدە قاراپ تۇرۇشقانلار قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. كۈلكە ئەتراپتىكى دۆڭلۈكلەردە ئەكس سادا پەيدا قىلدى.

ــ كېيىن قانداق بولدى؟ ــ سورىدى كۈلكىسىنى ئاران باسقان ئابدۇللا گۈلخانغا ئوتۇن تاشلاۋېتىپ. باشقىلارمۇ كۈلكىسىنى توختىتىپ، تاماكىسىنى هۇزۇرلىنىپ شوراپ ئولتۇرغان ئانايەت كۈدەككە تىكىلىشتى.

ــ هەي، ئۇكام ئابدۇللا، ئەمدى بۇ ئىشنىڭ ئاخىرىسىنى سوراپ نېمە قىلىسەن؟ قىزىقى تۈگىدىغۇ، هە راست، ساڭا خېلى مەستلىكىم كېلىپ قالدى مېنىڭ، تۈنجى قېتىم جاڭگالغا كېلىپ ئوتۇنچىلىقنىڭ ئەلمى ـ تەلمىنى تېزلا بىلىۋالدىڭ، جاڭگالنىڭ جاپاسىغا چىدىيالىغان ئەر هەقىقىي ئەر هېسابلىنىدۇ، راستىنى

ئىپتسام، جاڭگال دېگەن «جان گالغا كەلگەندە ئوتىۇن ئالغىلى بولىدۇ» دېگەن گەپ قارا. بوشاپ لاتىدەك بولۇپ كېتەمدىكىن دېسەم، ئوغۇل بالىدەك بېلىگىنى رۇسلاپ ئولتۇرۇۋاتىسەن، قارىغاندا داداڭنى تارتىمىغاندەك تۇرىسەن.

— ھا! - ھا! - ھا! ...... — ئەتراپتىكىلەر يەنە قىقاس كۆتۈرۈپ كۈلۈشتى.

— ئانايەت ئاكا، قىزىق گەپتىن يەنە بىرنى قىلىپ بەرگىنە، — پاكار بويلۇق يىگىت شۇنداق دېگىنىچە ئانايەت كۇدەككە تەقەززالىق بىلەن تىكىلدى.

— ئۇيقۇم كەلدى، ئۇخلايمەن، قىزىق گەپ ئەمدى ئەتىگە قالسۇن، سەنمۇ ئۇخلا، تاز!

ئانايەت كۇدەك شۇنداق دەپلا بېشىنى يېنىدىكى خۇرجۇنغا قويۇپ ئۇخلاشقا تەرەددۇت قىلدى، باشقىلارمۇ بىر - بىرلەپ يېتىپ قېلىشتى. بىراق، ئابدۇللانىڭ ئۇيقۇسى كېلىدىغاندەك قىلمايتتى، ئۇ ئاندا - ساندا يۇلتۇزلار پىلىلداپ تۇرغان ئاسمانغا تىكىلىپ خىيالغا پاتتى. ئادەم مۇشەققەت تارتقاندا يېقىن كىشىلىرىنى سېغىنسا كېرەك، ئابدۇللانىڭ كۆز ئالدىغا دوستلىرى كېلىۋالدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن كەۋسەر ئالاھىدىرەك گەۋدىلەندى. «شۇ تاپتا كەۋسەر پاكىز ياتىقىدا دوستلىرى بىلەن خۇشال مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇۋاتقاندۇ، ئۇ مېنى ئەسلەپ قويامدىغاندۇ؟ ياق، ئەمدى مۇمكىن ئەمەس، مۇشۇ كېچىدە ئۇ مېنىڭ مەھەللىدىن شۇنچە يىراق جاڭگالدا ئۆزىنى ئەسلەۋاتقانلىقىمنى ھەرگىزمۇ خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ...... ياخشىسى بۇنىڭدىن كېيىن مەنمۇ ئۇزۈمنى تۇتۇۋېلىشىم كېرەك......» ئابدۇللا ئەنە شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ بېشىنى كۆتۈرگەندە گۈلخاننىڭ ئوتى ئۆچەي دەپ قالغانىدى، ئۇ گۈلخانغا ئوتۇن سېلىپ قويۇپ ئورنىغا كېلىپ ياتتى.

ئەتىسى كەچكە يېقىن ئوتۇنچىلار كولىغان ئوتۇنلىرىنى هارۋىلىرىغا بېسىپ دۆڭلەر ئارىسىدىكى توپىلىق يول بىلەن قايتىش سەپىرىنى باشلىدى. جاڭگالنىڭ جاپاسى مانا مۇشۇنداق چاغدا تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىدۇ، ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان داۋان، تۆپىلىكلەردە ئۆزئارا ياردەملىشىپ هارۋىلارنى بىر ـ بىرلەپ ئىتتىرىپ ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئابدۇللانىڭ لەۋلىرى گەز باغلاپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بولسىمۇ، روهى ئۇستۇن هالدا هەمراهلىرى بىلەن ئارىلاپ چاقچاقلىشىپ يولنى داۋام قىلىۋاتاتتى.

ــ ئانايەت ئاكا، جاڭگالنىڭ ئوتۇنلىرىنى مۇشۇنداق ئېلىپ كەتكىلى تۇرساق ئاخىر تۈگىشى تۇرغان گەپ، كېيىن قانداق قىلارمىز؟ــ ئابدۇللا ئانايەت كۇدەكنىڭ ئاغزىنى تاتىلىدى.

ــ قانداق قىلاتتىڭ، سويما، ئوچىقىڭغا ياسار، كۆتىشەك قالايسەن ـ دە! ئەممازە، جاڭگالنىڭ ئوتۇنى هەرگىز تۈگەپ قالمايدۇ. ئەقلىمگە كەلسەم خەقلەر بۇ يەردىن ئوتۇن كولاپ كېلىۋېتىپتىكەن. دادام، دادامنىڭ دادىسى، دادىسىنىڭ دادىسىمۇ مۇشۇ جاڭگالدىن ئوتۇن كولاپتىكەن. مانا هازىر مەن كولاۋاتىمەن، مەن ئۆلۈپ كەتسەم بالام كولايدۇ. رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، جاڭگالنىڭ ئوتۇنى پاتىمە رەزىيەللاهۇ ئەنهانىڭ تويلۇقى ئىكەن، شۇڭا تۈگىمەيدۇ.

ــ ئانايەت ئاكا، سەن مۇشۇ چاغقۇچە خوتۇن ئالغىلى ئۇنىمىساڭ، قايسى بالاڭ ئوتۇن كولايدۇ؟ــ سۆز قىستۇردى ياندا كېلىۋاتقان ئورۇق يىگىت ئەتەي گەپ كوچىلاپ.

ــ هەي بىغەرەز! سەندەك ۋاقتىمدا تېپىپ قويغان باللىرىمنى يىغسام بىر سىنىپ ئوقۇغۇچى بولىدۇ، ئاكاڭ ئۆز ۋاقتىدا بېلىگە پوتىسىنى چىڭ باغلاپ، تەلپىكىنى شاخشاققا قويۇپ، مەهەللىدە مەيدە كېرىپ ماڭىدىغان بولسا، هەي، خوتۇن خەقلەر كەينىدىن

سەپ تۇزۇپ كېلەتتى ئەمەسمۇ!

— بالىلىرىڭنى نېمىشقا ئۆيۈڭگە يىغمايسەن ئەمىسە؟

— مېگەڭنى سا چوقۇۋاپتۇ تاز، سېنىڭ! ھازىر ئۆز جېنىمنى باقالمايۋاتسام، ئۆيگە قىرىق - ئەللىك بالىنى يىغىپ ئولتۇرسام، ئۇلارنى قانداق باقىمەن؟

— ئاتە پورۇڭنى! قارىغاندا سەندىمۇ ماۋۇ ھاڭگىنىڭ خۇيى بار ئىكەن، كۇدەك ئاكا.

— قانداق دەيسەن؟

— ئېشەك دېگەنمۇ قىلىدىغىنىنى قىلىپ بولۇپ، بالىسىغا ئىگە بولمايدىغۇ!؟

— ھا!- ھا!- ھا!...... ھەي، تازەي! ئاغزىڭ ئېچىلىپلا قالدىغۇ سېنىڭ......

ئۇلار ئەنە شۇ تەرىقىدە چاقچاقلىشىپ مېڭىشتى، ئابدۇللا ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگۇدەك كۈلدى. ھەربىر كۈلگەندە جىسمىدىكى ھارغىنلىق نەلەرگىدۇر يوقاپ ئۆزىنى يېنىكلەپ قالغاندەك سېزەتتى. جاڭگالنىڭ ئاسمىنى مۇشۇنداق كەگرى، ئىككى يېنىغا قارىماي ئاغزىڭغا كەلگەننى دەۋەرگىلى، قورساق ئاچسا ھارۋىنى يولنىڭ ياقىسىدىلا توختىتىپ چاي قايىنىتىپ قورساقنى ئەستەرلىگىلى بولىدۇ، ئابدۇللا بۇ خىل كۆڭۈللۈك ھاياتنىڭ ئىچىگە سىڭىپلا كەتتى.

ئۇلار جاڭگال سەپىرىنىڭ بەشىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە مەھەللىگە ئامان - ئېسەن يېتىپ كېلىشتى. بامدات نامىزىغا تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ھويلىغا چىققان مۆھتىرەمخان قومۇش توسۇقنىڭ يوچۇقىدىن ئىشىك ئالدىدا ئۈستىگە پەۋەس ئوتۇن بېسىلغان ھارۋىنى كۆرۈپ، قولىدىكى ئاپتۇۋىنى يەردە قويۇپلا سىرتقا يۈگۈردى. ئېشەك تىمىسقىلاپ غازاڭ يەۋەتاتتى، ئوتۇن ئۈستىدە دادىسىنىڭ ئەسكى جۇۋىسىغا يۆگىنىۋالغان ئابدۇللا

بەھۇزۇر ئۇخلاۋاتاتتى.

— ۋاي، بىچارە بالام! بىتاپ بولۇپ قالغان ئوخشىمامسەن؟

مۆھتىرەمخانىنىڭ يىغا ئارىلاش چىققان ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتكەن ئابدۇللا ھارۋىدىن سەكرەپلا چۈشتى.

— نېمىشقا يىغلايسەن، ئانا؟ مانا مەن سالامەت تۇرۇپتىمەنغۇ!

مۆھتىرەمخان تاراملاپ ياش تۆككىنىچە ئابدۇللانىڭ مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ بىردەم تۇردى. كېيىن يىغىدىن بوغۇلۇپ ئېيتتى:

— جېنىم بالام، ئەمدى جاڭگالغا بارما، ئورۇقلاپ كېتىپسەن.

ئابدۇللا ئۆيگە كىرىپ تام مەشنىڭ يېنىدا چاي ئىچىپ ئولتۇرغان دادىسىنى كۆرۈپ كۆڭلىنىڭ ۋاللىدە يورۇغىنىنى سەزدى. ئۇ كېيىنكى ئون نەچچە كۈن ئىچىدە مۆھتىرەمخانىنىڭ ھەر خىل باھانىلەرنى كۆرسىتىپ توسۇشلىرىغا قارىماي جاڭگالغا يەنە ئىككى قېتىم باردى. ئىككىنچى قېتىم ھارغىن ھالدا ئۆيگە كىرگەنىدە ئانىسى ئۇنىڭغا بىر كونۋېرتنى تۇتقۇزدى:

— بۈنى ئەتىگەن روزى كاداك بېرىپ كەتتى. ئىمتىھان ئىشىمىكىن، چاپسانراق كۆرۈپ باققىنە، بالام!

ئابدۇللا كونۋېرتنى يىرتىپ خەتنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئاچتى. كەۋسەرنىڭ تونۇش پوچۇركىسى كۆزىگە تاشلىنىش بىلەن ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى، خەت قىسقىلا يېزىلغانىدى:

*«سالام، قىممەتلىك دوستۇم ئابدۇللا، ئامان - ئېسەن تۇرۇۋاتامسەن؟ سۇلايمان دادامنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ خەت يازمىغىنىڭغا قاراپ، ئائىلەڭلەردە بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەردىمىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سىلەرگە تىنچ - ئامانلىق تىلەيمەن. قارا، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە مانا بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى. گەرچە ئۇرۇمچىدىكى رەڭگارەڭ تۇرمۇش مېنى ھاياجانلاندۇرغان بولسىمۇ،*

*سىلەرنى، مەھەللىنى تولىمۇ سېغىندىم. راستىنى دېسەم ئاۋات شەھەردىكى ماشىنا ۋە ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان قايناق كوچىلاردىن كۆرە يۇرتىمىز ئاقتاشنىڭ، بولۇپمۇ غازلىقنىڭ ئىككى يېقىنى قومۇش ۋە جىغانلار ئوراپ تۇرغان شورلۇق يوللىرى چىرايلىق ھەم مېھرىلىك ئىكەن. بولدىلا، ساڭا بۇ گەپلەرنى يېزىپ ۋاقتىنى زايە قىلماي. ئالدىنقى ھەپتە خەلچەمنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. خەتتە دېيىلىشىچە: سەن قايتا ئوقۇشتىن ۋاز كېچىپسەن، شۇنداقمۇ؟ بۇ قارارىڭنى ئاڭلاپ بەك ئۆكۈندۇم، ئىلگىرى بىرگە ئوقۇشسىزلىققا باش ئەگمەسلىك توغرىسىدا ئېيتقانلىرىڭ نەگە كەتتى؟ كۈتۈلمىگەندە ئوقۇشسىزلىق ئۆز بېشىڭغا چۈشكەندە ئۇنىڭغا شۇنچە ئاسان باش ئەگمەسەن؟ مېنىڭچە سەن ئۇنچە ئىرادىسىزلەردىن ئەمەس، كېلەر يىلى قايتا ئىمتىھان بەرسەڭ ئۆتۈپ كېتىشىڭدە گەپ يوق. شۇڭا، كاللاڭنى سىلكىۋېتىپ، ھازىردىن باشلاپ قايتا ئوقۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن. خەلچەمگىمۇ بۇ ھەقتە خەت يېزىۋەتتىم، سىلەرنىڭ كېلەر يىلى ئىمتىھاندىن چوقۇم ئۆتۈپ، كاج تەقدىر ئۈستىدىن غالىب كېلىشىڭلارغا تىلەكداشمەن.*

*ساڭا سالامەتلىك تىلەپ:*

*كەۋسەر»*

— ئىمتىھانىڭ گېپىمىكەن، بالام؟

ئانىنىڭ سوئالى ئابدۇللانىڭ خىيال يىپلىرىنى ئۈزدى، ئانا ئۇنىڭدىن جاۋاب كۈتۈۋاتاتتى، دادىسى بولسا ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىگەندەك نەزەرىنى بىردە ئابدۇللاغا، بىردە مۆھتىرەمخانغا ئاغدۇراتتى. ئابدۇللا زۇۋان سۈرمەي، خەتنى قاتلاپ تەكچىدىكى خاتىرىنىڭ قېتىغا سالدى. تاقەتسىزلەنگەن مۆھتىرەمخان يەنە سورىدى:

— گەپ قىلساڭچۇ، بالام، ئىمتىھاندىن ئۆتتۈڭمۇ يا؟!
— ئانا، نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، ساڭا ئەمدى ئىمتىھاننىڭ گېپىنى قىلما دەپ نەچچە قېتىم ئېيتتىمغۇ! بۇ كەۋسەردىن كەلگەن خەت ئىكەن.
— ماقۇل، ئىمتىھاننىڭ گېپىنى ئەمدى قىلماي، كەۋسەرنىڭ خېتى دېگىن، ئۇ يېزا باشلىقىنىڭ قىزى بولغاچقا ئىشى ئوڭدىن كەلدى، بىچارە خەلچەم قىزىڭمۇ ئىشى ئوڭدىن كەلسە بولماسمىدى، خەلچەمنىڭ غېمى تۇپەيلى ئانىسى رەھمەتلىكنىڭ كۆزى ناھايىتى تەسلىكتە يۇمۇلدى.
— ئانا، نېمە دېدىڭ؟ خەلچەمنىڭ ئانىسى......
ئابدۇللانىڭ كۆز ئالدى بىردىنلا قاراڭغۇلاشتى.
— ئېسىم قۇرۇسۇن، بالام، سەن جاڭگالغا ماڭغان كۈنى كەچ پېشىندە نەپەستىن قالدى رەھمەتلىك، ئۇ كۆپ كېسەل تارتقانىدى، ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي!......
مۆھتىرەمخان شۇنداق دېگىنىچە مىشىلداپ يىغلىدى، ئابدۇللا سۇپىنىڭ لېۋىگە ئولتۇرۇپ ئانىسىغا تەسەللى بەردى:
— بولدى يىغلىما، ئانا، ئۆزۈڭنى ئاسرىغىن، سەنمۇ كېسەل بولۇپ قالساڭ بىز قانداق قىلىمىز!
— نېمىشقا يىغلىماي، بالام، رەھمەتلىك بىلەن تەڭتۇش ئىدىم، كىچىكىمىزدىن تارتىپ ھال - مۇڭ بولۇپ ئۆتكەن ئەمەسمۇ. يامان يېرى خەلچەمنىڭ بىر قانىتى سۇندى.
ئابدۇللا گەپ - سۆزسىزلا ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا مېڭىۋىدى، دادىسى مۆھتىرەمخانغا كايىدى:
— بالىنى ئارامخۇدا ھاردۇق ئالغىلى قويساڭ بولمامدۇ؟ ھە دېسە ئۆلۈم - يېتىمنىڭ گېپىنى قىلما دەپمۇ ھاردىم ساڭا!......
مۆھتىرەمخان ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن يېشىنى سۈرتۈپ ئورنىدىن تۇردى - دە، سۇلايمان ياۋاشنىڭ بېشىدىكى سىڭايان

بولۇپ كەتكەن ياستۇقنى ئوڭشىدى.

— نېمە قىلىۋاتىسەن؟ مىسلداپ ئولتۇرماي ئابدۇللاغا قاراپ باق! قىزنىق بىرنېمە ئېتىپ بالىنىڭ قورسىقىنى تويدۇر، جاڭگالنىڭ جاپاسىنى سەن بىلمەيسەن!

— ماقۇل - ماقۇل، چىچىلمىسىلا دادىسى......

مۆھتىرەمخان شۇنداق دەپلا سىرتقا ماڭدى، بۇ چاغدا تېرەكلىك مەھەللىگە قاراپ ماڭغان ئابدۇللا ئۇزاپ كەتكەنىدى. مۆھتىرەمخان نېمە قىلارىنى بىلمەي بىردەم قاراپ تۇرۇپ، ئابدۇللانىڭ قارىسى خەلچەمنىڭ تېرەك، سۆگەت، جىگدىلەرنىڭ قورشاۋىدا ئاران كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۆيى ئالدىغا بارغاندىلا كۆڭلى تىنىپ ئۆيگە قايتىپ كىرىپ كەتتى.

## ئىككىنچى باب

# ئىزتىراپلىق ئۇچقۇنلار

ئابدۇللا دەرۋازىدىن كىرىپ كەلگەندە خەلچەم ھويلىسىدا تەنھا ئولتۇرۇپ، شادىسى بىلەن يۇلۇپ ئېلىپ كېلىنگەن غوزەكلەردىن پاختا ئىلغاۋاتاتتى. خەلچەمنىڭ رەڭگىرويىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ ئابدۇللا ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالدى. چۈنكى، خەلچەم بۇ كۈنلەردە ھاياتقا قارىتا بارلىق ئۈمىدىنى يوقاتقان ئادەمگە ئوخشاش غەيرىي ھالغا كېلىپ قالغان بولۇپ، ئوماق چىرايىغا سېرىقلىق چۈشكەنىدى. ئۇچىسىدىكى ئەتلەس كۆڭلىكىمۇ خېلىلا كىرلەشكەن، چاچلىرىمۇ سەل چۇۋۇق تۇراتتى، ئۇنىڭ جىمغىنە ئولتۇرۇپ، چوكىدەك ئورۇق بارماقلىرى بىلەن غوزەكتىن پاختا سۇغۇرۇۋاتقان ھالىتى كىشىگە ئەمدىلا ياشلىق باھارىنىڭ بوسۇغۇسىغا قەدەم بېسىۋاتقان ئاق كۆڭۈل سەھرا قىزىنىڭ ئەمەس، بەلكى ھاياتنىڭ خېلى كۆپ ئىسسىق - سوغۇقلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن، ئېنىقراقىنى ئېيتقاندا قەلبىدىكى گۈزەل ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى كۆتۈلمىگەن كېلىشمەسلىكلەر بەربات قىلغان ھەسرەتلىك بىر ئايالنىڭ سىماسىغا ئوخشايتتى.

— كۆڭلۈڭنى بۇزما، ئۆزۈڭنى ئاسرىغىن، ئانامدىن ئاڭلىدىم، يىل نەزىرىنىمۇ قىلىپ تۈگىتىپسىلەر، مەن كېلىشكە ئامالسىز قالدىم، — دېدى ئابدۇللا تەسەللى بېرىپ.

ئەســـلىدە خەلـــچەم ئابـــدۇللانى كـــۆرۈپلا ئۆپكـــدەپ يىغلىۋەتكەنىدى، كېيىن مەگزىدىكى ياش تامچىلىرىنى ئەلەڭ ـ سەلەڭ چىگىۋالغان ياغلىقنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ تىترەك ئاۋازدا دېدى:

ــ سىنى ھەرقانچە يىراقتا كەتكەن بولسىمۇ ئانامنىڭ يىل نەزىرىسىگە ئۈلگۈرۈپ كېلىدۇ دېگەن ئۈمىدتە ئىدىم. كەۋسەر بىلەن يول ئۈستىدىلا كۆرۈشتۇم، ئەتىل ۋاقتى توشۇپ قاپتۇ، ئەتىلا ماڭىمەن دېدى. سەدىردىن بىلەن نىيازنى كۆرمىدىم، راشىدىنغۇ مەھەللىدە يوق......

ــ راست، مەن ئامالسىز قالدىم، كۆڭلۈمگە ئالما، كەنت مەسئۇللىرى «يىگىرمە كۈنلۈك ھاشارغا ئىككى يۈز كوي تۆلەيسىلەر» دەپ كەپتىكەن، قولىمىزدا پۇل بولمىغاندىكىن ئاخىر ھاشارغا ئۆزۈم باردىم. ھاشاردىن كېلىپ تۇرسام قاۋۇل سېكرېتار «سىنى كەنتنىڭ بوغالتىرلىقىنى قىلىپ بەرسۇن دەپ ئويلاشتۇق، ناھىيەدە كۇرس باركەن، ئەتىلا بېرىپ قاتناشقىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن كۇرسقا قاتنىشىپ تۆنۈگۈنلا قايتىپ كەلدىم.

ــ بوغالتىر بولغانلىقىڭنى ئاڭلىغانىدىم، سەنغۇ تولۇق ئوتتۇرىغىچە ئوقۇغىنىڭغا يارىشا كەنتكە بوغالتىر بولساڭمۇ بولدۇڭ، بىراق مەنچۇ؟

ــ خەلچەم، بولدى ئۇ گەپلەرنى قىلما، ئۆزۈڭنى ئاسرا.

ــ مەن بەكمۇ ئاجىزكەنمەن......

ــ نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن، ئاناڭ ئۆلۈپ كەتكەن بىلەن قادىر ئاخۇن دادام بارغۇ!؟ يەنە قېرىنداشلىرىڭ سىنى جېنىدىن ئەتىۋار كۆرىدۇ.

ــ ھەممىسى ئۆي ئايرىپ چىقىپ كېتىشكەن تۇرسا، بۇ ئۆيگە ئۆزىنىڭ ئىشىدىن ئېشىنالىسا قارىسىنى كۆرستىپلا كېتىشىدۇ شۇ. بەكمۇ غېرىبسىنىدىغان بولۇپ قالدىم، ئوغۇل بالا بولغان بولسام

راشىدىنىدەك يىراقلارغا كېتىپ جېنىمنى جان ئېتەتتىم.

— ئۇنىداق دېمە، ئۆتكەنكى مەسلىھەتىمنى توغرا تاپساڭ ناھىيە بازىرىغا بېرىپ تىككۈچىلىكنى ئۆگەنگىن، ناھىيە بازىرىدىكى خەيرىگۈل بىلەن گۈلبوستان تىككۈچىلىكنى ئۆگىنىۋېتىپتۇ. ئۆتكەن ھەپتە ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم، سېنىڭ ئەھۋالىڭنى ئۇلارغا دېگەنىدىم، «ئىككىلەنمەي كەلسۇن، بىرگە ئۆگىنەيلى» دېدى.

— سەن دەردىمنى بىلمەيسەن، ئابدۇللا! — خەلچەم كۆزىگە لىق ياش ئالدى.

ئابدۇللا بىردەم مەگدەپ تۇرغاندىن كېيىن دېدى:

— ئانامدىن ھەممىنى ئاڭلىدىم. بىزمۇ ھازىر چوڭلار قاتارىغا ئۆتۈپ قالدۇق، قادىر ئاخۇن دادامنىڭ ئۆيلەنمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ مەنمۇ دەسلەپتە گاڭگىرىغانىدىم، كېيىن ئانام ماڭا ھەممىنى چۈشەندۈردى. چوڭلارنىڭ ئويلىغىنىمۇ توغرا ئىكەن، ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى سەن ئوبدان بىلىسەن، تىرىشچانلىق، پەرۋىش، يىغىش دېگەنلەر بىر - بىرىگە ئۇلىشىپلا كېلىۋېرىدۇ، ئەڭ ياخشىسى قادىر دادام ئۆيلەنسە سېنىڭ قولۇڭ ئىشتىن بوشايدۇ، ناھىيەدە تىككۈچىلىكنى ئۆگىنەلەيسەن.

— ئەجەب چوڭ ئادەملەردەك گەپ قىلىدىغان بولۇپ قاپسەن، ئابدۇللا، دېگەنلىرىڭمۇ توغرا، ئەمما مېنىڭ ئەھۋالىمنى سەن بىلمەيسەن......

— ئۆزۈڭنى بۇنداق تاشلىۋەتمە، خەلچەم. مانا بۇ كىتابنى ساڭا ئالغاچ كەلدىم، زېرىكىپ قالغان چاغلىرىڭدا ئوقۇغىن، — ئابدۇللا قوينىدىن ئىككى پارچە كىتابنى ئېلىپ خەلچەمگە بەردى.

خەلچەم كىتابنى ئېلىپلا سىيۇەتكە سېلىپ ئۈستىنى پاختا بىلەن يېپىپ قويدى. ئابدۇللا ئەجەبلىنىپ سورىدى:

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟

ــ دادام كۆرۈپ قالسا يىرتىۋېتىدۇ.
ــ قادىر ئاخۇن دادام سىنى نېمىشقا كىتاب ئوقۇغىلى قويمايدۇ؟ بۇرۇن ئۇنداق قىلمايتتىغۇ؟
ــ شۇنچە يىل كىتاب ئوقۇپ قانمىدىڭمۇ؟ ياخشى ئوقۇغان بولساڭ، ئىمتىهاندىن ئۆتەلەيتتىڭ دەپ چېچىلىدۇ شۇ! بۇنداق دوق ـ دەشناملارنى ئاڭلىسام ئىمتىهاندىن ئۆتەلمىگىنىمگە بەكمۇ ئېچىنىمەن.
ــ كەۋسەرگە خەت يازدىڭمۇ؟
ــ ياق، ئۇ ماڭا ئۆتكەن يىلى بىر پارچە خەت يازغانىكەن، ساڭا كۆرسەتمىدىم، نېمىشقا دېسەڭ، خېتىدە بىزنى قايتا ئوقۇپ ئىمتىهان بېرىڭلار، دېگەندەك گەپلەرنى يېزىپتىكەن......
ــ هۆنەر ئۆگەنگىلى بېرىشنى خالىساڭ، قادىر ئاخۇن دادامغا ئۆزۈم دەي، ئۇنىڭغا چۈشەندۈرسەم چوقۇم قوشۇلىدۇ، سەنمۇ قادىر ئاخۇن دادامنىڭ ئۆيلىنىش ئىشىنى توغرا چۈشەن. ئانامنىڭ دېيىشىچە، ئاچىلىرىڭ «دادام ئۆيلەنسە بىز چوڭ ئۆيگە هەرگىز بارمايمىز» دەپ يۈرگۈدەك، بۇنداق دېسە بولمايدۇ.
ــ سەن بىلمەيسەن، ئابدۇللا، مەن دادامنىڭ ئۆيلىنىشىگە قارشى ئەمەس، ئاچىلىرىمنىڭ دەسلەپتە شۇنداق دېيىشكىنى راست، كېيىن ئۇلارمۇ قوشۇلدى. بىزگە ئۆگەي ئانا بولغۇچى قۇمباغلىق ئىكەن، تۇغماس ئايال ئوخشايدۇ. پەيشەنبە كۈنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلار جەم بولۇپ كۆچۈرۈپ كەلمەكچى. ئەمما، مەن...... ــ خەلچەم گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋېتىپ بوغۇلۇپ يىغلاپ كەتتى.
ــ نېرۋاڭ بەكمۇ ئاجىزلاپ كېتىپتۇ، خەلچەم، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، هۆنەر ئۆگەنگىلى بارساڭ ئوڭشىلىپ كېتىسەن، ــ دېدى ئابدۇللا مېهرىبانلىق بىلەن.
ــ مېنى هۆنەر ئۆگەنگۈسى يوق دەپ ئويلامسەن؟ دادام

قوشۇلسا بۇگۈنلا شەھەرگە كەتسەم دەيمەن. ئەمما، دادام مېنى ھۆنەرگە ئەمەس، غازلىقنىكى رازاق پەشتاققا ياتلىق قىلىمەن دەپ......

ئابدۇللا تۇيۇقسىز تىكەنگە ئولتۇرۇپ سالغاندەك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، ئوچۇق ھاۋادا توساتتىن چاقماق چېقىلغاندەك مەۋھۇم بىر ئاۋاز قۇلىقى تۈۋىدە دەھشەتلىك ئەكس سادا پەيدا قىلىپ يوقالدى. ئۇ نېمىدۇر دېيىشكە شۇنچە ئۇرۇنۇپ باقتى - يۇ، ئەمما تىلى گەپكە كەلمىدى. خەلچەم بوغۇلۇپ يىغلايتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ ئەلەملىك ياشلىرىنى سۈرتتى، ياغلىقىنى تۈزەشتۈردى. ئابدۇللا گەپنىڭ تېمىسىنى يۆتكىدى:

— بۇ يىل ناھىيە بويىچە كېۋەز تېرىلغۇسىدا ئاپەت بولۇپتۇ، سورتلۇق ئۇرۇق دېگىنى قىبنى، يەرگە ماسلاشمايدىغان ئۇرۇقنى تېرىتقۇزۇپ دېھقانلارنى زىيانغا ئۇچراتتى.

— دادامنىڭ ئېتىزدىن قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، ئەمدى ئۆيۈڭگە كەتكىن، ۋاقتىڭ يەتكەندە يەنە كېلىپ تۇرغىن، — دېدى خەلچەم مەيۈس.

ئابدۇللا ئېسىنى يىغىپ خەلچەم بىلەن خوشلاشتى.

* * *

ئانا — ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتلىق زەنجىرىنى بىر - بىرىگە ئۇلىغۇچى مۇقەددەس رەھنەما، ئىنسانغا يورۇق ئالەمدە نېسىپ بولىدىغان ھەرقانداق بەخت ئۇنىڭ قىممىتىگە مۇتلەق تەڭلىشەلمەيدۇ. خەلچەم ئانىسىدىن ئايرىلىپ يېتىملىكتە ئۆتكەن بىر يىل مابەينىدە بۇ ھەقىقەتنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئېغىر كۈنلەر ئۆگەي ئانىسى زورىخان بۇ ئائىلىگە شاۋقۇنسىزلا كىرىپ

كىلىپ، ئائىلە ئىشلىرىنى ئۆز قولىغا ئالغاندىن كېيىن رەسمىي باشلاندى. ئەسلىدە ھەرقانداق ئىشنى ئۆزىنىڭ ئەقلىگە تايىنىپ مۇستەقىل قىلىشنى ياقتۇرىدىغان قادىر ئاخۇننىڭ ئەرك - ئىختىيارىي بارا - بارا زورىخاننىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ، زورىخاننىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقمايدىغان باشقىچە بىر ئادەم بولۇپ قېلىۋاتاتتى. بۇ ھال ئۆز نۆۋىتىدە خەلچەمنىڭ ئۇستىدىكى بېسىمنى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلاشتۇرماقتا ئىدى.

زورىخان 40 ياشلاردىن ھالقىغان بولسىمۇ، ئۆز لاتاپىتىنى يوقاتمىغان، ياسىنىشقا ئېتىبار بېرىدىغان تۇغماس ئايال بولۇپ، ئىلگىرى ئىككى قېتىم ياتلىق بولغانىدى. باشتا زورىخان قادىر ئاخۇننىڭ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن قىزى بارلىقىنى، كېيىنكى كۈنلەردە چىقىشىپ ئۆتۈشىنىڭ تەسلىكىنى ئېيتىپ ئىككىلىنىپ تۇرغاندا، غازلىق كەنتىنىڭ مۆتىۋەرى قاسىم قارىم ئۇ قىزنىڭ يات ئاردا تويىنى قىلىدىغانلىقىنى دەپ ئىندەككە كەلتۈردى. بىراق، زورىخاننىڭ خەلچەم توغرىسىدىكى ئويلىرىنىڭ توغرىلىقى ئۇ قادىر ئاخۇن بىلەن توي قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئىسپاتلىنىشقا باشلىدى. دەسلەپتە ئۇنىڭغا مىجەزى ئىزىلەڭگۈ كۆرۈنگەن خەلچەم ئەمەلىيەتتە سەپرا مىجەز، تېرىككەك، ھەدېسىلا دادىسى تۈگۈل، ھەتتا ئۆزى بىلەنمۇ تاكاللىشىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇ ھال قادىر ئاخۇن بىلەن زورىخانغا كۈتۈلمىگەن زەربە بولدى. ئەسلىدە خەلچەم قادىر ئاخۇن بىلەن زورىخاننىڭ ئۆزئارا مېھرىبانلىق يەتكۈزۈشنى كۆڭلىگە سىغدۇرالمايۋاتاتتى، ئۇ ئاچىلىرىنىڭ ئارىلاپ كېلىپ يوشۇرۇن بېرىپ كەتكەن تاتلىق تۇرۇملارنى دادىسىنىڭ «كېيىن يەيمەن» دەپ پوتىسىغا تۈگۈۋېلىپ، پىنھانلاردا زورىخانغا يېگۈزۈپ ئولتۇرغانلىقىنى، زورىخاننىڭ كىيىم - كېچەك ۋە باشقا خىراجىتى ئۈچۈن دوپپىسىنىڭ چۈشۈپ قېلىشىغا قارىماي چېپىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە دەرھال مەرھۇم ئانىسىنى كۆز ئالدىغا

كەلتۈرۈپ ھەسرەتلىك ياش تۆكەتتى، ياش تۆكۈپلا بولدى قىلسا مەيلىدى، ئەپسۇس، قانداقتۇر باھانىلەرنى كۆرستىپ زورىخان بىلەن تاكاللىشاتتى.

بىر كۈنى زورىخان خەلچەمنىڭ مەرھۇم ئانىسىنىڭ بىردىنبىر يادنامىسى سۈپىتىدە ساندۇقنىڭ تېگىدە ساقلاپ كېلىۋاتقان دىكا پىلاتىسىنى ئۆزىنىڭ يېڭى سارجا پىلاتىسىغا ئالماشتۇرۇپ كىيىپ، نان يېقىش ئۈچۈن تونۇر بېشىغا چىقىۋىدى، خەلچەمنىڭ چىرايى ئۆزگۈپ، پۈتۈن جىسمى تۇتقاقلىق كېسلى بار ئادەمدەك تىترەپ كەتتى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ ئانامنىڭ قىرىق نەچچە يىل ئۆي تۇتۇپ يىغقان - تۆككەن نەرسىلىرىنىمۇ ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتىڭىز، ئەمدى مۇشۇ پىلاتىنىمۇ جايىدا قويىمامسىز؟ سىزدە ئىنساپ دېگەن نەرسە بارمۇ - يوق؟ — دېدى ئۇ زورىخانغا غەزەپ بىلەن.

— ۋيەي، زىيالىي خېنىم! گېلىڭىزغا نان ياقاي دەپ بۇ كونا پىلاتىنى كىيدىمغۇ! قاراپ تۇرۇپ يېپيېڭى سارجا پىلاتامنى مەينەت قىلسام بولامتى ئەمسە! — دېدى زورىخانمۇ بوش كەلمەي.

— دادامنى ياۋاش چاغلاپ، ئۆيىمىزنى ئاق توپىغا چىقىرىۋەتتىڭىز، ئانام بىر يىلدىمۇ بىرەر قۇر يېڭى كىيىم كىيمەيتتى، بازارغىمۇ بارمايتتى، سىز ھەر ھەپتە بازارغا قاتراپ، دادامنىڭ مىڭ تەسلىكتە تاپقان پۇلىنى خەجلەپ تۈگەتتىڭىز، ئىش قىلار چاغدا بېشىڭىز بىلەن بىلىڭىز ئاغرىيدۇ.

— نېمە دەۋاتىسەن، ۋۇ بىغەرەز! ئانا دېگەنگىمۇ شۇنداق گەپ قىلغان بارمۇ؟......

قوتاندا نېمىدۇر قىلىپ يۈرگەن قادىر ئاخۇن خەلچەمگە دېۋەيلەپ كەلدى، خەلچەم قولىدىكى تۈزلۈقنى تونۇر بېشىدا قويۇپلا تالاغا چىقىپ كەتتى، ئەتىسى زورىخان «ئازنىلاپ

كېلىمەن» دەپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىپ ئىككى ھەپتىگىچە قايتىپ كەلمىدى. بۇ كۈنلەر خەلچەم ئۈچۈن بىر يىلدەك بىلىندى. چۈنكى، قادىر ئاخۇن سەپرالىشىپ، خەلچەمگە ئازار بېرىشنى ئۈچ ۋاق غىزادەك ئادەتتىكە ئايلاندۇرغانىدى، خەلچەم كۆپ ھاللاردا ئۆز - ئۆزىگە سوئال قوياتتى: «بۇمۇ كۈن بولدىمۇ؟دادام ماڭا نېمىشقا بۇنداق ئۆچلۈك قىلىدىغاندۇ؟» شۇ كۈنلەردە قادىر ئاخۇننىڭ دەردىمۇ ئۆزىگە يېتىپ ئاشاتتى: «مۇشۇ يېشىمغىچە بالىلىرىم ئۈچۈن ئىشلىدىم، تۇرمۇشىنىڭ ئازراقمۇ راھىتىنى كۆرمىدىم، يېمەي يېيگۈزۈپ، كىيمەي كىيگۈزۈپ كەنجىسىنى ئوقۇتتۇم، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا جاھاننىڭ ئازراق خوۋلۇقنى كۆرەي دېگەندە قاراپ تۇرۇپ ماڭا دۈشمەن بولۇۋاتىدا! توۋا، شۇنچە ئەتىۋارلاپ باققاننىڭ ‹مۇكاپاتى› مۇ بۇ؟.......» يالغۇزلۇقتىن يەتكۈچە غېرىبسىنغان قادىر ئاخۇن شۇنداق خىياللارنى سۈرۈپ تونۇر بېشىدا بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. زېرىكىشلىك كۈنمۇ ئۇزاققا بارمىدى. قادىر ئاخۇن ئون چارەك بوغداي سېتىپ بىرئاز پۇل غەملىدى- دە، لايىقىدا بىرقۇر كىيىم - كېچەك ئېلىپ، قاسىم قارىم بىلەن بېرىپ زورىخاننى ئەكېلىۋالدى. خەلچەم شۇنىڭدىن كېيىنكى يىگىرمە نەچچە كۈندە قاسىم قارىم ۋە قوشنىلارنىڭ نەسىھەتىنى ئىلىك ئېلىپ زورىخان بىلەن ئۆچەكەشمىگەنىدى، بىراق بۇگۈن ئۇلار ئېتىزلىقتا يەنە زاكونلىشىپ قالدى. ئەتىگەندىن بېرى مەھەللىدىكىلەر كەنجى قوناقنى ئوغۇتلاش ھەلەكچىلىكىدە ئالدىراش بولۇپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەنجى قوناققا سۇ ئېچىش ئۈچۈن كەنت كادىرلىرىنىڭ ئۆلچەم بويىچە ئوغۇتلاشتىن باشقا، دىھقانلارنىڭ زىممىسىدىكى خىمىيەۋى ئوغۇت ۋە يالتىراق يوپۇقنىڭ پۇلىنى تەلتۆكۈس تاپشۇرۇپ بولۇش كېرەك دەيدىغان بىر تالاي شەرتلىرى بار ئىدى. قادىر ئاخۇنمۇ ئۆتكەن يىلى كۆپرەك چىقىمدار بولغاچقا،

زىممىسىدىكى بەش يۈز سەكسەن ئالتە يۈەن قەرزىنىڭ ئىككى يۈز ئوتتۇز ئالتە يۈەنى بويىنىدا كالتەكتەك ئېسىلىپ تۇراتتى. ئىككى كۈندىن بېرى خەلچەم دادىسىغا ياردەملىشىپ كەنجى قوناقنى تەلەپ بويىچە ئوغۇتلاپ بولدى، قادىر ئاخۇن قايتۇرىدىغان قەرزنى غەملەش ئۈچۈن قولۇم - قوشنا ۋە يېقىن يورۇقلارنىڭ ئۆيىگە قاتراپ يۈرۈپ مىڭ تەسلىكتە ئىككى يۈز يۈەن ئۆتنە ئالالىدى. ھەپتىدىن بېرى بېلى ئاغرىپ ئېتىزغا چىقالماي ياتقان زورىخان چۈشكە يېقىن سەھەردىلا سۇ ئېلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتكەن قادىر ئاخۇن بىلەن خەلچەمگە چاي ئېلىپ ئېتىزغا كەلدى. بۇ چاغدا قادىر ئاخۇن قاۋۇل سېكرېتار بىلەن كەنت مۇدىرى سەيدئەخمەت تۇراغا ئىككى يۈز يۈەننى تەگلەپ، كەم قالغان ئوتتۇز ئالتە يۈەننى يەكشەنبە كۈنى قوناق سېتىپ تۆلەپ بېرىش ھەققىدە يېلىنىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ يېنىدا ئابدۇللامۇ تۇراتتى، بۈگۈن كەنت مەسئۇللىرىنىڭ كەيپى ئوسال بولۇپ، گەپ يەيدىغاندەك قىلمايتتى. تەگلىكتە قالغان قادىر ئاخۇن ئەتراپقا ئالاڭلاپ قارايتتى، دادىسىنىڭ تۇرقىغا قاراپ يۈرىكى ۋىژژىدە ئېچىشقان خەلچەم قىر بېشىدا ئولتۇرغان زورىخانغا، روزى ھېيتتا شىپىڭ دۇخاۋىسى ئالىمەن دەپ يىغىپ كېلىۋاتقان پۇلىدىن ئوتتۇز ئالتە يۈەن بېرىپ تۇرۇشىنى ئېيتىۋىدى، ئۇ «پۇلنى ئانامنىڭ يېنىدا قويۇپ كەلگەنىدىم» دەپ تۇرۇۋالدى، شۇنىڭ بىلەن خەلچەم ئۆگەي ئانىسىغا ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ئىلگىرىكى چاغلاردىكىدىنمۇ قاتتىق گەپ قىلىپ زىتىغا تەگدى. ئاخىر ئابدۇللا قاۋۇل سېكرېتارغا بىرنېمىلەرنى دەپ يۈرۈپ، قادىر ئاخۇننىڭ كەم پۇلنى دۈشەنبە كۈنى نەقلەشتۈرۈشىگە كېپىل بولۇپ ئارىدىكى كۆڭۈلسىزلىكنى بېسىقتۇردى. ئەمما، كۆڭۈلسىزلىك ئېتىزدا تۈگىگەندەك قىلغىنى بىلەن، كەچلىكى ئۆيدە قايتىدىن ئەۋجىگە چىقتى. ئاخىر زورىخان بىلەن خەلچەمنى ھەرنېمە قىلىپمۇ

ياراشتۇرغىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن قادىر ئاخۇن كېچىلەپ قاسىم قارىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ دەردىنى تۆكتى، ئاخىرىدا قاسىم قارىم ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى:

— مەن مۇشۇنداق بولۇشنى بىلەتتىم، بېشىمدىكى ئاغرىقنى بىر يولى ساقايتاي دېسىڭىز، خەلچەمنى دەرھال ئاچما كەنتتىكى ئىمامبەگنىڭ كەنجى ئوغلى رازاق ئاخۇنغا چېتىپ قويايلى. ئۆتكەندە بۇ ئىش توغرىسىدا ئىمامبەگمۇ سىزگە ئېغىز ئاچقانغۇ! رازاق ئاخۇن خۇمدانچىلىق قىلىپ پۇل تاپتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار بەگ ئەۋلادى ئەمەسمۇ.

قادىر ئاخۇن خەلچەمنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ قوشۇلۇش-قوشۇلماسلىقىنى نەزەرگە ئالماي، بۇ مەسلىھەتكە ئالمان - تالمان ماقۇل بولدى. ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ كىچىك تىراكتورنىڭ كوزۇپىدا قىستىلىشىپ ئولتۇرۇپ كېلىشكەن مېھمانلار، قادىر ئاخۇننىڭ ئۆيىدە قاسىم قارىنىڭ باش بولۇشى بىلەن ئوبدان كۈتۈلۈپ، خەلچەم بىلەن رازاقنىڭ توي كۈنىنى بېكىتتى. ئىلگىرى قاسىم قارىنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ، ئاچىلىرىنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن قۇيرۇقىنى قۇم باسقان بۇ ئىشنىڭ ئەمدى قايتا باش كۆتۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ خەلچەم نېمە دېيىشنى، قانداق قىلىشنى بىلەلمەي ھەسرەتلىك ئۇھسىندى. تەقدىر دېگەن شۇ ئوخشايدۇ. بىر چاغلاردا ئۇ راشىدىن بىلەن، خۇددى ئابدۇللا بىلەن كەۋسەردەك، «چوڭ بولغاندا ئىككىمىز توي قىلىمىز، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈۋالساق بارلىق غېمىمىز تۈگەيدۇ» دېيىشىپ تاتلىق كۈلۈشكەن، شۇ گەپنى ئېغىزلىرىدىن چىقىرىپ بولۇپ، كەينىدىن نېمشقىدۇر بىر - بىرىگە خىجىللىق ئىلكىدە يەر تېگىدىن باقىدىغان بولۇپ قالغان ئەمەسمىدى! راشىدىن قېنى، كەۋسەرچۇ؟ دىلىنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە ئېغىزدىن چىققان بۇ گەپلەر ئەسلىدە چاقچاق ئىكەن - دە! ھاياتتا بۇنداق

چاقچاقلار بولۇپ تۇرىدىغان ئوخشايدۇ. تۇرمۇشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى ئۆز ئەركى بويىچە بېسىشقا قادىر بولالمىغان خەلچەم گەرچە تەقدىرگە تەن بېرىپ، بەختىنى پەقەت ئاللانىڭ پېشانىسىگە پۈتكىنىدىن كۆتۈشكە مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، ئۆزىگە مەڭگۈلۈك ھەمراھ بولىدىغان رازاقنى ئازراقمۇ چۈشەنمەيتتى، چۈشىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ يۇرت ئىچىدىكى يامان نامىنى تولا ئاڭلىغاچقا بىر ياستۇققا باش قويۇشتىن قورقاتتى. «ئىست، قىنى ئۇ ئارزۇ - ھەۋەسلەر! خۇدايىم قىز بالىنى نېمانچە ئاجىز ياراتقاندۇ؟ ئەمدى نېمە كۈنلەرنى كۆرەرمەن؟» خەلچەم ھە دېگەندە قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا شۇلارنى پىچىرلاپ، توي كۈنىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنىمۇ سەزمەيلا قالدى.

توي روزى ھېيتنىڭ تۆتىنچى كۈنى ئۆتكۈزۈلدى. پۈرۈر ياسىنىۋالغان زورىخاننى خۇشال قىلىۋەتكەن بۇ توي خەلچەم ئۈچۈن ھاياتىدىكى ئەڭ مۈشكۈل كۈنلەرنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى. مېھمانلارنىڭ بىر قىسمى شۇنچە چىرايلىق، پەزىلەتلىك، ئىشچان چوڭ بولغان بىر قىزنىڭ ئاللىقاچان بىر خوتۇننى تالاق قىلغان رازاققا خوتۇن بولۇپ كەتكەنلىكىگە ئىچ - ئىچىدىن ئۆكۈنەتتى. بەزىلەر قىز بالىنى خۇدايىم ئانىسىدىن ئايرىمىسۇن، ئۆگەي ئانىنىڭ قولىغا قالغان قىز شۇنداق بىتەلەي بولىدىغان ئوخشايدۇ دېيىشىپ غۇلغۇلا قىلىشاتتى. كەچكە يېقىن خەلچەم رازاقنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈپ كېتىلدى. قادىر ئاخۇن خەلچەمنىڭ ئاچىلىرىنىڭ نېمىشقىدۇر ئانىسىنىڭ ھازىسىدىكىدەك ئۆپكىدەپ يىغلىشىپ ئۇلتۇرۇشقانلىقىغا قاراپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، سىرىققا مايىل مەڭزىدىكى ياشلارنى ئالمان - تالمان يەكتىكىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتۈپ ئۈلگۈردى. بىراق، مەھەللىدىكى توپىلىق يولدا چاڭ توزۇتۇپ بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان بىرنەچچە كىچىك تىراكتورغا قاراپ ئۇن - تىنسىز ئازابلانغىنى ئابدۇللا ئىدى......

*　　*　　*

رازاق بويى پاكار، يوغان باش، ئوڭ قاپىقىدا تارتۇقى بار، سۆزمەن يىگىت بولۇپ، ئاچما كەنتىدە دېھقانچىلىقنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىشتا نامى بار ئىمامبەگنىڭ كەنجى ئوغلى ئىدى. ئۇنىڭ جەمەتى ئاقتاشتا «تېگى بار، پاكىز، كۆز - قارنى توق» دېگەندەك سۈپەتلەر بىلەن تەرىپلىنەتتى. مۇشۇ سۈپەتلەرگە يارىشا مەھەللىدىكى مويىسپىتلەرمۇ ئىمامبەگنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ بۇرۇن بىرنەچچە ئەۋلادقىچە بەگ بولغانلىقىنى تىلغا ئېلىشاتتى. بىراق، رازاق ئۆزگىچىرەك مىجەزدە چوڭ بولغانىدى. ئۇنىڭ ئۆسۈۋاتقان دەۋرى ئاچارچىلىق يىللارغا توغرا كەلگەچكىمۇ، ئەيتاۋۇر، ۋۇجۇدىدىن ئەجدادلىرىنىڭ باشقا سۈپەتلىرىنى تاپقىلى بولغان بىلەن، ھېلىقى «كۆز - قارنى توق» دېگەندىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى، ئۇ مۇشۇ ئادىتى بويىچە كۆپ ھاللاردا باشقىلاردىن نەپ ئۈندۈرۈۋېلىشنىڭ كويىدىلا يۈرەتتى. كىچىككىدىلا مەكتەپتىن يالتايغاچقا چالا ساۋات قالغانىدى. ئۈچ يىل ئىلگىرى ئۇ مەھەللىسىدىكى ئايشەم ئىسىملىك قىز بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن، دەسلەپتە ئېتىز ئىشلىرىدىن قېچىپ، يېزا بازىرىدا تېرە ئېلىپ سېتىپ يۈردى. ئىمامبەگ دېھقانچىلىقنىڭ پايدىسىنى ئاز - تولا كۆرۈپ كېلىۋاتقاچقا، رازاقنى ئېتىز ئىشىغا كۆندۈرۈشكە خېلى ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ زادىلا گەپكە كىرگۈزەلمىدى. ئاتا - بالا بىر - بىرسىنى قايىل قىلالماي، ئارىدىن ئىككى يىلچە ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، كېيىنكى يىلى دادىسى رازاقنىڭ تۇتقان يولىنىڭ توغرىلىقىنى بىردىنلا ھېس قىلىپ، ئۇنى دېھقانچىلىقنىڭ جىددىي ۋاقتىدىن باشقا چاغلاردا تېرە تىجارىتى قىلىشقا دەۋەت قىلدى. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ شۇ يىلى ھۆددىگە ئالغان ئوتتۇز نەچچە مو

يەردىكى كېۋىزى ئاپەتكە ئۇچرىغانىدى، ئىمامبەگ يېزىلىق ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىغا بەش مىڭ يۈەندىن ئارتۇق قەرزگە بوغۇلۇپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرغاندا، رازاق تىجارەت قىلىپ تاپقان پۇلى بىلەن بۇ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرغاچقا، بۇ ئىش ئىمامبەگكە سودا - تىجارەتنىڭ بەرىكىتى بارلىقىنى چوڭقۇر تونۇتقانىدى. رازاق كېيىنكى يىلى تېرە تىجارىتىنى تاشلاپ، يېزىنىڭ سېغىز ياردىكى خۇمدىنىنى يۈرەكلىك ھۆددىگە ئالدى. بۇ ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئەمەلىيەتتە ئىمامەگنىڭ رىغبىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. رازاق خۇمدانىنى ھۆددىگە ئالغاندىن كېيىن ئىلگىرىكىدىن سالاپەتلىكرەك كىيىنىپ، «سۇزۇكى» ماركىلىق موتوسىكلىتقا مىنىپ ئۆي، يېزا، خۇمدان ئارىسىدا قاتراپ يۈرۈشكە باشلىدى. ئەمدى ئىشلار ئۆز يولى بويىچە تېخىمۇ راۋان بولسا بولاتتى. بىراق، ئۇنداق بولمىدى. ئايشەم رازاقنى«سىرتتا بۇزۇق ئايالالار بىلەن ئىچ - پەش تارتىشتى» دەپ ئۇچرىغانلا كىشىگە دادلاۋەردى، رازاق ئاھانەتكە چىدىماي ئايشەم بىلەن ئۇدا ئارازلاشتى، ئارازلىق ئاخىرىدا ئۇلارنى بىر - بىرىدىن جۇدا قىلىۋەتتى. رازاق تۇرمۇشتىكى بۇ ئوڭۇشسىزلىقنى دەسلەپتە ئانچىمۇ قىرىغا ئېلىپ كەتمىگەنىدى. ئەمما، كۈنلەر ئۆتكەنسېرى بويتاقچىلىق ئۇنى ھەركويلارغا سالمايمۇ قالمىدى.

ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى. بىر كۈنى رازاق ناھىيە بازىرىدىن مەھەللىگە قايتىپ كېلىۋېتىپ، ئاقتاش دەرياسى چوڭ كۆۋرۈكىنىڭ قېشىدا كاشىلىغا ئۇچرىدى. ئەسلىدە موتوسىكلىتنىڭ چاقى يەل قويۇپ بەرگەنىدى. ئۇنى بۇ يەردە ئوڭشىغىلى بولمىغاچقا، رازاق يېزىغا بارىدىغان بىرەر ئۆتكۈنچى ماشىنىنى كۈتۈپ كۆۋرۈك رېشاتكىسىغا يۆلىنىپ مۆگدەپ ئولتۇردى. بىر چاغدا يېقىنلا يەردە ئاڭلىنىۋاتقان ئالتۇن قوڭغۇراقنىڭكىدەك جاراڭلىق كۈلكە ئاۋازى ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى، رازاق ئورنىدىن تۇرۇپ

تـۆۋەن تەرەپـكە قـاراپ تـۇرۇپلا قالـدى، دەريانـىڭ شـەرقىي قىرغىقىـدىكى باراقسان ئۆسكەن توغراقنىڭ سايىسىدا ئـۈچ قىـز ئۆزئـارا چاقچاقلىشىپ ئولتـۇراتتى. شـۇئان رازاقنىـڭ ئۈيقۇسـى قېچىپ، قىزنىڭ ئىچىدە قىزلار تەرەپكە قـاراپ ماڭـدى، ئەسلىدە رازاق قىزلارنىڭ سۇغا چۈمۈلۈشىنى پىنهانىدا تـۇرۇپ كۆرمەكچىدى. شۇڭا، شەپە چىقارماي كېلىپ كـۆردىكى، قىزلار ئەپسانىلەردىكى هۆر ـ غىلمانلاردەك گۈزەل ئىدى. قۇنـدۇزدەك ئـۆرۈم چاچلىرىنىڭ هۆللۈكى ئۇلارنىڭ هېلىلا سۇغا چۈمۈلگەنلىكىدىن دېـرەك بېرەتتـى. رازاق كېلىپ ئـۆزىنى پىنهانغا ئېلىپ بولغـۇچە ئەتلەس كـۆڭلىكى تولغان بەدىنىگە چاپلىشىپ تۇرغان خۇش پىچىم قىز ئۇنى كـۆرۈپ قېلىپ ۋارقىرىۋەتتى:

— رازاق كېلىۋاتىدۇ، ئەنە قاراڭلار!

— رازاق دېگىنىڭ كىم ئۇ؟

— كىم بولاتتى، ئاچما كەنتتىكى رازاق پەشتاقچۇ!

— هە، هېلىقى خۇمدانچى رازاقمۇ؟

— هەئە، قاراپ تۇرىسلەرغۇ، بولـۇڭلار قاچـايلى! ئـۇ دېـگەن لۈكچەك بىرنېمە!

— ئوغۇللارنى چاقىرايلى.

— ئۈلگۈرەلمەيمىز، ئۇلار بېلىق تـۇتىمىز دەپ دەريانىڭ ئاياغ تەرىپىگە كەتتى.

قىـزلار ئالمـان ـ تالمـان سـومكا ۋە كىيىملىرىنـى كۆتۈرۈشـۈپ دەريانـىڭ تـۆۋەن تەرىـپىگە قـاراپ قـاچتى، «تـازنى تـاز دېـسە ئۆلگۈسى كېلەر» دېگەندەك، رازاق قىزلارنىـڭ ئـۆزىنى «پەشـتاق» دەپ هاقارەتلىگىنىگە غەزەپلەنـدى ـ دە، تـاپ بېسىپ كەينىـدىن قوغلىـدى، ئـانچە كـۈچىمەيلا قىـزلاردىن ئۆسـكۈلەڭرەك كەلـگەن بىرىنى خـۇددى بۈركـۈت توشـقان ئالغانـدەك بىلىكىـدىن قامـاللاپلا تۇتۇۋالدى. ئۇ قىز دەل خەلچەم ئىدى.

— مېنى قويۇۋەت، لۈكچەك!
— مېنى نېمشقا تىللايسەن؟ مەندىن ئەيمىنمەستىن پەشتاق دەپ تىللاۋاتىسىنا تېخى! ئەمدى قېچىپ باقە قېنى! مېنىڭ كىملىكىمنى بىلەمسەن؟
خەلچەم ئۇنىڭ قولىدىن بوشىنىش ئۈچۈن تىرەجەپ تۇرۇپ ئەقىل تاپتى بولغاي، چېچەنلىك بىلەن دېدى:
— ۋۇي، سىزنى تونۇماپتىمەن، رازاق ئاكا، بۇنىڭدىن كېيىن سىزنى پەشتاق دېمەيمەن، مېنى قويۇۋېتىڭ......
— ئۇنداق ئاسان ئىش يوق، مېنى تىللىغانغا پۇشايمان قىلدۇرىمەن.
— مەن پۇشايمان قىلدىمغۇ؟ چوپچوڭ تۇرۇپ مۇنداق قىلىپ يۈرسىڭىز نامىڭىزغا سەت ئەمەسمۇ؟ ئۇنداق قىلماي قويۇپ بېرىڭ!
— هە، ماۋۇ گېپىڭ جايىغا چۈشتى، خېلى ئەقىللىك قىز ئىكەنسەن، چوڭ بولساڭ بىر ئوبدان خوتۇن بولغۇدەكسەن. كىمنىڭ قىزىسەن؟
— مېنى قويۇۋېتىڭ، ئاندىن دەپ بېرەي.
— داداڭنىڭ ئىسمىنى دېسەڭ قويۇۋېتىمەن.
— ماقۇل، دادامنىڭ ئىسمى قادىر ئاخۇن.
— سەن ئەسلىدە غازلىقتىكى قادىر ئاخۇن تۇمۇچۇقنىڭ قىزىكەنسەن ـ دە!
— هە، شۇ...... قادىر ئاخۇن تۇمۇچۇقنىڭ......
رازاق لەۋزىدە تۇرۇپ خەلچەمنى قويۇۋەتتى. خەلچەم جان ـ جەھلى بىلەن يۈگۈرۈپ دوستلىرىنىڭ كەينىدىن كەتتى.
تەقدىرنىڭ كارامەتلىرى گاھىدا مۇشۇنداق غەلىتە بولىدىكەن. گۈزەل ئىستىقبال جېڭىدە مەغلۇپ بولۇپ، قەلبى ھەسرەت ئىلكىدە پۇچۇلغان خەلچەم مانا ئەمدى باشقا بىرسىگە ئەمەس، دەل مۇشۇ رازاققا نېسىپ بولغىنىدا ئۆز تەقدىرىدىن تۈنجى قېتىم چۆچۈدى.

تەقدىرنىڭ بۇ خىل كارامەتلىرى ئۇنى يەتكۈچە ئازابلىغان بىلەن، جاھاننىڭ ئىشلىرى ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە داۋام قىلىۋەردى. قىسقىسى، خەلچەمنىڭ شۇنچە قارشىلىق كۆرسىتىشلىرى نەتىجىسىز ئاخىرلىشىپ، تەقدىرگە تەن بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ئەسلىدە رازاقمۇ بوش كەلمەي خەلچەمگە گاھىدا يۇمشاق، گاھىدا قاتتىق ۋاستە قوللىنىپ ئۇنى ئۆزىگە بوي ئەگدۇرۇۋالغانىدى.

— سىز بۇنچە مەيۇسلىنىپ كەتمەڭ، خەق مېنى ئەسكى دېگەن بىلەن كۆڭلۈم ياخشى، سىزنى ھەرگىزمۇ خارلىمايمەن، بەلكى ئەتىۋارلاپ، ئىززىتىڭىزنى قىلىمەن! — دەيتتى رازاق خەلچەم گاھىدا بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە ھەسرەت چېكىپ ئولتۇرۇپ كەتكەن چاغلاردا كۆڭلىنى ياساشقا تىرىشىپ. بۇنداق ۋاقىتلاردا خەلچەمگە يېشىنى سۇرۇتۇۋېتىپ، ئازابلىق خىيالىنى ئائىلە ئىشلىرىغا قارىتىشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

ھەش - پەش دېگۈچە ئۇلارنىڭ تويى بولغىنىغا يېرىم يىلدىن ئاشتى. خەلچەم ئولتۇرسا - قوپسا ئۆز ئۆيىگە كېتىشنى ئارزۇ قىلاتتى، رازاق بىلەن تۇتۇۋاتقان ئۆيىنى ھامان بىر كۈنى بۇزۇلىدۇ دەپ ئويلايتتى، ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ خۇمدانغا كېتىۋېتىپ بىردىنلا كۆڭلى ئېلىشىپ قۇرۇق قەي قىلدى......

*　　　*　　　*

مەركىزىي شەھەر ئۇرۇمچىدە بۇ يىل قىش ئىلگىرىكى چاغلارغا قارىغاندا بالدۇر باشلاندىمۇ، ئەيتاۋۇر، دېكابىر كىرىش بىلەنلا شىۋىرغانلىق سوغۇق ئەدەپ، ئىس - تۈتەك قاپلىغان شەھەر كوچىلىرى بىر خىل كۆڭۈلسىز كەيپىياتقا تولغانىدى. كوچىلاردا بىر-بىرىدىن ئالدىراش ئۇيان - بۇيان مېڭىشىۋاتقان كىشىلەر بار ئاماللار بىلەن ئۆزلىرىنى شىۋىرغاننىڭ زەربىسىدىن ئېلىپ قېچىشقا

تىرىشاتتى، كەچكە يېقىن لەپىلدەپ يېغىشقا باشلىغان قار شەھەرنى ھەش - پەش دېگۈچە ئاق لىباس بىلەن ئورىدى. ئىلىم بۆشۈكى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پاكىز ياتىقىدا، دېرىزىدىن سىرتتىكى لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قارغا قارىغىنىچە خىيالغا چۆمگەن كەۋسەرنىڭ قوي كۆزلىرىدە ياشلىق ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى. ئۇنىڭ جەينىكىنى دېرىزە تەكچىسىگە قويۇپ، چىرايلىق بارماقلىرى بىلەن ئوماققىنە زاڭقىنى تىرەپ ئۈن - تىنسىز تۇرغان بۇ ھالىتى كىشىگە ئۇستا رەسسام سىزغان ئەڭ نادىر رەسىمنى ئەسلىتەتتى، شۇ تاپتا ئۇ خىيالغا بەند بولۇپ كەتكەچكە، ياتاققا بىرسىنىڭ كىرگەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالدى، سىرتتىن كىرىپلا ھەييارلىق قىلىۋاتقان خۇش پىچىم قىز ئېھتىيات بىلەن ئۇنىڭ كەينى تەرىپىدىن كېلىپ كۆزىنى تۇتۇۋالدى. كەۋسەر ھەييارلىق قىلىۋاتقان قىزنى دەرھال تونۇۋالدى بولغاي، دېدى:

— ۋىيەي! بىلمەمدىم، سەن كامىنۇرغۇ، قولۇڭنى ئاستا تارت، ئاران قىلغان گىرىمىمنى بۇزۇپ قويما ھېلى!

دەرۋەقە ياتاققا شەپە چىقارمايلا كىرىپ، كەۋسەرنىڭ كۆزىنى تۇتۇۋالغان قىز ئۇنىڭ ساۋاقدىشى ھەم يېقىن دوستى كامىنۇر بولۇپ، ئىككىسى ياتاقداش ئىدى. بىرسى شىماللىق، بىرسى جەنۇبلۇق بۇ قىزلار، ئۈچ يىلدىن بېرى ئىجىل - ئىناق ئۆتۈۋاتاتتى. بوي - تۇرقى ۋە چىرايىمۇ ئوخشىشىپ كېتەتتى. مەكتەپتە قول تۇتۇشۇپ ماڭسا باشقىلار كەينىدىن ھەۋەس بىلەن قاراپ قېلىشاتتى، كامىنۇر كەۋسەرگە قارىغاندا شوخ بولغاچقا، كۆپ ئىشلاردا تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇراتتى. ئۇ شۇ تاپتا بەكمۇ خۇشال كۆرۈنەتتى.

— پاھ، گىرىملىرىڭنىڭ ياراشقىنىنى! ھەي...... مەن ئوغۇل بالا بولۇپ قالسامچۇ!...... — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە لەۋلىرىنى تامشىپ قويدى.

— ئوغۇل بالا بولغان بولساڭ قانداق قىلاتتىڭ!؟
— مانا مانداق...... — كامىنۇر ئەركىلەپ كىلىپلا كەۋسەرنى قۇچاقلىۋالدى.
— قوپاللىق قىلما، مۇنداق چاپلاشقاق ئوغۇل بالا بولغان بولساڭ ساڭا قايسى قىز قارايتتى؟
— ھەي، تەلئەت نىمدىگەن بەختلىك! — كامىنۇر شۇنداق دىگىنىچە كەۋسەرنى قويۇۋەتتى.
— مىرئادىلمۇ سەندەك نازىنىن سۆيگىنى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەلۋەتتە بەختلىك، سىنىڭ بەختىڭمۇ ھەممىمىزنىڭ بەختىدىن قىلىشمايدىغۇ!؟
— دىگىنىڭ كەلسۇن ئىلاھىم، قارىغاندا بۈگۈن تەلئەتنىڭ كىلىدىغانلىقىنى كۆڭلۈڭ تۇيۇپتۇ، - دە!؟
— نىمە، تەلئەت كىلەمدىكەن؟ قار يىغىۋاتسا......
— ۋۇي، كۆيۈمچان مەشۇق، تەلئەتنى سوغۇقتا توڭۇپ قالىدۇ دەپ ئەنسىرەۋاتامسەن؟ ئوغۇل بالا دىگەن سوغۇقتا توڭمايدۇ، توڭغان تەقدىردىمۇ سەندەك ئىسسىتىپ قويىدىغان قەلبى ئوتلۇق مەھبۇبىسى تۇرسا، ئۇ يەنە سوغۇقتىن قورقاتتىمۇ!؟
— قىلىن، دەۋاتقان گىپىڭنى قارا، ئۇنىڭ كىلىدىغىنىنى مەن نەدىن بىلەي؟
— ئەمىسە نىمىگە بۈنچە گىرىم قىلىپ كەتتىڭ!؟
— بۇ دىگەن نورمال ئەھۋالغۇ! ئىيتە، ئۇنىڭ بۈگۈن كىلىدىغىنىنى سەن قانداق بىلىسەن؟
— مىرئادىل ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ كەتكىلى نەۋاق، كىلىدىغان ۋاقتى بولدى. يۈرە، پەسكە چۈشۈپ تۇرايلى!
— كەلگۈسى يوق ئادەمنى چىللاپ نىمە كەپتۇ!
— ماۋۇ گەپنى! مىرئادىل بۇرۇنراق ئۇنى چىللاپ كەلسە بوپتىكەن - ھە؟ كۆرۈشمىگىنىگىلارغا ھەپتە بولماستىنلا چىدىيالماي

قاپسەنغۇ مانا! خەقنىڭمۇ سەندەك ئوقۇشى بار، مەكتىپىدە تۈزۈم بار.

— بولدى كۆرۈشمەيمەن، كۆرۈشسەك نېمە بولماقچىدى!

— بۈگۈن قانغۇدەك قار سەيلىسى قىلىمىز، رەسىمگە چۈشىمىز. يەنە......

— رەسىمگە ئۆزۈڭ چۈشىۋال!

— چۈشسەم چىدىماي قالارسەنمىكىن ھېلى. نازىڭنى قويۇپ چاپسان بول! تەلئەت قېيىداپ كېتىپ قالسا تاڭ ئاتقۇچە يىغلىغىنىڭ بىكار!

كامىنۇر شۇنداق دەپلا كەۋسەرنىڭ قولىدىن تارتتى. كەۋسەر نازلاندىمۇ، ئەيتاۋۇر، سەل تىرەجىگەندەك قىلىپ، كېيىن كامىنۇر بىلەن ماڭدى. ئۇنىڭ يۈرىكى بۈگۈنمۇ ئىلگىرىكىدەك ھاياجان ئىلكىدە سوقۇشقا باشلىغانىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالىدىغان شېرىن مۇھەببەت ئالدىدا تەمتىرىگەندەك قىلاتتى.

ئۇلار دەرۋازا ئالدىغا چىقىپلا ئېگىز بويى، پېشانە چاچلىرى قويۇق قاشلىرىنى توسۇپ تۇرغان تەلئەت بىلەن يۇملاق يۈز، كۆزلىرىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان، ئوتتۇرا بويى كەلگەن مىرئادىلنىڭ كۈتۈپ تۇرغىنىنى كۆرۈشتى. مىرئادىل بوغما چاپىنىنىڭ ياقىسىنى تىكلىۋالغانىدى، پۇتى توڭغان بولسا كېرەك، توختىماي ئۇيان - بۇيان تاقلايتتى.

— ئاسماندىن ئامەت يېغىۋاتسا، ئىككىڭلار ياتاقتا مۆكۈنۈپ ئولتۇرغىنىڭلار نېمىسى؟ قاراڭلار ئەتراپقا، نېمىدېگەن گۈزەل، ئادەمنىڭ لىرىك تۇيغۇسىنى قوزغايدۇ! شۇ تاپتا «قار» دېگەن ماۋزۇدا شېئىر يازغۇم كېلىۋاتىدۇ مېنىڭ، — دېدى مىرئادىل شوخلۇق بىلەن.

كەۋسەر تەلئەتكە قاراپ تەبەسسۇم قىلغان بولسىمۇ، تەلئەت نېمىشقىدۇر ئانچە ئېرەنسىپ كەتمىدى، شۇنداقتىمۇ كەۋسەرنىڭ

ۋوجۇدى ئىككىسى تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەن چاغدىكىدەكلا تىترەشكە باشلىدى، كېيىن ئۇلار كوچا ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ ئۆزلىرى «تاغ باغرى» دەپ ئىسىم قويۇۋېلىشقان «كونا جاي»غا كېلىپ قار سەيلىسى قىلىشتى. دەرۋەقە قارنىڭمۇ تەبىئەت دۇنياسىغا ھۆسن قوشىدىغان ئۆزىگە تۇشلۇق گۈزەللىكى بار ئىدى. ئاسمان ئاق، يەر - زېمىن، ئارچىلار ئاق، ئەتراپتىكى پۈتكۈل نەرسىلەر ئاق، ئاقلىققا قاراپ شادلانغان كۆڭۈللەرمۇ ئاق ئىدى. ئۇلار شادلىقىنى قەلبىگە سىغدۇرالمىغان ھالدا شوخلۇق قىلىشىپ، ئاپپاق قاردا ئالمىدەك يۇمزەكلەرنى ياساپ ئېتىشىپ ئوينىدى، بىرنەچچە پارچە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى. كەۋسەر كامىنۇرنىڭ رېزىنسورلۇقىدا تەلئەت بىلەن قار ئۈستىدە يېنىچە يېتىپ سۈرەتكە چۈشۈۋالدى. بۇ گەرچە ئادەتتىكى ئىش بولسىمۇ، مەھكەم سىقىشقان سوغۇق قوللار قەلبلەردىكى سۆيگۈ ئوتىنى يالقۇنجىتىۋەتكەنىدى. بىركەمدە مىرئادىل بىلەن كامىنۇر قول تۇتۇشقىنىچە كەۋسەر بىلەن تەلئەتتىن نېرىراق كەتتى. كەۋسەر ياندىكى ئارچا ئۈستىدىن تۆكۈلۈپ چۈشۈۋاتقان قارغا قارىغىنىچە نېمىنىدۇر خىيال قىلىۋاتقان تەلئەتنىڭ چىرايىدىكى بىر خىل مەيۈسلۈكنى كۆرۈپ ئويلىنىپ قالدى.

— تەلئەت، پەيشەنبە كۈنى مىرئادىلدىن مىجەزىڭىز يوقلۇقىنى ئاڭلىغانىدىم، ھازىر قانداقراق تۇرۇۋاتىسىز، قېلىنراق كىيىنىۋالغان بولسىڭىز بوپتىكەن ئەسلىدە، — دېدى كەۋسەر مېھرىبانلىق بىلەن.

— ئەھۋالىم ياخشىغۇ! — دېدى تەلئەت قىسقىلا قىلىپ، سۆز - ھەرىكىتىدىن دائىم خۇشاللىق تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان تەلئەتنىڭ بۈگۈن بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلۇپ قېلىشى كەۋسەرنى سەل جىددىيلەشتۈرۈپ قويۇۋاتاتتى. ئۇ ئۆزلىرىدىن خېلىلا يىراقلاپ كەتكەن مىرئادىل بىلەن كامىنۇرغا قاراپ قويۇپ دېدى:

— نېمە بولدىڭىز، خاپا چىراي كۆرۈنىسىزغۇ؟ مىجەزىڭىز يوقمۇ، يا؟

— ياقەي.

— ئەمىسە نېمە بولدىڭىز؟ ئېنىقىنى دېسىڭىزچۇ، ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقماي!

— كەۋسەر، سىزگە دېسەم بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئۆزۈمنى بەزلەپ كېلىۋاتىمەن. ئەسلىدە ھەممە ئىشنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىپ بولۇپ، نەتىجىسىنى سىزگە ئېيتاي دېگەنىدىم. بىراق، بۇ ئىشلارنى ئۆزۈم يالغۇز ھەل قىلىپ بولالمىغۇدەكمەن.

تەلئەت شۇنداق دەپلا يەنە جىمىپ كەتتى. تاقىتى تاق بولغان كەۋسەر گويا ئىگىز قىيا ئۈستىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەندەك بىر خىل تۈيغۇدا دېدى:

— ھېچ چۈشىنەلمەيۋاتىمەن، تېپىشماقتەك گەپ قىلماي، ئېنىقراق دېسىڭىزچۇ ياكى ئائىلىڭىزدە بىرەر ئىش يۈز بەردىمۇ؟

— ئائىلەمدە ھېچ ئىش بولغىنى يوق! قارىغە، مىرئادىل بىلەن كامىنۇر ئۈزاپ كەتتى، بىزمۇ قايتايلى، سىزگە بېرىدىغان بىرنەرسە بار، ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن ھەممىنى بىلىسىز......

كەۋسەر تېخىمۇ تېڭىرقىغان بولسا، تەلئەت تولىمۇ سالماق بولۇۋالدى، پەقەت ئۇلار كوچا ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندىلا تەلئەت يانچۇقىدىن بىر كونۋېرتنى چىقىرىپ كەۋسەرگە سۇندى ۋە:

— مەن قايتاي، بۇ خەتنى ئالدىرىماي ئوقۇسىڭىز، ھەممىنى بىلىسىز، — دېدى.

كەۋسەر خەتنى شۇ يەردىلا ئېچىشقا تەمشەلگەنىدى، تەلئەت:

— بۇ بىرسىنىڭ ماڭا يازغان خېتى، ياخشىسى ئۇنى ياتىقىڭىزغا كىرىپ ئوقۇڭ! — دەپلا كەۋسەر بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قالدى.

كەۋسەر تەلئەت چۈشكەن ئاپتوبۇس يىراقلاپ كەتكەندىلا ئورنىدىن قوزغالدى. ئۇ ياتىقىغا كىرىپ كارىۋىتىغا چىقىپلا كونۋېرتنى ئاچتى، شۇئان كۆز ئالدىدا سەدىردىنىڭ تونۇش پوچېركىسى نامايان بولدى. كەۋسەرنىڭ كۆزلىرى جامدەك ئېچىلىپ، يۈرىكى ئۆزىگە ئاڭلانغۇدەك سوقۇشقا باشلىدى، خەت قىسقىلا يېزىلغانىدى:

*«تەلئەت! مەن سىېنى تونۇمايمەن، بەلكىم سەنمۇ مېنى تونۇمىساڭ كېرەك. ئون نەچچە كۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ھەقىقىي ئارخىپىڭدىن خەۋەردار بولدۇم، شۇ تاپتا سەنمۇ مېنىڭ ئارخىپىمغا قىزىقىۋاتقانسەن، ئىسمىم سەدىردىن، 1- ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، تەپسىلىيرەك ئېيتسام، سەن ئىندەككە كەلتۈرمەكچى بولغان كەۋسەرنىڭ يۇرتدىشى، يەنىمۇ ئېنىقىنى بىلمەكچى بولساڭ، ئۇنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتقان يىگىتى. سېنىڭ ئۇرۇمچىدىكى ئىمتىيازىڭنى ياخشى بىلىمەن، مېنىڭ يۇرەكلىك ھالدا ساڭا بەزى ئىشلارنى ئېنىقراق چۈشەندۈرۈپ قويۇشۇمغا، كەۋسەر بىلەن بولغان ئىلگىرىكى مۇناسىۋىتىم ھەم بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ ياخشى ئۆتۈشكە بولغان ئىشەنچىم مەدەت بەردى. بەلكىم سەن بىزنىڭ جەنۇبنى ئانچە بىلىپ كەتمەيسەن، ئۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ساددا، ئاق كۆڭۈل، ساڭا ئوخشاش شەھەرلىكلەر ياسالمىلىق قىلىپ جەنۇبلۇق قىزلارنى ئاسانلا ئالداپ كېتىسىلەر، شۇنداقلا يەنە ئاسانلا چۆرۈپ تاشلىۋېتەلەيسىلەر، مەن بۇنى ياخشى بىلىمەن، بىراق سەن شۇنى ئېسىڭدىن*

*چقارمغىنىكى، كەۋسەر ئادەتتىكى قىزلاردىن ئەمەس. كەلگۈسىدىكى ئىشلارنى ھازىردىن باشلاپ ياخشى ئويلاپ دەرھال يولۇڭنى تۇغرىلا! ئەڭ ياخشىسى كەۋسەر بىلەن بولغان ئالاقەڭنى دەرھال ئۈز!*

*ساڭا يېڭى يول تىلەپ:*

*سەدىردىن»*

كەۋسەر خەتنى ئوقۇپ بولۇپ غەزىپىنى باسالماي قالدى، كېيىن ئۇزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. ياتاققا ھېلىراقتا كىرىپ ماتېرىياللىرىنى رەتلەۋاتقان ساۋاقدىشى ئازراق تېڭىرقاپ تۇرغاندىن كېيىن بەزلىۋىدى، كەۋسەر بېشىنى ياستۇقتىن كۆتۈرمىدى.

— بولدى، مېنى بىردەم يالغۇز قوي! — دېدى ئۇ يىلىنغاندەك تەلەپپۇزدا.

ساۋاقدىشى گاڭگىراش ئىلكىدە بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئۇن چىقماستىن چىقىپ كەتتى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي كامىنۇر قايىسىدۇر بىر ئاھاڭغا غىڭشىغىنىچە ياتاققا كىرىپ كەلدى - دە، كەۋسەرنىڭ كارىۋىتىدا تولغۇلۇپ ياتقىنىنى كۆرۈپ:

— ھەي قاچقۇنلار! ئوبدانراق مۇڭدىشىپ قېنىشىۋالسۇن دەپ پۇرسەت يارىتىپ بەرسەك، بىزنى تاشلاپ قېچىپ كەتكىنىڭلار نېمىسى!؟— دېدى بويىندىكى شارپىسىنى ئېلىۋېتىپ.

كەۋسەر ئۈنچىقمىدى. ئەجەبلەنگەن كامىنۇر يەنە سورىدى:

— نېمە بولدى ساڭا، جىمىپلا قاپسەنغۇ!؟ تەلئەتنى كۆرمىسەڭ تۇرالماي قالىسەن، كۆرسەڭ خۇش بولماقتا يوق مۇشۇنداق دومسىيىۋالىسەن، بۇ مىجەزىڭ قاچانمۇ ئوڭشىلار سېنىڭ!

كەۋسەردىن يەنە سادا چىقمىدى، كامىنۇر تېخىمۇ ئەجەبلەنـ-گىنىچە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ كۆزى ياستۇقنىڭ ئۇستىدە تۇرغان

خەتكە چۈشتى ـ دە، ئۇنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى.
ـــ سەدىردىن! بۇ ساڭا تولا خەت يازىدىغان يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ھېلىقى يۇرتلۇقۇڭغۇ؟ نېمە قىلغىنى بۇ ئۇنىڭ؟ تەلئەتنى بۇگۈن نېمىشقا كەم سۆز بولۇپ قالدىكىن دېسەم، ئەسلىدە مۇشۇنداق تېتىقسىز ئىش بوپتىكەن ـ دە!؟ ئۇ يۇرتلۇقۇڭنى تۇنجى قېتىم كۆرگىنىمدىلا كۆزۈمگە پەقەتلا سىغمىغان مېنىڭ !......
ـــ پەسرەك سۆزلە! ـــ دېدى كەۋسەر مەيۇس ھالدا بېشىنى ياستۇقتىن كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ كۆزلىرى يىغلاۋەرگەچكىمۇ قىزىرىپ كەتكەنىدى.
ـــ ھەي ...... تەلئەت بۇ خەتنى كۆرۈپ قانچىلىك ئازابلىنىپ كەتكەنىدۇ؟ ئۇ بىرنېمە ساڭا نېمىشقا بۇنداق زىيانكەشلىك قىلىدۇ؟ ئىلگىرى ئىككىڭلار ئارىلاشقانمۇيا؟
ـــ نەدىمۇ ئۇنداق ئىش بولسۇن! بىز پەقەت بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان دوستلار شۇ، ئۆتكەندە كۆرۈشكەن ۋاقتىمدا ئۇ تەلئەت بىلەن ئارىلىشىۋاتقانلىقىمنى باشقىلاردىن ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئۇنىڭ بۇنداق قامالاشمىغان ئىش قىلىشىنى زادىلا خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىمەن.
ـــ كەۋسەر، بىز بۇ ئىشنى ۋاقتىدا ئايدىڭلاشتۇرمىساق، سەن تەلئەتنىڭ ئىشەنچىسىدىن ئايرىلىپ قالىسەن!
كامىنۇرنىڭ بۇ گېپى كەۋسەرگە خېلىلا تەسىر قىلدى، ئۇ چاندۇرمىغان بىلەن شۇ تاپتا مۇشۇ خەت سەۋەبلىك تەلئەتنىڭ ئىشەنچىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن بەكمۇ ئەنسىرەۋاتاتتى، چۈنكى كەۋسەر تەلئەتنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى، ئىككىسىنىڭ كۆڭۈل رىشتىسىنى بىر ـ بىرىگە باغلىغان ئىشلار ھېلىھەم ئېسىدە ئىدى.
ئۇ ئېيۇلنىڭ بىر يەكشەنبە كۈنى ئىدى. كەۋسەر كامىنۇر بىلەن جەنۇبىي تاغقا سەيلە قىلغىلى چىققاندا، كامىنۇر بىلەن

مۇھەببەتلىشىۋاتقان مىرئادىل تەلئەتنى «ئەڭ يېقىن دوستۇم» دەپ باشلاپ كەلگەنىدى، سەيلە جەريانىدا كەۋسەر تەلئەت بىلەن تونۇشۇپ كۆپ خىل تېمىلاردا پاراڭلاشتى، پاراڭلاشقانسېرى خۇددى كونا تونۇشلاردەك ئېچەكىشىپ كېتىشتى، بۇنىڭدىن مەمنۇن بولغان كامىنۇر «سىلەرنى بۇرۇنراق ئۇچراشتۇرغان بولساق كۆپ ساۋابقا ئىگە بولىدىكەنمىز، بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قاپتۇ دېگەن مۇشۇ ئەمەسمۇ» دەپ چاقچاق قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئۇچرىشىشلار پات ـ پات بولۇپ تۇردى. بارا ـ بارا كەۋسەر تەلئەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەندە ئۆزىچە ھاياجانلىنىۋاتقىنىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. تەلئەتمۇ كەۋسەرگە تىكىلىپ قارىغاندا كۆزلىرىدىن سۆيگۈ نۇرلىرى ئۇچقۇندايتتى، كېيىن ئىككىسى قەلب سىرلىرىنى بىر ـ بىرىگە ئىزھار قىلىشىپ چىن سۆيگۈنىڭ پاك مېھرىگە چۆمۈلۈشتى...... شۇ تاپتا كەۋسەر ئويلىغانسېرى شۇنچە ئازابلىنىۋاتاتتى.

ــ ھازىرلا يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ سەدىردىن بىلەن ئوبدان ھېسابلىشايلى! تىللاپ رەسۋايىنى چىقىرىۋەتمىسەم ھېساب ئەمەس! ــ دېدى كامىنۇر غەزەپ بىلەن، بۇ گەپ كەۋسەرنىڭ خىيالىنى ئۈزدى.

ــ ياق، مەن ئەمدى سەدىردىننىڭ يۈزىگە قارىمايمەن! ــ دېدى ئۇ كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە.

ــ ئۇنداق قىلغىنىڭ بىلەن مەسىلە ھەل بولامدۇ؟ مېنىڭچە دەرھال ئۇنىڭغا خەت ياز، خېتىڭدە ئۇنىڭ يالغانچىلىقىنى ئېچىپ تاشلا! مەن خەتنى تەلئەتكە كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئۇ مازىنىڭ قولىغا تەگكۈزۈپ، تازا تىللاپ قويۇپ كېلەي!

ــ ئۇنداق قىلساڭ بولماسمىكىن......

ــ نېمانداق جۈرئىتىڭ يوق سېنىڭ! تەلئەتتىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالامسەن؟ ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئۇرۇمچىدە

قىلىش ئارزۇيۇڭ يوققا چىقسا مەيلىمۇ؟
— ئىشقىلىپ، تەلئەت مەندىن خاپا بولۇپ قالمىسىلا بولاتتى!
— ئۇنداق بولغاندىكىن ئەزمىلىك قىلما! مەن دېگەندەك قىلساڭ ھەممە ئىش ئوڭشىلىدۇ، تۇتە، ماۋۇ قەلەم بىلەن قەغەزنى!— كامىنۇر سومكىسىدىن قەغەز - قەلەم چىقىرىپ كەۋسەرگە سۇندى.
كەۋسەر بىردەم ئۇندىمەي تۇرغاندىن كېيىن سەدىردىنگە خەت يېزىشقا كىرىشتى. ئۇ قەغەزنىڭ باش قىسمىغا «سالام» دەپ يېزىۋىدى، يېنىدا قاراپ تۇرغان كامىنۇر تېرىكتى:
— ئوھوش! سالام - پالاملىرىڭنى قويۇپ، گەپنىڭ پوسكاللىسىنى يازە!
كەۋسەر بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن خېتىنى مۇنداق باشلىدى:

*« سەدىردىن، بۇ سىنىڭ نېمە قىلغىنىڭ؟ ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا يۇرتداشلىق، ساۋاقداشلىق ۋە دوستلۇقتىن باشقا مۇناسىۋەتنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكى ھەممىگە ئايان. شۇنداق تۇرۇقلۇق تەلئەتكە خەت يېزىپ ئارىمىزغا سوغۇقچىلىق سالماقچى بولغانلىقىڭ ئوغۇل بالىلىق سۈپىتىڭگە ئۇيغۇن كېلەمدۇ؟ ساڭا ئىلگىرىمۇ ئېيتقانىدىم، ھازىر يەنە ئېيتاي: مەن تەلئەتنى چىن يۈرىكىمدىن سۆيىمەن، ئۇمۇ مېنى سۆيىدۇ. ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەبەدىي ئۈزۈلمەيدىغان سۆيگۈ رىشتى بار.»*

كەۋسەر يېزىپ شۇ يەرگە كەلگەندە توختاپ قالدى. خەتنى ئۇدۇللۇق ئوقۇپ «نازارەتچىلىك» قىلىۋاتقان كامىنۇر:
— ھە، ئەمدى ئاخىرىنى مېنىڭ دېگىنىم بويىچە يازا! —

دىگىنىچە قوپال گەپلەرنى قىلغانىدى، بىراق كەۋسەر ئۇنى سىلىقلاشتۇرۇپ:

*«ھەقىقىي مۇھەببەت ھەرگىزمۇ يوق، تەبىقە ئايرىمايدۇ، مىنىڭ تەلئەت بىلەن بولغان مۇھەببىتىم مەڭگۈلۈكتۇر. ئەگەر تەلئەتكە بۇنىڭدىن كېيىن يەنە ھېلىقىدەك خەتلەرنى يازساڭ، سەن بىلەن ئوبدان ھېسابلىشىمەن. مېنى بۇنداق قىلالمايدۇ دەپ ئويلاپ قالما!»*

دىگەن قۇرلار بىلەن خەتنى ئاخىرلاشتۇردى.

دىگەنىدەك ئەتىسى كامىنۇر تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتقا كېلىپ تەلئەت بىلەن كۆرۈشۈپ، كەۋسەرنىڭ سەدىردىنگە يازغان خېتىنى كۆرسەتتى، ئاخىرىدا:

— سەدىردىن دىگەن بىرنېمە ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سالماقچى بولغان ئوخشايدۇ، كەۋسەر ئۇنىڭغا غەزەپلىنىپ كىچىكچە كىرپىك قاقماي چىقتى، مەن ھازىرلا بۇ خەتنى ئېلىپ بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن تازا دېيىشىمەن، — دېدى.

— كەۋسەر باشتا ئۇنىڭ بىلەن ئارىلاشماسلىق توغرىسىدىكى تەكلىپىمگە قوشۇلغان بولسا بۇ ئىشلارمۇ يۈز بەرمىگەن بولاتتى. ئىككى گەپىنىڭ بىرىدە يۇرتلۇقۇم دەپ......

تەلئەت كەۋسەردىن خېلىلا رەنجىگەنىدەك قىلاتتى، كامىنۇر تەلئەتنى كەۋسەرگە ۋاكالىتەن ئەپۇ سورىدى ھەمدە ئۇلارنى بۇنىڭدىن كېيىن ياخشى ئۆتۈشكە رىغبەتلەندۈرگەندىن كېيىن خوشلىشىپ كېتىپ قالدى.

كامىنۇر سەدىردىننىڭ مەكتىپىگە كېلىپ، تونۇشلىرىدىن سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ سەدىردىننى تاپتى. سەدىردىن بىر سىنىپتا

ئوقۇيدىغان يېقىن دوستى پولات بىلەن بىللە ئىدى، ئۇ غەزەپتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن كامىنۇرنى مەنسىتمىگەندەك سوغۇقلا قاراپ تۇراتتى، كامىنۇر تەئەددى بىلەن دېدى:

— مۇبادا بۇ يەر رەستە بولمىغان بولسا سەن بىلەن راسا دېيىشەتتىم، يالغانچىنى ھەقىقىي ئوغۇل بالا دېگىلى بولمايدۇ! مانا، ماۋۇ كەۋسەرنىڭ خېتى! كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ ئوقۇ! يەنە لاۋزىلىشىپ يۈرسەڭ تەلئەت سېنى ئەمدى بوش قويۇۋەتمەيدۇ!

— مېنىڭمۇ رەقىبىمگە تاقابىل تۇرغۇدەك مادارىم بار. ئۇنىڭدىن قىلچە قورقۇپ قالمايمەن!

سەدىردىن كەسكىن تۇردە شۇلارنى دېگەندىن كېيىن كامىنۇرنىڭ قولىدىكى خەتنى ئېلىپ پولات بىلەن كېتىپ قالدى.

ئاردىن خېلى كۈنلەر ئۆتكەن بولسىمۇ سەدىردىندىن ھېچقانداق شەپە بولمىدى، قارىغاندا كامىنۇرنىڭ كۆرسەتكەن چارىسى كارغا كەلگەندەك قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ، كەۋسەرنىڭ تەلئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەر ھالدا ئۆز ئىزىغا چۈشتى.

بۈگۈن كەۋسەر دەرستىن چۈشۈپ ياتىقىغا كىرىپ تۇراتتى، كەينىدىن كىرگەن كامىنۇر ئۇنىڭغا خۇش خەۋەر يەتكۈزدى:

— قارا، ساڭا نېمە ئېلىپ كەلدىم؟

كەۋسەر كامىنۇر سۇنغان كونۋېرت ئۈستىدىكى تونۇش پوچېركنى كۆرۈپلا شادلىنىپ كەتتى. خەت خەلچەمدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ كەۋسەرگە خەت يازمىغىنىغا ئۇزاق بولغانىدى.

كەۋسەر ئالمان تالمان كونۋېرتنى يىرتىپ، خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى:

*«ئەسسالام، قەدىرلىك دوستۇم كەۋسەر، ئامان - ئېسەن تۇرۇۋاتامسەن؟ ئوقۇشۇڭ ئۇنۇملۇك كېتىپ بارامدۇ؟ مەن ئالدى بىلەن بۇ قىممەتلىك چاغلىرىڭنى قەدىرلەپ، ئالىي بىلىم*

يۈرتىدا ياخشى ئوقۇشۇڭغا تىلەكداشمەن.

سۆيۈملۈك دوستۇم، ساڭا ئۆز ئەھۋالىمنى تونۇشتۇرۇشتىن تولىمۇ ئۇيىلىمەن، ئىلگىرى ئاقتاش دەرياسى بويىدا سەن بىلەن قول تۇتۇشۇپ غەمسىز يايراپ، بالىلىق پەيزىنى سۈرگەن خەلچەم ئەمدى مەۋجۇد ئەمەس، ئۇ ھازىر بىر بالىغا ئانا بولغان، تۈرلۈك دەرد - ئەلەم ئىسكەنجىسىدە جۇدەپ، ياشلىق باھارى چەيلەنگەن بىر چوكانغا ئايلاندى، شۇ تاپتا ئۇنى كۆرسەڭ تونۇيالماسلىقىڭ مۇمكىن، ساڭا ئۆز ئەھۋالىمنى بۇنىڭدىن ئارتۇق تونۇشتۇرالمايمەن، قالغان ئىشلارنى بىز يۈز كۆرۈشكەندە بىلەرسەن. مەقسەتكە كەلسەك، مەن يېقىندا سەدىردىنىڭ بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم. خەتنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا سەدىردىن سېنى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرىدىكەن، كەلگۈسى ھاياتىنى يۇرتىمىز ئاقتاشتا سەن بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدىكەن. بىراق، سەن سەدىردىنىڭ كۆڭلىنى ئىزھار قىلىشىغا پۇرسەت بەرمىگەندەك تۇرىسەن، شۇڭا ئۇ ساڭا مۇشۇ جەھەتتە نەسىھەت قىلىپ قويۇشۇمنى تەلەپ قىپتۇ، بۇنداق قىلىش قارىماققا تازا دۇرۇس ئەمەستەك كۆرۈنسىمۇ، مېنىڭچە ئۇ سەدىردىنىڭ سېنىڭ ئىشەنچىڭگە ئېرىشىش ئۈچۈن بار ئامال بىلەن تىرىشۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، دەرۋەقە مەن بۇ خەتنى ئوقۇۋېتىپ سەدىردىنىڭ ئىرادىسىگە بەكمۇ قايىل بولدۇم. ئۇنىڭ كەلگۈسى ھاياتىنى سەن بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىگە ھەقىقەتەنمۇ مەستلىكىم كەلدى.

دوستۇم كەۋسەر، جەمئىيەت، ھايات، تەقدىر دېگەنلەر بىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلاردا تەسەۋۋۇر قىلغىنىمىزغا ئوخشىمىسىمۇ، ئەمما سەبىي كۆڭۈللەردە

بىخ سۇرگەن ساپ ھېسسىيات شۇنچە قەدىرلىك ئىكەن، مەن ھازىر ئۆزۈم قىلچە چۈشەنمەيدىغان بىرسىنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتكەندىن بىرى ئاشۇ غەمسىز كۈنلىرىمنى قايتا - قايتا خىيال قىلىپ، كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرىدىغان بولۇپ قالدىم. بەلكىم ئىسىڭدە باردۇر، ھېلىقى بىر كۈنى بىز مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ ئاقتاش دەرياسىنىڭ بويىدا ئوغۇللار بىلەن كەلگۈسى ھەققىدە بەكمۇ قىزىق مۇڭداشتۇق، كېيىن ئوغوللار ئىككىمىز بىلەن ئەتەي چېقىشقىلى تۇردى، شۇ چاغدا سەن «قورۇق يەردە تۇگمەن تالاشماڭلار، بىز بىلەن قايسىڭلار كەلگۈسىدە بىللە ئۆتۈشنى ئارزۇ قىلساڭلار ئاۋۋال ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈڭلار» دېدىڭ. مەنمۇ دەرھال ساڭا ئاۋاز قوشتۇم. سېنىڭ چاقچاقىنىڭ ئورنىدا دېگەن شۇ گېپىڭگە ئوغۇللارنىڭ تولۇق ئەمەل قىلغانلىقى نەقەدەر قىممەتلىك - ھە! مانا، سەدىردىن شۇ چاغدا سەن جاكارلىغان شەرتنى تولۇق ئادا قىلدى، مېنىڭچە سەن سەدىردىننىڭ بەزىبىر يېتەرسىزلىكلىرىنى نەزەرىڭدىن ساقىت قىلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ساڭا بولغان چىن كۆڭلىنى قوبۇل قىلىشقا تىرىشىپ باق. مۇبادا ئىككىڭلارنىڭ قەلب رىشتىسى باغلانسا بىز ھەممىمىز شۇنچە خۇش بولىمىز.

ئاخىرىدا ساڭا بىر كۆڭۈلسىز خەۋەرنى يەتكۈزەي، نىياز مەكتىپىدە چاتاق چىقارغاچقا يېقىندا ئوقۇشتىن چېكىندۈرۈلۈپ مەھەللىگە قايتىپ كەلگەنىدى. ئىككى كۈن ئىلگىرى يوقاپ كەتتى. سوپى ئاكام ئۇنى ئۈرۈمچىگە كەتتىمىكىن دەپ گۇمان قىلىۋاتىدۇ، مۇمكىن بولسا سەن نىيازنىڭ ئىز- دېرىكىنى قىلىپ باقارسەن، خوش، ساڭا سالامەتلىك تىلەپ:

بىتەلەي دوستۇڭ خەلچەم »

كەۋسەر خەتنى ئوقۇپ خىيالغا پاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا زاھىر بولۇۋاتقىنى، بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى ھاياتىدا زور بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغان جەنۇبىي تاغ سەيلىسى بولماستىن، بەلكى خىلۋەت ماكان ئاقتاش يېزىسى، يېزىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى كېسىپ ئۆتۈپ قۇملۇقنىڭ باغرىغا ئۇزايدىغان ئاقتاش دەرياسى، يۇلغۇن- قومۇش قوشاملىق ھويلا - ئارانلار بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان سۆيۈملۈك غازلىق كەنتى ئىدى. يۇرت قويندىكى ئەگرى - بۈگرى چىغىر يوللار، ھەرەڭ - سەرەڭ سىلىنغىنىغا قارىماي، كىشىگە ئالەمچە مېھىر ئاتا قىلىدىغان دېھقان ئۆيلىرى، كاۋا، قاپاق، تال باراڭلىرى ئاستىدىكى سۇپىدا يېخىلداپ كۈلۈشكىنىچە ئوسما قويۇشۇپ ئولتۇرۇشقان قىز - چوكانلار، پاسار - پىچان دۆۋىلىرىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ گۇڭگۇر - مۇڭگۇر پاراڭغا چۆشكەن مويسىپىتلەر، ئېرىق - ئۆستەڭلەردە ئانىدىن تۇغما ھالدا شوخلۇق قىلىشىۋاتقان باللار، دېھقانىنىڭ جاپاسىغا ھەمشىرىك ئات، ئېشەك، قوي،كالىلار، چىڭگىلىك گىرەلىشىپ كەتكەن باغ تاملىرىنىڭ يېنىدا يۇمشاق توپىنى تاتىلاپ كۆكسىنى يەرگە يېقىپ ياتقان توخۇ، ئۆردەكلەر، ئاخىرقى چېكى قۇم بارخانلىرىغا تۇتىشىدىغان جىگدىلىك، «داش قازان»نىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك كاساپىتىدىن ئەمدىلا قۇتۇلۇپ، ئۆز تەسەۋۋۇرىدىن ھالقىۋاتقان كارامەت ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ، تېڭىرقاۋاتقان مېھنەت سۆيەر دېھقانلار......ئىشقىلىپ، ئاقتاش يېزىسىنىڭ ھەربىر تال گىياھسىمۇ ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى خىيالىنىڭ سىرتىدا قالمىغانىدى.

— خىيالغا پېتىپلا كەتتىڭغۇ، ئائىلەڭدە بىرەر ئىش يۈز بېرىپتۇمۇ نېمە؟

كامىنۇرنىڭ زىل ئاۋازى كەۋسەرنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى.

— ھېچ......ھېچنېمە......

— يۈرە، كۇتۇپخانىغا بېرىپ كېلەيلى!

— ئۆزۈڭ بېرىۋەرگىن، مېنى بىردەم يالغۇز قويغىن.
— مەيلى ئەمىسە، مەن كەتتىم.

كامىنۇر كەۋسەرنىڭ چىراي ئىپادىسىدىن نېمىلەرنىدۇر چۈشەنگەندەك بولدى - دە، تېزلا چىقىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن كەۋسەر چامادانىنى ئاقتۇرۇپ ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىنىڭ يادنامىسى بولغان يېشىل تاشلىق خاتىرىسىنى ئالدى، خاتىرە بەتلىرىگە دانالارنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى، ساۋاقداشلىرىنىڭ كۆڭۈل ئىزھارلىرى، ئۆزى ئوقۇغان ئەدەبىي ئەسەرلەردىن ئېلىنغان پارچىلار ھەم تۈرلۈك تەسىراتلار يېزىلغانىدى. خاتىرىنىڭ ئاخىرقى بېتىنىڭ بۇرجىكىگە يېزىلغان «مەن ساڭا ئامراق» دېگەن جۈملىنىڭ تونۇش پوچېركىسى بىردىنلا كەۋسەرنىڭ ئانا يۇرتىغا بولغان چوڭقۇر سېغىنىشىنى ئويغاتتى. ئەسلىدە بۇ جۈملىنى قاچاندۇر بىر چاغدا ئابدۇللا يېزىپ قويغانىدى. شۇئان كەۋسەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئەينى مىنۇتلاردىكى جەلپكار كۆرۈنۈشلەر زاھىر بولۇشقا باشلىدى. ئەنە، ئاقتاش دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنى بويلاپ يۈگۈرەۋاتقان سەدىردىنگە ئابدۇللا يېتىشۋالايلا دەپ قالغانىدى، ئۇلارنىڭ كەينىدىن راشىدىن بىلەن نىياز ئىز بېسىپ يۈگۈرەۋاتاتتى. ھەممەيلەننىڭ ئارقىسىدا ھېرىپ قالغان كەۋسەرنى خەلچەم يېتىلەپ كېلىۋاتاتتى، كەۋسەر باشقىلارغا قارىغاندا تاۋى نازۇك بولغاچقىمۇ، بۇگۈنكىدەك كۆڭۈللۈك ئويۇنلاردا ئاسانلا ھېرىپ قالاتتى. دوستلىرى ئۇنى تېرىكتۈرۈپ، «سەن ئاق نان يەپ چوڭ بولغاچقا مۇشۇنداق مەككە قوناقنىڭ شېخىدەك ئاجىز، بىز زاغرا يەپ چوڭ بولغاچقا مۇشۇنداق كۈچلۈك» دەپ كۆرەڭلەيتتى. بۈگۈنمۇ شۇ گەپ يەنە تەكرارلاندى. ئابدۇللا سەدىردىننى يار بويىدا تۇتۇۋالغاندىن كېيىن بۈگۈنكى «قوغلاشماق» ئويۇنى ئاخىرلاشتى. خەلچەم بىلەن كەۋسەر ئۇلارنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلگەندە، سەدىردىن كەۋسەرگە قاراپ ھەييارلىق بىلەن دېدى:

ــ كەۋسەر، ماڭا قايىل بولدۇڭمۇ ؟ مىنى «سومكاڭدىن قاغا جىگدىسى بىلەن زاغرا چىقىدۇ، مىنىڭ سومكامدىن ئاق نان چىقىدۇ» دەپ مازاق قىلاتتىڭ. مانا كۆرگەنسەن، ئاق نان يامانمىكەن، زاغرىمۇ؟

ــ ئاق نان يامان! سەن خاپان باشمۇ بۇگۈن ئاق نان يېمىگەن بولساڭ شۇنچە تېز يۈگۈرەلمەتتىڭ؟ــ دېدى نىياز سەدىردىنىڭ دولىسىغا شاپىلاقلاپ. راشىدىن گەپ قىلىشقا ئاغزىنى ئۆمەللىۋىدى، ئۇنىڭغىچە ئابدۇللا:

ــ زاغرا يامان! زاغرا يەپ چوڭ بولغان ئادەم مانا مەندەك ئېگىز بولىدۇ! ــ دېدى قەددىنى رۇسلاپ.

ــ ياق! ئاق نان يامان!

ــ ياق! زاغرا يامان!

ئۇلار بىر ـ بىرىنى قايىل قىلالماي دەتالاش قىلىشتى. كەۋسەر دومسايغىنىچە يانغا قاراپ ئولتۇراتتى، خەلچەم ئۇنىڭ قىربىق كوكۇللىق چاچلىرىنى بارمىقىغا يۆگىگىنىچە كۆڭلىنى ياسايتتى. ئادەتتە كەم سۆز بولغاچقا، دەتالاشقا ئارىلاشماي چەتكىرەك چىقىپ ئولتۇرغان راشىدىنىڭ ھىجايغىنىدىن ئاغزى يۇمۇلماي قالغانىدى. دەتالاشتا ئابدۇللا بىلەن سەدىردىن ئۇستۇنلۈكنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، نىياز ئۆز سۆزىدە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇۋالدى. ئاخىرىدا ئابدۇللا:

ــ توختاڭلار، ئاق نان يامانمۇ ـ زاغرىمۇ، بىز بۇگۈن سىناپ باقايلى، ــ دېدى ھەممەيلەنگە تەكشى قاراپ.

ــ توغرا ـ توغرا، ئاق نان بىلەن زاغرا چېلىشسۇن، كىم كىمنى يېڭىدىكەن قېنى!؟

خەلچەمنىڭ بۇ تەكلىپىگە نىيازلا قوشۇلمىدى. ئۇ ئاغزىنى پۇرۇشتۇرۇپ:

ــ بىر ئاق نانغا ئىككى زاغرا چۈشەمدۇ؟ ياق، بىرگە بىر

چۈشىمىز، بولمىسا ماۋۇ مۆرىمەسىمۇ ئاق نان بولسۇن، ئىككىدە ئىككى بولىمىز، قانداق؟ — دېدى راشىدىنىڭ قولىدىن تارتىپ.
راشىدىن ئۈندىمىدى.

— سەنمۇ ئوغۇل بالا بولغاندىكىن نىياز بىلەن ئاق نان بول! — دېدى خەلچەم راشىدىنغا مەدەت بېرىپ.

— ياق، مەن چېلىشمايمەن، پۇتۇمنى شاخ تىلىۋەتكەن، — راشىدىن شۇنداق دېگىنىچە كەينىگە داجىدى.

ئاخىر خەلچەم چېچىنى تۇرمەللەپ ياغلىقىنى قايتا چىگدى ـ دە، ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىنى تۈرۈپ بېغىنى چىگىتتى، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى كۆرگەن ئابدۇللامۇ يېگىنى شىمايلىدى. سەدىردىن كۆڭلىكىنى سېلىۋەتتى. كەۋسەر بىردىنلا ئېچىلىپ خەلچەمگە مەدەت بېرىشكە باشلىدى. نىياز قولىغا تۈكۈرۈپ چېلىشىشقا تەييارلاندى. خەلچەم:

— نىياز، قورقماي تۇر. مانا مەنمۇ سەن بىلەن ئاق نان بولاي، ماۋۇ سەدىردىن، ئابدۇللا دېگەن زاغرىلارنىڭ ئەدىپىنى تازا بېرەيلى! — دېدى ـ دە، چەبدەسلىك بىلەن مەيدانغا چۈشۈپلا ئابدۇللا بىلەن تۇتۇشتى. ئابدۇللا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بوي ۋە ئۇستىخان جەھەتتىن ئېگىز ھەم قاۋۇل ئىدى. خەلچەم كۆڭلىدە: مەن ئابدۇللانى يىقىتسام، نىياز سەدىردىننى چوقۇم يىقىتىدۇ دەپ ئويلىغانىدى، ئويۇننىڭ قىزىقى چىققىلى ئاز قالغاندا ئۇشتۇمتۇت نىيازنىڭ تاسمىسى توقىسىدىن ئاجراپ كېتىپ، ئىشتىنى تىزىغا چۈشۈپ قالدى...... خەلچەم بىلەن كەۋسەر دەرھال ئالىقانلىرى بىلەن كۆزلىرىنى يېپىپ يانغا قارىۋالدى. ئىزا تارتقىنىدىن پوكانىدەك قىزىرىپ كەتكەن نىياز ئالمان ـ تالمان ئىشتىنىنى تارتىپ تۈزەشتۈرۈۋاتقاندا، سەدىردىن نىيازنىڭ ساغرىسىدىكى مەڭنى كۆردى ـ دە:

— قاراڭلار ـ قاراڭلار! نىيازنىڭ ساغرىسىدا مەڭ بار

ئىكەن......— دېدى شوخلۇق بىلەن.

— خەپ توختاش! تاسىمامنى ئوگلۇېلىپ ھەممىگنى يەر چىشلەتمىسەم ھېساب ئەمەس! — دېدى نىياز ئۇلاردىن بىرنەچچە قەدەم نېرىغا بېرىپ.

كەۋسەر بىلەن خەلچەم پىخىلداپ كۇلۇشكىنىچە كەينىگە يېرىم بۇرۇلۇپ، بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن نىيازغا قاراشتى. نىياز تاسمىسىنى ئوگلاپ بولۇپ:

— ھە زاغرىلار، كېلىشە قېنى! — دېدى - دە، ئېتىلىپ كېلىپلا سەدىردىن بىلەن تۇتۇشتى. خەلچەممۇ شۇنى كۇتۇپ تۇرغاندەك:

— بوش كەلمە، نىياز! — دەپلا ئابدۇللاغا ئېسىلدى. شۇنداق قىلىپ چېلىشىش يەنە باشلاندى. كەۋسەر بىلەن راشىدىننىڭ «غەيرەت قىل، غەيرەت قىل!» دېگەن ياڭراق ئاۋازى يار بويىنى بىر ئالدى. ئەتراپتا خۇددى كالا پادىسى كەلگەندەك بوغۇناق ئۆرلەپ كەتتى. نىياز بىلەن سەدىردىن بىر - بىرىنى تۇرتۇشۇپ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئېلىشىۋاتقاندا، خەلچەم چاققانلىق بىلەن چىماق ئۇرۇپ ئابدۇللانى يەرگە يىقىتتى، كەۋسەر قوقاسقا دەسسىۋېلىپ پۈتى كۆيگەن توخۇدەك سەكرەپ چاۋاك چېلىشقا باشلىدى. راشىدىن ئاۋۋالقىدەكلا ھىجىيىپ ئولتۇراتتى، ئابدۇللا ئورنىدىن تۇرۇپ خەلچەم بىلەن يەنە تۇتۇشماقچى بولغانىدى، كەۋسەر:

— توختاڭلار، توختاڭلار! بىردە نۆل، مانا ماۋۇ يەرگە يېزىپ قويدۇم! — دېدى يەرگە جىجىلاپ تۇرۇپ.

خەلچەم بېشىنى چايقاپ دېدى:

— يەرگە يازساڭ ئۆچۈپ كېتىدۇ، تۈزۈكرەك بىرنېمىگە يازمامسەن!

كەۋسەر دەرھال سومكىسىدىن يېشىل تاشلىق خاتىرىسىنى

ئېلىپ:

— مانا، ماۋۇ خاتىرىگە يازدىم ئەمسە، قېنى باشلاڭلار! — دېدى خۇشال هالدا.

خەلچەم بىلەن ئابدۇللا ئىككىنچى قېتىملىق تۇتۇشۇشتا خېلى تىركەشتى. ئاردا نىياز سەدىردىننى يىقتتى.

— يازە، كەۋسەر! سەدىردىن ئۇتتى! — دېدى بايىدىن بېرى زوۋان سۇرمەي ئولتۇرغان راشىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ.

چېلىشقا چۈشكەنلەر ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ قېتىم ئېلىشقاندىن كېيىن، هارغىن هالدا ئۆزلىرىنى يەرگە تاشلاشتى. بىردەمدىن كېيىن سەدىردىن كۆڭلىكىنى كىيگەچ كەۋسەردىن سورىدى:

— كەۋسەر، كىم يەڭدى؟ مانا مەن ئەمدى چېمپىيون بىلەن تۇتۇشىمەن!

— باياتىن بېرى بەز مارىغان مۇشۇكتەك قاراپ تۇرسەن، ئەمدى پەللىكىڭگە جىن تەپتىما؟ بىز هاردۇق، سەن بىلەن چېلىشمايمىز! — ئابدۇللا يۇمشاق توپىدىن قەددىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپلا قارشى چىقتى.

— توختا! ئاۋۋال كىم ئۇتتى، شۇنى ئايرىيلى، سەن بىلەن ئۆزۈم تۇتۇشىمەن! — دېدى خەلچەم ئورنىدىن تۇرۇپ.

كەۋسەر:

— خەلچەم بىلەن نىياز چېمپىيون بولدى! ئابدۇللا بىلەن سەدىردىن يېڭىلدى! — دېگىنىچە چاۋاك چالدى. بىراق، سەدىردىن غوۋغا كۆتۈردى:

— هېساب ئەمەس! يەنە بىر قېتىم تۇتۇشىمەن، يەنە بىر قېتىم!......

— ياق! مەرتەم - مەرتەم ئۈچ مەرتەم! دەپتىكەن كونىلار، ئۈچ قېتىم تۇتۇشتۇق، بولدى ئەمدى .

باشقىلارمۇ نىيازنىڭ بۇ سۆزىگە قوشۇلۇپ كىيىملىرىنى

قىقىشتۇرۇشقا باشلىدى، شۇ ئەسنادا نىمىنىدۇر ئويلىغان سەدىردىن چاقماق تېزلىكىدە كېلىپ كەۋسەرنىڭ قولىدىن خاتىرىنى يۇلۇپلا ئالدى - دە، توشقاندەك تاقلاپ مەھەللە تەرەپكە يۈگۈردى. كەۋسەر:

— خاتىرەمنى قايتۇرۇپ بەر!...... — دېگىنىچە سەدىردىن-نىڭ كەينىدىن قوغلىدى. باشقىلارمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ يۈگۈرۈشتى، ئابدۇللا كەۋسەرنىڭ يېنىدا يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپ:

— كەۋسەر، سەدىردىنگە سەن يېتىشەلمەيسەن، دوڭغاق ئۆجمىنىڭ يېنىدا مېنى ساقلاپ تۇرغىن، خاتىرەڭنى مەن ئەكېلىپ بېرەي! — دەپلا ئۇزاپ كەتتى.

ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنى چاقىرغان ياڭراق ئاۋازلىرى ئاقتاش دەرياسىنىڭ كەچكى شەپەق نۇرىغا چۆمگەن گۈزەل قىرغىقىدا ئەكس سادا پەيدا قىلاتتى. ئابدۇللانىڭ دېگىنى بويىچە كەۋسەر مەھەللە ئېغىزىدىكى دوڭغاق ئۆجمىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. بىردەمدىن كېيىن خەلچەم، نىياز ھەم راشىدىنلار ئارقا - ئارقىدىن يېتىپ كېلىشتى، كەۋسەر نېمىشقىدۇر يىغلىۋىدى، خەلچەم ئۇنى بەزلىدى:

— بولدى - بولدى، يىغلىما، ئابدۇللا خاتىرەڭنى چوقۇم ئەكېلىپ بېرىدۇ!

— ھەممىڭلار كېتىڭلار، كېتىڭلار!...... — دېدى كەۋسەر تېخىمۇ تېرىكىپ.

خەلچەم راشىدىن بىلەن نىيازغا مەنىلىك قاراپ:

— يۇرۇڭلار، بىز كېتەۋېرەيلى، كەۋسەر بىردەم ھاردۇق ئېلىپ ماڭسۇن! — دەپلا مەھەللىگە يول ئالدى، راشىدىن بىلەن نىياز ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى.

بۈگۈنكى كۆكۈللۈك ئويۇنىنىڭ خۇلاسىسى كۆتۈلمىگەندە

كەۋسەرنى رەنجىتىپ قويدى، ئىلگىرىمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇشۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇراتتى، ئاخىرىدا تاۋى نازۇك كەلگەن كەۋسەر نېمىدىندۇر خاپا بولۇپ دومسىيىۋالاتتى. بۇنىڭغا كۆپىنچە ھاللاردا باشقىلارنىڭ ئۇنى« ئاقنانچى» ، «ئاقسۆگەك» دەپ ئەتەي چىشىغا تېگىشى سەۋەب بولاتتى.

ئەمەلىيەتتە كەۋسەرنى «ئاقنانچى»، «ئاقسۆگەك» دەپ كەتكىلىمۇ بولمايتتى. ئۇنىڭ دادىسى بارات نىياز مۇشۇ كەنتتە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، ئىلگىرى ئۇ غازلىق كەنتىنىڭ سېكرېتارى ئىدى، قايسىبىر يىلى سۇ قۇرۇلۇش ئەمگىكىدە ناھىيە مەسئۇللىرىنىڭ نەزەرىگە ئېلىنىپ دۆلەت ئىشتاتىغا قوبۇل قىلىندى، كېيىن ئەينى ۋاقىتتىكى «ئاۋانگارت» كوممۇنىسىدا تەشۋىقات خادىمى بولۇپ ئىشلىدى. ئۇنىڭ ئاقتاش يېزىسىنىڭ باشلىقى بولغىنىغا تېخى ئەمدىلا ئىككى يىل بولغانىدى. كەۋسەرنىڭ ئانىسى زۇلەيخان ئۇزاقتىن بۇيان ئۆپكە كېسىلى بولۇپ قالغاچقا، ئۇلارنىڭ ھال كۈنىنى دېگەندەك ياخشى دەپ كەتكىلىمۇ بولمايتتى. ئۇلارنىڭ كەنجى قىزى كەۋسەر ئائىلىدە تولىمۇ ئەتىۋارلىناتتى. گاھىدا بارات نىياز ئۇنى يۇدۇپ ئەركىلىتىپ قوياتتى. ھەر دائىم سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل، ئىشچان ئادەم بولۇش توغرىسىدا نەسىھەت قىلاتتى. كەۋسەرمۇ ئەقىلگە تولغانسېرى، ئۆزىدە يۇقىرىقىدەك پەزىلەتلەرنى يېتىلدۈرۈۋاتاتتى. ئۇ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن مۇشۇ زېمىندىكى يۇرتداشلىرى ۋە دوستلىرىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. بىراق، دوستلىرى ئۇنى بەزىدە مۇشۇنداق خاپا قىلىپ قوياتتى.

كەۋسەر دوڭغاق ئۇجمىنىڭ تۈۋىدە تېخىچە يىغىدىن قىزارغان كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ ئولتۇراتتى. قارىماققا سەدىردىنىڭ خاتىرىسىنى ئېلىپ قاچقانلىقىغا خاپا بولغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئابدۇللانىڭ بايا ئۆزىگە ھامىي بولمىغانلىقىغا

ئۆكۇنۇۋاتاتتى، چۈنكى ئۇ ئوغۇللار ئىچىدە خەلچەمگە ئوخشاشلا ئابدۇللاغا ئامراق ئىدى. كۆڭلىدە دائىم ماڭا كۆيۈنىدۇ دەپ ئويلايتتى. بارا - بارا ئەتراپنى گۇگۇم قويىنغا ئېلىشقا باشلىدى. يايلاقتىن قايتقان قوي، كالا پادىلىرى ئۆرلەتكەن توپا - چاڭ بىلەن، مەھەللە تەرەپتىن سۇرۇلۇپ كەلگەن تۈتۈن بىرلىشىپ بوشلۇقتا قويۇق مانان ھاسىل قىلغانىدى. ئابدۇللا تېخىچە كەلمەيۋاتاتتى، كەۋسەر ئاخىر بايىقىدىنمۇ ئۆتە خاپا ھالدا ئۆيىگە يول ئالدى.

يېزىدىكى يىغىننى خېلى بىر مەھەل بولغاندا تۈگىتىپ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلگەن بارات نىياز ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى، ئەسلىدە ئۇنىڭ كۆزى ياندىكى قاپاق تېرەكنىڭ تۈۋىدە تۇرغان كۆلەڭگىگە چۈشكەنىدى.

— كىم؟ — سورىدى بارات نىياز بىرئاز ئەجەبلىنىپ.

— مەن ئابدۇللا، كەۋسەرنىڭ خاتىرىسىنى ئېلىپ كەلگەنىدىم.

— ھە، ئابدۇللامۇ سەن؟ بۇنداق كېچىدە نېمە ئاۋارە بولىسەن؟ ئەتە ئەكېلىپ بەرسەڭ بولاتتىغۇ؟

— مەن كەۋسەرگە ۋەدە بەرگەن.

— مۇنداق دېگىن، ئوغۇل بالا قىلغان ۋەدىسىدە مانا مۇشۇنداق تۇرغۇلۇق، قېنى، خاتىرىنى ئەكەل، كەۋسەرگە مەن بېرىپ قوياي.

— ئۆزۈم بەرمىسەم بولمايدۇ......

— مۇنداق دە، بوپتۇ ئەمىسە، كۈتۈپ تۇر، مەن كەۋسەرنى چاقىرىپ قوياي.

بارات نىياز كىرىپ كېتىپ بىردەمدىن كېيىن، كەۋسەر خاپا ھالدا ئۆيىدىن چىقىپ كەلدى.

— سېنى ساقلىتىپ قويدۇم، خاپا بولما، سەدىردىن تۇتۇق

بەرمەي جىگـدىلىك تەرەپـكە قېچىپ كەتكەنـدى، كەينىـدىن قوغلاپ بېرىپ تاپالمىدىم، كەچ كىرگەندە ئۆيىنىڭ ئالدىدا ماراپ تۇرسام تېخى ھېلىراقتا پەيدا بولۇپ، خاتىرىنى سامانلىققا تىقىپ قويۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئاندىن مەن چاندۇرمايلا خاتىرىنى ئېلىپ كەلدىم......

— مەن ئۇچۇن ئاۋارە بولۇپ ھېلىغىچە ئۆيۈڭگىمۇ بارماپسەن-ھە، رەھمەت ساڭا، خوش، تېز قايتىپ كەتكىن ئەمىسە.

— خاتىرەڭگە خەت يېزىپ قويدۇم.

ئابدۇللا شۇنداق دەپلا كېتىپ قالدى. كەۋسەر ئۆيگە كىرىپ چىراغ يورۇقىدا خاتىرە بەتلىرىدىن ئابدۇللانىڭ پوچېركىسىنى ئىزدىدى، ئاخىر بىر بەتنىڭ بۇرجىكىگە يېزىلغان «مەن ساڭا ئامراق» دېگەن خەتكە كۆزى چۈشتى - دە، يىسسىڭكىدە كۈلدى.

كەۋسەرنىڭ خىيالىنى تاشقىرىدىن نېمىدۇر دېيىشكىنىچە كۈلۈشۈپ كىرىپ كەلگەن ئىككى قىز ئۈزۈپ قويدى. كېيىن كەۋسەر دېرىزە ئالدىغا كېلىپ سىرتقا قارىدى، سىرتتا لەپىلدەپ قار يېغىۋاتاتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى قاردا پومزەك ياساپ بىر - بىرىگە ئېتىشسا، يەنە بەزىلەر سۇرەتكە چۈشۈش بىلەن بەند ئىدى. كەۋسەر ئۆزىنى خىيال قۇچىقىدىن تارتىشقا ھەرقانچە ئۇرۇنغان بولسىمۇ يەنىلا كۆز ئالدىغا ئابدۇللا، خەلچەم، راشىدىن، نىيازلار كېلىۋالدى.

## ئۈچىنچى باب

# ئاچالدىكى ئارمان

نىياز كۆتۈلمىگەندە ئەخمەت بوۋاينىڭ قوغۇنچىلىقتىكى چىۋەرلىكىگە تايىنىپ تاپقان پۇلىنىڭ قىممىتىنى بىر تىيىن قىلىپ، ئالىي تېخنىكومدىكى ئوقۇشىدىن مەھرۇم قالدى، بۇ ئىشتىن نىيازنىڭ ئۇستاز ۋە ساۋاقداشلىرىلا ئەمەس، غازلىق كەنتىدە باشقىلارغا :«بىزنىڭ نىياز زېرەك ئادەم بولدى، مۇئەللىم بولىدىغان بولدى» دەپ ماختىنىپ كېلىۋاتقان ئەخمەت بوۋايمۇ يەتكۈچە ھەسرەت چەكتى. بۇنىڭغا نىيازنىڭ ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم دوستلىرى بىلەن تېرىغان ماجىرالىرى سەۋەب بولغانىدى. شۇ كۈنى فاكۇلتېت مۇدىرى مەكتەپ تەشكىلىنىڭ نىيازنى مەكتەپتىن چېكىندۈرۈش توغرىسىدىكى قارارىنى يەتكۈزگەندە، نىياز ۋە ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرىدىن كۆرە، سىنىپ مەسئۇلى بەكرەك ئېچىندى. ئوقۇتقۇچىسىنى بۇنچە ھەسرەتتە قويغىنى نىيازنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈشكە ئازلا ۋاقىت قالغاندا مەكتەپتىن چېكىندۈرۈلگەنلىكىلا ئەمەس، چىرايى ئىجىر - مىجىر قورۇقلار بىلەن تولغان ئەخمەت بوۋاينىڭ ئىلگىرى نىيازنى يوقلاپ مەكتەپكە كەلگەندە، جاۋىدەك يېرىك ئالىقانلىرى بىلەن ئۇنىڭ يۇمشاق قوللىرىنى سىقىپ تۇرۇپ: «مۇئەللىم، بىز دېھقان خەقنىڭ قولى قىسقا بولىدىكەن،

لايىقلىرىدا بولمىسمۇ بېغىمدىن چىققان بۇ قۇرۇق مېۋىنى ئېلىپ كەلدىم، يۈزۈمنى قىلىپ قوبۇل قىلسىلا، مەندەك كەتمەن ئۆستىگىلا تۇغۇلغان قارىتۇرۈكنىڭ ئائىلىسىدىن مۇئەللىم چىققىدىغان بولدى، خۇداغا مىڭ مەرتىۋە شۈكۈر! ئاللا ئۆزلىرىگە زىيادە بەخت ئاتا قىلسۇن.» دېگەن كۆڭۈل سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىدە قايتا جاراڭلىغانلىقى ئىدى. شۇ كۈنى نىياز پۇشايمان، ھەسرەت ئارىلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ ھېسسىيات ئىچىدە غازلىققا قايتماي، تەۋەككۈل قىلىپ بىر تەرەپكە باش ئېلىپ كېتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئەتىسى سىنىپ مەسئۇلى ئۇنى ئاقتاشقا ئەكېلىپ ئۆز قولى بىلەن ئەخمەت بوۋايغا تاپشۇرغاندىن كېيىن، بىرھازا كۆڭۈل ياسىغان بولدى، ئاندىن ئەخمەت بوۋايغا ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات قىلىشنى، نىيازنى ئۆز لايىقىدا بىرەر ھۈنەرگە بېرىشنى ئۆتۈنۈپ قايتىپ كەتتى. ئوسۇرۇقنى ھەرقانچە يوشۇرغان بىلەن ھامان پۇرايدۇ دېگەندەك، بۇ كۆڭۈلسىز ئىش ھەش - پەش دېگۈچە ئاقتاش يېزىسىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە تارقالدى. قوشنىلار، ئۇرۇق - تۇغقانلار بىر - بىرلەپ كېلىشىپ ئەخمەت بوۋاي بىلەن ئۇنىڭ ئايالى ھۆۋىخاننىڭ كۆڭلىنى ياساشتى، ئابدۇللا كەلگەندە نىياز چەتتىكى ئۆيگە كىرىپ يوتقانغا بېشىنى يۆگەپ ياتقانىدى، ئابدۇللا ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ باغقا باشلاپ كىرىپ كەتتى، ئايۋاندا ئەخمەت بوۋاي تېخىچىلا كۆڭلىنى ياساشقا كەلگەنلەرگە قاقشاۋاتاتتى:

— بارلىق ئۈمىدىم مۇشۇ نىيازدا ئىدى، ئۇنىڭ نادانلىق قىلىپ ئەجرىمنى يەر بىلەن يەكسان قىلغانلىقىنى كۆرمەمسىلەر! — دەيتتى ئۇ ھەسرەتتىن بوغۇلۇپ.

ئايالى ھۆۋىخان مىشىلداپ يىغلىغىنىچە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەتتى:

— ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالسىلا، دادىسى، كىمدىن كۆرەتتۇق،

بالىنى ئۆزىمىز ھەدىسە ئەركىلىتىپ چوڭ قىلدۇق ئەمەسمۇ، ئەركە چوڭ بولغان بالا مۇشۇنداق يارامسىز بولىدىغان ئوخشايدۇ. ھېلىمۇ ساق - سالامەت ئۆيگە كەلدى، كەلمىگەن بولسا قانداق قىلاتتۇق؟ شۈكۈر قىلايلى......

ئۆيگە جەم بولغانلارمۇ ئەخمەت بوۋاينىڭ كۆڭلىنى ياساۋاتاتتى. ئارىدا بىرسى:

— مەن جالالىدىن ئاكامنىڭ ھېلىقى چاپلىكەش ئوغلى سەدىردىندىن ئەنسىرەيتتىم. ھەي، ماۋۇ نىيازنىڭ قىلغان ئىشىنى كۆرمەمدىغان! بۇنداق بولمىغۇر ئىش كىمنىڭ خىيالىغا كەلگەن دەيسىلەر؟— دېۋىدى، بۇ يەرگە كېچىكىپرەك كەلگەن قاسىم قارىم گېلىنى قىرىپ قويۇپ ئېيتتى:

— تەقدىر - قىسمەتكە بەندە بىقۇۋۇل، جامائەت! ئالدىن بىلگۈچى پەقەت بىر ئاللا ئىگەم ئۆزى. ھەممىگە قادىر ئاللا بەندىنىڭ رىزقىنى ھەر خىل يوللارغا چاچقان، ۋاللاھۇ ئالەم، نىيازنىڭ رىزقىنى ئاللا ئىگەم باشقا يولغا چاچقان ئوخشايدۇ، نىيازغىمۇ ياشاش يولى چىقىپ قالىدۇ، بىزدە تاپا - تەنىدىن ئۆلۈم ياخشى دەيدىغان گەپ بار، تەقدىر- قىسمەتكە ئىشىنەيلى......

ئەخمەت بوۋاينىڭ ئۆيى بىرنەچچە كۈنگىچە مۇشۇ يوسۇندا «ئاۋات» بولدى، ئارىدا يېزا باشلىقى بارات نىيازمۇ كېلىپ، ئەخمەت بوۋاينىڭ كۆڭلىنى ياساپ قويۇپ قايتىپ كەتتى.

سەھرا دېگەن شۇنداق بولىدۇ، بىرىنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈن ھەممىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ. بىرىنىڭ ئوچىقىدا ئوت كۆيسە ھەممىسىنىڭ چېيى قاينايدۇ، ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ مەھەللىدىكىلەرنىڭ كۆڭۈل ياسىشى بىلەن ئەخمەت بوۋاينىڭ پەرىشان كۆڭلىمۇ ئاستا - ئاستا ئۆز ئىزىغا چۈشتى. نىيازمۇ تاپا - تەنە دەستىدە لاتىدەك بوشاپ ياتقان ئورنىدىن تۇرۇپ ئېتىزنىڭ ئىشلىرىغا قاراشتى، كېيىنكى ئىشلار مۇشۇ تەرزدە داۋاملاشقان

بولسا ياخشى بولاتتى، تولىمۇ ئەپسۇس، بۇ كۈنلەر ئۇزاق داۋام قىلمىدى، بىر كۈنى نىياز ئىبتىدا ئىشلەۋېتىپ ئاكىسى سوپى ئاخۇن بىلەن ئارازلىشىپ قالدى، سوپى ئاخۇن ئاچچىقىغا پايلىماي «دادامنىڭ نۇرغۇن پۇلىنى شامالغا سورۇۋەتتىڭ، شۇنداقتىمۇ ھالىڭ مۇشۇ» دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئازار بەردى، نىياز شۇ ئاخشىمى سۇلايمان ياۋاش ئارقىلىق ئابدۇللاغا بىر پارچە خەت قالدۇرۇپ قويۇپ مەھەللىدىن غايىب بولدى. ئەتىسى ئابدۇللا خەتنى ئەخمەت بوۋايغا ئوقۇپ بەردى.

*«دوستۇم ئابدۇللا:*

*مەنمۇ ساڭا ئوخشاش، ئاتا ـ ئانامنىڭ مەن ئۈچۈن تارتقان ھېسابسىز جاپالىرىغا دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى بىر قوللۇق قىلىپ جاۋاب قايتۇراي دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق، ئەمدى بۇ مەقسەتكە باشقىچىرەك يول ئارقىلىق يېتىش نىيىتىگە كەلدىم، بۈگۈن ئىبتىدا ئاكام سوپى ئاخۇننىڭ دېگەن گەپلىرى مېنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتتى، شۇڭا يۇرتتىن چىقىپ كېتىشنى توغرا تاپتىم. ئېسىڭدە بولسۇنكى، بۇ قارارنى تاپا ـ تەنىلەرگە، دېھقانچىلىقنىڭ جاپاسىغا چىدىماي چىقارغىنىم يوق! ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، بىز كوپېراتسىيەنىڭ زاغرىسىنى يەپ چوڭ بولغان، مەن ھەرقانداق جاپالارغا بەرداشلىق بېرەلەيمەن، ھازىر ھەممە نەرسە ئۆزگىرىۋاتىدۇ، مەن بايا ئىبتىدا تۇرۇپ، بىز ئاغزىمىزدا ئاتا ـ ئانىمىزنى باقىمىز، ئۇلارغا ۋاپادارلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز دېسەكمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارغا يۈك بولۇپ يۈرىيدىكەنمىز. بىزمۇ بەختىمىزنى ئۆزىمىز تېپىپ، ئاندىن ئاتا ـ ئانىمىزنى رازى قىلساق بولمامدۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ بۇ قارىشىمنى سىناپ كۆرۈش قارارىغا كەلدىم. ساڭا ئايان، بىزنىڭ*

*ئائىلىدە خەت ئوقۇيالايدىغانلار يوق، مېنىڭ كۆڭلۈمنى سەنلا چۈشىنىسەن. شۇڭا، بۇ خەتنى ساڭا قالدۇردۇم، ئاتا ـ ئانامغا يىراقلارغا كەتكەنلىكىمنى، مېنى ئىزدەپ ئاۋارە بولماسلىقىنى، مۇھىمى مەندىن ئەنسىرىمەسلىكىنى تاپىلاپ قوي. چىن سۆزۈم، ئاكام سوپى ئاخۇنىمۇ ئەيىبلەپ كەتكىلى بولمايدۇ، ئاتا ـ ئانام ئۇنىڭغا ھەرگىز تاپا ـ تەنە قىلمىسۇن.*

*خەير ـ خوش، قولۇڭنى سىقىپ:*

*دوستۇڭ نىياز »*

نىياز توغرۇلۇق بىرەر خەۋەرگە تەشنا بولۇپ تۇرغان ئەخمەت بوۋاي ئەھۋالنى ئۇقۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئاندىن ھاسىسىنى سوپى ئاخۇنغا شىلتىپ:

— ئىنىڭنى ئەيىبلىمەي ھىماتىڭغا ئالغان بولساڭ ئۇ بۇنداق قىلماس ئىدى! — دېگىنىچە قاتتىق تاپا ـ تەنە قىلدى، تەقدىرگە نالە قىلىپ ياش تۆكتى.

— يىغلىماڭ، نىياز ساق ـ سالامەت تۇرسا، نېمىگە يىغلايسىز؟ ئۇ كىچىك بالا بولمىغاندىكىن ئۆز يولىنى تاپالايدۇ، — دېدى ئابدۇللا ئەخمەت بوۋايغا تەسەللى بېرىپ.

— ئىلگىرى ئۆز يولىنى تاپالىغان بولسا بىزنى بۇنچە دىشۋارچىلىققا سالماس ئىدى. بالام ئابدۇللا، نىياز نەگە كەتكەندۇ؟

— يىراققا كېتىپتۇ شۇ......

— يىراق دېگەن زادى قەيەر؟

— باشقا يۇرت شۇ.

— باشقا يۇرت دېگەن قەيەر؟

— باشقا يۇرت دېگەن......

— دەپ بەرگىنە، بالام، ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن شۇ

تاپىنىڭ ئۆزىدىلا يولغا چىقىمەن.

— ئۇنىڭ كەتكەن يېرىنى بىز بىلمىگەندىكىن سەۋر قىلايلى، ئۇ چوقۇم ئۆزى قايتىپ كېلىدۇ.

— كۆڭلۈمنى ياساشنى قويۇپ، باشقا يۇرت دېگەن زادى قەيەر؟ ماڭا چاپسانىراق دەپ بەر!

— باشقا يۇرت دېگىنى...... ۋىلايەت ياكى قەشقەر....... ئۇرۇمچى دېگەندەك...... ئىشقىلىپ، ئاقتاشتىن يىراق يەرلەر شۇ...... مېنىڭچە ئۇرۇمچىگە كەتتىمىكىن......

— ئۇرۇمچى؟ ئۇ ئەقىلسىز جاھانىنىڭ ئاشۇ بىر چېتىگە كېتىپتۇما؟ خەپ سېنى، ھەي...... ئىسىت، نەۋرە بالام، ئاتا - ئانىسىدىن كىچىك قالغان دەپ ئاززۇلاپ باققىنىم!

— ئۇرۇمچىگە كەتسىغۇ مەيلى، ھوشۇر ئاخۇننىڭ ئوغلى راشىدىندەك شاڭخەيگە كەتتىمۇ تېخى! — دېدى سوپى ئاخۇن نېمىنىدۇر خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ.

— ئاغزىڭغا پوق! ھەممىسى سېنىڭ كاساپىتىڭ! ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ تۆت كۈنلۈك قالغاندا نېمە تارتقۇلۇقۇم بار بولغىيتتى مېنىڭ! ھوشۇر ئاخۇندىن ئۆتەر دەرد - ئەلەمگە قالدىمغۇ ئەمدى!.......

ئەخمەت بوۋاي ساقىلىنى تۇتاملاپ زارلاشقا باشلىدى، ئابدۇللا ئۇنىڭغا ھەرقانچە تەسەللى بەرسىمۇ كار قىلمىدى. چىرايى غەزەپتىن بارغانسېرى قارىيىپ كېتىۋاتقان سوپى ئاخۇن:

— ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، دادا، نىيازنى ئۆزۈم تېپىپ كېلەي! — دېۋىدى، ئەخمەت بوۋاي قولىدىكى ھاسا بىلەن ئۇنى نوقۇپ چالۋاقىدى:

— چاپسان كۆزۈمدىن يوقال! سەن بىغەرەز تېرىغان چاتاققۇ بۇ!......

ئەخمەت بوۋاينىڭ ئەلپازىغا قاراپ ھەممەيلەن جىمىپ

قىلىشتى. ئەتىسىدىن باشلاپ ئەخمەت بوۋاينىڭ ئۆيىگە تەسەللى ئېيتقۇچىلار يەنە كېلىشكە باشلىدى. ئالدىنقى قېتىم ئۇلار نىيازنىڭ بەختسىزلىكىگە ئېچىنىپ بولدى قىلىشقان بولسا، ئەمدى ئۇنىڭ «ۋاپاسىز» لىقىغا ئېچىنىپ ئەزۋەيلەشتى......

ئەلۋەتتە ئەخمەت بوۋاينىڭ هازىرقى ھەسرىتىنى ھوشۇر موزدۇزنىڭ ئەينى چاغدىكى ھەسرىتىگە ئوخشاتقىلى بولمايتتى، ھوشۇر موزدۇز ئون نەچچە كۈنگىچە تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ، ئاخىرىدا راشىدىنىنىڭ ھېلىقى قوشدۆڭلۈك ئامان پاراكەندى بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىگە كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ كۆڭلى بىرئاز ئارامىغا چۈشكەندى، كېيىن كىشىلەر «راشىدىن كۈنمىگىدا خىروئىن ئېلىپ سېتىپ قولغا ئېلىنىپتۇ»، ھەتتا «راشىدىن باشقىلار بىلەن ئۇرۇشۇپ بىر قولىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ» دېگەندەك قورقۇنۇچلۇق خەۋەرلەرنىمۇ تارقىتىشتى، دەرد - ئەلەم ئارقا - ئارقىدىن كېلىۋەرسە ئادەمنىڭ يۈرىكى قېتىپ قالامدىكىن، كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا راشىدىن توغرۇلۇق گەپ بولسا ھەممىدىن بۇرۇن ھەسرەت چېكىپ ئۆپكىدەپ يىغلايدىغان ھوشۇر موزدۇز ئەمدى ئائىلىسىدىكىلەرگە نەسىھەت قىلىپ، كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدىغان بولدى. مانا ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇچۇن كونىرىغان ئىش شۇ تاپتا ئەخمەت بوۋاينىڭ ئائىلىسىدە يېڭىلىنىۋاتاتتى.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئەخمەت بوۋاي يېزا باشلىقى بارات نىيازنىڭ ئۆيىگە كەلدى ۋە ئازادە سۇپىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ بىردەم ئۆپكىدەپ يىغلىغاندىن كېيىن دېدى:

— جېنىم يېزا باشلىقى، ئوغلۇم نىياز كۆز ئالدىلىرىدا چوڭ بولغان، ئۇ ئەقىلسىزلىك قىلدى، كۆرۈپ تۇرۇپلا، مەن ياشىنىپ قالدىم، بىر پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلىدى. بىزگە ئۆزلىرى ئاتىدارچىلىق قىلسىلا، تەشكىلگە دەپ نىيازنى بار يېرىدىن ئەكەلدۈرۈپ

بەرسىلە، دېھقان خەق بەكمۇ بىقۇۋۇلكەنمىز، مەندىن يانمىسا ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمدىن يانار......

بارات نىياز باشتا خورسىندى، ئاندىن نىيازنىڭ قىلغان ئىشىغا بىردەم كايىغاندىن كېيىن دېدى:

— ئەخمەتكا، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، نىياز خېلى زېرەك بالا بولغانىدى. ئۇنىڭ تەستە ئېرىشكەن ئوقۇش پۈرسىتىنى قولدىن بەرگەننى ئازدەپ، ئۆيىنى تاشلاپ يىراققا كەتكىنى قامالاشماپتۇ، سىز قايتىپ تۇرۇڭ، مەن ناھىيەگە بارغاندا ئەھۋالىنى ئۇقۇشۇپ باقاي، ياشىنىپ قالدىڭىز، بۇ ئىشلارنى بەك ئىچىڭىزگە ئېلىپ كەتمەڭ، نىياز چوقۇم تېپىلىدۇ.

ئەخمەت بوۋاي بارات نىيازغا يەنە بىردەم يېلىنغاندىن كېيىن، خوشلىشىپ ئۇدۇل ھوشۇر موزدۇزنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

— نىيازنىڭ ئىشىنى ئاڭلىدىم، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالمىغان بولسام يېنىڭىزغا باراتتىم، سەۋر قىلايلى، بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن بۇ كۈن كۆتۈلمىگەندە سىلەرگىمۇ كەپتۇ. راشىدىن يوقاپ كەتكەندە سىز ماڭا تەسەللى بېرىپ، كۆڭلۈمنى ياسىغان ئىدىڭىز. ئەمدى ئويلىسام، دېگەنلىرىڭىز توغرا ئىكەن. بىز ئاتا - ئانىلار بىر ئۆمۈر بالا - بالا دەپلا ئۆتىدىكەنمىز، بالا دېگەندىن كېلىدىغان ۋاپا مۇشۇنچىلىك ئىكەن مانا! بىزمۇ راشىدىن ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندە نېمە قىلارىمىزنى بىلمەي دەرد - ئەلەم يۇتۇپ يۈرگەندۇق. مانا ھازىر كۆنۈپمۇ قالدۇق. بىز دېھقان خەق قايسى ئىشلارغا كۆنمىگەن......

— ھوشۇر ئاخۇن، نىيازنى راشىدىننىڭ يېنىغا كەتتىمىكىن دەپ گۇمان قىلىمەن، ئىككىسى كىچىكىدىن باشلاپ بىر - بىرىگە ئېجىل ئەمەسمىدى! ئەمدى قانداقمۇ قىلارمىز، نىياز راشىدىنگە قارىغاندا ئاجىز بالا بولغان، ئىشتىھاسىمۇ ئانچە ياخشى ئەمەس، ئالمادىن كېسەل بولۇپ قالسا قانداق قىلار؟...... مۇشۇلارنى تولا

ئويلاپ كۆزۈمگە پەقەتلا ئۇيقۇ كەلمەيدۇ ......

ــ مېنىڭچە، نىيازنىڭ راشىدىننى ئىزدەپ تېپىشى ئاسانغا چۈشمەيدۇ. نىياز بەك يىراق بولسا ئۇرۇمچىگە كەتتىمكىن. ئاڭلىسام ئۆيىدىن قېچىپ چىققان باللار ئالدى بىلەن ئۈرۈمچىدە تىرىكچىلىك قىلارمىش. راشىدىننىمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئۈرۈمچىدە ئىكەن دەپ ئاڭلىغان، بىراق قولىمىز قىسقا بولغاچقا دەرھال بېرىپ قايتۇرۇپ كېلەلمىدۇق. مېنىڭچە بولغاندا سوپى ئاخۇننى ئۈرۈمچىگە يولغا سالايلى، نىيازنى ۋاقتىدا تېپىپ كەلسۇن.

ئۇلار شۇ يوسۇندا بىردەم مۇڭداشتى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ سوپى ئاخۇن ئۈرۈمچىگە ماڭدى. بۇنىڭ بىلەن ئەخمەت بوۋاينىڭ كۆڭلى سەل ئارامىغا چۈشتى، ئۇ سوپى ئاخۇننىڭ ئىنىسى نىيازنى ئەگەشتۈرۈپ دەرۋازىدىن كىرىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. ئارىدىن ئوننەچچە كۈن ئۆتكەندە سوپى ئاخۇن يالغۇز قايتىپ كەلدى. ئۇ قانچە قىلىپمۇ نىيازنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالمىغانىدى. ئەخمەت بوۋاي يەنە ھەسرەت چېكىشكە باشلىدى. ئۇ قاچانلا بولسۇن نىيازنىڭ ئاسقۇدا ئېسىقلىق تۇرغان كۇل رەڭ چاپىنىغا كۆزى چۈشسىلا ئىختىيارسىز يىغلايتتى، ئاندىن ئېغىر قەدەملىرىنى يۆتكەپ ھوشۇر موزدۇزنىڭ ئۆيىگە كېلەتتى. دەردمەننىڭ قاياشى دەردمەن دېگەندەك ئىككىسى قاپاق تېرەك تۈۋىدىكى كۆتەك ئۈستىدە مۇڭغا پېتىپ ئولتۇرۇپ، راشىدىن بىلەن نىياز توغرۇلۇق پاراڭغا چۈشەتتى. پاراڭ تېمىسى باشتا بالىلاردىن بىرەر ئۇچۇر بار - يوقلۇقى ئۈستىدە بولاتتى. كېيىن ئۆزلىرىنىڭ پەرزلىرىنى ئالماشتۇرۇشاتتى، ئاخىرىدا گەپ تەبىئىي ھالدا ئىلگىرىكى ئىشلارغا يۆتكىلىپ، باللارنىڭ سەبىي چاغلىرىدىكى ئوماق قىلىقلىرىغا ئۇلىناتتى. بۈگۈنمۇ ئەخمەت بوۋاي نىيازنىڭ چاپىنىنى ئاسقۇدىن ئېلىپ باغرىغا باسقىنىچە بىردەم يىغلىغاندىن كېيىن، ئادىتى بويىچە ھوشۇر موزدۇزنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

ئىككىسىنىڭ پارىڭى ئىلگىرىكىدەكلا ئۇھىسىنىش ئىلكىدە باشلاندى.

— ھەممىدىن يامىنى ئۆلۈمكەن، ئاللا ئىگەم باللارنىڭ تېنىنى سالامەت قىلسا كۆنلەرنىڭ بىرىدە قايتىپ كېلەر. قانداق قىلىمىز ئەمدى، چىدىمىساق بولمايدىكەن، — دېدى ھوشۇر موزدۇز ئەخمەت بوۋاينىڭ مۈڭ تۆكۈلۈپ تۇرغان چىرايىغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن بېقىپ.

— كۆزۈمگە كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ، ئېسىڭىزدە بارمىكىن، بىر يىلى سۇ ئامباردىكى ھاشاردا قورسىقىمىز ئېچىپ ماغدۇرىمىزدىن كېتەي دېگەندە نىياز بىلەن راشىدىن بوغچىسىغا جىگدە تېرىپ بىزگە ئاپىرىپ بەرگەنىدى. شۇ جىگدىنىڭ تەمى ھازىرمۇ تىلىمدا بار.......

— قانداقمۇ ئېسىمدىن چىقسۇن، ھازىرقىدەكلا ئېسىمدە بار. قادىر ئاخۇننىڭ قىزى خەلچەم، سۇلايمان ئاخۇننىڭ ئوغلى ئابدۇللا، جالالىدىن ئاخۇننىڭ ئوغلى سەدىردىن، يەنە يېزا باشلىقىنىڭ قىزى كەۋسەر ئالتىسى جەم بولسا ئۇلارغا قانات چىقاتتى ئەمەسمۇ. راست، شۇ چاغدا ئۇلار يەنە بىزگە ئەترەتنىڭ قىزىلچىسىنى ئوغرىلاپ ئەكېلىپ بەرگەنغۇ!

— ھەئە، مېنىڭمۇ ئېسىمگە كەلدى، بىز قىزىلچىنى تونۇر- دىكى قوقاسقا كۆمۈپ تالىشىپ يېگەن راست.

ئەخمەت بوۋاينىڭ چىرايىغا ئازراق كۈلكە يۈگۈردى. ھوشۇر موزدۇز يەنە ئاللىقانداق ئىشلارنى ئېسىگە ئېلىشقا تىرىشقاندەك كۆرۈنەتتى.

— نىياز ئابدۇللادىن ئىككى ئايلىق چوڭمىكىن دەيمەن، كەۋسەر بىلەن خەلچەم بىر كۈندە تۇغۇلدى بولغاي، شۇنداقراق ئېسىمدە بار.

ھوشۇر موزدۇزنىڭ بۇ گېپىگە ئەخمەت بوۋاي باش چايقىدى:

— كەۋسەر بىلەن خەلچەم ئۇ تۆتىدىن ئىككى ياشقا يېقىن كىچىك، ئۇ تۆتى يېرىم يىل ئىچىدە تۇغۇلغان، نىياز بىلەن راشىدىن بىر ئاي پەرق قىلىدۇ. ئابدۇللا ئىككىسىدىن بىر ئايچە چوڭ. سەدىردىن بىلەن نىياز بىر ھەپتە ئىچىدە تۇغۇلغان. شۇ چاغدا بىز قوشتوغراقتىكى ئۆستەڭنى چېپىۋاتقانىغۇ دەيمەن.

— راست - راست، شۇ يىلى قاتتىق سوغۇق بولۇپ كېتىپ، جۇمە ئاخۇن توڭلاپ ئۆلۈپ قالغان.

— يازلىقى بەك ئىسسىق بولۇپ مەھەللىنى كەلكۈن باسقانىغۇ راست.

— مۇشۇ كۈنلەردە ماللارنى ھەيدەپ دەريا بويىغا بارساملا باللارنىڭ كۈلكىلىرى قۇلىقىمغا ئاڭلىنىدۇ......

ئۇلار شۇنداق قىزغىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا بۇ يەرگە ئابدۇللا، كەۋسەر ۋە سەدىردىنلەر ئۇشتۇمتۇتلا پەيدا بولدى. ئۇلارنى كۆرگەن ھوشۇر موزدۇز بىلەن ئەخمەت بوۋاي داڭ قېتىپ قېلىشتى. كېيىن ئەخمەت بوۋاي:

— ئابدۇللامۇ سەن؟— دېدى كۆزىنى چىمىلدىتىپ.

ئۇ كەۋسەر بىلەن سەدىردىننى دەماللىققا تونۇيالمىغاندەك قىلاتتى، ئابدۇللا جاۋاب بېرىپ بولغۇچە ھوشۇر موزدۇزنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا كەتتى.

— ۋوي! سەدىردىنغۇ بۇ! چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ قاپسەنغۇ، بالام، توۋا خۇدايىم، توۋا! ماۋۇ كەۋسەر قىزكەنغۇ! تۈۋگە ئوغۇت كۆمگەن قوناقتەك بوي تارتىپ كەتكىنىنى بۇلارنىڭ، — دېدى ئۇ قىزىقسىنىپ.

تېخىچە گاڭگىراپ تۇرغان ئەخمەت بوۋاي ھوشۇر موزدۇزنىڭ گېپى ئۈزۈلگەندىن كېيىن سەدىردىن بىلەن كەۋسەرگە سىنچىلاپ قاراپ ئاخىر ئۇلارنى تونۇدى ۋە:

— كۆزۈم ئاجىزلاپ قالغاچقا، سىلەرنى تونۇيالماپتىمەن

باللىرىم، چوپچوڭ ئادەم بولۇپ كېتىپسىلەر مانا! ــ دېدى ئۇلارغا ھەۋەسلىنىپ قاراپ، ئاندىن كۆزلىرىدىن باھار يامغۇرىدەك تۆكۈلگەن ياشلارنى بېلىدىكى سەل كىرلەشكەن پوتىسىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتتى.

ھوشۇر موزدۇز ھەممەيلەننى ئۆيگە باشلاپ كىردى، سىپىرەمخان كەنجىلەرنى كۆرۈپلا يىغلىۋەتتى، ئۇنىڭ راشىدىننى ئېسىگە ئالغانلىقى ئېنىق ئىدى.

ــ سەدىردىن بىلەن كەۋسەر قىشلىق تەتىل قىلىپ كەپتۇ، بىز ئۆيگىمىزگە بارساق ھۆۋىخان ئانام سىزنى مۇشۇ يەردە دېدى، شۇڭا ئۇدۇل كەلدۇق، ــ دېدى ئابدۇللا ئەخمەت بوۋايغا.

ــ ئوبدان قىپسىلەر، باللىرىم، ئەخمەتكام ياشىنىپ ئاجىزلاپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە نىيازنىڭ ئىشى بۇ بىچارىنىڭ ھالىنى قويمىدى. سىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، نىياز بىلەن راشىدىننى كۆرگەندەك بولدۇق،ــ دېدى ھوشۇر موزدۇز ئەخەت بوۋاي ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە.

ئارىدا بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. بۇ جىمجىتلىقنى سەدىردىن بۇزدى:

ــ بىز ھەممىنى ئاڭلىدۇق، نىياز بىلەن راشىدىندىن ئەنسىرىمەڭلار، خۇدا بۇيرۇسا ئۇلار تىنچ ـ ئامان قايتىپ كېلىدۇ. بىزمۇ ئامالىنىڭ بارىچە ئۇلارنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىمىز.

ــ بولدى يىغلىماڭ، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، نىيازنىڭ قايتىپ كېلىشىگە دۇئا قىلىڭ، ــ كەۋسەر ئەخمەت بوۋايغا تەسەللى بەردى. ئاڭغۇچە سىپىرەمخان داستىخان سېلىپ قازىناقتىن گۈلە ـ قاق، مۇناقى ئۈزۈم ئېلىپ چىقىپ تىزدى. ئۇلار ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن يېگەچ، ئۇرۇمچىنىڭ پارىڭىنى قىلىشىپ بىردەم ئولتۇردى. شۇ ئەسنادا ھوشۇر موزدۇز ھويلىدا چار مېكىيانىنى بوغۇزلاش تەرەددۇتىنى قىلىۋاتاتتى، ئابدۇللا چىقىپ ئۇنى توستى:

— بولدى ئۆلتۈرمەك، بىز كېيىن يەنە كېلىمىز. شۇ چاغدا بىر گەپ بولسۇن. كەچ كىرگۈچە خەلچەم بىلەن كۆرۈشۈپ كەلمىسەك بولمايدۇ. كەۋسەرنىڭ خەلچەم بىلەن بۈگۈنلا كۆرۈشكۈسى بار ئىكەن.

ھوشۇر موزدۇز توخۇنى بوغۇزلايمەن دەپ خېلى تاقاشقان بولسىمۇ، ئابدۇللا زادىلا ئۇنىمىدى.

— بالام، خەلچەمنى بۈگۈنلا يوقلاپ بارامسىلەر؟— دېدى ھوشۇر موزدۇز ئابدۇللانى قايىل قىلالمىغاندىن كېيىن قايسىدۇر بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك كەيپىياتتا.

ئابدۇللا ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىگە قاراپ تۇرۇپلا قالدى ۋە سورىدى:

— قانداق، بارساق بولمامدۇ؟

ھوشۇر موزدۇز ئابدۇللانى قوتان تەرەپكە تارتىپ دېدى:

— قارا، ئابدۇللا، سەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىڭ. سېنى ئوغلۇم راشىدىن بىلەن ئوخشاش كۆرىمەن، سۇلايمان ئاخۇننىڭ ئەھۋالى شۇ، مۆھتىرەمخانمۇ جەبىر - جاپا دەستىدىن جۇدەپ كەتتى. سېنىڭ ئىشلىرىڭغا بىز ياردەملەشمىسەك بولمايدۇ.

— ھە، بىلدىم. يەنە شۇ تويۇمنى قىلىدىغانىڭنىڭ گېپىمۇ؟ قارىغاندا ئانام يەنە ماڭا نەسىھەت قىلىشىڭىزنى تاپىلاپتۇ - دە!......

— توختا، بالام، بۈگۈنچە بۇ گەپنى دېيىشمەيلى. ساڭا ئېيتسام، يېقىندا قۇلىقىمغا بىر گەپ كىرىپ قالدى. ئاڭلىسام خەلچەم ئېرىدىن قاتتىق تاياق يەپتۇ، خەلچەمنى سەن بىلەن ئۇ يەر - بۇ يەردە گەپلىشىپ يۈرىدۇ دەپ كۈنلەپتۇدەك. ئەسلىدە ئىككىڭلارنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويغان بولساق، گۈلى گۈلىگە كېلەتتىكەن. بوداق بوداققا يەتمەپتۇ دېگەندەك رىزقىڭلار قوشۇلماي قالدى. مانا خەلچەممۇ بىر بالىغا ئانا بولدى. ساڭا

نەسىھەتىم: ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمە. يەنە گەپ - سۆز بولۇپ قالسا ياخشى ئەمەس! بۇنى ئاناڭ ماڭا ئاتايىن تاپىلىدى. قادىر ئاخۇنمۇ سەندىن بىرئاز خاپا ئوخشايدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارما، سەدىردىن بىلەن كەۋسەرقىز ئۆزلىرى بىرىپ كۆرۈشۈپ كەلسۇن، سىنىڭچە قانداق؟

هوشۇر موزدۇزنىڭ سالماق تەلەپپۇزدىكى بۇ گەپلىرى ئابدۇللانى چوڭقۇر ئويغا سالدى. ئۇ خىيال ئىلكىدە ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرغاندا، هوشۇر موزدۇز كىلىپ ئۇنىڭ قولىدىن تارتتى. ئىككىسى ئۆيگە سەدىردىن ئەخمەت بوۋاينى چۆچەك ئېيتىپ بىرىشكە زورلاۋاتقانىنىڭ ئۇستىگە كىرىپ كەلدى.

— بالىلىرىم، ئۇ كۈنلەر ئەمدى كەلمەسكە كەتكەن ئوخشايدۇ، هازىرقى باللار سىلەرگە ئوخشمايدىكەن، — دىدى ئەخمەت بوۋاي چۆچەك ئېيتىشقا رايى بارماي، — چۆچەك ئاڭلاشنىڭ ئورنىغا قاۋۇل سىكرىتارنىڭ ئۆيىگە بىرىپ دەنشى[1] دىگەن بىرنېمنى كۆرۈشىدىكەن. شۇڭا، مەنمۇ چۆچەك ئېيتماي يۈرۈپ ئۇنتۇپ كەتتىم.

— ئەخمەتكا، باللارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇڭ، قارىغاندا بۇلار چۆچەكلىرىڭىزنى سېغىنغان ئوخشايدۇ. ئالدىرىماي يادىڭىزغا ئېلىپ، بىرەرنى ئېيتىپ بىرىڭ ئەمدى.

هوشۇر موزدۇزنىڭ بۇ گېپى ئەخمەت بوۋاينى رىغبەتلەندۇردى بولغاي، ئۇ ئازراق ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— ئۇنداق بولسا قىسقا بىر چۆچەك ئېسىمگە كەلدى، شۇنى ئېيتىپ بىرەي ئەمىسە، — دىدى.

كەۋسەر سومكىسىدىن قەغەز - قەلەم چىقىرىپ خاتىرىلەشكە تۇتۇندى. ئابدۇللا ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىگەنىدى، سەدىردىن

[1] دەنشى — تېلېۋىزورنىڭ دېھقانلار تىلىدا تەلەپپۇز قىلىنىشى.

بىشنى چايقىدى.

شۇ كۈنى ئەخمەت بوۋاي نىيازنى چۈشىدە كۆرۈپ تاڭ سەھەردىلا ئورنىدىن تۇردى، تاھارەت ئېلىپ، بامدات نامىزىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق دۇئا قىلدى.

* * *

قەھرىتان قىش ئاللىقاچان كېتىپ، زېمىن قىشلىق ئۇيقۇسىدىن ئويغانغىلى خېلى كۈنلەر بولغان بولسىمۇ، گۈزەل شەھەر ئۈرۈمچىدە دەرەخلەر تېخى ئەمدىلا يوپۇرماق چىقىرىشقا باشلىغانىدى، بۇگۈن سەدىردىن دەرستىن چۈشۈپ كۇتۇپخانا تەرەپكە مېڭىۋىدى، تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇيدىغان دوستى يەردىن ئۈنگەندەكلا ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى. ئۇ سەدىردىن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن:

— بىر ھەپتىدىن بېرى ھېلىقى كەۋسەر بىزنىڭ مەكتەپكە تەلئەتنى ئىزدەپ ئىككى قېتىم كەلدى. قارىغاندا سەن ئەمدى بولدى قىلساڭ بولغۇدەك. ئۇ ئىككىسى ئاشىق ـ مەشۇقلارغا ئايلىنىپتۇ، ساڭا ۋاقتىدا دەپ قوياي دەپ كەلدىم، — دېدى خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەدىردىننىڭ كۇتۇپخانىغا بېرىشتىن رايى ياندى. دوستى خوشلىشىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ كوچىغا چىقىپ، ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ يۈردى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ كەۋسەرنىڭ تەلئەتكە بولغان كۆڭلىنى قايتۇرۇش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى كارغا كەلمەيۋاتاتتى. شۇڭا، دوستىنىڭ يەتكۈزگەن خەۋىرى ئۇنى روھىي جەھەتتىن خېلىلا بىئارام قىلدى. ئويلىغانسېرى كاللىسىدا يېڭى ـ يېڭى خىياللار بىخ سۈرەتتى. ئۇ كوچىدا تەنھا كېتىۋېتىپ ئوقۇشقا كەلگەندىن

بىرى كەۋسەر بىلەن قانچە قېتىم مۇڭداشقانلىقىنى، قانداق پائالىيەتلەردە بىرگە بولغانلىقىنى...... خىيالىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزدى. بىراق، ئۆتكەن يىلى كەۋسەرگە بىر پارچە مۇھەببەت خېتى يېزىپ ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي يۇرتداشلار ئولتۇرۇشىدا ئۇنىڭغا كۆڭلىنى چالا - بۇلا ئىزهار قىلغاندىن باشقا، قىز قەلبىنى ئۆزىگە مايىل قىلغۇدەك بىرەر ئىش قىلغانلىقىنى ئېسىگە ئالالمىدى. ئۇ كۆڭۈلسىز خىياللارغا ئەسىر بولۇپ قانچىلىك ماڭغانلىقىنى بىلمەيتتى، بىر چاغدا تۇرۇپلا هالسىزلىنىۋاتقىنىنى سېزىپ، ئەتىگەندىن بېرى ئاغزىغا «گىياھ» سالمىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى، ئاندىن يېقىنلا يەردىكى ئاشپۇزۇلغا كىرىپ تاماق بۇيرۇتۇپ قويۇپ يەنە خىيالغا چۆمدى: «راست، مەن كەۋسەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتقۇدەك نېمە ئىشلارنى قىلالىدىم؟ ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن ئارىلاپ ئۇچرىشىپ تۇرغىنىمىزنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇنىڭغا روھىي يار - يۆلەك بولالمىدىم......» ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە، جىسمىنى بىردىنلا سوغۇق تەر باستى.

— مېھمان، تاماقلىرى سوۋۇپ كەتتى!

كۈتكۈچى قىزنىڭ يېقىملىق ئاۋازى سەدىردىننى خىيالدىن سەگىتتى. شۇ چاغدىلا ئۇ تاماقنىڭ كەلتۈرۈلگىنىگە خېلى ۋاقىت بولغانلىقىنى سېزىپ، تاماق يېيىشكە تۇتۇندى. ئاردىن كۆپ ئۆتمەي كۈتكۈچى قىز ياندىكى دېرىزىدىن ئىچكىرىگە بويۇنداپ:

— هوي نىياز! قورۇما تەييار بولدىمۇ؟ مېھمانلار ساقلاپ كەتتى!— دېدى ياندىكى شىرەدە چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇشقان كىشىلەرگە قاراپ قويۇپ.

سەدىردىن چۆچۈگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ ياندىكى دېرىزىدىن ئىچكىرىگە قارىدى. ئۆي ئىچى مانتا قاسقانلىرىدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان هور بىلەن تولغان بولۇپ، ئىشلەۋاتقانلارنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى.

ــ ئاشخاناڭلاردا نىياز ئىسىملىك بىرسى بارمۇ؟ــ سورىدى سەدىردىن كۆتكۈچى قىزدىن جىددىي تەلەپپۇزدا.

ــ ھەئە، ــ دېدى كۆتكۈچى قىز دەرھاللا جاۋاب بېرىپ،ــ نىيازنى تونۇيدىكەنسىز ـ دە.

سەدىردىننىڭ سولغۇن چىرايىغا شۇئان تەبەسسۇم يۈگۈردى. گەرچە ئۇ «نىياز» دېگەن ئىسمنى ئاڭلاپلا ئۆزىنىڭ بۇنچە جىددىيلىشىشىنىڭ ئەقىلگە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى، قىسقىسى بۇ ئاشخانىدىكى نىيازنىڭ باشقا بىر نىياز بولۇپ چىقىش ئېھتىماللىقىمۇ بارلىقىنى بىلسىمۇ، نېمىشقىدۇر بىر خىل سېزىم ئۇنى جىددىيلەشتۈرۈۋاتاتتى.

ــ نىياز ئىسىملىك دوستۇمنى ئىزدەۋاتقىنىمغا ئۇزاق بولغان، سىز دەۋاتقان ئۇ نىياز مېنىڭ دوستۇم بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، ياخشىسى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ باقسام، ئېغىر كۆرمەي چاقىرغان بولسىڭىز......

كۆتكۈچى قىز سەدىردىننىڭ چىرايىدىكى تەقەززالىق ئىپادىلىرىگە قىزىقىش ئىلكىدە قاراپ قويۇپ چاقىردى:

ــ ھوي نىياز! بۇ ياققا چىقىڭە!

ھايالشمايلا ئالدىغا پەشتاما تارتىۋالغان نىياز قولىنى مايلىشىپ كەتكەن لۆڭگىگە سۈرتكىنىچە چىقىپ كەلدى ـ دە، يارىشىملىق كىيىنىۋالغان سەدىردىننى كۆرۈپلا كەينىگە داجىدى.

ــ نىياز! سەنكەنسەنغۇ! ــ سەدىردىن شادلىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي نىيازنىڭ قولىنى تۇتتى، نىياز گەرچە ئىلگىرىكىدىن بىرئاز سەمرىپ، چىرايى ئاقىرىپ قالغان بولسىمۇ، سەدىردىن بىر قاراپلا تونۇۋالغانىدى، ــ توۋا، ما كارامەتنى كۆرمەمدىغان، سېنى شۇنچە ئىزدەپ تاپالماي، ئەمدىلىكتە بۇ ئاشخانىغا تاسادىپىي كىرىپ ئۇچراتقىنىمنى كۆرمەمدىغان.

نىياز ئۇنچىقماي ئازراق مەڭدەپ تۇرغاندىن كېيىن كۆزىگە

لىققىدە ياش ئېلىپ تىترەڭگۈ ئاۋازدا:
— سەدىردىن، بۇ سەنما؟...... — دېيەلىدى ئارانلا.
سەدىردىن ئىختىيارسىز غۇلاچلىرىنى يېيىپ ئۇنى قۇچاقلىدى، شۇ تاپتا سەدىردىننىڭمۇ كۆزلىرى نەمدەلگەنىدى.
— بولدى قويۇۋەت، كىيىملىرىڭ مەينەت بولۇپ كېتىدۇ.
— ۋۇ يورغا! كۆزۈمدىن ئەجەب ئۇچتۇڭ!
— ۋاي تورغاي! چوپچوڭلا بولۇپ كېتىپسەنغۇ! شىركەت دىرېكتورىغىلا ئوخشاپ قاپسەن، ئۇرۇمچى بەك يارىشىپتۇ جۇمۇ ساڭا!
ئۇلار ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. ئىككىسىنىڭ شۇنچە قىزغىن كۆرۈشۈپ كەتكىنىگە ھەيرانلىقتا قاراپلا قالغان كۆتكۈچى قىز:
— بىر - بىرىڭلارنى تازا سېغىنىپسىلەر - ھە؟— دېدى قىزىقىش ئىچىدە.
— كۆرۈشمىگىنىمىزگە خېلى ئۇزاق بولغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىرىمىز تورغاي، بىرىمىز يورغا بولغاندىكىن بىر يەردە تۇرمايمىز شۇ!
سەدىردىننىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ كۆتكۈچى قىز پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى.
— سېنىڭ بۇ ئاشخانىغا كىرىپ قالىدىغىنىڭنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتىمەن، ئۇرۇمچىنىڭمۇ چوڭلۇقى چاغلىقكەنغۇ! بۈگۈن قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭ؟— نىياز سەدىردىنگە چاي سۇنۇۋېتىپ سورىدى.
— راست دەيسەن، بۈگۈن ئۇدۇل كېلىپ قېلىپ بۇ ئاشخانىغا تۇنجى قېتىم كىرگەنىدىم.
— مەكتىپىڭلارنىڭ ئەتراپىدا ئاشخانا دېگەن كۆپقۇ!
— نېمە، سەن بىزنىڭ مەكتەپكە باردىڭمۇ؟

ــ نەچچە قېتىم بارغان.
ــ ئەجەب سېنى كۆرمەپتىمەنغۇ!
ــ مەن سېنى كۆرگەن بىلەن، سەن مېنى كۆرەلمەيسەن ـ دە.
ــ جۆيلۈمە! ئىشقىلىپ، مەن سېنى مۇشۇ ئۇرۇمچىدە بار، ھامان بىر كۈنى تاپىمەن دەپ ئويلايتتىم، بۈگۈن دېگىنىمدەك بولدى مانا!
ــ بۇ بىر تاسادىپىيلىق، بۈگۈن ئىزىپ ـ تېزىپ بۇ ئاشخانىغا كىرىپ قالمىغان بولساڭ، ھەرقانچە ئىزدەپمۇ مېنى تاپالمايتتىڭ، ھەي، جاھان بەكمۇ تاركەن!
ــ بۇرۇنمۇ سېنى باشقىلار قوغلاپ تۇتۇۋالمىسا، مەن تۇتۇۋالاتتىمغۇ......
ــ ئارىمىزدا ئابدۇللا بىلەن سەن بەك يوگۇرەيتتىڭلار راست.
ــغوجايىنىڭدىن رۇخسەت ئېلىپ چىق، بۈگۈن بىزنىڭ ياتاقتا كېتەيلى، سەن بىلەن ئوبدان پاراڭلاشمىسام بولمايدۇ.
ــ تاپا ـ تەنە قىلارسەن ھەقاچان، مەن تەنبىھلەردىن جاق تويغان. شۇڭىمۇ ھەممىڭلاردىن قېچىپ يۈرىمەن. راست، تەتىلدە دادامنى يوقلىدىڭمۇ؟ سالامەتلىكى قانداق ئىكەن؟
ــ يوقلىمىدىغان، كۆپ يىغلاپ كۆزى ئاجىزلاپ قاپتۇ، ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ قويۇپ كەلسەڭ بولماسمىدى!
ــ مانا، تاپا ـ تەنە قىلىشنى باشلىدىڭ، ياتىقىڭغا بارسامۇ شۇنداق گەپلەرنى قىلىپ بېشىمنى ئوچاق قىلارسەن ھەقاچان......
ــ تۇرە، كېيىملىرىڭنى ئالماشتۇر، غوجايىنىڭدىن رۇخسەتنى ئۆزۈم ئالاي!
ــ رۇخسەت بەرمەسمىكىن......
ــ خاتىرجەم بول، چىرايلىقچە رۇخسەت بەرسە ئارتۇق گېپىم

يوق، بولمىسا سەن ئىشلەيدىغان ئاشخانا كۆپ.

— غوجايىن ئەنە ئاۋۇ ئايال شۇ، — نىياز ئىشىك ئالدىدىكى ئۇرۇندۇقتا كوچىغا قاراپ ئولتۇرۇپ گازىر چېقىۋاتقان سىمىز ئايالنى ئىما قىلدى.

— سامان تىققان تاغارنىڭ ئۆزىكەنغۇ ئۇ.

— بوش گەپ قىل.

سەدىردىن ئازراق ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن غوجايىنىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا بىرنېمىلەرنى دېدى، غوجايىن سەدىردىنگە سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى.

— بۈگۈن غوجايىنىنىڭ كەيپى ياخشى ئەمەس ئىدى، ماڭا رۇخسەت بەرمەسمىكىن دېسەم ئۇنى ئاسانلا قايىل قىلدىڭغۇ؟ — دېدى نىياز سەدىردىن بىلەن ئاشخانىدىن يىراقلاپ كېتىۋېتىپ.

— «ئاغىنەمنىڭ دادىسىنىڭ كېسىلى ئېغىر، هازىر 2 ـ دوختۇرخانىدا يېتىۋاتىدۇ» دېگەن تۇرسام، ساڭا رۇخسەت بەرمەي قالامتى!؟

— تاپقان باهانەڭنى قارا! خۇدايىم دادامنىڭ تېنىنى سالامەت قىلغاي.

كېچە. ئاسمان سەتهى سىياهتەك قاراڭغۇ، نىياز بىلەن سەدىردىن كارىۋاتتا يېنىچە يېتىپ پەس ئاۋازدا مۇڭداشماقتا ئىدى. ئۇلار دەسلەپتە ئۆزلىرىدىن يارغانسىرى يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئاشۇ غۇبارسىز باللىق چاغلىرىنى، ئاقتاش دەرياسى بويىدىكى ئۇنتۇلماس ئويۇنلارنى بىر ـ بىرلەپ ئەسكە ئېلىپ كۆڭۈللىرىنى ئاۋۇندۇرۇشتى. ئاندىن ئابدۇللا بىلەن خەلچەمنىڭ هازىرقى ئەهۋالى ۋە راشىدىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردە قانداق قىسمەتلەرگە دۇچار بولغانلىقى توغرىسىدا پەرەز ـ مۇلاهىزىلەرنى ئالماشتۇرۇشتى. ئاخىردا سەدىردىن نىيازنىڭ ئوقۇشتىن ئايرىلىپ قېلىش ئىشىنى تىلغا ئالغانىدى، نىياز بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى

سۆزلەپ بەردى:

— بىلىمەن، بايىدىن بىرى كۆڭلۈمنى ئاياپ بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمىدىڭ، سەندىن يوشۇرۇپ نېمە قىلىمەن. ساڭا دېسەم، ئىستىقبالىمنى ھاراق بىلەن قىمار يوق قىلىۋەتتى، ئوقۇشقا كېلىپ بىر يىلدىن كېيىن مەكتەپنىڭ ئالدىدا سۈرەتچىلىك قىلىدىغان بىرسى بىلەن تونۇشۇپ قالدىم، بارا - بارا ئىككىمىز يېقىن ئۆلپەتلەرگە ئايلاندۇق. دەم ئېلىش كۈنلىرى بىللە ھاراق سورۇنىغا باراتتۇق، بارا - بارا ئۇ مېنى قىمار سورۇنىغىمۇ باشلاپ باردى، مېنىڭ تاپتىن چىققان بۇ ئىشىمنى مەكتەپنىڭ قوغداش بۆلۈمىدىكىلەر سېزىۋېلىپ بىرنەچچە قېتىم تەربىيە بەردى، تەكشۈرۈشنامىمۇ يازدۇردى. شۇنداقتىمۇ «ئۆگەنگەن خۇي ئۆلگۈچە قالماس» دېگەندەك كېيىنكى بىر قېتىملىق سورۇندا قانلىق ماجىرا يۈز بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىز ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدۇق، بەختىمگە يارىشا مەن جېدەلگە ئارىلاشمىغان ئىكەنمەن، مېنى ساقچىلار تەربىيە بېرىپ قويۇۋەتتى، بىراق مەكتەپ ساقچىخانىغا كىرىپ قالغىنىمنى ئېغىر ئېلىپ، ئوقۇشتىن چېكىندۈرۈۋەتتى، راستىنى دېسەم كۆپ دەرس قالدۇرغانلىقىم ئۈچۈن ئوقۇش نەتىجەممۇ تۆۋەن ئىدى، ھەر قېتىم ئىككى - ئۈچ پەننىڭ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەيتتىم، ھازىر ئويلىسام شۇ چاغدا مەن ماڭا ئوخشاش ئوقۇش خىراجىتىنى ئۆزلىرى تۆلەپ ئوقۇغانلارنى مەكتەپ ھەرقانچە بولسىمۇ چېكىندۈرۈۋەتمەيدۇ دەپ چوتنى خاتا سوقۇپتىمەن. بولدىلا، ئەمدى پۇشايمان قىلغان بىكار. ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا نېمە كۈنلەر كەلمەيدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ھەقىقىي توۋا قىلىپ توغرا يولنى تاللاش ھەممىدىن مۇھىم. شۇنداق ئەمەسمۇ!

— ناۋاتتەك گەپ قىلدىڭ، نىياز، بېشىمغا كۈن چۈشتى دەپ بىلىنى قويۇۋېتىش ئوغۇل بالىنىڭ ئىشى ئەمەس، مەن سېنى

چۈشكۈنلىشىپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ خاتا ئويلاپتىمەن، كونىلارنىڭ «ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا» دەيدىغان گېپى بارغۇ، بوپتۇ، ئوقۇشتىن تەلىيىڭ كەلمىگەن بولسا تاپاۋەتتىن كېلەر.

— راست دەيسەن، ئاقتاشىقا قايتىپ بارغاندىن كېيىن كۆپ ئويلاندىم، ئۆزۈمنىڭ ئىستىقبالىنى ئۆزۈم يوقاتقاندىكىن، يەنىلا ئۆزۈمنى ئۆزۈم قۇتقۇزۇش قارارىغا كەلدىم، قارىسام شۇنچە ئوقۇپ كەنتىنىڭ تىراكتورچىسى بولغۇدەكمەن. خەقمۇ يۇرت ئارىلاپ جاھاندارچىلىق قىلىدىكەن، تەۋەككۇل قىلىپ بىر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتاي دەپ ئاشپەزلىكنى تاللىدىم. پىلانىم بويىچە سەن بىلەن ھازىرچە كۆرۈشمەسلىككە ئۇرۇنۇپ يۈرگەنىدىم. بۈگۈنكى كۆرۈشۈپ قېلىشىمىز جاھاننىڭ تارلىقىدىن بولدى!

نىياز سۆزىنى توختىتىپ خورسىنىپ قويدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى يۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلاپ ياتقان سەدىردىن بېشىنى ياستۇقتىن كۆتۈرۈپ:

— بۇ گەپلىرىڭنى ئاڭلاپ تۇرۇپ ساڭا ھەقىقەتەنمۇ تاپا - تەنە قىلالمىغۇدەكمەن. بىراق، ئۆيۈڭدىكىلەرگە دەپ قويۇپ كەلسەڭ ياخشى بولاتتى. بۇ قىلغىنىڭ قاملاشماپتۇ، — دېدى.

— باشتا مەنمۇ شۇنداق ئويلىغانىدىم، بىراق ئۇلارنىڭ مېنى تاللىغان يولۇمدا ماڭغىلى قويماسلىقىدىن ئەنسىرىدىم.

— بىر ھېسابتا بۇمۇ راست، ئەمما ئۇلار سېنى جاپا تارتىپ قالمىسۇن دەپ ئەنسىرەيدۇ شۇ.

— مەسىلە دەل مۇشۇ يەردە، سەن - بىزدەك كۆزى ئېچىلغانلار كونا رامكا ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىقالمىساق قانداق بولغىنى؟ ئويلاپ باقسام بىزدە شۇنداق بىر يامان كېسەل باركەن، ئاتا - ئانىلىرىمىز پەرزەنتلەرگە ئامراقلىقنى ئىپادىلەيمىز دەپ بىزنى ئەتىدىن كەچكىچە يېنىدا يېتىلەپ، يېقىلساق يۆلەپ يۈرىدىكەن، بۇ ئارقىلىق بىزنى مېھىر ئىچىدىكى قەپەسكە

سولايدىكەن. بىز بولساق ئاتا ـ ئانىمىزغا ۋاپادار بولىمىز دەپ ئۇلارنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقماي، ئاخىرقى ھېسابتا ئاشۇ كەتمەننى تاپىدىكەنمىز.

ــ راست دەيسەن.

ــ قېنى دەپ باقە، كەتمەن كىمگە يول ئېچىپ بېرەلىدى!؟ قورساقنى غورىگىل بېقىشقىلا ئاران يارىدى شۇ! باشقىلارچۇ، ئۆز ئەقلىگە تايىنىپ يول تاپىدىكەن، ئاتا ـ ئانىسىغا پوچتىدىن پۇل ئەۋەتىپ ھەقىقىي ۋاپادارلىقنى ئىسپاتلايدىكەن. ئىشلار مۇشۇنداق بولسا يوللۇق بولمامدۇ؟ راستىنى دېسەم قارا، مەن سەرگەردان بولغاندىن كېيىنلا ئەقلىمنى تاپقاندەك بولدۇم......

سەدىردىن نىيازنىڭ ھاياجان ئىچىدە دېگەن بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۇمۇ ھاياجانلاندى.

ــ بۇ گەپلىرىڭ ماڭا ئەجەب تەسىر قىلدىيا نىياز، قارىغاندا ئادەم ئۆمرىدە سەندەك بىر قېتىم سەرگەردان بولسا بولغۇدەك ـ ھە؟ــ دېدى ئۇ نىيازنى يەنە سۆزلەشكە ئۈندەپ.

ــ سەرگەردانلىقنى خالايدىغانغا بېشىڭ ئايلىنىپ قالمىغاندۇ سېنىڭ، ماڭا ھەۋەس قىلماي ياخشى ئوقۇغىن.

ــ ئاداش، بۇ قېتىم ئابدۇللا بىلەن خەلچەمنى كۆرۈپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى مېنىڭ. يېزىنىڭ جاپاسى ئۇلارنى بەكمۇ تۈگەشتۈرۈۋېتىپتۇ. بولۇپمۇ خەلچەم بەك جۇدەپ كېتىپتۇ.

ــ ئۇ ئىككىسى ئاتا ـ ئانىسىغا ۋاپادارلىقنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن مۇشۇ كۈنگە دۇچار بولدى. ئۆز ۋاقتىدا قايتا ئوقۇغان بولسا يول ئېچىلىپ قالاتتى ئەمەسمۇ.

ــ سېنىڭچە راشىدىننىڭ ئەھۋالى قانداقتۇ؟

ــ قاراپ تۇر، راشىدىن ھەممىمىزنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇ دېگەن ھەممىمىزدىن بۇرۇن ئويغانغان، ئىچكى ئۆلكىلەردە كاتتا غوجايىن بولۇپ كەتكەندۇ بۇ چاغقا!

— شۇنداق بولسىغۇ مەيلىتى. بىراق، بىرەر كىلىشمەسلىككە ئۇچراپ قالغان بولسا......

— جاھاننىڭ ئىشىكى كەڭرى. خۇدا ئۇنىڭ رىزقىنى شۇ تەرەپكە چاچقان گەپ، ئۇ چوقۇم روناق تاپىدۇ. بىزنى ئۇنتۇپ كەتمىسىلا بولدى. بۇ گەپلەرنى مۇشۇ يەرگىچە دېيىشەيلى، مەن ئەتە سەھەردىلا ئاشخانىغا بارمىسام بولمايدۇ، ئەمدى كەۋسەر توغرۇلۇق گەپ قىلىپ بەرگىنە، ئۇنىڭ بىلەن قانداق ئۆتۈۋاتىسەن؟

— ياخشى ئۆتۈۋاتىمەن.

— ئىنىقراق گەپ قىلمامسەن؟ ئىككىڭلارنىڭ مۇھەببەت ئىشىڭلار قانداق كېتىۋاتىدۇ دەپ سوراۋاتىمەن؟

— ئىككىڭلانىڭ مۇھەببىتى دېگىن! سەن مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەت باغلىشىمنى خالامسەن؟

— بۇ قانداق گەپ ئەمدى؟ ئىككىڭلارنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كەلگىنىڭلار مۇھەببىتىڭلارنىڭ باشلىنىشىغۇ!

— سەنمۇ شۇنداق قارايدىكەنسەن - ھە؟

— نېمە، خاتا گەپ قىلدىمما!؟ ئىلگىرى كەۋسەر بىلەن خەلچەم «كەلگۈسىدە بىز بىلەن بىللە ئۆتۈشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار ئاۋۋال ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتسۇن» دەپ جاكارلىغانغۇ!

— ساڭا راست گەپنى دېسەم، ئىككىمىز قىزغىن مۇھەببەتلىشىۋاتىمىز......

— يالغان ئېيتما!؟ نېمە دەيدۇ قېنى دەپ سوراپ باقسام، ماڭا يالغان ئېيتىۋاتىسەنغۇ؟

— راست. مەن ساڭا يالغان ئېيتمىدىم.

— سەدىردىن، بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ئەزەلدىن يالغان گەپ بولۇپ باقمىغان. مېنى بىلمەيدۇ دېمە، مېنىڭمۇ ئۇرۇمچىگە كەلگىنىمگە خېلى بولدى، كۆڭلۈڭدە نىياز سەرگەردان بولۇپ ئۆز

ئىشى بىلەن ئالدىراش دەپ ئويلاپسەن ـ دە؟ ئۆتكەندە كوچىدا پاكار بوي بىر قىزنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرگىنىڭگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى! كەۋسەرمۇ دائىم ئېگىز بوي، خېلى كېلىشكەن بىرسى بىلەن يېتىلىشىپ يۈرىدۇ، بۇنى ماڭا قانداق چۈشەندۈرىسەن؟

سەدىردىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى، نىيازنىڭ بۇ ئىشلاردىن قانداق خەۋەر تاپقانلىقى ئەقلىگە سىغمايتتى.

ــ نىياز، بۇ ئىشلارنى ساڭا كىم دېدى؟ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم دېگەن گەپلىرىڭگە ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيمەن، ــ دېدى سەدىردىن نىيازغا تىكىلىپ تۇرۇپ.

ــ نېمىشقا ئىشەنمەيسەن؟ ئۆرۈمچىدە مېنىڭ سىلەردىن باشقا يېقىنىم بولمىسا، سىلەرنى سىرتتىن بولسىمۇ كۆرۈپ تۇرمىسام بولامدۇ! ئۆرۈمچىگە چىققاندىن كېيىن دەسلەپتە تۇرمۇشتا بەكمۇ قىينالدىم. قولۇمدا پۇل بولمىغاچقا ئاچ قالغان كۈنلەرمۇ بولدى. بىزنىڭ ئۆيدىكى ھېلىقى جىنچىراغنى بىلەتتىڭغۇ، ئۇنى قاشتېشىمىكىن دەپ گۇمان قىلاتتىم، ئۆيدىن چىقىپ كېتىدىغاندا ئەقلىمنى ئىشقا سېلىپ ئۇنى سومكىغا سېلىۋالغانىدىم، خۇدانىڭ ياخشىلىقى بىلەن ئۆرۈمچىگە كېلىپ پاكىزلاپ قارىسام راستىنلا قاشتاش ئىكەن، غاچچىدە 3000 سومغا ساتتىم، شۇنىڭدىن كېيىن يېيىشكە تاماق، يېتىشقا ياتاق تەل بولدى، شۇ چاغدا مەن ئىككىڭلارنى كۆزەتكەن، قانداق، ئەمدى تانالمايسەنغۇ دەيمەن؟

ــ ئۇنداق قىلىپ جاپا تارتقۇچە بىز بىلەن كۆرۈشسەڭ بولماسمىدى؟

ــ مەن ئاقتاشتىن چىققان ۋاقتىمدا ئۆز ـ ئۆزۈمگە بىلىمنى رۇسلىماي تۇرۇپ سىلەر بىلەن كۆرۈشمەسلىككە ۋەدە بەرگەنىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلەرنىڭ ساتقۇنلۇق قىلىپ مېنى ئۆيدىكىلەرگە تۇتۇپ بېرىشىڭلاردىن قورقاتتىم ـ دە!

ــ ھۇ قاقباش! نېمانچە يامان بولۇپ كەتتىڭ سەن!؟

راست، نىياز ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق ئويلىغان ھەم شۇنداق قىلغانىدى. ئۇ ئۇرۇمچىگە كەلگەن دەسلەپكى كۈنلەردە روھى سۇنۇق ھالدا خىلىغىچە بويۇن قىسىپ يۈردى، سەرسانلىق ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا دوستلىرىنى سىغىنىشتىن ئىبارەت كۆچلۈك يالقۇننى تۇتاشتۇرغان بولۇپ، ئۇ بىرنەچچە كۈنگىچە ئىختىيارسىز 1 ـ ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئالدىغا نۆۋەت بىلەن كېلىپ، سەدىردىن بىلەن كەۋسەرنى يىراقتىن بولسىمۇ كۆرۈۋېلىشنى ئىستەپ، ھەرھالدا بۇ يولدا بىرنەچچە قېتىم مېڭىپ مەقسىتىگە يەتكەن، ھەتتا بىر قېتىم تەلئەت بىلەن كەۋسەر قىزىل تاغقا چىقىپ سەيلە قىلغاندا، ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپمۇ بارغانىدى.

— ساڭا ئەمدى راست گەپنى دېمىسەم بولمىدى، نىياز، سىنىڭ پەرىزىڭ توغرا، ئىككىمىز ھەقىقەتەنمۇ ياخشى ئۆتەلمىدۇق. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەبىنىڭ ئازراقى مەندە، كۆپرەكى كەۋسەردە دەپ ئويلايمەن. ئۇ سەن گېپىنى قىلغان ھېلىقى تەلئەت بىلەن يۈرۈۋاتىدۇ، شۇنچە قىلىپمۇ ئۇنى يولىدىن قايتۇرالمىدىم.

— ئۇنداقتا ھېلىقى پاكار بوي قىز بىلەن ئارىلاشقىنىڭ راستكەن شۇنداقمۇ؟

— ياق، ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ، بىراق مېنىڭ ئۇنىڭغا رايىم يوق. ساۋاقداشلىق نۇقتىسىدىن گاھىدا بىللە كوچا ئارىلاپ قويىمىز شۇ، جاھاننىڭ ئىشلىرى مۇشۇنداق قىزىق ئوخشايدۇ، «ئىككى دەردمەن بىر بولۇپ مۇرادىغا يەتكەن يوق» دەپ كونىلار توغرا ئېيتقانىكەن.

— مىجەزىڭنى ياخشى بىلىمەن، بەزىدە ئالدىراشقا تېگىشلىك ئىشلاردا لىگتاسىملىق قىلىسەن، سوغۇق قان بولىدىغان ئىشلارغا كەلگەندە ئۆزۈڭنى تۇتالمايسەن. قارا، كەۋسەرنى ناتونۇش بىرسى تارتىۋالدى دەپ ئولتۇرغىنىڭنى، سەنمۇ ياخشى سۆز ـ

ھەربكەتلىرىڭ بىلەن ئۇنى ئۆزۈڭگە قاراتمامسەن!؟
— ئېنىقراق گەپ قىلغىنە، سېنىڭچە مەن قانداق قىلسام بولار؟
— مېنىڭچە، كەۋسەر ھەرقانچە قىلسىمۇ ئارىمىزدىكى دوستلۇقنى كۆز يۇمالمايدۇ. سەن مانا مۇشۇ ياخشى كۆزىردىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ قەلبىگە ئاستا ـ ئاستا سىڭىپ كىرىشىڭ لازىم. ياخشىسى سەن ھېلىقى تەلئەت دېگەندىن ئارتۇق بولغان ئىقتىدارنى ئۆزۈڭدە يېتىلدۈر، شۇنداق قىلالىساڭ كەۋسەرگە ئېرىشەلەيسەن.
— بۇ ئۇسۇل راست كارغا كېلەرمۇ؟
— كەۋسەرنىڭ كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ خاراكتېرىنىڭ ئۇستۇنلۇكىنى، ھەممە ئىشتا باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشۈشنى خالايدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىغانسەن؟
— ئەقلىڭگە بارىكاللا، يورغا، ھەقىقەتەن پىشىپ يېتىلىپسەن، كۆز ئالدىمدىكى قاراڭغۇلۇقنى يورۇتۇۋەتتىڭ، ئەقلىم ئەمدى ئېچىلدى، چوقۇم دېگىنىڭدەك قىلىمەن. دوستلۇقىمىز ياشىسۇن!
ئۇلار شۇ تەرزدە بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن بىر كارىۋاتتا يېتىشقىنىچە ئۇخلاپ قېلىشتى.
ئەتىسى نىياز ئالدىراش ئاشخانىغا كەتتى. سەدىردىن يەكشەنبىگىچە بولغان ئۈچ كۈننى ناھايىتى ئۇزاق ھېس قىلىشقا باشلىدى، قەلبىدە قايتا يانغان ئۈمىد شامى ئۇنى ھاياجانغا سېلىۋەتكەنىدى.
خاسىيەتلىك يەكشەنبە ئاخىر يېتىپ كەلدى. سەدىردىن ئورنىدىن ئەتىگەن تۇرۇپ، ئاياپ كىيىدىغان كاستۇم ـ بۇرۇلكىسىغا دەزمال سالدى، ئايىغىنى قېتىرقىنىپ مايلىدى، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ ساتراشخانىغا كىردى. ئۆزىنى بىر ئوبدان

ئىسكەتلىلىۋالغاندىن كېيىن پىلان بويىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا كەلدى - يۇ، نېمىشقىدۇر يۈرىكى بىرنېمىدىن قورققاندەك سوقۇپ، پۇت - قوللىرى ئىختىيارسىز تىترەشكە باشلىدى، ئۇنىڭ بۇ خىل ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىنىڭمۇ ئەلۋەتتە سەۋەبى بار ئىدى. چۈنكى، سەدىردىننىڭ تەلئەتكە يازغان ئاشۇ خېتىنىڭ جاراھىتى تېخى ساقايماي تۇراتتى. سەدىردىن بىلەن كەۋسەر ئىككىسى ئاقتاشتا چاندۇرمىغان بىلەن، ئۈرۈمچىگە قايتقاندىن كېيىن ھەممە ئىش ئەسلىگە قايتقانىدى. سەدىردىن كەۋسەرنىڭ ياتىقىنىڭ ئالدىغا كەلگەن بولسىمۇ، ياتاققا كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي، دەرۋازا ئالدىغا قايتىپ چىقتى، ئۇ كەيپىياتىنى تەڭشىۋېلىشقا ھەرقانچە ئۇرۇنسىمۇ يۈرىكى ھېلىھەم رىتىمسىز سوقۇۋاتاتتى. «توۋا، — دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ، — بۈگۈن ماڭا نېمە بولدى - ھە؟ ئەجەب بىر ھالغا كېلىپ قالدىمغۇ.» راست، ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن بېرى بوش ۋاقىتلاردا دوستلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆزىنىڭ سۆزمەنلىكى، بەردەملىكى بىلەن خېلىلا دو سۈرۈپ يۈرگەن سەدىردىن شۇ تاپتا ئاتا - ئانىسىدىن ۋە بارلىق ۋەجدىن جۇدا بولغان ناتىۋانغا ئوخشاپ قالغانىدى. بىر چاغدا سەدىردىننىڭ قۇلاق تۈۋىدە نىيازنىڭ بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن دېگەن سۆزلىرى جاراڭلاپ، جىسمى قايتىدىن كۈچكە تولغاندەك بولدى - دە، كەۋسەرنىڭ ياتىقىنىڭ ئالدىغا قايتىدىن كەلدى. دېمىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ياتاققىمۇ كىردى. كەۋسەر دېرىزە ئالدىدىكى ئەينەككە قاراپ سۇمبۇل چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈۋاتاتتى. «بوي - تۇرقى نېمدېگەن گۈزەل - ھە! كۆرۈۋاتقىنىم مەن بىلەن غازلىقتا بىللە ئويناپ چوڭ بولغان كەۋسەر شۇمۇدۇ! ئەمدى بىلدىم، تەلئەت دېگەن ئاق نانچى ئۈرۈمچىدە شۇنچە ئىمتىيازى بار تۇرۇپ ئۇنى مەندىن بىكار تالاشمايتتىكەن، ياق، كەۋسەر، سەن پەقەت مېنىڭ، پەقەت ۋە پەقەت مېنىڭ بولۇشۇڭ كېرەك.

سېنى مەنىدىن تارتىۋالىدىغان زادى كىمكەن ئۇ!» سەدىردىن كەۋسەرگە قاراۋېتىپ ئۆز - ئۆزىگە شۇلارنى پىچىرلىدى، ئۇنىڭ كۆتۈلمىگەندە ياتاققا كىرىپ كەلگىنىنى بىرىنچى بولۇپ كۆرگەن كامىنۇر:

— ۋۇي، بۇگۈن خاسىيەتلىك يەكشەنبىدە ئەجەب بىسمىللا دەپ بولغۇچە چاقىرىلمىغان مېھمان كېپ قالدىغۇ! — دېدى تەنە تەلەپپۇزدا.

سەدىردىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنچىقماي تۇردى. چۆچۈپ كەينىگە بۇرۇلغان كەۋسەرنىڭ سېھرىي نۇرلارغا تولغان شەھلا كۆزلىرى سەدىردىننىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. كەۋسەرنىڭ كەينىگە قايرىلغانىدىكى ئاجايىپ نازاكەتلىك ھەرىكىتىگە قاراپلا قالغان سەدىردىن دۇدۇقلىنىغىنىچە:

— مەن...... مەن...... نىياز بىلەن كۆرۈشتۈم، ئۇ ئاشخانىدا ئىشلەۋېتىپتۇ، شۇڭا ئىككىمىز ئۇنىڭ يېنىغا بارايلى دېگەن...... — دېيەلىدى ئارانلا.

— نىياز؟ راستىنلا سەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈڭمۇ؟ ئۇ ئۈرۈمچىگە قاچان كەپتۇ؟

كەۋسەرنىڭ ھېلىلا بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلغان چىرايى ئەمدى ئاۋغۇست ئېيىنىڭ ئاپتىپىدەك ئېچىلىپلا كەتتى. شۇندىلا سەدىردىننىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشتى، كەۋسەردىن تىنچلىق سوراشنىڭ ئورنىغا، ئەقلىنى ئىشلىتىپ نىيازنىڭ گېپىنى قىلغانلىقىغا كۆڭلىدە خۇش بولدى، ئۇ ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ:

— نىياز ئۈرۈمچىگە كەلگىلى ئۇزاق بوپتۇ، ئۈچ كۈن ئىلگىرى تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇنىڭ سەن بىلەن بەكمۇ كۆرۈشكۈسى بار ئىكەن، بۈگۈن يولىمىزغا قاراپ تۇرىدىغان بولغان، — دېدى.

— بىردەم ساقلاپ تۇر، ئىشىم ھازىر تۈگەيدۇ.
كەۋسەرنىڭ خۇشاللىق ئىلكىدە ئالدىراپ ئۆز ئىشىغا تۇتۇش قىلىۋاتقىنىنى كۆرگەن كامىنۇر كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇپ، قايسىبىر ژۇرنالنى قولىغا ئالغان سەدىردىنگە مەنىستىمەسلىك نەزەر بىلەن قاراپ قويۇپ دېدى:
— تەلئەتنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، مىسلداپ ئولتۇرماي چاپسانراق بولمامسەن!
سەدىردىن ئۇنىڭ مەقسىتىنى بىلگەن بولسىمۇ ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى، كەۋسەر چاچلىرىنى ئالدىراپ تارىغىنىچە:
— سەن ھازىرلا مىرئادىلغا دەپ قويغىن، مېنىڭ بۈگۈن مۇھىم ئىشىم چىقىپ قالغىنىنى تەلئەتكە يەتكۈزۈپ قويسۇن، مەن ھازىر نىياز بىلەن كۆرۈشكىلى بارىمەن، — دېدى كەسكىن تەلەپپۇزدا.
— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ بۇنداق قىلساڭ تەلئەت خاپا بولۇپ قالامدۇ!؟ سېنىڭ ئاشۇ بىر مەھەللىلىك دوستلىرىڭ بىلەن كۆرۈشىدىغان ئىشىڭ تۈگىمەيلا كەتتىغۇ! ھېلى ئۇنىڭ گېپىنى قىلىسەن، ھېلى بۇنىڭ، ئەمدى نىياز دەپ بىرسى پەيدا بولدى، ئەتىلىككە كىم كېلەركىنتاڭ؟
— ئەتىلىككە راشىدىن كەلسە بولاتتى!
كەۋسەرنىڭ كۆلۈپ تۇرۇپ دېگەن بۇ سۆزى كامىنۇرنى يەنە تېرىكتۈردى، ئۇ چامادانىنى ئېچىۋېتىپ دېدى:
— قويغىلى ئىسىم تېپىلمىغانىدەك ئەجەب قاملاشمىغان ئىسىملارغۇ بۇ، راشىدىن، نىياز.....
— بۇنچە خاپا بولۇپ كەتمە، كامىنۇر، نىياز دېگەن مېنىڭ يېقىن دوستۇم، ئۇنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەن مۇشۇنداق چاغدا ھال - مۇڭ بولمىسام بولامدۇ؟ ئۇنىڭ تېپىلغانلىقى ئالاھىدە خۇش خەۋەر دېگىنە!

— سېنىڭ ئۇ چوپقەتلىرىڭنىڭ قايسىبىرىنىڭ بېشىغا كۆن چۈشمىگەن! ماڭا دەپ بېرەرسەن شۇ، بىرى ياردىن ئۆچتى، يەرگە چۈشۈپ قۇيرۇقى سۇندى...... دەپ ......

— بولدى - بولدى، بۇنچىۋالا قايناپ كەتمە! مەن بىرىپلا قايتىپ كېلىمەن.

— ئاشۇ بىرنېمىلىرىڭنىڭ گېپى چىقسىلا، ئەقلىڭ باشقا ھېچ نەرسىگە ئىشلىمەي قالىدۇ سېنىڭ!

كامىنۇر شۇنداق دەپ غودۇڭشىغىنىچە ياتاقتا قالدى.

تولىمۇ ئەپسۇس! سەدىردىن بىلەن كەۋسەر نىياز ئىشلەۋاتقان ئاشخانىغا كەلگەندە نىياز ئالدىنقى كۈنى نەگىدۇر كېتىپ قالغان بولۇپ چىقتى. غوجايىن ئايال سەدىردىنگە گۆلەيدى، ئۇنىڭ بوگۈنكى ئەلپازىنىڭ يامانلىقىدىن يېنىدىكى ئورۇق كىشى توسۇۋالمىغىنىدا سەدىردىنگە تىل سالىدىغاندەك، ھەتتا ياقىسىدىن قامالاپ:« نىيازنى تېپىپ بەر، بىر ئوبدان ئىشلەۋاتقان يىگىتنى سەن ئازدۇردۇڭ» دەپ جېدەل قىلىدىغاندەك ئىدى. كەۋسەر ئۇنىڭ ئەلپازىدىن ھەممىنى چۈشىنىپ سەدىردىننىڭ قولىدىن تارتىپ سىرتقا چىقتى، ئىككىسى مەيۈس ھالدا مېڭىپ ئاشخانىدىن خېلىلا يىراقتىكى ئارچىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ تۇرۇشتى.

— نىيازغا زادى نېمىش بولغاندۇ؟ — دېدى كەۋسەر خىيالچان ھالدا، — راشىدىننى ئىزدەپ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كېتىپ قالمىسىغۇ مەيلىدى.

— مەنمۇ ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشىدىن ئەنسىرەيمەن. نىياز راشىدىندەك چىدامىلىق ئەمەس، بېشىغا يەنە كۈن چۈشۈپ قالسا تۆگىشىپ كېتىدۇ.

سەدىردىننىڭ بۇ گېپى كەۋسەرنى ئويغا سالدى. كېيىن ئۇلار يانىدىكى ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يەۋېتىپمۇ نىيازنىڭ ئىز - دېرەكسىز غايىب بولغانلىقىدىكى سەۋەبلەر ھەققىدە پاراڭلاشتى،

كەۋسەر بارغانسېرى تىت ـ تىت بولسا، سەدىردىن مۇشۇ ئىش باھانىسىدا كەۋسەر بىلەن بىمالال پاراڭلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىدىن خۇش ئىدى، دېمىسىمۇ ئۇ تەلـئەتكە قوپال مەزمۇندا خەت يېزىپ كەۋسەرنى رەنجىتكەندىن بۇيان، كەۋسەر بىلەن ھازىرقىدەك ئوچۇق ـ يورۇق پاراڭلىشىپ باقمىغاچقىمۇ، شۇ تاپتا قەلبى دولقۇنلىناتتى، قانداقتۇر بىر خىل ھاياجانلىق تۇيغۇ تومۇر ـ تومۇرلىرىدا كۆۋەجەپ ئاقاتتى.

— ئارىدا سەن بىلەن ئوبدانىراق پاراڭلىشاي دەپ ئويلىغانىدىم، پۇرسەت بولماي قالدى، — دېدى كەۋسەر ئاخىرىدا سەدىردىننىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەك. ئۇنىڭ بۇ گېپى سەدىردىننى بىردىنلا جىددىيلەشتۈرۈپ قويدى.

— مەن ئالدى بىلەن سەندىن ئەپۇ سورايمەن، ئالدىڭدا بەكمۇ خىجىلمەن، مەن ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ بەزىبىر ئىشلارنى سادىر قىلدىم، ھېلىقى بىر ئىشتا ھەقىقەتەنمۇ ساڭا يۈز كېلەلمەيمەن. لېكىن، مەن......مېنى ئەپۇ قىلارسەنمۇ؟ — شۇ تاپتا سەدىردىن بۇ گەپلەرنىڭ ئاغزىدىن قانداق چىققانلىقىنى بىلمەيلا قالدى، بۇ گەپلەرنى شۇنداق تېز دېۋالمىسا كەۋسەر ھازىرلا بۇ يەردىن كېتىپ قالىدىغاندەك سېزىمغا كېلىپ قالغانىدى.

— بۇنچە دەپ كېتىشىنىڭ ئورنى بارمۇ؟ بىز دېگەن بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان دوستلار تۇرساق.

— كەۋسەر، مېنى راستتىنلا ئەپۇ قىلامسەن؟

— مەندىن كەچۈرۈم سورىمىساڭمۇ بولىدۇ، ئۇ چاغدا مەنمۇ ساڭا قوپاللىق قىلىپ سالدىم، بولدىلا، ئۇ ئىشلارنى ھەر ئىككىمىز كۆڭلىمىزدىن چىقىرىۋېتەيلى، ھەرقانچە سىڭايان قاراشساقمۇ مانا بۈگۈنكىدەك ئىشلاردا بىر يەرگە كېلىپ قالىمىز.

— ناھايىتى توغرا دېدىڭ، — سەدىردىن ئەسلىدە

كەۋسەرگە تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ تەسىرلىك گەپلەرنى دېمەكچىدى، بىراق ھاياجانلىق كەيپىيات بۇنىڭغا ئىمكان بەرمىدى. كەۋسەر سەدىردىنىڭ ئۆزگىچە بۇ ھالىتىنىڭ تېگىگە يەتتىمۇ قانداق:
— قايتايلى، سەن ۋاقتىڭ يەتسە نىيازنى ئىزدەپ باق، — دېگىنىچە ئورنىدىن تۇردى.
مۇشۇنىڭ ئۆزىلا سەدىردىنگە يېتەرلىك ئىدى، گەرچە ئۇ بۈگۈن كەۋسەرگە ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتەلمىگەن بولسىمۇ، ھەرھالدا بۇنىڭدىن كېيىن كەۋسەر بىلەن بىمالال پاراڭلىشىدىغان بولنى ئېچىۋالدى. ئىككىسى ئاشخانىدىن چىقىپلا روزى كاداك بىلەن دوقارىشىپ قالدى.
— تووۋا! ماۋۇ باللارنىڭ ئەمدى ئۇچرىغىنىنى! تۈنۈگۈن ماڭا مۇشۇنداق ئۇچرىغان بولساڭلارچۇ! نىيازنى بۇنداق قاچۇرۇپ قويمايتتۇق ئەمەسما!؟ — دېدى ئۇ سەدىردىنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ.
— ساڭا نېمە بولدى، روزىكا، بىز بىلەن كۆرۈشە - كۆرۈشمەي سۆزلەپلا كەتتىڭغۇ! ئاۋۋال ئۇرۇمچىگە قاچان، نېمىش بىلەن كەلگەنلىكىڭنى دوكلات قىلىپ بولۇپ ئاندىن قاقشىمامسەن! مەھەللدىكىلەر تىنچ - ئامانمۇ؟
— مېنىڭ قاقشىشىمنىڭ سەۋەبى بار، ئۇكام سەدىردىن، سىلەر ئۆتكەندە ئەخمەتكامنىڭ يىغىسىنى كۆرگەنسىلەر، بىچارە بوۋاي نىيازنىڭ دەردىدە تۈگىشىپلا كەتتى، ماۋۇ نىياز دېگەن ھايتاق تاز ئاشخانىدا بەخىرامان تاماق ئېتىپ يۈرۈپتۇ، تۈنۈگۈن ئۇنىڭغا: «مۇشۇ يەردە ئىشلەپ تۇرغىن، مېنىڭ ئىشىم ئەتە تۈگەيدۇ، ئىككىمىز ئاقتاشقا كېتەيلى» دېگەن تۇرسام، لەۋزىمنى ئىلىك ئالماي قېچىپ كېتىپتۇ ئەمەسما؟
روزى كاداك سۆزلەۋېتىپ ھېلىقى ئاشخانا تەرەپكە ئارىلاپ

قاراپ قوياتتى، كەۋسەر بىلەن سەدىردىن بىر - بىرىگە مەنىلىك بېقىشتى. كېيىن كەۋسەر ئېغىز ئېچىپ:
— روزىكا، نىيازنى ئەسلىدە سىز ئۆركۈتۈۋېتىپتىكەنسىز - ھە؟— دېۋىدى، سەدىردىن ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ئېيتتى:
— سەنمۇ قىزىقكەنسەن، روزىكا، ئاقتاشتا قىلنى قىرىق يارىمەن دەپ پو ئېتىپ يۈرەتتىڭ، چاغلىقكەنسەنغۇ! نىيازغا شۇنداق گەپ قىلساڭ ئۇ سېنى ساقلاپ تۇراتتىمۇ!؟
— خەپ، نىياز، قېچىپ كەتمىگەن بولساڭ قولىڭدىن تۇتۇپ ئاپىرىپ ئەخمەتكامنىڭ دۇئاسىنى ئالاتتىم ئەمەسمۇ!
روزى كاداڭ ئاچچىق يۇتۇپ شۇنداق دېگەندى، سەدىردىن كۆڭلىنى ياسىدى:
— بولار ئىش بولدى، ئۆرۈمچىگە ئاران بىر كەلگىنىڭدە ساڭمۇ تاپا - تەنە قىلمايلى، ئەمدى نىيازنىڭ گېپىنى قويۇپ ئۆرۈمچىگە نېمىش بىلەن كەلگەنلىگىڭنى ئېيتقىنە، كاداڭ ئاكا؟
— مانا، مۇشۇ كاساپەتنىڭ ئىشى بىلەن كەلمىسەم، نېمە بار دەيسەن ماڭا بۇ يەردە، ئۇكام، — روزى كاداڭ سۆزلەۋېتىپ بوينىدىكى چىگىتتىن سەل چوڭراق موخەكنى بارمىقى بىلەن يېنىك بېسىپ قويدى، — بۇ بىرنېمە ئىككى ئاي ئىلگىرى بوينۇمغا تۇرۇپلا پەيدا بولغانىدى، ناھىيەدىكى دوختۇرخانىدا بىر ئايغا يېقىن ياتتىم، ئاخىرىدا دوختۇر «ئۆسمىكەن، ۋىلايەتكە بېرىپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمەي، ئۇدۇل ئۆرۈمچىگە بېرىڭ» دېدى. شۇنداق قىلىپ، قوي، كالىنى سېتىپ غەملىگەن ئىششەك پۇلنىڭ بېشىغا سۇ قۇيدۇم مانا، ئالدىنقى ھەپتە بۇ يەرگە كېلىپلا دوختۇرغا كۆرۈنسەم، ئۇلار «قورقماڭ، بەز قېتىۋاپتۇ، خەتىرى يوق، ئازراق دورا يەپ بەرسىڭىز يوقاپ كېتىدۇ» دەۋاتمامدۇ! خەجلىۋەتكەن پۇلغا ئېچىشىپ بىر كۈن تاماقمۇ يېمىدىم، تۈنۈگۈن ھەرھالدا جاننى مۇھاپىزەت قىلاي دەپ ئەنە ئاۋۇ ئاشخانىغا كىرىپ

نىياز بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، شۇنچە كۆپ پۇلنى بۇزغانغا تۇشلۇق نىيازنى بولسىمۇ يۇرتقا ئېلىپ كېتەي دېسەم، ئۇمۇ قېچىپتۇ مانا، ئىشلىرىم مۇشۇنداق تەتۈر كەلسە قاقشىماي قالامدىمەن!

روزى كاداڭنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ سەدىردىن كۆلۈۋەتكىلى تاسلا قالغان بولسىمۇ، بىراق كەۋسەرنىڭ بىردىنلا ھېسداشلىقى قوزغالدى. دېمىسىمۇ روزى كاداڭنىڭ باياتىنقى باش - ئاخىرى يوق گەپلىرىنى ئۆز تەرتىپى بويىچە چۈشەنگەندە، ئۇنىڭ ناھىيەدىكى قايسىدۇر لاياقەتسىز دوختۇرنىڭ خاتا دىياگنوزى بىلەن كۆپ چىقىمدار بولغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

— ئۇكىلىرىم، مۇشۇ ئەنسىزچىلىكتە سىلەرگە يۇرتتىن خەت - خالتىمۇ ئېلىپ كېلەلمىدىم، ئىشقىلىپ، يۇرت - مەھەللە ھەم ئاتا - ئانىلار تىنچ - خاتىرجەم تۇرۇۋاتىدۇ، پىلانىمدا ئىشلىرىمنى تۈگىتىۋالسام سىلەرنى ئىزدەپ تېپىپ كۆرۈشۈپ قايتارمەن دەپ ئويلىغانىدىم، خۇدايىم بۈگۈن سىلەرنى ماڭا بۇ يەردە ئۇچراشتۇردى، جۈرۈڭلار، نىيازنى ئىزدەپ تاپايلى، مەن ئۇنى ئېلىپ كېتەي.

روزى كاداڭ شۇلارنى دېگەندىن كېيىن بايا كەلگەن تەرەپكە مېڭىۋىدى، سەدىردىن ئۇنى توسۇۋالدى:

— روزىكا، ئۈرۈمچىدىن ئادەم ئىزدەش دېگىزدىن يىڭنە ئىزدىگەندىن قىيىن، مۇنداق نىشانسىز ئىزدىسەك نىيازنى تاپالمايمىز. سەن ئىشلىرىڭنى تۈگىتىپ يۇرتقا خاتىرجەم كەتكىن، نىيازنى مەن ئىزدەي.

روزى كاداڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالغانىدى، كەۋسەر سالماق تەلەپپۇزدا دېدى:

— سەدىردىن توغرا ئېيتتى، روزىكا، سىز يۇرتقا خاتىرجەم كېتىۋېرىڭ، ھېلىمۇ كۆپ چىقىمدار بوپسىز، بىز مۇشۇ يەردە بولغاندىكىن نىيازنى چوقۇم تاپىمىز.

روزى كاداڭ ئۈنچىقماي ئازراق تۇرغاندىن كېيىن بۇ ئىككىيلەننىڭ مەسلىھەتىگە قوشۇلدى:

— دېگەنلىرىڭلارمۇ توغرا، ئۇكىلىرىم، نىيازنى تاپايلى دېگىنىم بىلەن، بۇ شەھەردە ئۆزۈمنىمۇ يىتتۈرۈپ قويغۇدەكمەن. مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى ھېلى ماڭغان يولۇمنى تاپالماي ئېزىقىپلا يۈردۈم، ئۈنداق بولسا مەن يۇرتقا قايتىپ كېتەي، نىيازنى تاپالىساڭلار ئۈنىڭغا نەسىھەت قىلىڭلار، ئەخمەتكامغا ئىچى ئاغرىسۇن، ماخما؟

— روزىكا، ياخشىسى سەن ئەخمەت دادامغا نىيازنىڭ ئاشخانىدىن يوقاپ كەتكەنلىكىنى دېمەي، ئۇرۇمچىدە ئاشپەزلىكنى ئۆگىنىۋېتىپتۇ دەپ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ قويغىن.

سەدىردىنىنىڭ بۇ گېپى كەۋسەرنىڭ كۆڭلىگە ياقتى:

— راست، سەدىردىن توغرا ئېيتتى، شۇنداق دېسەڭىز ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشىدۇ، — دېدى كەۋسەر سەدىردىنگە رازىمەنلىك بىلەن قاراپ قويۇپ.

روزى كاداڭ خوشلىشىپ يولىغا ماڭغاندىن كېيىن، كەۋسەر بىلەن سەدىردىنمۇ خوشلاشتى، بۈگۈنكى ئىشتىن گەرچە كەۋسەر بىلەن روزى كاداڭنىڭ كۆڭلى يېرىم بولغان بولسىمۇ، بىراق سەدىردىن كەۋسەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۆز ئىزىغا سېلىۋېلىشتەك مەقسىتىگە يەتكەندى.

## تۆتىنچى باب

# تۇنجۇققان ۋىسال

قاراقۇرۇم تاغلىرىدىكى سان ـ ساناقسىز جىرالاردىن باشلىنىپ تەكلىماكان قۇملۇقىغا قۇيۇلىدىغان ئاقتاش دەرياسى نەچچە ئەۋلاد ئاقتاشلىقلارنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ تارىخىغا شاھىت بولغان بولسىمۇ، ئۇلارنى ئازابلىق ئەسلىملەرگە، ئۇھسىنىش ئىچىدىكى ئويلارغا غەرق قىلىدىغىنى يەنىلا نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى نامراتلىق، ئاچارچىلىق دەستىدىن نالە ـ پەرياد قىلىشقا مەجبۇرلىغان ئاشۇ قاباھەتلىك كەچمىشلەر ئىدى. مەھەللە دوقمۇشلىرىدا، پاكار سوقما تاملىق ئۆيلەردە، قومۇش، يۇلغۇن چىتەنلىك ھويلىلاردا، ئېرىق ـ ئۆستەڭ بويلىرى ۋە قىر ئۇستىلىرىدە كۆپرەك تىلغا ئېلىنىدىغان پاراڭلارمۇ بېرىپ ـ بېرىپ ئاشۇ قاباھەتلىك يىللارغا ئۇلىناتتى. بوگۈن كۈن غەربكە قىيسايغاندا مەھەللىنىڭ مەركىزى ھېسابلىنىدىغان سۆگەتلىك كۆل بويى ئېتىزلاردىن قايتقان، ئۇنداق ـ مۇنداق ئىشلار بىلەن مەھەللە ئارىلاپ كەلگەنلەرنىڭ جەم بولۇشى بىلەن جانلىنىپ كەتتى. مەھەللە كونىلىرىنىڭ تىلى بويىچە «سوپى بەگنىڭ كۆلى» دەپ ئاتىلىدىغان، ئەتراپى قۇچاق يەتمەيدىغان بىرنەچچە تۈپ بوتا سۆگەت بىلەن قورشالغان بۇ كۆل غازلىق مەھەللىسىدىكىلەرنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى ھېسابلىناتتى.

— قادىركا، شۇنداق قىلىپ، بۇ يىل قوغۇندا كۆرۈلگەن زىياننى پاختىسا پۇلىدىمۇ تولۇلىيەلمىدىم دەڭ! — دېدى كۆرەك تەلپىكىنى قىيسايتىپ كىيىۋالغان ئانايەت كۇدەك سوگەتكە يۆلىنىپ ئولتۇرغان قادىر ئاخۇنغا قاراپ خىرقىراق ئاۋازدا. قاپاقلىرى ئىششىپ، كۆزلىرى ياشاڭغىراپ قالغان ئانايەت كۇدەك شۇ تۇرقىدا خىللا جۇدەپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

— قوغۇننىڭ گېپىنى چىقىسىلا كۆڭلۈم بۇزۇلىدۇ، بىر ياز تەرلەپ- پىشىپ كالا بىلەن قوي يەيدىغان شاپاقنا ئىشلەپتىمەن. ئاشۇ خىمىيەۋى ئوغۇت دېگەن نېمىنى نېمىشقىمۇ ئىشلەتكەن بولغىيتتىم، ھەي نادانلىق، ھەي نادانلىق! باشتا ئەخمەتكامنىڭ دېگىنىگە كۆنۈپ يانتاق بىلەن قوي قىغى ئىشلەتكەن بولسام بۇ زىيانمۇ كۆرۈلمەيدىكەن ئەسلىدە، — قادىر ئاخۇن شۇنداق دېگىنىچە خورسىنىپ قويدى.

— ئوغۇتنىڭ گېپىنى قىلىشساڭلار ئۇزاق بولغان بىر ئىش ئېسىمگە كېلىپ قالدى. بىر كۈنى دادام «نېمىشقا قاپاقتا سىيمەي، باغدىكى ئۆرۈك تۈۋىگە جىغاپ قويىدۇڭ، 40 جىڭ سۈيدۈكنى مەن نەدىن تېپىپ ئەتىرەتكە ئۆتكۈزىمەن» دەپ مېنى تازا ساۋىدىغان دەڭلا، ھى - ھى - ھى...... — قاراماتاق يىگىتنىڭ سۆزى ئۈزۈلۈش بىلەن تەڭ:

— سەن زەڭگى ئۇ چاغدا ئورنۇڭغا سىيىۋېتىدىغان تۇرساڭ، نەدىمۇ بېغىڭدىكى ئۆرۈكنىڭ تۈۋىگە جىغايسەن؟— دېدى ئانايەت كۇدەك قىزىقچىلىق قىلىپ.

ئەتراپقا توپلانغانلار پاراققىدە كۈلۈشتى.

— راست، ئۇ چاغدا ماۋۇ ھاشىماخۇننىڭ زۇلمى يامانىدى. يىگىرمە نەچچە يىلدىمۇ بىر غېرىچ ئۆسمەيدىغان ئۇ ئەترەت باشلىقلىق ئەمىلىڭلادىن ئايرىلىپ، بىز بىلەن تەڭ بولغان مۇشۇ ۋاقتىڭلادا بىر سوراپ باقاي. دەپ بېقىڭلا قېنى، سىلىمۇ ئۇ چاغدا

شۇنچە كۆپ سىيەمتىڭلا، ئاداش؟
جاالىدىن ئاخۇنىنىڭ ھەيياارلىق بىلەن دېگەن بۇ سۆزىگە ھەممەيلەن قىزىققىنىچە ئەخمەت بوۋايغا سوگدىشىپ ئولتۇرغان ئىلمەك بورۇن كىشىگە قاراشتى.
— ئۇنچە كۆپ سىيىدىغانغا بىز كالا ياكى ئېشەك بولمىساق، كەم قالغان يېرىگە ماۋۇ كۆلنىڭ سۈيىدىن قۇيۇپ ئاپىراتتۇق شۇ! — ئىلمەك بورۇن كىشى شۇنداق دېگىنىچە كۈلۈپ كەتتى.
— بۇ گەپىڭغۇ ئانچە قىزىقى يوقكەن، ماۋۇ ئەخمەتكامنىڭ كاۋا ئوغرىلاپ يېگەن ئىشى ھەممىدىن قىزىق......
— يۇسۇپ ئاخۇن، ئەخمەتكاملارنىڭ ئوغرىلىغىنى كاۋا ئەمەس، ھى - ھى - ھى...... سىلىمۇ بىلمەيدىكەنسىلەر!
— ئەمىسە نېمە ئىدى كاۋا بولماي؟
— ھېلىقى...... ھى- ھى - ھى...... كالىنىڭ تېزىكى.
— ھاي- ھاي...... ئۇ ئىشلار قانداق بولۇپ ئېسىڭلەرگە كېپقالدى ئەمدى! ماۋۇ كىچىك باللارنىڭ يېنىدا ئۇ گەپلەرنى دېمەڭلار بولدى! — ئەخمەت بوۋاينىڭ بۇ تەلىپى ئېتىبارغا ئېلىنماي، ھەممەيلەن تۇشمۇتۇشتىن ئەخمەت بوۋايغا سوئال ياغدۇردى:
— بۇ ئىش راستمۇ؟
— قورسىقىڭلا شۇنداق بەك ئېچىپ كەتكەنمىدى؟
— راست كالا تېزىكىمىدى، ئەخمەتكا؟
— بۇ ھازازۇلىنىڭ گېپىگە ئىشەنمەڭلار، باللىرىم، بىز ئۇنىڭ كالا تېزىكىلىكىنى بىلىپلا تاشلىۋەتكەن.
— مانا، مەن ئۇ قىزىق ئىشنىڭ راستىنى دەپ بېرەي، — ھەممەيلەن ئانايەت كۇدەككە نەزەرنى ئاغدۇرۇشتى. ئانايەت كۇدەك تولىمۇ زوق بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى، — ئۇ چاغدا ھېلىقى كىشى تونۇرغا تۆت دانە كاۋا كۆمگەنىكەن، سەھەر پەيتىدە

ئەخمەتكىاملار دولقۇن قوزغاپ ئىشلەپ ئېچىرقاپ كېتىپتۇ. ماۋۇ هاشىم ئاخۇننىڭ ئۇ چاغدا بىر ۋاقلىقىمىزغا بېرىدىغىنى كۆزۈمدەكلا بىر زاغرا تۇرسا، قورساق ئاچماي قالامدۇ! شۇنىڭ بىلەن ئەخمەتكاملار جىگدە بولسىمۇ تېرىپ يەيلى دەپ مىگىپ ئاشۇ ئۆينىڭ يېنىغا كېلىپ قاپتۇ. ئاچ قورساقتا كاۋىنىڭ پۇرىقى يامان ئەمەسمۇ، ئۇلار پۇراپ يۈرۈپ تونۇردىكى كاۋىنى ئاخىر تېپىۋاپتۇ. دەسلەپتە ئىنساب قىلىپ كاۋىدىن بىرنى ئوغرىلاپ يارداڭلىقتا ئەكىلىپ يەپتۇ، كېيىن كاۋىنىڭ تەمى تىلىدا قېلىپ، يەنە بىرنى ئوغرىلاپ كېلىپ يەپتۇ. شۇ چاغدا كاۋىنىڭ ئىگىسى ئۆيىدىن چىقىپ تونۇردىكى كاۋىغا قارىسا ئىككىسى يوق، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىز- ئىزلاپ كېلىپ ئەخمەتكاملارنى يىراقتىن كۆرۈپتۇ، بۇ چاغدا ئۇلار ئۈچىنچى كاۋىنى ئوغرىلاپ كېلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپ ئولتۇرغانىكەن، ئۇ كىشى دەرھال ئۆيىگە كېلىپ، بىر كاۋىنىڭ شاپىقىنى بىكارلاپ، ئىچىگە كالىنىڭ تېزىكىنى تىقىپ تونۇرغا سېلىپ قويۇپ، ياندىكى پىچان دۆۋىسىگە يوشۇرۇنۇپ يېتىپتۇ......

— بولدى - بولدى، ئەمدى دېمىگىن، ئانايەت!

— تازا قىزىق يېرىگە كەلدى، ئەخمەتكا، بېشىنى دېگەندىكىن ئەمدى ئاخىرىنىمۇ دېۋېتەي، شۇنىڭ بىلەن ئەخمەتكاملار ئۇ كاۋىنى ئوغرىلاپ، يار بويىغا ئەكېلىپ يەيلى دەپ قارىسا.......

— ھەق تۈفى! بولدى - بولدى، دېمە ئەمدى!......

— نەدىن تاپتىڭ بۇ گەپنى؟

— مانا بولغان ئىش مۇشۇ، مېنىڭ بۇ گەپنى دېيىشىمدىكى مەقسەت ماۋۇ ياش باللارنى ئاش - تاماقنى ئىسراپ قىلماسلىققا كۆندۈرۈش، قورسىقىمىز نانغا ئاز - تولا تويۇۋىدى، ئىسراپخورلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

— ئانايەت راست دەيدۇ، نان خاپىلىقنى بوش تارتمىدۇق بىز، ئەمدى ئىسراپچىلىق قىلساق شۇنداق كۆڭلەر بىشىمىزغا يەنە كېلىپ قېلىشى مۇمكىن......

ئۇلار شۇ يوسۇندا پاراڭلىشىپ تۇرۇشقاندا ئابدۇللا يېزا تەرەپتىن ۋېلىسپىتىنى مىنىپ كەلدى.

— ئابدۇللا بوغالتىرنىڭ يېنىمىزغا كۆلۈپ كەلگىنىگە قارىغاندا بىزگە بىرەر خۇش خەۋەر بار ئوخشايدۇ - ھە؟ — قارىماتاق يىگىتنىڭ سۆزى ئۈزۈلۈشى بىلەن تەڭ ئابدۇللا ۋېلىسپىتىنى ياندىكى سۆگەتكە يۆلەپ قويۇپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — دېگىنىچە ھەممەيلەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

ئۇنىڭ ئەدەپلىك، ئېسىل خۇلقىغا زوقى كەلگەن ئانايەت كۇدەك ئادىتى بويىچە چاقچاق تەلەپپۇزىدا دېدى:

— ئابدۇللا كەنتىمىزگە بوغالتىر بولغاندىن بېرى سەۋىيەسى خېلى ئۆسۈپ قالدى، نېملا دېگەنبىلەن مەكتەپتە ئوقۇغان - دە! كىم بىلىدۇ، كېيىن سېكرېتار بولۇپ قالامدۇ تېخى!

— سېكرېتارلىق سىزدىن ئايلانسۇن، ئانايەتكا، سىلەرگە خۇش خەۋەرمۇ، شۇم خەۋەرمۇ ئېلىپ كەلدىم.

— بالام ئابدۇللا، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلمىغىنە، كۆڭلىمىزنى خۇش قىلىدىغان خەۋەرنى دە، شۇم خەۋەرنى دېمىگىنە، ماخما؟!

— ماقۇل ئەمىسە، سىلەرگە دەيدىغان خۇش خەۋەر: ھۆكۈمەت كېلەر يىلدىن باشلاپ نامرات ئائىلىلەرگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدىكەن ھەم يەنە ئۇلارنى كەسپلەشتۈرۈپ بېيىتىدىكەن، يەنە يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ قارارى بويىچە ھۆددە يەر قايتا تەڭشىلىدىكەن.

— ھۆددە يەرنى تەڭشىمەكچى بولغىنى بەلەن ئىش بوپتۇ،

ئەممازە، ئېتىبارنى ھەممىمىزگە بەرسە بولاتتى، ئارىمىزدا تېخى بېيىغان دېھقانلار بولمىغاندىكىن.
— قادىر ئاخۇن، ماۋۇ پومېشچىكنى ئۇنتۇپ قالماڭ.
— جالالىدىنكا، بۇ پومېشچىكنى خانىۋەيران قىلىپ ئۆيلىرىنى چېقىپ، توپىسىدا كۆزگى بوغداي ئوغۇتلاپ تۇگەتكەن تۇرساق، ئۇنى يەنە پومېشچىك دېگىلى بولامدۇ؟ ئۇنىڭ كۆنىمۇ بىزنىڭكىدىن بەتتەر تۇرسا.
— دېگىنىڭ دۇرۇس، بىر - بىرىمىزدىن پەرقىمىز يوق، ئۇكام ئابدۇللا، شۇم خەۋەرنىمۇ دېۋەتكىنە ئەمدى! مەن بويتاق ئادەم، كىچىچە ئۇخلىيالماي تولەپ چىقماي يەنە!
— ئانايەت توغرا دېدى، ئەمدى شۇم خەۋەرنى دېگىنە ئاڭلاپ باقايلى، ھېچ بولمىسا سۇ كەلگۈچە تۇغان ياسىغاچ تۇرارمىز.
— سۇ ھەققى بىلەن يەر بېجى ئۆسىدىكەن......
— ئۇكاموي! سېنىڭ قايسى گېپىڭ راست؟ ھېلى ھۆكۈمەت بىزنى يۆلەيدىكەن دەيسەن، ئەمدى سۇ ھەققى بىلەن يەر بېجى ئۆسىدىكەن دەيسەن، زەپ كاللاماتاڭ گەپ بولدىغۇ بۇ!
— قۇلاقنى كېسىپ، قوڭنى ياماپتۇ دېگەندەك ئىشقۇ بۇ!
— راست، پوخاقىنىڭ ئۇستىگە سۆگەل چىققاندەك ئىشكەن دەڭلا بۇ !
— ھاي...... ھاي، قارلىغاچتەك ۋىچىرلاپ كەتتىڭلارغۇ، ئەينا ھۆكۈمەت بىزنى بېيىتىپ بولۇپ، ئاندىن باھانى ئۆستۈرىدىكەن. قولىمىزدا پۇل بولسا ئۇنى ئاشۇنداق يەرگە خەجلىمەي نەگە خەجلەيمىز، تۇغقانلار؟
— بېيىتىپ بولۇپ شۇنداق قىلسىغۇ پۇل بېرەرسىز، بېيىپ بولغۇچە باھا ئۆسسە نېمە بېرىسىز؟ چاتىراققا قاراپ ئولتۇرىسىز شۇ!
— بولدى - بولدى، بوغالتىر ئۇكىمىزنى ئىككى ئېغىز گەپ قىلغىنىغا ھەلقۇمىغىچە تويدۇرمايلى، نىسى - نىسى كۆنلەرنى

بىشمىزدىن ئۆتكۈزۈپ يەنە ھايات مېڭىپ يۈرۈۋاتىمىزغۇ مانا، ئۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئىشقىلىپ، قورساق زاغرىغا بولسىمۇ تويسا شۇ كۇپايە، قانداق دېدىم، ــ ئانايەت كۇدەكىنىڭ بۇ سۆزى بىلەن ھەممەيلەن جىمىپ قالدى. كېيىن ئىلمەك بۇرۇن كىشى ئۇشتۇمتۇت:

ــ ئەخمەتكا، نىياز قاچمىغان بولسا مۇشۇ ئابدۇللادەك كەنت كادىرى بولۇپ قالاتتىكەن، ــ دېۋىدى، ئەخمەت بوۋاينىڭ قورۇقلار گىرەلىشىپ تۇرغان چىرايى بىردىنلا تۈتۈلۈپ، كۆكۈچ لەۋلىرى تىترەشكە باشلىدى، كالىنىڭ مۈڭگۈزىگە ئۇرسا تۈيىقى سىرقىرايدۇ دېگەندەك، ئارقىدىنلا بايىدىن بىرى چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ، زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرغان ھوشۇر موزدۇزنىڭ چىرايىمۇ ئۆڭۈپ يۈرىكى سىقىلغاندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن بايىدىن بېرىقى كۆڭۈللۈك پاراڭ خۇددى قاينىغان قازانغا سۇ قۇيغاندەك چىپپىدە ئۈزۈلۈپ قالدى. بىرنەچچەيلەن غىپپىدە كۆل بويىدىن يىراقلاشتى، ئەخمەت بوۋاي زۇۋان سۈرمەي ئۈجمىلىك يولغا چۈشكەنىدى، ھوشۇر موزدۇزمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئابدۇللا بۇ ئىككىيلەننىڭ شۇ تاپتىكى ھېسسىياتىنى ھەممىدىن ئوبدان چۈشەنگەچكە، ئىلمەك بۇرۇن كىشىگە دوق قىلىپ دېدى:

ــ سىزمۇزە...... دېگىلى گەپ تېپىلمىغاندەك نىيازنىڭ گېپىنى قىلىپ نېمە قىلاتتىڭىز ـ ھە؟

باشقىلارمۇ ئابدۇللاغا بولۇشۇپ ئىلمەك بۇرۇنغا كايىشقا باشلىدى:

ــ بۇ ئاكاممۇ ئەتىرەت باشلىقلىق ئەمىلىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن بېرى كىچىك بالىدەك سورىمىغان گەپنى تولا قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇغۇ تازا.

ــ ھەي ئىسست! ئەخمەتكام بىلەن ھوشۇر ئاخۇننىڭ ئىچىشقان يېرىگە تۇز سەپتى ئەمەسمۇ!

— ياش بىر يەرگە بارغاندىمۇ دېۋەڭلىك قىلغان بارمۇ!

— ئۇچۇم بولغان ئوغۇللىرى قۇدۇقتا چۈشكەن تاشتەكلا يوقاپ كەتسە يۈرەك چىدامدا، تۇغقانلار؟

ئانـايەت كۇدەكىنىـڭ سـۆزى ئۈزۈلۈشـىگىلا ئابـدۇللا نېمىنىـدۇر خىيـال قىلغىـنىچە ۋىلىـسپىتنى يېتىلەپ ئەخـمەت بـوۋاي بىـلەن هوشـۇر موزدۇزنىـڭ كەينىـدىن كىتـىپ قالـدى. بايـا ئابـدۇللانى كۆرۈپلا كۆڭلى بىر قىسما بولـۇپ قالغـان قـادىر ئـاخۇن ئۈجمىلىـك يولغا قاراپ قويۇپ:

— ئەخمەتكام بىلەن هوشۇر ئاخۇن تەقدىرداش بولۇپ قالـدى ئەمەسـمۇ، شـۇڭا بىـر - بىرىـدىن ئايرىلمـاي يۈرىـشىدۇ، مەنمـۇ قايتـاي، توپـاقنى تەسـكەنلىككە بـاغلاپ قويـۇپ كەلگەنىـدىم، بوشنىپ كەتمىسۇن يەنە، — دېگىـنىچە بـۇ يەردىـن ئايرىلـدى. قـادىر ئـاخۇن كەتكەنـدىن كېـيىن ئانـايەت كـۇدەكنى چۆرىـدەپ ئولتۇرۇشقانلار يەنە پاراڭغا چۈشتى.

— ئابـدۇللا قـادىر ئاخۇننىـڭ قىـزى خەلچەمنـى ئەگىـپ يۈرگـۈدەك، رازاق ئۇچىغـا چىققـان لـۈكچەك نـېمە، بىـرەر چاتـاق چىقمىغىدى دەيمەن.

— بـۇ قـۇرۇق زىيـالىيمۇ قاملاشـمىغان ئـىش قىپتـۇ، خەلـچەم ئەرگە تەگكـۈچە خىيالىـدا يـوق تـۇرۇپ، ئـۇ ئەرگە تېگىـپ بالىـسى بولغاندا قانات سۆرىسە ئىش قاملىشامدۇ!؟

— مەنمـۇ ئاڭلىـدىم، خەلـچەم رازاق بىـلەن «ئاجرىـشىپ كىتىمەن» دەپ تاكاللىشىپتىكەن، تازا تاياق يېگەنمىش!

— چاتاقنىڭ چوگى چىقامدۇ نېمە؟

— ئانايەتكا، بۇ گەپنى قويۇپ، هېلىقى چوكاننىڭ گەپلىرىنى دەپ بەرگىنە!

— نـېمىگە هېيىقىـسەن؟ قـاراپ بـاقە، چوڭلارنىـڭ هەممىـسى ئۆيلىرىگە كىتىپ، يېنىڭدا بىزلا قالدۇقتۇ! تارتىنماي دەۋەرمەمسەن!

ــ بوپتۇ، ھەممىڭلار تەڭتۇش بولغاندىكىن ئۇ گەپنى دەپ بېرەي، ــ ئانايەت كۇدەك سۆزلەشكە باشلىدى، كۆل بويىدا خېلى بىر چاغقۇچە كۆلكە ساداسى ئۆچمىدى.

*　　　*　　　*

خەلچەم بىلەن ئابدۇللا توغرىسىدا مەھەللىدە ئۇچۇپ يۈرگەن سۆز- چۆچەكلەرنىڭ ئەلۇەتتە ئاساسى بار ئىدى. ئەتىيازدا مۆھتىرەمخان ئابدۇللاغا سۇلايمان ياۋاشنىڭ قوشنا يېزىدىكى ئىنىسىنىڭ قىزى سارەمنى ئېلىپ بېرىمەن دەپ پايپېتەك بولۇپ يۈرگەندە، ئابدۇللا بۇ تويغا قوشۇلماي تۇرۇۋالغانىدى، كېيىن ئۇ خەلچەمنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىنى ئەگىيدىغان، بىر ئاماللارنى قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى ئىزدەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئىشنى ھەممىدىن بۇرۇن سەزگەن كىشى قادىر ئاخۇن ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ئېتىزدا چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا كېۋەز ئوتاۋاتقان مۆھتىرەمخانىنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ، بىردەم سۇلايمان ياۋاشنىڭ گېپىنى قىلىپ ئىشنى ئاقساتتى. كېيىن گەپنى ئابدۇللاغا يۆتكىدى. مۆھتىرەمخانىنىڭ ئابدۇللا بىلەن سارەمنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويماقچى بولغانلىقىنى دۇرۇس كۆردى، ئاخىرىدا شۇنداق دېدى:

ــ مۆھتىرەمخان، بۇ گەپنى سىلىگە دېمەي دېگەنىدىم، سۇلايمان ئاخۇنىنىڭ بىتاپ بولۇپ ياتقىنىغا ئۇزاق بولدى، ھالى شۇ، سىلىنىڭ ئائىلىدە ھەممە ئىش سىلى بىلەن يۈرۈشىدۇ، ئابدۇللامۇ كەنت كادىرى بولغانىڭىزى ئالدىراش بولۇپ كەتتى. سىلىگە دېسەم ئابدۇللا ناھايىتى ئوڭلۇق، مۇلايىم، جىگەرلىك بالا بولغان، ئەسلىدىلا ئۇنى كۈيئوغۇل قىلىۋالغۇم بار ئىدى. تەقدىرنىڭ ئۇرۇنلاشتۇرۇشى بىلەن خەلچەم رازاق ئاخۇنغا نېسىپ

بولۇپ قالدى. نىكاھ غايىب دېگەن شۇ ئوخشايدۇ. ئەمما، ئابدۇللا يېقىنقىياقى بىزنىڭ خەلچەمنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ كۆڭلۈمنى تىندۇرمىدى. بۇ ئىشلارنى سىلىمۇ ئاڭلىغانلا، رازاقجان يېقىندا خەلچەمنى قاتتىق ئۇرۇپتۇ، ئالىمادىس بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالامدىكىن دەپ يۈرىكىم ئاسقىپلا يۈرىيمەن. بولسا ئابدۇللا بىلەن سارەمنىڭ تويىنى چاپسانراق قىلىۋەتسەك، سىلى يېتىشەلـ ـمىگەن ئىشلارغا مانا مەن بار......

قادىر ئاخۇننىڭ مۇلايىم قىياپەتتە دېگەن بۇ گەپلىرى مۆھتىرەمخانغا خېلىلا تەسىر قىلدى بولغاي، قادىر ئاخۇنغا ئۆزرە تەرىقىسىدە دېدى:

— قادىر ئاخۇن، بۇ گەپلەرنى مەنمۇ ئاڭلاپ، بۇ ئانايەت كۇدەكتەك گەپ تارقاتقانلارنىڭ گېپى ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتىمەن. بۈگۈن سىلىدىن ئاڭلاپ ئالدىلىرىدا خىجىل بولدۇم، ئېتىز ـ ئېرىقنىڭ، ئۆينىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش يۈرۈپ بۇ ئىشنى ئابدۇللادىن تەگلەپ سوراپ باقماپتىمەن. خاپا بولمىسىلا، ئابدۇللا بەكمۇ نادانلىق قىپتۇ، سىلى دېگەندەك خۇدا نېسىپ قىلىپ، خەلچەمنى كېلىن قىلىۋالغان بولسام گۈلى گۈلگە كېلەتتى. تەقدىر شۇنداقكەن، بۇ بالىلار كىچىكىدىن تارتىپ بىللە ئويناپ چوڭ بولغاچقا، كۆڭۈل تارتىشىپ قالغان ئوخشايدۇ، مەن كەچتىلا ئابدۇللاغا تاپىلاپ، خەلچەمنى ئىزدىمەسلىككە كۆندۈرىمەن. سىلى ئابدۇللاغا سارەم بىلەن توي قىلىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىپ قويسىلا، مەن ئۇنىڭغا سۆزلەپ هاردىم، ئىككى تۇغقان بولغاندىكىن بىز كۆز يۇمغاندىن كېيىنمۇ يات بولۇپ كەتمەي ئوبدان ئۆتىدۇ ئەمەسمۇ؟

قادىر ئاخۇن ئابدۇللاغا ئوبدان نەسىھەت قىلىشقا ۋەدە بەردى. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككىسىنىڭ كۆڭلى ئارام تاپقاندەك بولدى. كەچلىكى قادىر ئاخۇن هوشۇر موزدۇزنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

راشىدىننىڭ گېپىنى قىلىپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئابدۇللاغا ھېلىقى ئىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىشنى بىئەپ ھېس قىلغانلىقىنى تىلغا ئالدى، ئاخىرىدا ھوشۇر موزدۇزدىن ئابدۇللاغا ئوبدانراق نەسىھەت قىلىپ قويۇشنى ئۆتۈندى.

بۇ چاغدا ئابدۇللانىڭ ئۆيىدە ئانا ـ بالا ئىككىسىنىڭ تالاش-تارتىشى يەنە باشلانغانىدى. مىسجەزى ئىلگىرىكىدىن پەسلەپ قالغان سۇلايمان ياۋاش ئارىلاپ ئابدۇللاغا كايىپ قويۇپ يۆتەلگىنىچە ياتاتتى. ئابدۇللا دەسلەپتە ئانىسىنىڭ خەلچەم توغرىسىدا سورىغان سوئاللىرىغا پەقەت: «ئۇنداق ئىش يوق» دەپلا تۇرۇۋالدى. كېيىن ئانىسى سارەمنىڭ گېپىنى چىقىرىۋىدى، ئۇششۇك ھەرىسى چاققاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ـ دە:

ــ جېنىم ئانا، بۇ گەپنى دەۋەرمىسەڭ بولامدۇ، ياق دېدىم ياق! ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە بولمايمەن، ئۇ دېگەن مېنىڭ بىر نەۋرە سىڭلىم تۇرسا، شەرىئەتكىمۇ، ھۆكۈمەتكىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ!

ــ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ دېگىنىڭ نېمىسى، بالام؟ ئىككى تۇغقانلار توي قىلىدىغان ئىش ئەلمىساقتىن بار ئىشقۇ، ئۇستۇن مەھەللىدىكى ساۋۇتكاگىمۇ تاجىخان بىلەن ئىككى تۇغقان ئىدى، دۆلەت ئاخۇنمۇ......

ــ بولدى قويۇڭ، ساۋۇتكامنىڭ ئوغلى رەجەپ بىكارغىلا دەلدۈش تۇغۇلمىغان، ئىككى تۇغقان توي قىلغاننىڭ كاساپىتىغۇ شۇ!......

ــ كۆپ گەپ قىلما، بالام، بالىنىڭ قانداق تۇغۇلۇشى خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ.

ــ سىز مەكتەپتە ئوقۇمىغاندىكىن بىلمەيسىز، قانداشلار توي قىلسا ئاشۇنداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ.

ــ جېنىم بالام، مەن بىلەن تاكاللاشما، قان دېگەننىڭ

ھەممىسى شۇنداق قىزىل بولىدۇ.

— سىزگە دېسەم، بىزگە ھۆكۈمەتمۇ توي خېتى بەرمەيدۇ.

— ئۇنىڭدىن غەم يېمە، روزى كادالاڭ بىلەن دېيىشىپ قويىدۇم، ئۇنىڭ جاجىسى بىر قوي ئىكەن، ئېغىلدىكى ئېرىككە بوغۇز بېرىپ خېلى ئەت ئالدۇردۇم. توي خېتىنى قاچانلا دېسەك روزىكالاڭ ئېلىپ بېرىدىغان بولدى. مېنى بۇنداق قىينىما، داداڭنىڭ يېتىشى شۇ، بىزنىڭ ساناقلىقلا كۈنىمىز قالدى، ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا سېنى مۇشۇنداقلا تاشلاپ كېتىشكە قانداق چىدايمىز، كۆزىمىز قانداق يۇمۇلىدۇ، بالام؟

— ئۇنچە غەم يەپ كەتمە، ئانا، مەنمۇ چوڭ بولدۇم، ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى تېپىپ قىلالايمەن.

— بىكار ئېغىز ئۇپرىتىپتۇق، مانا، مەكتەپتە ئوقۇغان بالا مۇشۇنداق جاھىل بولىدۇ، ئۆھۆ...... ئۆھۆ......

— دادا، سىز بۇ ئىشقا ئارىلاشماي جىم يېتىڭ، كېسىلىڭىز قوزغىلىپ قالسا قانداق قىلىمىز؟

— ھوي بالام ئابدۇللا، داداڭغىمۇ شۇنداق گەپ قىلامسەن؟ مەن گەپ قىلسامۇ ئىلىك ئالمىساڭ، ئەمدى داداڭنىمۇ سىز ئارىلاشماڭ دەپ تۇرساڭ، بىز ئارىلاشمىساق كىم ئارىلىشىدۇ؟

— مەن تېخى كىچىك، توي قىلمايمەن!

— كىچىك بولساڭ خەلچەمنى نېمىشقا ئىزدەپ بارىسەن ئەمىسە؟

— ئۇ دېگەن مېنىڭ بىر سىنىپتا ئوقۇغان ساۋاقدىشىم تۇرسا!

— مەكتەپ دېگەن ئۆز جايىدا قالغىلى نەۋاق، بالام، بىزگە چوڭ بىر خاپىلىق تېپىپ بەرگۈدەكسەن، مەھەللىنىڭ قەيىرىگە بارسام شۇ گەپ قۇلىقىمغا كىرىدۇ، قادىر ئاخۇن داداڭنىڭمۇ خاپىلىقى ئۆزىگە يېتىپ ئاشىدۇ، سېنىڭ كاساپىتىڭدىن خەلچەم يامان كۈنگە قالسا بولامدۇ؟ خەلچەمنى ئىزدەپ بارمىدىم دەيسەن،

مانا ماۋۇ خەلچەم ئىشلىگەن قول ياغلىقىقۇ؟ بۇنى خەق كۆرۈپ قالسا نېمە دەر؟ ئۆزۈڭ بىر يەرگە يىغۇشتۇرۇۋەت مانا! نېمە تارتقۇلۇقۇم بار بولغىيتتى قېرىغاندا......

ــ ئانا، بۇ...... بۇ...... سەندە ئىكەن ـ ھە...... مەن تېخى، ــ ئابدۇللا شۇنداق دېگىنىچە بىر جۈپ قىزىلگۈل كەشتىلەنگەن قول ياغلىقنى قولىغا ئېلىپلا زوۋان سۇرمەستىن سىرتقا ماڭدى. بۇ ئەھۋالدىن كۆڭلى بۇزۇلۇپ ياش تۆككىنىچە مىشىلداپ يىغلاپ ئولتۇرغان مۆھتىرەمخانغا قاراپ سۇلايمان ياۋاش جىلە بولدى ـ دە:

ــ يىغلاپ ئولتۇرماي بالىغا قارىمامسەن! بېشى ئايلانغان بالا بىرەر چاتاق تاپماي قالامدۇ؟ــ دېدى.

مۆھتىرەمخان يېشىنى سۈرتۈپ سىرتقا چىقتى. كائىنات تىمتاس قاراڭغۇلۇققا چۆمگەن بولۇپ، ئۆي ۋە دەل ـ دەرەخلەر كۆلەڭگە ھالىتىدە كۆرۈنەتتى.

ــ ئابدۇللا! بىر مەھەل بولۇپ كەتتى، بالام، ئۆيگە كىرگىن، ــ مۆھتىرەمخان باغ تەرەپكە قاراپ شۇنداق دېگەن بولسىمۇ، ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمىدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە سۇلايمان ياۋاش يەنە كايىشقا باشلىدى:

ــ يوقما؟ نەگە بارىدىغاندۇ بۇ قاراڭغۇ كېچىدە! ماجالىم يار بەرگەن بولسا ئۇنى ئوبدان بىر ساۋىدايتتىم، بوغالتىر بولغاندىن بېرى ئۆيدە ئولتۇرمايدىغان بولۇۋالدى، ھەممىسى ئۇنى كىچىكىدىن باشلاپ ئەركىلەتكەنلىكىڭنىڭ كاساپىتى بۇ! مانا ئەمدى چوڭ بولۇۋېلىپلا گەپكە كىرمەس بولدى!

ــ كەنتتە ھېساب ئىشى باردۇ ھەقاچان، بىر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتقان بالا ئەمەسمۇ، بىردەمدىن كېيىن قايتىپ كېلەر، سەپرالىق قىلماي ياتسىلا.

ــ مانا ـ مانا، مۇشۇنداق ئارىچىلاپ ئۇنى يولدىن

چىقاردىلىڭ، ئەتە ئەتىگەنىدە قاسىم قارىمنىڭ يېنىغا بار، بۇ جاھىلنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرماي تويىنى ۋاقتىدا قىلىۋېتەيلى!
سۇلايمان ياۋاش بىلەن مۆھتىرەمخان خېلى بىر چاقچاقلىشىپ ئابدۇللانىڭ توي ئىشى توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى.
سەھرا كېچىسىنىڭ باغرى ئاجايىپ كەڭ، قانداق ماڭغۇڭ كەلسە شۇنداق ماڭالايسەن، تەگسىز خىياللارغا، ۋۇجۇدۇڭنى لەرزىگە سالىدىغان شېرىن ھېس - تۇيغۇلارغا چۆمۈلەلەيسەن، خالىساڭ ئاۋازىڭنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ ناخشا ئېيتالايسەن. توپىلىق يولدا كېتىۋاتقان ئابدۇللا قومۇشلۇق ئارىسىدىكى شورلۇق يولغا ئۇلاشقۇچە ئىلگىرىكىدەكلا تەگسىز خىيالغا چۆمۈلۈپ، دەسلەپتە تەقدىرنىڭ ئىنسان رايىغا باقمايدىغان ئاجايىپ كارامەتلىرى ئۈستىدە ئويلاندى. دېمىسىمۇ شۇ تاپتا ئاتا - ئانىسى ھېلىلا «ماڭما» دەپ شۇنچە تاپىلىغان بۇ يولدا شۇنداق خاتىرجەم، شۇنداق يۈرەكلىك ماڭماقتا ئىدى. بۇ يولدا ناھايىتى كۆپ ماڭغاچقىمۇ، ئۇنى ھەربىر تۈپ قومۇش، يۇلغۇن، ھەتتا ھەربىر چىمدىم توپىمۇ شۇنچە ئېنىق تونۇپ قالغان بولسا كېرەك...... ئۇنى بۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان غايىۋى كۈچ نېمىدېگەن غەلىتە - ھە؟! بىر چاغدا يانىدىكى يۇلغۇن تۈۋىدىن سەكرەپ چىقىپ، شۇنچە تېز غايىب بولغان ياۋا توشقان ئۇنى چۆچۈتىۋەتتى، ئۇ ئورنىدىلا توختاپ قولىدىكى چىلەك سىقىملىۋالغان قول ياغلىقنى پۇرىدى. قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاچما كەنتىنىڭ ئېغىزى شۇ تاپتا ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا غايىۋى جەننەتنىڭ دەرۋازىسىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ غازلىق كەنتى بىلەن ئاچما كەنتى ئوتتۇرىسىدىكى خېلى ئۇزۇن مۇساپىنى خۇددى ئۆيىدىن بېغىغا چىقىپ كىرگەندەكلا يېقىن ھېس قىلاتتى. ئابدۇللا مەھەللىگە كىرىپ ئاخىرقى مەنزىلگاھى — قاپاق تېرەك تۈۋىگە كەلدى. بۇ تۆت كوچا دوقمۇشى بولۇپ، ئۇنىڭ كۆزى تىكىلىدىغان

قىزىل پەردىلىك دېرىزە بۇ يەردىن ئون نەچچە مېتىر نېرىدا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئاشۇ ئۆيدىن ئارىلاپ كىچىك بالىنىڭ يىغا ئاۋازى بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىلغايدىغان يەنە بىر ئاۋاز ئاڭلىناتتى. گاھىدا قۇلىقىغا قوپاللراق بىر خىل ئاۋاز ئاڭلانغاندا، ۋۇجۇدىدىن روھى چاچراپ چىقىپ كەتكەندەك ئازاب ئىچىدە قۇلىقىنى ئالقانلىرى بىلەن يېپىپ، قاپاق تېرەك تۈۋىدىن ئاستا ـ ئاستا يىراقلىشاتتى ـ دە، ئۇدۇل ئاقتاش دەرياسىنىڭ جىمجىت ساھىلىغا كېلىپ ئۆزىنى زەي پۇراپ تۇرغان يەرگە تاشلايتتى.

بۈگۈنمۇ ئىلگىرىكىدەكلا شۇ ھال، قىزىل پەردىلىك دېرىزە زۇلمەتلىك قاراڭغۇلۇقنى يورۇتىدىغان قۇياشقىلا ئوخشايتتى. ئارىلاپ كىچىك بالىنىڭ يىغلىغان ئاۋازى، ئاندىن كۆپ ئۆتمەي ھېلىقى «يىغلىماي جىم ياتساڭچۇ، بالام» دېگەن يېقىملىق سادا ئاڭلاندى. ئابدۇللا ئاشۇ دېرىزىگە قانچىلىك قاراپ تۇرغانلىقىنى بىلمەيتتى. بىر چاغدا قۇلىقىغا كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ گۈركىرىگەن موتوسىكلىتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ئاۋايلاپ قاپاق تېرەكنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. يەنە شۇ موتوسىكلىت، يەنە شۇ گەۋدە......دەرۋازا ئاۋۋالقىدەكلا قوپال قېقىلدى.

ــ مىسىلدىماي ئىشىكنى تېزرەك ئاچمامسەن!

ــ مانا...... مانا ھازىر......

دەرۋازا ئېچىلىپ ئېتىلدى. كۆپ ئۆتمەي چىراغ ئۆچۈپ قىزىل پەردىلىك دېرىزە كۆز ئالدىدىن يوقاپ ئورنىغا نامەلۇم كۆلەڭگە پەيدا بولدى. ئابدۇللانىڭ قەلبىدە يەر تەۋرىگەندەك تۈيغۇ پەيدا بولۇپ، ھەسرەتلىك مىنۇتلار يەنە باشلاندى. ئۇ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنغىنىچە قاپاق تېرەك تۈۋىدىن يىراقلاشتى، بارغانسىرى ئۇزاپ كېتىۋېتىپ ئادىتى بويىچە كەينىگە قاراپ ـ قاراپ قوياتتى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ يۈرىكى ئاشۇ غايىب بولغان قىزىل پەردىلىك

دىرىزىنىڭ ئىچىدە، باشقا بىرىنىڭ ئىلكىدە قالغانىدى. ئۇ كىم؟ ئۇ خەلچەم ئىدى. باشقا بىر خەلچەم ئەمەس، غازلىق مەھەللىسىدىكى قادىر ئاخۇن تومۇچۇقنىڭ قىزى، ئىمامبەگنىڭ ئوغلى رازاقفا تويى بولغان خەلچەم، تېخى بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدىلا قۇندۇزدەك ئۆسكىلەك چاچلىرىنى 40 تال ئۆرۈپ، ئۇچىسىغا ئىپتىكگە گۈل كەشتىلەنگەن ئاق رەڭلىك گىرىپ كۆڭلىكىنى كىيىپ، قولىدا كىتاب كۆتۈرۈپ ئابدۇللا، راشىدىن، نىياز، كەۋسەر، سەدىردىنلەر بىلەن قول تۇتۇشۇپ خۇشال ـ خۇرام غەمسىز يۈرىدىغان خەلچەم ئىدى. قىسقىسى، ئابدۇللاغا سەبىي چاغلىرىدىكىدەك ئەمەس، قىرانىغا يەتكەن ۋاقىتتىكى مۇھەببەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن خەلچەم ئىدى. ئابدۇللا مانا مۇشۇ يولدا، مانا مۇشۇ خىل ھېسسىيات ئىچىدە ماڭغىلى بىر يىلدىن ئاشقانىدى.

دەرۋەقە قادىر ئاخۇننىڭ مۆھتىرەمخانىغا بۇ ھەقتە دېگەنلىرى بىلەن مەھەللىدىكىلەرنىڭ تارقىتىپ يۈرگەن گەپ ـ سۆزلىرىنىڭ، بولۇپمۇ رازاقنىڭ خەلچەمنى «ئابدۇللا بىلەن چاتىقىڭ بار» دەپ دۇمباللىشىنىڭمۇ مانا مۇشۇنداق سەۋەبى بار ئىدى. دەسلەپتە بۇ ئىشقا قىزىققۇچىلار خەلچەم بىلەن ئابدۇللانىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى ئىجىللىقىنى نەزەرگە ئېلىشىپ، نورمال مۇناسىۋەتكە چىقىرىپ چۈشەنگەن بولسىمۇ، بۇنداق ئاددىيلىقتىن كۆتۈلمىگەندە مۇشۇنداق مۇرەككەپلىكنىڭ ئاپىرىدە بولغانلىقىغا ھەيران قېلىشتى. بۇ ھاياتنىڭ قايسى خىل قانۇنىيىتى ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى. بۇ ئىشتا مۆھتىرەمخانىنىڭمۇ دەردى يېتىپ ئاشاتتى، ئابدۇللاغا تەنبىھ بېرىپ، ئۆزىنىڭ بۇ دۇنياغا شۇنچە ئاجىز، شۇنچە بىقۇۋۇل يارىتىلىپ قالغانلىقىغا ھەسرەت چېكىپ ياتقان ئىبرىنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرغاندەك قىلسىمۇ، ئۆزى ئۇچۇن بارلىقىنى بېغىشلاپ كېلىۋاتقان كەنجى ئوغلى ئابدۇللانىڭ بۇ دەردىگە داۋا تاپالمىغانلىقىغا، بولۇپمۇ خەلچەمنى رازاق ئەمرىگە ئېلىشتىن

ئىلگىرى ئۇنىڭ بېشىنى باغلىۋالمىغانلىقىغا يەتكۈچە ھەسرەت چېكەتتى. قادىر ئاخۇننىڭ ئاغزىدىن ئابدۇللانىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنى ئاڭلاپ، ئىلگىرى سەزمىگەندەك قىياپەتكە كىرىۋالغان بولسىمۇ، يۈرەك پارىسىنىڭ بۇ يولدا تارتقان دەردلىرىنى بىلىپ تۇراتتى. ئەپسۇس، كىيىش قىلىپىدىن چىقىپ كەتكەندە ئەمدى نېمە ئامال؟ شۇنداقتىمۇ ئۇ ئابدۇللا بىلەن سارەمنىڭ تويىنى تېزرەك قىلىۋەتسەك بۇ ئىشنىڭ ئايىغى بېسىلىپ قالىدۇ دېگەنگە ئۈمىد باغلايتتى.

ئاقتاش دەرياسىنىڭ كېچە قوينىدىكى ھالىتى سۈرلۈك ئىدى، ئۇنىڭ قىرغىقىدا تەنھا ئايلىنىپ يۈرگەن ئابدۇللا ئۈچۈن ئۇ مەڭگۈ گۈزەل، مەڭگۈ سۆيۈملۈك تۇيۇلاتتى. ئابدۇللانىڭ كۆز ئالدىدا يەنە ئاشۇ قىزىل پەردىلىك دېرىزە زاھىر بولاتتى. ھەر قېتىم مۇشۇنداق جىمجىت كېچىلەردە ئاچما كەنتكە بېرىپ قىزىل پەردىلىك دېرىزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇشنى ئويلىغاندا، ئاخىرىدا قەلبىنى مۇشۇنداق زېدە قىلىۋالدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى. چىراغ ئۆچكەندىن كېيىن ئۇنى دوزاخ ئوتىدا قىينايدىغان تەسەۋۋۇر بەكمۇ دەھشەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ خىياللىرى بوگۈن تولىمۇ گادىرماچ بولدى. ئۇ ھە دېگەندە خەلچەمنى خىيال قىلىش بىلەنلا چەكلىنىشنى ئارزۇ قىلسىمۇ، ئانىسىنىڭ كەچتە دېگەن گەپلىرى، دادىسىنىڭ كايىشى خىيالىنى بۆلەتتى. بىر پەستىن كېيىن ئۇ خەلچەمنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتقان سۆزلىرىنى، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۆزىنىڭ تىنچلىقىنى بىراقلا بۇزۇۋەتكەن ھېلىقى كۈننى ئېسىگە ئالدى. ئۇ ئۆتكەن يىلى تېرەكلەر پوتلا تاشلاپ، ئاقتاش دەرياسىنىڭ بويلىرىدىكى توقايلاردا مۇزلار ئەگىز بولۇپ ئېقىشقا باشلىغان مەزگىل ئىدى. ئۇ يېزىلىق تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپىغا دېھقانلاردىن يىغىلغان خىمىيەۋى ئوغۇت ۋە سولياۋ يوپۇقنىڭ پۇلىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ قايتىپ كېلىۋاتاتتى. ئىلگىرى

دوستلىرى بىلەن قوي باقىدىغان تۆپىلىككە كەلگەندە، خىيالىغا ئاشۇ يىراقتا قالغان ئىشلار كېلىۋېلىپ، بىر دەم ئەتراپنى ئايلىنىپ يۈردى. بۇ يەرنى مەھەللىدىكىلەر «جىغانلىق» دەپ ئاتىشاتتى. جىغان، ياپچان، تەسكەن ۋە ئاللىقانداق ئۆسۈملۈكلەر بىلەن ئورالغان بۇ كەگرى دالا بىر ھېسابتا غازلىق كەنتى بىلەن ئاچما كەنتىدىكى دېھقانلارنىڭ ئورتاق يايلىقى ھېسابلىناتتى. ئاقتاش دەرياسى بۇ يەرنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن ئەگىپ ئۆتەتتى، كۆچۈم مەھەللىلەر خېلى يىراقتا خۇددى تۇتاش باغلارغا ئوخشاش كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇ كۆنگەي تەرەپلەردە ئەڭ بالدۇر ئويغانغان چىم، چىغ، ياۋا ئوت قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرگە قاراپ باھار قوينىغا كىرىپ قالغاندەك بىر خىل ھېسسىياتتا يولنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. بىر چاغدا ئۇنىڭ كۆزى يۇلغۇن شېخىغا قونۇۋېلىپ شۇنداق يېقىملىق سايراۋاتقان بوز تورغايغا چۈشتى ـ دە، بىردىنلا كۆز ئالدىدا سەدىردىن پەيدا بولدى. ئىچىدە «ھەي، خاپان باش، دوستلىرىڭمۇ سېنى سېغىنىپتۇ» دەپ پىچىرلىغىنىچە تورغايغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن دەريا تەرەپنى نىشانلاپ ماڭدى، خىيال سۈرۈپ كېتىۋېتىپ ئۇن يىتتىم يىراقلىقتا تۇرغان ئاق كۆڭلەكلىك بىرسىنى كۆرۈپ، ئورنىدا چىپپىدە توختىدى. ئاق كۆڭلەكلىكنىڭ ئۇيان ـ بۇيان ماڭغىنىنى سېزىپ، يۈرىكى ئۇشتۇمتۇت داۋالغۇدى. خەلچەم تۇي قىلىپ ئاچما كەنتىگە كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن يول ئۈستىدە، بازاردا، مەھەللە يولىدا ئۇچرىشىپ قالغاندا، يۈرىكى نىمشقىدۇر مۇشۇنداق داۋالغۇيدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇنىڭغا قانداقتۇر ھودۇقۇش بىلەن يەنە ئاللىقانداق بىر خىل سىزىم سەۋەبچى ئىدى.

ئابدۇللا قەدىمىنى تېزلەتتى. كۆڭلىدە خەلچەم بولسا كېرەك دەپ ئويلىغانىدى، دېگەنىدەك بۇ يەردە خىيال سۈرۈپ يۈرگىنى خەلچەم بولۇپ چىقتى. ئۇ بۈگۈن شۇقەدەر چىرايلىق ياسانغانىدى،

كەيمگىنىگە ئۇزاق بولغان، ئېتىكىگە گۈل كەشتىلەنگەن ھېلىقى ئاق گىرىپ كۆڭلىكىنى كىيىۋالغان بولۇپ، بويىغا قىسقىراق كېلىپ قالغان بولسىمۇ يەنىلا ياراشقانىدى. چاچلىرىنى ئىككى ئۆرۈپ ئەركىن قويۇپ بەرگەچكە، ئارىلاپ پەيدا بولغان سالقىن شامال يەلپۈپ، ياندىكى جىغان شاخلىرىغا ئىلىپ قوياتتى، قولىدا ئەمدىلا قۇلاق ئايرىغان تۆتقۇلاق بار ئىدى. ئاقتاش دەرياسى تەرەپكە كۆز تىكىپ تۇرغان خەلچەم ئاسماندىن چۈشكەندەكلا يېنىدا پەيدا بولغان ئابدۇللاغا قاراپلا قالدى.

— پەرىزىم توغرىكەن، سەن ئىكەنسەن، ئوبدان تۇردۇڭمۇ؟ — ئابدۇللا ھاياجىنىنى ئاران دېگەندە بېسىپ شۇنداق دېدى. ئۇ بۇرۇنقىدەكلا ھودۇققان بولسىمۇ، ئىمكان بار ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشتى.

— بۇ يەرگە سەنمۇ كەپسەن - ھە؟ — دېدى خەلچەم.

— كوپىراتىپقا بارغانىدىم.

— يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ كەلدىم دېگىن......

— مەن بۇ يەرگە كۆپ كېلىمەن.

— ئىزلىرىمىز ئۆچۈپ كېتىپتۇ.

— سىلەرنىڭ كەنتىنىڭ چارۋىلىرى ئۆچۈرۈۋەتكەندۇ!

— دەپ باقە، مېنىڭ كەنتىم قايسى؟

— ئەلۋەتتە، ئاچما كەنتىغۇ!

— ئەخمەق، قاچانمۇ چۈشىنەرسەن؟

— رازاقنىڭ تاپاۋىتى ياخشىمۇ؟

— سۇلايمان دادامنىڭ ئەھۋالى ياخشىدۇ؟

— قەدىر ئەھۋال، راست، ئوغلۇڭ ياخشىدۇ؟

— سەل جۇدەپ قالغاندەك تۇرىسەنغۇ!

— ئۆتكەن ھەپتە بازاردا كۆرۈنمىدىڭغۇ؟

— تۆنۈگۈن كېچە ساۋاقداشلارنى چۈشەپ قاپتىمەن.

سەدىردىن مۇشۇ يەردە تۇرغىنىم ئۇچۇپ كەتتى دەپ يىغلاپ يۈرگۈدەك......

— ئۇنىڭدىن ماڭا خەت كەلدى......

— جالالىدىن دادام: بىرگە خەت يازمىدى دەپ سەدىردىندىن خاپا بولۇپ يۈرگۈدەكقۇ؟

ئۇلار شۇ تەرزدە پاراڭلىشىپ دەريا بويىغا يېتىپ كەلدى. بىردەم كىچىك چاغلىرىنى ئەسلەپ، ئېسىدە قالغان ئىشلارنى تىلغا ئېلىشتى، ئاندىن ئابدۇللا خەلچەمنىڭ چىرايىدىكى سولغۇنلۇققا نەزەر سالغاندىن كېيىن:

— خاپا كۆرۈنىسەن، رازاق بىلەن تەگىشىپ قالغان ئوخشىمامسەن؟ — دېدى.

— مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تەگەشمەيدىغان كۈنۈممۇ بارمۇ؟ بويۇمدا بار، ئالدۇرۇۋېتىمەن دېسەم...... — خەلچەم گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى، كۆزلىرىدىن تاشقىنلاپ تۆكۈلگەن ياش بىردەمدىلا مەڭزىنى ھۆللىدى.

— بۇ...... ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، بۇ ئىشتا بەك ئالدىراپ كەتمە.

— نېمىشقا ئالدىرىمايمەن، ئوغلۇم قۇچۇقۇمدىن ئەمدىلا چۈشكەن تۇرسا، يەنە تۇغسام ......

— دېگىنىڭمۇ راست، ئەمما......

— سەن قاچانغىچە تىلىڭنى چايناپ يۈرسەن، ئابدۇللا، مەن...... مەن...... شۇنداق بىچارە بولۇپ قالدىمغۇ!؟

— مەن......

— ئىلگىرى بىلمەيتىكەنمەن، ئابدۇللا، مەن...... مەن بۇ دۇنيادا پەقەت سېنىلا ياخشى كۆرىدىكەنمەن، پەقەت سېنىلا......

خەلچەمنىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشلار كەلكۈندەك ئاۋۇدى. ئابدۇللا گاڭگىرىغىنىچە قاراپلا قالدى. خەلچەم بىردەم ئۆكسۈپ يىغلىغاندىن كېيىن قولىدىكى تۆتقۇلاقنى يانغا چۆرۈۋېتىپ

ياشلىرىنى سۈرتتى. بۇ بىرنەچچە مىنۇت ئىچىدە ئۇنىڭ تۇرقىدا كەسكىن، غەزەپلىك بىر خىل روھىي ھالەت شەكىللەنگەنىدى.

— مېنى كەچۈرگىن، ئىككى بالىغا ئانا بولۇش ئالدىدا ساڭا بۇ گەپلەرنى دېمىسەم بولاتتى. يۈرىكىم دەردكە توشۇپ كەتتى، ئىلگىرى سەن كەۋسەرگە ئامراق بولغانلىقىڭ ئۈچۈنلا مەن ساڭا يېقىنلىشالمايتتىم. ئەمدى ھېس قىلسام كىچىكىمدىن باشلاپ سېنى ياخشى كۆرىدىكەنمەن، سېنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغىنىمنى دادامنىڭ زورلىشى بىلەن رازاقفا ياتلىق بولغاندىن كېيىنلا بىلدىم. كىچىك ۋاقتىمىزدىكى ئىشلارنى سەن «ئۇ دېگەن ئويۇن» دەيتتىڭ، سەن خاتالىشىپسەن، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئويۇن ئەمەسكەن، مۇھەببەتنىڭ ئەڭ پاك، ئەڭ قىممەتلىك پەسلى ئىكەن. ئابدۇللا، سەن بۈگۈن مېنى ئەقلىدىن ئادىشىپتۇ دېسەڭمۇ مەيلى، مەن بۇنداق پۇرسەتنى ناھايىتى ئۇزاق كۈتتۇم. سېنى يېنىمغا بۈگۈنكىدەك تەرەپباللا كېلىپ قالىسكەن دەپ كۈتتۇم. بىلىسەن، مېنىڭ بۇنداق پۇرسەتكە ئېرىشىمىكىم ناھايىتى تەسكە توختايدۇ. شۇڭا، بۈگۈن ئىچىمنى تازا بىر بوشىتىۋالاي، بىلىمەن، ماڭا تېگىشلىكى پەقەت مۇشۇلا......

ئابدۇللا ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەيلا قالدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ھەيرانلىقى خەلچەمنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ئەمەس، بەلكى بۇ سۆزنى شۇنچە دادىل، ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن دېيەلىگىنى ئىدى. چۈنكى، خەلچەم ئىلگىرى باشقىلارغا قارىغاندا كەم سۆز ئىدى. مۇھەببەت توغرىسىدا گەپ بولۇپ قالسىلا، ۋىللىدە قىزارغىنىچە ئوغۇللارنىڭ يېنىدىن يىراق كېتىپ، بۇنداق پاراڭلار تۈگىگەندە قايتىپ كېلەتتى. گاھىدا دوق قىلىپ «بۇ گەپلەرنى چوڭ بولغاندا دېيىشەيلى» دەپلا قوياتتى. مانا، ۋاقىت ئۇنى تاۋلاپتۇ، ھايات، مۇھەببەت كىشىلىك تۇرمۇش توغرىسىدا ئەترابلىق ئويلىشىشقا ئۈلگۈرمەيلا تۇرمۇش قاينىمىغا كىرىپ قالغان

خەلچەم، ئۆتكەن يىللار ئىچىدە رازاقنىڭ ئىلكىدە سولغۇن يۈرگەن بولسىمۇ، ئىلگىرى ئويلىنىشقا ئۈلگۈرمىگەن شۇنچە مۇھىم، شۇنچە قىممەتلىك ئىشلارنى ئويلاپتۇ. ئابدۇللانىڭ ئېسىدە بار، خەلچەم رازاقتا ياتلىق بولۇپ بىرىم يىلدىن كېيىن غازلىقتا كەلگەن ۋاقىتلىرىدا، باشقا قىزلار بىلەن تەپكۈچ، تاشتەرمەك ئويناپمۇ قويىاتتى، كېيىن رازاقنىڭ ئۇنىڭ تەپكۈچىنى ئوچاقتا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكىنىمۇ ئاڭلىغانىدى. ۋاقىت، ھەي، ئىنسانلارغا بەخت- تەلەي ئاتا قىلىشتا تەڭسىزلىك قىلىدىغان ۋاقىت، سەن خەلچەمنى شۇنچە تېز چوكانغا ئايلاندۇردۇڭ، ئۇنىڭ بىلەن تەڭتۇش بولغان كەۋسەرنى ھازىرمۇ بەخت بۆشۈكىدە ئەللەيلىتىۋاتىسەن، بۇنىڭدىن كېيىن سەن يەنە قانداق كارامەتلەرنى كۆرسىتەرسەن!؟

— جىم بولۇپ قالدىڭ، مىنى ھەقىقەتەن ئەيىبلىگەن ئوخشايسەن- ھە! — خەلچەمنىڭ ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ دېگەن بۇ سۆزى ئابدۇللانى خىيالدىن ئويغاتتى.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم، ساڭا ئۇزاقتىن بىرى ئىچىم ئاغرىيدۇ، ئارىمىزدا سەن بەكمۇ بالدۇر بۇ ئىشلارغا يولۇقتۇڭ......

— ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسا بۇ گېپىمگە جاۋاب بەر! — خەلچەم شۇنداق دەپلا ئابدۇللاغا تىكىلدى.

— قانداق گېپىڭ بولسا دېگىن، خەلچەم، مەن بەكلا يارامسىز ئىكەنمەن، مەھەللىدە ئىككىمىزلا قالدۇق، كېتىدىغانلار كەتتى، مەن ئوغۇل بالا بولغاندىكىن ساڭا كۆپرەك ھېسداشلىق قىلسام، ياردەم قىلسام بولاتتى، كۆڭلۈمدە ئويلىساممۇ ئەمەلىيەتتە ھېچنېمە قىلالمىدىم...... — دېدى ئابدۇللا ئۆكۈنۈش ئىچىدە.

— ئۇنداق دېمە، ئىلگىرى مەن ئۆزۈمگە نېمىلەرنىڭ كېرەكلىكىنى ئاڭقىرالماي يۈرۈپتىمەن، ساڭا دېسەم ئادەمگە بۇ

دۇنيادا پەقەت پاك مۇھەببەتلا كېرەك ئىكەن. ئابدۇللا، ھەممە نەرسە تۈگەيدىكەن، بىراق مۇھەببەتلا قالىدىكەن، سەندىن: مېنى ياخشى كۆرەمسەن، دەپ سوراشقا پېتىنالمايمەن، ھازىرمۇ كەۋسەرنى ياخشى كۆرۈشۈڭ مۇمكىن، مەن پەقەت سەندىن: مېنىڭ ساڭا بولغان مۇھەببىتىمنىڭ پاكلىقىغا ئىشىنەمسەن؟ دەپلا سورالايمەن، قېنى جاۋاب بەر!

خەلچەم يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ياشلار تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئابدۇللانىڭ ئويچان كۆزلىرىگە تىكتى، ئابدۇللا نېمە دېيىشنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدى.

— بىلدىم، سەن تەڭقىسلىقتا قالدىڭ، ئۇنداق بولسا مېنى ھازىرقى ھالەتتە ئەمەس، ئىلگىرىكى ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىل، مەن شۇ تاپتا سەن بىلەن مۇشۇ يەردە ئەركىن يۈگۈرۈپ يۈرگەن خەلچەم بولاي، قېنى ئەمدى جاۋاب بەر!

— بۇلارنى دېمىسەڭمۇ سېنىڭ سۆزۈڭگە ئىشىنىمەن، خەلچەم......

— ساڭا رەھمەت، ئابدۇللا، ئەمدى سەندىن ھېچ نەرسە تەلەپ قىلمايمەن، مېنىڭ بۇ ھاياتتىكى بارلىق ئارمىنىم ساڭا كۆڭلۈمنى بىلدۈرۈپ قويۇشلا ئىدى، ئاخىر ئېرىشتىم، كۆڭلۈمنى ساڭا بىلدۈرۈپ قويۇشتىن ئىبارەت خۇشاللىققا ئېرىشتىم! ئەمدى بۇ يەردىن كەتكىن، مەن بىردەم تۇرۇپ ماڭىمەن.

ئابدۇللا بىردەم سۈكۈت قىلىپ تۇرغاندىن كېيىن خەلچەمگە قارىدى، خەلچەم يىلان باغرى سوزۇلۇپ ئېقىۋاتقان دەرياغا تىكىلگىنىچە تۇراتتى، يىراقلاردا ھارۋىلىرىغا يۈلغۈن، قومۇش بېسىپ مەھەللىگە قاراپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ قارىسى كۆرۈنەتتى.

— خەلچەم، ئەسلىدە ئىشلار بىز ئويلىغاندەك بولسا بەكمۇ ياخشى بولاتتى. بىراق، بۇ مۇشۇنداق جاھان ئوخشايدۇ، ئۆزۈڭنى

ئاسرا، بالىلىق بولۇپ قالدىڭ، بەزى ئىشلاردا ئېغىر بول...... — ئابدۇللانىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى. ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى ئىدى، كۆڭلىنى ئاختۇرۇپ دەماللىققا تاپالمىدى.

— بولىدى، كۆڭلۈمنى ياسىما، مەن ھازىر بۇرۇنقى خەلچەم ئەمەس، سەن ھەرگىز باشقىچە ئويلىنىپ يۈرمە، ساڭا يەنە شۇنى دېۋالاي، مەن ئۇزاققا قالماي رازاقتىن ئاجرىشىپ كېتىمەن، ئۇ چاغدىمۇ مۇشۇ گەپلەرنى قىلىپ يۈرەمكىن دەپ ئەندىشە قىلما، مەن دېگەن سەندىن چوڭ چوكان......

— ئۇنداق ئويلىما، يېتىمچىلىك دەردىنى، ئۆگەي ئانىنىڭ زۇلمىنى مەندىن ياخشى بىلىسەن، رازاقمۇ ياشتا چوڭايغانسېرى تۈزۈلۈپ قالىدۇ، بۇنىڭغا ئىشەن!

— بۇ دۇنيادا ئادەم ئۈچۈن نېمىنىڭ ئەڭ مۇشكۇل ئىكەنـ ـلىكىنى بىلەمسەن؟ بىلسەڭ، ئۆگەي ئانىنىڭ زۇلمى كەلتۈرگەن مۇشكۇلچىلىكتىن كۆرە ئۆزۈڭ ياخشى كۆرمەيدىغان بىرسى بىلەن بىر ئۆيدە بولۇپ تارتقان مۇشكۇلچىلىكنىڭ دەردى ئېشىپ چۈشىدىكەن...... مېنىڭ ئەمدى تەقدىرگە تەن بەرگۈم يوق، بۇ ھەقتە ئويلىغانلىرىم بار، ئەمدى كەتكىن، راست، ساڭا بۇ دۇنيادا ھېچنېمە بېرەلمەيمەن، ماۋۇ قول ياغلىقنى ساڭا ئاتاپ كەشتىلىگەنىدىم، ساۋاقداشلىق ھۆرمىتىدىن يېنىڭدا ساقلاپ قوي......

ئابدۇللا خەلچەمنىڭ قولىدىن قول ياغلىقنى ئېلىپ ھېچبىر ئىپادىسىز قاراپ تۇرغانىدى، خەلچەم:

— نېمىگە قاراپ تۇرىسەن، كەتمەمسەن؟— دېدى سەل تىترىككەندەك تەلەپپۇزدا.

— ئەمىسە مەن كېتەي، ئۆزۈڭنى ئاسرا، كۆرۈشكۈچە خۇداغا ئامانەت!

ئابدۇللا شۇنداقلا خوشلىشىپ غازلىق تەرەپكە قاراپ يول

ئالدى. خەلچەم ئابدۇللانىڭ قارىسى يۇلغۇن، جىغانلار ئارىسىدا غايىب بولغۇچە قاراپ تۇردى. شۇئان پۈتكۈل ۋۇجۇدىغا بەئەينى سەلدەك يامراپ كىرگەن بىر خىل غېرىبچىلىق، روھى ئاچارچىلىق ئۇنى بۇ خىلۋەتتە ھۆركىرىتىپ يىغلىتىۋەتتى، ئۇ ئىلگىرى ئانىسىنىڭ تاۋۇتىنى جامائەت كۆتۈرۈپ ھويلىدىن چىقىپ كەتكەندە، ئاچىسىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ شۇنداق يىغلىغانىدى. ئۇ شۇ ھالدا بىردەم يىغلىغاندىن كېيىن گۇگۇم قوينىغا كىرىۋاتقان ئەتراپقا قاراپ بىردىنلا ئارىسالدى بولدى - دە، ئاچما كەنتكە قاراپ تېز - تېز قەدەملەر بىلەن يۈرۈپ كەتتى. يول بويى ئابدۇللاغا بايا دېگەن سۆزلىرىنى كۆڭلىدە ئۆزىگە پىچىرلاپ، ئۇزاقتىن بېرى ئۆزىنى ھالسىزلاندۇرغان ئېغىر يۈكتىن بىراقلا ئازاد بولغاندەك تۇيغۇغا چۆمدى. ئۇ ئىلگىرى ئابدۇللا بىلەن ئۇچراشقاندا ئۆزىنىڭ رازاق بىلەن ياخشى ئۆتەلمەيۋاتقانلىقىنى، ياخشى ئۆتۈشكە ھەرقانچە تىرىشقان ھالەتتىمۇ روھىي جەھەتتىن تولىمۇ بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى دېگەن بولسىمۇ، بۈگۈنكىدەك پۈتكۈل دەردىنى يۈرەكلىك ھالدا تۆكۈشكە جۈرئەت قىلالمىغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزى خالىغان روھىي ئوزۇقتىن مەھرۇم بولۇپ، ئىنسانىنىڭ بۇ ئالەمدىكى ئەڭ ئېغىر مۇشكۈلاتىنى تارتىۋاتسىمۇ، ئۆز - ئۆزىدىن تولىمۇ خۇش بولغانىدى.

*　　　*　　　*

— نەگە بارىدىڭ؟ ھۇ بەز قۇلاق قانجۇق!......

ئەگرى قومۇشقا يىپ تۈرگەندەك غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازدا ئېيتىلغان بۇ قوپال سۆز، تاشقىرىدىن ئالدىراپ ھويلىغا كىرىپ كەلگەن خەلچەمنى ئورنىدىلا توختاشقا مەجبۇر قىلدى. يۈز - قوللىرىغا ماي يۇقۇپ كۆرۈمسىز بولۇپ قالغان رازاق موتوسىكلىتىنىڭ

قايسدۇر سايمىنىنى تۇتقىنىچە، سۇغا چۈشۈپ كەتكەن موزايدەك دۈگدىيىپ تۇراتتى. خەلچەم ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— دادامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كەلدىم، — دەپلا، ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

— توختا! ۋۇ، يالغانچى قانجۇق! قايسى داداڭنىڭ ئۆيىگە باردىڭ؟ غازلىقتىكى داداڭدىنمۇ باشقا داداڭ بارمىدى سېنىڭ!؟ مەن داداڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ھېلىلا كەلگەن تۇرسام، راستىنى ئېيتە، زادى نەگە باردىڭ؟

— دەريا بويىغا باردىم.

— دەريا بويىدا ئاناڭنىڭ بېشى بارمىتى؟

— نېمە قىلساڭ قىل، ئانامنى چىشلەپ تارتما!

— مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن! ساۋاقدىشىم دەپ ھېلىقى ھەزىلەك بىلەن كۆرۈشكىلى بارغانسەن؟

— خەق ساڭا ھېچنېمە قىلمىدى، ئۇنى تىللىماي، گەپ بولسا ماڭا دە!

— ۋۇي! بۇگۈن ئەجەب گاڭگۇڭ بوپقاپسىنا! مېنىڭ بۆكەمگە جىگدە سالغۇچى بولدۇڭمۇ تېخى؟ سېنىڭ ئاشۇ ئابدۇللا دېگەن يالاڭتۆشنىڭ يېنىغا بارغان پۇتۇڭنى چېقىۋەتمىسەم ئىگەكىسىم!...... — رازاق شۇنداق دېگىنىچە قولىدىكى سايماننى يەرگە تاشلاپ، يانىدىكى لوم تۆمۈرنى قولىغا ئالدى - دە، خەلچەمگە قاراپ دېۋەيلەپ كەلدى.

— مەن قاچان مۇشۇنداق قىلاكىن دەپ كۈتۈپ كەلگەن، قېنى، كېلە، پۇتۇمغا ئەمەس، ئالدى بىلەن ماۋۇ قورسىقىمغا سال! — خەلچەم بېشىنى تىك تۇتۇپ، رازاقنىڭ غەزەپتىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىگە مىختەك قادالدى.

رازاق قولىدىكى لوم تۆمۈرنى ئېگىز كۆتۈردى - يۇ، خەلچەمنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قورسىقىغا

قاراپ لاسسىدە بوشىشىپ كەينىگە ياندى.

ــ سالامسەن! ئوغۇل بالا بولساڭ ھېلى دېگەن گېپىڭدىن يېنىۋالما! مەن سېنىڭ شۇنداق قىلىشىڭنى بەكمۇ خالايمەن!

ــ مانا، سالغان دېگەن، ــ رازاق شۇنداق دەپلا قولىدىكى لوم تۆمۈرنى يانغا چۆرۈۋېتىپ، تەستەك بىلەن خەلچەمنىڭ غەزەپتىن تاتىرىپ كەتكەن يۈزىگە ئارقا ـ ئارقىدىن بىرنەچچىنى سالدى.

ــ مانا! ئۇرىدىغان يېرىڭ ماۋۇ، لۈكچەك! قورسىقىمغا ئۇر! ــ خەلچەم شۇنداق دېگىنىچە رازاققا ئېسىلدى، ئۇنىڭ ياشتىن ھېلىراقتا قۇرۇغان مەڭزى يەنە ھۆللەندى.

ــ ھوي! ئەقىلسىز، قولۇڭنى تارت! ئېغىرئاياغ خوتۇننى ئۇرغان نەدە بار؟ــ قاياقتىنندۇر پەيدا بولغان ئىمامبەگ شۇنداق دېگىنىچە ئېتىلىپ كېلىپ رازاقنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى، كېيىن ئۇنى كەينىگە كۆچەپ ئىتتەردى، ــ ھەي بىغەرەز! قاچانمۇ ئادەم بولارسەن؟ خوتۇنۇڭنى ئويلىمىساڭمۇ، ئۇنىڭ قورسىقىدىكى بالاڭنى ئويلىساڭ بولمامدۇ؟

قوشنىلارنىڭ بالىلىرى بىلەن سىرتتىن يۈگۈرۈپ كىرگەن مۇتەللىپ «ئانا!» دېگىنىچە خەلچەمگە تاشلاندى، خەلچەم يۈرەك پارىسىنى باغرىغا باسقىنىچە بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

ــ خەقلەر بىلەن پاراڭلاشما دەپ نەچچە قېتىم دېگەن تۇرسام، بۇ بەز قۇلاق يەنە دەريا بويىغا بېرىپتۇيا ئەينا! ــ دېدى رازاق ئىمامبەگكە يەر تېگىدىن قاراپ.

ئۇ بۇنداق دېيىش بىلەن ئۆزىگە ھومىيىپ قاراپ تۇرغان دادىسىنىڭ غەزىپىنى قايتۇرىمەن دەپ ئويلىغانىدى، ئەكسىچە ئىمامبەگ قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ دېدى:

ــ ۋۇ يارىماس! ئۇ دەريا بويىغا بارسا نېمە بوپتۇ؟ ئايلىنىپ كەلگۈسى كەلگەندۇ!

— بارسىغۇ مەيلى...... ئەمما، خەقلەر بىلەن...... ساۋاقدىشىم دەپ......

— خەققە گەپ قىلماي، خوتۇنۇڭنى ئۇرساڭ راۋا بولامدۇ؟ كۆزۈڭ كۆرمىگەن ئىشقا گۇمان قىلىپ يۈرمە!

— مەن...... ئۇ...... — رازاق دادىسىغا گەپ تېپىپ بېرەلمەي دۇدۇقلىدى.

بۈگۈنكى ئىش ئىمامبەگنىڭ ئارىلىششى بىلەن بېسىققان بولسىمۇ، ئارىدىن بىر ئايچە ئۆتكەندە رازاق خەلچەمنىڭ يۈز - كۆزىگە ئۇرۇپ قاڭشىرىنى كۆكەرتىپ قويدى. گەرچە بۇ قېتىم خەلچەم ئابدۇللاغا شۇ چاغدا دېگىنىدەك، ئۇنى ئىزدىمىگەن ھەم دەريا بويىغا بارمىغان بولسىمۇ، ئۆيىنىڭ ئەتراپىنى تولا ئەگىپ يۈرگەن ئابدۇللاغا بىر كۆنى: «مېنىڭ گېپىم گەپ، ساڭا دەيدىغاننى دەپ بولدۇم، ئەمدى مېنى ئىزدەپ كەلمە» دېگەنىدى، ئۇ ئابدۇللاغا مۇشۇ گەپنى قىلغاندا ئەتراپتىكى يامان كۆزلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلغان بولسىمۇ، قايسىدۇر بىر قاغا ئۇنىڭ ئابدۇللا بىلەن شۇنچە قىسقا پاراڭلاشقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ رازاققا دەپ قويغانىدى. دېگەنىدەك كېيىنكى كۈنلەردە خەلچەم ئۆز ئەقىدىسىگە ۋاپا قىلىپ، ئابدۇللا بىلەن يۈزتۇرا كۆرۈشۈشتىن يالتايدى، لېكىن ئابدۇللا ئۇنى ئەگىپ يۈرۈشنى، ئۇ توغرۇلۇق يېڭى ئۇچۇرلارغا ئىگە بولۇشنى كۆزلەپ يۈرۈۋەردى. بۇ ھال داۋام قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، خەلچەم قىز تۇغۇپ ئىمامبەگ جەمەتىدىكىلەرنى قەۋەتلا خۇشال قىلىۋەتتى.

يېقىنلا يەردىكى سازلىقتا نېمىدىندۇر ئۈركۈپ، غاقىلداپ كەتكەن ياۋا ئۆردەكلەر ئاقتاش دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا ئاچما كەنتكە قاراپ چوڭقۇر خىيالغا پاتقان ئابدۇللانى چۆچۈتىۋەتتى، ئۇ شۇندىلا دەرياغا قاراپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنغاندىن كېيىن مەھەللىگە قاراپ يول ئالدى.

تۈن قوينىدا ئەرۋاھتەك يېگانە كېتىۋاتقان ئابدۇللانىڭ قۇلاق
تۈۋىدە ئانىسىنىڭ كەچتە دېگەن سۆزلىرى بىلەن خەلچەمنىڭ ئاشۇ
چاغدا دېگەن سۆزلىرى جاراڭلاپ زادىلا ئاراملىق بەرمەيتتى، «مەن
نېمە بولدۇم؟ مۇھەببەت دېگەن مۇشۇمىدۇ؟ كەۋسەرنى ياخشى
كۆرگىنىم مۇھەببەت ئەمەسمۇ؟ ئەجەب ئۇنى سېغىنىشنىڭ ئورنىغا
خەلچەمنى ئويلايمەن، سېغىنىمەنغۇ! ئىلگىرى شۇنچە يىراقتا تۇرۇپ
مېنى سېغىندۇرغان كەۋسەر ئەمدىلىكتە ماڭا نېمانچە يىراق،
ناتونۇش سېزىلىدىغاندۇ؟ توغرا، مۇھەببەتنىڭ كۆزى بار
ئوخشايدۇ، ئۇ مېنىڭ ھەرقانچە قىلساممۇ كەۋسەرگە
ئېرىشەلمەيدىغانلىقىمنى، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا دېھقان بىلەن
زىيالىي دەيدىغان چوڭ بىر ھاڭنىڭ بارلىقىنى ئۆزىنىڭ سېھرىي
كۈچى ئارقىلىق كۆرۈۋالغان ئوخشايدۇ، مۇھەببەت ئەنە شۇنداق
سېھرىي كارامەتكە ئىگە بولسا كېرەك، ھەي، بېچارە خەلچەم،
سەن ئاناڭنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن كىچىك تۇرۇپلا ئۆزۈڭ
خالىمايدىغان بىرسى بىلەن بىرگە ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدۇڭ،
سېنىڭ بۇ ئالەمدىكى جىمى بەختىڭنى ئاناڭ ئۆزى بىلەن بىرگە
قارا تۇپراق قوينىغا ئېلىپ كەتكەنمىدۇ؟! نېمىشقا بۇنداق بولىدۇ؟
مەجبۇرەن تويۇڭ بولۇپ، رازاق سېنى تىراكتور بىلەن ئاچما
كەنتكە ئېلىپ ماڭغاندا، مەن ئازاب چېكىشنىلا بىلىپ، سېنى
نېمىشقا تىراكتوردىن چۈشۈرۈپ ئېلىپ قالالمىدىم - ھە! بويۇم
يەتمەيدىغان شاپتۇلغا ئېسىلىپ يۈرگۈچە شۇ چاغدا تىراكتورنىڭ
ئالدىغا ئۆزۈمنى ئاتسامچۇ؟ سېنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ
ئاناڭ ئۆز نەپسىدىن كېچىپ سومكاڭغا سېلىپ قويغان تاتلىق -
تۈرۈملارنى باشقىلاردىن يوشۇرۇپ، ئۆزۈڭمۇ ئېغىز تەگمەي ماڭا
بېرىشىڭ مېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرگەنلىكىڭدىن بولغان ئىكەن -
دە! ئەتراپىمنى خۇددى گۈلنىڭ ئەتراپىدا ئەگىپ يۈرگەن ھەسەل
ھەرىسىدەك ئايلىنىپ يۈرسەڭ، نېمىشقا ساڭا ئېرەن قىلماي،

كەۋسەر بىلەن ‹ئەر ـ خوتۇن› بولىمەن دەپ باغىنىڭ تۆرىدە، چالما ـ كېسەكلەر بىلەن ياسىۋالغان ‹ئۆيۈم› گە كەۋسەرنى باشلاپ كىرىپ، سېنى راشىدىن بىلەن ‹ئۆي› تۇتۇشقا مەجبۇرلىغان بولغىيتتىم!؟ ئەمەلىيەتتە، سەن مېنى شۇ چاغدىن باشلاپلا ياخشى كۆرىدىكەنسەن ئەمەسمۇ؟ ئاھ...... كىچىكىمىزدىكى شۇ ئىشلارنى چوڭ بولۇپلا ئويۇن قاتارىدىكى ئىشلارغا چىقىرىۋەتكىنىم ھەقىقەتەنمۇ ئېچىنىشلىق بوپتۇغۇ! مۇھەببەت دېگەن نېمىشقىمۇ تەقدىرگە تەن بەرمەيدىغاندۇ؟ سەن ئىككى بالىغا ئانا بولغان چېغىڭدىمۇ ئۇ بىزنى شۇنداق ئازابلاۋاتامدۇ؟ مەھەللىدە ئىككىمىزلا قېلىپ، سەن ئۆگەي ئاناڭنىڭ خورلىشى بىلەن كۆندە دېگۈدەك ياش تۆكۈپ يۈرگەندە ساڭا نېمىشقىمۇ ھېسداشلىق قىلالمىغاندىمەن؟ مېنى ئۆز بەختىم ئالدىدا گاراڭ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان زادى نېمىدۇر؟ يۈرتداشـ ـلىقنىڭ، ساۋاقداشلىقنىڭ، سەمىمي دوستلۇقنىڭ مۇشۇنداق ئۇلۇغ مۇھەببەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىنى ئەجەب ئويلىماپتىمەنغۇ! سەن نېمىدېگەن زېرەك، ۋاپادار ـ ھە؟ مۇبادا سەن شۇ چاغدا شۇنچە جۈرئەتلىك بىلەن باغرىمىزدا يەر ئاستىدىكى ماگمىدەك قايناپ تۇرغان مۇھەببەتنىڭ ئېغىزىنى ئاچمىغان بولساڭ، مەن ھازىرمۇ بەخىرامان ھالدا سېنىڭ شۇنچە ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنىمۇ ھېس قىلالماي يۈرىدىكەنمەن ئەمەسمۇ! ئاھ...... خەلچەم! مەنمۇ سېنى ياخشى كۆرىمەن، سېنى خۇددى ساڭا ئوخشاش كىچىك ۋاقتىمدىن باشلاپ ياخشى كۆرىدىكەنمەن. مەن ئەمدىلا ھاياتنىڭ، دۇنيانىڭ شۇنچە گۈزەللىكىنى، دوستلۇقنىڭ ئىنسان پەزىلەتلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ مۇقەددەس بۇرچ ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتىمەن. ئەپسۇس، مەن سەن بىلەن مەڭگۈ بىرگە ئۆتۈشكە نىيەت قىلغان مۇشۇ كۈنلەردە يۈرىكىمگە ئالەمچە ئوتنى سېلىپ قويۇپ، خۇددى

ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئىككى بالىنى تۇغۇپلا مەندىن ئۆزۈڭنى چەتكە ئالدىڭ، سەن بۇ ھەرىكىتىڭ بىلەن ئىلگىرى ساڭا قىلغان- ئەتكەنلىرىمنىڭ جازاسىنى بەرمەكچىمۇ ياكى ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمەسلىكىڭنىڭ قانچىلىك ھەسرەتلىك بولىدىغانلىقىنى ماڭا كۆرسىتىپ قويماقچىمۇ؟ مۇبادا شۇنداق ئويلىغان بولساڭ بولىدى، مەن ئالدىڭدا تىزلىناي، سەندىن ئۆتۈنەي! ئەمدى ئازابلىرىڭنى توختات! مېنىڭ ساڭا قىلغان - ئەتكەنلىرىم ھەرگىزمۇ سېنى مەنسىتمىگەنلىكىمدىن ياكى بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسكە سالغانلىقىمدىن ئەمەس، ئۇ پەقەت مېنىڭ نادانلىقىم، خالاس. مۇئەللىم بىزگە «بىلمەسلىك ئەيىب ئەمەس، بىلىشكە ئىنتىلمەسلىك ئەيىب» دېگەن ئىدىغۇ! مۇبادا سەن ئىلگىرى مېنىڭ كەۋسەرنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەپ يۈرۈپ، ساڭا يوشۇرۇنچە كەلتۈرگەن ئازابلىرىمنى ئۇنتۇيالمىغان بولساڭ، مېنىڭ ھازىرقى ئازابلىرىمنىڭ ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئىكەنلىكىنى نېمىشقا ئويلىمايدىغانسەن!؟ چۈنكى، مەن قەلب تۆرۈمدىكى بۇ سۆزلىرىمنى ساڭا بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئېيتىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدىم ئەمەسمۇ! مەن ھەممىنى چۈشەندىم، خەلچەم، شۇنچە يىلدىن بېرى سەن چىداپ كەلگەنگە مەن چىدىيالمىدىم. سەن قاراپ تۇرۇپ مېنى دەھشەتلىك ئوتقا ئىتتىرىۋېتىپ، ئۆزۈڭ قىزىل پەردىلىك دېرىزىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇندۇڭ، سەن ئاشۇ ئۆينىڭ ئىچىدە نېمىلەرنى ئويلايدىغانسەن؟! بىلسەڭ، ماڭا دۇنيا سېنىڭ ئاشۇ قىزىل پەردىلىك دېرىزەڭگىلا ئوخشايدۇ. ئۇ شۇنچە جىمجىت، شۇنچە يوچۇن، شۇنچە دەھشەتلىك!......»

*　　　*　　　*

بۈگۈن ــ خاسىيەتلىك پەيشەنبە كۈنىدە ئابدۇللانىڭ تويى

بولدى. ئاقتاش يېزىسىدا رېماتىزم كېسىلى بىلەن ئۇزاق مۇددەت ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان، ئىسمى ھەممىگە تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەن سۇلايمان ياۋاش بىلەن ئۆزىنىڭ كۆپنى كۆرۈپ پىشىپ يېتىلگەنلىكى، چېۋەرلىكى، مېھماندوستلۇقى ئارقىلىق نام چىقارغان مۆھتىرەمخانىنىڭ كەنجى ئوغلى ئابدۇللانىڭ تويى ئاخىر روياپقا چىقتى. ئالدىنقى كۈنى كەچتە يېزا باشلىقى بارات نىيازنىڭ ئالاھىدە قەدەم تەشرىپ قىلىپ، توي تەييارلىقىنى سۈرۈشتۈرگەنلىكى، ئابدۇللانىڭ دوستلىرىنىڭ تويىنى تازا قىزىتىشى ئۈچۈن يېزىنىڭ بىردىنبىر ئۈنئالغۇسىنى ئالغاچ كەلگەنلىكى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا قاۋۇل سېكرېتارنىڭ كەنت كادىرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ مۆھتىرەمخانغا: «ھەرقانداق ئىش بولسا بىزگە دېسىلە، ئابدۇللا بوغالتىرنىڭ تويىنى ئوبدان ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ھەممىمىز تىرىشىمىز» دەپ كۆڭۈل ئىزھار قىلغانلىقى نىمجانلىقىدىن كۆڭلى داۋاملىق يېرىم بولىدىغان سۇلايمان ياۋاشنى قەۋەتلا خۇش قىلىۋەتكەنىدى، باشقىلارنىڭ قىزغىن ياردىمىدىن باشقا، مۆھتىرەمخانىنىڭ چېۋەرلىكى، داستىخاننى مول قىلىشى بىلەن كۆپنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولغان بۇ توي شۇنچە جىمجىت، كۆڭۈلسىزلا ئۆتكۈزۈلدى، مېھمانلارنىڭ ئارىسىدىمۇ بۇ ھەقتە پاراڭلار ئۇزۇلمىدى، بۇنىڭغا ئەلۋەتتە ئابدۇللانىڭ بوگۈنكى سولغۇن چىرايى، كۆڭۈلسىز روھىي ھالىتى سەۋەبچى ئىدى. دوستلىرىنىڭ ئارىسىدا بىرنۇقتىغا تىكىلىپلا ئولتۇرغان ئابدۇللا شوتاپتا ئۆمرىدىكى ئەڭ خۇشاللىق كۈننى ئۆتكۈزۈۋاتقان يىگىتكە ئوخشىمايتتى، قىزىقچى يىگىتلەردىن بىر قانچىسى كىمدۇر بىرى ئېلىپ كەلگەن دۇتارنى چېلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ باققانمۇ بولدى، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن بىر خىل رىتىمدا داۋام قىلىۋاتقان كەيپىيات كۆتۈرۈلمىدى. يىگىتلەرنىڭ بۇنداق كۆڭۈلسىز ھالىتىگە خېلىدىن بېرى دىققەت قىلىپ كەلگەن

جالالىدىن ئاخۇن يىگىت قولدىشىنى باغقا چاقىرىپ دېدى:
— بالامـاي! بۈگـۈن سـىلەرگە نـېمە بولـدى زادى؟ ئىلگـىرى مەھەللىمىزدە توي بولسا قىزىتىپ ئـوت چىقىرىـۋېتەتتىڭلا، بۈگۈنمۇ بۇ ئۆيدە ئابدۇللانىڭ تـويى بولۇۋاتىـدۇ، مۇسـىبەت بـولغىنى يـوق، كەم نەرسـىلەر بولـسا مانـا ماڭـا دەڭـلار، ئىـشقىلىپ، بـۇ تـوينى قىزىتىڭلار، ھەي، بىزنىڭ سەدىردىنىڭ يوقلۇقى ئەجەب چاندا!
ئۇنىـڭ گېپـى ئۈزۈلۈشـى بىـلەن تەڭ يېنىغـا ھوشـۇر مـوزدۇز كەلدى - دە:
— بالام باراتـاي! سـىلەرمۇزە، ئەجەب بىـغەم باللاركەنـسىلەر، تۈنۈگـۈن ھېلىقـى ھەسـەن تەمبـۇر، ئـابلا راۋاب، يۈسـۈپ بەگگـى قاتارلىق نەغمىچى باللارغا خەۋەر قىلىپ قويساڭلار ياكى غاچچىدە باغاق يېزىپ تاشلاپ بەرسەڭلار بولماسمىدى!؟ ئابـدۇللانىڭ تـويى كىچىك باللىنىڭ خەتنە تويىدەك مۇشۇنداق ئۆتسە بولامدۇ؟ يۈسۈپ بەگگىنى چاقىرىپ كەل دەپ ئادەم ئەۋەتسەم، ئۇ بازار ئەتراپىدىكى بىـر تويغـا كىتىـپ قـاپتۇ، تـوي دېگەنىنـىڭ ئـاز - تـولا نەغـمە - ناۋاسى بولمىسا قانداق بولغىنى! — دېدى تېرىكىپ.
— مەنمۇ شۇ گەپنى دەپ تۇراتتىم، گازىر چېقىشىپ ئولتۇرغـان بىلەن توي قىزاتتىمۇ!؟ ھەي...... مەن كىرىـپ ئانـايەت كـۇدەككە تۆت ئېغىز گەپ قىلاي، خېلى بىر ئىـشلارنى قاملاشتۇرىدۇ ئـۇ! — جالالىدىن ئاخۇن شۇنداق دەپلا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.
— ھوشۇركا، — دېـدى يىگىـت قولدىـشى پەس ئـاۋازدا، — ئابـدۇللانىڭ بـۇ تويغـا رازىلىقـى يـوقتەك تۇرىـدۇ. قارىمامسىز، ئـۇ ئەتىگەندىن بېرى ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدەك گۆلىيىـپ ئولتۇرىـدۇ، دېگەنلىرىڭىز دۇرۇس، ئەسلىدە قائىدە بـويىچە ئـۈچ - تـۆت كـۈن ئىلگـىرى ئابـدۇللا بىـز ئـاغىنىلەرنى جەم قىلىـپ، مۇشـۇ ئىـشلار توغرىسىدا باش قوشۇۋالىدىغان گەپ ئىدى.
— نېمە، سىلەر ئۇنداق قىلمىغانما تېخى؟

— سىزگە دېسەم، ئاخشام بىر مەھەل بولغانىدا مۆھتىرەمخان ئانام بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ دېمىگەن بولسا مەنمۇ بۇ تويدىن خەۋەرسىز قالىدىكەنمەن، شۇنىڭ بىلەن ئاغىنىلەرگە باغاق يېزىپ تۇن نىسپىگىچە تارقاتتىم، ئابدۇللاغا گەپ قىلسام: «ئۆزۈڭ بىلىپ بىر ئىش قىلمامسەن» دەپلا تۇرسا، مەندە نېمە ئامال دەيسىز؟

— نېمە دەيدىغانسەن ئەمدى، بۇ ئابدۇللامۇزە، نېمىشقا بۇنداق ھاڭۋاقتىلىق قىلىدىغاندۇ!

— نەغمىچى ئاغىنىلەرگە قائىدە بويىچە تۆت - بەش كۈن بۇرۇن خەۋەر بېرىپ، ئەتىگەندىلا ئالدىغا مەپە ئەۋەتىدىغان گەپ ئىدى. ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئىززەت - ھۆرمىتى بار ئەمەسمۇ، بۈگۈن ئالدىغا بېرىپ باشنى يېرىپ بەرسەكمۇ ئۇلار كەلمەيدۇ، ئەمدى بولۇشىچە ئىش قىلماقتىن باشقا چارە يوق دەڭە!

— ئابدۇللانىڭ بويى ئۆسكەن بىلەن تېخى يېشى كىچىك، بۇ تويمۇ ئالدىراپ - تېنەپلا بولدى. ئالدىدىن ئىش ئۆتمىگەن بالا - دە، گاڭگىراپ قالغان چېغى، نەغمىچىلەرنى ئەكېلەلمىسەڭلارمۇ ئۆزۈڭلەر باش قوشۇپ، ئاز - تولا بىر ئىش قىلمامسىلەر؟

— ماقۇل، مەن بىر ئامال قىلىپ باقاي ئەمىسە.

يىگىت قولدىشى شۇنداق دەپلا كىرىپ كەتتى. ھوشۇر مۇزدۇز خىيالغا پېتىپ بىردەم تۇرۇپ قالدى. يىگىت قولدىشىنىڭ ئابدۇللا توغرىسىدا دېگەن ھېلىقى گەپلىرى ئۇنى ئويغا سېلىپ قويغانىدى. بىر پەستىن كېيىن ھويلىدىن دۇتارنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن كىمدۇر بىرسىنىڭ «قېنى، شوخ - شوخ ئويناىمىز» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. خىيال سۈرۈپ تۇرغان ھوشۇر مۇزدۇزنىڭ كۆڭلى سەل كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك بولدى - دە، ھويلىغا قاراپ ماڭدى، ئۇ ھويلا ئىشىكىدىن كىرىشكە ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن قىزغىن كەيپىيات چىپپىدە پەسكويغا چۈشۈپ قالدى. ئەسلىدە دۇتارنىڭ تارىسى ئۈزۈلگەنىدى. سۇلايمان يوۋاش كارىۋاتتا ياستۇققا يۆلىنىپ

ئولتۇرۇپ ئۆيگە كىرىپ - چىقىۋاتقانلارغا كۆلۈمسىرەپ ئۆزىنىڭ رازىمەنلىكىنى بىلدۈرۈۋاتاتتى، قارىماققا ئۇ بۈگۈن بەكمۇ خۇشال كۆرۈنەتتى، بىرنەچچە چال ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ گۇڭ - مۇڭ پاراڭغا چۈشكەنىدى. ئازادە سۇپىدا ئولتۇرۇشقان يىگىتلەر تىنىمسىز گازىر چېقىشاتتى، بىرنەچچە يىگىت تونۇر بېشىدا ئەتىگەندىن بېرى ھەپىلىشىپ ئاۋازىنى چىقىرالمىغان ئۇنئالغۇغا قاراپ جىلە بولۇپ تۇرۇشاتتى. شۇ ئەسنادا جالالىدىن ئاخۇننىڭ خىيالىغا سەدىردىن كىرىۋالدى. سەدىردىن مەھەللىدە بىرەرسىنىڭ تويى بولسىلا بەكمۇ خۇشال بولۇپ كېتەتتى، جالالىدىن ئاخۇن بامداتقا تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغاندا، سەدىردىنمۇ تەڭ تۇرۇپ، توي ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۆيگە بېرىپ، داشقازان ئېسىلغان ئوچاققا ئوت قالاش، كۆلدىن سۇ ئەكىرىپ بېرىش، گۈرۈچ يۇيۇش دېگەندەك ئىشلارغا ياردەملىشەتتى. مېھمانلار كېلىپ يىگىتلەرنىڭ ئويۇنى باشلانغاندا بولسا قىن - قىنىغا پاتماي ئۇسسۇلغا چۈشۈپ جامائەتنى جەلپ قىلىۋالاتتى. بۇنداق چاغلاردا جالالىدىن ئاخۇن ئوغلىدىن پەخىرلىنىپ يېنىدىكىلەرگە: «ئوغلۇمنى چاپلىكەش دېگىنىڭلار بىلەن، مۇنداق كارامىتى بار» دېگەندەك مەنىدە بېشىنى لىڭشىتىپ قوياتتى. بۇ چاغدا يەنە ھوشۇر موزدۇزنىڭمۇ خىيالى قاناتلانغان بولۇپ، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا راشىدىنغا پىچىرلاۋاتاتتى: «ئاھ بىچارە ئوغلۇم، نەلەردە تېنەپ يۈرىدىغانسەن، مۇشۇ تاپتا يېنىمدا بولساڭ قالتىس بەلەن بولاتتى. سېنىڭمۇ تويۇڭنى قىلسام، كېلىنىم پاقلاندەك ئوغۇل تۇغۇپ بەرسە، ھەي، ئاشۇ كۈنلەر ماڭا نېسىپ بولامۇ؟ ئى قادىر ئىگەم، ئوغلۇم راشىدىننى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، ئۇنى غايىب خەتەردىن يىراق قىلغايسەن» ھوشۇر موزدۇزنىڭ كۆزى سۇلايمان ياۋاشنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئەخمەت بوۋاينىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى، شۇ تاپتا ئەخمەت بوۋاينىڭ چىرايىمۇ ھوشۇر

موزدۇزنىڭ چىرايىدەك ھەسرەتلىك تۈس ئالغانىدى. ھوشۇر موزدۇز ھويلىسىدا ئۇيان - بۇيان مېڭىۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدىن ئاۋايلاپ ئۆتۈپ، ئەخمەت بوۋاينىڭ يېنىغا باردى ۋە پەس ئاۋازدا:

— ھەي، قارىماسسىز بۇ باللارنىڭ بوشاڭلىقىنى! بۈگۈن راشىدىن بىلەن نىياز بولغان بولسا ئابدۇللاغا قانات چىقاتتى ئەمەسمۇ، ئابدۇللا راشىدىن بىلەن نىيازنى يۈسۈنلەپ① قالدى بولغاي. شۇقەدەر ئىجىل ئۆتۈشەتتى ئەمەسمۇ؟ ئادەم مۇشۇنداق تويى بولغانىدا، يەنە قازايىقەدەر يەتكەنىدە يېقىن دوستىنى سېغىنىدىغان گەپ، بۇنداق ئىشلار ئىلگىرى سىز- بىزنىڭمۇ بېشىمىزدىن تولا ئۆتكەن، ئاللا ئىگەم ئوغۇللىرىمىزنى ئامان - ئېسەن قايتىپ كەلگىلى نېسىپ قىلار......

ھوشۇر موزدۇز شۇلارنى دېگەنىدىن كېيىن يىگىتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان ئابدۇللاغا نەزەر سالدى. ئابدۇللانىڭ چوڭ كۆزلىرى بۈگۈن ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بولۇپ، بوغداي ئۆڭ چىرايىدا مۇڭ ئەكس ئېتەتتى، قارىماققا ئۇ ھېلىلا جاڭگالغا بېرىپ ئوتۇن كولاپ كەلگەنگىلا ئوخشايتتى، گاراڭ ھالەتتە ئولتۇرۇپ گويا بۈگۈن تويى بولغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغاندەك ئىدى، ھوشۇر موزدۇز خورسىنىپ قويدى، ئەخمەت بوۋاي ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى. بۈگۈن ھەر ھالدا قادىر ئاخۇن ئايىغىنى چاققان قىلىپ، يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى، قۇدىلارنى ئۇزىتىشتا سۇلايمان ياۋاشنىڭ ئىمجانلىقىنى چاندۇرماي، ھەممە ئىشقا ئۆزى چېپىپ يۈرگەن مۆھتىرەمخانغا ئوبدانلا يۆلەك بولدى. شۇنداقتىمۇ قازان بېشىدا گۆش، پولۇ تەگشەپ ئولتۇرغانلاردىن چىرايلىق گەپ بىلەن بىرەر پارچە گۆشنى قولغا چۇشۇرۇپ، تۆر ئۆيدە مېھمان كۈتۈپ ئولتۇرغان زورىخانغا سۇڭگۈتۈپ ئۈلگۈردى. نېمىلا بولسۇن ئۇ ئابدۇللانىڭ تويى

① يۈسۈن — ئەسلەش، ياد ئېتىش مەنىسىدىكى يەرلىك شېۋە.

روياپقا چىقىپ، قولىقى خەلچەم بىلەن ئابدۇللا توغرىسىدىكى ھېلىقى گەپ - سۆزلەردىن خالىي بولۇشقا يۈزلەنگەنلىكىدىن خۇش ئىدى. ھويلىدا ئانايەت كودەك يانچۇق پىچىقىدا يۇلغۇن شىخىنى قىرىپ، جالالدىن ئاخۇن كۆتۈرۈپ كىرگەن ناغرىنى چېلىش ئۈچۈن چەمەك ياساۋاتاتتى، ئۇ چەمەكنى ياساپ بولغاندىن كېيىن گويا بەسلەشكەندەكلا گازىر چېقىشىپ ئولتۇرغان يىگىتلەرگە قاراپ:

— ھوي تازلار! سەنلەرمۇ تويىنىڭ يىگىتى بولۇشتۇڭمۇ؟ مۆھتىرەمخان ئاچام قىر بېشىغا تېرىپ بىر ياز پەرۋىش قىلغان گازىرنىڭ ھەممىسىنى بۈگۈنلا چېقىشىپ بولامسەن؟ بۇ ئۆيگە يىگىت قولدىشى بولۇپ تويىنى قىزىتقىلى كېلىشتىڭمۇ ياكى گازىر چېقىشىپ ئەسنەپ ئولتۇرۇش ئۈچۈنمۇ؟ تۇرۇشە ئورنۇڭدىن! ئابدۇللانىڭ تويىنى ئەمدى قىزىتىمىز! مەن بولمىسام سەن كىسپۇرۇشلار ھېچبىر ئىشنى قاملاشتۇرالمايسىلەر! — دېدى.

ناغرىنى كۆرۈپ يىگىتلەرنىڭ روھى ئۇرغۇدى بولغاي، بىر-بىرلەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئارىدا ئەخمەت بوۋاي:

— ئانايەت، بۇ ناغرىنى تېخىچىلا ساقلاپ كەپسەن - ھە؟ دولقۇن قوزغايمىز دەپ ئۆيقۇمىزنى ھارام قىلىدىغان بۇ كاساپەتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىغىلى بىرنەچچە يىل بولاي دەپتۇ، — دېۋىدى، ناغرىنى تونۇرنىڭ سۇپىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقان جالالدىن ئاخۇن:

— ئەخمەتكا، بۇ ھورۇن كوپىراتسىيە يەنە قۇرۇلۇپ قالسا ناغرىنى چېلىپ جان باقىمەن دەپ قازناق ئۆيدە ساقلاپ كەپتۇ. ئەممازە، دولقۇن قوزغايدىغان ئىش ئەمدى بولماس، بۈگۈن تويىنى قىزىتىش ئۈچۈن چالسۇن، — دېدى كۈلۈپ.

ئانايەت كودەك ناغرىنى چالدى، يىگىتلەر بىر - بىرلەپ ناغرىغا ماسلاشتۇرۇپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى، ئارىدا مۆھتىرەمخان سۇپىدا گازىر شۆپۈكى بىلەن توشۇپ كەتكەن داستىخاننى ئالماشتۇرۇپ، قادىر ئاخۇن قازناق ئۆيدىن ئېلىپ

چىققان مۇناقى ئۇزۇم، چىلان، گۈلە - قاق قاتارلىق قۇرۇق مېۋىلەرنى داستىخانغا تۆكۈپ قويدى. ئۇ بۈگۈن خۇشالدەك كۆرۈنسىمۇ، ئابدۇللانىڭ چىرايىدىكى سولغۇنلۇققا كۆزى چۈشسىلا كۆڭلى بىر قىسمىلا بولۇپ قالاتتى.

ئانايەت كۈدەك بىلەن ھوشۇر موزدۇز، جالالىدىن ئاخۇنلارنىڭ قوزغىتىشى بىلەن توي بىردەم قىزىغان بولدى، كېيىن مېھمانلار بارات نىيازنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، قاۋۇل سېكرېتارنىڭ سېخىيلىقى بىلەن كەنتنىڭ 28 ئات كۈچلۈك تىراكتورىنىڭ كوزۇپىغا ئولتۇرۇپ قىزنى كۆچۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. يولدا ئانايەت كۈدەك قىزىقچىلىق قىلىپ ئابدۇللانىڭ روھىنى كۆتۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئەتىگەندىن بېرى كەم سۆزلىشىپ، روھى سۇنۇپ قالغان ئابدۇللا مىيىقىدىلا كۈلۈمسىرەپ قويغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا بىر خىللا كەيپىياتتا ئىدى.

قىز تەرەپنىڭ تال باراڭلىق ھويلىسىدىكى پائالىيەت بەك قىزىدى، قاشلىرىغا يارىشىملىق ئوسما قويۇپ، ماڭلاي چاچلىرىنى كۆپتۈرۈۋالغان ئېگىز بويى، زىلۋا كەلگەن قىز قولدىشى ھەرىكىتىنىڭ چاققانلىقى، سۆزىنىڭ ئورۇنلۇق ھەم تەشەببۇسكار-لىقى بىلەن كەيپىياتنى خېلى كۆتۈردى. ئابدۇللارنىڭ ئۆيىدە نېمىشقىدۇر تاماشىدىن رايى يېنىپ، گازىرنى كۆپ چېقىپ زاڭاقلىرى قېپىشىپ، ئېغىزلىرى قۇرۇپ كەتكەن يىگىتلەرمۇ ئەمدى قىزلارنىڭ ئۆزلىرىگە قاراپ پىچىرلىشىپ تۇرۇشقانلىقىنى كۆرۈشۈپ روھى ئۇرغۇدى، توي ئۈچۈن ئالاھىدە كىيىپ كېلىشكەن كىيىملىرىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىگە چاپلىشىپ قالغان گازىر شۆپۈكلىرىنى قېقىشتۇرۇپ، جۈرئەت قىلغانلىرى كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنگەن قىزلارغا قاش ئېتىپ، ئۇنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىدىن بېشارەت بېرىشەتتى. كېيىن قىز - يىگىتلەرنىڭ بىرلىشىپ ئوينىغان ئۇسسۇلى تازا قىزىغاندا، مېھمانخانا ئۆيىدە قاسىم قارىم

ئۆزىگە سوگدىشىپ ئولتۇرغان قادىر ئاخۇنغا پىچىرلاپ بىرنېمىلەرنى دېدى. ئۇ ھويلىغا چىقىپ ئانايەت كۈدەكنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى، ئانايەت كۈدەك شۇئان دۇتار چېلىۋاتقان يىگىتكە كۆزىنى قىستى ۋە:

— خەپىشۇك، باللار! يۇقىرىدىن ئىجازەت كەلدى، ئەمدى نىكاھ ئوقۇلىدىكەن، — دېدى.

يىگىتلەر ئابدۇللانى ئارىغا ئېلىپ مېھمانخانا ئىشىكىگە يېپىشتى. ئۆي ئىچىدىن دەسلەپتە قاسىم قارىمنىڭ ئايەت ئوقۇغان ئاۋازى، كېيىن ئاتا - ئانىلاردىن، قىزدىن گۇۋاھلىق ۋە رازىلىق سورىغىنى ئاڭلاندى. ئاھ، ئاخىر پانىي دۇنيادىكى ھەربىر يىگىتنىڭ ئۆمۈرلۈك مەسئۇلىيىتىنى بەلگىلەيدىغان، ۋەزنى ئەڭ ئېغىر سوئالغا جاۋاب بېرىش نۆۋىتى ئابدۇللاغا كەلدى. ئابدۇللا شۇ دەقىقىدە نېمىلەرنى ئويلاپ تۇرغانكىن، قاسىم قارىمنىڭ قايتىلاپ سورىغان سوئالى ئۇنى يەنە گاڭگىرىتىپ قويدى. جىددىيلىشىپ قالغان يىگىت قولدىشى ئابدۇللانىڭ قۇلىقىغا «ئالدىم دە، ئالدىم دە» دەپ قايتا - قايتا پىچىرلىدى، ئابدۇللا ئاخىر غەيرەتكە كېلىپ:

— ئالدىم، — دېدى - يۇ، شۇئان يەر تەۋرىگەندەك بېشى قېيىپ، يېنىدىكى يىگىت قولدىشىنىڭ بىلىكىنى تۇتۇۋالدى.

قىز كۆچۈرۈپ مېڭىلدى. تىراكتور كوزۇپىدا قىستىلىپ ئولتۇرۇشقانلار خۇشال بولسىمۇ، ئابدۇللانىڭ چىرايىدىكى مەيۈسلۈكنى كۆرگەن مۆھتىرەمخاننىڭ يۈرىكى پىژژىدە ئېچىشتى. كېيىنكى رەسمىيەتلەر ئۆز يولى بىلەن ئادا بولدى، يىگىتلەر ئابدۇللا بىلەن قىزنى ھويلىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى ھۇجرىغا ئەكىرىپ قويۇپ، بىر - بىرلەپ قايتىشتى. ئەخمەت بوۋاي، جالالىدىن ئاخۇن، ھوشۇر موزدۇز، قادىر ئاخۇنلارمۇ خوتۇن - بالىلىرى بىلەن ئابدۇللاغا خاتىرجەملىك، بەخت تىلەپ

قايتىشقاندىن كېيىن، ئابدۇللانىڭ ئۆيى ئەسلىدىكى جىمجىت ھالىتىگە قايتتى. شۇ كۈنى كەچتە ھەممىدىن بەك ئازابلانغىنى ئابدۇللا ئەمەس، بەلكى قادىر ئاخۇن بولدى. ئەسلىدە ئۇ زورىخان بىلەن ئابدۇللانىڭ توينى كۆڭلىدىكىدەك ئۆزىتىشىپ بىرىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە، راززاقنىڭ ئۆيىدىن يامانلاپ كەلگەن خەلچەم ئىشىك تۈۋىدە قىزىنى قۇچاقلاپ ئولتۇراتتى......

*　　　*　　　*

راست، ئابدۇللانىڭ توي بولدى، گەرچە ئابدۇللا بۇ تويغا قوشۇلمايلا قالماي شۇنچە قارشى تۇرغان بولسىمۇ، توي ئاقتاش يېزىسىدا ئەلمىساقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن قائىدە بويىچە ھەممە كۈن تەرتىپلىرىنى تولۇق ئادا قىلىپ ئۆتكۈزۈلدى. قىز ھەقىقەتەنمۇ سارەم ئىدى، ئابدۇللا باشتا توي قىلىشقا باشتىن - ئاخىر قوشۇلماي تاش چىشلەپ تۇرۇۋالغان سارەم، يەنى دادىسى سۇلايمان ياۋاشنىڭ ئىنىسىنىڭ قىزى سارەم ئىدى. ھاياتلىق ئۆز نۆۋىتىدە مۇشۇنداق كارامەتلەرنىمۇ ئىنسان بېشىغا كەلتۈرۈشكە قادىر ئوخشايدۇ، ئابدۇللا خەلچەمدىن ئۆزگە بىرسىنى كۆڭلىگە سىغدۇرالماي كەلگەن بولسىمۇ، ئاخىر ھۆجرىسىغا سارەم سىغىپ قانۇن ۋە شەرىئەت جەھەتتىن خوتۇنىغا ئايلاندى. شۇنداقتىمۇ ئابدۇللا ھېلىھەم ئۆزىنى خام خىيال بىلەن ئالداپ كېلىۋاتاتتى. كونىلارنىڭ: «ھەر بالالار كېلىدۇ ئوغۇل بالانىڭ بېشىغا» دېگىنى مۇشۇ ئوخشايدۇ، قېنى ئۇ شېرىن ئارزۇلار، قېنى ئۇ خەلچەم!

ئابدۇللا شۇ كۈنى كەچتە ئاچما كەنتىگە بېرىپ، قاراڭغۇدا قىزىل پەردىلىك دېرىزىنىڭ دەھشىتىدىن ئۈركۈپ، دەريا بويىغا كەلگەندە بۇنداق بولۇشنى ئەسلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى، ئۇنىڭ خىياللىرى باشتىن - ئاخىر خەلچەم بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەچكە،

بۇنداق تاسادىپىيلىقتا كۆڭلىدە ھەرگىزمۇ ئورۇن قالمىغانىدى، ئەپسۇس دېمەي ئامال يوق، شۇ كۈنى ئەتىگەندە ئابدۇللا ئورنىدىن تۇرۇپلا ئۆيدە ئانىسىنىڭ يوقلۇقىنى سەزدى.

ــ ئانام قېنى؟ــ سورىدى ئۇ ئوچاق ئالدىدا تەسۋى سىرىپ ئولتۇرغان دادىسىدىن.

ــ ئاناڭ ھازىرلا كېلىدۇ، سەن سىرتقا ماڭماي تۇر، بالام، بۈگۈن مۇھىم ئىش بار،ــ دېدى سۇلايمان ياۋاش مۇجمەل ھالدا.

ئابدۇللا دادىسىنىڭ گېپىدىن ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي تۇرغاندا، تاشقىرىدىن قاسىم قارىم، ئەخمەت بوۋاي، ھوشۇر موزدۇز، جالالىدىن ئاخۇن ۋە ئانىسى مۆھتىرەمخان كىرىپ كېلىشتى، ئابدۇللا قاسىم قارىمنى كۆرۈپلا كۆڭلىدە بىر ئىشنى سېزىپ ئۈلگۈردى. قاسىم قارىم دەسلەپتە قىرائەت قىلدى، دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ بىرھازا سۇلايمان ياۋاشنىڭ كېسىلىگە شىپالىق تىلىدى، ئارىدا مۆھتىرەمخان داستىخان سېلىپ مەزە كەلتۈردى. ھەممىسى سۈت چاي بىلەن ناشتا قىلىشتى، كېيىن قاسىم قارىم ئەخمەت بوۋاي بىلەن كۆز ئىشارىسى قىلىشىپ، بىر- بىرىگە سۆزلەش نۆۋىتىنى ئىتتىرىشتى، ئاخىر قاسىم قارىم ئېغىز ئاچتى:

ــ بالام ئابدۇللا، ــ دېدى ئۇ ئابدۇللاغا تىكىلىپ قاراپ، ــ سىزمۇ چوڭ بولۇپ قاتارغا قوشۇلدىڭىز، كەنتىمىزگە بوغالتىر بولۇپ يولىڭىز ئېچىلدى، مېنىڭ بىلىشىمچە ھازىرغىچىلىك ئاتا- ئانىڭىزنى نارازى قىلماي، ئەھلى مۆمىنىنىڭ پەرزەنتى بولۇش سۈپىتىنى ھازىرلاپ دۇئاسىنى ئالدىڭىز، خۇدانىڭ ئەھلى مۆمىن بەندىسىگە بۇ ئالەمدە ئاتا- ئانىنىڭ دۇئاسىنى ئېلىشتىن ئارتۇق ساۋابلىق ئىش يوق. قىيامەتتە ئاللاتائالا بۇنىڭ دەرىجىسىنى ئوبدان بىرىدۇ، ئۇلۇغلار: «جەننەت ئاتا- ئاناڭنىڭ تاپىنى ئاستىدا» دېگەن. ئەگەرچەندە ئاتا- ئانا پەرزەنتتىن نارازى بولسا ئاللاتائالامۇ ئۇ بەندىسىدىن نارازى بولىدۇ، ئاتا- ئانا رازى ــ

ئاللا رازى دېگەن گەپ بەرھەقتۇر. ئاڭلىساق سىز ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ بۆۋى سارىخان بىلەن پەرزەنتىڭىزنى ئادا قىلىش ئىشىغا قوشۇلماي تۇرۇۋاپسىز، بۇ قاملاشماپتۇ، ئوغۇل چوڭ بولسا ئۆيلەيدىغان، قىز چوڭ بولسا ياتلىق قىلىدىغان قائىدىنى سىز ئوبدان بىلىسىز، مانا، دادىڭىز سۇلايمان ئاخۇن ئۇزاقتىن بېرى بىتاپ بولۇپ ياتىدۇ. مۇشۇنداق بىقۇۋۇل ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىش جايىز ئەمەس، بالام، بىز بۈگۈن مۇشۇ ئىش بائىسىدا سىزگە نەسىھەت قىلغىلى مەسچىتتىنلا ئۇدۇل كەلدۇق. مۆھتىرەمە-خاننىڭ مەسلىھەتى بويىچە تويغا ھازىردىن باشلاپ تۇتۇش قىلساق ئون نەچچە كۈندە زۆرۈرىيەتلەرمۇ تەل بولىدۇ. قېنى، بۇ ئىشقا سىز نېمە دەرسىزكىن، كۆڭلىڭىزدىكىنى دەڭ، بۈگۈن يېقىن- يورۇقلار جەم بولدۇق، بار مەسلىھەت ئىش قىلايلى.

ئابدۇللا قاسىم قارىمنىڭ ئۇدۇلىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ خىيالغا چۆمگەنىدى، مۆھتىرەمخان قاچا ـ قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇش، سۇلايمان ياۋاشنىڭ دورىسىنى ئىچۈرۈش دېگەندەك ئىشلار بىلەن بەند بولۇپ، ئۆزىنى ئاردىكى سۆھبەتتىن قاچۇرۇپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن بۈگۈن قاسىم قارىم باشلىق يېقىنلارنى چاقىرىپ كېلىپ، ئابدۇللانى سارەم بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلىغانلىقىغا ئارسالدى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.

باشقىلار ئابدۇللانىڭ زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا بىر ـ بىرلەپ نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى. ئاخىرىدا ئەخمەت بوۋاي مۇنداق دېدى:

— بالام ئابدۇللا، دەيدىغاننى قاسىم قارىم دېدى، مەن ياشتا ھەممىدىن چوڭ، كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىممۇ كۆپ، شۇنداق ئىكەن مېنىڭ نەسىھەتىمنى قوبۇل قىلمىساڭ بولمايدۇ، مۆھتىرەمخان كۆپ جاپا تارتتى. بەزى ئىشلارنى بۇ يەردە دەپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق، ئادەمگە ياشانغاندا كۆڭۈل ئارامچىلىقىدىن ئارتۇق ئىش

بولمايدۇ، بالىنى ئۆيلەش ئاتا ـ ئانىنىڭ زىممىسىدىكى پەرز ھەم قەرز. ئاتا ـ ئانا ئۆز بالىسىنى ھەرگىز يامان يولغا باشلىمايدۇ، سارەمخان ئۆزۈڭنىڭ تۇغقىنى، بۇنداق جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالما، تويىنى قىلىۋېتەيلى، سەنمۇ ئۆزۈڭگە تېگىشلىك ئىشلارنى ۋاقتىدا قىلىپ تۈگەتكىن، ھەممىمىزنىڭ بېشىنى ئاغرىتىۋاتقان خاپىلىقتىن بىر يولىلا قۇتۇلايلى.

ئابدۇللانىڭ ۋۇجۇدى تىترەشكە باشلىدى، كۆڭلىدە: مەن ھەممە ئادەم ئەيىبلەپ كەتكۈدەك شۇنچە يامان ئىشلارنى قىلغانىدىمەنمۇ، نېمىشقا بۇلار مېنىڭ كۆڭلۈمگە ئېتىبار بەرمەيدىغاندۇ دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۆلگۈردى.

ــ گەپ قىلغىنا، بالام، ئۆز ئاغزىڭدىن مۇددىئايىڭنى ئاڭلاپ باقايلى، ــ قاسىم قارىمنىڭ سالماق ھالدا دېگەن بۇ گېپى ئابدۇللانى خىيال قۇچقىقىدىن تارتىپ چىقتى. ئۇ پەس ئاۋازدا دېدى:

ــ قارىم، سىلى كەنتىمىزنىڭ بېشى ھەم چىرىغى......

ــ يوقسۇ، يوقسۇ...... ــ قاسىم قارىم شۇنداق دېگىنىچە ساقلىنى سىلىدى.

ــ مەن كۆڭلۈمدىكىنى دېۋالاي، بۇگۈن ھەرقايسىڭلار ماڭا نەسىھەت قىلدىڭلار، سۆزۈڭلارنى ئىلىك ئالمىسام ئەدەبسىزلىك بولىدۇ.

ــ دۇرۇس، دۇرۇس، ئوقۇغان بالا ـ دە، ــ قاسىم قارىم شۇنداق دەپلا جىم ئولتۇردى. ئابدۇللا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ كىچىك ۋاقتىمدا سىلى مېنىڭ قۇرئان ساۋاتىمنى چىقارغان، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆگەتكەن، مېنى ئەيىبكە بۇيرۇماي، ئۆزلىرى دەپ باقسىلا، قانداش تۇغقانلار توي قىلىش بىزنىڭ شەرىئىتىمىزگە ئۇيغۇنمۇ؟ مۇبادا سىلى ئۇيغۇن دەپ قارىسىلا مېنىڭ باشقا گېپىم يوق.

— ھەي، بىغەرەز ! قاسىم قارىمغىمۇ شۇنداق گەپ قىلامسەن، قارىم دىلىڭغا ئىمان سالغان پىر ئۇستازىڭ تۇرسا! — دېدى ياندا ياستۇققا يۆلىنىپ ياتقان سۇلايمان ياۋاش جىلە بولۇپ.

— مەيلى ـ مەيلى، سىلى گەپ قىلمىسىلا، ئابدۇللا بالام كۆڭلىدىكىنى دېۋالسۇن، — قاسىم قارىم شۇنداق دەپ سۇلايمان ياۋاشنى جىملەپ قويدى، — ھە بالام، دېگىنە گېپىڭنى، — دېدى ئاندىن ئابدۇللاغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ، نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ چىرايىدا بىر خىل مەمنۇنلۇق ئىپادىسى جىلۋە قىلدى.

— مەن دەيدىغاننى دېدىم، قارىم، ئەمدى ئۇنىڭدىن باشقا گېپىم يوق.

— ھەببەللى! شەرىئەتتىن گەپ ئېچىپ ئوبدان قىلدىڭ، دىلىڭغا سالغان ئىمان زايە كەتمەپتۇ، شەرىئىتىمىزدە، مۇبادا ئىككى تۇققانلار ئېمىلداش بولمىسا نىكاھلانسا بولىدۇ دەيدىغان پەتىۋا بار. سىلەرنىڭ ئىشىڭلارغا كەلسەك، مەن مۆھتىرەمخاندىن بۇ ئىشنى تەگلەپ كۆردۈم، ئۇنداق ئىش بولماپتىكەن، شۇڭا سىلەرنى نىكاھلىساق دۇرۇس بولىدۇ، بالام.

— سارەم بىلەن ئېمىلداش بولمىغانلىقىمىزغا ئانام گۇۋاھلىق بېرەلەمدىكەن؟

ئابدۇللا شۇنداق دېگىنىچە ياندا ئولتۇرغان مۆھتىرەمخانغا قاراپ قويدى. شۇئان مۆھتىرەمخان ئابدۇللاغا يەر تېگىدىن قاراپ قويۇپ:

— ئۇنداق ئىش بولمىغان، بالام، ماڭا ئىشەنگىن، — دېدى.

ئابدۇللانىڭ بۇ ئىشقا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئەتىدىن بېرى ئويلاپ تاپقان باھانىسى شۇنداق قىلىپ، كارغا كەلمىدى، كېيىن ئۇ ئەقلىنى يەنە ئىشقا سېلىپ دېدى:

— بۇ ئىشقا ھۆكۈمەت قىزىل قەغەزمۇ بەرمەيدۇ، قارىم، بولسا مېنى قىستىمىسىلا، مەن بۇ ئىشقا ئالدىرىمايمەن، يېشىممۇ چوڭ ئەمەس، ئۆز يولۇمنى تېپىۋېلىپ ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرقايسى-

ـلىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلاي.
— بالام، قىزىل قەغەزدىن غەم قىلما، ئانىڭ ئۇ ئىشنى بىر يەرگە ئاپىرىپ بولدى. بىز قايتايلى، ئەمسە گەپ شۇنداق بولسۇن، قول - قولچە تەييارلىق قىلىپ تويىنى ۋاقتىدا قىلىۋېتەيلى.
قاسىم قارىم شۇلارنى دېگەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى. ئابدۇللا گەپ قىلىشقا تەمشەلگەن بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر ۋۇجۇدى تىترەپ ئاغزىغا گەپ كەلمىدى. قاسىم قارىم ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئابدۇللا ئانىسىغا كايىشقا باشلىدى:
— بۇ نېمە قىلغىنىڭ، ئانا! مەن سېنى ھازىرغىچە نارازى قىلمىغان تۇرسام، مۇشۇنداق مۇھىم ئىشتا مېنى تەڭقىسلىقتا قويامسەن - ھە؟ ساڭا، سارەم بىلەن توي قىلمايمەن دەپ شۇنچە دېدىم، مېنى قاراپ تۇرۇپ ئوتقا ئىتتىرەمسەن؟
— ئاناڭغا ئۇنداق گەپ قىلما، مېنى كېسەل، ئورنىدىن تۇرالمايدۇ دەپ مۇشۇنداق گەپ ئاڭلىماس بولۇپ قالدىڭما!؟ مېنىڭ بىر تۇغقىنىمنىڭ قىزىنى ياراتمىساڭ مېنىڭ دىلىم رەنجىمەمدۇ!؟
سۇلايمان ياۋاش شۇنداق دەپلا مىشىلداپ يىغلىدى. ئابدۇللا ئۆزىنى قويىدىغانغا يەر تاپالماي سىرتقا چىقىپ كەتتى.
كېيىنكى بىر ھەپتە ئىچىدىمۇ ئابدۇللانىڭ ئۆيىدە بۇ خىل تالاش- تارتىش ئۇدا داۋام قىلدى. ئاخىرقى بىر كۈنى كەچتە يەنە شۇ گەپ چىقىۋىدى، ئابدۇللا:
— مەن ئەمدى چىداپ تۇرالمىدىم، يەنە مۇشۇ گەپنى قىلساڭلار يىراققا كېتىمەن، — دېدى.
شۇئان مۆھتىرەمخان ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى، ئاندىن يىغىدىن بوغۇلۇپ تۇرۇپ:
— جېنىم بالام، مېنى بوشراق قىيىنساڭ بولمامدۇ؟ گېپىمگە

كىرمەي بىرەر يەرگە كېتىپ قالساڭ مەن قانداق چىدايمەن! ئەخمەتكام بىلەن هوشۇر ئاخۇن ئەركىنى تۇرۇپ شۇنچە تۆگىشىپ كەتكەن يەردە، مەندەك ئاجىز مەزلۇم نېمە بولۇپ كېتەرمەن؟ ساڭا دۇئا قىلاي، بالام! گېپىمگە كىرگىن، خۇدايىم ساڭا تىلىگىنىڭنى بېرەر......

مۆھتىرەمخاننىڭ يىغلاپ تۇرۇپ دېگەن بۇ سۆزلىرى ئابدۇللانى ئاجايىپ كۆچلۈك يالقۇن ئىچىگە ئىتتىرىۋەتتى. شۇئان سۇلايمان ياۋاش ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ چوكىدەك ئۇرۇق قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ:

— جېنىم بالام! خۇدايىم مەندەك ئاجىز بەندىنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىدۇ، مەنمۇ ساڭا دۇئا قىلاي! خۇدايىم بەختىڭنى زىيادە قىلسۇن! دۇنيادىن ئىمان بىلەن كەتكىلى نېسىپ بولغاي! بىزنىڭ گېپىمىزگە كىرگىن، جېنىم بالام، مەن سەندىن خۇش بولاي بالام! — دېدى ئىلتىجا قىلىپ.

ئابدۇللا ئاتا - ئانىسىنىڭ خۇددى مۇسىبەت بولغاندەك يىغلىشىپ تۇرۇپ قىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تۇتۇۋالماي كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكىنىچە:

— ئانا، دادا، بولدى يىغلىماڭلار! مەن...... مەن...... گېپىڭلارنى ئاڭلاي، — دېدى مەيۇس هالدا.

ئۇنىڭ كۆزىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشقا يەتكۈچە ھەسرەت، ئاتا - ئانىسىغا ئىچ ئاغرىتىش جەم بولغاندىن باشقا، مۇھىمى خەلچەمگە بولغان ساداقەت، بەربات بولۇش گىردابىغا بارغان ئاشىق مۇھەببەتنىڭ ئەلىمى مۇجەسسەم ئىدى.

*　　　*　　　*

ئابدۇللا بىلەن سارەمنىڭ تويى بولۇپ ئىككى ھەپتە ئۆتكەندە

كەنت ئىشخانىسىدا ئابدۇللا قاۋۇل سېكرېتار بىلەن ئازارلىشىپ قالدى. ئالدىنقى ئىككى قېتىمدا ئابدۇللا باشقىلارنىڭ نەسىھەتىنى ئىلىك ئېلىپ، قاۋۇل سېكرېتار بىلەن بوگۇنكىدەك تاكاللاشمىغان، ئەكسىچە زۇۋان سۈرمەي ئازازلىقنى تۆگەتكەنىدى. تويى بولغاندىن كېيىن نېمىشقىدۇر كۆپ تېرىكىدىغان، ئازراق ئىش ئۈچۈن چېچىلىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. قاۋۇل سېكرېتار ئۇنىڭ بۇ خىل روھىي ھالىتىنى چۈشىنىپ تۇرغاچقا، بۈگۈنكى ئىشتا خېلى ئېغىرلىق قىلدى. ئاخىرىدا تەلپىكىنى شىرە ئۈستىگە ئېلىپ قويۇپ خاپا ھالدا مۇنداق دېدى:

— ئۇكام ئابدۇللا، ئىشنىڭ ئەلمى - تەلمىنى بىلمەي تۇرۇپلا قايناپ كەتتىڭىز، كۆڭلىڭىزنىڭ ئارامىدا ئەمەسلىكىنى بىلىمەن، بولمىسا سىز بىلەن خېلى ئوبدان دېيىشىپ قالاتتىم، مەن ماۋۇ غازلىقنىڭ سېكرېتارى، كەنتنىڭ كىرىم - چىقىم ئىشىنى قانداق باشقۇرۇشنى سىزدىن ئوبدان بىلىمەن، سىزنى ئوقۇمۇشلۇق، ھېساب ئىشلىرىنى ئوبدان قىلىدۇ دەپ بوغالتىر قىلغانىدىم. بىراق، سىز مەن كۈتكەن يەردىن چىقمىدىڭىز، سىزنى بوغالتىرلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىشمۇ قولۇمدىن كېلىدۇ، قالغىنىنى ئوبدان ئويلاپ بېقىڭ!

— سېكرېتار، ماڭا بۇنداق تەھدىت سالمىسىلا، كەتمەن چېپىشتىن قورقمايدىغانلىقىمنى ئوبدان بىلىلا، ھۆددە يېرىمنى ئۆزۈم ئوبدان باشقۇرالايمەن، بوغالتىرلىقنى قىلما دېسىلە قىلمىسام بولۇۋېرىدۇ، بۇ مەن ئۈچۈن كارايىتى چاغلىق ئىش، ئەمما مەن كەنتنىڭ بوغالتىرى بولغان ئىكەنمەن كىرىم - چىقىم ئىشنى مالىيە قائىدىسى بويىچە قىلىشىم كېرەك. ئۇيان - بۇيان بولۇپ كەتسە چاتاقنىڭ چوڭى چىقىدۇ. پۇل تېپىشقا چىقىرىلغان ئائىلىلەردىن يىغىلغان پۇل ئالدى بىلەن مېنىڭ ھېساباتىمغا كىرىشى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆز جايىغا پىلانلىق چىقىم قىلىنىشى

كىرەك ئىدى. بىراق، پۇل تېپىشقا چىقىرىلغان يىگىرمە نەچچە ئائىلىدىن ئالىدىغان پۇلنى كەنت كادىرلىرى خالىغانچە يىغىپ خەجلىدىكەن، ئۆتكەندىكىدەك ناھىيەدىن، يېزىدىن كادىرلار كېلىپ قالسا چاي بەرگۈدەك پۇل بولمىسا قاملاشامدۇ؟ باشلانغۇچ مەكتەپكە كەنتىمىزدىن بېرىشكە تېگىشلىك ئوتۇننى ھازىرغىچە بەرمىدۇق، بۇ ئىشتىمۇ يەنە دېھقانلارغا سېلىق سالساق مۇۋاپىق بولامدۇ؟ قولىمىزدا پۇل بولسا مۇشۇنداق يەرلەرگە خەجلەپ باشنى ساقايتامدۇق!

— ئۇكام، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەي، ئۆز گۆشىڭىزنى ئۆزىڭىز يېگۈدەك بولۇپ يۈرگەن ۋاقتىڭىزدا يېنىمغا تارتىپ كەنتكە بوغالتىر قىلغانىدىم. «بالا قېرىنداشتىن» دەپ ئەمدى ئەجەب پۇشايمان قىلدۇردىڭىزا مېنى! مەن غازلىقا سېكرېتار بولغاندىن بېرى نەچچە بوغالتىر ئالماشتى، ئۇلارنىڭ بىرەرسىمۇ ماڭا سىزدەك گەپ قىلىپ باقمىغان، ماخما! مەن كىرىمچى ئائىلىلەردىن پۇل يىغىپ خەجلىگەن بولسام مائاشىمغا ھېسابلاپ خەجلىدىم، سېكرېتار تۇرۇپ سىزدىن سوراپ خەجلىسەم بولامتى ئەمىسە؟

— مالىيە قائىدىسى ھېچكىمگە يۈز ـ خاتىر قىلمايدۇ، سېكرېتار، ئاچچىقلاپ كەتمىسىلە، ئۆتكەن يىلى خىمىيەۋى ئوغۇت بىلەن سولياۋ يوپۇق ئىشىدا قاراپ تۇرۇپ دېھقانلارغا زىيان سالدۇق. ھازىر ئىسلاھات بولۇۋاتىدۇ، سودا كوپېراتىپىمۇ ئۆزىنى سەمرىتىشنىڭ كويىغا چۈشتى، كەنتىمىزگە سولياۋ يوپۇق بىلەن خىمىيەۋى ئوغۇت سېتىۋېلىشتا ئۇلار بىلەن بىر موچەن بولسىمۇ باھا تالاشساق دېھقانلارغا ياردىمى بولامدۇ؟...... يەنە......

— ئۇكاموي! مەكتەپتە ئۆگەنگەنلىرىڭنى بۇ يەردە دەستەك قىلمىغىنا! ئىسلاھات ـ پىسلاھات دېگەن گەپلىرىڭنى بىز چۈشىنىپ كەتمەيمىز! ھۆكۈمەت يەرنى دېھقانغا بۆلۈپ بەر

دېۋىدى، غىلىڭ قىلماي بۆلۈپ بەردۇق. ئەمدى يەنە قانداق قىلساق بولىدۇ؟ سېكرېتارغا گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېگىنە گەپ ئويناتماي!— دېدى كەنت مۇدىرى سەيدئەخمەت تۇرا قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە ئابدۇللانىڭ سۆزىنىڭ بىلىگە تېپىپ.

— راست گەپ مۇشۇنداق دېلىگلارنى ئاغرىتىدۇ، ئاكىلار، دېهقانلارنىڭ قورسىقى ئەمدى زاغرىغا توياي دېگەندە بىز بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ يېنىنى شىلغىلى تۇرساق ئىنسابسىزلىق بولا، ھېلىمۇ سىلەر بوش كەلمەيۋاتىسىلەر، يىگىرمە نەچچە مودىن يېرىڭلارنىڭ سۇ ھەققى ھەم فوندىسى يوق، ئۇنى باشقىلارغا چېچىۋەتتۇق، بۇمۇ سىلەرنى كەنتنىڭ كادىرى دەپ قىلغان ئىش ئەمەسما؟

— «رەھىم بالانى كەلتۈرەر» دېگەن مۇشۇ، ـ دە! بىر ئوبدان بالا خوتۇن ئىلىپلا مۆگگۈز چىقاردىيا؟ ئەتىدىن كەچكىچە مەھەللىمۇمەھەللە قاتراپ يۈرگەندىكىن ئۇنچىلىك ئىشقا چىشىمىز پاتار، ئۇكام، بىزنىڭ! ئۆيىڭىزدە ئىشىڭىز پۇشۇپ قالسا بۇ يەردە بىز بىلەن تاكاللاشماي، قىلىدىغان ئىشىڭىزنى ئۆزىڭىز تېپىپ قىلسىڭىز بولامدۇ!؟

قاۋۇل سېكرېتارنىڭ بۇ گېپى ئابدۇللانىڭ كۆڭۈل يارىسىغا تەگدى بولغاي، شۇئان چىرايى ئۆڭۈپ قەلەم تۇتقان قولى تىترەپ كەتتى. ئۆزىنى تەستە بېسىۋېلىپ، دېدى:

— بوغالتىرلىق چوڭ ئىش ئەمەس، سېكرېتار، ئىشلار مۇنداق بولسا......

— بۇ ئەمەل كىچىك كېلىپ قالغان بولسا جايىدا قويۇپ قويۇڭ! ئۇنى كىچىك كۆرمەي قىلىدىغانلار كۆرمىڭ!

— مەن ئويلىنىپراق جايىدا قويۇپ قوياي، ئۇنداق بولسا......

ئۇلار شۇ تەرزدە زاكونلىشىۋاتاتتى ئىشخانىغا باشلانغۇچ

مەكتەپنىڭ مۇدىرى كىرىپ كەلدى ۋە قول سومكىسىدىن بىر كونۋېرتنى چىقىرىپ:

ــ ئابدۇللا بوغالتىرنىڭ خېتىكەن، يېزىغا بارغانىدىم، ئالغاچ كەلدىم، ــ دېگىنىچە خەتنى ئابدۇللاغا سۇندى.

ئابدۇللا كونۋېرت ئۈستىدىكى سەدىردىنىنىڭ تونۇش پوچېر-كىسىنى كۆرۈپلا ئورنىدىن تۇردى - دە، سىرتقا چىقىپ كەتتى. قاۋۇل سېكرېتار ۋە باشقىلار بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ قېلىشتى.

ئابدۇللا كەنت ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدىكى ئۆستەڭ قېشىغا كېلىپ سەدىردىنىنىڭ خېتىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

*«سالام دوستۇم ئابدۇللا:*

*ساق - سالامەت تۇرۇۋاتامسەن؟ ئۆيۈڭدىكىلەر تىنچ - ئامانمۇ؟ سۇلايمان دادام ياخشى بولۇپ قالدىمۇ؟ مەندىن ئەھۋال سورىساڭ، ھەر ھالدا سالامەت تۇرۇۋاتىمەن. ئاڭلىسام قاۋۇل سېكرېتار تېلېۋىزور سېتىۋاپتۇ، مەھەللىدىكىلەر يىلدا بىرنەچچە قېتىملا كۆرەلەيدىغان كىنونى ھەر كۈنى سېكرېتارنىڭ ئۆيىدە كۆرەلەيدىغان بوپتۇ، بۇمۇ يېزىمىزنىڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنىڭ بەلگىسى، مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بەكمۇ خۇش بولدۇم، خېتىمنىڭ بېشىدىلا بۇ گەپنى تىلغا ئالغانلىقىمغا ھەيران بولغانسەن - ھە! مېنىڭ كىنوغا بەكمۇ ئامراقلىقىمنى بىلىسەنغۇ! سەنمۇ ئىمىن كىنوچىنىڭ ئىزىنى ئىزلاپ، ئۇ كىنو قويىدىغان كەنتكە بىزنى باشلاپ باراتتىڭ، بەزى چاغدا قوناقلىقتا ئۇخلاپ قېلىپ ئۆيگە ئەتىسى قايتىپ كېلەتتۇق، نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك چاغلار - ھە! قەدىرلىك دوستۇم، ئاشۇ كۆڭۈللۈك ئىشلارنى ئويلىسام كۆڭلۈم يايراپ كېتىدۇ. بولدى، بۇ گەپلەرنى قويۇپ ئۆز مەقسىتىمگە كېلەي: ھازىر ئوقۇشۇم بەكمۇ*

ئالـدىراش بولسۇپ كەتتىـى، ئالـدىنقى قېتىم ساگا نىيازنى ئۇرۇمچىدىن شۇنچە ئىزدەپ تاپالمىغانلىقىمنى يازغانىدىم، تۈنۈگۈن ئۇنىڭدىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇپ ئالدىم. سېنىڭ «نىياز توغرىسىدىكى ھەرقانداق ئۇچۇردىن مېنى كېچىكتۈرمەي خەۋەردار قىلغىن» دېگەن تەلىپىڭ بويىچە بۇ خەتنىمۇ ساگا قوشۇپ ئەۋەتتىم، ئۆزۈڭ كۆرۈۋال، نىيازنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى چوڭلارغا دېيىش ياكى دېمەسلىكنى ئۆزۈڭ ئويلاپ قارار قىلارسەن. ھە راست، بوغالتىر بولغانىدىكىن ئاتا ـ ئانامغا كۆڭۈل بۆلۈپ قويارسەن، بۇ قىلغانلىرىڭنى كېيىن ھەسسىلەپ قايتۇرىمەن. خوش، ئامان بولغىن، خۇدا نېسىپ قىلسا تەتىلدە كۆرۈشەرمىز.

سەدىردىن»

ئابدۇللا سەدىردىننىڭ خېتىنى ئوقۇپ بولۇپ ئەمدى نىيازنىڭ خېتىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

«دوستۇم سەدىردىن، ئامانمۇ سەن؟ كەۋسەرنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ مەندىن ئەھۋال سورىساڭ، ھازىر بۇ خەت ئارقىلىق ساگا تونۇشتۇرۇپ بولالمايمەن. ئىلگىرى ساگا بۇ جاھاننىڭ شۇنچىلىك تارلىقىنى ئېيتقانىدىم. دەرۋەقە جاھان تار بولۇپلا قالماستىن، جاھاندىكى بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ كۆڭۈل ـ كۆكسىمۇ تار ئىكەن، باشقىلارنىڭ بەختى، مۇۋەپپەقىيىتى ئاشۇ كۆڭۈل ـ كۆكسى تار ئادەملەرنى ھەر خىل كويلارغا سالىدىكەن، ئۇلار ئۆز يولىنى تاپقانلارنىڭ يولىغا ھەر خىل ھىيلە ـ نەيرەڭلەر بىلەن ئورا كولايدىكەن. مەن ئاشۇلارنىڭ پۇختا ئۆگىنىپ، ئۆز ئالدىمغا ئىش قىلالايدىغان بولغاندا ئاشۇ خىلدىكى ئادەملەرنىڭ كولىغان ئورىسىغا چۈشۈپ كەتتىم.

*ئىسست، كۆكۆل ـ كۆكسى تار ئادەملەر ئىمىدىگەن بەختسىز،*
*ئىمىدىگەن بىچارە ـ ھە! سەن بەلكىم مېنى ئارىدا قايەردە*
*تۇرغاندۇ دەپ ئويلىغانسەن، بۇنى ساڭا ئېنىق ئېيتالمايمەن،*
*ئىشقىلىپ، بىر داڭلىق ئاشخانىدا ئىشلەپ، ئاشپەزلىكتىكى*
*كارامىتىمنى كۆرسىتىپ خېلىلا ئىناۋەت تاپقانىدىم. كىم*
*بىلسۇن، مەن ئىشلەۋاتقان ئاشخانا بىلەن بازار تالىشىۋاتقان*
*يەنە بىر ئاشخانىدىكى كۆكۆل ـ كۆكسى تار كىشىلەر ھىيلە ـ*
*نەيرەڭ ئىشلەتتى، بىر ئۆلۈك چاشقاننىڭ پارچىسىنى مايدا*
*قورۇپ، مەن قورۇغان قورۇمىغا ئارىلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ،*
*ئىمىدىگەن پەسكەشلىك ـ ھە! مەن يەنە مەغلۇپ بولدۇم.*
*بىراق، مېنىڭ مەغلۇبىيەتكە تەن بەرگۇم يوق، مەن بۈگۈن*
*يەنە ماڭىمەن. نەگە بارىدىغانلىقىمنى بەلكىم تەسەۋۋۇر قىلىپ*
*بولغانسەن، ۋەدىمىز بويىچە بۇ ئىشلارنى يۇرتتىكىلەر*
*ئاڭلىمىسۇن، ئاخىر غەلىبە قىلغان كۈنۈم ھەممىڭلار بىلەن جەم*
*بولىمەن. يۇرتقا بارغاندا ئاتا ـ ئانامنى يوقلاپ تۇر، ئۇلارنىڭ*
*كۆڭلىنى تىندۇرۇپ قويساڭلا مەن سەندىن چەكسىز رازى*
*بولىمەن.*

*سەرگەردان دوستۇڭ: نىياز»*

ئابدۇللانىڭ ۋۇجۇدى بىمەھەل ئۇششۇك تەگكەن ياپراقتەك تىترىدى. ئەلەملىك ئۇھسىنغىنىچە بىرھازا ئولتۇردى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىگە تۆپە ـ تۆپىلەپ كەلگەن كۆڭۈلسىزلىككە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغاندەك قىلاتتى، قاياقتىندۇر دەۋرەپ كەلگەن بىر خىل روھىي سولغۇنلۇق ئۇنى ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئېلىشقا باشلىدى......

بەشىنچى باب

# سەرسان بەخت

نىياز مۇشۇ كۈنلەردە كۈتۈلمىگەن بەختسىزلىك دۇچار قىلغان سەرگەردانلىقتىن كۆرە، ئادەملەر ئارىسىدىكى مېھىر ـ ۋاپا، ئىنساب ـ دىيانەت توغرىسىدا كۆپ ئويلىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئىلگىرى جەمئىيەتنى ھەممە ئادەم ياخشىلىق ئىزدەيدىغان، بەتنىيەتلىك، ئالدامچىلىق، ھىيلىگەرلىك قاتارلىق يامانلىقلارغا ھەرگىز يول قويۇلمايدىغان مېھرى ئىسسىق ئائىلە دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭ ئويىچە دۇنيانىڭ ئېتىكى كەڭرى، كىشىلەر بىر ـ بىرىگە مېھرىبان ئىدى. بىراق، ئاقتاشتىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى كۈنلىرى ئۇنى ئىلگىرىكى قاراشلىرىدىن بىر ـ بىرلەپ ۋاز كەچتۈردى. ئاززۇ بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدا خېلى زور پەرق كۆرۈلگەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ تىرىشىشنى توختاتمىدى. كۆڭلىدە بىردىنبىر چىقىش يولى دەپ تاللىغان ئاشپەزلىك كەسپىگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ، بازارلىق بۇ كەسپنى ئاز ۋاقىت ئىچىدە پۇختا ئىگىلىگەن، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىرنەچچە داڭلىق ئاشخانىلارغا يۆتكىلىپ ئىشلىگەن بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر تەلىيى كاج كېلىۋەردى. ھەيۋەتلىك بىنالارنىڭ قورشاۋىدا ئادەملەر ۋە ماشىنىلار شۇنچە قىستىلىشىپ يۈرىدىغان قوينى كەڭ مەركىزى شەھەر ئۈرۈمچىگە سىغمىغانلىقىغا ئۆكۈندى، ئۈرۈمچىنىڭ ئۆز قوينىغا شۇنچە كۆپ

ئادەملەرنى بىمالال سىغدۇرۇپ، ئۇنىڭدەك بىر تەلەيسىزنى سىغۇرمىغانلىقىغا ھەقىقەتەنمۇ ئۆكۈنمەي تۇرالمايتتى. ئۇ ئىلگىرى ئىشلىگەن ئاشخانىلاردا غوجايىنىنىڭ ئىش نورمىسىنى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش، كىچىككىنە سەۋەنلىكلەرنى دەستەك قىلىپ ئازار بېرىشلىرىگە چىداپ كەلگەن بولسىمۇ، كىشىنى ئېچىندۇرىدىغىنى، ئۇ تۆتىنچى قېتىم ئىشلىگەن، نامى شەھەرگە مەشھۇر ئاشخانىدا يۈز بەردى. بۇ ئاشخانىدا ئىشلىگەن مەزگىلدە ئۇ كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىجادىي بارلىققا كەلتۈرگەن ئۈچ-خىل قورۇما مېھمانلارنى جەلپ قىلىپ، ئاشخانىنىڭ سودىسىنى تېخىمۇ يۈرۈشتۈرگەنىدى، بۇنىڭدىن ئاشخانا غوجايىنى خۇشاللىقتا چۆمۈپ، نىيازنىڭ ئىناۋىتىنى كۆتۈرۈپ، روھىغا ئىلھام بەرگەن ھەمدە ئىش ھەققىنىمۇ ئۆستۈرۈپ، پارلاق كەلگۈسىدىن ئۈمىدلەندۈرگەچكە، ئۇنىڭ جۇدەڭگۈ چىرايى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ، ئىلگىرىكى ئۈمىدسىزلىكلەرنىڭ ئورنىنى يېڭى ئۈمىدلەر ئىگىلەشكە باشلىغانىدى. كىم ئويلىغان دەيسىز، ھاياتلىق يوللىرى ئەنە شۇنداق يېڭى مەنزىللەرگە ئۇلىنىۋاتقاندا، كۈتۈلمىگەن ئىشلار يۈز بېرىپ، ئىستىقبال يولى تۇمانلاشقىلى تۇردى. دەسلەپتە غوجايىنىنىڭ ئەتىۋارلىق مېھمانلىرىغا تۈجۈپىلەپ تەييارلىغان قورۇملىرىنىڭ تۇزى ۋە تېتىقلىرى چەكتىن ئېشىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى، ئۇ بىر مەزگىل ئاستىرتىن كۆزىتىش ئارقىلىق بۇ ئىشتا، كۆرۈنۈشتە شۇنچە ئىناق ئۆتۈشسىمۇ، ئۆزى بىلەن ئۈستۈنلۈك تالىشىدىغان دوستلىرىنىڭ يامان قولىنىڭ بارلىقىنى سېزىۋالدى. بۇ ئىشنى غوجايىنغا تەپسىلىي چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر غوجايىن ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەي، ۋاقتىلىق خېمىر يۇغۇرۇشقا ئالماشتۇرۇپ قويدى، ئۇ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، خېمىر يۇغۇرۇشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا تىرىشتى. كۈنلەر شۇ تەرىقىدە داۋام قىلىپ ئارىدىن بىر ئايچە ئۆتكەندە غوجايىن ئۇنى

يەنە قورۇما قورۇشقا قويدى.

نىياز شۇ كۈندىن باشلاپ بەزىبىر ئىشلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ كېلىۋاتاتتى. بىر كۈنى ئۇ ئارقا - ئارقىدىن بىرنەچچە خىل قورۇما قورۇپ ھېرىپ كەتكەچكە ئازراق دەم ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئەمدىلا ئولتۇرغانىدى، مېھمان كۈتۈش زالىدىن ئۇششتۇمتۇتلا ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى، بىردەمدىن كېيىن مېھمانلارنى كۈتۈۋاتقان قىزلاردىن بىرى يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ كەلدى - دە:

— چاتاق چىقتى! بىر مېھمان بۇيرۇتقان قورۇمىنىڭ ئىچىدىن چاشقان گۆشى چىقىپتۇ، ئۇ سىز قورۇغان قورۇما ئىدى! — دېدى.

نىياز شۇئان ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا مېھمان تەرەپكە يېقىنلاشتى، شۇ ئەسنادا بىرسى ئۇنى توسۇپ قولىقىغا بىر- نېمىلەرنى پىچىرلىدى. دېگەندەك زالدا پاكار بويلۇق بىر يىگىت شىرە ئۈستىدە تۇرغان قورۇمىنى چوكا بىلەن مالتىلىغىنىچە:

— مۇشۇنداق چاشقاننى توغراپ سەي قورۇغان بارمۇ؟ مۇبادا كۆرمەي يەپ سالغان بولساق قانداق بولاتتى! — دېسە، يەنە بىر يىگىت:

— گۆش ئاز بولسا چاشقان ئۆلتۈرگۈچە، ھالالراق بولغان بىرنېمە ئۆلتۈرسە بولمامدۇ!؟ بۇنداق قىلىشقا قانداقمۇ كۆڭلى كۆتۈرگەندۇ بۇلارنىڭ! — دەيتتى.

ئارىدا باشقا ئۈستەللەردە ئولتۇرۇشقان مېھمانلار بىر - بىرلەپ ئۇلارنىڭ يېنىغا ئولاشتى، بەزىلەر باشلىرىنى چايقاشقىنىچە سىرتقا چىقىپ كېتىشكە باشلىدى. بىرنەچچە قىز ئېغىزلىرىنى تۇتۇشقىنىچە قەي قىلىش ئۈچۈن تازىلىق ئۆيىگە يۈگۈرۈشتى، زۆرۈرىيەت بىلەن سىرتقا چىقىپ كېتىپ ئەمدىلا قايتىپ كەلگەن غوجايىن بۇ ئىشنىڭ تاسادىپىيلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، مېھمانلار بۇيرۇتقان تاماق، قورۇملارغا

كۆڭۈللىرى ئېلىشقان ھالدا قاراپ قويۇشۇپ چىقىپ كېتىشتى. غوجايىن ھېلىقى پاكار بوي يىگىتكە كۆڭۈل قويغانىدى، ئۇ بۇ ئىشنى ئاسانلىقچە بولدى قىلمايدىغانلىقىنى، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا مەلۇم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ چىڭ تۇرۇۋالدى.

ئىشىكنىڭ قىسىلچىقىدىن ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇرغان نىياز پۇت - قولىدا جان قالمىغانىدەك لاغىلداپ تىترەۋاتاتتى، بىرسى ئۇنى يۆلەپ ياندىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

دېگەنىدەك ئەتىسى ئاشخانا تاقالدى، بازار باشقۇرۇش ۋە كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئورنىدىن كېلىشكەن بىرنەچچە تەكشۈرگۈچى غوجايىننى باشلاپ قايسىدۇر ئورۇنغا ميگىشتى. بىر كېچىدىلا چىرايى سارغىيىپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن نىياز ئوتياش، ئۇن، گۈرۈچ قاتارلىق نەرسىلەر قويۇلغان ئۆيدىكى كارىۋات ئۈستىدە تۆگۈلۈپ ئولتۇراتتى. يېنىدا مۇشۇ ئاشخانىدا ئىشلىگەندىن بېرى يېقىن ئۆتكەن دوستى تاشمۇھەممەت ھەمراھ بولۇۋاتاتتى. تاشمۇھەممەت تۇرپانلىق بولۇپ، ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن دادىسى ياش بىر چوكانغا ئۆيلىنىۋېلىپلا ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىغاچقا، جان بېقىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلگەنىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭمۇ دوستى نىيازنىڭ خاپىچىلىقىنى تەڭ تارتىشىپ بېرىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

— ئاداش، — دېدى ئۇ بىر چاغدا بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئولتۇرغان نىيازغا قاراپ، — مېنىڭچە بۇ ئىشنى ماۋۇ كۆك كۆز ئەمەس، ئۇدۇلىمىزدىكى ئاشخانىدىكىلەر قىلدىمىكىن دەيمەن، نېمىشقا دېسەڭ، كۆك كۆزنىڭ ئۆتكەندە قورۇمىغا تۇز بىلەن جاڭيۇنى سېلىۋەتكەن ئىشنى ئۇستام ئاخىر بىلىۋالغاچقا، كۆك كۆز تونۇلغۇنىدەك ئىشنى قىلىشقا ھەرگىزمۇ جۈرئەت قىلالمايدۇ. سەن ئانچە بىلمەسلىكىڭ مۇمكىن، ئۇدۇلدىكى ئاشخانىنىڭ سودىسى ياخشى ئەمەس، ئۇلار بىزدىن خىرىدار تالىشىپ مۇشۇنداق ئوسال

ئىشنى قىلغان بولۇشى مۇمكىن، سەن بۇ ئىشنى ئىنقىلاپ ئايدىڭلاشتۇرىمەن، ئۆزۈمگە ئورا كولىغان نائەھلىينى تاپىمەن دېسەڭ بىھۇدە جاپا چېكىسەن شۇ، سەن- بىزنىڭ گېپىمىزگە ئىشىنىدىغانلار يوق، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلار چاشقاننى ئالدىن تەييارلاپ قورۇمىغا ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن تۇرسا.

— سىزنىڭچە...... بۇ...... راست شۇنداق قىلغانمىدۇ؟

— مېنىڭ يەنە بىر گۇمانىم بار، ھېلىقى غوۋغا كۆتۈرگەن پەتەك ئاشۇلارنىڭ ئادىمى بولۇشى مۇمكىن، ئۇلار تىل بىرىكتۈرۈۋالغان بولسا، سېنىڭ ئۇستامنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى ئاقلايمەن دېگىنىڭ بىكار، بىر ئايلىق ئىش ھەققى دېگەننىڭ كارايىتى چاغلىق، بىز ھازىرلا بۇ يەردىن كېتەيلى، ئۇستام قايتىپ كەلسە بىكاردىن - بىكار كۆڭلىمىزنى كىر قىلىۋالىمىز.

كېچىدىن بۇيان كۆتۈلمىگەن بۇ قارا كۆڭۈللۈككە يەتكۈچە ئازابلانغان نىياز ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلغۇچىلارغا نەپرىتى تېشىپ، ھەقىقەتنى ياقلاشقا ئىرادە باغلىغان بولسىمۇ، ئاخىر تاشمۇھەممەتنىڭ مەسلىھەتىگە كۆندى. قارىغاندا ئۇنىڭغا مۇشۇنداق قىلماقتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

نىياز ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىم - كېچەكلىرىنى رەتلەپ سومكىغا سالغانىدى، تاشمۇھەممەت ئالدىراش ھالدا تۇردە ئېيتتى:

— ئاداش، بىز ئەمدى بۇ شەھەردە تۇرمايلى، بۇ كونا كىيىملەرنى مۇشۇ يەردىلا قالدۇرۇپ قويمىساق بولمايدۇ، يۈك - تاق كۆتۈرۈپ بولالمايمىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇستامنىڭ «ئاپشاركىلىرى» سېزىپ قالسا پىلانىمىز سۇغا چىلىشىدۇ، تەرەتخانىغا چىققان بولۇپ غىپپىدە تىكىۋېتەيلى.

نىياز بېشىنى لىڭشىتقىنىچە، ئۇزاقتىن بېرى ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن سومكىسىغا قىيالماسلىق نەزەرىدە قاراپ قويۇپ تاشمۇھەممەتنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى، ئۇلار ئادەملەر توپى

ئارىسىدا كېتىۋېتىپ كەينىگە قاراپ ـ قاراپ قويۇپ، ئۆزلىرىگە باشپاناھ بولۇپ كەلگەن ئاشخانىدىن بارا ـ بارا يىراقلاشتى. كوچا ئاپتوبۇسىغا چىققاندىلا ئۇلارنىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشتى.

ــ نەگە بارىمىز؟ ــ دېدى نىياز تاشمۇھەممەتكە يېقىن تۇرۇپ پەس ئاۋازدا.

ــ گەپ قىلما، ھېلى بىلىپ قالىسەن.

نىياز كىشىلەر ئارىسىدا قىستىلىپ خىيال سۈرگىنىچە قانچە بېكەت ماڭغانلىقىنىمۇ بىلمەي قالدى. بىر چاغدا ئاپتوبۇس توختىدى، تاشمۇھەممەت نىيازنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئاپتوبۇستىن چۈشتى.

ــ خۇداغا شۈكرى، ئاخىر بۇ يەرگە كېلىۋالدۇق، خۇدا بۇيرۇسا ئەمدى خاپىلىقتىن قۇتۇلىدىغان بولدۇق، ئۇستام ھېلىقى ئادەملەر بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتمىگەن بولسا ھېلىغىچە ئەدىپىمىزنى بېرىپ بولاتتى.

ــ تاشمۇھەممەت، ئەمدى ئېيتە، نەگە بارىمىز؟ ــ سورىدى نىياز ئارىسالدى بولغان ھالدا.

ــ بارغاندا بىلىسەن، قالغان مەسلىھەتنى شۇ يەردە قىلىشىمىز.

ــ تاشمۇھەممەت، ئۆزىمىزنى تۇتۇۋېلىپ ئوبدانراق ئويلىشايلى، مېنىڭچە......

ــ جۆرە! مېنىڭچە، ئۇنىڭچە دەپ تۇرماي.

تاشمۇھەممەت نىيازنى ئەگەشتۈرۈپ سودا ـ سېتىق قىزىپ كەتكەن ئاۋات كوچىغا قاراپ ماڭدى. نىياز ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىۋېتىپ ئويغا چۆمدى. بۇ ئىككىيلەن دەسلەپ تونۇشقاندا ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلار توغرىسىدا پاراڭلىشىپ «ھازىردىن باشلاپ پۇل يىغايلى، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە تەۋەككۇل قىلىپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ تىجارەت قىلىپ پۇل تېپىپ، بىزنى كۆزگە

ئىلمغانلارغا ئۆزىمىزنى كۆرسىتىپ قويايلى» دېيىشكەنىدى. گەرچە نىياز كېيىنكى كۈنلەردە مۇشۇنداق قىلىشنى ئويلاپ يۈرگەن بولسىمۇ، راشىدىنىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە كەتكەندىن بېرى ھېچقانداق ئىز - دېرىكى بولمىغانلىقىغا قاراپ، خەقلەرنىڭ «ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئوقەت قىلغىلى بارغانلار بۇلاڭچىلارغا يولۇقۇپ جېنىدىن ئايرىلىدۇ، ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت» دېگەندەك كىشىنى ۋەھىمىگە سالىدىغان گەپلىرىنىڭ ۋەزنى ئۇنى بۇ يولدىن چەكلەپ كېلىۋاتاتتى، مۇبادا تاشمۇھەممەت ئەمدى ئۇنى مۇشۇ يولغا باشلىسا قانداق قىلغۇلۇق؟

نىياز تاشمۇھەممەتنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېتىۋېتىپ، نېمىشقىدۇر راشىدىننى خىيال قىلىپ قالدى. «ئۇ ھازىر ھاياتمىدۇ ياكى...... ھەي، ھايات بولسا نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقاندۇ؟ بايۋەچچە بولۇپ كەتتىمۇ تېخى! بەلكىم باي بولغانىمۇ ئىشلىرى كۆپىيىپ كەتكەن بولسا، بىرگە خەت يېزىشقا ۋاقىت چىقىرالمىغان بولۇشى مۇمكىن». تاشمۇھەممەت بىرنەچچە كوچىنى ئەگىپ ئۆتۈپ، ئۈزۈم، ياڭاق، گۈلە، قاق يايمىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— كەلدۇق مانا، — دېدى ئۇ نىيازغا پەس ئاۋازدا.

كېيىن بىر كىشى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغان 60 ياشلاردىكى سېمىز، سېرىق چىراي كىشىنىڭ يېنىغا كەلدى، سېرىق چىراي كىشى ئۇنى كۆرۈپ قىزغىن ھالدا:

— ھوي، تاشمۇھەممەتمۇسەن، كېلە، كېلە، ئاخىر كەپسەن-ھە! بۇ ئۆتكەندە گېپىنى قىلغان شېرىكىڭمۇ؟ مانا ماۋۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇڭلار، سەل كۈتۈپ تۇر - ھە! — دېگىنىچە بايىتىن سۆزلىشىۋاتقان كىشى بىلەن نېمىلەرنىدۇر دېيىشكە باشلىدى. ئارىدا تاشمۇھەممەت نىيازغا چۈشەندۈرۈپ دېدى:

— بۇ كىشى ئانامنىڭ ئىككى تۇغقان ئاكىسى بولىدۇ، ئىسمى

كىبىر ھاجى، ئەمدى ساڭا راست گەپنى دەي، بىز ئەمدى مۇشۇ ھاجىكامنىڭ چوڭ ئوغلى ئابلەيكام بىلەن تىجارەت قىلىمىز ھەم......

— نېمە تىجارەت قىلىمىز؟

— ئۈزۈم، ياڭاق ساتىمىز شۇ، بىزنىڭ تۇرپاننىڭ كىشمىش ئۈزۈمى دۇنياغا داڭلىق، بۇنى بىلىدىغانسەن؟

— بىلىمەن، ئەمىسە ئابلەيكاڭنىڭ يېنىغا بارماي بۇ يەردە نېمە قىلىمىز؟

— ئەخمەق، ئابلەيكامنىڭ تۇرۇۋاتقان يېرىنى بىز بىلمىسەك، ھاجىكام دەپ بەرسە، ئاندىن......

— گېپىڭنى ھېچ چۈشىنەلمىدىم، ئېنىقراق دېگىنە.

— توختاپ تۇر، ھېلىراق بىلىپ قالىسەن، — تاشمۇھەممەت شۇنداق دەپلا يېنىدىكى تاغاردىن بىر سىقىم كىشمىش ئۈزۈمنى ئېلىپ يېيىشكە باشلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي كىبىر ھاجى ئۆلارنىڭ يېنىغا كېلىپ تاشمۇھەممەتكە قاراپ:

— ھە، ئەمدى ئىشىم تۈگىدى، سەن بىلەن ئوبدانراق گەپلىشەيلى، قانداق، ئۆتكەندە بەرگەن مەسلىھەتىم كاللاڭدىن ئۆتكەن ئوخشىمامدۇ؟

— ئۆتتى، ھاجى دادا، ئۆتتى، ماۋۇ دوستۇمنىمۇ ئېلىپ كەلدىم. ئۇمۇ مەن بىلەن بىرگە ئىشلەيدۇ، كۆڭلى ياخشى ئاغىنەم بۇ!

— ھەبىەللى! ناھايىتىمۇ ئوبدان ئويلاپسەن، دوست بولغاندىكىن بىر يولدا ماڭساڭلار بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر - بىرىڭلار بىلەن ھەمكارلىشىسىلەر، بىر - بىرىڭلارغا يار - يۆلەك بولىسىلەر، كارۋاننىڭ يولى بىر، رىزقى باشقا دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ! ھە راست، قاچان يولغا چىقاي دەيسىلەر؟

— ئابلەيكامنىڭ ئادرېسىنى يېزىپ بەرسىڭىزلا ئەتە يولغا

چىقىمىز.

— بۇ ئاسان گەپ، بالام، مانا هازىرلا يېزىپ بېرەي، ئىمكان بار تېززەك يولغا چىقىڭلار، ئابلەيجان سېنىڭ گېپىڭنى قىلغىلى نەۋاق، ئاشپەزلىك قىلىمەن دەپ يۈرمىگەن بولساڭ ھېلىغىچە شاگىخەي دېگەن كاتتا شەھەرگە كۆنۈپ ئۈلگۈرگەن بولاتتىڭ!

كىبىر ھاجى شۇنداق دېگىنىچە تاشمۇھەممەت سۇنغان كىچىك خاتىرىگە بىرنېمىلەرنى يازدى. «شاگىخەي» دېگەن ئىسىمنى ئاڭلاپ يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ كەتكەن نىياز تاشمۇھەممەتكە مەنىلىك قاراپ قويغان بولسىمۇ، تاشمۇھەممەت خۇشال كۆز قىسىپ كۆڭلىنى تىندۇردى. كېيىن ئۇلار كىبىر ھاجى بىلەن خوشلىشىپ يېقىنلا يەردىكى ئاشپۇزۇلغا كىرىپ تاماق يېيىشكە ئولتۇرغاندا نىياز بېشىنى چايقاپ دېدى:

— تاشمۇھەممەت، ئەتىدىن بېرى سېنىڭ مەقسىتىڭنى بىلمەيتىمەن، مەن تېخى ئابلەيكاگىنى مۇشۇ شەھەردە تىجارەت قىلىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتىمەن. ئەمەلىيەتتە ئۇ شاگىخەيدە ئىكەن ئەمەسمۇ. كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم، مەن ئەمدى سەن بىلەن بىر يولدا ماڭالمىغۇدەكمەن، ساڭا ئۆتكەندە دېگەن ئىدىمغۇ، ئىچكى ئۆلكىلەردە جان باقماق ئاسان ئەمەسكەن. بولاڭچى كۆپ دەيدۇ......

— بولدى - بولدى، گېپىڭنى چۈشەندىم، ئۆزۈڭچىلا قورقۇۋاتىسەن شۇ، سەن يەنە مۇشۇ ئۈرۈمچىدە تۇرىمەن دەپ خام - خىيال قىلامسەن؟ ئۇستامنىڭ ئاشخانىسى تونۇلغۇنكى ئىش بىلەن تولگەشتى. بۇ شەھەردە ئۇنىڭغا ئۇچراپ قالساڭ سېنى بوش قويۇۋەتمەيدۇ. سەن بىلمەيسەن، ئۇنىڭ جەمئىيەتتە نۇرغۇن لۈكچەك تونۇشلىرى بار، ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالساق تولگەشكىنىمىز شۇ! ئەمدى سەندىن سوراپ باقاي، ئىلگىرى ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارغانلىقىڭنى ماڭا دېمىگەن ئىدىڭغۇ، ئەجەبا ئۇ يەردە

جان باقماقنىڭ تەسلىكىنى قانداق بىلسەن؟
ـــ باشقىلاردىن بۇ توغرۇلۇق كۆپ ئاڭلىدىم.
ـــ باشقىلاردىن ئاڭلىغان گەپ دېگىن، ئەمىسە مەن ساڭا دەپ بېرەي، مەن ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا كۇلىغا بارغان، كۆرگەنگە ئىشنەمسەن ياكى ئاڭلىغانغىمۇ؟
ـــ مەندىن تولا سوئال سورىماي، گېپىڭنى دەۋەرگىنە!
ـــ ئۇنداقتا ماقۇل ئەمىسە، ئۇ چاغدا مەھەللىدىكى باللاردىن ئۈچىمىز يولغا چىققان، بىز جىڭجۇۋدا بېيجىڭ تەرەپكە ماڭايلى دەپ تۇرغاندا، نۇرغۇن ئۇزۇم ئېلىپ شاڭخەيگە ماڭغان ئابلەيكام بىلەن پويىز ئىستانسىسىدا ئۇچرىشىپ قالدۇق، ئۇ مېنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇش بولۇپ كەتتى. بىرنەچچە كۈن بىرگە بولدۇق، كېيىن مېنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ شاڭخەيگە ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمما، نەگە بارساق بىللە بارىمىز دەپ ۋەدىلەشكەن ھېلىقى ئىككى دوستۇم شاڭخەيگە بارغىلى ئۇنىمىدى. مەن ئابلەيكام بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن كەتسەم ئۇ ئىككىسى نەگىدۇر غايىب بوپتۇ.
ـــ گېپىڭدىن قارىغاندا، سەن ئەسلىدە كۇلىچى ئىكەنسەن ئەمەسمۇ!
ـــ كۇلىچى دېگەن نېمە گەپ، ئاۋۋال گېپىمنى ئاخىرغىچە ئاڭلاپ باقمامسەن، ھېلىقى ئىككى دوستۇمنى ئىزدەپ تاپالمىدىم. شۇنداق قىلىپ جىڭجۇدا يالغۇز قېلىپ، ئامالسىز ئۈرۈمچىگە قايتىپ چىقتىم، ئۆتكەن يىلدىن بېرى ئابلەيكام مېنى شاڭخەيگە كەلسۇن دەپ، كىسىر ھاجى دادام ئارقىلىق بىرنەچچە قېتىم ئۇچۇر بەردى، نېملا دېگەنبىلەن تۇغقان ئەمەسمۇ، بىز ئۇنىڭ يېنىدا ئىشلەيلى، ئۇنىڭ ئۇستىگە سەنمۇ بىر دوستۇڭنىڭ ئىچكى ئۆلكىگە كەتكەنلىكىنى ئېيتقاندىڭغۇ، ئۇ دوستۇڭمۇ بۇ چاغقىچە لوبەن بولۇپ كەتكەن گەپ، ئىككىمىز بىر مەزگىل ئابلەيكامنىڭ يېنىدا

ئىشلەپ، دوستۇڭنى تاپساق ياخشى ئەمەسمۇ! قالغىنىنى ئۆزۈڭ ئۇبدان ئويلاپ باق، ساڭا ئېنىق ئېيتاي، مەن ئەمدى بۇ يولدىن ھەرگىز يانمايمەن.

نىياز جىمىپ كەتتى، تاشمۇھەممەتنىڭ سۆزلىرى ئىدىيەسىدىن ئۆتمىگەن بولسىمۇ «بۇ شەھەردە تۇرساق ئۇستام بىزنى بوش قويۇۋەتمەيدۇ» دېگەن سۆزى شۇ تاپتا ئۇنى خېلىلا ئويغا سالغانىدى، تاشمۇھەممەت ئۇنىڭدىن جاۋاب كۈتۈپ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇراتتى. تاماقمۇ يېيىلىپ بولۇندى، نىيازدىن يەنىلا سادا يوق ئىدى. تىت - تىت بولغان تاشمۇھەممەت:

— ئاداش، ئىككىمىزنىڭ مىجەز - خۇلقى چىقىشىدۇ، سېنى ھەرگىزمۇ يامان يولغا باشلىمايمەن، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ مەن بىلەن ماڭ، بارىنى تەڭ كۆرىمىز، بارىدىغان يېرىمىزدە بىزنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدىغان ئادەم بولغانىدىكىن نېمىدىن غەم قىلىسەن، جاھان كۆرۈپ كۆزىمىزنى ئېچىۋالساق كېيىنكى كۈنلەردە جاننى ئوبدان باققىلى بولىدۇ، كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسەن، جاھان كۈندىن - كۈنگە ئۆزگىرىۋاتىدۇ، ئىلگىرى قولۇڭدا پۇلۇڭ بولمىسىمۇ، كوپىراتسىيەگە تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزگىلى بولغان بىلەن، ھازىر ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، قولۇڭدا پۇل بولسا ئىشلىرىڭ ئوڭۇشلۇق بولىدۇ دېگەن گەپ، قانداق؟

— بوپتۇ، ئوغۇل باللىچىلىقتا تەۋەككۇل قىلايلى! خۇدا يولىمىزنى داغدام قىلسا ئەجەب ئەمەس!

نىياز راشىدىنىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ شۇنداق دېدى - دە، تاشمۇھەممەتنىڭ دولىسىغا يېنىك ئۇرۇپ قويدى.

ئۈرۈمچى ۋوگزالىدىن لەنجۇۋغا قاراپ يولغا چىققان پويىز تاغ - ئىدىرلارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ بىر خىل تېزلىكتە ماڭماقتا ئىدى. نىياز پويىز دېرىزىسىدىن سىرتتىكى مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىپ ئولتۇرۇپ كۆزى تالدى بولغاي، يېنىدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ كۆزىنى

يۇمۇۋالغان تاشمۇھەممەتنى نوقۇپ دېدى:
— ھەي - ھەي، كۇرۇك بولغان مېكىيانىدەك تولغۇلۇۋالماي، قەددىڭنى رۇسلاپ ئولتۇرغىنە!
— ئۇيقۇم كېلىۋاتىدۇ، كاپىلدىماي بىردەم ئۇخلا!
— ساڭا دەيدىغان گېپىم بار.
— گېپىڭنى ئەته دېسەڭمۇ بولىدىغۇ!
— بېشىڭنى كۆتۈرە!
— ھە مانا، نېمە گېپىڭ بار ئىدى؟
تاشمۇھەممەت كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ نىيازغا قارىدى.
— پويىز دېگەن بىزنىڭ كەنتنىڭ توپاق ھارۋىلىرىچىلىكمۇ ماڭمايدىكەنغۇ، مەن تېخى پويىزنى ئاپتوبۇستىن تېز ماڭىدۇ دەپ ئويلايتتىم، مۇشۇنداق پۇشۇلداپ ماڭسا شاڭخەيگە قاچان بارارمىز - ھە؟
— ئەخمەق، ساڭا تېز ماڭمىغاندەك تۇيۇلغىنى بىلەن، سىرتقا چىقىپ كۆرۈپ باقە، قانداق ماڭىدىكەن.
— مەن ئەخمەقمۇ، سەنمۇ؟ پويىز مېڭىۋاتقاندا قانداق سىرتقا چىققىلى بولىدۇ؟
— ئەمىسە گەپ قىلماي ئۇخلا!
نىيازنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى، ئورنىدىن تۇرۇپ كارىدورغا قارىدى، شۇ ئەسنادا ئىككى نەپەر پويىز خىزمەتچىسى ياندىكى ياتاققا كىرىپ كەتتى، نىياز بىردىنلا جىددىيلەشتى.
— قارا - قارا، ساقچىلار كېلىۋاتىدۇ، بىر ئىش بولدىمۇ، نېمە؟— دېدى ئۇ چاپسان كېلىپ تاشمۇھەممەتنى نوقۇغىنىچە.
تاشمۇھەممەت ئالدىراش ئورنىدىن تۇرۇپ:
— چاپسان بول، كەينىمدىن ماڭ، — دېگىنىچە پويىزنىڭ كەينى تەرىپىگە قاراپ ماڭدى.
— نېمە بولدى، نەگە بارىمىز؟ — نىياز تاشمۇھەممەتكە

ئەگىشىپ كېتىۋېتىپ سورىدى.

ئۇلار بىردەمدىن كېيىن كىشىلەر قىستىلىشىپ ئولتۇرۇشقان ئادەتتىكى بۆلۈمگە كىرىپ كېلىشتى. ھېچ نەرسىنى ئاڭقىرالمىغان نىياز تېرىككىنىچە:

ــ نېمىشقا بۇ قىستاڭ يەرگە كېلىمىز، بۇرنۇڭ سەزمەس بولۇپ قالدىمۇ، بۇ يەردە ئوسۇرغاقلارنىڭ ھەممىسى بار ئوخشىمامدۇ؟ ــ دېدى قولى بىلەن بۇرنىنى توسۇپ تۇرۇپ.

ــ كالۋا، بىزنىڭ قولىمىزدىكى بېلەت مۇشۇ ئورۇننىڭ تۇرسا، بۇ يەرگە كەلمەي نېمە ئامال، بايىقى بۆلۈمنىڭ بېلىتى قىممەت، ھەر ھالدا پۇلنى تېجىۋالدۇق، ئىشقىلىپ، پويىزدىن چۈشۈپلا كەتمىسەك جاپا تارتساقمۇ مەيلى.

ــ ھە، بىلدىم، بايا بىز مۇغەمبەرلىك قىلىپ ئۇ يەرگە بېرىۋالغان ئىكەنمىز ـ دە!

ــ ئەقلىنى ئىشقا سالمىساق بولمايدۇ، بىلدىڭما؟ مەن بىردەم بولسىمۇ ئۇخلىۋالدىم، كېلە، ئەمدى سەن تىزىمغا بېشىڭنى قويۇپ بىر دەم ئۇخلىۋال.

نىياز تاشمۇھەممەتنىڭ كۆڭۈل بۆلگىنىگە رەھمەت ئېيتىپ، ئورنىدا قىمىر قىلماي ئولتۇردى. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئۇيقۇسى قاچقان بولۇپ، كۆڭلىدە بىر خىل ئارىسالدىلىق ھۆكۈم سۈرەتتى، ئۇ بۇ خىل تۇيغۇدىن ئازاد بولۇش ئۈچۈن بىرەر ئىشقا مۇئەككەل بولۇشنى، ھېچبولمىغاندا تاشمۇھەممەت بىلەن مۇڭدىشىپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈشنى ئويلىغان بولسىمۇ، تاشمۇھەممەت ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلمىگەچكە ئۇخلىۋېلىپ، ئۇنى ھېلىقى ئەنسىرەش ئىچىگە پاتۇرۇپ قويدى. گۈگۈم چۈشۈپ سىرت قاراڭغۇلۇققا چۆمگەنسېرى نىيازنىڭ كۆڭلىدىكى ئەنسىرەش شۇنچە كۈچىيىشكە باشلىدى. ئۇ خىيالىنى ھەر خىل ئىشلارغا زورلاپ باقسىمۇ، كۆز ئالدىدىكى بۇ تاسادىپىي سەپەر ھەم نامەلۇم مەنزىللەردىكى بولغۇسى ئىشلار،

گۇمان ۋە قورقۇنچلۇق تەسەۋۋۇرلار كۆڭلىنى تىنىچ قويمايتتى. بىر چاغدا ئۇ تاشمۇھەممەتنىڭ سەپەرگە چىققاندىن بىرى شۇنچە غەمسىز، بەخىرامان ھالدا ئۇخلاپلا كەلگەنلىكىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۆز - ئۆزىنى رىغبەتلەندۈردى. «بولدىلا، نېمىدىن قورقاتتىم، ئادەم دېگەن پايانسىز دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەن يەلكەنلىك كېمىگە ئوخشايدۇ، كۈچلۈك شامال ۋە دولقۇن ئۇنى ھەر يەرلەرگە ئاپىرىپ تاشلايدۇ، مەنمۇ ھازىر كىچىك بالا ئەمەس، ئاق - قارىنى پەرق ئەتكۈچىلىكىم بار. ھەممە ئىشتا راستچىل-لىقنى، ھەقىقەتنى، ياخشىلىقنى كۆزلىسەم، بىر توپ دۈشمەن ئارىسىغا كىرىپ قالسامۇ ئۆز ھاياتىمنى ساقلاپ قالالايمەن، يامانلىق دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدە ئاقمايدۇ، راستىدىنمۇ بۇ تەرەپلەردە بىرنەچچە يىلدىن بېرى يۈرەكلىك ھالدا ياشاۋاتىمدۇ، بەلكىم ئۇ ھازىر بىرەر تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىپ كەتكەندۇ......» نىياز كۆڭلىدىن شۇلارنى ئۆتكۈزۈپ زېرىكىشكە خاتىمە بەردى. سەھەرگە يېقىن كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنغان بولسىمۇ، سەپەرداشلىرىنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى، قاياقتىندۇر كېلىۋاتقان سىبىسىق پۇراقلار ئاراملىق بەرمىدى. نىياز تاشمۇھەممەتنىڭ ئولتۇرۇپ ئۇخلىيالايدىغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىگە قىزىقىپ، ئۇنى يەنە ئويغاتماقچى بولدى - يۇ، نېمىشقىدۇر كۆڭلى قويمىدى، سەپەر شۇ يوسۇندا داۋام قىلىپ پويىز ئاخىر جىڭجۇۋغا يېتىپ كەلدى. تاشمۇھەممەت ھاڭۋىقىپ ئولتۇرغان نىيازنى ئەگەشتۈرۈپ پويىزدىن چۈشتى.

— پاھ، نېمانچە كۆپ پويىزلار بۇ، پويىز ياسايدىغان زاۋۇت مۇشۇ يەردىمۇ نېمە؟— دېدى نىياز ئەتراپقا قاراۋاتقان تاشمۇھەممەتكە.

تاشمۇھەممەت ئېرەنسىز ھالدا چۈمۈلىدەك مىغىلداپ يۈرۈشكەن ئادەملەر ئارىسىدىن بىركىمنى ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى.

ــ ھەي، نېمىگە قارايسەن، بۇ يەر شاگىخەي ئەمەستۇ؟
ــ شاگىخەيگە بېرىشقا يەنە يەتتە قاپاق پىششىقى بار. بۇ دېگەن جىڭجىۋۇ، يەنى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى، ساگا تەپسىلىيرەك چۈشەندۈرسەم، بۇ شەھەر بەكمۇ ئاۋات، ئۇيغۇرلارمۇ كۆپ، يەنە......
ــ بىلىمەن، بىلىمەن، جىڭجىۋۇ دېگەن مۇھىم تۆمۈريول قاتناش تۈگۈنىغۇ.
ــ كېچىدىن بېرى ئۇخلىماي كۆزۈڭ ئېچىلىپ قاپتۇ ـ دە، سېنىڭ؟
ــ چالا ـ پۇلا بولسىمۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان ـ دە، مەن، بۇنچىلىك ئىش دېگەننى بىلەرمەن، ئېيتە، بۇ يەردە پويىزدىن چۈشۈپ نېمە قىلىمىز، ئۇدۇل شاگىخەيگە بارمامدىمىز؟
ــ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىمىز دەمسەن؟ بۇ يەردە قىلىدىغان ئىشىمىز كۆپ. بىر ـ ئىككى كۈن تۇرۇپ، تونۇش ـ بىلىشلەرنى ئىزدەيمىز، ئۇچۇر ئىگىلەيمىز، ئەمدى بىلدىڭمۇ؟
تاشمۇھەممەت شۇنداق دەپلا كۆز ئالدىدىكى كىشىلەر توپىغا قاراپ ماگدى. نىياز بىرنېمە دېمەكچى بولدى ـ يۇ، كېيىن نېمىشقىدۇر زۇۋان سۈرمەي تاشمۇھەممەتكە ئەگىشىپ ماگدى.
ناتونۇش شەھەر، ناتونۇش ئادەملەر نىيازنىڭ كۆڭلىدىكى قورقۇنچنى بارغانسېرى ئاۋۇتاتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇلار جىڭجىۋۇدا ئۈچ كۈن تۇرۇپ قالدى، ئۈچىنچى كۈنى بولغاندا نىيازنىڭ كۆڭلى سەل يورۇپ، كۆڭۈل ئاسمىنىدىكى غەم بۇلۇتلىرى ئاستا ـ ئاستا تارقاشقا باشلىدى. دەرۋەقە بۇ شەھەردە سودا ـ سېتىق ئىشلىرى بىلەن ھەرقايسى ئۆلكىلەرگە ماگغان ئۇيغۇرلار كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تاشمۇھەممەتنىڭ تونۇشلىرىدىن بىرنەچچىسى بار ئىدى. تاشمۇھەممەت ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ يايراپ كەتكەن بولسا، تونۇشلىرى ئۇنىڭ بۇ قېتىم زور غەيرەت قىلغانلىقىنى

ماختاپ روھىغا ئىلھام بېرىشەتتى. كېيىن قىرىق نەچچە ياشلار چامىسىدىكى تۇرامەت ئىسىملىك ئوچۇق چىراي بىر كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا ئۇ تاشمۇھەممەتكە ئۆزىنىڭ ئادرېسىنى دەپ بەردى ۋە دولىسىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ:

— شۇ چاغدا گېپىمگە كىرگەن بولساڭ، ھېلىغىچە جىڭجۇۋغا كۆنۈپمۇ قالغان بولاتتىڭ، بۇ قېتىم شاگىخەيگە بېرىشقا نىيەت قىپسەن، مەيلى، ئۇ يەرنىمۇ كۆرۈپ باق، ھامان جىڭجۇۋغا قايتىپ كېلىسەن، شۇنداق بولۇپ قالسا مېنى ئىزدە، مەن كۆنمىگىنىڭغا بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا قايتىپ كېلىمەن، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشال بولغان تاشمۇھەممەتنىڭ چىرايى ئاپتاپتەك ئېچىلىپلا كەتتى.

— رەھمەت، باي ئاكا، ئۆزگە يۇرتتا بىزدەك يېتىمچىلەرنىڭ بېشىنى سىلاپ قويىسىز، خۇدا يولىڭىزنى تېخىمۇ راۋان قىلىدۇ.

— قارا، گەپتان بولۇپ كەتكىنىڭنى! ساڭا شۇنى دەپ قوياي، بۇ تەرەپلەردە يۈرەكلىك بولمىساڭ بولمايدۇ جۇمۇ! ئۆتكەن قېتىمدىكىدەك تۇخۇ يۈرەكلىك قىلساڭ جان باقالمايسەن!بېشىڭغا كۈن چۈشكۈدەك بولسا ئالدى - ئارقاڭغا قارىمايلا مېنى ئىزدە!

تۇرامەتنىڭ بۇ سۆزلىرى تاشمۇھەممەتنى بەكرەك نىيازنى خۇش قىلىۋەتتى، ئۇلار تۇرلۇك تاپاۋەتلەر توغرىسىدا بىردەم مۇڭداشقاندىن كېيىن خوشلاشتى. يولدا كېتىۋېتىپ تاشمۇھەممەت نىيازغا تۇرامەتنى تونۇشتۇرۇپ:

— تۇرامەتكام بىلەن مەن ئىلگىرى مۇشۇ جىڭجۇۋدا تونۇشقان، ئۇ بەكمۇ مەرد ئادەم، بىزدەك شور پېشانىلەرگە ياردەم قولىنى سۇنۇپلا تۇرىدۇ، شۇ چاغدىمۇ بېشىمنى سىلاپ ئۇرۇمچىگە يولغا سېلىپ قويغان، — دېگەنىدى، نىياز جاۋابەن ئېيتتى:

— قارىسام ئۇ سەن دېگەنىدەك بەلەن ئادەمكەن، كۆلىغا كەلگەنلەر توغرىسىدا خەقلەر ھەر قىسما گەپلەرنى قىلغان بىلەن،

بۇ يەردىمۇ ياخشى ئادەملەر كۆپكەن.
— شۇ ئەمەسمۇ.
ئۇلار ئالدىنقى كۈندىكى پىلانى بويىچە شاڭخەيگە تېزرەك مېڭىش ئۈچۈن پويىز ئىستانسىسىغا كېلىشتى. تاشمۇھەممەت پويىز بېلىتى ئېلىش غېمىدە پايپېتەك بولۇپ يۈرگەندە، نىياز ئۆتكەن - كۆچكەنلەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ، بىر چاغدا بىردىنلا جىددىيلەشتى. «توۋا خۇدايىم، بۇ جاھان نېمانچە تار- ھە!» دېدى ئۇز - ئۆزىگە، ئاندىن دەرھال ئورنىدىن يۆتكىلىپ، ئۆزىگە يېقىنلا يەردە بىرسى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغان كىشىدىن ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. ئۇ ئادەم ئاقتاشقا ئارىلاپ پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان شاپ بۇرۇت تېرىچى ئىدى. شۇ ئەسنادا پويىز بېلىتى ئېلىپ چىققان تاشمۇھەممەت يېتىپ كېلىپ پېشانىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتكىنىچە نىيازغا گەپ قىلماقچى بولغانىدى، نىياز ئۇنى چەتكە تارتىپ دېدى:
— ئاداش، بۇ يەردە ئۇزاق تۇرمايلى، مەن تولىمۇ ھەيران قېلىۋاتىمەن، بىزنىڭ ئاقتاشنى جاھاننىڭ بىر چېتىدە قالدى دېسەم......
— نېمانداق ساراڭدەك گەپ قىلىسەن؟ بېلەتنى ئېلىپ بولدۇم، مۇشۇ يەردە پويىز كۈتمەي نەگە بارىمىز؟ پويىز يەنە بىر سائەتتىن كېيىنلا ماڭىدىغان تۇرسا. ئېيتە، نېمىگە ھەيران قالدىڭ؟
— جۇرە بىر چەتكە، ساڭا دەيدىغان مۇھىم گېپىم بار.
تاشمۇھەممەت گاڭگىرىغىنىچە نىيازنىڭ كەينىدىن ماڭدى. ئۇلار سومكىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئۆچىرەتتە تۇرۇشقان كىشىلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇرغاندىن كېيىن، نىياز دەككە - دۈككە ئىچىدە كەينىگە قاراپ قويۇپ دېدى:
— مەن بىزنىڭ يېزىدا تېرە ئېلىپ ساتىدىغان بىر كىشىنى

كۆرۈپ قالدىم، ئەنە ئاۋۇ تەرەپتە......

— مۇشۇ گەپمىدى؟ نېمانچە ھودۇقۇپ كېتىسەن؟ ئۇنىڭ سەندە ئېلىشى بارمىدى ياكى تىل قىسىنچىلىقىڭمۇ بۇنچە قورقۇپ كەتكۈدەك.

— ياق، مەن قەرزدار ئەمەس، ئىشقىلىپ، ئۇ مېنى تونۇيدۇ.

— تونۇسا نېمە بوپتۇ؟ بۇ يەردە ئۇنداق تىرىچىلەر كۆپ.

— ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنى قىزىق ئەمەسمۇ!

— ھەي نىياز، تولا غىدىقىمنى كەلتۈرمىگىنە! سەن ھودۇقۇپ، تەمتىرەپ يۈرگىنىڭ بىلەن خەقلەر ئاشۇنداق يامان بولۇپ كەتتى.

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ئۇ مېنى كۆرۈپ قالسا يۇرتقا بېرىپ ئاتا - ئانامغا بۇ يەردە ئىكەنلىكىمنى دەپ قويىدۇ.

— دەپ قويسا نېمە بولاتتى؟

— دەپ قويسا ئاتا - ئانام غەم - ئەندىشىدە قالامدۇ!

— مۇشۇ ئىشتىنمۇ شۇنچە قورقۇپ كەتتىڭمۇ؟ بولدى قىلە، ئۇ سېنى كۆرمەپتىغۇ، بۇنچە قورقۇپ نېمە كەپتۇ.

نىياز جىمىپ قالدى. گەرچە ئۇ تىرىچىنىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن بولسىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ، ھەتتا يۇرتداشلارنىڭمۇ بۇ تەرەپلەردە ئەركىن - ئازادە يۈرگەنلىكى ئۇنى بىر تەرەپتىن خۇش قىلاتتى. ئۇ ئەمدى ئاقتاشنى يىراقتا ئەمەس، يېقىنلا يەردە، پىيادە ماڭسىمۇ كەچ كىرگۈچە يېتىپ بارالايدىغانـدەك شۇنچە يېقىن تەسەۋۋۇر قىلىشقا باشلىدى.

ۋاقىت توشتى. نىياز تاشمۇھەممەتنىڭ ئالدىرىتىشى بىلەن ئۆچرەتكە تىزىلىپ پويىزغا قاراپ ماڭدى. تاشمۇھەممەت ئۆزىگە يېقىن تۇرغان نىيازغا:

— بۇنىڭدىن كېيىن بىر - بىرىمىزدىن خالىغانچە ئايرىلىپ كەتسەك بولمايدۇ، كۆرگەنسەن، بۇ تەرەپلەردە ئادەم كۆپ، ئالمادىس ئايرىلىپ كېتىپ قالساق چاتاقنىڭ چوڭى چىقىدۇ.

شۇڭا، ئادەم كۆپ، قىستاڭچىلىق بولۇپ كەتكەن ئورۇندا چوقۇم قول تۇتۇشۇپ ماڭايلى - ھە، — دېدى.

— چۈشەندىم، سەنلا مېنى تاشلاپ قاچمىساڭ مەندە چاتاق يوق. ۋەدىگە ۋاپا قىلىشنى جېنىمدىن ئارتۇق بىلىمەن.

نىيازنىڭ چاقچاق ئارىلاش بۇ گېپى تاشمۇھەممەتنىڭ زىتىغا تەگدىمۇ، ئەيتاۋۇر، جەينىكى بىلەن نىيازنى نوقۇپ دېدى:

— دوستلۇق دېگەن ئۆز يۇرتۇڭدا ئەمەس، مۇشۇنداق ئۆزگىلەرنىڭ يۇرتىدا سىنىلىدۇ، بۇ قېتىم ئىككىمىزنىڭ دوستلۇقى سىنىلىدىغان بولدى. قاراپتۇر، مەن قانداق ئادەمكەنمەن قېنى، ھە راست، پويىزغا چىققاندىن كېيىن مېنىڭ دېگىنىم بويىچە ئىش قىلىسەن جۇمۇ!؟

— پويىزدا ئولتۇرماي نېمە ئىش قىلاتتۇق ؟ پويىزنىڭ ئاشخانىسىدا ئىشلەمتۇقىيا!

— چاقچاق قىلما، سەن بىلمەيسەن، پويىزغا چىققاندىن كېيىن مېنىڭ ئاغزىمغا قارىساڭ زىيان تارتمايسەن، شاڭخەي دېگەن خېلىلا يىراق، ئۇ يەرگە يېتىپ بارغۇچە ئولتۇرۇپ چىداپ بولالمايمىز، كاللا ئىشلىتىپ ئاز - تولا ئۇخلايدىغان جاي تاپمىساق......

— يەنىلا ئۇيقۇڭنىڭ گېپىمۇ، ئۇيقۇغا قاچانمۇ قانارسەن - ھە!

— ئاداش، سەن ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن كارۋات بېلىتى قىممەت، قولىمىزدا پۇل تۈگىگۈچە شاڭخەيگە بېرىپ ئابلەيكامنى تېپىۋالمىساق بولمايدۇ.

— خاتىرجەم بول، ھازىر سەن قوماندان، ھەممە ئىشتا بۇيرۇقۇڭغا بويسۇنىمەن، ئەمما شىئەننى كۆرگۈم بار. پويىز شىئەنگە كەلگەندە ئالىمادىس ئۇخلاپ قالسام مېنى ئويغىتىۋەت!

— ھا...... ھا...... كالۋا، شىئەن كەينىڭدە قالغان تۇرسا، ئەمدى نەنجىڭگە بارىمىز، ئۇنىڭدىن كېيىن سۇجۇغا بارىمىز،

ئاخىرىدا گۈزەل شاگىخەيگە بارىمىز.

— نېمە، ئەجەب مەن سەزمەپتىمەنىيا، — نىياز خورسىنىپ قويدى.

دېگەندەك پويىزغا چىققاندىن بىرى نىياز تاشمۇھەممەتنىڭ كۆرسەتمىسىگە بويسۇنۇپ كەينىدىن ئەگىشىپلا يۈردى. ھەرھالدا تاشمۇھەممەتنىڭ بىر قىسىم تەدبىرلىرى ئۈنۈم بېرىپ، ئۇلارغا بۇ ئۇزۇن سەپەردە بىرئاز بولسىمۇ ئۇخلىۋالغۇدەك ئورۇن تېپىلىپ تۇردى. پويىز خادىملىرىمۇ ئۇ ئىككىسىنى ئۆز ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇش توغرىسىدا سۆزلەپ ھاردى بولغاي، بارا - بارا كۆرمەسكە سالدى.

تەۋەككۇلچىلىك بىلەن باشلانغان بۇ ئۇزۇن سەپەر ھودۇقۇش، ئېسەنگىرەش ئىچىدە ئاخىر تاماملاندى. نىياز بىلەن تاشمۇھەممەت كاتتا شەھەر شاگىخەيگە ئامان - ئېسەن يېتىپ كەلدى، بۇ سەپەر جەريانىدا نىيازنىڭ روھىدىكى بىر قىسىم يېتەرسىزلىكلەر تاشمۇھەممەتنىڭ تەشەببۇسكارلىقى بىلەن تولۇقلاندى. ئىككىسى شاگىخەيىنىڭ رەڭگارەڭ چىراغلار، ھەشەمەتلىك بىنالارنىڭ قورشاۋىدا كۆزلەرنى ئالىچەكمەن قىلىۋېتىدىغان گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغاچ، قولىدىكى ئادرېسقا ئاساسەن ئابلەيجاننى ئۈچ كۈن ئىزدەپ ئاخىر تاپتى. يۈزى سوزۇنچاق، ياپما قاپاق كەلگەن ئابلەيجان خۇشاللىقىدىن تاشمۇھەممەتنى قۇچاقلاپ كەتتى، تاشمۇھەممەت ئارىدا نىيازنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ:

— نىياز مېنىڭ قىيامەتلىك دوستۇم، ئۈرۈمچىدە ئۇزاقتىن بۇيان ئىككىمىز بىرگە ئىشلىگەن، نېمە كۈن كۆرسەك ئىككىمىز تەڭ كۆرەيلى دەپ بىرگە كەلدۇق، — دېۋىدى. ئابلەيجان نىيازنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ ئېيتتى:

— ياخشى بوپتۇ، خۇش كەپسەن، ئۇكام، تاشمۇھەممەتنى مەن بۇ يەرگە چىللىغىلى بىر يىلدىن ئاشقانىدى. تۇغقان ئەمەسمۇ، مانا ئاخىر سالامەت كەپسىلەر، راستىنى دېسەم سىلەرنى

كۆرۈپ ھەيران بولدۇم. جىگىرىڭلار بار ئىكەن، بۇ يەرنى شىنجاڭدىن كەلگەنلەر ئاسانلىقچە تاپالمايتتى، سىلەرنىڭ ئاسانلا تېپىۋالغىنىڭلار قالتىس ئىش بولدى.

ئۇلار شۇ كۈنى ئابلەيجاننىڭ تۇرالغۇسىدا بىرمەھەلگىچە مۇڭداشتى. ئەتىسى ئابلەيجان تاشمۇھەممەت بىلەن نىيازنى يېقىنلا يەردىكى مۇنچىغا باشلاپ بىرىپ يۇيۇندۇردى، كىيىم ـ كېچەك بايىمىسىدىن بىر يۈرۈشتىن كىيىم ئېلىپ بەردى. دېمىسىمۇ تاشمۇھەممەت بىلەن نىيازنىڭ كىيىملىرى خېلىلا كىرلىشىپ كەتكەنىدى، نىياز ئابلەيجاننىڭ قىزغىن مۇئامىلىسىدىن سۆيۈنۈپ، ئۇنى شۇنچە يىراقتىن ئىزدەپ كەلگەنلىكىنىڭ دۇرۇس بولغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ــ شاڭخەينىڭ ھاۋاسىنىڭ تازا ياخشى پەسلىدە كەلدىڭلار، ئەمدى سىلەرنى راسا بىر ئويىنىتىپ قوياي.

ئابلەيجان شۇنداق دېگىنىچە ئۆزىگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرۇشقان نىياز بىلەن تاشمۇھەممەتنى ئەگەشتۈرۈپ كوچىغا ئاپتوبۇسقا چىقتى.

بىر ھەپتە ۋاقىت ئۇنتۇلماس تەسىراتلار ئىچىدە شۇنچە تېز ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا تاشمۇھەممەت بىلەن نىياز شاڭخەينىڭ كۆزنەك جايلىرىنى ئايلىنىپ كۆزلىرىنى ئېچىۋېلىش بىلەن بىرگە، ئابلەيجاننىڭ تىجارەت ئەھۋالىدىنلا ئەمەس، ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىغان بىر مۇنچە ئۇيغۇرلارنىڭ تىجارەتلىرىدىنمۇ خەۋەردار بولدى. قارىماققا ئابلەيجان شاڭخەيدە ھەر خىل تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ باش مەسلىھەتچىسىدەك كۆرۈنەتتى. گەرچە ئۇنىڭ بۇ شەھەردىكى ئادەملەر كۆپ توپلىنىدىغان ئۈچ ئورۇندا شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتى بولغان ھەر خىل ئۈزۈم، گۈلە، قاق، ياڭاق، چىلان دېگەندەك قۇرۇق مېۋىلەر تىجارىتى قىلىدىغان يايمىسى بولسىمۇ، كۆپ ۋاقتى باشقا

ئىشلار ــ شاگىخەيگە سەيلە - ساياھەت ۋە ماشىنا، ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىنى توپ يۆتكەپ كېتىش ئۈچۈن كەلگەنلەرگە يول باشلاش، مەسلىھەت بېرىش قاتارلىق چوڭ ئىشلار بىلەن ئۆتەتتى. ئۇ خەنزۇ تىلى سەۋىيەسىنىڭ بىرقەدەر يۇقىرىلىقىغا تايىنىپ، بۇ خىل ئىشلاردىكى كۆپ قىرلىق ئىقتىدارىنى نامايان قىلاتتى.

بىر كۈنى ئابلەيجان تاشمۇھەممەت بىلەن نىيازنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ سورىدى:

ــ قانداق، شاگىخەي بولامدىكەن؟ مەن بىلەن تۇرساڭلار كۆنۈپ قالامدىكەنسىلەر؟ قېنى، كۆڭلۈڭلەردىكىنى ئېيتىڭلار.

ــ ئابلەيكا، بۇ يەرگە كەلگىنىمىزگىمۇ خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى. ھۆزۈرىڭىزدا ئەتىۋارلىق مېھمان بولۇپ كۈتۈلدۇق. كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم، ئىككىمىز سىزگە ئەگىشىپ ئاز - تولا تاپاۋەت قىلايلى دەپ كەلگەن، بۇنى سىز چۈشىنىسىز، ئەمدى تەييار تاماقنى يەپ يۈرۈۋەرمەيلى، ئۆزىڭىز بىلىپ بىزنى بىرەر تاپاۋەت يولىغا باشلاپ قويۇڭ، ئىككىمىز سىز قايسى ئىشنى قىلىڭلار دېسىڭىز شۇ ئىشنى قىلىشقا تەييار، ــ دېدى تاشمۇھەممەت نىيازغا قاراپ قويۇپ.

ــ سىزگىمۇ كۆپ ئېغىرچىلىقىمىزنى سالدۇق، ئەمدى بىزمۇ ئەجىر قىلايلى، تاشمۇھەممەت ئېيتقاندەك بىزنى بىرەر ئىشقا مەشغۇل قىلىپ قويۇڭ.

نىيازنىڭ بۇ گېپى ئابلەيجاننى خۇش قىلدى بولغاي، سۆيۈنۈش ئىچىدە كۈلۈمسىرەپ ئېيتتى:

ــ خاتىرجەم بولۇڭلار، بارنى تەڭ كۆرىمىز، مېنىڭچە ھازىر ئىككىڭلار مېنىڭ گەپلە، قاق يايمىدا ئىشلەپ تۇرۇڭلار، كۆرگەنسىلەر، ھېلىقى ئىككى بالا باشقۇرۇۋاتقان يايمىدا سودا ئانچە يۈرۈشمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئىككىسىمۇ قانات - قۇيرۇق

چىقىرىۋالدى. ئۇلار بىر مەزگىل پۇلنىڭ، ناننىڭ قەدرىگە يەتسۇن دەيمەن. شۇڭا، ئەتىدىن باشلاپ سىلەر ئۇلارنىڭ ئىشىنى ئۆتكۈزۈۋېلىڭلار، ئىش ھەققىڭلارنى سىلەر رازى بولغۇدەك بېرىمەن، ھازىرچە مۇشۇ ئىشنى قىلغاچ تۇرۇڭلار، كېيىن بىز قىلىدىغان ئىشلار كۆپ، مەن ھازىر ئوبدان پۇل تاپقىلى بولىدىغان ئىشلارنى ئوقۇشۇۋاتىمەن. كەلگۈسىدىمۇ يايما ئىچىپ ئازغىنا پۇلغا قاراپ ئولتۇرمايمىز، ئەقىلنى ئىشقا سالساق بىز قىلىدىغان ئىشلار كۆپ، قانداق دېدىم؟

— خاتىرجەم بولۇڭ ئابلەيكا، بىزگە مۇشۇنداق ئاتىدارچىلىق قىلىۋاتىسىز ياخشى ئىشلىمەيدىغانغا ھەددىمىزمۇ، ئۆرۈمچىدە نۇرغۇن جاپالارنى تارتتۇق، يايما ئىچىش بىز ئۈچۈن ئاسان ئىش،— دېدى تاشمۇھەممەت رازىمەنلىك بىلەن.

— ئەمدى سىلەرگە بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلاي، دېگەنلىرىمنى قائىدە ياكى تەلەپ دەپ چۈشەنسەڭلارمۇ بولىدۇ. ئەتە سىلەرگە يايمىدا سودا قىلىشنى ئۆزۈم ئۆگىتىپ قويىمەن، چوقۇم ئۆگەتكىنىم بويىچە قىلىسىلەر، دېمەكچى بولغىنىم: بۇ يەر شىنجاڭغا ئوخشىمايدۇ، ھەر يەرنىڭ ئۆزىگە يارىشا قائىدىسى بار ئەمەسمۇ؛ مۇھىمى خەنزۇچىنى ياخشى بىلمىسەڭلار بۇ شەھەردە جان باققىلى بولمايدۇ، چوقۇم راستچىل بولۇپ ھېساب - كىتابنى ئېنىق قىلىسىلەر.

— دېگىنىڭىزدەك قىلىشقا تىرىشىمىز......

— گېپىمنى بۆلمەي تۇرغىن، تاشمۇھەممەت، ئۆزۈڭلەر بىلمەيدىغان ئىشلارغا ئارىلاشمايسىلەر، ئىلگىرىمۇ بىرنەچچە بالىنى ئىشلەتكەن، ئۇلار بەزىبىر ئىشلارغا چېتىلىپ قېلىپ ئۆزلىرى زىيان تارتتى. سىلەر ئۇلاردەك قىلساڭلار ھەرگىز بولمايدۇ، دېمەكچىمەنكى، سىلەر ئۇلارغا ئوخشىمايسىلەر. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشمۇھەممەت، سەن ئۆزۈمنىڭ ئۇكىسى بولغاندىكىن ھەممە ئىشتا

ئاغزىمغا قارىشىڭ كېرەك؛ ھازىرقىدەك بۇنداق ياۋاشلىق قىلماي، يۈرەكلىك بولمىساڭلار بولمايدۇ، ھودۇقۇپ، تەمتىرەپ يۈرسەڭلار سودا ئاقمايدۇ، مانا مۇشۇ قائىدىلەرنى ئېسىڭلەردە مەھكەم ساقلاڭلار. قانداق، مۇشۇنداق قىلالامسىلەر؟

ــ دېگەنلىرىڭىز ناھايىتى توغرا بولدى، بىزگە پايدىسى بار تەلەپلەركەن. ھەرقانداق ئىشتا تەلەپ ۋە قائىدە بولمىسا بولمايدۇ، چوقۇم ئىشنى مۇشۇ قائىدە بويىچە قىلىمىز، ــ تاشمۇھەممەت ئىپادە بىلدۈرگىچە نىياز ئالدىراپ كېتىپ شۇنداق دېدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئابلەيجان تاشمۇھەممەت بىلەن نىيازنى ئەگەشتۈرۈپ، كوچا ئاپتوبۇسىدا بىرنەچچە بېكەت مېڭىپ، ئاۋات رەستىلەردە تەسىس قىلىنغان ئىككى ئورۇندىكى يايمىلارنى تاشمۇھەممەت بىلەن نىيازغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. سودا قىلىشتا ئۆزى ئۈلگە كۆرسىتىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇ يەردە ئىشلەپ كېلىۋاتقان ئەزىمەت ۋە تاھىر ئىسىملىك ئىككىيلەننى ئەگەشتۈرۈپ قايتىپ كەتتى، تاشمۇھەممەت بىلەن نىياز ئىش ئورنىغا ئىگە بولغانلىقىدىن قەۋەتلا خۇشال بولۇشتى. شۇنداقتىمۇ نىيازنى بىر ئىش ئويغا سېلىپ قويدى. كۆڭلىدە بۇ يەردە ئىشلەپ كېلىۋاتقان ئەزىمەت بىلەن تاھىرنى «بىز سىقىپ چىقىرىۋەتتۇق» دەپ قاراپ ئوڭايسىزلانغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئىككىيلەننىڭ ئىش ئورنىنى ئۆزلىرىگە شۇنچە خۇشال ھەم تېز ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكىدىن ئەجەبلەنگەنىدى. ئۇ ئۆزىچە ئەزىمەت بىلەن تاھىرمۇ ئۆزلىرىدەك ھايات يوللىرىدا كۆتۈلمىگەن قىسمەتلەرگە يولۇققان، ئېنىقراق ئېيتقاندا يېتىمچىلىك، ئۆگەيلىنىش دەردىدە تەركىدۇنيا بولۇپ، بۇ يەرگە چىقىش يولى ئىزدەپ كەلگەنلەر دەپ ئويلايتتى. شۇڭا، ئۇلار ئىش ئورنىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا ئازابلىنىشى، ئابلەيجانغا يېلىنىپ شەپقەت تىلىشى كېرەك ئىدى. ۋاھالەنكى، ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى. ئۇلار ئۆزلىرى قىلىپ كېلىۋاتقان تەييار

ئىشنى نىياز بىلەن تاشمۇھەممەتكە ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكىگە خۇشال بولۇشۇپ، ئابلەيجاننىڭ كەينىدىن خاتىرجەم كېتىپ قېلىشتى. گەرچە ئابلەيجان ئۆتكەندە: «ئۇ ئىككىسى قانات - قۇيرۇق چىقىرىپ قالدى» دېگەندەك گەپلەرنى قىلغان بولسىمۇ، بۇگۈن ئۇلارغا كۆسۈرلاپ نېمىلەرنىدۇر دەپ، ئارىلاپ دولىسىغا ئۇرۇپ ئەركىلەتكىنىچە ئەگەشتۇرۇپ كېتىۋاتسا ئەجەبلەنمەي بولاتتىمۇ؟!

ئەلۋەتتە ئابلەيجاننىڭمۇ بۇ ئىشتا ئويلىغانلىرى بار ئىدى. ئۇ بىر نەچچە يىلدىن بېرى شاڭخەيدە قۇرۇق مېۋە تىجارىتى بىلەن مەشغۇل بولۇش جەريانىدا كۆزى ئېچىلىپ، جاپاسى ئاز، پايدىسى كۆپ تىجارەتلەر گويا ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ دادىسى كىبىر ھاجىنىڭ ئىجازىتىسىز جاپاسى كۆپ، پايدىسى ئاز بۇ يايمىلارنى يىغىشتۇرۇۋېتەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ شاڭخەيدىكى ئورنى، ئابرۇيى مۇشۇ يايمىلار بىلەن چەمبەرچاس باغلانغانىدى. ئۇ ئۆتكەن يىلى باھاردا بېيجىڭدا ئوقەت قىلىۋاتقان ئىككى دوستى بىلەن گۇاڭجۇۋ تەرەپلەرنى ئايلىنىپ، تۈرلۈك تىجارەت يوللىرىنىڭ ئېچىلىپ كېڭىيىۋاتقانلىقىنى كۆردى، يەنە يېقىنقى يىللاردىن بېرى كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا كۆپ زىكرى قىلىنىۋاتقان «ئىسلاھات» ناملىق شامالنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىلگىرىكى بۇرۇقتۇرمىلىقنى بۇزۇپ تاشلاپ، كىشىلەرنىڭ ئۆز ئىقتىدارىنى نامايان قىلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىۋاتقانلىقى ئۇنى چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە قىلغانىدى. تېخىمۇ زېھىرلىغاندا ئابلەيجان بۇ خىل تەسىرات بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان، بەلكى ئۇنى بۇنىڭدىنمۇ چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە قىلغىنى شىنجاڭدىن گۇاڭجۇۋغا ئالدىنقى يىلى كەلگەن بىر تونۇشىنىڭ كۇنمىڭ بىلەن گۇاڭجۇۋ ئوتتۇرىسىدا قاتراپ يۈرۈپ، شۇنچە تېز بېيىپ كەتكەنلىكى ئىدى. شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنى باشقىلارغا شاڭخەينىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىنى بىلىدىغان «لاۋداسى» دەپ يۈرگەنلىكتىن، ئۇرۇمچى تەرەپلەرگە بارغاندا،

باشقىلارنىڭ ئىچكى ئۆلكىدىكى «سەردار» دەپ ئاتاشلىرىدىن ئوڭايسىزلانغاندەك، گەرچە شاگىخەيگە ئەڭ بۇرۇن كەلگەن بولسىمۇ، قۇرۇق ئۇزۇم، گۈلە، قاق يايمىسىغا بەند بولۇپ جاھاننىڭ بۇنچە تېز ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قالغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يايمىلارنىڭ ئىشىنى قول ئاستىدىكىلەرگە قالدۇرۇپ، قىياپىتىدە بارغانسېرى ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان شەھەرلەرنى ئارىلاپ چىقتى، ئاخىرىدا كۆڭلىگە پۈككەن پىلانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭدىن بۇ تەرەپلەرگە كەلگەن يارامىلىق باللاردىن بىرنەچچىسىنىڭ كېرەك بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، دادىسى كىبىر ھاجى ئارقىلىق ئىلگىرى ئۆگەيلىك دەردىنى كۆپ تارتقاچقا ئۇرۇمچى، تۇرپان، قۇمۇل تەرەپلەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن تاشمۇھەممەتنى ئۆز يېنىغا ئەكېلىۋېلىش كويىدا يۈرەتتى. تاشمۇھەممەت ئۇرۇمچىدە ئاشپەز-لىكنى ئۆگىنىمەن دەپ، دەسلەپتە ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغان بولسىمۇ، مانا ئەمدى تۇرمۇشتا ئۆزىدەك پىشىپ يېتىلگەن نىياز بىلەن يېنىدا ھازىر بولۇشى ئۇنى قەۋەتلا خۇش قىلىۋەتتى.

ئابلەيجان يايمىلاردا ئىشلەشنىڭ جاپالىق ھەم زېرىكىشلىك ئىش ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا يايمىلارنى شىنجاڭدىن بۇ تەرەپلەرگە ئېقىپ كېلىۋاتقان باللار ۋە يىگىتلەرنى دەسلەپكى قەدەمدە تەربىيەلەپ يېتىشتۈرىدىغان، چېنىقتۇرىدىغان ئورۇن قىلغانىدى، بۇ ئورۇندا ئوبدان پىشقانلارنى نەلەرگىدۇر يۆتكەپ كېتەتتى. بىراق، كېيىنكى ئىشلار ئانچىمۇ ئوڭۇشلۇق بولۇۋەرمىدى، ئىلگىرى بېيجىڭدا چىقىش يولى تاپالماي يامان يولغا كىرىپ قالغان ئىككى بالىنى شاگىخەيگە ئەكېلىپ، يايمىلارغا قاراتقاندا، ئۇلار بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن نەلەرگىدۇر قېچىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئەزىمەت بىلەن تاھىر ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىدەك يېتىشىپ چىققان شاگىرتلىرى ھېسابلىناتتى. مانا ئەمدى تاشمۇھەممەت

بىلەن نىياز دەسلەپكى قەدەمنى بېسىۋاتاتتى. بىراق، ئۇلار دەسلەپكى سىناق ئۈستىدە تۇرۇۋاتقاچقا، تەقدىرنىڭ قايسى كۆزىدە باقىدىغانلىقىنى ئۇ ھازىرچە بىلمەيتتى.

تاشمۇھەممەت بىلەن نىيازمۇ يايمىلارغا كۆنۈپ قالدى، ئابلەيجان يايمىلاردىكى قۇرۇق مېۋىلەرنى قەرەللىك ھالدا تولۇقلاپ، غەللىگە چۈشكەن پۇلنى ئۇدۇللۇق ھېسابلاپ ئېلىپ كېتەتتى. نىياز بۇ كۈنلەردە ئۆز ئىشىغا بەجانىدىل كىرىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، راشىدىنىنىڭ ئىز- دېرىكىنى قىلىشنى ئېسىدىن چىقارمىدى. شاڭخەيگە كېلىپ - كېتىۋاتقان ئۇيغۇرلاردىن ئۇنى سورۇشتۇرگەن بولسىمۇ، تونۇيدىغانلار چىقمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۈمىدنى ئۈزۈشكە بولمايتتى. بىر كۈنى نىياز ئابلەيجانغا راشىدىن توغرۇلۇق ئېغىز ئېچىپ:

— ئابلەيكا، قولىدىن ئىش كېلىدىغان بىر دوستۇم بار ئىدى، ئىككىمىز بىر مەھەللىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، ئىسمى راشىدىن، بۇ تەرەپلەرگە كەلگىنىگە بىرنەچچە يىل بولدى. ھازىرغىچە ئىز - دېرىكىنى ئالالمىدىم، سىزنىڭ بۇ تەرەپلەردە تونۇش - بىلىشلىرىڭىز كۆپ بولغاندىكىن سورۇشتۇرۇپ باقسىڭىز، راشىدىنىنىڭ ئاتا - ئانىسى كۆپ يىغلاپ ئەما بولاي دېدى. ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش كەنجى بالا بولغاچقا، ئاتا - ئانىسى بەكمۇ ئامراق ئىدى، — دېدى.

ئابلەيجان بىردەم خىيال سۈرگەندىن كېيىن تەئەددى بىلەن ئېيتتى:

— ئۇكام نىياز، سەن سەل ئۇنتۇغاق ئوخشامسەن!؟ ئۆتكەندە بىرنەچچە تۈرلۈك تەلەپلەرنى سىلەرگە دېگەنىدىم. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنتۇپ قاپسەنغۇ!؟ ساڭا دېسەم، قارا، بۇ دېگەن دۇنيا بويىچە ئادەم ئەڭ كۆپ شەھەر، بىرەرسىنى ئىزدەپ تېپىش ئىنتايىن مۈشكۈل، ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭدىن بۇ يەرگە

كەلگەنلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ پۇل تېپىش ئۈچۈن كېلىدۇ، ئۇنداق ئادەم بىر يەردە تۇرامدۇ؟ ساڭا ئىشنىڭ بېشىدىلا باشقا ئىشلارغا ئارىلاشما دېگەن تۇرسام، ئەمدى دوستۇڭنى سۈرۈشتۈرۈۋاتىسەنغۇ!

— مەن شۇ...... دوستۇمنى تېپىۋالسام يېنىڭىزدا بىللە ئىشلەيلى دېگەن......

— پۇل تېپىش نىيىتىگە كەلگەن ئادەم دوستۇم - پوستۇم دەپ يۈرمەي، ئۆز ئىشىنى ئوبدان قىلغۇلۇق! دوست دېگەن نېمىگە ئەسقاتاتتى؟ قولۇڭدا پۇل بولسا ھېساب، قولۇڭدا يەتكۈدەك پۇلۇڭ بولسۇنچۇ قېنى، دوست دېگەن چىۋىن گۆشكە ئولاشقاندەك ئەتراپىڭغا ئولىشىدۇ، ئەگەردە پۇلۇڭ بولمىسا ھەممىسى قۇيرۇقىنى تىكىۋېتىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق گەپنى ئىككىنچى ئاغزىڭغا ئالغۇچى بولما، ماقۇلمۇ؟

نىياز زۇۋان سۈرەلمەي ئۇلۇغ - كىچىك تىندى. تاشمۇھەممەت ئابلەيجاننىڭ نىيازغا قوپاللىق تەلەپپۇزدا دېگەن بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ گاڭگىراپ قالدى. ئابلەيجان سىرتقا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن تاشمۇھەممەت ئۇيغا چۆمگەن ھالدا دېدى:

— ئابلەيكامنىڭ ساڭا دېگەن گەپلىرى كۆڭلۈمگە ئەجەب تەگدى، ئۇنچە قايناپ كەتمىسىمۇ بولاتتىغۇ! كىبىر ھاجى دادامنىڭ ئۇنى ماختاپ، ئۇچۇرۇشلىرى بۇ خۇلقىغا مۇناسىپ كەلمەيدىكەن. بولدى، ئاداش، خاپا بولما، بىرنەچچە كۈندىن بېرى كەيپى چاغ ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ ......

— مەنمۇ شۇنداق ئويلاپ قالدىم. بۇ ئاكىمىز دەسلەپتە بىزگە شۇنداق ياخشى مۇئامىلە قىلغانىدى، ئەجەبا ئەمدى ئۆزگىرىپ قالدى، بىز ئىشلارنى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىدەك قىلالمىدۇقمۇيا؟

— قانداق قىلساق بولاتتى، ئەتىگەندىن كەچ كىرگۈچە ئىشلەۋاتىمىز! نىياز، سەزدىڭمىكىن، ئابلەيكام بىزدىن بىر ئىشنى

يوشۇرۇۋاتقانىدەك قىلىدۇ، ئۇ ھېلىقى ئەزىمەت بىلەن تاھىرنى ئەدەپلەيدىغانىدەك گەپنى قىلغانىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىككىسى پۇلنى بولۇشىغا خەجلەپ بەخىرامان يۈرمەمدۇ، ئاڭلىسام، ئۇلار كۆنىمىگىغا بىرىپ كەپتۇدەك، بۇ قېتىم ئابلەيكام ئۇلار بىلەن بىرگە بارغۇدەك، ئۇلار زادى نېمە تىجارەت قىلىدىغانىدۇ؟ ئاق ساتامدىكىنيا......

— نېمە؟ ھەرقانچە بولسىمۇ جىنايەتكە ياتىدىغان بۇنداق ئىشنى قىلماس، مەن تېزرەك راشىدىننى تېپىۋالسام بولاتتى. ساڭا دېسەم، ئۈرۈمچىدە مېنى بۇ تەرەپكە قىزىقتۇرغانىدا، ھېچقانداق ئىش قىلالمىسامۇ راشىدىننى ئىزدەپ تېپىۋالارمەن دەپ ساڭا ئەگەشكەنىدىم، بۇ يەرگە كەلگەنىدىن كېيىن ئابلەيكامنىڭ يولى بولغانىدىكىن راشىدىننىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ بېرىدۇ دەپ چۈچۈرنى خام ساناپ يۈرۈپتىمەن، بىر- ئاز پۇل غەملىۋالسام ئۇنى ئۆزۈم ئىزدەيمەن، مېنىڭچە ھەقىقىي دوستلۇق بايا ئابلەيكام دېگەنىدەك ئەمەس، بۇنى چۈشىنىدىغانسەن؟

— ئەلۋەتتە چۈشىنىمەن، ھازىرچە چاندۇرماي ئىشىمىزنى قىلىپ تۇرايلى، مۇبادا ئابلەيكامنىڭ ئىشلىرىدا چاتاق كۆرۈلسە دەرھال قاچىمىز، مەندىمۇ كۆڭۈل بار. بايا ئۇ قولۇڭدا پۇل بولمىسا دوستلۇق دېگەن بىر تىيىن دېگەنىدەك گەپلەرنى دېدى. گېزى كەلگەندە تۇغقاندىن دوستلۇق ئەۋزەل، مەن سەن بىلەن تۇغقان ئەمەس، بىراق سېنى ئابلەيكامدىنمۇ يېقىن كۆرىمەن! شۇڭا، دوستلۇق ھەممىدىن ئەۋزەل، دېگىنىم توغرىدۇ؟

— توغرا، دوستلۇققا يارايدىكەنسەن، ئاداش، قانداق ئىش يۈز بەرسىمۇ ئىككىمىز ئايرىلىپ كەتمەيلى! ھەرگىز يامان ئىشلارغا ئارىلىشىپ قالمايلى، بولامدۇ؟

— گېپىمىز گەپ.

دېگەنىدەك ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپ ئابلەيجان ئەزىمەت بىلەن

تاھىرنى ئېلىپ كۆنمىگىغا كەتتى. گەرچە يولغا چىقىشنىڭ ئالدىدا تاشمۇھەممەتكە: «كۆنمىگىدا ئاشخانا ئېچىشنى ئويلىشىۋاتىمەن، بۇ قېتىم مۇشۇ ئىش بىلەن بارىمەن» دېگەن بولسىمۇ، تاشمۇھەممەت ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن گۇمانلانماي تۇرالمىدى. ئۆز گۇمانىنى كەچلىكى نىياز بىلەن كۆرۈشكەندە ئېيتتى:

— ئاداش، مەن بىر ئىشنى سېزىپ قالدىم، ئابلەيكام كۆنمىگىغا ھېلىقى ئىككىسىنى بىرگە ئېلىپ ماڭدى، مېنىڭچە چوقۇم «ئاق» سودىسى قىلىدۇ. ئاڭلىسام «ئاق» سودىسىنىڭ پۇلى ياخشىمىش، ئاز ۋاقىتتىلا نۇرغۇن پۇل تاپقىلى بولغۇدەك، ئابلەيكامنىڭ بىزنى يايمىدا قالدۇرۇپ ئىككىسىنى ئاپارغىنى نېمىسى؟

— نېمىدەپ جۆيلۈۋاتىسەن؟ سەنمۇ تېخى ئاشۇ سودىغا قىزىقىپ قالدىڭمۇ؟ ساڭا شۇنى ئېيتىپ قوياي، تاشمۇھەممەت! ئوغۇل بالا بولساڭ ھەم مېنىڭ دوستۇم بولساڭ ھەرگىزمۇ بۇنداق قەبىھ خىيالدا بولما، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتسەك مەيلىكى، ئۇنداق ئىشقا ئارىلىشىپ قالساق بولمايدۇ. مۇبادا شۇنداق قىلىدىكەنسەن، ئىلگىرىكى لەۋزىمگە قارىمايلا ئۇدۇل ئۆز يولۇمغا كېتىمەن. ياخشىسى بىز كەلگۈسىدە ئاشخانا ياكى كاۋاپخانا ئېچىشنى ئويلىشايلى، كۆزلىشىمچە بىزنىڭ تاماقلىرىمىزنىڭ بۇ يەردە بازىرى چىققۇدەك.

— ئاداش، بۇنچە قورقۇنچاق بولما، پۇلنى بۇ يەردە تېپىپ، ئاشخانىنى شىنجاڭدا ئاچساق بولۇۋېرىدۇ، سېنىڭ ھەممە يېرىڭ ماڭا ياقىدۇ، مۇشۇ قورقۇنچاقلىقىڭىزە پەقەت ياقمايدۇ. مۇبادا «ئاق» سودىسىنىڭ پۇلى ياخشى بولسا، ئىككىلەنمەيلا بىزمۇ قىلىۋېرىمىز.

— تاشمۇھەممەت! بۇ گەپنى يەنە ئاغزىڭغا ئالساڭ يۈزۈڭگە تۈكۈرىمەن. ئاچچىقىم كەلسە كۆزۈمگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي قالىدۇ

مېنىڭ، سېنى قىيامەتلىك دوستۇم دەپ بىلىمەن، تولا چىشىمغا تەگمە! ئەقلىڭنى ئىشقا سېلىپ ئويلاپ باق! ئادەم زەھەرلەيدىغان ئۇنداق سودىنى قىلىش ئوغۇل بالىنىڭ ئىشى ئەمەس، ئاڭلىسام ئۇ بىرنېمىگە كۆنۈپ قالغان ئادەم ئاخىر ئۆلۈپ تۈگىشىدىكەن، نېيتىمىزنى دۇرۇس تۇتايلى بولامدۇ؟

— بولدى - بولدى...... مۇنداقلا دەپ قويدۇم، بۇنچە قايناپ كەتمە، ئىشقىلىپ، كۆپرەك پۇل تاپايلى دەيمەن شۇ!

— ساڭا ئېيتسام، هازىرغا قەدەر سېنىڭ ئاغزىڭغا قاراپ كەلدىم، تاپاۋەت قىلىدىغان ئىشتا مېنىڭ ئاغزىمغا قارىساڭ بولمايدۇ! سېنى ھەرگىزمۇ پۇشايمان قىلىدىغان يولغا باشلىمايمەن.

— ماقۇل، ئەمدى ئۇخلايلى، ئۇيقۇم كېلىپ كەتتى.

— توختا، سەن بىرئاز ئۇيقۇڭنى ئاچمىساڭ بولمىغۇدەك، مۇشۇنداق بولمىغۇر خىيالنى قىلغىلى تۇرساڭ ئاخىرىدا چاتاق چىقارماي قالمايسەن.

— ماقۇل دېدىمغۇ! ئۇيقۇمنى ئەتە ئەتىگەندە ئاچسام بولامدۇ؟

— گەپنى چاقچاققا ئۆرۈمە، ساڭا راست گەپ قىلىۋاتىمەن.

— ھەممىگە ماقۇل، ئاداش، سېنىڭ ئاغزىڭغا قارىسامغۇ بولار؟

— مېنىڭ ئاغزىمغىلا ئەمەس، ئۆزۈڭنىڭ ۋىجدانىڭغا قارا دەيمەن!

— ۋىجدان دېگەننى كۆرگىلى بولمىسا ئاداش، ئۇ قەيەردە، ماڭا دەپ بېرە ئەمىسە.

— بولدى ئۇخلا، تەرسا، ئەتە تاڭ ئاتقاندا سەن بىلەن ئوبدان دېيىشىمەن.

— ھەببەللى، ماۋۇ گېپىڭ يارايدۇ!

كېيىنكى بىر مەزگىلدە ئابلەيجان دېگۈدەك سىرتلاردا بولدى. ئابلەيجاننىڭ تاھىر بىلەن ئەزىمەتنى ئەگەشتۈرۈپ كۇنمىڭغا كەتكىنىگە بىر ئايچە بولغان ئىدى. ئۇلارنىڭ زادى نېمە ئىش

قىلىۋاتقانلىقىنى نىياز بىلەن تاشمۇھەممەت بىلمەيتتى، ئەمما ئىككىسى ھەر كۈنى كەچلىكى ئابلەيجان توغرىسىدا بىر مەھەلگىچە مۇڭدىشىپ چىقاتتى. بۈگۈن تاشمۇھەممەت نىيازنىڭ ئابلەيجاننىڭ خوتۇن - بالىلىرى توغرىسىدا سورىغانلىرىغا «كىبىر ھاجى دادامدىن ئاڭلىسام، ئابلەيكام ئايالى بىلەن ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئاجرىشىپ كېتىپتىكەن، ئايالى قىزىنى ئېلىپ قۇمۇلغا كەتكەندىن بېرى ئابلەيكام قىزىنى بىر قېتىممۇ كۆرمەپتۇ» دېگەندىن باشقا گەپ قىلمىدى. كېيىن، ئۇلار ئابلەيجاننىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن يايمىلارنى قەرەللىك يوقلاپ، مال تۇرلىرىنى تولۇقلاپ بېرىپ تۇرىدىغان سۆرۈن تەلەت كىشى توغرىسىدا بىردەم مۇڭداشقاندىن كېيىن ئۇخلاپ قېلىشتى. بىر چاغدا ئىشىكنىڭ قاتتىق قېقىلىشىدىن نىياز چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى، يۈرىكى دۈكۈلدەپ سوقۇۋاتقان نىياز لاغ- لاغ تىترىگىنىچە، يېنىدا پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان تاشمۇھەممەتنى نوقۇپ ئويغاتتى، تاشمۇھەممەت كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە:

— ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ؟ — دېدى تېرىكىپ.

— ئىشىكنى بىرىكىم قېقىۋاتىدۇ، بەك قورقۇپ كەتتىم، — دېدى نىياز كۆكسىنى تۇتۇپ.

دېمىسىمۇ ئۇلار شاگىخەيگە كەلگەندىن بېرى ئېگىز بىنانىڭ ئاستىدىكى بۇ پىنھان ئۆينىڭ ئىشىكىنى بىر كىم ھازىرقىدەك قاتتىق قېقىپ باقمىغانىدى.

— نېمىدىن قورقاتتۇق! ئىشىكنى ئاچايلى، — تاشمۇھەممەت شۇنداق دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە يېقىنلاشتى. نىياز ئالدىراپ دېدى:

— توختا، ئاچما، بۇلاڭچى بولۇپ قالمىسۇن يەنە!

— ئۆتەپ بارە!

تاشمۇھەممەت ئىشىك تەرەپكە يېقىنلىشىشىغا سىرتتا

بىرسىنىڭ:

ــ ئىشىكنى چاپسان ئېچىڭلار، مەن تاھىر، ــ دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

تاشمۇھەممەت دەرھال ئىشىكنى ئاچتى. دەرۋەقە ئىشىك ئېچىلىشىغىلا تاھىر كىرىپ كەلدى. ئۇ تولىمۇ پاراكەندە كۆرۈنەتتى.

ــ نېمە ئىش بولدى؟ يېرىم كېچىدە كېلىپ ئادەمنىڭ ئۇيقۇسىنى ھارام قىلدىڭغۇ، ــ دېدى تاشمۇھەممەت بېشىنى قاشلاپ تۇرۇپ.

ــ ئىشىكنى تاقىۋەت، مەن مۇھىم بىر ئىش بىلەن كەلدىم، ــ دېدى تاھىر ئالدىراپ.

تاشمۇھەممەت سەل جىددىيلىشىپ ئىشىكنى تاقاپ تاھىردىن سورىدى:

ــ نېمە ئىش بولدى، ئالدىرىماي ئېيتە؟

ــ ئاكىلار، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار، چوڭ چاتاق چىقتى! ئابلەيكام بىلەن ئەزىمەتنى ساقچىلار تۇتۇپ كەتتى......

ــ نېمە، نېمىشقا تۇتۇپ كەتتى ؟ ــ تاشمۇھەممەتنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى. نىياز لاغىلداپ تىترەشكە باشلىدى.

ــ ھەممە ئىش تۆگەشتى، بۇ سىلەردىن يوشۇرىدىغان ئىشمۇ ئەمەس ئىدى، ئابلەيكام بىر مەزگىلگىچە سىلەرگە ئېيتماسلىقنى تاپىلىغان. ئەمدى ئۇنىڭ ساقچىلاردىن قۇتۇلمىقى تەس، سىلەرگە ھەممىنى ئېيتىپ بېرەي. بىز يىقىندىن بېرى «ئاق» سودىسى قىلىپ نۇرغۇن پۇل تاپقان، ئابلەيكامنىڭ پىلانى ناھايىتى چوڭ ئىدى. بۇ قېتىم مال ئېلىپ كۇنمىڭدىن بېيجىڭغا كەلدۇق، بېيجىڭدا ئىش ئەپلەشمەي گۇاڭجۇغا بارغاندۇق، كىم بىلسۇن، كەينىمىزگە پايلاقچى چۈشكەن ئىكەن، خۇدانىڭ ياخشىلىقى بىلەن مەن ئامان قالدىم، قورسىقىم ئاغرىپ ھاجەتخانىغا كىرىپ كەتمىگەن بولسام، مەنمۇ ئۇلار بىلەن ساقچىلارغا تۇتۇلۇپ

قالىدىكەنمەن.

— بۇ گەپ راستما؟— سورىدى تاشمۇھەممەت جىددىيلىشىپ.

— ئىللا - بىللا راست، راست بولمىسا مەن بۇ يەرگە كېلەلمەيدىمەن. ئىككى كۈن ئۇيان - بۇيان چېپىپ ئابلەيكامنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ باققان بولسامۇ ھېچقانداق ئۇچۇر ئالالمىدىم.

— ساقچىلار ئەجەب سېنى تۇتماپتىا؟

نىياز ئەجەبلەنگەن ھالدا شۇنداق دېگەندى، تاھىر يەنە چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

— شىنجاڭدىن كونا كىيىم - كېچەك سېتىۋېلىشقا كەلگەن ئىككى كىشى ماڭا ياردەم قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن خەتەرنى سېزىپ، يېنىمدىكى مالنى ھاجەتخانىدىكى ئەۋرەز يولىغا تاشلىۋەتكەن، ساقچىلار يېنىمىزنى ئاقتۇرسا مال چىقىپ قالمىسا قويۇپ بېرىدىكەن.

— ئەقلىڭنى ئىشقا ساپسەن، ئابلەيكام بىلەن ئەزىمەتنىڭ يېنىدا «ئاق» بارمىتى؟— نىياز جىددىي تەلەپپۇزدا سورىدى.

— بولمامدىغان، ئۇ ئىككىيلەندە خېلى كۆپ مال بار ئىدى. مەن ئىشنى ئانچە ئەپلەشتۈرەلمىگەچكە ئابلەيكام ماڭا ئازراقلا بەرگەن.

— ئۇنداقتا ئابلەيكامنىڭ قۇتۇلمىقى تەسكەن - دە؟— دېدى تاشمۇھەممەت مەيۇس ھالدا.

— بېيجىڭدا ئابلەيكامنىڭ بىر دوستى بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم، ئۇ ئادەم بېيجىڭغا كونا بولۇپ، كۆپ ئىشلارنى بىلىدىكەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە ئابلەيكامنىڭ قولىدىكى مال بېشىغا چىققۇدەك، ئېتىلىپ كەتمىگەندىمۇ مۇددەتسىز كېسىلىپ كېتىدىكەن.

— ئابلەيكام قاراپ تۇرۇپ پوق يەپتۇ! ھەي، ئىسىت،

مۇشۇنداق بولمىغۇر ئىشنىمۇ قىلامدۇ !؟

نىياز ئىچىنىش ئىچىدە شۇنداق دەپ، جىمغىنە ئولتۇرغان تاشمۇھەممەتكە قارىدى، تاشمۇھەممەت ئەمدى قانداق قىلىمىز دېگەن مەنىدە نىيازغا تىكىلدى. نىياز سەل خىيال سۈرگەندىن كېيىن تاھىردىن سورىدى:

— سەن بىر مەزگىل ئۆزۈڭنى دالدىغا ئالماي، بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭ؟

— خەۋەر يەتكۈزگىلى كەلمەمدۇ؟ — دېدى تاھىر ئىنكاس قايتۇرغۇچە تاشمۇھەممەت نىيازنىڭ سوئالىغا نارازى بولغاندەك تەلەپپۇزدا.

— ئاكا، مېنى خاتا چۈشەنمە، مەن بىر قارا يېتىم، سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارمۇ بەلكىم ماڭا ئوخشايدۇ، بۇ قېتىم شاڭخەيگە كەلگۈچە ناھايىتى كۆپ جاپا تارتتىم. ئەسلىدە ھېلىقى كونا كىيىم - كېچەك ئالغىلى كەلگەنلەر بىلەن شىنجاڭغا كەتسەممۇ بولاتتى. ئەگەر ئابلەيكامنى ساقچىلار سوراق قىلىپ بۇ يەردىكى تىجارىتىنى بىلىپ قالسا، چاتاق چىقارمىكىن دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ساقچىلار بۇ يەرگە تەكشۈرۈپ كېلىپ قالسا، ھەممىڭلار بۇ ئىشقا چېتىلىپ قالىسىلەر ئەمەسمۇ! شۇڭا، بۇ يەردىكى ئىشلارنى يىغىشتۇرۇپ دەرھال كېتەيلى. پۇلنى تەڭ بۆلۈشسەك، سىلەرچە بولارمۇ؟

— تاھىر توغرا گەپ قىلدى. ئابلەيكامدىن ئۈمىد قالماپتۇ. ساقچىلار تەكشۈرۈپ كەلسىلا ھەممىنى مۇسادىرە قىلىدۇ، بىزنىمۇ بوش قويۇۋەتمەيدۇ تېخى، ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغۇچە مېڭىلەرنى دەرھال بىرتەرەپ قىلىۋېتىپ كېتەيلى!

تاشمۇھەممەتنىڭ بۇ سۆزى نىيازنىڭ جۇدىنىنى ئۆرلەتتى بولغاي، غەزەپ بىلەن دېدى:

— تاشمۇھەممەت! بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ تاھىرغۇ شۇنداق

دېسۇن، سەن ئابلەيكام بىلەن تۇغقان تۇرۇپمۇ مۇشۇنداق گەپ قىلامسەن؟سېنىڭ بۇنداق ئۇساللىقىڭنى ئەجەب بىلمەيتىمەنغۇ!؟ ئابلەيكامنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلماقتا يوق، نەرسە - كېرەكلىرىنى بۇلاپ قاچايلى دەۋاتىسىنا!؟ سېنىمۇ ئادەم دېگىلى بولامدۇ؟ ھەر ئىككىڭلارنىڭ ھوشۇڭنى يىغىۋېلىش! بولمىسا مەندىن رەنجىشمە! كېتىشنى كېتىمىز، قارىغاندا كەتمەيمۇ ئامال يوق ئىكەن، ئەمما ئابلەيكامنىڭ نەرسىلىرىگە چېقىلمايمىز!

— نىياز، ئۆزۈڭنى بۇنچە ئالىيجاناب چاغلاپ كەتمەي، ھوشۇڭنى سەل تېپىۋالساڭ بولامتىن، مۇشۇنداق چاغدىمۇ مىسلداپ تۇرامدۇق؟ مانا مەن ئابلەيكامنىڭ تۇغقىنى، ھەممىگە مەن ئىگە، ساقچىلار كەلسە ماللارمۇ تۈگەيدۇ، بىزمۇ سولاققا چۈشىمىز!

— سولاققا چۈشسەك مەيلى، خەقنىڭ نەرسىسىگە چېقىلمايمىز!

— نىياز، تولا ئاچچىقىمنى كەلتۈرمە!

— ئاچچىقىڭنى كەلتۈرسەم نېمە قىلاتتىڭ؟ سەندىن قورقۇپ قالمايمەن!

— ھاي، ئاكىلار، ئۆزۈڭلەرنى تۇتۇۋېلىڭلار! نىياز ئاكا، سەن دەپ باققىنا، قانداق قىلىمىز؟

— مېنىڭچە بىز ئامال قىلىپ كىبىر ھاجىمغا خەۋەر بېرەيلى، ئۇ كېلىپ بۇ ئىشلارنى بىزدىن ئۆتكۈزۈۋالسۇن، ئۇنىڭدىن كېيىن بىز كېتەيلى، قانداق؟

— ئاڭغۇچە ساقچىلار كېلىپ قالسا قانداق قىلىمىز؟— تاشمۇھەممەت شۇنداق دېگىنىچە گۆلەيدى.

— ئەتىدىن باشلاپ يايمىلارنى يىغىۋېتىپ ئۆزىمىزنى دالدىغا ئېلىپ تۇرايلى.

تاھىر بىلەن تاشمۇھەممەت گېپىنى بىر قىلىۋالغاندەك بىردەم

تاكاللاشقان بولسىمۇ، كېيىن نىيازنىڭ مەسلىھەتىگە كۆندى. ئاندىن ئىككىسى بەھۇزۇر ئۇيقۇغا كەتتى. نىياز بىرچاغقۇچە كۆز ئالدىدىكى ئىشلارنى ئويلاپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن بىر چاغدا نىياز قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈپ ئويغىنىپ كەتتى ـ دە، گاڭگىراپ قالدى. ئەسلىدە يېنىدا تاھىر بىلەن تاشمۇھەممەت يوق تۇراتتى. نىياز ئالدىراپ سىرتقا چىقىپ، ئىككىسى بېرىش ئېھتىمالى بولغان جايلارنىڭ ھەممىسىنى ئارىلاپ ياتاققا مەيۈس ھالدا قايتىپ كەلدى. كۆڭلىدە ئۇلارنى تىل بىرىكتۈرۈپ قېچىپتۇ دەپ جەزملەشتۈردى ـ دە، ياتاقتا يېگانە ئولتۇرۇپ ئۆسكىلەڭ چاچلىرىنى قامالىدى، كۆز ئالدىنىڭ شۇنچە تېز قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغانلىقىغا ھەسرەتلىنىپ يىغلىدى. ئۆكسۈپ تۇرغان قەلبىدە: تاشمۇھەممەت، مەن سېنى دېمىسەم بۇ يەرگە كەلمەيتتىم. ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن، دېگەن نىدا جاراڭلايتتى. ئۇ ئاخىر قانداق ئىش يۈز بېرىشتىن قەتئىينەزەر، كىبىر ھاجى شاگىخەيگە كەلگۈچە كۈتۈپ تۇرۇشقا نىيەت قىلدى، ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىرچاغدا ياتاقنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ ئابلەيجان، تاھىر، تاشمۇھەممەت، ئەزىمەتلەر كىرىپ كەلدى. نىياز تېڭىرقاپ، پۇت ـ قوللىرى تىترەپ، نېمە دېيىشنى، نېمە قىلىشنى بىلەلمىدى، ئورنىدىن تۇرۇشقا تەرەددۇتلانغان بولسىمۇ، مادارى يەتمىدى. ئابلەيجان:

— يارايسەن، ئۇكام نىياز! ئىمتىھاندىن غەلىبىلىك ئۆتتۈڭ، سېنى تەبرىكلەيمىز! تۇرە ئورنۇڭدىن، ئەمدى سىرتقا چىقىمىز! — دېدى.

نىياز ئۆز كۆزىگە ۋە قۇلىقىغا ئىشەنمەي ھودۇقۇپ ئولتۇردى، ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. نىياز شۇ چاغدىلا قاباھەتلىك چۈش كۆرۈپ ئويغانغاندەك ئېيتتى:

— مەن...... مەن...... تېخى راست ئۇخشايدۇ دەپتىمەن،

ماۋۇ تاھىرنىڭ ئويۇنلىرى ئىكەن - دە، بۇ!

— تاھىرنىڭلا ئەمەس، مانا مەنمۇ بار تېخى!— تاشمۇھەممەت شۇنداق دېگىنىچە كېلىپ نىيازنىڭ قولىدىن تارتتى.

ئۇلار ئاشخانىغا كىرىپ غىزالىنىپ خۇشال ھالدا ئولتۇرغاندىمۇ، نىياز باياتىنقى ئىشلارنىڭ راستتىنلا بىر قېتىملىق سىناق ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشىنەلمەيۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇ كەيپىياتىنى كۆرگەن ئابلەيجان:

— ئۇكام نىياز، بىز شاگىخەيگە تۇنۇگۈن قايتىپ كەلگەن. ساڭا ئېغىرراق چاقچاق قىلىپ قويدۇق، كۆڭلۈڭگە ئالما. ئەمما، بۇ چاقچاق بىلەن سەن نەزەرىمىزدىن يۇز نومۇر ئېلىپ ئۆتتۈڭ. ئەقلىڭگە ھەم ماڭا بولغان ساداقىتىڭگە بارىكاللا! بىز يۇرتىمىزدىن ئايرىلدۇق، بۇ يەردە پۇل تاپىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم بىر - بىرىمىزگە سادىق، ساڭا ئوخشاش ۋىجدانلىق بولۇشىمىز كېرەك. بېشىمىزغا مۇشۇ ئويۇندەك ئىشلار كېلىپ قالمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ، شۇنداق ئىشلار يۈز بېرىپ قالسا ھەممىمىز ساڭا ئوخشاش قىلىشىمىز لازىم، شۇنداقمۇ! — دېدى.

— سىلەر بۇ ئىشنى بەكمۇ قاملاشتۇرۇپسىلەر، ماۋۇلارمۇ قىلچە چاندۇرۇپ قويمىدى.

— شۇنداق، بىز بۇ سىناققا تەييارلىق قىلغىلى ئۇزاق بولغان، ئىشلارنى ئەتراپلىق ئويلاشماي بولمايدۇ - دە!

— ئاق سودىسىنىڭ گېپى چىققاچقا مەن بەكمۇ قورقۇپ كەتتىم. ئابلەيكام نېمە سەۋەبتىن بۇ ئىشقا قول تىقىپ قالغاندۇ دەپ بەكمۇ ئېچىندىم.

— سېنىڭچە مەن شۇنداقمۇ قىلارمەنمۇ؟

— مەن دەسلەپتە ئىشەنمىگەنىدىم، تاھىر بىلەن تاشمۇھەممەتنىڭ ھىيلە - نەيرەڭلىرى ئىشەندۇرۇپ قويدى.

— ئاكام ئورۇنلاشتۇرغان تۇرسا، ئۇنچىلىك ئىشنى

قاملاشتۇرالمساق......

— ئىشنى جايىدا قاملاشتۇردۇڭ، ئۇكام تاھىر، ئەمدى سىلەرگە شۇنى ئېيتاي، كۈنمىگدا ئاشخانا ئېچىشنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى پۈتكۈزۈپ بولدۇم. شاگخەيدىكى ئىشلارغا ئەزىمەت قارايدۇ، بۇ يەرنىمۇ قولدىن بەرسەك بولمايدۇ.

— ۋاھ، قالتىس بەلەن ئىش بۇپتۇ!

— راست دەيسەن، تاشمۇھەممەت، بۇنىڭدىن كېيىن ئىشلار بارغانسېرى ياخشى بولىدۇ، سەن، تاھىر، نىياز، مەن تۆتىمىز كېلەر ھەپتە كۈنمىگغا بارىمىز. ئاشخانىنى ئېچىپ ئىش باشلىغاندىن كېيىن، مەن ئاردا يۈرۈپ تۇرىمەن، ئاشخانىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزۈڭلەر باشقۇرىسىلەر، نىياز تاماق چىقىرىشقا، تاشمۇھەممەت ئارقا سەپ ئىشلىرىغا، تاھىر مېھمانلارنى كۈتۈشكە مەسئۇل بولىدۇ. قانداق، بۇ تەقسىماتىم بولامدىكەن؟

— تازا جايىدا بوپتۇ، ئاشخانا ئېچىشنى مۇنداقلا دەپ يۈرەتتىڭىز، بۇنچە ئەستايىدىللىقىڭىزنى خىيالىمىزغا كەلتۈرمەپتۇق، — دېدى تاشمۇھەممەت خۇشال بولۇپ.

— بازار چاققانىنىڭ دەيدىغان گەپ بار، ئۇكام، ھازىر پۇرسەت پىشىپ يېتىلدى، كۈنمىڭ تەرەپلەرگە ئۇيغۇرلار سەيلە - ساياھەتكە كۆپ كېلىۋاتىدۇ، ئىشنى ھازىر باشلىساق، خۇدا بۇيرۇسا كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. ھە راست، ئەمدى تاشمۇھەممەت بىلەن سېنىڭ ئاشپەزلىكتىكى بىگىسىگلارنى كۆرسىتىدىغان پۇرسەت يېتىپ كەلدى، ھۈنىرىڭلارنى ئايىماي چىقىرىپ ئاشخانىنىڭ شۆھرىتىنى ئەتراپقا تاراتمىساڭلار بولمايدۇ!

ئابلەيجاننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ھەممەيلەن قىزغىن ئاۋاز قوشتى، چىرايىدا ئۈمىدۋارلىق نۇرلىرى چاقناپ كەتكەن ئابلەيجان ئۇلارغا قاراپ رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىگشىتىپ قويدى.

*                    *                    *

ئابلەيجان ئۆز پىلانى بويىچە شاگىرتلىرىنىڭ ئىشلىرىنى پۇختىلاشتۇردى، بۇ يەردىكى ئىشلارنى ئەزىمەت بىلەن سۈرۈن تەلەت كىشىگە تاپشۇرۇپ، نىياز، تاھىر، تاشمۇھەممەتنى ئەگەشتۈرۈپ كۇنىمگىغا كەلدى. كۇنىمگىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى نىياز بىلەن تاشمۇھەممەتنى مەپتۇن قىلىۋالدى، ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە «كۇنەلەرمىزمۇ» دەپ ئىككىلىنىپ قىلىشىنىڭ قىلچە ئاساسى يوقلۇقى ئاز كۈندە ئىسپاتلاندى. ھەر مىللەت ساياھەتچىلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان كۆزنەك ئورنىغا جايلاشقان ئاشخانا ئابلەيجاننىڭ ئويلىغىنىدەك بىر يىلغا يەتمىگەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە نام چىقىرىپ، خېرىدارلارنى جەلپ قىلىشقا باشلىدى. بۇ كۇنلەردە نىياز بىلەن تاشمۇھەممەت ئاشپەزلىكتىكى ئىقتىدارىنى ئەركىن - ئازادە ھالدا نامايان قىلالىغانلىقىدىن خۇشال بولسا، ئابلەيجان يېقىنقى يىللاردىن بېرى كۇنىمگىدا مۇشۇنداق بىر ئۇۋا ياساش نىيىتىنىڭ ئاخىرى خىيالدىن رېئاللىققا ئايلانغانلىقىدىن خۇشال ئىدى.

بىر كۈنى ئابلەيجان ئاشخانىنىڭ ئالدىدىكى باراڭ ئاستىغا قويۇلغان كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ، تاھىرنىڭ ئاشخانىغا مېھمان چىللاپ يېرىم خەنزۇچە، يېرىم ئۇيغۇرچە ئېيتقان سۆزلىرىدىن كۈلۈپ كەتتى، كېيىن كارىۋاتتا سوزۇلۇپ يېتىپ كۆزىنى يۇمدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلىنى غوجايىنلارچە راھەت تۇيغۇسى بىلەن ئۆز ئەقلىگە، بەخت - تەلىيىگە بولغان سۆيۈنۈش ئىگىلىگەنىدى. مەستخۇشلۇقتا كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنىپ، چۈش كۆردى، قانداقتۇر تاغ - ئېدىرلاردا مېڭىپ يۈرۈپ - باراقسان دەل- دەرەخلەر ئارىسىدىكى بىر ئۆيگە يېتىپ كەلدى. بىرسى ئۇنىڭغا ئاق ئۇنىغا ئوخشايدىغان

ئاجايىپ خاسىيەتلىك بىرنەرسىنى بەردى، بىر چاغدا يېنىغا نىياز، تاشمۇھەممەت، تاھىرلار كىرىپ كېلىپ ئۇ نەرسىنى بۆلۈشۈپ ئېلىپ كەتتى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى بىلمەستىن شاگخەيدىكى تورالغۇسىغا كېلىپ قالدى، ئاردا يەنە نىياز، تاشمۇھەممەت، تاھىرلار ھەربىرى ئىككىدىن چامادان كۆتۈرۈپ يېنىدا پەيدا بولۇشتى - دە، چامادانغا قاچىلانغان كاللەك - كاللەك پۇلنى كارىۋات ئۈستىگە تۆكۈشتى. پۇل دۆۋىسى تۇرۇسقا تاقىشايلا دەپ قالدى، ئابلەيجان تولىمۇ خۇشال ھالدا پۇل ساناشقا تۇتۇندى، باشقىلارمۇ تىنىمسىز ھالدا پۇل سانايتتى. پۇل ساناپ قولى تالغان، ئاغزىدا نەم قالمىغان ئابلەيجان بىرئاز دەم ئېلىۋېلىپ پۇل ساناشنى يەنە داۋاملاشتۇردى. تاشمۇھەممەت، نىياز، تاھىرلارمۇ پۇل ساناپ ھارغاندەك قىلاتتى. ئۇلار يېنىچە يېتىپ پۇل ساناۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ يەنە ھاردۇق يەتتى. ئابلەيجان پۇل ساناشنىڭ تولىمۇ تەسلىكىنى ھېس قىلىپ، يەنە بىرنەچچە ئادەم چاقىرىپ كېلىپ پۇل ساناتقۇزۇشنى ئويلىدى، دەل شۇ چاغدا سىرتتا بىركىملەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى ئاڭلاندى، كىمدۇر بىرسى ۋايجانلاپ كەتتى، تاراڭ - تۇرۇڭ قىلغان ئاۋاز ئەتراپنى بىر ئالدى، ئابلەيجان ئورنىدىن تۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمەي ئاچچىق يۈزىنى نىقابلىۋالغان بىرسى ئېتىلىپ كېلىپ قولىدىكى لوم تۆمۈر بىلەن پۇتىغا قاتتىق ئۇردى. پۇتىدىن ئېتىلىپ چىققان قان ئۆي ئىچىنى بۇلغىۋەتتى. نىياز، تاشمۇھەممەت، تاھىرلارمۇ يۈز - كۆزلىرى قانغا بويالغان ھالدا ئىگراپ يېتىشاتتى. ئۆيدىكى سەرەمجانلار ھەش - پەش دېگۈچە نىقابلىق كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇرۇپ - چېقىلىپ ۋەيران قىلىۋېتىلدى. ئابلەيجان ئۇيقۇسىدىن ئاللىقاچان ئويغىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، بايا كۆرگەنلىرىنىڭ چۈش ياكى رېئاللىق ئىكەنلىكىنى ئايرىيالمايۋاتاتتى. پۇتىنىڭ، يۈز- كۆزىنىڭ قانغا مىلەنگەنلىكى، شاگخەيدىكى تورالغۇسىنىڭ ئەمەس، كونىمگدىكى

ئاشخانىسىنىڭ ئۆرۈپ ـ چېقىلىپ ۋەيران بولغانلىقى راست ئىدى. لېكىن، ئۇ يەر، بۇ يەردە چېچىلىپ تۇرغان پۇل بولسا ھېلىلا چۈشىدە ساناپ بولالماي قوللىرى تىلىپ كەتكەن پۇل بىلەن باغلىنىپ ئۇنى كۆز ئالدىدىكى رېئاللىقتىن چۈش قوينىغا چىللاپ باققان بولسىمۇ، تاشمۇھەممەتنىڭ يېنىدا تولغىنىپ يېتىپ:

— تۇرامەت ئاكا، بۇ نېمە قىلغىنىڭ، مۇشۇنداقمۇ قىلامسەن؟— دەپ داتلىشى رېئاللىققا يۈزلەندۈردى. راست، بۇ رېئاللىق ئىدى. ئابلەيجان ھېلىراقتا كارىۋاتتا راھەتلىنىپ يېتىپ چۈش قوينىغا كىرىپ كەتكەندە، شۇنچە تېز يۈز بەرگەن بۇ ئىشنىڭ رېئاللىق ئىكەنلىكىگە نىياز، تاھىر، تاشمۇھەممەت ۋە ئاشخانىدا تاماق يەۋاتقان كىشىلەر گۇۋاھلىق بېرەلەيتتى. قالايمىقان چېچىلىپ ئابلەيجاننىڭ تۈيغۇسىنى ئالدىغان پۇل ئەسلىدە غەللە ساندۇقى چېقىلغاندا ئەتراپقا چېچىلغان پۇل ئىدى.

بۇ پاجىئە ھەقىقەتەن قاباھەتلىك چۈشتەكلا يۈز بەرگەن ئىدى، ھېلىراقتا «سۇڭخۇاجياڭ» ماركىلىق بىر ماشىنا ئاشخانا ئالدىدا توختىشىغىلا، لوم تۆمۈر، پىچاق، قىڭراقلار بىلەن قوراللانغان بىرنەچچە ئادەم چۈشۈپ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئارىلىقتا نىياز، تاشمۇھەممەت، تاھىر ۋە كارىۋاتتا راھەتلىنىپ يېتىپ شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقان ئابلەيجاننى بولۇشىغا ئۇرغاندىن كېيىن، ئاشخانا جابدۇقلىرىنى ۋەيران قىلدى. بۇ يوچۇن ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا «ئۇرۇڭلار، چېقىڭلار! بۇ يەردە ئاشخانا ئېچىپ بىز بىلەن بازار تالاشقانلارنىڭ ئەدىپىنى مۇشۇنداق بېرىمىز!» دېگىنىچە ئۇرۇش ـ چېقىشقا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان ئادەم نىياز بىلەن تاشمۇھەممەت جىگجۇۋدا ئۇچراشقان، تاشمۇھەممەتكە: «بېشىڭغا كۈن چۈشسە مېنى ئىزدە!» دەپ خەيرخاھلىق قىلغان تۇرامەت ئىدى. تاشمۇھەممەت بىلەن نىياز ئۇنى تونۇپ يېلىنغان بولسىمۇ، كۈتۈلمىگەندە ئۇ:

ــ ۋۇ سويملار! ئاكاڭ بىلەن بازار تالاشقۇدەك بولۇشتۇڭمۇ تېخى! مەن سوراۋاتقان جايدا ئاشخانا ئېچىشنى ساڭا كىم قويدى؟ــ دېگىنىچە ئۇلارنى ئۇرۇپ، تېپىپ يېقىتتۇەتتى. بۇ قەبىھ قىلمىش نىيازدىن كۆرە، تاشمۇھەممەتنى بەكرەك ئېچىندۇردى. كىشىگە شۇنداق سىلىق ـ سىپايە مۇئامىلە قىلىدىغان تۇرامەتنىڭ تۇرۇپلا مۇشۇ دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكى ئۇنىڭ ئەقلىگە سىغمىدى. بىردەمدىن كېيىن ج خ خادىملىرى يېتىپ كەلگەندە تۇرامەت ئادەملىرى بىلەن نەگىدۇر غايىب بولغانىدى.

ئارىدىن ئون نەچچە كۈن ئۆتۈپ كىبىر ھاجى كۈنىمىگىغا كەلدى. بۇ چاغدا نىياز، تاشمۇھەممەت ۋە تاھىرنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىدىكى جاراھەتلەر ئازراق ساقايغان بولسىمۇ، ئابلەيجان دوختۇرخانىدا تولىمۇ بىچارە ياتاتتى. كىبىر ھاجى ئوغلىنىڭ شاگىخەيدىكى ئىشىنى قىلماي، بۇ يەرگە ئاشخانا ئاچقىلى كەلگەنلىكىگە بىرھازا كايىپ، تاپا ـ تەنە قىلغاندا، ئابلەيجان يىغلاپ تۇرۇپ:

ــ دادا، مەن بولالمايدىغاندەك تۇرىمەن، ماڭا تاپا ـ تەنە قىلماي دوختۇرلار بىلەن ئوبدانراق سۆزلىشىڭ، ھەممە ئىش ئۆزۈمدىن كەتتى، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ مۇشۇ بالاغا گىرىپتار بولدۇم، ھەممىگە ئۆزۈم ئەيىبلىك! ــ دېدى. ئۇنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ھالىتىدىن كۈنىمىگىغا كەلگەنلىكىگە پۇشايمان قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

كىبىر ھاجى بىردەم كۆز يېشى قىلغاندىن كېيىن:

ــ ئەسلىدە سەن شاگىخەيدىكى بىر ئوبدان نان بەرگەن ئىشىڭنىلا قىلغان بولساڭ بەلكىم مۇنداق ئاقىۋەت يۈز بەرمەيتتى. گېپىمگە كىرمەي باشباشتاقلىق قىلىپ ئۆزۈڭنى ناكا قىلدىڭ، تىجارەت يولىغا قەدەم قويغان ئادەمدە نىيەت دۇرۇس بولمىسا مۇشۇنداق غايىب خەتەردىن ساقلانماق تەس...... تاپا قىلماي

دېسەممۇ بۇ ھالىتىگە قاراپ ئۆزۈمنى قانداقمۇ تۇتۇۋالىمەن؟! ــ دېدى ھەسرەت بىلەن.

كېيىن ئۇ دوختۇرلار بىلەن كۆرۈشتى. دوختۇرلار ئابلەيجاننىڭ ئۇچ پۇتىنىڭ ئۇچ ئورۇندىن سۇنغانلىقىنى، سۇنغان پۇتىنى يوتىسىدىن كېسىۋەتمىسە ھاياتىغا خەۋپ يېتىدىغانلىقىنى، ياخشىسى ئابلەيجاننى بېيجىڭ، شاڭخەي تەرەپلەردىكى چوڭ دوختۇرخانىلارغا يۆتكەش كېرەكلىكىنى ئېيتىشتى. كېبىر ھاجى ئىككىلىنىپ ئولتۇرمىدى، يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەنى ج-خ ئورۇنلىرى تەكشۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، ھازىرغىچە بىر تەرەپ قىلىنمىغاچقا، بۇ يەردىكى ئىشلارنى تاشمۇھەممەتكە تاپشۇرۇپ، ئابلەيجاننى شاڭخەيگە ئاپىرىش نىيىتىگە كەلدى، دېمىسىمۇ ئابلەيجاننىڭ ئەھۋالى ھەممەيلەننى بىسەرەمجان قىلىۋەتكەنىدى، تاشمۇھەممەت بىلەن نىياز بۇ كۈتۈلمىگەن پاجىئەنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقراق بىلىشكە ئەقلىنى ھەريان يۈگۈرتۈۋاتاتتى، نىيازنىڭ «بەلكىم ئابلەيكامنىڭ تۇرامەت بىلەن كونا ئاداۋىتى بولۇشى مۇمكىن» دېگەن پەرىزى ئۇنى تەگسىز ئويلارغا پاتۇراتتى. تاشمۇھەممەت كېبىر ھاجىنىڭ بۇ يەرگە كېلىپلا ئابلەيجانغا تاپا ـ تەنە قىلىپ دېگەن گەپلىرىگە ئاساسلىنىپ «بەلكىم ئابلەيكامنىڭ كۆنمىگىدا بۇ ئاشخانىنى ئېچىشىدا (ئاق) سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىش ئويى بولۇشى مۇمكىن، قارىغاندا تۇرامەتمۇ مۇشۇ يولدا بولسا كېرەك، كونىلارنىڭ ئىككى يولۇاس بىر تاغقا پاتمايدۇ دېگىنى بەرھەقكەن» دېگەنىدى، نىياز غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندەك بولدى ـ دە، تاشمۇھەممەتنىڭ پەرىزىنى دەرھال توغرا تېپىپ ئېيتتى:

ــ قارىغاندا خۇدايىم ئابلەيكامنىڭ ئىلكىدىكى ھالال ـ پاكىز پۇلنى ئاشۇ نىجىس نەرسە بىلەن بۇلغىشىنى راۋا كۆرمەپتۇ، ئۇنداق ئىشنى قىلغۇچە مۇشۇنداق تاياق يەپ جىم ياتقان تۈزۈك!

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ كىبىر ھاجى ئابلەيجاننى شاگىخەيگە ئېلىپ ماگدى. شۇنىڭ بىلەن تاشمۇھەممەت، نىياز، تاھىرلار دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ قىلىشتى. كېيىن بىر - بىرىسىنى رىغبەتلەندۇرۇپ ئاشخانىنىڭ ئىشلىرىنى قايتا رەتكە سالغان بولسىمۇ، ئاران دېگەندە ئۆزلىرىنىڭ قورسىقىنى بېقىپ، ئارىلاپ كېلىپ تۇرغان ج خ خادىملىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشتىن باشقا تاپاۋەت قىلىشمىدى، شۇ تەرزدە بىر ئايچە ۋاقىت ئۆتكەندە ج خ خادىملىرىدىن تۇرامەتنىڭ قولغا چۈشكەنلىكىنى ھەمدە ئابلەيجاننىڭ ئوق يۇتىنىڭ شاگىخەيدە يوتىسىدىن كېسىۋېتىلىپ، ھاياتى ساقلىنىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈشتى. ئەسلىدە تۇرامەت بىلەن ئابلەيجاننىڭ زىددىيىتى ھەققىدە باشتا نىياز بىلەن تاشمۇھەممەتنىڭ قىلىشقان پەرىزى توغرا ئىدى.

بۇ كۈنلەردە نىياز راشىدىننى تولا ئويلايدىغان بولۇپ قالدى، شۇ سەۋەبتىنمىكىن گاھىدا تولىمۇ ۋەھىمىلىك چۈش كۆرەتتى، چۈشىدە راشىدىننىڭ خۇددى ئابلەيجاندەك قانغا مىلىنىپ ياتقانلىقىنى، پۇت - قوللىرىنىڭ كېسىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ تۈن نىسپىدە ۋارقىراپ ئويغىنىپ كېتىپ تاكى تاڭ ئاتقۇچە خىيال سۈرۈپ چىقاتتى.

بىر كۈنى نىياز تاشمۇھەممەت بىلەن تاھىرغا راشىدىن توغرۇلۇق ئېغىز ئاچقانىدى، تاھىر ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ دېدى:

— نىياز ئاكا، ئۇزاقتىن بېرى دوستۇڭنىڭ گېپىنى كۆپ قىلدىڭ، بۇنىڭدىن دوستلۇققا يارايدىغانلىقىڭ چىقىپ تۇرىدۇ. بولسىغۇ دوستۇڭنى ئىزدەپ تاپساق ياخشى بولاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭدىن بۇنچە ئەنسىرەپ كەتمە، ئابلەيكام سەن كېلىشتىن ئىلگىرى شاگىخەيگە كەلگەن راموك ئىسىملىك بىرسىنى يايمىسىدا ئىشقا سالغانىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن قول بېرىشىپ ئاكا - ئۇكا

بولۇشــقان، كېيىن ئـۇ شـاگىخەيدىن كەتتــى. ئالــدىنقى يىلــى تونۇشـلاردىن ئاڭلىسام ئـۇ گۇاڭجـۇۋدا كاۋاپخانـا ئاچقـانمىش، ئـۇ شىنجاڭدىن بـۇ تەرەپـلەرگە كەلگەنلەرنـى ئاساسـەن تونۇيـدىكەن. يەنە تېخــى ئۇلارغــا يــار - يــۆلەك بولــۇپ، ھالــدىن خەۋەر ئالىدىكەن. پەرىزىمچە دوسـتۇڭ ئۇنىـڭ يېنىـدا بولۇشـى مۇمكىن. ئۇنـداق بولمىغانـدىمۇ دوستۇڭنىڭ ئىـز - دېرىكىنـى ئـۇ بىلىدۇ. مۇبـادا پۇرسـەت يـار بەرسـە گۇاڭجۇۋغـا بېرىــپ ئۇنىــڭ بىــلەن كۆرۈشەيلى، قانداق؟

نىيــاز تاھىرنىــڭ ســۆزىگە دەســلەپتە قىزىققــان بولســىمۇ نېمىــشقىدۇر ئېنىــق ئىپــادە بىلدۈرمــىدى، قارىغانــدا تاھىرنىــڭ دېگەنلىرىنىڭ راستلىقىغا تازا ئىشەنچ قىلالمايۋاتـاتتى...... كېيىن ئــۇ «ســېنىڭچە قانــداق» دېــگەن مەنىــدە تاشــمۇھەممەتكە قارىغانىدى، تاشمۇھەممەت ئازراق خىيال سۈرۈۋېلىپ دېدى:

— بۇ قېتىم مەن تۇرامەتكامنىڭ ئۇساللىق قىلغانلىقىنى كۆرۈپ بىر ئىشنى ئويلاپ قالدىم، سىلەرگە دېسەم، بـۇ تەرەپـلەردە جـان بېقىش ئۈچۈن چوقۇم ئۆزىمىزنىڭ دوستلىرىنى تېپىپ توپلاشمىساق بولمايــدىكەن. ئۆتكەنكىــدەك ئىــشلاردا كــۈچ جەھەتــتە تەڭ كېلەلىگەن بولـساق ئـۇلاردىن بـۇنچە تايـاق يـېمىگەن، بەلكـى ئۇلارنىڭمۇ ئەدىپىنى بەرگەن بولاتتۇق. مەنمۇ دوستلىرىمدىن كـۆپ سۈرۈشتۈردۈم، دۈربۈن ساتىدىغان باللارمۇ تـاھىر گېپىنـى قىلغان رامۇكىنىـڭ تەرىپىنـى قىلىشتى، ئـۇ كـۇلچى باللارنىـڭ ئەھۋالىنى بەش قولـدەك بىلەرمىش، مەن ئويلىنىـپ قالـدىم، بىـز بـۇ يەردە مۆكـۈپ ياتمـاي، دوسـتلىرىمىزنى ئىزدەيلـى، ئابلەيكـام ئەمـدى نىمجـان بولـۇپ قالــدى، ئــۇنى كىىـر ھــاجى دادام ئــۈرۈمچىگە قايتۇرۇپ كېتىشى مۇمكىن، بىـز يەنە جاننى بـېقىش ئۈچـۈن پـۇل تاپمىــساق بولمايــدۇ. مەن بــۇ يەرنــى ســاقلاپ تــۇرۇپ تــۇراي، ئىككىڭــلار گۇاڭجۇۋغــا بېرىــپ رامــۇكىنى تېــپىڭلار. ئۇنىڭــدىن

راشىدىننى سۈرۈشتۈرۈشلار، ئۇنى تاپمساق نىياز ئادەمنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىدىكەن، شۇنداق قىلايلىمۇ؟

بايىدىن بېرى ياش تۆكۈپ سولىشىپ ئولتۇرغان نىياز بىردىنلا ئېتىكلەشتى:

— سىلەرگە رەھمەت، دوستلىرىم، دوستلۇق يولىدا ئۆلۈپ كەتسەك مەيلى، — دېدى ھاياجان ئىلكىدە.

ئىككى كۈندىن كېيىن تاھىر بىلەن نىياز تاشمۇھەممەت بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلىشىپ گۇاڭجۇۋغا قاراپ يولغا چىقتى. نىياز تاھىرنىڭ ئۆزىدىن كىچىك بولۇشىغا قارىماي، جاھاندارچىلىقنىڭ يولىنى ئوبدان بىلىشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن گۇاڭجۇۋغا ئامان-ئېسەن يېتىپ كەلدى، ئۇلار كوچىدا دۇربۇن ۋە سۈرەت ئاپپاراتى سېتىپ يۈرگەن، چىرايى خۇددى نېگىرلاردەك قارامتۇل راجى ئىسىملىك بىر بالا بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭدىن راموكنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلدى. راجى ئۇلارغا راموكنىڭ ھەقىقەتەنمۇ گۇاڭجۇۋغا كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ نوچىسى ئىكەنلىكىنى، بۇ تەرەپلەردە ئىناۋىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن، ئادەم ئىزدەش ئەمەس، ھەرقانداق ئىشنى قىلالايدىغانلىقىنى، ئەمما گۇاڭجۇۋغا يېڭىدىن كەلگەن باللارنى ئاسان قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى، بىرنەچچە سىناقلاردىن ئۆتكەندىن كېيىن يۈز كۆرۈشىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. تاقەتسىزلىنىپ كەتكەن تاھىر:

— مەن راموك ئاكام بىلەن شاڭخەيدە قول بېرىشىپ ئاكا-ئىنى بولۇشقان، ئۇ مېنى كۆرسە چوقۇم خۇش بولۇپ كېتىدۇ، سەن ھازىرلا بىزنى ئۇنىڭ يېنىغا باشلاپ بار، — دېدى.

— ئاكىلار، مەن بۇگۈنكى ۋەزىپەمنى تېخى ئورۇنلاپ بولالمىدىم، سىلەر كۈتۈپ تۇرۇڭلار، ئىشلىرىمنى تۈگىتىۋالاي، ئاندىن سىلەرنى راموك ئاكامنىڭ يېنىغا باشلاپ باراي.

ئۇ شۇنداق دېگەندىن كېيىن كىشىلەر توپىغا قاراپ ماڭدى.

تاھىر چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇۋېلىپ:

— ھەرقانداق ئىش بولسا ساڭا بىز ئىگە بولىمىز، قانچە پۇل دېسەڭ شۇنى بېرىمىز، بۇ يەردە دۇربۇن سېتىۋالىدىغان ئادەممۇ يوقتەك قىلىدۇ، بىزنى ھازىرلا راموك ئاكامنىڭ يېنىغا باشلاپ بار. ئىككىمىز ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرى، — دېدى.

راجى ئازراق ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن:

— ئەمىسە مەن سىلەرنى باشلاپ باراي، خودەك ئاكام ھېلى مېنى ۋەزىپەڭنى ئورۇنلاپ بولالمايسەن دەپ كاچاتلىسا، ماڭا ئىگە بولىسىلەر ئەمىسە!- دېدى.

— گېپىمىز گەپ! — تاھىر راجىغا قىزىقىپ قاراپ تۇرغان نىيازنى نوقۇپ قويدى.

— خودەك ئاكام دېگەن كىم ئەمدى؟ ئەجەب غەلىتە ئىسىمغۇ بۇ!— دېدى نىياز راجىغا قاراپ.

— نىياز ئاكا، بولدى سورىما، خودەك دېگەنلەرنى سەن ئۇقۇپ بولالمايسەن، مۇشۇلار ئۆزلىرى بىلىشىدۇ، راجى بىزنى پەقەت راموك ئاكامنىڭ يېنىغا باشلاپ بارسىلا بولدى، — تاھىر شۇنداق دەپلا راجىنى مېڭىشقا ئۈندەپ قولىدىن تارتتى.

ئۇلار كوچا ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ، بىر نەچچە كوچا، ئايلانمىلاردىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ قالدى، پىيادە خېلى ئۇزاق مېڭىپ، ئەتراپىدا يېڭىدىن قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان بىر چەت يەرگە كېلىشتى. بۇ يەردە سودا-سېتىقچىلار شالاڭ بولۇپ، بىر نەچچە ئاشخانا، ھۆسن تۈزەش ئورۇنلىرى كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى، راجى ئەتراپنى بىر پەس كۆزەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنى چاققانغىنە بىر ئاشخانىغا باشلاپ كىردى. بۇ يەرنى ئاشخانا دېگەندىن كۆرە، چايخانا دېگەن تۈزۈكرەك ئىدى، سەرەمجانلار شۇنچە ئاددىي، رەتسىز بولغىنىغا قارىماي، قايسى مىللەت ئىكەنلىكىنى دەرھاللا پەرق قىلغىلى

بولمايدىغان ياشانغان بىر دوك كىشى مۆكچىيىپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ خۇنۇك، قىيسىق كۆزلىرى ياشاڭغىراپ تۇراتتى، بۇلۇڭدا ئون نەچچە ياشلاردىكى بىر ئۇيغۇر بالا ئوتياش ئاقلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىنىڭ مەينەتلىشىپ كەتكىنىگە قارىغاندا، ھېلىراقتا يىغلاپ، يېشىنى ئاللىقانداق نەرسىلەرنى تۇتۇپ قاسماقلىشىپ كەتكەن قوللىرى بىلەن سۈرتكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى، بالىغا قاراپ نىيازنىڭ كۆڭلى نىمىشقىدۇر بىرقىسمىلا بولدى. ئارىدا راجى ھېلىقى دوكىنىڭ يېنىغا بېرىپ بىر نېمىلەرنى پىچىرلىدى، كېيىن ئۇلارنى ئەگەشتۈرۈپ يان ئىشىكتىن كىرىپ تار ھەم قاراڭغۇ كارىدورغا چىقتى، كارىدورنىڭ ئۇدۇل تەرىپىدىكى بالكوندىن سۇس يورۇقلۇق چۈشۈپ تۇراتتى، راجى بىر - نەچچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن يانغا بۇرۇلۇپ بېتون شوتا ئارقىلىق پەسكە چۈشتى، نىياز بىلەن تاھىر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىۋېتىپ بىر - بىرىگە شۈبھە بىلەن قاراپ قويۇشاتتى.

— راموك دېگەننى كاۋاپخانا ئېچىپتۇ دېگەنىدىڭ، بۇ يەردىغۇ كاۋاپخانا كۆرۈنمەيدۇ، — نىياز تاھىرغا پەس ئاۋازدا شۇنداق دېگەنىدى، تاھىر ئالىقىنى بىلەن ئاغزىنى تۇتۇپ «گەپ قىلما» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىدى.

تۆۋەن تەرەپ زەيكەش بولۇپ، تۈۋاقنىڭ يېرىمى سۇنۇپ كەتكەن ئەۋرەز كاتىكىدىن ئادەمنىڭ بۇرۇن تۈكلىرىنى كۆيدۈرۈ- ۋەتكۈدەك سېسىق پۇراق چىقاتتى. «تۇۋا، گۇۋاڭجۇدەك گۈزەل شەھەرنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق سەت يەرلىرى باركەن- دە!» نىياز ئۆز - ئۆزىگە شۇلارنى پىچىرلاپ، راجىنىڭ كەينىدىن ماڭدى. ئۇلار ئاخىرىدا ئوتياش ۋە سۈپىتى بۇزۇلغان ئاللىقانداق نەرسىلەر قويۇلغاچقىمىكىن بەكمۇ سېسىق پۇرايدىغان ئۇزۇنچاق بىر ئۆيگە كىردى. ئۆينىڭ كىچىككىنە ھاۋادىنىدىن باشقا دېرىزىسى بولمىغاچقا، نەرسە - كېرەكلەرنى تەستە پەرق ئەتكىلى بولاتتى،

تـۆردىكى كـارىۋات ئۈسـتىدە كىرلـىشىپ، سـۇپەت- سـۈلكىتىدىن قالغان بىرنەچچە قۇر كىيىم قالايمىقان چېچىلىپ ياتاتتى. بۇلۇڭـدا ئۈنـىڭدىنمۇ مەينەت بولـۇپ كەتـكەن بىـرنەچچە يـۇرۇش يوتقـان - كۆرپە بەئەينـى خامانغـا دۆۋىلەنـگەن بوغـداي ئۆنچىسىدەك كـۆزگە تاشلىناتتى. نىياز بىـلەن تـاھىر راجىنىـڭ كـۆز ئىشارىـسى بىـلەن كارىۋاتنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇرۇشـتى. راجى ئۇلارغـا مەنىلىـك قاراپ قويغانـدىن كېيىن، تامـدىكى تـاغ مەنزىرىـسى سـىزىلغان پەردىنـى قايرىپ، ئۇ يەردىكى ئىشىككە يېنىك ئۇردى ۋە:

— خودەك ئاكا، مەن راجى! — دېدى.

نىيـاز كۆڭلـىدە، خـودەك دېگىنـى قانـداق ئادەمـدۇ دەپ ئويلاۋاتـاتتى. شـۇئان ئىـشىك ئېچىلىـپ پاكـار بـوي، گەزنىـدەك يۈزلىرىنى سەپكۈن باسقان، ئۇستىخانلىق بىر يىگىت چىقىپ، تـازا كېرىلىپ ئەسنىۋالغانـدىن كېيىن:

— بۈرۈن كەپسەنغۇ؟ ۋەزىپەڭنـى ئورۇنلاپسەن - ھە! قېنـى، ھەممىنـى ماڭـا بەر! — دېـدى قـولىنى راجىغـا سـۇنۇپ، چېكىـسى بىلەن زاڭىقىدىكى تارتۇق ئۇنى بەكمۇ سۈرلۈك كۆرستەتتى.

— مەن...... مەن...... ھە...... مانـا...... مانـا...... — راجـى قويـۇن يانچۇقىـدىن بىـر تۇتـام پـۇلنى چىقىرىـپ ئۇنىڭغـا سۇندى ۋە:

— خودەك ئاكا، ۋەزىپەم ئورۇنلانمىغان بىلەن، مەن ماۋۇلارنى باشلاپ كەلدىم، — دېدى خۇشامەتگۇيلۇق بىلەن.

خودەك شـۇندىلا بۇلۇڭـدىكى كارىۋاتتـا ئـۆزىگە قـاراپ بەئەينـى تامغـا سـىزىلغان رەسـىمدەك جىمجىـت ئولتۇرۇشـقان تـاھىر بىـلەن نىيازنى كۆردى.

— ھـوي، سـەنلەرنى كۆرمەيتىمەنغـۇ، ئىيتىـشە، نەدىـن كېلىشتىڭ؟— دېدى ئۇلارغا قىزىقىش ئىچىدە قاراپ.

— بىز راموك ئاكامنى ئىزدەپ كۈنمىڭدىن كەلدۇق، مەن راموك

ئاكامنىڭ يېقىن دوستى، ئىككىمىز ئىلگىرى شاگخەيدە ئوقەت قىلغان، خودەك ئاكىمىز سىزكەنسىز ـ دە. خودەك دېسە مەن تېخى خەنزۇ ئوخشايدۇ دەپتىمەن، ــ دېدى تاھىر تەمكىن هالدا.

ــ ۋۇ سويما! گېپىڭىزنىڭ چوگلۇقىنى قارا، راموك قانداقمۇ سەندەك ھارام تاشاق بىلەن دوست بولسۇن!؟ قارىغاندا كونىمگىدا «ئاق» ساتىدىغان خۇمسىلار ئوخشىمامسەن! ئورنوڭدىن تۇروشۇپ ماۋۇ يورۇققا كېلىشە، سەنلەرنى ئوبدانراق كۆرۈپ باقاي، ــ دېدى خودەك كوتولمىگەندە موغەمبەرلىك بىلەن.

نىياز بىلەن تاھىر ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى، خودەك ئۇلارغا زەن سېلىپ قاراپ چىققاندىن كېيىن:

ــ ئەجەب مەن سەنلەرنى ئىلگىرى كۆرمەپتىمەنكەنغۇ، گواڭجۇۋغا تۇنجى قېتىم كېلىشتىڭما؟ راست گەپ قىلىش! ــ دېدى.

ــ ھەئە، تۇنجى قېتىم كەلدۇق، بىز ئىلگىرى راموك ئاكام بىلەن بىللە شاگخەيدە ئوقەت قىلغان، بايا مەن خاتا گەپ قىلىپ قويۇپتىمەن، مەن راموك ئاكامنىڭ دوستى ئەمەس، ئىنىسى، بىز راشىدىن ئىسملىك بىرسىنى ئىزدەپ كەلدۇق، شۇگا......

ــ بوپتۇ، مەن سەنلەرنى ئېلىپ قالاي، قۇرۇق گەپ قىلماي ئىسمىڭنى ئېيتىشە!

ــ مېنىڭ ئىسمىم تاھىر.

ــ سېنىڭچۇ؟

ــ نىياز.

ــ نېمانداق قاملاشمىغان ئىسملار بۇ، ئاڭلاپ تۇرۇش! مەن بۇگۈن سەنلەرگە يېڭىدىن ئىسىم قويىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن مەن قويغان ئىسىم ھېساب بولىدۇ، ھوي پىستەك، سېنىڭ ئىسمىڭ تاھىرمىدى؟ ئەمدى ئىسمىڭ....... ھە، مونەك بولىدۇ. ئاڭلىدىڭمۇ؟ مونەك ھە!؟ سېنىڭ ئىسمىڭ نىيازمىدى؟ خېلى

بەستىنىڭ بار نېمىكەنسەن، سېنىڭ ئىسمىڭ ...... نېمە بولسا بولا؟ ھە، ئېسىمگە كەلدى، تارانگى بولسۇن، قانداق! تارانگى دېگەن ياخشى ئىسىم بۇ! بىزنىڭ بىر تارانگى بار ئىدى، ئۆتكەن يىلى پىچاق يەپ ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىسمى ساڭا مىراس بولسۇن، بىلدىڭما؟

— نىياز دېگەنمۇ بىر ئوبدان ئىسىم تۇرسا...... ئۇنى ئۆزگەرتىپ نېمە كەپتۇ؟

— ئارتۇق گەپ قىلما! بۇنىڭ پايدىسىنى كېيىن بىلىپ قالىسەن، ئىككىڭ ئەتە راجى بىلەن دۇربۇن سات، سەنلەرگە باشتا دەپ قوياي، بۇ يەرنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق قائىدىلىرى بار، بويسۇنۇشمىساڭ راموك سەنلەرنىڭ تېشىڭنى سوغۇرۇۋالىدۇ، بىر تاش ھازىر نەچچە پۇل بىلىشەمسەن؟ ئىككى يۈزمىڭ سوم!

نىياز بىلەن تاھىر بىر - بىرىگە قاراپ قويۇشتى، گەرچە خودەكنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى نىيازنى غەزەپلەندۈرگەن بولسىمۇ ئىمكان بار ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشتى.

— ئاغىنە، بىزگە بۇنداق قاملاشمىغان ئىسىملارنى قويۇپ ئاۋارە بولما، بىز سېنىڭ قولۇڭدا ئىشلىگىلى كەلمىدۇق، چاپسانراق راموك ئاكىمىز بىلەن كۆرۈشتۈرگىن، قالغان گەپنى ئۇنىڭ بىلەن دېيىشىمىز، — دېدى نىياز تاھىرنىڭ نوقۇشىغا پىسەنت قىلماي.

شۇئان خودەك ئۇنىڭ زاڭقىغا چاقماق تېزلىكىدە بىر مۇشت ئاتتى. نىياز كەينىگە بىرنەچچە قەدەم دەلدەڭشىپ ئۆزىنى ئارانلا دەڭسۇالدى.

— ھە، قانداق!؟ مەن قويغان ئىسىم قاملاشمىغان بولسا مۇشتۇمۇمغۇ قاملاشقاندۇ؟ مەن سېنىڭ ئاغىنەڭ ئەمەس، خودەك ئاكاڭ، بويۇمنىڭ پاكارلىقىغا قارىماي مۇشتۇمۇمغا قارا، بىلدىڭما!؟ قولۇم ئەجەب ئاغرىدا! راجى، سەن بۇ خۇمسىلارغا قائىدىنى ئوبدان ئۆگىتىپ قوي، غىدىڭ - پىدىڭ قىلىشسا مېنى چاقىر!

خودەك شۇلارنى دېگەندىن كېيىن تۆر ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

تاھىر زاڭىقىنى ئۇۋۇلاپ تۇرغان نىيازغا قاراپ:

— ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، نىياز ئاكا، ھە راست تارانگى ئاكا، خودەك ئاكامنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرمەيلى، بىر ئامال قىلىپ راموك ئاكام بىلەن كۆرۈشتۈرۈشۋالايلى، ئۇ چاغدا ھەممە ئىش ئوڭشىلىپ كېتىدۇ،— دېدى پەس ئاۋازدا.

— بۇنچە قورقۇنچاق بولما، تاھىر، ئۇ بىزگە شۇنداق سەت ئىسىملارنى قويۇپ قويسا مەيلىمۇ!

— جېنىم ئاكا، پەس گەپ قىل، بولدى، مېنىمۇ تاھىر دېمەي، مونەك دەۋەرگىن، چىداپ تۇرايلى!

— تارانگى ئاكا، مونەك ئاكامنىڭ دېگىنىدەك قىلىڭلار، بولمىسا ئۇ...... — دېدى راجى تۆر ئۆيگە قاراپ قويۇپ.

— ۋۇ ھاراملىق! سەن بىزنى راموك ئاكامنىڭ يېنىغا باشلاپ كەلمەي، نەگە باشلاپ كەلدىڭ؟— نىياز شۇنداق دېگىنىچە راجىغا گۆلەيدى.

— غوجام ئاكا، پەس گەپ قىل، خودەك ئاكام ئاڭلاپ قالسا پۇت قولىمىزنى چەيدۇ بىلەن چانىۋېتىدۇ. راموك ئاكامنى ھازىرغىچە مەنمۇ كۆرۈپ باقمىدىم. ئۇنىڭ بىلەن پەقەت خودەك ئاكاملا كۆرۈشەلەيدۇ، سىلەر ئوبدان تاپاۋەت قىلىپ، خودەك ئاكامنى خۇش قىلساڭلار ئۇ سىلەرنى راموك ئاكام بىلەن كۆرۈشتۈرۈشى مۇمكىن. ئاڭلىسام راموك ئاكامنى ئادەمنىڭ جىگىرىنى يەيدۇ دېيىشىدۇ......

— تاھىر، بىز بۇ يەردىن كېتەيلى، راموك دېگەننى ماۋۇ تاز كۆرمىگەن يەردە، بىز قانداق تاپىمىز!؟

— ئاكىلار، ئەمدى سىلەر بۇ يەردىن چىقىپ كېتەلمەيسىلەر، مەن كىچىك بولساممۇ گېپىمگە ئىشىنىڭلار، مەنمۇ قەشقەرلىك، شۇنچە قىلىپمۇ قايتىپ كېتەلمىدىم، سىرتتا خودەك ئاكامنىڭ

ئادەملىرى بار، ئۇلار سىلەرنى بوش قويۇۋەتمەيدۇ. راموۋ ئاكامنى مەن كۆرمىگىنىم بىلەن، ئارىمىزدا تاپاۋەتنى ئوبدان قىلغان بالىلار ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ تاپاۋەتنى كىم ياخشى قىلسا شۇنىڭغا مۇكاپات بېرىدىكەن، سىلەرمۇ گېپىمگە كىرىپ، ئەتىدىن باشلاپ مەن بىلەن دۇربۇن ساتقىلى بېرىڭلار، كېيىنچە راموۋ ئاكام سىلەر بىلەن چوقۇم كۆرۈشىدۇ.

— نىياز ئاكا، بىز يامان يەرگە كېلىپ قاپتىمىز، مېنى ئەپۇ قىل، سېنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلمىسەم بوپتىكەن، شۇنداقتىمۇ بۇ يەردە بىر- نەچچە كۈن تۇرۇپ ئەھۋالنى كۆرۈپ باقايلى، قارىغاندا بۇلارنىڭ ئادەملىرى كۆپ ئوخشايدۇ، راموۋ ئاكام بىلەن كۆرۈشەلمىسەكمۇ، باشقىلاردىن دوستۇڭنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئېلىشىمىز مۇمكىن.

— ئەسلىدە سېنىڭ كەينىڭگە كىرمىسەم بوپتىكەن، تاھىر! بۇ يەرگە نېمىشقىمۇ كەلگەندىمىز؟ ھەرنېمە قىلساق سىرتقا چىقىۋالساق بولاتتى، — دېدى نىياز مەيۈس ھالدا.

نىيازنىڭ گۇمانى توغرا ئىدى. ئەلياتقۇ بولغاندا بۇ خىلۋەت ئۆيگە يېشى راجىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان ئۈچ بالا بىلەن يەنە بىر يىگىت كىرىپ كېلىشتى، خودەك ئۆيدىن چىقىپ ئالدى بىلەن بالىلاردىن ھېساب ئالدى. بىر بالا بۈگۈن ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالمىغاچقا بۇلۇڭدىكى ئارغامچا بىلەن پۇت - قولى مەھكەم باغلىنىپ دۈم ياتقۇزۇپ قويۇلدى، ئۇ ئىككىسىگە بۇ ئىشنى بۇنىڭدىن كېيىن ئاستا - ئاستا ئۆگىنىپ كېتىدىغانلىقىنى، مۇبادا ۋەزىپىنى ئورۇنلىيالمىسا مۇشۇنداق جازالىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى، نىياز بىلەن تاھىرنىڭ ۋۇجۇدى غەزەپتىن لەرزىگە كەلگەن بولسىمۇ، خودەكنىڭ يېنىدا تۇرغان يەكچەشمە يىگىتنىڭ قولىدىكى كالتەككە قاراپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشتى، ئەتىسى چاشكا ۋاقتىدا خودەك ئۆيدىن چىقىپ پۇت - قولى باغلانغان بالىنى بىرنەچچە

شاپىلاق ئۇرۇپ ئارغامچىنى يېشىۋەتتى، كېيىن نىياز بىلەن تاھىرغا قاراپ:

— مەن قويۇپ قويغان ئىسمنى ئۇنتۇپ قېلىشتىڭما؟ سىرتقا چىققاندىن كېيىن راجىغا قاراپ ئىش قىلىش، ھە راست، قاچىمەن دەپ ئاۋارە بولۇشما، سەنلەرنىڭ يېنىڭدا مېنىڭ ئادەملىرىم بار، قوپۇشە ئورنۇڭدىن، دۇربۇن سېتىشقا مېڭىش! — دېدى زەردە بىلەن.

باشقىلار بىر - بىرلەپ بۇلۇڭدىكى قەغەز يېشىكتىن ئىككى داندىن دۇربۇن ئېلىپ سىرتقا مېڭىشتى. تاھىر دۇربۇننى قولىغا ئېلىپ ئورنىدا ئۈندىمەي تۇردى.

— تارانگى ئاكا، تۇرە ئورنۇڭدىن ماڭايلى، — دېدى راجى نىيازغا قاراپ.

— سەن ماڭغاچ تۇر، مېنىڭ ماۋۇ خودەككە دەيدىغان گېپىم بار، دېۋېلىپ ئاندىن ماڭىمەن، — دېدى نىياز كەسكىن قىلىپ.

خودەك ئاخشامقىدەك چېچىلدى:

— خودەك ئاكا دېگىن! بويۇم پاكار بولغان بىلەن مەن سەندىن كەم دېگەندە بەش - ئالتە ئىشتاننى ئارتۇق يىرتقانمەن!

— ماقۇل، خودەك ئاكا، ساڭا دەيدىغان گېپىم بار ئىدى. دېۋېلىپ ماڭسام بولامدۇ؟

— بوپتۇ، گېپىڭنى ئاڭلىسام ئاڭلاي.

تاھىر سىرتقا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن نىياز خودەككە مىختەك تىكىلىپ تۇرۇپ دېدى:

— خودەك ئاكا، ئاچچىقلىماي تۇر، گېپىمنى ئاڭلاپ بولۇپ مېنى نېمە قىلساڭ مەيلى، بۇ يەردە باشقا ئادەم يوق، ساڭا كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتاي. سەن - بىز بۇ يۇرتقا مۇساپىر، تېخىمۇ مۇھىمى بىز ئۇيغۇر ھەم مۇسۇلمانغۇ! شەرىئىتىمىز بىزنى ھەرۋاقىت ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندەيدۇ. يامان ئىشلارنى قىلىشتىن

قاتتىق چەكلەيدۇ. سەن كىچىك بالىنى ئاخشامقىدەك پۇت ـ قولىنى باغلاپ قىينىساڭ خۇدا سېنى كەچۈرەمدۇ؟

ــ پاھ، سېنى كۆلچى دېسەم، ئەسلىدە موللىكەنسەنغۇ! قارىغاندا خېلى دىنىڭ بار ئوخشايدۇ سېنىڭ، مەنمۇ ساڭا گەپنىڭ راستىنى دەي، بىزمۇ بۇ يەردە باشقا ئىش ئەمەس دۇربۇن سېتىپ تىجارەت قىلىمىز شۇ. ئەگەر گېپىمگە كىرمىسەڭ، پۇت ـ قولۇڭدىن ئايرىلىپ قالىسەن، سەن بۇ يەرگە ئۆزۈڭ خالاپ كەلگەن ئىكەنسەن، نېرى ـ بېرىسىنى سورۇشتۇرمەي مەن دېگەن ئىشنى قىل!

ــ مەن بۇ تىجارەتنى قىلىپ باقمىغان. شۇڭا ھەرقانچە قىلسامۇ قاملاشتۇرالمايمەن.

ــ گېپىڭ راستما؟ بوپتۇ ئەمىسە، مەن سېنىڭ گېپىمگە كىرمىگىنىڭنى بىر كۆرەي!

خودەك شۇنداق دەپلا تۆر ئۆينىڭ ئىشىكىگە ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككىنى ئۇردى. شۇئان ئۆيدىن ھەررەڭ ـ سەررەڭ كىيىنىۋالغان ئاخشامقى يەكچەشمە چىقتى ـ دە، خودەككە سوئال نەزەرىدە قارىدى. خودەك ئۇنىڭغا قاراپ خەنزۇ تىلىدا:

ــ قائىدە بويىچە قىل، ــ دېگەن ئىدى ئۇ مۇشت ـ پەشۋا بىلەن نىيازنى ئۇرۇشقا باشلىدى.

نىياز ئۆزىنى قوغداپ، خېلى قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بارا ـ بارا بوشىشىپ يەردە ئولتۇرۇپ قالدى، كېيىن ئىككىسى ئارغامچا بىلەن نىيازنىڭ پۇت ـ قولىنى باغلاپ قويۇشتى. ئاخىرىدا خودەك:

ــ ئەسلىدە سېنى ئۇرۇشقا ئېبىسىپ قوياتتىم، مەيلى، ھازىرچە مۇشۇنداق تۇرغىن، قاچان گېپىمگە كىرسەڭ شۇ چاغدا ئارغامچىنى يېشىۋېتىمەن، ــ دېگەندىن كېيىن يەكچەشمىنى ئەگەشتۈرۈپ تۆر ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

نىياز كۆزىنى ئاچتى، ئۆي ئىچى قاراڭغۇ ھەم جىمجىت ئىدى، تۆر ئۆيدىن ئارىلاپ كۈلكە ئاۋازى ئاڭلىناتتى. شۇ تاپتا ئۇ ۋاقىتنىڭ قايسى چاغ بولغانلىقىنى بىلەلمىدى، تاھىرنى چاقىرىپ باققان بولسىمۇ ئۈنىگىدىن شەپە بولمىدى. شۇئان نىياز ئۆپكىدەپ يىغلىۋەتتى. دەسلەپتە ئاتا ـ ئانىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، ئاندىن ئاقتاشىنى، راشىدىننى، ئابدۇللانى، سەدىردىننى، خەلچەم، كەۋسەرلەرنى بىر- بىرلەپ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ يىغلىدى. ئەخمەت بوۋاي ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولغاندەك قىلدى. چۈش بىلەن رىئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل سىزىم ئۇزاق داۋام قىلمىدى، نىياز يېنىدا يىغلاپ ئولتۇرغان تاھىرنى كۆرۈپ ئېسىگە كەلدى، باشقىلارمۇ قايتىپ كېلىشكەنىدى، بىردەمدىن كېيىن خودەك ئۇلارنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ، نىيازغا قاراپ مەسخىرىلىك ھىجىيىپ دېدى:

— تارانگى، قانداق، گېپىمگە كىرمىگەنىنىڭ پايدىسى بارمىكەن؟ ئەگەر گېپىمگە كىرىپ، ئەتە دۇربۇن ساتقىلى بارساڭ ماۋۇلارغا باشلىق بولسەن، سېنىڭ ئىش ھەققىڭ ئۇلاردىن كۆپ بولىدۇ، قانداق؟

— ماقۇل، ئەتە باراي، پۇت ـ قولۇم ئۇيۇشۇپ بەك ئاغرىپ كەتتى، يېشىۋەت ئەمىسە!......

خودەك نىيازنىڭ پۇت ـ قولىنى بوشىتىۋەتتى. شۇ چاغدىلا نىياز كەچ كىرگەنلىكىنى بىلدى. كېيىن تاھىر تۈگۈلۈپ يېتىپ نىيازنىڭ قۇلىقىغا كۇسۇرلاپ ئېيتتى:

— ئاكا، باشقىلاردىن ئاڭلىسام، رامۇك ئاكام سەنيۇەنلى دېگەن جايغا كەتكەنىكەن، بۇ يەرگە ئەتە كېلىدىكەن، ئامال قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەيلى، ئۇ مېنى كۆرسە چوقۇم خودەكنىڭ ئەدىپىنى بېرىدۇ، — دېدى.

نىياز زۇۋان سۈرمەي ياتتى. سۈرۈن تەلەت ئۇلارغا موما تارقىتىپ

بەرگەندىمۇ نىياز بىشنى كۆتۈرمىدى.
ئەتىسى نىياز ھەرھالدا ئورنىدىن تۇردى. ئەپسۇس، ئاخشام خودەككە بەرگەن ۋەدىسىدىن يېنىۋالدى، باشقىلار تاپاۋەت قىلىشقا كەتكەندىن كېيىن خودەك بىلەن يەنە تاكاللاشتى، ئاخىرىدا خودەك نىيازنى يەنە باغلاپ قويدى. بۇلۇڭدا ياتقان نىياز چۈشكە يېقىن خودەكنىڭ بىرسىنى ئەگەشتۈرۈپ ھېلىقى تۆر ئۆيگە كىرىپ كەتكىنىنى غۇۋا كۆردى - دە، كۆڭلىدىن راموك دېگىنى شۇ بولمىسۇن يەنە دېگەنلەرنى ئۆتكۈزۈپ ۋارقىرىدى:
— خودەك، بۇياققا چىق! نوچى بولساڭ مېنى باغلاقتىن بوشىتىۋېتىپ ئېلىشىپ باقماسەن!
بىردەمدىن كېيىن تۆر ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، خودەك چىقىپ كەلدى ۋە:
— نېمە؟ سەن مەن بىلەن ئېلىشماقچىما؟— دېدى بۇلۇڭدا تۇرغان كالتەكنى قولىغا ئېلىپ.
— راموك ئاكامنى بۇ يەرگە چاقىر! نوچى بولسا مەن بىلەن كۆرۈشسۇن! — دېدى نىياز يەنە ۋارقىراپ.
شۇئان تۆر ئۆينىڭ ئىشىكى قىيا ئېچىلىپ ئېگىز بويلۇق بىرسىنىڭ بېشى كۆرۈندى، ئۇ بۇلۇڭغا بويۇنداپ قاراپ پۇت - قولى باغلاقلىق ياتقان نىيازنى كۆردى - دە:
— كىم ئۇ؟— دېدى خودەككە قاراپ سەل ئەجەبلەنگەن ھالدا.
— يېڭى كەلگەن تارانگى بولمامدۇ، قائىدىنى شۇنچە چۈشەندۈرسەممۇ ئاڭلىمايدا! — دېدى خودەك نىيازنىڭ يېنىغا مېڭىۋېتىپ.
— گەپ ئاڭلىمىغان قولاقنى كېسىۋېتىپ، ئورنىغا جوبىو چاپلىۋەتسەڭ بولمىدىمۇ!
ئېگىز بويلۇق شۇنداق دېۋىدى، خودەك:

— ھەببەللـــى! كۆڭلۈمـــدىكى گەپنـــى دېــدىڭ، — دەپــلا غىلىپــدىن پىچىقنــــى ســۇغۇرۇپ، نىيـــاز قارشـــىلىق كۆرســـىتىپ بولغۇچە، بەئەينى بىر تال يوپۇرماقنى شېخىدىن كېسىۋەتكەندەك، سول قۇلىقىنىـــڭ ئۈستى تەرىپىـدىن تەڭگىـدەك يەرنـى شـىرتتىدا كېسىپلا بۇلۇڭغـا چۆرۈۋەتتى. بـۇ ئىـش شـۇنچە تېـز ھەم شـۇنچە بىمالال بولـدىكى، قارىماققا خـودەك ئۈچـۈن ئـادەتتىكى ئىشتەكلا ئىـدى. ئانــدىن ئـۇ يانچۇقىــدىن دورىلانغـان جوبــو چىقىرىــپ، نىيازنىڭ قانسىراپ تۇرغان قۇلىقىغا پاققىدە چاپلاپ قويـدى. نىيـاز قۇلىقىنىڭ زىڭىلداپ ئاغرىشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ۋايجانلىغاچ ئۇلارنى قارغاپ تىللايتتى:

— ۋۇ نـامەرد لـۈكچەكلەر! سـەنلەرمۇ ئوغـۇل بـالىمۇ! نـوچى بولساڭ پۇت - قولۇمنى بوشىتىۋېتىپ نېمە قىلساڭ قىل!......

خودەك مەسخىرىلىك كۈلۈپ:

— سېنى ئارمىنىڭغا يەتكۈزۈپ قوياي، قانداق قىلىدىكەنسەن قېنى! — دېگىنىچە قولىدىكى پىچاقتا نىيازنىڭ پۇت - قولىنى باغلىغان ئاغامچىنى كېسىۋەتتى، شۇ ئەسنادا نىيازنىڭ غەزەپلىك قارغىشىغا ئېگىز بويلۇق تاقەت قىلالمىدى بولغاي:

— ھېلى بىزنى نامەرد دېدىڭما؟ تىلىڭنى كېسىۋەتمەي ھېلـى! ئاڭلىسام سـەن رامـۇكنى ئىـزدەيمەن دەپسەنغۇ؟ مانـا مەن رامـۇك، گېپىڭ بارما؟ — دېگىنىچە نىيازغا دېۋەيلەپ كەلدى.

— رامۇك دېگەن راست سەنما؟ سېنى مەرد ئوغـۇل بـالا دېـسە ئىـشىنىپتىمەن تېخـى! بۇنـداق ئۇسـاللىقىڭنى بـۇرۇنراق بىلـگەن بولسامچۇ!

نىيـاز قەھـرى بىـلەن شـۇنداق دېگىـنىچە، بېـشىنى كۆتـۈرۈپ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان رامۇككا قاريـدى - يـۇ، گاڭگىرىغىنىـدىن كـــۆزلىرى جامـــدەك ئېچىلـــدى. رامۇكمـــۇ ئۇنىڭغـــا سەپـــسىلىپ قاراۋاتـــاتتى، ئـۇ جىددىيلىـــشىپ تامـدىكى توكچاتقۇنىـــڭ يېپىنـــى

تـارتىپلا چىراغنــى يانــدۇردى، شــۇئان نىيازنىــڭ كــۆز ئالدىــدا راشىدىن، راشىدىننىڭ كۆز ئالدىدا نىياز زاھىر بولدى. راشىدىن كەينىگە داجىغىنىچە تىلىنى چايناپ:

— سەن...... سەن...... نىياز...... — دەيتتى. قۇلىقىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان نىياز بولسا:

— سەن...... راشىدىن...... رامۇك دېگەن سەن...... — دەپ بېشىنى چايقىغىنىچە كەينىگە سۈرۈلەتتى......

راست، بۇ راشىدىن، ئۇ نىياز ئىدى. ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ ئاقتاشــتا، غــازلىق كەنتىــدە ئابــدۇللا، خەلــچەم، كەۋســەر، سەدىردىنلەر بىلەن قول تۇتۇشۇپ چوڭ بولۇشقان، بىر - بىرىنى شۇنچە سېغىنىشقان راشىدىن بىلەن نىياز ئىدى. ئۇلار بىر - بىرىگە قاراپ بىردەم تۇرۇشقاندىن كېيىن راشىدىن:

— سەن راست نىيازما؟— دېدى يەنىلا كۆز ئالدىدىكى رېئاللىققا ئىشەنچ قىلالماي.

— مەن...... مەن...... شــۇ نىيــاز! ســېنىڭ دوســتۇڭ نىياز!...... ۋۇ لوكچەك، — نىياز شۇنداق دېگىنىچە ئۇنى سىلىپ يىغلىۋەتتى.

راشىدىننىڭ جىسمى بىردىنلا بوشىشىپ، ئۆرە تۇرۇشقا ماجالى يەتمىدى بولغاي، نىيازنىڭ يېنىدا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى، ئۇ ھەسرەت، پۇشــايمان ئىچىــدە ئــۆزىنى كاچــاتلاپ بوغۇلــۇپ يىغلىغىنىچە:

— نىياز...... مەن...... مەن ئادەم ئەمەس! جېنىم دوستۇم! مېنىڭ كۆزۈم كور بولسۇن ! — دەيتتى، خودەك بولسا تامغا يۆلەنگىنىچە كۆزىنى كاماردەك ئېچىپ داڭ قېتىپ قالغانىدى.

ئالتىنچى باب

## كۆلپەتلىك بەدەل

ئۈرۈمچىنىڭ بۇ يىلقى باھار پەسلى باشقىلارغا ياققان بىلەن، دىلى غەش يۈرۈۋاتقان سەدىردىنگە يەنىلا دىمىق بىلىنەتتى. ئۇ گاھىدا ئۆزىنى سۇدا تۇنجۇقۇپ قالغاندەك ئازابلىق ھېس قىلاتتى، ئەسلىدە ئۇنىڭ كەۋسەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش يولىدا كۆرسەتكەن شۇنچە كۆپ تىرىشچانلىقىنىڭ ئۈنۈمى بولمايۋاتاتتى. قارىغاندا كەۋسەرنىڭ تەلەتكە بولغان پاك سۆيگۈ ئەقىدىسى ھەقىقەتەنمۇ كۈچلۈك بولۇپ، سەدىردىنىنىڭ ھازىر قوللىنىۋاتقان ئۇسۇلى بىلەن ئۇنى نىيىتىدىن ياندۇرۇش تەس ئىدى. ئارىدا سەدىردىن بىر مەزگىل ھەسرەت ھېسسىلىرىغا چۈمۈپ گاراڭ ھالەتتە يۈردى. ئۈرۈمچىنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدا ئەتراپىدىكى تۈرلۈك ـ تۈمەن شەيئىلەرگە قاراپ كېتىۋاتسىمۇ، كۆڭلىدە كەۋسەرگە بولغان ئوتلۇق سۆيگۈسى غەليان كۆتۈرەتتى، تۇرۇپلا كەۋسەرنىڭ ئوقۇشقا كەلگەندىن كېيىنكى كىيىنىشى، سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدە ئۆزگىرىش پەيدا بولۇپ قالماستىن، بەلكى كىشىلىك تۇرمۇش، دۇنيا قاراش جەھەتلەردىن بۇرۇنقىغا ئوخشىماي قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئويغا چۆمسە، تۇرۇپ ئۆزى بىلەن تەلئەتنى سېلىشتۇرۇپ، تەلئەتنىڭ ئۆزىدىن قايسى جەھەتلەردە ئارتۇق ئىكەنلىكىنى تېپىشقا ئۇرۇناتتى. ئۇ خىيال سۈرۈپ شۇ يەرگە كەلگەندە «سەن ئالىي

مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولساڭ، مەنمۇ شۇ، سەندە بار سالاپەت مەندىمۇ بار، سەن ئۈرۈمچىلىك بولساڭ مەنمۇ جەنەتكە تېگىشكىلى بولمايدىغان گۈزەل ئاقتاشلىق يىگىت، سېنىڭ ئاتا - ئاناڭ ئۈرۈمچىدە ئىمتىيازلىق ئەمەلدار بولسا، مېنىڭ ئاتا - ئانامۇ ئاقتاشتا هالال ئەجىر- مېهنىتى بىلەن سەن - بىزلەرنى باقىدىغان پاك دېهقان» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئارقىدىنلا كەۋسەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى - دە، «هەي كەۋسەر، مۇشۇنچىلا ئۆزگىرىپ ئىلگىرىكى دوستلۇقىمىزنى ئاسانلا ئۇنتۇپ كېتەمسەن، بىر چاغدا ئاقتاش دەرياسىنىڭ بويىدا كەلگۈسى پىلانلىرىمىز ئۈستىدە تالاش- تارتىش قىلىشقاندا خەلچەم ئىككىڭلار: ‹كەلگۈسىدە بىز بىلەن بىللە ئۆتۈمەن دېگەن يىگىت ئاۋۋال بىز بىلەن ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بارسۇن› دېگەنتىڭلارغۇ! گەرچە سەن ئاشۇ چاغدا بۇ گېپىڭ ئارقىلىق ئابدۇللاغا بېشارەت بەرگەن بولساڭمۇ، تەقدىرنىڭ مېنى ساڭا يانداشتۇرغانلىقىغا ئەمدى كۆز يۇمامسەن؟» دەپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلايتتى.

سەدىردىن روهىي جەهەتتىن ئاشۇنداق ئەبگارلىشىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە پولات بىلەن كوچا ئايلىنىۋېتىپ بىر ئاشخانىنىڭ لەمپىسىگە ئېسىلغان قەپەستىكى تورغاينى كۆرۈپ، شۇئان غەمكىن كۆڭلى بىردىنلا كۆتۈرۈلگەندەك بولدى. كېيىن، ئىختىيارسىز چىرايلىق قەپەسكە يېقىنلاپ كېلىپ ئاجايىپ يېقىملىق سايراۋاتقان ئىلى تورغىيىغا هېرىسمەنلىك بىلەن قاراپ تۇردى، ئىلى تورغىيىنىڭ ئۇيان - بۇيان يۆتكىلىپ سايراۋاتقان هالىتى ئۇنى بارغانسېرى يىراقتا قىلىۋاتقان غۇبارسىز باللىقىغا چىللاپ كەتتى.

ئاخىرقى چېكى قۇم بارخانلىرىغا تۇتىشىدىغان جىغانلىق دالا، يىراقلاردا قوي، كالا پادىلىرى كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇك - باراقسان دەل - دەرەخلەرنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنغان كۆجۈم مەهەللىلەر قۇياشنىڭ پارلاق نۇرىدا جىلۋە قىلىپ تۇرىدۇ، باغرى دېهقان

كۆكۆل ـ كۆكسىدەك كەڭ ئاشۇ يېشىل ماكاندا سەدىردىن قىن ـ قىنىغا پاتماي تورغاي قوغلاپ يۈگۈرەيدۇ، ئابدۇللا بىلەن راشىدىن ياندىشىپ بىردەم يۈگۈرگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنى يېشىل مەخمەلگە ئوخشاپ كېتىدىغان چۆپلەر ئۈستىگە تاشلاپ، كۆك ئاسمانغا تىكىلىپ يېتىپ، ئەخمەت بوۋاي ئېيتىپ بەرگەن چۆچەكلەردىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ كۆرۈنۈشلەرنى ئىزدىشىدۇ، نىياز پىنهانىراق يەرگە بېرىپ ياۋا توشقانغا قاپقان قۇرىدۇ، كەۋسەر بىلەن خەلچەم چۆپلەر ئارىسىدا ئانىدا ـ ساندا ئېچىلىدىغان ياۋا گۈللەرنى ئۈزۈپ ئېلىپ گۈلدەستە ياساش بىلەن بەند بولىدۇ. كەچ كىرىپ مەھەللە گۈگۈم قوينىدا قارىيىشقا باشلىغاندا، ھەممەيلەن قول تۇتۇشۇپ يۈگۈرۈشكىنىچە ئاقتاش دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا كېلىپ قۇياشنىڭ تاغ كەينىگە ئولتۇرغانلىقىنى تاماشا قىلىشقاندىن كېيىن مەھەللىگە قاراپ كېتىشىدۇ.

— بولدى ـ بولدى، قاراپ تۇرۇۋەرمىگىنە، ماڭايلى!

سەدىردىن پولاتنىڭ بۇ سۆزى بىلەن ئۈيقۇسىدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك خىيال قۇچىقىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، كۆز ئالدىدىلا گەۋدىسىنى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا چاپلاپ خىرىدار چىللاپ ئولتۇرغان سېمىز، چوقۇر يۈز كىشىنىڭ ھومىيىپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دوستىغا ئەگەشتى. كىشى قەلبىگە كىچىك ۋاقتىدىلا ئوتى تۇتاشقان ھەۋەس مۇشۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ، سەدىردىن ئۆزىدىن بىرنەچچە قەدەم ئالدىدا كېتىۋاتقان پولاتنىڭ كەينىدىن كېتىۋېتىپمۇ، ئارىلاپ ھېلىقى ئېلى تورغىيىغا قاراپ قوياتتى. بىر چاغدا ئۇ يان تەرىپىدىن بىر نەرسىنىڭ قاتتىق تېگىشى بىلەن يىقىلىپ چۈشتى، شۇئان كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ يەر تەۋرىگەندەك بولدى، ھەش ـ پەش دېگۈچە ئادەملەر توپى ئارىسىدا قالدى. كىمدۇر بىرى ئۇنى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزغاندى، سول پۇتى زىڭىلداپ ئاغرىپ يەرگە دەسسىيەلـ

ـمىدى، ئىككى كىشى يۆلەشتۈرۈپ يولنىڭ ياقىسىغا ئېلىپ كېلىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

— ئاناڭنى...... كۆزۈڭنى ئېچىپ ماڭمامسەن؟— پاكار بوي، بۇدۇر چاچلىق يىگىت شۇنداق دېگىنىچە يولنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ياتقان «suziki» ماركىلىق موتوسىكلىتقا قاراپ بېشىنى قاشلىدى.

ئەمدىلا ئېسىگە كەلگەن سەدىردىن ئۆزىگە موتوسىكلىت ئۇرۇلغانلىقىنى بىلدى. شۇ ئەسنادا پولات كىشىلەر توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى.

— قارا، ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى، مەن تېخى سېنى كەينىمدىن كېلىۋاتىدۇ دەپ كىتاب يايمىسىنىڭ ئالدىغا كېتىپتىمەن.

— ماۋۇ مۇتتەھەم مېنى سوقۇپ يىقىتىۋېتىپ يەنە تىللاۋاتىدا!— دېدى سەدىردىن سول پۇتىنىڭ ئوشۇقىنى ئۇۋۇلىغىنىچە.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان پولات موتوسىكلىتنىڭ ئۇيەر - بۇيەرلىرىنى تەكشۈرۈۋاتقان بۇدۇر چاچ يىگىتنىڭ يېنىغا كەلدى - دە، كاپپىدە ياقىسىدىن تۇتۇپ:

— ئادەم سوقۇۋېتىپ يەنە بەخىراماتان تۇرىسەنغۇ، ماڭە، دوستۇمنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىمىز! — دېدى.

— گېلىمنى سىقماي گەپ قىل، دوستۇڭنىڭ كۆزى يوقما؟ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ماڭغىنى نېمىسى! ئوقۇغۇچى سويمىلاركەن، بولدى قىلاي دېسەم، سەن گېلىمنى سىقىسەنغۇ، كېلە قېنى!

بۇدۇر چاچ شۇنداق دېگىنىچە پولاتنىڭ ياقىسىنى قاماللاپ تۇتتى. ئىككىسى قەھر بىلەن بوغۇشۇشقا باشلىدى، سەدىردىن پولاتنىڭ ئاجىز كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ مۇشتۇملىرىنى تۈگكىنىچە ئورنىدىن تۇرماقچى بولغانىدى، سول پۇتى خۇددى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك كارغا كەلمىدى. شۇ ئەسنادا قاياقتىندۇر پەيدا بولغان ئامانلىق ساقچىسى ئارىغا چۈشۈپ ماجىرانى بېسىقتۇردى،

ھايالىشمايلا قاتناش ساقچىلىرىمۇ يېتىپ كېلىشتى. ئاخىرىدا پولات بىلەن قاتناش ساقچىسى سەدىردىننى يېقىنلا يەردىكى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىپ پۇتىنى تەكشۈرتتى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە سەدىردىننىڭ سول پۇتىنىڭ ئوشۇق سۆڭىكى چىقىپ كەتكەنلىكى ئىسپاتلاندى. دوختۇر بالنىستتا ياتمىسا بولمايدىغانلىقىنى، سۆڭەكنى جايىغا چۈشۈرۈپ، گىپىسلاپ تاڭمىغاندا كېيىنچە ئاقساپ ماڭىدىغان ھالەت شەكىللىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. قاتناش ساقچىلىرىمۇ سەدىردىننىڭ ھازىرچە بالنىستتا يېتىپ داۋالىنىشىنى، ئۆزلىرىنىڭ ھادىسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن نەتىجىسىنى ئۇقتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قايتىپ كەتتى. «ئاق يەردە ئۆلۈك ئۇچراپتۇ» دېگەندەك كۈتۈلمىگەندە يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەدىن سەدىردىن بىلەن پولاتنىڭ بېشى قاتتى. ئۇلارنىڭ يېنىدىكى بار پۇل يۈز يۈەنگىمۇ يەتمەيتتى. پولات بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن دوختۇرغا ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىنى، ھازىرچە سەدىردىننى بالنىستقا ئېلىپ تۇرۇشنى، كېتەرلىك پۇلنى ئىككى - ئۈچ كۈن ئىچىدە تەخ قىلىپ دوختۇرخانىغا ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ياردەم سورىدى. ھەرھالدا دوختۇرنىڭ سەدىردىنگە رەھمى كەلدى، ئەمما داۋالاشقا خېلى كۆپ پۇل كېتىدىغانلىقىنى، شۇڭا پۇل تەخلەشكە دەرھال تۇتۇش قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتتى. شۇنداق قىلىپ، سەدىردىن بالنىستقا قوبۇل قىلىندى، پولات ئەھۋالنى مۇئەللىمگە مەلۇم قىلىش ئۈچۈن مەكتەپكە كەتتى. كېيىنكى بىر ھەپتە ئىچىدە سەدىردىن روھىي جەھەتتىن تولىمۇ بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالدى. گەرچە پولات ۋە باشقا ساۋاقداشلىرى يوقلاپ، ھەمراھ بولۇپ بالنىستتا يالغۇز قالدۇرمىغان، زەخمىلەنگەن پۇتى گىپىسلىنىپ تېڭىلىپ ئاغرىق پەسەيگەن بولسىمۇ، ئارىدا قاتناش ساقچىلىرى كېلىپ يەتكۈزگەن تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا سەدىردىن قاتناش قائىدىسىگە

خىلاپلىق قىلىپ يانغا قاراپ، يولنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن ئاساسلىق مەسئۇلىيەت ئۇنىڭغا ئارتىلغانىدى. داۋالىنىش چىقىمىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى سەدىردىن ئۆزى تۆلىمىسە بولمايتتى. مۇئەللىمى سەدىردىنىنىڭ ئائىلىسىنىڭ نامرات ئىكەنلىكىنى مەكتەپ تەشكىلىگە ئېيتىپ ھەل قىلغان 4000 يۈەن، ئوقۇغۇچىلارنى ئىئانە توپلاشقا ھەرىكەتلەندۈرۈپ تەخمىنەن 200 نەچچە يۈەن يەتمەيتتى. پۇل توغرۇلۇق ئويلىغانسېرى سەدىردىنىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولاتتى. ئائىلىسىگە خەت يېزىپ ئاتا-ئانىسىدىن پۇل سوراشنى ئويلايتتى - يۇ، ئەمدىلا قورسىقى نانغا تويۇشقا باشلىغان، ئائىلىنىڭ تۈرلۈك ھاجەتلىرى ئۈچۈن بوغداي، قوناق ياكى كەندىر، زاغۇننى بازارغا ئاپىرىپ ساتمىسا بولمايدىغان ئاتا- ئانىسىنى تەڭلىكتە قالدۇرۇشتىن قورقاتتى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ھادىسىگە يولۇققانلىقىنى ئۇلارغا بىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلىشنى خالىمايتتى.

بۈگۈن چۈشكە يېقىن سەدىردىن مۇشۇ ئىشلارنى خىيال قىلىپ ياتقاندا تاماق ئېلىپ كەلگەن پولات بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن دېدى:

— ئاداش، ساڭا بىر گەپنى ئېيتاي دەپ يۈرگىلى ئىككى كۈن بولدى، ئەمما كۆڭلۈم قويماي ئېيتمىغانىدىم. ئەمدى ئېيتمىسام بولمىدى، سەن ماڭا ئائىلەڭلارنىڭ نامرات ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدىڭ، بىر ھېسابتا ھەممىمىز ئوخشاش، مېنىڭمۇ ئانام كېسەلچان، دادام دېھقانچىلىقتىن ئېشىنالىسا ياغاچچىلىق قىلىپ ئائىلىمىزنى ئارانلا بېقىپ كېلىۋاتىدۇ، سېنىڭ بېشىڭغا چۈشكەن بۇ قىسمەت ھەممىمىزنى بىئارام قىلدى. ساۋاقداشلارمۇ، مۇئەللىملەرمۇ خېلى كۈچەپ باقتى، قارىغاندا يەنە 1000 يۈەندىن كۆپرەك پۇل تاپمىساق بولمايدىكەن. ساڭا دېسەم ئىككى كۈن ئىلگىرى كەۋسەر بىلەن كوچىدا ئۇچرىشىپ قالغانىدىم، ھەر نېمە دېگەنبىلەن ئۇ

سىنىڭ يۇرتلۇقۇڭ بولغاچقا ئەھۋالىڭنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم.

ــ نېمىشقا بۇنى كەۋسەرگە دېدىڭ؟

ــ بۇ يۇشۇرىدىغان ئىشمىدى؟ ئاۋۋال گېپىمنى دېگىلى قوي، كەۋسەر: بۇ ئىشنى ۋاقتىدا دېمەپسەن، دەپ خاپا بولدى، ئاندىن بىر- ئاز پۇل تەخلەپ سېنى يوقلاپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، دوختۇرخانىنىڭ ئادرېسىنى ۋە ياتاق نومۇرىنى خاتىرىلىۋالدى، ئۇ ۋەدىسى بويىچە بۈگۈن كېلىدۇ. شۇڭا، سەن ھېلىقى ئىشلار تۈپەيلى ئۇنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرما، باشقا كۈن چۈشكەندە مۇشۇنداق دوستلارغا، يۇرتداشلارغا تايىنىدىغان گەپ، مەقسىتىمنى چۈشەندىڭمۇ؟

ــ بولدى سۆزلىمە، ــ سەدىردىن شۇنداق دەپلا كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى، كۆز چاناقلىرىدىن ئىككى تامچە ياش جۈدەڭگۈ مەڭزىنى بويلاپ تۆۋەنگە سىرغىدى.

پولات سەدىردىننىڭ بارماقلىرىنى مەھكەم سىققان ھالدا:

ــ ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، ھەممە ئىش ئۆتۈپ كېتىدۇ، ــ دېدى تىترەك ئاۋازدا.

شۇ تاپتا سەدىردىننىڭ كۆزىدىن ئاققان ئىككى تامچە ياشقا ئۇنىڭ ۋىسالسىز سۆيگۈ ئازابىدىن كۆرە تېخىمۇ ئېغىرى ئۆزىنىڭ شۇنچە ئاجىزلىقىغا بولغان ئۆكۈنۈشى سىڭىپ كەتكەنىدى. ئوقۇشقا كەلگەنىدىن بۇيان بەردەملىكى، دوستلۇققا سادىقلىقى بىلەن ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا خېلى ئىناۋەت تاپقان سەدىردىن مەكتەپتىلا ئەمەس، كوچىلارغا چىقسىمۇ پولاتقا ئوخشاش بىرنەچچە دوستىنى كەينىدىن ئەگەشتۈرۈپ دو سوقۇپ يۈرەتتى. گەرچە دەرستە ئاجىز بولسىمۇ، ساۋاقداشلىرىنىڭ، بولۇپمۇ پولاتنىڭ ياردىمى ئۇنى ئىمتىھاندىكى قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلدۇرۇپ تۇراتتى. مانا، كۈتۈلمىگەندە تەقدىر ئۇنىڭ بىلەن قېرىشقاندەك ئوقۇش پۈتكۈزۈشكە بىرنەچچە ئاي قالغاندا، ئەسلىدىن نامرات دېھقانىنىڭ

پەرزەنتــى ئىكەنلىكىــدىن ئىبــارەت ھەقىقەتنــى ھەممىــگە ئايــان قىلىشۇەتتى. ئۇ ئىلگىرىكى ھايتاقلىق بىلەن تەدرىجىي خوشلىشىپ، يېقىنــدىن بۇيــان ئــاتتىن چۈشســىمۇ ئۈزەڭگىســدىن چۈشــمەي كېلىۋاتقاندا بۇ ئىش ئېغىر زەربە بولماي قالاتتىمۇ!

سەدىردىن پولات سۇنغان لۆڭگىنى ئېلىپ مەگزىدىكى ياشنى سۈرتۈۋاتقاندا بالىنىستىنىڭ ئىشكى ئېچىلىپ، كەۋسەر بىلەن كامىنۇر گۈل ۋە سومكىلارنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئۇلارنى كۆرۈپ پولاتنىڭ كۆڭلى ۋاللىدە يورۇغان بولسىمۇ، سەدىردىننىڭ يۈرىكى نېمىشقىدۇ تېز سوقۇشقا باشلىدى.

— قانداق، ياخشى بولۇپ قالدىڭمۇ، ماڭا ۋاقتىدا خەۋەر بەرسەڭ بولماسمىدى؟— دېدى كەۋسەر سەدىردىننىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇرغىنىچە، ئۇنىڭ سەدىردىندىن خاپا بولۇپ قالغانلىقى سۆزۈك كەلگەن چىرايىدىن روشەن بىلىنىپ تۇراتتى.

— خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم، سېنى ئاۋارە قىلماي دەپ، شۇڭا......

— بۇ نېمە دېگىنىڭ ئەمدى، پولات بىلەن كوچىدا ئۇچرىشىپ قالمىغان بولسام ماڭا زادى ئۇقتۇرمامتىڭ؟ بولدىلا، تاپا - تەنە قىلماي، ھەرھالدا ياخشى بولۇپ قاپسەن، باشقا ئىشلارنى ئويلىماي ئوبدان داۋالانغىن، قالغان ئىشلارغا بىز بار.

كەۋسەر كۆڭۈل ياسىغاندىن كېيىن ئالما ئاقلاشقا باشلىدى. سەدىردىن ئارىلاپ كەۋسەرنىڭ يېقىملىق چىرايىغا قاراپ قوياتتى، كۆڭلىدە «بارغانسېرى چىرايلىقلىشىپ كېتىپتۇ» دەيتتى. كامىنۇر بولسا بالىنىستقا كىرگەندىن بېرى سەدىردىننىڭ گىپسلىنىپ تېڭىلغان پۇتىغا قاراپلا قالغانىدى، بىر چاغدا ئېسىنى يىغىپ:

— بۇ ئىش قانداق يۈز بەردى؟— دېدى.

— مەن پەرەز قىلىپ بولدۇم، سەدىردىننىڭ كىچىكىدىن تارتىپ جىم تۇرماي،ياۋا توشقان ھەم تورغاي قوغلايدىغان ئادىتى

بارئىدى، ئەتىمالىم ئۇرۇمچىنىڭ كوچىلىرىنى بىزنىڭ ئاقتاشنىڭ چىغىر يوللىرىغا ئوخشىتىپ قالغان گەپ ياكى ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن بىرەر تورغاينى كۆرۈپ قالغاندۇ شۇ، — دېدى كەۋسەر سەدىردىن جاۋاب بەرگۈچە شوخلۇق بىلەن، بايىدىن بېرى غەمكىن ياتقان سەدىردىن بىردىنلا كۈلۈپ كەتتى.

— كەۋسەر، شۇ كۈندىكى ئىشنى كۆرگەندەكلا گەپ قىلدىڭغۇ! پەرىزىڭ تامامەن توغرا، ئۇ كۈنى پولات بىلەن كوچا ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ، بىر ئاشخانىنىڭ ئالدىدىكى قەپەستە سايراپ تۇرغان ئىلى تورغىيىنى كۆرۈپ قالدىم، شۇنىڭ بىلەن كىچىك ۋاقتىم ئېسىمگە چۈشتى، تورغايغا قاراپ مېڭىپ بىخەستەلىك قىپتىمەن...... ھەم......

— ۋوي! كەۋسەرنىڭ پەرىزى راستتىنلا توغرىكەنغۇ!

— ساڭىمۇ پولات دەپ بەرگەندۇ ھە قاچان......

— مەن دەپ بەرمىدىم، كەۋسەر تەسەۋۋۇرىغا تايىنىپ تېپىۋالدى، شىنجاڭ ئۇنۋېرسىتېتىنىڭ بالىلىرى ئەمەسمۇ!

— سىلەرمۇ بوش ئەمەسقۇ!؟

كامىنۇر شۇنداق دېگىنىچە پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ بۈگۈنكى ھالىتىدىن پولات رازىمەنلىك ھېس قىلدى. ئۇلار شۇ تەرزدە بىر پەس پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى، ئاخىرىدا كەۋسەر:

— سېنى يېتىۋېرىپ زېرىكىپ قالغاندۇ دەپ ئاغزىمىزغا كەلگەننى دەپ قويدۇق، راستىنى دېسەم ھادىسىگە ئۇچرىغىنىڭغا بىرنەچچە كۈن بولغانلىقىنى پولاتتىن ئاڭلاپ، سەندىن ھەقىقەتەنمۇ رەنجىگەنىدىم، بولدىلا، بۈگۈن ئاچچىقىممۇ يېنىپ قالدى، سېنى كەچۈردۈم، بۇنىڭدىن كېيىن سېنى يوقلاپ تۇرىمەن، — دېدى. ئاندىن پولاتنى يانغا تارتىپ سومكىسىدىن ئالغان بىرنەچچە يۈز يۈەن پۇلنى تۇتقۇزۇپ پەس ئاۋازدا قوشۇپ قويدى، — بۇ پۇلنى دوختۇرخانىغا ئۆتكۈزۈپ تۇر، دادام بىلەن

تېلېفونـدا كۆرۈشـتۇم، ئـۇ يەنە پـۇل ئەۋەتـدىغان بولـدى. پـۇل توغرۇلۇق غەم قىلماي سەدىردىننى ياخشى كۈتكىن، قالغـان ئىشقا مەن بار.

ئـۇلار خوشلىـشىپ قـايتتى. قارىغانـدا كەۋسـەرنىڭ ئارىـدىكى ئـــشلارنى ســـەدىردىندىن يوشـــۇرۇش ئۈچـــۈن كۆرســـەتكەن تىرىشچانلىقى كارغا كەلمىگەندەك قىلاتتى، چۈنكى كەۋسەر بىلەن كامىنۇرنىـڭ قارىـسى بالنىـستتىن يوقىمـايلا سـەدىردىننىڭ چىرايـى باشقىچە بولۇپ ئۆلگۈرگەنىدى. كەۋسەر بىلەن كامىنۇر كەتكەنـدىن كېيىن سەدىردىن يەنە جىمىپلا قالدى. پولات ئۇنىـڭ چىرايىـدىكى ئۆزگىچە ئىپادىلەرنىڭ تېگىگە يېتىپ، كۆڭلىنى ياسىدى:

ــ چۈشىنىمەن، روھىڭ سۇنۇپ قالدى، بىراق باشقا قىسمەت كەلگەندە تەۋەككۈل قىلمـاي بولمايدۇ. كەۋسـەر بىـلەن يۇرتـداش بولغانـدىكىن، ئۇنىڭ بـۇ ياخـشىلىقىنى هامـان قايتۇرىـسەن، شـۇڭا بۇنچە مەيۈسلىنىپ كەتمە.

گەرچە پـولات سـەدىردىننىڭ هـازىرقى روهـي هالىتىنىـڭ بىـر قىـسمىنى تـوغرا تەسـەۋۋۇر قىلغـان بولـسىمۇ، كۆڭلىنىـڭ تېگىـدە ئاراملىق بەرمەيۋاتقان يەنە بىر سىرنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى.

ــ يـــاق، مەن ئـــۇلارنى ئويلىمـــدىم، مېنىـــڭ نېمىلەرنـــى ئويلىغـانلىقىمنى بىلمەيـسەن، ــ دېـدى سـەدىردىن بىـر نۇقتىغـا تىكىلىپ يېتىپ.

ــ نېمـشقا بىلمىگـۈدەكمەن!؟ ــ دېـدى پـولات ئورۇنـدۇقنى سەدىردىننىڭ كارىۋىتىغا يېقىنراق يۆتكەپ، كېيىن سەممىي هالـدا ئېيتتى، ــ سـەدىردىن، ئىككىمىـز باشـقا ـ باشقا يـۇرتلاردا چـوڭ بولغان بولساقمۇ ئوقۇشقا كەلگەندىن بېرى يېقىن ئارىلىشىپ ئىناق دوستلاردىن بولۇپ ئۆتتـۇق، كەلگۈسىـدىمۇ قەيەردە بولۇشـىمىزدىن قەتئىيـــنەزەر دوســـتلۇقىمىز، ساۋاقداشـــلىق مېهرىمىـــز ئەبەدىـــي ئۈزۈلمەيدۇ. هەر ئىككىمىز جاپـاكەش دېهقـان ئائىلىـسىدە تۇغۇلـۇپ

چوڭ بولغان، ئەھۋالىمىز بىر پىلەكنىڭ سويمىلىرىدەك ئوخشاش دېگەن گەپ، ئوقۇشىمىز ئاخىرلىشىشقىمۇ ئاز قالدى...... كىشىلىك تۇرمۇش ھەم جەمئىيەت دېگەن......

— ماگا يەنە پەلسەپىدىن دەرس ئۆتمەكچى بولۇۋاتامسەن؟ گەپنى ئەگىتمەي، ئۇدۇل دەۋەرگىن، بىلىسەنغۇ، مەن ئۇنداق تاۋى نازۇكلاردىن ئەمەس.

— ساڭا دەرس ئۆتمىدىم، دوستانە نەسىھەت قىلىۋاتىمەن، گېپىمنى بۆلمەي جىم ئولتۇرۇپ ئاخىرغىچە ئاڭلا، — دېدى پولات سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — كەۋسەر بىلەن مۇناسىۋىتىڭنى ياخشىلاشنى ئويلاپ باقساڭ بوپتىكەن، دېمەكچى بولغىنىم: ئۇنى ياخشى كۆرىمەن دەپ، كۆڭۈل رايىغا ئېتىبار بەرمىسەڭ توغرا بولمايدۇ. بىز ھەرھالدا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، بىر ھېساپتا زىيالىي بولۇپ قالدۇق، مەسىلىلەرگە ئەمەلىي قارىماي، سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىمىز بويىچە باھا بەرسەك سالاھىيىتىمىزگە ماس كەلمەيدۇ.

— مانا، ماڭا يەنە پەلسەپە سۆزلىگىلى تۇردۇڭغۇ!؟

— بىردەم جىم تۇرغىنا! مەنمۇ كامىنۇر بىلەن كىچىك ۋاقتىمدىن باشلاپ بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان، راست، بۇ ئىشلارنى ئىلگىرى ساڭا كۆپ سۆزلەپ بەرگەن ئىدىمغۇ! كامىنۇر مىرئادىل بىلەن يۈرگەندىن كېيىن مەنمۇ ساڭا ئوخشاش ئازابلانغان، بولدىلا ئۇ ئىشلارنى تىلغا ئالماي، ھېس قىلىشىمچە كەۋسەر دوستلۇققا يارايدىكەن، مۇھەببىتىڭگە ئېرىشەلمىدىم دەپ، ئۆچ كۆرۈپ يۈرسەڭ قاملاشمايدۇ. شۇڭا، ئۇ سېنىڭ مۇھەببىتىڭنى قوبۇل قىلمىغان بولسا، سەن ئۇنىڭ دوستلۇقىنى قوبۇل قىل، شۇنداق قىلساڭ روھىي ئازابتىن قۇتۇلۇپ، كۆڭلۈڭ ئازادە بولۇپ قالىدۇ. سېنى ياخشى كۆرىدىغان قىزلار ساماندەك، باھارگۈلمۇ كەينىڭدىن سايىدەك ئەگىشىپلا يۈرىدىغۇ، بۇمۇ سېنىڭ باشقا

قىزلارنىڭ نەزەرىدە مۇئەييەن ئورنۇڭنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، روھىڭنى ئۈستۈن تۇتۇپ، يىراقتا نەزەر سالساڭ بۇرۇقتۇرمىلىقتىن قۇتۇلۇپ شۇنچە كەڭ دۇنياغا چىقىسەن......

پولاتنىڭ سۆزلىرى سەدىردىننى چوڭقۇر خىيالغا پاتۇردى. بىردەمدىن كېيىن بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك پولاتقا قاراپ دېدى:

— سېنى باللار دانىشمەن دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن، دېگەنلىرىڭ توغرا، جەمئىيەتتە نۇرغۇن ئىشلارنى پۇل ۋە ئىمتىيازغا، قانۇنغا تايىنىپ ھەل قىلغىلى بولغان بىلەن، مۇھەببەت ئۇخشمايدىكەن. بۇ قائىدىنى بالىنىستىنا ياتقاندىن بېرى ھېس قىلدىم، بىراق ئىدىيەمدىن زادى ئۆتمەيدىغان بىر ئىش بار، يەنى كەۋسەر مېنىڭ ساپ كۆڭلۈمنى نەزەرىگە ئالماسلىقتا تەلئەتنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىمتىيازىنى كۆزلىدىمىكىن دەيمەن. مۇشۇ ئىش مېنى ئېچىندۇرىدۇ، ھەرقانچە قىلسامۇ ئىدىيەمدىن ئۆتمەيدۇ. مۇھەببەتكە مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىنسا ئادىللىق بولامدۇ؟ ......

— توختا، توختا، گېپىڭنى ئۈزۈۋەتتىم، بۇ قارىشىڭ بىلەن مۇھەببەتنىڭ قىلچە مۇناسىۋىتى يوق. سەن مەسىلىگە مۇشۇ خىل مەۋقەدە تۇرۇپ قارىساڭ، كەۋسەر سەن ياخشى كۆرۈشكە ئەرزىمەيدىغان چۈپرەندى قىز بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر كەۋسەر مۇھەببەتتە ساداقەتنى، ۋىجداننى ئەمەس، ئىمتىيازنى ئالدىنقى شەرت قىلغان بولسا، سەن يەنە ئۇنى ياخشى كۆرۈپ نېمە قىلىسەن؟ ئۇ سېنىڭ ياخشى كۆرۈشۈڭگە ئەرزىمدۇ؟

— ئەلۋەتتە ئەرزىمەيدۇ.

— دېمەك، سەن ئاغزىڭدا شۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، كۆڭلۈڭنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا كەۋسەرنىڭ ساپ دىل قىز ئىكەنلىكىگە ئىقرار بولىسەن. سېنىڭ ئۇنىڭدىن رەنجىگىنىڭ،

ئۇنىڭ سەن ئويلىغاندەك قىز ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. مانا، بۇ يەردىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە كەۋسەرنىڭ تەبىئىتىدە ئەمەس، بەلكى كۆڭۈل رايىدا، كۆڭۈل دېگەن شۇنداق نەرسىكى، ئادەملەرنى ھەر خىل كويغا سالىدۇ. شۇنداقكەن، ئۇنىڭدىن رەنجىپ يۈرۈشۈڭنىڭ ھېچقانداق ئورنى يوق، بىلەمسەن، بىر قىزنىڭ بىر يىگىتنى سۆيگۈ جەھەتتىن ياخشى كۆرمىگەنلىكى ئۇ يىگىتنى پۈتۈنلەي ئۆچ كۆرگەنلىكى بولمايدۇ، ھېچبولمىغاندا ئارىدا يۇرتداشلىق، تەقدىرداشلىق، ساۋاقداشلىق، دوستلۇق دېگەندەك مۇناسىۋەتلەر ئۇلارنى باغلاپ تۇرىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— گېپىڭنى دەۋەر.

— مۇبادا ئۇنداق بولمىسا ئىنسانلارنىڭ تەگدىن تولىسى ئۆزئارا ئارازلىشىپ، دۇنيامۇ، ھاياتلىقمۇ شۇنچە كۆڭۈلسىز ھالغا چۈشۈپ قالامدۇ؟ قىسقىسى، ئادەم مۇشكۈلاتقا يولۇقمىغۇچە بەختىنىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ، دېمەكچىمەنكى، سەن كۆڭۈل - كۆكسۈڭنى كەڭ تۇتۇپ، سۇبيېكتىپ دۇنيارىڭدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ، ئوبيېكتىپ دۇنياغا يۈزلەن. شۇنداق قىلساڭلا كەۋسەرگە بولغان قارىشىڭدا تۈپتىن ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالايسەن، قانداق دېدىم؟

سەدىردىن پولاتنىڭ ئاغزىغا تىكىلىپلا قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە گويا پولاتنى ئىلگىرى ئۇچرىتىپ باقمىغاندەك، ئىچكى دۇنيارىنى ئەمدىلا چۈشىنىۋاتقاندەك ھېس - تۇيغۇ ئەكس ئېتەتتى.

— پاھ! — دېدى سەدىردىن ئۆزىگە يېقىن ئولتۇرغان پولاتنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ، — كۆپ ھاللاردا ئويۇنغا رايىڭ بارماي، كۇتۇپخانىغا مۆكۈۋالغىنىڭنىڭ كارامىتى - دە، بۇ! روھىيىتىمدىكى قاراڭغۇلۇقنى نەچچە ئېغىز سۆزۈڭ بىلەن يورۇتۇۋەتتىڭ، كامىنۇر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە سېنى نېمانچە بىغەملىك قىلىدىغاندۇ دەپ ئويلايتتىم، ئەسلىدە سەن دەستۇرلارنى ۋاراقلاپ يۈرۈپ ئۆزۈڭنى تەكشۈۋاپتىكەنسەن- ھە!

بولدى، ئاداش، دېگەنلىرىڭنىڭ مەنىسىنى چۈشەندىم، دانىشمەن دوستۇمدىن يەنە شۇنى سوراپ باقاي، بۇ قېتىم يەنە مېنى قايىل قىلامسەن قېنى؟

— سوراۋەرگىن.

— تەلئەتنىڭ كەۋسەرنى ئۆزلۈمچىدە ئېلىپ قېلىشىدا گەپ يوق، ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئازراقلا ياردىمى بىلەن بۇ ئىشنى ھەل قىلالايدۇ، لېكىن، كەۋسەر بىزنىڭ ئاقتاشتىن مېھرىنى شۇنچە ئاسان ئۈزەلەرمۇ؟

پولات ئازراق سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن دېدى:

— ئىنسان ئۆچۈن كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يۇرتىنىڭ مېھرى باشقىچە بولىدۇ، ھېس قىلىشىمچە، باشقىلارغا قارىغاندا بىزدە بۇ خىل مېھىر ئىنتايىن كۈچلۈك، مېنىڭچە بۇ خىل ئادەتنىڭ ھەم پايدىلىق، ھەم زىيانلىق تەرىپى بار، خۇددى پەلسەپىدىكى بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشىگە ئوخشاشلا. پايدىلىق تەرىپى — ئەسلىگىنى ئۇنتۇماسلىقتا، ۋاپادار بولۇشتا، يۇرتۇڭنى سۆيۈشتە ئىپادىلىنىدۇ، زىيانلىق تەرىپى — ئۇ ئادەمنىڭ پۇت ـ قولىنى چۈشەپ، بېكىنمە ھالەتتە قالدۇرىدۇ. خوش، سەن ئىلگىرى راشىدىن ئىسىملىك بىر دوستۇڭنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەي، يۇرتىنى تاشلاپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە كەتكەنلىكىنى دەپ بەرگەنىدىڭ، قېنى ئېيتە، بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ راشىدىنى يۇرتىنى سۆيمەيدىغان ۋەتەنسىز دېيىشكە تىلىڭ بارامدۇ؟

— ياق، ئۇنى قانداقمۇ ۋەتەنسىز دېگىلى بولسۇن!

— ھەببەللى، ئۇ تۇرمۇش يولى ئىزدەپ چىقىپ كەتكەن. بۇ پەلسەپىدىكى سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىگە ياتىدۇ، ئىنسان تەبىئىتىدە شۇنداق ئومۇملۇق باركى، ئىنسان ئاخىرقى نەپىسىگىچە گۈزەللىك ۋە بەخت ئىزدىگۈچىدۇر، كەۋسەرگە كەلسەك، ئۇنىڭ يۇرتىۇڭلاردىن مېھرىنى ئۈزۈپ ئۆزلۈمچىدە قېلىشى بەخت ۋە

گۈزەللىك ئىزدەشنىلا مەقسەت قىلىدۇ. دېمەك، بۇنى ئەيىبلەپ كەتكىلى بولمايدۇ، سەن بەلكىم ئوغۇللارغا قارىغاندا قىزلارنىڭ يېگى مۇھىتقا ماسلىشىشچانلىقىنىڭ يۇقىرىلىقىنى بىلىدىغانسەن. قىزلارنىڭ ياتلىق بولۇپ ئۆز ئائىلىسىدىن باشقا بىر ئائىلىگە كېلىپ ئاسانلا كۆنۈپ قېلىشى ئەلمىساقتىن داۋام قىلىپ كەلگەن ئىش. قانداق، يەنە سورايدىغانلىرىڭ بارمۇ؟

— سېنى دانىشمەن دەپلا قالماي، پەيلاسوپ دېسەممۇ بولغۇدەك. چۈشەندىم، ھەممىنى چۈشەندىم، كۆڭلۈمدىكى شۇنچە كۆپ تۈگۈنلەرنى بىراقلا يېشىۋەتتىڭ، ھازىرغىچە بېشىڭنى ئېچىنگە تىقىپلا يۈرمەي، مۇشۇنداق گەپلەرنى بۇرۇنراق دەپ تۇرساڭ بولماسمىدى! بىلىدىغانلىرىڭ مەندىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئىكەن، بولدى، ئەمدى سەندىن سورايدىغانلىرىم تۈگىدى.

— ئاپلا، ساڭا ۋەز ئېيتىپ ئولتۇرۇپ، كەچلىك تاماقنىمۇ ئەكېلىپ بەرمەپتىمەن.

— بولدى، تاماق يېگۈم يوق. ئۆزۈڭ تاماق يەپ كىرىپ، ماڭا تۇرمۇش، جەمئىيەت توغرىسىدىكى قاراشلىرىڭنى سۆزلەپ بەر، بۇنداق پۇرسەت ئەمدى كەلمەيدۇ.

پولات دوختۇرخانىدا سەدىردىنگە ھەمراھ بولۇش جەريانىدا ئوقۇغان كىتابلىرى بىلەن جەمئىيەت، تۇرمۇش توغرىسىدا ھېس قىلغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ ئۇنى زېرىكتۈرمىدى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە كەۋسەر دوستلىرى بىلەن سەدىردىننى يەنە يوقلاپ كەلدى. بىراق، بۇ قېتىمقىسى ئالدىنقى قېتىمغا تۈپتىن ئوخشىمىدى، بۇ قېتىم ئۇ كامىنۇرنىلا ئەمەس، يەنە تەلئەت بىلەن مىرئادىلنىمۇ باشلاپ كەلگەنىدى. ئىككى جۈپ قىز-ئوغۇل مېۋە - چېۋە يەنە ئاللىقانداق نەرسىلەر قاچىلانغان سومكىلارنى كۆتۈرۈشۈپ بالنىستقا خۇشال ھالدا كىرىپ كەلگەندە،

سەدىردىندىن كۆرە، پولات بەكرەك تېڭىرقاپ قالدى. ئۇ بىردە كامىنۇرغا، بىردە مىرئادىلغا قارايتتى.

— بۇگۈن خېلى ياخشى بولۇپ قالغانىدەك تۇرىسەن، — كەۋسەر شۇنداق دېگىنىچە ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزدى. ئارقىدىنلا تەلەت:

— ھادىسىگە ئۇچرىغىنىڭنى كەۋسەردىن ئاڭلاپ كۆڭلۈم يېرىم بولدى، ھەر ھالدا ياخشى بولۇپ قاپسەن، ئاداش، — دېدى قولىدىكى سومكىنى تومپۇچكا ئۈستىدە قويۇپ.

— كايىپ كېتىپسىلەر، — دېدى پولات نېمە دېيىشنى بىلەلمەي مەڭدەپ قالغان سەدىردىننى ئوڭايسىز ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ.

— ھەممىمىز يېقىن دوستلاردىن تۇرساق، ھېلىمۇ ۋاقتىدا كېلەلمىدۇق، ئادەم مۇشۇنداق چاغدا دوستلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولىدۇ، — دېدى مىرئادىل سەممىي ھالدا.

— كۆتۈلمىگەن ئىش بولدى......

سەدىردىن شۇنداق دەپلا جىم بولۇپ قالدى. كېيىن كەۋسەر بىلەن كامىنۇر سەدىردىننىڭ بىر قىسىم كىيىملىرىنى يۇيۇش ئۈچۈن سۇخانىغا چىقىپ كەتتى. بالنىست بىردەم تىمتاسلىققا چۆمدى، پولات ئارىلاپ سەدىردىنگە قارىسا، مىرئادىل تەلەتكە قارايتتى. بۇ خىل ھالەتنىڭمۇ ئەلۋەتتە سەۋەبى بار ئىدى، كەۋسەر بىلەن كامىنۇرنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن خېلى ئۇزاق تېرىكەشكەن بۇ رەقىبلەر بىر- بىرىگە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلارنى ھەدىيە قىلىشقان بولسىمۇ، تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بۈگۈن تۇنجى قېتىم دوستانە جەم بولۇۋاتاتتى. كىم كىمگە كۆڭۈل قويۇشى كېرەك، مەغلۇپلار كۆڭۈل قويۇشى كېرەكمۇ ياكى غالىبلارمۇ؟ شۇ تاپتا مۇشۇ سوئال ھەممە كىشىنىڭ تىلىنى باغلاپ سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇرلىغانىدى. سەدىردىن تورۇسقا قاراپ

يېتىپ، بۆگۈنكى بۇ خىل ئۆزگىچە جەم بولۇشنى كەۋسەرنىڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى جەزملەشتۈرسە، پولات: بۇ تەلئەت بىلەن مىرئادىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بولسا كېرەك، ئۇ ئىككىسى ئۆزىنىڭ كەڭ قورساق، ئالىيجاناب ئىكەنلىكىنى بىزگە كۆرسىتىپ قويماقچى...... دېگەنلەرنى ئويلاتتى. تۇرۇپلا ئۇ سەدىردىنىڭ ئىلگىرىكىدەك ئىتتىكلىك قىلىپ، قاملاشمىغان گەپلەرنى قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ ئېغىز ئاچتى:

— كېلىپ ياخشى قىپسىلەر، ئاغىنىلەر، مۇبادا بىرەرسىڭلار مۇشۇنداق ھادىسىگە يولۇقۇپ قالغان بولساڭلار بىزمۇ ئەلۋەتتە سىلەردەك قىلاتتۇق. ھەممىمىز ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، ئارىمىزدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق. بىزگە ھازىر زۆرۈر بولغىنى ئۆزئارا چۈشىنىش بىلەن دوستلۇق، مېنىڭچە بۇنىڭدىن كېيىن ئىناق ئۆتسەكلا ھەممە ئىشلار ھەل بولۇپ كېتىدۇ.

— مىرئادىل بىلەن ئىككىمىز بۈگۈن پەقەت سەدىردىننى يوقلاش ئۈچۈنلا كەلگەن، ئەھۋالدىن بۇرۇنراق خەۋەردار بولغان بولساق ۋاقتىدا يوقلاپ، ھەمراھ بولۇپ، زېرىكتۈرۈپ قويمايتتۇق. پولات ناھايىتى ئوبدان گەپ قىلدى، ئارىمىزدا تىلغا ئالغۇچىلىك ئىشلار يوق.

— پولات گەپنى ناھايىتى ئورۇنلۇق ئېيتتى. بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزئارا ياردەملىشىپ، بىر - بىرىمىزگە يار - يۆلەك بولۇپ ئۆتەيلى، گەرچە بىر يۇرتتا تۇغۇلۇپ ئۆسمىگەن بولساقمۇ، مودا گەپ بويىچە ئېيتقاندا ئورتاق نىشان ئۈچۈن جەم بولدۇق، ھەي، مۇشۇ تاپتا ھاراق بولغان بولسا بىرەر رومكىدىن كۆتۈرۈۋېتىدىكەنمىز - ھە؟ — مىرئادىل شۇنداق دېگىنىچە ھەيبارلىق بىلەن بوينىنى سوزۇپ تومپۇچكا ئۈستىگە قاراپ قويدى.

ئاردىكى كەيپىيات شۇنچە قىزغىن بولۇۋاتقان بولسىمۇ، پولات سەدىردىنىنىڭ كۆتۈلمىگەندە سولدىن چىقىپ، بولمىغۇر گەپلەرنى دەپ سېلىشىدىن يەنىلا ئەنسىرەيتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىچە بولغىنىدا ئۆزلىرى دوستلۇقتا تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئۆتۈۋالسا، بىلى ئېگىلگەنىنىڭ بېشى كەتمەپتۇ دېگەندەك ئۇستۇنلۇككە ئىگە بولۇۋالالايتتى. ئۇ بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئارىلاپ كۆلۈمسىرەپ قويۇپ ياتقان سەدىردىنگە قاراپ قويۇپ دېدى:

— دۇنيامۇ زىددىيەت ئارقىلىق تەرەققىي قىلىدۇ، ئاغىنىلەر، دېمەكچىمەنكى، سەدىردىندەك ئاگرانومغا مەندەك دوست، مەندەك ئاگرانومغا تەلئەتتەك ۋىراچ، تەلئەتتەك ۋىراچقا مىرئادىلدەك پىروفېسسور كېرەك بولىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ!

— ۋىراچ - پىراچ، پاسار - پۇسسۇر دېگەنلەرنى قويۇپ، ئادەمگە ئادەم كېرەك بولىدۇ دېسەك بولمامدۇ!

مىرئادىل شۇنداق دەپلا چەينەكتىكى سوۋۇپ قالغان چاينى ئىككى پىيالىگە، كېيىن دېرىزە تەكچىسىدە تۇرغان ئىستاكانغا بىرنەچچە يۇتۇمدىن قۇيدى - دە، پولات، سەدىردىن ھەم تەلئەتكە سۇنغاندىن كېيىن ئۆزى چايدانىنىڭ ئاغزىغا قۇيۇپ كۆتۈرگىنىچە:

— بۇگۇنچە بۇ چاينى بولسىمۇ كۆتۈرۈۋېتەيلى، سەدىردىن بالىنىستىن چىققاندىن كېيىن راسا ئىچىۋالىمىز، قېنى، خوشە! دوستلۇقىمىز ياشىسۇن! — دېدى.

دەل شۇ چاغدا ياتاققا كىرىپ كەلگەن كەۋسەر بىلەن كامىنۇر شادلىقنى ئىچىگە سىغدۇرالماي قېلىشتى. بايىدىن بېرى زوۋان سۈرمەي ياتقان سەدىردىن كەۋسەرنىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىق ئەۋجىنى كۆرۈپ:

— خوشە! دوستلۇقىمىز مەڭگۈ ياشىسۇن! — دېگىنىچە پىيالىدىكى چاينى ئىچىۋەتتى.

«خوشه، خوش» دېگەن ئاۋاز ئۇزۇلۇش بىلەن تەڭ بالنىستقا پايپاسلاپ كىرىپ كەلگەن سېسترا ئالاقزادە بولغىنىچە:
— بالنىستتا هاراق ئىچىشكە بولمايدۇ! بۇ يەرنى قاۋاقخانا دەپ قېلىشتىڭلارمۇ! — دېدى - دە، ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى.
شۇئان بالنىست ئىچىدىن كۈلكە ساداسى كۆتۈرۈلدى.
كېيىنكى ئون نەچچە كۈن ئىچىدە كەۋسەر سەدىردىننى ئارىلاپ يوقلاپ تۇردى، ئۇ هەر قېتىم كەلگەندە سەدىردىننىڭ چىرايىدا ئۆزگىچە خۇشاللىق جىلۋە قىلاتتى، بۇنىڭدىن كەۋسەرمۇ خۇش ئىدى. ئۇ تەلئەت، مىرئادىل، كامىنۇرلارنى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن كۈنلىرى بالنىست ئىچى خۇددى ئۇلارنىڭ مەكتەپتىكى ياتىقىغىلا ئوخشاپ قالاتتى، سېسترانىڭ كايىشى بىلەن پاراڭ خۇددى قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەكلا بېسىقاتتى. ئەلۋەتتە كەۋسەرنىڭ سەدىردىننىڭ رەنجىگەن كۆڭلىنى دوستلۇق مېهرى ئارقىلىق ئاۋۇندۇرۇش يولىدا قىلغان ئەجرى زايا كەتمىگەنىدى. ئىككىسى هېلىقى كۈنى ئاشخانىدا قىسقىلا پاراڭلاشقاندىن كېيىن، كەۋسەر سەدىردىننىڭ ئۆزى بىلەن تەلئەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا شۇمبۇيا بولۇپ جاهىللىق بىلەن تۇرۇۋالغاندىن باشلاپ، كېيىن مەغلۇبىيەتكە تەن بەرگۈچە بولغان بىر قاتار ئىشلىرىنى كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزگەنىدى، قىزىق بولغىنى، ئۇ خىيال سۈرگەنسېرى ئاقتاشنى، غۇبارسىز باللىقنى سېغىنىدى، ئاخىرىدا سەدىردىنگە قارىتا ئىلگىرىكىدەك نەپرەت ئەمەس، بىر خىل هېسداشلىقنىڭ قەلب ئېتىزىدا گويا باش باهاردىكى بىردە كۆكىدەك كۆكلەۋاتقانلىقىنى هېس قىلدى، ئەمەلىيەتتە سەدىردىننىڭ هازىرقى خۇشاللىقى كەۋسەر گەرچە سۆيگۈ بەخش ئېتەلمىگەن بولسىمۇ، دوستلۇق مېهرىنى ئۇزۇپ قويمىغانلىقىغا بولغان رازىمەنلىكىدىن ئىدى.

*　　　*　　　*

بۈگۈن سەدىردىن بالنىستتىن چىقاتتى. چۈشكە يېقىن پولات، ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا كەۋسەر، تەلئەت، مىرئادىل ۋە كامىنۇرلار كەلدى. پولات نەرسە ـ كېرەكلەرنى رەتلەشكە تۇتۇنغاندا، كەۋسەر سەدىردىننىڭ داۋالىنىش چىقىمىنىڭ قالدۇقىنى دوختۇرخانىغا ئۆتكۈزۈپ، بالنىستتىن چىقىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىردى. ئاندىن ھەممەيلەن سەدىردىننى خۇشال ـ خۇرام ھالدا ئارىغا ئېلىشىپ، يېقىن ئەتراپتىكى سوغۇق ئىچىملىك دوكىنىغا كېلىشتى، بىر چاغقىچە سەدىردىننىڭ بالنىستتىن چىققانلىقىنى تەبرىكلەشتى. دوستلىرىنىڭ ئارىسىدا خۇشاللىقىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ھاياجانغا چۆمۈلۈپ ئولتۇرغان سەدىردىن لىققىدە پىۋا قۇيۇلغان ئىستاكاننى قولىغا ئېلىپ:

— ھەممىڭىزنىڭ دوستلۇقى ياشىسۇن! — دېگەنىدى، باشقىلارمۇ چاۋاك چېلىشىپ ئۇنىڭ خۇشاللىقىغا جور بولۇشتى، ئىستاكانغا مۇزدەك سوغۇق گاز سۇيىنى تاشقۇدەك قۇيۇشقان قىزلارمۇ ئوغۇللار بىلەن سوقۇشتۇرۇپ خۇشاللىقىنى ئىپادىلەشتى. بىر چاغدا كەۋسەر يېنىدا ئولتۇرغان سەدىردىنگە:

— خۇشال بولدۇڭمۇ؟ ساڭا دەيدىغان يەنە بىر خۇش خەۋەر بار، — دېدى پەس ئاۋازدا.

— بۈگۈن خۇشاللىقىنىڭ ھەممىسى ماڭا تەۋە بولسۇن. چاپسان ئېيتە!

— تۈنۈگۈن خەلچەمدىن خەت كەپتىكەن، ئۇنىڭ يېزىشىچە، ئابدۇللانىڭ ئايالى قىز تۇغۇپتۇ!

گەرچە بۇ خەۋەرنى كەۋسەر سەدىردىنگىلا يەتكۈزگەن بولسىمۇ، سەدىردىن ئەتراپىدىكىلەرنى ئېسىدىن چىقىرىپ

قويغانىدەك:

— ۋاھ، ئابدۇللانىڭ پەرزەنت يۈزى كۆرگەنلىكىنى قۇتلۇقلايمەن! — دەۋەتتى ئۇنلۇك ئاۋازدا.

— بىزمۇ قۇتلۇقلايمىز! ئەمما ئابدۇللا دېگەن كىم بولىدى ئەمدى؟ — دېدى مىرئادىل ئەجەبلەنگەن ھالدا.

كەۋسەر سەدىردىننىڭ بىلىكىگە شاپىلاقلاپ:

— ھەي بىغەرەز، ئاغزىڭنى يۇم! — دېدى - دە، ئالىقانلىرى بىلەن يۈزىنى يېپىپ پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى.

— كىم بولاتتى! دوستۇمىزنىڭ دوستى، — دېدى پولات جاۋابەن قىزىقچىلىق قىلىپ.

— دوستىمىزنىڭ دوستى بولسا، ئۇمۇ بىزنىڭ دوستىمىزكەن، قېنى خوشە!

مىرئادىل شۇنداق دېگىنىچە ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى. شۇ چاغدىلا سەدىردىن ھاياجىنىنى باسالماي، ئابدۇللانىڭ گېپىنى ئورۇنسىز ھالدا ئوتتۇرىغا چىقارغانلىقىدىن ئوڭايسىزلاندى. ئۇلارنىڭ بۇ ئولتۇرۇشى مىرئادىل بىلەن پولاتنىڭ قىزىق - قىزىق سۆزلىرى بىلەن شۇنداق كۆڭۈللۈك داۋام قىلىپ ئاخىرلاشتى.

ۋاقىت ئۇنتۇلغۇسىز گۈزەل خاتىرىلەرگە شاھىت بولۇپ تېز ئۆتۈۋاتاتتى، كەۋسەر بىلەن سەدىردىننىڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈشىگە ئاران ئۈچ ئايچە قالغاچقا، بەكمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتىشكەنىدى، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا كەۋسەر خېلىدىن بېرى ئىزدىنىپ كېلىۋاتقان «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ئىپادىلەنگەن مىللىي روھ ھەققىدە» ناملىق چوڭ ھەجىمدىكى ئىلمىي ماقالىسىنى تولۇقلاش بىلەن بەند بولسا، سەدىردىن بالىنىستىتا ياتقاندا قالدۇرغان دەرسلەرنى پولاتنىڭ ياردىمىدە تولۇقلاش ھەلەكچىلىكىدە ئىدى.

بۈگۈن سەدىردىن دەرسخانىدا يالغۇز ئۆگىنىش قىلىۋېتىپ بىردىنلا كەۋسەرنى خىيال قىلىپ قالدى، دېمىسىمۇ سەدىردىن

بالنىستتا ياتقان كۆنلەردە كەۋسەرنىڭ دوستلۇق مېھرىنى يەتكۈزگەنلىكىگە ھېلىھەم مەمنۇن بولۇپ يۈرەتتى. شۇ ئەسنادا پولات يېنىدا پەيدا بولۇپ:

— ئورنۇڭدىن تۇرە، دەرۋازىنىڭ ئالدىغا چىقايلى، يۇرتۇڭدىن تۇغقىنىڭ ئىزدەپ كەپتىكەن، سېنى كۈتۈپ قالدى، — دېدى.

— تۇغقىنىڭ دېدىڭما؟ قايسى تۇغقۇنۇمكەن ئۇ؟— دېدى سەدىردىن ئېرەنسىزلىك بىلەن.

— مەن نەدىن بىلەي، باشقا بالىلاردىن سېنى سوراشتۇرۇۋېتىپتىكەن، سېنى چاقىرىپ قويۇش ئۈچۈن كىردىم شۇ.

سەدىردىن چاقماق تېزلىكىدە دادىسى جالالىدىن ئاخۇن ۋە باشقا تۇغقانلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئۈلگۈردى. شۇنداقتىمۇ ئۇلاردىن بىرەرسىنىڭ ئۇچۇر بەرمەيلا كېلىدىغانلىقىنى ئەقلىگە سىغدۇرالمىدى.

— مىسلىداپ تۇرماي ماڭمامسەن، ئۇ كىشى بەكمۇ ھارغىن كۆرۈنىدۇ، — دېدى پولات سەدىردىننىڭ قولىدىن تارتىپ.

ئۇلار دەرۋازا ئالدىغا چىققاندا ئۈستىگە كاستۇم - بۇرۇلكا، بېشىغا قايماق رەڭلىك شىلەپە كىيىۋالغان بارات نىياز قاراپ تۇراتتى.

— ۋوي، كەۋسەرنىڭ دادىسى كەپتىغۇ، — دېدى سەدىردىن ياندىشىپ مېڭىۋاتقان پولاتقا پەس ئاۋازدا.

— ئۇ راست كەۋسەرنىڭ دادىسىما؟ ئەجەب ئېگىز ئادەمكەن-ھە!

— سەن بىلمەيسەن، ئۇ ھەقىقەتەن قالتىس ئادەم.

سەدىردىن بارات نىياز بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى.

— قارا، يېزىمىزنىڭ تېرەكلىرىدەك ئۆسۈپ كەتكىنىڭنى، ئوبدان تۇرۇۋېسەن، بالام.

— ئۆزىڭىزمۇ ئوبدان تۇرۇۋېسىز، قانداق، يۇرتتىكىلەر، ئۇرۇق-

تۇغقان، قولۇم - قوشنىلار تىنچ - ئامانمۇ؟

— ھەممىسى ياخشى، ئاتا - ئانىڭ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭمۇ تىنچ- ئامان تۇرۇۋاتىدۇ.

— قاچان كەلدىڭىز؟

— بىرنەچچە كۈن بولدى.

— جۇرۇڭ، تاماق يېگەچ مۇڭدىشايلى، سىزنى كۆرۈپ مەھەللە ئېسىمگە كېلىۋالدى، ماڭا كۆپرەك سۆزلەپ بېرىڭ.

— سۆزلەپ بەرمەمدىغان، ئاقتاش ئۆزگەردى، بالام، نۇرغۇنلىغان يېڭىلىقلار بولدى......

ئۇلار پاراڭلاشقاچ، دەرۋازىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى كىچىك، ئەمما ئوبدان سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئاشخانىغا كىرىپ ئورۇنلاشتى.

— بۇ ئاشخانا كىچىك بولغىنى بىلەن تامىقى ياخشى، — دېدى سەدىردىن پىيالىگە چاي قۇيۇپ بارات نىيازغا سۇنغىنىچە.

— ئۇرۇمچى بىرنەچچە يىل ئىچىدە كۆپ ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ، ئومۇمەن تەرەققىيات ناھايىتى تېز ئىكەن، مېنىڭ بۇ تەرەپكە كەلمىگىنىمگە بىرنەچچە يىل بولغاچقا كوچىلاردا ئادىشىپلا يۈردۈم.

— يېزا باشلىقى بولغاندىكىن كېلىپ تۇرسىڭىز بولاتتى.

— شۇ يېزا باشلىقى بولۇپ قالغىنىم ئۈچۈن كەلگىلى بولمايدۇ ئەمەسمۇ، سەن بىلىسەنغۇ، يېزا دېگەندە ئالدىراشچىلىقتىن باش كۆتۈرەلمەيدۇ كىشى.

— قارىغاندا بۇ قېتىم ئۇرۇمچىگە كېلىشكە تاسادىپىي پۇرسەت بولۇپ قاپتۇ - دە!

— بېشىمىزغا كۈن چۈشتى، بالام، يېقىندىن بۇيان زۆلەيخانىنىڭ كېسىلى سەل ئېغىرلىشىپ قالدى. ناھىيە، ۋىلايەتتە داۋالىتىپ باقتىم، تازا ياخشى بولالمىدى، دوختۇرلار «ئۇرۇمچىگە ئاپىرىڭلار» دېگەچكە تەۋەككۇل قىلىپ ئېلىپ كەلدىم، سەۋەب قىلىپ باقايلى دەيمەن.

— بۇ ئىشتىن ئەجەب مەن خەۋەرسىز قاپتىمەنغۇ، بالنىستقا ئالدۇردىڭىزمۇ؟

— ساڭا خەۋەر بېرىشكە ئۈلگۈرەلمىدىم، دەسلەپتە ئۇنى تېببىي ئۇنىۋېرسىتېت دوختۇرخانىسىدا تەكشۈرتكەنىدۇق. نەتىجىسى ئىلگىرىكىدەك چىقتى، ئۆپكە مەنبەلىك يۈرەك كېسىلى ئىكەن، كەۋسەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئۈلۈشكۈن 2- دوختۇرخانىغا ئەكىلىپ بالنىستقا ئالدۇردۇق. بۈگۈن ئەھۋالى خېلى ياخشى، شۇڭا سەن بىلەن كۆرۈشكىلى بۇ تەرەپكە كەلدىم.

بارات نىيازنىڭ جۇدەڭگۈ چىرايىدا بىر خىل سولغۇنلۇق بىلەن ئاللىقانداق غەم ئەكس ئېتەتتى، سەدىردىن كۆڭلىدە، بۇ ئىشنى ئەجەب بىلمەي قاپتىمەن، كەۋسەر ئۆزى كېلەلمىسىمۇ بىرەرسى ئارقىلىق خەۋەر بەرسە بولماسمىدى دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۈلگۈردى، تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن بارات نىياز سەدىردىنگە:

— ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن بېرى سېنى بەكلا كۆرگۈم كەلدى، بۈگۈن كۆڭلۈم بىرئاز ئارامىغا چۈشكەنىدى، شۇڭا سېنى، مەكتىپىڭنى كۆرۈپ كېلەي دەپ كەلدىم، مانا چىرايلىق كۆرۈشتۇق، ئەمدى مەن دوختۇرخانىغا باراي، سەن دەرسىڭنى ئۆگەن. ئارام بولغاندا دوختۇرخانىغا بارارسەن، بولمىسا سېنى يەنە يوقلاپ كېلىمەن.

— ئۆگىنىشنى كەچتە قىلساممۇ بولىدۇ، مەنمۇ سىز بىلەن بارىمەن.

— مەنمۇ باراي، — دېدى بايىدىن بېرى ئۇلارنىڭ پاراڭىنى قىزىقىش ئىچىدە ئاڭلاپ ئولتۇرغان پولات سەدىردىننىڭ سۆزى ئۈزۈلۈشىگىلا.

ئۇلار دوختۇرخانىغا كېلىپ، زۇلەيخان يېتىۋاتقان بالنىستقا كىرگەندە، كەۋسەر ئانىسىغا دورا ئىچۈرۈۋاتاتتى. كامىنۇر سېستىرا بىلەن بىرنېمىلەرنى دېيىشىۋاتاتتى. بالنىستقا كىرىشىگىلا

سەدىردىننى ھەممىدىن بەك ھەيران قىلغىنى كىيىەل كارىۋىتىدا ىىقۇۋۇل ھالدا ياتقان زۇلەيخان بولماستىن، ئۆتكەن بىرنەچچە كۈن ئىچىدە جۈدەپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، چىكىسىدىكى قىل قان تومۇرلار كۆرۈنۈپ قالغان، مۇنداقچە ئېيتقاندا پۈتكۈل جىسمىدىن نادامەت يىغىپ تۇرغان كەۋسەر بولدى. توۋا، ئادەم دېگەن شۇنچە ئاجىز ئىكەن - ھە، تېخى بىر -نەچچە كۈن ئىلگىرى چېھرىدىن ياشلىقنىڭ جەلپكار نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان كەۋسەر دوستلىرى بىلەن خۇشال - خۇرام ھالدا كۈلۈپ يايراپ يۈرمەمتى؟ ئەمدى ئۇنىڭدىكى جۇشقۇن خۇلق - مىجەز، ئۇستۈن روھىي ھالەتتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى، ئەسلىدە ئۇنى كىيىەل كارىۋىتىدا تولغىنىپ ياتقان ئاشۇ ئانا، ئاشۇ جاپاكەش ئانىنىڭ كۈتۈلمىگەن بەختسىزلىكى جۈدىتىۋەتكەنىدى. سەدىردىن ئېغىر تىنغىنىچە كېلىپ زۇلەيخاندىن ئەھۋال سورىدى. ئاندىن كەۋسەرگە قاراپ پەس ئاۋازدا:

— ماڭا خەۋەر بەرمەپسەنغۇ؟ — دېۋىدى، كەۋسەر:

— سىزنى مالال قىلماي دېدىم، — دېدى تولىمۇ مىسكىن تەلەپپۇزدا. ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى.

بۇ ھالنى كۆرگەن سەدىردىننىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. دېمىسىمۇ كىچىكىدىن باشلاپ تاۋى نازۇك چوڭ بولغان كەۋسەرگە بۇ كۈتۈلمىگەن زەربە بەكمۇ ئېغىر كەلگەنىدى. كامىنۇرنىڭ كۆزلىرىنىڭمۇ قىزىرىپ كەتكەنلىكى ئۇلارنىڭ دەرد - ئەلەم تولۇپەيلى كۆپ يىغلىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. سەدىردىن تەسەللى بەرمەكچى بولۇپ گەپ قىلىشقا شۇنچە تەمشەلگەن بولسىمۇ، نېمە دېيىشنى، گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەيۋاتاتتى. پولات ئارىلاپ - ئارىلاپ ئۇنىڭغا قاراپ قوياتتى. بىر چاغدا كەۋسەر دادىسىغا:

— ئەتىگەن سەدىردىننىڭ گېپىنى قىلىۋاتاتتىڭىز، كوچا

ئايلىنىپ كىرەمدىكىن دېسەم سەدىردىنىنىڭ مەكتىپىگە بېرىپسىز - ھە؟ ئىمتىھان يېقىنلىشىپ قالدى، سەدىردىن دەرس تولۇقلىمىسا بولمايدۇ، ــ دېدى سەدىردىنگە لاپپىدە قاراپ قويۇپ.

سەدىردىن ئىپادە بىلدۈرمەي تىنىچ ئولتۇرغىنى بىلەن قەلبى دولقۇنلىنىۋاتاتتى، چۈنكى ئۇ كەۋسەرنىڭ دادىسىغا دوق قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى ئوبدان بىلەتتى.

ــ كوچىلارنى ئايلىنىپ كىرەي دېگەنىدىم، تۇرۇپلا سەدىردىن بىلەن كۆرۈشكۈم كېلىپ، ئۇنى ئىزدەپ باردىم. دەرسلىرىڭنى ئۆگەن دېسەم ئۇنىماي مەن بىلەن كەلدى مانا، ــ دېدى بارات نىياز ئۆزىنى ئاقلاپ. شۇ چاغدا زۈلەيخان جىمغىنە ئولتۇرغان سەدىردىنگە نەزەر ئاغدۇرۇپ دېمىنى ئاران باسقان ھالدا:

ــ ئوبدان ئوقۇغىن، بالام، تەنىنىڭ ساقلىقىنى ھېچنېمىگە تەڭ قىلغىلى بولمايدىكەن، قىلىدىغان ئىشلىرىڭنى تېنىڭنىڭ ساقلىقىدا قىلمىساڭ بولمايدىكەن، مانا ماڭا قارىغىنا، كېسەل مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ھېچ ئىشقا يارىمايمەن، كونىلار «تەنىنىڭ ساقلىقى ئادەمگە چوڭ دۆلەت» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن، شۇڭا ياشلىقىڭلارنى قەدىرلەڭلار، سىلەر ياخشى ئوقۇپ يول تاپساڭلار بىز ئاتا - ئانىلار خۇش بولىمىز، ــ دېدى، - دە، بىردىنلا يۆتىلىپ كەتتى.

تەلئەت ئالمان - تالمان چىقىپ كېتىپ ئىككى دوختۇرنى باشلاپ كىردى. ئورۇقراق كەلگەن دوختۇر زۈلەيخاننى تەپسىلىي تەكشۈردى، ھەمراھى بولسا زۈلەيخاننىڭ كېسەل تارىخىنى قايتا - قايتا كۆردى. ئاندىن ئۇلار تەلئەتنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ كەتتى. قارىغاندا تەلئەت ئۇ ئىككى دوختۇر بىلەن ئوبدان تونۇشتەك قىلاتتى، سەدىردىننى كۆرۈپ كۆڭلى سەل يورۇپ قالغان زۈلەيخان تەلئەتنىڭ دوختۇرلار بىلەن كۇسۇرلاپ بىرنېمىلەرنى دېيىشىۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈشۈپ نېمىشقىدۇر خاتىرجەمسىزلىنىپ قالدى،

زۇلەيخانىڭ بۇ خىل روھىي ھالىتىنىمۇ چۈشىنىشكە بولاتتى، مۇشۇ كۈنگىچە زۇلەيخان قانچىلىغان دوختۇرنىڭ تەكرار تەكشۈرۈشى، دورا - ئوكۇل ئالماشتۇرۇشىغا نائىل بولغان بولسىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەلمىدى، شۇڭا ئۇ دوختۇرلارنىڭ ئۆزئارا كۇسۇر-لىشىشىدىن، دورا- ئوكۇللارنى تولا ئالماشتۇرۇشىدىن بەكمۇ بىزار بولۇپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭچە دوختۇرلار ئادەمگە ھەرگىزمۇ ھاياتلىق تەقدىم قىلالمايتتى، پەقەت سەۋەب قىلىپ قويىسىلا قالغىنى قۇدرەتلىك ئاللانىڭ شاپائىتىگە باغلىق ئىدى.

— دادىسى، — دېدى ئۇ ئىشىك تەرەپكە ئەندىكىش ئىچىدە قاراپ قويۇپ، — ئىككى كۈندىن بېرى سېلىۋاتقان ئوكۇل خېلى مەنپەئەت قىلدى، دوختۇرلارغا دەڭلا، شۇ ئوكۇلنى ئالماشتۇرۇ-ۋەتمىسۇن، بۇ خەقمۇزە، تولا ئوكۇل ئالماشتۇرۇپ ئادەمنى قىينايدىكەن، سەۋەب قىلىپ قويسا بولدى، رىزىق - ئەجەل توشۇپ قالسا بەندە ئامال قىلالمايدۇ......

— بولدى، گەپ قىلماي ياتقىن، ئانا، چارچاپ قالىسەن!

— دوختۇرلارنىڭ گېپىنى قىلساملا خاپا بولۇپ قالىدىكەنسەن، قىزىم، بولدى، ئەمدى ئۇلارنىڭ گېپىنى قىلماي، — دېدى زۇلەيخان، ئاندىن سەدىردىنگە قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — كىچىككىنە بالا ئىدىڭ، چوپچوڭ يىگىت بولۇپ كېتىپسەن مانا......

زۇلەيخان سۆزلەۋېتىپ پۇتىنى يېنىك ئۇۋۇلاۋاتقان كەۋسەرگە قاراپ قويدى، كەۋسەر نېمىشقىدۇر خاپا كۆرۈنەتتى. ئارىدا پولات بىلەن كامىنۇرمۇ بىر - بىرسىگە مەنىلىك قاراپ قويۇشتى.

— دادىسى، مىدىرلىماي ئولتۇرىسىزغۇ، دوختۇرنىڭ يېنىغا چىقىپ...... — زۇلەيخان كامىنۇرغا لاپپىدە قاراپلا گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتىۋەتتى. بارات نىياز دېرىزىدىن سىرتقا قارىغىنىچە نېمىنىدۇر خىيال قىلىۋاتاتتى.

— بولدى، ئانا، دادام دوختۇرنىڭ يېنىغا چىقمىسىمۇ بولىدۇ، تەلئەت يارغۇ، ئۇ ئەھۋالنى ئۆزى ئېيتىدۇ، — دېدى كەۋسەر زۇلەيخاننى گەپنى باشقا ياققا بۇراشقا ئۈندەپ.

— بالام، ئۇ بالىنى نەچچە كۈندىن بېرى كۆپ ئاۋارە قىلىۋەتتۇق، نېمىلا دېگەنبىلەن خەقنىڭ بالىسى ئەمەسمۇ، ئۇنىڭمۇ ئوقۇشى باردۇ، ئىش بولسا ئەمدى ماۋۇ سەدىردىن بالام قىلسۇن، ئۇ ئۆزىمىزنىڭ بالىسىغا ئوخشاش.

— بەك جىق گەپ قىلىپ كەتتىڭلا، ئانىسى، ئەمدى بولدى قىلىڭلا، بىر بولسا كۈن - كۈنلەپ گەپ قىلمايسىلە، ئاغزىڭلا ئېچىلسا مانا مۇشۇنداق ئۆزۈڭلىنى توختىتالمايسىلەر.

— ۋاي دادىسى، كېسەل بولغاندا ئادەم مۇشۇنداق بولۇپ قالىدىكەن، مېنىڭ ھەممىڭلارنى جاپاغا سالغۇم يوق، مۇشۇ يەرگىمۇ كەلمەيلى دېسەم، زىنھار ئۇنىمىدىڭلا، ئادەمنىڭ رىزىق - ئەجىلى خۇدانىڭ ئىلكىدە......

زۇلەيخاننىڭ گېپى تۈگىمەيلا ياتاققا تەلئەت كىرىپ كەلگەنىدى، شۇئان زۇلەيخان جىمىپلا قالدى، تەلئەت ھەممەيلەنگە تەكشى قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— دوختۇرغا تاپىلاپ قويدۇم، كۆڭۈل قويۇپ داۋالايدىغان بولدى. كېسەللىك ئاساسەن تىزگىنلىنىپتۇ، ئۇلارنىڭ دېيىشىچە بىرنەچچە كۈندە ياخشى بولۇپ كەتكۈدەكلا، — دېدى.

— غوجام بالام، سىلىنى كۆپ جاپاغا سالدىم، سىلىگە قانداق رەھمەت ئېيتسام بولا، — دېدى زۇلەيخان تەلئەتكە ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، ئاندىن كەۋسەرگە قارىۋەتكەندىن كېيىن داۋاملاشتۇرۇپ ئېيتتى، — دوختۇرلارنىڭ گاھىدا ئىچى پۇشۇپ قالامدىكىن بىلمىدىم، شۇنداق ئوبدان پايدا قىلىۋاتقان ئوكۇلنى ئۆزىچىلا ئالماشتۇرۇپ قويۇشىدىكەن، شۇڭا ئېغىر كۆرمىسىلە ئۇلارغا دەپ قويسىلا، ماڭا سىلىۋاتقان ئوكۇلنى ئالماشتۇرۇۋەتمىسۇن يەنە!

— خاتىرجەم بولسىلا، ھېلىقى دوختۇرلار مېنىڭ يېقىن تونۇشۇم بولىدۇ. ماقۇل تاپىلاپ قوياي.

— تەلئەتنىڭ ئۆزىمۇ دوختۇر بولغاندىكىن خاتىرجەم بولساق بولىدۇ، — سۆز قىستۇردى كەۋسەرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان كامىنۇر.

كېيىن بارات نىياز تەلئەتكە سەمىمىي ھالدا ئېيتتى:

— سىزگە كۆپ رەھمەت، بالام، يولىڭىز باركەن ئىشلىرىمىز ئاسانلاشتى، ئەمدى ھەممىڭلار مەكتىپىڭلارغا بېرىڭلار، دەرستىن قالساڭلار بولمايدۇ، قالغان ئىشلارغا ئۆزۈم يېتىشىمەن.

تەلئەت، كامىنۇر ھەم پولاتلار خوشلىشىپ قايتىشقا تەرەددۇتلانغان بولسىمۇ، سەدىردىن بىلەن كەۋسەر مىدىرلىمىدى.

— قىزىم، سەنمۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى دەرسكە قاتنىشالمىدىڭ، ئەمدى ئاناڭنىڭ كېسىلى تۇراقلاشتى، قېشىدا مەن بولغاندىكىن ئەنسىرىمەي ئاداشلىرىڭ بىلەن مەكتىپىڭگە بارغىن.

كەۋسەر دادىسىنىڭ زورلىشى بىلەن تەسلىكتە ئورنىدىن تۇردى، ئاندىن بارات نىياز ئورنىدىن قىمىر قىلماي ئولتۇرۇۋاتقان سەدىردىنگە دېدى:

— سەدىردىن، سەنمۇ مەكتىپىڭگە بارغىن، بالام، ئارىدا ۋاقتىڭ يەتسە كېلەرسەن، سېنى كۆرسە زۆلەيخان ئاناڭنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ قالىدىكەن.

شۇنداق قىلىپ، ھەممەيلەن مەكتىپىگە كېتىشتى.

كېچە، ئۈرۈمچىنىڭ رەڭگارەڭ چىراغ نۇرلىرىدا گۈزەل تۈسكە كىرگەن كوچىلىرىدا ھەر خىل تىپتىكى ماشىنىلار موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇراتتى، كۆك سەتھىدە يۇلتۇزلار جىمىرلىشىپ كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى. بارات نىياز ھارغىنلىق دەستىدىن بوشىشىپ كەتكىنىگە قارىماي، نېمىشقىدۇر ئۇيقۇسى كەلمەيۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە زۆلەيخانىڭمۇ بوگۈن روھىي ھالىتى ياخشى بولۇپ، بارات

نىيازدىن ئۈنى - بۇنى سوراپ ياتاتتى.

— توۋا، بۇ ئۆرۈمچى دېگەندە بالىلار شۇنداق تېز چوڭىيىدىكەن ئەمەسمۇ، جالالىدىن ئاخۇننىڭ چاپلىكەش ئوغلىنىڭ چوپچوڭ يىگىت بولۇپ كەتكىنىنى كۆرمەمدىغان، — دېدى زۇلەيخان دېرىزىدىن كېچە ئاسمىنىغا قاراپ خىيال سۈرۈۋاتقان بارات نىيازغا يېنىچە قاراپ.

— ئۇنى كۆرۈپ مەنمۇ تونۇيالمىغىلى تاسلا قالدىم، دادىسىدەك ئۆسكىلەڭ ئادەم بوپتۇ، كىچىك ۋاقتىدا چاپلىكەش بالا چوڭ بولغاندا ئاشۇنداق مۇلايىم، ئېسىل ئادەم بولىدۇ. ئەخمەتكامىنىڭ نىيازمۇ خېلى ئوبدان بالا بولغانىدى، قېچىپ كېتىپ قاملاشمىغان ئىش قىلدى، يېزىدا بىرەر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويارمەن دېگەنىدىم تېخى.

— يوقنىڭ گېپىنى قىلماي، مۆھتىرەمخانىنىڭ بالىسى ئابدۇللاغا ئوبدانراق ئاتىدارچىلىق قىلىپ قويۇڭلا، ئەمەل دېگەن قولۇڭلادا تۇرۇۋەرمەيدۇ، ئۇمۇ بەك ئوڭلۇق بالا بولدى. سۇلايمان ئاخۇن ئۆيلەپ قويىمەن دەپ جاھىللىق قىلمىغان بولسا كىچىك تۇرۇپ بىر ئائىلىنىڭ بېشى بولۇپ قالماس ئىدى.

— ئابدۇللا كەنتتە قاۋۇل سېكرېتار بىلەن چىقىشالمىدى ئەمەسمۇ، كېيىنلىكى بار ئىشلارغا قويۇپ قوياي دېسەم، مەدەنىيەت پونكىتىدا ئىشلىسەم دەپ تۇرۇۋالدى. ئۆزىنىڭمۇ بۇ ئىشقا بەك ھەۋىسى بار ئىكەن، ھازىرچە مەدەنىيەت پونكىتىدا ئىشلەپ تۇرسۇن، بۇ ھەقتە ئويلىغانلىرىم بار، كېيىنچە بېشىنى ئوبدانراق ئوڭشاپ قويىمەن.

— ئوبدان ئويلاپسىلە. ھەراست، دادىسى، سىلى بىر ئىشنى سەزدىڭلىمۇ؟

— قايسى ئىشنى دەيسىلە؟

— تەلئەت دېگىنى كەۋسەر تولا گېپىنى قىلىدىغان ھېلىقى

بالىمكىن دەيمەن، ئۆتكەن يىلى تەتىلدە كەۋسەر بۇ ئىش توغرىسىدا ئاچىسىغا مەسلىھەت سېلىپ گەپ قىلغانىكەن.

ــ نېمە؟ شۇنداق ئىشمۇ بارمىكەن تېخى، ماۋۇ قاملاشمىغان ئىشنى كۆرۈڭ، ئۇ بالا ئۆرۈمچىلىك ئىكەنغۇ!

ــ بىر - بىرىسىگە ئىسسىق ئۆتۈشۈپ قالسا نېمە ئامال، ئاڭلىسام ئۇ بالا كەۋسەرنى ئۆرۈمچىدە ئېلىپ قالىمەن دەپتىمىش. ئاتا - ئانىسى چوڭ باشلىق ئوخشايدۇ.

ــ ھەي ئانىسى، سىلىمۇزە، مۇشۇنداق مۇھىم ئىشنى نېمىشقا مەندىن يوشۇرىسىلە؟ بۇرۇنراق ماڭا دېسەڭلا بولماسمىدى؟ كوچىلىرىدا كىشىنىڭ دولىسى تېگىشمەي ماڭغىلى بولمايدىغان بۇ شەھەردە بىزنىڭ ئانىمىز ياكى دادىمىز بولمىسا، بۇ......

بۇ...... قانداق بولغىنى ئەمدى ...... ھەي......

ــ نېمىگە تېرىكىسىلە، مېنى بۇ ئىشقا ئىچى پۇشمايدۇ دەمسىلە، چوڭ بولۇپ قالغان قىزغا يا قاتتىق گەپ قىلغىلى بولمىسا، بىر يىلدىن بېرى سىلىگە دېمىگىنىم بىلەن ئولتۇرسام - قوپسام مۇشۇ ئىشنى ئويلايمەن. ئالىمادىس مۇشۇنداق بولۇپ قالسا قانداق قىلارمىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە كېسەل چىرماپ، بىر پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى، سىلى ئەمەل تۇتۇۋاتقان بولساڭلامۇ ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان دېھقانچىلىقتىن قول ئۈزمەي كەلدۇق. بوسۇغىسى ئېگىز يەرگە ئېسىلىپ قالساقزە......

سۆزلەۋېتىپ كۆڭلى بۇزۇلغان زۆلەيخانىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى.

ــ بولدى قىلىڭلا، ئانىسى، ئۆزۈڭلىنى تۇتۇۋېلىڭلا، كېسىلىڭلا ئەدەپ قالمىسۇن، سىلى خاتىرجەم داۋالىنىڭلا، قالغان ئىشلارنى ئۆزۈم ئۆز ئىزىغا سالىمەن.

ئەتىسىدىن باشلاپ بارات نىياز مۇشۇ ئىشنى كۆپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە تەلئەت كۈندە دېگۈدەك

دوختۇرخانىغا كېلىپ ئۇلارنى يوقلاپ تۇرۇۋاتاتتى، سەدىردىن كەلگەن كۈنى ئىككىسى بالىنىستىتا دوقۇرۇشۇپ قالسا، سەدىردىن بىر ئامالالارنى قىلىپ بالدۇرراق قايتىپ كېتەتتى. بارات نىياز بارا ـ بارا ئىشنىڭ تېگىنى چۈشىنىپ يەتتى.

بىر كۈنى بارات نىياز كەۋسەرنى بالىنىستىتا قالدۇرۇپ، ئۆزى سەدىردىن بىلەن ئۇچرىشىپ دۆڭكۆۋرۈك تەرەپتە كوچا ئايلاندى، دەسلەپتە ئۇ سەدىردىنگە يېزىنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئالدىراش ئىكەنلىكىنى، ئىلاج قىلىپ بالدۇرراق قايتمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. سەدىردىن:

ــ ئىشىڭىز ئالدىراش بولسا قايتىۋېرىڭ، كەۋسەر ئىككىمىز زۇلەيخان ئانامنى ئوبدان كۈتۈپ، يۇرتقا سالامەت ئېلىپ بارىمىز، ــ دېگەنىدى. بارات نىياز بېشىنى چايقاپ:

ــ سىلەرنىڭ ئىشىڭلارمۇ ئالدىراش، بالام، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇش پۈتكۈزۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتىسىلەر، ھەرقانچە قىلساڭلارمۇ يېتىشىپ بولالمايسىلەر. مەيلى ئۆزۈم داۋالىتىپ ئېلىپ كېتەي. سەندىن شۇنى سوراي، تەقسىمات ئىشىڭلار قانداق بولار؟

ــ ئاساسەن يۇرتقا بارىمىز، مەكتەپتە ئېلىپ قالىدىغانلاردىن بىر ـ نەچچىسى بولۇشى مۇمكىن.

ــ دېمەكچى بولغىنىم، سەنمۇ يۇرتقا بارسەن، ئاتا ـ ئاناڭ ياشىنىپ قالدى، ئۇلارغا سەن بولمىساڭ بولمايدۇ، كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسەن، زۇلەيخاننىڭ كېسلى ئۇزۇل ـ كېسىل ساقايمايـ ـدىغاندەك تۇرىدۇ، مېنىڭمۇ يېشىم بىر يەرگە باردى. كەۋسەر بۇ ئىشلارنى قانداقراق ئويلىدىكىن، بۇنى سەن بىلىدىغانسەن ئەتىمالىم؟

ــ قايسى ئىشنى دەيسىز؟

ــ سەندىن يوشۇرمايمەن، ئاڭلىسام كەۋسەر ئۈرۈمچىدە قالغۇدەك، بۇ ئىشتىن خەۋىرىڭ باردۇ؟

سەدىردىن مۇشكۇل سوئالغا دۇچ كەلگىنىنى سەزدى. ئۇ بايىدىن بېرى بارات نىياز بىلەن كوچا ئايلىنىۋېتىپ، ئالمادىس مۇشۇ ئىشنى سوراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ كېلىۋاتاتتى، شۇڭا دەسلەپتە ھودۇقتى، كېيىن ئەجەبلەندى، چۈنكى ئۇ ئىلگىرى بارات نىيازنىڭ كەۋسەرنىڭ تەلئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن ئانچە - مۇنچە خەۋىرى بار دەپ قارايتتى، ئەمدى قانداق جاۋاب بېرىش كېرەك؟

سەدىردىن ئۇنچىقماي خىيال سۈرۈپ بىردەم ماڭغاندىن كېيىن:

— ئۇرۇمچىنىڭ شارائىتىنى ئۆزىڭىز كۆردىڭىز، مېنىڭچە بۇ يەر بىزنىڭ يۇرتتىن نەچچە ھەسسە ياخشى، ئەڭ مۇھىمى ئۆگەنگەننى جايىدا ئىشلەتكىلى بولىدۇ، — دېدى ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ.

— توختا، بالام، مەن بۇنى ئوبدان بىلىمەن، گەپنى بۇرىماي مېنىڭ سوئالىمغىلا جاۋاب بەرگىن. كەۋسەرنىڭ ھېلىقى تەلئەت دېگەن بالا بىلەن مۇناسىۋىتى باشقىچىرەك تۇرامدۇ قانداق، ئاڭلىسام ئۇ بالا تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇيدىكەن......

— بۇ...... بۇ...... راستىنى دېسەم بۇنى بىلمەيـدىكەنمەن......

— بۇ گېپىڭ قاملاشمىدى، بىر شەھەردە تۇرۇپ سەن بىلمەيدىغان ئىشمۇ بولامدۇ، ماڭا راست گەپ قىل!

— راست، مەن قانداقسىگە سىزگە يالغان ئېيتاي!

— قارىغاندا سەن مۇشۇ بىرنەچچە يىلدا كەۋسەر بىلەن بۇرۇنقىدەك ئىناق ئۆتمەپسەن - ھە؟

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، بىز دائىم كۆرۈشىمىز، يەنە.......

— ئەمىسە مۇشۇنداق مۇھىم ئىشنى بىلمەيمەن دېگىنىڭ نېمىسى؟ سىلەر بىرنەچچىڭلار غازلىقتا كىچىك ۋاقتىڭلاردىن باشلاپ ئايرىلماي ئىناق ئۆتكەن ئىدىڭلار، ھەرھالدا ئىككىڭلارنىڭ

تەلىيى ئوڭكەن، ئالىي مەكتەپكە كەلدىڭلار، باشقا باللارنىڭ نىمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقانلىقىنى بىلىسەن، سىلەر مۇشۇ ياخشى پۇرسەتنى قەدىرلىسەڭلار بولاتتى، مەكتىپىڭلارنىڭ ئارىلىقىدىمۇ ئالتە پوتەي يوق ئىكەن، بىر - بىرىڭلارنىڭ ئىشلىرى بىلەن كارىڭلار يوق يۈرۈپسىلەر ئەمەسمۇ، بولۇپمۇ سەن ئوغۇل بالا تۇرۇپ توغرا قىلماپسەن، كەۋسەرگە كۆپرەك يول كۆرسەتسەڭ بولماسمىدى!؟ ساڭا بۇگۈنچە مۇشۇنچىلىك گەپ قىلاي.

— مەن...... بۇ...... — سەدىردىن نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ھودۇقۇپ قالدى.

بارات نىياز سەدىردىندىن ھەرقانچە سۆز كوچىلاپمۇ قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن يەنە بولدى قىلمىدى. بىرنەچچە كۈنگىچە مۇشۇ ئىشنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ يۈردى. بۇگۈن كەچتە كەۋسەر مەكتەپتە ئۆتكۈزۈلگەن پائالىيەتكە قاتناشقاچقا، كامىنۇر ئۇنىڭ ھاۋالىسى بويىچە تاماق ئېلىپ بالىنىستقا كەلگەندى. بارات نىياز ئۇنىڭدىنمۇ بىرھازا سۆز كوچىلاپ باققان بولسىمۇ ھېچقانداق ئۇنۇم كۆرەلمىدى، كامىنۇر قايتماقچى بولۇپ ماڭغاندا، ئۇ:

— قىزىم، سىزنى كۆپ ئاۋارە قىلدۇق، سىزگە رەھمەت، قىزىمىز كەۋسەر ئىككىڭلار ھەقىقەتەن يېقىن دوستلاردىن ئىكەنسىلەر. بىلىسىز كېرەك، ئۇرۇمچى بىلەن يۇرتىمىزنىڭ ئارىلىقى ناھايىتى يىراق، مۇشۇنداق بىر سەۋەبلەر بىلەن بۇ تەرەپلەرگە كېلىپ قالمىساق خالىغان چاغدا كەلمىكىمىز تەس...... ئاڭلىسام كەۋسەر ئۇرۇمچىدە قالغۇدەك، ھەم يەنە بەزىبىر گەپلەرنىمۇ ئاڭلىدىم، ئانىسى كېسەل بولمىغان بولسا بۇ ئىشلار توغرۇلۇق ئىككىسى مۇڭدىشار ئىدى. شۇنداقتىمۇ ھەرقانداق ئىش بولسا مېنىڭمۇ ۋاقتىدا خەۋەر تاپقىنىم تۈزۈك. بىزدىمۇ ھەرھالدا تەييارلىق بولۇشى كېرەك، شۇنداق ئەمەسمۇ! كەۋسەرنىڭ

ئويلىغانلىرىنى سىز ئوبدان بىلىسىز، شۇڭا بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى تىندۇرۇپ راست گەپنى دەڭ، كەۋسەر بىزنىڭ كەنجى قىزىمىز، ئۇنىڭ ھەرقانداق تەلىپى بولسا بىز ئورۇنلاشقا تەييار، — دېدى بارات نىياز سەمىمىي ھالدا.

كامىنۇر سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئېيتتى:

— ئەسلىدە بۇ ئىشلار توغرۇلۇق كەۋسەر سىلەرگە خەت يازماقچى بولغان، ئاڭغۇچە سىلەر كەلدىڭلار، بۇ سىلەردىن يوشۇرىدىغان ئىشمۇ ئەمەس، ساۋاقداشلىرىمىز دېگۈدەك ئۇرۇمچىدە قېلىشنى ئارزۇ قىلىشىدۇ، سىز بىلىسىز، ئۇرۇمچىدە قېلىش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس، بىرەر يۆلەنچۈك بولمىسا بولمايدۇ، كەۋسەر ئۇرۇمچىدە قېلىشنى نىيەت قىلدى. مۇبادا ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولسا بۇ ئاجايىپ ئوبدان ئىش بولىدۇ، بىرىنچىدىن، ياخشى خىزمەت شارائىتىغا ئېرىشكىلى؛ ئىككىنچىدىن......

— توختاڭ، قىزىم، گېپىڭىزنى چۈشەندىم، سىلەرمۇ چوڭ بولدۇڭلار، بۇ تارتىنىدىغان ئىشمۇ ئەمەس، قېنى ئېيتىڭە، كەۋسەرنىڭ ئۇرۇمچىدە تارتىشىدىغان ئادىمى بار ئوخشىمامدۇ؟

— بەكمۇ زېرەك ئىكەنسىز، سىزگە راستىنى دېسەم، ھېلىقى تەلئەت ئىسىملىك بالا تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇيدۇ......

— ھە، ئۇنى بىلىمەن.

— ئۇ بالىنىڭ دادىسى بۇ شەھەردە كاتتا باشلىق دەڭە، ئۇ كەۋسەرگە ياردەم قىلىپ ئۇرۇمچىدە ئېلىپ قالماقچى.

— ئۇنداقتا ئىككىسى ياخشى ئۆتىدىكەن، شۇنداقمۇ؟

— بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ، تەلئەت دېگەن......

— بولدى - بولدى، ھەممىنى چۈشەندىم، سىزگە رەھمەت، قىزىم.

بارات نىياز ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ، كۆكۈچ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. ئۇ كامىنۇرنىڭ ئالدىدا روھىي

ھالىتىنى چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن:
— كەۋسەرنىڭ ئانىسى ساقايغاندىن كېيىن بۇ ئىشلارنى ئوبدانراق مەسلىھەتلىشەيلى - ھە! — دېدى.
شۇنداق قىلىپ، سەدىردىن شۇنچە يوشۇرغان سىرنى كامىنۇر ئاسانلا ئاشكارىلىۋەتتى. كامىنۇر كەتكەندىن كېيىن بارات نىياز ئورنىدىن قوزغالماي خىيال سۈرۈپ تۇردى، ئۇ بالىنىستىقا كىرگەندە ياستۇققا يۆلەنگىنىچە خىيالغا چۆمگەن زۇلەيخان ئۇنىڭ ئۆمسىلە چىرايىنى كۆرۈپ ئالدىراپ سورىدى:
— سىلىگە نېمە بولدى، دادىسى، چىرايىڭلا تۇتۇلۇپ قاپتىغۇ؟
زۇلەيخان بارات نىيازنىڭ بىرنەچچە كۈندىن بېرىقى كەيپىياتىنى بىلمەسكە سالسىمۇ، كۆڭلىدە ھەممىنى بىلىپ تۇرۇۋاتاتتى، بايا بارات نىياز كامىنۇرغا ئەگىشىپ سىرتقا چىقىپ كەتكەندە ھەممىنى چۈشەنگەندى.
— ماڭا بىر ئىش بولغىنى يوق، ھاردۇق يەتكەن ئوخشايدۇ، — دېدى بارات نىياز ئېغىر تىنىپ.
— ياق، سىلى راست گەپ قىلمىدىڭلا، دادىسى، كامىنۇر دېگەن قىز سىلىگە بىرنېمە دېدى بولغاي، كۆڭلۈمنى ئارام تاپتۇراي دېسەڭلا مەندىن يوشۇرماي راست گەپنى دەڭلا، — بارات نىياز ئايالىغا قاراپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، مەيۈس ئېيتتى:
— پەرىزىمىز توغرىكەن، ھېلىقى تەلئەت دېگەن بالا كەۋسەرنى ئۆرۈمچىدە ئېلىپ قالىمەن دەپ يۈرگۈدەك.
— ئۆزۈڭلىنى تۇتۇۋېلىڭلا، دادىسى، مەن بۇ ئىشنى خېلى بۇرۇن بىلگەن، مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ناھايىتى كۆپ ئويلاندىم، كەۋسەرنى كىچىكىدىن باشلاپ ئارزۇلاپ چوڭ قىلدۇق، ئۇ بەكمۇ كۆڭلى نازۇك بالا بولدى. ئەمدىلىكتە دىلىنى رەنجىتىپ قويساق قانداق بولار؟
— مېنى بۇ ئىشنى ئويلىمىدى دەمسىلە، تەلئەت دېگەنغۇ

خېلى تۈزۈك بالىدەك قىلىدۇ، ئەممازە، كەۋسەر ئۈرۈمچىدە قالسا ھەرگىز بولمايدۇ، ئۈرۈمچىنى ياخشى دېگەنبىلەن، يەنىلا بىزنىڭ ئاقتاشقا يەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلى بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىڭلا، مەنمۇ قېرىدىم، ئالمادىس كېسەل بولۇپ يېتىپ قالسام يېنىمىزدا كەۋسەر بولمىسا بولامدۇ؟.....مۇشۇ ئىش بېشىمنى قاتۇرۇۋاتىدۇ......

— غەم قىلماڭلا، دادىسى، مەن كەۋسەر بىلەن ئوبدانراق مۇڭدىشىپ كۆرەي، ئۇ بالىمۇ بىزنى بۇنداق تار يەردە قىستايدىغان ئىشنى قىلماس.

— سىلىگە دېمىگىنىم بىلەن، مەن كەۋسەرنى سەدىردىنگە چېتىپ قويارمىز دەپ يۈرەتتىم، بىر يۇرت، بىر مەھەللە ئەمەسمۇ، بۇ قاملاشمىغان ئىشنى كۆرمەمدىغان ئەمدى.

— ئويىمىز بىركەن، دادىسى، مەنمۇ بۇ گەپنى سىلىگە دەي دەپ تۇراتتىم، سەدىردىن شۇنداق بوي - بەستلىك، ئېسىل خۇلق - مىجەزلىك بالا بوپتۇ، ئۇلارنىڭ رىزقى قوشۇلسا گۈلى گۈلىگە كېلەتتى، ھەر ئىككىسى يېنىمىزدا تۇرسا بىزگە يۆت - قول بولاتتى ئەمەسمۇ!

— سىلى مۇشۇ پۇرسەتتە كەۋسەرگە ئوبدانراق گەپ قىلىڭلا، بىز ئامال بار ئۇنى نىيىتىدىن ياندۇرۇشقا تىرىشىپ كۆرەيلى.

ئۇلار بىرپەس مۇشۇ تەرزدە مۇڭداشتى. ئەتىسىدىن باشلاپ بارات نىياز بالىنىستا كەۋسەر بىلەن دېگۈدەك كېلىپ - كېتىپ تۇرۇۋاتقان تەلئەتكە بولغان مۇئامىلىسىنى ئازراق ئۆزگەرتتى، بۇ ئارقىلىق ئۇ ئىككىسىنى چېكىپ كۆرمەكچىدى، زۆلەيخانمۇ تەلئەتكە رەھمەت ئېيتقان بولۇپ ئەتەي:

— سىلىنى كۆپ جاپاغا سېلىۋەتتۇق، بالام، ھازىر خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم، سىلىنىڭمۇ ئوقۇشلىرى ئالدىراشتۇ ھەقىچان، مېنى يەنە يوقلايمەن دەپ ئاۋارە بولمىسىلا! — دېسە،

بارات نىياز تەلئەت بىلەن سەدىردىن بالنىستتا جەم بولۇپ قالغان كۈنلەردە سەدىردىنگە بۆلەكچە يېقىنچىلىق قىلىپ:

— تاماق يېدىڭمۇ، قورساقنى ئاچ قويما، بالام، يۈر، تاماق يەپ كىرەيلى، — دەيتتى. بۇنداق چاغدا كەۋسەرنىڭ چىرايى سەل ئۆڭەتتى، تەلئەت بولسا جىم بولۇپ قالاتتى. بۇگۈنمۇ شۇنداق بولدى، ئۇ ئىككىسىدىن بۇرۇن كەلگەن سەدىردىن زۆلەيخانىنىڭ يېنىدا ئاقتاشنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى توغرىسىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. سومكىلاردا تۈرلۈك قۇۋۋەت يېمەكلىكلىرىنى ئېلىپ كېلىشكەن كەۋسەر بىلەن تەلئەت بارات نىيازنىڭ چىرايىدىكى سوغۇق ئىپادىنى كۆرۈپ بىر قىسملا بولۇپ قېلىشتى. بىركەمدە زۆلەيخان:

— تۈنۈگۈن ئىككى تال نەشپۈت يېگەنىدىم، يۆتىلىم سەل بېسىقتى، — دېۋىدى، شۇئان بارات نىياز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ سەدىردىنگە سۇنغىنىچە:

— سەدىردىن، بۈگۈن بالام، زۆلەيخان ئاناڭغا نەشپۈت ئېلىپ كىر، ئۇنىڭ بۈگۈن نەشپۈتكە كۆڭلى تارتقان بولسا ئىككىمىز ئۇنى ئوبدان بىر كۈتۈپ قويايلى، — دېدى.

سەدىردىن چاققانلىق بىلەن نەشپۈت ئەكىرىشكە ماڭدى. كەۋسەر شۇ تاپتا تەلئەتنى بەتتەر ئازابلانماقتا ئىدى. قىسقىسى، دادىسىنىڭ بۇ خىل ئىشلىرى ئۇنىڭ تەلئەتكە بولغان ئوتلۇق سۆيگۈسىگە ئەجەللىك زەربە بولۇۋاتاتتى، سەدىردىنمۇ ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى، ئۇ نەشپۈتنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن دەرھال بالنىستتا كىرمەي، بىر دەم لاغايلاپ يۈردى، كۆڭلىدە تەلئەتنىڭ بايامقى پىغانلىق ھالىتىنى كۆرمىسەم بولاتتى دەپ ئويلاۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا ئۇ تەلئەتنىڭ دوختۇرخانا دەرۋازىسىدىن چىقىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈش بىلەن كۆڭلى ئازراق ئارامغا چۈشۈپ بالنىستقا كىردى. بىردەمدىن كېيىن بارات نىياز سەدىردىنگە:

ــ بالام، كەۋسەر ئانىسىغا ھەمراھ بولىدىغان چېغى، مېنى ئۆكتەبىر تىراكتور زاۋۇتىغا باشلاپ بار، ئازراق ئىشلىرىم بار، بىر ياقتىن تۆگەتكەچ تۇراي ــ دېدى.

شۇنداق قىلىپ، ئىككىسى سىرتقا چىقىپ كەتتى. كەۋسەرنىڭ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ چوڭقۇر ئويغا پېتىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن زۇلەيخانىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى، بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئۇ كەۋسەرنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرۇۋاتاتتى.

ــ قىزىم، يېنىمغا كەلگىنە، ــ دېدى زۇلەيخان مېھرىبانلىق بىلەن.كەۋسەر ئورۇندۇقنى سۈرۈپ ئانىسىنىڭ كارىۋىتىغا يېقىن كېلىپ ئولتۇردى. زۇلەيخان كەۋسەرنىڭ چوڭقۇر ھەسرەت ئۇچقۇنداپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى. ئۇ كۆزلىرىنى ئالمان - تالمان سۈرتۈپ كەۋسەرنىڭ يۇمىلاق يۈزىنى ئۇرۇق ئالىقانلىرى بىلەن سىلىدى، ــ بۆلەكچىلا جۈدەپ قالدىڭ، بۇ يەرگە كېلىپ سېنىمۇ ئارامىڭدا قويمۇدۇم، مەن ئۆز ئانالىڭ بولغاندىكىن قانداق گېپىڭ بولسا دېگىن، بۇ ھالىتىڭگە قاراپ كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم بولۇۋاتىدۇ. ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا سېنى قىيناپ قويسام دۇرۇس بولمايدۇ، بىلسەڭ، سېنىڭ غېمىڭدىن باشقا غېمىم يوق. ياشايدىغاننى ياشىدىم، يەيدىغاننى يەپ، كىيىدىغاننى كىيدىم، جېنىم قىزىم، گەپ قىلغىنە! بۈگۈن قانداق گېپىڭ بولسا دەۋالغىن، ئاپپاق قىزىم!......

كەۋسەرنىڭ ۋۇجۇدى ياپراقتەك تىترەشكە باشلىدى. ئانىسىنىڭ قولىنى ئالىقانلىرىغا قىسقىنىچە بېشىنى كارىۋاتنىڭ لېۋىگە قويۇپ ئۆپكىدەپ يىغلاپ تاشلىدى. شۇ تاپتا ئۇ پۈتكۈل جىسمىنى لەرزىگە سالغان بۇ يىغىنىڭ شۇنچە تېز، شۇنچە ھەسرەتلىك ھالدا قايسى قىسمەتتىن ھاسىل بولغانلىقىنىمۇ ھېس قىلالماي قالدى. راست، ئۇ شۇ تاپتا ئانىسىنىڭ ئېغىر كېسەل بولۇپ، بىر پۈتىنىڭ گۆرگە ساڭگىلاپ قالغان بەختسىزلىكىگە ياكى ئۆزىنىڭ تەلئەتكە بولغان

يالقۇنلۇق سۆيگۈسىنىڭ تۇمان ئارىسىدا قالغانلىقىغا يىغلىسۇنمۇ ۋەياكى هاياتىدىكى قىسمەتلەرنىڭ بىر يولىلا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۆزىنى ئامالسىز هالدا قالدۇرغانلىقىغا يىغلىسۇنمۇ! كەۋسەر يىغلايدۇ، هەر ئىككىسىگە يىغلايدۇ، يىغىسىلا ئۇنىڭغا ئازراق يېنىكلىك ئاتا قىلالايدۇ. يۈرىكىدىكى دەرد - ئەلەملەرنى ياش كەلكۈنى ئېقىتىپ تاشقىرىغا چىقىرىۋېتەلەيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ قولاق تۈۋىدە ئىككى كۈن ئىلگىرى دوختۇرنىڭ كۈتۈلمىگەندە: «ئانىڭىزنىڭ يۈرەك كېلاپانلىرى كېڭىيىپ كېتىپتۇ، بەدەندە ئىششىق كۆرۈلسىلا ئەهۋالنىڭ ئېغىرلاشقانلىقى شۇ، ئىمكانىيەت يار بەرگەن ئەهۋالدا تىرىشىپ كۆرىمىز، شۇنداقتىمۇ ئۈمىد ناهايىتى ئاز» دېگەن سۆزلىرى بىلەن، تەلئەتنىڭ «كەۋسەر، سەزدىڭىزمۇ؟ ئاتا - ئانىڭىز بىزنىڭ ئىشىمىزغا قوشۇلمايدىغاندەك تۇرىدۇ، مۇبادا ئۇلار ھەقىقەتەن قوشۇلماي تۇرۇۋالسا قانداق قىلارمىز» دېگەن سۆزلىرى ياڭراپ ئاراملىق بەرمەيتتى. شۇڭا، ئىككى كۈندىن بېرى يۈرىكىدە يىغلاپ، كۆز ئالدىدىكى ئىشلارنى دەڭسەپ كۆرگەن ھەمدە بارلىق ئۈمىدىنى ئانىسىنىڭ كېسىلىنىڭ ياخشىلىنىشىغا باغلىغانىدى، ئۇ ئەقلىگە كەلگەندىن بېرى ئانىسى ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىدىن قول ئۈزمەي، دېھقانغا خاس جاپاكەشلىك بىلەن كىيىم - كېچەك يىراق ياشاپ كېلىۋاتاتتى. دادىسى بارات نىياز دائىم سىرتنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش يۈرگەچكە، ئائىلىسىنىڭ جىمى ئېغىرچىلىقى زۇلەيخانىڭلا چۈشەتتى، بارات نىياز خىزمىتىدە قانداق ئۆزگىرىش بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئىلگىرىكى جاپاكەشلىكى، مۇلايىملىقى، مېھماندوستلۇقىنى يوقاتماي كېلىۋاتاتتى. كەۋسەر مۇشۇلارنى ئويلىغانسېرى ئۆكسۈپ يىغلايتتى، يىغلاپ تۇرۇپ ۋىجدانىغا ۋەزنى ئېغىر سوئاللارنى قوياتتى. زۇلەيخان كەۋسەرنىڭ ئۆكسۈپ يىغلىشىغا ئاخىر تاقەت قىلالمىدى:

— بولدى، قىزىم، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، سەن بۇنداق يىغلىساڭ

مەنمۇ يىغلىماي تۇرالمايدىكەنمەن.

— جېنىم ئانا، سەن يىغلىما، مەنلا يىغلىۋالاي، — كەۋسەر شۇ تاپتا ئانىسى كېسەل كارىۋىتىدا بولمىغان بولسا ئۆزىنى ئۇنىڭ قۇچىقىغا تاشلاپ، بوينىغا گىرە سېلىپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق يىغلىغان بولاتتى. شۇ ئەسنادا دورا ئېلىپ كىرگەن سېستىرا:

— ئانىڭىزنى ئاۋايلاڭ! بۇنداق يىغلىسىڭىز ئانىڭىزنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالىدۇ! — دېدى.

كەۋسەر شۇندىلا بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى. قىزنىڭ بۇنداق ئېچىنىشلىق يىغلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن زۇلەيخانىڭ يۈرىكى لەختە بولغانىدى، ئۇ سېستىرا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن دېدى:

— يىغلىما، قىزىم، خۇدايىم ئىشلىرىڭنى ئاسان قىلسۇن، ماڭا دېگىنە، ئۇرۇمچىدە قالاي دېدىڭمۇ؟

— جېنىم ئانا، مەندىن بۇ گەپلەرنى سورىمساڭچۇ!

— ئۇنداق دېمىگىن، تەلئەت ناھايىتى ئوبدان بالىكەن، ئوقۇشۇڭمۇ تۈگەۋاتىدۇ، بۇ ئىشلارنىمۇ ئويلىماي بولمايدۇ. بۇ بالىنىڭ ئۆزۈڭگە ۋاپا قىلىشىغا ئىشەنچ قىلالىساڭ مەن داداڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقاي، ئىلگىرى بۇ ئىشنىڭ ئازراق شەپىسىنى ئاڭلاپ قوشۇلغۇم كەلمىگەنىدى. بۇ ھالىڭغا قاراپ نېمىمۇ دەيمەن، ئانا بالىسى ئۈچۈن سۈتىنىلا ئەمەس، جېنىنىمۇ بېرەلەيدۇ، قىزىم، سەن بۇلارنى ئانا بولغاندا چۈشىنىسەن، مەندىن يوشۇرماي راست گەپنى دېگىن، ئۇ بالا بىلەن شۇنداق پۈتۈشتۈڭمۇ؟

— بىز بىر - بىرىمىزنى بەكمۇ ياخشى كۆرۈشىمىز، ئانا، ساڭا مۇشۇنىلا دېيەلەيمەن، ئەمدى مەندىن گەپ سورىما!

— مەن سېنىڭ ئاناڭ تۇرۇپ بۇ ئىشلارنى سورىمسام بولامدۇ.

— ئۆزۈڭ قوشۇلامسەن، ئانا؟

— قوشۇلماي يەنە قانچىلىك ئۆمۈر كۆرەرمەن، قىزىم، سەن

خۇش بولىدىغان ئىش بولسا......
— ساڭا رەھمەت، ئانا!
كەۋسەرنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرى بىردىنلا ياقۇتتەك چاقناپ كەتتى، ئانىسىنىڭ قوللىرىنى مەڭزىگە يېقىپ كۆزلىرىنى يۇمدى. شۇ كۈنى كەچتە كەۋسەر مەكتەپكە كەتكەندىن كېيىن زۆلەيخان بۇ ئىشلارنى بارات نىيازغا ئېيتتى، ئاخىرىدا:
— سىلى - بىز ھايات تۇرۇپ كەۋسەرنىڭ كۆزىدىن ياش ئاقتۇرساق ئادەم چىداپ تۇرغىلى بولمايدىكەن، سىلى ئۇنىڭ يىغلاپ كەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈڭلا بىلەن كۆرگەن بولساڭلا قانداق قىلاتتىڭلاركىن بۇنى بىلمەيمەن. ھەرھالدا ۋاپادار بالا بولدى، خۇدا ئىنساب بەرسە، بىزنى يوقلاپ تۇرار، ئۇنىڭ ئۆرۈمچىدە قېلىشىغا قوشۇلمىساق بولمىغۇدەك......
— بولدى، گەپ قىلماڭلا، سىلى بۇرنۇڭلىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈسىلە، بۇنداق ئىشتا يۈرەككە تاش قويمىساق بولمايدۇ، تېخى تۈنۈگۈنلا بۇ ئىشقا قوشۇلمايۋاتاتتىڭلاغۇ، كەۋسەرنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرۈپلا ئەجەب يۇمشاپ قاپسىلە، بالىغا تۆت ئېغىز ئوبدانراق نەسىھەت قىلساڭلا بولماسمىدى!
— كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم مەنمۇ ئۇنىڭ ئۆرۈمچىدە قېلىشىغا چىدىمايمەن، بۇ ياشقا كەلگەندە بىر قىزىمىز ئۆرۈمچىدە دەپ بۇياققا قاراپ كۈن ساناپ بولالامدۇق، ئەممازە، ھېلىقى تەلئەت دېگەن يالا بىلەن ئىككىسى كۆڭۈل تارتىشىپ قالغان تۇرسا قانداق قىلىمىز ئەمدى؟
— ئادەم دېگەن ئەقلىنىڭ كەينىگە كىرمەي، كۆڭلىنىڭ كەينىگە كىرسە ھەربالاغا يولۇقىدۇ، ئانىسى! كەۋسەر يۇرتقا قايتىپ سەدىردىن بىلەن ياخشى ئۆتسە بولمىدىمۇ، سەدىردىنمۇ ئۆز بالىمىزغا ئوخشاشقۇ! بولدى، سىلى ئارىلاشماي، كېسىلىڭلىنى تارتىپ يېتىڭلا، قالغان ئىشلارنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلاي.

— نىمە قىلساڭلا مەيلى، ئەمما كەۋسەرگە ئازار بېرىدىغان ئىشنى قىلماڭلا، كۆڭلى بەك ئىنچىكە بالا بولدى. ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش چىقار بولسا، مېنىڭكىدىن قان چىقىدۇ......

— بۇنى بىلىمەن.

شۇ كۈندىن باشلاپ بارات نىياز بۇ ئىشقا باش قاتۇرۇشقا باشلىدى. دەسلەپتە كامىنۇر بىلەن ئايرىم پاراڭلىشىپ، كەۋسەرنىڭ ئۇرۇمچىدە قىلىشىغا قەتئىي قوشۇلمايدىغانلىقىنى، كەۋسەرنىڭ باشقا ئىشلارنى ئويلىمىغاندىمۇ ئانىسىنى ئويدانىراق ئويلاپ قويۇشىنى دېگەن بولسىمۇ، كەۋسەر ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي تۇرۇۋالدى، بارات نىياز بۈگۈن پىلانى بويىچە تەلئەت بىلەن بىۋاسىتە مۇڭداشماقچى بولغانىدى، زۇلەيخان «بۇنداق قىلساڭلا يولسىزلىق بولىدۇ» دەپ توسۇپ قويدى. كېيىن سەدىردىننى ئارىغا سېلىشنى ئويلىدى - يۇ، بۇنداق قىلىشنىڭمۇ ئەقىلگە سىغمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، ئۇ ئامالسىز قالغانسېرى شۇنچە جىمغۇرلىشىپ كېتىۋاتاتتى، كەۋسەر دادىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى تۇيۇپ يۈرەتتى، ئۇ ئانىسىغا يېلىنىپمۇ ھاردى. بۈگۈن بارات نىياز بالىنىستىتا بىرھازا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن كوچىغا چىقىپ كەتتى. كەۋسەر ئانىسىنىڭ دورىسىنى ئېچۈرۈۋاتاتتى، دوختۇر كىرىپ دادىسىنى سورىدى. كەۋسەر:

— دادام سىرتقا چىقىپ كەتتى، قانداق گەپ بولسا ماڭا دەڭ، دوختۇر، — دېيىدى، دوختۇر ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ كېسەل كۆرۈش ئۆيىگە ئەكىردى. كەۋسەر دوختۇرنىڭ ئۈستەلدىكى كېسەل تارىخى دەپتىرىنى ۋاراقلاپ نېمىنىدۇر ئىزدەۋاتقان ھالىتىگە قاراپ سەل ئەنسىرەپ قالدى، بىردەمدىن كېيىن دوختۇر:

— دادىڭىز بولسا ياخشى بولاتتى، مەيلى سىزگە ئېيتاي، ئانىڭىزنىڭ كېسىلى ھازىر ئېزگىنلەندى، شۇنداقتىمۇ يەنە قوزغىلىش ئېھتىماللىقى كۆپ، ئاسمىنى كۆپ سېلىۋەتسەك قورساق

قىسمىغا سۇ چۈشۈشى مۇمكىن، بىر قىسىم ياخشى دورىلارنى يېزىپ قويدۇم، قايتۇرۇپ كېتىپ بىر مەزگىل ياخشى كۈتۈڭلار، يۈرەككە بېسىم چۈشىدىغان چارچاش، نېرۋىسى قوزغىلىش، ئىچى پۇشۇش ـ سىقىلىش دېگەندەك ئىشلار بەك زىيانلىق، زۇكام بولۇشتىن، بولۇپمۇ سوغۇق ئۆتۈپ قېلىشتىن قاتتىق ساقلانسا بولىدۇ. پۇت ـ قولىدا پەۋقۇلئاددە ئىششىش ئالامىتى كۆرۈلسە دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ كۆرسىتىڭلار، يەنە......

ـــ دوختۇر، ئانامنىڭ كېسىلى خېلى ئېغىرمۇ؟ ـــ كەۋسەرنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ، نېپىز لەۋلىرى تىترىدى.

ـــ سىز ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىكەنسىز، شۇڭا يوشۇرۇپ ئولتۇرماي ئېنىقىنى دەۋېرەي، ئۆپكە مەنبەلىك يۈرەك كېسىلى مۇرەككەپ كېسەللىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانىڭىزنىڭ يېشىمۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ. مۇھىمى ۋاقتىدا ئېلىپ كەلمەپسىلەر، مەن ھەممە تەرەپلەرنى نەزەرگە ئېلىپ بۇ گەپنى دەۋاتىمەن، يۇرتۇڭلار يىراق، سىز باشقىچە ئويلىنىپ قالماڭ، نۇرغۇن كېسەللەر بالنىستتىن چىقىپ كېتىپ ياخشى بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار كۆپ ئۇچرايدۇ، مەقسىتىمنى چۈشەندىڭىزمۇ؟

ـــ چۈشەندىم.

كەۋسەر پەرىشان ھالدا كارىدورغا چىقىپ بىر دەم تۇرۇپ قالدى، ئۆكسۈپ يىغلىغۇسى كەلگەن بولسىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

كەۋسەر ئەتىسى چۈشكە يېقىن دوختۇرخانىغا كەلدى، ئۇزاق ئۆتمەيلا سەدىردىنمۇ كەلدى، بۇ چاغدا بارات نىياز دوختۇرخانىدىكى رەسمىيەتلەرنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولغانىدى، ئۇلار زۆلەيخانىنى بالنىستتىن ئېلىپ چىقىپ دۆڭكۆۋرۈكتىكى بىر مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتى. كەۋسەر ئانىسىنىڭ دېگىنىگە كۆنمەي ئۇلارنىڭ يېنىدا قونۇپ قالىدىغان بولدى. قاراڭغۇ چۈشۈپ ياتاقنىڭ ئىچى تىمتاسلىقتا چۆمدى، زۆلەيخان ئەتىدىن بېرى

بىرئاز چارچاپ قالغاچقىنىكىن ياستۇققا بېشىنى قويۇپلا كۆزىنى يۇمدى. كەۋسەر مىسكىن هالدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان دادىسىغا پات - پات يەر تېگىدىن قاراپ قوياتتى، ئۇنىڭ كۆزىگە دادىسى مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە قېرىپ مۈكچىيىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. دەرۋەقە يەرگە گۈس - گۈس دەسسەپ مېڭىپ، گەپ قىلىپ هارمايدىغان بارات نىيازنىڭ كۆزلىرى ئۇرۇمچىگە كەلگەندىن بۇيان بۆلەكچە ئولتۇرۇشۇپ، ئاۋازىمۇ پەسلەپ قالغانىدى، ئۇنىڭ چىرايىدىكى قورۇقلار بىلەن، چاچلىرىدىكى ئاقمۇ كۆپىيىپ كەتكەنىدەك قىلاتتى. ئاھ، دادا مېھرىمۇ ئانا مېھرىگە ئوخشاشلا شۇنچە ئىللىق، شۇنچە ئۇلۇغ. كونىلار: ئانا باغ، ئاتا تاغ دەپ بىكار ئېيتمىغان! شېرىن - شەربەتلىك مېۋىلەرگە تولغان بېغى بىلەن ئالەمنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان تېغى بار ئادەملەرنىڭ شادلىقى قانچىلىك، ئۇلار بولمىسچۇ؟ كەۋسەر ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە دادىسىغا بىردىنلا ئىچى ئاغرىپ قالدى. ئۇ ئوبدان بىلەتتىكى، ئەقلىگە كەلگەندىن بېرى دادىسى دېھقانلارنى باشلاپ سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىدا، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانلىرىدا، داللاردا چېپىپ يۈرەتتى، داۋاملىق ئالدىراش ئۆتكەچكە سوۋۇپ قالغان تاماقنى يېيىشكە مەجبۇر بولاتتى. يېزا باشلىقلىقىغا سايلانغاندىن كېيىن قولى كەتمەندىن بوشىغان، تېنىگە ئەت قونۇپ، قارامتۇل چىرايى خېلى ئاقارغان بولسىمۇ، كۆڭلى ئادەت يەنە ئارامسىدا قويمىدى. ئۇنىڭ يەنىلا دېھقانلار بىلەن داللاردا چېپىپ يۈرگىنى يۈرگەنىدى. شۇ تاپتا كەۋسەر دادىسىغا قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان يۈرەك سۆزلىرىنى دېيىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر جۈرئەت قىلالمىدى.

كەۋسەر كېيىنكى ئۈچ كۈن جەريانىدا ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچىدە قېلىش ئىشى توغرىسىدا بىرەر گەپ قىلىشىنى تەمە قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلار بۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدى.

پىلان بويىچە بۇگۈن بارات نىياز زۇلەيخانىنى ئېلىپ يۇرتقا قايتىشقا تـايىن تـاپتى. كەۋسـەر، سـەدىردىن، تەلـئەت قاتـارلىقلار ئـۇلارنى ئۇزىتىـپ قويـۇش ئۇچـۇن كېلىـشكەنىدى، شـۇنداق قىلىـپ، ئايرىلىدىغان مىنۇتلار ئاخىر يېتىپ كەلدى.

— بـالىلىرىم، — دېـدى بـارات نىيـاز ھەممەيلەنـگە تەكـشى قارىۋەتكەنـدىن كېيىن سـەممىي تەلەپپۇزدا، — بىـز ئـۇرۇمچىگە كەلگەندىن بېرى سىلەرگە كۆپ جاپا سالدۇق، بىزگە قارايمىز دەپ تـۇزۇكرەك ھـاردۇقمۇ ئالالمـىدىڭلار، سـىلەرگە كـۆپتىن - كـۆپ رەھـمەت، بىـز ماڭـايلى، سـىلەرمۇ مەكتىپىڭلارغـا بېرىـپ ئـۆز ئىـشىڭلارنى قىلىڭـلار، — بـارات نىيـاز نېمىـشقىدۇر سـۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي كـۆزىگە لىققىـدە ياش ئالـدى. كېيىن كەۋسـەرنى يانغـا تارتىـپ ئالـدىن تەييـار قىلىـپ قويغـان بـولاقنى ئۇنىڭغـا سۇندى، — قىزىم، بۇ يۇرتىمىزنىڭ قۇرۇق مېۋىسى، ئېلىـپ قـال، ئاداشلىرىڭ بىلەن ئېغىز تېگەرسىلەر، بىز ماڭايلى، ئۆزۈڭنى كـۆپ ئاسرا، گېپىمنى ئاڭلاپ مۇشۇ يەردىلا قـال، ئانـاڭ سـاڭا تارتىـشىپ يىغلىغىلـى تۇرسـا كېـسىلى قوزغىلىـپ قالىـدۇ. بىزنـى سـەدىردىن ئۇزىتىـپ قويىـسىلا بـولـدى، — ئـۇ يىرىـك ئالىقـانلىرى بىـلەن كەۋسەرنىڭ مەڭزىنى سىلاپ قويدى. ئاندىن سەدىردىنگە ئىشارەت قىلدى. سەدىردىن كىرا ماشىنىسىنـى تـوسۇپ نەرسە - كېرەكـ- لەرنى جايلاشتۇردى، ئېغىـر نەپەس ئېلىپ ئـاران ئـۆرە تۇرغـان زۇلەيخـان ئۆپكىـدەپ يىغلىغـىنچە كەۋسـەرنى باغرىغـا باسـتى، ھەممەيلەننىڭ كۆزى نەملەندى.

بارات نىياز بىلەن سەدىردىن زۇلەيخانىنى يۆلەشتۈرۈپ ماشىنىغا جايلاشتۇرغاندىن كېيىن، ماشـىنا ئىچىـدىن زۇلەيخانىنـىڭ بوغۇلـۇپ يىغلاپ:

سـېنى...... سـېنى خۇداغـا تاپشۇردۇم، قىـزىم! — دېـگەن زەئىـپ ئـاۋازى ئاڭلانـدى. كېيىن بـارات نىيـاز ماشـىنىغا چىقىـپ

ھەممەيلەنگە زەن سېلىپ قارىغاندىن كېيىن:

ــ ئامان بولۇڭلار، بالىلىرىم، خۇداغا ئامانەت! ــ دەپلا ئالىقانلىرى بىلەن يۈزىنى ياپتى.

سەدىردىن شوپۇرغا ماشىنىنى ھەيدەشنى ئېيتتى، قىزىل رەڭلىك كىرا ماشىنىسى ھەش ـ پەش دېگۈچە يولدىكى ھەر خىل ماشىنىلارنىڭ ئارىسىدا غايىب بولدى، ئورنىدا قاققان قوزۇقتەكلا تۇرۇپ قالغان كەۋسەر شۇ تاپتا كۆز ئالدىدا نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىزدەك كۆرۈنەتتى. مىرئادىل كامىنۇرغا بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلىغانىدى، ئۇ كېلىپ كەۋسەرنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

ــ ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، ئۇلار ئۇزاپ كەتتى، بىزمۇ قايتايلى، ــ دېدى. كەۋسەر شۇ چاغدىلا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئايروپورتقا كېتىپ بولغانلىقىنى، ئايروپورتقا ئەمەس، ئاقتاشقا قاراپ ماڭغانلىقىنى بىلدى، كۆز ۋە ئەقىل رېئاللىقنى بۇرمىلىيالمايتتى. ھەقسەقەتەن ئۇنىڭ يېنىدا ئەمدى نىمجان ئانىسى، كۆيۈمچان دادىسى يوق ئىدى. بىركەمدە كەۋسەر خۇددى ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك:

ــ ئانا! ــ دېدى ـ دە، كامىنۇرنى قۇچاقلىغىنىچە يىغلاپ تاشلىدى.

*　　　*　　　*

تەلئەتنىڭ ھەسرەتكە پېتىپ يۈرگىنىگە خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغانىدى، كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭلا ئەمەس، ئۇلارنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئەتىۋارلىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ كەلگەن تەلئەت ئۈچۈن بۇ كېلىشمەسلىك بەكمۇ ئېغىر كېلىۋاتاتتى، ئۇ ھازىرغىچە بىرەر نەرسىگە ئىگە بولۇشنى خالىسا ھەش- پەش دېگۈچە ھەممە تەل

بولاتتى، ئاتا ـ ئانىسىغا ئۆزلىرىنىڭ ساداقىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن پايپېتەك بولۇپ يۈرۈشكەن ئاشۇ كىشىلەر ئاۋۋال تەلئەتنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشقا ئەجىر قىلىشاتتى، دېمىسىمۇ تەلئەتنىڭ كۆڭلى ئۇتۇلسا ئۇلار مەقسەتلىرىگە ئاسانلا يېتەلەيتتى، تەلئەت مۇشۇ خىل مۇھىت ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەچكە، ئۇنىڭ نەزەرىدە بۇ دۇنيادا ئۇ ئېرىشەلمەيدىغان نەرسە يوق ئىدى. ئەپسۇس، ئۇ كۆتۈلمىگەندە ھاياتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىگە، يەنى تۇنجى سۆيگىنى كەۋسەرگە ئېرىشەلمەيدىغاندەك قىلاتتى، بۇ كېلىشمەسلىك ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەي قالاتتىمۇ! بۇ ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا نىسبەتەن تەسەۋۋۇرغا سىغمايدىغان ئاجايىپ رەھىمسىز تاسادىپىيلىق ئىدى. ئۇ مانا مۇشۇ كۆڭگىچە جاھاننىڭ بارلىق ئىشلىرىنى شۇنچە ئاسان دەپ قاراپ كەلگەچكە، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىلا، بۇ دۇنيانىڭ ئىنسان رايىغا باقمايدىغان نۇرغۇنلىغان تاسادىپىيلىقلارغا تولغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى. ئېنىقراق ئېيتقاندا ئاشۇ كۈنى بارات نىياز زۆلەيخانى ئېلىپ يۇرتقا قايتىش ئالدىدا كەۋسەرگە قالدۇرغان بولاقتىكى بىر پارچە خەت ئۇنىڭ كەيپىنى مۇشۇ دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى، ئاشۇ بىر پارچە خەت ھەقىقەتەنمۇ كەۋسەر بىلەن تەلئەتنىڭ سۆيگۈگە سادىق قەلبىنى داغدا قويدى.

شۇ كۈنى كەچلىكى ھەممەيلەن تەلئەتنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يېڭىلا تىجارەت باشلىغان كۆركەم رېستورانىنىڭ ئايرىمخانىسىغا جەم بولغانىدى، ھەممىنىڭ نەزەرى بارات نىياز ھېلىقى بولاقتا قالدۇرغان خەتكە مەركەزلەشكەنىدى. ئەلۋەتتە ئاشۇ خەتتە كەۋسەر بىلەن تەلئەتنىڭ كېيىنكى ئىشلىرى ئۈستىدە بارات نىياز بىلەن زۆلەيخانىڭ ئاخىرقى قارارىنىڭ بارلىقى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى، خەتنى تەلئەتنىڭ تەلپىگە ئاساسەن مىرئادىل ئوقۇدى، بارات نىيازنىڭ خېتى قىسقىلا يېزىلغان ئىدى:

«سۆيۈملۈك قىزىم كەۋسەر، ئوغلۇم تەلئەت، مەن بىرنەچچە كۈندىن بېرى كۆپ ئويلىنىپ، ئاخىر سىلەرگە بۇ ئاددىي خېتىمنى قالدۇرۇشنى لايىق تاپتىم. ئىككىڭلارنىڭ خېتىمنى تەپسىلىي كۆرۈپ، ئويلاپ كۆرۈشۈڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۆزۈم بىر يېزىنىڭ باشلىقى بولساممۇ نامراتلىق تۈپەيلىدىن ئىلگىرى تۈزۈكرەك ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولالمىغان، ھازىرغىچە يېزىدىلا ئىشلەپ كەلگەنلىكىم ئۈچۈن گەپ - سۆزلىرىم ئازا قولاشمايدۇ، گەپ - سۆزلىرىم ئاققا - تۇققا بولۇپ قالغان بولسا مېنى ئەپۇ قىلارسىلەر، مەن زۇلەيخاننى داۋالىتىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن ئىككىڭلارنىڭ كەلگۈسىدە بىرگە ئۆتۈش نىيىتىگە كەلگەنلىكىڭلارنى ئۇقتۇم. يۈرىكىمدىكى گەپنى دېسەم، بىر ئاتا قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز پەرزەنتىنىڭ كەلگۈسى ئىشلىرىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشنى، ئۆز بەختىنى تېپىۋېلىشىنى ھەر ۋاقىت ئارزۇ قىلىدۇ، مەنمۇ شۇنداق، مەن سىلەرنىڭ بىللە ئۆتۈش نىيىتىگە كەلگىنىڭلارنى تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى دەپ بىلىمەن، بىراق بىزنىڭ ئائىلىمىز باشقا ئائىلىلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ، ئېنىقراق ئېيتسام، مەن بۇرۇندىن تارتىپ يېزىنىڭ ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئائىلىمىزنىڭ بارلىق جاپاسىنى زۇلەيخانغا قالدۇرۇپ كەلگەن ئادەممەن، زۇلەيخان بۇ جاپالارغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئاخىر يىقىلدى، بۇ جاپاكەش مەزلۇم ھازىرغا كەلگۈچە يۇرتداشلارنىڭ خاپىلىقىنى تەڭ تارتىپ كەلدى، مۇشۇ كۈنگىچە ئۇنىڭغا ئۆز قولۇم بىلەن بىرەر كىيىملىك رەخت ياكى ئۇ ئامراق نەرسىلەرنى ئېلىپ بەرمەپتىمەن. بۇلارنى ئويلىسام كۆڭلۈم

*بەكمۇ يېرىم بولىدۇ. ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ قايسى ھالدا ئىكەنلىكىنى سىلەر ئوبدان بىلىسىلەر. بىز يۇرتقا قايتقاندىن كېيىن نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى خۇدايىم ئۆزى بىلىدۇ، لېكىن شۇنىسى ئېنىقكى، مەن زۇلەيخانىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى شۇنچە خالىسامۇ يېزىمىزدىكى بىرتالاي ئىشلار مېنى ئارامىمدا قويمايدۇ. يۇرتقا بارغاندىن كېيىن مەن خىزمەت ئېھتىياجى تۈپەيلى يەنىلا سىرتلاردا يۈرۈپ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمايمەن، قىزىم كەۋسەر، ئاچىلىرىڭىزنىڭ ئەھۋالى سىزگە ئايان، ئۇلار ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئەھدىسىدىن ئارانلا چىقالايدۇ، ئانىڭىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا ئېرىشنالمايدۇ، كېسەل دەستىدە ئىنجىق بولغان مەزلۇمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا ئادەم بولمىسا قانداق بولار، بۇ ئىش توغرۇلۇق بېشىم بەكمۇ قاتتى، سىلەرگە دەردىمنى مۇشۇنچىلىك تۆكەي، بىزنىڭ يۇقىرىقى تەڭقىسلىقىمىزنى نەزەرگە ئېلىپ ئوبدان ئويلىنىپ كۆرۈڭلار، سىلەرنىڭ بىزنى تەڭلىكتە قالدۇرمايدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمەن.»*

خەت ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن كەۋسەرنىڭ روھى تەلئەتىنىڭكىدىن بەكرەك چۈشۈپ كەتتى، گەرچە دادىسى خەتتە ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچىدە قېلىشىغا قوشۇلمايدىغانلىقىنى ئېنىق ئىپادىلىمىگەن بولسىمۇ، كەۋسەر خەتنىڭ پۈتۈن مەزمۇنىدىن قوشۇلمايدىغانلىقىنى پەرەز قىلدى. كامىنۇر كەۋسەرگە سوغدۇشۇپ ئولتۇرۇپ كۆڭلىنى ياساشقا ئۇرۇناتتى. مىرئادىل چوڭقۇر ئويغا پاتقان ئىدى، بىردەمدىن كېيىن ئۇ:

— ئىككىڭلار بىلىڭلارنى قويۇۋەتمەڭلار، مېنىڭچە بۇ ئىشتا زىخنىمۇ، كاۋاپنىمۇ كۆيدۈرمەيدىغان مۇۋاپىق چارىنى چوقۇم

تاپالايمىز، ــ دېدى ئارىدىكى جىملىقنى بۇزۇپ.

ــ مەن بۇرۇنلا تەسەۋۋۇر قىلغان، دېگىنىمدەك بولدى مانا. ژۇۋان سۇرمەسلىك قارشى تۇرۇشنىڭ يەنە بىر خىل ئۇسۇلى دېگەن گەپ بار. دادىڭىزنىڭ ئۆتكەن كۈنلەردە بۇ ھەقتە ئوچۇق - يورۇق پوزىتسىيە بىلدۈرمىگەنلىكى سىزنىڭ ئۇرۇمچىدە قېلىشىڭىزغا قوشۇلمىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، ئۇ نېمىشقا بۇنداق قىلىدىغاندۇ؟ــ دېدى تەلئەت كەۋسەرگە ئېچىنىش نەزەرىدە قاراپ. ئۇنىڭ چىرايىنىڭ بارغانسېرى تۇتۇلۇۋاتقانلىقىدىن شۇ تاپتا بەكمۇ ئازابلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

ــ تەلئەت، دادام كۆرۈنۈشتە غەرەز ئۇقمايدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئىشلارغا خېلى ئىلمىي قارىيالايدۇ، ئۇ خېتىدە يازغىنىدەك بۇ قېتىم ھەقىقەتەن ئامالسىز ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئۇنى مۇشۇنداق قىلىشقا ئۆز رايى ئەمەس، ئانامنىڭ كېسىلى مەجبۇرلىغانلىقى ئېنىق، دېمىسىمۇ ئانام دادام خېتىدە يازغىنىدەك مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتتى ھەم......

ــ ھەي، بۇ ئىش زادى ئىدىيەمدىن ئۆتمەيدۇ، دادىڭىز يېزا باشلىقى بولغانىدىكەن ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىدىغانغا ئائىلە خىزمەتچىسى ياللىسا بولمامدۇ! ھېچ بولمىسا قول ئاستىدىكىلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسىمۇ بولاتتىغۇ؟

ــ دادام ئىلگىرى ئادەتتىكى دېھقان ئىكەندۇق، كېيىن تەشۋىقات خىزمىتىنى ئىشلەپ يۈرۈپ يېزا باشلىقلىقىغا سايلىنىپ قاپتۇ، سىزگە دېسەم، دادام ھەرقانچە قىلسىمۇ ئىلگىرىكى ئادىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى يېزىنىڭ ئىشلىرى، دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش دېگەندەك بىر تالاي ئىشلار، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېزىمىز ھەقىقەتەن نامرات، سىز ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرمىگەچكە ئىشەنمەسلىكىڭىز مۇمكىن، ھازىرمۇ يېرىم ئاچ - يېرىم يالىڭاچ ھالدا ئۆتۈۋاتقان دېھقانلار كۆپ!

— ئۇنداق بولسا بۇ ئىشنى قايسى ئۇسۇلدا ھەل قىلىمىز، ئويلىغانلىرىڭىزنى دەپ بېقىڭ، سىزنىڭ ئۇرۇمچىدە قىلىش ئىشىڭىزنى مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ھەل قىلمىساق كېچىكىپ قالىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە......

— مەن......

كەۋسەر سۆكۈتكە پاتتى، گەرچە ئۇ مۇشۇ دەقىقىلەردە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان تەلئەتنىڭ مۇھەببىتىگە جاۋاب قايتۇرۇشتەك ئەڭ مۇھىم پۇرسەتكە يۈزلىنىپ تۇرۇۋاتسىمۇ، لېكىن قۇلاق تۈۋىدە دادىسىنىڭ خېتىدە دېگەن گەپلىرى ياڭراۋاتاتتى، ئۇنىڭچە دادىسى ئەزەلدىن كەۋسەرنىڭ رايىغا باراتتى، دائىم ئارزۇسىنى قاندۇرۇشنىڭ كويىدا يۈرەتتى، بۇ قېتىم ئۆز قارىشىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويماي زۆلەيخانىنى شېپى كەلتۈرۈش ئارقىلىق مەقسىتىنى بوشۇرۇن ئىپادىلىشىمۇ ھەقىقەتەن ئامالسىز قالغانلىقىنى ئىسپاتلايتتى، قانداق قىلىش كېرەك؟ مۇھەببەت ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىنىڭ تەلىپىنى قۇربان قىلىش كېرەكمۇ ياكى...... كەۋسەرنىڭ خىيالى قالايمىقانلاشتى، ئۇ مۇھەببەتتە كىرىزىس يۈز بەرگەن مۇشۇ ئاچقۇچلۇق پەيتتە مۇھەببەت رىشتىسىنى ھەرگىزمۇ ئۈزمەيدىغانلىقىنى تەلئەتكە بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ۋەدە سۆيىتىدە بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىشقا تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر تىلى گەپكە كەلمەيۋاتاتتى، شۇ چاغدا:

— مەن بىر ئامال تاپتىم، — دېدى مىرئادىل كەۋسەرنى تەڭقىسلىقتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولغاندەك.

ھەممەيلەن مىرئادىلغا تىكىلىشتى، بىراق مىرئادىل كامىنۇرغا لاپپىدا قاراپ قويۇپ نېمىشقىدۇر جىمىپ قالدى.

— تاپقان ئامالىڭنى دېمەمسەن؟ — دېدى تەلئەت مىرئادىلغا ئۈمىد بىلەن قاراپ.

— مۇبادا بۇ ئامالىم ساڭا يارىسا، ئارزۇيۇڭلارغا زىخنىمۇ،

كاۋاپىنمۇ كۆيدۈرمەي يېتەلەيسىلەر، بىراق سەن......

— جاق - جاق دېمەمسەن! — دېدى تەلئەت.

— ئۇنداق بولسا مەن دەي، ئىشقىلىپ، بۇ دېگەن مەسلىھەت، خاتا گەپ قىلىپ قويسام مېنى ئەيىبلىمە.

— خاتىرجەم بول، ھەرگىز ئەيىبلىمەيمەن!

مىرئادىل تەلئەتكە قاراپ قويۇپ گېپىنى باشلىدى:

— خەتنىڭ ئورانىدىن قارىغاندا كەۋسەرنىڭ ئاتا - ئانىسى ئىككىڭلارنىڭ مۇھەببىتىگە قايىلكەن، قىسقىسى ئۇلار ئىككىڭلارنىڭ توي قىلىشىغا قوشۇلىدىكەن، بىراق ئۇلارنىڭ ھازىرقى شارائىتى بۇنىڭغا يار بەرمەيدىكەن، مېنىڭچە ئاساسلىق ئامىلدا چاتاق بولمىغاندىكىن، قوشۇمچە ئامىلنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرساق ھەممە ئىش ئۆزلۈكىدىنلا ھەل بولۇپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ!؟

— مىرئادىل، ئامىل - پامىلىڭنى قويۇپ، گېپىڭنى چۈشىنىشلىك دېگىنە!

— دېمەكچى بولغىنىم سېنىڭ شارائىتىڭ ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا يار بېرىدۇ، ئاتا - ئاناڭنىڭ قولىدا ھوقۇق بار، كېيىنچە ئۈرۈمچىدىكى خالىغان ئورۇنغا يۆتكىلىپ كېلەلەيسىلەر......

— نېمە؟ سەن زادى نېمە دېمەكچى؟

— كەۋسەرنىڭ ھازىر ئۈرۈمچىدە قېلىشقا شارائىتى يار بەرمىگەندىكىن، سەن ئۇنىڭ يۇرتىغا بار دېمەكچى، قانداق، مۇھەببەت ئۈچۈن بەدەل تۆلەشتىن قورقمايدىغانسەن؟

مىرئادىل شۇنداق دېيىشكە كامىنۇر ئەندىكىش ئىچىدە تەلئەتكە قارىدى، ئۇنىڭ كۆزىنى چوڭ ئېچىپ، ئېچىلىپ كېتىشكە تەييار تۇرغان ئاغزىنى بارماقلىرى بىلەن توسۇۋېلىشىدىن تەلئەتنىڭ مىرئادىلنى ئۇشتۇمتۇت شاپىلاقلىۋېتىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. مىرئادىلنىڭ مەسلىھەتىدىن

ھەممىدىن بەك غەلىتىلىك ھېس قىلىپ ئەندىككىنى يەنىلا كەۋسەر بولدى، گەرچە ئۇ مىرئادىلنىڭ جۇرئىتىگە ئىچىدە قايىل بولغان بولسىمۇ، بۇنىڭغا تەلئەتنىڭ قانداق ئىپادە بىلدۈرۈشى ئەندىشىگە سالاتتى.

— بۇمۇ بولىدىغان چارىدەك قىلىدۇ، بىراق ماڭا بەكمۇ تاسادىپىي تۇيۇلدى، ھەرھالدا بۇ چارىنى ئويلاپ تاپقىنىڭغا رەھمەت دەيمەن، — دېدى تەلئەت.

كېيىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇ ھەقتە باشقا گەپ بولۇنمىغان بولسىمۇ، ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ بۇ ئىش يەنە تىلغا ئېلىندى، ئۇ كۈنى ئاخشىمى تەلئەت كەۋسەرنىڭ مەكتىپىگە كەلگەنىدى، ئىككىسى زىننەت دەرەخلىرىنىڭ ئارىسىدىكى تاش ئورۇندۇقتا بىردەم جىمجىت ئولتۇرۇشتى. كەۋسەر تەلئەتنىڭ ئالدىدا كەچۈرگىسىز گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك قەلبىدە ئالەمچە ھەسرەت دەۋرەيتتى، ۋاقتىنىڭ قىستاپ كېلىۋاتقانلىقى ھەر قېتىم ئېسىگە چۈشسە ۋۇجۇدىنى بىر خىل جىددىيلىك ئىلكىگە ئالاتتى.

— تەلئەت، مەن كۆپ ئويلاندىم، — دېدى بىر چاغدا كەۋسەر ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىپ، — مېنىڭ سىزنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلىسىز، شۇڭا مۇھەببىتىمىز ئۈچۈن ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە تەييار ئىدىم، بىراق ئاتا ـ ئانامنىڭ ئەھۋالى مېنى ئامالسىز قالدۇرۇۋاتىدۇ، تەقدىر بىز بىلەن ئۆچەكەشتى......

كەۋسەر گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي يىغلاپ تاشلىدى، ئۇ ئويلىغانلىرىنى ئاغزىدىن چىقىرالماي جىلە بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

— بولدى، ئازابلانماڭ، — تەلئەت شۇنداق دېگىنىچە، ئۆزىگە يېقىن ئولتۇرغان كەۋسەرنىڭ يۇمشاق قوللىرىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئالدى. كەۋسەر ئىختىيارسىز سۈرۈلۈپ تەلئەتنىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويدى ۋە تىترەك ئاۋازدا دېدى:

— يۈرىكىمدىكىنى دېسەم، بېشىمغا ھەرقانداق ئېغىر كۈن كەلسىمۇ، ھەرگىز سىزگە تەقدىرگە تەن بېرەيلى دېيەلمەيمەن، مۇبادا قوشۇلسىڭىز ئۆتكەندە مىرئادىل ئېيتقاندەك ئاۋۋال ئىككىمىز مېنىڭ يۇرتۇمدا بىر مەزگىل ئىشلەپ، ئاندىن مۇۋاپىق ۋاقىتتا ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەلسەك بولامدۇ؟ بولسا مېنى، ئاتا - ئانامنى ھازىرقى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇڭ، تەلئەت!
تەلئەت ھاياجانلىق ئاۋازدا ئېيتتى:
— كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن، دادام شىمالدىن ئەتە قايتىپ كېلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ باقاي، ئانامنىڭ قوشۇلۇشىغا كۆزۈم يەتمەيدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇرۇنۇپ كۆرەي، مېنىڭمۇ قاراپ تۇرۇپ سىزنى ئازابلىغۇم يوق!
— رەھمەت سىزگە، تەلئەت!
شۇ دەقىقىدە ھاياجاندىن تىترەۋاتقان بىر جۈپ ۋۇجۇد چىن سۆيگۈنىڭ ئىللىق مېھرىگە چۆمۈلدى.
ئەتىسى تەلئەتنىڭ ياسىداق ئۆيىدە تەلئەت ۋە ئاتا - ئانىسى ئوتتۇرىسىدا جىددىي مۇنازىرە باشلاندى.
— شۇمۇ گەپ بولدىمۇ؟ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزگەن بىر زىيالىينىڭ يىراق سەھرالىق بىر قىزنى قوغلىشىپ كەتكىنى نەدە بار؟ ئوغلۇم، ئۆزۈڭنىڭ سالاھىيىتىنى ئويلىمىساڭمۇ بىزنى ئويلاپ قوي، ئۈرۈمچىدە ساڭا لايىق كېلىدىغان قىزلار كۆپقۇ!؟
تەلئەتنىڭ چېچىنى يېڭىدىن بۇدۇر قىلىۋالغان ئانىسى قولىنى شىلتىپ خۇددى قول ئاستىدىكىلەرگە ئىش تاپشۇرۇۋاتقاندەك كەسكىن تەلەپپۇزدا سۆزلەيتتى، تەلئەتمۇ ئۆزىنىڭ گېپىدە چىڭ تۇرۇپ ئانىسىنى قايىل قىلىشقا تىرىشاتتى:
— بۇ قارىشىڭ توغرا ئەمەس، ئانا، بۇ دېگەن ۋاقتى ئۆتكەن كونا قاتمال قاراش. ھازىر دېگەن......
— ھازىر نېمە بوپتۇ؟ ئىشلار ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلىغۇ، ئوغلۇم!

ئېيته، بىز سېنى ئاشۇ يىراق يۇرتقا ئۇزىتىپ قويۇپ ئۆزۈمچىدە قانداق خاتىرجەم تۇرالايمىز؟ بۇ گەپنى ئىككىنچى ئاغزىڭغا ئالما، باشقىلار ئاڭلاپ قالسا زاڭلىق قىلىدۇ.

— سىزمۇزە، گەپنى بۇنداق ئاشۇرۇۋەتمەي مەقسەتنى بالىغا ئېنىقراق چۈشەندۈرسىڭىز بولمامدۇ! مېنىڭچە بولغاندا تۆۋەنگە بېرىپ بىر مەزگىل چېنىقىپ كەلگەنلىكىمۇ زىيىنى يوق، لېكىنزە......

— رەھمەت، دادا...... يەنىلا سەن توغرا چۈشىنىسەن.

— هوي ئادەم، نېمە دەۋاتىسىز؟ جۆيلۈۋاتامايدىغانسىز؟ هېلىغۇ زىيالىي ياشلار تۆۋەنگە چۈشۈپ چېنىقىدىغان سىياسەت ئەمەلدىن قالدى، مۇبادا ئۇ قايتا يولغا قويۇلغان تەقدىردىمۇ سىز بىلەن مەن هايات تۇرۇپ ئۇ بىزنىڭ ئوغلىمىزغا يۈرگۈزۈلمەس!

— بۇنچە خاپا بولماڭە، مەن باشقا گەپ قىلمىدىم، ئوغلىمىزغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈۋاتىمەن شۇ، نېملا دېگەنبىلەن بۇ ئىشتا سىزنىڭ دېگىنىڭىز هېسابقۇ......

— چوڭ بىر نازارەتنىڭ بېشى بولغاندىكىن كاللىڭىزنى ئىشلىتىپراق گەپ قىلىڭ، بۇ دېگەن ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس، ئوغلىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش!

— ئانا، دادامغا بۇنچە كايىپ كەتمە، مەن ئەتىدىن كەچكىچە سىلەر پەپىلەپ يۈرىدىغان كىچىك بالا ئەمەس، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن چوڭلار ئادەم!

— توختا، ئوغلۇم، توختا، بۇنداق دېسەڭ ئاناڭنى يەنە خاپا قىلىپ قويىسەن، سېنى هازىرچە تېخى چوڭ ئادەم دېگىلى بولمايدۇ، توي قىلىپ ئۆي ئايرىغان چېغىڭدىمۇ ئاياللىڭنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىش قىلىشىڭ كېرەك، ساڭا دېسەم بۇنىڭدىن كېيىن كادىرلار ئىشلىرى ئىسلاھ قىلىنىدۇ، مېنىڭچە ئاناڭنىڭ دېگەنلىرى دۇرۇس، كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرسەڭ بولمايدۇ!

— بولدى - بولدى ! ماڭا سىياسەت سۆزلىمەڭلار! مېنىڭ تەلپىمگە زادى قوشۇلامسىلەر - يوق؟

— بىزدىن بۇنداق سوئال سورىماي، دېگەنلىرىمىزنى ياخشىراق ئويلاپ باق. ساڭا يەنە شۇنى دەپ قوياي، سەندە ئاشۇ قىزچىلىك ۋاپادارلىق بولمىسا قانداق بولىدۇ؟ ئۇ ئاتا - ئانىسىغا تارتىشىپ يۇرتىغا كەتمەكچى بولسا، سەندە بىزگە تارتىشىدىغان مېھىر يوقما!؟سەن ئاشۇ قىزچىلىكمۇ بولالامسەن؟

تەلئەت ئانىسىنىڭ بۇ سۆزى بىلەن لاسسىدە بوشىشىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۈمىدىمۇ بەربات بولغاندەك قىلاتتى.

بۇ كۈنلەردە كەۋسەر تەلئەتتىن خۇشاللىنارلىق جاۋاب كۈتۈپ تاقىتى - تاق بولغان بولسىمۇ، تەلئەت ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىشتىن يالتايدى. ئىپادە بىلدۈرمەسلىكنىڭ ئەمەلىيەتتە قوشۇلمىغانلىقنىڭ ئىپادىسى بولىدىغانلىقىنى كەۋسەرمۇ ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا تەلئەتنى ئۆزىدەكلا تەڭقىسلىقتا قالدۇرۇشنى خالىماي بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمىدى. مۇھەببەت شۇنچە شېرىن، شۇنچە قىممەتلىك بولغان بىلەن گېزى كەلگەندە مۇشۇنداق ئازابلىرى بار ئىدى.

كېيىنكى بىرنەچچە كۈندە كەۋسەر بىلەن تەلئەت بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ كۆرۈشمەي يۈرۈشتى، بۈگۈن چۈشكە يېقىن مۇئەللىم كەۋسەرنى ئىشخانىغا چاقىردى.

— كەۋسەر، دادىڭىز تېلېفون قىپتۇ، قارىغاندا ئانىڭىز ئۆزگىرىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەرھال يولغا چىقىسىڭىز بولغۇدەك، ئەسلىدە خوشلىشىش پائالىيىتىگە قاتنىشىپ ماڭسىڭىز ياخشى بولاتتى، زۆرۈرسيەت بولغانىدىكىن كېتىۋېرىڭ، قالغان رەسمىيەتلەرنى مەن پۈتكۈزۈۋېتەي، — دېدى مۇئەللىم جىددىي تەلەپپۇزدا.

كەۋسەرنىڭ يۈرىكى سېلىپ چىرايى ئۆڭدى، شۇ كۈنى

كېچىسى ئازابلىق تولغىنىپ كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزدى. ئۇ تەلئەت بىلەن يۈزتۇرا خوشلىشىشنىڭ نەقەدەر مۈشكۈللىكىنى ئويدان بىلەتتى. ئاخىر: «تەلئەت، مەن يولغا چىقتىم، ئانامنىڭ ئەھۋالى ياخشىلانسا چوقۇم قايتىپ كېلىمەن» دېگەن مەزمۇندا يېزىلغان قىسقىلا خەتنى كامىنۇرغا قالدۇرۇپ يۇرتقا قاراپ يولغا چىقتى.

*　　　*　　　*

بۈگۈن تەلئەت ئوقۇش پۈتكۈزۈپ يۇرتىغا مېڭىش ئالدىدا تۇرغان بىرنەچچە دوستىنى جەنۇبىي تاغدىكى ساياھەت ئورنىغا جەم قىلىپ ئۇزىتىش زىياپىتى بەردى، ئۇلار ئارچىزارلىقتىكى مەخمەلدەك ئوت - چۆپلەر ئۈستىگە بىرنەچچە ئەدىيالنى سېلىپ ئولتۇرۇشقان بولۇپ، تەلئەت ئىلگىرىكى ئادىتى بويىچە يېمەك - ئىچمەكنى مول قىلغان ئىدى. قىز - يىگىتلەر شۇنچە خۇشال ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ پائالىيەتنى قىزىتىۋەتكەن بولسىمۇ، تەلئەت كەۋسەر بىلەن خىيالەن مۇڭدىشىپ غەمكىن ئولتۇراتتى. بىر چاغدا مىرئادىل سەدىردىن بىلەن پولاتنى ئەگەشتۈرۈپ يېتىپ كەلدى، ئەسلىدە تەلئەت ئۇ ئىككىسىنى چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن مىرئادىلنى ئەۋەتكەنىدى. ئولتۇرۇش قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە داۋاملىشىپ، ئوغۇللار بىر - بىرىسىنى زورلىشىپ خېلى ئوبدانلا ئېچىشتى، ھەممەيلەن كۆڭۈل سۆزلىرىنى ئىزھار قىلىشاتتى، كۆز ئالدىدىكى ھىجران ئۈچۈن ياش تۆكۈشەتتى، كۈن غەربكە قىيسايغاندا سەدىردىن، پولات، مىرئادىل ۋە كامىنۇردىن باشقىلار سورۇندىن جۈپ - جۈپى بىلەن قايتىپ كېتىشتى. سەدىردىن «بىزمۇ قايتىپ كېتەيلى» دەپ ئورنىدىن تۇرغان بولسىمۇ، تەلئەت: « يەنە بىردەم ئولتۇرايلى»

دەپ تۇرۇۋالدى. مىرئادىل بىلەن كامىنۇر ئۆزئارا كۇسۇرلىشۇىدى، تەلئەت ئۇلارغا چاقچاق تەرىقىسىدە ئېيتتى:

— سىلەرنىڭمۇ پىنھان يەرلەرگە كەتكۈڭلار كېلىۋاتىدۇ ـ ھە! مەيلى، كېتىڭلار، مەن سەدىردىن بىلەن بىردەم ئولتۇرۇپ قايتىمەن.

پولات :

— ھەممىمىز بىللە ماڭايلى، — دېگەن بولسىمۇ تەلئەت ئۇنىمىدى.

— مېنىڭ سەدىردىن بىلەن دېيىشىدىغان گېپىم بار، — دېدى ئۇ سەدىردىننىڭ قولىدىن تارتىپ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ.

— ئۇنداق بولسا سىلەر گېپىڭلارنى دېيىشىپ بولغۇچە بىز ئاۋۇ تەرەپلەرنى ئايلىنىپ كېلەيلى، — مىرئادىل شۇنداق دېگىنىچە سەل نىرىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان قىيا تاشنى ئىما قىلدى.

— بېرىڭلار، ئاۋۇ تاغنىڭ ئۇستىگە چىقىپ كەتسەڭلىمۇ مەيلى، — دېدى تەلئەت ئۇلارغا مەنىلىك قاراپ.

— ئەمسە بىز كەتتۇق، كۆپ ھايالىشمايلا قايتىپ كېلىمىز.

مىرئادىل كامىنۇرنى يېتىلەپ سورۇندىن يىراقلاشتى، كامىنۇر كېتىۋېتىپ:

— تەلئەت بايا ھاراقنى كۆپ ئىچىۋەتتى، بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرمەس ـ ھە! — دېۋىدى، مىرئادىل:

— خاتىرجەم بول، تەلئەتكە ئۇنچىلىك ھاراق تەسىر قىلمايدۇ، ئۆزى يالغۇز بىر بوتۇلكىنى قۇرۇقدىۋېتىپمۇ ئۆيىگە سالامەت كېتەلەيدۇ، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، سورۇندا ئەمدى ئۇچەيلەنلا قالدى، سەدىردىن: تەلئەتنىڭ ماڭا ئايرىم دەيدىغان زادى نېمە گېپى بولغىيتتى، دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ ئولتۇرغاندا، تەلئەت:

— پولات، سەنچۇ؟ ئۆتكەندە تەنھا سەيلە قىلىش بەكمۇ

كۆڭۈللۈك دەۋاتمامتىڭ، جايىڭدىن مىدىرلىماي ئولتۇرىسەنغۇ؟ــ دېدى تەنە قىلغاندەك.

ــ نېمە، قوغلىنىش نۆۋىتى ئەمدى ماڭا كەلدىما؟ بايىدىن بېرى شۇنچە مۇڭداشقىنىڭلار يەتمىگەندەك يەنە نېمىمۇ دېيىشەرسىلەر؟

ــ ھەممە...... ھەممىنى ساڭا دېيىشىم كېرەكما؟

ــ مەن راستىنلا بۇ يەردىن كېتىپ تۇرمىسام بولمامدۇ؟

ــ ئەلۋەتتە.

ــ بوپتۇ ئەمىسە، مەنمۇ ئاۋۇ تەرەپكە بېرىپ كېلەي، ئەمما ئەمدى ئىككىڭلار يەنە ھاراق ئىچمەڭلار، ئەتىدىن بېرى ئىچكىنىمىز يېتەرلىك بولدى.

ــ بولىدۇ، بىزدىن خاتىرجەم بولۇپ يولۇڭغا مېڭىۋەر.

پولات مېڭىشىنىڭ ئالدىدا سەدىردىنگە يەنە ھاراق ئىچمەسلىك توغرىسىدا گەپ قىلغانىدى، تەلئەت تېرىكتى. پولات ئۇلاردىن يىراقلاپ كېتىۋېتىپ كەينىگە ئارىلاپ قاراپ قوياتتى، ئاخىر تەلئەت بىلەن سەدىردىننىڭ ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتقان ھالىتىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولدى.

تەلئەت بىلەن سەدىردىن دەسلەپتە ئۆزلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىلگىرىكى ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭلاشتى، ئارىدا سەدىردىن تەلئەتكە يازغان ھېلىقى خەت توغرۇلۇق تەلئەتتىن ئەپۇ سورىدى، تەلئەت بارات نىيازنىڭ كەۋسەرگە قالدۇرغان خېتىنى تىلغا ئېلىپ رەنجىگەندەك قىلدى، ئۇ سۆزلەۋېتىپ رومكىغا ھاراق قۇيۇشقا تەمشەلگەنىدى، سەدىردىن دەرھال توستى:

ــ تەلئەت، ھېلى بىز ھاراق ئىچمەيدىغانغا كېلىشكەنغۇ!؟ بولدى، ئەمدى ئىچمەيلى، ھېلىمۇ ئەتىدىن بېرى كۆپ ئىچىۋەتتۇق.

تەلئەت سەدىردىننىڭ بوتۇلكىنى تارتىۋېلىشقا سۇنغان قولىنى

ئىتتىرىۋەتتى:
— ئەمدى ئىككىمىزلا ئىچىمىز.
— ياق، مەن ئىچمەيمەن، سەنمۇ ئىچمە!
بىراق، تەلئەت ئۇنىڭ تەلپىنى ئىلىك ئالمىدى:
— سەن ئىچمىسەڭ، مەن ئىچىمەن، سەن مېنى مەست بولۇپ قالدى دەپ ئەنسىرىۋاتامسەن؟
تەلئەت شۇنداق دېگىنىچە قولىدىكى رومكىنى كۆتۈرۈۋەتتى.
— ئەمدى بولدى قىل، ئىچمە! — سەدىردىن تەلئەتنىڭ قولىدىن بوتۇلكىنى يەنە تارتىۋالماقچى بولغان بولسىمۇ تەلئەت بەرگىلى ئۇنىمىدى.
— مەن مەست ئەمەس، قاراپتۇر، مەن ماۋۇ بىر بوتۇلكا هاراقنى ئىچىۋەتسەممۇ هېچ...... هېچ نېمە بولمايمەن!
— تەلئەت، بۇنداق جاهىللىق قىلما، بۈگۈن هەممىمىز خۇشال- خۇرام ئولتۇردۇق، سورۇننىڭ ئاخىرىنىمۇ خاتىرجەم يىغىشتۇرايلى.
— خۇشال بولدۇق دەمسەن! — دېدى تەلئەت مېيقىدا كۈلۈپ، — سەنلەر خۇشال بولغان بىلەن، مەن خۇشال بولمىدۇم! كەۋسەر مەن بىلەن كۆرۈشمەيلا كېتىپ قالسا، مەن يەنە خۇشال بولامدىم، ئىبىتە؟
— سەۋرچان بول، زۇلەيخان ئانام ياخشى بولۇپ قالسىلا كەۋسەر چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ.
تەلئەتنىڭ چىرايلىق قوشۇمىلىرى بىردىنلا تۈرۈلدى- دە، سورىدى:
— ئىبىتە، سەن كەۋسەرنىڭ ئانىسى بىلەن تۇغقان كېلەمسەن؟
— ياق، بىز بىر مەهەللىلىك شۇ.
— سېنىڭ ئۆيۈڭ راستتىنلا كەۋسەرلەرنىڭ ئۆيى بىلەن بىر

يەردىما؟

— ئۆيىمىزنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپلا بىر - بىرىمىزنى چاقىرساق ئاڭلىغۇدەك يېقىن......

— سەن كەۋسەرنىڭ دادىسى بىلەن تۇغقانمۇيا؟

— ئۇ بىزنىڭ يېزىنىڭ باشلىقى، تۇغقان ئەمەس.

— ئۇنداقتا نېمىشقا ئۇلارنى بارات دادا، زۇلەيخان ئانا دەپ ئاتايسەن؟

— تەلئەت، سەھرا بىلەن شەھەرنىڭ پەرقى مانا مۇشۇ يەردە، بىزنىڭ يۇرتتا چوڭ - كىچىك، قېرى - ياش ھەممىسى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئۆتىۋاتىدۇ، چوڭلار كىچىكلەرنى «بالام، ئۇكام» دەپ چاقىرسا، كىچىكلەر چوڭلارنى «دادا، ئانا، ئاكا» دەپ چاقىرىشىدۇ، مەنمۇ بۇ خىل ئادەتكە كۆنۈپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە......

— شەھەردىچۇ، ھە راست، مۇشۇ ئۇرۇمچىدىچۇ؟

تەلئەت ئۆزىنى تۇتالماي سەدىردىنىنىڭ سۆزىنى ئۈزۈۋەتتى. سەدىردىن تەلئەتنىڭ چىرايىنىڭ نېمىشقىدۇر ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— بولدى - بولدى، بۇ گەپلەرنى دېيىشمەيلى، ياخشىسى ئەمدى ئىچمەي قايتىپ كېتەيلى، ئەتىدىن كۆپ ئىچىۋەتتىڭ، جۆرە، كېتىمىز، — سەدىردىن ئورنىدىن تۇرۇپ تەلئەتنىڭ قولىدىن تارتتى. شۇ ئەسنادا غەرب تەرەپتىن كەلگەن سوغۇق شامال تەنلەرگە ئۇرۇلدى.

— قولۇمنى قويۇۋېتىپ، سوئالىمغا جاۋاب بەر، سېنىڭچە ئۇرۇمچى قانداق شەھەر؟ جاۋاب بەر!

— تەلئەت، نېمانداق قىلىسەن؟ بولدى ئەمدى ئىچمە. خاتا گەپ قىلىپ سالغان بولسام مېنى ئەپۇ قىل، جۆر، كېتەيلى.

— مەن كەتمەيمەن، سەنمۇ كەتمەيسەن!

ـــ كەچ كىردى، قايتىپ كەتمەي بۇ يەردە نېمىش قىلىمىز؟
ـــ سوئالىمغا جاۋاب بەر، ئاندىن كېتىمىز!
ـــ نېمە دەيمەن، ئۈرۈمچى گۈزەل شەھەر، بولىدىمۇ، ئەمدى كېتەيلى!
ـــ توختا، سەن بايا كەۋسەرنىڭ ئۆيى بىلەن مېنىڭ ئۆيۈم يېقىن، شۇڭا ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن يېقىن ئۆتىمىز دېدىڭما؟
ـــ بۇ گېپىمنىڭ نەرى خاتا؟
ـــ مېنى ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ دەپ ئويلىما، بىز ناھايىتى ياخشى ئۆتۈۋاتقاندا سەن ئارىغا قىسىلىپ كىرىپ ھەممىنى بۇزدۇڭ. ھەممە...... ھەممىسى تۈگەشتى.
ـــ ئۇنداق دېمە، خاتا ئويلاپ قاپسەن، مەندە......مەندە ئۇنداق نىيەت يوق، بىز بۇ گەپلەرنى دېيىشمەيدىغان بولغانغۇ!
ـــ كەۋسەر كېتىپ سېنىڭ كۆڭلۈڭ خاتىرجەم بولغان بىلەن، مېنىڭ كۆڭلۈم ۋەيران بولدى! سەن دوختۇرخانىغا كەۋسەرنىڭ ئانىسىنى يوقلىغان بولۇپ كېلىپ، ئۇ...... ئۇلارنىڭ نى...... نىيىتىنى بۇزدۇڭ، سې...... سېنى قان...... قانداقمۇ ئوغۇل بالا دېگىلى بولسۇن!
ـــ تەلئەت، بۇ گېپىڭ ئادىل بولمىدى!
ـــ سە...... سەن ئۇلارنى ئانا...... دادا...... دەپ خۇشامەتگۇيلۇق قىلغىنىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭما؟ ئېيتە!
ـــ بۇ دېگەن ئادەت!
ـــ بۇ دېگەن ئال...... ئالدامچىلىق! ـــ تەلئەت ۋارقىرىدى، ئاندىن قولىدىكى ھاراقنى بوتۇلكا بىلەنلا كۆتۈرۈپ ئىچتى. بايا كەلگەن سوغۇق شامال بارغانسېرى ئەدىدى.
ـــ تەلئەت، نېمە دېسەڭ دېگىن، كۆڭلۈڭنى چۈشىنىمەن، سەندىن رەنجىمەيمەن، ياخشىسى ئەمدى ھاراق ئىچمە!
سەدىردىن تەلئەتنىڭ قولىدىن بوتۇلكىنى تارتىۋالماقچى

بولغانىدى، بىراق تەلئەت ئۇنى كەينىگە ئىتتىرىۋەتتى، سوغۇق شامالنىڭ ئەدىشىگە ئەگىشىپ ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلىدى، بايىلا ئۆتكۈر نۇرچېچىپ تۇرغان قۇياش نەگىدۇر غايىب بولدى، يۈز - كۆزلىرى هاراقنىڭ كەيپىدە قىزىرىپ كەتكەن تەلئەت ئورنىدىن دەلدەڭشىپ تۇردى - دە، سەدىردىنگە قولىنى شىلتىپ دېدى:

— ۋۇ خۇمسى! سېنى مەقستىڭگە هەر...... هەرگىز يەت ...... يەتكۈزمەيمەن! كەۋ...... كەۋسەر مەڭ...... گۇ مېنىڭ، بىل...... بىلدىڭما؟

ئاندىن ئۇ سەدىردىننىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ مۇشت ئاتتى، هەرهالدا سەدىردىن چاققان كېلىپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى، سەدىردىننىڭ ۋۇجۇدى غەزەپتىن تىترەيتتى،ئۇ مۇشۇ هالدا بۇ يەردە يەنە تۇرۇۋەرسە تەلئەت بىلەن ئارازلىشىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۆلگۈردى، هەقىقەتەنمۇ تەلئەت هاراقنىڭ كەيپىلىكىدە باشقا بىر ئادەمگە ئايلانغانىدى. تۇرۇپلا سەدىردىننىڭ كۆڭلىگە تەلئەت بىردەم يالغۇز قالسا ئوڭشىلىپ قېلىشى مۇمكىن دېگەن ئوي كېلىپ، كەينىگە ئۆرۈلۈپلا تېز قەدەم بىلەن ماڭدى. ئۇ بىردەم ئەتراپنى ئايلانغاچ تەلئەتنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى كۈتمەكچىدى، شۇ چاغدا تەلئەت:

— توخ...... توختا!، سە...... سەن بىلەن دېيىشىمەن! سەن يەنە كەۋسەرنىڭ يېنىغا بارماقچىما؟ سېنى بارغۇزمايمەن! — دېگىنىچە ئىككىلا قولىدا بىردىن بوتۇلكا كۆتۈرۈۋالغان هالدا دەلدەڭشىپ كەلدى.

سەدىردىن ئۇنى كۆرۈپ قەدىمىنى تېزلەتكەنىدى، شۇئان تەلئەتنىڭ ئاۋازى ئۆچۈپ بوتۇلكىنىڭ سۇنغان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئەسلىدە تەلئەت ئوڭ قولىدىكى بوتۇلكىنى سەدىردىنگە قارىتىپ ئاتقانىدى، سەدىردىن ئۇنىڭ يەنە قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تېز قەدەم بىلەن مېڭىۋەردى، تەلئەت ئۇ ئەمدى سول قولىدىكى

بوتولكىنىمۇ سەدىردىنگە قارىتىپ ئاتتى، بوتۇلكا بىرنەچچە مېتىر نېرىغا چۈشۈپ چېقىلدى، سەدىردىن ئورنىدا توختاپ كۆزىتىپ تۇردى. تەلئەت ئەلەڭلەپ كېلىۋېتىپ ئەتراپتىن يەنە بوتۇلكا ئىزدەيتتى، ئۇنىڭ شۇ تاپتا ئەتراپتىن بىرنەچچە بوتۇلكا تېپىپ سەدىردىننىڭ بېشىنى نىشانلاپ غەزەپ بىلەن ئاتقۇسى بار ئىدى، قېرىشقاندەك ئۇنىڭغا بوتۇلكا ئۇچرىمايۋاتاتتى، ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ بايا سورۇن تۈزۈلگەن ئورۇنغا قارىدى، دەرۋەقە ئۇ يەردە قۇرۇقدالغان بىرنەچچە بوتۇلكا بار ئىدى، سەدىردىن تەلئەت ئەمدى كەينىگە قايتىدىغان بولدى دەپ ئويلىدى، بىراق ئۇ كەينىگە قايتمىدى. ئېغىر مەست بولۇپ كەتكەنلىكىنىمۇ، ئەيتاۋۇر، يارىشىملىق كالتە يەك كۆڭلىكىنى سىلىپ يانغا چۆرۈۋېتىپ بايىقىدىنمۇ ئىتتىك هالدا ئۆزىگە قاراپ كەلدى، سەدىردىنمۇ مېگىشىنى داۋاملاشتۇردى، ئەسلىدە تەلئەتنىڭ كۆزى بايا سەدىردىنگە ئاتقان سۇنۇق بوتۇلكىغا چۈشكەنىدى، تۆۋى سۇنۇپ گىرۋەكلىرى بەئەينى خەنجەرگە ئوخشاپ قالغان سۇنۇق بوتولكا تەلئەتكە يېقىنلا يەردە تۇراتتى.

— سە...... سەن كەۋ...... كەۋسەرنىڭ يېنىغا بارماقچىما!؟ سې...... سېنى هەر...... هەرگىز بارغىلى قويمايمەن! — دەيتتى تەلئەت ئەلەڭلەپ كېلىۋېتىپ. ئۇ سۇنۇق بوتۇلكىنى قولىغا ئېلىپ نېمىشقىدۇر ئانچە ماگمايلا ئورنىدا توختاپ قالدى، ئۇنىڭ پۇتى ئەمدى ئۆزىگە بويسۇنمايۋاتاتتى، مېگىشقا شۇنچە ئىنتىلىسىمۇ قەدىمىنى يۆتكىيەلمەيتتى. سەدىردىن ئۇنىڭ ئورنىدا ئالدىغا ئېگىشكەن هالدا، بەئەينى بوران سوققان كۆچەتتەك ئىرغاڭلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قەدىمىنى توختاتتى، تەلئەت قەي قىلىپ بىرئاز ياندۇرغاندىن كېيىن:

— توخ ...... توختا!...... توختىمىساڭ ماۋۇ...... بو...... بوتۇلكىنى...... — دېگىنىچە قولىدىكى سۇنۇق بوتۇلكىنى

سەدىردىنگە قارىتىپ ئاتماقچى بولدى، بىراق قولىدىكى سۇنۇق بوتۇلكا ئۇنىڭغا خۇددى تۆگمەن تېشىدىنمۇ ئېغىر بىلىندى بولغاي، ھەرقانچە قىلىپمۇ بوتۇلكىنى بويىدىن ئاشۇرۇپ كۆتۈرەلمىدى، ھە دېگەندە قولى چۆشۈپ كېتەتتى، شۇنداقتىمۇ قولىدىكى سۇنۇق بوتۇلكىنى ئېگىز كۆتۈرۈشكە ئۇرۇناتتى، ئۇنىڭ ئەمدى قەدەم ئالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن سەدىردىن كەينىگە يېنىپ ئۇنىڭغا قاراپ كەلدى، شۇ تاپتا تەلئەت خۇددى مۇئەللەقتىكى سىم ئۈستىدە زور ئېھتىيات بىلەن تۇرۇۋاتقاندەكلا كۆرۈنەتتى. سەدىردىن نېمىدىندۇر ئەنسىرەپ قەدىمىنى تېزلەتتى. تەلئەت قولىدىكى سۇنۇق بوتۇلكىنى سەل كۆتۈرۈپ سەدىردىنگە قارىدى ـ يۇ، شۇئان سۇنۇق بوتۇلكا ئۆزىنى تۆۋەنگە تارتىپ كەتكەندەك يەرگە گۈپپىدە يىقىلدى. سەدىردىن قۇيۇندەك تېز يۈگۈردى، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە يۈز بەرگەن بۇ ئىش ئۇنى بەكمۇ جىددىيلەشتۈرۈۋەتكەنىدى، ئۇ تەلئەتنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىپ ئاغزىنى تۇتقىنىچە گاڭگىراپ قالدى. ئەسلىدە تەلئەت قولىدىكى سۇنۇق بوتۇلكىنىڭ ئۈستىگىلا يىقىلغانىدى. شۇ ئەسنادا بۇ يەرگە خۇددى يەردىن ئۈنگەندەكلا پولات پەيدا بولدى، تەلئەت بىھوش سوزۇلۇپ ياتاتتى، قورسىقىدىن بۇلدۇقلاپ قان چىقىۋاتاتتى. بىردىنلا چاقماق چېقىپ، شارقىراپ ياغقان يامغۇر ھەممەيلەننى چىلىق ـ چىلىق ھۆل قىلىۋەتتى.

— ئاپلا، ماۋۇ ئىشنى! تەلئەتكە نېمە بولغاندۇ؟ — دېدى پولات ئالاقزادىلىك ئىچىدە.

— كۆرمىدىڭمۇ، قورسىقىغا سۇنۇق بوتۇلكا كىرىپ كېتىپتۇ، — دېدى سەدىردىن تەلئەتنىڭ بېشىنى يۆلەۋېتىپ.

— ئەمدى قانداقمۇ قىلارمىز؟ ئۇ يەنە ھاراق ئىچىۋاپتىكەن - ھە!

— مىسلداپ تۇرماي ئاۋۇ كۆڭلەكنى ئال، ئاۋۇال يارىسىنى

تېگىپ قاننى توختىتايلى!

ئىككىسى تەلئەتنىڭ قورسىقىدىكى زەخمىگە ئۇ بايا سېلىپ تاشلىۋەتكەن كۆڭلەكنى باستى، شۇ چاغدا مىرئادىل بىلەن كامىنۇرمۇ يېتىپ كەلدى ۋە تېگىرقىغىنىچە ئاغزىلىرىنى تۇتۇپلا قېلىشتى.

## يەتتىنچى باب

# ئۈششۈك تەگكەن كۆڭۈل

ئاقتاش يېزىسىنىڭ كۈز پەسلى ئاجايىپ گۈزەل بولىدۇ، دەسلەپتە دەريانىڭ سۈيى تارتىلىپ، ساھىلدىكى پارچە - پارچە قىشلاقلاردا غاز ۋە ياۋا ئۆردەكلەر قانغۇچە يايرىۋېلىشىدۇ. بۇ ھالەتنى مويسىپىتلەر «قۇشلار جەنۇبقا كۆچۈشتىن ئىلگىرى بۇ يەرگە جەم بولۇپ سەپەر جەريانىدا توپتىن ئايرىلىپ كەتمەسلىك توغرىسىدا مەجلىس ئېچىۋالىدۇ» دەپ چۈشەندۈرۈشەتتى. كېيىن كۆجۈم مەھەللىلەرنى ئۆز قوينىغا يوشۇرۇپ كەلگەن دەل - دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ئۈششۈك تېگىپ تۆكۈلىدۇ. بۇ كۈنلەردە كىشىنىڭ زوقىنى ھەممىدىن بەك تارتىدىغىنى كەنتنىڭ شىمالىدىكى ئاخىرى قۇم بارخانلىرىغا ئۇلىشىپ كېتىدىغان توغراقزارلىق بولۇپ، ساپسېرىق توغراق يوپۇرماقلىرى بۇ باغرى كەڭ زېمىننى سېرىق دۇنياغا ئايلاندۇرۇۋېتەتتى. مەھەللىدىكى قولى ئىشتىن بوشاپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇشنى نىيەت قىلغانلار بۇ گۈزەل مەنزىرىلەردىن ھوزۇر ئېلىشاتتى. كىچىك باللار قوي، كالا پادىلىرىنى ئەركىن قويۇۋېتىپ، چۈك ۋە مۆكۈشمەك ئوينىشاتتى. توغراق سايىسىدا قىزىقچىلارنىڭ تىزىغا ئۇرۇپ ئولتۇرۇپ ئېيتىدىغان قىزىق پاراڭلىرىنى ئاڭلايدىغانلارمۇ، قارتا ئوينايدىغانلارمۇ ئۇچرايتتى. لېكىن، بۇ يىلقى كۈز پەسلى ئالدىنقى يىللاردىكىگە

ئوخشىمىدى. گەرچە دېھقانلار كۆزلۈك يىغىم - تېرىم ئىشلىرىنى ئاللىقاچان ئاخىرلاشتۇرغان بولسىمۇ، ئاقتاشتىن ناھىيە مەركىزىگە بارىدىغان غول يولغا شېغىل ياتقۇزۇش ئەمگىكى باشلىنىپ كەتكەچكە، بۇ يەرگە كېلىدىغانلار ئاساسەن يوق ئىدى.

ئابدۇللا بۇگۈن ئەتىگەندىلا مەدەنىيەت پونكىتىغا كېلىپ يېزا رەھبەرلىرىنىڭ بىرەر ئىش تاپشۇرۇشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى، بىراق چۈشكىچە ھېچكىم ئۇنى ئىزدەپ كەلمىدى. بىر چاغدا ئۇنىڭ خىيالىغا كىتاب - ژۇرنال ئوقۇشقا كېلىدىغانلارنىڭمۇ يول قۇرۇلۇشىغا كەتكەنلىكى كەچتى - دە، ئىشىكنى تاقىۋېتىپ توغراقزارلىققا كەلدى. «سىرلىق دۇنيا» ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ يېنىك شىۋىرلايتتى. ئۇ سالماق قەدەم ئېلىپ ئەتراپنى بىردەم ئايلانغاندىن كېيىن، قېرى توغراقنىڭ تۈۋىدە تاشتەرمەك ئويناپ ئولتۇرغان كىچىك قىزلارغا قاراپ تۇردى، شۇ ئەسنادا قوغلاشماق ئويناپ ھارغان ئوغۇل باللار بىر - بىرلەپ كېلىپ، تاشتەرمەك ئويناۋاتقان قىزلارنىڭ ئويۇنىغا قوشۇلۇپ كېتىشتى. باللارنىڭ ھەرىكىتىگە قىزىقىپ قاراپ تۇرغان ئابدۇللا پۇتىنىڭ تالغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئورنىدىلا زوڭزىيىپ ئولتۇردى. بىركەمدە بىر ئوغۇل بالا ئويۇندا چىدىماسلىق قىلدى بولغاي، ئويۇن بۇزۇلۇپ ھەممەيلەن ماللىرىنىڭ كەينىدىن كېتىپ قېلىشتى، خىيالى قاناتلانغان ئابدۇللانىڭ كۆز ئالدىدا دوستلىرى بىر - بىرلەپ زاھىر بولۇشقا باشلىدى. دەرۋەقە خەلچەم بىلەن كەۋسەر كىچىك ۋاقىتلىرىدا مۇشۇنداق ئويۇندا ئوغۇللارنى يېڭىۋالاتتى. ئوغۇللار ئۇلارنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلاپ «قىزىل چىراغ خاتىرىسى»، «ئۆلسەكمۇ تىز پۈكمەيمىز»، «ئۇنتۇلماس كۈرەش» قاتارلىق كىنولاردىن ئارىيە ئورۇنلاپ بېرەتتى، كۆپرەك «قىزىل چىراغ خاتىرىسى» دىن ئارىيە ئورۇنلايتتى. ئابدۇللا لى يۈخې، سەدىردىن دۈشمەن باشلىقى جۇ شەننىڭ رولىنى ئالسا، نىياز

چاقچىنىڭ، راشىدىن خائىن ۋاڭ لىەنجۇن رولىنى ئالاتتى، ئويۇن تازا قىزىغاندا ئوغۇللار خەلچەم بىلەن كەۋسەرنى قوللىرىدىن تارتىپ لى يۈخېنىڭ ئانىسى لى موماي بىلەن قىزى لى تيېمېينىڭ رولىنى ئېلىشقا قىستىشاتتى. شۇنىڭ بىلەن خەلچەم لى يۈخېنىڭ ئانىسى لى مومايىنىڭ، كەۋسەر قىزى لى تيېمېينىڭ رولىنى شۇنداق قاملاشتۇرۇپ ئالاتتى - دە، ھەممىسى بۇ قىزىق ئويۇنغا قوشۇلۇپ كېتەتتى.

ئابدۇللا شۇ ئۇنتۇلماس كۈنلەرنى ئەسلەپ ئورنىدىن تۇردى. كۆز ئالدىدىكى «سىرىق دۇنيا» ئۇنى بالىلىقنىڭ شۇنچە قىسقا، شۇنچە تاتلىق ھېسلىرىدىن ئاستا - ئاستا رېئاللىققا قايتۇرۇپ كەلدى. ئابدۇللا ئەمدى توغراقزارلىقنىڭ باش تەرىپىنى نىشانلاپ ماڭدى، يىراقلاردىن بىركىمنىڭ سوزۇپ ئېيتقان ناخشىسى بىلەن قوي، ئۆچكىلەرنىڭ مەرىگەن ئاۋازى ئاڭلىناتتى. «سىرىق دۇنيا»نىڭ باش تەرىپىدە توغراقلار شالاڭ ئىدى، بۇ يەر تومۇز كۈنلىرىدىكى كەلكۈن سۈيىدە چىلانغاچقا سالا ئېتىزلاردەك تەكشىلىنىپ، بىر قەۋەت سېغىز بىلەن قاپلانغانىدى، قۇرغاق ھاۋادا چاك - چاك يېرىلغان سېغىزلار قۇياش نۇرىدا ئەينەكتەك پارقىرايتتى. ئابدۇللا ئاشۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋېتىپ نېمىشقىدۇر ئورنىدا توختاپ قالدى، ئۇنىڭ كۆزى ئەسلىدە توغراقلار شالاڭ ئۆسكەن يەردىكى بەئەينى ئاپپاق بولۇتلار ئارىسىدىن بالقىپ چىقىۋاتقان قۇياشتەك بىر دەستە چۇغلۇققا چۈشكەنىدى. ئۆزگە بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتقان چۇغلۇق كۆز ئالدىدا سىرىق بىلەن ئاقلىق گىرەلىشىۋاتقان بوشلۇقتا ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ تەبىئەتنىڭ مۇشۇ مىنۇتلاردا كۆز ئالدىدا ياراتقان بۇ ئۆزگىچە گۈزەللىكىدىن تولىمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى، كۆڭلىدە، مۇبادا مەن رەسسام بولغان بولسام بۇ خىل كۆرۈنۈشنى ئىجادىيىتىمنىڭ يۈكسەك پەللىسى قىلغان بولاتتىم دېگەنلەرنى ئويلىدى. بۇ چاغدا

چۈغلۈق نىمىشقىدۇر ئۆز مەنزىلىدە توختاپ قالغانىدى.
ئابدۇللا كۆز ئالدىدىكى بۇ جەلپكار مەنزىرىنىڭ تاسادىپىي غايىب بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەندەك چۈغلۈققا قاراپ تېز قەدەم بىلەن ماڭدى ـ يۇ، ئەجەبلىنىپ يەنە توختىدى، چۈنكى ھېلىلا ئۆز مەنزىلىدە جىم تۇرغان چۈغلۈق ئەمدى بارغانسېرى يىراقلىشىۋاتاتتى. ئابدۇللا گۈزەللىك تەشنالىقىدا چۈغلۈققا قاراپ يۈگۈردى، شۇ تاپتا بۇ پىنھان جايدا نېمىشقا يۈگۈرگىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، پۈتى ئاستىدا يېپىلىپ ياتقان سېغىر غاراس ـ غۇرۇس ئاۋاز چىقىرىپ سۇناتتى. نېمىلا بولمىسۇن ئاخىر چۈغلۈققا يېقىنلاپ كەلدى. ئېھ، چۈغلۈق! ئۇ ئابدۇللانىڭ يېنىدا پۈتكۈل جىسمى بىلەن نامايان بولدى. ئورنىدا ھەيكەلدەك قېتىپلا قالغان ئابدۇللانىڭ تىلى كالۋالاشتى، كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى، پۈتىغا تىترەك ئولاشتى. ئەسلىدە شۇنچە يىراقتا تۇرۇپ ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتقان چۈغلۈق ـــ كەۋسەر ئىدى. بۇ يەردە «سېرىق دۇنيا»دىن ئۆزىگە ئوخشاش ھۇزۇرلىنىۋاتقان، باللىقتىكى تاتلىق كەچمىشلەرنى سېغىنىپ، تەگسىز خىياللارغا غەرق بولغان كەۋسەر ئىدى، ئابدۇللا بىردەم شۇ ھالدا تۇرغاندىن كېيىن ئۆزىگە قاراپ ھاڭۋېقىپ قالغان كەۋسەرگە يېقىنلاشتى.
ـــ ھەيرانمەن، مېنى شۇنچە يىراقتىن تونۇۋالدىڭمۇ؟ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان كىمدۇ دەپ ھودۇقۇپ كېتىپتىمەن تېخى، ـــ كەۋسەر شۇنداق دېگىنىچە قولىدىكى تۇغراق يوپۇرمىقىنى يەرگە تاشلىۋەتتى.
ئابدۇللا شۇندىلا ئېسىنى يىغدى ۋە:
ـــ بۇ تەرەپلەرگە كەلمىگىنىمگە خېلى كۈنلەر بولغان، بۈگۈن قولۇم سەل بوشاپ قاپتىكەن، ئايلىنىپ كېلەي دەپ كەلگەنىدىم. ئاۋۇ تەرەپتىن بۇ تەرەپكە قارىسا بەكمۇ گۈزەل كۆرۈنىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەرگە سەنمۇ كەپسەن. شۇڭا......

ئابدۇللا يالغان ئېيتىشقا ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ قاملاشتۇرالمىدى. كەۋسەر ئابدۇللانىڭ چىرايىنىڭ ئوتقاشتەك قىزىرىپ كەتكەنلىكىنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى، ئۇ نېمىشقىدۇر يىراقلارغا كۆز ئۇزمەي قارايتتى.
ئابدۇللا ئاردىكى جىملىقنى بۇزۇپ دېدى:
— ئۆتكەندە مەن زۇلەيخان ئانامنى يوقلاپ بارغان كۈنى سەن بىلەن ئوبدانىراق مۇڭدىشارمەن دېگەنىدىم، ئۆيۈڭلەردە ئادەم كۆپ بولغاچقا پۇرسەت بولمىدى. ئۇ ئىشلار ئۈستىدە كۆپ ئويلاپ كەتمە، ھېچبولمىغاندىمۇ زۇلەيخان ئانامنى ئويلا، بۇنداق جىمغۇرلىشىپ كەتسەڭ چوڭلارمۇ بېسىمغا ئۇچرايدۇ، ئۆزۈڭمۇ روھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلىشىپ كېتىسەن. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ھەممىسى ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭغا ئىشەنگىن، كەۋسەر!
— گېپىڭغۇ توغرا، بىراق سەدىردىنگە بەكمۇ ئېچىنىمەن. نېمىشقا ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ بۇنداق تۈگەشتۈردىغاندۇ، مەن سەدىردىننى ھەرگىز ئۇنداق قىلار دەپ ئويلىماپتىمەن، — كەۋسەر يىغلىۋەتتى. ئابدۇللا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئازراق ياسىغاندىن كېيىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىغىنىچە ياندىكى قىرى توغراققا يۆلەندى، كەۋسەرگە قاراپ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى، دېمىسىمۇ كەۋسەر دەرد - ئەلەم ئىلكىدە شۇنچە بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئارقىمۇئارقا كېلىۋاتقان قىسمەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغاندەك قىلاتتى، چىرايىلا ئەمەس، كىيىنىشىدىن تارتىپ، سۆز - ھەرىكەتلىرىگىچە ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى.
دېمىسىمۇ بۇ كۈنلەردە ئاقتاشتا «سەدىردىن ئۆزۈمچىدە كەۋسەر توي قىلىشقا پۈتۈشكەن يىگىتنىڭ قورسىقىغا سۇنۇق بوتۇلكا تىقىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ تۈرمىگە كىرىپ قاپتۇ» دېگەن پاراڭلار ئېغىزدىن - ئېغىزغا، قۇلاقتىن - قۇلاققا كۆچۈپ، زۇلەيخاننىڭ يېنىدا مۇڭغا چۆكۈپ ئولتۇرغان كەۋسەرنى تالا - تۈزگە

چىقالمايدىغان، چىقىسىمۇ خەقلەر تولا گەپ كوچىلاپ قولىقىنى ئارامىدا قويمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى. گەرچە ۋەقە يۈز بېرىپ ئون نەچچە كۈندىن كېيىن پولاتنىڭ ئابدۇللا ئارقىلىق جالالىدىن ئاخۇنغا يازغان خېتىدە: «تەلئەتنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەدىردىننىڭ سەۋەبچى بولغانلىقى ھازىرچە ئېنىق ئەمەس» دەپ ئېنىق ئەسكەرتىلگەن بولسىمۇ، شۇ كۈندىن باشلاپ جالالىدىن ئاخۇننىڭ ئۆيىدە خۇددى ئىلگىرى ھوشۇر مۇزدۇز بىلەن ئەخمەت بوۋاينىڭ ئائىلىسىدىكىگە ئوخشاشلا يىغا - زار كۆتۈرۈلدى. ئۆيىدىن قولۇم - قوشنىلارنىڭ بىرنەچچە كۈنگىچە ئايىغى ئۈزۈلمىدى، جالالىدىن ئاخۇن ناھىيە بازىرىغا كېلىپ، ئاكىسىنىڭ ئوغلى مىجىت دىرېكتورغا سەدىردىننىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى بىرەر ئامال قىلىپ ئۇقۇپ بېرىشنى ئېيتقانىدى، ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇ ئاقتاشقا ئاتايىتەن كېلىپ: «ئۆرۈمچىدىكى تونۇشلاردىن ئۇقۇشۇپ باقتىم، سەدىردىن ھەقىقەتەنمۇ شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ» دېدى.

سەدىردىن توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلەر ئاقتاش يېزىسىنىڭ بۇلۇڭ- پۇچقاقلىرىغا يۇقىرىقىدەك ئىككى خىل تارقىلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغان زۆلەيخاننىڭ يېنىدا مۇڭ بىلەن ھەسرەتكە يەم بولۇپ ئولتۇرغان كەۋسەر كامىنۇر يازغان خەتنى تاپشۇرۇۋالدى، خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى:

*«جېنىم دوستۇم كەۋسەر! ساڭا شۇنچە دەھشەتلىك شۇم خەۋەر يەتكۈزگەنلىكىمنى كەچۈر، ئامال قانچە، تەلئەت ئۇچ كۈن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتتى! ئۇ دوختۇرخانىدا «كەۋسەر، كەۋسەر» دېگىنىچە نەپەستىن قالدى، بۇ خەۋەرگە ئىشەنمەسلىكىڭ مۇمكىن، مەنمۇ بۇ ئىشلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ھېچ ئىشەنگۈم كەلمىدى، شۇڭا بۇ*

*خەتنى بىرنەچچە كۈن كېچىكتۈرۈپ يازدىم. تەلئەت راستتىن ئۆلۈپ كەتتى، ئۇنى سىڭلىڭ يۇرتلۇقۇڭ سەدىردىن، سەن دائىم بىرمەھەللىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغان دوستۇم دەپ ئەتىۋارلايدىغان سەدىردىن ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئۆسۈلى بەكمۇ قەبىھ بولۇپ، تەلئەتنىڭ قورسىقىغا ھاراق بوتۇلكىسىنىڭ پارچىسىنى تىقىۋېتىپتۇ، نېمىدېگەن ۋەھشىيلىك! ساڭا دېسەم، ئۇ كۈنى تەلئەت بىرنەچچىمىزنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن سورۇن ئورۇنلاشتۇرغان، شۇنچە مەردلىك قىلىپ نۇرغۇن پۇل خەجلىگەنىدى. بىز بىرنەچچىمىز سەيلە قىلىپ يىراققا كېتىپ قاپتىمىز، سورۇننىڭ ئاخىرىدا سەدىردىن كۆرەلمەسلىك قىلىپ تەلئەت بىلەن جېدەللىشىپتۇ، ئاخىر بۇ پاجىئە كېلىپ چىقتى، ئەھۋالدىن قارىغاندا سەن ئۇرۇمچىگە تېزرەك كەلمىسەڭ بولمىغۇدەك، ئاتا ـ ئاناڭغا مەندىن سالام دېگىن، بۇنىڭدىن ئارتۇق يېزىشقا قولۇم بارمىدى، كەيپىياتىم بەكمۇ تۆۋەن، كەچۈرگىن، خوش.*

*دوستۇڭ كامىنۇر»*

خەتنىڭ پۇچىركىسىمۇ ئۆلچەمسىز يېزىلغان بولۇپ، بۇنىڭدىن كامىنۇرنىڭ خەتنى يازغاندىكى كەيپىياتىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ نورمالسىزلىقى چىقىپلا تۇراتتى. مانا، بۇ خەت نەچچە كۈندىن بۇيان ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىشكە تەقەززا بولۇپ كېلىۋاتقان كەۋسەرنى دەھشەتلىك قايناميدىن تارتىپ ئېلىپ، ئەمدى گۆركىرەپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا سالدى، گۈلنىڭ يۇمران قاناتلىرى، كۆزلەرنى چاقنىتىدىغان ئوماق بەرگلىرى، ئىشقىلىپ، ھەممە، ھەممىسى كۈچلۈك ئوتتا كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغاندەك بولدى...... كەۋسەر بۇ ئىشلارنى ئانىسىدىن يوشۇرالىسۇنمۇ، قىزىنىڭ چىرايىدىكى ھەربىر ئۆزگىرىشنىڭ تېگىنى سۈرۈشتۈرۈپ كېلىۋاتقان

زۇلەيخان ئاخىر بىلىپ قالدى، كەۋسەر ھالى كۇندىن- كۇنگە يامانلىشىپ كېتىۋاتقان ئانىسى ئۇچۇن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۆزىنى غايەت چوڭقۇر قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىپ، يورۇقلۇقنى كۆرۈش ئۈچۈن ھېچقانداق ئامال تاپالمىغاندەك سەزدى، كەۋسەر ئالدىنقى كۈنلەردە تولا يىغلاپ، نېرۋىسى چارچىغاچقا ئابدۇللا ۋە خەلچەم بىلەن مۇڭدىشىپ كۆڭلىنى تىنچلاندۇرۇشنى ئويلىغانىدى، ئاچىسىمۇ بىرقانچە قېتىم: «ئانامغا مەن قارايمەن، ئۆزۈڭنى بۇنچە تاشلىۋەتمەي سىرتلارغا چىقىپ ئايلىنىپ كىر» دېگەن بولسىمۇ، ئۆيدىن سىرتقا چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدى. دېمىسىمۇ خەقنىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋالغىلى، ئارىدىكى ئىشلارنى ئۇلارغا تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ ئىشەندۈرگىلى بولمايتتى.

بۈگۈن زۇلەيخانىڭ ئەھۋالى ئالدىنقى كۈنلەردىكىدىن بىرئاز ياخشى ئىدى. ئانا يۈرەك پارىسى كەۋسەرنىڭ پەرزەنتلىك قەررزىنى ئادا قىلىپ، ئۆيدىن سىرتقا چىقماي ئۆزىنى شۇنداق ياخشى كۈتكەنلىكىدىن سۆيۈنەتتى. قىزىنىڭ بېشىغا يەتكەن قىسمەت ئۇنى چىدىغۇسىز ئازابلىغاچقا، بىردەم بولسىمۇ سىرتنى ئايلىنىپ، ئازابلىرىنى ئازراق بولسىمۇ ئۇنتۇشقا زورلىغانىدى، كەۋسەر ئانىسىنىڭ تەكرار ئېيتقان تەلىپىنى يەردە قويالماي ھويلىغا چىققاندا ئاچىسى ئۇنىڭغا كىيمگىلى ئۇزاق بولغان قىزىل رەڭلىك كىيىمىنى كىيىۋېلىشنى ئېيتتى. ئۇ ئاچىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى. قايسىبىر كۈنى زۇلەيخانىڭ كېسىلىنى كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن بىرنەچچە ئايال كەۋسەرنى ئاق رەڭلىك كۆڭلەكنى بىلەن كۆرگەچكە كوچىغا چىقىپلا: «كەۋسەر ئۇرۇمچىدە ئۆلۈپ كەتكەن بولغۇسى ئېرىغا مۇسىبەت تۇتۇپ ئاق كۆڭلەك كىيىۋاپتۇ» دېگەن گەپنى تارقاتقانىدى. مۇبادا ئۇ بۈگۈن يەنە شۇ كۆڭلىكى بىلەنلا سىرتقا چىقسا، كوچىدا ئۆزى توغرۇلۇق پىتنە- پاساتنىڭ يەنىمۇ

ئۇلغىيىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.
كەۋسەر ئازراق ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئاچىسىنىڭ دىگىنىدەك قىزىل رەڭلىك گىرىپ كۆڭلىكنى كىيىپ سىرتقا چىقتى. دەسلەپتە خەلچەم بىلەن كۆرۈشۈشنى ئويلىغان بولسىمۇ، كېيىن ئارىلىقنىڭ ئۇزۇنلىقىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ رازاق بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ ئابدۇللانى خىيالىغا كەلتۈردى - يۇ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ خەلچەم بىلەن كۆرۈشۈشتىنمۇ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئويلاپ قالدى. چۈنكى، ئۆتكەن بىر كۈنى ئۇ ئاچىسىدىن ئابدۇللا بىلەن خەلچەم، خەلچەم بىلەن سارەم ئوتتۇرىسىدا تەسەۋۋۇرغا سىغمايدىغان بىر قاتار ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ تولىمۇ ھەيران بولغانىدى.
كەۋسەر ئىككىلىنىپ ئورنىدا بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، ياخشىسى ئادەملەردىن يىراقراق بولغان توغراقزارلىققا بېرىشنى، «سىرلىق دۇنيا»دىن ھازىرقى ئازابلىرىنى ئازراق بولسىمۇ ئۇنتۇلدۇرالايدىغان يېگىنچە تۇيغۇلارنى ئىزدەپ بېقىشنى نىيەت قىلىپ بۇ يەرگە كەلگەنىدى.
— كەۋسەر، سەنمۇ راستتىنلا تەلئەتنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەدىردىن سەۋەبچى دەپ ئويلامسەن؟
ئابدۇللا شۇنداق دەپ كەۋسەرنىڭ خىيالىنى بۆلىۋەتتى. كەۋسەر ئابدۇللاغا ھەسرەتلىك قاراپ دېدى:
— ئابدۇللا، بۈگۈن سەن بىلەن بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قېلىشىمنى خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم. ھەر ھالدا سېنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بىرئاز يورۇپ قالدى. باشقىچە ئويلاپ قالمىساڭ، بۇ گەپلەرنى دېيىشمەيلى، ماقۇلمۇ؟
— سەدىردىننىڭ تەقدىرى قانداق بولار؟
— بۇ ھەقتە پاراڭ قىلىشمايلى دېدىمغۇ، ئابدۇللا!

— مۇشۇ كۈنلەردە سەن شۇنچە كۆپ دەرد - ئەلەم تارتتىڭ، ساڭا ھېچقانچە يـاردەم قىلالمىغانلىقىمنى ئويلىسام ئۆزۈمنىڭ دوستلۇققا يارىمايدىغانلىقىمنى ھېس قىلىمەن.

— ئۇنداق دېمە.

— مەھەللىدىكىلەر ئىلگىرى بىزنـى «ئەتىۋارلىق كەنجىلەر» دەپ ماختىشاتتى. ھـېچ بىلمـىدىم، ئەتىۋارلىق نەرسـىلەر بىزدەك تەتۈر پېشانە بولامدىغاندۇ؟

— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن.

— مېنىڭچە تەلئەتنىڭ ئۆلـۈمى قـازايىقەدەر بولغانـدۇ. سەدىردىن ھەرگىزمۇ ئۇنداق قىلمايدۇ. شۇڭا، ئاخىرقى نەتىجە بىز ئاڭلىغانـدەك بولمـاس، ئىشلار ئايدىڭلىشىپ بولغـۇچە ئـۆزۈڭنى بۇنچە تاشلىۋەتمە.

— ئابدۇللا، يەنە دېسەم شۇ گەپ، سەن بىلەن سەدىردىن توغرۇلـۇق سۆزلەشكۈم يـوق. نېمىشقىدۇر سېنى بۇ يەردە كـۆرۈپلا غەمسىز بـالىلىق چـاغلىرىم ئېسىمگە چۈشـتى. بـالىلىق نەقەدەر سۆيۈملۈك - ھە! بولسا بىز ئاشۇ يىراقتا قالغان بـالىلىق توغرىسـىدا پاراڭلاشساق، بەلكىـم مۇشـۇنداق قىلىشىنىڭ چارچىغـان نېرۋامنـى ئارام ئالدۇرۇشۇمغا بىرئاز پايدىسى تېگىپ قالار، بولامدۇ؟

كەۋسـەرنىڭ بـۇ سـۆزلىرى ئابـدۇللانىڭ ھاياجـان ئىلكىـدىكى يـۈرىكىنى ئېچىـشتۇرۇۋەتتى. كەۋسـەرنىڭ مۇشـۇ سـۆزلەرنى ئېيتقانـدىكى مۇلايىم، بىچارە ھالىتىدىن بۇ سۆزلەرنىڭ بىزارلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئامالسىزلىقتىن ئېيتىلغان چىـن سـۆزلەر ئىكەنلىكى ئابدۇللاغا ئايان بولـدى. ئـۇ ئەمـدى كەۋسـەرگە سـەدىردىننى ئەپـۇ قىلىۋېتىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىشتىن ۋاز كەچتى.

ئابدۇللا پولاتنىڭ خېتىنـى جالالـدىن ئاخۇنغا ئوقـۇپ بەرگەن ئاشۇ كۈنى سەدىردىننىڭ كۆتۈلمىگەنـدە كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان قىسمەتكە دۇچـار بولغانلىقىنى، گەرچە ئـۇ تەلـئەت بىـلەن گەپ

تالىشىپ ئازراق جىدەللىشىپ قالغانىدىن باشقا گۇناھ سادىرقىلمىغان بولسىمۇ، ئۇنى ئىسپاتلايدىغان ئادەمنىڭ ھازىرچە يوقلۇقىنى، ج خ خادىملىرى كامىنۇر بىلەن مىرئادىلنىڭ گۇمانى ئاساسىتا بەرگەن گۇۋاھلىقىغا ئاساسەن ئۇنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن كۆلپەتنىڭ تەلئەتنىڭكىگە ئوخشاشلا ئېچىنىشلىق بولغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانىدى. ئابدۇللانىڭ خىيالىچە، كەۋسەر ساۋاقدىشى كامىنۇرغا خەت يېزىپ، ئۇنىڭ مىرئادىل بىلەن ج خ خادىملىرىغا بەرگەن گۇۋاھلىق خېتىنى قايتۇرۇۋېلىپ، سەدىردىننى بۇ خەتەرلىك پاتقاقتىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى ئۆتۈنۈشى كېرەك ئىدى. مۇشۇنداق قىلغاندا كەۋسەر ئۆزىدىن باشقا يەنە تۆت نەپەر جان - جىگەر دوستىنىڭ مەڭگۈلۈك دوستى بولۇشقا يارايتتى. ئابدۇللا بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئويلىغانلىرىنى كەۋسەرگە ئېيتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئۇزاقتىن بۇيان ئۆزىنى خەلچەمدىن كۈنلەپ، كۆڭلىنى ئارامىدا قويمىغان سارەم ئۇنىڭ سىرتلاردا خەلچەم، كەۋسەرلەر بىلەن كۆرۈشۈشىنى قاتتىق چەكلىدى، چەكلەپلا بولدى قىلماي يەنە تېخى ھەدېگەندە پايلاپ يۈرگەچكە، ئۇ بۈگۈنگىچە پۇرسەت كۈتۈشكە مەجبۇر بولغانىدى. بۈگۈن تەقدىر ئۇنىڭ تىلىكىنى بەجا كەلتۈردىمۇ، ئەيتاۋۇر، مۇشۇنداق خىلۋەتتە كەۋسەر بىلەن ئۇچراشتۇردى، بىراق كەۋسەر دوستلۇق بىلەن مۇھەببەت ئوتتۇرىسىدىكى دوقمۇشتا نېمە قىلىشنى بىلمەيۋاتاتتى. شۇ تاپتا تاۋى نازۇك كەۋسەرنىڭ مۇشۇنداق ئېغىر سىناققا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىغا ئابدۇللانىڭ ئىچى سىرىلاتتى. مۇبادا كەۋسەرنىڭ بۇ دەردلىرىنى بۆلۈشۈۋېلىشقا مۇمكىن بولغىنىدا، ئۇ ھېچ ئىككىلەنمەي تۇرمايلا ھەممىسىنى ئۆزىگىلا بۆلۈۋالاتتى.

ئابدۇللا كەۋسەرگە قارىغانىدى، كەۋسەر «سېرىق دۇنيا»نىڭ چېتىدىكى بارخانلاردىن كۆز ئۈزمەيتتى. باش كۈزنىڭ غۇر - غۇر

شاملى توغراقلارنىڭ يوپۇرماقلىرىنى ئارىلاپ تۆكەتتى. شۇ تاپتا ئابدۇللا كەۋسەرنىڭ تەلپىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ باللىق چاغلىرى توغرىسىدا ئىچچىشقا ئېغىز تىرىشتى - يۇ، بىراق تىلىغا گەپ كەلمىدى، ئەسلىدە ئۇنىڭ خىيالىنى سەدىردىنىنىڭ قىسمىتى چىرمىۋالغانىدى. ئەلۋەتتە سەدىردىنىنىڭ ھازىرقى تەقدىرىدە ئۆزگىرىش بولمىسا، ياشلىق گۈلى ۋاقىتسىز سولۇپ، ئابدۇللانىلا ئەمەس، باشقا ئۆمۈرلۈك دوستلىرىنىمۇ ھەسرەتتە قوياتتى. تېخىمۇ يامىنى سەدىردىنىنىڭ دادىسى جاللادىن ئاخۇن، ئانىسى چىناخان بۇ قىسمەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەيتتى.

ئارىدا ھۆكۈم سۈرگەن جىملىقنى ئاخىر كەۋسەر بۇزدى:

— ئېسىڭدىمۇ، ھېلىقى بىر چاغدا سىلەر ئوغۇللار مۇشۇ يەردە بىزنى يالغۇز تاشلاپ نەگىدۇر مۆكۈۋالغان، بىز بەكمۇ قورقۇپ كەتكەنىدۇق. ئىلگىرى دادام: «مۇشۇ تەرەپتە ياۋا توڭگۇز بار، ياۋا توڭگۇز كىچىك باللارنى كۆرسە چىشلەپ ئېلىپ قاچىدۇ» دېگەنىدەك گەپلەرنى تولا قىلغاچقا، مەن بۇ گەپكە ئىشەنگەن ئىكەنمەن......

كەۋسەرنىڭ ئىلگىركى ئىشلارنى ئېسىگە ئېلىپ دېگەن بۇ سۆزى خىيالىنى ئۈزۈۋەتكەن ئابدۇللا كەۋسەرگە قاراپ مەيۇس ھالدا ئېيتتى:

— ھېچ ئەسلىيەلمەيۋاتىمەن، كېيىن قانداق بولغان؟

— كېيىن سىلەر چاتقالنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ، ياۋا توڭگۇزنى دوراپ غەلىتە ئاۋاز چىقىرىشقا باشلىدىڭلار، بىز سىلەرنىڭ بۇ ھىيلەڭلەرنى سېزىپ قېلىپ، چاندۇرماي يۈگۈرۈشۈپ مەھەللىگە كەتتۇق. سىلەر مۇشۇ يەردە كەچ كىرگۈچە ياۋا توڭگۇز بولۇشۇپ ماراپ يۈرۈپتىكەنسىلەر.

— سەدىردىنچۇ، ئۇ يوقمىدى؟

— ئۇ ياۋا توشقان قوغلاپ يۈلغۇنلۇققا كەتكەن.

ــ ھەرنېمە دېگەنبىلەن سەن يەنىلا ئەقىللىك ـ دە! ئۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ قالماپسەن. بەلكىم يەنە كۆپ ئىشلار ئېسىڭدە باردۇ؟

ــ جۇرە، ماڭغاچ پاراڭلىشايلى، ــ كەۋسەر شۇنداق دېگىنىچە بايا ئابدۇللا كەلگەن تەرەپكە قاراپ يېنىك قەدەم تاشلىدى. ئابدۇللا ياندىشىپ ماڭدى. كەۋسەر سۆزىنى داۋام قىلدى،ــ ئۇ چاغدىكى ئىشلار ھېلى بولغاندەك ئېسىمدە بار. سېنىڭ خەلچەم بىلەن ماڭا ئەترەتنىڭ بېغىدىن ئالۇچا ئوغرىلاپ بەرگىنىڭچۇ تېخى! يەنە نىساخان ئانامنىڭ بېغىدىن ئۈسما ئوغرىلاپ ئەكېلىپ بەرگىنىڭمۇ ئېسىمدە بار......

ــ بىر قېتىم ئويناش ئۈچۈن سەدىردىنىڭ ئۆيگە بارغان ۋاقتىمىزدا، چىناخان ئانامنىڭ يەكتىكىدىكى كۆمۈش تۈگمىلەرنى سۆكۈپ سىلەرگە تەپكۈچ ياساپ بەرگىنىچۇ؟!

ــ توغرا ـ توغرا، شۇنداق ئىش بولغان راست، كېيىن چىناخان ئانام بىزگە كونا زامانىنىڭ مىس پۇلىدا تەپكۈچ ياساپ بەرگەن.......

ــ چىناخان ئانامنىڭ تالما توقۇش ئۈچۈن مىڭ تەسلىكتە چاقتا ئېگىرىپ كالاكلەپ قويغان يىپىدا سىلەرگە توپ ياساپ بەرگىنىچۇ؟ــ ئابدۇللا سۆزلەۋېتىپ كەۋسەرگە قاراپ قويدى. چىرايى بىرئاز ئېچىلىپ قالغان كەۋسەر قەدىمىنى توختىتىپ ئابدۇللاغا تىكىلدى ـ دە:

ــ سەن نېمانداق شاتۇتىدەك بىر گەپنىلا قىلىسەن؟ــ دېدى سەل تېرىكىپ.

ــ ئېنىقراق ئېيتە، قايسى گەپنى قىلدىم؟

ــ سەدىردىنىڭلا گېپىنى قىلىسەنغۇ!

ــ توغرا، ھېچ چۈشەنمىدىم، نېمىشقا ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشتىن ئۆزۈڭنى قاچۇرىسەن؟ ئارىمىزدا قانداق ئىشلارنىڭ يۈز

بىرىشىدىن قەتئىينەزەر بىز مەڭگۈ ئايرىلمايدىغان دوستلاردىنغۇ!
قاراپتۇر، تەلىيىمىز ھازىر ئوخشاي قالغان بىلەن، ئاخىرقى
تەقدىرىمىز چوقۇم ئوخشاش بولىدۇ. بۇنىڭغا شەكسىز ئىشىنىمەن.
— سەندىن شۇنچە ئۆتۈنگەن بولسامۇ گەپنى يەنە مۇشۇ
يەرگە ئۇلىدىڭ - ھە! يەنە بىر قېتىم ئۆتۈنەيمۇ؟
— ياق، ھەقىقىي دوستلار ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر ئۆتۈنۈش،
كەچۈرۈم سوراش ئەمەس، تەقدىم قىلىش، ئۆزىنى بېغىشلاشلا
بولىدۇ، كەۋسەر.......
— جېنىم ئابدۇللا، مېنى بۇنداق قىستىما!
— بۇ ھەرگىز سېنى قىستىغانلىق ئەمەس، كۆز ئالدىڭدىكى
تۇماندىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ، مۇشۇ «سىرلىق دۇنيا»غا نەزەر سالساڭ
ھەرگىزمۇ مېنىڭ سۆزلىرىمنى بىھۇدە ھېسابلىمايسەن. سەن
دېگەندەك بالىلىقىمىزنى ئويلىغانسېرى گەپ ئۆز يولى بويىچە
كېلىپ يەنە مۇشۇ يەرگە ئۇلىنىدۇ، بۇنى نېمىشقا ھېس
قىلمايسەن؟
— بولدى ئەمىسە، سەن كەتكىن، بىز مۇڭداشمايلى.
— ياخشىراق ئويلاپ باق، كەۋسەر، بىز كەنجىلەر بۇنچە
شورپېشانە بولۇپ كەتسەكمۇ بولماس، خەلچەمنىڭ دەردىمۇ ئۆزىگە
يېتىپ ئاشىدۇ، نىياز بىلەن راشىدىنىنىڭ ھازىر نېمە كۈنلەرنى
كۆرۈۋاتقانلىقىنى ھېچقايسىمىز بىلمەيمىز، ئەمدى سەدىردىن بۇ
قىسمەتكە يولۇقتى.
— ئەمىسە مەن قانداق قىلسام بولىدۇ؟ ئېيتە، ساڭا قانداق
قىلىپ بەرسەم مەندىن رازى بولىسەن؟
— ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، سەن ماڭا ئەمەس، كەنجىلەرنىڭ
دوستلۇقىغا، دوستلۇق ۋە ساداقەتلىكتىن ئىبارەت مۇقەددەس
بۇرۇچقا جاۋاب بېرىشىڭ كېرەك!
— مەنمۇ ساڭا ئوخشاش دوستلۇقنى قەدىرلەشنى ئوبدان

بىلىمەن. بىراق، هاياتلىقتىكى ھەممە ئىشلارنى دوستلۇققىلا تايىنىپ ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى نېمىشقا ئويلىمايدىغانسەن، ئابدۇللا؟

— بۇ تەرىپىنى ئوبدان بىلىمەن، بىر يىلدىن بېرى مەدەنىيەت پونكىتىدا ئوقۇغان كىتابلىرىم سېنىڭ ئالىي مەكتەپ ھاياتىڭدىكى بەش يىلدا ئوقۇغان كىتابلىرىڭغا تەڭلىشىپ قالدۇ. مەن ھازىرغىچە ھاياتتىكى ھەرقانداق چىگىش ئىشلارنى دوستلۇقنىڭ ھەل قىلالمىغانلىقىنى كۆرمىدىم، ئوقۇغانلىرىم دوستلۇقنىڭ قۇدرىتى ۋە ئۇلۇغلىقىلا بولدى.

— سېنىڭچە بولغاندا كىچىك چاغلىرىمىزدىكى ئىشلارنى بۈگۈن ئۆچۈن خىزمەت قىلدۇرساق، يەنە شۇ تار، بېكىنمە ئادەت ئىچىگە ئۆزىمىزنى چۈكتۈرۈپ، قاتمال ئەنئەنىنى ياقلىساق بولىدىكەن - دە! سەن ئوقۇغان كىتابلاردا دۇنيانىڭ ھازىر ئۆتكەن بىرنەچچە ئەسىرلىك تەرەققىياتىنى بىرنەچچە ئون يىلدا ئورۇنلىيالايدىغان تەرەققىيات تېزلىكىدە كېتىۋاتقانلىقى، كونا شەيئىلەرنىڭ بىر - بىرلەپ يوقىلىپ، يېڭى شەيئىلەرنىڭ باش كۆتۈرۈۋاتقانلىقى توغرىسىدا بايانلار يوقمىكەن؟

— مېنىڭچە بۇ ھەقتە سەن بىلەن مۇنازىرە قىلىشىشقا سالاھىيىتىم توشمايدۇ. گەپنى ئەگىتىپ يۈرمەي ئۇدۇللا دەۋېرەي، بايا ساڭا بۇ گەپلەرنى دېيىشنى كېيىنگە قالدۇرۇشنى نىيەت قىلغانىدىم. ئويلاپ باقسام بۈگۈنكىدەك پۇرسەتنىڭ تېپىلمىقى تەس ئىكەن. شۇڭا، دوستلۇقىمىزنىڭ ھۆرمىتىدىن بولسىمۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ ئوبدان ئويلاپ باق، كەۋسەر!

— قارىغاندا سەن تەسەۋۋۇر قىلمىدىكىدىنمۇ كۆپ ئىلگىرىلەپسەن، ئابدۇللا، قېنى ماڭا قايسى گەپنى ئېيتماقچىدىڭ؟ تەپسىلىيرەك دەپ باقە!

— ھېلىقى كامىنۇر ئىسىملىك ساۋاقدىشىڭغا بۈگۈنلا خەت

بېرىۋەت، ئۇمۇ سېنىڭ بەش يىللىق ساۋاقداشلىقىڭغا ئەرزىگۈدەك ئىش قىلسۇن. مەن سەدىردىننىڭ ساۋاقدىشى پولاتنىڭ يازغان خېتىنى تەپسىلىي كۆردۈم. ئەھۋال كامىنۇر ساقا يازغان خەتتىكىگە تولىمۇ ئوخشىمايدىكەن. پەرىزىمچە سەدىردىننى قانۇن ئورۇنلىرى كامىنۇر بىلەن مىرئادىلنىڭ گۇۋاھلىق خېتىگە ئاساسەن تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ئوخشايدۇ، مۇبادا ئۇلار گۇۋاھلىق خېتىنى قايتۇرۇۋالسا سەدىردىن بۇ پاتقاقتىن قۇتۇلىدۇ. سەنمۇ بىلىسەن، ھازىر سەدىردىن بىزنىڭ ياردىمىمىزگە بەكمۇ موھتاج، دېگەنلىرىم توغرىمۇ؟

كەۋسەر بىردەم سۈكۈت قىلىپ تۇرغاندىن كېيىن ئېيتتى:

— ساقا نېمە دېسەم بولار، سېنىڭ ماڭا مۇشۇ گەپنى دېيىشىڭنى بايىلا بىلەتتىم. شۇڭا، بۇ ھەقتە سۆزلەشمەسلىكنى سەندىن ئۆتۈنگەن. قېنى، جاۋاب بېرىپ باقە، سەن ئوقۇغان كىتابلاردا ھەقىقەت ئۈچۈن جان پىدا قىلىشنىڭ باھاسى شۇنچە تۆۋەنمىكەن؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ ھەقىقەت ئەلۋەتتە باھاسىز تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن جان پىدا قىلىشنىڭمۇ باھاسى بارمۇ؟ ئۇنىڭ باھاسىنى مۇشۇ ھاياتلىق ئالىمىگە تەڭ قىلساڭمۇ كۇپايە قىلمايدۇ.

— دۇرۇس، ئۇنداقتا سەن سەدىردىننى نېمىشقا گۇناھسىز دەپ قارايسەن؟ مۇبادا تەلئەت ماڭا نىسبەتەن يات ئادەم بولغان تەقدىردىمۇ سەن ھەقىقەتنى ياقلىمامسەن؟ بۇ سېنىڭ ماھىيىتىڭگە مۇناسىپ كېلەرمۇ، ئابدۇللا؟

— سەن نېمىگە ئاساسەن سەدىردىننى گۇناھكار دەپ جەزملەشتۈرىسەن؟ ئۇنىڭ سېنى ياخشى كۆرۈپ، بەزى بىر ئىشلارنى قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟ مېنىڭچە ئۇنىڭ ساڭا قىلغان بىر قىسىم ئىشلىرى يولسىزلىق بولسىمۇ، كۆپ قىسمى يوللۇق، دوستلۇق ئۆز نۆۋىتىدە مۇھەببەتنى يارىتىدۇ.

— ئۇنداق بولسا سەن ئىلگىرى مېنى ياخشى كۆرەتتىڭ، كېيىن چوڭ بولغانسېرى مېنى ئۇنتۇپ كەتتىڭ، بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟
— مەن...... سەن...... بۇ......
— توختاپ تۇر، مېنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولساڭمۇ، خەلچەم سېنى شۇنچە ياخشى كۆرەتتى. نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلماي، سارەم بىلەن توي قىلىۋالىسەن؟......
— سەن...... مەن...... بۇ......
— گېپىمنى بۆلمەي تۇر، سۆزۈم تۈگىمىدى. مېنىڭ سەن ئۈيلەنگەندەك سەدىردىننى گۇناھكار دەپ مۇتلەقلەشتۈرگۈم يوق. ئۇنداق بولۇشىنىمۇ خالىمايمەن. بىراق، مەن بىز ئۇلۇغلايدىغان دوستلۇقتىن ھەقىقەتنى ئۈستۈن ئورۇنغا قويىمەن. بۇ قىلغىنىم توغرىمۇ ـ خاتامۇ؟ سەدىردىننىڭ ئەينى چاغدا تەلئەت بىلەن قانچىلىك تېرىكەشكەنلىكىنى سەن بىلەمسەن؟
ئابدۇللا جىمىپ قالدى، باياتىنقى سۆھبەتتە خېلىلا ئۈستۈن كېلىپ، كەۋسەرنى ئارىلاپ سوكۇتكە پاتۇرغانلىقىدىن روھلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمدى كەۋسەرنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۇنى جىملەپ قويدى. ئۇ سوكۇت ئىلكىدە يىراقلارغا قاراپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن دېدى:
— كەۋسەر، دۇنيادا بۈيۈك ئىشلار ناھايىتى كۆپ، گەپ بىزنىڭ ئۇ ئىشلارنى قىلىشقا نېسىپ بولۇش ـ بولالماسلىقىمىزدا. مۇبادا مۇۋاپىق كۆرسەڭ ھازىر كۆز ئالدىمىزدىكى ئاددىي ئىشلارنى قىلىپ تۇرايلى. مەن ۋاقتىنىڭ ھەممىنى ئىسپاتلايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.
ئابدۇللانىڭ كۆزىنى بىر نۇقتىدىن ئۈزمەي تۇرۇپ دېگەن بۇ سۆزىدىن كەۋسەر بىرئاز رەنجىپ قالدى. كېيىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ تەمكىن تەلەپپۇزدا دېدى:

— كۆڭلۈڭنى چۈشىنىمەن، سەن بەلكىم مېنى ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ دەپ پەرەز قىلغانسەن، مەن ئىشلارنى ناھايىتى چوڭقۇر تەھلىل قىلدىم. بۇرۇنمۇ شۇنداق قىلغانىدىم، دوستلۇق بىلەن مۇھەببەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە بولغان قارىشىمىزدا تۈپتىن پەرق بار ئىكەن. سەن دېگەنىدەك ۋاقىت ھەممىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ ھەقتە ھازىرچە سۆزلەشمەيلى. بىراق، شۇنى بىلگىنكى، مەندە دوستلۇقىمىزغا قارىتا چىن ئىخلاس بار. ئۇ مەڭگۈ قەدىرلىنىشكە تېگىشلىك. بايا ماڭا دېگەن تەلپىڭنى مەن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرىلا ئورۇنلاپ بولغان. كامىنۇرغا يازغان خېتىم بۇ چاغقا ئۇنىڭغا تېگىپ بولدى. بىراق، ئۇنىڭ قانچىلىك ئۇنۇم بېرىدىغانلىقى ماڭا نامەلۇم.

— ساڭا رەھمەت، كەۋسەر!

— ئۆزۈڭ دېگەنىدەك دوستلار ئارىسىدا تەكەللۇپ يوق. بىز بۈگۈن كۆپ سۆزلىشىپ كەتتۇق. مەن قايتاي، سارەم يەنە بولمىغۇر گەپلەرنى تېپىپ يۈرمىسۇن. سەن بىر بالىغا دادا بولۇپ قالغانلىقىڭنى ئۇنتۇما. خەلچەم بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئۆزۈڭنى تۈتۈۋېلىشىڭنى، دوستلۇق بىلەن مۇھەببەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشىڭنى ئۈتۈنىمەن. مەن كۆردۈم، خەلچەمنىڭ كۆز يېشى مېنىڭكىدىن قېلىشمايدىكەن، گېپىمنى چۈشەندىڭمۇ؟

— بولدى، سۆزلىمە، مەن چۈشەندىم.

— ئەمىسە مەن كەتتىم، خوش!

— خوش!

كەۋسەر كەتتى، ئابدۇللا ئۇنىڭ توغراقلار ئارىسىدا «سېرىق دۇنيا» قوينىغا سىڭىپ كېتىۋاتقان سىماسىغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئۆيى تەرەپكە يول ئالدى. ئۇ ئۇن - تىنسىز كېتىۋاتىسىمۇ كەۋسەرنىڭ ھېلىراقتا ئۆزىگە «بىر بالىغا ئاتا بولغانلىقىڭنى ئۇنتۇما» دېگەن سۆزى قۇلاق تۈۋىدە ياڭرايتتى،

ئەرلىك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ھېس قىلدۇراتتى.
راست، ئابدۇللا بىر قىزغا ئاتا بولۇپ قالدى. ئاشۇ چاغدا شۇنچە كۆڭۈلسىز ئۆتكۈزۈلگەن تويدىن كېيىن ئۇ سارەم بىلەن كۆڭۈلسىز تۇرمۇشقا قەدەم باسقانىدى. بىر مەزگىل گاڭگىراپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بولۇپمۇ قاسىم قارىم باشچىلىقىدىكى جامائەتنىڭ تەكرار نەسىھەتلىرى ئۇنى ئامالسىز ھالدا سارەمنىڭ ئۆزىگە بولغان ساددىلارچە كۆڭلىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىغانىدى. خەلچەمگە كەلسەك دەسلەپتە تىرەجەپ باقتى. ئاخىر بولالماي رازاقىنىڭ ئۆيىدىن يامانلاپ كېلىپ، ئۆگەي ئانىسى زورىخاننىڭ ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق تاپا ـ تەنىسىگە لېۋىنى چىشلەپ بەرداشلىق بېرىپ ئولتۇرۇۋەردى. بۇ كۈنلەردە ئابدۇللا ئەتىدىن كەچكىچە قادىر ئاخۇنىنىڭ ئىغىر ـ يېنىك ئىشلىرىغا ھەمكارلىشىپ يۈرۈۋاتقان خەلچەمنى ئەگىپ يۈرۈۋاتاتتى. گەرچە خەلچەمنىڭ ئىرىنىڭكىدىن يامانلاپ غازلىققا كېلىشى ئابدۇللانىڭ ئاخشاملىرى ئۆزىنى تۇتالماستىن ئاچما كەنتىنىڭ يولىدا قاتراپ تارتىدىغان جاپاسىغا خاتىمە بەرگەن، ئەمدى ئىلگىرىكىدەك تەمتىرەپ، ھودۇقۇپ يۈرمىسىمۇ خەلچەمنى خالىغان چاغدا كۆرەلەيدىغان پۇرسەتنى يارىتىپ بەرگەن بولسىمۇ، بىراق بۇ «ياشلىق ـــ بەگباشلىق» تىن خېلى بۇرۇنلا خەۋەر تاپقان سارەم ئابدۇللا بىلەن تېرىكىشىپ ھارغاندىن كېيىن قېيىنئانىسى مۆھتىرەمخاننىڭ بېشىنى ئاغرىتىشقا باشلىغانىدى. بۇ خىل زىددىيەت تازا ئەۋجىگە چىققان كۈنلەرنىڭ بىرىدە كەنتنىڭ بوغالتىرلىق خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ، لاغايلاپ يۈرگەن ئابدۇللانى بارات نىياز ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ، يېزىنىڭ مەدەنىيەت پونكىتىنى باشقۇرۇش ياكى كاتىباتلىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشنىڭ بىرسىنى تاللىشىنى ئېيتتى. ئابدۇللا ئىككىلەنمەيلا مەدەنىيەت پونكىتىنى تاللىدى، شۇ

كۆندىن باشلاپ ئۇ قالايمىقان تاشلىنىپ قالغىلى بىرنەچچە ئاي بولغان مەدەنىيەت پونكىتىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، كىتاب ۋە ژۇرناللارنىڭ ئارىسىدا مۆكچىيىپ ئولتۇرۇۋاتاتتى. بۇ سارەمنىڭ نەزەرىدىن يىراقلىشالماي، ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك تىت ـ تىت بولۇپ يۈرگەن ئابدۇللا ئۈچۈن تېپىلغۇسىز ياخشى پۇرسەت ئىدى، ئەمدى ئۇ خەلچەمنى قادىر ئاخۇنىنىڭ ئېتىزلىقىدىن، كوچا ـ كويلار ۋە يېزىنىڭ كالتە بازىرىدىن بىمالال ئىزدەپ تېپىپ كۆرۈشەلەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلچەم بۇ كۈنلەردە ئاز ـ تولا تىرىكچىلىك قىلىپ، ئۆگەي ئانىسى زورىخاننىڭ ئالدىدا يۈزىنى يورۇق قىلىش ئۈچۈن مەدەنىيەت پونكىتىغا يانداش سېلىنغان تىككۈچىلىك دۇكىنىغا ئارىلاپ كېلىپ ھۈنەر ئۆگىنىۋاتاتتى. بۇ ئابدۇللا ئۈچۈن يەنە بىر قولاي پۇرسەت ئىدى. لېكىن، ياخشى ئىشقا پۈتلاش تولا دېگەندەك، سارەم بىر كۈنى ئۇلارنى پايلاپ كېلىپ، كىتابقا بولغان كۈچلۈك ئىشتىياق ئوتىدا ئۆزىنى دەڭسىيەلمەي، مەدەنىيەت پونكىتىغا كىرىپ تۇرغان خەلچەمنىڭ ئۆسكىلەڭ چېچىنى قاماللاپ تۇتۇۋالدى ۋە تىل سالدى:

— ۋۇ ئېرى ياراتمىغان بۇزۇق! يۈزۈڭنى داپتەك قىلىپ مۇشۇ يەرگە كەلدىڭمۇ ئەمدى! ئىككىڭنىڭ بۇرۇن قىلىشقانلىرىڭ يەتمىگەنمۇ؟......

خەلچەم سارەمنىڭ ئورۇق قوللىرىنى قايرىپ، چېچىنى ئاجراتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قاراپ پىسسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى ـ دە، زۇۋان سۈرمەي چىقىپ كەتتى. سارەم ئۇنىڭ كەينىدىن مىڭىشقا ئۇرۇنغاندا، ئابدۇللا تۇتۇۋېلىپ كاچىتىغا غەزەپ بىلەن بىر تەستەك سالدى.

بۇ ئىش يۈز بېرىپ ھەپتىگىچە سارەم مۆھتىرەمخان بىلەن سۇلايمان ياۋاشنىڭ تەكرار نەسىھەتلىرىگە پىسەنت قىلماي، بىرنەچچە قېتىم بوغچىسىنى ئېلىپ يامانلاپ ماڭدى. مۆھتىرەمخان

ھەر قېتىمدا يېرىم يولدىن قايتۇرۇپ كەلدى. ئابدۇللاغا تەنبىھ بېرىپ ھارغاندىن كېيىن ئەر - خوتۇن ئىككىسى بۇ كۆڭۈلسىزلىكنى يىلتىزىدىن ھەل قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى.

بىر كۈنى مۆھتەرەمخان سۇلايمان ياۋاش بىلەن ئوبدان مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن، قادىر ئاخۇن بىلەن ئېتىزلىقتا كۆرۈپ ئېيتتى:

— قادىر ئاخۇن، خەلچەم يامانلاپ كەلگەندىن بۇيان بىزنىڭ ئۆيدە خاتىرجەملىك بولمىدى. كېلىنىم سارەم تولا يامانلاپ كۆڭلۈمنى ئارامىدا قويمىدى. يېڭى كېلىن ئەمەسمۇ، كۆڭلى نازۇك ئىكەن. قانداق قىلىمىز ئەمدى؟ بىز چوڭلار بۇ ئىشقا نېمە قوق دېگەن بىلەن ياش باللارنىڭ قېنى قىزىق ئىكەن. خەلچەمنىڭ ئابدۇللانى ئىزدەپ يونكىتقا بارغانلىقىنى سىلىمۇ ئاڭلىغانلا، ئالمادىس بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىپ قالسا قانداق قىلىمىز؟ ئاڭلىسام رازاقجاننىڭ مىجەزى چۇس ئىمىش. نېمىلا دېگەنبىلەن خەلچەم بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا نىكاھ بار ئەمەسمۇ؟ بولسا خەلچەمنى ئېرىنىڭ ئۆيىگە چىرايلىق ئاپىرىپ قويايلى، باللىسىنى دەرقەمتە باقسۇن، قانداق دېدىم؟

مۆھتەرەمخاننىڭ ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ تۇرۇپ دېگەن بۇ گېپى قادىر ئاخۇننىڭ خەلچەمگە بولغان غەزىپىنى ئاشۇردى. گەرچە قادىر ئاخۇن خەلچەم رازاقنىڭ ئۆيىدىن يامانلاپ كەلگەن كۈنى ئاخشىمى ئۆزىگە يىغلاپ تۇرۇپ: «مەن ئەمدى بولالمىدىم، قاراپ تۇرۇپ مېنى ئوت ئىچىگە ئىتتەرمىگىن، دادا، مېنى ۋاقتىدا رازاقتىن ئاجراشتۇرۇۋەت، مەن ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۆي تۇتمايمەن، خىزمىتىڭنى قىلىپ ئۆيدە ئولتۇراي» دېگىنىچە يۈرىكىنى ئېچىشتۇرغاچقا، شۇ قېتىم ئىلگىرىكىدەك خەلچەمنى ئالدىراپ رازاققا قوشۇپ بەرمەي،

ئەھۋالنى ياخشىراق كۆزىتىپ بېقىشنى نىيەت قىلغان ئىدى، بىراق كېيىنكى ئىشلار ئويلىغاندەك بولمىدى. قادىراخۇن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن بۇنداق گەپلەرنى باشقىلاردىن ئاڭلاپ قىزى خەلچەمگە غەزىپى كەلگەن بىلەن، لېكىن ئىشنىڭ بۇ دەرىجىگە يېتىپ بارغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى.

— خاپا بولمىسىلا، مۆھتىرەمخان، ئالدىلىرىدا خىجىلمەن، قىز بالىنىڭ خاپىلىقى نېمانچە كۆپتۇ. مەن ئەتىلا رازاقجاننى چاقىرتىپ كېلىپ، خەلچەمنى قوشۇپ بېرەي. مۇشۇنداق قىلمايمۇ باشقا ئامال يوق ئوخشايدۇ، سىلى خاتىرجەم بولسىلا، — قادىر ئاخۇن شۇنداق دەپ مۆھتىرەمخانغا كۆڭۈل قويدى.

مۆھتىرەمخان بىردەم ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن دېدى:

— قادىر ئاخۇن، سىلى - بىز ياشىنىپ قالدۇق، ئۆلۈمنىڭ غېمى بىلەن بالىلارنىڭ غېمى ئوخشايدىكەن. خەلچەمگە بەكمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ، بىچارە قىز يېزا باشلىقىنىڭ قىزى كەۋسەردەك ئىمتىھاندىن ئۆتەلىگەن بولسا بۇ كۈنگە قالماس ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ دىلىغا ھەرگىزمۇ ئازار بەرمىسىلە، قىز بالا دېگەن ئاجىز كېلىدۇ. قۇدىلارنىڭ ئازارلىقىدا قىز تەرەپ ئېغىر بولمىساق بولمايدۇ. كۆڭلى - كۆكسىمىزنى كەڭ تۇتۇپ، ئۇلارغا ناماقۇل بولايلى، ئەتە مەن چىرايلىق داستىخان تەييارلاي، خەلچەمنى ئىككىمىز ئاپىرىپ قويايلى.

مۆھتىرەمخاننىڭ بۇ گېپى دەسلەپتە قادىر ئاخۇنغا ياقماي، ئابرۇيىنى يەرگە ئۇرغاندەك سېزىلگەن بولسىمۇ، كېيىن رازاقنىڭ جاھىل مىجەزىنى ئويلاپ جىمىپ قالدى.

ئەتىسى چاشگاھ ۋاقتىدا قادىر ئاخۇن بىلەن مۆھتىرەمخان خەلچەمنى ئېلىپ ئېشەك ھارۋىسىدا ئاچما كەنتىگە قاراپ يولغا چىقتى. خەلچەم پۈتكۈل خىيالى تورمۇزلىنىپ، ئاردا نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى سەزمىگەندەك، سەزگەن بولسىمۇ

مەنىستىمگەندەك روھىي ھالەتتە ئاقتاش دەرياسىنىڭ ساھىلىغا تىكىلىپ جىمغىنە ئولتۇراتتى.

ئابدۇللا توغراقزارلىقتا يالغۇز كېتىۋاتاتتى. ئالدىقاندىن تۈيغۇلارغا ئەسىر بولغان قەلبى تىنىمسىز دولقۇنلىناتتى. كەۋسەر بىلەن بايا قىلىشقان سۆھبەتنى قۇلاق تۈۋىدە ياڭرايتتى. ئۇ شۇ ھالدا كېتىۋېتىپ توغراق شېخىدا سايراپ ئولتۇرغان تورغاينى كۆرۈش بىلەن سەدىردىنىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى - دە، قەدىمىنى توختىتىپ تورغايغا تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى. بىر چاغدا يېنىدا بىركىمنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى.

— ئابدۇللا كادىرما؟ ئەجەب توغراققا قاراپ تۇرۇپسەنغۇ!

كەينى تەرەپتىن ئاڭلانغان بۇ ئاۋاز ئابدۇللانى چۆچۈتىۋەتتى. ئەسلىدە روزى كاداك ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولغانىدى.

— بۇ يەردە ئەتىدىن بېرى ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ئەجەب ئەرۋاھتەكلا پەيدا بولدىڭىزغۇ، كاداك ئاكا، — ئابدۇللا شۇنداق دېگىنىچە روزى كاداك بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— بىز دېھقانلار يول ياساپ بولالماي ئاۋارە، ساڭا ئوخشاش كادىرلار سەيلىگە قانماي ئاۋارە مانا! — دېدى روزى كاداك زورىغا ھېجىيىپ.

— سىزمۇ سەيلە قىلىۋېتىپسىزغۇ مانا.

— نەدىكى سەيلە ئۇ؟ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئورنىغا ھاشارغا بارغان ئۈچ تاز ئىش ئورنىدىن قېچىپ كېتىپتۇ، قاۋۇل سېكرېتار ئۇلارنى تېپىپ كېلىشكە مېنى ئەۋەتتى. ئۇ ھاراملىقلار مۇشۇ يەردە ئويناپ يۈرەمدىكىن دەپ كەلسەم قارىسىنىمۇ كۆرسەتمىدى. ئۇلارنى كۆردۈڭمۇ؟

— ياق، مەن بۇ يەرگە كەلگىلى خېلى بولدى. بۇ تەرەپتە بىرەرسىنى كۆرمىدىم، دەريا تەرەپكە كەتتىمىكىنيا......

ــ ھېچكىمنى كۆرمىدىم دېدىڭما، ياق، كۆرگەنسەن......
ئۇنداق دېمە......
ــ كۆرگەن بولسام سىزگە ئېيتماي يوشۇراتتىممۇ؟
ــ ئۇنداق بولسا يېزا باشلىقىنىڭ قىزى كەۋسەرنىمۇ كۆرمىدىڭمۇ؟
ــ سىز...... بۇ...... نېمە دېگىنىڭىز بۇ ؟
ئابدۇللانىڭ چىرايى بىردىنلا خۇرازنىڭ تاجىسىدەك قىزىرىپ، ۋۇجۇدىغا بىر خىل ئاچچىق سىېزىم يامرىدى. روزى كاداڭ ئۇنىڭ كۆتۈلمىگەندە بۇنچە ئاچچىقلاپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ئادىتى بويىچە ھىجايدى، ئاندىن نەسىھەت تەرىقىسىدە دېدى:
ــ بۇنچە خاپا بولۇپ كەتمە، مەن سېنىڭ ئاكاڭنىڭ ئورنىدىكى ئادەم، ساڭا باشقا گەپ قىلمىدىم، نەسىھەت قىلاي دەيمەن شۇ. بۈگۈنغۇ كەۋسەر بىلەن بۇ يەردە مۇڭدىشىپ يۈرگەنلىكىڭنى كۆرۈپ قالدىم. ھەرقانداق ئىشتا ئېغىر - بېسىق ئادەممەن. غەيرىي ئىشلارنى كۆرسەم باشقىلاردەك سۆز - چۆچەك تارقىتىپ كاسىلداپ يۈرمەي، كۆزۈمنى يۇمۇۋالىمەن ھەم ئاغزىمغا توپا سۇۋۇۋېتىمەن. بىراق، گەپدانلارنىڭ بىرەرسى كۆرۈپ قالسىچۇ، ھەرگىزمۇ مەندەك قىلماي ساڭا ۋە ئاتا - ئاناڭغا خاپىلىق تېرىپ بېرىدۇ.
ــ كاداڭ ئاكا، نەسىھەتىڭىزنى ئاڭلاي. ئەمدى سىز دەپ بېقىڭە، مەن شۇنداق ئەسكى ئادەممۇ؟ نېمىشقا بىرسى بىلەن خالىس مۇڭداشسام ھەممىڭلارنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرايمەن؟
ــ مۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ، ئۇكام، سىلەر ئەمدى بورۇنقى ئەركە - ناينىاق كەنجىلەر ئەمەس، چوڭ بولدۇڭلار، ئالدىڭلار بىردىن ئائىلىگە ئىگە بولۇپ قالدىڭلار، بەزى ئىشلارغا دىققەت قىلمىساڭلار بولمايدۇ. مەن ساڭا كۆيۈنۈپ گەپ قىلىۋاتىمەن. سېنىڭ خەلچەم بىلەن بولغان ئىشىڭدا قادىر ئاخۇن بىلەن

مۆھتىرەمخان ئاز خاپىلىق تارتىمدى. ئۇلارغا ئىچىلىك ئاغرىمامدۇ؟ چوڭ بولغاندىمۇ كىچىك ۋاقتىڭلاردىكى ئىشلارنى قىلىپ يۈرسەڭلار قانداق بولغىنى؟

— پاراڭلاشقانغا نېمە بولاتتى؟ سىز خېلى ئەقىللىك ئادەم، سەۋىيەڭىزمۇ بار. سىز مۇشۇنداق دېسىڭىز باشقىلار نېمە دەر؟ كۆڭۈل - كۆكسىڭىزنى كەڭرەك تۇتسىڭىز بولمامدۇ؟!

— ھەببەللى، بەلەن گەپ قىلدىڭ. مەن ساڭا شۇنداق دېگەن يەردە، چاترىقىغا قاراپ ئولتۇرۇپ گەپ تاپىدىغانلارغا يولۇقۇپ قالساڭ ئۇلار نېمە دەر؟ «ئابدۇللا توغراقلىقتا يېزا باشلىقىنىڭ قىزى كەۋسەر بىلەن يېتىلىشىپ يۈرۈيدۇ» دېگەن گەپنى خوتۇنۇڭ سارەم ئاڭلاپ قالسا چاتاقنىڭ چوڭى چىقمامدۇ؟ بۇنداق ئىشتا خوتۇنى بار ئادەم بەكمۇ ئېھتىيات قىلمىساق بولمايدۇ، ئۇكام. ئىشقىلىپ، بىر بالىغا ئاتا بولغانلىقىڭنى ئېسىڭدىن چىقارما، بولدى، مەن ئالدىرايمەن، ماڭغاچ تۇراي.

روزى كادىڭ ئىزتىراپ ئىچىدە تۇرغان ئابدۇللانىڭ دولىسىغا يېنىك ئۇرۇپ قويۇپ كېتىپ قالدى، ئابدۇللا يەنىلا خىيالغا بەند بولغىنىچە ئورنىدىن قوزغالمىدى.

راست، ئابدۇللا ھېسسىيات جەھەتتىن ئېتىراپ قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن، ھەقىقەتەن بىر قىزغا ئاتا بولغانىدى. شۇ چاغدا ئانىسى مۆھتىرەمخان يوللۇق يوسۇندا ئىشلارنى ئۆز لايىقىدا پىلانلاپ، ئەقىلگە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلالايدىغان ئارتۇقچىلىقى بىلەن خەلچەمنى رازاقنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇش ئارقىلىق رازاقتىن كۆرە ئىمامبەگنىڭ كۆڭلىنى بەكرەك يايرىتىۋەتكەندىن كېيىن، ئابدۇللا بىلەن سارەمنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆڭۈلسىزلىك چېپىپدە بېسىققانىدى. گەرچە ئابدۇللا كېيىنكى كۈنلەردە تۈرلۈك باھانىلەر بىلەن سارەمنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇشقا، ھەتتا خېتىنى بېرىپ ئۆز ئۆيىگە كەتكۈزۈۋېتىشكە ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ،

نىمىشقىدۇر سارەم ئۇنىڭ قەستەن ئازار بېرىشىگە، ئەتەي تىرناق ئاستىدىن كىر كولاپ يولسىز جېدەل قىلىشىغا ئۇن - تىنسىز چىداپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرەتتى. بەزى كۈنلىرى بۇ خىلدىكى ئىشلار چەكتىن ئېشىشقا يۈزلەنسە، ئابدۇللا بىلەن تاكاللىشىشنىڭ ئورنىغا ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا ياكى ئائىلىدىكى پارچە- پۇرات ئىشلارغا بەند بولۇۋالاتتى. تېخى مەجبۇر بولساڭ ئەقىل تاپىسەن، دېگەندەك ياخشى بىر ئۇسۇلنىمۇ تېپىۋالغانىدى. ئابدۇللا بىرەر ئىشقا تېرىكىپ، ئۇنىڭ بىلەن جېدەللىشىپ قالسا دەرھال ئۆيگە كىرىپ، كېسەل كۆرپىسىدە ياتقان سۇلايمان ياۋاشنىڭ پۇت - قوللىرىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇۋالاتتى. بۇنداق چاغلاردا سۇلايمان ياۋاش ئۇنىڭدىن ئالاھىدە رازى بولۇپ، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ: «تۇغقان ئەمەسمۇ، ياتنىڭ قىزى بولغان بولسا ماڭا بۇنچىلىك كۆيۈنەمتى؟» دېگىنىچە بېشىنى لىڭشىتىپ ساقىلىنى سىلاپ كېتەتتى. سارەمنىڭ بۇ خىل ئۆزگىچە ئادىتى مۆھتىرەمخانىنى سۆيۈندۈرگەندەك قىلسىمۇ، بىراق ئابدۇللانىڭ چىرايىدىكى سولغۇنلۇقنى كۆرگەندە يۈرىكى قوقاستا پۇچۇلانغاندەك ئازابلىناتتى. ئابدۇللامۇ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا سارەمگە ئىچ ئاغرىتىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل تۇرمۇشتا شۇنچە ئېغىرچىلىقلارنى كۆتۈرۈپ ئاخىرىدا نېمىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى، ئۆزىنى قىلچە ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، مۇشۇنداق تەتۈر قىيناپ، بۇ تېتىقسىز تۇرمۇشنىڭ قۇربانى بولۇشىغا زادى نېمىنىڭ سەۋەبچى بولغانلىقىنى بىلەلمەي ئاۋارە ئىدى. ئابدۇللا بۇ يولدا بەل قويۇۋەتمەي ئىلگىرى ئۆزى ئامالسىزلىقتىن كىرىپ قالغان بۇ قورغاندىن ئۇزاقتا قالمايلا چىقىپ كېتىشكە« روھىي غالىب» لارچە ئىشىنەتتى. قىسقىسى، سارەم ئۇنىڭ ئاجىزلىق نۇقتىسىدىن تۇتۇۋالغان بولسا، ئابدۇللا ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ، سارەمنى ئۆزلۈكىدىن چېكىندۈرىدىغان، مۇنداقچە ئېيتقاندا كۆڭلىنى

سوۋۇتىدىغان مۇھىم تەرەپتىن ئىش باشلاپ، خەلقچەمنى ئىزدەپ تۇرۇشنى، ئەتەي ئۇچرىشىپ مۇكىدىشىشنى ئاۋۇتتى. ئابدۇللانىڭ ئويىچە بۇ ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈمى ئۇزاققا قالماي كۆرۈلەتتى، يەنى سارەم ھەرقانچە قىلسامۇ ئابدۇللانىڭ مەيلىنى ئۆزىگە تارتالمايدىكەنمەن دېگەن تونۇشقا كېلىپ ئادا - جۇدا بولۇش يولىنى تاللايتتى. بىراق، ئۇنداق بولمىدى، گەرچە بۇ ئۇسۇل دەماللىققا ئۈنۈم بېرىپ، سارەم دەسلەپتە بىرنەچچە قېتىم يامانلاپ ماڭغان بولسىمۇ، مۆھتىرەمخان چاققانلىق بىلەن ئۇنى توسۇپ كېپىشنى قېلىپقا سولىۋالدى. ئابدۇللا بۇ ئىشلارغا ئىچىنىشتىن باشقا ئامال تاپالماي، ئىچ پۇشۇقنى سىرتلاردا لاغايلاپ ياكى مەدەنىيەت پونكىتىدا كىتاب ئوقۇپ چىقىرىدىغان بولۇۋالدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە كىچىك ۋاقتىدا كەۋسەر ۋە خەلقچەم بىلەن تال بارىك ئاستىدا ئۆي ياساپ ئويناپ، كەچلىكى ھەممە ئۆيلىرىنى بۇزۇۋېتىپ، ئۆز ئۆيلىرىگە كېتىپ قالغاندەك ئاددىيلا تۇيۇلغان بۇ تۇرمۇش قانداقلا بولسۇن يەنىلا ئۆزگىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ئوخشاش نۇرغۇن نەرسىلەردىن پەرھىز قىلمىسا بولمايدىغان، ئەر چوقۇم ئائىلە باشلىقى بولۇپ چوڭ، مۇھىم ئىشلارغا مەسئۇل بولىدىغان، ئايال ئەرنى يامان ئىشلاردىن چەكلەپ تۇرىدىغان قانۇنىيەتلىك تۇرمۇش ئىدى. ئابدۇللا مەدەنىيەت پونكىتىدا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغاندىلا ئەمەس، يول يۈرگەندىمۇ ۋە باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغاندىمۇ، تەقدىرنىڭ ئۆزىگە قىلغان بۇ مەسخىرىلىك چاقچىقىغا ئېچىناتتى. خەلقچەمگە ئېرىشىش تەشنالىقى قانچە ئاشقانسېرى، سارەمگە بولغان نەپرەت شۇنچە ئارامسىزلاندۇراتتى.

بۇ خىل مۇھىتقا سۈكۈت قىلىپمۇ چىداپ بولالمىغان ئابدۇللا بىر كۈنى ئاخشىمى سارەم بىلەن تەپسىلىي پاراڭلىشىش نىيىتىگە كەلدى.

— سارەم، — دېدى ئۇ يېنىدا كەشتە تىكىپ ئولتۇرغان

سارەمگە ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغان سىلىق ئاۋازدا. سارەم ئۇنىڭ ئۆز ئىسمىنى ئاتىغاندىكى تەلەپپۇزىدىن ھەيرانلىق ھېس قىلىپ قولىدىكى يىڭنىنى بارمىقىغا سانجىۋالدى. سارەمنىڭ بۇنچە چۆچۈپ ھەيران قېلىشىنىڭمۇ سەۋەبى بار ئىدى. چۈنكى، ئىلگىرى ئابدۇللا ئۆزىنى ھازىرقىدەك سىلىق ئاۋازدا چاقىرىپ باقمىغان، بەلكى مەنسىتمىگەندەك «سارەك» دەپ چاقىراتتى، سارەم بۇنداق ئاتىشىغا رەنجىمەي، پەقەت ئۇ خەلچەم بىلەن كۆرۈشمىسىلا بولدى قىلىپ يۈرۈۋەرگەنىدى. شۇ تاپتا ئابدۇللاغا تىكىلىپ تۇرغان سارەمنىڭ يۈرىكى نېمىشقىدۇر ئەنسىز سوقاتتى. بەدىنىگە بىر خىل ھاياجانلىق تىترەك ئولاشقانىدى، — بىز بۈگۈن چىرايلىقچە پاراڭلىشايلى، — ئابدۇللانىڭ بۇ سۆزى سارەمنى تېخىمۇ كۈچلۈك ھاياجانغا چۆمدۈردى، ئۇ ئۇنچىقارماستىن ئابدۇللانىڭ ئويچان كۆزلىرىگە تىكىلىپ بېشىنى يېنىك لىڭشىتتى ۋە:

— سىزگە رەھمەت، ئابدۇللا، — دېگىنىچە قولىدىكى كەشتىنى ياندا قويۇپ سۇرۇلۇپ، ئابدۇللاغا يېقىن ئولتۇردى.

ئابدۇللا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئىككىمىز تۇغقان، قول سۇنسا يەتكۈچىدە دېگەن گەپ بار.......

— خۇدايىم بۇيرۇسا قولىمىز سۇنمايدۇ، ئابدۇللا......

— مەن گېپىمنى دېۋالاي، بىز بۇنداق ئۆزىمىزنى قىيناپ كۆڭۈلسىز ئۆتكەندىن كۆرە، ياخشىسى......

— ياخشىسى ئىناق ئۆتەيلى، چوقۇم...... — سارەم ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئابدۇللانىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەي شۇنداق دېۋەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقماق تېزلىكىدە خۇمارلىشىپ، سېرىققا مايىل چىرايىدا سۆيگۈنىڭ يېگىنچە نۇرلىرى چاقنىدى.

بۇ ھالنى سەزگەن ئابدۇللا نېمىشقىدۇر جىم بولۇپ قالدى. سارەمنىڭ گېپىنى بۆلۈپ ئۆزىنى ئوڭايسىز قالدۇرۇۋاتقانلىقىدىن

ئۆكۈندى. سارەم ئابدۇللانىڭ جىم بولۇپ قالغانلىقىدىن ئەنسىرىدى بولغاي:

— گەپ قىلىڭە، ئابدۇللا، مۇشۇنداق چىرايلىق ئولتۇرۇپ ھەممە گەپلىرىڭىزنى دېيىلىڭ. مەن مەكتەپتە كۆپ ئوقۇيالمىغانلىقىم ئۈچۈن سىزدەك گەپ قىلالمىساممۇ، ھەر ھالدا سىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئۇقتۇرالايمەن. بىلىمەن، تويىمىز بولغاندىن بېرى كۆڭلىڭىز ئارامىدا بولمىدى. مەنمۇ نادانلىق قىلىپ كۆپ ئىشلاردا دىلىڭىزنى رەنجىتىپ قويدۇم. ئىككىمىز تۇغقان بولغاندىكىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز مەلۇماتلىق بولغاندىكىن مېنى ئەپۇ قىلىۋېتىڭ، ئىككىمىز ئىللىق ئائىلە قۇرۇپ، باشقىلارغا ئوخشاش بەختلىك كۈن ئۆتكۈزەيلى ماقۇلمۇ، گەپ قىلىڭە!— سارەم نازلانغىنىچە ئابدۇللاغا تېخىمۇ يېقىن ئولتۇردى. ئابدۇللانىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى بۇدۇشقاق ئارىسىغا يالىڭاچ ھالدا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، غەزەپتىن پۇت - قوللىرى بارا - بارا تىترەشكە باشلىدى. ئۇ سارەمنىڭ يېنىدىن چەتكىرەك سۈرۈلدى ۋە تىترىگىنىچە:

— مېنى گەپ قىلغىلى قويماي نېمانداق ئۆزۈڭنىڭلا گېپىنى يورغىلىتىسەن؟ ئالدى بىلەن گېپىمنى دېگىلى قويمامسەن! مېنىڭ خىيالىم نەدە، سېنىڭ خىيالىڭچۇ؟— دېدى.

— مېنىڭ خىيالىم ئەزەلدىن سىزدە، ئابدۇللا، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەڭگۈ سىزدە بولىدۇ. مەن سىزنىڭ تىلىڭىزنى چايناپ دېيەلمىگەن سۆزلىرىڭىزنى ئوبدان بىلىمەن. ياخشىسى سىزمۇ ئۇ گەپلەرنى دېمەسلىكىڭىز، مەنمۇ سىزنى ياخشى كۆرگەندىكىن دېگۈزمەسلىكىم كېرەك. بۇنداق قىلغىنىم سىزچە توغرا بولمىغان بولسىمۇ، مېنىڭچە بەكمۇ توغرا، شۇنچە قەدىرلىك، ئابدۇللا......

جەينىكىنى ياستۇقتا تىرەپ يېنىچە ياتقان ئابدۇللانىڭ كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى. قەددىنى رۇسلاپ سارەمگە قاراپلا قالدى.

كېيىن سارەمنىڭ بۇ كۈتۈلمىگەن جۈرئىتىدىن ۋە دىتىدىن ھەيران بولغانلىقىنى يوشۇرۇپ زورىغا قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە دېدى:

— يەنە مەن بىلەن ئۇرۇشۇپ جېدەل چىقىرامسەن نېمە؟ مەن سېنىڭ مۇشۇ خۇيۇڭدىن بىزار!

— بۇرۇن قىلىپ سالغان نادانلىقىمغا سىزدىن ئەپۇ سورىدىم. كەچۈرۈش مۇسۇلمانچىلىق جۈملىسىگە كىرىدۇ، ئاللا بەندىلىرىنىڭ شۇنچە كۆپ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغان يەردە، سىز مېنىڭ نادانلىقىمنى ئەپۇ قىلالامسىز، ئابدۇللا؟!

ئابدۇللا يەنە جىم بولۇپ قالدى. ئۇ سارەمنىڭ بۇنچىلىك مەردانە سۆزلەرنى قىلىپ ئۆزىنى تەمتىرىتىپ قويىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى، بەلكى ئۆزىدىن دەككىسىنى يېگەندە خۇددى كىچىك بالىدەك دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ يېنىغا بېرىۋېلىشىغا قاراپ ئۇنى ئاجىز، ئەقلى كوتا دەپ ئويلايتتى. لېكىن، سارەم بۈگۈن ئۇنىڭ بۇ ئويلىرىنى بىردىنلا يوققا چىقىرىۋەتتى. شۇڭا، يەنە قوپاللىق بىلەن ئېيتتى:

— سەن بىلەن گەپ تالىشىپ ئولتۇرمايمەن!

— شۇنداق قىلسىڭىز تازا بەلەن بولاتتى، ئابدۇللا. بىر ئۆيدىكى ئەر - خوتۇن دېگەن تاپا - تەنە قىلىشماي بىر - بىرىگە كۆڭۈل سۆزلىرىنى دەپ قىزغىن ئولتۇرامدۇ!

— مەن سەندىن بىزار! — ئابدۇللا تەئەددى بىلەن ۋارقىرىدى.

سارەم پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ:

— بىزار دېمەي، ئەقىدەڭگە، مېھىر - مۇھەببىتىڭگە قەرزدار دەڭە، ئابدۇللا، — دېدى ئېرەنسىز ھالدا.

ئابدۇللا گويا پەللىكىگە بىركىم يىڭنە سانجىغاندەك ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى - دە، سارەمگە قولىنى شىلتىغىنىچە:

— مەن قانداق قىلسام بۇ خاپىلىقتىن قۇتۇلىمەن! — دېدى.

— بۇ ئاسان، ئابدۇللا، سىز قاچان مېنىڭ سىزنى سىز خەلچەمنى ياخشى كۆرگەندىنمۇ ئارتۇق ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلگەن چېغىڭىزدا بۇ خاپىلىقتىن قۇتۇلىسىز، مەن سىزنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىمەن. بىرسىنى ياخشى كۆرۈش سىز ئويلىغاندەك گۇناھ بولماس. سىز ياخشى كۆرسىڭىز بولىدۇ - يۇ، مەن ياخشى كۆرسەم نېمىشقا ئەيىبلەپ كېتىسىز!؟ — سارەم ئۆپكىدەپ يىغلاپ كەتتى.

شۇ ئەسنادا ھويلىدا مۆھتىرەمخانىنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئابدۇللا ئىشىككە ئەنسىز قاراپ قويۇپ سۇپىغا كېلىپ ئولتۇردى. سارەمنىڭ ھېلىقى سۆزلىرى ئۇنىڭ قەلبىنى ئۆرتىگەندى، كېيىن ئۇ:

— بولدى- بولدى، يىغلىما. يىغلىغان بىلەن مەسىلە ھەل بولامتى! — دېدى يەنە جەينىكىنى ياستۇققا تىرەپ ياتقىنىچە.

سارەم يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ ئابدۇللانىڭ يېنىغا سۈرۈلۈپ كېلىپ كۆچلۈك بىلەكلىرى بىلەن مەھكەم قۇچاقلىۋالدى......

ئابدۇللا «سىرلىق دۇنيا»دىن كېلىۋاتاتتى. ئۇشتۇمتۇت ۋۇجۇدى يېقىمسىز سېزىمدىن تىكەنلىشىپ كەتتى. ئۇ خۇددى ئادەملەر مىغىلداپ يۈرۈشىدىغان رەستىدە تۇيۇقسىز ئىشتىنى سېلىنىپ كېتىپ رەسۋا بولغاندەك ئەترايقا ئەنسىرەش، ھودۇقۇش ئىلكىدە قاراپ قويدى. ئۆيگە يېتىپ كەلگەندە سارەم ھويلىدا قىزى نۇسرەتنى ئېمىتىپ ئولتۇراتتى.

— نېمە بولدى، چىرايىڭىز ئاپتاپتا قالغان تېرىدەك پۈرۈشۈپ قاپتىيا!؟ — دېدى سارەم، — توغراقلىقتا يېزا باشلىقىنىڭ قىزىنى يېتىلەپ يۈرگەندىكىن ئېچىلىپ قالسا بولمامتى! بىر بوزۇقتىن قۇتۇلسام، يەنە بىر بوزۇق پەيدا بولىدىغۇ ئەمدى! مەن يېزا باشلىقىنىڭ قىزى بولمىساممۇ، دادىڭىزنىڭ قېرىندىشىنىڭ قىزى، ماۋۇ بالىڭىزنىڭ ئانىسى!

— ئاغزىڭغا توپا تىقمەن ھېلى! نېمانداق ئېشكتىن كىرىپ بولغۇچە لالما ئىتتەك كاسىلدايسەن؟

— ۋوي! مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك دەپ قىلىدىغاننى قىلىپ بولۇپ، بالا بېقىپ ئۆيدە ئولتۇرغان ئادەمگە گۆلىيىسىزيا! بۇرۇنقىدەك نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشىڭىز بىلەن كارىم بولمىسا بولاتتى ئەمسە؟ ئىلگىرىكى ياۋاش سارەم ئەمدى يوق! ھوشىڭىزنى يىغىپ، بىر بالىغا دادا بولغانلىقىڭىزنى ئېسىڭىزدە تۇتۇپ يۈرۈڭ، بولمىسا مېنىڭ ئاغزىم مۇشۇنداق كاسىلدايدۇ!

— ھېلى بىكا! ئاچچىقىمنى ئوبدان بىلىسەن، قاپىقىڭنى يېرىۋېتىمەن ھېلى!

— نېمە بولدى، ھە، نېمە بولدى؟ سەندە بار ئاچچىق لازىدىمۇ بار. بوزەك ئېتىپ كۆنگەنمىدىڭ؟ بىر بالىغا ئانا بولدۇم مانا! سەندىن قورقىدىغان سارەم ئەمدى يوق، بىلىپ قوي!

— كۆزۈمدىن يوقال! — ئابدۇللا شۇنداق دېگىنىچە سارەمنىڭ دولىسىدىن تۇتۇپ ئىتتىردى.

سارەممۇ بوش كەلمەي، قۇچىقىدىكى بالىسىنى تونۇر سۇپىسىدىكى كۆرپە ئۈستىدە ياتقۇزۇپ قويۇپلا ئابدۇللانىڭ ياقىسىدىن قاماللاپ تۇتتى- دە:

— ئۇرە! ھە، ئەمدى ئۇرە! يامان بولساڭ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەت مېنى! — دېگىنىچە ۋارقىراپ يىغلىدى. ئۇنىڭ يىغىسىغا نۇسرەتنىڭ يىغىسى قوشۇلۇپ ئەتراپنى بىر ئالدى. ئابدۇللانىڭ ۋۇجۇدى تىترەپ كۆزلىرىدىن ئوت ياندى. سارەم تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ ۋارقىرايتتى.

شۇ چاغدا ئۆي ئىچىدىن سۇلايمان ياۋاشنىڭ:

— ھوي بىغەرەز! بىر بالىغا دادا بولغاندىمۇ ھوشۇڭنى تاپمامسەن؟ — دېگەن غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئابدۇللا سارەمنىڭ قولىنى ياقىسىدىن ئاجرىتىپ، مۇشتۇمنى

ئېگىز كۆتۈردى - يۇ، ئاچچىقىغا ھاي بېرىپ ئۇنى كەينىگە ئىتتىرىۋەتتى. سارەم بولدى قىلماستىن يەنە ئېتىلىپ كېلىپلا ئابدۇللانىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى. ئاڭغۇچە ھويلىغا قوشنا ئاياللار ۋە كىچىك باللار توپلانغانىدى، ياشتا چوڭراق بىر ئايال ئارىغا چۈشۈپ سارەمنى كەينىگە تارتتى.

— بىر بالاڭلار بولغاندىمۇ ئاچچىقىڭلارغا ھاي بەرمەي ئۇرۇشۇپ يۈرەمسىلەر، سۇلايمان ئاخۇننى ئاۋايلاڭلار! — دېدى ئۇ سارەمنىڭ ياغلىقىنى تۈزەشتۈرۈپ.

ئابدۇللا ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ سىرتقا مېڭىۋىدى، ئىشىك ئالدىدا ئېتىزدىن ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلگەن مۆھتىرەمخان بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئانىسىنى كۆرۈپلا كۆزىگە ياش يۈگۈرگەن ئابدۇللا يانغا ئۆرۈلۈپ يىراققا قارىۋالدى، مۆھتىرەمخان:

— جېنىم بالام، ساڭا شۇنچە نەسىھەت قىلدىم، بىر بالىغا دادا بولغاندىمۇ نېمىشقا غەرەز ئۇقمايدىغانسەن، — دېدى. ئاندىن ئالدىراپ ھويلىغا كىرىپ سارەمنىڭ كۆڭلىنى ياسىغاندىن كېيىن ئازراق تەنبىھ بەردى،— ئۆلۈغ پەيشەنبە كۈندە جېدەل - ماجىرا قىلمىساڭلار بولمامدۇ، بالام؟ ئېتىزغا كەتسەملا مۇشۇنداق قىلىسىلەر.

— سەۋەبىنى مەندىن سورىماي ئوغلىڭىزدىن سوراڭ! بۈگۈن پەيشەنبە بولغاندىكىن ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلماي، يېزا باشلىقىنىڭ قىزى بىلەن توغراقلىقتا يېتىلىشىپ يۈرسە گەپ قىلمىسام بولامتى ئەمىسە! خەلقچەم دېگەن رەسۋادىن قۇتۇلسام، ئەمدى يەنە بىر سېرىق ئاسلاننى تېپىۋالسا مەن قاراپ تۇرامدىم؟!

— ھاي، قىزىم، ھاي...... سىز ئايال بولغاندىكىن ئاغزىڭىزنى بۇزماڭ، ئۇنداق ئىش بولمىغاندۇ، قارىسىغىلا گەپ قىلماڭ!

ــ مەن قارىسىغىلا گەپ قىلغان بولسام، توغراقلىققا قوي باققىلى بارغان باللاردىن ئۆزىڭىز سوراپ بېقىڭ، ئوغلىڭىز ئەتىدىن بېرى ئاشۇ يەردىمكىن ياكى باشقا يەردىمكىن قېنى!

ــ كۆرۈشكەنگە نېمە بولاتتى، بالام! بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق قىلمىسا بولمىدىمۇ؟ خاپا بولماي بالىڭىزنى قۇچىقىڭىزغا ئېلىپ ئۆيگە كىرىپ كېتىڭ، مەن ئابدۇللاغا نەسىھەت قىلاي.

ــ بۇگۈن ئوغلىڭىز گەپنى ئوچۇق دېسۇن، بۇ ئۆيگە مەن كىرەمدىمەن ياكى باشقىلار كىرەمدۇ؟

ــ جېنىم بالام، بۇنداق تەرسالىق قىلماڭ ......

مۆھتىرەمخاننىڭ سۆزى ئۈزۈلمەي تۇرۇپ ئابدۇللا ھويلىغا دەرغەزەپ بولۇپ كىرىپ كەلدى ـ دە، سارەمگە دېۋەيلەپ:

ــ ئانامغا جاۋاب ياندۇرما! ياخشىسى ئۆيۈڭگە چىرايلىقچە كېتىۋال، بولمىسا بۈگۈن كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن، ــ دېدى.

سارەممۇ قوشنا ئاياللارنىڭ توسۇشىغا قارىماي ئابدۇللانىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى.

ــ ئاھ خۇدا! بىرىڭلار بىرەر ئېغىز سۆزدىن قالساڭلار بولمامدۇ!؟ قېرىغان چېغىمدا ماڭا نېمە كۈن بۇ! نېمە تارتقۇلۇقۇم بار بولغىيتتى مېنىڭ! ــ مۆھتىرەمخان يىغلاپ نالە قىلدى.

ئابدۇللا ئانىسىنىڭ تەڭقىسلىقتا نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغان ھالىغا قاراپ كەينىگە ئۆرۈلۈپلا سىرتقا چىقىپ كەتتى، توپىلىق يولدا كېتىۋېتىپ تالاي ئىشلارنى خىيال قىلدى. ئۇزاقتىن بۇيان تەلپۈنۈپ كېلىۋاتقان گۈزەل ئىقبال يوللىرىنىڭ بۇنچىلىك مۇشەققەتلىك، ئەگرى ـ توقايلىقى، قىسقىسى ئىشلارنىڭ ئۇنچە ئاددىي ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى، ئۇ ئۆز رايى بويىچە بولغاندا پەقەت سارەم بىلەن ئاجرىشىپ كەتسىلا ھەممە ئىش ئۆز ئىزىغا چۈشەتتى. كۆڭلىدىكى مەنسۇپ ئاچارچىلىق، خەلچەمگە بولغان تەلپۈنۈش ۋە ئۇنىڭغا باغلىنىدىغان خام خىيال بىلەن تويۇناتتى.

ئەپسۇس، بۇ غەيرىي بەختمۇ نېسىپ بولىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ بىلەتتىكى، ئائىلىنىڭ كىمدۇر بىرسى ئېيتقاندەك «سىرتتىكىلەرنىڭ كىرگۈسى كېلىدىغان، ئىچىدىكىلەرنىڭ چىقىپ كەتكۈسى كېلىدىغان قورغان» ئىكەنلىكىنى ئۆزگىلەرنىڭ تۇرمۇشى ئارقىلىق شەرھلەپ كۆرگەن بولىسىمۇ، مانا ئەمدى ئۆز بېشىغا كەلگەندە بۇنچىلىك مىسكىن هالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. شۇ تاپتا قۇلىقى تۈۋدە «بىر بالىنىڭ ئاتىسى» دېگەن سۆز ياڭراپ چارچىغان نېرۋىلىرىغا ئاراملىق بەرمەيتتى. كۆز ئالدىدىكى ئادەملەرلا ئەمەس، ھەربىر تۈپ گىياهمۇ ئۇنىڭغا مۇشۇ سۆزنى تەكرار ئېيتىپ تەنبىھ بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى. «راست، مەن بىر بالىنىڭ ئاتىسى، بىر بالىنىڭ ئاتىسى بولغانلىقىم ئۈچۈنلا مۇشۇنچە كۆپ دەرد - ھەسرەتنى يۇدۇپ يۈرۈشۈم كېرەكمىدۇ؟ دۇنياغا يېڭى كۆز ئاچقان قىزىم ھاياتىمىزنىڭ مېۋىسى بولغاندىكىن، نېمىشقا ئۇ سارەم بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا مېھىر - مۇھەببەت ئاپىرىدە قىلىپ، ئارىمىزدىكى بوشلۇقنى يوق قىلالمايدۇ. ياق، ياق، بىز ئەسلىدىنلا خاتالاشقان. بىر- بىرىمىزنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، ئەڭ ئېغىرى چۈشىنىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي تۇرۇپ توي قىلىپ خاتالاشقان. ھەي سارەم! سەن نېمىشقىمۇ بۇ تويغا قوشۇلغان بولغىيتتىڭ؟ بىز تۇغقانچىلىقىمىزنى ساقلاپ قېلىپلا بولدى قىلغان بولساق ياخشى بولماسمىدى - ھە! توۋا، تۇرمۇش دېگەن مۇشۇمىدۇ، مەن ئارزۇ قىلغان ئائىلە لەززىتى مۇشۇمىدۇ. نېمىشقا بىزمۇ باشقا ئەر - خوتۇنلاردەك خۇشال - خۇرام كۈلۈشۈپ، چاقچاقلىشىپ يۈرەلمەيمىز!؟ نېمىشقا سارەمگە شۇنچە ئۆچلۈكۈم كېلىدۇ؟ ......» مۇشۇنداق ساناقسىز سوئاللار بىلەن چېلىشىپ مەدەنىيەت پونكىتىغا قانداق كەلگىنىنى بىلمەي ئېسەنگىرىگەن ئابدۇللا بىرەر ئىشقا رايى بارماي يەنە خىيالغا پاتتى.

سارەمنىڭمۇ دەردى ئۆزىگە يېتىپ ئاشاتتى. گەرچە ئۇ ئىلگىرى يۇرت مۆتىۋەرلىرى ۋە ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ زورلىشى بىلەن قىلىنغان بۇ تويدا ئابدۇللادەك باشتىن - ئاخىر قارشىلىق كۆرسىتەلمىگەن بولسىمۇ، بارلىق ئۈمىدىنى تويدىن كېيىنكى مۇشۇ كۈنلەرگە باغلاپ، بۇ يولدا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنىدى. بىراق، ئابدۇللا رايىنىڭ پەقەت يوقلۇقىنى ھەممە جەھەتتىن ئىپادىلەپ، ئۇنىڭ شېرىن ئارزۇلىرىنى بىر - بىرلەپ بەربات قىلىپ كېلىۋاتاتتى. دەسلەپتە چوڭلارنىڭ «نىكاھنىڭ مېھرى ئىسسىق، توي بولۇپ بىر ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئاستا- ئاستا بىر - بىرىگە ئىسسىق ئۆتۈشۈپ ئۆزئارا باغلىنىپ قالىدۇ» دېگەن نەسىھەتلىرىگە ئىشەنچ باغلىدى. بىراق، كېيىنكى ئەمەلىيەت ئۇنداق بولمىدى. ئۇ: «ئابدۇللانىڭ پۈتكۈل كۆڭلى خەلچەمدە، مەن ئۇنى خەلچەمنى ئەگىپ يۈرۈشتىن چەكلىسەملا كۆڭلىنى قايتۇرۇپ كېلەلەيمەن» دېگەنلەرنى ئويلاپ، بىر مەزگىل خەلچەم بىلەن تىرىكشىپ يۈرگەن بولسىمۇ ھېچبىر ئۈنۈم بولمىدى. كېيىن «خەلچەم موللىلارغا تۇمار پۈتكۈزۈپ ئابدۇللانىڭ بېشىنى باغلىۋالغان ئوخشايدۇ» دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ، ئۆزىنىڭمۇ بۇ يولدا تىرىشىپ كۆرۈش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئاچىسىغا دېگەنىدى، ئاچىسى نەسىھەت قىلىپ: «تۇمار پۈتكۈزۈشنىڭ ھاجىتى يوق، ياخشىسى سەنمۇ ئۆزۈڭنى خەلچەمگە ئوخشاش تۈزەپ، ئابدۇللانىڭ كۆڭلىنى ئال، ئىزا تارتمەن دەپ يۈرمەي، ئۇنى ئۆزۈڭگە تارت، ھەرنېمە قىلىپ بولسىمۇ ئېغىر ئاياغ بول، تۇغساڭلا ھەممە ئىش ھەل بولىدۇ. بالا سىلەرنى باغلاپ تۇرىدۇ، مۇبادا يېنىكلىك قىلىپ ئاجرىشىپ كەتسەڭ تۇل خوتۇنغا ئايلىنىپ خاپىلىققا پېتىپ قالىسەن» دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرغانىدى. سارەم ئاچىسىنىڭ بۇ مەسلىھەتىگە كۆنۈپ ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلدى. ئىلگىرىكى مىشچان مىجەزىنى ئۆزگەرتتى. ئابدۇللا تېرىككەندە

ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، تاكاللىشىشنىڭ ئورنىغا ئىتائەتمەنلىك بىلەن قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى. بۇنىڭلىق بىلەن قانائەت قىلماي، ئىككىسىنىڭ نىكاھىدا ئاساسلىق رول ئوينىغان سۇلايمان ياۋاشىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىۋالدى. بۇ كۇنلەردە خەلچەم مۆھتىرەمخانىنىڭ سۆلىھى ـ سالاسى بىلەن رازاقنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇلغاچقا سارەمنىڭ كۆڭلىمۇ تىنىپ، چىرايىمۇ ئېچىلىپ قالغانىدى. كۇنلەر شۇ تەرىقىدە داۋام قىلىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئابدۇللا ئەل ـ جامائەتنىڭ ئاغزىدىن قورقىتمۇ ياكى باشقا سەۋەبلەر بارمۇ، ئەيتاۋۇر، جېدەل ـ ماجىرا قىلىشنىڭ ئورنىغا قائىدە سۆزلەيدىغان بولدى. سارەم بۇنى ئىنتايىن ياخشى پۇرسەت بىلىپ ئەقلىنى ئىشقا سالدى. قانچىلىك بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر، بالىلىق بولۇشنى مۇھىم ئورۇنغا قويدى. كۆڭۈل جەھەتتىن ئابدۇللا بىلەن قايسى دەرىجىدە باغلىنىشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى دەڭسىيەلمىسىمۇ، كەلگۈسىدە تۇل خوتۇن بولۇپ قېلىشتىن ئىبارەت ئەڭ قورقۇنچلۇق ئاقىۋەت ئۇنىڭغا ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغان جۇرئەت ئاتا قىلدى. ئۇ ياخشى بىلىدۇ، مەھەللىدە تۇل خوتۇن بولۇپ قالغان چوكانلارنىڭ دەرد ـ ھەسرەتلىرىنى، ئۇلار ئۇستىدە توقۇلۇپ، ئەتراپقا تارقايدىغان پىتنە ـ پاساتلارنىڭ سېسىقلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئاخىر ئۇنىڭ ئەجرى ئەزىم بولۇپ، ئابدۇللانىڭ ئۇيۇلتاشتەك مۇستەھكەم ئىرادىسىنى ئوتلۇق سۆيگۈسى ئارقىلىق بىر مەزگىل ئۆزىگە بويسۇندۇرۇۋالدى......

سارەم تېخىچە ھويلىدا مۆھتىرەمخان بىلەن زاكونلىشىۋاتاتتى. قوشنا ئاياللارمۇ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ ھاردى بولغاي، بىر-بىرلەپ چىقىپ كېتىشتى.

— قىزىم، مەن سىزگە ناماقۇل بولاي، بۇنچە جاھىللىق قىلماي ئۆيگە كىرىپ كېتىڭ. بالىغا سوغۇق ئۆتۈپ كەتمىسۇن، — دېدى مۆھتىرەمخان ھويلا ئىشىكىنى يېپىۋېتىپ.

— ئابدۇللانى تېپىپ كېلىڭ، بۈگۈن دېيىشىدىغاننى دېيىشىپ ئاندىن ئۆيگە كىرىمەن. ئۇ بالىمىزنىڭ يۈزىنى قىلماي، سىرتلاردا ناشايان ئىشلارنى قىلىپ يۈرسە، مەن يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمەن؟ ئۆگىنىشلىپ قالىدۇ دېگىنىڭىز بىلەن ئۇنىڭ ئۆگىنىشالغىنى قېنى؟— سارەم شۇنداق دەپ ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن يېشىنى سۈرتتى.

راست، ئابدۇللا بىر بالىسى بولغاندا ئۆگىنىشلىپ قالسا بولاتتى. بۇ سارەمنىڭلا ئەمەس، بارلىق ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنىلارنىڭمۇ ئارزۇسى ئىدى. لېكىن، ئابدۇللا بۇ كۈنلەردە «كۆزۈمدىن يوقال» دېگەن گەپنى تولا دەيدىغان، گېزى كەلسە قىزى نۇسرەتنى ئېمىتىپ ئولتۇرغان سارەمگە نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىك بىلەن ھومىيىدىغان، ھەتتا قول تەگكۈزىدىغان بولۇپ قالغانىدى. «ھەي، قېلىپى يوق تۇرمۇش! سەن نېمانچە مۇرەككەپ، نېمانچە شەپقەتسىز - ھە! ئۆزگىلەرنىڭ ‹بىر - بىرىگە كۆڭلى چۈشمەپتۇ› دېيىشىدىغان سۆزلىرى مۇشۇ ئىشلارغا قارىتىلغان ئىكەن - دە! بىراق، كۆڭۈل چۈشمىسە بۇ بالىچۇ؟ ئۇ ئاسماندىن چۈشتىمۇ؟ ياق، قورساقتىن تۇغۇلدىغۇ، ياق، ياق...... مەن ھېچ بىلىپ بولالمىدىم......» سارەم ئۆز - ئۆزىگە شۇلارنى پىچىرلاپ ئولتۇراتتى، مۆھتىرەمخاننىڭ يۈرىكى سارەمنىڭ ھەسرەتلىك تۇرقىغا قاراپ پىژىلدە قىلدى. ھەرنېمە دېگەنبىلەن ئۇمۇ ئايال - دە، ئايال كىشى ئاجىز كېلىدۇ. بىچارە بالىلىرىم، سىلەرنى بىز چوڭلار مۇشۇ كۈنگە مۇپتىلا قىلىپ قويدۇق. ھېچقايسىڭلارغا چىدىمايمەن. مۆھتىرەمخان شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ نۇسرەتنى قۇچىقىغا ئالدى ۋە سارەمنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ دېدى:

— قىزىم، گېپىمنى ئاڭلاڭ، مەنمۇ ئۆز ئانىڭىزغا ئوخشاش. سىز ئابدۇللاغا ئوخشاشلا مېنىڭ كۆز ئالدىمدا چوڭ بولغان، ئابدۇللا ھېلىقى كەنجىلەر بىلەن كىچىكىدىن باشلاپ ئېجىل

ئۆتەتتى. جاللىدىن ئاخۇننىڭ ئوغلى سەدىردىننىڭ بېشىغا كۈن چۈشۈپتۇ. مۇشۇنداق چاغدا ئابدۇللا دوستۇم دەپ ئۇلارنى ئىزدىگەن چېغى. سىز ئىشنىڭ يامان تەرىپىنى ئويلىماڭ، بايىقىدەك گەپ قىلسىڭىز ئۇ ئىككى قىزنىڭ ئۇۋالىغا قالىسىز.

— نېمە؟ بىلسىڭىز ئۇ ئىككىسى مېنىڭ ئۇۋالىمغا قالىدۇ، مەندىن باشقا ئايال بولسا ھېلىغىچە ئۇلارنىڭ چېچىنى يۇلۇۋەتكەن بولاتتى.

— توختاڭ، ئاچچىقىڭىزغا ھاي بېرىپ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاڭ، سىزمۇ چوڭ بولدىڭىز، كەلسە ـ كەلمەس گەپلەرنى خەقنىڭ ئالدىدا دەپ يۈرمەڭ، بايا كۆز ئىشارىسى قىلىپ تۇرسامۇ قوشنىلارنىڭ ئالدىدا شۇ گەپلەرنى دەپ يۈرىسىز. ئۇ گەپلىرىڭىزنى رازاق ئاخۇن ئاڭلاپ قالسا قانداق بولىدۇ؟

— ئاڭلاپ قالسا ياخشى بولاتتى!

— ئۇنداق شۇم گەپ قىلماي ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى. سۇلايمان دادىڭىز سىزنى قىچقىرىپ ئاۋازى پۈتۈپ قالدى. ئاشۇ كېسەل ئادەمنىڭ يۈزىنى قىلىڭ.

سارەم بىردەم ئىپادىسىز ئولتۇرغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

مۆھتىرەمخان بىلەن سۇلايمان ياۋاشنىڭ كۆڭلىنى ئارامسىزلاندۇرغان بۇ ماجىرا ئابدۇللانىڭ مەدەنىيەت پونكىتىغا كېتىشى، مۆھتىرەمخاننىڭ سارەمگە تەكرار نەسىھەت قىلىشى بىلەن بېسىققان بولسىمۇ، ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپلا يەنە باشلاندى. بۇ قېتىم ماجىراغا يەنىلا سارەمنىڭ ئابدۇللا بىلەن تەگىشىپ، خەلچەمنى تىللىشى سەۋەب بولدى. مۆھتىرەمخان بامدات نامىزىنى ئۆتەپ بولۇپ ئابدۇللانىڭ ئاچىسىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن ئۈستۈن مەھەللىگە كەتكەچكە، ئاتا ـ ئانىسىنىڭكىگە يامانلاپ ماڭغان سارەمنى توسۇپ قېلىشقا سۇلايمان ياۋاشنىڭ قۇربى

يەتمىدى. ئابدۇللا دادىسىنىڭ قارغاپ تىللىشىغا بىردەم سۈكۈت قىلىپ تۇرغاندىن كېيىن ئۆيدىن غىپپىدە چىقىۋالدى ـ دە، مەدەنىيەت پونكىتىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە يېزا ئورگىنىدا ئىشلەيدىغان ئىككى كىشىنىڭ: يېزا باشلىقىنىڭ قىزىنى ئۈرۈمچىدىن چاقىرتىپتىكەن، ئۇ تۈنۈگۈن يولغا چىقىپتۇ، دېيىشكىنىنى ئاڭلاپ تېڭىرقاپلا قالدى. يېزا ئورگىنىدىن بارات نىيازنى ئىزدىۋىدى، ئەتىگەندىلا ناھىيەگە يىغىنغا كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇدۇل بارات نىيازنىڭ ئۆيىگە مېڭىپ، يول بويى سەدىردىنىنىڭ ئىشىدا قانداق ئۆزگىرىش بولغاندۇ...... دېگەنلەرنى ئويلاپ بىردەمدىلا يېتىپ كەلدى، يۆتىلىپ ياتقان زۈلەيخان ئۇنىڭغا:

— تۈنۈگۈن كەۋسەرنىڭ ئۈرۈمچىدىكى مۇئەللىمى دادىسىغا: «كەۋسەر بۈگۈنلا يولغا چىقسۇن، مۇھىم ئىش چىقىپ قالدى» دەپ تېلېفون قىپتۇ، ئېھتىمال ھېلىقى بالىنىڭ ئىشى توغرۇلۇق چاقىردىمىكىن، ھېچ بىلمىدۇق، مۇشۇ كۈنلەردە بىرەرسى كەۋسەرنى مۇشۇنداق چاقىرىپ قالامدىكىن دەپ يۈرىكىم سۇ ئىدى، مانا ئاخىر بولغۇلۇق بولدى، ماجالىم بولغان بولسا ئۆزۈم بىرگە بارسام ئوبدان بولاتتى. بىچارە قىزىم ئەمدى نېمە ئىشلارغا يولۇقار، ھەممىسى سەدىردىنىنىڭ قىلغان ئىشى بولمامدۇ، جانغا زامىن بولىدىغان ئىشنىمۇ قىلامدۇ كىشى، — دېگىنىچە كۆز يېشى قىلدى. ئابدۇللا زۈلەيخانغا تەسەللى بېرىپ:

— ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، كەۋسەر مەكتەپتىن بۇرۇنراق قايتىپ كەلگەچكە بىرەر ئىش چىقىپ قالغاندۇ، دىپلوم، نوپۇس ئىشلىرىنى بېجىرىپ كېلەر، باشقىچە ئويلاپ كەتمەڭ، — دېدى.

— نەدىكىنى، بالام، دىپلومنى مائارىپ ئىدارىسىگە ئەۋەتىپ بەرگەنىكەن، خىزمەت تەقسىماتىنىمۇ پات ئارىدا ئېلان قىلغۇدەك، شۇنچە جاپا تارتىپ ئوقۇپ ئاخىرىدا نېمە ئىشلار يۈز بېرەر،

ئويلىغانـــسىرى كۆڭلـۇم بۇزۇلــدۇ، جالالــدىن ئــاخۇن بــىلەن چىناخاننىڭ نېمە تارتقۇلۇقى بار بولغىيتتى!

— مەن تونۇشلاردىن سۈرۈشتۈرۈپ كۆرەي.

زۇلەيخـان بــىلەن خوشلىــشىپ كوچىغـا چىققـان ئابـدۇللانىڭ كــۆڭلى ھەقىقەتەنمـۇ يېــرىم بولــدى. ئۇمـۇ خــۇددى زۇلەيخــان دېگەندەك مۇشۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى خىيالىدىن بىرى ئويلاپ كەلگەنــدى. تەلئەتنىــڭ ئۆلــۈمى ســەدىردىنگە چېتىــشلىق دېيىلگەنىكەن، ئۇنىـڭ يېنىـدا كەۋسـەر بولۇشـى، ھېچبولمىغانـدا كەۋسـەرنىڭ بـۇ ئىـشتا قـانۇن ئورۇنلىرىنىـڭ سـوئاللىرىغا جـاۋاب بېرىشى ئېنىق ئىدى. ئابدۇللا يېنىك قەدەم ئېلىپ كېتىۋېتىـپ: بـۇ ئىـشنىڭ تېگىنـى بـارات نىياز ئېنىـق بىلىـشى مۇمكىن، ياخشىسى ئۇنىـڭ بــىلەن كۆرۈشۈشـۈم كېـرەك دەپ ئويلىـدى- دە، يېزىلىـق ھۆكـۈمەت قورۇسـىغا كىرىـپ، بـارات نىيازنىـڭ نـاھىيەدىن قايتىـپ كېلىـشىنى كۈتـۈپ ئولتـۇردى. ئـۇ سـاقلاۋېرىپ، ئەتـراپ كەچكـى شەپەقنىڭ نۇرلىرىغا چۆمۈلگىچە كۈتكەن بولسىمۇ بـارات نىيازنىـڭ قارىسى كۆرۈنمـىدى. ئـش بېجىـرىش ئۈچۈن كەلگەنلەرمۇ بىـر - بىرلەپ قايتىپ كېتىۋاتاتتى.

ئابــدۇللا بـــارات نىيازنىـــڭ ئىشخانىـــسى ئالدىـــدىكى بىتـــون ئورۇندۇقتا گېزىت كۆرۈپ ئولتۇراتتى. بىر چاغدا يۈرىكى ئۇشتۇمتۇت ئېغىپ، بەدىنى توك تەپكەندەك تىترەپ كەتتى. چىرايى ئۆڭـدى. ئەسلىدە يېزىنىڭ ئاياللار خىزمىتىگە مەسئۇل مۇدىرى ئـايىم خـانىم خەلچەمنى ئەگەشتۈرۈپ قورۇغا كىرىپ كەلگەن ئىدى. خەلچەمنىـڭ سـول قـاپىقى كۆكىرىــپ بىرئـاز ئىششىغان، غۇنچىـدەك چىرايلىـق ئاســتىنقى لېۋىمــۇ ئــازراق زەخىملەنگەنــدى. شــۇنداقتىمۇ ئۇنىــڭ شــەھلا كۆزلىرىــدە بىــر خىــل ئۈمىــد بــىلەن جۈرئەتنىــڭ نــۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى. ئابدۇللا ئۇنىڭغا لاپپىـدە قـاراپ قويـۇپ ئورنىـدىن تۇرۇشقا ماجالى يوقتەك قىمىر قىلماي ئولتۇردى.

ئارىدا ئايىم خانىم ئابدۇللانىڭ گېزىت ئوقۇپ ئولتۇرغان ھالىتىگە قاراپ:

— ۋوي، ئابدۇللانىڭ قولىقى قىزىدىمۇ، قانداق، چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتەيمىكىن دېگەنىدىم. ئۆزى مەندىن بۇرۇن كېلىپ بوپتۇ مانا...... — دېدى.

ئابدۇللا شۇ چاغدىلا ئېسىنى يىغىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ھودۇققىنىچە تىلىنى چايناپ:

— ياق، مەن...... مەن يېزا باشلىقى بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن...... كۇ...... كۈتۈپ تۇرغان...... مۇھىم ئىش...... ئىش بار ئىدى، — دېدى ھودۇققان ھالدا قىلىدىغان گېپىنى تاپالماي.

ئايىم خانىم ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشنى كۆرۈپلا ھودۇقۇشىنىڭ سەۋەبىنى سېزىۋالدى.

— يېزا باشلىقى ناھىيەدىن ئەتە كەچتە قايتىپ كېلىدۇ. سىز مۇشۇ يەردە بىردەم كۈتۈپ تۇرۇڭ، ھېلى سىزگە دەيدىغان گەپ بار، ماخما، ئۇكام.

— ئايىم خانىم شۇنداق دەپ قويۇپ، خەلچەمنى ئەگەشتۈرۈپ يان تەرەپتىكى ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. ئابدۇللا ئۈنچىقمىغان بولسىمۇ، كۆز ئالدىدىن خەلچەمنىڭ ھېلىلا ئۆزىگە قارىغاندىكى ئۆزگىچە ھالىتىنى ئىزدەيتتى. دەرۋەقە خەلچەم بۇگۈن ئاشۇ غەمسىز چاغلىرىدىكىدەك شۇنچە يېقىملىق تەبەسسۇم بىلەن قارىغانىدى. ئابدۇللانىڭ يۈرىكى ئاستا - ئاستا ئورنىغا چۈشتى. خەلچەمنىڭ بۇ قېتىم رازاق بىلەن خېلى ئېغىر دەرىجىدە جېدەللەشكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلدى. تۇرۇپلا ئۇنىڭ خىيالىغا ئەتىگەندە سارەم بىلەن ئارازلىشىپ ئۆيى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ھەيدىۋەتكەنلىكى كېلىپ، خەلچەم بىلەن ئۆزىنىڭ تەقدىرىدىكى بۇ ئوخشاشلىقتىن ھەيران قالدى. ئارىدىن بىر پەس ئۆتكەندە ئايىم خانىمنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئىشكى ئېچىلىپ، خەلچەم يالغۇز چىقىپ كەلدى.

ده، ئابدۇللانىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئەتراپقا قارىۋېتىپ، سوغۇق كۈلۈمسىرىگىنىچە پەس ئاۋازدا:

— مۆھتىرەمخان ئانام بىلەن يول ئۈستىدە كۆرۈشتۈم. سارەمنى بۈگۈنلا ئەكېلىۋال، سەن بىلەن دوست بولغانلىقىم ئۈچۈن مېنى بۇنچە قىينىما، سېنى ئايىم خانىم چاقىرىۋاتىدۇ، خوش، — دەپلا كېتىپ قالدى. ئابدۇللا ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك گاڭگىراپ سالپايغان هالدا ئايىم خانىمنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. ماتېرىياللارنى رەتلەۋاتقان ئايىم خانىم ئابدۇللاغا شۇنداقلا تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن ئېيتتى:

— ئۇكام، سىز بىلەن ئوبدانراق پاراڭلاشمىسام بولمىدى. سىز بىر هېساپتا يېزىمىزنىڭ كادىرى بولۇپ قالدىڭىز، گەپنى سوزماي قىسقىلا دەي، هېلى كۆردىڭىز، خەلچەمنى ئېرى قاتتىق ئۇرۇپتۇ، ئۇ بىچارە چوكان هەپتىدىن بېرى دادىسىنىڭ ئۆيىدە يېتىپ ئاران دېگەندە ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئىككى كۈن ئىلگىرى ئۇ ئېرىنىڭ قاتتىق ئۇرغانلىقىنى مەلۇم قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ كېتىش توغرىسىدا ماڭا ئەرزنامە يېزىپ كەلگەنىكەن. مەن ئەهۋالنى تەكشۈرۈپ كۆردۈم. ئېرى خەلچەمنى سىزدىن كۈنلەيدىكەن. گەرچە مەن بۇ يېزىغا كەلگىلى ئۇزاق بولمىغان بولسىمۇ، بۇنداق گەپلەرنى باشقىلاردىن كۆپ ئاڭلىدىم. ئاڭلىسام ئىككىڭلار ساۋاقداش ئىكەنسىلەر، مەكتەپ ئۆز جايىدا قالدى. بۇنىڭدىن كېيىن گەپ - سۆزلەرگە، هەرىكەتكە قاتتىق دىققەت قىلىڭلار، مېنىڭ قولۇمدىن ئەر - خوتۇنلار ئارىسىدىكى ماجىرانى مۇرەسسە قىلىش، ياخشىلاشتۇرۇشلا كېلىدۇ. ئىككى كۈندىن بېرى خەلچەمگە مۇشۇ قائىدىنى سۆزلەپ ئاغزىمنىڭ بىر قات تېرىسى چۈشتى. هەر هالدا ئۇنىڭغا نەسىهەتىم خېلى ئۆتكەن چېغى، بۈگۈن نىيىتىدىن يېنىپ ئەرزنامىسىنى قايتۇرۇپ كەتتى. ئېرى بىلەن ياخشى ئۆتۈشكە بەل باغلىدى. تۇرمۇش دېگەن مۇشۇنداق مۇرەككەپ بولىدۇ......

— خانىم، سۆزلىرىنى چۈشەندىم. راستىنى دېسەم، مېنىڭ خەلچەم بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتىم يوق. پەقەت كىچىكىمىزدىن باشلاپ بىر- بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈشىمىز......

— توختاڭ! ئىشىكنى ھىم يېپىۋېتىڭە، ئۇكام، بۇ گەپنى ماڭا دەپ سالدىڭىز، ئەمدى تالا - تۈزدە ئىككىنچىلەپ دەپ سالماڭ، بۇ چاغ بولغاندا ياخشى كۆرۈشىمىز دېسىڭىز ھەرگىز قامىلاشمايدۇ. ياخشى كۆرۈشكەندىكىن ئىلگىرى ئىككىڭلار تويى قىلساڭلار بولمامتى؟ بولىدىغان ئىش بولۇپ بولغاندا بۇ نېمە گەپ ئەمدى! ئەمدىچۇ قاراڭ، خەلچەممۇ ئىرىنى ياخشى كۆرسۇن، سىزمۇ ئۆيىڭىزدىكى خوتۇنىڭىزنى ياخشى كۆرۈڭ، مۇشۇنداق بولسا ھەممە ئىش ھەل بولىدۇ ئەمەسمۇ!؟

— خانىم، گېپىم تېخى تۈگىمىدى.

— بولدى- بولدى، ئۇكام، مەن چۈشەندىم. خەلچەمنىڭ ئىرىنىڭ دېگەنلىرى راست ئوخشايدۇ. ئۆزىڭىزنى باشقۇرالماي، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا سۇقۇنۇپ كىرىپ بىر ئوبدان ئائىلىنى بۇزسىڭىز قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىڭىزنى ئوبدان دەڭسەپ بېقىڭ. ئەتىدىن بېرى مەن سىزگە كۆيۈنۈپ سۆزلەپ قويىدۇم شۇ!

— توختاپ تۇرسىلا، خانىم، مېنىڭ دېگەنلىرىمنى سىلى چۈشەنمىدىلە، مېنىڭ خەلچەم بىلەن ياخشى كۆرۈشىمىز دېگىنىم......

— ئۇكام، بولدى ئەمدى گەپ قىلماڭ، مۇشۇ ياخشى كۆرۈش دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىسام جۇدۇنۇم ئۆرلەيدۇ مېنىڭ، مەن دەيدىغاننى دەپ بولدۇم. سىزمۇ بىر بالىغا دادا بولغان ئادەم بولغاندىكىن ئاق بىلەن قارىنى پەرق ئېتىپ بىر ئىش قىلارسىز.

— مەن......

ئابدۇللا ئايىم خانىمنىڭ ئىشخانىسىدىن كۆڭلى تولىمۇ پەرىشان ھالدا قايتىپ چىقتى. بۇ چاغدا كۈن ئولتۇرۇپ كائىنات گۇگۇم

قوينىغا چۆكۈۋاتقان بولسىمۇ، ئابدۇللانىڭ ئۆيگە قايتقۇسى كەلمەي، ئۇدۇل مەدەنىيەت پونكىتىغا كېلىپ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ خىيالغا غەرق بولۇپ ياتتى. ئۇنىڭ خىيالى ئۇزاقتىن باشلىنىپ بۈگۈنكى ئىشلارغىچە ئۇلاندى، خەلچەمنىڭ بۇ قېتىمقى زور جۈرئىتى، ئۆزىنىڭ سارەمنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقارغىنى كۆز ئالدىغا كەلگەندە، ۋۇجۇدىنى دەھشەت ئاچچىق سېزىم ئىلكىگە ئالدى. كېيىن ھەسرەت ئوتلىرى دەردلىك جىسمىنى كۆيدۈرگەندە، مەڭزىنى ھۆللىگەن ئاچچىق ياشلىرىنى سۈرتۈشكە قۇربى يەتمىگەندەك كارىۋاتقا چاپلىشىپ ياتقىنىچە ئۇيقۇغا كەتتى.

دەرۋەقە خەلچەم بۇ قېتىم رازاقتىن ئاجرىشىپ كېتىشكە قەتئىي بەل باغلىغانىدى. گەرچە ئۇ ئىلگىرى ئاجرىشىپ كېتىشنى نىيەت قىلىپ بىرقانچە قېتىم ئارازلاشقان بولسىمۇ، دەسلەپ ئۆگەي ئانىسى زورىخاننىڭ بېسىمى، كېيىن دادىسى بىلەن مۆھتىرەمـ ـخاننىڭ زورى ئامالسىز قالدۇرغانىدى، شۇنداق قىلىپ، تەقدىرگە تەن بېرىشكە يۈزلەنگەن خەلچەمنى قەلبىدىكى بوشلۇق ئارامسىزلاندۇرغاچقا، بىرەر تاسادىپىيلىق يۈز بېرىپ قالسا ئۆزى مەھكۇم بولۇۋاتقان بۇ كۆڭۈلسىز قورغان ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشنى خىيال قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇ يولدىكى ئىستىخىيەلىك كۈرەشلىرى بىر ـ بىرلەپ مەغلۇپ بولۇۋاتقان كۈنلەردە، غايىۋى يۈلەنچۈكى ئابدۇللا سارەمنى ئەمرىگە ئېلىپ ھەش ـ پەش دېگۈچە بىر بالىغا ئاتا بولۇش بىلەن خەلچەمنىڭ كەلگۈسى شېرىن ئارزۇلىرىنى بەربات قىلدى. خەلچەمنىڭ كۆز ئالدى بىر مەزگىل زۇلمەت كېچىگە ئوخشاش قاراڭغۇلۇق ئارىسىدا قالغان بولسىمۇ، غايىۋى ئەركىنلىككە تەلپۈنۈۋاتقان قەلبى قات ـ قات مۇشكۈلاتلار ئالدىدا ئەمدى ئۆزگىچە مەنزىلگە ــ ئەركىن خىيال سۈرەلەيدىغان بىگانە تۇرمۇش قوينىغا قاراپ سىلجىشقا باشلىدى. ئۇ خىيالىدا رازاقتىن ئاجرىشىپ ئاقتاش دەرياسىنىڭ بويىدا ساتما تىكلەپ

يېگانە تىرىكچىلىك قىلىشنى شۇنچە خالايتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل ئارزۇسىدا تەقدىرنىڭ ئادالەتسىزلىكىگە بولغان ئىچىنىش، كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدسىزلىك، روھى ئاجىزلىق ئەمەس، پەقەت غايىۋى ئەركىنلىكنىڭ ئىللىق مېھرىلا غالىب ئورۇندا ئىدى. ئۇ بۇنداق قارارغا، ئاشۇ قىتىم رازاقنىڭ بازغاندەك مۇشتۇمى ئالدىدا قىلچە باش ئەگمەي، خۇددى جاھالەت بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقان باھادىردەك بېشىنى تىك تۇتۇپ يۈرەكلىك ھالدا «سەندىن ئاجرىشىپ كېتىمەن» دېگەن سۆزنى ئېيتقان ۋاقتىدىلا كېلىپ بولغانىدى.

ئابدۇللانىڭ تويى ئۆتكۈزۈلگەن كۈنى قادىر ئاخۇن قەۋەتلا خۇش بولۇپ، ئەمدى خەلچەمنىڭ خاپىلىقىدىن قۇتۇلۇپ، ئارامخۇدا كۈن ئۆتكۈزىدىغان بولدۇم دېگەن ئويغا كەلدى. خەلچەم بولسا بۇ كۈنلەردە ئاچما كەنتىدە ئۆمرىدىكى ئېغىر مۈشكۈلچىلىكنى باشتىن كەچۈرۈۋاتاتتى.

بۈگۈن نېمىشقىدۇر رازاقنىڭ ئاچچىقى بەك يامان ئىدى. ھەپتىدىن بېرى ئۆي بىلەن خۇمدانىنىڭ ئارىسىدا قاتراپ تۈزۈكرەك ئارام ئالالمىغان رازاق بېشى گاراڭ ھالدا خەلچەمگە پولۇ ئېتىشنى تاپىلاپ قويۇپ تالاغا چىقىپ كەتتى. خەلچەم چۈشكە يېقىن پولۇنى تەييار قىلدى. نەگىدۇر بېرىپ ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەن رازاق بىر كاپام پولۇنى ئاغزىغا سېلىپلا ۋارقىراشقا باشلىدى:

— مۇشۇمۇ پولۇ بولدىمۇ؟ تۇزنى شۇنچە جىق قويامسەن، ئۆزۈڭ يەپ باقە، ۋۇ تايىنى يوق قانجۇق! لەغمەن ئەت دېسەم، سىقماق ئېتىسەن. كۆمەچ پىشۇر دېسەم قوتۇرماچ ئېتىسەن، مۇشۇنداق قىلىپ مېنى بەزدۈرمەكچىمۇ سەن! ئۆزۈڭ يېگىنە ئېشىگنى!

رازاق شۇنداق دېگىنىچە لېگەندىكى پولۇنى چاي دەملەپ ئولتۇرغان خەلچەمنىڭ ئالدىغا غەزەپ بىلەن ئېتتەردى. پولۇنىڭ

يېرىمى داستىخانغا تۆكۈلدى.

— پولۇ يارىمىغان بولسا سىۋەتتە زاغرا بار، ماڭ، ئۆزۈڭ ئېلىپ غاجا ئەمىسە! مەن سېنىڭ دېدىكىڭ ئەمەس! ئەتىدىن كەچكىچە غالچىلىقىڭنى قىلىدىغانغا!

رازاقنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى:

— مەن جاپا تارتىپ يەيدىغاننى، كىيىدىغاننى تېپىپ بەرسەم، ئۆيدە بىكار ئولتۇرۇپ يېگەن ئاش - نان قورسىقىڭنى ئەستىما؟ بۇنىڭدىن كېيىن سەنمۇ خۇمدانغا بارسەن، گېپىمگە كىرمىسەڭ تـوڭكىيىڭنى چاقىمەن. ۋۇ تايىنى يوق، ئەتكەن ئېشىڭنى ئىتقا بەرسەڭمۇ يېمەيدۇ!

— مېنىڭ تايىنىم بولمىسا، تايىنى بار خوتۇن ئېلىۋال!

— ھە، يەنە شۇ گەپما؟ يەنە شۇ ئاجرىشىمەن دېمەكچىما؟ يامان بولساڭ ئۆيدىن چىقىپ باقە قېنى، قانداق قىلىدىكەنمەن!

— ساڭا نەچچە قېتىم دەپ قويدۇم، مەن سېنىڭ خالىغىنىڭچە ئۇرۇپ، تېپىپ قورقۇتۇپ باشقۇرىدىغان ھېلىقى كونا خوتۇنۇڭ ئەمەس، خەلچەم! مېنى ئۇنىڭدەك خالىغىنىڭچە بوزەك قىلالمايسەن، لوكچەك! سەن ئىشلىگەن بولساڭ، مەنمۇ ئېتىزدا ئىشلىدىمغۇ، ماللىرىڭنى باقتىم، كىر - قاتلىرىڭنى يۇدۇم، گېلىڭگە تاماق ئەتتىم، ھاشارغا باردىم، يەنە قانداق قىلىپ بەرسەم بولاتتى!

— ئەتكەن تامىقىڭ مانا! ئاناڭ ساڭا مۇشۇنداق پولۇ ئېتىشنى ئۆگەتكەنما! گۈرۈچ بىلەن ياغنى بۇزۇپ......

— مەن ئېتەلمىگەن بولسام ئۆزۈڭ ئېتىپ يە، يا بولمىسا خېتىمنى بېرىپ ئوبدان تاماق ئېتىدىغاندىن بىرنى ئېلىۋال، مەنمۇ جېنىمنى جان ئېتەلەيمەن.

— نېمە، تېخىچىلا ئاشۇ ئابدۇللا دېگەن يالاڭتۆشنى ئۇنتۇيالمىدىڭما؟ بىلىپ قوي! مېنىمۇ ئانام ئوغۇل بالا دەپ

تۇغقان، سىنى ھەرگىزمۇ مەقسىتىڭگە يەتكۈزمەيمەن. ئاجرىشىپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ سىنى ئۇ يالاڭتۆشكە تاشلاپ بەرمەيمەن. ھە، مەن ئەمدى بىلدىم، بۈگۈن ئۇ يالاڭتۆشنىڭ تويى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قولۇڭ ئىشقا بارماي، تاماقنىمۇ جايىدا ئېتەلمەپتىكەنسەن-ھە!

— سەن...... مۇشۇمۇ گەپ بولدىمۇ ئەمدى!؟

رازاق بۇ سۆزى بىلەن خەلچەمنىڭ يىغىرىغا تۇز سەپكەچكە، ئۆكۈپ كېتىۋاتقان چىرايى بىردىنلا قىزاردى، لەۋلىرى تىترەپ، كۆزلىرىدىن نەپرەت ئۇچقۇنى چاچرىدى. دەرۋەقە ئۇ ئۆتكەندە ئابدۇللانىڭ سارەم بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى ئۆگەي ئانىسى زورىخاندىن ئاڭلىغاندىن بۇيان كەيپى بۇزۇلۇپ، تۇتقان - قويغىنىنى بىلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئابدۇللاغا بولغان كۈچلۈك تەلپۈنۈشنى ھەرىكەتلىرىدە چاندۇرماسلىق، ئاغزىدا قەستەن رەت قىلىش ئوڭاي بولغان بىلەن، قەلب تۆرىدىن پۈتۈنلەي سۈپۈرۈۋېتىش ئاسانغا چۈشمەيتتى. خېلى كۈنلەردىن بېرى ئۇنىڭ پۈتكۈل پىكىر - خىيالىمۇ مۇشۇ ئىش بىلەن تورمۇزلىنىپ، كۆڭلىنىڭ تاۋى يوق يۈرگەچكە، تاماقنى ئىلگىرىكىدەك زىغىرلاپ ئەتمەي، رازاقنى قاقشىتىپ كېلىۋاتاتتى. مانا بۈگۈن رازاق ئۇنىڭ روھىيىتىدىكى شۇنچە پىنھان سىرىنى ئېچىۋەتكەچكە، قەلبى ئىلگىرىكىدىن بەتتەر ئۆرتىنىپ، دەرد ئۈستىگە دەرد قوشۇلغانىدى.

رازاق يەنە بولدى قىلماي، خەلچەمنىڭ دومسىيىپ ئولتۇرغان ھالىتىگە قاراپ يەنە كايىشقا باشلىدى:

— ئىككى بالىغا ئانا بولغاندىمۇ ئۆزۈڭنى باشقۇرالمامسەن؟ بۆكەمگە جىگدە سالىمەن دەپ چۆچۈرىنى خام سانىما! بۇرۇنىمۇ مېنى ئەخمەق قىلىپ، نەچچە قېتىم يامانلاپ كېتىۋالدىڭ، بۈگۈن ئۇ يالاڭتۆش خوتۇن ئالدى، ئەمدى يامانلاپ داداڭنىڭكىگە كېتىپ

باقه قىنى!

ــ ئـاغزىڭنى چايقىۋېتىــپ گەپ قىـل، مەن بـۇرۇن سـىنىڭ ئوسالىلىقلىرىڭغا چىدىيالماي يامانلاپ كەتـكەن، ئەمـدى كەتـسەمۇ شۇ......

ــ نـېمە، يەنە يامـانلاپ كەتمەكچىمـۇ؟ ئەمــدى ھەرگىزمـۇ يامانلاپ كېتەلمەيسەن!

ــ كەتسەم كېتىۋېرىمەن، ــ خەلچەم شۇنداق دەپلا نەرسە-كېرەكلىرىنــى يىغىــشتۇرۇشقا تۇتۇنـدى. رازاق بىـردەم مەسـخىرىلىك كەيپىياتتا قاراپ تۇرغانـدىن كېيىن ئىتتىلـىپ كېلىـپلا خەلچەمنىـڭ قولىدىكى بوغچىنى تارتىپ ئېلىپ ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىغا چۆرۈۋەتتى ـ دە:

ــ قاراپ تۇرسام يەنە بوغچاڭنى تەييارلايسەنغۇ؟ ــ دېگىنىچە مەڭزىگە بىر شاپىلاق ئۇردى.

خەلچەممۇ بـوش كەلـمەي ئۇنـىڭ ياقىـسىدىن قاماللاپ تۇتـۇپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

ــ بۈگۈن كۆرگۈلۈكۈمنى كۆرىمەن، ئۇرە ـ ھە!

بايىدىن بېرى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ جېدەللىشىشىگە قـاراپ تۇرغـان مۇتەللىــپ «ئانــا» دەپ چىرقىــراپ يىغلاشـقا باشـلىدى. ئـۇخلاپ قالغان قىزى ئىپارگۈلمۇ ئويغىنىپ قىرقىراپ يىغلىدى، شۇ ئەسنادا ئۆيگە ئىمامبەگ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدىگىنىچە كىرىپ كەلدى.

ــ ھـوي بىـغەرەز! يەنە خوتۇنـۇڭنى ئۇردۇڭمـا؟ــ دېـدى ئـۇ رازاقنــى كەيــنىگە تارتــىپ، كېــيىن ئـۇنى ئىتتىرىــپ ھويلىغـا چىقىرىۋېتىپ خەلچەمگە تەسەللى بەردى، ــ قىزىم، خاپا بولمـاڭ، ئۇنىڭغا مەن ئوبـدان نەسـىھەت قىلاي، بۇنىڭـدىن كېيىن سىزگە بۇنـداق قوپاللىق قىلالمايـدۇ، يەنە شـۇنداق قىلـسا، مادىيـابەگكە دەپ قويىمەن، ئـۇ نوخىلىـسىنى ئېلىـپ ئوبـدان ياسـاپ قويـدۇ، ماخما!

خەلچەم ھەسرەتلىك تىنىــپ قىمىر قىلماي تـۇردى. ئىمامبەگ

ھويلىغا چىقىپ رازاقنا تەنبىھ بېرىۋىدى، ئۇ چىچاڭشىدى:

— مېنى تىللاۋەرمەي، ئۇنىڭ ئەتكەن پولۇسىنى ئۆزىڭىز يەپ بېقىڭ!

— تاماق دېگەننىڭ قېلىپى يوق، بوگۈن ئوخشىمىغان بولسا، ئەتە ئوخشىتىپ ئېتىپ بەرسە بولمىدىمۇ؟ ماڭ، خۇمدانغا بار. ئاكاڭ مادىيابەگ بىرسى بىلەن سوقۇشۇپ يۈرمىسۇن يەنە! — دېدى ئىمامبەگ بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك ئالدىراش ھالدا.

رازاق بىردەم گۆلىيىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئىمامبەگ ئۆيگە كىرىپ يىغلاپ تۇرغان مۇتەللىپنى قۇچىقىغا ئېلىپ يېشىنى سۈرتكەندىن كېيىن سۇپىدا ئولتۇرغۇزۇپ:

— كېلە بالام، ئېشىڭنى يە، — دەپ چىنىدىكى پولۇنى يېگۈزۈشكە تۇتۇندى. مۇتەللىپ يېگىلى ئۇنىمىدى. ئىمامبەگ قولىدىكى بىر كاپام پولۇنى ئاغزىغا سالدى، دەرۋەقە پولۇنىڭ تۇزى ھەقىقەتەنمۇ ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

— قىزىم، ئېشىڭىزنىڭ تۇزى ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئاش ئىسراپ بولۇپ كەتمىسۇن، شۇيلا قىلىسىڭىز تۇزى تەڭشىلىدۇ، — دېدى، ئاندىن خەلچەمگە بىردەم نەسىھەت قىلغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى. ئەسلىدە ئىككى ئۆي تۇتاش بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىمامبەگ بۇ ئىككىسىنىڭ تۇرمۇشىغا كۆز - قۇلاق بولۇپ ئادەتلىنىپ قالغاچقا، بوگۈنكىدەك جېدەل قۇلىقىغا كىرسىلا ھازىر بولاتتى. شۇنداق قىلىپ، بوگۈنكى ئارازلىقمۇ بېسىققان بولدى. خەلچەم قىزى ئېپارگۈلنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ خىيالغا پاتتى. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر چاغدا كۆڭلىگە قانداقتۇر بىر ئىش سايە تاشلىغاندەك ئوغلى مۇتەللىپنىڭ قاچىسىدىكى پولۇدىن بىر قوشۇق ئېلىپ ئاغزىغا سالدى - دە، شۇئان داستىخانغا تۈكۈرۈۋەتتى. ئۇ قانداق بولۇپ قازانغا تۇزنى بۇنچە كۆپ قۇيۇۋەتكەنلىكىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەندە، ھەممە ئىش بىر-

بىرلەپ كۆز ئالدىغا كېلىشكە باشلىدى. راست، بابا ئۇ گۇرۇچنى يۇيۇش ئۈچۈن چېلەكنى ئېلىپ كۆلگە سۇغا ماڭغان، يولدا ئىككى يىگىتنىڭ «ئابدۇللانىڭ تويى تازا قىزىشى مۇمكىن، چاپسانراق ماڭايلى» دېيىشكىنىچە غازلىقۇا قاراپ كېتىپ قالغىنىنى كۆرگەن. سۇنى ئەكېلىپ گۇرۇچنى يۇيۇپ بولۇپ قازاننىڭ تۈزىنى تېتىشقا تۇتۇنۇپ، تۇزلۇقتىن نوگايغا تۇز ئالغاندىن كېيىن، قازاندىن چۆمۈچكە بىرئاز ئاش سۈيىنى ئېلىپ تۈزىنى تېتىغان، سول قولىدىكى نوگايدىن قازانغا تۇز قۇيۇپ تۇرۇپ، دەسلەپ چۆمۈچكە ئۇسسۇۋالغان ئاش سۈيىنى تەكرار تېتىپ كۆرگەندە تۇزى تېتىمىغان، نەتىجىدە نوگايدىكى تۇزنى قازانغا قۇيىۋەرگەن. مانا بۇ ئىشلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتتى. ئاخىر ئۇ كۆڭلى ئارامىدا بولمىغاچقا دەسلەپتە قازاندىن چۆمۈچكە ئۇسسۇۋالغان ئاش سۈيىنى قازانغا تۇز قۇيغاندىن كېيىن قايتا قازانغا تۆكۈۋېتىپ ئارىلاشتۇرۇپ تېتىپ كۆرمىگەنلىكىنى بىلدى. گەرچە ئۇ سەۋەنلىكىنىڭ ئۆزىدىن ئۆتكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەن بولسىمۇ، رازاقىنىڭ بابا ئابدۇللانى چىشلەپ تارتىپ: «ئۇ توي قىلدى، سەن ئەمدى يامانلاپ كېتەلمەيسەن» دېگەن سۆزىنى قايتا ئېسىگە ئېلىپ يەنە ئويغا پاتتى. رازاقىنىڭ بۇ سۆزىگە بارا - بارا كۆڭلىدە قارىتا غەليان كۆتۈرۈلدى. «ئىلگىرى مەن يامانلاپ كەتسەم سەن پەقەت ئابدۇللا بىلەن كۆرۈشكىلى بارىدۇ دەپ ئويلاپتىكەنسەن. خەير بوپتۇ، ئابدۇللا بۈگۈن توي قىلدى، مەن بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەيمەن. ئەمدى كېتەي، ئىلگىرى ئابدۇللانى دەپ يامانلاپ كەتمىگەنلىكىمنى ساڭا ئىسپاتلاپ بېرەي......» خەلچەم شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ ئورنىدىن تۇردى. مۇتەللىپنى «خۇمدانغا بېرىپ ئوينىغىن» دەپ ئەۋەتىۋەتتى، هويلىغا، يولغا، باغقا چىقىپ ئەتراپنى كۆزەتتى، ئاندىن بوغچىسىنى قايتا رەتلەپ تاڭغاندىن كېيىن، ئىپارگۈلنى ئېلىپ باغقا كىردى. باغ تېمى

قىلىنغان شاخ - شۇمبىلارنى قايرىپ ئۆتۈپ، ئايغى ئاقتاش دەرياسىنىڭ قىرغىقىغىچە بارىدىغان يارغا چۈشتى - دە، كۆڭلى تىنغاندەك بولۇپ قەدىمىنى ئىتتىكلەتتى.

شۇ كۈنى كەچتە قادىر ئاخۇن بىلەن زورىخان ئابدۇللانىڭ توينى تۈگىتىپ بولۇپ ئۆيگە يېتىپ كەلگەندە، خەلچەم ئۇلارنى كۈتۈپ هويلىدا ئولتۇراتتى. قادىر ئاخۇن خەلچەمنىڭ يىغىدىن قىزارغان كۆزلىرىگە قاراپ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا، زورىخان خۇددى تەقدىرگە مۇراجىئەت قىلغاندەك:

— تووۋا خۇدايىم، ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ ئەمدى! بىر خاپىلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئۇھ دەپ بولغۇچە، ماۋۇ خېنىم بوغچىسىنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ ئەمدى. بۇ ئۆيدىغۇ ئارامخۇدا ئولتۇرالمايدۇ كىشى! — دېدى دوق قىلىپ.

— رازاق ئاخۇن بىلەن يەنە جېدەللەشتىڭمۇ، قىزىم، ئېغىر بولساڭ بولماسمىدى! قېرىغان ۋاقتىمدا كۆرىدىغان كۈنۈم بار ئوخشايدۇ مېنىڭ.

قادىر ئاخۇننىڭ بۇ سۆزى ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك بولدى. زورىخان يەرگە قاراپ زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرغان خەلچەمگە گۆلىيىپ قويۇپ سۆزلەپلا كەتتى:

— قانداق ئىش بولدى بۇ! تىككىشى يوق چاپاندەك، ئۇ يېرىنى يامىسا بۇ يېرىدىن مېزى چىقىپ، ئايال خەق دېگەنچۇ، ئاغزىغا كۈچەپ شوتىلدىسا مۇشۇنداق ئەرنىڭ قولىدا توختىمايدۇ مانا! مەن مالايلىق قىلىپ قانچىگىزنىڭ گېلىغا تاماق ئېتەتتىم؟ بىرياز ئىشلەپ ئەمدى هاردۇق ئالاي دېگەندە مۇشۇنداق يامانلاپ كېلىسىز، سىز مەكتەپتە ئوقۇغان زىيالىي خانىم بولغاندىكىن، ئىككى بالىغا ئانا بولغىنىڭىزنى ئويلاپ بولسىمۇ ئۆيىڭىزنىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقىرىپ، قوڭىڭىزنى بېسىپ ئولتۇرسىڭىز بولمامدا؟

— هاي- هاي، بولدى ئەمدى، ئازار يەپ كەلگەن بالىغا يەنە ئۇستىلەپ ئازار بەرمەيلى، ئەتە - ئۆگۈن ئوگشىلىپ قالار.
— سىلى هاي- هاي دېگەنلىرى بىلەن، بۇ ئەتىۋارلىق خېنىم ئەرگە تەگكەنـدىن بېـرى قـولاقنى ئـارام تاپتۇرمـىسا، يامانلاۋېرىـپ ئادەمنىـڭ يـۈزىنى قويمىـدى. ئـۆزى خەلقئالەمـدىن ئىـزا تارتـسا بولمامدۇ!
— ئورنۇڭدىن تۇره، قىزىم، ئۆيگە كىرىـپ ئاناڭغا سۈيۈق - سەلەڭ ئاش ئېتىپ بەر، ئەتىدىن بېرى هېرىپ هالى قالمىدى، — قـادىر ئـاخۇن شـۇنداق دېگەنـىچە خەلچەمنىـڭ قۇچىقىـدىن ئىپارگۈلنى ئالدى.
خەلـچەم ئورنىـدىن تـۇرۇپ، ئـۆزىنى تۆزەشتۈرگەندىن كېيىن ئىـشكىنىڭ يـان ياغىچىغـا يـۆلەنگىنىچە ئـاچچىق يۇتـۇپ تۇرغـان زورىخانغا قاراپ دېدى:
— بېـشىمغا كـۈن چۈشـسە ئۆزۈمنىـڭ ئـۆيىگە كەلـمەي نەگە باراتتىم!؟ سىزمۇ مېنـى مۇشـۇنداق ئـۆز ئۆيـۈمگە پـاتۇرمىغىنىڭىزدىن خەلقئالەم ئالدىدا ئىزا تارتسىڭىز بولمامدۇ! ئىلگىرى بـوزەك ئېتىـپ كۆنگەنىدىڭىز، مەنمۇ چوڭ بولدۇم، ئۆز ئۆيۈمگە سىغارمەن.
— هـاي، بـالام، هـاي! مېنـى بۇنـداق تەڭلىكـتە قويمـىساڭ بولمامـدۇ! مـاڭ. گەپ ئـاۋۇتۇپ تۇرمـاي مەن تاپىلىغـان ئىـشنى قىلغىن.
قـادىر ئـاخۇن خەلچەمنـى ئـۆيگە ئىتتـەردى. خەلـچەم ئىچـى بوشـىغاندەك يىنىـك قەدەم ئېلىـپ ئـۆيگە كىرىـپ كەتتـى. ئـۇ ئەتـىدىن بېـرى زورىخاننىـڭ مۇشـۇنداق چېچىلىـشىنى تەسـەۋۋۇر قىلغـان هەمـدە بـوش كەلـمەي، دەيـدىغاننى دېـيىش نىيـىتىگە كەلگەنىدى. زورىخان نېمە دېيىشنى بىلمەي ئارىدا قالغان قادىر ئاخۇنغا قاراپ بىشىنى چايقاپ تۇرۇپ:
— هە، قاندىلىما؟ مەن بۇرۇن نـېمە دېگىنـا! نايناق قىزلىرى

بىزنى ئارامىمىزدا قويمايدۇ، بۇ ئۆيگە بىر قوشۇق تۇز بولۇپ تېتىيدۇ دېسەم سىلى نېمە دېگىنا؟ نەسىھەت قىلىپ يولغا سالىمەن دېگەنلىرى قېنى؟ ئۇ چوڭ بولغانسېرى مەن دېگەندەك قىلامدىكىنا؟ مانا ئۆيلىرى، ـــ دېگىنىچە پەش قېقىپ تالاغا ماڭدى. قادىر ئاخۇن تىت ـ تىت بولغىنىچە ئۇنى توسۇپ قالماقچى بولۇپ دېدى:

ـــ خەلچەم يامانلاپ كەلسە، ئەمدى سىلى يامانلاپ كېتەمسىلە، ئۆزلىرىنى تۇتۇۋېلىڭلا، مەن ئۇنىڭغا ئوبدان نەسىھەت قىلاي. ئۇنداق قىلماڭلا، مەن خۇش بولاي......

ـــ نېمە، مېنى يامانلاپ كېتىدۇ دەملا؟ مەن تولا يامانلايدىغان بىشەم قىزلىرىغا ئوخشىمايمەن. مېنىڭمۇ ئىشلىگەن، يىغقانلىرىم مۇشۇ ئۆيدە بار، ئۇنداق ئاسان كېتىدىغان ئىش يوق. قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ بىردەم ئولتۇرۇپ چىقاي، قىزلىرىغا ئوبدانراق نەسىھەت قىلسىلا، بولمىسا ماۋۇ ئۆيدە ئەمدى قۇلاق تىنچىمايدۇ!

ـــ ماۋۇ گېپىڭلا قاملاشتى، خەلچەم ئاغزىڭلىغا تېتىغۇدەك بىر نەرسە ئەتسۇن، بىردەم سەۋدا كېسىپ كىرىڭلا ئەمىسە.

زورىخان سىرتقا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قادىر ئاخۇن ئۆيگە كىرىپ خەلچەمگە نەسىھەت قىلدى، زورىخاننىڭ چىشىغا تەگمەسلىكنى تاپىلىدى، خەلچەم زۇۋان سۈرمىگەن بولسىمۇ دادىسىغا ئىچى ئاغرىپ قالدى.

خەلچەم كېيىنكى بىرنەچچە كۈندە قادىر ئاخۇننىڭ نەسىھەتىگە كۆنۈپ زورىخان بىلەن تاكاللاشمىدى، بارلىق دەرد ـ ئەلىمىنى قادىر ئاخۇننىڭ ئېغىر ـ يېنىك ئىشلىرىغا قارىشىش بىلەن بىرئاز ئۇنتۇدى، بىراق كۆتۈلمىگەندە ئېتىزدا ئابدۇللا بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ كۆڭلى ئىلگىرىكىدەكلا پاراكەندە بولدى. گەرچە ئابدۇللانىڭ ئۆزىدىن سۆز كوچىلاپ ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ گېپىنى

قىلىشىغا پەرۋا قىلماي، پەقەت سارەم بىلەن قۇرغان يېڭى ئائىلىسىگە بەخت تىلەپلا كۇپايىلەنگەن بولسىمۇ، ئىككىسىنىڭ ئېتىزدا پاراڭلىشىپ تۇرغانلىقى ھەش - پەش دېگۈچە سارەمنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن سارەمنىڭ ئابدۇللانى خەلچەمدىن كۆنلەپ يامانلاپ يۈرۈشى تويدىن كېيىن بېلىنى ئەمدىلا رۇسلىغان مۆھتىرەمخاننى قادىر ئاخۇن بىلەن خەلچەمگە يېلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. شۇ كۈنى مۆھتىرەمخان قادىر ئاخۇن بىلەن ئېشەك ھارۋىسىدا خەلچەمنى رازاقنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ ماڭغاندا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ:

— قىزىم، ئايال خەق دېگەن ئاجىز، ئۇنىڭغا بىر ئەر يۆلەك بولمىسا بولمايدۇ، ئىمامبەگ ياخشى ئادەم، رازاق ئاخۇنغا نەسىھەت قىلىپ ياخشى ئادەم قىلىدۇ. سەن ھەرقانداق ئىشتا ئېغىر بولغىن، — دېگەن بولسىمۇ، لېكىن بىر مەزگىل ئۆتۈپلا خەلچەم ئۆزى بىلەن رازاق ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ھەربىر ئارازلىقتا ئېغىر بولالمىدى.

بۇ كۈنلەردە رازاقمۇ دەردىنى ئۆزى بىلەتتى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا دادىسى ئىمامبەگنىڭ نامىدىن كۆرە، خۇمدانىنى ھۆددىگە ئېلىپ تاپقان پۇلىنىڭ ھۆرمىتىگە تايىنىپ، باش باھاردا ئاقتاش دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرىدا ئايىنىيدىغان كاككۇك گۈلىدەك يىگىتلەرنى مەپتۇن قىلىدىغان گۈزەل قىز خەلچەمنى ئەمرىگە ئېلىپ مەيدە كېرىپ يۈرگەنىدى، كېيىن خەلچەمنىڭ دەسلەپ توختام سۇدەك، كېيىنچە كەلكۈن سۈيىدەك جۇدۇن مىجەزى ئۇنى ئارامىدا قويمىدى. شۇنداقتىمۇ ھەر قېتىم قاتتىق ئارازلىق يۈز بەرگەندە ئىمامبەگنىڭ «خەلچەمنىڭ يېشى كىچىك، چوڭ بولغانسېرى ئوڭشىلىپ قالىدۇ» دېگەندەك سۆزلىرىگە ئۈمىد باغلىغانىدى، لېكىن خەلچەم چوڭ بولغانسېرى گەپنىڭ ئۇچىنى چىقىرىپ بولغۇچە جاۋاب ياندۇرۇپ، ئىككى گەپنىڭ بىرىدە «ئاجرىشىپ كېتىمەن، خېتىمنى بەر» دېگەن گەپنى بىرقانچە

قېتىم دېدى. ئۇنىڭ ئويىچە خەلچەم ئاجراشسا، ئۇدۇل ئابدۇللانىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتاتتى. مۇبادا شۇنداق بولۇپ قالسا، ئۆزىنى ئاقناشتا يىگىتلەرنىڭ ئالدى ساناپ يۈرگەن رازاقنىڭ يۈزى يەر بىلەن يەكسان بولاتتى. شۇڭا، ئۇ ئائىلىسىدە تېتىملىق تاماققا، ئېجىل - ئىناق كەيپىياتقا ئېرىشەلمىسىمۇ مۇشۇ ئاقىۋەتتىن ئەنسىرەپ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرەتتى. ئەپسۇس، بۇ قېتىمقى تەگىشىش رازاقنىڭ غەزىپىنى پەلەككە يەتكۈزدى. بۇ دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش پەسلى بولغاچقا، ئىشلەمچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئېتىزلىرىغا كېتىپ، خۇمدانغا قارايدىغان ئىش رازاقنىڭ زىممىسىگە چۈشكەنىدى.

ئۇ كۈنى چۈشكە يېقىن ئىمامبەگ خەلچەمگە:

— سىز بېرىپ خۇمدانغا قاراپ تۇرۇڭ، رازاق كېلىپ ماڭا ياردەملەشسۇن، ئېتىزنىڭ ئىشلىرىغا يېتىشەلمەي قالدىم، — دېگەچكە، خەلچەم ئىپارگۈلنى ئېلىپ خۇمدانغا كەلگەنىدى، رازاق ئېتىزغا مېڭىشىنىڭ ئالدىدا خەلچەمگە:

— غول ئېرىقنىڭ سۈيى تاشاي دەپ قاپتۇ، ئالمادىسى سۇ ئۆلغىيىپ تېشىپ خۇمدانغا كىرىپ كەتسە چاتاق بولىدۇ. سەن غول ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپ سۇنىڭ ئەھۋالىنى كۆزەت. سۇ يەنە ئۆلغىيىپ قالغۇدەك بولسا چۈشۈرگىنىڭ تاختىسىنى ئېلىۋېتىپ سۇنى تۆۋەنگە قويۇۋەت، — دەپ تەكرار تاپىلاپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

خەلچەم ئېرىق بويىدا كۈن غەربكە قىيسايغۇچە ئولتۇردى. بارا - بارا ئېرىقنىڭ سۈيى تارتىلىپ كەتكەچكە كۆڭلى تىندى. شۇ چاغدا يىراقلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ، شىمال تەرەپتە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان ئاقتاش دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرىدىكى بۈككىدە ئۆسكەن قومۇش، يېكەنلەرنى كۆرۈپ خىيالغا چۆمدى، كېيىن ئىپارگۈلنى كۆتۈرۈپ ئاشۇ مەنزىلگە قاراپ يول ئالدى. ئۇنىڭ بۇ

تەرەپلەرگە كەلمىگىنىگە خېلى ئۇزاق بولغانىدى. ئاخىر ئۇ ئۆزى ئۈچۈن مۇقەددەس ھېسابلىنىدىغان جىغانلىقا كېلىپ، بىردەم ئەتراپنى ئايلىنىپ يۈردى. بىر چاغدا شېرىن خىياللار قاينىمىدا ئۈزۈۋېتىپ، خۇمدان تەرەپكە قاراپلا ئەندىكىپ كەتتى. خۇمداننىڭ ئەتراپىدا بىرقانچە ئادەم ئۇيان - بۇيان يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈشەتتى. ئۇ دەسلەپتە ئۇلارنى كىچىك باللار بولسا كېرەك دەپ ئويلىغانىدى، كېيىن ئۇلارنىڭ كەتمەن كۆتۈرۈشۈپ يۈرۈشكەن چوڭ كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بىلدى - دە، خۇمدان تەرەپكە ئالدىراپ مېڭىۋېتىپ ئىككى قېتىم داڭگالغا پۇتلىشىپ يىقىلدى. يۈز- كۆزلىرىنى تەر قاپلىدى. شۇ ھالدا خۇمداننىڭ يېنىغا كېلىپ داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى. رازاق، ئىمامبەگ يەنە ئاللىكىملەر ئېرىق بويىدا يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى. ئەسلىدە ئېرىقنىڭ سۈيى بىردىنلا ئۇلغىيىپ تېشىپ كەتكەن، يار بويىغا ئاققان سۇ بەختكە يارىشا خۇمداننىڭ ئىچىگە ئەمەس، يان تەرەپتىكى تىزىپ قويۇلغان خام كېسەك بار ئورۇنغا ئاققانىدى. مۇبادا سۇ خۇمداننىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن بولسا خۇمدانغا قاچىلىنىپ بولغان خام كېسەك بىلەن خۇمدان بىراقلا كېرەكتىن چىقاتتى. لېكىن، ھازىرقى ھالەتتىمۇ كۆرۈلگەن زىيان ئاز ئەمەس ئىدى.

شۇ كۈنى كەچتىن ئەتىسى پېشىنگىچە رازاق بىلەن خەلچەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئارازلىقتا، ئىمامبەگ رازاقتا بىرنەچچە ئېغىز كايىپ قويغاندىن كېيىن، ئاچچىق يۇتۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. رازاق خەلچەمدىن ئۇزاقتىن بېرىقى ئاچچىقىنى بىراقلا چىقىرىۋالماقچى بولغاندەك يەتكۈچە تىللاپ، ئۇردى، ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە تەپتى، خەلچەم دەسلەپتە سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ياۋاشلىق بىلەن بويۇن قىسىپ تۇرغان بولسىمۇ، كېيىن ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتىپ قەتئىي تاقابىل تۇردى:

— مېنى يەنە ئۇرۇپ - تىللىساڭ، تەشكىلگە ئەرز قىلىمەن!— دېگىنىچە چۇۋۇلغان چاچلىرىنى تۈزەپ سىرتقا قاراپ ماڭدى. رازاق ئېتىلىپ كېلىپ يەنە يۈز - كۆزلىرىگە ئۇردى. ھەش - پەش دېگۈچە خەلچەمنىڭ يۈز - كۆزلىرى مۇشت ۋە تەستەك زەربىسىدىن كۆكىرىپ ئىششىشقا باشلىدى. كېيىن رازاق دەرۋازىغا قۇلۇپ سېلىۋېتىپ خۇمدانغا كەتكەندە، ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدا ئىڭراپ ياتقان خەلچەم تەستە بېشىنى كۆتۈرۈپ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردى. شۇ تاپتا ئۇنى ئالەمچە غېرىبلىق بېسىپ مەرھۇم ئانىسى كۆز ئالدىغا كەلدى، ئۆزىنىڭ شور پېشانە يارىلىپ قالغانلىقىغا ئېچىنىپ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىدى. كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ قەددىنى رۇسلىدى. كۆزلىرىدىن غەزەپ - نەپرەت نۇرلىرى چاقنىدى. كېيىن نەپرىتىنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ئىمامبەگنىڭ يېنىدا ئۇخلاپ قالغان بالىلىرىنىمۇ تاشلاپ چىتلاق باغ تېمىدىن ئۆتۈپ ياردىكى كونا چىغىر يول بىلەن غازلىق كەنتىدىكى ئۆيىگە كەلدى. جايىنامازدا دۇرۇت ئوقۇپ ئولتۇرغان قادىر ئاخۇن خەلچەمنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتىنى كۆرۈپ مىشىلداپ يىغلىغىنىچە كۆڭلىنى ياسىدى. خەلچەمنى كۆرسىلا جۇدۇنى ئۆرلەپ قالىدىغان زورىخانىمۇ تۇنجى قېتىم ئىچ ئاغرىتىپ، چەبدەسلىك بىلەن جاي راسلاپ ياتقۇزۇپ قويدى. بىر مەھەل بولغۇچە يېنىدا پايپېتەك بولدى. خەلچەم شۇ ياتقىنىچە بەش كۈن تالا - تۈزگىمۇ چىقمىدى. ئورۇس ساندۇقنىڭ بۇلۇڭىدا ساقلىنىپ قالغان خاتىرە دەپتىرى بىلەن قەلىمىنى ئېلىپ بىرنېمىلەرنى يازدى، ئۆچۈردى، يەنە يازدى. قادىر ئاخۇن ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن ھېچ نەرسىنى قىياس قىلالمىغان بولسىمۇ، زورىخان قىياس قىلىپ ئۈلگۈردى. بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالماي خەلچەمگە مەدەت بەردى. خەلچەم يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئاياللار خىزمىتىگە مەسئۇل مۇدىرى ئايىم خانىمغا رازاقنىڭ قىلمىشى ئۈستىدىن ئەرز يېزىپ، ئۆزىنى رازاقتىن

قانۇنلۇق ئاجراشتۇرۇۋېتىشنى تەلەپ قىلغانىدى. ئۇنىڭ بۇ قېتىم قەتئىي نىيەتكە كەلگەنلىكىنى بىلگەن قادىر ئاخۇن توسۇپ قالماقچى بولغانىدى، بىراق زورىخان ئارىغا چۈشۈپ، ئۇنىڭ مۇشۇنداق قىلىشى دۇرۇس دەپ قوللىدى. خەلچەم زورىخاننىڭ ئىلگىرىكى ھالىتىدىن 90 گىرادۇس بۇرۇلۇپ، ئۆزىگە شۇنچە ھېسداشلىق قىلىپ كەتكەنلىكىنىڭ تېگىگە ھەرقانچە ئويلىنىپمۇ يېتەلمىدى. ئۇ ئەرزنامىنى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ئېلىپ كېلىپ ئايىم خانىمغا بەردى. ئايىم خانىم ئۇنىڭ بىلەن بىر سائەتتىن ئارتۇق سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن:

— سىز قايتىپ ئۆيدىن داۋالىنىڭ، مەن ئەتىلا ئېرىڭىزدىن سىز دېگەن ئىشلارنى ئېنىقلاپ چىقىمەن، — دېدى.

خەلچەم ئۆيگە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئايىم خانىم ئىشخانىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ ئەرزنامىنى قايتا - قايتا ئوقۇپ، ئۇنىڭ ئەقلىگە قايىل بولدى. ئەرزنامىدە پاكىت ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، مەزمۇن ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش توغرىسىدىكى نىزام - قائىدىلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئۆتكۈر تىل بىلەن ناھايىتى تەسىرلىك بايان قىلىنغانىدى.

ئەتىسى ئايىم خانىم ئاچما كەنتىگە كېلىپ رازاق بىلەن كۆرۈشتى. ئەپسۇسلىنارلىقى، رازاق گەپنىڭ بېشىدىلا «خەلچەم بىلەن ئابدۇللانىڭ چاتىقى بار» دېگىنىچە بىرنەچچە پاكىتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تۇرۇۋالدى. ئايىم خانىممۇ بوش كەلمەي ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن - نىزاملىرىنى شىپى كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ خەلچەمنى ئۇرغانلىقى، خورلىغانلىقى جىنايەت بولىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، رازاق يەنىلا باشتا دېگەن سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. ئاخىرىدا ئايىم خانىم دىلغۇللۇق ئىچىدە قايتىپ كەتتى.

خەلچەم ئايىم خانىمغا ئەرزنامىسىنى ئاپىرىپ بەرگەندىن كېيىنكى بىرنەچچە كۈندە قايتا - قايتا ئويلىنىپ، رازاق بىلەن

يېزىدا ئاجرىشالمىسام سوتقا ئەرز يازاي، مۇشۇ قېتىملىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ بۇ مەرەزدىن قۇتۇلاي دەپ ئىدىيەسىدە تولۇق تەييارلىق قىلىپ قويغانىدى. قادىر ئاخۇن ئەتىگەندىلا خەلچەمنىڭ يەنە بىرنېمىلەرنى يېزىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا نېمىنىدۇر دېمەكچى بولۇۋىدى، زورىخان يەنە چەكلەپ قويدى، كېيىن خەلچەم ئايىم خانىم بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە كەتكەندە قادىر ئاخۇنغا دېدى:

— مەن بۇ يېشىمغا كەلگۈچە تۇغمىغان بولسامۇ، بالىنىڭ مېھرىنى ئوبدان بىلىمەن. خەلچەمگە بۇ قېتىم بەكمۇ ئىچىم ئاغرىدى، رازاق ئاخۇن بىلەن قەدىناس بولالمىغۇدەك، ئۇنى زورلاۋەرمەيلى!

— سىلى ئۇنداق دېگىنىڭلا بىلەن ئۇلارنىڭ ئىككى بالىسى تۇرسا، ئاجرىشىپ كەتسە بالىلارغا ئوۋال ئەمەسمۇ!

— ئەگەر ئۇلارنىڭ رىزقى كوتۇرۇلۇپ كەتسە، خەلچەمنى ھېلىقى ئەبەيدۇللا ئاكامغا چېتىپ قويارمىز......

— ئۇ 70 ياشلاردىن ئاشقان ئادەم تۇرسا، ئۇنىڭ ئۇستىگە چوقادۆك دېگەن جاھاننىڭ بىر چېتى، ھەپتە قاراردا بالىنى كۆرۈپ تۇرالامدىمىز؟

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ كۆيۈنۈپ گەپ قىلىۋاتسام تىللىرىنى چاينايلىغۇ! ئىككى بالىسى بار چوكاننى سەھرا يېرىدە كىم ئالاتتى؟

— بولدى- بولدى، تېرىكمەڭلا، شۇنداق قىلساقمۇ قىلارمىزيا.

قادىر ئاخۇن بىلەن زورىخان شۇ يوسۇندا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا، توپىلىق يولدا كېتىۋاتقان خەلچەمنىڭ قەلبى كەلكۈن سۈيىدەك دولقۇنلايتتى. تاتلىق خىياللار ئارىلاپ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كىرەتتى. خەلچەم چوڭ يولغا ئۇلىشاي دېگەندە يان تەرەپتىكى چىغىر يولدىن تولىمۇ پەرىشان ھالدا كېلىۋاتقان مۆھتىرەمخان

بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

— ھاسىراپ كېتىپسىز، نېمىشقا بۇنچە ئالدىراش ماڭدىڭىز؟ — دېدى خەلچەم، مۆھتىرەمخان يېقىنلاپ كەلگەندە.

مۆھتىرەمخان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى:

— سەن خەلچەممىا بالام، ئۇبدان تۇردۇڭمۇ، ئازنىلاپ كەلگەنمىدىڭ، ھەي، قارىغىنا ئابدۇللانىڭ ئىشنى! ساڭا دېمەي كىمگە دەيمەن بۇ دەردىمنى، ئەتىگەندە ئۆيدىن بىردەم ئايرىلغانىدىم، ئابدۇللا يەنە سارەمنى يامانلىتىپ قويۇپتۇ. قېرىغان ۋاقتىمدا خاپىلىقتىن قۇتۇلالمىدىم بالام. سارەمنى بوگسۇنلا ئەكىلىۋالمسام كېيىن ئارىغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ يەردە ماڭا ئوبدان يولۇقتۇڭ، سەندىن ئۆتۈنەي، بالام! رازاق ئاخۇننىڭ ئۆيىگە تېزرەك كەتكىن، سەن كەتمىسەڭ، سارەم يەنە مېنىڭ بېشىمنى ئاغرىتىدۇ، خۇدايىم بەختىڭنى بېرەر بالام، سەندىن خۇش بوپ قالاي، چاپسانراق كەتكىن، ماخما!

مۆھتىرەمخان سۆزلەۋاتقاندا جىددىيلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. مۇشەققەت دەستىدىن بالدۇرلا قورۇق چۈشۈپ سولاشقان چىرايى تولىمۇ سولغۇن، ھەسرەتلىك ئىدى. كېيىن ئۇ خەلچەمگە ھېلىقى گەپنى قايتا - قايتا تاپىلاپ قويۇپ، سارەمنىڭ ئۆيىگە قاراپ كېتىپ قالدى. خەلچەم ئۇنىڭ قارىسى يوقالغۇچە ئورنىدىن مىدىرلىماي قاراپ تۇردى، ئاندىن چوڭقۇر خىيالغا پاتقان ھالدا يولنى داۋاملاشتۇردى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدى يەنە ئىلگىرىكىدەكلا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغاندەك قىلاتتى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە ئىمامبەگ قادىر ئاخۇننىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ بىرھازا كۆڭۈل قويدى. خەلچەم بىردەم تاقاراشقان بولسىمۇ، قادىر ئاخۇننىڭ كەلگۈسى ئىشلارنى ئىزاھلاپ قىلغان نەسىھەتىگە كۆنۈپ، ئىمامبەگ بىلەن ئاچما كەنتىگە كېتىپ قالدى.

## سەككىزىنچى باب

# رەقىب دوستلار

كەچ كۈز يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ ئۈرۈمچىنىڭ ھاۋاسى ئۆتكەن يىلقىدىن ئىللىق ئىدى. ئارىلاپ پەيدا بولىدىغان غۇر- غۇر شامال تەنلەرنى يايرىتىپ، مەركىزىي شەھەرنىڭ ئۆزگىچە ئىقلىمىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. بۈگۈن ئارام كۈنى بولغاچقىمىكىن كوچىدا ئادەم كۆپ ئىدى، ئاددىيلا كىيىنىۋالغان كەۋسەر چۈشكە يېقىن 1- ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا پەيدا بولدى. بۇ چاغدا ئۇنى پولات بىلەن 50 ياشلارغا يېقىنلاپ قالغان پاكار بوي بىر ئەر كىشى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى، پاكار بوي كىشى جالالىدىن ئاخۇننىڭ ھېلىقى تۇغقىنى مىجىت دىرېكتور بولۇپ، جالالىدىن ئاخۇننىڭ يىغلاپ تۇرۇپ ئۆتۈنۈشى بىلەن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى ئۈرۈمچىگە كەلگەنىدى، ئۇ ئىككىسى كەۋسەرنىڭ چىرايىدىكى مىسكىن ئىپادىلەرگە قاراپ باشقا گەپ قىلىشمىدى. ئەسلىدە كەۋسەرنىڭ ھېسسىياتى پولاتقا بەش قولدەك ئايان ئىدى. ئۇ بىلەتتىكى، كەۋسەر ئانىسىنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىرلىشىپ قېلىشى تۈپەيلى مەكتەپتىن بالدۇر قايتىپ، ساۋاقداشلىرى، ئۇستازلىرى بىلەن قول سىقىشىپ خوشلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىدى. ساۋاقداشلىرى خېلىدىن بېرى تەييارلىق قىلىپ ئۇيۇشتۇرغان خوشلىشىش كېچىلىكىگىمۇ

قاتنىشالمىدى. مۇبادا بۇ پائالىيەتكە قاتنىششقا مۇيەسسەر بولالىغان بولسا، ھازىر ئۆزىنى ئازابلاۋاتقان ھەسرەتنىڭ ئازراق بىر قىسمىنى بولسىمۇ كۆڭلىدىن چىقىرىۋالغان، دىلىكەش دوستلىرىنى باغرىغا بېسىپ قېنىپ يىغلىۋالغان بولاتتى. مانا ۋاقىت ئۇنىڭ رايىغا باقمىدى. ئانىسىنىڭ ساقسىزلىقىدىن ئازابلىنىپ تۇرغان قەلبىگە تەلئەتنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ئازابى ئۇستىلەپ قوشۇلغاچقا، پىنھانلاردا تولا يىغلاپ خېلىلا جۇدەپ كەتكەنىدى.

— كەۋسەر، مىجىتكامنىڭ يۇرتتا مۇھىم ئىشى چىقىپ قاپتۇ، ئۇ بۈگۈن قايتىپ كەتمىسە بولمايدىكەن، ئىككىمىز بولغاندىكىن قالغان ئىشلارغا يېتىشەرمىز، مىجىتكام خاتىرجەم قايتسۇن، بىزمۇ ئادۋوكاتنى ساقلىتىپ قويماي دەرھال ماڭايلى، — دېدى پولات مەكتەپ ئىچىگە قاراپ خىيال سۈرۈپ تۇرغان كەۋسەرگە.

— مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئاچچىدىغان مۇھىم يىغىن بار ئىدى، مەن بۈگۈن قايتاي، ئىش سەل مۇرەككەپتەك تۇرىدۇ، بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئۇرۇمچىدىكى يېقىنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئارىغا سېلىپ تىرىشىپ باقتىم، ھېچ ئۈنۈمى بولمىدى، قارىغاندا سەدىردىنىنىڭ ئىشى ئاسان بىر تەرەپ بولمىغۇدەك، شۇنداق بولسىمۇ ئۈمىدىمىزنى ئۈزۈۋەتمەي يەنە تىرىشىپ كۆرەيلى، مەنمۇ ئۈزۈاققا قالماي كېلىمەن. ئۇنىڭغىچە سىلەر ئادۋوكاتنىڭ پېشىنى چىڭ تۇتۇڭلار. ئۇ كىشىنىڭ خېلى دىتى باركەن. مەنمۇ كۆپ تاپىلاپ قويدۇم، — دېدى مىجىت دىرېكتور قويۇن يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ تۇرۇپ. كېيىن بىرنەچچە يۈز يۈەن پۇلنى ئېلىپ پولاتقا سۇندى، — ئالە ئۇكام، ئاز بولسىمۇ خىراجەت قىلغاچ تۇرۇڭلار، مۇبادا ئاز - تولا پۇل سۈڭگۈتىدىغان يوچۇق تېپىلىپ قالسا مەن كەلگەندە بىر ئىش قىلارمىز.

پولات ئۇنىڭ قولىدىن پۇلنى ئالغىلى ئۇنىماي تاقاراشقان بولسىمۇ، ئۇ پۇلنى پولاتنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ خوشلىشىپلا

يولغا ماڭدى. كەۋسەر بىلەن پولات كۆز ئالدىدىكى ئىشلار توغرۇلۇق بىردەم مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن كوچا ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى.

كەۋسەرنىڭ ئۆرۈمچىگە كەلگىنىگە بۈگۈن ئىككى ھەپتە بولدى. ئۇ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى، ج خ ئورۇنلىرىنىڭ مەكتەپ تەشكىلىي ئارقىلىق ئۆزىنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ ئەكېلىدىغانلىقىنى بارات نىياز، ئابدۇللا ۋە باشقىلاردىن ئىلگىرىلا تەسەۋۋۇر قىلغانىدى. قىسقىسى، كەۋسەر: ئۆزىنىڭ تەلئەت بىلەن سەدىردىنىنىڭ بىر سورۇندا ئولتۇرۇش تۈپەيلى، تەلئەتنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈپ كېتىشىدەك بۇ كۆتۈلمىگەن ۋەقەدە ج خ ئورۇنلىرىنىڭ قاتىلنى ئېنىقلىشىدىكى بىرىنچى يىپ ئۇچى بولۇپ، ھەممە ئىش ئايدىڭلاشقۇچە ئۇلارنىڭ كۆزىدىن نېرى بولالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى.

كەۋسەر ئۈرۈمچىگە ماڭىدىغان كۈنى بارات نىياز كەۋسەرنى يېنىغا چاقىرىپ بىردەم سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— قىزىم، ئىرادىلىك بولغىن، بىز تېگىمىزدىن دېھقانىنىڭ ئەۋلادى. دېھقان دېگەن چىداملىق كېلىدۇ، بېشىغا ھەرقانداق كۈن كەلسىمۇ بەل قويۇۋەتمەيدۇ. ئەسلىدە ئاناڭ ئىككىمىز ئۈرۈمچىدە قېلىشىڭغا قوشۇلىساق بوپتىكەن. ئەمدى نېمىلا دېگەنبىلەن بولىدىغان ئىش بولدى. پۇشايمان قىلغان بىكار، سەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ كەلسەڭ بولامدىكىن، تۈنۈگۈن مۇئەللىمىڭ تېلېفون بەردى، باشقا ئىش يوق ئوخشايدۇ، سېنى ئۈرۈمچىگە كېلىپ كەتسۇن دېدى شۇ، ئەسلىدە ۋاقتىم يار بەرگەن بولسا سەن بىلەن بىرگە بارسام ياخشى بولاتتى. بۈگۈن تەييارلىق قىلىپ ئەتىلا يولغا چىق...... — دېگەندە، كەۋسەر دادىسىنىڭ سەممىي نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاپ، ئىشلارنىڭ ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلغاندىنمۇ مۇرەككەپلىشىشكە قاراپ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى خىيالىدىن

ئۆتكۈزۈپ ئۆلگۈرگەنىدى.

كەۋسەر ئۈزۈمچىگە كېلىپ ئەتىسىلا پولات بىلەن بىللە تەلئەتنىڭ تۇيۇق بېشىغا كېلىپ ھەسرەتلىك ياش تۆكۈپ تەقدىرگە ئازابلىق نىدا قىلدى، كېيىن پولات كەۋسەرنىڭ تەلىپى بويىچە يۈز بەرگەن ئىشلارنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

پولات ھەر قېتىم جەنۇبىي تاغقا قاراپ خىيالغا چۆمگەندە ھېلىقى كۈندىكى قاباھەتلىك كۆرۈنۈش كۆز ئالدىدا شۇنچە ئېنىق زاھىر بولاتتى. ئەنە، كامىنۇر بىلەن مىرئادىل تېز قەدەملەر بىلەن ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يۈگۈرۈپ كېلىپ تېگىرقىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. مىرئادىل بىردە تەلئەتنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىغا، بىردە سەدىردىنىڭ جىددىيلىشىپ نېمە قىلارىنى بىلمەيۋاتقانلىقىغا قاراپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي:

— سەدىردىن، بۇ سېنىڭ نېمە قىلغىنىڭ! ۋۇ ھايۋان! تەلئەتنىڭ قورسىقىغا بوتۇلكىنى پارچىسىنى تىقىۋېتىپسەنغۇ! — دېدى سەدىردىنىڭ گېلىنى بوغۇپ.

سەدىردىن مىرئادىلنى غەزەپ بىلەن يانغا ئىتتىرىۋېتىپ دېدى:

— نېمە دەۋاتىسەن؟ قاراپ تۇرۇپ ماڭا تۆھمەت چاپلاۋاتامسەن؟ مەن تەلئەتنى ھېچنېمە قىلمىدىم، ئۇ ئۆزى يىقىلىپ چۈشۈپتۇ!

— بولدى قىلىڭلا! ئالدى بىلەن قاننى توختىتىشنىڭ ئامالىنى قىلايلى، — پولات شۇنداق دېگىنىچە سەدىردىنى ياردەملەشتۈرۈپ تەلئەتنىڭ سىلىپ تاشلىۋەتكەن كۆڭلىكىنى قورسىقىدىكى زەخىم ئورنىغا باستى.

قىرىشقاندەك يامغۇر بارغانسېرى كۈچىيىۋاتاتتى، تەلئەت گۇڭگىراپ بىرنېمىلەرنى دەۋاتاتتى، چىرايى بارغانسېرى تاتىرىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ھالىغا قاراپ كامىنۇرنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى، يامغۇر سۈيى

تەلئەتنىڭ قورسىقىدىكى زەخمىدىن چىقىۋاتقان قاننى يۇيۇپ ئۆلگۈرەتتى، ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى ھەممىدىن بۇرۇن ھېس قىلغان پولات سەدىردىنگە دېدى:

— چاپسان بولايلى، تەلئەتنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارايلى!

پولاتنىڭ چىرايىغا لاپپىدە قاراپ ئىلگىرىكىدىن بەتتەر جىددىيلەشكەن سەدىردىن ئېگىشىپلا تەلئەتنى يۆلەپ تېز قەدەم بىلەن ماڭدى.

— سەدىردىن، بولمىدى، بولمىدى، توختا، تەلئەتنى ئىككىمىز ئۇگدىسىغا كۆتۈرۈپ ماڭايلى، قان ئېقىۋاتىدۇ.

پولات سەدىردىن بىرنەچچە قەدەم مېڭىشىغا تەلئەتنىڭ قورسىقىدىكى زەخمىگە باسقان كۆڭلەك چۈشۈپ كېتەي دەپ قالغىنىنى كۆرگەن، سەدىردىنمۇ تەلئەتنىڭ قورسىقىدىن ئېقىۋاتقان قاننىڭ دۈمبىسىنى ھۆللەۋاتقانلىقىنى سەزگەنىدى. كامىنۇر ئارىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ تېگىگە ئەمدىلا يەتكەنىدەك مىرئادىلغا مەنىلىك قاراپ قويدى، شۇ ئەسنادا پولات مىرئادىلغا قاراپ:

— نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن؟ چاپسان بېرىپ كىرا ماشىنىسى توسىمامسەن! — دېدى.

سەدىردىن بىلەن پولات تەلئەتنى ئۇگدىسىغا كۆتۈرۈپ ئېغىر قەدەم بىلەن يولنى داۋام قىلدى. ئۇلار شۇ ھالدا تۆۋەنگە چۈشۈۋاتقاندا ئەتراپتا يامغۇردىن دالدىلىنىپ تۇرغان كىشىلەر ئەجەبلىنىش ئىچىدە ئۇلارغا قاراپ غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى:

— ۋاي خۇدايىم، نېمە ئىش بولغاندۇ بۇ يىگىتكە!

— بىرسى قورسىقىغا پىچاق سېلىۋېتىپتۇ ـ دە، ئىست! ئىست!

— كېلىشكەن بالىكەندۇق!

— مەست بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ ئەسلى......

— ھاراق بېشىغا چىقىپتۇ ئەمەسمۇ، ھەي ھاراق!

— قان كۆپ ئېقىپ كېتىپتۇ......
دېمىنى ئاران ئېلىۋاتقان پولات ئۇلارغا قاراپ:
— يول بېرىڭلار، بىزگە ياردەملىشىڭلار، — دەيتتى. هاسىرىغىنىچە تارچۇقلارغا كەلگەندە، بىرنەچچە يىگىت يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇلارغا ياردەملەشتى، ئۇلار تەلئەتنى قولمۇقول كۆتۈرۈشۈپ ئاخىر تاغدىن ئېلىپ چۈشتى - دە، كىرا ماشىنىسىدا دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلدى. دوختۇرلار تەلئەتنى جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە ئەكىرىپ كەتكەندىلا سەدىردىن يېنىك تىندى. باشقىلارنىڭ كۆڭلىمۇ ئارامىغا چۈشتى. پولات بىلەن سەدىردىن تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ، ئۈستىبېشىدىكى قان داغلىرىنى يۇيۇۋەتكەندىن كېيىن كارىدوردىكى ئورۇندۇقتا هارغىن هالدا ئولتۇرۇشتى، ئاردىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر چاغدا جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمى تەرەپتە يىغا - زار كۆتۈرۈلدى. ئەسلىدە مىرئادىل دوختۇرخانىغا كېلىپلا تەلئەتنىڭ ئانىسىغا تېلېفون قىلغانىدى، شۇ تاپتا تەلئەتنىڭ سالاپەتلىك كەلگەن ئانىسى جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ ئىشىكىگە يېپىشىپ يىغلاۋاتاتتى. كامىنۇر ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىۋاتاتتى. ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي تەلئەتنىڭ تۇرقىدىن ئەمەلدارلارغا خاس سالاپەت ئېپادىلىنىپ تۇرىدىغان دادىسىمۇ يېتىپ كەلدى. قاياقتىندۇر دوختۇرخانا باشلىقى پەيدا بولدى، تەلئەتنىڭ دادىسىغا بىرنېمىلەرنى دەپلا جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە ئالدىراش كىرىپ كەتتى.

تەقەززالىق ئىلكىدىكى ئازابلىق كۈتۈش باشلاندى. جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە كىرىپ - چىقىۋاتقان دوختۇر - سېستىرالار تولىمۇ ئالدىراش كۆرۈنەتتى، بىرسى دورا- ئوكۇل ئېلىپ كىرىپ كەتسە، يەنە بىرى ئاللىقانداق قۇتقۇزۇش سايمانلىرىنى ئېلىپ يۈگۈرەيتتى، كىرىپلا يەنە چىقاتتى. بۇ خىل تەكرارلىق ئالاھەزەل

بىر سائەتتىن ئارتۇق داۋام قىلدى. ئارىدا كامىنۇر بىلەن مىرئادىل تەلئەتنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ئارىدا بولغان ئىشلارنى قىسقىلا سۆزلەپ ئۈلگۈردى. ئۇ ئىككىسى جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ ئىشىكىگە قاراپ خىيالغا پېتىپ تۇرۇپ قالغان سەدىردىنگە نېمىشقىدۇر سوغۇق نەزەردە ئارىلاپ قاراپ قوياتتى. گەرچە سەدىردىن ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى «تەلئەتنى سەن زەخىملەندۈردۈڭ، بارلىق ئاقىۋەتكە سەن مەسئۇل بولۇشۇڭ كېرەك» دېگەندەك ئىپادىلەرگە دىققەت قىلمىغان بولسىمۇ، بىراق پولات ئۇ ئىككىسىنىڭ نەق مەيداندا دېگەن سۆزلىرى بىلەن، دوختۇرخانىدا تەلئەتنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا سەدىردىننى ئىما قىلىپ بىرنېمىلەرنى دەپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ئۆزىچىلا ئەنسىرەپ قالدى. كېيىن سەدىردىننى يېنىك نوقۇپ كۆز ئىشارىسى ئارقىلىق چاقىرىپ، ئىككىسى يان ئىشىكتىن دوختۇرخانىنىڭ ئارقا هويلىسىغا چىقىشتى.

— نېمە بولدى، بۇ يەرگە چىقىۋالساق سەت تۇرمامدۇ؟ — دېدى سەدىردىن پولاتنىڭ چىرايىدىكى جىددىي ئىپادىدىن هېچنېمىنى چۈشەنمەي.

— ئاداش، مىرئادىل بىلەن كامىنۇرنىڭ شۇ تاپتا كۆڭلىدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى سەزدىڭمۇ؟

— بولدى، بۇنىڭغا باش قاتۇرۇپ نېمە قىلاي. شۇنداق چوڭ ئىش يۈز بەرسە دېگىلى گەپ تاپالمىغاندەك ئۇ ئىككىسىنىڭ گېپىنى قىلىسەنغۇ، مېنىڭ ئەس ـ يادىم تەلئەتتە قالدى. بۇ كېلىشمەسلىكنى كۆرمەمدىغان، — دېدى سەدىردىن پولاتنىڭ گېپىگە هېچبىر ئېرەنشىمەي.

— ئاداش، دېمەكچى بولغىنىم تەلئەتنىڭ قورسىقىغا بوتۇلكىنى سەن تىقمىغانسەن ـ هە! هەرقانچە بولسىمۇ سېنىڭ ئۇنداق قىلىدىغانلىقىڭغا هەرگىز ئىشەنمەيمەن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟! سەن يېقىن دوستۇم تۇرۇپ ماڭا

مۇشۇنداق گەپ قىلامسەن؟ مەن مەست بولۇپ ئەقلىمدىن ئاداشقان تەقدىردىمۇ ئۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن، بۇ گەپنى ئىككىنچى ئاغزىڭغا ئالما! تەلئەت ئۆزى سۇنۇق بوتۇلكىنىڭ ئۇستىگە يىقىلىپ چۈشتى.

— ئەمما، مىرئادىل بىلەن كامىنۇرنىڭ سېنى كۆرگەندىكى چىراي ئىپادىسىگە دىققەت قىلمىدىڭمۇ؟ ئۇلار كۆڭلىدە بۇ ئىشنى سېنى قىلدى دەپ گۇمانلىنىۋاتىدۇ.

— نېمە؟ بۇ قانداق گەپ بولدى ئەمدى! تەلئەت يىقىلىپ بولغاندا ئاندىن يېنىغا بارغان تۇرسام.

— ئويلاپ باقتىڭمۇ؟ مۇبادا ئۇ ئىككىسى سېنى «تەلئەتنى زەخىملەندۈرۈپ قويۇپ ئۆز يولىغا ماڭغاندا نەق مەيدانغا بىز كېلىپ قالدۇق» دەپ گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرسا، قانداق قىلىمىز؟

— نەدىمۇ ئۇنداق ئىش بولسۇن؟ سەن ماڭا گۇۋاھ بولالايسەنغۇ، ئارتۇقچە ئويلاپ كېتىپسەن، قورقما، ھەقىقەت دېگەن ھامان ھەقىقەت!

— بىراق، ھەقىقەت ئىسپاتلىنىپ بولغۇچە مەلۇم جەريان كېتىدۇ. بۇ جەريان بىز ئۈچۈن پايدىسىز، ياخشىسى مەن ئۇ ئىككىسىنى چاقىرىپ، ئايرىم پاراڭلىشاي، جۆرە!

— ياق، ئۇنداق قىلما، مۇبادا مەن ئۇۋالچىلىق تارتىدىغان ئىش بولسىمۇ ھازىر ئۇلارغا بۇ ھەقتە گەپ قىلساڭ بولمايدۇ. تەلئەت ساقىيىپلا كەتسە ھەممە ئىش ئايدىڭلىشىدۇ ئەمەسمۇ!

— بۇ دېگىنىڭمۇ توغرا، ئەمما كۈتۈلمىگەن ئىش بولۇپ قالسا......

— ئاغزىڭنى ئۇششۇتمە! جۆرە كىرىپ كېتەيلى!

ئۇلار كارىدورغا كىرىپ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە تەلئەتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئاۋۋالقىدەكلا مىرئادىل ۋە كامىنۇر بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرۇشاتتى. سەدىردىن ئۇلارغا قاراپ

پولاتنىڭ ھېلى دېگەن گېپىنىڭ ئاساسى بارلىقىنى ئويلىدى - دە، تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى.

ئەسلىدە پولاتنىڭ پەرىزى توغرا بولۇپ، مىرئادىل بىلەن كامىنۇر تەلئەتنى چوقۇم سەدىردىن زەخىملەندۈردى دەپ ئويلايتتى. گەرچە سورۇن ئۈستىدە تەلئەت بىلەن سەدىردىن دوستانە مۇڭداشقان بولسىمۇ، تەلئەتنىڭ سۆزلىرىنىڭ تېگى باردەك بىلىنگەنىدى. ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن بۇ ئىشتىن ئەڭ ئاۋۋال گۇمانلانغان كامىنۇر بايا نەق مەيداندىن بىرەر يىپ ئۇچىغا، ھېچبولمىغاندا سەدىردىننىڭ تەلئەتنى زەخىملەندۈرگەندە قالدۇرغان بارماق ئىزلىرىغا ئېرىشىشنى كۆزلەۋاتقاندەك قىلاتتى. بىراق، يامغۇر يېغىۋاتقاچقا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگەنىدى، شۇنداقتىمۇ ئىلگىرى تەلئەت بىلەن سەدىردىننىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن بىر قاتار ئىشلار كۆڭلىدە شۇنداق ئاقىۋەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، گۇمانىنى ئاشۇرۇۋاتاتتى.

كامىنۇر ئاخىر تەلئەتنىڭ پەرىشان ھالدا ئولتۇرغان ئانىسىغا ئۆزىنىڭ بۇ گۇمانىنى پەس ئاۋازدا دەپ ئۆلگۈردى، تەلئەتنىڭ ئانىسى:

— نېمە؟ بۇ يەنە شۇ كەۋسەر ئىسىملىك سەھرالىق قىزنىڭ كاساپىتىما؟ ۋاي، يۈرىكىم ئوغلۇم، سەن شۇنچە ئەقىللىك ئىدىڭغۇ! قانداقسىگە بۇ ئىشقا دۇچار بولغانسەن؟ — دېگىنىچە ئۆپكىدەپ يىغلىدى، كېيىن نېمىدىنىدۇر ئەنسىرەپ كامىنۇردىن ئۆتۈندى، — قىزىم، بۇ ئىشنى باشقىلار ئاڭلىمىسۇن، تەلئەتنىڭ بىر سەھرالىق قىز ئۈچۈن مۇشۇنداق زەخىملەنگەنلىكىنى تونۇشلار ئاڭلىسا، بىز قانداقمۇ بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ يۈرىمىز.

— بۇ...... ئۇلارنى قانۇن جازالىمىسا بولماس...... — دېدى كامىنۇر ئەجەبلىنىش ئىلكىدە.

— قانۇن چوقۇم جازالايدۇ، مەن ئوغلۇمنى زەخىملەندۈرگەن

ئۇ جۇۋاپىنىمەكنى ھەرگىزمۇ بوش قويۇۋەتمەيمەن، رەھبىرىي كادىر بولۇپ قالمىغان بولساققۇ، شۇ تاپتا......

— بولدى قىلىڭلار، ھازىرچە بالىنى قۇتقۇزۇش مۇھىم، گۇمان بىلەن ئىشنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، بۇ گەپنى كېيىن دېيىشەيلى،— تەلئەتنىڭ دادىسى شۇنداق دەپ ئۇنى جىملەپ قويدى.

ۋاقىت ئۆتكەنسېرى مىرئادىل بىلەن كامىنۇرنىڭ سەدىردىنگە بولغان گۇمانىمۇ ئېشىپ بېرىۋاتاتتى. ئارىدىن ئىككى سائەتچە ئۆتۈپ، جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ ئىشىكى ئاخىر ئېچىلدى - دە، دوختۇرخانا باشلىقى چىقىپ تەلئەتنىڭ دادىسىغا ئېيتتى:

— ئەنسىرەپ كەتمىسىلە، ھازىرچە خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتتى. قان كۆپ ئېقىپ كېتىپتۇ، بىرنەچچە كۈن جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدە داۋالايمىز. بالىنى كۆرۈپ چىقسىلا بولىدۇ، — دېدى. شۇئان ھەممەيلەن ئىشىككە يوپۇرۇلۇپ كىلىشتى. باشتا تەلئەتنىڭ ئانىسى كىرىپ بۇلدۇقلاپ يىغلىغىنىچە كارىۋاتتا بىھوش ياتقان تەلئەتكە تاشلاندى. كېيىن تەلئەتنىڭ دادىسى، مىرئادىل، كامىنۇر، پولات، سەدىردىنلەر كىردى، سەدىردىن تەلئەتنىڭ خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەندەك بولدى، تەلئەتنىڭ چىرايى بەكلا ئاقىرىپ كەتكەن بولۇپ، ھاياتلىقنى پەقەت يۈرەك ھەرىكىتىنى كۆرستىش ئاپپاراتىدىكى كۆرسەتكۈچ بەلگىنىڭ يېنىك تەۋرىنىشىدىنلا بىلگىلى بولاتتى. بىردەمدىن كېيىن دوختۇر - سېستىرالار باشقىلارنىڭ سىرتقا چىقىپ كېتىشىنى ئېيتتى. ھەممەيلەن كارىدورغا قايتىپ چىققان بولسىمۇ تەلئەتنىڭ ئانىسى ئوغلىغا تەلمۈرگىنىچە قاراپ قېپقالدى، شۇ چاغدا دوختۇرخانا باشلىقى تەلئەتنىڭ دادىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— جۈرسىلە، ئىشخانامدا بىرئاز ئارام ئېلىۋالسىلا، مەن

ئىشلارنى دوختۇر- سېستىرالارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم، — دېدى خۇشامەتگۇيلۇق بىلەن.

— سىلەرگە رەھمەت، ئەمدى مەكتىپىڭلارغا بېرىڭلار، ئەتىدىن بېرى كۆپ جاپا تارتتىڭلار، ئارام ئېلىپ دەرسىڭلارنى ئۆگىنىڭلار، — دېدى تەلئەتنىڭ دادىسى مىرئادىلغا قاراپ.

ئۇنىڭ چىرايىدىكى سەممىيلىك ئىپادىلىرىگە يەنە سەدىردىن، پۇلات قاتارلىقلارنىڭ بۇ يەردىن تېزرەك كېتىشىنى خالايدىغانلىقمۇ قوشۇلغانىدى. ئاندىن ئۇ دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ كەينىدىن ماڭدى. مىرئادىل بىلەن كامىنۇر دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئۇنى ئىشخانىسىغا تەكلىپ قىلىشىدا باشقىچىرەك بىر خىل مەنە باردەك ھېس قىلىشتى، تەلئەتنىڭ دادىسمۇ شۇنداقراق ئويدا بولۇۋاتاتتى. ئۇ ئىككىسىچە بولغاندا تەلئەتنىڭ دادىسى دەرھال ساقچىلارنى چاقىرسا، ئۇلار سەدىردىننى تۇتۇپ كەتسە چېچىكى چاي بولاتتى، بىراق تەلئەتنىڭ دادىسى بۇنداق ئاقىۋەتنى ئۆزى پەيدا قىلىشتىن كۆرە، ئۆزىنى ھەممە ئىشتا كونترول قىلىپلا كېلىۋاتقان ئاياللىنىڭ پەيدا قىلىشىدىن ئەنسىرەيتتى، ئېنىقراق ئېيتقاندا ئۇ بايا دوختۇرخانىغا كېلىپلا ئوغلى تەلئەتنىڭ بوگۇن ھاراقنى بەكمۇ كۆپ ئىچىۋەتكەنلىكىنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغانىدى، «ھاراق سورۇنىدا نېمە ئىشلار بولمايدۇ، مىرئادىل بىلەن كامىنۇرنىڭ گۇمانى بىلەنلا سەدىردىننى ئەيىبلەپ كەتكىلى بولاتتىمۇ، مۇبادا ئۇ ئەيىبلىك بولسا دوختۇرخانىغا كېلىپ يۈرەرمىدى، مۇھىمى دوختۇرخانا باشلىقى ماڭا ئېھتىمال تەلئەتنىڭ ھاراقنى كۆپ ئىچىۋەتكەنلىكىنى دەيدۇ ھەقىچان، ئۇھالدا...... نېمىلا بولسۇن تەلئەتنىڭ خەتەرلىك ھالدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ياخشى بولدى» تەلئەتنىڭ دادىسى ئەنە شۇنداق ئويلايتتى.

بىردەمدىن كېيىن كامىنۇر بىلەن مىرئادىل بىرنېمىلەرنى دېيىشىپ سىرتقا ماڭدى، ئۇلارنىڭ كەينىدىن سەدىردىن بىلەن

پولاتمۇ چىقىشتى، بىرنەچچە سائەت ئىلگىرى ئۆزئارا ھۆرمەتلىشىپ، تەكەللۇپ قىلىشىپ شۇنچە قىزغىن ئولتۇرۇشقان دوستلار مانا ئەمدى ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈپ كېتىشكەنىدى، ئۇلار شۇ تاپتا بىر - بىرىگە شۈبھە بىلەن قارىشاتتى، بۇ خىل غەيرىي ھالەتنىڭ يەنە داۋام قىلىشىغا سەدىردىن سەۋر قىلالىغان بىلەن پولات سەۋر قىلالمىدى، ئۇ كامىنۇر بىلەن مىرئادىلغا تەرىنى تۈرۈپ قاراپ:

— مەن ھازىرلا ئۇ ئىككىسى بىلەن دېيىشىمەن، — دېۋىدى، سەدىردىن توستى:

— بولدى قىل، تەلئەت بالىنىستىن ساق - سالامەت چىقسىلا ھەممە ئىش ئوڭشىلىدۇ.

كامىنۇر بىلەن مىرئادىل كوچا ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن سەدىردىن بىلەن پولات پىيادىلەر يولىدا كېتىۋاتقاچ پاراڭلاشتى:

— ھەر ھالدا تەلىيىمىز ئوڭكەن، تەلئەتكە بىرەر ئىش بولۇپ قالغان بولسا، ئۇ ئىككىسى سېنى قارىلاپ غالىب ئورۇنغا ئۆتىۋالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەلئەتنىڭ ئاتا - ئانىسى راستتىنلا كاتتا ئەربابلاردىن ئىكەن. ئۇلارغا بىز تەڭ كېلەلەيتتۇقمۇ!؟

— راست دەيسەن، خۇدايىم بىر ساقلىدى، بۇنىڭدىن كېيىن ھاراق دېگەن كاساپەتنى ئىككىنچى ئاغزىمىزغا ئالمايلى، — سەدىردىننىڭ قەتئىيلىك بىلەن دېگەن بۇ سۆزىنى پولات دەرھال قۇۋۋەتلىدى.

— توغرا دېدىڭ، تەلئەت سورۇندا ھاراقنى كۆپ ئىچىۋەتمىگەن بولسا بۇنداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقمىغان بولاتتى، ھەممىسى شۇ ھاراقنىڭ كاساپىتى ئەمەسمۇ!؟

— راست دەيسەن.

— ئېيتە، بايا بىز سورۇندىن كەتكەندىن كېيىن سەن تەلئەت بىلەن جېدەللەشتىڭما؟

— سىلەر كەتكەنــدىن كېيىن تەلئەت توسۇشـۇمغا قارىماي، بىرنەچچە رومكا هاراقنى ئارقا - ئارقىدىن ئىچىۋەتتى. كېيىن كەۋسەرنىڭ گېپىنى قىلدى. ئىككىمىز بىردەم تالاش - تارتىش قىلىشتۇق. ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭغا كۆڭلۈمنى چۈشەندۈرەلمىدىم. كېيىن ئۇ خۇدىنى يوقاتقاندەكلا كېلىپ ياقامغا ئېسىلىپ، مۇشت ئاتتى. ئۇ غەرق مەست بولۇپ كەتكەچكە تاكاللىشىشنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، سىبىنىڭ يېنىڭغا بارای دەپ ماڭغانىدىم. ئۇ بوتۇلكىنى كۆتۈرۈپ مېنى قوغلاپ كەلگەن، كېيىن ماڭالماي ئورنىدا دەلدۈگۈنۈپ تۇرغانىدى، كىم بىلسۇن، مەن يېنىغا كېلىپ بولغۇچە يىقىلىپ كەتتى، بولغان ئىش مانا مۇشۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە ماڭا غۇم ساقلاپ يۈرگىنىنى پەقەتلا خىيالىمغا كەلتۈرمىگەن ئىكەنمەن.

— ئۇ يىقىلغاندا قورسىقى سۇنۇق بوتۇلكىغا ئەجەب ئۇدۇل كېلىپ قاپتۇ - ھە؟

— شۇنى دېمەمسەن، ئەسلىدە سۇنۇق بوتۇلكا ئۇنىڭ قولىدا ئىدى.

— سورۇندا سەن دىققەت قىلمىغان بىلەن، مەن تەلئەتنى بىرەر چاتاق چىقىرارمىكىن دېگەنىدىم، ھەي ئىست، شۇ چاغدا سىلەرنىڭ يېنىڭلاردىن ئايرىلمىسام بوپتىكەن......

— ئۇنداق بولۇشىنى مەن بىلگەن بولسامچۇ!

— مېنىڭچە، ئىككىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت — مۇھەببەت بىلەن ھېسسىيات، ئىمتىياز بىلەن روھىي غالىبىيەت-چىلىك قاتارلىق ئامىللار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت. بۇ خىل زىددىيەت قارىماققا سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك ئەسلىي ماھىيىتىنى يېپىپ تۇرىدۇ، دېمەكچى بولغىنىم......

— بولدى- بولدى، ماڭا ئۇ دانىشمەنلەرچە ئەقلىڭ بىلەن گەپ قىلماي، ئاددىي، چۈشىنىشلىك گەپ قىلغىنا!

ــ ماقۇل ئەمسە، كەۋسەر تەلئەت بىلەن ئىككىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى تۈگىتىش يولىدا ناھايىتى كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئويىچە بولغاندا بىز ھەممىمىز مۇھەببەتنى ئەمەس، ئەڭ ئاۋۋال دوستلۇقنى قەدىرلىشىمىز كېرەك. بۇ كەۋسەرنىڭ ئارزۇسى. ئىلگىرى كەۋسەر بارلىقىنى تەلئەتكە بېغىشلىغاندا، سېنىڭ كەۋسەر بىلەن بولغان دوستلۇقۇڭ بىر چەتتە قىسىلىپ قالدى، مانا ئەمدى كەۋسەرنىڭ ئىدىيەسىدە بۇرۇلۇش بولغاندا ئۇنى تەلئەت قوبۇل قىلالمىدى. ساڭا تېخىمۇ ئېنىقراقىنى دېسەم، تەلئەت كەۋسەرنىڭ ئىدىيەسىدىكى بۇرۇلۇشنى سەندىن كۆرىدۇ. ئۇ «سەدىردىن كەۋسەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا يېقىنچىلىق قىلىپ ئارىغا يەنە قىسىلىۋالدى» دەپ سېنى خاتا چۈشىنىپ قالغان گەپ.

ــ مەنمۇ شۇنداقمىكىن دەيمەن، ھېچ چۈشەنمىدىم، مىرئادىل بىلەن كامىنۇر بۈگۈنكى ئىشتا نېمىشقا ماڭا يامان كۆزدە قارايدۇ؟ بۇ ئىش زادى ئىدىيەمدىن ئۆتمىدى. ئۇلارنى مەن ساڭا ئوخشاشلا دوستۇم دەپ قارايدىغان تۇرسام!

ــ دۇنيادا دوستىنىڭ دوستى بولىدۇ، دوستلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەقىدە ئوخشاش بولمايدۇ، مىرئادىل تەلئەتنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى. ئىككىڭىزنىڭ دوستلۇقى بىزنىڭ ئۇلار بىلەن بولغان دوستلۇقىمىزدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. قانداق ئىش بولۇشتىن قەتئىينەزەر، مىرئادىل تەلئەت تەرەپتە تۇرىدۇ. كامىنۇر ئۇلارغا ئەگىشىدۇ. ئاڭلىشىمچە، مىرئادىلنىڭ دادىسى بۇرۇنلا قازا قىلىپ كەتكەنىكەن. ئۇنىڭ تۇرمۇشى غورىگىل بولغاچقا، تەلئەت بىرنەچچە يىلدىن بېرى ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ كەپتۇ. شۇنداق تۇرسا، مىرئادىل تەلئەتكە ساداقەت بىلدۈرمىسە قانداق بولىدۇ!؟

ــ گېپىڭدىن قارىغاندا بۇ قېتىم خۇدايىم مېنى خەتەرلىك ھاڭدىن بىر ساقلاپتۇ ـ دە!؟

— بۇمۇ سىنىڭ دوستلۇقنى ھەممىدىن ئەلا بىلگەنلىكىڭنىڭ مۇكاپاتى!

— ئۇنچە دەپ كەتمە.

سەدىردىن بىلەن پولات شۇلارنى دېيىشكەندىن كېيىن، كوچا ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ مەكتەپكە كەلدى. ئەتىسى ئەتىگەندە سەدىردىن پولاتقا: دوختۇرخانىغا بارايلى دېگەندى، پولات سەن بارماي كەچتىكى پائالىيەتنىڭ تەييارلىقىنى قىل، مەن بېرىپ ئەھۋالنى ئۇققاچ تەلئەتنى يوقلاپ كېلەي دېدى. پولاتنىڭ مەسلىھەتى سەدىردىنگە ياقتى. ئۇ كەچتىكى ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان پائالىيەتكە تەييارلىق قىلىش ئىشىنى دېمىگەندىمۇ، تەلئەتنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ كۆتۈلمىگەندە كۆڭلىنى رەنجىتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. پولات دوختۇرخانىغا كەتكەندىن كېيىن سەدىردىن ساۋاقداشلىرى بىلەن كەچكى ئولتۇرۇشنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ شۇنچە ئالدىراش بولسىمۇ تەلئەت ئېسىگە كېلىۋېلىپ كۆڭلى ئارامىدا بولمىدى.

پولات دوختۇرخانىدىن چۈشكە يېقىن كۆڭلى پەرىشان ھالدا قايتىپ كەلدى. سەدىردىن ئۇنىڭ ھالىتىنى كۆرۈپ ئەنسىرەپ قالدى.

— نېمە بولدۇڭ، چىرايىڭ ئۆزگىرىپ قاپتۇغۇ؟ — دېدى سەدىردىن پولات يېنىغا كېلىشكە ئالدىراپ.

پولات سەدىردىننى يانغا تارتىپ دېدى:

— ئاداش، بۈگۈن تەلئەتنىڭ ئەھۋالى ئانچە ياخشى ئەمەستەك تۇرىدۇ، دوختۇرلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە توپلىنىۋاپتۇ. مىرئادىل بىلەن كامىنۇرمۇ قايتىپ كەتمەي تەلئەتكە قاراپ قالدى.

— تۈنۈگۈن دوختۇرلار خەتەرلىك ئەھۋالدىن ئۆتتۇپ كەتتى

دەۋاتمامتى!

— ئەسلىدە شۇنداق دېيىشىنغۇ دېگەن، ئەمما بۈگۈن تەلئەتنىڭ ھالى تۇرۇپلا پەسلەپ كېتىپتۇ......

— سېنىڭچە، مەن ھازىر ئۇنى يوقلاپ بارسام بولارمۇ؟ دېمەكچى بولغىنىم مىرئادىل تەلئەتنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ئاغزىغا كەلگەننى دېگەن بولسا ئەپسىز بولۇپ قالامدىكىن دەيمەن.

— دېگىنىڭ دۇرۇس، بۈگۈن بىشىمىزغا قانداق كۈن چۈشۈشتىن قەتئىينەزەر، ساۋاقداشلار بىلەن خاتىرجەم خوشلىشىۋالايلى، ھە راست، كامىنۇرغا نەسىھەت قىلىپ قويدۇم.

— ئۇنىڭغا بۇ توغرۇلۇق گەپ قىلمىساڭ بولاتتى. كۆڭلىدە باشقىچە ئويلاپ يۈرمىگىيدى - ھە!؟

— ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇنىڭغا ۋاقتىدا نەسىھەت قىلغىنىمنىڭ زىيىنى يوق، ئۇ گۇمانىنى باشقىلارغا ئۆزى خالىغانچە دەپ يۈرسە، بۇ گەپ ھەممە يەرگە تارقاپ كېتىدۇ. بەلكىم مەن ئىشلارنى بەكمۇ ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ كەتكەندىمەن، ئارتۇقچە باش قاتۇرماي ئىشىمىزنى قىلايلى.

كەچ كىرىشكە سەدىردىنىدىن بەكرەك پولات ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇ بۈگۈنكى خوشلىشىش پائالىيىتىنىڭ رىياسەتچىسى بولغاچقا، ھەممە ئىش ئۇنىڭغا قاراشلىق ئىدى. پائالىيەت باشلىنىپ ساۋاقداشلار يۈرەك سۆزلىرىنى بىر - بىرىگە قىزغىن ئىزھار قىلىۋاتقاندا، پولات سەدىردىنىڭ بۇلۇڭدا غەمكە چۆكۈپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يېنىغا كەلدى.

— ئاداش، بۇنداق قىلما، بۈگۈنكى بۇ مىنۇتلار ھاياتىمىزدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك، ئەڭ قىممەتلىك ئەسلىمە بولۇپ قالىدۇ. مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ھەممىمىز تەرەپ - تەرەپكە كېتىپ قالىمىز، شۇڭا بۇنداق جىم ئولتۇرۇۋالساڭ بولمايدۇ، مەن ھازىرلا ئېلان قىلىمەن، سەن گىتار بىلەن ھېلىقى ناخشىنى ئېيتىپ

ساۋاقداشلارغا ئايرىلىش سوۋغىسى قىل، — دېدى پولات. ئاندىن سەدىردىننىڭ قولىدىن تارتقانىدى، سەدىردىن ئۇنىماي تۇرۇۋالدى:

— توختا، بۇگۈنكى كەيپىياتىمنى ئۆزۈڭ بىلىسەن، ناخشىنى ياخشى ئىپتالماسلىقىم مۇمكىن. ئاخىرىدا بىر گەپ بولسۇن.

— ماقۇل ئەمىسە، ھېلى چوقۇم ئېيتىپ بېرىسەن ئەمىسە.

پولات سەھنىگە قاراپ كېتىپ قالغاندىن كېيىن سەدىردىن يەنىلا ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتىپ ئولتۇردى. بىر چاغدا يېنىغا ساۋاقدىشى باھارگۈل كەلدى. باھارگۈل ئەركەك مىجەز، سۆزمەن قىز بولۇپ، ئوقۇشقا كەلگەندىن بۇيان سەدىردىنگە يېپىشىپلا كەلگەنىدى. ئۇستىخانلىق، بويى پاكارراق كەلگەن بۇ قىزنى سەدىردىن ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيتتى. ئىككى يىلنىڭ ئالدىدىكى بىر قېتىملىق سۆھبەتتە سەدىردىن چاقچاق قىلىپ: «ھەدېسە ماڭا يېپىشىپلا يۈرىسەن، ئوغۇل بالا بولغان بولساڭ ئاغىنە بولۇپ قالار ئىدىم، قىز بالا بولغاندىكىن مەندىن نېرى تۇر جۇمۇ!» دېگەندە، باھارگۈل كەسكىن تۈردە: «سەن جەنۇبلۇق كاۋا، مېنى چۈشەنمەيسەن، چۈشەنگەن كۈنۈڭ ياخشى كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان قىزنىڭ دەل مەن ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالىسەن» دەپ ئىنكاس قايتۇرغانىدى. ئۇ دەرسخانىدىلا ئەمەس، سىرتتىكى پائالىيەتلەردىمۇ سەدىردىننىڭ ئەتراپىدا خۇددى كېپىنەك گۈلنى ئايلىنىپ يۈرگەندەك بىرەر باھانە بىلەن ئەگىپ يۈرەتتى. بەزى ۋاقىتلاردا ئەتەي سەدىردىننىڭ چىشىغا تېگىپ، تېرىكتۈرگىنىدىن ئۆزىچىلا خۇش بولۇپ كېتەتتى . بەزى كۈنلىرى سەدىردىننىڭ كىتاب، دەپتەرلىرىنىڭ بۇرجىكىگە قايسىدۇر بىر شائىرنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى كۆچۈرۈپ قويۇپ، ئاستىغا «باھارنىڭ گۈلىدىن جەنۇبنىڭ سۆيۈملۈك كاۋىسىغا يادىكار» دېگەندەك سۆزلەرنى يېزىپ قوياتتى. بۇنداق چاغلاردا سەدىردىنمۇ بوش كەلمەي،

ئۇنىڭ يۇقىرىقى سۆزىنىڭ ئاستىغا مۇئەللىم تاپشۇرۇق تەكشۈر-گەندەك خاتا بەلگىسىنى قويۇپ، قوش سىزىقنىڭ ئۈستىگە نۆلنىڭ شەكلىنى سىزىپ باھارگۈلگە كۆرستىپ قوياتتى. ئۇلارنىڭ ئۆتكەن يىلى باھار بايراملىق كۆگۈل ئىچىش كېچىلىكىدىكى سۆھبىتى ئىلگىرىكى سۆھبەتلەرگە ئوخشىماي قالغانىدى. ئۇ چاغدا باھارگۈل سەدىردىن بىلەن تانسا ئويناۋېتىپ: «مەن سىنى چىن قەلبىمدىن ياخشى كۆرىمەن، ئەمما سەن ھېلىقى بىر يۇرتلۇقۇڭ ‹لىن دەيىۋ خېنىم› نى ياخشى كۆرسەن. تەگشەلمىگەن جاھان دېگەن مۇشۇ» دېگەنىدە، سەدىردىن تېلىقىپ كۈلگەنىدىن باشقا ئىپادە بىلدۈرمىگەنىدى. دېمىسىمۇ باھارگۈلنىڭ ئوچۇق - يورۇق سۆزلىرى كەۋسەرنىڭ پىراقىدا تولغىنىپ يۈرگەن سەدىردىنگە بەئەينى ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا ساتار چالغاندەك ئاڭلىناتتى. مانا ئارىدا قانداق ئىشلار ئۆتۈلۈپ، قانداق سۆزلەر دېيىلسۇن، ئايرىلىش پەيتلىرى ئاخىر يېتىپ كەلدى. بۈگۈنكى بۇ پائالىيەتتە بەش يىل ئىچىدە قايسىدۇر سەۋەب بىلەن بىر- بىرىدىن رەنجىشىپ قالغانلارمۇ، بىر- بىرىگە كۆڭۈللىرىدىكى سۆزلىرىنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالماي كەلگەنلەرمۇ ئوخشاش ھېسسىياتتا، بىر - بىرىنى ئەپۇ قىلىشقان، بىر - بىرىنى قەدىرلىگەن ھالدا مۇڭدىشىشقا موھتاج، بۇ موھتاجلىق ساۋاقداشلىق مېھرىنىڭ يەنە بىر ئۇلۇغلۇقى ئىدى. بۈگۈن سەدىردىن شۇنداق يارىشىملىق كىيىنىۋالغان باھارگۈلنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ ئولتۇرۇشىدىن ئىلگىرىكىدەك بىزارلىق ھېس قىلمىغان بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر گەپ قىلىشقا رايى بارمىدى. قائىدە بويىچە ئېيتقاندا ئۆزىنى ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتقان باھارگۈلگە بۈگۈنكى ئايرىلىش پەيتىدە بىرنەچچە كەلىمە چىرايلىق گەپ قىلىشى كېرەك ئىدى. باشقىلار قىزغىن ھالدا ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، سەدىردىن يەنىلا جىمجىت ئولتۇراتتى. ئارىدا پولات ئۇنىڭغا بىرنەچچە قېتىم ئىشارەت قىلىپ شوخ، تېتىك

ئولتۇرۇشقا دەۋەت قىلىغانمۇ بولدى، سەدىردىنمۇ كۆڭلىدىكى غەم-ئەندىشىلەرنى ئۇنتۇپ، بۇ ئاخىرقى مىنۇتلارنى ساۋاقداشلىرى بىلەن خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىۋاتىسمۇ كۆڭلىنىڭ تېگىدىكى ئەنسىرەشنى چاندۇرۇپ قويغىلى ئارانلا قىلىۋاتاتتى. باھارگۈل ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن يوچۇن بىر سىرنى ھېس قىلغاندەك پىسسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى - دە، يېنىغا بىرئاز سۈرۈلۈپ ئولتۇردى:

— سېنى بۈگۈن ئاخىرقى قېتىم «جەنۇبلۇق كاۋا» دەپ ئاتىسام بولاتتى، كەيپىياتىڭ ياخشى ئەمەس ئىكەن، شۇڭا ياسالمىلىق بولىسمۇ دوستۇم دەپ ئاتاي، مېنىڭ ئارزۇيۇم بويىچە بولغاندا ماڭا سەندىن تېگىل بولىدىغىنى دوستلۇق، ساۋاقداشلىقلا ئەمەس، يەنە...... ھەممە...... ھەممىسى بولسا بولاتتى. خەيرىيەت! سەن ھەممىنى «لىن دەيىۋ خېنىم»غا ئاتىۋەتتىڭ، بۇ سېنىڭ ئەركىنلىكىڭ، شۇنداقمۇ؟

سەدىردىن ساۋاقداشلىرىنىڭ جۇشقۇن ئۇسسۇلىغا قاراپ پەرۋاسىز ئولتۇراتتى، باھارگۈلنىڭ «لىن دەيىۋ خېنىم» دېگىنى ئەلۋەتتە كەۋسەر ئىدى. باھارگۈلنىڭمۇ كەۋسەرنى بۇنداق ئاتىشىنىڭ سەۋەبى بار ئىدى. بىر چاغدا ئۇ سەدىردىننى ئۆزىگە شۇنچە مەپتۇن قىلىۋالغان قىزنى مەن بىر كۆرۈپ باقاي دېگەن نىيەت بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا كېلىپ، كەۋسەرنى خالىس كۆرگەنىدى، شۇنىڭدىن كېيىن كەۋسەردىكى نازۇك، رايىش خۇسۇسىيەتنى ئۆزىدىكى بەردەم، تېتىك خۇسۇسىيەتكە سېلىشتۇرۇپ، كەۋسەرنى لىن دەيىۋگە ئوخشىتىپ كېلىۋاتاتتى. سەدىردىن باھارگۈلنىڭ بەزىدە چېكىدىن ئاشۇرۇپ قىلىدىغان چاقچاقلىرىغا، قوپال ھەرىكەتلىرىگە چىشىنى چىشلەپ بەرداشلىق بەرسىمۇ، كەۋسەرنى نىشان قىلىپ ئۆزىنىڭ چىشىغا تېگىشىگە سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايتتى، بولۇپمۇ كەۋسەر تەلئەت بىلەن

مۇھەببەت دېڭىزىغا غەرق بولۇپ يۈرۈۋاتقانلىقىدىن بۇيان بۇ خىل سېزىم تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتكەنىدى.

— باشقا قانداق گەپ قىلساڭ مەيلى، ئەمما كەۋسەرنىڭ گېپىنى قىلما، ئاخىرقى قېتىم سەندىن ئۆتۈنگىنىم بولسۇن، ماقۇلمۇ؟ — دېدى سەدىردىن ئاخىر ئېغىز ئېچىپ.

— ئاخىر ئېغىز ئاچتىڭ، كەۋسەرنىڭ گېپىنى قىلسام مۇشۇنداق تېرىكىپ ئېغىز ئاچىسەن ئەمەسمۇ، بولدى، گېپىم گەپ، ئۇنىڭ گېپىنى قىلمايمەن. ئەمدى ئەھمىيىتى يوق، ھەممە تۈگىدى. ھەرقانداق ئېغىر قىسمەتكە يولۇققان بولساڭمۇ، بۈگۈن ساۋاقداشلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن خۇشال - خۇرام ئولتۇرۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ مېنىڭلا ئەمەس، ئەنە قارا، ھەممە ساۋاقداشلارنىڭ تەلىپى. مەن ئۇلارنىڭ تەلىپى بويىچە خىزمەت قىلىۋاتىمەن. مانا مەن ئۆتتۈم. سېنى ئاخىر ئېغىز ئاچقۇردۇم! — باھارگۈل ئاخىرقى سۆزنى ئۈنلۈك ئاۋازدا دېدى. يان تەرەپتە ئولتۇرغان ساۋاقداشلىرى چاۋاك چېلىشىپ كەتتى. سەدىردىن ئۇلارغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتقىنىچە تەبەسسۇم قىلدى. كېيىن باھارگۈلنىڭ بۈگۈنكى ئاخىرقى پۇرسەتتىمۇ قىزىقچىلىق قىلىپ ئويۇن ئوينىغانلىقىنى بىلدى، — باشقىچە ئويلاپ كەتمە، بايا سەن غەمگە چۆكۈپ ئولتۇرۇپ كەتكەندە، ساۋاقداشلار سەدىردىننىڭ كەيپىياتىنى كىم كۆتۈرەلەيدۇ دېيىشىپ تالىشىپ قېلىشتى. ئاخىر ئۇلار مېنى تاللاپ يېنىڭغا ئەۋەتكەن، ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق قىلغىنى توغرىغۇ!

— ئۇنداق بولسا سەن ئۆتتۈڭ، ئەمدى مېنى يالغۇز قالدۇرۇپ، ئورنۇڭغا بېرىپ ئولتۇرساڭ بوپتىكەن.

— ئۇنداق ئوڭاي ئىش يوق، ساۋاقداشلار بايا كىم سېنىڭ ئاغزىڭنى ئاچۇرالىسا بۈگۈن سورۇن ئاخىرلاشقۇچە شۇ ساڭا ھەمراھ بولۇشقا كېلىشكەن، مانا، ساڭا ھەمراھ بولىدىغان ئالاھىدە خادىم

مەن. بۇ مېنىڭ ئەركىنلىكىم، ئورنۇڭدىن تۇرە، ئەمدى تانسا ئوينايمىز!

سەدىردىن ئۆزرە ئېيتىپ بولغۇچە باھارگۈل قولىدىن تارتىپ مەيدانغا ئەكىرىپ بولدى. شۇئان ساۋاقداشلىرى چاۋاك چېلىشىپ مەيداننى ئىككىسىگە بىكارلاپ بەردى. لەرزان مۇزىكا ساداسى ھەربىر قەلبكە باھار سۆيىدەك سىڭىشكە باشلىدى. بەردەم كەلگەن سەدىردىننىڭ يېنىدا باھارگۈل خۇددى بىر دەستە ئەتىرگۈلدەكلا كۆرۈنەتتى. شۇ تاپتا سەدىردىننىڭ قەلبىنى قاماللاپ تۇرغان ئەندىشىلىك خىيال ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ساۋاقداشلىقنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ھېسلىرى ئىگىلەۋاتاتتى. ئۇلار تانسىنى شۇنداق چىرايلىق ئوينىدىكى، ھەربىر ساۋاقداش ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمىدى. باھارگۈلنىڭ قەلبىنى ھەممىدىن بەك چۆشىنىدىغان بىر قىز ئىختىيارسىز ياشمۇ تۆكتى. تانسا ئاخىرلىشىپ، سەدىردىن ئۆز ئورنىغا قاراپ ماڭغاندا باھارگۈل ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەي ئەگىشىپ كېلىپ يېنىدا ئولتۇردى ۋە شوخلۇق بىلەن دېدى:

— قانداق، كۆڭلۈڭ ئېچىلىپ قالغاندۇ؟ ئادەم دېگەنچۇ، روھىي غالىبىيەتچى بولغان تۈزۈك، خۇددى ماڭا ئوخشاش.

— ئەپسۇس، مەن سەندەك قىلالمايمەن.

— ئۇدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ئادەم روھىي غالىبىيەتچىلىكنى ئۆگەنسە نېمىشقا بولمايدىكەن. ئۇنىڭغا روھىي جەھەتتىن ئۆز - ئۆزىنى كۆتۈرۈشتىن باشقا يەنە نېمە بار ئىدى!؟

— سەن ھەممە ئىشتا غالىب تۇرساڭ، نېمىشقا يەنە بۇنداق دەيسەن؟

— نېمە؟ سەن مېنى غالىب ئورۇندا تۇرىدۇ دەپ قارامسەن؟

— ئەلۋەتتە، ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن ئاخىرلاشتۇردۇڭغۇ!

— رەھمەت، ئەمما مەن ئۇنداق ھېسابلىمايمەن.
— نېمىشقا؟
— سەۋەبنى دەپ بەرسەم سەن يەنە تېرىكسەن، ئەمما ساڭا شۇنى دېيەلەيمەن، دۇنيادا مەغلۇبىيەتمۇ گاھىدا غالىبىيەتنى ئاپىرىدە قىلىدۇ. شۇڭا، بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقىنى چوڭ دېگىلى بولمايدۇ، توغرىمۇ؟
— مېنىڭ مۇشۇنداق سۆزلەر بىلەن خوشۇم يوقلۇقىنى بىلىسەن، ئەڭ ياخشىسى سەن بۇ خىلدىكى پاراڭلارنى بىزنىڭ موللا تاپقاق بۇرادىرىمىز پولات بىلەن قىلىشساڭ قانائەت ھاسىل قىلالايسەن.
— ياق، مېنىڭ بۆگۈنكى بۇ غەنىيمەت پۇرسەتتە سەندىن باشقا ئادەم بىلەن پاراڭلاشقۇم يوق. بولدى، ھېلىقى گېپىم ئۆز جايىدا قالسۇن. ئەمما، شۇنى ئېسىڭدىن چىقارما، غالىبىيەتچى بىلەن مەغلۇبىيەتچى ئۇزاققا قالماي كۆز ئالدىڭدا نامايان بولىدۇ.
باھارگۈلنىڭ سۆزى ئۈزۈلۈش بىلەن تەڭ پولات سەھنىدە تۇرۇپ باھارگۈلنى ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ھەممەيلەن ئۇنى ناخشا ئېيتىشقا ئۈندەپ ۋارقىرىشىپ چاۋاك چېلىشتى.
باھارگۈل ئورنىدىن تۇرۇپ:
— مېنىڭ تەييارلىقىم خېلى بۇرۇنلا پۈتكەن، مەن ناخشا ئېيتىشقا تەييار! ئەمدى سىلەر ماۋۇ سەدىردىننى گىتار چېلىشقا كۆندۈرۈڭلار! ئۇ گىتارنى چالسۇن! مەن ناخشىنى ئېيتاي! — دېدى.
سەدىردىن جىددىيلىشىپ:
— ۋۇ ساراڭ! گىتار چالمىسامۇ ناخشاڭنى ئېيتساڭچۇ، — دېدى كۈلۈپ.

شۇ ئەسنادا باھارگۈل سەھنىگە چىقىپ تەييار بولدى. بىرنەچچەيلەن كېلىپ ئۇنىدىمەي ئولتۇرغان سەدىردىننى تارتىپ، ئىتتىرىپ دېگەندەك باھارگۈلنىڭ يېنىغا ئەكېلىپ قويدى. ئۇ ئامالسىزلىقتىن گىتارنى قولىغا ئېلىپ تۇراتتى، باھارگۈل شادلىقنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان ھالدا ساۋاقداشلىرىغا تەكشى قاراپ تولىمۇ ھاياجانلىق ئاۋازدا دېدى:

— ساۋاقداشلار! مەن شۇ تاپتا بەكمۇ ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتىمەن. سۆزلىرىم قولاشماي قالسا ئەپۇ قىلىڭلار. بىز ھەر جاي، ھەر يەرلەردىن كېلىپ بەش يىل بىرگە ئوقۇپ قان - قېرىنداشلارغا ئايلانغاندا يەنە ئايرىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز، ھەممىمىزگە مەلۇم، ئايرىلىش ئازابى بەكمۇ يامان، پولاتنىڭ دېگىنى بويىچە ھازىرغىچە بۇ سۆزنى ئاغزىمىزدىن چىقارمىدۇق......

— بولدى، نەسر ئوقۇماي، ناخشاڭنى ئېيت! - دېدى پولات باھارگۈلنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

باھارگۈل پولاتنىڭ گېپىگە پىسەنت قىلماي دەيدىغاننى دەۋەردى:

— رېئاللىققا كۆز يۇمغىلى بولمايدۇ. شەخسەن مەن ئەمدى ئۆزۈمنى ئالدىيالمايمەن. دېمەكچىمەنكى، مەن ئاخىر يەنە ئايرىلىش پەيتى يېتىپ كەلگەندىلا ساۋاقدىشىم سەدىردىننىڭ چالغان گىتار كۈيىگە ناخشا ئېيتىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. بۇمۇ ساۋاقداشلىرىمنىڭ زور تىرىشچانلىقىدىن بولدى. مەن ئالدى بىلەن ئىجتىماقچى بولغان ناخشامنىڭ تېكىستىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ، ساۋاقدىشىم سەدىردىنگە تەقدىم قىلىمەن!

باھارگۈل سەل دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن يېقىملىق ئاۋازدا مۇنۇ رۇبائىينى تولىمۇ ھاياجان بىلەن دېكلاماتسىيە قىلدى:

مۇھەببەت شېرىن، مۇھەببەت ئۇلۇغ،
بىلىشكە قۇدرىتىنىڭ بولسىلا تولۇق.
كۆرسەڭ مىڭ - مىڭنى، سۆيسەڭ بىرنى،
ئەپسۇسكى مىڭلارمۇ قالمايدۇ قۇرۇق.

باھارگۈلنىڭ مەڭزى نەمدەلدى، ئاۋازى بوغۇلۇپ ۋۇجۇدى تىترەشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا شۇنچە تىرىشىپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئاخىرقى مىسرانى ناھايىتى تەستە دېكلاماتسىيە قىلدى. تۆۋەندە ئولتۇرغانلار ئەتىدىن بېرى خۇشالدەك كۆرۈنسىمۇ، باھارگۈل ھېلى دېگەندەك تۇيغۇ جەھەتتىن ئۆزىنى ئالداپ كېلىۋاتاتتى. قىسقىسى، ئۇلارنىڭ شۇ تاپتىكى ھېسسىياتى تۇتىسىلا پارتلايدىغان بومبىدەك بىر ھالغا كېلىپ قالغانىدى، باھارگۈلنىڭ سەھنىدە تۇرۇپ ياش تۆكۈشى ئۇلارنى ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتۇرۇپ ئۆلگۈردى. شۇنىڭ بىلەن ياش تۆككۈچىلەر ئاۋۇپ، ئازابلىق دەقىقىلەر باشلىنىپ كەتتى. پولات پائالىيەت باشلىنىشتىن بۇرۇن بۇ خىل ئېھتىماللىقنى تەسەۋۋۇر قىلغانىدى. شۇڭا، ساۋاقداشلىرىغا كۆز ئالدىدىكى ئايرىلىش توغرىسىدا ئېغىز ئاچماسلىقنى، بولۇپمۇ ياش تۆكمەسلىكنى تەشەببۇس قىلغانىدى، بىراق ئاخىر بولىدىغان ئىش بولدى. ئۇ يەنە كەيپىياتنى قايتىدىن كۆتۈرۈشنى ئويلىدى بولغاي، گىتارنى تۇتقىنىچە سۇكۇت ئىلكىدە تۇرغان سەدىردىنگە كۆز ئىشارىسى ئارقىلىق «گىتارنى چال!» دېگەن مەنىنى ئۇقتۇردى. سەدىردىن ئېغىر تىنىۋالغاندىن كېيىن گىتار تارىسىغا بارماقلىرىنى زەرب بىلەن ئۇردى. شۇنىڭ بىلەن مۇڭغا چۆكۈپ ئولتۇرغانلار بېشىنى كۆتۈرۈپ سەدىردىنگە تىكىلىشتى. پولات كۆڭلىدە گىتار كۈيى كەيپىياتنى كۆتۈرىدىغان بولدى دېگەنلەرنى ئويلاۋېتىپ بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەتتى.

چۈنكى، ئۇنىڭ كۆزى سىرتتىن ئالدىراش كىرىپ كەلگەن مۇئەللىمگە، كەينىدىن ئەگىشىپلا كىرگەن ئىككى نەپەر ج خ خادىمىغا چۈشكەنىدى. ھەممەيلەن ئۆپۈر- توپۇر بولۇشۇپ كېتىشتى. شۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىككى نەپەر ج خ خادىمى گاڭگىراپ قالغان سەدىردىنىنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ يالاپ ئېلىپ ماڭدى. پولاتنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، بېشى قايغاندەك بولدى. باشقىلارمۇ قورقۇنچلۇق چۈشتىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەندەك كەيپىياتتا بىر - بىرىگە قارىشىپلا قالدى.

مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا پەرىشان ھالدا بىرقۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن دېدى:

— ساۋاقداشلار! تىنچلىنىڭلار، باشقا ئىش يوق، پائالىيەتنىڭ-لارنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىڭلار، سەدىردىن ئازراق چاتاق چىقىرىپ قويغان ئوخشايدۇ، ساقچىلار ئۇنىڭدىن ئەھۋال ئىگىلىمەكچىكەن، ھازىرچە سىلەرگە مۇشۇنچىلىك ئۇچۇر بېرەلەيمەن. بىردەمدىن كېيىن بىر قىسىم رەھبەرلەر، ئوقۇتقۇچىلار سىلەر بىلەن خوشلاشقىلى كېلىدۇ. ئاڭغىچە كەيپىياتىڭلارنى تۇراقلاشتۇرۇپ، تېتىك ئولتۇرۇڭلار، بولامدۇ!

— مۇئەللىم، بىزغۇ دېگىنىڭىز بويىچە قىلايلى، ئەمما ساقچىلار سەدىردىنىنى ئېلىپ ماڭسا بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي تۇرىسىزغۇ؟ بۇ ئىش توغرۇلۇق بىزگە تەپسىلىيرەك چۈشەنچە بېرىڭ! — دېدى بىر ئوقۇغۇچى ئورنىدىن تۇرۇپ.

— قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشىش ئۇلارنىڭ دېلونى بېجىرىشىگە توسقۇنلۇق قىلغان بولىمىز. بۇنى سىلەر ياخشى بىلىسىلەر، ئەمدى ئەھۋالنىڭ تەپسىلاتىغا كەلسەك، ۋەقە جەنۇبىي تاغدا يۈز بېرىپتۇ، تېيىپىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر نەپەر ئوغۇل ئوقۇغۇچىسى قازا قىلغان چېغى. ھازىرچە مېنىڭ ئۇققىنىم مۇشۇ.

— نېمە، ئۆلۈم ۋەقەسىمكەن؟
— ئاپلا، چاتاق بوپتىغۇ!
— بىز تېخى ئادەتتىكى ماجىرا ئوخشايدۇ دەپتىمىز.

مۇئەللىمنىڭ گېپى تۈگەش بىلەن تەڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى. باھارگۈل مەگزىدىكى ياشنى ئالقىنى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، بايا سەدىردىن بىلەن ئولتۇرغان ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ شۇ تاپتا تەگسىز خىيالغا پاتقانىدى. مۇئەللىم سەھنىدە قېتىپلا تۇرغان پولاتنى چاقىرىپ سىرتقا ئاچىقىپ كەتتى.

ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى. مۇئەللىمگە ئەگىشىپ كېلىۋاتقان پولات ئارىلاپ ئاسمانغا قاراپ قوياتتى. كۆڭلىدە «ئاھ! خۇدا، تەلئەت كۆز يۇمغان بولسا چاتاقنىڭ چوڭى چىقمامدۇ ئەمدى، كامىنۇر بىلەن مىرئادىلنىڭ قىلغان ئىشىنى كۆرمەمدىغان» دېگەنلەرنى ئويلايتتى. تەلئەت ھەقىقەتەنمۇ قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغانىدى. پولات ئەتىگەندە دوختۇرخانىغا بېرىپ تەلئەتنىڭ بوگۈن سەل ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن بولسىمۇ، بۇنداق ئاقىۋەتنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىنى ئەسلا ئويلىمىغانىدى، ئۇ مۇئەللىمگە ئەگىشىپ ئىشخانىغا كىرگەندىن كېيىن، مۇئەللىم ئىشىكنى ھىم ئېتىۋېتىپ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ دېدى:

— پولات، سېنىڭ بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ مۇشۇنداق چوڭ ئىش يۈز بەرسىمۇ ماڭا نېمىشقا ۋاقتىدا دېمەيسەن؟ سەدىردىنغۇ مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ماڭا ئەھۋالنى مەلۇم قىلمىسۇن، ئۇنىڭ يېنىدا سەن بولغاندىكىن ماڭا دېسەڭ بولمامدۇ! قارىغاندا ئوقۇش پۈتكۈزدۇق، ھەممە ئىش تۈگىدى دەپ مېنى كۆزگە ئىلماپسەن - ھە! كۆرگەنسەن، بۇ ئىش ئوقۇغۇچىلارغا قاتتىق تەسىر قىلدى. مۇبادا بۇ ئىشتىن مېنىڭ ئاز- تولا خەۋىرىم بولغان

بولسا بۇگۇنكى پائالىيەتنى كېيىنگە سۈرەتتۇق ئەمەسمۇ! ساقچىلارنىڭ خاتىرىسىنىڭ بېشىدا سىزنىڭ ئىسمىڭىز باركەن، ئېيتە، بۇ ئىش زادى قانداق يۈز بەردى؟

— مۇئەللىم، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، ئالدى بىلەن سۆزىڭىزدىكى بىر خاتالىقنى تۈزىتىش بېرەي.

— نېمە، سوئالىمغا جاۋاب بېرىشتە يوق، مەندىن قۇسۇر ئىزدەۋاتامسەن تېخى. قايسى گېپىم خاتا بولدى؟

— ھېلى سىز: سەدىردىن مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئەھۋالنى ماڭا ۋاقتىدا ئىنكاس قىلمىدى دېدىڭىز. بۇ سۆزىڭىز خاتا بولدى. ھازىرچە مەسئۇلىيەتنىڭ كىمدە ئىكەنلىكىنى بىز بىلمەيمىز، بۇ قانۇن ئورۇنلىرىغىمۇ ئېنىق ئەمەس. شۇڭا، ھازىرچە بۇ ئاتالغۇنى ئىشلەتمىگىنىمىز تۈزۈك.

— بوپتۇ ئەمسە، مەن خاتا گەپ قىلغان بولاي، سەن توغرىسىنى دەپ باقە!

— سىزدىن شۇنى سورىۋالاي، ساقچىلار سىزگە ھەقىقەتەن بىرسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى دېدىمۇ؟

— بىرسى دېمەي، تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئوقۇغۇچىسى تەلئەت دېگىنە، ئۇ ئادەتتىكى ئائىلىنىڭ بالىسى ئەمەس جۇما!؟

— بوپتۇ ئەمسە، بولىدىغان ئىش بوپتۇ، ئەمدى مەن سىزگە ھەممە ئىشنى تەپسىلىي دەپ بېرەي.

پولات سەدىردىننىڭ كەۋسەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن باشلاپ، تەلئەتنى دوختۇرخانىغا ئەكەلگۈچە بولغان بارلىق ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. مۇئەللىم ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ بولۇپ، ئاخىرىدا شۇنداق دېدى:

— سەن ئوقۇش جەريانىدا سەدىردىن بىلەن ناھايىتى يېقىن ئۆتتۈڭ، بۇ ھەممىمىزگە ئايان، سېنىڭ دېيىشىڭچە سەدىردىن گۇناھسىز ئىكەن. بۇ خىل قارىشىڭغا ھېسسىياتىڭنى ئارىلاشتۇر-

مىغانسەن ـ ھە، ئۇكام؟ مۇبادا دېگەنلىرىڭ ھەقىقەتەن راست بولسا بەك ياخشى ئىش بولاتتى.

ــ مۇئەللىم، سىز بىلىسىز، مەن سەدىردىن بىلەن بىر يۇرتلۇق ئەمەس، پەقەت قولىڭىزدا بەش يىل بىرگە ئوقۇدۇم شۇ. مېنىڭ بىلىشىمچە سەدىردىندە دوستلۇقنى قەدىرلەيدىغان ئۆزگىچە بىر خىل روھ بار. مەن ئۇنىڭ مۇشۇ روھىغا قايىل، دوستلۇقنى قەدىرلەش ئېيتىلىشتا ئاددىي ئۇقۇم بولسىمۇ، ئۇ ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. بۇنى سىز ياخشى بىلىسىز، سەدىردىن ھەقىقەتەن گۇناھسىز، مەن بۇنىڭغا ھۆددە قىلالايمەن.

ــ ئۇنداقتا، ئېيتىپ باقە قېنى، بىز قانۇن ئورۇنلىرىغا سېنىڭ دېگەنلىرىڭنى قانداق ئۇسۇلدا ئىسپاتلاپ بېرەلەيمىز؟

ــ مەسىلە دەل مۇشۇ يەردە. مەن ھېلىقى مىرئادىل بىلەن كامىنۇرنىڭ مۇشۇنداق شۇملۇق قىلىشىنى پەرەز قىلغانىدىم، دېگىنىمدەك بولدى. مېنىڭ سەدىردىننى ئاقلاشتا گۇۋاھچى بولۇشۇمنىڭ قانۇن ئالدىدا قانچىلىك رولى بار، بۇنى بىلمەيمەن. يەنە بىر گۇۋاھچىنىڭ بولۇشى تولىمۇ زۆرۈر. ئەمما، نەق مەيداندا باشقىلار كېتىپ قېلىپ بەشىمىزلا قالغاندۇق. بىز بىلەن بىرگە بارغانلاردىن نەق مەيداندا يەنە بىرەرسى بولغان بولسا، ئۇ گۇۋاھلىق بەرسە بەك ياخشى بولاتتى.

ــ قايتقاندىن كېيىن ئويدان ئويلان، سەن دېگەندەك يەنە بىر گۇۋاھچىنىڭ بولۇشى ھەقىقەتەن مۇھىم. شۇنىمۇ ئويلاپ باق، ھېلىقى مىرئادىل، كامىنۇر دېگەنلەر بىلەن سېنىڭ مۇناسىۋىتىڭ قانداقراق؟ ئۇلارنى ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتقۇزۇشقا بولامدۇ- يوق؟

ــ ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇلار ئۆزلىرىنى ھەقىقەتنى ياقلىغان ھېسابلايدۇ، ئۇلار نەق مەيدانغا مەندىن كېيىن كەلگەن، مېنىڭچە ھەقىقىي ئەھۋالنى ئىسپاتلاش ئاسانغا چۈشمەيدۇ.

ــ ھەي ئۇكام! سىلەرمۇزە، تازا قاملاشمىغان بىر ئىش

قىلغان ـ دە! تاماشا قىلىدىغان ئورۇن ئۆرۈمچىدە شۇنچە كۆپ تۇرسا، قىرىشقاندەك جەنۇبىي تاغقا بېرىپ نېمىمۇ قىلاتتىڭلار، بىرەر ياخشى جاي تېپىلمىغاندەك! بولدى، سەن بايا دېگەنلىرىڭنى تەپسىلىي يېزىپ تەييار قىل، بايا دوستلۇقنىڭ گېپىنى كۆپ قىلىپ كەتتىڭ، ئەقلىڭنى ئىشلىتىپ سەدىردىنگە دوستلۇقۇڭنى يەتكۈز، بولامدۇ؟

— ماقۇل.

پولات مۇئەللىم بىلەن خوشلىشىپ، پائالىيەت مەيدانىغا كىرىپ كەلگەندە ساۋاقداشلىرى بىر ئورۇنغا جەم بولۇشۇپ، سەدىردىننىڭ گېپىنى قىلىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار پولاتنى دەرھال ئارىغا ئېلىپ سوئال دۆۋىسىگە كۆمۈۋەتتى.

— سەدىردىن قانداق ئىشقا چېتىلىپ قاپتۇ؟

— بىرسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنى راستمىكەن ؟

— سەدىردىن ئۇنى ئۇرغانمۇ؟

— مۇئەللىم نېمە دەيدۇ؟ سەدىردىننى قۇتقۇزغىلى بولامدىكەن؟

— بىرنەچچە كۈندىن بېرى سەن سەدىردىن بىلەن بىللە ئىدىڭ، ئېيتە، بۇ ئىشتىن سېنىڭ خەۋىرىڭ بارمۇ؟

— بولدى- بولدى، مەن سىلەرگە تەپسىلىي دەپ بېرەي، ۋاراڭ- چۇرۇڭ قىلماڭلار!

پولات شۇنداق دەپلا توپ ئىچىدىن چىقىپ ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ساۋاقداشلىرىغا پەقەت تونۇلغۇنىكى ئىشنىلا سۆزلەپ بەردى. ھەممەيلەن بىردەم جىمجىت ئولتۇرۇپ كېتىشتى. ئاخىرىدا ئېگىز بوي يىگىت شۇنداق دېدى:

— مەن ئويلاپ كۆردۈم، بىز ھازىرلا سەدىردىننىڭ مەكتەپتىكى ئىپادىسىنى ئاساس قىلىپ، ئۇنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكى توغرىسىدا ساقچىلارغا ئىمزالىق خەت يازايلى.

ئۇ قولىدىكى خاتىرىگە بىرنېمىلەرنى يېزىشقا باشلىغاندا يەنە غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى:

— ئىمزالىق خەت يازغانىنىڭ پايدىسى بولارمۇ؟

— نېمىشقا بولمىغۇدەك!

— قاراپ تۇرۇپ بىر ساۋاقدىشىمىزنى يۇرتىغا ئەمەس، تۈرمىگە ئۇزىتىپ قويارمىزمۇ؟!

— ئۆلۈم ۋەقەسى يۈز بەرگەن بولسا تۈرمىگە ئەمەس، لەھەتكە ئۇزىتىمىز دېگەن گەپ!

— شۇم گەپ قىلما!

— پولات، سەن گەپ قىلمايسەنغۇ، سەدىردىن سېنى سىنىپتا ھېچكىمگە تەڭ قىلمايتتىغۇ؟!

— مۇشۇنداق چاغدا دانىشمەنلىكىڭنى ئىسپاتلىشىڭ كېرەك!

— مېنى بىردەم تىنچ قويۇڭلار!

ئېگىز بويلۇق يىگىت خەتنى يېزىپ بولدى ـ دە:

— كېلىڭلار، ھەممىڭلار بۇ يەرگە ئىمزا قويۇڭلار، — دېدى.

ئوقۇغۇچىلار بىر ـ بىرلەپ كېلىشىپ ئىمزا قويدى. شۇ چاغدا بىر قىز ئەتراپقا قاراپ:

— باھارگۈل قېنى؟ — دېۋىدى، ھەممەيلەن ئەتراپنى كۆزىتىشىپ باھارگۈلنىڭ يوقلۇقىنى بىلىشتى.

يەنە غۇلغۇلا باشلاندى.

— قاراڭلار، ماۋۇ ئىشنى! ئىلگىرى سەدىردىننىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەيتتى، يامان يەردە قۇيرۇقىنى قىسىدۇ مانا!

— ئۇ بايىلا مۇشۇ يەردە يىغلاپ ئولتۇراتتىغۇ؟

— يىغلىغانغا ئىش پۈتەمدۇ؟

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەيلى، ئەتىدىن بېرى باھارگۈل جىمجىت ئولتۇرۇپ كۆڭلىگە بىرەر پىلاننى پۈكتى بولغاي، بايا مەن ئۇنىڭ چىرايىدىن شۇنداق بىر ئېھتىماللىقنى سەزگەنىدىم.

— بىز ئۇنى ئەيىبلىگىنىمىز بىلەن، ئۇ ساقچىلار بىلەن دېيىشكىلى كەتتىمۇ تېخى!

— ئىشقىلىپ، باھارگۈلنىڭ دىتى بار. ئۇنداق قىلمايدۇ دېگىلىمۇ بولمايدۇ!

پولاتنىڭ خىياللىرى چىگىشلىشىپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ساۋاقداشلىرىغا سەدىردىننىڭ گېپىنى قىلماي، پائالىيەتنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئېيتقان بولسىمۇ، پائالىيەتنى داۋاملاشتۇرۇشقا ھېچكىمنىڭ رايى بارمىدى، ئۇلار تۇن نىسپىگىچە سەدىردىننىڭلا گېپىنى قىلىپ تارقاپ كېتىشتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇن نەچچە كۈندىن بېرى تەييارلىق قىلىشىپ زور ئۈمىدلىرى باغلانغان بۇ خوشلىشىش پائالىيىتى كۆڭۈلسىزلا ئاخىرلاشتى.

پولات ئەتىسىدىن باشلاپ 20 نەچچە كۈنگىچە بىر تەرەپتىن ج خ خادىملىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىش ۋە سەدىردىننى ئاقلاشقا پايدىلىق پاكىتلارنى توپلاش ھەلەكچىلىكىدە ئالدىراش ئۆتتى. بىراق، ئۇنىڭ بۇ يولدىكى تىرىشچانلىقىنىڭ ھېچقانچە ئۈنۈمى بولمايۋاتاتتى، ئارىدا ئۇ مىرئادىل ۋە كامىنۇر بىلەن بىرنەچچە قېتىم مۇڭداشقان بولسىمۇ، ئۇلار ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇپ «سەن بىزگە ئىلگىرى ھەقىقەتنى ياقلاش ئۈچۈن ۋەز ئېيتاتتىڭ، ئەمدى بىزنى ھەقىقەت ئالدىدا كۆزىمىزنى يۇمۇۋېلىشقا قىستامسەن، سېنىڭ قايسى گېپىڭ راست؟» دەپ «تاش» چىشلەشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ، ساۋاقداش-لىرىنىڭ ئىمزالىق خېتىنىڭ قىلچە رولى بولمىدى.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپ سەدىردىننىڭ ساۋاقداشلىرىنىڭ مەكتەپ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈزۈلگەن بولسىمۇ، كۆپ قىسىم ساۋاقداشلار بىرنەچچە كۈنگىچە پولاتقا ھەمراھ بولۇشتى. كېيىن سەدىردىننى قۇتۇلدۇرۇشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلدىمۇ، ئەيتاۋۇر، بىر - بىرلەپ يۇرتلىرىغا قايتىپ كېتىشتى. ئاخىرىدا پولاتلا ئۈرۈمچىدە

تەنھا قالدى.

بىر كونى پولات مۇئەللىمى بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپ يىغلاپ سالدى.

— بولدى، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، ئوكام، بىزمۇ تىرىشىپ باقتۇق. قانۇننىڭ ئادىللىقىغا ئىشىنەيلى، ھەقىقىي ئەھۋال ھامان ئايدىڭلىنىشىدۇ، سەنمۇ سەدىردىنگە بولغان ساۋاقداشلىق، دوستلۇق قەرزىڭنى تولۇق ئادا قىلدىڭ. ساقچىلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئىجازىتىنى ئالغاندىن كېيىن يۇرتۇڭغا قايتىپ كەتكىن. ۋاقىت ئۆتۈپ كەتسە خىزمەت تەقسىماتىڭدىن چاتاق چىقىدۇ، — دېدى مۇئەللىم سەمىمىي ھالدا.

— مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، مۇئەللىم، گەرچە مەن سەدىردىن بىلەن بىر يۇرتلۇق بولمىسامۇ ئۇنىڭ بىلەن ۋەدىلەشكەن، بىز ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى بىرلىكتە قىلماقچى بولغان، بىراق مەن قانىتىمدىن ئايرىلدىم. ئەمدى ماڭا خىزمەت، تۇرمۇش دېگەننىڭ ھېچقانداق قىممىتى قالمىدى. مۇشۇ ئۆرۈمچىدە تۇرۇپ سەدىردىننىڭ قايتىپ چىقىشىنى كۈتىمەن......

— بۇنداق دېسەڭ قاملاشمايدۇ، سەدىردىن قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ئىشلارنى سەن قىلىشىڭ كېرەك، شۇنداق قىلساڭ ۋىجدانىڭ ئازابتىن خالاس بولىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ!؟

— دېگىنىڭىزغۇ توغرا، مۇئەللىم، بىراق ھەقىقەتنى تاپماق نېمانچە تەستۇ، ساقچىلار نېمىشقا مېنىڭ سۆزۈمگە ئىشەنمەي، ھە دېسىلا كامىنۇر بىلەن مىرئادىلنىڭ سۆزىگىلا ئىشىنىۋالىدۇ؟

— ساقچىلار سېنىڭ ھېسسىياتىڭغا ئەمەس، پاكىتقا ئىشىنىدۇ، ئوكام، ئەھۋال شۇنداق تۇرسا ساقچىلاردىن يامانلىساق بولامدۇ؟

— مەن سەدىردىننىڭ دوستى بولغانلىقىم ئۈچۈنلا ئۇلار مېنىڭ گۇۋاھلىقىمغا ئېتىبار بەرمەمدۇ؟ تەلئەت بىلەن مىرئادىلنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ مېنىڭ سەدىردىن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمگە

ئوخشاشقۇ! ياق، مۇئەللىم، ياق، ئىش بۇ يەردە ئەمەس.
— بۇ كىيىك قاملاشمىدى، ئەمەلىيەتتە تەلئەت زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى تۇرسا، قانۇن ئالدى بىلەن ئۇنى ھىمايە قىلمىسا قانداق بولىدۇ؟
— بۇ گېپىڭىزمۇ قاملاشماي قالدىغۇ، مۇئەللىم، قانۇن سەدىردىننى مۇشۇنداقلا جازالىسا ئۇمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىمامدۇ؟
— ھاي ئۇكام، بۇنىڭ خاراكتېرى ئوخشىمايدۇ، قانۇننىڭ جازاسىنى زىيانكەشلىك دەپ چۈشەنسەك قانداق بولغىنى؟ تېخى ئاخىرقى يەكۈن چىقمىغان تۇرسا، ساقچىلارمۇ بوش ئەمەس، ھامان ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىقلاپ چىقىدۇ.
— ئەمدى چۈشەندىم، مۇئەللىم، سىزمۇ گۇناھ سەدىردىندە دەپ ھېسابلايدىكەنسىز - دە؟
— گېپىمدىن ئۇنداق مەنە چىقمايدۇ، ئۇكام، قانۇن بىلەن ھېسسىياتنى ئارىلاشتۇرما، مەن سەدىردىنگە باھا بېرەلمەيمەن، دېيىشىڭچە سىلەر ئەينى چاغدا ھاراقنى بەك كۆپ ئىچىپسىلەر، سەدىردىننىڭ ماھىيىتىدە ئۇنداق ۋەھشىيلىك يوق دېگەندىمۇ، ھاراق ئىچكەن ئادەمنى ۋەھشىيلىك قىلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. سەن تەلئەت يەرگە يىقىلىپ بولغاندا سەدىردىن بىلەن ئۇچرىشىپسەن، قېنى دەپ باقە، مۇبادا سەدىردىن بوتۇلكىنى تەلئەتنىڭ قورسىقىغا تىقىۋېتىپ قاچقان بولسىچۇ؟ ئەڭ مۇھىم تۈگۈن دەل مانا مۇشۇ يەردە!
— بولدى، مۇئەللىم، بۇگۈنكى پارىڭىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، مەن كېيىن يەنە سىزنى ئىزدەپ كېلىمەن.
— نېمە، مەندىن رەنجىپ قالدىڭما؟
— ياقەي!
— ھەر ھالدا يۇرتۇڭغا بېرىپ، خىزمەت تەقسىماتىڭنى بىر ياقلىق قىلىپ كەلسەڭ بولاتتى.

— هازىرچە بۇ ئىشلارنى ئويلىغۇم يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساقچىلار مېنى ھەم مىرئادىل بىلەن كامىنۇرنى سەدىردىننىڭ ئىشى بىر تەرەپ بولغۇچە ئۈرۈمچىدە تۇرمىساڭلار بولمايدۇ دېدى.
— شۇنداقتىمۇ يۇرتۇڭغا بېرىپ كېلىش ئۈچۈن ساقچىلارغا ئىلتىماس سۇنۇپ باق.
— پەرىزىمچە ئۇلار سەدىردىنگە جىنايەت بېكىتىشتە ھەقىقىي پاكىتقا ئېرىشەلمىدى بولغاي، راست، ئۇلار يەنە كەۋسەرنىمۇ چاقىرتىپتۇ، ئۇ ئەتە ئۈرۈمچىگە كەلگۈدەك، سوت ئېچىلىپ قالسا بىر مەيدان كۆرەش بولىدۇ، شۇڭا مەن ھازىرچە يۇرتۇمغا كەتمەيمەن.
— ئىرادەڭگە قايىل بولدۇم، ئۇكام، سەن مۇنداق دېگەن يەردە سېنى قوللىمسام بولامدۇ، ھە راست، سەدىردىننىڭ ھېلىقى مىجىت ئىسىملىك تۇغقىنىنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغاندەك قىلامدۇ؟
— مىجىتكامنىڭ ئۈرۈمچىدە تونۇشلىرى خېلى كۆپكەن، ئۇ سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ يارامىلىق بىر ئادۋوكات تاپتى، ئۇنىڭ دېيىشىچە بىز سوت ئېچىلغۇچە ئالدىن تەييارلىق قىلساق ئۇنۇمى ياخشى بولىدىكەن.
— دۇرۇس، شۇنداق بولسۇن ئەمىسە، مېنىڭ كەۋسەر دېگەن قىزنى بىر كۆرگۈم بار، بەلكىم ئۇ قالتىس قىز بولسا كېرەك.
— مەن ئەمدى قايتاي، خوش، مۇئەللىم.
— خوش ئەمىسە!

*   *   *

پولات كەۋسەر بىلەن ئادۋوكاتنىڭ ئۆيىگە كەلدى.
— ھە، كەلدىڭلارمۇ، قېنى ئولتۇرۇڭلار، — دېدى ئوتتۇرا

بوي، پاينەك باش ئادۋوكات قىزغىن هالدا، كېيىن ئۇ پىيالىگە چاي قۇيۇپ پولات بىلەن كەۋسەرگە سۇنغاندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن ئىككىڭلار يېزىپ چىققان ماتېرىيالنى تەپسىلىي كۆردۈم، ئەھۋال ھەقىقەتەن سىلەر يېزىپ چىققاندەك بولسا دوستۇڭلارنى ئاقلاش ئانچە تەسكە چۈشمەيدۇ، سوت پاكىتنى ئاساس قىلىدۇ، بىراق ئېھتىماللىق ئۆز نۆۋىتىدە پاكىت رولىنى ئۆتىيەلمەيدۇ، سىلەر تىلغا ئالغان ھېسسىيات ۋە روھىي ئامىل مەسىلىسىنى سوتتا يۈزەكى ئوتتۇرىغا قويساق ئىش تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، تەلئەتنى مۇھەببەتتە مەغلۇپ بولۇپ، روھىي جەھەتتىن سۇنغان، چۈشكۈنلۈك ئۇنى ئۆز - ئۆزىنى نابۇت قىلىش باسقۇچىغا ئېلىپ كەلگەن دېسەك، بۇنىڭغا بىزدە يېتەرلىك پاكىت يوق. چۈنكى، ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت تېخى ئۈزۈلمىگەن، ئۇنداق بولغاندا پىسخىكا جەھەتتىن ئۆچمەنلىك تەلئەتتە ئەمەس، سەدىردىنىدە بولغان بولىدۇ. دېمەك، بۇ يەردە سەدىردىن زىددىيەتنىڭ ئاساسىي تەرىپى بولىدۇ، بۇ چاغدا ماۋۇ پولاتنىڭ «زىددىيەتنى تەلئەت كەسكىنلەشتۈرگەن» دېگەن سۆزى چەك باسماي قالىدۇ. دېمەك، بۇ خىل مەنتىقە بىز ئۈچۈن پايدىسىز، مۇبادا بىز ئىلگىرى تەلئەت بىلەن سەدىردىننىڭ كەۋسەر قىزنى تالىشىپ بىرنەچچە قېتىم زىددىيەتلەشكەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، سەدىردىننىڭ تەلئەتكە قارىتا قىلچىلىك ئۆچمەنلىكى يوق ئىدى، ئۇ مۇھەببەتتە مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئاقلانە ھالدا ئېتىراپ قىلغان ھەمدە كەۋسەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تەلئەتنى دوست قاتارىدا كۆرگەن دېسەك، بۇ سۆز تېخىمۇ چاك باسماي قالىدۇ، دېمەكچىمەنكى: كەۋسەر قىزنىڭ قارىشى بويىچە دوستلۇق ئۆز يولى بىلەن، مۇھەببەتمۇ ئۆز يولى بىلەن داۋام قىلىسمۇ، دوستلۇقنىڭ كۆپ ھاللاردا قىز - يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدا مۇھەببەتنى ئاپىرىدە قىلىشى ئەقەللىي ھادىسە،

كەۋسەرنى مەركەز قىلغان بۇ ئىككى يىگىت ئوتتۇرىسىدا بۇ خىل باغلىنىشنىڭ مەۋجۇت بولۇشى تەبىئىي. چۈنكى، ئىككىلا يىگىت كەۋسەر قىزنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەمدى بۇ يەردە مەغلۇپ بولغۇچى زادى كىم دېگەن سوئال چىقىدۇ، قېنى، كەۋسەر قىز، سىز بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىپ بېقىڭە؟

كەۋسەر ئادۋوكاتقا قاراپ بىرپەس مەڭدەپ قالغاندىن كېيىن:

— مەن سىزنىڭ تەلىپىڭىز بويىچە ھەممىنى ماتېرىيالغا يازغانغۇ؟— دېدى سەل ئوڭايسىزلانغاندەك قىمىرلاپ قويۇپ.

— دورۇس، بۇنى بىلىمەن، سىز ماتېرىيالدا ئۆز ۋاقتىدا سەدىردىننىڭ تەلىپىنى رەت قىلغانلىقىڭىزنى، كېيىن ئۇنىڭ بىلەن دوستلۇقىڭىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ مەقسىتىڭىزگە يەتكەنلىكىڭىزنى يېزىپسىز، سىزنىڭچە بۇنىڭلىق بىلەن سەدىردىننى ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ماھىيىتىدىن قايتىپ، كۆڭلىدە تەلەئەتكە ھېچقانداق ئاداۋەت ساقلىمايدۇ دەپ قارامسىز؟

— بۇ تىرىشچانلىقنى ئۆز ۋاقتىدا مەنلا ئەمەس، تەلئەتمۇ كۆرسەتكەن. شۇڭا، سەدىردىننىڭ تەلئەتكە ئاداۋەت ساقلىشى ئەقىلگە سىغمايدۇ.

— مۇبادا سىز ۋەقە يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى نەق مەيداندا بولغان بولسىڭىز بۇ پاجىئەنى توسۇپ قالالايتتىڭىز، شۇنداقمۇ؟

— ئەلۋەتتە، ئىلگىرى بىز بىرلىكتە بىرنەچچە قېتىم ئولتۇرۇپ، ساق ـ سالامەت قايتىپ كەتكەن. دېمەكچىمەنكى، بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ئاللىقاچان ئۆزئارا چۈشىنىش، دوستلۇق ھاسىل بولغان.

— دېمەك، سىزنىڭ ئۇ كۈنى نەق مەيداندا يوق بولۇشىڭىز، يەنە كېلىپ يۈرتىڭىزغا كېتىشىڭىز ئاخىرقى ھېسابتا تەلئەتنىڭ مۇھەببەت تەلىپىنى رەت قىلغانلىقىڭىزنى بىلدۈرمەيدۇ، شۇنداقمۇ؟

ــ شۇنداق، مېنىڭ يۇرتۇمغا كېتىشىم پەقەت ئامالسىزلىقتىن بولغان، بۇنى تەلئەت ياخشى بىلەتتى، شۇڭا ئۇ مېنىڭ: ئىككىمىز مېنىڭ يۇرتۇمغا بېرىپ بىر مەزگىل ئىشلەپ كېيىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلەيلى دېگەن پىكرىمنى ئاتا ـ ئانىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان بولغان.

ــ قېنى، بۇ ئىشنى تەپسىلىيرەك سۆزلەپ بېقىڭ.

ــ كېيىن ئۇ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ بۇ ئىشتىكى قارىشىنى ماڭا دېمىگەن، شۇڭا بۇ ھەقتىكى ئىشلار ماڭا نامەلۇم.

ــ سىز پەرەز قىلىپ بېقىڭ، تەلئەتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئەينى ۋاقىتتا تەلئەتكە نېمىلەرنى دېگەن بولغىيتتى؟

ــ بۇنىڭغا بىرنېمە دېيەلمەيمەن، مەن پەقەت تەلئەتنىڭ ئۇلارنىڭ بىر تاللا ئاززۇلۇق ئوغلى ئىكەنلىكىنىلا بىلىمەن.

ــ سىز تەلئەتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئىلگىرى يۈز كۆرۈشكەنمۇ؟

ــ ياق، مەن ئۇلارنى سىرتتىن كۆرگەن، يۈز تۇرانە كۆرۈشۈپ باقمىغان.

ــ سىزنىڭچە ئۇلار سىزنىڭ تەلئەت بىلەن توي قىلىپ بىر ئۆيلۈك بولۇشىڭىزغا قوشۇلامتى؟

ــ بۇنىسى ماڭا ئېنىق ئەمەس.

ــ پولات، سىزمۇ مۇشۇ ئىشتىكى پەرزىڭىزنى دەپ باقامسىز. بۇ تەلئەتنىڭ شۇ كۈندىكى روھىي ھالىتىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىش، يەنە بىز پايدىلىنىشقا بولىدىغان مۇھىم يىپ ئۇچى.

ــ بولىدۇ، مەنمۇ قارىشىمنى دەپ باقاي، مېنىڭچە تەلئەتنىڭ ئانىسى قارشى تۇرىدۇ، دادىسىنىڭ مەيدانىنى بىلمەيمەن، نېمىشقا دېسىڭىز، تەلئەتنىڭ ئانىسى دادىسىغا قارىغاندا تولىمۇ تەكەببۇر ئايالكەن، ئۇنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدىن كەۋسەرنى نەزەر قىرىغا

ئالمايدىغانلىقى، يەنە ئېرىنىڭ سۆزلىرىنى كۆپىنچە رەت قىلىپ، ھەربىر ئىشتا ئۆزىنىڭ دېگىنىدە چىڭ تۇرىدىغانلىقى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ.

— بۇ سىزنىڭ پەرزىڭىزمۇ ياكى پاكىتى بار گەپمۇ؟

— ئىلمىي پەرەز پاكىت ئاساسىدا بولىدىغۇ دەيمەن، مەن ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن ئۇلار بىلەن كۆپ ئۇچراشتىم، بىر قېتىم تەلئەتنىڭ ئانىسىنىڭ: «بىر سەھرالىق قىزنى دەپ بۇنداق قىلمىساڭ بولاتتى، ئوغلۇم» دەپ دادلاپ يىغلىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. يەنە ئۇ ئېرىنىڭ سەمىمىي نەسىھەتىنى ئاڭلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭغا قاتتىق تەگدى......

— سىلەر ئىككىڭلار يازغان ماتېرىياللارغا بۇ ئىشلارنى نېمىشقا يازمىدىڭلار؟ كەۋسەر، بولۇپمۇ سىز تەپسىلىي يېزىشىڭىز كېرەكتىغۇ! ساقچىلار سىز بىلەن سۆھبەتلەشكەندە بۇ ئىشنى دېدىڭىزمۇ؟

— مەن......بۇ ئىشنى دېيىشنىڭ پايدىسى بارمۇ؟

— قاراڭ گېپىڭىزنى، نېمىشقا پايدىسى بولمايدىكەن، بىر تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندە مەن سىزدىن «سىزنىڭ يۇرتقا كەتكەنلىكىڭىزدىن تەلئەتنىڭ سەدىردىنگە قارىتا ئۆچمەنلىك ساقلاش ئېھتىماللىقى بارمۇ؟» دەپ سورىسام، ئېنىق جاۋاب بەرمىدىڭىز، سىز پەقەت سەدىردىنگە دوستلۇق مېھرىنى تولۇق يەتكۈزدۈم دېگەن سۆزدىن چەتنىيەلمەي تۇرۇۋاتىسىز. مۇبادا تەلئەتنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ سىزگە بولغان قارىشىنى پولات دېمىگەن بولسا مەن نەدىن بىلەتتىم؟ دېمەكچىمەنكى، سىڭلىم، سىز ماڭا ھەممە ئىشنى ئېنىق، تەپسىلىي دەپ بېرىشىڭىز كېرەك.

— كەۋسەرگە مەنمۇ شۇنداق دېگەن بولمىسا...... — پولات سۆز قىستۇرۇۋىدى، ئادۋوكات ئۇنىڭ سۆزىگە ئېتىبار قىلمايلا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى.

— ئىككىڭلارنىڭ كۆڭلىدە شۇ نەرسە ئېنىق بولسۇن، بىز سەدىردىننى ئاقلاشتا: تەلئەتنىڭ روھىغا تەسىر كۆرسەتكەن ئامىللارغا تايىنىمىز، سىلەر بىلىسىلەر، ئىككى ئادەمنىڭ بىرى زەخىملىنىپ ئۆلگەنىكەن، قانۇنىڭلا ئەمەس، ھەربىر كىشىنىڭ گۇمان نەزەرى دەرھال ئىككىنچى ئادەمگە ئاغىدۇ، چۈنكى بۇ يەردە ئۈچىنچى ئادەم يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككىنچى ئادەمنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتمۇ يوق، دېمەك بىز ئەيىبلىگۈچىلەر نەزەردىن ساقىت قىلغان مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقىشىمىز كېرەك.

ئادۋوكاتنىڭ بۇ سۆزىدىن پولاتنىڭ كۆز ئالدى بىرئاز يورۇغاندەك بولدى - دە، سورىدى:

— سىزنىڭچە بىز سوتتا غالىب كېلەلەرمىزمۇ؟

ئادۋوكات جاۋاب بېرىش ئورنىغا ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ ياندۇرۇپ سورىدى:

— سىزنىڭ پەرزىڭىزچە بولغاندىچۇ، يېڭەلەرمىزمۇ؟ بۇ سوئالغا ماۋۇ كەۋسەر قىزمۇ جاۋاب بېرىپ باقسۇن قېنى؟

— مېنىڭ پەرىزىمچە، ساقچىلارنىڭ قولىدا مىرئادىل بىلەن كامىنۇرنىڭ گۇمانىي قارىشىدىن باشقا، ئىلگىرى ئۈچەيلەننىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن بىر قاتار ئىشلارنىڭ تەپسىلاتىلا بار، مېنىڭچە بۇ مەسىلىلەر سەدىردىننى ئەيىبلەشكە يەتمەس.

ئادۋوكات پولاتنىڭ بۇ سۆزىگە كۈلۈپلا قويدى، كېيىن كەۋسەرگە قاراپ دېدى:

— قېنى، سىز دەپ بېقىڭە، كەۋسەر!

— مەن ئېنىق بىرنېمە دېيەلمەيمەن.

— سىز كامىنۇر ھەم مىرئادىل بىلەن بۇ توغرۇلۇق پاراڭلاشقاندا قانداق تەسراتقا كەلدىڭىز؟

— ئۇلار ئەلۋەتتە سەدىردىننى گۇماندار ھېسابلايدۇ.

— ئۆزىڭىزنىڭ شەخسىي قارىشىڭىزنى دەپ بېقىڭە!

— مەن نەق مەيداندا بولمىغانلىقىم ئۈچۈن بۇ سوئالغا ئېنىق جاۋاب بېرەلمەيمەن، مەن دوستلۇق مېھرى بىلەن سەدىردىن ئاقلانسا دەپ ئارزۇ قىلىمەن، ئەمما بۇ ئارقىلىق يەنىلا ھەقىقەتنى چەتكە قاقالمايمەن.

— ئەمىسە بۇ سوئالغا يەنىلا ھەقىقەت جاۋاب بەرسۇن، سىلەر قايتقاندىن كېيىن ئىمكانىيەتىڭلار يار بەرگەن ئەھۋالدا تەلئەتنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى روھىي ھالىتىگە تەسىر كۆرسىتىش ئېھتىماللىقى بولغان مەسىلىلەر توغرىسىدا كۆپرەك پاكىت توپلاڭلار.

پولات بىلەن كەۋسەر ئادۋوكات بىلەن خوشلىشىپ كوچىغا چىققاندىن كېيىن باشقا گەپ قىلىشمىغان بولسىمۇ، ھەر ئىككىسى سەدىردىن ئۈستىدە تەگىسىز خىياللارغا چۆمۈشكەنىدى. پولات كەۋسەرنىڭ مىرئادىل بىلەن كامىنۇرنىڭ مۈشۈ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئۆزىگە دېگەن گەپلىرىنىڭ تەسىرىگە خېلىلا ئۇچرىغانلىقىدىن رەنجىگەن بولسا، كەۋسەر سەدىردىننىڭ بىر چاغلاردا تەلئەتكە يازغان قوپال خېتىنى ئېسىگە ئېلىپ، پولاتنىڭ سەدىردىننى ئاقلاپ دېگەن گەپلىرىدىن گۇمانلىناتتى، ئۇلار شۈنداق مېڭىپ تۆت كوچا ئاغزىغا كەلگەندە كەۋسەر:

— سەن قايتىپ تۇر، مەن كامىنۇر بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەي، — دېدى.

پولات خىيال ئىلكىدە ئۇنىڭغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى، كەۋسەر كەتكەندىن كېيىن ئورنىدا بىردەم تۇرۇپ قالدى.

كېيىنكى كۈنلەردە پولات بىلەن كەۋسەر تولىمۇ ئالدىراش ئۆتتى، ئۇلار پات ئارىدا سەدىردىن ئۈستىدە سوت ئېچىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاچقا، ئادۋوكاتنىڭ كېرەكلىك ماتېرىياللارنى تەييارلىشىغا ياردەملەشتى، ۋاقىت چىقىرىپ ئۇرۇمچىلىك ساۋاقداشلىرى بىلەن بىر- بىرلەپ كۆرۈشۈپ سەدىردىن ئۈچۈن

پايدىلىق ئىمكانىيەتلەرنى ئىزدەپ باقتى، بىراق ئۈنۈمى بولمىدى.
مانا، ئەتە سەدىردىننىڭ دېلوسى ئۈستىدە سوت ئېچىلاتتى. كەۋسەر بىلەن پولات بۈگۈن كېلىشىۋالغىنى بويىچە ئەتىگەندىلا ئادۋوكاتنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ ئىككى سائەتتىن ئارتۇق پاراڭلاشتى ھەم ماتېرىياللارنى رەتلەپ تەييار قىلدى، ئاندىن ئادۋوكات بىلەن ئەتە سوتتا كۆرۈشىدىغان بولۇپ خوشلاشتى، كوچىغا چىققاندىن كېيىن پولات جىمىپلا كەتتى، ئۇنىڭ يۈرىكى ئارىلاپ ئەنسىز سوقاتتى. تۇرۇپ - تۇرۇپ دېمى سىقىلاتتى، كەۋسەرنىڭمۇ بۈگۈن ئۆتكەن كۈنلەردىكىدىن كەيپىياتى تۆۋەن ئىدى. ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، ئارىلاپ بېشى چىڭقىلىپ ئاغرىيدىغان كونا كېسىلى قوزغىلىپ قالغانىدى. پولات يانمۇيان كېتىۋاتقان كەۋسەرنىڭ چىرايىنىڭ ئۆڭكۈلى قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ پەس ئاۋازدا دېدى:
— كەۋسەر، چىرايىڭ بىر قىسىملا بولۇپ قاپتۇ، ئىككى كۈندىن بېرى تۈزۈكرەك تاماقمۇ يېمىدىڭ، بېشىڭ يەنە ئاغرىۋاتسا كېرەك، دوختۇرغا كۆرۈنۈپ بىرئاز دورا ئالايلى، ئەتە كەيپىياتىڭ ياخشى بولمىسا بولمايدۇ.
— دوختۇرغا كۆرۈنسەم مېڭەمگە قان يېتىشمەپتۇ دەيدۇ شۇ، بولدىلا بارمايلى.
— قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، سالامەتلىكىڭنى ئاسرىشىڭ كېرەك. بۈگۈن مېنىڭمۇ بېشىم ئاغرىپلا تۇرىدۇ، ئىككىمىز دوختۇرغا كۆرۈنۈپ باقايلى.
— سەن كۆرۈنۈپ كەل، مەن بارمايمەن.
— ئۆزۈڭنى ئويلىمىغاندىمۇ سەدىردىن ئۈچۈن بولسىمۇ گېپىمنى ئاڭلاپ قوي، مېنىڭچە ئەمەلىيەتچىلەرەك بولغىن، تەلئەت ئۆلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانچە قىلساقمۇ ئەمدى ئورنىغا كەلمەيدۇ......ئەتە سەدىردىن ئۈچۈن روھلۇق بولمىساڭ بولمايدۇ.
— دوختۇرغا كۆپ كۆرۈندۈم، شۇڭا يەنە كۆرۈنسەم يەنە شۇ،

ماڭا قارىماي سەن بىرىۋەر.
— ئۆزۈڭنى بۇنچە تاشلىۋەتمە، مېنىڭچە سەن ئۆتكەن ئىشلارنى ئەمەس، كەلگۈسىنى ئويلىشىڭ كېرەك.
گەرچە كەۋسەر پولاتنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى، يەنى دوختۇرغا كۆرۈنۈشنى تەشەببۇس قىلىش ئارقىلىق «ئەتە چوقۇم سەدىردىننى ئاقلىشىڭ كېرەك» دېگەن ئاساسىي مەقسىتىنى ئەتەي ئەسكەرتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، نېمىشقىدۇر بىلمەسكە سېلىۋاتاتتى. ئۇنداقتا پولاتنىڭ ئەندىشىسى تېخىمۇ ئاشاتتى. ئۇنىڭسىزمۇ پولات كەۋسەرنى ئۇرۇمچىگە كەلگەندىن بۇيان كامىنۇرنىڭ تەسىرىگە يېتەرلىك ئۇچرىدى دەپ بىلەتتى. مۇبادا ئۇنىڭ ئويلىرى توغرا چىقسا قالسا ئەتىكى سوت سەدىردىن ئۈچۈن پايدىسىز بولاتتى.
پولات كەۋسەرگە نېمىدۇر دېمەكچى بولۇپ تۇرغاندا كەينى تەرىپىدىن بىركىم دولىسىغا يېنىك ئۇردى، پولات چۆچۈگىنىچە كەينىگە ئۆرۈلۈپ تۇرۇپلا قالدى، كۆز ئالدىدا باھارگۈل كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى.
— قانداق، ساۋاقدىشىم، بۇ يەردە كۆرۈشۈپ قالىدىغانلىقىمىزنى خىيالىڭغىمۇ كەلتۈرمىگەن بولغىيتتىڭ ئەتىمالىم، — دېدى باھارگۈل ھەيرانلىق ئىلكىدە ئۆزىگە قاراپلا قالغان پولاتقا ئىلگىرىكىدەك شوخ ئاۋازدا، ئاندىن كۆرۈشۈش ئۈچۈن پولاتقا قولىنى سۇنغانىدى، كەۋسەر ئۇنىڭغا لاپپىدە قاراپ قويۇپلا پىيادىلەر يولىدىكى يايمىچىلار تەرەپكە ئۆرۈلۈۋالدى.
— راست دېدىڭ، سېنى بۇ يەردە ئۇچرىتىپ قالارمەن دەپ ھەرگىز ئويلىماپتىمەن، — دېدى پولات سوغۇققىلا.
ئارىدا ئۇ ئەتراپتىكى كىشىلەردىن ئەيمىنىپ باھارگۈلگە قولىنى ئۇزاتمىدى، باھارگۈلمۇ ئۇنى خىجىل قىلماي دېدىمۇ، ئەيناۋۇر، ئۇنىڭغا سۇنغان قولىنى دەرھال تارتىۋالدى.

ــ مەندىن رەنجىپ قالغانداڭ تۇرىسەنغۇ! بوپتۇ، بۈگۈن قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەيلى، ئەمما بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بۇ قوللىرىمنى تۇتىيا بىلمىگىنىڭنى مەن بىر كۆرەي!

دەرۋەقە باھارگۈل پولاتنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغانىدى، ئەسلىدە پولات سەدىردىننى ساقچىلار ئېلىپ كەتكەن ئاشۇ كۈندىن باشلاپ باھارگۈلنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرسەتمىگەنلىكىدىن رەنجىپ يۈرەتتى، ئۇنىڭ ئويىچە بولغاندا سەدىردىننى سىنىپتىكى ساۋاقداشلىرىغا ئۇچۇقتىن - ئوچۇق «ياخشى كۆرىمەن» دەپ يۈرىدىغان باھارگۈلنىڭ، ئۇنىڭ بېشىغا مۇشۇنداق ئېغىر كۈن چۈشكەندە باشقا ساۋاقداشلىرىغا ئوخشاش ئۈرۈمچىدە بىرنەچچە كۈن تۇرۇشى كېرەك ئىدى.

ــ ئۈرۈمچىگە قانداق بولۇپ كېلىپ قالدىڭ؟ــ سورىدى پولات سوغۇق تەلەپپۇزدا.

ــ قانداق بولۇپ كېلىپ قالدىڭ دەمسەن، ئالدى بىلەن سەندىن سوراي، سەن نېمشقا يۈرتۇڭغا كەتمىدىڭ؟

ــ بۇنىمۇ سوراش كېتەمدۇ؟

پولات شۇنداق دەپلا يانغا بۇرۇلۇپ كەۋسەرگە قارىدى، بۇ چاغدا كەۋسەر ئۈلاردىن بىرنەچچە قەدەم يىراقتىكى يايمىچىلارنىڭ يېنىغا بېرىپ بولغانىدى.

ــ پولات، ئۆزۈڭنى بۇنچە دانا چاغلاپ كەتمە، ساڭا راستىنى دەي، مەن ئۈرۈمچىگە كەلگىلى بىرنەچچە كۈن بولدى، مەنمۇ سەن ماڭغان يولدا مېڭىۋاتىمەن.

ــ گەپدانلىق قىلما، بۇ يەردە تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالمىغان بولساق ھېلىغىچە نەلەردە يۈرەتتىڭكىن!

ــ بوپتۇ ئەمسە، ئەتە سوتتا سەدىردىننى ئاقلايدىغانغا قانداق پاكىتىڭ بار؟ شۇ كۈنى سەن نەق مەيداندا بار ئىدىڭغۇ؟

ــ سەن.....سوتنىڭ ئەتە ئېچىلىدىغانلىقىنى قانداق

بىلدىڭ؟

— سەن بۇنى سورىماي، مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بېرىپ باقە! ئەتە سوتتا گۇۋاھلىق بېرىپ سەدىردىننى ئاقلاپ چىقالامسەن ھەم يەنە دانىشمەنلىكىڭنى زادى قانداق ئىسپاتلىماقچى بولۇۋاتىسەن؟

— بۇنىڭغا مەن........ مەن بىرنەرسە دېيەلمەيمەن. مۇشۇنداق چاغدىمۇ چاقچاق قىلامسەن؟ بۇ گەپلىرىڭنى قوي.

— ئۇنداق بولسا ئۆزۈڭنى ماڭا ناھايىتى چوڭ ئىشلارنى قىلىپ كەتكەندەك كۆرسەتمەن دېمە، مەن بىلىمەن، سېنىڭ قىلغانلىرىڭ چاغلىق، ئادۆوكاتقا ماتېرىيال توپلاپ بەردىڭ، يەنە ئاۋۇ «لىن دەيىۋ خېنىم»نى يېتىلەپ يۈردۈڭ شۇ.

— مۇئەللىم بىلەن كۆرۈشۈپسەن - دە!

— كۆرۈشەمەي قالامدىم! بىرنەچچە كۈن مابەينىدە سىلەر بىلەن نەدە خالىسام شۇ يەردە كۆرۈشەلەيتتىم، ئەمما كۆرۈشكۈم كەلمىدى، ھەممە ئىشنىڭ ۋاقتى - قەرەلى بار ئەمەسمۇ، مانا بۈگۈن ۋاقتى كەلدى، ئەمدى گەپ تالىشىپ تۇرمايلى، سەن قايتىپ تۇر، مېنىڭ ئاۋۇ «لىن دەيىۋ خېنىم» بىلەن دېيىشىدىغان گېپىم بار.

— ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ بىز نېمە كويدا، سەن نېمە كويدا يۈرىسەن! سەن كەۋسەر بىلەن تونۇشمىساڭ، سېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكۈدەك نېمە ئىشىڭ بار ئىدى؟

— ئۇ مېنى تونۇمىغان بىلەن، مەن ئۇنى ئوبدان تونۇيمەن، ئەتە ھەممىنى بىلىپ قالىسەن، مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن دېيىشىدىغان گېپىم سەدىردىنگە مۇناسىۋەتلىك، ئەمدى كەتسەڭ بولامدىكىن.

— باھارگۈل، چاقچاقلىرىڭنى يىغىشتۇر، راستىنى دېسەم مېنىڭ سەندىن رايىم قالغان، ھازىرلا كەۋسەر بىلەن قىلىدىغان مۇھىم ئىشىم بار، سەنمۇ بىزنى كاشىلا قىلماي يولۇڭغا ماڭ، بولامدۇ؟

ــ بۇ گەپلىرىڭنى يىغىشتۇر، سىنىڭ قەيىرىڭ دانىشمەنگە ئوخشىسۇن شۇ تاپتا، قىنى، دەپ باقە، قولۇڭدا سەدىرىدىنى ئاقلايدىغان پاكىت بارمۇ؟

ــ سەدىردىننى ئادۋوكات ئاقلايدۇ.

ــ ئادۋوكات قايسى پاكىتقا ئاساسەن ئاقلايدۇ؟ مەن بىلىمەن، سىلەردە سوتچىنى قايىل قىلغۇدەك پاكىت يوق، ئەمما مەندە بار!

ــ سەندە پاكىت بولسا مۇشۇ بىرنەچچە كۈنگىچە نېمىشقا بىزگە دېمەيسەن؟ بۇ گېپىڭگە كىم ئىشىنىدۇ!

ــ خاتىرجەم بول، ئەتە سوت ئىشىنىدۇ، سەدىردىن شۇنچە ياخشى كۆرىدىغان ئاۋۇ ئەتىۋارلىقنىڭ ئەتىكى سوتتا نېمە دەيدىغانلىقىنى بىر ئاڭلىغۇم بار مېنىڭ......

ــ ئېيتە، سەندە زادى قانداق پاكىت بار؟

ــ مەن ھەممىگە سەۋر ـ تاقەت قىلىپ كۆنۈپ قالغان، يەنە تاقەت قىلىمەن، ئەتە سوت بەكمۇ قىزىق بولۇشى مۇمكىن. ۋاقتىمنى ئالما، مەن ئەتىگەندىن بېرى سىلەرنىڭ پېيىڭلەرگە چۈشكەن، ئادۋوكاتنىڭ يېنىدا بەكمۇ ئۇزاق كاشىلا بولدۇڭلار، ئۇ ئەتە ھېچنېمىگە يارىمايدۇ، ئەمدى كەتكىن.

ــ جۆرە ئەمسە، كەۋسەرگە دەيدىغان گېپىڭنى مەنمۇ ئاڭلايمەن.

ــ قىزلارنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق مەخپىيەتلىكى بولىدۇ، دانىشمەن تۇرۇپ شۇنچىلىك قائىدىنىمۇ بىلمەمسەن؟ خاتىرجەم بول، ئۇنىڭ بىلەن دوستانە مۇڭدىشىمەن.

ــ سەن زادى نېمە قىلماقچى؟ كەۋسەرنىڭ دەردىمۇ ئۆزىگە يېتىپ ئاشىدۇ، شۇ تاپتا ئۇ سېنىڭ پەلىپەتىش گەپلىرىڭنى كۆتۈرەلمەيدۇ جۇمۇ!

ــ بولدىلا، ئەتىدىن بېرى سەدىردىننىڭ يېقىن دوستى دەپ ھۆرمىتىڭنى قىلىپ قويدۇم، ئەمدى سەۋر قاچام توشتى،

كەينىمـدىن ئەگەشـسەڭ بـازاردا تىللايـمەن جۇمـۇ! ــ دېـدى باھارگۈل كەسكىن تۈردە. ئاندىن پولاتنى كۆتـۈپ تـاقىتى ـ تـاق بولۇپ تۇرغان كەۋسەر تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ــ ساراڭ! ــ دېدى پولات ئەجەبسىنىپ.

ئۇ باھارگۈلگە ئەگىشىپ ماڭماقچى بولغان بولسىمۇ، باھارگۈلـ ـنىڭ چىرايىدىكى كەسكىن ئىپادىنى كۆرۈپ نىيىتىدىن يانـدى. راستىنى ئېيتقاندا پولات شۇ تاپتا باھارگۈلنىڭ تولۇمىدىن توقماق چىققاندەكلا دېگەن سۆزلىرىدىن تەئەججۈپلىنىۋاتاتتى. ئاڭغۇچە باھارگۈل كەۋسەرنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا بىرنېمىلەرنى دېدى، كەۋسەر ئەجەبلىنىش ئىچىدە بىردە باھارگۈلگە، بىردە نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغان پولاتقا قارىدى. پولات بېشىنى لىڭشىتقانىدى، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن «باھارگۈل بىلەن مۇڭداشقىن» دېگەندەك مەنىنى سېزىپ، ئەگىشىپ كېتىپ قالدى. پولات ئورنىدا بىردەم تۇرۇپ باھارگۈلنىڭ بايا دېگەن گەپلىرىنى بىر ـ بىرلەپ تەھلىل قىلغان بولسىمۇ، ھېچبىر ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى.

باھارگۈل كەۋسەرنى بالىلار باغچىسىغا باشلاپ كەلدى.

ــ مەن ئۆزۈمنى سىزگە يەنە قايتا تونۇشتۇراي، ئىسمىم باھارگۈل، سەدىردىننىڭ ساۋاقدىشى، ــ دېدى باھارگۈل تاش ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ.

ــ سەدىردىننىڭ ساۋاقدىشى ئىكەنلىكىڭىزنى بايىلا بىلگەنىدىم، گېپىڭىزنى ئۇدۇللا دەۋېرىڭ، سىز دېگەندەك سەدىردىنگە پايدىلىق بولسىلا بولدى.

ــ ماقۇل ئەمىسە، ئالدى بىلەن شۇنى دېۋالاي، سىزنى ئاسان تېرىكىدۇ دەپ ئاڭلىغانمەن، ئەمما بۈگۈن يەنە تېرىكىپ يۈرسىڭىز ئوبدان مۇڭدىشالمايمىز.

ــ نېمە، سىز مېنى تەتقىق قىلغىلى خېلى ئۇزاق بولغان

ئوخشىمامدۇ، ئاسانلا تېرىكىدىغانلىقىمنى بىلىدىكەنسىز ـ ھە!
ــ توغرا ئېيتتىڭىز، سىزنى مەن سىرتتىن تونۇغىلى توپتوغرا ئۈچ يىل بولدى.
ــ ئەجەب مەن بىلمەي يۈرۈپتىمەنغۇ!
ــ بىلگەن بولسىڭىزغۇ ھېلىغىچە بىز كونا دوستلاردىن بولۇپ قالاتتۇق، سىلەرنىڭ مەكتىپىڭلاردا مېنىڭ نۇرغۇن دوستلىرىم بار.
ــ دېمەك، قۇلىقىڭىز خېلى ئۇزۇنكەن ـ دە.
ــ ئەلۋەتتە.
ــ ئەمدى مەقسەتكە كۆچسىڭىز بولامدىكىن، بايا سىز سەدىردىننى ئاقلايدىغان پاكىتنىڭ گېپىنى قىلغانىدىڭىز.
ــ بولىدۇ، ئەمىسە تۈزۈت قىلمىدىم ـ ھە، قېنى، دەپ بېقىڭە، سىز بۇ قېتىم ئۈرۈمچىگە نېمىش بىلەن كەلدىڭىز؟
ــ بۇنى سوراش كېتەمدۇ، سەدىردىننىڭ ئىشى توغرۇلۇق بولمامدۇ!
ــ خاتالاشتىڭىزغۇ دەيمەن، سىز تەلئەتنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلاش ئۈچۈن كەلگەنسىز ھەقاچان؟
ــ ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ، سىز زادى نېمە دېمەكچى؟
ــ مەن سىزنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىڭىزنى بىلمەكچى......
ــ بۇنىڭ سىز بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ مەن سىزنى تونۇمىسام!
ــ دۇنيادىكى ھەممە ئادەم ئەسلىي بىر ئائىلە كىشلىرى بولسىمۇ تونۇشمايدىغۇ، سىز ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش يوق دەپ ھۆددە قىلالامسىز؟
ــ مەن پىسخولوگ ياكى ئىنسانشۇناس ئەمەس، بەلكى ئەدەبىياتچى، ھازىر مېنىڭ ۋاقتىم قىس، يەنە گەپ ئويناتسىڭىز كېتىپ قالىمەن.
ــ ئەدەبىياتچىلار ساپ دىل، سەمىمىي كېلىدۇ، شۇنداقكەن

سىز سوئالىمغا ئۆز سالاھىيىتىڭىزگە مۇناسىپ جاۋاب بېرىڭ.
— سىز بايا ئۆزىڭىزنى سەدىردىنىنىڭ ساۋاقدىشى دېگەنىدىڭىز، ئەجەب ئەمدى مەندىن ساقچىلاردەك سوئال سوراپلا كەتتىڭىزغۇ، سىز زادى كىم؟ ھەقىقىي سالاھىيىتىڭىزنى مەنمۇ بىلىپ باقاي.
— ئەمىسە دىققەت قىلىپ ئاڭلاڭ، مەن ھەقىقەتەن سەدىردىنىنىڭ ساۋاقدىشى، يەنە كېلىپ سەدىردىنىنىڭ ئاشىقى، مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، بىراق سىزدەك ئالا كۆڭۈللۈك بىلەن ئەمەس، ساپ كۆڭلۈم بىلەن ياخشى كۆرىمەن، ئەمما سىز بىراقلا ئىككى كىيمگە دەسسەپ تەلئەتنىمۇ، سەدىردىنىنىمۇ ۋەيران قىلدىڭىز.
— كۆڭلۈم بەكمۇ پاراكەندە، ماڭا بۇنداق گەپ قىلماڭ، ئەسلىي ئىش سىز ئويلىغاندەك ئەمەس......
— بۈگۈن سىز بىلەن ھەممىنى ئايدىڭلاشتۇرماقچىمەن.
— سىزنىڭچە بۇ ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇشنىڭ سەدىردىنىنى ئاقلايدىغان پاكىت بىلەن مۇناسىۋىتى بارمۇ؟
— ئەلۋەتتە مۇناسىۋىتى بار، مۇبادا بۇ ئىش ئايدىڭلاشسا سەدىردىنىنىڭ ئەتە ئاقلىنىشى ئۈچۈن پايدىسى بار، چۈشەندىڭىزمۇ؟
— سۆزلىرىڭىزدىن ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىم، بوپتۇ، تەپسىلىيرەك ئېيتىڭ ئەمىسە.
— سىزنىڭ تەلئەتنى ياخشى كۆرگىنىڭىز راستمۇ ياكى سەدىردىنىنىمۇ؟
— مېنىڭ تەلئەتنى ياخشى كۆرگىنىم راست، ئۇمۇ مېنى ياخشى كۆرەتتى.
— ئۇنداق بولسا، نېمىشقا سەدىردىن بىلەن مۇناسىۋىتىڭىزنى ئۈزمەيسىز؟

— مېنىڭ سەدىردىن بىلەن بولغان دوستلۇقۇممۇ مەڭگۈلۈك تۇرسا، ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى قانداقمۇ چەتكە ئالالايمەن؟
— قۇۋلۇق قىلماڭ، بۇ سىزگە ناھايىتى ئېنىق، سىز قارىماققا تەلئەتنى ياخشى كۆرگەن بولۇپ ئۇنىڭ ئۆزۈمچىدىكى ئىمتىيازىدىن پايدىلاندىڭىز، سەدىردىننى ئالداپ تەلئەتنىڭ ئالدىدا ئۆزىڭىزنىڭ قىممىتىڭىزنى ئاشۇرماقچى بولدىڭىز...... ئەمەلىيەتتە سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدا چىن مۇھەببەت ئەمەس، ئۆزىڭىزنىڭ گۈزەللىكىنى بۇ ئىككى يىگىتنىڭ ئالدىدا كۆز - كۆز قىلىشتىن باشقا مەقسەت يوق!
— يەنىمۇ تەپسىلىي سۆزلەڭ، مەن سەۋر قىلىپ ئاڭلايمەن.
— سىزنى چوقۇم قانائەتلەندۈرىمەن، سىز دەسلەپتە سەدىردىن بىلەن ئارىلاشتىڭىز، كۆزىڭىز ئېچىلغاندىن كېيىن، قولىدىن كۆپ ئىش كەلمەيدىغان سەدىردىننى ئۆز خىلىم ئەمەس دەپ، قولىنى نەگە سوزسا يېمىلال يېتىدىغان تەلئەت بىلەن ئارىلاشتىڭىز، بۇنى سىزنىڭ ئەركىنلىكىڭىز دەپ تۇرايلى، كېيىنچە نېمىشقا سەدىردىن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىزنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلمايسىز؟ بۇ سىزنىڭ سەدىردىنگە زىيانكەشلىك قىلغىنىڭىز بولماي نېمە؟
— يەنە دەيدىغانلىرىڭىز بارمۇ؟
— ئالدى بىلەن سوئالىمغا جاۋاب بېرىڭ!
— ماقۇل، گەرچە سىز بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئىشلارنى ئېنىقلاشقا خېلى كۆپ تىرىشقان بولسىڭىزمۇ، ئىگە بولغانلىرىڭىز تولۇق بولماپتۇ. شۇڭا، خاتا تۈيغۇغا كېلىپ قاپسىز. ئەسلىي مەن سىزنىڭ بۇ سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا قايتىپ كېتىپ ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى قىلسام بولاتتى، خەيرىيەت، سىز سەدىردىننى ياخشى كۆرىدىكەنسىز. شۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن سىزگە چۈشەنچە بېرەي، سىز مېنى بىراقلا ئىككى كېمىگە دەسسىدىڭىز دېدىڭىز،

مېنىڭ سەدىردىن بىلەن يېقىن دوست بولغاندىن باشقا ھېچقانداق غەيرىي مۇناسىۋىتىم يوق، تەلئەت بىلەن ئارىلاشقاندىن كېيىن، سەدىردىن بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتىمنى ساقلىغانلىقىم ئەيىبلەشكە تېگىشلىك ئىش ئەمەستۇ؟ ئەمدى يېتەرلىك بولدىغۇ دەيمەن!

— ئۇنداق بولسا ئەمدى قانداق قىلماقچىسىز؟

— يەنىلا دوستلۇقنى قەدىرلەيمەن.

— قۇرۇپ كەتسۇن ئۇنداق دوستلۇقىڭىز!

— نېمىگە چېچىلىسىز؟ سەدىردىننى ياخشى كۆرسىڭىز ئۇنىڭغا كۆڭلىڭىزنى ئىزھار قىلىپ، ئۆز مۇھەببىتىڭىز ئۈچۈن كۈرەش قىلسىڭىز بولمامتى؟

— سىز باشتىلا مۇشۇنداق قاراشتا بولۇپ، سەدىردىننى كونترول قىلىۋالمىغان بولسىڭىز ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق بولاتتىغۇ! ئۆزىڭىزنىڭ مېنى ھەم سەدىردىننى يەنە تەلئەتنىمۇ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراتقىنىڭىزنى ھازىرغىچە ھېس قىلالمايۋاتامسىز؟ مېنى شەخسىيەتچى دەپ قالماڭ، سەدىردىن سىزنى ياخشى كۆرگەندىكىن ئۇنىڭ مۇھەببەتىنى قوبۇل قىلغان بولسىڭىز مەن قۇربان بېرەتتىم، بىراق سىز ئۇنى ئۆمىدلەندۈرۈپ قويۇپ، تەلئەتنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يۈردىڭىز، بۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىش قالايمىقانلىشىپ ھازىرقى ئېچىنىشلىق ئاقىۋەت كېلىپ چىقتى!

— بۇنداق دېسىڭىز ماڭا ئادالەتسىزلىك قىلغان بولىسىز.

— گېپىمنى بۆلمەي تۇرۇڭ، مۇبادا بۇ ئىشلاردىن بۇرۇنلا خەۋەردار بولغان بولسام، سىزنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىڭىزنى سەدىردىننىڭ ئالدىدا ئېچىپ تاشلىغان بولاتتىم. ئەمدىلىكتە تەلئەت قازا قىلىپ، ئۇنىڭدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلغىنىڭىزدا سەدىردىنگە يالغاندىن ھېسداشلىق قىلغان بولۇپ، ئۇنى قوغلىشىپ ئۆرۈمچىگە كەلدىڭىز، ياخشى بولدى، ئىلگىرى سىزگە

ھەممە ئىشنى قويۇپ بەرگەنىدىم، ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەلدى!
— ئاخىرقى مەقسىتىڭىز نېمە؟
— سىزنىڭ ئالدامچى ئىكەنلىكىڭىزنى ئۆزىڭىزگە ئېتىراپ قىلدۇرۇش......
— ئېتىراپ قىلمىسامچۇ؟
— ئېتىراپ قىلمىسىڭىز ئالدى بىلەن مەن تارتقان ئازابنى سىزگە تارتقۇزىمەن، كېيىن ئاق بىلەن قارىنى پەرق ئېتەلمىگەن سەدىردىننى سوتتا ئاقلىماي تۇگەشتۇرىمەن.
— مېنى بۇ يەرگە سەدىردىننى ئاقلايدىغان پاكىتنى دەپ بېرىمەن دەپ ئالداپ ئەكېلىشىڭىزدىكى مەقسىتىڭىز مۇشۇمىدى؟
— بۇ تېخى ئىشنىڭ باشلىنىشى.
— سىزنىڭ مېنى بۇ يەرگە باشلاپ ئەكېلىپ، قورساق كۆپۈكىڭىزنى چىقىرىۋالغانلىقىڭىز قىپقىزىل ئالدامچىلىق بولماي نېمە؟ بىز بۇ يەردە بىكاردىن - بىكار تالاشمايلى، ھەممە ئىش ئاخىرلاشماي دىدى، بۇگۈنگىچە ئىككىمىز تونۇشماي كەپتىمىز، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ.
— مېنىڭ سەدىردىننى ئاقلىيالايدىغانلىقىمغا ئىشەنمەيۋاتىسىز، شۇنداقمۇ؟
— نېمىسگە ئىشىنەي، ئىككىمىزنىڭ بايىدىن بېرىقى بىمەنە پاراڭلىرىمىزنىڭ سەدىردىننى ئاقلاشقا نېمە پايدىسى بار ئىدى؟
— ئەمىسە باغلىشايلى، مەن ئەتە سەدىردىننى ئاقلاپ چىقالىسام سىز ماڭا قانداق رەھمەت ئېيتىسىز؟
— مۇبادا ئەتە كارامەت يۈز بېرىپ، سىز سەدىردىننى ھەقىقەتەن ئاقلىيالىسىڭىز، سىزگە رەھمەتنى مەن ئەمەس، سەدىردىن ئۆزى ئېيتىدۇ. ئەپسۇس، بۇ سىزنىڭ ھازىرقى تەسەۋۋۇرىڭىزدىكىدەك ئۇنداق ئاددىي ئىش ئەمەس!
— ئەتە كارامەت يۈز بېرىدۇ دەپ تۇرايلى، ھەقىقەتەن مەن

سەدىردىننى ئاقلىسام سىز ئۇنىڭ ئالدىدا بايا مەن تىلغا ئالغان ئالدامچىلىقىڭىزنى ئېتىراپ قىلامسىز؟

— ھەقىقەتەن كارامەت يۈز بەرسە ھەممىگە سەدىردىن ئۆزى جاۋاب بېرەلەيدۇ، بىزنىڭ تالىشىشىمىزنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ.

— مەن چۈشەنچە بەرسەم قارشى تۇرمايدىغانسىز؟

— ئەھۋالغا قارايمەن، بولدى، ئەمدى سىز بىلەن ئويۇن ئوينىغۇم يوق، خوش!

كەۋسەر ئورنىدىن تۇرۇپلا كېتىپ قالدى، باھارگۈلنىڭ بايىدىن بېرىقى سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ نېرۋىسى چارچىغانىدى، ئۇ ھارغىن ھالدا مېھمانخانىغا يېتىپ كەلگەندە دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان پولات ئالدىراپ سورىدى:

— باھارگۈلنىڭ مىجەزى غەلىتىرەك ئىدى، كۆڭلۈڭگە ئازار بەردىمۇ؟

— ياق، ئۇنىڭ نېرۋىسى جايىدا ئىكەن، ئەمما ئەقلى كوتاكەن.

— ئۇ سەدىردىنگە پايدىلىق بىرەر ئىشنى بىلەمدىكەن؟ مەنمۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ھېچ ئەقلىمگە سىغدۇرالمىدىم، ھەييارلىق قىلدىغۇ تايىنلىق.

— ئۇنىڭ شۇنچە كۆپ سۆزلىرىدىن پەقەت سەدىردىننى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، مېنى سەدىردىننى تارتىۋالدىڭ دېگەندەك مەنىنىلا چۈشەندىم، مەن باشتىلا ھېس قىلغان، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان، قارىغاندا ئۇنىڭ بېشى ئايلىنىپ قالغاندەك قىلىدۇ.

— شۇنداقلىقىنى مەنمۇ قىياس قىلغان، بايا ئۇنى توسۇپ قالاي دېسەم قولايسىز بولۇپ قالدى، سەدىردىنمۇ ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق غەلىتىلىكىدىن بىزار ئىدى.

— ئۇ راستىنلا سەدىردىننى ياخشى كۆرەمتى؟

ــ ئىشقىلىپ، بىز ئوقۇشقا كەلگەندىن بېرى سەدىردىنگە يېپىشىپلا يۈرگەن، ياخشى كۆرىمەن دېگەن سۆزنى ئاغزىدا دېيىش ئاسان بولغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلىماق ئوڭاي ئەمەس، ئۇ قارىماققا سەدىردىننى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىدىغاندەك قىلىدۇ، بىراق سەدىردىننىڭ ئۇنىڭ بىلەن قىلچە خۇشى يوق ئىدى.

ــ مىجەزى غەلىتە قىزكەن.

ــ راست، بىز ئۇنى سىنىپتا «غەلىتە» دەپ ئاتايتتۇق.

دېمىسمۇ ئۇ گاھىدا كىشىنىڭ ئەقلىگە كەلمىگەن ئىشلارنى قىلىپ ساۋاقداشلارنى ھەيران قالدۇراتتى.

ــ ئۇ ئەتە راستتىنلا سوتقا كېلەرمۇ؟

ــ ھەيتاڭەي!

ئەتىسى پولات بىلەن كەۋسەر سوت مەيدانىغا كېلىپلا باھارگۈلنىڭ ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى، باھارگۈل ئۇلارغا قاراپ ھەييارلىق بىلەن سول كۆزىنى قىسىپ قويدى، يېرىم سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە سوت مەيدانى ئادەم بىلەن لىق تولدى. پولات بىر - بىردىن سالاپەتلىك كىشىلەرگە قاراپ تەلئەتنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۇرۇمچىدىكى تەسىر دائىرىسىنىڭ ھەقىقەتەن چوڭ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ كەۋسەرگە مەنىلىك قاراپ، كەۋسەرنىڭمۇ ئاللىقاچان ئۆزىدەك قاراشقا كەلگەنلىكىنى جەزم قىلدى. كەۋسەر كۆڭلىدە باھارگۈلنىڭ تۈنۈگۈن «سوتتا كارامەت يۈز بېرىشى مۇمكىن» دېگەن سۆزلىرىنى خىيال قىلىپ ئەندىكىپ كەتتى. پولات ئۇنىڭغا پىچىرلاپ «مىجىتكام ئۆلگۈرۈپ كېلەلىگەن بولسا بىزگە ھەمدەم بولاتتى» دېدى. شۇ ئەسنادا باش سوتچىنىڭ «گۇماندار سوت مەيدانىغا ئېلىپ كىرىلسۇن!» دېگەن ياڭراق ئاۋازى بىلەن تەڭ ھەر ئىككىسىنىڭ يۈرەكلىرى دۈكۈلدەپ سوقۇپ كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى، شۇئان يان ئىشىك ئېچىلىپ قولىغا كويزا

سىلىنغان سەدىردىننى ئىككى ساقچى يالاپ سوت مەيدانىغا ئېلىپ كىرىپ «جاۋابكار» دېگەن تاختا ئېسىلغان توسۇققا كىرگۈزدى. كېيىن ساقچىلار سەدىردىننىڭ قولىدىكى كويزىنى ئېلىۋەتتى، سەدىردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ تۆۋەندە ئولتۇرغانلارغا نەزەر سالدى، بۇ چاغدا باھارگۈل ئۆزىنىڭمۇ سوت مەيدانىدا بارلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك گەۋدىسىنى تىك كۆتۈرۈپ قىمىرلاپ قويدى. كۆرۈنەرلىك ئورۇقلاپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان سەدىردىننىڭ ئېگەك سۆڭىكى چىقىپ قالغانىدى، ساقال ـ بۇرۇتلىرىمۇ ئۆسۈپ بىراقلا قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. سوت باشلىنىپ تەپتىش سۇرلۇك ئاۋازدا ئەيىبنامىنى ئوقۇۋاتقاندا پولاتنىڭ بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى. كەۋسەر سەدىردىنگە قاراپ قېتىپلا قالغانىدى، دەرۋەقە ئەيىبنامە تولىمۇ كۆپلۈك ئىبارىلەر بىلەن يېزىلغان بولۇپ، پاكىت قىسمىدا سەدىردىننىڭ كەۋسەر توغرۇلۇق ئىلگىرى تەلئەت بىلەن زىددىيەتلىشىپ يۈرگەنلىكى، تەلئەتكە تەھدىت خېتى يازغانلىقى، كەۋسەرنىڭ سەدىردىنگە رەددىيە بېرىپ يازغان خېتىنى كامىنۇرنىڭ ئاپىرىپ بەرگەنلىكى، كەۋسەر سەدىردىننىڭ مۇھەببەت تەلىپىنى رەت قىلغان بولسىمۇ، سەدىردىننىڭ جاھىللىق قىلىپ كەۋسەر بىلەن تەلئەتنىڭ ئارىسىغا سىغدىلىپ كىرىپ زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرگەنلىكى، ئاخىرىدا كەۋسەرنىڭ ئىرادىسىنى بويسۇندۇرالمىغاندىن كېيىن، شەكلەن ھالدا ئۆز نىيىتىدىن يانغان بولۇپ كۆڭلىدە ئۆچمەنلىك ساقلاپ كەلگەنلىكى، ئاخىرىدا جەنۇبىي تاغدىكى ئولتۇرۇشتا ھاراقنى كۆپ ئىچىپ، باشقىلار سەيلە قىلىپ يىراققا كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تەلئەتنىڭ قورسىقىغا يېرىمى چېقىلىپ تىغ شەكلىگە كېلىپ قالغان بوتۇلكىنى «تىقىپ» زەخىملەندۈرۈپ، تەلئەتنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغانلىقى تەپسىلىي بايان قىلىنغانىدى.

سۇرلۇك سوت كەسكىن داۋاملىشىۋاتاتتى، گۇماندارنىڭ ئادۋوكاتى: گۇۋاھچى مىرئادىل بىلەن كامىنۇرنىڭ، سەدىردىننىڭ تەلئەتنى زەخىملەندۈرگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، بۇ ئىككىسىنىڭ ئىلگىرىكى زىددىيىتىنى نەزەرگە ئېلىپلا، سەدىردىن تەلئەتنىڭ قورسىقىغا سۇنۇق بوتۇلكىنى تىقتى دەپ قارىشىنىڭ پاكىت ئاساسى يوق دېدى. تەپتىشمۇ ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ، سەدىردىن تەلئەتنى زەخىملەندۈرمىگەن بولسا نەق مەيداندىن قاچمايدىغانلىقىنى، مۇھەببەتتە مەغلۇپ بولغان سەدىردىننىڭ مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا ئۆچ ئېلىش ئېھتىماللىقىنىڭ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ راۋاجىغا ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. سوتچىلارنىڭ ئىپادىسىز چىرايىدىن ھېچنېمىنى بىلىپ بولمايتتى، بۇ جەرياندا ئىككى تەرەپنىڭ گۇۋاھچىلىرىدىن پولات، مىرئادىل، كامىنۇر ئۆز نۆۋىتىدە گۇۋاھلىق بېرىشتى، ئىككى تەرەپنىڭ مۇنازىرىسىدە كەۋسەرنىڭ ئىسمى كۆپ تىلغا ئېلىنغاچقا، تۆۋەندە ئولتۇرغانلار شۇ تاپتا ئىككى يىگىتنىڭ تالىشىش ئوبيېكتى بولۇپ قالغان كەۋسەرگە بەكمۇ قىزىقىپ قېلىشقاندەك قىلاتتى.

بىر چاغدا پولات ئارىدىكى ۋەزىيەتنىڭ سەدىردىن ئۈچۈن پايدىسىز بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ جىددىيلىشىپ قالدى، كەۋسەر بىر خىللا ئولتۇراتتى، باھارگۈل بولسا ئارىلاپ كەۋسەرگە قاراپ قوياتتى. گۇماندارنىڭ ئادۋوكاتى ئۈستەلدىكى ماتېرىياللارنى بىرقۇر كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ سالماق ئاۋازدا سۆزلەشكە باشلىدى.

— مەن سوتنىڭ ۋەقە يۈز بېرىشتىن ئىلگىرىكى تەلئەتنىڭ روھىي ھالىتىدىكى ئۆزگىرىشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىمەن. چۈنكى، بۇ دېلونىڭ ئەڭ مۇھىم ھالقىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. دېمەكچىمەنكى، ۋەقە يۈز بېرىشتىن ئىلگىرىكى

بىرنەچچە كۈن ئىچىدە تەلئەتنىڭ روھىي ھالىتى ئاساسىي جەھەتتىن ساغلام بولمىغان، گەرچە سەدىردىن مۇھەببەتتە ئۆزىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئارىدىكى زىددىيەتكە خاتىمە بەرگەن بولسىمۇ، كەۋسەرنىڭ ئانىسى داۋالىنىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، تەلئەتنىڭ روھىي ھالىتىدە بىرنەچچە قېتىم ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن، يەنى ئۇ سەدىردىنىڭ كەۋسەرنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن بولغان نورمال مۇناسىۋىتىنى خاتا چۈشىنىپ، سەدىردىن قەستەن ئۇلارغا ياخشىچاق بولۇپ، كەۋسەرنى مەندىن تارتىۋالماقچى بولدى دەپ قارىغان، بۇنىڭغا ئەلۋەتتە كەۋسەرنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ سەدىردىنگە بولغان يېقىنچىلىقىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. ئەمەلىيەتتە كەۋسەر بىلەن سەدىردىن كىچىكىدىن باشلاپ بىر مەھەللىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغان، ئۇلارنىڭ ئاتا- ئانىلار بىلەن بولغان يېقىنچىلىق مۇناسىۋىتى كىشىلىك مۇناسىۋەت قائىدىسىگە ئۇيغۇن ئىدى، ئەمدى كەۋسەرنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ كەۋسەرنىڭ ئۈرۈمچىدە قېلىشىغا قارشى تۇرۇشىغا كەلسەك، بۇ بىر ئائىلىنىڭ، كونكرېت ئېيتقاندا، ئاتا - ئانا بولغۇچىنىڭ ئۆز ئەركىنلىكى دائىرىسىدىكى ئىش ئىدى. ئەپسۇس، بۇ خىل ئەركىنلىك يەنىلا تەلئەتنىڭ روھىدا ئەكس سادا پەيدا قىلىپ، ئۇنىڭدا ئىككىنچى قېتىملىق روھىي ھالەت ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، تەلئەتنىڭ روھىي ھالىتىدىكى ئۈچىنچى قېتىملىق ئۆزگىرىشنى ئۇنىڭ ئانىسى مېھراي خانىم كەلتۈرۈپ چىقارغان، يەنى ئۇ تەلئەتنىڭ كەۋسەر بىلەن مۇھەببەتلىشىپ توي قىلىشىغا باشتىن - ئاخىر قارشى تۇرغان. تەلئەتكە بۇ ئىش ھەقىقەتەن ئېغىر كېلىپ ئۇنى ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پاتۇرۇپ قويغان. يۇقىرىقى ئۈچ خىل روھىي ھالەت ئۆزگىرىشى تەلئەتنىڭ ھاياتقا بولغان ئىرادىسىنى بوشاشتۇرغان، شۇڭا تەلئەت شۇ كۈندىكى ئولتۇرۇشتا ھاراقنى ھەددىدىن زىيادە

كۆپ ئىچىپ خۇدىنى يوقاتقان، بۇ ئارقىلىق پاجىئە يۈز بېرىشىنىڭ ماددىي ئاساسىنى شەكىللەندۈرگەن، يۇقىرىقى سۆزۈمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن سوتنىڭ گۇۋاھچى كامىنۇردىن بىرنەچچە سوئال سورىشىمغا ئىجازەت بېرىشىنى تەلەپ قىلىمەن!

گۇماندارنىڭ ئادۋوكاتى باش سوتچىغا قاراپ سۆزىنى توختاتتى، باش سوتچى ئۇنىڭ كامىنۇردىن سوئال سورىشىغا ئىجازەت بەردى. ئالدى تەرەپتە مىرئادىل بىلەن يانمۇيان ئولتۇرغان كامىنۇر ئالدىغا چىقىپ گۇۋاھلىق بېرىشكە تەييار بولدى، سوتخانىنىڭ ئىچى تىمتاسلىقتا چۆمدى، گۇماندارنىڭ ئادۋوكاتى سۆزىنى باشلىدى:

— سىز بايا گۇۋاھلىق سۆزىڭىزدە، گەرچە مەن مىرئادىل بىلەن نەق مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرى تەلئەت يەرگە يىقىلىپ بولغان بولسىمۇ، ئۇنى سەدىردىنىڭ زەخىملەندۈرگەنلىكى ئېنىق، ئۇنداق بولمىسا سەدىردىن نەق مەيداندىن قاچمىغان بولاتتى دېدىڭىز، بۇ سۆزىڭىزدە سىز تەلئەت بىلەن سەدىردىنىڭ ئىلگىرىكى مۇناسىۋىتىنى كۆزدە تۇتتىڭىزمۇ ياكى نەق مەيداندىكى ھالىتىنى نەزەردە تۇتتىڭىزمۇ؟

— مەن بۇ سۆزۈمدە ھەر ئىككىلا ھالەتنى نەزەردە تۇتتۇم!

— ئۇنداق بولسا سىز مىرئادىل بىلەن نەق مەيداندىن ئايرىلغاندا مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئاقىۋەتنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقىنى ھېس قىلغانمۇ؟ يەنە سورۇن داۋامىدا تەلئەت بىلەن سەدىردىن ئۆزئارا زوكۇنلاشقانمۇ؟

— ئۇلار سورۇندا چاندۇرمىغان بىلەن، ھەر ئىككىسىنىڭ بىر-بىرىدە ئۆچى بار ئىدى.

— ئۇنداق بولسا سىز نېمىگە ئاساسلىنىپ سەدىردىننى تەلئەتكە زىيانكەشلىك قىلدى دەپ قارايسىز؟

— مەن...... سەدىردىن بىلەن تەلئەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى

زىددىيەت مۇشۇنداق ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان......

— پەرىزىڭىزنى پاكىتنىڭ ئورنىغا خالىغانچە دەسسەتمەڭ، قىزچاق! ئۇنداق بولسا تۆۋەندىكى سوئالىمغا جاۋاب بېرىڭ، ۋەقە يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى سىلەرنىڭ نەق مەيداندىن ۋاقىتلىق كېتىشىڭلارنى كىم تەلەپ قىلغان؟

— بۇ...... تەلئەت...... تەلەپ قىلغان.

— سىزدىن سورايدىغان سوئالىم تۈگىدى.

گۇماندارنىڭ ئادۋوكاتى ئەمدى باش سوتچىغا قاراپ سالماق هالدا ئېيتتى:

— سوتنىڭ بۇ گۇۋاهچىنىڭ يۇقىرىقى جاۋابى بىلەن، تەلئەتنىڭ هاراقنى كۆپ ئىچىپ خۇدىنى يوقاتقانلىقىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىشىنى تەلەپ قىلىمەن، ئاخىرىدا سوتتىن تەلئەتنىڭ ئانىسى مېهراي خانىمدىن بىرنەچچە سوئال سورىشىمغا ئىجازەت بېرىشىنى سورايمەن!

دەل شۇ چاغدا تەپتىش دەرهال ئورنىدىن تۇرۇپ ئېتىراز بىلدۈرۈپ دېدى:

— گۇماندارنىڭ ئادۋوكاتىنىڭ تەلئەتنىڭ ئانىسى مېهراي خانىمدىن سوئال سورىشى ئورۇنسىز، چۈنكى مېهراي خانىم مەزكۇر دېلودىكى گۇۋاهچى ئەمەس.

ئارىدا قىسقىغىنە جىمجىتلىق هۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن باش سوتچى:

— تەپتىشنىڭ قارشى تۇرۇشى ئىناۋەتسىز. قېنى، جاۋابكارنىڭ ئادۋوكاتى سوئالىڭىزنى سوراڭ! — دېدى.

تەلئەتنىڭ ئانىسى كامىنۇر بىلەن ئورۇن ئالماشقاندىن كېيىن گۇماندارنىڭ ئادۋوكاتى سوئالىنى باشلىدى:

— بولىدۇ ئەمىسە، مەن سوئالىمنى سوراشنى داۋاملاشتۇرىمەن. قېنى، سىز جاۋاب بېرىڭ، سىز تەلئەتنىڭ كەۋسەر بىلەن

مۇھەببەتلەشكەنلىكىدىن ھەمدە ئۇلارنىڭ ئوقۇش پۇتكۈزگەندىن كېيىن توي قىلىشقا پۇتۇشكەنلىكىدىن قاچان خەۋەر تاپقان؟

— ۋەقە يۈز بېرىشتىن بىر ئايچە ئىلگىرى ئوغلۇم ماڭا دېگەن.

— سىز شۇ چاغدا ئوغلىڭىزنىڭ كەۋسەر بىلەن توي قىلىشىغا قوشۇلغانمۇ؟

— مەن باللارنىڭ تېخى ئوقۇۋاتقانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ ئېنىق ئىپادە بىلدۈرمىگەن، مېنىڭچە ھەرقانداق ئاتا ـ ئانا مەندەك قىلىدىغۇ دەيمەن.

— ئۇنداق بولسا بۇ ئىش يېقىندا يەنە ئوتتۇرىغا چىققان، يەنى تەلئەت كەۋسەرگە «ئاتا ـ ئانامغا دەپ سىزنى ئۇرۇمچىدە ئېلىپ قالىمەن» دېگەن ھەم بۇ ئىش ئۇچۇن بىر قىسىم يوللارنى ماڭغان، بۇ ئىشتىن سىزنىڭ خەۋىرىڭىز بولۇشى تەبىئىي، سىز ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلغانمۇ؟

— ماڭا ئوغلۇم تەلئەت بۇ ئىش توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىغان.

— ياخشىراق ئويلاپ باقسىڭىز!

— مېنىڭ بۇنىڭدىن ئارتۇق گەپ قىلغۇم يوق!

گۇماندارنىڭ ئادۋوكاتى يەنە نېمىنىدۇر دېمەكچى بولغانىدى، تەپتىش باش سوتچىغا قاراپ دېدى:

— گۇماندارنىڭ ئادۋوكاتىنىڭ دېلوغا مۇناسىۋەتسىز سوئاللار بىلەن ئوغلىنىڭ ئېچ ئاغرىقىنى تارتىپ تۇرغان مېھراي خانىمنىڭ دىلىغا ئازار بېرىشى يولسىزلىق، سوتنىڭ بۇنداق بىنورمال ھەرىكەتنى چەكلىشىنى سورايمەن!

باش سوتچى شۇئان:

— تەپتىشنىڭ تەلىپى ئورۇنلۇق، گۇماندارنىڭ ئادۋوكاتى، ئەمدى سوئالىڭىزنى توختىتىڭ، — دېدى.

گۇماندارنىڭ ئادۋوكاتى گېلىغا بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بىئاراملىق ئىچىدە ئازراق سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن:

— بولىدۇ، سوئال سوراشنى توختىتاي، ئاخىرىدا تەلئەتنىڭ ئۈچ خىل روھىي ھالەت ئۆزگىرىشىنى سوتنىڭ تولۇق نەزەرگە ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى - دە، ئورنىدا ئولتۇردى.

كېيىن كېڭەشمە سوت تەركىبىدىكىلەر بايا ئادۋوكاتلار، گۇۋاھچىلار سۇنغان يازما ماتېرىياللارنى بىرقۇر كۆرۈشتى، ئاندىن باش سوتچى سالماق تەلەپپۇزدا ئېيتتى:

— تەپتىش، سىزنىڭ يەنە دەيدىغانلىرىڭىز بارمۇ؟

بۇ گەپ بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇرغان تەپتىشنىڭ چىرايىدا ئۈمىدۋارلىق ئەكس ئەتتى، ئۇ قولىدىكى ماتېرىياللارنى ئۈستەل ئۈستىدە قويۇپ سۆزىنى باشلىدى:

— گۇماندارنىڭ ئادۋوكاتى ھېلى زىيانلانغۇچى تەلئەتتە ۋەقە يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى ئۈچ خىل روھىي ھالەت ئۆزگىرىشى يۈز بەرگەن دېدى ھەمدە بۇ قارىشىنى گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق ئىسپاتلىماقچى بولدى، بۇ ئارقىلىق ئۇ تەلئەتنى ئەقىل - ھوشىنى يوقىتىپ ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالغان دېگەن قارىشىنى ئىسپاتلىماقچى بولدى، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىنسان تەبىئىتى بىلەن پسىخولوگىيە قائىدىلىرىگە خىلاپلىق قىلدى، ئويلاپ باقايلى، تەلئەت بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، زىيالىي ئائىلىسىدە ئەتراپلىق تەربىيەلەنگەن، ئەقىل - ھوشى جايىدا ياش، ئۇنىڭ ھەرقانداق مۇشكۈلات ئالدىدىمۇ ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قېلىشى ئەسلىي تەبىئىتىگە ماس كەلمەيدۇ، دېمەكچىمەنكى ئۆز تەبىئىتىگە مۇناسىپ يېتىلگەن ئادەمنىڭ پسىخىكا جەھەتتىن ئۆزىنى كونترول قىلالماسلىقى ئەقىلگە سىغمايدۇ. ياخشى ئائىلىدە، ياخشى تۇرمۇش شارائىتىدا تەربىيەلەنگەن بىر ياشنىڭ بىكاردىن - بىكار ئۆزىنى ئۆزى نابۇت قىلىشى ھەقىقەتەن مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەلئەت بىلەن كەۋسەرنىڭ مۇناسىۋىتى تېخى ئۈزۈلمىگەن، بۇ ھالدا تەلئەتنىڭ روھىي ھالىتىگە تەسىر

كۆرستىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل شەكىللەنمىگەن بولىدۇ، مۇنداق ئەھۋالدا تەلئەتنى ئۇمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالغان دېيىش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

تۆۋەندە ئولتۇرغانلارنىڭ بىر قىسمى باشلىرىنى لىڭشىتىشتى. ئېنىقكى، ئۇلار تەپتىشكە مەدەت بېرىۋاتقاندەك قىلىشاتتى، ياخشى ۋەزىيەتنىڭ بىردىنلا يامان تەرەپكە بۇرۇلۇشى پولاتنى يەنە جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى، ئۇ ئادۋوكاتقا بويىنىنى سوزۇپ قاراپ قويدى.

— ئەمدى مەن سوتتىن كەۋسەر قىزدىن بىرنەچچە سوئال سورىشىمغا ئىجازەت بېرىشىنى سورايمەن!

تەپتىش بۇ مۇراجىئەتنى قىلىۋاتقاندا گۇماندارنىڭ ئادۋوكاتى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

— تەپتىشنىڭ كەۋسەردىن سوئال سورىشى ئورۇنسىز، چۈنكى كەۋسەر ۋەقە يۈز بەرگەن نەق مەيداندا يوق، دېمەك ئۇ ئاساسلىق گۇۋاھچى ئەمەس، مەن قارشى تۇرىمەن! — دېدى سەل جىددىيلىشىپ.

باش سوتچى ئادۋوكاتنىڭ گېپىنى ئېتىبارغا ئالماي:

— تەپتىش، قېنى سوئالىڭىزنى سوراڭ، — دېدى كەسكىن هالدا.

كەۋسەر ئالدىغا چىقىپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈشكە هازىر بولدى، شۇئان تۆۋەندە ئولتۇرغانلارنىڭ ئارىسىدا داۋالغۇش پەيدا بولدى، باھارگۈلنىڭ كەينى تەرىپىدە ئولتۇرغان بىر يىگىت يېنىدىكى دوستىغا پەس ئاۋازدا:

— ۋاھ، تالىشىپ تارتىۋېلىشقا يارايدىغان كاساپەتكەنغۇ بۇ! — دېۋىدى، دوستى جاۋابەن:

— راست، جاننى تىكىشكە يارايدىكەن دېگىنە! كۆزلىرى بىلەن لەۋلىرىگە قارىمامسەن! كۆزىدىن ئوت بالقىسا، لېۋىدىن بال تامىدىكەن ئەمەسمۇ ! — دېدى لەۋلىرىنى تامشىپ.

باشقىلارمۇ ئۆزئارا كۈسۈرلىشىپ كەۋسەرنىڭ گۈزەللىكى توغرىسىدا قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئۆزلىرىنى چەكلەپ قالالمىدى، بۇ چاغدا تەلئەتنىڭ ئانىسى كەۋسەرگە قاراپلا قالغانىدى، ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن كەۋسەرنىڭ گۈزەللىكىگە قايىل بولغانلىقىنى ھېس قىلىش تەس ئەمەس ئىدى، سوتقا سىرتتىن قاتناشقانلارنىڭ ئىنتىزامى سەل بۇزۇلغانىدى، باش سوتچى دەرھال تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈردى، ئاندىن تەپتىش سوئالىنى باشلىدى:

— كەۋسەر قىز، قىينى جاۋاب بېرىڭ، سىز يۇرتىڭىزغا كېتىشتىن ئىلگىرى تەلئەت بىلەن مۇھەببىتىڭلارنى ئۈزۈش توغرىسىدا پاراڭلاشقانمۇ؟

— ياق، بىز بۇ ھەقتە پاراڭلاشمىغان.

— تەلئەت بىلەن خوشلاشقان ۋاقتىڭىزدىمۇ بۇ توغرۇلۇق گەپلەشمىگەنمۇ؟

— مېنىڭ يۇرتقا بېرىشىم ناھايىتى تاسادىپىي بولدى، مەن تەلئەتكە پەقەت قىسقىلا خەت قالدۇرۇپ قويغانىدىم.

— خېتىڭىزنىڭ مەزمۇنىدا مۇھەببىتىڭلارنىڭ ئۈزۈلگەنلىكى توغرىسىدا ئىبارىلەر بارمىدى؟

— خېتىمدە ئۇنداق مەزمۇن يوق، ئۆزۈمنىڭ كۆز ئالدىمكى رېئاللىققا بولغان قارىشىم قىسقىلا ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى.

— ئەسلەپ بېقىڭ، سىز يۇرتىڭىزغا كېتىشتىن ئىلگىرى تەلئەتنىڭ روھىي ھالىتى قانداق ئىدى؟ دېمەكچى بولغىنىم، سىز ئۇنىڭدا بىرەر نورمالسىزلىقنى ھېس قىلغانمۇ؟

— تەلئەت ئېغىر - بېسىق ئىدى. ئۇنىڭ شۇ كۈنلەردە بىرئاز جىمغۇرلىشىپ قالغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، روھىي ھالىتى نورمال ئىدى.

— سوئالىم تۈگىدى. سوتنىڭ كەۋسەر قىزنىڭ يۇقىرىقى سۆزىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن!

كەۋسەر ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرغانـدا پولاتنىـڭ چىرايـى ئۆڭـۈپ، پۇت- قوللىرى مۇزلاپ كېتىۋاتاتتى. كېيىنكى بىر سائەتتىن ئـارتۇق ۋاقىـت ئىچىـدە گۇمانـدارنىڭ ئادۋوكـاتى سەدىردىندىن بىـر قاتـار سوئاللارنى سوراپ، تەپتىـشنىڭكىگە قارشـى دەلىـل ـ ئىسپاتلارنى كۆرسـەتكەن بولـسىمۇ، سـوتنىڭ ئومـۇمىي ئەھـۋالى تەدرىجىـي سەدىردىن ئۈچۈن پايدىسىز هالغا ئۆتۈپ قالدى، شۇ ئەسنادا بـاش سوتچى:

ــ سوتتا پاكىت كۆرسىتىش، تەكشۈرۈش ئاخىرلاشتى. ئالـدى بىلەن تەپتىش مۇنازىرە سۆزىنى ئوتتۇرىغا قويسا، ــ دېدى.

دەل شۇ چاغدا زالدا ئۇشتۇمتۇت باھارگۈلنىڭ:

ــ ياق! تېخى ئاياغلاشمىدى! مەن گۇۋاھلىق بېرىمەن! مەنـدە پاكىت بار! ــ دېگەن ئاۋازى ياڭرىـدى، ھەمـمە كىـشىنىڭ نەزەرى ئاۋاز چىققان تەرەپكە ئاغدى. بەزىلەر ئورنـىدىن تـۇرۇپ كەتكەچـكە تەرتىپ بۇزۇلدى.

باش سوتچى توپ ئىچىگە قاراپ:

ــ ھېلى ۋارقىرىغان كىم؟ــ دېدى جىددىيلىشىپ.

ــ مانـا مەن! ــ دېـدى باھـارگۈل ئالـدىغا چىقىـپ، ــ پاكىتنىـڭ ۋاقتـى ئۆتمەيـدۇ، مەن سـوتقا سـىرتتىن قاتناشـقان بولـسامۇ سـوتنىڭ مېنىـڭ پـاكىتىمنى قوبـۇل قىلىـشىنى ئۈمىـد قىلىمەن! بۇنداق قىلىش قانۇنغا خىلاپ ئەمەسقۇ دەيمەن!

ــ سوتنىڭ تەرتىپى بولىدۇ، گېپىڭىـز بولـسا سىزگە پۇرسـەت بار، تەپتىش ياكى ئادۋوكاتلارغا ئېيتىڭ!

بـاش سـوتچى سـەممىي تەلەپپـۇزدا شـۇنداق دېگەنىـدى، باھارگۈل:

ــ سـوتنىڭ پۇرسـەتنى ماڭـا ، ھـازىر، مۇشـۇ يەردە بېرىـشىنى تەلەپ قىلىمەن! ــ دېدى كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش تۆكۈپ.

ئاخىر ئۈچ نەپەر سوتچىنىڭ بېشى بىر يەرگە كەلدى.

— يولداشلار! تەرتىپنى ساقلاڭلار، — دېدى باش سوتچى بىر قارارغا كەلگەندەك تەمكىن هالدا، — بۇ قىز گېپىنى دېۋالسۇن!

باشقىلارمۇ شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىشقانمۇ، ئەيتاۋۇر، دەرهال ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇپ تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتى، ئاندىن باش سوتچى باهارگۈلگە قاراپ:

— ئالدى بىلەن ئىسىم - فامىلىڭىزنى، تۇرۇشلۇق ئورنىڭىزنى ئېيتىڭ، — دېدى.

سوتچى گۇۋاهچىلار تىزىملىكىدە ئىسمى يوق بۇ قىزغا قىزىقىپ قالغاندەك قىلاتتى. باهارگۈل قول سومكىسىدىن بىر كونۋېرتنى ئېلىپ ئالدىغا چىقتى-دە، يېشىنى ئالىقانلىرى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئىسىم - فامىلەم باهارگۈل ساۋۇر.

— قېنى، سىز نېمىلەر توغرىسىدا گۇۋاهلىق بەرمەكچى، پاكىت بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇڭ!

— پاكىت مانا بۇ كونۋېرتنىڭ ئىچىدە!

باهارگۈل كونۋېرتنى باش سوتچىغا خاتىرجەم ئۇزاتتى، ياندا تۇرغان بويى ئېگىز ئەدلىيە ساقچىسى ئۇنىڭ قولىدىن كونۋېرتنى ئېلىپ باش سوتچىغا سۇنۇپ بەردى، سەدىردىنىڭلا ئەمەس، تۆۋەندە ئولتۇرغان پولات، كەۋسەر، كامىنۇر، مىرئادىلدىن تارتىپ، سوتقا سىرتتىن قاتناشقان هەربىر كىشىنىڭ دىققىتى سوت سەهنىسىگە مەركەزلەشتى، هەممە كىشىنىڭ كۆزلىرى باش سوتچىنىڭ قولىدىكى كونۋېرتقا تىكىلگەنىدى. باش سوتچى كونۋېرتنىڭ ئىچىدىن سۈرەتكە ئوخشاش بىر نەرسىنى ئېلىپ سىنچىلاپ قاراپ كەتتى، بارا - بارا ئۇنىڭ تۇرقىدىن هەيران بولۇۋاتقانلىقى ئىپادىلىنىشكە باشلىدى، كېيىن ئۇ يېنىدىكىلەرگە بىر نېمىلەرنى دېگەندىن كېيىن باهارگۈلگە قاراپ:

— بۇ سۈرەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرىڭ، — دېدى. تۆۋەندە ئولتۇرغان پولات يېنىدىكى كەۋسەرگە سوئال نەزەرىدە قاراپ قويدى.

— بۇ سۈرەت ۋەقە يۈز بەرگەن كۈنى نەق مەيداننىڭ ئەتراپىدا تارتىلغان، سۈرەتتىكىلەر تەلئەت بىلەن سەدىردىن.

— بۇ سۈرەتنى كىم تارتقان؟

— مەن تارتقان، پىنھاندا تۇرۇپ خالىس تارتىۋالغان.

— سىز؟

— ھەئە مەن.

— سىز قانداق بولۇپ نەق مەيدانغا بارغان ياكى شۇ كۈندىكى سورۇندا سىزمۇ بارمىدىڭىز؟

— جەنۇبىي تاغ ھەممە ئادەمنىڭ سەيلە قىلىشىغا ئېچىۋېتىلگەن جاي، مەن بارسام بولمامدىكەن؟

تۆۋەندە ئولتۇرغانلارنىڭ بىر قىسمى باھارگۈلنىڭ بۇ سۆزىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈۋېتىشكە تاسلا قالدى، باش سوتچى باھارگۈلگە قىزىقىش ئىچىدە قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

—توغرا، جەنۇبىي تاغدا سىز دېگەندەك ھەممە ئادەم سەيلە قىلسا بولىدۇ، بىراق شۇ كۈنى ئۇ يەرگە سەيلە قىلغىلى بارغان كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن سىزلا دېلو يۈز بەرگەن نەق مەيدانغا بېرىپ بۇ سۈرەتنى تارتىۋاپسىز، دېمەكچىمەنكى، سىز ئىلگىرى مۇشۇنداق ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىنى ئالدىن بىلەمتىڭىز؟

— مەن پەرىشتە ئەمەس، ئادەم!

— سوئالىمنىڭ ئۆزىگە جاۋاب بېرىڭ، بۇ سۈرەتلەرنى خالىس تارتىۋېلىشىڭىزدىكى مەقسىتىڭىز نېمە؟

— ۋوي! مۇبادا بۇ سۈرەتنى تارتىۋالمىغان بولسام سەدىردىنگە ئۇۋال بولماتتى!

— سىز ھېلىلا مەن پەرىشتە ئەمەس دېدىڭىز، ئەمدى بىردىنلا

پەرىشتە بولۇپ قالدىڭىزغۇ، قىزچاق؟ ئۆزىڭىزنىڭ قايسى ئورۇندا تۇرىۋاتقانلىقىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ، بۇ يەر سوتخانا، ئەھۋالنى سوتقا تەپسىلىي ئېيتىڭ!

باھارگۈلنىڭ سۆزلىرى تەپتىشنى گاڭگىرىتىپ قويغاندەك قىلاتتى.

— سوت مۇقەددەس، سۈرەتنى ئوبدان تەھلىل قىلىشىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن!

شۇ تاپتا پولاتنىڭلا ئەمەس، سوت زالىدىكى ھەممە كىشىنىڭ باش سوتچىنىڭ قولىدىكى سۈرەتنى كۆرۈش تەقەززالىقى ئېشىپ بېرىۋاتاتتى، بەزىلەر تىت - تىت بولغانلىقتىن باشلىرىنى سوزۇشۇپ سەھنىگە قارىشاتتى، شۇ ئەسنادا باھارگۈل ئازراق ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن باش سوتچىغا تىكىلىپ تۇرۇپ:

— ئەھۋالنى تەپسىلىي ئېيتمىسام زادى بولمامدۇ؟ — دېدى.

— بۇ دېگەن سوت مەيدانى، دەلىل - ئىسپات ئېنىق ئېيتىلىشى كېرەك.

— بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ يوشۇرىدىغان ئىشمۇ ئەمەس، مەن سەدىردىننى ياخشى كۆرەتتىم، سەدىردىن كەۋسەرنى ياخشى كۆرگەندىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرەتتىم! — باھارگۈل بىردىنلا ھاياجانلىنىپ كەتتى، شۇ تاپتا ئۆزىنى سوت مەيدانىدا ئەمەس، رەڭگارەڭ گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن گۈزەل باغدا تۇرۇپ، بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى سەدىردىنگە بېغىشلاپ خاتىرىسىگە يازغان يازمىسىنى گۈل - گىياھلارغا، ئۇچار قۇشلارغا ھاياجان ئىلكىدە بايان قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتاتتى. زالدىكى ھەممەيلەن بىردىنلا جىمىپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدى، باھارگۈل بىرنەچچە دەقىقە سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن تىترەك ئاۋازدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن سەدىردىن-نىڭ مېنىڭ شۇنچە سەمىمىي، پاك تىلەكلىرىمگە پىسەنت قىلماي

يۇرگەنلىكىدىن تولىمۇ بىئارام بولاتتىم. گاھىدا تەركىدۇنيا بولۇپ كېتىشنىمۇ خالاپ قالاتتىم. ئاشۇنداق كۆنلەرنىڭ بىرىدە ساۋاقداشلىرىمدىن، سەدىردىننىڭ كەۋسەر ئىسىملىك يۇرتدىشىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ كىچىكىدىن باشلاپ بىرگە ئويناپ ۋە ئوقۇپ چوڭ بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۆزۈمنى تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەندەك ھېس قىلدىم، بۇ خىل ئازابنى ماڭا ئوخشاش قىسمەتكە دۇچار بولغان ئادەملا چۈشىنىشى مۇمكىن، شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈمنى بەكمۇ بىچارە ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم، بايرام ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرى تولىمۇ غېرىبسىناتتىم، سەدىردىننىڭ كەينىدىن چاندۇرماي ئەگىشىپمۇ باقاتتىم، بىراق سەدىردىن كۆپ ھاللاردا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەرەپكە كېتىپ قالاتتى، بۇنىڭ بىلەن پىغانىم ھەسسىلەپ ئاشاتتى، كېيىنكى كۈنلەردە ئۆز - ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىپ، ئامال بار ئۆزۈمنى بۇ خىل قايىنامدىن تارتىشقا، سەدىردىننى ئويلاپ ئازابلىنىشنىڭ ئورنىغا باشقا كۆڭۈللۈك ئىشلارنى ئويلاشقا، بۇ ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ ئىلگىرىكى غەمسىز، شوخ ئادىتىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئورۇنۇپمۇ باقتىم، ئەپسۇس! قەلبىمدىكى جاراھەت ساقىيىشتا يوق بارغانسېرى ئەدەپ باردى.

باھارگۈل سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز تۆكۈلگەن ياشلىرىنى توختىتالمىدى، سوت مەيدانى چىۋىن ئۇچسىمۇ ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە تىمتاسلىققا چۆمگەنىدى. ھەممە كىشى يىغىنىدىن بىرى ئۆزلىرىنى جەلپ قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ مۇرەككەپ ئۆلۈم ۋەقەسىنىڭ ھەقىقىي سىرى ھازىرلا ئېچىلىدىغاندەك بىر خىل تۇيغۇدا ئولتۇرۇشاتتى، كەۋسەر بىلەن مىرئادىل ھەيكەلدەك قېتىپلا قالغانىدى، كامىنۇر بىردە يېنىدىكى مىرئادىلغا، بىردە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرغان سەدىردىنگە قاراپ قوياتتى، باھارگۈل ئالىقىنى بىلەن يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ

سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي مەن دوستلىرىمدىن ئاجايىپ بىر غەلىتە خەۋەرنى ئاڭلىدىم، مەن ئىلگىرى سەدىردىننى ئاللىقاچان كەۋسەرنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىپ بولغان دەپ بىلەتتىم، ئۇلار مېنىڭ نەزەرىمدە بۇ دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك كىشىلەرنىڭ قاتارىدا ئىدى. ئەپسۇس، كەۋسەر ئۆز ۋاقتىدىلا تەلئەتنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ ئۇنىڭ بىلەن يېقىن ئارىلىشىپ كېلىۋاتقانىكەن. بۇ خەۋەر ماڭا كۈچلۈك تەسىر قىلدى. ئۇ مېنىڭ شۇ كۈنلەردىكى تەقدىرگە تەن بېرىپ، ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن ئادەمنىڭ بەختى ئۈچۈن ئۆز بەختىمنى قۇربان قىلىش ئىرادەمگە جىددىي سوئاللارنى قويدى. قىسقىسى، سۇنغان روھىمغا يېڭىدىن جان كىرگەندەك بولدى، بىراق بۇ ئىش توغرۇلۇق سەدىردىنگە گەپ ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمايتتىم، سىنىپىمىزدىكى ساۋاقداشلىرىم مېنى جۈرئەتلىك، ئەركەك مىجەز دېگىنى بىلەن مەن يەنىلا سۆيگۈ ئالدىدا ئاجىز قىز ئىدىم، بىر كۈنى سەدىردىنگە كەۋسەر توغرۇلۇق سۆز ئېچىپ، ئۇنىڭ بۇ ئىشتىكى ھەقىقىي ئورنىنى بىلمەكچى بولدۇم، بىز قىسقىلا مۇڭداشتۇق، سەدىردىن كەۋسەر بىلەن ئۆزىنىڭ ھازىرقى مۇناسىۋىتى توغرىسىدا سورىغانلىرىمغا دەسلەپتە تېرىكتى، كېيىن كەۋسەر بىلەن ناھايىتى ئېچىل - ئىناق ئۆتۈۋاتقانلىقىنى، كۆڭۈللىرى كىچىك ۋاقتىلىرىدىن باشلاپ بىر-بىرىگە مۇستەھكەم باغلىنىپ كەلگەچكە مۇھەببىتىنىڭ ناھايىتى چوڭقۇرلۇقىنى، بىر - بىرىنى شۇ قەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى دەپ بەردى، مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ گاڭگىراپ قالغان بولسامۇ ھەرگىز چاندۇرمىدىم ھەمدە دوستلىرىمدىن ئاڭلىغان خەۋەردىن گۇمانلاندىم، لېكىن ئاخىرقى رېئاللىق مېنىڭ بۇ گۇمانىمنى يوققا چىقاردى، مەن يەنە دوستلىرىمنىڭ ياردىمى بىلەن يوشۇرۇن كۆزىتىپ يۈرۈپ كەۋسەرنىڭ ھەقىقەتەنمۇ تەلئەت بىلەن

مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتىم، ئىككىسىنىڭ باغچىلاردا يېتىلىشىپ يۈرگەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ئاخىر تاقەت قىلالماي، بۇ ھەقتە سەدىردىنگە سۆز ئاچقانىدىم، سەدىردىن سۆزۈمنى ئاڭلاشتا يوق، يەنە تېرىكىپلا كەتتى، ئاخىرىدا مېنىڭ دېگەنلىرىمنى ئىغۋا دەپ، ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋالدى، ئۇنىڭ نەزەرىدە مەن چىدىماسلىق قىلىپ ئىغۋا تارقاتقان بولۇپ قالدىم، بارا- بارا كۆڭلۈمدە سەدىردىنگە، كەۋسەر بىلەن تەلئەتنىڭ ھەقىقىي مۇناسىۋىتىنى ئىسپاتلاپ بېرىشتىن ئىبارەت بىر خىل ئىستەك تۇغۇلدى، بۇ كۆڭلەردە پىغان - ھەسرىتىم ھەسسىلەپ ئېشىپ بېرىۋاتاتتى، بىر تەرەپتىن سەدىردىنگە ئېچىنسام، يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇشىمىز ئاخىرلىشىپ ھەممىمىزنىڭ ئۆز يۇرتلىرىمىزغا كېتىپ قېلىشىمىزدىن بەكمۇ قورقاتتىم، بىراق ۋاقىت رايىمغا باقمىدى، ئاخىر مەن قورققىنىدىغان ئايرىلىش كۈنلىرى بارغانسېرى قىستاپ كەلدى، بۇنىڭدىن تىت - تىت بولاتتىم، ئوقۇشۇمنى تاماملاپ ساۋاقداشلار بىلەن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى قىلىدىغان پەقەت ئىككىلا ئىشىم بار ئىدى: بىرى، سەدىردىن بىلەن بىرنەچچە پارچە سۈرەتكە چۈشۈۋېلىش؛ يەنە بىرى، كەۋسەر بىلەن تەلئەتنىڭ ئارىلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەدىردىنگە ئىسپاتلاپ بېرىش ئىدى، شۇڭا ئايرىلىش كۈنلىرى قىستاپ كەلگەنسېرى بۇ ئىككى ئىش ئۈچۈن پۇرسەت ئىزدەپ يۈردۈم. ۋەقە يۈز بەرگەن كۈنى مەن ئورنۇمدىن ۋاقىچە تۇرغانىدىم، ھاۋانىڭ ياخشىلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بىرئاز ئېچىلىپ قالدى، مەكتەپ قورۇسىدا ساۋاقداشلىرىمنىڭ بەس - بەستە سۈرەتكە چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ مېنىڭمۇ سۈرەتكە چۈشكۈم كەلدى.

— گۇۋاھچى، مۇمكىن بولسا تەپسىلاتىڭىزنى قىسقارتسىڭىز، دېلوغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار توغرىسىدىلا سۆزلىسىڭىز! — باش سوتچى باھارگۈلنى ئاگاھلاندۇردى.

— ئۆتۈنۈپ قالاي! مېنى دېگىلى قويۇڭ! قايسى پاكىت، قايسى ئەمەس مەن ئايرىپ بولالمايمەن، لېكىن ئادالەتنى ياقلايدىغان بىر پۇقرا بولۇش سۈپىتىم بىلەن ھەقىقىي ئەھۋالنى سوتقا تولۇق دېيىش ئارزۇيۇم بار! — باھارگۈلنىڭ چاناقلىرى يەنە ياشقا تولدى، ئاندىن ئۇ باش سوتچىنىڭ ئىجازىتىسىزلا سۆزىنى داۋام قىلدى، — مېنىڭ چاققانغىنە بىر سۈرەت تارتىش ئاپپاراتىم بار ئىدى، ياتىقىمدىن ئېلىپ چىقتىم - دە، ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىرنەچچە پارچە سۈرەتكە چۈشتۈم، ئارىدا سەدىردىن بىلەن پولات كەلسە ئۇلار بىلەنمۇ سۈرەتكە چۈشۈۋالسام دەپ ئۇلارنى مەكتەپ ئىچىدىن ئىزدەپ تاپالمىدىم، كېيىن بىر ساۋاقدىشىمدىن ئۇلارنىڭ ھېلىراقتا جەنۇبىي تاغقا بارىمىز دەپ كېتىپ قالغانلىقىنى ئۇقتۇم، كۆڭلۈمدە سەدىردىن بىلەن پولات بۈگۈن ھاۋانىڭ ياخشىلىقىنى كۆرۈپ چوقۇم جەنۇبىي تاغدا سەيلە قىلغىلى كەتكەن بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم، بۇ مەن ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت ئىدى، دەرھال ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ جەنۇبىي تاغقا قاراپ ماڭدىم، جەنۇبىي تاغنىڭ باغرىغا كەلگەن ۋاقتىمدا بۈگۈن كۆتكىنىمدىنمۇ ياخشى پۇرسەتكە ئىگە بولغانلىقىمنى ھېس قىلدىم، ئەسلىدە مەن ئاپتوبۇستىن چۈشۈۋاتقاندا تەلئەتنىڭ بىرنەچچە قىز - ئوغۇل بىلەن جەنۇبىي تاغقا قاراپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم، نىمىشقىدۇر ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ ئۇلار خېلىلا ئۇزاپ كەتكىچە كۈتۈپ تۇردۇم، كۆڭلۈمدە تەلئەتنىڭ يېنىدا چوقۇم كەۋسەر بار، بىر ئامال قىلىپ ئۇلارنىڭ بىرگە ئولتۇرغان ھالىتىنى سۈرەتكە تارتىۋېلىپ، كېيىن سۈرەتنى سەدىردىننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قوياي دېگەنلەرنى ئويلايتتىم، كېيىنكى ئىشلارمۇ مەن كۈتكەندەك بولدى، تەلئەت قاتارلىق بىرقانچە قىز- ئوغۇل جەنۇبىي تاغقا چىقىپ خىلۋەترەك ئارچازارلىقتا ئورۇنلاشتى، مەن يىراق تۇرۇپ سەيلە قىلىۋاتقان قىياپەتتە ۋەزىيەتنى كۆزەتتىم،

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا كۆز ئالدىمدا مەن زادى كۈتمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى، سەدىردىن بىلەن پولات ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئۇلارنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى - دە، باشقىلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ سورۇنىغا قوشۇلۇپ كېتىشتى، راستىنى دېسەم بۇ ئەقلىمگە سىغمايدىغان كۆرۈنۈش ئىدى. چۈنكى، مېنىڭ ئويۇم بويىچە بولغاندا تەلئەت بىلەن سەدىردىن ئۆزئارا تونۇشمايدىغان، تونۇشقان تەقدىردىمۇ كەۋسەرنى تالىشىپ زىددىيەت پاتقىقىغا پاتقان رەقىبلەر بولۇشى كېرەك ئىدى، ئويلاپ- ئويلاپ ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ھېچ نەرسىنى قىياس قىلالمىدىم، شۇنداق قىلىپ، ئىككىلا پىلانىم سۇغا چىلاشقان بولدى، كېيىن ئۇلاردىن يىراقلىشىپ ئۆزۈم تەنھا ھالدا خىيال سۈرۈپ يۈردۈم، ئارىدىن خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، چىگىش خىياللار بىلەن گاراڭ بولغان كۆڭلۈمدە سەدىردىن ئايلىنىپ يېنىمغا كېلىپ قالسا، ئۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى قېتىم سۆرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇرۇۋالسام دېگەن ھېلىقى ئارزۇمۇ قايتا بىخلىنىپ باراتتى......

باھارگۈل سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە نېمىشقىدۇر توختاپ قالدى، سوت مەيدانى ئاۋۋالقىدەكلا جىمجىتلىققا چۆككەنىدى، سەدىردىننىڭ چىرايى بىرئاز ئۆڭۈپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى، كامىنۇر بىلەن مىرئادىل كەۋسەر بىلەن پولاتقا ئوخشاشلا باھارگۈلگە قاراپ ئاۋۋالقىدەك قېتىپ قېلىشقانىدى، باش سوتچى قولىدىكى سۆرەتكە يەنە بىر قېتىم قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— قېنى سۆزىڭىزنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇڭ، — دېدى.

شۇ تاپتا باھارگۈل تولىمۇ تەسىرلىك ھېكايە سۆزلەۋاتقان ۋائىزگە ئوخشاپ قالغان بولسا، ئۇنىڭغا ماس ھالدا باش سوتچىدىن باشلاپ ھەممە كىشى ئاشۇ تەسىرلىك ھېكايىنى پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ ئاڭلاۋاتقاندەك قىلاتتى.

باھارگۈل ئېسەنگىرەش ئىچىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ باش سوتچىغا قارىدى، ئۇنىڭ ئەتىدىن بېرى ئاچچىق ئەسلىمىلەرگە يەم بولۇپ ئۆزىنى ئۇنتۇغانلىقى ئېنىق ئىدى، كېيىن ئۇ ئەسلىگە قايتىپ سۆزىنى سالماق ھالدا داۋاملاشتۇردى:

— كېيىن مەن ئامالسىز قايتىپ كېتىش ئۈچۈن يول ئالدىم. كۆڭلۈم سەدىردىن بىلەن تەلئەتلەر ئولتۇرۇۋاتقان سورۇن تەرەپكە تارتاتتى. شۇنداقتىمۇ ئېھتىيات بىلەن ئۇلارنى ئەگىشىپ ئۆتۈپ كېتىشنى ئويلايتتىم، بۇ ئويلىرىمنىڭ ئىچىدە مېنى ئەجەبلەندۈرگەن ھېلىقى سىرمۇ بار ئىدى، بىراق مەن ئۇلار ئولتۇرۇۋاتقان ئورۇنغا يېقىنلاپ كېلىپ ئۆزۈمنى دالدىغا ئېلىۋاتقان ۋاقتىمدا، نەق مەيداندا پەقەت سەدىردىن بىلەن تەلئەتلا بار ئىكەن، بۇنىڭدىن تېخىمۇ ئەجەبلەندىم، تەلئەتنىڭ قولىدا بىر بوتۇلكا بار ئىدى، ئۇ ئۆزىدىن بىرنەچچە قەدەم نېرىدا تۇرغان سەدىردىنگە قولىنى شىلتىپ بىرنېمىلەرنى دەۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ئارازلىشىپ قالغانلىقى ئېنىق ئىدى، شۇئان ئالدىمدىكى كۆرۈنۈش ناھايىتى جىددىي ئۆزگەردى، تەلئەت بوتۇلكىنى كۆتۈرۈپ ھاراق ئىچكەندەك قىلدى. مەن ئۇلارنى ئاپپاراتىمنىڭ كۆزنىكىدىن كۆزىتىپ تۇراتتىم، كېيىن تەلئەت ئىرغاڭلاپ كېلىپ سەدىردىنگە مۇشت ئاتتى، مەن بىردىنلا جىددىيلەشتىم، شۇ ھالدا ئۇلارنى سۈرەتكە تارتىۋالماقچى بولدۇم، بىراق سەدىردىن تەلئەتنىڭ يېنىدىن كېتىپ قالدى، تەلئەت ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ بوتۇلكا ئاتتى. مەن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ كۆز ئالدىمدىكى كۆتۈلمىگەن كۆرۈنۈشلەرنى ئارقا - ئارقىدىن سۈرەتكە تارتىشقا باشلىدىم. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن بىر چاغدا قۇلىقىمغا تەلئەتنىڭ نېمىدۇر دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى كىردى، بۇ چاغدا تەلئەت دەلدەڭشىپ قەدەم ئالالماي ئورنىدا ئالدىغا ئېڭىشىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ غەرق مەست ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى، ئۇ قولىدىكى سۇنۇق

بوتۇلكىنى سەدىردىن تەرەپكە ئاتماقچى بولاتتى - يۇ، بىراق ماجالى يەتمەيتتى، بىر چاغدا ئۇ يەرگە گۈپپىدە يىقىلدى. ئاپپاراتىمنىڭ كۆزنىكىدىن كۆرۈۋاتقان بۇ كۆرۈنۈشنىڭ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە پاجىئەگە ئايلىنىشىنى ھەرگىزمۇ تەسەۋۋۇر قىلمىغانىدىم، شۇئان سەدىردىن تەلئەتنىڭ يىقىلغانلىقىنى كۆردى بولغاي، يۈگۈرگىنىچە تەلئەتنىڭ يېنىغا كەلدى. مانا سۈرەتلەرنى تارتىشىمدىكى سەۋەب ۋە جەريانلار يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت. پۈتۈم تېلىپ كەتتى، ئەمدى ئۇلتۇرسام بولامدۇ؟

باھارگۈلنىڭ سۆزى ئۈزۈلۈش بىلەن تەڭ سوت مەيدانى ۋاراڭ - چۇرۇڭغا تولدى، باش سوتچى ئەدلىيە ساقچىسىغا باھارگۈلگە بىر ئىستاكان ئۇسسۇلۇق بېرىشنى ئېيتتى، باھارگۈل قەغەز ئىستاكان - دىكى سۇدىن بىرنەچچە يۇتۇم ئىچكەندىن كېيىن، باش سوتچى باھارگۈلگە قاراپ دېدى:

— سىز بۇ سۈرەتلەرنى تارتىشتىكى سەۋەب ۋە جەريانلارنى ناھايىتى تەپسىلىي سۆزلىدىڭىز، ئەمدى بۈگۈنگىچە بۇ سۈرەتلەرنى مۇناسىۋەتلىك خادىملارغا تاپشۇرۇپ بەرمىگەنلىكىڭىزدىكى سەۋەبنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمسىز؟

— ئەتىدىن بېرى دېگەنلىرىم يېتەرلىك بولمىدىمۇ؟ بوپتۇ سۆزلىسەم سۆزلەي، — باھارگۈل سۆزىنى تەمكىن ھالدا داۋاملاش - تۇردى، — ۋەقە يۈز بەرگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ مەكتەپتە سەدىردىن بىلەن پولاتنىڭ روھىي ھالىتىنى كۆزەتتىم، ئۇلار ئارىدا ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك يۈرۈشتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىنىپىمىز - دىكى ساۋاقداشلار خوشلىشىش كېچىلىكى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئالدىراش تەييارلىق قىلىۋاتاتتۇق، مەن كۆڭلۈمدە تەلئەت ئانچە ئېغىر زەخىملەنمىگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدىم، ساقچىلار سەدىردىننى تۇتۇپ ئېلىپ كەتكەندىن كېيىنلا ئەنسىرىدىم، سىرتتا «سەدىردىن تەلئەتنىڭ قورسىقىغا بوتۇلكا پارچىسى

تىقشۇتىپتىـۇ» دېـگەن گەپـلەر تارقالغانـدىن كېـيىن تېخـمـۇ جىددىيلەشتىم، شۇنىڭ بىلەن سۈرەتلەرنىڭ نېگاتىپىنى دەرھال يۇدۇرۇپ كـۆرۈپ بـاقتىم، قارىسام سۈرەتتىكى كۆرۈنۈشلەر ئەينى ۋاقىتتىكـى ھەقىقـىي ئەھـۋالنى ئېـسپاتلاپ بېرەلەيـدىكەن...... شۇنىڭ بىلەن......

— خوش، بۇ دەسلەپكى ئىشلار شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

— ئۇنىڭدىن كېيىن سەدىردىننىڭ دىپلوسىنى ج خ ئورۇنلىرى تەكشۈرۈپ، تەپتىش مەھكىمىسى ئەيىبلەپ بولغۇچە خېلى ۋاقىت ئۆتتى. بـۇ سۈرەتلەرنى نېمىشقا شۇ چاغقۇچە قـانۇن ئورۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ بەرمىدىڭىز؟

باش سوتچى شۇلارنى دېگەندىن كېيىن قولىدىكى سۈرەتلەرگە يەنە قـىزىقىش ئىلكىـدە قارىـدى. دەرۋەقە ئۇنىـڭ قولىـدىكى 13 پـارچە سـۈرەتتە تەلـئەت بىـلەن سـەدىردىننىڭ دەسـلەپتىكى پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ھالىتىدىن باشلاپ، ئـايرىم - ئـايرىم ھالـدا تەلئەتنىڭ ھاراقنى بوتۇلكا بىلەنلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋاتقان كۆرۈنۈشى، كېـيىن سـۇنۇق بوتـۇلكىنى پۇلاڭلىتىـپ سـەدىردىننى قوغلىغـان ھالىتى، مۇھىمى قولىـدىكى سۇنۇق بوتـۇلكىنى كۆتۈرەلمىگەنـدەكلا ئالدىغا يىقىلىۋاتقان ھالىتى ئېنىق ئىدى، سـەدىردىننىڭ ئالاقزادە بولۇپ تەلئەتكە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ھالىتىمۇ كۆزگە روشـەن تاشـلىناتتى. باھـارگۈل سـۆزىنى داۋاملاشـتۇردى، بـاش سـوتچى دىققىتىنى يىغىپ باھارگۈلگە تىكىلدى.

— مەن بۇگۇن سوتقا قاتنىشىپ نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىۋالدىم، قىسقىسى كۆڭلۈمدىكى بىر قىسىم سىرلار يېشىلدى، مەن ئەسلىدە سەدىردىن بىلەن تەلئەتنى ئۆزئارا دۈشمەنلىشىدۇ دەپ چۈشىنەتتىم، ئەمەلىيەت مەن ئويلىغانـدەك ئەمەسـكەن. ئەمـدى سـىز سورىغان سوئالغا جاۋاب بەرسەم يوللۇق بولىدۇ، مەن سـوتنىڭ سـەدىردىنگە

قانداق قارىشىدىن قەتئىينەزەر، نەق مەيداندا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن سەدىردىننى گۇناھسىز دەپ قارايمەن!

— چۈشەندۈرۈشىڭىز ئۇزىراپ كەتتى، سەۋەبىنىڭ ئۆزىنى ئېيتىڭ!

— مۇبادا مېنىڭ سوتقا تاپشۇرغان پاكىتىم بىلەن سەدىردىن ئاقلانسا، يەنە كېلىپ مەن ئۇنى ئاقلىغان مۇشۇنداق مۇھىم پاكىتنى ۋاقتىدا قانۇن ئورۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ بەرمەي كېچىكتۈرگەنلىكىم ئۈچۈن ئەيىبلىنىشكە لايىق بولسام قانۇننىڭ ھەرقانداق جازاسىنى قوبۇل قىلىشقا تەييار!

— ئارتۇقچە ئويلاپ كەتمەي سەۋەبىنىڭ ئۆزىنى ئېيتىڭ!

— ئېيتتىم ئەمەسمە! مېنىڭ مەقسىتىم ئازابنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سەدىردىنگە بىلدۈرۈپ قويۇشلا خالاس! مېنىڭ بىرنەچچە يىل تارتقان ئازابلىرىمنىڭ ئالدىدا سەدىردىننىڭ كامېردا مۇشۇنچىلىك يېتىشى قانچىلىك ئىش ئىدى! سىز مېنىڭ ئازابلىرىمدىن سەدىردىننىڭ ئازابىنى ئارتۇق ھېسابلامسىز؟ ئۇنىڭ ماڭا كەۋسەر بىلەن مۇھەببەتلىشىپ كېلىۋاتىمەن دەپ يالغان ئېيتىپ، ئالداپ كەلگەنلىكىگە نېمە دەيسىز! مەن يەنىلا باغرى يۇمشاقلىق قىلىپ بۇ سۈرەتلەرنى سىزگە تاپشۇرۇپ بەردىم، مەن بىلىمەن، سەدىردىننىڭ ئازابلىرىغا قانۇن ئىگە بولالايدۇ، مېنىڭ ئازابلىرىم ئۆزۈمگىلا قالىدۇ، بۇنى كىم تارتىشىپ بېرىدۇ؟ گېپىم تۈگىدى. مېنى قانداق ئەيىبلەش كېرەك بولسا شۇنداق ئەيىبلەڭ!

باھارگۈل ياشلىرىنى سۈرتكىنىچە باش سوتچىنىڭ ئىجازىتىگە قارىمايلا ئورنىدىن ئالدىراپ چىقىپ ئاخىرقى رەتكە كېلىپ ئولتۇردى، سوت مەيدانى ئاۋۋالقىدەكلا جىمىپ قالدى، بىردەمدىن كېيىن باش سوتچى باھارگۈلگە قاراپ:

— سىز بۇ سۈرەتنى تارتقان ئاپپارات بىلەن نېگاتىپنى سوتقا

تاپشۇرۇپ بېرىلىك، ــ دېدى، باھارگۈل خۇددى شۇنداق بولۇشىنى ئالدىن قىياس قىلغاندەكلا سومكىسىدىن ئاپپارات بىلەن نېگاتىپنى چىقىرىپ ياندىكى ئەدلىيە ساقچىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى، كېيىنكى باسقۇچتا تەرەپلەر مۇنازىرە سۆزلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى، نېمىشقىدۇر ھەر ئىككى تەرەپ باھارگۈلنى تىلغا ئېلىشمىدى. ئاخىرىدا سەھنىدىكى ئۈچ نەپەر سوتچى قىسقىلا مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن، باش سوتچى:

ــ سوت مۇشۇ يەردە ئاخىرلىشىدۇ، كېڭەشمە سوتىمىز تەرەپلەرنىڭ ماددىي پاكىتلىرىنى تېخنىكىلىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈپ دەلىللەيدۇ، ھۆكۈم ئۈچ كۈندىن كېيىن، يەنى 27 ـ چېسلا سائەت 8 دە مۇشۇ سوتخانىدا ئېلان قىلىنىدۇ، مۇناسىۋەتلىك يولداشلار سوتقا ۋاقتىدا قاتنىشىڭلار! ــ دەپلا ئورنىدىن تۇردى.

ساقچىلار سەدىردىننى يالاپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى، بىر قىسىم كىشىلەر سوت مەھكىمىسىنىڭ قورۇسىدا ئۆزئارا تالاش ـ تارتىش قىلىشىۋاتاتتى، ئۇلاردىن بەزىلەر سەدىردىننى ئاقلىنىدىغان بولدى دېيىشسە، بەزىلەر ئۇنداق بولمايدۇ دېيىشەتتى، پولات بىلەن كەۋسەر باھارگۈلنى دەرۋازا ئالدىدا توختىتىپ بىرگە تاماق يېمەكچى بولغان بولسىمۇ، باھارگۈل قوشۇلمىدى، مېڭىش ئالدىدا پولاتنى يانغا تارتىپ:

ــ خاتىرجەم بولغىن، مېنىڭ پاكىتىم بىلەن سەدىردىن چوقۇم ئاقلىنىدۇ، سەدىردىن ھۆرلۈككە چىققان كۈنى بۇ خەتنى ئۇنىڭغا بېرىپ قويغىن، خوش، مەن كەتتىم! ــ دەپلا ئۆزىگە قىزىقىش ئىلكىدە قاراپ قالغان كەۋسەرگە قاراپمۇ قويماستىن قورۇدىن چىقىپ كەتتى، پولاتلا ئەمەس، مىرئادىل، كامىنۇرلارمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قېلىشتى.

باھارگۈلنىڭ قارىسى يىتكەندىن كېيىن ھەممەيلەن تەبىئىي ھالدا بىر يەرگە جەم بولۇشتى. كامىنۇرنىڭ چىرايى بىر قىسىملا

بولۇپ قالغانىدى، ئۇ ھېلىغىچە باھارگۈل كەتكەن تەرەپكە ئاربلاپ قاراپ قويىاتتى، بىركەمدە مىرئادىل ئاربدىكى جىملىقنى بۇزۇپ:
— يۇرۇڭلار، ئاۋۇ تەرەپتە ياخشى بىر ئاشخانا بار، سىلەرنى مېھمان قىلاي، — دېدى.
كەۋسەر پولاتقا قارىغانىدى، پولات مىرئادىلنىڭ چىرايىدىكى خىجىللىق ئىپادىلىرىنى كۆرۈپ:
— بوپتۇ، بىز بىرلىكتە غىزالانمىغىلى ئۇزاق بولغان، بىرگە غىزالىنايلى! — دېدى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مىرئادىلغا ئەگىشىپ مېڭىشتى. دېمىسىمۇ ئۇلار ئۇچۇق - يورۇق پاراڭلاشمىغىلى، مۇشۇنداق بىرگە ئولتۇرۇپ تاماق يېمىگىلى خېلى كۈنلەر بولغانىدى، بۇ ھال پولات بىلەن مىرئادىلغا ئانچە ئېغىر كەلمىگەن بىلەن، بەش يىل بىر ياتاقتا يېتىپ، بارنى تەڭ كۆرۈپ كېلىشكەن كەۋسەر بىلەن كامىنۇرغا بەكمۇ ئېغىر كېلىۋاتاتتى، كەۋسەرنىڭ بۇ كۆتۈلمىگەن ياتلىشىشقا بولغان ھەسرىتى ھەممىدىن ئارتۇق ئىدى، ھەر ھالدا بۈگۈنكى ئاددىي بىر ۋاقلىق چۈشلۈك تاماق كەۋسەرنىڭ ئاغزىغا تېتىدى، ئاربدا كەۋسەر مۇشۇ كۈنلەردە كامىنۇرنىڭ تەلئەتىنىڭ روھسىدىن كۆرە، ئۇنىڭ جانجىگەر دوستى مىرئادىلنىڭ ئالدىدا تەڭلىك تارتىپ قالغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ ئۈلگۈردى، ھەر ھالدا ئۇلار تاماقنى ئىلگىرىكىدەك زورلىشىپ خۇشال يېيىشتى.
ئۇلار تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشكەن ۋاقىت ئاخىر يېتىپ كەلدى، سەدىردىن ئاۋۇالقىدەكلا سوت مەيدانىغا ئېلىپ كىرىلدى، بۇ قېتىم كامىنۇر كەۋسەرگە يېقىن ئولتۇردى، مىرئادىل پولاتنىڭ ئوڭ تەرىپىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا نېمىدۇر دېمەكچى بولغانىدى، باش سوتچىنىڭ «ھازىر ھۆكۈم ئېلان قىلىنىدۇ» دېگەن جاكارسى ئۇنى سۆزلەشتىن چەكلەپ قويدى، ھەممەيلەنـ ـنىڭ دىققىتى سوت سەھنىسىگە مەركەزلەشتى، كەۋسەرنىڭ يۈرىكى

ئـادەتتىن تاشـقىرى تېـز سـوقۇۋاتاتتى، ئـۇنىڭلا ئەمەس، ھەمـمە كىشىنىڭ يۈرىكى تېز سېلىۋاتقاندەك قىلاتتى، تەلئەتنىڭ ئەتىدىن بېـرى ھەسـرەتلىك خىياللارغـا چۆمـۈپ ئولتۇرغـان ئانىسىنىڭ كۆزلىرىـدە يـاش لىغىرلايتتـى، ئۇنىـڭ يېنىـدا كۆكـۈل ياسـاپ ئولتۇرۇشقان بىـرنەچچە ئايـالمۇ جىمـپىلا قىلىشقانىدى، دادىسى نېمىـشقىدۇر بـۇ يەردە كـۆرۈنمەيتتى شـۇ ئەسـنادا بـاش سـوتچى ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆكۈمنامىنى جاراڭلىق ئاۋازدا ئوقۇشقا باشلىدى، ھۆكۈمنامىدە: گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىق سۆزلىرى بىلەن، ماددىي پـاكىتلارنى كېڭەشـمە سـوت ئـىنچىكە، ئەسـتايىدىل تەكـشۈرۈپ دەلىللەش ئارقىلىق، تەلئەتنىڭ ھاراقنى ھەددىدىن زىيادە ئىچىپ خـۇدىنى يوقاتقـانلىقى، سـەدىردىننى قـوغلاش جەريانىـدا سـۇنۇق بوتۇلكىنىڭ ئۈستىگە يىقىلىپ زەخىملەنگەنلىكى، قان كۆپ ئېقىپ كەتكەچـكە، ئـاخىر داۋالاش ئۈنـۈم بەرمەي ئۆلـۈپ كەتكەنلىكـى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئاخىرىدا تېخىمۇ جاراڭلىق ئاۋازدا ھۆكۈم ئېلان قىلىندى:

— كېڭەشمە سوتىمىز تەلئەتنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدە سەدىردىن-ـنىڭ جاۋابكـارلىق مەسـئۇلىيىتى يـوق دەپ قارايـدۇ! سـەدىردىن گۇناھسىز، تەرەپلەر ھۆكۈمگە قايىـل بولمىسا، ئـون كـۈن ئىچىـدە نارازىلىق ئەرز بەرسە بولىدۇ!

كەۋسەر بىلەن پولات ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەيلا قالدى، ئادۋوكات ئۇلارغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى، ساقچىلار سەدىردىننى ئېلىپ ماڭغانـدا پولات شادلىقىنى باسالماي ئورنىدىن تۇرۇپ:

— سەدىردىن، سېنى كۈتىمىز! — دەپ ۋارقىرىدى.

كەۋسـەر بىـلەن پـولات شـادلىقىنى ئىچىـگە سـىغدۇرالماي قىلىشتى، ئۇلارنىڭ شادلىقىغا باشقىلارمۇ جور بولۇشتى. شۇ تاپتا كەۋسەر كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن يۇلقۇنـۇپ چىقىـشقا تىرىـشۋاتاتتى، بۈگۈن سوتنىڭ ھۆكۈمنى ئاڭلاشقا كېلىشكەن شۇنچە كـۆپ كىشى

ئۇنىڭغا قىزنىڭ ئىچىدە قارىشىۋاتاتتى، بەزىلەر ئۇنى ئىما قىلىشىپ بىر - بىرىنىڭ قۇلىقىغا كۇسۇرلىشاتتى، كەۋسەر بۇ كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالالماي ئوڭايسىزلىنىۋاتاتتى.

كېيىنكى ئون كۈن ئىچىدە كەۋسەر بىلەن پولات باھارگۈلنى ئۈرۈمچى كوچىلىرىدىن شۇنچە ئىزدىگەن بولسىمۇ ھېچ يەردىن تاپالمىدى.

بۈگۈن سەدىردىن ھۆرلۈككە چىقىپلا پولاتنىڭ قولىدىن باھارگۈلنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ خەتكە تىكىلگىنىچە قېنىپ نەپەس ئالدى، باھارگۈلنىڭ خېتى قىسقىلا يېزىلغانىدى:

*«سەدىردىن، سەن ھۆرلۈككە ئېرىشىپ بۇ خەتنى قولۇڭغا ئالغاندا مەن ئاللىقاچان ئۆزۈمنىڭ خىلۋەت سەھرايىمغا يېتىپ بېرىپ، ساڭا مەكتەپتە دېيەلمىگەن يۈرەك سۆزلىرىمنى بىپايان دالىدىكى گۈل - گىياھلارغا سۆزلەپ ئۆلگۈرىمەن. گۈل - گىياھلار بەلكىم بۇ ھەسرەتلىك سۆيگۈ قىسسەسىنى ئاڭلاپ، ئانا زېمىنغا باغرىنى مەھكەم يېقىشى، سەھەرلەردە مېنىڭ كۆز يېشىم بولغان پاك شەبنەملەرگە چۆمۈلۈشى مۇمكىن، ئەسلىدە قولۇڭدىكى كويزا ئېلىنغاندا بىرىنچى بولۇپ باغرىڭغا ئۆزىنى ئېتىپ بوغۇلۇپ يىغلايدىغان كىشى مەن ئىدىم، ئەپسۇس بۇ قىممەتلىك مىنۇتلارنىڭ ماڭا مەڭگۈ نېسىپ بولمايدىغانلىقىنى بىلىمەن، ھەرقانچە جۈرئەتلىك بولغىنىم بىلەنمۇ يەنىلا پاك سۆيگۈنىڭ بۇ خىل رەھىمسىز نېسىۋىسىنى قوبۇل قىلماسلىققا ئاجىزمەن. دەرۋەقە مەن دانىشمەن دوستىمىز پولاتنىڭ «ھاياتلىق كۆز يېشىغا تولغان، ئادەم يىغلاپ يارىلىپ، يەنە باشقىلارنى يىغلىتىپ ئاخىرلىشىدۇ» دەيدىغان پەلسەپىۋى قارىشىنىڭ تېگىگە*

ھەقىقىي يەتتىم، ئەسلىدە ساڭا، بولۇپمۇ كەۋسەرگە ئېيتىدىغان تۇرغۇن سۆزلىرىم بار ئىدى. خەيرىيەت، مەن ھەممىسىنى دەرد - ھەسرەتكە لىققىدە چىلاشقان قەلبىمدە ئېلىپ كەتتىم، ئۇنىڭدىن كەلگۈسىدە پاك سۆيگۈگە مەڭگۈ سادىق بولغان ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ روھى نۇرلانغۇسى! پانىي دۇنيادا مۇشۇنداقمۇ ھەسرەتلىك سۆيگۈنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كەلگۈسىدە يەنىلا سۆيگۈ ئاپىرىدە قىلغان بالىچاقىلىرىمىزغا رىۋايەت تەرىقىسىدە سۆزلەپ بېرەيلى، ئاخىرىدا سىڭىلىڭ، يەنە دوستىمىز پولاتنىڭ «ئىنسانىيەتنىڭ بېشىغا كەلگەن ھەربىر كۈلپەت كېيىنكى بەختىنىڭ كوزىرى بولۇپ قالىدۇ» دېگەن سۆزىنى قايتا پىچىرلىشىڭنى تەۋسىيە قىلىمەن.

خەير - خوش، بەختىڭنى تىلەپ:

باھارگۈل»

باھارگۈلنىڭ خېتىنى ھەممەيلەن قولدىن - قولغا ئېلىپ ئوقۇشقان بولسىمۇ، ھېچكىم ھېچكىمگە ئىپادە بىلدۈرمەي سۈكۈت ئىلكىدە تۇرۇپ قېلىشتى. ئەتىسى كەۋسەرنىڭ تەكلىپى بويىچە ھەممەيلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى قەددىناس ئاشخانىدا جەم بولۇپ خوشلاشماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەپسۇس، بۇ ئاخىرقى جەم بولۇشقا نېمىشقىدۇر مىرئادىل كەلمىدى. كامىنۇرمۇ خېلىلا كېچىكىپ كەلدى - دە، كەۋسەرنى سىرتقا چاقىرىپ:

— ئايرىلىدىغان ۋاقتىمىز ئاخىر يېتىپ كەلدى، كۆڭلۈم بەكمۇ پەرىشان، دوستلۇقىمىزنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بىراق، ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا سەن يۇرتۇڭغا قايتقاندىن كېيىن سەدىردىن بىلەن بىللە بولۇپ قالغۇدەكسەن، بۇ مېنىڭلا

ئەمەس، مىرئادىلىنىڭمۇ پەرىزى، مۇبادا ئىككىمىزنىڭ بۇ پەرىزى توغرا چىقىپ قالسا، كېيىنكى ئىپتىمەنىكى، دوستلۇقىمىز ئاخىرلاشقان بولىدۇ، كەۋسەر، مەن بۇنداق بولۇشىنى ھەرگىزمۇ خالىمايمەن. سىنىڭ كېيىنكى ئىشلار توغرۇلۇق ماڭا ۋاقتىدا خەت يېزىشىڭنى كۈتىمەن، خوش، ئامان بولغىن! — دەپلا كېتىپ قالدى.

كەۋسەرنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى، كامىنۇرنىڭ ئاخىرقى دەقىقىلەردە ئىلگىرىكى خاراكتېرىگە قىلچە مۇناسىپ كەلمەيدىغان بىر خىل كەيپىياتتا دېگەن بۇ گەپلىرى كەۋسەرنىڭ كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش ئاققۇزۇۋەتتى، ئەمەلىيەتتە بۇمۇ دوستلۇقنىڭ نىسپىي ئىدى، كېيىن بۇ خىل ئازابلىق پەيتلەر پولات بىلەن سەدىردىننىڭ كۆزلىرىدىنمۇ ھەسرەتلىك ياشلارنى ئېقىتتى، ئۇ ئىككىسى خوشلىشىش ئالدىدا دوستلارچە قۇچاقلاشتى، كەۋسەرنىڭ كۆزلىرىدىن يەنىلا ياش كەلكۈنى تاشقىنلاۋاتاتتى، شۇ ئەسنادا سەدىردىن:

— مۇبادا باھارگۈلنى ئۇچرىتىپ قالساڭ رەھمىتىمنى يەتكۈزۈپ قوي، — دېگەنىدى، پولات ھاياجان بىلەن ئىنكاس قايتۇردى:

— خاتىرجەم بول، چوقۇم شۇنداق قىلىمەن، ئۇنىڭغا مېنىڭمۇ سېنىڭكىدىن قېلىشمىغۇدەك رەھمىتىم بار، ئۇ جاھاننىڭ ئەڭ چېتىدە بولسىمۇ ئىزدەپ تاپىمەن!

## توققۇزىنچى باب

# قايتا مۇزلىغان كاچكۇل

كەچ كۈز ئاخىرلىشىپ، ئاقتاشنىڭ جۇدۇنلۇق كۈنلىرى باشلاندى. ئانايەت كۈدەككە ھەمراھ بولۇپ قىشلىق ئوتۇن غەملىۋېلىش ئۈچۈن جاڭگالغا كەتكەنلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەھەللىدىكىلەر كۈزلۈك يىغىم- تېرىم مەزگىلىدە ئېتىزلىرىدىن ئالدىراش ھالدا يىغىۋالغان كېۋەز غوزەكلىرىنى ئۆگزىگە يېيىش، ماش، پۇرچاق، كەندىر، ئوتياش ۋە ئاپتاپقا سالغان مېۋە - چېۋىلەرنى ئېلىپ، ئورا ياكى قازناقلارغا جايلاشتۇرۇش ھەلەكچىلىكىدە ئارام تاپمايتتى. مەھەللىنى چاڭ - توزانغا كۆمۈپ تاقلاپ يۈرۈشىدىغان قوي، ئۆچكىلەر، تىنچلىقنى بۇزۇپ ھاڭراي- دىغان، مۆرەيدىغان ئېشەك، كالىلارمۇ شۇمشىيىپ ياۋاشلىشىپ قوتانلاردا پىچان، پاسار، سامانلارنى ئېرىنچەكلىك بىلەن چايناپ- كۆشەيتتى.

بۇگۈن چاشگاھ ۋاقتىدا ئەخمەت بوۋاي ئۆيىدىن ئۇن يېتىم يىراقلىقتىكى بوش يەرگە شادىسى بىلەنلا دۆۋىلەپ قويۇلغان غوزەكلەردىن پاختا ئېلىپ ئولتۇراتتى، بىر چاغدا ئۇنىڭ يېنىغا ھوشۇر موزدۇز بىلەن قادىر ئاخۇن پەيدا بولدى. ئۇلار ئۆزئارا سالام - سەھەت قىلىشقاندىن كېيىن ئۇ ئىككىسىمۇ ئەخمەت بوۋاينىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ پاختا ئېلىشقا باشلىدى.

— ئىككىڭلارنىڭ ئاغزى گەپ يۇقى تۇرىدۇ، بىرەر ئىش بىلەن كەلدىڭلارمۇ؟— دېدى ئەخمەت بوۋاي خىلىدىن كېيىن مەيۈس هالدا. ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە نىيازنى تولا خىيال قىلىۋەرگەچكىمۇ، ئىلگىرىكى تېتىكلىكىدىن ئەسەر قالمىغانىدى، كۆپ هالالاردا ئۆز خىيالى بىلەنلا بەند بولۇپ ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ئىشلارغا ئېرەنشىمەيتتى.

— سۇلايمان ئاخۇننى يوقلاپ ياناشىمدا هوشۇر ئاخۇن بىلەن يول ئۈستىدە ئۇچرىشىپ قالدىم. قارىسام بۇ يەردە سىزنىڭ قارىڭىز كۆرۈنىدى، شۇڭا بۇ تەرەپكە ئۆتتۇق. مىجەزىڭىز يوقتەك تۇرامدۇ نېمە، ئىش قىلماي ئارام ئالسىڭىز بولماسمىدى؟— دېدى قادىر ئاخۇن قولىدىكى پاختىنى سېۋەتكە تاشلاپ.

ئەخمەت بوۋاي يۆتىلىپ قويۇپ دېدى:

— مىجەزىم يوق، دېمىسىم سىقىلىپلا تۇرىدۇ، سۇلايمان ئاخۇننىڭ ئەھۋالى قانداقراقكەن، خېلى كۈنلەر بولدى ئۇ تەرەپلەرگە ئۆتەلمىدىم.

— بىر خىللا ياتىدۇ، ئەممازە، مۆھتىرەمخاننىڭ مىجەزى بوش تۇرىدۇ، ئۆپكىسىگە سوغۇق تېگىپ قالغان چېغى.

— هېلىمۇ چىداشلىق ئايال ئۇ، ئېتىز - ئېرىقنىڭ ئىشلىرى قولىنى تىندۇرمايدۇ، ئابدۇللا يار - يۆلەك بولسا ئوبدان بولاتتى، ئاڭلىسام، بۇ بالا مەدەنىيەت پونكىتىدا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغۇدەك، مەكتەپتە ئوقۇغان بالىنى باشقۇرماق ئاسان ئەمەسكەن، ئەخمەتكا.

قادىر ئاخۇننىڭ سۆزى ئۈزۈلۈشىگىلا هوشۇر مىزدۇز ئېغىز ئاچتى:

— دېگىنىڭىز دۇرۇس، سىزغۇ هەر هالدا خەلچەمنىڭ تويىنى قىلىپلا خاپىلىقتىن بىر يولىلا ئادا بولدىڭىز، بىزچۇ، نىياز بىلەن راشىدىننىڭ هازىرغىچە ئىز- دېرىكى يوق، بىزدەك دېھقان خەقنىڭ بېشىمىزغا تەقدىر- قىسمەتتىن مۇشۇنداق ئېغىر كۈنلەر

كىلىپ قالسا سەۋر قىلماقتىن باشقا ئامالىمىز بولمايدىكەن، مانا، مەنمۇ كونا موزدۇز بولغىنىم بىلەن، بالىنىڭ دەردىدە قولۇم ھۈنەرگە بارمىغىلى نەچچە يىل بولدى، قول ئىلكىمىزدە يېتەرلىك پۇل - پۇچەك بولسا بالىلارنى ھېلىغىچە ئىزدەپ تېپىپ كېلەتتۇق ئەمەسمۇ!

— مېنىڭ بېشىمدىكى خاپىلىقنى ئاز دەمسىز، ھوشۇر ئاخۇن! ئۇبدان تەگلەپ باقساڭلار مېنىڭ خاپىلىقىممۇ سىلەرنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ، خەلچەمنى تالالىق قىلىپ، ئىككى نەۋرىلىك بولغان بولساممۇ، ھازىرغىچە قۇلىقىم تىنچىمايۋاتىدۇ، بۇنى ھەممىڭلار بىلىسىلەر.

— بىزمۇ باشتا ئىشنى خام - خاتىلا قىپتىكەنمىز، بۇ كەنجىلەرنىڭ ئۆيلىگىنىنى بىز ساقلىمىز ئەستاغپۇرۇللاغا يەتكەندىمۇ ئۆيلىيالماپتىمىز. ئەسلىدە خەلچەمنى ئابدۇللاغا باغلاپ قويغان بولساق كۆڭۈل تىنىدىكەن ئەمەسمۇ!......

ئەخمەت بوۋاينىڭ بۇ سۆزىگە ھوشۇر موزدۇز دەرھال ئېپادە بىلدۈردى:

— توغرا دېدىڭىز، ئەخمەتكا، ئىشنى باشتىلا سىز دېگەندەك قىلغان بولساق مۆھتىرەمخانىنىڭمۇ كاللىسى ساقىياتتى. كېلىنى تولا يامانلاپ ئۇ بېچارىنىمۇ ئارامىدا قويمىدى، مۇشۇ قادىر ئاخۇنمۇزە، نېمىگە بۇنچىۋالا ئالدىرايتتىكىنتاڭ!

— قىز بالىنىڭ غېمى كۆپ ئىكەن. كونىلار: قىز دېگەن بىر پارچە خام گۆش، ۋاقتىدا ئىگىسىگە تاپشۇرمىسا پۇراپ قالىدۇ دەپتىكەن، شۇڭا مەنمۇ ئالدىرىمىسام بولامدۇ!؟

— بايا ئىككىڭلارنىڭ بۇ تەرەپكە كەلگىنىڭلارنى كۆرۈپ نىياز بىلەن راشىدىنىدىن بىرەر خەۋەر كەلگەن ئوخشايدۇ دەپتىمەن تېخى، نىياز تولا چۈشۈمگە كىرىپ تۇرىدۇ، يەنە كېلىپ ھەمىشە يىغلاپ دەڭلا، بېشىغا بىرەر خاپىلىق يەتتىمىكىن دەپ

ئەنسىرەيمەن.

ــ يىغلاپ چۈش كۆرسە دەردتىن خالاس بولىدۇ دەيدۇ، ئەخمەتكا، خۇدايىم دەردتىن قۇتۇلۇشقا نېسىپ قىلار، بىز بۇ يەردە دەردىنىڭ گېپىنى قىلىپ ئولتۇرغىنىمىز بىلەن، جالالىدىن ئاخۇن بىلەن چىناخانىنىڭ ھالىچۇ تېخى، ئاڭلىسام سەدىردىننى جالالىدىن ئاخۇننىڭ ھېلىقى كادىر تۇغقىنىمۇ كۆرەلمەيتۇ، ئۆلۈپ كەتكىنى كاتتا باشلىقنىڭ ئوغلىمىش. كەۋسەرمۇ ھازىرغىچە قايتىپ كەلمەيتۇ، زۆلەيخانىنىڭ كېسىلىمۇ بېسىمداپ قالدى.

ــ پەرۋەردىگارا! بىزگە نېمە كۈن بۇ؟ بۇ كەنجىلەر ئەجەبمۇ بەختسىز چىقتىغۇ! مۇشۇ كۈنلەردە يۈرىكىم سىقىلىدىغان بولۇپ قالدى، سەدىردىنگە بىرەر ئىش بولۇپ قالارمۇ؟

ــ سەدىردىن ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇنداق ئىشنى قىلمىغاندۇ، مۇبادا پەيلى شەيتان ئازدۇرۇپ قالغان بولسا بېشى كېتىدۇ، ئەخمەتكا......

ــ خۇدايىم ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، قادىر ئاخۇن، بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ يېنىمدا بۇ گەپنى دېيىشمەڭلار، بىر پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلىغاندا بۇنداق زەربىنى كۆتۈرەلمەيمەن.

ھوشۇر موزدۇز قادىر ئاخۇنغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ بىردەمدىن كېيىن يۇقىرى تەرەپكە قارىغىنىچە دېدى:

ــ ئابدۇللا كېلىۋاتامدۇ نېمە؟

ئەخمەت بوۋاي بىلەن قادىر ئاخۇنمۇ شۇ تەرەپكە قاراشتى، راست دېگەنىدەك ئابدۇللا روزى كاداك بىلەن ئۇلارغا قاراپ كېلىۋاتاتتى.

ــ ئابدۇللانى ئۆسىدىكەن دەپ ئاڭلىغانىدىم، روزى كاداك بىلەن كەلگىنىگە قارىغاندا شۇنداق ئىش بولدىمۇ نېمە؟ ــ دېدى ھوشۇر موزدۇز ئورنىدىن تۇرۇپ.

ئابدۇللا ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلگەنىدە ئۇنىڭ چىرايىدىكى

خۇشاللىق ئىپادىلىرىنى ھەممىدىن بۇرۇن قادىر ئاخۇن سېزىۋالدى.
— ئابدۇللا بالام، چىرايىڭ بۆلەكچە ئېچىلىپلا قاپتۇ، ئەمىلىڭ ئۆستىمۇ نېمە؟
— كەنتتىكى مەجلىسكە بارماي، مۇشۇنداق ئەخمەتكامنىڭ يېنىغا كېلىۋالساڭلار جاھاندا قانداق ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەي قالىسىلەر مانا، — دېدى روزى كاداڭ ئابدۇللا گەپ قىلىپ بولغۇچە ئالدىراپ.
— جاھاندا نېمە ئۆزگىرىش بولاتتى، روزاخۇن! ھەممىلا يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆتتۇ! شۇ فوندى پۇلىنى سۈيلەپ كەلگەنسىلەر ھەقاچان؟— قادىر ئاخۇن شۇنداق دېۋىدى، روزى كاداڭنىڭ يەنە ئاغزى ئېچىلدى:
— مانا ـ مانا، مەن دېمىدىممۇ، ئەخمەتكا، بىزدىن يالتىيىپ يۈرۈپ ئابدۇللانىڭ يېزىمىزنىڭ كادىرى بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيدۇ بۇلار، ئاڭلاپ تۇرۇڭلار، ئابدۇللا يېزا باشلىقىنىڭ كاتىپى بولدى ھەم يەنە يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن بىزنىڭ كەنتكە فوندى پۇلنى يىغىشقا مەسئۇل بولۇپ كەلدى. بىر ھېسابتا ئابدۇللا يېزىمىزدىن بىزنىڭ كەنتكە چۈشكەن كادىر ھېسابلىنىدۇ......
— بۇ گەپ راستمۇ، بالام ئابدۇللا، سېنى يېزىدا كىتاب ئوقۇيدۇ دەپ ئاڭلىغان ئىدىمغۇ!
— كىتاب ئوقۇغاننىڭ پايدىسى بۇ، ئەخمەتكا، قانداق دېدىم، ئابدۇللا؟
— روزىكا، مۇز ئۈستىدە بوغۇناق ئۆرلەتمىسەڭچۇ!
— بۇلاردىن يوشۇرۇپ نېمە قىلىسەن، كادىر بولغىنىڭ راستقۇ!
— كادىر ئەمەس، كاتىپ دېگىنە.
— كاتىپ دېگەنمۇ كادىرغا ھېسابقۇ مائاش ئالغاندىكىن.
— روزاخۇن، بۇ گەپ راست بولسا ئاغزىڭىزغا كەمپۈت سېلىپ

قويمەن ماخما، كەنجىلەرنىڭ بىرسى بولسىمۇ كۆن كۆرسۇن بولسا!

— كەمپۈتنى ھازىرلا تەييارلاپ ئەمسە، ئىككىڭلارغا خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم.

— نېمە دېدىڭ؟ يەنە بىر دېگىنە، بالام ئابدۇللا! نىياز بىلەن راشىدىننىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالدىڭما؟ — ئەخمەت بوۋاي شۇنداق دەپلا يىرىك قوللىرى بىلەن ئابدۇللانىڭ قولىنى چىڭ سىقتى.

— ھەي ئابدۇللا، نېمىشقا ئالدىرايدىغانسەن - ھە؟ بۈگۈن خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپ، ئەخمەتكامنىڭ بىرەر پاقلىننى تونۇرغا تىقارمىز دېگەنىدىم، ئىشنى بىكارغىلا ئاشكارىلىۋەتتىڭ ئەمەسمۇ!

روزى كاداڭنىڭ گېپى ئۈزۈلۈشىگىلا، ھوشۇر موزدۇز ئالدىراپ دېدى:

— گەپ قىلغىنە، ئابدۇللا! راشىدىن ئامان - ئېسەنمىكەن؟ گەپ قىلغىنە، جېنىم بالام؟

ئابدۇللا قويۇن يانچۇقىدىن بىر كونۋېرتنى چىقاردى ۋە:

— ئەمسە، يىغلىماي، جىم ئولتۇرۇڭلار، سىلەرگە راشىدىن بىلەن نىيازنىڭ خېتىنى ئوقۇپ بېرەي، بۇ خەت بايىلا كەلدى، — دېدى - دە، نىيازنىڭ پوچېركىسىدا يېزىلغان خەتنى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇشقا باشلىدى.

خەتتە نىياز بىلەن راشىدىننىڭ ئۇچراشقانلىقى، ساق - سالامەت ئىكەنلىكى، ھازىر بېيجىڭدا كاۋاپچىلىق قىلىۋاتقانلىقى، پات ئارىدا ئاقتاشقا كېلىدىغانلىقى بايان قىلىنغانىدى. گەرچە ئابدۇللا خەتنى ئوقۇشتىن ئىلگىرى، ھوشۇر موزدۇز بىلەن ئەخمەت بوۋايغا يىغلىماسلىقنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئۇ ئىككىسى كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن يېشنى نىمكەش يەكتەكلىرىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتۈپ ئۈلگۈرەلمىدى. ئابدۇللانىڭ ئاۋازىمۇ بوغۇلۇپ كۆزىگە ياش يۈگۈردى. ئۇ خەتنى ئوقۇپ بولۇپ ئەخمەت بوۋايغا سۇندى.

ئەخمەت بوۋاي خەتنى ئېلىپ يىغىدىن قىزارغان كۆزلىرىگە خۇددى تۇتىيانى سۈرتكەندەك سۈرتۇپ كەتتى، ئاندىن دېمىنى ئاران دېگەندە بېسىپ:

— ۋاي جېنىم بالام! يۈرەك پارەم بالام، پەرۋەيدىگارىم سېنى پاناھىدا ساقلاپتۇ! قىلغان دۇئالىرىم دەرگاھىغا يېتىپتۇ! — دېسە، ھوشۇر موزدۇزمۇ بوغۇلۇپ يىغلىغىنىچە:

— خۇدادىن تىلىگەنلىرىم بىكار كەتمەپتۇ، دۇئايىم ئىجابەت بوپتۇ! — دەيتتى.

روزى كاداك ئەخمەت بوۋاينى بەزلىدى ۋە ئابدۇللاغا مەنىلىك قاراپ:

— ھېلىقى نەرسىنى بۇلارغا بەرمىسەك بولغۇدەك، ئابدۇللا، خەتنى ئاڭلاپ مۇشۇنداق يىغلىغان يەردە، ئۇنى كۆرسە چاتاقنىڭ چوڭى چىققۇدەك، — دېدى.

ئەخمەت بوۋاي بىلەن ھوشۇر موزدۇز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئابدۇللاغا قاراپ تۇرۇشتى، ئۇلارنىڭ ھېچنېمىنى ئۇقالماي گاڭگىراپ قالغانلىقى ئېنىق ئىدى، ئابدۇللا قويۇن يانچۇقىغا قولىنى تىقىپ تۇرۇپ:

— ئەمدى يىغلىماڭلار، سىلەر يىغلىغىلى تۇرساڭلار مېنىڭمۇ خۇشاللىقىم يوقايدىكەن، نىياز بىلەن راشىدىنىڭ سالامەت تۇرۇۋاتقانلىقى بىز ئۈچۈن خۇشاللىق ئىش، سىلەرگە دېسەم ئۇلار ماڭا بىر پارچە، سىلەرگە بىر پارچە خەت ئەۋەتكەندىن باشقا يەنە رەسىمىنى ئەۋەتىپتۇ، — دېدى ۋە راشىدىن بىلەن نىيازنىڭ يانمۇيان تۇرۇپ چۈشكەن سۈرىتىدىن ئىككى پارچىنى ئېلىپ، بىرىنى ئەخمەت بوۋايغا، بىرىنى ھوشۇر موزدۇزغا سۇندى، ئۇلار سۈرەتنى كۆرۈپ يەنە يىغلاشقا باشلىدى.

روزى كاداك تېرىككىنىچە دېدى:

— نېمىشقا يىغلايسىلەر؟ بالىلىرىڭلار ساق - سالامەت

تۇرۇۋېتىپتىغۇ، جالالىدىن ئاخۇنمۇ سەدىردىنگە چىداپ تۇرۇۋاتسا!

ئارىدا قادىر ئاخۇن ھوشۇر موزدۇزنىڭ قولىدىن سۈرەتنى ئېلىپ سىنچىلاپ قاراپ كەتتى:

— تووا خۇدايىم، تووا، ماۋۇ راشىدىن ئىكەن - دە! ئەجەب چوگۇپتا بۇ بالا، — دېدى.

ئەخمەت بوۋاي بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك جىددىيلەشتى ۋە ئابدۇللاغا قاراپ:

— رەھمەت، بالام، رەھمەت، خۇدا دۆلىتىڭنى زىيادە قىلسۇن، ھاكىم بولارسەن، بالام، بىزنى بەكمۇ خۇش قىلىۋەتتىڭ، مەن ئەمدى ئۆيگە بېرىپ، بۇ رەسىمنى بالىلارنىڭ ئانىسىغا كۆرسىتەي، ئۇنىڭ كۆزى تولا يىغلاپ تۇتۇلۇپ قالاي دېدى، — دېگىنىچە ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

ھوشۇر موزدۇزمۇ قادىر ئاخۇننىڭ قولىدىن رەسىمنى ئېلىپ:

— مەنمۇ ماڭاي، — دەپلا مېڭىشقا ئالدىرىدى.

— توختاڭلار! — دېدى روزى كاداك سومكىسىدىن ئىككى دانە تالوننى چىقىرىپ، — خۇشاللىقتا ھەممىنى ئۇنتۇپ كەتتىڭ-لارغۇ!؟ مانا، ماۋۇ پاختا پۇلۇڭلاردىن فوندى بىلەن باجغا تۇتۇپ قالغان پۇلنىڭ ھۆججىتى، ئېلىۋېلىڭلار ھەم يەنە سۇ ھەققى، سولياۋ يوپۇق بىلەن خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ پۇلنى ئەتىدىن قالدۇرماي ماڭا بەرمىسەڭلار بولمايدۇ!

ئەخمەت بوۋاي بىلەن ھوشۇر موزدۇز كەينىگە يېنىپ ئۇنىڭ قولىدىن تالوننى ئېلىشىپ، زۇۋان سۈرۈشمەي يولىغا مېڭىشتى. روزى كاداك تېرىككىنىچە دېدى:

— توختاڭلار! ماۋۇ ئادەملەر ساراڭ بولدىمۇ نېمە؟ ماڭا تۆلەيدىغان پۇلۇڭلارنىڭ سوممىسىنى سوراپمۇ قويماي ماڭىسىلەرغۇ-ھە! ئەخمەتكا، سىزنىڭ ئەتىيازدا يېزىلىق كوپېراتىپتىن سېتىۋالغان سولياۋ يوپۇق بىلەن خىمىيەۋى ئوغۇتىڭىزنىڭ جەمئىي

پۇلى 387 كوي؛ هوشۇر ئاخۇن، سىلىنىڭ 422 كوي، سۇ ھەققى ئۆتكەن يىلقى بىلەن ئوخشاش ئالىدىكەنلارمۇ؟ ئەتىدىن قالدۇرماي تۆلىۋېتىڭلار، بولمىسا جەرىمانىسى بار، ماخما؟

ئەخمەت بوۋاي ئالدىرىغان ھالدا:

— ئەتە نېمە ئالساڭ ئال، روزاخۇن، بۇگۈنچە بىزنى كاشىلا قىلما!— دەپلا ماڭدى. ھوشۇر موزدۇزمۇ روزى كاداڭغا جاۋاب بېرىشكە ھەپىسلىسى يوق ھالدا ئالدىراپ كېتىپ قالدى.

ئابدۇللا كۇلۇپ كەتتى. روزى كاداڭ ئەخمەت بوۋاينىڭ يەكتىكىنىڭ پېشىنى پوتىسىغا قىستۇرۇپ زوۋان سۇرمەي كېتىۋاتقان ھالىتىگە قاراپ:

— ئەخمەتكا! توختاڭ، ماۋۇ كەندىرنى ئىلدام سوقۇپ كۆزدىن يوقىتىڭ، بۇنىڭدىن كېيىن كەندىر تېرىمايمىز! ئەتىيازلىققا يېرىڭىزدىن كەندىر ئۈنسۈپ چىقسا ھەربىر تۈپكە 50 كويدىن جەرىمانە تۆلەيسىز ماخما!؟ — دېدى ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ.

ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئەخمەت بوۋاي ئاڭلىمىدىمۇ ياكى ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىماسقا سالدىمۇ ئىپادە بىلدۈرمەيلا كېتىۋەردى، روزى كاداڭ يەنە نېمىنىدۇر دېمەكچى بولغانىدى، ئابدۇللا:

— روزىكا، بولدى قىلىڭ. بۇ گەپلەرنى دېگىلى ئەتە ئايرىم كېلەيلى، ئۇلار ئۆيلىرىگە بېرىپ خۇش خەۋەرنى بالىچاقىلىرىغا تېزرەك يەتكۈزسۇن، — دېدى.

ئارىدا قادىرئاخۇن روزى كاداڭنىڭ كەندىر توغرىسىدا دېگەن گېپىدىن ئەجەبلەندى بولغاي، سورىدى:

— بالام ئابدۇللا، ماۋۇ روزاخۇن ئەجەب بىر گەپ قىلدىيا ھېلى، كەندىر تېرىساق نېمىشقا جەرىمانە ئالىدىكەن؟

— كەندىرنىڭ ھوسۇلى ياخشى ئەمەس، يەنە كېلىپ زىرائەتكە سايە تاشلاپ ئاينىغلى قويمايدۇ، شۇڭا تەشكىل كېلەر

يىلدىن باشلاپ قىر بويلىرىغا كەندىر تېرىشنى چەكلىدى، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاپتاپپەرەس تېرىيدىغان بولدۇق، يەنە......
— راست گەپنى دېگىنە، ئابدۇللا، — دېدى روزى كاداك ئابدۇللانىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، ئاندىن قادىر ئاخۇنغا چۈشەندۈرۈپ ئېيتتى، — كەندىر تېرىساق ئانايەت كۈدەكتەك نەشە چېكىدىغان بەڭگىلەر كۆپىيىپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ، هۆكۈمەت بۇنىڭدىن كېيىن بەڭگىلەرنىڭ ئەدىپىنى ئوبدان بېرىدۇ. شۇڭا، كەندىرنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقاتمىساق بولمايدۇ، ئەمدى بىلدىڭىزما؟
— روزىكا، بۇ گېپىڭ قاملاشمىدى.
— ئۇكام ئابدۇللا، سەنمۇ كادىر بولۇپ قالدىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەقلىڭ مېنىڭدىن ئارتۇق، تۆنۈگۈن يېزىدا ئېچىلغان يىغىندا سەن بار. يېزا باشلىقى كەندىرنى يوقىتىمىز دېگەندە مەن ئۇنىڭ گېپىدىن مۇشۇ مەقسەتنى چۈشىنىپ بولغان.
— شۇنداق مەقسەتنى سەن چۈشەنگەن بولساڭمۇ، دېهقانلارغا مۇنداق چۈشەندۈرسەڭ بولمايدۇ - دە.
— بالام ئابدۇللا، ئاتا- بوۋىمىزدىن تارتىپ كەندىر تېرىپ ياغ يەپ كەلگەن تۇرساق، «ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە، ئۇر توقۇمنى» دېگەندەك، بەڭگىنى يوقاتماي، كەندىرنى يوقاتساڭلار قانداق بولغىنى بۇ؟
— قانداق، روزىكا، قادىركامنىڭ ماۋۇ گېپىگە نېمە دەيسىز ئەمدى؟
— هەرنېمە دېگەنبىلەن سەن ئەقىللىك، ئابدۇللا، شۇڭا كادىر بولدۇڭ ئەمەسمۇ، بولدى، مەن ئۇنداق دېمىگەن بولاي، هەي قادىر ئاخۇن، سىلى مېنىڭ گېپىمدىن قۇسۇر ئىزدەپ يۈرمەي، مانا ماۋۇ تالوننى قولۇمدىن ئېلىڭلا، — روزى كاداك شۇنداق دەپلا قولىدىكى خاتىرىنىڭ قېتىدىن بىر تال تالوننى چىقىرىپ قادىر ئاخۇنغا سۇندى ۋە دېدى، — سىلىدە سولياۋ

يوپۇق بىلەن خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ پۇلىدىن يەنە 337 كوي قاپتۇ، بۇ پۇلنى ئەتىلا ماڭا بېرىۋېتىڭلا، ئەمدى ئىش تۈگىدى، مېڭىڭلا، ئادەمنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ تۇرماي ئۆيۈڭلەرگە كېتىڭلا!

— روزاخۇن، يىل بېشىدا «پاختا تېرىساڭلار ياغ چاينايسىلەر» دەپ گەپنىڭ چوڭىنى قىلغانتىڭلا، مانا ئەمدى پاختا پۇلى سىلىدىن ئاشمىغانلىقى ئۇستىگە، مېنى يەنە شۇنچە كۆپ قەرزگە بوغۇپ قويۇپسىلەرغۇ؟ — دېدى قادىر ئاخۇن گەدىنىنى قاشلاپ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭلا ئەمدى؟ سىلى - بىز دېگەن دېھقان، دېھقان دېگەن ھۆكۈمەتنىڭ چاكىرى، غىلىڭ - پىلىڭ قىلىدىغانغا بىزنىڭ نېمە ھەققىمىز دەيسىلە!

— روزىكا، سىز يەنە قاملاشمىغان گەپ قىلغىلى تۇردىڭىزغۇ! دېھقان دېگەن ھۆكۈمەتنىڭ چاكىرى ئەمەس، بەلكى غوجايىن، بىلدىڭىزمۇ؟ سىز - بىزدەك كادىرلار دېھقانلارنىڭ چاكىرى بولىمىز.

— ئۆتكەن ھەپتىدىكى يىغىندا سېكرېتار دېھقانلارغا: «دېھقان دېگەن ھۆكۈمەتنىڭ چاكىرى، بىز نېمە دېسەك سىلەر شۇنى قىلىسىلەر، گېپىمىزگە كۆنمىسەڭلار يەرنى تاشلاڭلار» دېدى ئەمەسمۇ!؟

— بۇ گەپ قاملاشماپتۇ، ھۆكۈمەتنىڭ يەرلەرنى ئائىلىلەرگىچە ھۆددىگە بېرىش سىياسىتىگە مۇخالىپ بولۇپ قاپتۇ.

— ئۇكام، مەن مۇشۇ يېشىمغىچە ھېساب بىلەن ئۆتكەن ئادەم، ئىشلارنى خېلى دەڭسىيەلەيمەن، قىسقىسى گەپنىڭ ئىچىدىكى گەپنى بىلەلەيمەن ماخما!

قادىر ئاخۇن روزى كاداڭغا قاراپلا قالدى. ئابدۇللا روزى كاداڭنىڭ كۆڭلىدىن قايسىدۇر بىر ئىشنى ئىزدەۋاتقان ھالىتىگە قاراپ:

— روزىكا، سەن يەنە گېپىڭدىن ئازغىلى تۇردۇڭ، ياخشىسى

بىز يولىمىزغا ماڭايلى، — دېگىنىچە كەنتنىڭ باش تەرىپىگە قاراپ ماڭدى، روزى كاداك بېشىنى چايقاپ قويۇپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

قادىر ئاخۇن ئابدۇللا بىلەن روزى كاداكنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان گەپلەرنى تازا ئاڭقىرالماي بىردەم تۇرغاندىن كېيىن ئۆز يولىغا كېتىپ قالدى.

راست، ئابدۇللا ئاقتاش يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپى بولدى. شۇنچە تاسادىپىي بولغان بۇ ئىش دەسلەپتە ئابدۇللانى ئەمتىرىتىپ قويغان بولسىمۇ، بارات نىياز كەۋسەر ئۇرۇمچىگە كەتكىلى بىر ھەپتە بولغان كۈنىدىكى بۇ ئىشنىڭ تېگىنى خالىس چۈشەندۈرۈپ قويدى، ئابدۇللا مەدەنىيەت پونكىتىدا گېزىت - ژۇرناللارنى رەتلەۋاتقاندا يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىچىسى ئەيسا ئالدىراپ كىرىپ بارات نىيازنىڭ ئىشخانىسىدا كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى يەتكۈزدى. ئابدۇللا: بەلكىم مەن يازىدىغان ماتېرىيال بولۇشى مۇمكىن، دېگەنلەرنى ئويلىدى، دەرۋەقە بارات نىياز ئىلگىرى ئابدۇللاغا ناھىيەگە يوللايدىغان دوكلاتنى يېزىپ چىقىشنى بىرنەچچە قېتىم تاپشۇرغان، ئابدۇللامۇ ئۇ دوكلاتلارنى بارلىق زېھنىنى ئىشقا سېلىپ ياخشى يازغانلىقى ئۈچۈن بارات نىيازنىڭلا ئەمەس، يېزىلىق پارتكوم شۇجىسىنىڭمۇ ماختىشىغا سازاۋەر بولغانىدى.

ئابدۇللا بارات نىيازنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەندە ھېلىقى پەرىزى خاتا بولۇپ چىقتى. چۈنكى، بارات نىياز ئىشخانىسىدا تەنھا ھالدا غەمكىن ئولتۇراتتى.

— ئىشىكنى يېپىۋېتىپ يېنىمدا ئولتۇر، — دېدى بارات نىياز ھارغىن ھالدا. ئابدۇللا ياندىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى، بارات نىياز سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سەدىردىن توغرىسىدا گەپ ئاچتى، — يېقىندىن بېرى جالالىدىن ئاخۇن بىلەن كۆرۈشتۈڭمۇ؟

— كۆرۈشتۇم.

— روھىي كەيپىياتى قانداقراق تۇردۇ؟

— تولا يىغلاپ جۇدەپ كېتىپتۇ.

— سەدىردىندىن ئەنسىرەپ قالدىم، ئالىمادىس بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالسا جالالىدىن ئاخۇن قانداق بولۇپ كېتەر دەيمەن.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلاۋاتىمەن.

— ھەي، سىلەر كەنجىلەر ئەجەبمۇ شور پېشانە چىقتىڭلار، بۇ ئىشلارنى ئويلىغانسېرى كۆڭلۈم بۇزۇلىدۇ، بىرەرسىڭلارنىڭ بولسىمۇ ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولسا بولاتتى.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن.

— ئاڭلىسام سەنمۇ ئايالىڭ بىلەن ئەپ ئۆتەلمەيۋېتىپسەن، بۇ گەپ راستمۇ؟

— مەن......

— تۇرمۇش دېگەننىڭ قېلىپى يوق، ئۇنداق - مۇنداق كۆڭۈلسىزلىكلەر بولۇپ تۇرىدۇ، ئايال خەقنىڭ نەزەر دائىرىسى تار كېلىدۇ، سەن ئەر كىشى بولغاندىكىن ئېغىر - بېسىق بول، ئاتا-ئاناڭمۇ ياشىنىپ قالدى، ئۇلار ئەمدى سېنىڭ خاپىلىقىڭنى كۆتۈرەلمەيدۇ.

— گېپىڭىزنى ئاڭلايمەن.

— بۈگۈن سېنى مۇنداق بىر ئىش بىلەن چاقىرتتىم، يېزىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يۈكسەلگەنلىكى توغرىسىدا گېزىتكە يازغان ماقالەڭنى شۇجىمۇ بىرسىدىن ئاڭلاپتۇ، باشقىلارمۇ سېنى ماختىشىۋاتىدۇ، ھەرقانچە جاپالىق ئىشلىگەن بىلەن ئاخىرىدا تەپسىلاتىنى يېزىپ داستىخانغا چىقارمىساق ناھىيەنىڭ باھالىشىدا تەنقىد ئىشىتىدىكەنمىز، ئاڭلىسام باشقا يېزا، بازارلاردىكىلەر ئىشنى ياخشى قىلالمىسىمۇ، ناھىيەگە

يوللايدىغان دوكلاتنى ياخشى تەييارلايدىكەن. بۇنداق ئىشلارنى سەنمۇ كىلىشتۇرەلەيدىغانسەن؟
— ئۇ ئانچە تەس ئىش ئەمەس، شۇ......
— بۇ يىل شۇنچە جاپا تارتىپ ئىشلەپمۇ تەنقىد قىلىندۇق. يەنە تېخى ئىككى تۇرلۇك كۆرسەتكۇچنى ئورۇنلىيالماي جەرىمانىمۇ تۆلىدۇق، تۇردى كاتىپمۇ ياشىنىپ قالدى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارغا ئۇ بولالمىغۇدەك، مەن بۇ ئىشقا كۆپ باش قاتۇرۇپ، ئاخىرىدا سېنى كاتىپلىققا قويۇشنى ئويلاشتىم. مەنمۇ ياشاندىم، بۇ هوقۇقمۇ ئۇزاققا قالماي باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ، هازىر هۆكۇمەت رەهبىرىي كادىرلارنى ياشلاشتۇرۇشنى تەكىتلەۋاتمىدۇ، سەنمۇ كىچىكتۇرمەي پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسى يېزىپ ماڭا بەر، ياش بولغاندىكىن ئىستىقباللىق ئوبدان بولىدۇ، مەقسىتىمنى بىلدىڭمۇ؟
— سىز نىمە دېسىڭىز شۇنى قىلىمەن، ئىشقىلىپ، سىز مېنىڭ دادامنىڭ ئورنىدا......
— هەببەللى! ساڭا شۇنىمۇ ئېيتاي، هۆكۇمەتنىڭ ئاساسىي قاتلامدا ياخشى ئىشلىگەنلەرنىڭ ئىچىدىن تاللاپ دۆلەت ئىشتاتىغا ئۆتكۇزىدىغان ئىشىمۇ بار، شۇنداق ياخشى پۇرسەت بولۇپ قالسا مەن بولغاندىكىن بۇ ئىشنىمۇ لايىقىدا توغرىلايمىز، ئەمما بۇ ئىش ناهايىتى مەخپىي، باشقىلارغا دەپ يۇرمە، ئۆزۇڭ ئىچىڭدە بىلىپ قالساڭلا بولدى، ۋاقتى كەلگەندە ئىشنى ئۆزۇم توغرىلايمەن.
— بىلدىم، چوقۇم ياخشى ئىشلەيمەن.
— سەندىن كۇتىدىغان ئۇمىدىم شۇكى، ناهىيەگە يوللايدىغان ماتېرىيالنى باشقا يېزىنىڭ كاتىپلىرىدەك جايىدا كەلتۇرۇپ ياخشى يېزىشنى ئۆگىنىۋال، شۇنداقلا يەنە يېزىمىزدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ۋاقتىدا يېزىپ گېزىت - ژۇرنالدا ئېلان قىلىپ تۇر.
— ماقۇل، چوقۇم شۇنداق قىلىمەن.
— ئەته سېنىڭ ئىشىڭنى قاراردىن ئۆتكۇزىمىز، مەدەنىيەت

پونكتىنىڭ ئىشىنى مۇئاۋىن يېزا باشلىقىنىڭ قىزى زىننەتگۈلگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ تەييار بول، ئۆگۈنلۈكتىن باشلاپ يېزىلىق ھۆكۈمەتتە ئىشقا چۈشىسەن.

— ماقۇل.

دېگەنىدەك ئىككى كۈندىن كېيىن ئابدۇللا يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپلىق خىزمىتىنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان سۇلايمان ياۋاش شادلىقنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان ھالدا بارات نىيازنىڭ شاپائىتىگە تەكرار رەھمەت ئېيتتى. ئابدۇللاغا كۆز تەگمىسۇن دەپ مۆھتەرەمخانغا يول تەرمىچى تەردۈرۈپ كېلىپ ئابدۇللانى ئىسرىقلىدى. چار خورازنى ئۆلتۈرۈپ قان قىلىپ، گۆشىنى نىساخان جەۋىگە ئەۋەتىپ بەردى.

ئەمما، ئۇنىڭ بۇ شادلىقى كۈتۈلمىگەندە ئابدۇللا بىلەن تولا جاۋابلىشىپ ئادەتلىنىپ قالغان سارەمگە كۈتۈلمىگەن زەربە بولۇپ تۇيۇلدى. بۇنىڭغا سۇلايمان ياۋاشنىڭ مۆھتەرەمخانغا ئېغىلدىكى بوز ئېرىكنى سېتىپ پۇل غەملەپ، ئابدۇللاغا لايىقىدا كىيىم تىكتۈرۈپ بېرىشنى تاپىلىغانلىقى سەۋەب بولدى.

شۇ چاغدا مۆھتەرەمخان سۇلايمان ياۋاشنىڭ بۇ گېپىگە دەرھال قوشۇلۇپ:

— ئوبدان دېدىڭلا، دادىسى، ئابدۇللانىڭ كادىر بولغانلىقى سىلىنىڭ دۇئايىڭلارنىڭ ئىجابەت بولغانلىقىدۇر. نىمجان ئادەمنىڭ دۇئاسى ئاللانىڭ دەرگاھىدا ئاسان قوبۇل بولىدۇ دەيدىغان گەپ بار. مەن ھازىرلا بۇ ئىشنىڭ كويىدا بولاي، ئابدۇللامۇ كادىرغا لايىق كىيىنىپ يۈرسۇن، — دېگەنىدى، سارەم كۈتۈلمىگەندە:

— سىلەر ئوغلۇڭلىنى ياساندۇرۇپ يەنە يولدىن چىقارماقچىما؟ ئۇنىڭ ئۆزىگە يارىشا كىيىمى تۇرسا، يەنە كىيىم تىكتۈرۈپ نېمە كەپتۇ! — دېدى.

بۇ گەپ مۆھتەرەمخاندىن كۆرە، سۇلايمان ياۋاشنىڭ يۈرىكىگە

تەگدى. ئۇ:
— قىزىم، ئابدۇللا كادىر بولدى، ئۈستىبېشىنى ئاز - تولا تۈزەپ قويمىساق بولمايدۇ! ئۇ مۇشۇ كۆڭگچە بىزنىڭ جاپايىمىزنى كۆپ تارتتى، ۋاپاسى بولمىسا شۇنداق قىلامتى! راشىدىن بىلەن نىيازمۇ ئاتا - ئانىسىنى تاشلاپ كەتتىغۇ! - دېدى خاپا بولۇپ.
ئۇ كۈنى سارەم بۇ گەپ بىلەن بىرئاز بېسىقىپ قالغان بولسىمۇ، ھەپتە ئۆتۈپ ئابدۇللا تۆمۈر رەڭ دىكادا تىكىلگەن بىر قۇر كىيىمنى كىيىپ يېزا ئورگىنىغا مېڭىشقا تەرەددۇتلانغاندا:
— ئۆزىڭىزنى بۇنچە ياساپ كىمگە ئەرزىمەكچىدىڭىز؟ يېزا باشلىقىنىڭ ھېلىقى بۇزۇق قىزىنى پايلىماقچىمۇ ياكى خەلچەم دېگەن رەسۋانىمۇ؟ — دېدى تەئەددى بىلەن.
ئىككىسى ئادىتى بويىچە يەنە زاكونلاشتى، شۇئان مۆھتىرەمـ ـخان ئارىغا چۈشۈپ ئابدۇللانى توسۇپ تۇرۇۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللا دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يولىغا ماڭدى. ئەسلىدە ئابدۇللا بۈگۈن ئۆزىنىڭ رايى بويىچە بولغاندا سارەم بىلەن ئۆتكەن قېتىمقىدىن ئېغىرراق ئارازلىشىپ، گېزى كەلسە سارەمنى ئۆيدىن يەنە ھەيدەپ چىقارماقچى ئىدى. لېكىن، ئۆتكەندە مۆھتىرەمـ ـخانىڭ يىغلاپ تۇرۇپ قىلغان نەسىھەتلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. شۇنداقتىمۇ ئابدۇللانىڭ كۆڭلى ھازىرغىچە مۇشۇ ئىش تۈپەيلى چىشىن يېۋالغاندەك غەش بولۇۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ تويى بولغاندىن بېرى ھەربىر ئىشتا سارەمگە يان بېسىپ كەلگەن سۇلايمان ياۋاشنىڭمۇ شۇ ئىشتىن كېيىن سارەمدىن خېلىلا كۆڭلى قالغاندى، گاھىدا ئۇ مۆھتىرەمخانغا: «بىز باشتا ئەقىلسىزلىك قىپتىكەنمىز، ئانىسى، قارىسام سارەم ئابدۇللاغا خوتۇن بولالمىغۇدەك، قارىماملە، ئابدۇللا كادىر بولۇپ تەۋى ئۆسۈۋىدى، ئۇ خوش بولماقتا يوق، بىشەملىك قىلىۋاتىدۇ، ئۆزىنىڭ ئېرىگە ھەسەت قىلغان ئايالدىن ئەرگە ۋاپا كەلمەيدۇ»

دەيتتى.
ئابدۇللا روزى كاداك بىلەن توپىلىق يولدا كېتىۋېتىپ ئاقتاش دەرياسى تەرەپكە تىكىلىپ ئورنىدا بىردەم تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ قالغىنىنى كۆرگەن روزى كاداك:
ــ ئۇكاموي، نېمىگە بۇنچە قارايسەن؟ــ دېدى سەل ئەجەبلىنىپ.
ــ روزىكا، بالىلىق دېگەن ئادەمنىڭ ئۆمرىدىكى ئەڭ بەختلىك چاغلار ئىكەن، سىزمۇ هازىر بالىلىق ۋاقتىڭىزنى سېغىنامسىز؟
ــ گېپىڭدىن قارىغاندا، ئاشۇ جىغانلىقتا مۆكۈشمەك ئوينىغان چاغلىرىڭنى ئەسلەپ قاپسەن ـ هە، ئۇكام! كۆڭلۈڭدىكىنى بىلدىم، مەندىن ئۇنداق سوئال سورىساڭ سېنى قانائەتلەنـ ـدۈرەلمەيمەن، مېنىڭ بالىلىق چاغلىرىم كوممۇنىنىڭ ئۇمىچىغا تەلمۈرۈپ بىهۇدە ئۆتۈپ كەتكەن. ئۇ چاغلاردا ماڭا سىلەر كەنجىلەردەك ئويۇن ـ تاماشا نەدە تۇرۇپتۇ! ئەتىدىن كەچكىچە قورساقنىڭ غېمىدە ئۆتەتتۇق دېگىنە، بۇ يەردە لايغا پاتقان ئېشەكتەك قىمىر قىلماي تۇرغىنىڭغا قارىغاندا، مېنى كەتكۈزۈۋېتىپ دەريا بويىغا بارماقچىغۇسەن؟ بوپتۇ بېرىۋەرگىن......
ــ سىز قالتىس ئەقىللىق ئادەم ـ دە، كاداك ئاكا!
ــ هە راست، سەن دەريا بويىغا كەتسەڭ فوندى بىلەن باجنى قاچان يىغىمىز، ئۇكام؟
ــ سىزنىڭ خېلى ئېپىڭىز بارغۇ، قالغىنىنى ئەمدى ئۆزىڭىز يىغىۋېلىڭ، قاۋۇل سېكرېتار بىلەن سەيدىئەخمەت مۇدىرنىڭ كېلىشىۋالغاندەك كېسەل بولۇپ يېتىۋالغىنىنىڭ تېگىگە ئەمدى يەتتىم، دېهقانلاردىن فوندى بىلەن باجنى يىغىش ئاسان ئىش ئەمەسكەن.
ــ هەي ئۇشا، هەي ئۇشا، بۇ سىرنىمۇ بىلىۋاپسەن ـ دە؟ ئۇ

ئىككى چوڭام ھەر يىلى بۇ تەس ئىشنى ماڭا ئارتىپ قويىدۇ، شۇڭا مەن دېھقانلارغا ھەرگىزمۇ چىرايلىق كۆرۈنمەيمەن، ئۇكام!

— قازاندا بولسا چۆمۈچكە چىقىدۇ دېگەندەك، دېھقانلىڭ يانچۇقىدا پۇل بولمىسا بىزگە ئەھۋال ئېيتماقتىن باشقا نېمە بېرەتتى، روزىكا!؟ يېزا باشلىقى مېنى سىلەرگە ئۈچ كۈن ياردەملەش دېگەن، بۈگۈن تۆت كۈن بولدى مانا، ئەتە يېزىغا بارمىسام بولمايدۇ، قالغان ئىشنى ئۆزىڭىز ئاستا- ئاستا پۈتكۈزۈۋالارسىز - ھە!

— تەس ئىشتىن ھەممىڭلار قاچىسىلەر مۇشۇنداق، ساڭا دېسەم ئۇكام، كاداڭ ئاكاڭنىڭ كاداڭلىقىنىڭمۇ مۇشۇ ئىشتا يىلى چىقىدۇ دېگىنە.

— دېمەك، سىزمۇ مۇشۇ كۈنلەردە مەھەللىدە مەيدىڭىزنى كېرىپ ماڭالمايدىكەنسىز - ھە؟

— قارغىش ئېلىپ ماڭىمەن قارغىش!

— قورقماڭ، خەقنىڭ قارغىشىغا قاغا ئۆلمەيدۇ، مەن يولۇمغا ماڭايمۇ ئەمىسە؟

— سەن دېگەن ھازىر يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كادىرى، مېنىڭ سېنى باشقۇرۇشقا ھەددىم ئەمەس، ماقۇل ئەمىسە، مەن مەھەللىگە بېرىپ ئىشىمنى قىلاي.

روزى كاداڭ كەتكەندىن كېيىن، ئابدۇللا دەريا تەرەپنى نىشانلاپ ماڭدى، گەرچە بۇ كۈنلەردە ئاقتاش دەرياسىنىڭ سۈيى تارتىلىپ دەريا تېگىدىكى تاشلار كۆرۈنۈپ قالغان بولسىمۇ، ئابدۇللا ئۈچۈن يەنىلا گۈزەل ئىدى. ئابدۇللا نىياز بىلەن راشىدىنىڭ خېتىنى كۆرۈپلا دەرھال سەدىردىننى ئېسىگە ئالغانىدى، ئەتىدىن بېرى كۆڭلىدە مۇبادا سەدىردىن بۈگۈن يېنىمدا بولغان بولسا، بۇ خەتنى كۆرۈپ قانچە خۇش بولار ئىدى دېگەن ئويلار كېزەتتى.

ئابدۇللا دەريا بويىغا كېلىپ ئايلىنىۋاتقاندا كۆزى بىردىنلا ئاچما كەنتىدىكى دۆڭلۈك باغرىدا خۇددى قويۇندەك سوزۇلۇپ چىقىۋاتقان تۇتۇنغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ بىلەتتىكى، تۇتۇن شۇ تاپتا رازاقىنىڭ خۇمدىنىدىن چىقىۋاتاتتى، ئەنە ئاشۇ يەردە خەلچەم بار ئىدى. قەلبى بىردىنلا دولقۇنلانغان ئابدۇللا ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلايتتى: ھەي خەلچەم، راشىدىن بىلەن نىيازدىن خەت كەلدى، ئۇلار ساق - سالامەت تۇرۇۋېتىپتۇ، بېيجىڭدا كاۋاپچىلىق قىلىۋېتىپتۇ، ئۇلار بىزنى بەكمۇ سېغىنىپتۇ، مەندە ئۇلارنىڭ سۈرىتى بار، كۆرسەڭ دەماللىققا تونۇيالماسلىقىڭ مۇمكىن، ھەي ئىسست! سەن قاچانغىچە مۇشۇنداق ئۆتەرسەن!......

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر چاغدا ئابدۇللانىڭ خىيالىنى قارشى قىرغاقتىكى شورلۇق يولدا يېزىلىق ھۆكۈمەت تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان يۈك ماشىنىسى ئۈزۈپ قويدى، ئابدۇللا بۇ ماشىنىنى ناھىيەگە ياغاچ يۆتكەشكە كەلگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ گۇمان قىلىپ تۇرۇۋاتقاندا، ماشىنا دەل ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ توختىدى، كابىنكىسىدىن ئىككى ئادەم چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن ماشىنا ئورنىدىن قوزغالدى. ئازراق ۋاقىت ئۆتۈپلا ئابدۇللانىڭ كۆزى چوڭ ئېچىلدى، ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشتى. ئەسلىدە ماشىنا كابىنكىسىدىن چۈشۈپ قالغان ئىككى كىشى قارشى قىرغاقتىن دەريانىڭ ئىچىگە چۈشۈپ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ قىز، بىرىنىڭ ئوغۇل ئىكەنلىكى ئابدۇللانىڭ كۆڭلىدە ھېلىلا پەيدا بولغان خام خىيالنى بىردىنلا رېئاللىققا ئايلاندۇردى، ئالدىدا كېلىۋاتقان قىزنىڭ كەۋسەر ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدى، دەل شۇ ئەسنادا كەۋسەرنىڭ كەينىدىنلا كېلىۋاتقان سەدىردىنىنىڭ ئىككى قولىنى پۇلاڭلىتىپ «ئابدۇللا!» دەپ ۋارقىرىشى تېگىرقاش ئىلكىدە نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغان ئابدۇللانى ئاجايىپ كۈچلۈك ھاياجان قاينىمىغا ئىتتىرىۋەتتى،

ئابدۇللا شۇئان خۇددى كىرىچىدىن ئۈزۈلگەن يانىڭ ئوقىدەك قاش ئۆستىدىن دەرياغا قاراپ يۈگۈردى. ئۇ جان - جەھلى بىلەن يۈگۈرەپ كېتىۋاتقاندا قارشى تەرەپتىن سەدىردىنمۇ ئۆزىگە قاراپ يۈگۈردى.

— ئابدۇللا!

— سەدىردىن!

— مەن كەلدىم! — سەدىردىن شۇنداق دېگىنىچە يۈگۈرۈپ كېلىپ ئابدۇللانى قۇچاقلاپ نەپسىنى كونترول قىلالماي تۇرغاندا، ئابدۇللا كۆز ئالدىدا زاھىر بولۇۋاتقان بۇ كۆرۈنۈشنىڭ چۈشى بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتاتتى. ئاغۇچە كەۋسەر ئۇلارنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىپ:

— مەن سېنى مۇشۇ يەردە بىرنى كۈتۈپ تۇردىمكىن دەپ پەرەز قىلغانىدىم، ئويلىغىنىمدەك مۇشۇ يەردە ئىكەنسەن! — دېدى.

ئابدۇللا شۇ چاغدىلا كۆز ئالدىدىكى ئىشلارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ رېئاللىق ئىكەنلىكىگە ئىشەندى.

— بۇ...... بۇ...... چۈشۈم ئەمەسكەن...... سىلەر راست قايتىپ كەپسىلەر! — دېدى ئابدۇللا ھاياجان ئىلكىدە.

ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرىدىن شادلىق ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلدى، قەلبلەر دولقۇنلاندى، چىن دوستلۇقنىڭ ئىللىق مېھرى چىنىڭ سىقىلغان قوللار ئارقىلىق ۋۇجۇدلارغا سىڭىشكە باشلىدى. ئۇلار قول تۇتۇشۇپ ماڭغىنىچە قاش ئۆستىگە چىقىشتى. ئابدۇللا سەدىردىنگە يېنىشلاپ قارايتتى، سەدىردىن ئابدۇللانىڭ قولىنى سىققىنىچە:

— ھەممە ئىش ئاخىرلاشتى، دوستۇم، قاباھەتلىك چۈش تۈگىدى، تەلىيىمنىڭ بۇنچىلىك ئوڭلىقىغا ئۆزۈممۇ ھەيران، بۇنىڭدىن كېيىن يۇرتتىن ئايرىلمايمەن، — دېدى.

— مەن مۇشۇ كۈننى بەكمۇ ئۇزاق كۈتتۈم، مۇشۇنداق بولۇشىغا ئىشىنەتتىم، — دېدى ئابدۇللامۇ تىترەك ئاۋازدا.
كەۋسەر ئەتراپقا سۆيۈنۈش ئىلكىدە قارايتتى، غەرب تەرەپتىن كېلىۋاتقان سالقىن شامال قۇندۇزدەك قارا چاچلىرىنى يەلپۈيتتى.
— سىلەر قايتىپ كېلىدىغانلىقىڭلاردىن نېمىشقا ماڭا ئۇچۇر بەرمىدىڭلار؟ ھېچبولمىغاندا ناھىيە بازىرىغىچە بولسىمۇ بېرىپ سىلەرنى كۈتەتتىم ئەمەسمۇ! — دېدى ئابدۇللا كېتنۇۋېتىپ. كەۋسەر:
— سېنى ئاۋارە قىلمايلى دېدۇق، — دېۋىدى، سەدىردىن دەرھال:
— سېنى ھەيران قالدۇرايلى دېگەن، — دېدى كۈلۈپ، ئاندىن سۆيۈنۈش ئىلكىدە قوشۇپ قويدى، — سەن بۇ يەرگە كۆپ كېلىدىكەنسەن - ھە! يول ئۈستىدە كەۋسەر سېنى مۇشۇ يەردە بىزنى كۈتۈپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن دېگەندە مەن ئىشەنمىگەنىدىم.
— راست، مەن بۇ يەرگە كۆپ كېلىمەن، ئەنە قاراڭلار، ئاۋۇ دۆڭ باغرىدىكى خۇمداندا خەلچەم بار. شۇ تاپتا ئۇ سىلەرنى كۆرگەن بولسا قانچە خۇش بولۇپ كېتەتتى - ھە!
— نېمە، خەلچەم ئۇ يەردە نېمىش قىلىدۇ؟ — سەدىردىن ھەيران قالغاندەك سورىدى.
— ئۇ خۇمدان رازاقنىڭ، ئىلگىرى خەلچەم ئۆينىڭ، ئېتىزنىڭ ئىشلىرىنى قىلاتتى، ئەمدىلىكتە رازاق ئۇنى خۇمداندا مەدىكارنىڭ ئورنىدا ئىشقا سالىدىغان بولۇۋالدى، — دېدى ئابدۇللا چۈشەندۈرۈپ.
كەۋسەر بىلەن سەدىردىن خۇمدان تەرەپكە قاراپ بىردەم تۇرۇشتى، كېيىن سەدىردىن كەسكىن تۈردە دېدى:
— جۈرۈڭلار، ئۇ يەرگە بېرىپ خەلچەم بىلەن كۆرۈشۈپ

كېلەيلى!

— بولمايدۇ، رازاق بىزنى كۆرسە ساراڭلىشىدۇ، خەلچەمنى تېخىمۇ خورلايدۇ، ئەتىلىككە بىر ئامال قىلارمىز.

— ئابدۇللانىڭ دېگىنى توغرا، — دېدى كەۋسەر بېشىنى لىڭشىتىپ.

— ھەي، نىياز بىلەن راشىدىن ھازىر يېنىمىزدا بولغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى - ھە!

— راست، نىيازدىن ماڭا خەت كەلدى، ئۇلار ئىككىسى گۇاڭجۇدا ئۇچرىشىپتۇ.

— نېمە، نېمشقا بۇرۇنراق دېمەيسەن!

— سەن تېخى ماڭا بېشىڭدىن ئۆتكەن ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرمىدىڭغۇ!

— ئۇ ئىشلارنى بۇ يەردە سۆزلەپ تۈگىتەلمەيمەن، مەھەللىگە بارغاندا سۆزلەپ بېرەي.

— ئاپلا! بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرۈيمىز! جۇرۇڭلار، مەھەللىگە قايتايلى، چوڭلارنىڭ يولۇڭلارغا قاراپ كۆزى تېشىلەي دەپ قالغان تۇرسا، بىز بۇ يەردە ئۆزىمىزنىڭ گېپىنى قىلىشىپ تۇرۇپتىمىزغۇ!

ئابدۇللا شۇنداق دەپلا سەدىردىننىڭ قولىنى تۇتۇپ مەھەللىگە قاراپ ماڭدى. كەۋسەر ئۇلارغا سوڭدىشىپ كېتىۋېتىپ سورىدى:

— ئانامنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ يېقىنىڭىزى ئۇنى كۆردۈڭمۇ؟

— پات - پات يوقلاپ تۇردۇم، ئەنسىرىمە، ياخشى تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى ئابدۇللا كەۋسەرگە قاراپ، ئاندىن سەدىردىنگە تەنە قىلغاندەك ئېيتتى، — سەدىردىن، سەن ئاتا - ئاناڭنىڭ ئەھۋالىنى سوراپمۇ قويمايسەنغۇ؟

— ئۇلارنى بەكمۇ بىسەرەمجان قىلىۋەتتىم، شۇ تاپتا يۈزىگە قانداق قارارمەن دەپ غەم قىلىۋاتىمەن، بىلىمەن، دادام بەلكىم

كۆپ يىغلاپ جۈدەپ كەتكەندۇ!

ئۇلار شۇ تەرزدە پاراڭلىشىپ مەھەللە ئاغزىغا يېقىنلاشقاندا سەدىردىن ئورنىدا توختاپ دېدى:

— ئابدۇللا، ھېلى نىيازدىن خەت كەلگەنلىكىنى دەپ ئىچىمگە ئوت سېلىپ قويدۇڭ، خەتنى چىقار، ئۇنى كۆرمىسەم كۆڭلۈم ئارام تاپمىغۇدەك، خەتنى ئوقۇپ بولۇپ ئاندىن ماڭايلى، ماقۇلمۇ؟

— سېنىڭ جاھىل مىجەزىڭ قىلچە ئۆزگەرمەپتۇ، ئالدى بىلەن ئۆيۈڭگە بېرىپ ئاتا - ئاناڭنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرساڭ بولاتتى. مەيلى ئەمىسە، بۇ خەتنى چاپسانراق ئوقۇ - ھە، — ئابدۇللا شۇنداق دېگىنىچە يانچۇقىدىن خەتنى چىقاردى. سەدىردىن ئۇنىڭ قولىدىن خەتنى ئالدىراپ ئالدى ۋە:

— نىياز ماڭا ھازىرمۇ ئالىي تېخنىكومدا ئوقۇۋاتقاندەكلا تۇيۇلىدۇ، — دېگەندىن كېيىن ئوقۇشقا باشلىدى.

شۇ چاغدا كەۋسەر سەدىردىنگە يېقىن كېلىپ:

— ئىچىڭدە ئوقۇماي، ئۈنلۈكرەك ئوقۇغىنە، مەنمۇ ئاڭلاي، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن سەدىردىن خەتنى ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى:

*«سالام قەدىرلىك دوستۇم ئابدۇللا، سالامەت تۇرۇۋاتامسەن، ئاتا - ئاناڭ، مەھەللىدىكىلەرمۇ تىنچ - ئامانمۇ، مەندىن ئەھۋال سورىساڭ، كۆندە سىلەرنى ھەم غازىلىقنى سېغىنىپ كۆڭلۈمنىڭ يېرىم بولىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھەر ھالدا ياخشى تۇرۇۋاتىمەن. دوسلارنىڭ، ئانا يۇرتنىڭ قەدرى ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندا بەكمۇ ئۆتۈلىدىكەن، بولدىلا، بۇ ھەقتە چوڭقۇرلاپ كەتمەي، شۇ تاپتا ساڭا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشكە*

ئالدىرىۋاتىمەن، يېقىندا راشىدىن بىلەن گۇاڭجۇۋدا ئۇچراشتىم، راشىدىننىڭ روھىدا كۆرۈلگەن بەزى بىر ئۆزگىرىشلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇ سالامەت تۇرۇپتۇ، بويى تۆگىدەك ئۆسۈپ كېتىپتۇ، نېمىلا بولسۇن ئۇنىڭ ھەر ھالدا سالامەت تۇرغانلىقىدىن بەكمۇ خۇش بولدۇم، خۇداغا شۈكرى، ئۇنى ئىزدەپ تارتقان جاپالىرىم بىكارغا كەتمىدى، ئەسلىدە راشىدىنغا: «بۇ خەتنى سەن يازغىن» دېگەن بولساممۇ، ئۇ: «مۇشۇ ۋاقىتچە سىلەرگە ئۇچۇر بەرمىدىم، سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ھەقىقەتەنمۇ يۈزۈم يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ھازىر خەت يېزىشتىن چىقىپ قاپتىمەن» دەپ تۇرۇۋالدى، شۇڭا راشىدىننى ئەپۇ قىلىۋەت، مېنىڭچە سەن ئۇنىڭ خەقنىڭ يۇرتىدا تارتقان جاپالىرىنى تەسەۋۋۇر قىلالايسەن، ساڭا كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم، راشىدىن بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ھاياتنى يەنە بىر قېتىم چۈشەنگەندەك بولدۇم، قىسقىسى مۇشۇ سائەتكىچە سەرسانلىق ئىچىدە يېشىمدىن تالاي ئىشلار ئۆتكەچكە، ئۆزۈمنى كۆپىنى كۆرۈپ پىشىپ يېتىلگەن دەپ بىلەتتىم، ئەپسۇس تېخى بۇ جەھەتتە خېلىلا خامكەنمەن، بۇ ھەقتىكى گەپلەرنى دىدارلاشقان ۋاقتىمىزدا ساڭا تەپسىلىي دەپ بېرىمەن، يېقىندىن بېرى خەلچەم بىلەن سەدىردىن كۆپ چۈشۈمگە كىردى، راشىدىنمۇ ئارىلاپ «خەلچەم چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ» دەيدۇ، ئۇلارنىڭ بولۇپمۇ خەلچەمنىڭ ئەھۋالىنى بەكمۇ بىلگۈمىز بار، ۋاقتىڭ يەتسە بىزگە خەت يېزىپ ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن بىزنى خەۋەردار قىلارسەن، كەۋسەر بىلەن سەدىردىنگە خەت يازغاندا مېنىڭ راشىدىن بىلەن ئۇچراشقانلىقىمنى يەتكۈزۈپ قويغىن.

دوستۇم، بىز ھازىر بېيجىڭدا كاۋاپخانا ئېچىش ئۈچۈن

*تىرتىشۋاتىمىز. ئىشلارنى ئۆز ئىزىغا چۈشۈرۈۋالغاندىن كېيىن،*
*راشىدىن بىلەن ئاقتاشقا بارىمەن. بۇ كۈننى مىنۇت،*
*سېكۇنت ساناپ كۈتۈۋاتىمىز. خۇدا بىزنى پات ئارىدا*
*كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىلغاي!*
*خوش، ئامان بولغىن.»*

سەدىردىن خەتنى ئوقۇپ بولۇپ كونۋېرتقا سېلىۋاتقاندا ئابدۇللا:

— ئەمدى مىسلداپ تۇرماي تېزرەك ماڭايلى، — دېۋىدى، خىيالغا پېتىپ قالغان كەۋسەر:

— ئۇلار رەسىمنى ئەۋەتكەن بولسىچۇ - ھە! — دېدى.

ئابدۇللا ئۇنىڭغا قاراپ مەنىلىك كۈلۈمسىرىدى ۋە:

— سەنمۇزە، مەھەللىگە تېزرەك بېرىپ چوڭلارنى بىر خۇش قىلايلى دېسەم رەسىمنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسەنغۇ، مانا رەسىم، سىلەرنى تازا بىر قاندۇرۇپ قويمىسام بولمىغۇدەك، — دېگىنىچە يانچۇقىدىن بىر پارچە سۈرەتنى چىقىرىپ سۇندى، كەۋسەر شادلىقىدىن سەكرىۋەتكىلى تاسلا قالدى.

— ئۇلارنىڭ رەسىم ئەۋەتكەنلىكىنى كۆڭلۈڭ تۇيغان ئىكەن - دە، — دېدى سەدىردىن كەۋسەرنىڭ قولىدىكى سۈرەتكە قاراپ.

كېيىن ئۇلار راشىدىننىڭ چىرايىنىڭ خېلىلا ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى، نىيازنىڭ جۇدەپ قالغانلىقىنى ئېيتىشتى، ئاخىرىدا كەۋسەر:

— نىياز چېچىنى نېمانچە ئۆستۈرۈۋالغاندۇ؟ — دېگەنىدى، ئابدۇللا ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە سەدىردىن ئالدىراپ:

— راست، دەرۋىشكىلا ئوخشاپ قاپتىغۇ، — دېدى.

ئاندىن ئابدۇللا سۈرەتنى كەۋسەرنىڭ قولىدىن ئېلىۋالدى ۋە ئۇلارنى باشلاپ مەھەللىگە قاراپ يول ئالدى.

*　　　*　　　*

بۈگۈن ھاۋا خېلىلا سوغۇق بولۇپ، قۇياش تۇمان ئارىسىغا يوشۇرۇنغانىدى، كەچكە يېقىن سەدىردىن بىلەن كەۋسەر ناھىيە بازىرىدىن خۇشال ھالدا مەھەللىگە قايتىپ كەلدى، ئەسلىدە بۈگۈن ئەمگەك ـ كادىرلار ئىدارىسى خىزمەت تەقسىماتىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، كەۋسەر ناھىيەلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە، سەدىردىن ناھىيەلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىگە تەقسىملەنگەنىدى. مۇبادا كەۋسەر دادىسىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلغان بولسا، مەمۇرىي ئورۇنلارغا تەقسىملىنىش ئىمكانىيىتىمۇ بار ئىدى، بىراق ئۇ ئالىي مەكتەپكە ماڭغان تۇنجى يىلىلا ئۆزىنى ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىگە ئاتىۋەتكەچكە، بارات نىياز ئامالسىز ئۇنىڭ تاللىشىنى قوللىدى، قانداقلا بولسۇن ئۇلارنىڭ ئارزۇ گۈللىرى پورەك ئاچقانىدى، ئۇلار پاراڭلىشىپ مېڭىپ ئايرىلىدىغان دوقمۇشقا كەلگەندە بىر توپ جامائەتنىڭ ئابدۇللانىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى يىراقتىن كۆرۈپ ئورۇنلىرىدا تۇرۇپ قېلىشتى. شۇ ئەسنادا يۇقىرى تەرەپتىن ۋېلىسىپىت مىنىپ كېلىۋاتقان روزى كاداڭ ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ دېمىنى ئاران دېگەندە بېسىۋېلىپ:

— بۇ يەردە تۇرۇپسىلەرغۇ؟ مۆھتەرەمخاننىڭ تۇگەپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىماپسىلەر ـ ھە؟ تېز مېڭىڭلار، بېرىپ ئابدۇللاغا ھەمراھ بولۇڭلار، بىچارە تۇگىشىپلا كەتتى، — دېدى ـ دە، كېتىپ قالدى.

سەدىردىن بىلەن كەۋسەر بىر ـ بىرىگە قارىشىپ بىردەم گاڭگىراپ تۇرغاندىن كېيىن ئابدۇللانىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈگۈرۈشتى. ئۇلار ئابدۇللانىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە ھويلا ـ ئاران ھازا كەيپىياتىغا چۆمگەنىدى، مېيىت ئايۋاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چاچاپتا

ياتقۇزۇلغان بولۇپ، چاچاپنىڭ باش تەرىپىدە بوغۇلۇپ يىغلاۋاتقان ئابدۇللانى جالالىدىن ئاخۇن يۆلەپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ئابدۇللا ئەمەس، ئۆي ئىچىگە سىغىشماي تۇرۇشقان قېرى - ياش ھەممىسى ھازا ئېچىپ كۆز يېشى قىلىشىۋاتاتتى. ئابدۇللانىڭ ئاكا- ئاچىلىرى ۋە يېقىن تۇغقانلار يىغلاپ ھالىدىن كېتەي دەپ قالغانىدى، ئۆيگە بىر توپ جامائەت كىرىپ كېلىپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ «ئەلھەۆكمۇلىللا» دەپ قايتقاندىن كېيىن، يەنە بىر توپ جامائەت كىرىپ كېلىشەتتى. سەدىردىن ئۆپكىدەپ يىغلىنىغىچە جامائەت توپىدىن ئۆتۈپ ئابدۇللانىڭ يېنىغا كەلدى، ئابدۇللا سەدىردىنگە تاشلىنىپ تېخىمۇ ئېچىنىشلىق يىغلاشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ يېنىدا يىغلاپ تۇرغان كەۋسەرنىڭ گاز ياغلىقىنى كىمدۇر بىرى داكا ياغلىققا ئالماشتۇرۇپ قويدى، ئابدۇللانىڭ يىغىسىدا يەتكۈچە ھەسرەت، پىغان بار ئىدى، ئۇ بوغۇلۇپ يىغلىغىنىچە:

— ۋاي جېنىم ئانا! ئەتىگەنلا ئۆيدە سالامەت قالغان ئىدىڭغۇ، ئانا! مۇشۇنداق تېز كېتەمسەن، ئانا!...... دوختۇرغا كۆرسىتەي دېسەم...... ئىشىڭغا بېرىۋەر، مىجەزىم ئوبدان دېگەنتىڭغۇ ئانا!— دەپ پىغانلىق نالە قىلاتتى.

ياندىكى سۇپىدا ياستۇققا يۆلىنىپ ئورۇق بارماقلىرى بىلەن يېشىنى سۈرتۈپ ئولتۇرغان سۇلايمان ياۋاشمۇ ئۆپكىدەپ:

— باقىي ئالەمگە كېتىدىغان نۆۋەت مېنىڭ ئىدىغۇ ئانىسى! مېنى مۇشۇنداق تاشلاپ قويۇپ كېتەمسىلە ئانىسى! — دەيتتى.

ئۇلارنىڭ بۇ پەريادىغا باشقىلارنىڭ يىغىسى قوشۇلۇپ ئەتراپتىكى كىشى چىداپ تۇرغىلى بولمايدىغان ئازابلىق مۇسىبەت ئىلكىگە ئالغانىدى.

قادىر ئاخۇن سەدىردىنگە ئابدۇللانى ئىچكىرىدىكى ئۆيگە ئېلىپ كىرىشنى تاپىلىغان بولسىمۇ، ئابدۇللا سەدىردىننىڭ قولىدىن بوشىنىپ، مۆھتىرەمخان ياتقۇزۇلغان چاچاپنىڭ

گىرۋىكىگە بىشنى قويۇپ ئولتۇرغىنىچە يىغلاشقا باشلىدى. بۇ دەھشەتلىك پەريادلار كەچكىچە داۋام قىلىپ، ئەتىسى شەرق تەرەپ ئاقىرىپ كېلىۋاتقاندا تىخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. يۇرت جامائىتى مۆھتەرەمخاننى تاۋۇتقا سېلىپ ئېلىپ ماڭغاندا تولا يىغلاپ ئاۋازى پۈتۈپ كەتكەن ئابدۇللا:

— ئانامنى ئېلىپ كەتمەڭلار! ئانامنى نەگە ئاپىرىسىلەر؟! ۋاي جېنىم ئانام! ۋاي ياۋاش ئانام، مەن چىدىمىدىم ئانام!...... — دېگىنىچە ماغدۇرسىز قوللىرى بىلەن تاۋۇتقا ئېسىلدى. ئۇنىڭغا ئاكىسى كېلىپ قوشۇلدى. ھوشۇر موزدۇز بىلەن سەدىردىن ئابدۇللانىڭ قولىنى ئاجرىتىپ يۆلەپ ماڭدى، ئانايەت كۆدەك سۇلايمان ياۋاشنى ئىشەك ھارۋىسىدا ئولتۇرغۇزۇپ جامائەتنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. تاۋۇت قولدىن قولغا ئۆتۈپ ئۇزاپ كېتىۋاتاتتى، ئاياللارنىڭ يىغا - زارى سەگۈ تېرەكلەرنىڭ قورشاۋىدىكى كۆجۈم مەھەللىنىڭ باغرىغا بارا - سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى، جامائەت مېيىتنى مەسچىتكە ئېلىپ كېلىپ سەپ تۈزۈپ تۇرغاندىن كېيىن، قاسىم قارىم جامائەتكە يۈزلىنىپ ھەسرەتلىك ھالدا دېدى:

— ئەھلى جامائەت! مەرھۇمە مۆھتەرەمخان ھەقتائاللا ئىگەمنىڭ قۇدرەت كامالى بىلەن پانىيدىن باقىيغا سەپەر قىلدى. مەرھۇمە يۇرتىمىزنىڭ چىرىغى، ئاجىز - ئورۇقلارنىڭ غەمگۇزارى ئىدى. ئۇ تۇغۇلۇپ باقىيغا كەتكۈچە جەبىر - جاپا ئىچىدە ئۆتتى، مېھنەت قىلىپ ھالال ياشىدى. ئۇنىڭ ئەھلى مۆئمىنە ئىكەنلىكىگە ھەممىمىز گۇۋاھلىق بېرىمىز، ئۇنىڭدا بىرەر ھەققىياتىڭلار بار بولسا پەرزەنتلىرى سىلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، ئەگەرچەندە مەرھۇمەنىڭ ھاياتلىقىدا سالىمىڭلارغا لايىقىدا سالام قايتۇرالمىغان، بىلىپ - بىلمەي دىلىڭلارنى رەنجىتىپ قويغان يەرلىرى بولسا رازى بولغايسىلەر!

قاسىم قارىمنىڭ نۇتقى تۈگىشىگىلا ھەممە كىشى «رازى» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن مېيىت نامىزى چۈشۈرۈلدى، ئاندىن تاۋۇت مەھەللىنىڭ باش تەرىپىدىكى گۆرۈستانغا ئېلىپ كېلىندى. ئابدۇللانىڭ كۆز ياشلىرى تۆكۈلۈۋېرىپ تۈگىدىمۇ، ئەيتاۋۇر، كۆزلىرى پىلىلداپ، ماغدۇرسىز ھالدا سوغۇق توپىغا چاپلىشىپ ئولتۇرۇپ قالدى. سەدىردىن ئۇنىڭ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ نېمىلەرنىدۇر دەۋاتقان ھالىتىگە قاراپ سەۋر - تەسەللى ئېيتىپ ئۇلگۈرەلمىدى. ئاخىر مۆھتىرەمخان قارا تۇپراق قويىنىغا كىرىپ كەتتى، ئابدۇللا ئۆزىنى ئانىسى بىلەن بىرگە ئاشۇ دەھشەتلىك گۆر ئىچىگە كۆمۈۋېتىلگەندەكلا ھېس قىلدى. قاسىم قارىمنىڭ سۈرلۈك ئاۋازدا قىلغان قىرائىتىدىن كېيىن جامائەت دۇئاغا قول كۆتۈرگەندە، ئابدۇللانىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ بېشى قايدى ۋە ئۆزىنى يەرگە لاسسىدە قويۇپ بەردى.

شۇنداق قىلىپ، مۆھتىرەمخان ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ ئابدۇللانىڭلا ئەمەس، ئاقتاشتىكى شۇنچە كۆپ ئادەملەرنىڭ قەلبىدە ئىشچانلىقى، چىدامچانلىقى، ياخشىلىققا ھېرىسلىقى بىلەن ئۆزىگە يارىشا ئابىدە تىكلەپ، ياخشى نامى ئەتراپقا تارقىلىپ ياشاپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ دۇنيادىن شۇنچە تاسادىپىي، شۇنچە تىۋىشسىزلا ئۇ ئالەمگە كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇزاق كېسەل تارتماي، ئائىلىسىدىكىلەرگىمۇ ھېچقانداق ئېغىرچىلىق سالماي شۇنچە تىنچ ھالدا كېتىپ قالغانلىقى، ھايات چېغىدىكى ياخشى نامىغا ئوخشاشلا كىشىلەر ئارىسىدا يەنە بىر ياخشى نامنىڭ تارقىلىشىغا سەۋەب بولدى. بەزىلەر ئۇنىڭغا بولغان ئىچ ئاغرىقنى «قادىرئىگەم مۆمىن بەندىسىنى ھامان تونۇيدىكەن، بۇ ۋاپاسىز ئالەمدە ئۇلارنىڭ يەنە جاپا - مۇشەققەت چېكىشىگە، ئېغىر كېسەل تارتىشىغا پايلىماي شۇنداق بالدۇر ئېلىپ كېتىدىكەن» دېيىشسە، يەنە بەزىلەر:« سۇلايمان ئاخۇن شۇنچە يىل كېسەل تارتىپمۇ

ھايات تۇرۇۋاتىدۇ، مۆھتىرەمخان تېخى بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدىلا ئىتىزدا ئىشلەپ يۈرەتتى، تەقدىر دېگەن مۇشۇ ئوخشايدۇ» دېيىشەتتى. دېمىسىمۇ ئۇلارغا سۇلايمان ياۋاشنىڭ ئون نەچچە يىل كېسەل تارتىپمۇ ھازىرغىچە ھايات تۇرۇۋاتقانلىقى مۆجىزە بولۇپ تۇيۇلاتتى، ئۇلارچە بولغاندا مۆھتىرەمخان سۇلايمان ياۋاشنى ئۈزىتىپ قويسا يوللۇق بولاتتى.

راست، مۆھتىرەمخان ئۆلۈپ كەتتى، شۇ كۈنى ئابدۇللا يېزىغا مېڭىشنىڭ ئالدىدا سارەم بىلەن يەنە گەپ تالىشىپ قېلىپ، كۆڭلى پەرىشان ھالدا مۆھتىرەمخاننىڭ يېنىغا كىرگەندە، ئۇ تام مەشنىڭ يېنىدا تۈگۈلۈپلا ياتقانىدى، گەرچە ئۇنىڭ يېقىندىن بېرى مىجەزى ياخشى بولمىسىمۇ، يەنىلا ئۆينىڭ پارچە - پۇرات ئىشلىرىنى قىلىپ يۈرۈۋاتاتتى. ئابدۇللا ئۇنىڭ ھالىنىڭ بوشلىقىنى كۆرۈپ:

— ئانا، جاھىللىق قىلماڭ، يېزىنىڭ دوختۇرخانىسىغا ئاپىراي، — دېگەندە، مۆھتىرەمخان بېشىنى ياستۇقتىن يېرىم كۆتۈرۈپ:

— بالام، كۆڭلۇم بىرئاز ئاينىپ قالدى، بىردەم ياتسام ئوڭشىلىپ قالىمەن، مەندىن ئەنسىرىمەي ئىشىڭغا بېرىۋەر، — دېگەنىدى، ئابدۇللا:

— دوختۇرخانىغا بارغىلى ئۇنىمىسىڭىز مەنمۇ ئىشقا بارمايمەن ئەمسە، — دېۋىدى، سۇلايمان ياۋاش:

— ئىشقا بارمىساڭ قانداق بولغىنى، بالام! يېزا باشلىقى بۇ چاغقا سېنى ئىزدەپ قالغاندۇ، جاھىللىق قىلماي ئىشىڭغا ماڭ، ئاناڭ بىردەمدىن كېيىن ئوڭشىلىپ قالىدۇ، — دېدى. ئابدۇللا يەنە:

— ئۆتكەندە ئالغاچ كەلگەن ئاشقازان دورىسىدىن يەنە بىرئاز ئەكىلەيمۇ ئەمسە؟ — دېۋىدى، مۆھتىرەمخان:

— پۇلنى بۇزۇپ دورا ئالما، پىننە دەملەپ ئىچىتىم، ئوڭشىلىپ قالىمەن، — دېدى.
شۇنداق قىلىپ، ئابدۇللا ئانىسىنى دوختۇرخانىغا بېرىشقا كۆندۈرەلمىدى، ئۇ ئانىسىنىڭ يېنىدا بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن قانداقتۇر بىر ئىشنى ئېسىگە ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى - دە:
— ئەمىسە مەن يېزىغا بېرىپلا كېلەي، — دەپلا ئالدىرىغىنىچە يۈرۈپ كەتتى.
ئابدۇللا يېزىغا كەلگەندىن كېيىن، كەنتلەرنىڭ بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىقلاش جەدۋىلىنى تۈزۈپ كۆپەيتىش ھەم بوغالتىر بىلەن سان - سېپىرلارنى ئۈدۈللاش دېگەندەك بىر تالاي ئىشلار بىلەن بەند بولۇپ ئانىسىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويدى.
مۆھتىرەمخاننىڭ يېنىدا تەسۋىي سىيرىپ ئولتۇرغان سۇلايمان ياۋاش ئىشككە بىرنەچچە قېتىم قاراپ قويدى، بۈگۈن سارەمنىڭ ئۆزلىرىنى يوقلاپ كىرمىگەنلىكىگە قاراپ، ئابدۇللا بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدى. ئۇ بىرھازا سارەمنىڭ كىرىپ قېلىشىنى تەمە قىلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن:
— ئانىسى، كۈن چۈش بولاي دېدى. سارەم مۇشۇچاغقىچە كىرمىدى، يەنە يامانلاپ كەتمىگەندۇ - ھە؟ — دېدى.
مۆھتىرەمخان تولىمۇ زەئىپ ئاۋازدا:
— قۇچىقىدا بالىسى بار ئەمەسمۇ! ئۆيىدە ئىشى بولسا قىلىپ بولۇپ ھېلى كىرىپ قالار، — دېدى.
سۇلايمان ياۋاش بىردەم دۇرۇت ئوقۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىن بېشىنى ياستۇققا قويۇپ يېتىپ، بارا - بارا كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىندى، بىر چاغدا ئۇ چۈش كۆردى، چۈشىدە مۆھتىرەمخان ئاقتاش دەرياسىدىكى دولقۇن ياساپ ئېقىۋاتقان سۇدا ئېقىپ

كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان بولۇپ، قولىنى پۇلاڭلاتقىنىچە« دادىسى...... دادىسى، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار!» دەپ ۋارقىرايتتى. سۇلايمان ياۋاش قاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ دەرياغا سەكرەشكە شۇنچە ئۇرۇنۇپ باقاتتى - يۇ، بىراق پۇتىنى مىدىرلىتالمايتتى، شۇ هالدا ئۆزىنىڭ شۇنچە بىقۇۋۇل ئىكەنلىكىگە ئېچىنىپ ياش تۆكتى ۋە دەرياغا قاراپ: «ئانىسى! مەن ئورنۇمدىن تۇرالمىدىم، پۇتۇم كارغا كەلمىدى، مېنى ئەپۇ قىلىڭلا، مەن بەكمۇ بىچارە ئىكەنمەن» دەپ پەرياد چەككىنىچە چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ بەدىنى قارا تەرگە چۆمۈلگەنىدى، بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ يەنە دۇرۇت ئوقۇشقا باشلىدى. شۇ چاغدا مۆھتىرەمخان پەس ئاۋازدا:

— دادىسى، يېنىمغا كېلىڭلا، مەن بولالمايدىغاندەك تۇرىمەن، دادىسى، كۆزلىڭلىنى ئېچىڭلا! — دەۋاتاتتى.

سۇلايمان ياۋاشنىڭ يۈرىكى قارتىدە قىلدى - دە، جىددىيلەشكىنىچە:

— ئانىسى، نېمە بولدۇڭلا، بېشىڭلىنى كۆتۈرۈڭلا! — دەپلا پۇتىنى تەستە سۆرەپ مۆھتىرەمخاننىڭ يېنىغا سۈرۈلدى. مۆھتىرەمخان ھېلىقى سۆزنى تەكرارلاپ يېنىچە ياتاتتى. سۇلايمان ياۋاش ئۇنىڭ دولىسىدىن تۇتۇپ ئاۋايلاپ ئوگدىسىغا ياتقۇزدى، يۈزىگە يېرىم يوگىۋالغان داكا رومىلىنى قايرىپلا ئۆز كۆزىگە ئىشىنەلمەي قالدى. مۆھتىرەمخاننىڭ چىرايى ئاقىرىپ، لەۋلىرى كۆكىرىپ كەتكەنىدى.

— ئانىسى، نېمە بولدۇڭلا؟ كۆزلىڭلىنى ئېچىڭلا، ئابدۇللا! سارەم ! قېنى سىلەر!؟ چاپسان ئۆيگە كىرىڭلار!

سۇلايمان ياۋاش مۆھتىرەمخاننىڭ باش تەرىپىگە سۈرۈلۈپ ئۇنىڭ بېشىنى يۆلىدى، ئۇ سىرتتىن بىرەركىمنىڭ كىرىشىنى تىلەپ ئىشىككە تەلمۈرۈپ قارايتتى، مۆھتىرەمخان ئاستا - ئاستا

كۆزىنى ئېچىپ سۇلايمان ياۋاشقا تىكىلدى، خۇددى ئۇنى تونۇيالمىغاندەك زەن سېلىپ قارىدى، سۇلايمان ياۋاش كۆزىگە ياش ئېلىپ دېدى:

ــ ئانىسى، نېمشقىمۇ كېسىلىڭلىنى مەندىن يوشۇرغانسىلە ـ هە، مۇشۇنداق ئېغىر كېسەل بولغاندىكىن ئابدۇللانىڭ گېپىگە كىرىپ دوختۇرغا بارساڭلا بولماسمىدى، مەن مۇشۇنداق بىقۇۋۋل بەندىكەنمەن، ئانىسى، تەخىر قىلىڭلا، ئابدۇللا كېلىپ سىلىنى دوختۇرخانىغا ئاپارسۇن، ماۋۇ سارەم نەگە كەتكەندۇ، سارەم! قېنى سەن، بالام، ئۆيگە كىرگىن!

مۆھتىرەمخان بېشىنى ئاستا بۇراپ تام مەشىنىڭ ئوچىقىغا قارىدى، شۇئان سۇلايمان ياۋاش كۈلۈڭدا تۇرغان چەينەكنى ئېلىپ، يېنىدىكى پىيالىگە چاي قۇيدى ـ دە، مۆھتىرەمخانغا ئىچكۈردى. مۆھتىرەمخان بىر يۇتۇم چاينى ناھايىتى تەسلىكتە يۇتتى. كېيىن سۇلايمان ياۋاشقا تىكىلىپ ئېغىر نەپەس ئالغىنىچە دېدى:

ــ دادىسى، مەن بولالمايدىغاندەك تۇرىمەن، سىلىنى تاشلاپ كېتىدىغان ئوخشايمەن، ئابدۇللا بالام سىلىگە قالدى، ئۇ ئاكىسىغا، ئاچىسىغا ئوخشىمايدۇ، ۋاپاسى بار بالا بولدى، توينى ئالدىراپ قىلمىساق بوپتىكەن...... مەندىن رازى بولۇڭلا، دادىسى......

ــ ئانىسى، ئۇنداق دېمەڭلا، خۇدايىم سىلىگە هوما[1] بېرىدۇ.

سۇلايمان ياۋاش ئىشىككە قاراپ قويۇپ بۇ سۆزنى بىرقانچە قېتىم تەكرارلىدى، شۇ تاپتا ئۇ تىت ـ تىت بولۇۋاتقانلىقىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغانىدى. ئاھ خۇدا! ئۇنىڭ ماجالى يار بېرىپ سىرتقا چىقالىغان بولسا، سارەمنى چاقىرسا،

---

[1] ئۆمۈر سۆزىنىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى.

مۆھتىرەمخاننىڭ بۇ ھالىنى بالىلىرىغا يەتكۈزسە...... ھەي سارەم! سەن نەگىمۇ كەتكەنسەن......

مۆھتىرەمخاننىڭ چىرايى ئاقىرىپ، پۇت - قولىرى بارا- بارا مۇزلاشقا باشلىدى. سۇلايمان ياۋاشنىڭ كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن بۇ ئىش نەچچە يىلدىن بېرى مۆھتىرەمخاننىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇپ كۈتۈشكە نائىل بولۇپ، قازايىقەدەر كۈننى دېگۈدەك كۈتۈپ كېلىۋاتقان بۇ بىچارە ئىنساننىڭ جىسمىنى بەزگەك بولغان ئادەمدەك تىترىتىۋەتتى، شۇ ئەسنادا مۆھتىرەمخاننىڭ چىڭ يۇمۇلغان كۆزلىرى يېرىم ئېچىلىپ، لەۋلىرى بوش مىدىرلىدى. ئۇنىڭ سەكراتقا چۈشۈپ قالغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمىگەن سۇلايمان ياۋاش:

— ئانىسى!...... ئانىسى! سىلە ياخشى بولۇپ قالىسىلە! كۆزۈڭلىنى ئېچىڭلا! — دەيتتى.

مۆھتىرەمخان سۆزلەشكە شۇنچە تىرىشقاندەك قىلاتتى - يۇ، ئەمما سۇلايمان ياۋاش قۇلىقىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا يېقىن ئەكەلگەن بولسىمۇ، ئۈزۈپ - ئۈزۈپ ئېلىنغان نەپەستىن باشقا ھېچ نەرسىنى ئاڭلىيالمىدى. كېيىن سۇلايمان يوۋاشىنىڭ ئولتۇرۇشاڭغۇ كۆزلىرى قىبلە تامدىكى تەكچىگە تىكىلدى، كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈلدى، ئۇ يەرگە خۇددى كىچىك بالا ئانىسىنىڭ كۆكسىگە ئىنتىلگەندەك تەقەززالىق بىلەن ئىنتىلدى. ئەپسۇس، ئۇنىڭ بىلىنىڭ ئاستى كارغا كەلمىگەچكە ئىلگىرىكىدەكلا ھەسرەت يۇتتى، ئۇ بۇنداق ھەسرەتنى مۇشۇ يېشىغىچە ناھايىتى كۆپ يۇتقاندى، بىراق بۇ قېتىمقىسى ئالدىنقى قېتىملارغا پەقەت ئوخشىماي قالدى، ئالدىنقى قېتىملاردا مۆھتىرەمخان ھويلىدا، باغدا بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئۇنى بىردەمگىنە يالغۇز قالدۇرغاندا، مۇشۇك تاختاپەرگە چىقىپ پىيالىدىكى سۈتنى تۆكۈۋەتكەندە، ئوچاقتىن چاچرىغان ئۇچقۇن كىگىزنى

كۆيدۈرگەندە، ئۆزىنىڭ بىقۇۋۇللىقىغا ئىچىنىپ ھەسرەت يۇتقان بولسا، مانا ئەمدى، بىر ئۆمۈر ھاردىم، تالدىم دېمەي ئۆزىنى كۈتكەن ھەمراھى مۆھتىرەمخانىنىڭ ئاخىرقى ئەڭ ئاددىي ھاجىتىنى راۋا قىلىشقا ماجالى يەتمەي ھەسرەت يۇتتى، شۇ تاپتا بۇ ھەسرەتنىڭ ۋەزنىنى ھېچ نەرسىگە تەڭلەشتۈرگىلى بولمايتتى. «ئاھ...... پەرۋەردىگارىم! مېنى نېمىشقا بۇنچە ئاجىز ياراتقانسەن!» سۇلايمان يىۋاش شۇنداق ھەسرەت يۇتقان ھالدا گاھ مۆھتىرەمخانغا، گاھ تەكچىدىكى چەينەككە قارايتتى، ئەسلىدە تەكچىدىكى چىنىچەينەكتە قاسىم قارىم قاچانلاردىدۇر ئوقۇپ دەمدە قىلىپ بەرگەن «ياسىن» سۈيى بار بولۇپ، بۇ سۇنى ئۇ ئۇزاقتىن بۇيان ئۆزى ئۈچۈن ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. مانا تەقدىر ئىلاھىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى كۈتمىگەن يەردىن چىقىپ، مۆھتىرەمخان بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، مۇشۇ سائەتتە ئۇ ئورنىدىن تۇرالىغان بولسا، ئاشۇ چەينەكتىكى دەمدە سۈيىنى ھەمراھىغا ئىچۈرۈپ، بۇ جاپاكەش مەزلۇمەنىڭ ئۆزىگە بولغان 50 نەچچە يىللىق ئەقىدە ـ ئىخلاسىغا جاۋاب قايتۇرالىغان بولاتتى. ئەپسۇس، ئۇنىڭ مادارى يار بەرمىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ يېنىدىكى مىس چەينەكتىن پىيالىگە چاي قۇيۇپ دۇرۇت ئوقۇپ دەمدە قىلدى ـ دە، مۆھتىرەمخانغا ئىچۈردى. مۆھتىرەمخان ئاخىرقى بىر يۇتۇم چاينى ناھايىتى تەستە يۇتتى، كېيىن سۇلايمان ياۋاش ھەسرەتلىك ياش تۆكۈپ ئولتۇرۇپ، ھالىغا ھال، مۇڭىغا مۇڭ بولۇپ، ھايات مۇساپىسىنى شۇنچە ئۇزاق بىرگە بېسىپ كەلگەن قەدىناسىنىڭ كۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك يۇمۇلغانلىقىنى سەزمەي قالدى.

مۆھتىرەمخان باقىي دۇنياغا سەپەر قىلدى. گەرچە ئۇ ئاقناشتا ئىلگىرى ـ كېيىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغان نۇرغۇنلىغان يۇرتداشلىرىغا ئۆز قولى بىلەن دەمدە سۈيى ئىچۈرۈپ كەلگەن

بولسىمۇ، ئۆزى دەمدە سۆيىنىڭ ئورنىغا سۇلايمان ياۋاشنىڭ دۇرۇت ئوقۇپ دەم قىلغان بىر يۇتۇم ئىلمان چېيىنى ئىچىپلا كېتىپ قالدى، بۇ چاغدا سارەم ياماناپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئالاقاچان بېرىپ بولغانىدى.

مۆھتىرەمخانىنىڭ قىرىق نەزىرى ئۆتكۈزۈلگىنىگە خېلى كۈنلەر بولغان بولسىمۇ، ئابدۇللا ئانىسىنىڭ كۆز يۇمغانلىقىغا پەقەتلا ئىشەنگۈسى كەلمەي، ئۇنى ئۆيدىن، باغدىن، ئېتىزدىن، قوشنىلارنىڭ ئۆيىدىن ئاربلاپ ئىزدەپ يۈردى. بەزىدە ئانىسىنى ئەتىگەندىلا قولتۇقىغا تاغار بىلەن كەتمەننى قىستۇرۇپ ئېتىزغا ماڭغاندەك، سېۋەتنى ئېلىپ باغقا كىرىپ كەتكەندەك، ھېلىلا ئوت ـ چۆپ، پاسار ياكى تەرمەچ كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ كېلىدىغاندەك ھېس قىلاتتى. بۇ كۈنلەردە ئابدۇللانىڭ ئاكىسى راخمان بىر تالاي زۆرۈرىيەتلەر ئۈچۈن ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەتكەچكە ئاچىسى چولپانخان سۇلايمان ياۋاشقا ھەمراھ بولۇۋاتاتتى.

بىر كۈنى سۇلايمان ياۋاش چولپانخاننى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ دېدى:

— قىزىم، سېنىڭمۇ بالىلىرىڭ كىچىك، ئۆيۈڭدە ئۆزۈڭگە تۇشلۇق ئىشىڭ بار، ئۆيۈڭگە قايتىپ كەتكىن.

كۈنىسىرى جۇدەپ، بوشىشىپ كېتىۋاتقان دادىسىغا قاراپ ئارامسىزلىنىۋاتقان چولپانخان بىردەم يىغلىغاندىن كېيىن:

— دادا! مەن ئۆيگە كەتسەم سىزنىڭ ھالىڭىزدىن كىم خەۋەر ئالىدۇ؟ ئابدۇللانىڭ يېزىدىكى خىزمىتى ئالدىراش تۇرسا، — دېدى.

— ماڭا خۇدايىم بار، قىزىم، ئابدۇللا ئەتىگەندە چېيىمنى قاينىتىپ بەرسە، كەچلىكى ماڭا ھەمراھ بولسا بولدى.

سۇلايمان ياۋاش مۆھتىرەمخان قازا قىلغاندىن كېيىن

جىمىغۇرلىشىپ بەكمۇ بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. چولپانخان دادىسىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەندە، ئانىسىغا بولغان سېغىنىشى ھەسسىلەپ ئېشىپ باراتتى، ئابدۇللانىڭمۇ دادىسىغا قارىسىلا ئىچى سىيرىلاتتى. ئاخىر ئۇ ئۆزىنىڭ رايى بولمىسىمۇ، پەقەت دادىسىنى ئۆيدە يالغۇز قالدۇرماسلىق ئۈچۈنلا سارەمنى قايتۇرۇپ كېلىشنى ئويلىدى. بىر كۈنى چولپانخان ئابدۇللانىڭ ئوينى سەزگەندەكلا:

— ئۇكام، سارەمنى قايتۇرۇپ كېلەيلىمىكىن دەيمەن، ئۇنىڭ بەزىبىر ئىشلىرىنى دېسەكقۇ قايتۇرۇپ كېلىشنىڭ ئورنى يوق ئىدى، بىراق ئارىدا بىر بالا بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇغقانلارنى ئويلىمىساق بولمىغۇدەك، سارەممۇ مۇشۇ كۈنلەردە خېلى ئۆگىشىلىپ قالغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى.

ئابدۇللا بېشىنى لىڭشىتىپلا ماقۇللۇق بىلدۈردى، كېيىن چولپانخان بۇ ئوينى سۇلايمان يوۋاشقا دېگەنىدى، ئۇ:

— مەقسىتىڭنى بىلدىم، قىزىم، مېنىڭ ئۆيدە يالغۇز قېلىشىمنى ئويلاپ شۇنداق دەۋاتىسەن. سارەممۇ ئۆزۈمنىڭ قىزىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئاغرىنىدىغان يېرىم يوق، شۇڭا بۇ ئىشنى ئابدۇللا ئوبدانراق ئويلىسۇن، تەڭلىك تارتىپ قالما، مەن بىر پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغان ئادەممەن، مەندىن بەك ئەنسىرىسەڭ، سېنىڭ ئۆيۈڭگىلا كېتەي، قولۇمدىن باشقا ئىش كەلمىسىمۇ نەۋرەمگە قاراپ بېرەرمەن، — دېدى.

— ماقۇل، دادا، مۇشۇنداق قىلىسىز، مەنمۇ خاتىرجەم بولىمەن.

چولپانخاننىڭ كۆڭلى تىنىدى. ئۇ بىلەتتى، گەرچە دادىسى سارەمدىن كۆڭۈل ئاغرىقىم يوق دېگەن بولسىمۇ، مۆھتەرەمخان كۆز يۇمغان كۈنى سارەمنىڭ ئابدۇللا بىلەن بىرنەچچە ئېغىز سۆز تالىشىپ قالغانلىقىنى باھانە قىلىپ ئۇن - تىنسىز يامانلاپ كەتكەنلىكىدىن ئۇ ھەقىقەتەن خاپا ئىدى.

دېگەنــدەك ئەتىــسى چولپانخــان سـۇلايمان ياۋاشــنى ئېــشەك هارۋىــسىدا ئــۆز ئــۆيىگە ئېلىــپ كەتتــى، دادىــسى كېتىــپ هەپــتە ئۆتكەنــدە ئابــدۇللا ســارەمدىن ئــادا ـ جــۇدا بولــۇپ خېتىنــى بېرىــۋەتتى، ئۇلارنىـڭ ئايرىلىــپ كېتىــشى مەھەللىــدىكىلەرنى ھەر خىـل ئويلارغـا سېلىپ قويـدى. بەزىـلەر «ئابـدۇللا كـادىر بولـۇپلا سارەمنى ياراتماي قويدى» دېسە، بەزىلەر «قانداش تۇغقانلار تـوي قىلىپ ئەپلىشىپ قالىدىغانلار ناھايىتى ئاز، سارەممۇ تـولا يامانلاپ ئابـدۇللانىڭ كـۆڭلىنى تالـدۇرۇۋەتتى، تـولا دەز كەتـكەن چىنىنـى قادىغـان بىكـار» دېيىــشتى. شــۇنداق قىلىــپ، ئابــدۇللا ئاتــا ـ ئانىسىنىڭ ئاددىي ھەم كونا ئۆيىدە ئۇلارنىڭ چىرىغىنـى يانـدۇرۇپ تەنهـا قالـدى. بـۇ كـۈنلەردە كەۋسـەر بىـلەن سـەدىردىن خىـزمەت ئۇرۇنلىرىــدا ئالــدىراش بولــۇپ، مەھەللىــگە كەمــدىن ـ كەم كەلگەچكە، ئابدۇللانىڭ كۆڭلىنى غېرىبلىق باسقانىدى. ھەر ھالـدا بارات نىيازلا ئۇنىڭغا ئىلهام بېرىپ تۇراتتى.

* * *

ئاقتاشنىڭ قىش پەسلى ئۆتـۈپ كەتتـى. ئەتىيازنىـڭ سـالقىن شاملى ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا بۇ قەدىمىي بوستانلىقتىكى جان ـ جــانىۋارلارنى، دەل ـ دەرەخلەرنــى، زىرائەتلەرنــى قىــشلىق ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىۋەتتى. ھۆپۈپ، پاختەك ۋە تورغايلار يارلىقتىكى قىــشلىق ئۇۋىــسىدىن كۆچــۈپ، مەھەللىلەردىــن ئــۇۋا ئىزدەشــكە باشلىدى.

بۈگــۈن كــۈنگە پەيــشەنبە ئىــدى، ئابــدۇللا تــاڭ سـەھەردىلا ئانىسىنىڭ تۇپراق بېشىغا كېلىپ، بىرھازا دۇئـا قىلىـپ كـۆز يېـشى قىلدى. شۇ ئەسنادا يېنىغا جاللىدىن ئاخۇن پەيدا بولۇپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن قىرائەت باشلىدى، ئاندىن ئـۇزاقتىن ـ ئـۇزاق

دۇئا قىلىنغانىدىن كېيىن ئىككىسى قەبرىستانلىقتىن ئايرىلىپ، تېرەكلىك يول بىلەن مەھەللىگە قاراپ مېڭىشتى.

— بالام ئابدۇللا، ئۆلۈم ھەممىمىزگە بار، ئىچ ئاغرىقى يامان، ئۆزۈڭنى ئاۋايلا. جاھاندا ئۆلگەنلەرگە دۇئا، تىرىكلەرگە سەۋر لازىم بولىدۇ، يېزىدىكى خىزمىتىڭ جاپالىق، ئاش - تامىقىڭ ئەپسەپ (بەزىدە بار، بەزىدە يوق) بولۇپ تۇرغاندا يەنە ئىچ ئاغرىقى تارتىپ بولالمايسەن. مەرھۇم مۆھتەرەمخان خۇدانىڭ مۆمىن بەندىسى ئىدى. خۇدا مۆمىن بەندىسىگە قىيامەتتە شاپائەت قىلىدۇ، — دېدى جالالىدىن ئاخۇن يېنىك قەدەم ئېلىپ كېتىۋېتىپ.

— ئانامنىڭ بۇنداق تېز كېتىپ قېلىشىنى ھەرگىزمۇ ئويلىماپتىكەنمەن، رەھمەتلىك بۇ دۇنياغا كېلىپ بىر كۈنمۇ راھەت كۆرەلمەي كەتتى، مۇشۇلارنى ئويلىسام بەكمۇ ئازابلىنىمەن! — دېدى ئابدۇللا جاۋابەن.

كېيىن جالالىدىن ئاخۇن مۆھتەرەمخانىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا بىردەم سۆزلەپ، گەپنى ئابدۇللانىڭ تۇرمۇشىغا يۆتكىدى.

— بېشىڭنى ئوڭشاپ قويساق بولاتتى، بالام، يالغۇزلۇقنىڭ دەردى يامان، سۇلايمان ئاخۇنىڭمۇ بۇرۇنقى مىجەزى يوق، ئويلىغانلىرىڭ بولسا ماڭا دېگىن.

— ھازىرچە ئۇ ئىشلارنى ئويلىغۇم يوق، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئويلىشارمىز.

— ئۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ، سەن خاتىرجەم كۆن ئۆتكۈزسەڭ مەرھۇمە مۆھتەرەمخانىنىڭ روھى خۇش بولىدۇ، بالام. بۇ ئىش توغرۇلۇق ئۆتكەندە ئەخمەتكامىنىڭ ئۆيىدە مەسلىھەت قىلىپ باقتۇق، بىراق بىز سېنىڭ رايىڭنى بىلمىگەندىكىن مەسلىھەتىمىز پىشماي قالدى، قانداقلا بولسۇن كۆڭلۈڭدىكىنى دېسەڭ، قالغان ئىشلارنى بىز جۆندەيمىز ئەمەسمۇ؟

ــ ئەمسە ۋاقتى كەلگەندە كۆڭلۈمدىكىنى سىلەرگە دەمەن، ھازىرچە ماڭا بۇ ھەقتە گەپ قىلمىسڭىزكەن......

ــ بالام، بۇنداق دېمە، سېنىڭ بېشىڭنى ئوڭشاپ بولۇپ سەدىردىنىنىڭ ئىشىنى ئويلاشمىساق بولماس.

ــ مېنىڭ ئىشىمنى قويۇپ، سەدىردىنىنىڭ ئىشى توغرىسىدا باش قاتۇرايلى.

ــ سېنىڭچە، ئۇنىڭ ئىشىنى قانداق قىلساق بولار؟ بېشىم قېتىپلا كەتتى، ئۇ بالىغۇ ئۆز ئىشى توغرۇلۇق ماڭا گەپ قىلمىدى، ئاڭلىسام ئىككى- ئۈچ يىلدىن كېيىن ئويلىشىمەن دېگۈدەك، سېنىڭچە......

ــ بېشىڭىزنى قاتۇرماڭ، يېزا باشلىقىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كەۋسەرگە چاي ئىچۈرسەڭلارلا ھەممە ئىش ئۆزلۈكىدىن پۈتىدۇ ئەمەسمۇ!

ــ سەنمۇ شۇنداق دەيسەنغۇ، بالام، ساڭا كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم، بىزگە يېزا باشلىقىنىڭ بوسۇغىسى بەكمۇ ئېگىز كېلىدۇ. مەكتەپ ئۆز جايىدا قالدى، ئۆز ھالىمىزغا تۇشلۇق ئىش قىلساقمىكىن دەيمەن. كەۋسەرغۇ سەدىردىنگە ئەجەبمۇ لايىق ئىدى بولمىسا......

ــ سىلەر چوڭلار قاچانغۇچە بىزنىڭ پۇت - قولىمىزنى مۇشۇنداق گەپ - سۆزلەر بىلەن چۈشەپ كېلەرسىلەر- ھە! سەدىردىنىنىڭ كەۋسەردىن قايسى يېرى كەم ئىدى؟! ھەر ئىككىسى دۆلەت كادىرى تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ھۆكۈمەت خاس ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەرنى ئۆستۈرىۋاتىدۇ. ئۇزاققا قالماي سەدىردىنمۇ چوڭ باشلىق بولىدۇ. سىز خاتىرجەم بولۇڭ، ۋاقتى كەلگەندە سەدىردىن بىلەن كەۋسەر تۇرمۇش ئىشىنى سىلەرگە ئېغىرچىلىق سالمايلا ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

ــ دېگىنىڭدەك بولسىغۇ، گۆلى گۈلىگە كېلەتتى،

بىراقزە...... مەن ھېچ ئىشەنچ قىلالمايمەنغۇ تاڭ؟
— ئارتۇقچە ئويلاپ كەتمەڭ، ھەممە ئىشنىڭ ئۆز يولى، ۋاقتى بولىدۇ.
— ئۇنداقتا، ئادىشىڭ بىلەن بۇ ھەقتە ئوبدانراق مۇڭداشقىن.
— خاتىرجەم بولۇڭ، چوقۇم شۇنداق قىلىمەن.
ئۇلار مەھەللە دوقمۇشىدا خوشلاشتى. جالالىدىن ئاخۇن ئۆيىگە قاراپ ماڭدى، ئابدۇللا يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىنى كۆزلەپ كېتىۋېتىپ، كەۋسەر بىلەن سەدىردىن توغرۇلۇق خىيال سۈردى. مۆھتىرەمخان كۆز يۇمغاندىن بۇيان ئېغىر مۇسىبەتكە يەم بولۇپ يۈرۈۋاتقان ئابدۇللا سەدىردىن بىلەن ئوبدانراق مۇڭدىشالمىغانىدى. گەرچە سەدىردىننىڭ ھېلىقى تەگسىز ھاڭدىن باھارگۈلنىڭ پاكىتى بىلەن ئامان - ئېسەن قايتىپ چىققانلىقىنى بىلگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ كەۋسەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ھازىر قايسى دەرىجىدە كېتىۋاتقانلىقىنى تولۇق بىلمەيتتى. قىسقىسى، ئۇلار بۇ توغرۇلۇق تۈزۈكرەك مۇڭدىشىپ باقمىغانىدى، ئابدۇللا كېتىۋېتىپ: چوڭ بولغانسېرى بېشىمىزدا غەم كۆپىيىپ، ئۆز ھەلەكچىلىكىمىز بىزنى ئىلگىرىكىدەك جەم قىلالمايدىكەن ئەمەسمۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلىدى.
ئابدۇللا يېزىلىق ھۆكۈمەتكە يېتىپ كەلگەندە قورۇدا بىرقانچە دېھقان ئۆزئارا پاراڭ قىلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار ئون نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئارال كەنتىنىڭ دېھقانلىرى بولۇپ، يېزا مەسئۇللىرىنى ئىزدەپ كېلىشكەنىدى. ئابدۇللا دېھقانلارغا يېزا مەسئۇللىرىنىڭ بۈگۈن ئاچما كەنتىدە كېۋەز تېرىيدىغان يەرگە سولياۋ يوپۇق يېپىش نەق مەيدان يىغىنى ئاچقىلى كەتكەنلىكىنى ئېيتقان بولسىمۇ، دېھقانلار: يېزا مەسئۇللىرى كەلگۈچە مۇشۇ يەردە ساقلايمىز دېيىشتى. ئابدۇللا ئۇلارنىڭ قىلىشىۋاتقان پاراڭلىرىدىن كەنت مەسئۇللىرىنىڭ يېزىلىق كوپىراتىپ مەسئۇللىرى بىلەن

بىرلىشىپ، سولياۋ يوپۇق ۋە خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈۋالغانلىقنى، كەنت مەسئۇللىرىنىڭ ئۆتكەن يىللىق سۇ ھەققى پۇلىنى تۆلىيەلمىگەن دېھقانلارنىڭ كۆزگى بۇغدىيىغا سۇ بەرمىگەنلىكىنى ئۇقتى. شۇ ئەسنادا ئېگىز بويلۇق بىر دېھقان:
— ئابدۇللا كاتىپ، سىز دەپ بېقىڭە قېنى، ھۆكۈمەت رادىيودا دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇڭلار، ئۇلارنى يۆلەڭلار دەۋاتسا سېكرېتار بىلەن مۇدىر بىزنىڭ رىزقىمىزنى مۇشۇنداق شىلىپ يېگىلى تۇرسا قانداق بولغىنى؟ — دېۋىدى، ئۇنىڭ يېنىدىكى تەمبەل كەلگەن كىشى:
— يېزا مەسئۇللىرى نەق مەيدان يىغىنى ئېچىشتىن باشقىنى بىلمەمدا؟ ئىلگىدە ھۆكۈمەت بەرگەن ھوقۇق بولغاندىكىن، كەنتىمىزدىكى ناھەقچىلىكنى ئوڭشىسا بولمامدۇ؟ — دېدى زەردە بىلەن.
ئابدۇللا گەپ قىلالماي تۇرۇپلا قالدى. دېھقانلار ئۇنى قورشىۋېلىپ دادلىنىشقا باشلىدى:
— بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەرگە ھۆكۈمەت بەرگەن خىمىيەۋى ئوغۇتنى تويمىغۇرلار ئۆزلىرى بۆلۈشۈۋالسا بولامدۇ؟
— سۇ ھەققىنى تۆلىمىدىڭ دەپ كۆزگى بوغدايىنى سۇغىرىشقا تېگىشلىك سۇنى جاڭگالغا قويۇپ بەرسە قانداق بولغىنى! تەشكىلنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ جاڭگالچىلىك قەدرىمىز يوقما؟
— دولىمىز ئاز- تولا ئاپتاپ كۆرۈۋىدى، رىزقىمىزنى شۇلۇپ يەيدىغانلار ئېتىزدىكى قۇرتتەك يامراپ كەتتى دېسە!
— «خاننىڭ قورسىقى توق، قۇلى بىلەن كارى يوق» دېگەن مۇشۇ ئەمەسمۇ! يېزىدا ئەتىدىن كەچكىچە يىغىن ئاچتۇق دەپ قۇرۇق گەپ سېتىپ ئولتۇرۇشماي، كەنتلەرگە بېرىپ بىزنىڭ ھالىمىزنى سوراپ باقسا نېمە بولىدۇ!
— ھاي...... ھاي...... ئابدۇللا كاتىپنى تەڭلىككە

سالمايلى، تۇغقانلار! ياخشىسى يېزا مەسئۇللىرى كەلگەنــدە شۇلار بىلەن دېيىشەيلى!

— غوجىكام تــوغرا دېــدى، ئابــدۇللا كــاتىپمۇ بىــزگە ئوخشاش باشلىقنىڭ سىــزىقىدىن چىقالمايــدۇ، گېــزى كەلــسە ئۇلارنى خۇش قىلىپ دېھقانلارنى ئۇنداق بېيىتتۇق يەي، مۇنداق باي قىلدۇق يەي دەپ ناھىيەگە ماتېرىيال يوللاپ جان باقىدۇ شۇ......

— ئۇنــداقمۇ دەپ كەتمەيلــى، ئابــدۇللا كاتىپنىــڭ خېلــى جىگىرى بار جۇمۇ!

— خاپا بولما، ئۇكام، دېھقان دېگەننىڭ كۆڭلى مۇشۇنداق تۈز، ئاغزىغا كەلگەننى ئاياپ ئولتۇرماي دەۋېرىدۇ. تاتلىقلىق كەلــسە دېھقانــدىن ئىككــى ئېغىــز ياخــشى گېپىڭنــى ئايىمــساڭ، ئــۇلار خاپىلىقىنىڭ ھەممىسىنى بىر يولى ئۇنتۇپ، ئاللا يارەي ناخشىسىنى توۋلاپ بەخىرامان ھالدا ئۆز يولىغا كېتىۋېرىدۇ......

— سەنمۇ ئىــشقىلىپ، چــوڭ قازاننىــڭ ئەتراپىــدا ئايلىنىــپ يۈرگەندىكىن پىكرىمىزنى ئاڭلاپ قوي!

— ھېچ بولمىسا ئۆتكەنكىدەك ئاقتاش يېزىسىنىڭ دېھقانلىرى بــاي بولــۇپ كەتتــى دەپ نــاھىيەگە ماتېرىيــال يــوللاپ لابــادا ئاڭلىتارسەن!

— ھى- ھى - ھى......

— قــاراپ تــۇرۇپ شــۇنداق يالغــان ماتېرىيــالنىمۇ يوللامــدۇ بــۇ كاتىپ؟

— كانايــدا ئــاڭلاتتىغۇ، ســەن خوتۇنۇڭنىــڭ ئوچىقىغــا ئــوت قالاش بىلەن بولۇپ كېتىپ ئاڭلىماپسەن - ھە؟

ئابدۇللانىڭ قۇلىقى پاك بولاي دېدى، گەرچە ئۇ دېھقانلارنىــڭ بــۇ ســۆزلىرىگە ئىپــادە بىلــدۈرمەي ھېچنېمىــپلا تۇرغــان بولــسىمۇ، ئەتىدىن كەچكىچە ئېتىــزدا ئالدىراش يۈرىــدىغان بــۇ كىــشلەرنىڭ قورسىقىدا خېلى ئوبدان چوت سوقالايدىغانلىقىغا ھەيــران قالــدى،

ناھەقچىلىككە ئۇچرىغانلىقىنى، كېيىن دېھقانلارغا يېزا مەسئۇللىرىنىڭ كەچۈرۈم سورىتىپ قويۇشقا ئۇرۇنغانلىقىنى، شۇڭا بۇ يەردە كۆپ ئادەمنىڭ قايتىدىن تەكشۈرۈپ كۆرۈلۈشىنى، بولماي بۇ پەقەت يېزا مەسئۇللىرىغا قويماي، بىراق دېھقانلار ئاچچىقى كەلگەندە بىر يېزا مەسئۇللىرى بىلەن ئۆزىمىز كۆرۈشۈمىز دېيىشىپ كېتىپ قېلىشتى.

ئابدۇللا ئىشخانىغا كىرىپ خىيالغا پاتتى، دېھقانلارنىڭ بايا دېگەن گەپلىرى قۇلاق تۈۋىدە قايتا ياڭراپ كۆڭلىدىكى ئۇچقۇنۇشنى ئاۋۇتىۋەتتى. ئابدۇللانى ھەممىدىن بەكرەك ئويغا سالغىنى ئۇ نەچچە كۈن ئىلگىرى ناھىيەلىك رادىيو ئۆزىكىگە بەرگەن «ئاقتاش يېزىسىدىكى دېھقانلار ھاللاندى» ماۋزۇلۇق خەۋىرىگە بايا دېھقانلارنىڭ بەرگەن باھاسى ئىدى. گەرچە بۇ خەۋەرنى بارات نىيازنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە يازغان بولسىمۇ، دېھقانلارنىڭ بۇنچە تېز ئىنكاس قايتۇرۇشىنى ھەرگىزمۇ ئويلىمىغانىدى، بۇ ئىشنى ئويلىغانسېرى كۆڭلى بەكمۇ بىئارام بولغان ئابدۇللا ئەتىسىدىن باشلاپ ئۈچ كۈنگىچە بارات نىيازنى كۆتكەن بولسىمۇ، بىراق ئۇ تۈۋەندە قاتراپ يۈرۈپ، يېزا ئورگىنىدا قارىسىنى كۆرسەتمىدى.

بۈگۈن چۈشكە يېقىن بارات نىياز ئىشخانىسىغا پەيدا بولۇپ ئابدۇللانى چاقىردى:

ــ كىرە، ئابدۇللا، ئىشىكنى يېپىۋېتىپ ئولتۇرغىنە، ساڭا دەيدىغان مۇھىم گەپ بار.

ئۇنىڭ بۈگۈن كەيپى چاغ بولۇپ، ئابدۇللا ئورۇندۇقتا ئولتۇرغاندىن كېيىن، كۆك تاشلىق خاتىرىسىنى ۋاراقلىغىنىچە سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ ئابدۇللا، سىنى كاتىپلىققا قويۇپ بەلەن قىپتىمەن، سەن ھەر ھالدا ئەجرىمگە تۇشلۇق ئىش قىلدىڭ، سىنىڭ ھېلىقى

ناھىيەلىك رادىيو ئۇزېلىدا ئاڭلىتىلغان ماقالەڭنىڭ تەسىرى ياخشى بولدى، ھاكىم بىزنىڭ خىزمەتلىرىمىزنى ماختىدى، بۇ نەتىجەڭدىن شۇجىمۇ خۇش بولدى دېگىنە، مۇشۇ تەرزدە ئالغا باسساڭ ئۇزاق ئۆتمەي ئىشتات ئىشىڭمۇ ھەل بولىدۇ. ئەمدى ساڭا بىر قىسىم ئەھۋاللارنى دەپ بېرەي، خاتىرەڭگە يېزىۋېلىپ ئەتىدىن قالدۇرماي ماقالە قىلىپ يېزىپ گېزىتكە بەرگىن، يەنە......

— مەن بۇ ئىش توغرۇلۇق سىز بىلەن سۆزلىشەي دېگەنىدىم...... — ئابدۇللا بارات نىيازنىڭ گېپى ئۈزۈلگۈچە ئىنكاس قايتۇردى.

بارات نىياز بېشىنى كۆتۈرۈپ ئابدۇللانىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىچە ئىپادىگە قىزىقتى بولغاي دېدى:

— نېمە، سەنمۇ ئۇ ماقالە توغرىسىدا ياخشى ئىنكاسلارنى ئاڭلىغان ئوخشىمامسەن؟ ساڭا دېسەم، قارا، مەن ئىلگىرى باش چۆكۈرۈپ ئىشلەشنىلا بىلىپ، مۇنداق ئىشلارغا تازا كۆڭۈل بۆلمەي كەپتىمەن، ھازىر گۆش ئەمەس، دۈمبە پۇل بولىدىكەن ئەمەسمۇ، قېنى گەپ قىلە؟

— مەن ئۇ خەۋەر توغرىسىدا يامان ئىنكاس ئاڭلىدىم......

— نېمە؟ بۇ كىمنىڭ گېپى زادى؟ ئېھتىمال مېنىڭ ئورنۇمغا كۆز تىكىپ، قۇسۇر ئىزدەپ يۈرگەنلەرنىڭ گېپىغۇ ئۇ! ماقالەڭدە سەن مېنى «نامرات ئائىلىلەرگە باشلامچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى» دەپسەن، بۇنىڭ قەيىرى خاتا؟ يۇقىرىمۇ مۇشۇنداق قىلىشنى تەكىتلەۋاتىدىغۇ! مەنمۇ كۆنىدە دېگۈدەك ئاساسىي قاتلامدا يېتەكچىلىك خىزمىتىنى ئىشلەۋاتىمەنغۇ مانا!

— مەن دېھقانلارنىڭ ئىنكاسىنى ئاڭلىدىم، سىزگە بەزى بىر گەپلەرنى ئېيتاي دېگەنىدىم، بۈگۈن پۇرسەت بولغان چېغى، بىر قىسىم كەنتنىڭ مەسئۇللىرى دېھقانلارنىڭ يۈكىنى بەكمۇ

ئاشۇرۇۋېتىپتۇ، سىز ئۆتكەنكى يىغىندا دېھقانلارنىڭ زىممىسىدىكى كونا قەرزلەرنى بىر ئاي ئىچىدە تەلتۆكۈس يىغىۋېلىش توغرىسىدا سۆزلىگەندە، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەرگە مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىشنى تاپىلىغانىدىڭىز، بىراق تۆۋەندە بۇنداق ئائىلىلەرنىڭ نىسبىتى كۆپ بولغاچقا كەنت مەسئۇللىرى ئامالسىز قېلىپ ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەپتۇ، ئەڭ ئېغىر بولغىنى، بۇ يىلقى سولياۋ يوپۇق بىلەن خىمىيەۋى ئوغۇتنى كەنتلەر كوپېراتىپتىن توپ سېتىۋېلىپ، دېھقانلارغا يۇقىرى باھادا سېتىپ ئارىدىن نەپ ئاپتۇ. بۇنداق قىلسا دېھقانلارنىڭ يۈكى ئېغىرلاپ كەتمەمدۇ؟ بۇنىڭ بىلەن ھېلىقىدەك خەۋەرلەرگە دېھقانلاردا باشقىچە قاراش پەيدا بولىدۇ.

— بۇ گەپلەرنى كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟ ئارال كەنتىنىڭ دېھقانلىرى بىلەن كۆرۈشۈپسەن - ھە؟ ئۇكام، بۇ ئايرىم ئەھۋال، سەن - بىز چوڭ ۋەزىيەتنى نەزەرگە ئالمىساق بولمايدۇ! ئۇلار بىلەن مەنمۇ كۆرۈشۈپ، ئەھۋالنى تەپسىلىي ئىگىلەپ باقتىم،قارىغاندا تۆۋەندە بىر قىسىم مەسىلىلەر بار ئىكەن، ئەتىلىككە كەنت مەسئۇللىرىنى يىغىپ مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق يىغىن ئاچىمىز،چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەرنى تەنقىدلەپ ئىشنى ئۆز ئىزىغا سالىمىز.

— ئىشقىلىپ، دېھقانلار بۇ ئىشلاردىن نارازى ئىكەن، يەنە ئۇلار.......

— توختا، گېپىمنى ئاڭلا، كەنتتە قالدۇق پۇل بولمىغاچقا بەزىلەر مۇشۇنداق قارامىلىق قىلغان گەپ! كوللېكتىپنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرىمىز دەپ يەنە دېھقانلارنىڭ يۈكىنى ئاشۇرۇۋەتسەك كېيىن چاتاقنىڭ چوڭى چىقىدۇ. بۇ ھەقتە مېنىڭ ئويلىغانلىرىم بار. ئەتىكى يىغىندا ھەممىنى ھەل قىلىۋېتىمەن. سەن ئۇ ئىشلارنى كۆپ ئويلىماي، مەن تاپشۇرغان ئىشنى جايىدا

قىل، ماخما؟

ئابدۇللا جىمىپ قالدى. بارات نىياز ئەسلىدىكى مەقسەتكە كۆچۈپ دېدى:

— ئەمدى ساڭا دەيدىغان مۇھىم گېپىم بار، مۇشۇ كۈنلەردە زۇلەيخانىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالدى. ياخشىلانمايدىغاندەك تۇرىدۇ، دائىم كەۋسەرنىڭ گېپىنى قىلىدۇ، كۆزۈمنىڭ ئوچۇقلۇقىدا تويىنى قىلىۋالسام دەيدۇ شۇ. ئەسلىدىغۇ ئۇ ئىشلارنى ھازىر ئويلىماي، كېيىنچە ئويلاشساقمۇ بولاتتى، بىراق ئۇنىڭغىچە زۇلەيخانىڭ ئەھۋالى يار بەرمەيدىغاندەك تۇرىدۇ، پۇتىدا بىرئاز ئىششىق پەيدا بولۇپ قالدى، بۇ ياخشىلىقتىن بېشارەت ئەمەس، ساڭا دېسەم سەدىردىنىڭمۇ بېشىدىكى خاپىلىق ھەر ھالدا تۈگىدى. ئەمدى ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتەيلى، مەن كەۋسەر بىلەن سەدىردىنىڭ ھازىرقى مۇناسىۋىتىنى تازا ئاڭقىرالمىدىم، ئىككىسى زىيالىي يەنە كېلىپ بىر يۇرت، بىر مەھەللىلىك بولغاندىكىن بىر ئۆيدە بولۇپ قالسا ياخشى بولاتتى، سەن بۇ ئىشقا قانداق قارايسەن، كۆڭلۈڭدىكىنى دەپ باقە؟

— ياخشى ئويلاپسىز، ئەمەلىيەتتىمۇ كەۋسەر بىلەن سەدىردىنىڭ رىزقى كىچىك ۋاقتىمىزدىن باشلاپ بىر - بىرىگە باغلانغان. ئۆتكەندە جالالىدىن ئاكام بىلەن بۇ ھەقتە ئازراق پاراڭلاشقانىدىم، ئۇنىڭ خىيالىمۇ سىزنىڭ خىيالىڭىز بىلەن ئوخشاش ئىكەن، مۇشۇنداق بولۇشىنى ھەممىمىز كۈتىمىز.

— بۇنى بىلىمەن، دېمەكچى بولغىنىم كەۋسەر بىلەن سەدىردىن بۇ ئىشقا قانداق قارايدىكەن، سەن بەلكىم بۇ ھەقتە ئۇلار بىلەن مۇڭدىشىپ باققانسەن؟

— مەن سەدىردىن بىلەن خېلى ئىلگىرىلا بۇ ھەقتە پاراڭلاشقانىدىم، ئۇمۇ سىز - بىزدەك ئويلايدۇ.

— كەۋسەرچۇ؟

— كەۋسەرمۇ...... ئۇمۇ بەلكىم شۇنداق ئويلىشى مۇمكىن......

— ئېنىقراق گەپ قىلغىنە؟

— مەن تازا بىلىپ كەتمەيدىكەنمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىندىن بېرى ئۇلار بىلەن كۆرۈشەلمىدىم.

— گەپ مانا مۇشۇ يەردە، مەن بىلىمەن، سەدىردىن بۇ ئىشقا بەك كۆپ ئەجىر قىلدى، ھېلىقى ئۆرۈمچىلىك بالا بىلەن بولغان ئىشلاردا سەدىردىن جىق ئېغىر بولدى. ئۇنىڭ مۇشۇ مىجەزىگە بەكمۇ مەستلىكىم كېلىدۇ، ئۇنداق بولسا بۇ ئىش ساڭا بىر ھەپتىلىك ۋەزىپە بولسۇن، ناھىيەگە بارساڭمۇ بار، كەۋسەر ۋە سەدىردىن بىلەن ئايرىم - ئايرىم كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئىگىلەپ كەل، بىز شۇنىڭغا قاراپ ئىش كۆرەيلى. كەۋسەرگە ئانىسىنىڭ ئەھۋالىنى ھەمدە بىزنىڭ ئارزۇيىمىزنى ئوچۇق دېگىن، بۇ ئىشلارنى ئۆز ئىزىغا سېلىۋالغاندىن كېيىن سىڭىلىڭ بېشىڭنى ئوگشاشقا تۇتۇش قىلايلى.

— ماقۇل.

ئابدۇللا بارات نىيازنىڭ ئىشخانىسىدىن قايتىپ چىقىۋېتىپ بىردىنلا خەلچەمنى خىيال قىلىپ قالدى، دېمىسىمۇ خەلچەمنى كۆرمىگىنىگە خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغانىدى، خەلچەممۇ خېلىدىن بۇيان بازار- رەستىلەردىمۇ كۆرۈنمىدى. ئابدۇللا سارەمدىن ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىلگىرىكىدىن بەك ئېھتىياتچان بولۇپ كەتكەنلىكى ئېنىق ئىدى. ئابدۇللا ئانىسىنىڭ قىرىق نەزىرىگە خەلچەمنىڭ كەلمىگەنلىكىگە قاراپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى بېسىمنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى سەزگەنىدى. شۇنداقتىمۇ قادىر ئاخۇن ئابدۇللاغا كۆڭۈل قويۇپ، خەلچەمنىڭ ساقسىز بولۇپ قېلىپ نەزىرگە كېلەلمىگەنلىكىگە ئۆزرە ئېيتقانىدى. بۇگۈنكىگە ئوخشاش كىمدۇر بىرسى ئۇنىڭغا «بېشىڭنى ئوگشاپ

قويساق بولاتتى» دېسلا، كۆڭلىنىڭ چېكى يېرىدە خەلچەمنى ئويلايتتى، ئويلىغانسېرى كۆز ئالدىنى قويۇق تۇمان توسۇۋالاتتى. بۇگۇنمۇ شۇنداق بولدى، شۇ تاپتا ئۇ بارات نىيازنىڭ تاپشۇرۇقى ئۇستىدە باش قاتۇرۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، خەلچەم كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، كاللىسىنى تىنچ قويمىدى. ئاخىر ئۇ دادىسىنى يوقلاپ كېلىش ئۇچۇن ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە يول ئالدى.

بارات نىيازنىڭ كەۋسەر بىلەن سەدىردىنىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ئابدۇللادىن سورىغانلىرىنىڭ ئەلۋەتتە ئاساسى بار ئىدى. ئۇ زۇلەيخانى ئۇرۇمچىدە داۋالىتىۋاتقان ۋاقىتتىن باشلاپ ھازىرغىچە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆڭۈل بىرلىكىنىڭ بار- يوقلۇقىدىن گۇمانلىنىپ يۈرەتتى. پەقەت بۇ قېتىم كەۋسەر بىلەن سەدىردىنىنىڭ ئۇرۇمچىدىن خۇشال - خۇرام قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولغاندەك قىلاتتى، ئۇنىڭچە كەۋسەر بىلەن سەدىردىن ئۇرۇمچىدە ئېغىر سىناقلاردىن ئۆتكەن ئىدى، شۇڭا بارات نىياز زۇلەيخان بىلەن ئۇ ئىككىسىنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويۇشقا نىيەت قىلغانىدى، ئەپسۇس، رېئاللىق بۇ خام خىيالنىڭ ئەكسىچە بولۇۋاتاتتى، ئېنىقراق ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى كەۋسەر مۇزدەك قېتىپ تۇرىدىغان، سەدىردىن ئىنتىزارلىق ئىچىدە ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئەگىيدىغان كۆڭۈلسىز ھالەتتە داۋام قىلىۋاتاتتى، بۇ ئىش ئۇنىڭدىن كۆرە كېسەل ئازابى تارتىپ ياتقان زۇلەيخانى بەكرەك بىئارام قىلىۋاتقىنى ئېنىق ئىدى. بىچارىنىڭ «كۆزۈم يۇمۇلغۇچە كەۋسەرنىڭ تويىنى قىلىۋالسام بولاتتى» دەپ سەدىردىننى تىلغا ئېلىشىدىن بۇ ئىشقا نەقەدەر تەقەززا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. بىراق، كەۋسەرنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن قارىغاندا ھازىرغىچە تەلئەتكە ئەقىدە باغلاپ، ئۆز- ئۆزىنى ئالداپ كېلىۋاتاتتى.

بىر كۇنى زۇلەيخان مۇشۇ ھەقتە گەپ ئاچقاندا كەۋسەر

تېرىككىنچە گەپىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىمايلا سىرتقا چىقىپ كەتتى، بۇ ئىشتىن دىلى قاتتىق رەنجىگەن زۇلەيخان دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ كۆز يېشى قىلدى. كەچلىكى بارات نىيازغا ئويلىغانلىرىنى ئېيتقاندى، بارات نىياز «بۇ ئىشنى روياپقا چىقىرىشنى ئابدۇللاغا تاپشۇرايلى» دەپ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ قويدى، ئەسلىدە مۇشۇنداق قىلىشنى زۇلەيخانمۇ ئويلىغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابدۇللا كەنجىلەرنىڭ ئارىسىدا ئۆزىگە يارىشا ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نەسىھەتىگە قۇلاق سالمىغانلار كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ ئابدۇللانىڭ گېپىنى ئاڭلايتتى، ئۇنىڭسىزمۇ بارات نىياز بىلەن زۇلەيخانىنىڭ ئۇ ئىككىسى بىلەن بۇ ھەقتە پاراڭلىشىشمۇ ھەقسەقەتەن قولايسىز ئىدى، دېمەك ئابدۇللالا بۇ ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك ماسلاشتۇرالايتتى.

بارات نىياز بىلەن زۇلەيخانىنىڭ كۈتكىنىدەك ئابدۇللا بۇ يولدا كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. بارات نىياز بىر ھەپتە مۆھلەت بەرگەندىن كېيىن دەسلەپتە سەدىردىن بىلەن كۆرۈشتى. سەدىردىن باشتا راست گەپنى دېگىلى ئۇنىمىغان بولسىمۇ، كېيىنكى قېتىملىق پاراڭدا ئۆزىنىڭ مۇھەببەت تەلپىنى كەۋسەرنىڭ ھازىرغىچە رەت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى، شۇنداقتىمۇ كەۋسەرنى قايىل قىلىش ئۈچۈن ئاخىرغىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندە ئابدۇللا ئۇنىڭغا مەدەت بەردى، كەۋسەر مەكتىپىدە ئالدىراش بولۇپ ئاقتاشقا كېلەلمىگەچكە، ئابدۇللا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن ناھىيەگە باردى. ئىككىسى كەۋسەرنىڭ ياتىقىدا ئۇزاق مۇڭداشقان بولسىمۇ، كەۋسەر ھەدېگەندە خەلچەمنى مىسال ئېلىپ، مۇھەببەت ئاساسى يوق نىكاھنىڭ ھامان مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى ئەتراپلىق چۈشەندۈردى، ئاخىرىدا:

— سەنمۇ ئۆز تۇرمۇشۇڭنى ئويلاپ باق، مېنىڭ بىلىشىمچە

سارەم بىلەن ئىككىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇھەببەت يوق ئىدى. ئاخىرىدا ئايرىلىپ كەتتىڭلارغۇ! مۇشۇ ئاچچىق ساۋاقمۇ بىزگە يەتمەمدۇ؟ ئەسلىدە سەن دادامنىڭ قاتمال قارىشىغا قوشۇلماي، ئارىمىزدىكى مۇناسىۋەتنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈشۈڭ كېرەك ئىدى!— دېدى.

— سەدىردىن بىلەن ئۆزۈڭنى مەن بىلەن خەلچەمگە ئوخشاتساڭ بولمايدۇ، ئۇ ئايرىم ئەھۋال......

ئابدۇللانىڭ بۇ گېپى كەۋسەرنى تېخىمۇ تېرىكتۈردى.

— بۇ گېپىڭ پەقەتلا قاملاشمىدى، ئابدۇللا، بىلسەڭ بىز ھەممىمىز ئوخشاش. كۆرۈۋاتىسەن، بېشىمىزدىن ئىسسىق - سوغۇق قانچە ئۆتكەنسېرى دوستلۇقنىڭ قىممىتىنى شۇنچە چۈشىنىۋاتىمىز، نىكاھ مەسىلىسىنى دوستلۇققا چېتىۋالساق، ئاخىرىدا دوستلۇقىمىزغا دەز كېتىپ قالسا قانداق بولىدۇ؟ ئەمدى ئىككىنچىلەپ بۇ ھەقتە گەپ قىلما، ئۆتۈنۈپ قالاي، بەكمۇ قورۇنۇپ كېتىدىكەنمەن، بولامدۇ؟

— ساڭا بۇ گەپلەرنى مەن دېمىسەم ئۇنداقتا كىم دەيدۇ؟

— جېنىم ئابدۇللا، سەن مېنى قاچانمۇ چۈشىنەرسەن.......

— ھەممىنى چۈشىنىپ تۇرۇۋاتىمەن، رەنجىسەڭمۇ مەيلى، كۆڭلۈمدىكىنى دەۋېرەي، سەن ئوقۇشقا بارغاندىن بېرى كۆپ ئۆزگىرىپ كېتىپسەن، سەدىردىننى چۈشىنىش جەھەتتە سەندە قىلچە ئۆزگىرىش بولماپتۇ، سېنىڭ يەنىلا رېئاللىققا قايتىپ كەلگىنىڭ ياخشى ئىدى، كەۋسەر......

— بەلكىم سەدىردىن ساڭا باھارگۈل ئىسمىلىك ساۋاقدىشى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەندۇ، ئەسلىدە سەدىردىن باھارگۈلنىڭ مۇھەببىتىنى قەدىرلىسە بولاتتى، مەن ھازىر باھاگۈلنى كۆپ خىيال قىلىدىغان بولۇپ قالدىم.

— سەن رېئاللىققا تېزرەك يۈزلەنسەڭ بولاتتى، كەۋسەر!

— مەن ئەتىدىن بىرى ساڭا رېئال گەپلەرنى قىلىۋاتىمەن، ئابدۇللا! ......

ئابدۇللا كەۋسەر بىلەن تولىمۇ مەيۇس هالدا خوشلاشتى، ئەتىسى ئەھۋالنى بارات نىيازغا دېگەنىدى، ئۇ بىرھازا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— سەدىردىنگە ئۇبدانىراق تاپىلاپ قوي، ئۇ سەۋرچان بولسۇن، بۇ قاتماللىق هامان ئۆگىشىلىدۇ، — دېدى ئىشەنچ بىلەن.

ئابدۇللا ئۇنىڭ سۆزىدىن مەمنۇن بولغان بولسىمۇ يەنىلا ئاخىرقى نەتىجىدىن گۇمانلىنىپ قالدى.

بۈگۈن كەۋسەر ئانىسىنى يوقلاپ ئاقتاشقا كەلگەنىدى،گەرچە ئۇ بارات نىياز بىلەن زۇلەيخانىڭ ئازۇسىنى ئابدۇللادىن تەپسىلىي ئاڭلىغان بولسىمۇ كۆڭلىدە ئازراقمۇ بۇرۇلۇش بولمىدى، ئۇ ئۆيگە كىرىپ ئانىسىنىڭ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە شۇنچە ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ كۆڭلى پەرىشان بولدى. يوتقاننى يېرىم ئېچىپ زۇلەيخانىڭ پۈتىنى تۇتۇۋاتقاندا بولسا كۆز چاناقلىرىغا ياش تولۇپ، ئۆزىنى ئۇن سېلىپ يىغلىۋېتىشتىن ناھايىتى تەستە تۇتۇۋالدى. چۈنكى، زۇلەيخانىڭ پۇتى ئىششىپ كەتكەن بولۇپ، نەپەس ئېلىشىمۇ قىيىنلىشىپ قالغانىدى. ئۇ دېرىزە تەكچىسىدىكى ئوكۇل بوتۇلكىلىرىنى كۆرۈپ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئانىسىغا خېلى كۆپ ئوكۇل ئېسىلغانلىقىنى بىلدى. كەچ كىرىپ ئەلياتقۇ بولغۇچە ئانىسىنىڭ يېنىدىن نېرى بارماي، پۇت - قوللىرىنى تۇتتى، باشقىلار ئۇيقۇغا كەتكەندە زۇلەيخان بېشىنى كۆتۈرۈپ، ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ كەۋسەرگە مېھرىبانلىق بىلەن قارىغىنىچە دېدى:

— قىزىم، كۆپ ۋاقتىم قالمىدى، خۇدايىمنىڭ قۇدرىتى بەكلا ئۇلۇغ ئىكەن، ئۇرۇمچىدىكى دوختۇرلار مېنى داۋالىغاندا ئۇزاق ئۆمۈر كۆرەلمەيدۇ دېيىشكەنىكەن، رىزقى ئەجەل غايىبتىن دەپ كونىلار

ناھايىتى توغرا ئېيتقان، شۇ كۆنلەردە خۇدادىن قىزىم يېنىمغا ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلگۈچە ئۆمۈر بەرگىن دەپ تىلىگەنىدىم. خۇداغا مىڭ مەرتەم شۈكرى، تىلىكىم ئىجابەت بولغان چېغى، ھازىرغىچە ھايات تۇرۇپتىمەن، بىراقـزە، ئەمدى خۇدادىن تىلەيدىغان بىرلا ئارزۇيۇم قالدى، يەنى كۆزۈمنىڭ ئوچۇقلۇقىدا سېنى ياتلىق قىلىۋالسام دەيمەن......

ـــ ئانا...... بولدى گەپ قىلماڭ، مەقسىتىڭىزنى چۈشەنـ ـدىم، ـــ كەۋسەر شۇنداق دېگىنىچە نازۇك بارماقلىرى بىلەن يېشىنى سۈرتتى.

ـــ توختا، قىزىم، بۈگۈن ھەممە گېپىمنى دېۋالاي، ئەتە قانداق بولىدۇ بىلمەيمەن، مەھەللىمىزدە سۇلايمان ئاخۇن بىلەن مەنلا ئۇزاق كېسەل تارتتۇق. كۆپ كېسەل تارتقان ئادەمنىڭ تىلىكى ئاللانىڭ دەرگاھىغا تېز يېتىپ بارىدۇ دەيدىغان گەپ بار، تىلىكىمنى ساڭا دېۋالاي......

ـــ ماقۇل، ئانا...... ماقۇل......

ـــ ئۈرۈمچىدە سەن ھېلىقى تەلئەت دېگەن بالىنىڭ گېپىنى قىلغان چېغىڭدا مەن كۆڭلۈڭگە ئازار بەرمەي دەپ باشقا گەپ قىلمىغانىدىم. كېيىن بېشىڭدىن شۇنچە ئېغىر كۈنلەر ئۆتتى، سەدىردىنمۇ خاپىلىقنى ئاز تارتمىدى، سىلەر كەنجىلەر كىچىك ۋاقتىڭلاردىن باشلاپ مۇشۇ مەھەللىدە يېتىلىشىپ يۇرۇپ چوڭ بولدۇڭلار، باشقا بالىلارغا قاراپ باقە، ئۇلار شۇنچە ئېغىر كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىدۇ، داداڭ خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، بىزنىڭ بىر پېشىمىز ئېتىزدىن چىقماي كەلدى، ئەسلىمىزنى ئۇنتۇپ قالساق خۇدامۇ راۋا كۆرمەيدۇ، بىز سېنى سەدىردىن بىلەن چېتىپ قويايلى دەپ ئۇزاقتىن بېرى ئويلاپ كەلگەن......

ـــ جېنىم ئانا......

ـــ گېپىمنى يىرما، قىزىم، كېيىن بولسىمۇ، ھازىر بولسىمۇ

هامان ياتلىق بولىدىغان گەپ، قىزىم. ئەسلىدە بۇ ئىشلارنى كېيىنچە ئويلاشساقمۇ بولاتتى. مەن ئۇنىڭغىچە كۆتۈپ بولالمايدىغاندەك تۇرىمەن، مەن......مەن.......كۆتۈلمىگەنىدە بېشىڭغا يەنە شۇنداق ئېغىر كۈننىڭ كېلىپ قېلىشىدىن بەكمۇ قورقىمەن، قىزىم، سەندىن مىڭ مەرتىۋە رازى بولاي، ساڭا دۇئا قىلاي، جېنىم قىزىم، مەندەك ئاجىز ئاناڭنىڭ تىلىكىنى يەردە قويما! سېنى سەدىردىڭگە چېتىپ قويسام خاتىرجەم كۆزۈم يۇمۇلىدۇ. داداڭمۇ سەندىن رازى بولىدۇ، كېيىنكى كۈنلەردە ئاقتاشتا بولساڭلار تۇپراق بېشىمنى يوقلاپ تۇرالايسىلەر......

ئاپپاق قىزىم...... — ئانا - بالا ئىككىسىنىڭ يىغىسى بارغانسېرى ئەدىدى، ھەر ئىككى قەلبتە ئالەمچە مېھىر، ئالەمچە ھەسرەت مەۋج ئۇراتتى.

— ئانا، ئەمدى گەپ قىلماڭ...... مېنى...... مېنى......

تەڭلىكتە قويماڭ...... سىزدىن ئۆتۈنەي، ئانا......

— جېنىم قىزىم، باياتىن مەن سەندىن ئۆتۈندۈم، مېنىڭ بۇ دۇنيادا سېنىڭ غېمىڭدىن باشقا ھېچقانداق غېمىم قالمىدى! مەنمۇ خۇدانىڭ دەرگاھىغا كۆزۈمنى خاتىرجەم يۇمۇپ كېتەي...... مېنى تىلىكىمگە يەتكۈزگىن، قىزىم! — زۆلەيخانىڭ يىغىسى بارا- بارا ئاجىز يۈرىكىنى ھالسىرىتىپ دېمىنى سىقتى بولغاي، ئاۋازى تۇرۇپلا پەسلەپ كەتتى.

— ئانا...... جېنىم ئانا...... بولدى ئەمدى گەپ قىلماڭ...... مەن...... مەن گېپىڭىزنى ئاڭلاي، ئانا!.

— يۈرەك پارەم قىزىم!......

*　*　*

غازلىقتىكى ئۆرۈكلەر چېچەكلەپ، ئەتراپ ئاق يىپەكتىن تون

كـــيگەن خاســـيەتلىك كۈنلەرنـــىڭ بىرىـــدە مەھەللىـــدىكىلەر سـەدىردىن بىــلەن كەۋسـەرنىڭ ئۆگۈنلـۈككە ئۆتكۈزۈلىـدىغان توينىڭ باغىقىنى تاپشۇرۇۋېلىشتى. ئابدۇللا ئۆزىگە تەقسىملەنگەن باغاقلارنى بۇگۈن چۈشكە يېقىن تارقىتىپ بولۇپ، بارات نىيازنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئانايەت كۇدەك بىلەن كۆرۈشۈپ ناغرا، سۇناي، دۇتار، تەمبۇر چالىدىغانلارنى ئالدىن سۆزلىشىپ تەخ قىلىپ قويۇشنى تاپىلىدى، ئاندىن سەدىردىنىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپ، يېرىم يولغا كەلگەندە باش تەرەپتىن سومكا، چامادان كۆتۈرۈشۈپ كېلىۋاتقان ئىككى يىگىتنى كۆرۈپ ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى. يىگىتلەر كەتمەن، تاغار، تارماق كۆتۈرۈشۈۋالغان بىرنەچچە ئەر ـ ئايال بىلەن پاراڭلىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئابدۇللا: نىياز بىلەن راشىدىن قايتىپ كەلدىمۇ ـ نېمە، دېگەنلەرنى ئويلاپ جىددىيلەشتى. شۇ ئەسنادا يىگىتلەرنىڭ بىرى ئۈنلۈك ئاۋازدا:

— ئابدۇللا! سەن ئابدۇللامۇ؟...... — دېگەنىدى، ئابدۇللا بىردەم مەگدەپ تۇرغاندىن كېيىن:

— نىياز! — دېگىنىچە ئۇلارغا قاراپ ئېتىلدى.

دەرۋەقە نىياز بىلەن راشىدىن قايتىپ كەلگەنىدى. ئابدۇللا نىيازنىڭ ئاۋازىدىنلا ئۇنى تونۇۋالغان بولسىمۇ، يېنىدىكى ئۆزىگە قاراپ تۇرغان راشىدىننى دەماللىققا تونۇيالمىدى، دېمىسىمۇ راشىدىن سەمرىپ قورساق سالغان بولۇپ، بوي ـ بەستى بەئەينى قاپاق تېرەك غولىدەك كېلەڭسىز يوغىناپ كەتكەنىدى، ئاۋازىمۇ غاراڭ ـ غۇرۇڭ چىقىۋاتاتتى. يۈز ـ كۆزلىرىدە بىرنەچچە تارتۇق بار ئىدى.

ئابدۇللا بىلەن نىياز قۇچاقلىشىپ شۇنچە قىزغىن كۆرۈشتى، راشىدىن بولسا نېمىشقىدۇر ياتسىراپ قالغاندەك بىر چەتتە قاراپ تۇراتتى، ئابدۇللا ھەيرانلىق ئىلكىدە سورىدى:

— سەن...... سەن راست راشىدىنما؟

ئابدۇللا ئۇنىڭ قولىنى سىققاندا، ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاشلا كۆزىدە ياش لىغىرلاپ قالغانىدى، ئەتراپقا توپلانغانلارمۇ ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ قارايتتى، شۇ چاغدا كىمدۇر بىرسى:

— توۋا خۇدايىم، بۇ يىگىتنى هوشۇر ئاخۇنىڭ ئوغلى راشىدىن دېسەڭلار هەيران قاپتىمەن ئەجەپ چوڭ بوپ كېتىپتىغۇ ئۇ!— دېگەنىدى، ياندا تۇرغان يەنە بىرسى ئۇنىڭغا جاۋابەن:

— راهەت كۆرگەن گەپ، راهەت! راهەت دېگەن كىمنى ئۆستۈرمەيدۇ دەيسىلەر! زاغرا غاجاپ جاپا تارتقانلار مانا بىزدەك ئىنجىمارۇق بولىدۇ، — دېدى ھىجىيىپ.

ئاندىن بىرسى نىيازغا قاراپ:

— ماۋۇ ئەخمەتكامنىڭ نىيازغا قاراڭلار، بوينىدىن بىركىم سوزۇپ قويغاندەكلا بوي تارتىپ كېتىپتۇ، مەھەللىدىكى ۋاقىتتا قورسىقى نانغا تويمىغان چېغى، سىرتتا ئۆزى خالاپ يەپ، قورساق ساپتۇ مانا.......— دېدى ئەجەبلەنگەن هالدا.

ئارىدا ئابدۇللا بىلەن راشىدىن بىر- بىرىنى قۇچاقلاپ هاياجانغا چۆمۈلۈشتى، راشىدىن ئابدۇللاغا بالدۇرقىدىنمۇ بەك كەمسۆزلىشىپ قالغاندەك تەسىر بەردى.

نىياز بىلەن راشىدىننىڭ قايتىپ كەلگەنلىكى چاقماق تېزلىكىدە ئەتراپقا پۇر كەتتى، ئەخمەتكامنىڭ ئۆيى قولۇم - قوشنا، ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن توشۇپ خۇددى سەددىردىن قايتىپ كەلگەندە جالالىدىن ئاخۇننىڭ ئۆيى قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەندەكلا قىزغىن كەيپىياتقا چۆمدى. دەسلەپتە ئۇ ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئاتا - ئانىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن يىغا - زار قىلىشىپ كۆرۈشۈپ، هال - مۇڭ بولۇشتى. هوشۇر موزدۇزنىڭ ئۆيىگە ئىسەنگىرەش ئىچىدە كىرىپ كەلگەن بارات نىياز راشىدىنغا كۆز ئۈزمەي قاراپ ئولتۇرغان قادىر ئاخۇنغا:

— سىز بىرىپ ئەخمەتكامنى بالىچاقىلىرى بىلەن قوشۇپ چاقىرىپ كېلىڭ، بۈگۈن ھوشۇر ئاخۇننىڭ ئۆيىگە جەم بولايلى، — دېدى.

قادىر ئاخۇن ئەخمەتكامنىڭ ئۆيىگە كېتىپ بىردەمدىن كېيىن بىر يىگىت ئۇچۇر ئېلىپ كەلدى، ئۇ ئەخمەتكامنىڭ «ھوشۇر ئاخۇن ئۆيىدىكى ھەممە مېھمانلارنى باشلاپ بىزنىڭكىگە كەلسۇن، قوي سويۇپ تەييار قىلدىم. بۈگۈن نىيازنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن چوڭ نەزىر بېرىمەن» دېگەنلىكىنى بارات نىيازغا يەتكۈزدى. شادلىقنى ئىچىگە سىغدۇرالماي ئولتۇرغان ھوشۇر موزدۇز ئېيتتى:

— ئەخمەتكام قوي سويغان بولسا، مانا مەن توپاق سويىمەن! بۇ كۈننى كۈتكىنىمگە ئۇزاق بولدى!

ئاردا بىردەم تالاش - تارتىش بولدى، ئاخىرىدا بارات نىياز :

— بۈگۈن كەنجىلەر جەم بولغان خاسىيەتلىك كۈن بولدى، ئارىمىزدا ھەرگىز كۆڭۈل ئاغرىقى بولۇپ قالمىسۇن، مېنىڭچە ئەخمەتكام ياشتا ھەممىمىزدىن چوڭ بولغاندىكىن ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى قىلايلى، مەن تېخى نىيازنى كۆرمىدىم، قېنى، مەن بىلەن مېڭىڭلار، ھەممىمىز ئەخمەتكامنىڭ ئۆيىگە بارايلى، — دەپلا ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭغانىدى، باشقىلارمۇ دەررۇ ئەگەشتى.

ئۇلار ئەخمەت بوۋاينىڭ ئۆيىگە كەلگەندە قادىر ئاخۇن سوپى ئاخۇن بىلەن ھويلىدا قوي سويۇۋاتاتتى، ئەخمەت بوۋاينىڭ سالامەتلىكى بۈگۈن ئانچە ياخشى بولمىسىمۇ شادلىقنى ئىچىگە سىغدۇرالماي قالغانىدى، بارات نىياز ئەخمەت بوۋاي بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن بىردىنلا ئويلىنىپ قالدى، ئەسلىدە خىيالىدىن بۇ كۆڭۈللۈك جەم بولۇشتا خەلچەم بىلەن كەۋسەرنىڭ يوقلۇقى كەچكەنىدى، ئۇ ھويلىغا چىقىپ شوپۇرنى يانىغا تارتىپ:

— ئۇكام، بۈگۈن خاسىيەتلىك ئىش بولدى، سەن ھازىرلا يېكاپ بىلەن ئاچىما كەنتىگە بېرىپ خەلچەمنى ھەم بىزنىڭ كەۋسەرنى چاقىرىپ كەلگىن، دوستلىرى بىلەن كۆرۈشسۇن، ھەر راست، خەلچەم ئۆگۈنلۈككە كەۋسەرگە ھەمراھ بولمىسا بولمايدۇ، شۇڭا رازاقتا يېزا باشلىقى مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇردى دېگىن، چاپسان بار! — دېدى.

شوپۇر ھويلىدىن ئالدىراش ھالدا چىقىپ نېمىشقىدۇر بېشىنى قاشلىدى.

— نېمە بولدۇڭ، بېشىڭنى قاشلايسەنغۇ؟

— ھېلىقى مادىيابەگ دېگەن ساراڭ......

— ھاي ئۇكام! ئۇنىڭدىن قورقمىغىنە ماخما! يېنىدا دادىسى ئىمامبەگ تۇرسا، ئۇ سېنى نېمە قىلالايتتى!

شوپۇر كەتكەندىن كېيىن بارات نىياز ئۆيگە قايتىپ كىردى، بۇ ئىشتا ئۇنىڭمۇ ئويلىغىنى بار ئىدى. بىرنەچچە كۈندىن بېرى كەۋسەر توينىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا جىمغۇرلىشىپ ھېچكىمگە ئۇچۇق چىراي ئاچماي كېلىۋاتاتتى، مۇشۇنداق مۇھىم ۋاقىتتا نىياز بىلەن راشىدىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكى ئالدىراپ ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان بۇ توينىڭ يارىشىقى ھېسابلىناتتى. بارات نىياز كۆڭلىدە كەۋسەر دوستلىرىنى كۆرسە خۇش بولىدۇ، روھى كۆتۈرۈلىدۇ دەپ ئويلايتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇلار جەم بولدى. دېگەندەك بارات نىيازنىڭ ئويى توغرا بولۇپ چىقتى. كەۋسەر دوستلىرىنى كۆرۈپ ئېچىلىپلا كەتتى، ئۇلار قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەندە، بارات نىياز بىلەن جالالىدىن ئاخۇن ئەخمەت بوۋاينىڭ تەكلىپىگە ئۆزرە ئېيتىپ قايتىپ كېتىشتى، كېيىن ئەخمەت بوۋاي يول تەرمىچى، ئادراسمان، كېپەك يەنە ئاللىقانداق نەرسىلەرنى جەم قىلىپ ئاليومىن داسقا سېلىپ ئوت ياقتى - دە، ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ:

— باللىرىم، كۆز تەگمىسۇن، سىلەرنى ئىسرىقلاپ قوياي، — دېدى.

ئالىيومىن داستىن كۆتۈرۈلگەن تۈتۈن ئۆي ئىچىنى بىر ئالدى. سەدىردىن بىلەن راشىدىن سىرتقا ماڭغانىدى، ئەخمەت بوۋاي ئۇلارنى توسۇۋالدى. نىياز كۆزىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ:

— بولدى قىل، دادا، بىزگە كۆز تەگمەيدۇ، — دېدى كۈلۈپ. ئاڭغۇچە باشقىلار تۈتۈندىن قېچىپ بىر- بىرلەپ هويلىغا چىقىۋېلىشتى.

ئۇلار كۈلۈشەتتى، ئىچىدىكىنى تۆكۈپ مۇڭدىشاتتى، بىر چاغدا سەدىردىن نىيازنىڭ ئۆسكىلەك چاچلىرىنى قايرىپ:

— قۇلىقىڭغا نېمە بولدى؟— دېۋىدى، نىياز ئالمان - تالمان بېشىنى ئېلىپ قېچىپ چېچىنى تۈزەشتۈرۈپ، كۆتمەك بولۇپ قالغان قۇلىقىنى ياپتى ۋە:

— گەپ قىلما، دادام كۆرۈپ قالمىسۇن! — دېدى ئەندىكىش ئىچىدە.

كۈلۈپ چاقچاقلىشىپ ئولتۇرغان راشىدىن بىردىنلا جىمىپ قالدى، خەلچەم ئۇنىڭ چىرايىدىكى تارتۇقلارغا قاراپ:

— راشىدىن، يۈزۈڭنى نېمانچە زېدە قىلدىڭ، ئەتىمالىم بۇ تاتۇقلارنىڭ چوقۇم ئېچىنىشلىق هېكايىسى بارغۇ دەيمەن!؟ — دېۋىدى، راشىدىن زۇۋان سۈرمەي هىجايدى.

نىياز چۈشەندۈرۈپ:

— پەرىزىڭ ناهايىتى توغرا، راشىدىن ئۇ تەرەپلەردە ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈپتۇ، بۇ تارتۇقلار ئاشۇ كۈنلەرنىڭ يادنامىسى، — دېدى هەممەيلەننىڭ دىققىتىنى راشىدىنغا بۇراش مەقسىتىدە.

دېگەندەك نىيازنىڭ تىرىشچانلىقى ئۈنۈم بېرىپ، باشقىلار ئۇنىڭ قۇلىقى هەققىدە گەپ قىلىشنىڭ ئورنىغا، راشىدىندىن

ئىچكى ئۆلكىدىكى يېڭىلىقلار ھەققىدە ئۇنى- بۇنى سوراشقا باشلىدى.

كەچ كىرىپ قاش قارايدى، ئۇلار ئەخمەت بوۋاينىڭ تەكرار زورلىشى بىلەن چامغۇر، سەۋزە قوشۇپ، شۇنداق مەززىلىك پىشۇرۇلغان پاخلان گۆشىدىن ئوبدانلا يېيىشتى. ئەپسۇس، كەۋسەر سەدىردىنىڭ قىن - قىنىغا پاتماي كۆلۈپ - چاقچاقلىشىپ ئولتۇرغان ھالىتىگە قاراپ بىردىنلا جىمىپ قالدى.

ئونىنچى باب

## سۆبھىدىكى يانغىن

ئاقتاش يېزىسىنىڭ نامرات ئائىلىلەرنى ئىقتىسادىي گەۋدىلەر ئارقىلىق بېيىتىش توغرىسىدىكى يىغىنى كەچ كىرىپ ئەتراپ قاراڭغۇلىشىشقا باشلىغاندىلا ئاخىرلاشتى. كەنت مەسئۇللىرى بىر-بىرلەپ قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، بارات نىياز ئابدۇللانى ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرىپ، دەسلەپتە بۇگۈنكى يىغىن توغرىسىدا ناھىيەگە يوللايدىغان دوكلاتنى تەييارلاش بىلەن بىرگە، قاملاشتۇرۇپ خەۋەردىن بىر پارچە يېزىپ، رادىيو ئۇزېلى ۋە گېزىتخانىغا ئەۋەتىشنى تاپشۇردى، كېيىن ئابدۇللاغا كۆيۈنگەن ھالدا ئېيتتى:

— ئابدۇللا، ئۆتكەندە ساڭا مۇۋاپىق بىرسى بىلەن پۈتۈشكىن تويىڭنى قىلىۋېتەيلى دەپ شۇنچە تاپىلىغان ئىدىم، ھازىرغىچە بۇ ھەقتە ماڭا گەپ قىلمىدىڭ، بۇ مۇھىم ئىشقا نېمانچە ئېغىرلىق قىلىسەن؟ ياكى بىرەر قىيىنچىلىقىڭ بارمۇ؟

— دادامنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالدى، بۇ ئىشنى كېيىنرەك ئويلاشساق بولارمىكىن.

— ئەسلىدە دادائ سىڭنىڭ قېشىڭدا تۇرسا ياخشى بولاتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن سەن ئاۋۋال ئۆيلىنىشىڭ كېرەك. بۇنداق بويتاق يۈرۈۋەرسەڭ قاملاشمايدۇ.

— مەن......
— بۇ ئىشنى ياخشىراق ئويلىنىپ باق.تـوي قىلىـشنى ئەمـدى كېچىكتۈرمە.
— ماقۇل.
— سەدىردىن ئىدارىسىدە خېلى كـۆزگە كۆرۈنۈپتـۇ، ئىشخانا مۇدىرى بولۇپتۇ تېخى، ھۆكۈمەت ئـالىي مەكتەپنـى پۈتتـۈرگەنلەرنى مۇشۇنداق ئۈستۈرگىلى تۇرسا ئـۇ ئۇزاققـا قالمـايلا ئـىدارە باشـلىقىمۇ بولۇپ قالغۇدەك. كۆنـدە دېگـۈدەك ئالدىراشلا يۈرىـدىكەن، سـەن ئەتە يېزىدىن بەش ـ ئالتە ئادەم ئېلىپ بېرىـپ ئۇلارنىـڭ ئـۆيىنى ياخشىراق رېمونت قىلدۇرغىن، يەنە يانـدىكى بـوش يەرگـە ئاشـخانا سـالايلى، كېتەرلىـك ماتېرىيـاللارنى ئـۆزۈڭ ھېسابلاپ كـۆرۈپ ماڭـا دېگىن، ئۆزۈم ساڭا يەتكۈزۈپ بېرىمەن.
— مېنىڭچە ئـۇلار ئۇدۇلـدىكى بىـر ئېغىزلىـق ئۆيـدە ئولتۇرغـاچ تۇرسا، يانـدىكى ئـۆينى چېقىۋېتىـپ قايتـا سـالايلىمىكىن دەيـمەن، خـام كېـسەك بىـلەن سېلىنغان ئـۆينى رېمونـت قىلـساقمۇ ئـانچە ياراشمايدىغاندەك قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۆي بەكمـۇ كىچىـك ھەم قاراڭغۇ ئىكەن.
— زېــرەك بــالا ـ دە، ســەن، ئابــدۇللا، مەن بۇنچىلىــك ئويلىمـاپتىمەن ئەمەسـمۇ! بـۇ گېپىـڭ ماڭـا تـازا يـاقتى. سـەن دېگەنـدەك ئـۇ ئـۆينى چـۇۋۇپ، باللارنىـڭ لايىقـدا قايتـا سېلىپ بېرەيلى ئەمسە، ئۆينىڭ لاھىيەسىنى بېكىتىشتە سەدىردىن بىـلەن ئۆزۈڭ مەسلىھەتلەشكىن، بۇ ئىشنى ئۇنىڭ رايى بويىچە قىلايلى.
— ئۆتكەنــدە نىيــاز بىــلەن راشــىدىنمۇ ئـۇ ئـۆينى كـۆرۈپلا ياراتمىدى، دەرھال ئۆزگەرتەيلى، بىزمۇ كۆچ قوشىمىز دېيىشتى.
— ھى ـ ھى ـ ھى...... ئۇ كەنجىلەرنىڭمۇ شەھەر كـۆرۈپ كـۆزى ئېچىلىــپ قــاپتۇـ دە! ئەمـسە گەپ مۇشـۇنداق بولـسۇن، ئەمدى دەم ئالايلى.

— مەن...... مېنىڭ......

— نېمە تىلىڭنى چاينايسەن؟ گېپىڭ بولسا تارتىنماي دېگىن، مەنمۇ سېنىڭ داداڭنىڭ ئورنىدا تۇرسام.

— سىزدىن بىر ئىشنى سوراي دېگەنىدىم، بىراق ئاغزىمدىن چىقىرالماي......

— مەن سېنى ئۆز ئوغلۇمدەك كۆرىمەن، ئابدۇللا، ھەرقانداق گېپىڭ بولسا دەۋەر!

— ھېس قىلىشىمچە، كەۋسەرنىڭ بۇ تويغا تازا رازىلىقى يوقتەك تۇرىدۇ، بۇنى ئىلگىرىمۇ ئازراق سەزگەنىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە توي كۈنى خەلچەمدىن بۇ ھەقتە بىر قىسىم گەپلەرنى ئاڭلىدىم، ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندىمۇ ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى ئەمەستەك قىلىۋاتىدۇ. بۇنى سىز سەزدىڭىزمىكىن؟

ئابدۇللانىڭ بۇ سۆزى بارات نىيازنى ئويغا سېلىپ قويدى، ئۇ بىر دەم خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن دېدى:

— توغرا پەرەز قىپسەن، بىز بۇ توينى ناھايىتى ئالدىراپ قىلىۋەتتۇق، زۇلەيخانىڭ ئەھۋالى ئاشۇنداق تۇرغاندىكىن بىزدىمۇ باشقا ئامال بولمىدى. مېنىڭچە كەۋسەرنىڭ كۆڭلىدىن ھېلىقى ئۇرۇمچىلىك بالىنىڭ تەسىرى چىقىپ كەتمىگەن چېغى، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئوڭشىلىپ قالارمىكىن دەيمەن. سەنمۇ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىل، كېيىنچە بالىلىق بولسا بىر-بىرىگە باغلىنىپ ياخشى ئۆتىدۇ.

— مۇشۇ گەپنىڭ ئانچە ئاساسى يوقمىكىن دەيمەن......

— قانداق دەيسەن؟

— مەنغۇ ئۆزۈمنى ئۇلارغا سېلىشتۇرمايمەن، مېنىڭ تويۇم بولغاندىمۇ ھەممە كىشى سىزدەك دېگەن، بىراق ئاخىر......

— ھە، ئۆزۈڭنىڭ ئىشىڭغا قاراپ شۇنداق دەۋېتىپسەن - دە؟

— ئۇنداقمۇ ئەمەس، ئىشقىلىپ......

ــ كىتابنى كۆپ ئوقۇپ، ئىشلارنى بەك زىغىرلاپ كېتىدىغان بولۇپ قاپسەن، ئۇلار زىيالىي بولغاندىكىن ئەقلىنى تاپار، ــ بارات نىياز ئابدۇللا بىلەن بۇ ھەقتە يەنىمۇ چوڭقۇر پاراڭلىشىشنى خالىمىدى بولغاي، ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ دېدى، ــ باشقا گېپىڭ بولمىسا قايتىپ ئارام ئالايلى، ئەتىگەندىن بۇيان ئۆيگە بارالمىدىم، زۇلەيخانىڭ ھالى قانداق بولۇپ كەتتىكىن.

ئابدۇللامۇ باشقا گەپ قىلمايلا ئورنىدىن تۇردى. ئۇلار ئايرىلىدىغان دوقمۇشقا كەلگەندە بارات نىياز ئابدۇللاغا بايا ئورۇنلاشتۇرغان ئىشنى قايتا تاپىلاپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

ئاسمان سەتھىدە يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى، سازلىقتا پاقىلار كۇركىرايتتى، ئابدۇللا ئۆيگە قاراپ كېتىۋېتىپ ئاچما كەنتى تەرەپكە ئارىلاپ قاراپ قوياتتى، كۆز ئالدىدا خەلچەمنىڭ ھەسرەتلىك چىرايى زاھىر بولاتتى، ئابدۇللا شۇ ھالدا كېتىۋېتىپ شەرق ئاسمىنىدا ئالاھىدىرەك جۇلالاپ تۇرغان بىر يۇلتۇزغا كۆزى چۈشۈش بىلەن ئۇنىڭدىن يەنىلا خەلچەمنىڭ سىماسىنى كۆرگەندەك بولدى. ئەمەلىيەتتە ئابدۇللانىڭ باشقىلار بىلەن تۇرمۇش توغرىسىدا پاراڭلاشقاندا مۇشۇنداق ئويغا كېلىدىغان بولۇپ قالغانىدى، ئۇ بۇ خىل ئويغا چوڭقۇرلىغانسېرى، خەلچەمنىڭ ئۆزىدىن شۇنچە يىراقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. دېگەندەك ئۆتكەن ئايلاردا ئۇ خەلچەمنى كۆرەلمىگىنىدىن ئۆزىنى ناھايىتى مىسكىن ھېسابلاپ، كۆڭلىدە: مەن بىر ئۆمۈر بەختسىز ئۆتۈپ كېتىشكە يارالغان ئوخشايمەن، ئانام كۆز يۇمغاندىن كېيىن ھەممە خۇشاللىق مەندىن يۈز ئۆرۈدى، مۇشۇنداق بولۇش تۇغۇلغان ۋاقتىمدىلا پېشانەمگە پۈتۈلگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلىغانىدى. راشىدىن بىلەن نىيازنىڭ قايتىپ كېلىشى ۋە كەۋسەر بىلەن سەدىردىننىڭ تويى بولۇش باھانىسىدا ھەرھالدا خەلچەم بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتى، مۇبادا بۇنچىلىك پۇرسەتكە ئىگە

بولالمىغان بولسا روھىي جەھەتتىن قانداق ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى.

ئابدۇللا توپىلىق يولنى كەينىدە قالدۇرۇپ شورلۇق يولغا ئۇلاشتى، بۇ ئەگرى - بۈگرى يول ئاچما كەنتىگە تۇتىشاتتى، شۇ دەقىقىدە ئابدۇللانىڭ يۈرىكىمۇ ئاچما كەنتىدىكى ھېلىقى قىزىل پەردىلىك دېرىزىگە بەئەينى ئېلېكتىر دولقۇنىدەك شۇنچە تېز تۇتىشىپ بولغانىدى. ئابدۇللانىڭ مۇشۇنداق گۈزەل ئاخشامدا ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا تۈنىدىكى ئەرۋاھتەك تىمىسقىلاپ كېلىپ، ئاشۇ قىزىل پەردىلىك دېرىزىگە قاراپ تۇرمىغىنىغىمۇ خېلى ئۇزاق بولغانىدى. قىسقىسى، يامان كۆزلەر ئۇنىڭ بۇ ئاددىي ئېھتىياجىنى خالىس قاندۇرۇۋېلىشىغا يول قويمايتتى. بىر ھېسابتا يامان كۆزلەرلا ئەمەس، مۇشۇ ئەتراپتىكى دەل - دەرەخ، ئوت- چۆپلەرمۇ نازارەت قىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بۇ ئويلىرى بارغانسېرى چوڭقۇرلاۋاتاتتى، ئۇنىڭ خىيالى بىر چاغدا خەلچەمنىڭ ئۆزىنى بىرنەچچە قېتىم «ئەخمەق» دەپ ئاتىغانلىقىغا ئۇلاندى، «ھەي، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە ھەسرەت بىلەن پىچىرلاپ، — شۇ چاغدا مەن خەلچەمنىڭ رازاقتىن ئايرىلىپ كېتىشكە ھەقىقەتەن بېلىنى باغلىغانلىقىنى بىلگەن بولسام، سارەمنى يامانلىتىپ يۈرمەي پۇرسەت كۈتەتتىم ئەمەسمۇ! مانا ئەمدى يىگانە قالغان ۋاقتىمدا خەلچەم رازاقنىڭ ئۆيىگە مەھكەم بېكىنىۋالدى......»

ئابدۇللا خىيال بىلەن مېڭىپ، ئۆيىنىڭ يېنىغا كەلگەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالدى. ئۇ ئاستا كېلىپ تام تۈۋىدىكى توپىنى مالتىلاپ ئاچقۇچنى تاپتى - دە، دەرۋازىنى ئېچىپ ھويلىغا كىرىپ داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. كارىۋاتتا نىياز بىلەن راشىدىن تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىشكەنىدى.

— تۇرۇشە ئورنۇڭدىن! قورققىنىمدىن جېنىم چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى مېنىڭ! — ئابدۇللا شۇنداق دېگىنىچە

كېلىپ ئۇلارنىڭ پۇتىغا يېنىك ئۇردى، بىردىنلا بۇرنىغا هاراقنىڭ قاڭسىق پۇرىقى ئۇرۇلدى،— ۋوي بىغەرەزلەر! هاراق ئىچىشىپسەن-هە!؟ سەهرا يېرىدە سەنلەرنىڭ بۇ ئىشىڭنى هېچكىم ياقتۇرمايدۇ، بىلىشەمسەن؟ سەنلەرگە لەنەت ئوقۇيدۇ لەنەت!

شۇ ئەسنادا نىياز بېشىنى تەستە كۆتۈرۈپ كۆزىنىمۇ ئاچماي، غاراڭ- غۇرۇڭ ئاۋازدا دېدى:

— كىم سەن؟ شېرىن چۈشۈمنى بۇزۇپ نېمىگە ۋارقىرايسەن؟

— تۇرە- تۇرە! مەن ئابدۇللا، مەستلىكتىن يېشىلەلمىگەن بولۇشساڭ ئۆستەڭدە سۇ ئېقىۋاتىدۇ، چۆمۈلۈپ كىرىش! قوپىشە ئورنۇڭدىن!

— سەن...... ئابدۇللاكەنسەنغۇ، ئەمدى كەلدىڭما؟ بىزنى مۇشۇ چاغقىچە ساقلىتامسەن؟ هوي، راشىدىن! تۇرە ئورنۇڭدىن، ئابدۇللا قايتىپ كەپتۇ، تاماشىنى ئەمدى باشلايمىز......

راشىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئەسنىگىنىچە:

— ساڭمۇ ئىچۈرۈپ قويساق قانداق بولۇپ كېتەرسەنكىن قېنى؟— دېدى هاراق ئىچكەنلىكىدىن پەخىرلەنگەندەك هىجىيىپ.

— قويە ئۇ گېپىڭنى! بايا بۇ هالىمىزدا بۇ ئۆيگە كەلمەيلى دېسەم جاهىللىشىپ تۇرۇۋالدىڭ، ئەمدى تولا ۋالاقلىما، ئەسلىدە بۇ ئۆيگە ياخشىراق پەتىلەپ كېلىشتە يوق...... — دېدى نىياز ئابدۇللانىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولۇپ.

— بولدى - بولدى، تالاشماڭلار، سىلەر بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ هاراق دېگەن نىجىسنى هەرگىزمۇ ئىچمەڭلار، بۇ قىلىقىڭلارنى ئۆزگەرتمىسەڭلار بولمايدۇ، راشىدىن، ماخما؟

— خاپا بولما، ئاداش، هەممىنى قىلغان مۇشۇ نىياز بولمامدۇ، ئىچمەيلى دېسەم مېنى زورلاپ......

— يالغان ئېيتىدۇ، مېنى راشىدىن زورلىدى. هاراق

ئىچكەندىكىن بۇ يەرگە كەلمەيلى دېسەم، راشىدىن: بۇ ھالىمنى دادام كۆرۈپ قالسا توڭكىيىمنى چاقىدۇ. ئۇدۇل ئابدۇللانىڭ ئۆيىگە كېتەيلى دەپ تۇرۇۋالدى شۇ.

— بۇ بىرنېمىنى نەدىن تېپىپ ئىچتىڭلار ؟

— ئەتىگەنىدە ئارال يېزىسىدىكى ئابلىز بىزنى ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا چاقىرىپ كەپتىكەن، بارمايلى دېسەم راشىدىن بارايلى دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ئابلىز رايىمىزغا باقماي هاراق قۇيدى، مەن ئىچمىسەم راشىدىن ئابلىزغا بولۇشۇپ ماڭا زورلاپ ئىچۈردى ئەينا!

— ئابلىز دېگىنىڭلار هاراقكەشكەن ـ دە!

— هاراقكەش ئەمەس تېرىچى، كۇلىغا تېرە ئاپىرىپ ساتىدۇ، ئاداش......

— ئابدۇللا، بىزدىن ساقچىدەك سوئال سوراۋەرمەي، چاي دەملىگىنە، ئاداش، تازىمۇ ئۇسساپ كەتتىم مەن، — دېدى راشىدىن نىيازنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— توختاپتۇر، چاينى ھېلى دەملەيمەن، سىلەر ھويلىغا باغ ئىشىكىدىن كىردىڭلارمۇ ياكى تامدىن ئارتىلىپ كىردىڭلارمۇ؟

— بىز دېگەن مەست تۇرساق، ئۇچۇپ كىرىمىز ـ دە، ئاداش.

— سېنى ئىشىك ئالدىدا ئۇزاق كۈتۈپ تۇردۇق، كەلمىگەندىكىن باغقا كىرىپ ماۋۇ چىتنى بۇزۇۋېتىپ ھويلىغا كىردۇق شۇ.

— يولدا بىرەرسىنى ئۇچراتتىڭلارمۇ ـ يوق؟

نىياز بىلەن راشىدىن بىر ـ بىرىگە قاراپ قېلىشتى، ئۇلارنىڭ ئەجەبلىنىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

— بىزگە دېمىگىنىڭ بىلەن ئۆيۈڭگە بىرسىنى كۆندۈرۈۋاپسەن ـ ھە؟

— قالايمقان گەپ قىلما! ئاكام گاھىدا مېنى يوقلاپ كېلەتتى، ئۇنى بايا كەلدىمىكىن دەپ سوراپ قويدۇم شۇ.

— ئاشنا تۇتۇۋالغان بولساڭ شۇ كېلەمدۇ، كىم بىلىدۇ! بىز ئىچكىرىدىكى چاغدا بىر بالىغا ئاتا بولۇپ، يەنە بويتاققا ئايلىنىپ بوپسەن، ئۇنىڭغا قارىغاندا ئارىمىزدىن سەن خوتۇنباز چىقىپسەن جۇما، ئاداش!؟

— قويە، ئۇنداق ماز گېپىڭنى!

— ئەمىسە گەپنى ئۇرۇقلاتماي چاي دەملە، ئۇسساپ كەتتىم.

ئابدۇللا ھويلىدىكى ئوچاققا ئوت يېقىپ چاي قاينىتىشقا تۇتۇندى. چاي تەييار بولغۇچە راشىدىن بىلەن نىياز ئابدۇللانىڭ ئىلگىرىكى تۇرمۇشى توغرىسىدا ئۇنى - بۇنى سوراشتى، بۇ ھەقتىكى پاراڭ ھالقىلىق يەرگە كەلگەندە ئابدۇللا: «پېشانىمىزگە مۇشۇ كۈن پۈتۈلگەنىكەن» دەپلا تۇرۇۋالدى. كېيىن ئۇلار قېنىق دەملەنگەن چايدىن قېنىپ ئىچىشكەندىن كېيىن، راشىدىنىڭ تەلىپى بويىچە كىگىز، يوتقان - كۆرپىلەرنى كۆتۈرۈشۈپ ئۆگزىگە چىقىشتى.

— ۋاھ! ماۋۇ سالقىن ھاۋانى!جاننىڭ راھىتى دېگەن مۇشۇ ئەمەسمۇ، ئۆيدە ياتقان بولساق قىزىشىپ ئۇخلىغىلى بولمايتتى، — دېدى نىياز ئابدۇللا راسلىغان جايدا يېتىپ ئاسماندىكى سان - ساناقسىز يۇلتۇزلارغا تىكىلىپ ياتقىنىچە.

— مەن ئەتە چۈشكىچە ئۇخلاپ ھاردۇقۇمنى تازا بىر چىقىرىۋالدىغان بولدۇم، — دېدى راشىدىن سوزۇلۇپ يېتىپ.

— ئەتە چۈشكىچە ياتمايمىز، سەھەر تۇرۇپ ناھىيەگە بېرىپ سەدىردىننىڭ ئۆيىنى يېڭىلاپ ئېتىمىز مۇنداق! — دېدى ئابدۇللا خۇش خەۋەر يەتكۈزگەندەك ھوزۇرلۇق كېرىلىپ.

نىياز بېشىنى كۆتۈرۈپ سورىدى:

— سەدىردىن شۇنداق دېدىما؟

— بۇ دېگەن يېزا باشلىقىنىڭ قارارى، ئۇ بايا ماڭا شۇنداق ئورۇنلاشتۇردى.

— ياھ، يېزا باشلىقىنىڭ قىزىنى ئالساڭ مۇشۇنداق پايدا بار-دە، جالالىدىن ئاكام ئويلاپ بولغۇچە، يېزا باشلىقى ئىشنى باشلاپتۇ مانا، بىراق سەن سەزدىڭمىكىن، ئابدۇللا، كەۋسەرنىڭ سەدىردىنگە تازا مەيلى يوقتەك تۇرىدۇ. مەن ئۇرۇمچىدە تۇرغان ۋاقتىمدىمۇ ئۇلار ياخشى ئۆتمەيتىكەن، مېنىڭچە ئۇلاردىن ھامان چاتاق چىقىپ قالامدىكىن دەيمەن.

نىيازنىڭ بۇ سۆزى راشىدىننى گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇ جەينىكىنى ياستۇققا تىرەپ يېتىپ نىيازدىن سورىدى:

— سەن ماڭا ئۇ ئىككىسىنى ئاشىق - مەشۇقلارغا ئايلاندى دېگەن ئىدىڭغۇ، ئەمدى توي بولۇپ بولغاندا نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن؟

— دېيىشىنغۇ دېگەنىدىم، ئۇ چاغدا سەدىردىندە شۇنداق ئىرادە بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ھېلىقى ئىشلارمۇ بىر ھېسابتا ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئەمەس، ئۇ ئىش جەريانىدا ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى تاۋلاندى دېگىلى بولمايدۇ. مېنىڭچە كەۋسەر ھازىرغىچە سەدىردىندىن رەنجىپ يۈرسە كېرەك.

— ئابدۇللا، كىچىك ۋاقتىمىزدا كەۋسەر ساڭا، خەلچەم ماڭا ئامراق ئىدى، چوڭ بولۇپ ھەر ئىككىسى بىزدىن تېنىپتۇ، — دېدى راشىدىن كۈتۈلمىگەندە.

ئابدۇللا بىردىنلا ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى پىنھان سىرلىرىنى راشىدىننىڭ سېزىۋالغانلىقىدىن گۇمانلىنىپ قالدى.

— راشىدىن، ھېلىقى كېچىسى قوغۇنلۇقتا ئىككىمىز ماۋۇ نىياز بىلەن سەدىردىننىڭ پۇتىنى باغلاپ قويغان ئىش ئېسىڭدە بارمۇ؟ — دېدى كېيىن ئۇ گەپنى باشقا ياققا بۇراپ.

— پۇتىمىزنى باغلاشنى سەن ئويلاپ تاپقان بولغىيتتىڭ

بەلكىم؟ ماۋۇ راشىدىن دېگەن لايىغەزەلنىڭ ئەقلى ئۇنداق ئىشقا ئىشلەپ كەتمەيدۇ، ــ دېدى نىياز ئابدۇللاغا قاراپ.

ــ نەدىكىنى! ئۇ ئابدۇللا ئەمەس، مەن تاپقان ئەقىل! ــ راشىدىن دەرھال ئېتىراز بىلدۈردى.

ــ نېمە، راشىدىن ھازىرمۇ ئىلگىرىكىدەك لاي غەزەللىك قىلىپ، پۈتى تايغان، بېشى قايغان تەرەپلەرگە كېتىۋېرەمدۇ؟

ــ ئۇنى سورىما، مۇبادا مەن يېنىدا بولمىسام ئۇ ئەترەتنىڭ ھېلىقى ئالا كالىسىدەكلا پۇشاڭداپ كېتىۋېرىدۇ.

ــ ھا ـ ھا ـ ھا....... تازا ئوخشاتتىڭغۇ، نىياز!

ــ خەلچەمنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى، ــ دېدى راشىدىن يەنە كۈتۈلمىگەن يەردىن گەپ ئېچىپ.

ئابدۇللا بۇ قېتىم گەپنى باشقا ياققا بۇراشقا ئۈلگۈرەلمەي قالدى.

ــ يەنە شۇ گەپنى دېگىلى تۇردۇڭغۇ مۆرىمەس، ئىچىڭ ئاغرىغاندىكىن بۇرۇنراق كېلىپ خەلچەم بىلەن توي قىلساڭ بولمامتى؟ ــ دېدى نىياز راشىدىندىن گەپ كوچىلاپ.

ــ ئابدۇللا، سەن مېنىڭ ئەزەلدىن خەلچەمنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلەتتىڭغۇ!؟ نېمىشقا ئۇنىڭغا مېنى ساقلاپ تۇرۇشنى ئېيتمىدىڭ؟ مۇبادا مەن سېنىڭ ئورنۇڭدا بولغان بولسام خەلچەمگە ئەركەك چىۋىننىمۇ قوندۇرمىغان بولاتتىم.

ئابدۇللانىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ، ئەمدى بۇ ھەقتىكى پاراڭنىڭ چوڭقۇرلىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى.

ــ خەلچەم ئىككى بالىغا ئانا بولغاندا ئۇ گەپلەرنى دېگەننىڭ نېمە پايدىسى؟ ئۇنداق نىيىتىڭ بولغاندىكىن ئۆز ۋاقتىدا يۈرتنى تاشلاپ چىقىپ كەتمەي، خەلچەم بىلەن توي قىلىۋالساڭ بولمامتى! ــ دېدى نىياز تەئەددى بىلەن.

راشىدىن جىمىپلا كەتتى.

— توي كۈنى كەۋسەرنىڭ چىرايى پەقەت ئېچىلمىدى، ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى سەدىردىنمۇ سەزدى بولغاي، ئۇمۇ ئۇنچىقماي ئولتۇردى، ھازىر بىز كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك مۇھىم ئىش مانا مۇشۇ، — دېدى ئابدۇللا نىيازنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا.

— سەدىردىننىڭ ھېلىقى بىر توپ خىزمەتداشلىرى بەكلا پوچى نېمىلەركەن، قارىسام سەدىردىنمۇ بىز بىلەن كارى بولماي، ئاشۇ ئاق نانچىلارغا ھەش - پەش قىلىپ يۈرىدۇ، — دېدى راشىدىن خاپا بولغىنىنى ئاشكارىلاپ.

— بۇ گېپىڭ قاملاشمىدى، راشىدىن، دوستلۇقىمىزغا شەك كەلتۈرىدىغان بۇنداق گەپلەرنى قايتا ئاغزىڭغا ئالما!

ئابدۇللانىڭ بۇ گېپى نىيازغىمۇ ياقتى بولغاي، قوللىغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

يىراقلاردا ئىتلار قاۋايتتى، چۆل تەرەپتىن كېلىۋاتقان سالقىن شامال تەنلەرنى يايرىتاتتى، نىياز بىردەمدىن كېيىن بەھۇزۇر ئۇيقۇغا كەتتى. راشىدىن يېنىدا كۆككە تىكىلگىنىچە سوزۇلۇپ ياتقان ئابدۇللانى نوقۇپ:

— ئابدۇللا، ئۇيقۇم قاچتى، ئۇخلىۋالماي پاراڭ قىلغىنە، — دېدى.

— نېمە دەيمەن، — دېدى ئابدۇللا راشىدىننىڭ يەنىلا خەلچەم ھەققىدە گەپ كوچىلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ھالدا.

ئابدۇللا مۇشۇ كۈنلەردە خەلچەمنىڭ ئىشق - پىراقىدا يۈرىكى سەكپارە بولۇپ، ھەممىنى ئۇنتۇغان بولسىمۇ، بىراق ئۆز ۋاقتىدا راشىدىننىڭ خەلچەمنى بەكلا ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. «راست، مەن نېمىشقا راشىدىن دېگەندەك قىلالمىدىم، خەلچەمنى راشىدىن ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزۈم ئۈچۈنمۇ قوغداپ قالالمىغىنىم نېمىسى؟ مۇبادا راشىدىن مېنىڭ خەلچەمنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى بىلسە قانداق ئويلاردا بولار......»

ئابدۇللانىڭ ئويلىرى مۇشۇ دوقالغا كەلگەندە بىردىنلا قالايمىقانـ ـلىشىپ كەتتى.

ــ ئابدۇللا، خەلچەم توغرۇلۇق گەپ قىلىپ بەرگىنە ئاداش، ئۇ مېنى ھازىرمۇ بۇرۇنقىدەك ياخشى كۆرەمدىغاندۇ؟

ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىر يۈز بەردى، راشىدىن شۇ تاپتا ئابدۇللا ئەڭ ئەنسىرىگەن يەردىن گەپ ئاچتى، گەرچە ئۇ راشىدىننىڭ ۋەزنى ئېغىر بۇ سوئالىغا دەرھال جاۋاب بەرمىگەن بولسىمۇ، كۆڭلىدە جىددىي كۈرەش بولۇۋاتاتتى. «زادى نېمە دېيىش كېرەك؟ خەلچەم ھازىر سېنى ئەمەس، مېنى ياخشى كۆرىدۇ، مەن ئىلگىرى سەزمەپتىكەنمەن، ئەسلىدە مەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدىكەنمەن دېيىش كېرەكمۇ؟» ئابدۇللا نېمە دېيىشنى بىلىپ بولالمىدى.

ــ گەپ قىلساڭچۇ؟ــ دېدى راشىدىن ئابدۇللانى سۆزلەشكە زورلاپ.

ئادەتتە ئىشلارنى ئانچە زىغىرلاپ كەتمەيدىغان، باشقىلار بىرەر مەسىلىنى سورىسا لايىقىدا جاۋاب بەرمەي، ئۆزىنىڭ خىيالى بىلەن بەند بولىدىغان راشىدىننىڭ بۈگۈن ئىلگىرىكى ھالىتىگە ئوخشىماي قىلىشى ئابدۇللا ئۈچۈن تاسادىپىيلىق ئىدى، ئابدۇللا ئازراق ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

ــ سەن كەتكەندىن كېيىن خەلچەم ئۇزاققا قالمايلا رازاق بىلەن توي قىلدى، ئاندىن بالىلىق بولۇپ ئۆزىنىڭ ھالى بىلەن بولدى، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆپ ئۇچرىشالمىدىم.

ــ قارىغاندا ئۇ مېنى ئۇنتۇپ كېتىپتۇ- دە!

ــ بۇ گەپلەرنى قويۇپ، ئۆزۈڭنىڭ كۆلىدا بېشىڭدىن ئۆتكۈزگەن ئىشلار توغرۇلۇق تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگىنە!

ــ ھەممىنى ئۆتكەندە سۆزلەپ بەردىمغۇ!

ــ نىيازغۇ ئالىي تېخنىكومدا خەنزۇ تىلىنى خېلى

ئۆگىنىپتىكەن، بىراق سىنىڭ خەنزۇ تىلىدىن ئاساسىڭ يوق ئىدى، شۇڭا كۆلىدا جان باققىنىڭلارغا ھەيرانمەن.

— دەرۋەقە دەسلەپتە بەك قىينالدىم، گاچا پەپەنىڭ ئۆزى بولدۇم دېگىنە! كېيىن ئۆگىنىپ قالدىم، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىپ تۇرغاندىكىن ئۇنتۇپ قالمايدىكەنسەن.

— ئەمدى كېيىنكى ئىشلارنى سۆزلەپ بەر!

— ئۆتكەندە ھەممىنى سۆزلەپ بەردىمغۇ!

— ئۇ چاغدا دۆڭباغلىق ئامان پاراكەندىنىڭ ئوساللىقلىرىنى سۆزلەپ بەردىڭ شۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق بولدى سۆزلەپ بەرمەمسەن؟ — ئابدۇللا شۇنداق دەپ راشىدىنىڭ گېپىنى ئەتەي باشقا ياققا بۇرىدى، ئۇ بىردەم بولسىمۇ كۆڭلىگە ئاراملىق ئىزدەيتتى.

— ئۇ ئىشلارغا ئەجەب قىزىقىپ قالدىڭ- ھە! پۇرسەت بولسا سېنى نىياز بىلەن ئىككىمىز ئاشۇ تەرەپلەرگە باشلاپ بېرىپ، كۆزۈڭنى بىر ئېچىپ قويمىساق بولمايدۇ. ساڭا دېسەم، ئاداش، بىزنىڭ يۇرتىمىز بۇ ئاقتاش دېگەن جاھاننىڭ بىر بۇلۇڭىكەن قارا، سەن بۇ يەردە قۇدۇقتىكى پاقىدەك ياشىغىنىڭ بىلەن، كارامەتنىڭ ھەممىسى مەن بارغان يەرلەردىكەن، ھەي...... قەۋەت - قەۋەت بىنالار .......

— ھاي دېمىسەم يەنە ئۆتكەندىكىدەك كۆلىنى ماختاپ، ئاقتاشنى چۇشۇرۇۋاتىسەنغۇ ! شەھەر كۆرۈپ ئەمدى ئاقتاش كۆزۈڭگە سىغماي قالدىما؟ نېمىلا بولسۇن، قارا، كىندىك قېنىڭ تۆكۈلگەن يۇرتۇڭغا يەتمەيدۇ!

— مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس، يۇرتىمىز ئاقتاش مەن كەتكەندىن بۇيان ئۆز پېتىچە تۇرۇپتۇ، تەرەققىي قىلماپتۇ دېمەكچى شۇ.

— كۆزۈڭگە توپا كىرىپ كەتتىما؟ ئەينا تەرەققىي قىلدى،

كۆرمىدىڭما؟ غول يوللارغا شېغىل تۆكۈلدى، ئېتىزلار سالالاشتۇرۇلدى، يەنە......

— ھى- ھى- ھى...... مۇشۇنىمۇ تەرەققىي قىلدى دېگىلى بولامدا؟

ئابدۇللا راشىدىنىڭ ئۆزىنى مەنستىمەي كۈلگىنىگە تېرىكىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكىلى تاسلا قالدى، راشىدىن ئۇنىڭ ئۆزىدىن خاپا بولغانلىقىنى سېزىپلا گېپىنى ئۇگشىۋالدى:

— مۇشۇ گەپنى قىلىشساقلا مەندىن خاپا بولۇپ قالىدىكەنسەن، بولدى، ئەمدى بۇ ھەقتە گەپلەشمەيلى، ساڭا كېيىنكى كەچمىشلىرىمنى سۆزلەپ بېرەي.

راشىدىن ئامان پاراكەندىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ مەھەللىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، جىڭجۇۋدا بىرمەزگىل تۇرغانلىقىنى، كېيىن ئامان پاراكەندى بىلەن مىجەزى كېلىشمەي، شاڭخەيگە كېلىپ، ئابلەيجاننىڭ قورۇق مېۋە يايمىسىدا بىرمەزگىل ئىشلىگەنلىكىنى، شۇ كۈنلەردە باشقىلاردىن گۇاڭجۇۋنىڭ سەنيۇەنلى دېگەن يېرىدە ئوقەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپلۈكىنى ھەمدە ئۇ تەرەپتە جان بېقىشنىڭ ئاسان ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئابلەيجانغا دېمەيلا سەنيۇەنلىگە كەلگەنلىكىنى، ئۇزاققا قالماي بۇ يەردە بىر قېتىملىق يۇرتۋازلىقتىن كېلىپ چىققان ماجىراغا چېتىلىپ قېلىپ، قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ بىر يىل تۈرمىدە ياتقانلىقىنى، قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن گۇاڭجۇۋغا كېلىپ بىرسىنىڭ كاۋاپخانىسىدا ئىشلەپ جان باققانلىقىنى، شۇ چاغدا نىياز بىلەن ئۇچراشقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

ئابدۇللا ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزلىرىدىن تازا قانائەت ھاسىل قىلمىدى بولغاي:

— ۋەقەنىلا سۆزلىدىڭ، بۇ ئىشلاردىكى قاراشلىرىڭنى سۆزلەپ باقامسەن؟— دېدى.

راشىدىن ئابدۇللانىڭ مەقسىتىنى چۈشىنەلمەي سورىدى:
— سەن قايسى ئىشنى دەيسەن؟
— گېپىڭىدىن قارىغانىدا، ئابلەيجاننىڭ يېنىدىن غىپپىدە كېتىپ قاپسەن، بەلكىم ئۇمۇ كېيىن سېنى بوش قويۇۋەتمىگەنىدۇ، دېمەكچى بولغىنىم، سېنىڭ ئاشۇنداق مۇستەقىل بولۇۋېلىشىڭدا ئۆزۈڭنىڭ شەخسىي ئويلىرىڭ بار بولغىيتتى بەلكىم......
— مەن دەسلەپتە ئابلەيجاننىڭ يېنىدا ياخشى تۇرغان، كېيىن ئىش ھەققىمنى ئېلىپ ئاقتاشقا قايتاي دېسەم ئابلەيجان ئىلگىرىكى لەۋزىدىن يېنىۋېلىپ ئازراقلا پۇل بېرىپ تۇردى، چاندۇرماي ئىشىمنى قىلدىم، ئىككى ئايدىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۆتكۈزىدىغان پۇلدىن زىيىنىمنى تولۇقلىۋېلىپ گۇاڭجۇغا كەتتىم، ئابلەيجان ئارقامدىن ئىزدەپ گۇاڭجۇغا كەلگەنىدە مەن خودەكلەر بىلەن چىقىشىپ قالغانىدىم.
— توختا ـ توختا، سەن ئابلەيجاندىن ئىش ھەققىمنى ئېلىپ ئاقتاشقا كەلمەكچىدىم دېگەنىدىڭ، ئەجەب ئەمدى گۇاڭجۇغا بېرىپ قالدىڭغۇ؟
— قولۇمدا پۇلنىڭ تايىنى بولمىغاندىكىن، گۇاڭجۇدا كۆپرەك پۇل تاپاي دېگەن شۇ.
— يەنە شۇ پۇل قوغلاپ ماڭدىم دېگىن، بولدى ئەمدى داۋامىنى دېگىن.
— ئابلەيجان مەندىن ئۆچىنى ئالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ كېتىپ قالدى، ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئالاقىمىز مانا مۇشۇنچىلىك.
— قارىغاندا ئۇ يەردىكىلەر ئۆزئارا ئىناق ئۆتىدىكەنسىلەر ـ ھە؟
— كۆپ قىسمى ئىناق ئۆتىدۇ، ئاز بىر قىسمىنىڭ يامان بىر ئادىتى بار، يەنى يۇرتۋازلىق ئەڭ ئېغىر. «ئالتە شەلىك»، «ئىلىخولۇق» دېيىشىپ ئۆزئارا جېدەل ـ ماجىرا قىلىشىدۇ. شۇڭا، ئۇ يەرلەردە جان باقماقمۇ كۆندىن ـ كۈنگە تەسلىشىپ كەتتى.

— مەنمۇ بۇ ھەقتە باشقىلاردىن ئاڭلىغان، بەلكىم سەنمۇ ئەشۇ بىر قىسمىلارنىڭ سىرتىدا قالمىغانسەن!؟

— توغرا، ساڭا راستىنى دېسەم، مېنىڭمۇ ئېزىققان چاغلىرىم بولدى، قارىغاندا ماۋۇ نىياز ساڭا بەزى گەپلەرنى دېگەن ئوخشايدۇ. ئۇ ھۆددەس دېمەسلىككە ماڭا قەسەم ئىچىپ بەرگەن بولمىسا......

راشىدىن يوتقانغا يۆگىنىپ پۇشۇلداپ ياتقان نىيازغا قاراپ قويدى. كۆڭلىدە نىيازنىڭ بېيجىڭدىن يۇرتقا قاراپ يولغا چىقىش ئالدىدا ئۆزىگە بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپاسىزلىق قىلىپ، بىر قىسىم ئەھۋاللارنى ئابدۇللاغا خالىس دەپ بەرگەنلىكىدىن گۇمان قىلدى۔ يۇ، كېيىن بۇنداق بولۇشنى ئەقلىگە سىغدۇرالمىدى. ئۇنىڭ ئېسىدە باركى، شۇ چاغدا نىياز راشىدىنغا: «يۇرتقا بېرىپ ئاتا۔ ئانىمىزغا، يۇرت ـ مەھەللىگە ئۆزىمىزنىڭ ھايات ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تەسكىن تاپتۇرايلى» دېگەندە، راشىدىن: «يۇرتقا بارغاندىن كېيىن بۇ يەردە بولغان ئىشلارنى باشقىلارغا ئېيتماسلىققا ۋەدە بەرسەڭ ھەم ۋەدەڭگە چوقۇم ئەمەل قىلساڭ سەن بىلەن يۇرتقا بارىمەن، بولمىسا بارمايمەن» دەپ تۇرۇۋالغانىدى. ئاخىر نىياز ئۇنىڭغا خۇدانى شېيى كەلتۈرۈپ ۋەدە بەرگەن ھەم ئاسمان گۈمۈرۈلۈپ چۈشسىمۇ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغانلىقىنى تەكرار ئىزھار قىلغانىدى. شۇ چاغدا ئۇلار بۇ ھەقتە سۆزلىشىۋېتىپ نىيازنىڭ كېسۋېتىلگەن قولىقى توغرىسىدا تەسىرلىك بىر ھېكايىنىمۇ توقۇپ چىقىشقانىدى. بۇ ھېكايىدە نىياز يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ يانچۇقچىلىق قىلىشقا زورلىناتتى، بۇنىڭغا ئۇنىماي تۇرۇۋالغاندا، لۈكچەكلەر ئۇنىڭ قۇلىقىدىن بىرئاز كېسۋېتىپ تەھدىت سالاتتى، دەل شۇ چاغدا نەق مەيدانغا راشىدىن «ئالتە شەلىك» دوستلىرىنى باشلاپ كېلىپ، نىيازنى قاراڭغۇ زىنداندىن قۇتقۇزۇپ چىقىپ ئۇنىڭغا

دوستلۇق، يۇرتداشلىق مېھرىنى يەتكۈزەتتى. مانا بۇ تەسىرلىك ھېكايە كەۋسەر بىلەن سەدىردىنىنىڭ تويى بولغان كۈنى دوستلار ئارا تىلغا ئېلىنغاندا ھەممەيلەن راشىدىنغا ئاپىرىن ئېيتىشىپ، ئۇنىڭ ۋاپادارلىقىنى ئاغزى - ئاغزىغا يەتمەي ماختاشقانىدى. ئابدۇللانىڭ بۈگۈن راشىدىننى ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىشكە قىستىشى ئەمەلىيەتتە خەلچەمگە مۇناسىۋەتلىك ئىشتىن دىققىتىنى بۇراپ، كۆڭلىدىكى پىنھان ئازابلىرىنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئۇنتۇش ئۈچۈن ئىدى. ئۇ مەقسىتىگە يەتتى، راشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى نىياز بىلەن كېلىشۋالغىنى بويىچە ھېلىقىدەك تەسىرلىك ھېكايىلەر بىلەن قوشۇپ سۆزلەۋاتسىمۇ، ھەقىقىي ئەھۋال كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتەتتى.

ئەنە، راشىدىن كېسىلگەن قولىنى زىڭىلداپ ئاغرىۋاتقان نىيازنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ:

— نىياز...... مە- مەن...... مەن ھەقىقەتەن سېنى تونۇيالماپتىمەن، جېنىم دوستۇم! مېنى كەچۈرگىن! — دېگىنىچە ئۆزىنى كاچاتلايتتى، نىياز راۋۇكنىڭ ئەسلىدە راشىدىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ تېڭىرقايتتى. خودەك بولسا نېمە قىلارىنى بىلمەي تامغا يۆلىنىپ قالغانىدى، كېيىن راشىدىن نىيازنى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا باشلاپ كىردى. ئۇ چەكسىز پۇشايمان ئىچىدە نىيازنى دوختۇرخانىغا ئاپارماقچى بولغان بولسىمۇ، نىياز بۇ ھالدا سىرتقا چىقسام راشىدىنغا بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالىدۇ دەپ قوشۇلمىدى. راشىدىن نىيازنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي قولىدىن تارتتى، بىراق نىياز ئۇنىڭ قولىنى سىلكىۋېتىپ:

— سەن نېمىشقا راۋۇك بولۇۋالدىڭ؟ تاھىر ماگا، راۋۇك باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىدۇ دېگەن ئىدىغۇ!؟ بىراق، سەن نېمىشقا بۇنچە ئۆزگىرىپ كەتتىڭ؟ ئېيتە! زادى نېمىشقا؟ — دېگىنىچە يەنە ھەسرەتلىك ياش تۆكتى. راشىدىن پۇشايماننىڭ قاقشاتقۇچ

زەربىسگە بەرداشلىق بېرەلمەي، چىلى تۇگۈلگەن مۇشتۇملىرى بىلەن تامغا بىرنەچچىنى ئۇرۇۋەتتى، ئۇرۇۋەتتىلا ئەمەس، پېشانىسى كۆكەرگۈدەك زەربە بىلەن بىرنەچچىنى ئۇسۇۋەتتى.

— يۇرتتىن چىقىپلا سىلەرنىڭ مېنى ئىزدەپ تېپىۋېلىشىڭلاردىن ئەنسىرەپ ئىسمىمنى راموكقا ئۆزگەرتىۋالغانىدىم، بۇنداق بولۇشىنى بىلمەپتىمەن، گېپىمگە ئۇنىغىن، سېنى هازىرلا دوختۇرخانىغا ئاپىراي!— راشىدىن شۇنداق دېگىنىچە پۇشايماندىن بوغۇلاتتى. نىيازنىڭ ئىچىنىشلىق هالى ئۇنى هەقىقەتەنمۇ ئۆمۈرلۈك هەسرەتكە بوغۇپ قويغاندەك قىلاتتى.

نىياز راشىدىنىڭ تەلپىنى ئاۋۋالقىدەك رەت قىلىپلا قالماستىن، ئۇنى يەنە ۋىجدانىنى سوراقلايدىغان ئۆتكۈر سوئاللارغا كۆمۈپ تاشلىدى، شۇڭا ئۇ هەسرەت ئىچىدە ئۆزىنى ئەيىبلەپ، نادامەت چېكىشتىن باشقا نىيازنى قانائەتلەندۈرگۈدەك جاۋاب بېرەلمىدى.

كېيىنكى بىرنەچچە كۈن ئىچىدە راشىدىن خودەك بىلەن نىيازنى كۆڭۈلدىكىدەك كۈتۈپ، سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، بىراق روهىي هالىتى ئانچە ياخشىلانمىدى. شۇنداقتىمۇ راشىدىنغا هازىر خودەك بىلەن قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ ئىپلاسلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى تەكرار چۈشەندۈردى، هەرهالدا ئۇنىڭ بۇ يولدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ئۈنۈمىنى كۆرسەتتى، راشىدىن نىيازنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ: ئىلگىرى توغرا يولدا هالال ياشاپ كەلگەن بولسىمۇ، يېقىندىلا خودەكنىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن بۇ تۈيۈق يولغا كىرىپ قالغانلىقىنى، ئەمدى قاتتىق پۇشايمان قىلغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇ چاغدا ئىككىسىنىڭ پاراڭلىرىنى ياندا تۇرۇپ ئاڭلاۋاتقان خودەكنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ، قوشۇملىرى تۈرۈلدى.

— راموك، ئىككىڭلار تېپىشىۋېلىپلا بىر ئوبدان تاپاۋىتىمىزدىن

قول ئۈزسەڭلا قاملاشماس، مەن تېخى بۇ دوستىمىز سىپىمىزگە قوشۇلسا، كېيىنكى ئىشلار تېخىمۇ ياخشى بولۇپ كېتىدۇ دەپ ئويلاپتىمەن، بىراق بايىدىن بېرىقى گېپىڭلار پەقەت قاملاشمىغىلى تۇردى. سىلەر ئۆزۈڭلەرنىڭ گۇاڭجۇۋدا تۇرۇۋاتقانلىقىڭلارنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ قانداق؟ — دېدى مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا.

شۇئان نىيازنىڭ ۋۇجۇدى سىلكىندى، ئۇ خودەكنىڭ دەككىسىنى بېرىشنى ئويلاپ تۇراتتى، ئاڭغىچە راشىدىن ئالدىراپ ئېغىز ئاچتى:

— نىيازمۇ خاتا گەپ قىلمىدى، بىز ئىلگىرى بىر مەھەللىدە ئويناپ چوڭ بولغان، بىرسىمىزنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە ......

— نېمە دەۋاتىسەن! بۇ يەردە كىمنىڭ بېشىغا كۈن چۈشۈپتۇ؟ بىر ئوبدان تۇرۇۋاتمامدىمىز مانا! ھېلىمۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى ھېچ ئىش قىلماي، دوستۇڭنى كۈتتۇق! ئەمدى ئىشىمىزنى قىلىۋەرسەك بولۇۋېرىدىغۇ! — دېدى خودەك راشىدىننىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەيلا.

نىياز تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى. راشىدىننىڭ توسۇشىغا قارىماي سۆزلەشكە باشلىدى:

— مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى سىلەر تاھىر بىلەن ئىككىمىزنى ياخشى كۈتتۇڭلار، بۇنىڭغا مەن رەھمەت ئېيتىمەن، كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم، مېنىڭ راشىدىنغا توغرا يولدا مېڭىش توغرىسىدا دېگەنلىرىم ئەلۋەتتە مۇشۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىگە قىلغان نەسىھەتىم، خالاس. بەلكىم بۇ گەپلىرىم ھازىرچە سىلەرنىڭ قۇلىقىڭلارغا ياقماسلىقى مۇمكىن، ئەمما ئوبدانراق ئويلاپ بېقىڭلار، بۇ دۇنيادا ھەرقانداق يامان ئىشنىڭ ئاخىرىدا سورىقى بولماي قالمايدۇ......

— بولدى، سەن گۇاڭجۇۋغا كېلىپلا بىزگە نەسىھەت قىلغۇچى بولما، بىلسەڭ مەن گۇاڭجۇۋغا كەلگەنلەرنىڭ ئەڭ

كونىسى، ئېنىقراق دېسەم، باشقىلار بۇ يەرگە پويىزدا كەلگەن بولسا، مانا مەن قارا ماشىنىنىڭ كوزۇپىدىكى يۈكنىڭ ئارىسىدا كەلگەن. قىسقىسى، مەن بۇ يەردە ئاقمىغان دەريا، چۈشمىگەن كۆل يوق، ئىشەنمىسەڭ ماۋۇلاردىن سوراپ باق!

— خودەك ئاكا، سەن بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئەھۋالنى ئېنىق بىلدىڭ، مەن راشىدىننى ئىزدەپ تاپقۇچە كۆپ جاپالارنى تارتتىم...... بىز ئەمدى......

— راموۇك! سەن نېمانداق بېشىڭنى چاترىقىڭغا تىقىپ ئولتۇرىسەن! سېنىڭ ئوغۇلبالىچىلىقىڭ مۇشۇمىدى!؟ خېلى ئەقلى بار دەپ ئويلىسام، زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرىسەنغۇ! ياخشىسى سۆەنيۈەنلىدىكىدەك ئىش بۇ يەردە يۈز بېرىپ قالمىسۇن!

خودەكنىڭ بۇ گېپىدىن كېيىن راشىدىن سەل جىددىيلىشىپ قالدى، باياتىن بۇلۇڭدا ھاڭۋېقىپ ئولتۇرغان راجى ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ خودەككە:

— ئاكا، مەن تاھىر بىلەن ئىشىمغا مېڭىۋېرەي، — دېدى. ئاندىن ياندا تۇرغان يەشكتىن ئىككى دانە دۇربۇننى ئېلىپ تاھىر بىلەن ئىككىسى سىرتقا چىقىپ كەتتى.

خودەكنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان يەكچەشمە ئارىلاپ يېنىدىكى غىلپىنى سىلاپ قوياتتى، ئارىدا كىشىنىڭ يۈرىكىنى سىقىدىغان تىمتاسلىق بىردەم ھۆكۈم سۈردى، ئەتراپ جىمجىت بولغان بىلەن ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىدە زور داۋالغۇش بولۇۋاتاتتى. بۇنىڭدىن كېيىن ئىلگىرىكى يولدىن ۋازكەچمەسلىك بىلەن، ئۇ يولنى دەرھال ئۆزگەرتىش ئوتتۇرىسىدا جىددىي كۈرەش داۋام قىلىۋاتاتتى، نىياز بىلەن راشىدىننىڭ ئويىچە خودەك ئىلگىرىكى يولنى داۋاملاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ ئۇنى بۇزۇشقا ئۇرۇنغانلارغا يول قويمايدىغاندەك قىلاتتى، بۇنداق بولغاندا ئارىدا بىرمەيدان قانلىق ماجىرانىڭ يۈز بېرىشى ئېنىق ئىدى. راشىدىننىڭ خىيالى مۇشۇ

دوقاللارغا كەلگەندە تېنى ئىختىيارسىز شۈركۈندى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خودەك بايا گەپ ئارىسىدا ئىلگىرى سۆەنيۈەنلىدە يۈز بەرگەن ماجىرانى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتتى. دېمىسىمۇ ئۇ چاغدىكى پالتا، قىڭراق بىلەن ئۆزئارا چېپىشىشتەك قانلىق ماجىرا راشىدىنىنىڭ كۆز ئالدىدىن ھازىرغىچە نېرى كەتمىگەنىدى. شۇڭا بۈگۈن خودەكنىڭ سۆەنيۈەنلىنى تىلغا ئېلىشى ماھىيەتتە راشىدىنغا بېرىلگەن سىگنال ئىدى. راشىدىنمۇ نىيازنىڭ ئۆزىنى گۇاڭجۇۋدىن ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن قەتئىي ئىرادىگە كەلگەنلىكىنى بىلگەچكە، ئاخىرقى ھېسابتا خودەك بىلەن مۇشۇنداق بىر خىل سۈركىلىشنىڭ يۈز بېرىشىنى ھېس قىلىپ ئۈلگۈرگەنىدى. راشىدىن ئىمكان بار ئۆزىنى دەڭسەپ، كەيپىياتنى تۇراقلاشتۇرۇشقا تىرىشۋاتاتتى.

— خودەك ئاكا، قارىغاندا سەن بىزنىڭ كېتىشىمىزگە يول قويمايدىغاندەك تۇرىسەن. بولىدى، مېنىڭ سەن بىلەن جېدەللەشكۈم يوق، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا راشىدىنلا بار. ئۇ مەن بىلەن كېتىش ياكى كەتمەسلىكنى ئۆزى قارار قىلسۇن، قانداق، مۇشۇنداق قىلساققۇ ئادىل بولار؟ — دېدى نىياز ئارىدىكى جىملىقنى بۇزۇپ.

ئۇ مەسىلىنىڭ دەل نېگىزىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى، خودەك دەرھال راشىدىنغا تىكىلدى، ئۇنىڭ سەل ئۆڭگەن چىرايىدا «ساڭا قىلغان ياخشىلىقلىرىمنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ مەن تەرەپتە تۇرارسەن» دېگەندەك مەنىلەر گەۋدىلىنىشكە باشلىدى، راشىدىن ئويلىنىپ قالدى، گەرچە ئۇ نىياز بىلەن ئۇچراشقاندىن بېرى ئانا يۇرتىنىڭ ۋىسالىغا قايتىدىن تەشنا بولغان ھەمدە قەدىناس دوستلىرىنىڭ مېھرىگە شۇنچە تەلپۈنۈپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق خودەكمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئەڭ مۇشكۈل ھالغا چۈشۈپ قالغاندا ئەسقاتقانىدى، يامان يېرى ئۇ ئەينى ۋاقىتتا خودەككە قول بەرگەندە، ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقى

ھەققىدە ئەھدە قىلغانىدى. ئەپسۇس، ئەمدى ئۇنىڭ ئەقىدىسى كۆتۈلمىگەندە جىددىي سىناققا دۇچ كېلىۋاتاتتى.

— بوپتۇ، مەنمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالاي، ئارىمىزدىكى ئىشنى سەن دېگەندەك راۋۇرۇس ئۆزى ئايرىسۇن، مېنىڭچە راۋۇرۇسنىڭ ۋىجدانى بار، ئىشلارنى ئۆزى ياخشى دەڭسىيەلەيدۇ، قورساق ئېچىپ كەتتى، گېپىمىزنى بىرنەرسە يەپ بولغاچ دېيىشەيلى، مەن يەيدىغان نەرسە ئېلىپ كىرەي، ئۇنىڭغىچە راۋۇرۇس ئويدىن ئويلانسۇن، ئىككىڭلارمۇ مەسلىھەتلىشىپ كۆرۈڭلار، مېنىڭچە بىز چېچىلىپ كەتمەي بىرلەشسەك، چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قىلالايمىز، — خودەك شۇلارنى دېگەنىدىن كېيىن يەكچەشمىنى ئەگەشتۈرۈپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

— ئاداش، ساڭا دېسەم ئۆز ۋاقتىدا خودەكمۇ ماڭا ناھايىتى چوڭ ياردەم قىلغان، نېمە بولسا بولسۇنكى، سېنىڭ ئىختىيارىنى ماڭا قويغانلىقىڭدىكى مەقسىتىڭنى چۈشىنىمەن، ئەمدى بىلىۋاتىمەن، خودەك مەن ئويلىغاندىنمۇ نەچچە ھەسسە ھىيلىگەر ئىكەن، بىز ھەر ھالدا تىنچ، خاتىرجەم كېتىۋېلىشىنىڭ ئامالىنى قىلايلى، سەن بىلمەيسەن، خودەكنىڭ شوركىلىرى كۆپ، ئۇلار جېدەل چىقىرىشتىن پەقەت قورقمايدۇ، شۇڭا خودەك بىلەن ئالدىراپلا تۇتۇشۇپ قالمايلى، — دېدى راشىدىن ئىشىككە ئەنسىز ھالدا قاراپ قويۇپ.

نىياز راشىدىننىڭ مۇشۇ گەپلىرىنى دېگەنىدىكى ئەنسىز ھالىتىدىن ئۇنىڭ خودەكنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ كېتىشكە تازا كۆزى يەتمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

— بىلدىم، مەقسىتىمنى چۈشەنگەن بولساڭلا بولدى، مېنىڭ ئىختىيارىنى ساڭا قويغىنىم، ئەلۋەتتە خودەك بىلەن ئارىمىزدا جېدەل - ماجىرانىڭ يۈز بەرمەسلىكى ئۈچۈنغۇ!؟ مۇھىمى سەن ئەمدى كەسكىنرەك بول.

— مەن بۇ مەقسىتىڭنى بايىلا بىلىپ بولغان...... شۇ خودەكنىڭ بۇرۇن ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرىمۇ بار.......
— دوستلۇققا ۋاپادار بولۇش ئەلۋەتتە دۇرۇس ئىش، ئەمما دوستۇڭنىڭ تۇتقان يولىغا قاراش ھەممىدىن مۇھىم، كۆزىتىشىمگە قارىغاندا سەن خودەكنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن بۇ يامان يولغا كىرىپ قاپسەن. قارىماققا سەن خودەكنىڭ غوجايىنىدەك كۆرۈنسەڭمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلەيدىكەنسەن، يەنى پۇت - قول سەندىن، ئەقىل ئۇنىڭدىن ئىكەن. سەن ئۆزۈڭنى كارامەتلىك قىلىپ نىقابلاپ، بۇ تەرەپلەرگە ئېزىپ - تېزىپ كېلىپ قالغان باللارنى قورقۇتۇپ بېرىپسەن، خودەك ياندا تۇرۇپ نەپ ئاپتۇ، شۇنداقمۇ؟
— نىياز، سەن بەكمۇ ھوشيار بولۇپ كېتىپسەنغۇ!؟ بۇ ئىشلارنى ئەجەب تېز بىلىۋاپسەن.
— تېخى ئۆزۈڭنى باشقىلارغا بۇ تەرەپلەرگە ئالدىنىپ كېلىپ قالغان سەرگەردان باللارنىڭ بېشىنى سىلايدىغان قىلىپ كۆرسەتكىنىڭ قىزىق ئەمەسمۇ! بۇمۇ خودەكنىڭ ئەقلىدۇر ھەقاچان، قارىغاندا خودەك ھىيلىگەرلىكتە ئۇچىغا چىققان نېمىكەن، سەن يەنە مۇشۇ يولدا ماڭىمەن دەيدىكەنسەن، مەن ئەمدى سېنى بوش قويۇۋەتمەيمەن!
— توۋا خۇدايىم! سەن ھەممىنى بىلىپ بوپسەنغۇ!
— بولدى، گەپ قىلماي تۇرغىن، سۆزۈم تېخى تۈگىمىدى، بۈگۈن بىلدىم، خودەك بىزنىڭ يولىمىزدا ماڭمايدىكەن، يامان يېرى بىزنى ئۆز يولىمىزغا چىرايلىقچە ئۇزىتىپ قويۇۋەتمەسمۇ خالىمىغۇدەك، بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ دېگىنىم بويىچە يول تۇتساڭ سېنى ئەپۇ قىلىۋېتىمەن. گېپىمنىڭ مەنىسىنى چۈشەندىڭمۇ؟
— چۈشەندىم، دېگىنىڭدەك قىلىمەن، ئاداش، بۇ ئىشلارنىڭ

تېگىنى بىلىۋالغانلىقىڭغا بەكمۇ ھەيران بولۇۋاتىمەن. بىز ئىشنى ئەمدىلا باشلاپ تۇراتتۇق، تەقدىرنىڭ بىزنى بۇ يەردە ئۇچراشتۇرغىنىنى كۆرمەمدىغان!
— بۇنچىلىك ئىشنى بىلمەيدىغان كالۋا ئەمەسمەن، قارىسام سەن ھەممە ئىشتا ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئالىدىكەنسەن، قىزىق يېرى، ئۆزۈڭنى نىقابلاپ باشقىلارغا سۇرلۇك كۆرسىتىدىكەنسەن، خودەكمۇ سېنى باشقىلارغا قورقۇنچلۇق ھەم ياۋۇز قىلىپ كۆرسىتىدىكەن. ئەمەلىيەتتە سەن ئۇنىڭ ئۇچۇن ئىشلەيدىكەن-سەن، بۇ ئىككىڭلارنىڭ ئويۇنىغۇ دەيمەن!
— راست دېدىڭ، مەن گۇاڭجۇۋغا كېلىشتىن ئىلگىرى خودەك گۇاڭجۇۋدا كاۋاپخانىدا ئىمكار بولۇپ ئىشلەپتىكەن، ئۇنى بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى تونۇيدىكەن. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ مېنى يېنىغا تارتىپ بېشىمنى سىلىغان، يەنە......
— گەپ مانا مۇشۇ يەردە، سەن بۇ يەرگە يېڭىدىن كەلگەچكە سېنى كۆپ ئادەم تونۇمايدۇ، شۇڭا سەن كارامەتلىك ئادەم بولۇۋالدىڭ، بۇ ئەقىلنى ساڭا خودەك كۆرسەتكەن، شۇنداقمۇ؟
— ھەئە، ئۇ شۇنداق دېگەن.
— بۇنى بىلىش تەس ئەمەس، خودەك بىلەن قىلىشقان ۋەدەڭنى ئۇنتۇماپسەن، ئەجەب بىز كەنجىلەرنىڭ ئاقتاش دەرياسىنىڭ بويىدا قىلىشقان ۋەدىمىزنى ئۇنتۇدىڭما؟
— ئېسىمگە سالمىغان بولساڭ ئۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتەركەنمەن، مېنى سەن ئەپۇ قىلغاندىكىن، بۇنىڭدىن كېيىن مەنمۇ سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلايمەن، ھەممە ئىشنى دېگىنىڭ بويىچە قىلىمەن، — راشىدىن شۇلارنى دېگەندىن كېيىن ئويلىنىپ قالدى، دېمىسىمۇ ئۇ نىيازنىڭ خودەكنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى شۇنچە ئېنىق بىلىۋالغانلىقىغا ئەجەبلىنىۋاتاتتى.
ھەقىقەتەنمۇ راشىدىن بىلەن خودەكنىڭ مۇناسىۋىتى نىياز

پەرەز قىلغاندەك ئىدى، يەنى راشىدىن گۇاڭجوۇدا خودەك بىلەن تونۇشۇپ كاۋاپخانىدا ئىشلەۋاتقاندا خودەك ئۇنىڭغا، يىقىندىن بىرى بىر قىسىم ئادەم بىدىكلىرىنىڭ شىنجاڭدىن بۇ تەرەپكە ئۆسمۈر باللارنى ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئۇلاردىن پايدىلىنىپ پۇل تاپىدىغان ياخشى بىر ئىشنى ئويلاۋاتقانلىقىنى ئېيتقانىدى، گەرچە راشىدىن بۇ ئىشنىڭ خەتەرلىكلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ خودەكنىڭ رايى ئۇچۇن ۋاقتى كەلگەندە ياردەملىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. دىمىسىمۇ بۇ تەرەپلەردە تاپاۋەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى يۇرتۋازلىقنىڭ كاساپىتىگە يەتكۈچە ئۇچراپ كېلىۋاتقان راشىدىن ئۇچۇن، خودەك ئاسان ئۇچرىمايدىغان ساخاۋەتچى غەمگۇزار ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن خودەكنىڭ پىلانى ئەينى ۋاقىتتا راشىدىنغا خام خىيالدەكلا بىلىنگەنىدى، بىر مەزگىل ئۆتۈپ خودەك بىلەن راشىدىن كاۋاپخانىدىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ، خودەك ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان تۇرالغۇغا كەلدى، شۇنىڭدىن كىيىنلا راشىدىنغا ئەپسانىدەك تۇيۇلغان بۇ ئىشنىڭ جىنى چاپلاشتى، شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە خودەك راشىدىنغا ھەقىقەتەنمۇ قورقۇنچلۇق پىلانلىرىنى تەپسىلي چۈشەندۈردى:

— يۇرسەت پىشىپ يىتىلدى، ئەمدى ئىككىمىز خەقتە يالىنىپ يۈرمەي، مۇستەقىل ھالدا باشقىلارنى يالاپ، پۇل دىگەننى پاتمانلاپ تىپىپ، بۇرۇن بىزنى بوزەك ئەتكەنلەرگە ئۆزىمىزنى تازا كۆرسىتىپ قويىمىز، ئەتە بۇ يەرگە بىرسى ئۇچ بالىنى باشلاپ كېلىدۇ، ھازىرچە ئىشنى شۇلار بىلەن باشلاپ تۇرىمىز، كىيىنچە باللارنى كۆپەيتىمىز. ئۇلار ساياھەت ئورۇنلىرىغا دۇربۇن ساتىدىغان قىياپەتتە بىرىپ يانچۇق كولايدۇ. بىلسەڭ بۇ تەرەپلەرگە ئەڭ باي كىشلەر كېلىدۇ......

— ئۇنداق قىلمايلى، چاتاق چىقىدۇ، مەن قورقىمەن......—

كۆتمىگەنىدە راشىدىن شۇنداق دەپ خودەكنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ قويدى.

خودەكنىڭ تازا ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، مەقسىتىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— بويۇڭ تۆگىدەك بولغان بىلەن ئەقلىڭ نېمانچە كوتا سېنىڭ؟ نېمىدىن قورقاتتىڭ! بۇ كۆپ پۇل تاپقىلى بولىدىغان ئىش تۇرسا! دائىم: كۆپرەك پۇل تېپىپ يۇرتۇمغا بېرىپ كەلسەم بولاتتى دەيسەن، مانا مۇشۇ كۆپ پۇل تاپقىلى بولىدىغان ئىشقۇ!

— مېنىڭ دېگىنىم، بۇ يامان ئىشكەن، ساقچىلار تۇتۇۋالسا...... ئۇنىڭدىن كۆرە ھالال ئىش قىلايلى دەيمەن......

— مەن سېنى كوچىغا چىقىپ يانچۇق كولا دېمىدىم، گېپىمنى ھوشۇڭنى يىغىپ ئاڭلا! سەن كۆرۈنۈشتە بىزگە باش بولىسەن، سىرتقا چىقماي ياتاقتا تۇرىسەن، يەنى ھەرقانداق كۈچلۈك ئادەمنىمۇ ئۇرۇپ يېقىتالايدىغان، پىچاق بىلەن ئادەمنىڭ قارنىنى چۇۋۇۋېتىدىغان رەھىمسىز ئادەمنىڭ سىياقىغا كىرىسەن، تەپسىلىي دېسەم، بېيجىڭ، شاڭخەي تەرەپلەردە نامىڭ تارقالغان يامان ئادەم بولىسەن، گېپىمگە كۆنمىگەنلەرنى سەن جازالايسەن، ئەمدى بىلدىڭمۇ؟

— ياق- ياق...... مەن جازالىيالمايمەن، كىچىك باللارنى ئۇرالمايمەن...... بىز ياخشىسى كاۋاپخانىغا كېتەيلى.

خودەكنىڭ ئەرۋاھى ئۇچقان بولسىمۇ، يەنىلا تاقەت قىلىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— جىم تۇرە، گېپىمنى قىلغىلى قويۇپ! تازا كالۋا نېمىكەن بۇ! مەن سېنى ئادەم ئۇرىسەن دېمىدىم، شۇنداق ئۇرالايدىغان ئادەم سىياقىغا كىرىپ، پەقەت قورقۇتۇپ قويىسەن، خالاس. ئەگەر مەن گۇاڭجۇنىڭ كونىسى بولمىغان، بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار مېنى تونۇمىغان بولسىدى، بۇنداق ئاسان ئىشنى ساڭا بەرمەي،

ئۆزۈم قىلاتتىم! ياتاقتا جىم ئولتۇرىدىغان ئىش تۇرسا بۇ! گېپىمگە كىرسەڭ بىرنەچچە ئايغا قالماي پۇلغا كۆمۈلۈپ كېتىمىز.

راشىدىن خودەكنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئىككىلىنىپ قالدى، ئۇنىڭ ئىدىيەسىدە جىددىي توقۇنۇش بولۇۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. بىردەمدىن كېيىن چىرايى ئاستا- ئاستا ئېچىلىشقا باشلىدى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ خودەكنىڭمۇ تۇرۇلگەن قوشۇمىلىرى ئەسلىگە قايتتى. راشىدىنىنىڭ ئەقلىنى كەلگۈسىدە قەددىنى تىك كۆتۈرۈپ، خۇشال ھالدا ئاقتاشقا يەتكۈزىدىغان پۇل ئىللىق قوينىغا چىللاپ كەتكەنىدى. سىرتقا چىقماي تەييار تاماقنى يەپ پىنھاندا ياشايدىغان بۇ ئىش راشىدىنغا ياراپ قالدى. ئەتىسى چۈشكە يېقىن يەكچەشمە ئون نەچچە ياشلاردىكى ئۈچ بالىنى باشلاپ كەلدى، خودەك ئۇلارغا «رامۇك ئاكامنى رازى قىلمىساڭلار، ئۇ سىلەرنىڭ تېششىڭلار بىلەن بۆرىكىڭلارنى سۇغۇرۇۋالىدۇ، كىندىكىڭلاردىن ئۈچىيىڭلارنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ بوينۇڭلارغا ئوراپ قويىدۇ، جىگىرىڭلارنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ مايدا پىشۇرۇپ يەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرۈش خۇددى چىۋىننى ئۆلتۈرگەنچىلىك ئىش......» دېگەندەك ۋەھىمىلىك سۆزلەرنى قىلىپ يەتكۈچە قورقۇتتى، كېيىن بالىلار خودەك ئالدىن تەييارلاپ قويغان دۇربۇندىن ئىككىدىن ئېلىپ سىرتقا چىقىپ كېتىشتى. نىيازنىڭ تاھىرغا ئەگىشىپ راشىدىننى ئىزدەپ گۇاڭجۇۋغا كېلىشى دەل ئۇلارنىڭ مۇشۇ ئىشنى باشلىغان كۈنلىرىگە ئۇدۇل كەلگەنىدى.

خودەك سىرتتىن بىرقىسىم يېمەك - ئىچمەكلەرنى ئېلىپ قايتىپ كەلگەندە راشىدىن بىلەن نىياز ئۇيغا پېتىپ ئولتۇراتتى، ئۇلار قورساقنى توقلاۋاتقاندىمۇ ئۈنچىقىشمىدى، ئەمما بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىدىكىنى پەرەز قىلىشقا ئۇرۇنۇپ ئارىلاپ يەر تېگىدىن بىر- بىرىگە قاراپ قويۇشاتتى، بولۇپمۇ خودەك راشىدىنغا بەكرەك دىققەت قىلىۋاتاتتى. ئاخىرىدا يەنىلا خودەك ئېغىز ئاچتى:

— قانداق، راموٗك، ھېلىغىچە بىر قارارغا كەلگەنسەن، مۇشۇ يەردىلا كۆڭلۈڭدىكىنى دېۋەتكىن، قېنى ئېيتە، مەن بىلەن قالامسەن ياكى ماۋۇ دوستۇڭ بىلەن كېتەمسەن؟

— مەن كىچىك ۋاقتىمدىن باشلاپ مۇشۇ نىياز بىلەن بىر مەھەللىدە ئويناپ چوڭ بولغانمەن، دېمەكچى بولغىنىم يۇرتتىن ئايرىلغىنىمغىمۇ ئۇزاق بولدى، ئاتا- ئانامۇ ......

— ماڭا تولا ھېكايە ئېيتىپ بەرمەي، نەق گەپنى دېگىنە!

— بۇنداق خاپا بولغىلى تۇرساڭ گېپىمنى دېيەلمەيدىكەنمەن، مېنىڭ دىلىمنى رەنجىتكۈم يوق شۇ.

— بولدى سورىمىغان گەپنى قىلما! كۆڭلۈمنى رەنجىتكۈڭ يوق بولغان بىلەن، بۇ يەردىن دوستۇڭ بىلەن كەتكۈڭ بار، شۇنداقمۇ؟

— يوشۇرسام بولمايدۇ، راست مەن كەتمىسەم بولمايدۇ...... چوقۇم......

— بولدى، ئەمدى گەپ قىلما، چۈشەندىم، مەن مۇشۇنداق بولۇشنى بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى بىلىپ بولغان، بىراق سېنى ئەقلىگە كېلىپ قالار دەپ ئويلىغانىدىم، ماقۇل ئەمىسە، سېنى مەقستىڭگە يەتكۈزۈپ قوياي، راست، كېتىشكە ئالدىرىماي تۇر، ئەتە سۆەنيۆەنلىدىكى دوستلىرىم يېتىپ كېلىدۇ، سېنى داغدۇغىلىق- راق ئۇزىتىپ قويايلى، قانداق ......

راشىدىن ئۈنچىقمىدى، نىياز ئۇنىڭغا يالتىيىدە قاراپ قويغاندىن كېيىن، نەزەرىنى خودەككە ئاغدۇردى.

— خودەك ئاكا، — دېدى ئاندىن سەممىي ھالدا، — ئاڭلىسام سەن راشىدىنغا ئىلگىرى كۆپ ياخشىلىق قىپتىكەنسەن، بايا سەن سىرتقا چىقىپ كەتكەندە راشىدىن ماڭا ھەممىنى دەپ بەردى، كىشىنىڭ كىشىدە قالماپتۇ دېگەن گەپ بار، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە بىزمۇ ئۇ ياخشىلىقىڭنى قايتۇرىمىز، بۇ قېتىم بىزنى چىرايلىق يولغا سېلىپ قويغىن، راشىدىن يۇرتقا بېرىپ ئاتا- ئانىسى بىلەن

كۆرۈشۈپ كەلسۇن، بىز كۈنىمىزدا ئاشخانا ئاچقان، خالىساڭ بىز تەرەپكە ئۆتەرسەن.

نىياز بۇ گەپلەرنى شۇنداق تەبىئىي ھالدا دېدىكى، راشىدىن ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن سۆيۈندى، كۆڭلىدە قانداقتۇر شۇملۇقنى پىلانلىغان خودەك نىيازغا مەنسىتمەسلىك نەزەرىدە قاراپ بىرنېمە دېيىشكە تەرەددۇتلىنىۋىدى، ئۇشتۇمتۇت ئىشىك ئەنسىز ئېچىلىپ، چىرايىنى ئالاقزادىلىك قاپلىغان راجى ھاسىراپ ـ ھۆمۈدىگىنىچە كىرىپ كەلدى ـ دە ئەنسىز تەلەپپۇزدا دېدى:

ــ چاتاق بولدى! تاھىر ئاكام ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى! ئۇ بەكمۇ قورقۇنچاقكەن، مېنى ساقچىلارغا تۇتۇپ بەرگىلى تاسلا قالدى. ئاكىلار، چاپسان بولۇڭلار! تاھىر ئاكام ھايالىشمايلا ساقچىلارنى بۇ يەرگە باشلاپ كېلىدۇ، بۇ يەردىن كېتەيلى!

ئۇ بۇلۇڭدىن نىمكەش بىر سومكىنى قولىغا ئېلىۋىدى، خودەك ئالدىراش ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ:

ــ ۋۇ ھاراملىقلار! سەنلەر بىلەن كېيىن ھېسابلىشىمەن! بوينۇڭنى ئۈزۈۋەتمىسەم ھېساب ئەمەس ئىگەكىم! ــ دېدى غەزەپ بىلەن، كېيىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالمىغاندەك خىرامان ئولتۇرغان يەكچەشمىگە قاراپ ۋارقىرىدى، ــ نېمىگە ھاڭۋېقىپ ئولتۇرىسەن؟ چاپسان سومكىنى تەييارلىمامسەن!

ئاندىن جىددىيلەشكىنىچە تۆر ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ــ بىز نېمىگە قاراپ تۇرىمىز؟ چاپسان ماڭايلى! ــ دېدى نىياز راشىدىنغا قاراپ ئالاقزادە بولغان ھالدا.

راشىدىن ھاڭۋېقىپ تۇرغانىدى، راجى كېلىپلا قولىدىن تارتتى.

ــ مېنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىم...... خو ـ خودەك......

ئۇ...... ــ دېدى راشىدىن كەينىگە تىرەجەپ.

ــ ئۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن! تېز ماڭ! ــ نىياز شۇنداق دەپلا سىرتقا قاراپ تېز قەدەم بىلەن ماڭدى.

ئۇلار كوچىغا چىققاندىن كېيىن نىياز قاياققا مېڭىشنى بىلمەي تەمتىرەپ قالغانىدى، كەينىدىن راشىدىن بىلەن ئەگىشىپلا چىققان راجى:

— نىياز ئاكا، كەينىمدىن مېڭىڭلار! سىلەرنى تاھىر ئاكامنىڭ يېنىغا باشلاپ بارىمەن، ئۇنى ساقچىلار تۇتۇۋالمىغان! — دەپلا يان تەرەپتىكى تار كوچىغا قاراپ تېز قەدەم بىلەن ماڭدى، نىياز راشىدىننىڭ قولىدىن تارتىپ راجىنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى.

ئۇلار ئۇزاق ئۆتمەيلا ئازادە ئاسفالت يولغا چىققاندا راجى تاكسى توستى، نىياز بىلەن راشىدىن تاكسىغا چىقىپ ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ شوپۇرغا قاراپ «خوچىزەن» دېدى، راشىدىن بۇنىڭدىن گاڭگىراپ قالدى. نىياز راجىنىڭ بايا ھەممەيلەننى پاتىپاراق قىلىۋېتىشىدە يوچۇن مەقسەتنىڭ بارلىقىنى يۈزە ھېس قىلدى.

— تاھىر نەدە؟ ئۇنى راستىنلا ساقچىلار تۇتۇۋالمىغانما؟ — دېدى ئۇ ماشىنا قوزغالغاندىن كېيىن راجىغا قاراپ.

— خاتىرجەم بول، نىياز ئاكا، سىزنى تاھىر ئاكامنىڭ يېنىغا باشلاپ بارىمەن.

دەرۋەقە ئەمدى ئۇنىڭ چىرايىدىكى جىددىيچىلىك يوقالغانىدى، ئارىدا راشىدىن راجىدىن نېمىنىدۇر سورىماقچى بولۇۋىدى، نىياز شوپۇرنى ئىما قىلىپ جىملەپ قويدى. كىرا ماشىنىسى ھەيۋەتلىك بىنالارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن پويىز ئىستانسىسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار ماشىنىدىن چۈشۈپ تۇرغاندا يەردىن ئۈنگەندەكلا تاھىر پەيدا بولۇپ، قولىدىكى پويىز بېلەتنى ھەممەيلەنگە تارقىتىپ بېرىپ:

— چاپسان بولۇڭلار! پويىز قوزغىلىشقا ئازلا قالدى! — دېگىنىچە نىيازغا قاراپ ھەيبارلىق بىلەن كۆزىنى قىسىپ قويدى. ئارىدىكى ئىشلار ئالدىن ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغاندەك شۇنچە تېز

ھەم شۇنچە تەرتىپلىك بولدىكى، نىياز بىلەن راشىدىن ئارىدا نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلىشكە ئۈلگۈرمەيلا پويىزغا چىقىپ ئورۇن ئالدى، شۇ تاپتا راشىدىننىڭ خىيالىدا كەينىمىزدىن ساقچىلار قوغلاپ كېلىشى مۇمكىن دېگەن ئوي ھۆكۈم سۈرسە، راجى بىلەن تاھىرنىڭ خىيالىدا خودەك شايكىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ قوغلاپ كېلىشى مۇمكىن دېگەن ئەندىشە بار ئىدى. پويىز ئاخىر قوزغالدى، ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى.

— ئۇھ، ئەمدى ياخشى بولدى، ئاكىلار، — دېدى راجى خۇشال ھالدا، — سىلەرگە پىلانىمىزنى بىلدۈرۈشكە ئۈلگۈرمىدۇق، بىلسەڭلار بىز تاھىر ئاكام بىلەن سىلەرنى خودەكنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قىزىق بىر ئويۇن ئويناپ قويدۇق.

تاھىرمۇ سۆيۈنۈش ئىچىدە تەبەسسۇم قىلدى، راشىدىن بۇرۇنقىدەك گاڭگىراپلا قالغان بولسىمۇ، بىراق نىياز ئۇ ئىككىسىنىڭ تەبەسسۇمىدىكى قالتىس مۆجىزىلەرنى يارىتىپ، ئۆز-ئۆزىدىن سۆيۈنگەن ئادەملەرگە خاس مەنىنى ھېس قىلىپ خۇشاللىققا چۆمدى.

— ئەقلىڭلارغا بارىكاللا، ئەجەب بەلەن ئىش قىلدىڭلار! كىچىك تۇرۇپ ئىش كۆرگىنىڭلارنىڭ پايدىسى - دە، بۇ! بىزگە ئازراقمۇ شەپە بەرمەپسىلەرغۇ! شۇنچە ھىيلىگەر خودەك سىلەرگە ئالدانغانلىقىنى بىلسە نېمە بولۇپ كېتەر - ھە! بايا ساقچىلارنىڭ گېپىنى قىلىۋىدىڭلار، قورقۇپ پۇت - قولۇمدا جان قالمىغىلى تاسلا قالدى مېنىڭ.

نىيازنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ تاھىر زوق - شوخ بىلەن سۆزلەپلا كەتتى:

— خودەك ئەمدى ئېسىلىپ ئۆلۈۋالسۇن! ساڭا دېسەم، نىياز ئاكا، مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئەھۋالنى ئىنچىكە كۆزەتتىم، قارىسام خودەكنىڭ نىيىتى يامان، بىزنى ئاسانلىقچە قويۇپ

بەرمەيدىغانـدەك تۇرسدۇ، ئەتىگەنـدە خودەكنىـڭ چىرايىغـا قـاراپلا ئۇنىڭ بىزنى باپلاش ئۈچۈن پىلان تۈزۈۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالدىم، ئـۇ ئىشىكنىڭ كەيـنىگە ئىككـى دانە قىڭراقنـى تىقىپ قويۇپتـۇ، شۇنىڭ بىلەن ئويلىنىپ مۇشۇ ئامالنى تاپتىم.

تاھىرنىڭ بۇ گەپلىرى راشىـدىنىنىڭ ئەتىـدىن بىـرى قـايمۇقۇپلا قالغان ئەقىل كۆزىنى پاللىدە ئېچىۋەتتى.

— قارىغانـدا راجى بىزنىـڭ سـىپىمىزگە قوشـۇلۇپتۇ - ھە؟— دېدى نىياز راجىغا ھەۋەسلىنىپ قاراپ.

— بۇ بىچارە خودەكنىڭ يېنىدىن قېچىشنى ئـويلىغىلى ئـۇزاق بولغانىكەن، بۇنىڭـدىن كېيىن ئـۇ بىزنىـڭ يېنىمىـزدا تۇرىـدىغان بولدى،— دېدى تاھىر جاۋابەن.

— ھە، ئەمدى بىلدىم! ماۋۇ ئىككـى تازنىـڭ قىلغـان ئىـشىنى كۆرمەمـدىغان! ئەتىـدىن بېـرى مەن بـۇ ئىشلارنىڭ تـېگىگە ھـېچ يېتەلمەي تولا ئويلاپ، مېڭەمنىڭ قېتىقى چىقىپ كەتكىلـى تاسـلا قالدى ئەمەسمۇ!— دېدى راشىدىن خـۇددى مـۇرەككەپ سـوئالنىڭ جاۋابىنى تاپقاندەك خۇش بولۇپ.

— رامۇك ئاكا، سىلەر نەگە بارساڭلار مېنـى شـۇ يەرگە ئېلىـپ كېتىڭلار، بولمىسا خودەكنىڭ قولىغـا چۈشـۈپ قالـسام ئۆلتۈرۈۋې- ـتىدۇ،— راجـى شـۇنداق دەپـلا راشىـدىنغا تەلمـۈرۈش ئىلكىـدە قارىدى.

— رامۇك دېمەي راشىدىن دېگىنە، ئۇكام، سېنىڭ مۇشۇ راجى دېگەن ئىسمىڭمۇ تازا قاملاشماپتۇ، سەن خاتىرجەم بول، بىز سېنى ھەرگىزمۇ خودەككە تاشلاپ بەرمەيمىز، كۈنمىڭدا بىللە تۇرىمىز.

— نېمە، يۇرتقا ئەمەس، كۈنمىڭغا كېتەمدىمىز؟

— قولۇڭـدىكى بىلەتنـى كۆرمـدىڭمۇ؟ تـاھىر سەپىرىمىزنىڭ مەنزىلىنى ئالماقچان كۈنمىڭغا توغرىلاپ بوپتىغۇ! تاشمۇھەممەتنىڭ بۇ چاغقا بىزنى كۈتۈپ كۆزى تۆت بولدى ھەقاچان، - دېدى نىياز

راشىدىنغا ئىشەنچ بىلەن قاراپ.
راشىدىن سۆيۈنۈش ئىلكىدە تاھىرغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. تاھىر ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىدىن راشىدىنىنىڭ رازى بولغانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ خۇش بولۇپ كەتتى.
— رامۇك، ياق راشىدىن ئاكا، مەن توغرا قىپتىمەنمۇ؟ — دېدى تاھىر يەنە ماختانغۇسى كېلىپ.
— سەن تاز بەكمۇ ئەقىللىك بولۇپ كېتىپسەن جۇمۇ، بىراق سەن كۈنمىڭدا ئابلەيكام بىلەن ئاشخانا ئاچتۇق دېگەندەك قىلغان، مەن كۈنمىڭغا بارسام......
— كۈنمىڭدىكى ئىشلاردىن ھەرگىز ئەنسىرىمە، ئابلەيكام مېيىپ بولۇپ قالغان تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ھەممىمىز سېنىڭ دوستلىرىڭ ئەمەسمۇ!
— تاھىرنىڭ دېگىنى توغرا، ئابلەيكام ھازىرقى ئەھۋالدا كونا خامانىنى سورۇپ سەندىن ئۆچ ئېلىپ بولالمايدۇ، بەلكى سېنى چوقۇم كەچۈرۈۋېتىدۇ، — نىيازنىڭ ئىشەنچ بىلەن دېگەن بۇ گېپىدىن كېيىن راشىدىنىنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەندەك بولدى.
— مەيلى كۈنمىڭغا بارساقمۇ بارايلى، ئىشقىلىپ، كۆپرەك پۇل تاپىدىغان ئىش قىلايلى، ئابلەيكامنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئۇنىڭغا ياردەم قىلسام، ئۇمۇ مېنى ئەپۇ قىلىۋېتەر!— دېدى راشىدىن، ئارقىدىنلا نىيازغا «سېنىڭچە قانداق» دېگەندەك مەنىدا قاراپ قويدى.
— ھەقىقەي ئوغۇل بالا - دە، سەن، رامۇك ئاكا! ئاداۋەتنى تاشلاپ دوستلۇقنى قوغدىغانلار ياشاپ كەتسە بولىدۇ جاھاندا!...... مەن چوڭ بولسام چوقۇم سەندەك مەرد ئەزىمەت بولىمەن، — تاھىرنىڭ ھاياجان بىلەن دېگەن بۇ گېپى نىياز بىلەن راشىدىنىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈردى.
— كۆر تېخى! ماۋۇ ساقلاندىنىڭ گەپلىرىدىن ئۆرگۈلەي!

بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئوگشاپ گەپ قىلالماي ئاسلاندەك تىمسقىلاپ يۈرىدىغان سويما ئىدىڭغۇ سەن، نەدىن ئۆگەندىڭ بۇنداق چىرايلىق گەپلەرنى ؟

راشىدىننىڭ ئەجەبلىنىش ئىچىدە دېگەن بۇ گېپىگە يەنە تاھىر شوخلۇق بىلەن جاۋاب بەردى:

— نەدىن دەمسەن، راموك ئاكا، تۇغۇلغاندىن بىرى يېپى ئۈزۈلگەن لەگلەكتەك كوچىدا ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ مۇشۇنچىلىك بولغان تۇرسام، بۇنداق گەپلەرنى چوقۇم سىلەردەك چوڭلاردىن ئۆگىنىمەن - دە.

— كوچىدا يۈرۈپ كۆزۈڭ ھەقىقەتەنمۇ ئېچىلىپتۇ سېنىڭ، ئەمما بۇنىڭدىن كېيىن ماۋۇ راشىدىننى «راموك» دەۋەرمەي، «راشىدىن» دېگىن، ئۇنىڭ «راموك» دېگەن ئىسمى مۇشۇ گۇاڭجۇۋدا قالسۇن بىلدىڭمۇ؟

— خوپ، باشلىق! بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىزمۇ راموك دېمەيمەن!

* * *

نىياز راشىدىن، تاھىر ۋە راجىلارنى ئەگەشتۈرۈپ كۇنمىڭغا كەلگەندە، تاشمۇھەممەت ئۇلارنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى، ھەممەيلەن بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. بۇ كۈنلەردە كىبىر ھاجى كۇنمىڭغا كېلىپ ئاشخانىنى تاشمۇھەممەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئابلەيجاننى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەتكەنىدى. ئابلەيجاننىڭ پۇتى تىزىنىڭ ئۈستىدىن كېسىۋې-تىلگەچكە بەكمۇ بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. گەرچە كىبىر ھاجى نېمە سەۋەبتىندۇر خەزىنىدىكى پۇلدىن ئازراقلا ئېلىپ، قالغان پۇلنى تاشمۇھەممەتكە قالدۇرغان بولسىمۇ، تاشمۇھەممەت

ئۆتكەن قىتىمدىكىدەك پاجىئەنىڭ يەنە يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ دەككە- دۈككىدە يۈرۈۋاتاتتى. نىيازنىڭ راشىدىن، تاھىر ۋە راجىلارنى ئەگەشتۈرۈپ كۆنمىگىغا كېلىشى خۇددى ئۇنىڭ جېنىغا جان قوشقاندەك خەيرلىك ئىش بولدى.

تاشمۇھەممەت راشىدىنىڭ بەردەم، قاۋۇل تۇرقىنى كۆرۈپ نىيازغا:

— بۇ دوستىمىز ھەقىقەتەنمۇ سەن دېگەندەك ئىزدەپ تېپىشىمىزغا ئەرزىيدىكەن. بىز ئەمدى ئۆزئارا زىچ ئويۇشساق كۆنمىگدا پۇت تىرەپ تۇرۇپ ئاشخانىمىزنى يۈرۈشلەشتۈرەلەيمىز، قانداق دېدىم، — دېدى.

راشىدىنمۇ تاشمۇھەممەتنىڭ ئوچۇق - يورۇق مىجەزىنى ياقتۇرۇپ قالدى بولغاي:

— مېنىمۇ ماۋۇ نىيازغا ئوخشاش دوستۇڭ قاتارىدا بىلگىن، — دېدى قىسقىلا قىلىپ.

— خاتىرجەم بول، سېنى نىيازغا ئوخشاش قىيامەتلىك دوستۇم دەپ بىلىمەن، ماۋۇ ماروق تازىنىڭمۇ قولىدىن ئىش كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىسمىنى يۆتكىۋېتەيلى، راجى دېگىنى قاملاشماپتۇ، — تاشمۇھەممەت شۇنداق دېگىنىچە راجىنىڭ بېشىغا يېنىك ئۇرۇپ قويدى.

شۇ چاغدا راجى:

— ئەسلىي ئىسمىم ئەركىن ئىدى، خودەك راجى دەپ ئۆزگەرتىپ قويغان، ئۇ لوكچەك ئىسىم قويۇشقا ئەجەبمۇ ئۇستا - ھە، تارانگى ئاكا، — دېدى نىيازغا مەنىلىك قاراپ.

— بولدى، ئۇ گەپلەرنى ئاغزىڭغا ئالما، كۆنۈپ قالغان بولساڭ مەيلى سېنى راجى دەۋېرەيلى، ئەمما بۇنىڭدىن كېيىن دۇرۇس ئادەم بولمىساڭ بولمايدۇ، — دېدى نىياز قەتئىي ھالدا.

ھەممەيلەن باش لىڭشىتىپ نىيازنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇشتى،

ئاخىرىدا تاشمۇھەممەت ئاشخانىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ دېدى:
— كىبىر ھاجىم دادام بۇ قېتىم كەلگەنىدە ئاشخانىنى ماڭا ئۆتكۈزۈپ بەردى، ئەلپازىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ ئۇقەت قىلىشتىن رايى يانغاندەك تۇرىدۇ. ئۇ ماڭا تاپاۋىتىنىڭ ياخشى بولۇپ قالسا ئۆزۈڭ بىلىپ ماڭا پۇل ئەۋەتىپ بېرەرسەن دېدى. يېنىمدىكى نەق پۇلدىن ئازراقلا ئېلىپ كەتتى، ئەمدى ئەتىدىن باشلاپ ئىش باشلىساق بولۇۋېرىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن سىلەر بىلەن بارنى تەڭ كۆرىمىز. ئەمما، تۇرامەتكە ئوخشاش لۈكچەكلەردىن قاتتىق ئېھتىيات قىلمىساق بولمايدۇ.
تۇرامەتنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ نىيازنىڭ بەدىنىنى سوغۇق تەر باستى، ئاشۇ قېتىمقى ئېچىنىشلىق مەنزىرە كۆز ئالدىغا دەرھال كېلىۋالدى. تاھىرنىڭ جىمىپلا قالغانلىقىدىن ئۇنىڭمۇ ئاشۇ ئىشلارنى خىيال قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.
— بېشىڭلارنى قاتۇرماڭلار، بۇنىڭدىن كېيىن بىزنى بىرەرسى بوزەك ئېتەلمەيدۇ، — دېدى راشىدىن نىيازنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ.
ئۇلار ئەتىدىن باشلاپ ئاشخانىدا ئىش باشلاشنى كېلىشىپ ئارام ئېلىشتى.
دېگەندەك ئۇلار ئەتىسىدىن باشلاپ ئون نەچچە كۈنگىچە نىياز بىلەن تاشمۇھەممەتنىڭ باشلامچىلىقىدا ئاشخانىنىڭ سودىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتى. ئەپسۇس، ئىش تازا يۈرۈشمەيۋاتاتتى. نېمىشقىدۇر خېرىدارلار ئەمدى بۇرۇنقىدەك كەلمەي قويىدى، قەدەم تەشرىپ قىلىشقان ئازغىنە كىشىلەرمۇ ئاشخانىدا بۇرۇنقىدەك ھۇزۇرلىنىپ تاماق يېيەلمىدى. ئۇلار خۇددى ھېلىلا بىر توپ لۈكچەكلەر ئاشخانىغا باستۇرۇپ كىرىپ جېدەل چىقىرىدىغاندەك ئارىسالدىلىق ئىچىدە ئالدىراپ - تېنەپ غىزالىنىپلا چىقىپ كېتىشەتتى، گاھىدا تېخى ئاشخانىغا كىرىپ ئورۇن ئېلىپ بولغان مېھمانلارمۇ ئۆزئارا كۇسۇرلىشىپلا

تاماقمۇ يېمەستىن مېڭىشاتتى. بۇ ھال ئاشخانىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى سودىسىنى ئىلگىرىكىدىن كۆرۈنەرلىك ياخشىلاش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان نىيازنىڭ روھىنى ھەممىدىن بەك چۈشۈرۈۋەتتى. شۇنداق كۈنلەردە راشىدىن ئۇنىڭغا تاماقنىڭ تۈرلىرىنى قايتا تۈرغۇزۇپ، يېڭىدىن بىرنەچچە خىل تاماق چىقىرىش مەسىلىھەتىنى بەردى. راشىدىنىڭ بۇ مەسىلىھەتىگە تاشمۇھەممەتمۇ دەرھال قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار دەسلەپكى قەدەمدە بەش خىل يېڭى تاماق تۈرىنى كۆپەيتتى. بىراق ئەھۋالدا يەنىلا ئۆزگىرىش بولمىدى، نىمشقىدۇر خېرىدارلار ئۇلارنىڭ شۇنچە تىرىشلىق ھەم ئەرزان تاماقلىرىغا نەزەر كۆزىنى سالمايۋاتاتتى. گەرچە ئاشخانىنىڭ ئالدىدىن كۈنىگە نەچچە مىڭلىغان ساياھەتچىلەر ئۆتۈپ تۇرسىمۇ، يەنە كېلىپ ئەتراپتا ئۇلارنىڭ ئاشخانىسىنى ھەر جەھەتتىن بېسىپ چۈشىدىغان ئالاھىدە ئاشخانىلار بولمىسىمۇ خېرىدارلار ئاۋۋالقىدەك يېپىشماي-ۋاتاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ تاڭ سەھەردە ئۈمىد ئىچىدە قىلغان ئەجىرلىرى ئۇنۇمىنى كۆرسىتەلمىدى. ئۇلار ھەرقانچە جاپا تارتسىمۇ كارايىتى چاغلىق ئىدى. يامان بولغىنى ئۇلار توپ بازىرىدىن سېتىۋالغان گۆش ۋە ھەر خىل ئوتياشلارنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ بۇزۇلدى. بۇ خىل بۇرۇقتۇرمىلىق ئىككى ئايغىچە داۋام قىلىپ ھەممەيلەننىڭ روھىنى چۈشۈرۈۋەتتى. نىياز بىلەن تاشمۇھەممەتلا ئەمەس، ھەتتا تاھىر بىلەن راجىمۇ ئاشخانىنىڭ ئىستىقبالىدىن ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىدى. نىياز بۇ خىل تۇرغۇنلۇققا ئەمدى تاقەت قىلالمىدى، دېمىسىمۇ ئىشلار مۇشۇ تەرزدە كېتىۋەرسە قولىدىكى ئازراق دەسمايىدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىش خەۋپى بارئىدى. مۇشۇ كۈنلەردە ھەممەيلەننىڭ نەزەرى تەبىئىي ھالدا نىيازغا مەركەزلىشىۋاتاتتى. ئۇلار خۇددى ئالدىن دېيىشىۋالغاندەكلا «ئىش يۈرۈشمەيۋاتىدۇ، سېنىڭچە ئەمدى قانداق

قىلىمىز» دېگەنىدەك ئۇنىڭغا ئاستىرتىن قاراپ قويۇشاتتى. قىسقىسى ئۇلار بۇ خىل ناچار ۋەزىيەتنى نىياز ئوگشىيالايدۇ دېگەن ئۈمىدتە ئىدى. دېگەنىدەك نىياز ئاشخانىنىڭ سودىسىدا كۆرۈلۈۋاتقان بۇ كاساتچىلىقنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقىشقا بەل باغلاپ بىرنەچچە كۈن كۆزىتىش ئارقىلىق ئاخىر مەسىلىنىڭ سەۋەبىنى يەكۈنلەپ چىقتى. ئاشخانىنىڭ بۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىغا باشقا ئىش ئەمەس، دەل ئۆتكەندىكى قانلىق ماجىرا سەۋەب بولغانىدى. جاراھەتنىڭ ئىزى قالىدۇ دېگەنىدەك شۇ قېتىمقى ۋەقە ئەتراپقا پۇر كەتكەچكە، ئۇلارنىڭ ئاشخانىسى خەقنىڭ نەزەرىدە ھەممە ئالاھىدە ئېھتىيات قىلىدىغان «خەتەرلىك رايون»غا ئايلىنىپ قالغانىدى. نىيازنىڭ بۇ خۇلاسىسىگە باشقىلارمۇ قوشۇلدى، ئەمەلىيەتتىمۇ ئەھۋال شۇنداق ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئاشخانىدا بولغان ماجىرانى ئەتراپتىكى ھۆپىگەرلەر ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، يەنە كېلىپ ئىككى ئايغىچە ئاشخانىدىن ساقچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەچكە، كىشىلەر ئاللىقاچان بۇ ئاشخانا توغرىسىدا يېتەرلىك تونۇشقا ئىگە بولغانىدى.

— مەن ئەتراپتىكى تونۇشلاردىن ئەھۋال ئىگىلەپ باقتىم، ئاشخانىمىزنىڭ ئىلگىرىكى ياخشى نامىنى ئۆتكەندىكى ماجىرا يوققا چىقىرىپتۇ، شۇ چاغدىكى يامان تەسىر ئەتراپقا ۋابادەك تارقاپ كېتىپتۇ. ئېسىڭلاردا بولسا كېرەك، ئۇ چاغدا ئاشخانىمىزغا تاماق يېگىلى كىرگەن ئىككى خېرىدارمۇ بىكارغىلا زەخىملەنگەن ئەمەسمىدى، شۇ ئىش باشقىلارغا قاتتىق تەسىر قىلغان گەپ، — دېدى نىياز بىر كۈنى كەچلىكى باشقىلار ئەتراپىغا ئولىشىپ مەيۈس ھالدا ئولتۇرغاندا.

— مەنمۇ شۇنداق گۇمان قىلغانىدىم، ئىككىمىزنىڭ پەرىزىمىز توغرا چىقتى. ھەي، بۇ كاساپەتچىلىكنى كۆرمەمدىغان! — تاشمۇھەممەت بېشىنى چايقاپ تەستىقلىدى.

— بۇ پەرەز ئەمەس، تاشمۇھەممەت، ئەمەلىيەت. مەن بايا سىرتتا بىرقانچە چۆپقەتلىرىمىز بىلەن پاراڭلىشىپ كۆردۈم، ئۇلارنىڭ دېيىشىچە ساياھەت يېتەكچىلىرى بۇ يەرگە كېلىپلا ئاشخانىمىزنىڭ يامان نامىدىن خەۋەردار بولىدىكەن.

— تاپاۋەتتە چۆپقەت بولمىسا تىجارەت يۈرۈشمەيدۇ. مەن گۇاڭجۇۋدا كاۋاپخانىدا ئىشلىگەندە بۇنى ھېس قىلغان، خېرىدارلارنىڭ كۆپ قىسمىنى كاۋاپخانىغا چۆپقەتلىرىمىز باشلاپ كېلەتتى، — دېدى راشىدىن قانداقتۇر بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك.

— توغرا دېدىڭ، راشىدىن، بىزنىڭ رىقابەتچىلىرىمىزمۇ بوش كەلمىگەن ئوخشايدۇ، شۇنداقمۇ نىياز؟ — دېدى تاشمۇھەممەت.

— بەلكىم، مېنىڭچە ھەرقانداق ئادەم خاتىرجەملىكنى ئىزدەيدۇ، ئاغىنىلەر، سەپەرگە چىققان ساياھەتچىلەر تېخىمۇ شۇنداق. قارىغاندا بىز ئۇستىمىزدىكى بۇ يامان ئاتاقنى ئاسانلىقچە تازىلىيالمىغۇدەكمىز.

نىيازنىڭ بۇ سۆزى ھەممەيلەننى ئويغا پاتۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئارىنى بىرپەس جىملىق ئىلكىگە ئالدى، ئۇلارنىڭ ھەربىرى كۆز ئالدىدىكى بۇ قىيىنچىلىق ئۆتكىلىدىن بالدۇرراق ئۆتۈپ كېتىشنىڭ ئامالى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ جىملىقنى تاھىر بۇزدى:

— مەن ھەر كۈنى چۈشكىچە سىرتتىن خېرىدار چىللاپ كېلەي، چۈشتىن كېيىن ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى قىلاي، بىرنەچچە كۈن شۇنداق قىلسام ئۇلار تامىقىمىزنىڭ داڭقىنى ئۆزلىرى تارقىتىدۇ.

— بۇ ئۇنۇملۇك چارە ئەمەس، تاھىر، — دېدى نىياز بېشىنى چايقاپ.

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز، سەن يول كۆرسەتكىنە، نىياز ئاكا، — دېدى تاھىر يېنىدا ئۇن - تىنسىز ئولتۇرغان

تاشمۇھەممەتكە قاراپ قويۇپ.

نىياز تاشمۇھەممەتكە سەن بىرنېمە دېگىنە، دېگەندەك مەنىدە قاراپ قويدى.

— بېشىم ئەجەب قاتتى، قانداق قىلساق بولار؟ — تاشمۇھەممەت بېشىنى قاشلىغىنىچە ئېيتتى، — ياخشىسى، سەن بىر قارارغا كەلگىن، نىياز، مەن سېنىڭ پىكرىڭگە قوشۇلىمەن.

ھەممەيلەن ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى:

— ئاشخانىدىن تەلىيىمىز كەلمىگەن بولسا باشقا تىجارەت قىلايلى.

— سېنىڭ ئاغزىڭغا قارايمەن.

— شۇنچە كۆپ ئەجرىمىز بىكار كېتەمدۇ؟

— ئاشخانىدا يىقىلغان بولساق، يەنە مۇشۇ ئاشخانىدا قەددىمىزنى كۆتۈرەيلى.

— شۇنداق قىلايلى.

— بۇ ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس!

— تەلىيىمىز كاج كەلگەندىكىن ياخشىسى بۇ يەردىن دەرھال كېتەيلى.

— راست، بېيجىڭغا كېتەيلى.

ئۇلار مۇشۇ يوسۇندا بىردەم تالاش - تارتىش قىلىشقان بولسىمۇ، بىر - بىرىنى قايىل قىلالمىدى، ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ قارىشىنى قۇۋۋەتلەيتتى. بىردەمدىن كېيىن قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەك جىم بولۇپ قېلىشتى. راشىدىن تىت - تىت بولاتتى، تاشمۇھەممەت نىيازغا ئۈمىد بىلەن قارايتتى. ئاخىرىدا نىياز ھەممەيلەنگە تەكشى قاراپ چىققاندىن كېيىن ئېيتتى:

— مەن كۆپ ئويلاندىم، بۇ يەردە قەددىمىزنى قايتا كۆتۈرىمىز دېسەك قولىمىزدىكى دەسمايىدىن قۇرۇق قالغۇدەكمىز. ياخشىسى ئىككىلىنىپ تۇرماي بۇ يەردىن كېتەيلى. كونىلار

«سودىگەرنىڭ يولى بىر، رىزقى باشقا» دەپتىكەن، بىزگىمۇ بۇ جاھاندىن تاپاۋەت قىلغۇدەك جاي تېپىلار.
— نەگە كېتىمىز؟— دېدى راشىدىن تەرىنى تۈرۈپ.
— ھەممىمىز ئۆز يۇرتىمىزغا كېتەيلى. نىيازنىڭ بۇ گېپىگە ھەممىدىن بۇرۇن تاشمۇھەممەت ئېتىراز بىلدۈردى:
— بىز بۇ تەرەپكە پۇل تېپىش ئۈچۈن كەلگەن تۇرساق، بۇ ھالدا يۇرتقا قايسى يۈزىمىزنى كۆتۈرۈپ بارىمىز؟
— ئويلاپ باقسام تاشمۇھەممەتنىڭ ماۋۇ گېپى توغرىدەك تۇرىدۇ، مەنمۇ مۇشۇ بىرنەچچە يىلدا كونا ئۆيىمىزنى يېڭىلاپ سالغۇدەك ھەم غازلىق ئۆستەڭدىكى ياغاچ كۆۋرۈكنىڭ ئورنىغا بېتون كۆۋرۈك سالغۇدەك پۇل تاپالىغان بولسام ئالدى - ئارقامغا قارىمايلا يۇرتقا كەتكەن بولاتتىم. شۇڭا، پۇل تېپىپراق كېتەيلى، ماخما؟
نىياز راشىدىننىڭ بۇ كۈتۈلمىگەن گېپىگە بەكمۇ ھەيران قالدى. راشىدىن نىيازغا مىختەك تىكىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ سۈرلۈك چىرايىدىن بىر خىل قەتئىيلىك ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئادەتتە ئۆز خىيالى بىلەنلا بەند بولۇپ ئەتراپىدىكى ئىشلارغا ئانچە ئېتىبار بەرمىگەچكە، ئىچكىرىدە جان تىكىپ ئىشلەپ تاپقان پۇلنى ياخشى ئىشلارغا سەرپ قىلىشنى ئويلىشى نىيازنى ھەقىقەتەنمۇ ھاياجانغا سالغانىدى.
— ناھايىتى ياخشى ئويلاپسەن، راشىدىن، بۇ ئارزۇيۇڭنى ئاقتاشتىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.
— ياق، يۇرتقا قۇرۇق قول بارسام ھەرگىز بولمايدۇ، سىلەر كەتسەڭلار كېتىۋېرىڭلار، مەن پۇل تېپىپ ئاندىن كېتىمەن.
راشىدىننىڭ بۇ گېپى تاشمۇھەممەتكە تازا ياقتى بولغاي، كۆزلىرى نۇرلىنىپ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى.
— ئىككىڭلارنىڭ دېگەنلىرى يۈرىكىمگە ئوت سالدى،

ئاغىنىلەر!ــ دېدى ئۇ ھاياجانلىق تەلەپپۇزدا، ــ مۇشۇ كۈنگىچە بىز نۇرغۇن پۇل تاپتۇق ھەم بۇزۇپ چاچتۇق. مەن شۇنداق نىيەتكە كەلدىمكى، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىزمۇ ئايرىلىپ كەتمەيلى، بىر - بىرىمىزگە يار- يۆلەك بولۇپ ھالال پۇل تاپايلى، تاپقان پۇلىمىزنى كەلسە- كەلمەس بۇزۇپ - چاچماي يىغىپ، سىلەر دېگەندەك ياخشى ئىشلارغا سەرپ قىلايلى قانداق؟

ــ بۇ ئاقىلانە گەپ بولدى!

ــ مەن قوشۇلىمەن. نىياز، سەنچۇ؟

ــ نىياز ئاكا، سىنىڭ دېگىنىڭ ھېساب!

ــ قارىغاندا ھەممىڭلارنىڭ ھازىرچە يۇرتۇڭلارغا كەتكىڭلار يوقكەن شۇنداقمۇ، بوپتۇ ئەمىسە، مەنزىلىمىزنى باشقا تەرەپكە ئۆزگەرتەيلى.

ــ ئاكىلار، ــ دېدى بايىدىن بېرى بۇلۇڭدا جىمغىنە ئولتۇرغان راجى يىغلامسىراپ، ــ مېنى ئېسىڭلاردىن چىقىرىپ قويدۇڭلارغۇ؟ مېنى بۇ يەرگە تاشلاپ كەتسەڭلار بولمايدۇ، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىرگە كېتىمەن.

ــ نەگە بارساق بۇ ئىككى تازنى بىرگە ئېلىپ كېتەيلى، ــ دېدى راشىدىن نىيازغا قاراپ.

نىياز راجىنىڭ قولىقىنى چىمدىپ تۇرۇپ:

ــ ئەلۋەتتە بىرگە كېتىمىز، بۇنىڭدىن كېيىن بەشىمىز ئايرىلمايمىز، سىلەر ئىككىڭلار ھەرگىز غەم قىلماڭلار- ھە؟ــ دېدى.

ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولۇپ تۇراتتى، تاشمۇھەممەت:

ــ نىياز، مېنىڭ مەسلىھەتىمنى ئاڭلاپ باق، بىز بېيجىڭغا بېرىپ كاۋاپخانا ئاچايلى، گەنجاكۇدا كامال ئۇستام ئاشخانا ئاچىدۇ، ئۇ كىبىر ھاجى دادامنىڭ يېقىنى، ئۇ بىزگە چوقۇم ئاتىدارچىلىق قىلىدۇ، ــ دېدى.

— بېيجىڭدا نېمە بار؟ ياخشىسى شاڭخەيگە بارايلى، ئۇ يەردە مېنىڭ تونۇشلىرىم كۆپ، — دېدى راشىدىن نىيازنىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ.

ئارىدا يەنە بىردەم تالاش - تارتىش بولدى، ئاخىرىدا نىياز كەسكىن تۇردە ئېيتتى:

— تاشمۇھەممەت دېگەندەك تەۋەككۇل قىلىپ بېيجىڭغا بارايلى، ھېلىقى كامال ئۇستام بىشىمىزنى سىلاپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

ھەممەيلەن خۇشاللىقتىن چاۋاك چېلىپ كېتىشتى. شۇ چاغدا تاھىر:

— ئاكىلار، سىلەر مۇھىم بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قالدىڭلار، بۇ پىلانىمىزدىن ئابلەيكام بىلەن كىبىر ھاجىنى خەۋەرلەندۇرمىسەك بولماس، — دېگەندى، نىياز تاشمۇھەممەتكە «قانداق قىلىمىز» دېگەن مەنىدە قاراپ قويدى.

تاشمۇھەممەت سەل ئويلانغاندىن كېيىن:

— مېنىڭچە بىز ئاۋۋال بېيجىڭغا بېرىپ ئىشلارنى يۇرۇشتۇرۇ-ۋالايلى، ھازىرقى ئەھۋالدا كىبىر ھاجى دادام بىلەن ئابلەيكامغا خاتىرجەملىك كېرەك، — دېدى چۈشەندۈرۈپ.

شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى.

ئەپسۇس، بېيجىڭدىكى ئىشلار تاشمۇھەممەتنىڭ دېگىنىدەك ئۇنداق ئاسان بولمىدى. ئۇلار بېيجىڭغا يېتىپ كەلگەندە قېرىشقاندەك كامال ئۇستام قايسىدۇر زۆرۈرىيەت بىلەن ئۇرۇمچىگە كېتىپ قالغانىدى، ئۇنىڭ ئوغلى تاشمۇھەممەتلەرگە ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمىدى. نەتىجىدە ئۇلار گەنجاكۇدا بىر ئايغا يېقىن كاۋاپدانىنى ئۇيەر- بۇيەرلەرگە يۆتكەپ، بازار باشقۇرغۇچىلارنى ئاۋارە قىلىپلا يۇرۇشتى، يامان بولغىنى بۇ جەرياندا راجىنى يىتتۇرۇپ قويۇپ شۇنچە ئىزدىگەن بولسىمۇ ئىز- دېرىكىنى

ئالالمىدى، كىچىك بولۇشىغا قارىماي گەپ ـ سۆزلىرى ئورۇنلۇق بۇ يىگىتكە ھەممەيلەننىڭ يۈرىكى ئېچىشتى. شۇنداق كۆڭلەرنىڭ بىرىدە كامال ئۇستام ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەلدى. ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ئۇلارغا ئاتىدارچىلىق قىلىپ، ئاشخانىسىنىڭ يېنىدىن مۇۋاپىق ئىجارە ھەققى بىلەن كاۋاپدانىنى قويغۇدەك ئورۇن چىقىرىپ بەردى.

*　　　*　　　*

باغ تەرەپتە تۇيۇقسىز خوراز چىللاپ راشىدىننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ياتقان ئابدۇللانى چۆچۈتۈۋەتتى. راشىدىننىڭ كۆز ئالدىدىكى يارقىن كۆرۈنۈشلەرمۇ شۇئان ئۆچتى. ئەتىدىن بېرى بەھۇزۇر ئۇخلاپ ياتقان نىيازمۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ:

— ۋاھ! ماۋۇ كاساپەتنىڭ ئاۋازى نېمىدېگەن ئۈنلۈك ـ ھە! — دېدى.

— خورىزىڭنى ئۆزۈڭدىن ئوبدانىراق باققان ئوخشىمامسەن؟ — دېدى راشىدىن ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ.

— ئۇنى باقىدىغانغا نەدە چولا، — ئابدۇللا قىسقىلا جاۋاب بەردى، ئاندىن نىيازنىڭ ئۇستىدىكى يوتقاننى قايرىۋېتىپ ئېيتتى، — ئەمدى ئۇخلىما، نىياز، تاڭ ئاتاي دېدى، ناھىيەگە ئەتىگەن ماڭمىساق بولمايدۇ، سەدىردىن بىلەن ئۆينى قانداق ئۆزگەرتىشنى ياخشىراق مەسلىھەتلىشىۋالايلى.

راشىدىن ئەسنىگىنىچە دېدى:

— سەنمۇزە، يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى بىزنى تازا بىر ئىشقا سېلىۋالاي دەپسەن ـ دە؟ كېيىنكى كۈنلەردە سەدىردىن سېنىڭ ئۆزىگە مۇشۇنداق كۆيۈنىدىغانلىقىڭنى ئۇنتۇپ قالمىسىغۇ مەيلى.

— نېمە؟ ئىككىڭلار تېخىچە نىيىتىڭلاردىن يانمىدىڭلارمۇ؟ قارىغاندا يەنە قاچقۇدەكسىلەر. ھە! بىراق، خام - خىيال قىلماڭلار، سىلەرنى ئەمدى قويۇپ بەرمەيمىز، ھەرقانچە قىلساڭلارمۇ قاچالمايسىلەر!

ئابدۇللانىڭ بۇ سۆزىگە نىياز رەنجىپ قالدى:

— ئاداش، قېچىش دېگەن گەپنى ئاغزىڭغا ئالما، بىز بىيجىڭغا تېزرەك بارمىساق بولمايدۇ، ئۇ يەردىكى ئىشلىرىمىز ئەمدىلا يۈرۈشۈۋاتىدۇ، قولىمىزغا پۇل كىرگەندىن كېيىن ئاقتاشقا قايتىپ كېلىپ قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلىرىمىز بار. خىزمىتىڭدىن كېچەلىسەڭ، بۇ قېتىم سىنىمۇ ئېلىپ كېتىمىز، قانداق؟

— راشىدىن، نىياز ئېيتقاندەك يەنە كۆلىغا بارامسىلەر؟

— نىيازنىڭ دېگىنى توغرا، بىز بىر كۈن بولسىمۇ تېزرەك ماڭمىساق بولمايدۇ، ئاداش......

— غورا غورىنى كۆرسە ئالا بولىدۇ دەپ، بىر- بىرىڭلارنىڭ تەسىرىگە ئوبدانلا ئۇچراپسىلەر مانا! بولدى كېتىڭلار، كېتىڭلار، مەنلا قالاي!

ئابدۇللا شۇنداق دەپلا جىمىپ قالدى. راشىدىنمۇ باشقا گەپ قىلماي بېشىنى ياستۇققا قويدى.

تاڭ يورۇپ بارچە ھاياتلىق يېڭى بىر كۈننى كۈتۈۋالغاندا ئۇلار ئەلەڭ - سەلەڭ يېتىشىپ ئۇيقۇغا كېتىشكەنىدى. بىر چاغدا يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىچىسى ئەيسا موتوسىكلىتنى بولۇشىغا ھەيدەپ كېلىپ ئابدۇللانىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختىدى - دە، ئىشىكنى ئارقا - ئارقىدىن ئۇرۇپ:

— ئابدۇللا كاتىپ! ئابدۇللا كاتىپ! — دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى.

تەستە ئويغانغان ئابدۇللا:

— نېمە بولدى؟ ئەتىگەندە بۇنچە ۋارقىراپ! — دېدى

ئېرىنچەكلىك بىلەن ئەسنەپ تۇرۇپ.

— يېزا باشلىقىنىڭ ئايالى قازا قىلدى، ئىككىمىز كەنتلەرگە خەۋەر قىلايلى، مېيىتنى پېشىن نامىزىغا ئۈزىتىدىغان بولدۇق.

ئابدۇللا ئۆگزىدە تېخىچىلا ئۇخلاۋاتقان نىياز بىلەن راشىدىنىنى ئويغىتىپ ئەھۋالنى ئۇلارغا دەپلا ئەيسا بىلەن ئالدىراپ كېتىپ قالدى.

دەرۋەقە ئاقتاش يېزىسىنى يەنە مۇسىبەت قاپلاپ، زۆلەيخان قارا تۇپراق باغرىغا كىرىپ ئارام تاپتى. كەۋسەرنىڭ تەقدىرىدىن دادلاپ قىلغان نالە - پەريادى ھەممە كىشىنىڭ دىلىنى ئەزدى. گەرچە زۆلەيخان مۇشۇ يېشىغىچە ئاقتاشتىكى ئەڭ ئىمتىيازلىق ئائىلىدە ياشاپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۆمۈر بويى دېگۈدەك ئېتىزدا ئەمگەك قىلىشى، ئاددىي- ساددا ياشاپ نەسەب - نەسلىنى ئۇنتۇماسلىقى، قىسقىسى مېھنەتكەشلىكى ئۇنى دېھقانلار بىلەن ھەقىقىي قان - قېرىنداشقا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى، شۇڭا ئۇ ئاقتاشتىكى ھەربىر كىشىنىڭ قەلبىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتۇپ، خۇددى مەرھۇمە مۆھتىرەمخاندەك ھۆرمەتلىنەتتى، ئۇنىڭ گېپى چىقسىلا كىشىلەر قايسىبىر يىلى قىشتىكى سۇ قۇرۇلۇش ئەمگىكىدە ئۆزىگە سوغۇق ئۆتكۈزۈۋالغان دېيىشەتتى. دېمىسىمۇ ئۇ چاغلاردا بارات نىياز ھازىرقىغا ئوخشاشلا، دېھقانلارنى يېتەكلەشتە ئالدى بىلەن ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەپ ئۈلگە كۆرسىتەتتى. مانا مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتلەردە تونجى بولۇپ زۆلەيخان ئۇنىڭ يېنىدا بولاتتى. يىللار مەرھۇمەگە يەتكۈچە كېسەل ئازابى تارتۇق قىلغان بولسىمۇ، تەندۇرۇس چاغدىكى ئىشچانلىقى، ئاددىي - ساددىلىقى، مېھرىبانلىقى يۇرتداشلارنىڭ ئارىسىدا ئالاھىدە قەدىرلىنەتتى.

زۆلەيخاننىڭ قىرىق نەزىرى بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن راشىدىن بىلەن نىياز بېيجىڭغا كەتتى. ئابدۇللا توسۇپ قېلىشقا

تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، ئەخمەت بوۋاي بىلەن ھوشۇر موزدۇز «بالىلار ئەقلىنى تېپىپتۇ، ھەر ھالدا مۇشكۇلىمىزنى ئاسان قىلىشتى، شۇڭا پۇت - قولىنى چۇشەش ئورنىغا قويۇۋېتەيلى دېدۇق» دەپ تۇرغاچقا ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى بىكار كەتتى. بۇ كۈنلەردە كەۋسەر بىلەن سەدىردىنمۇ ئۆز خىزمەتلىرى بىلەن ئالدىراش ئىدى. خەلچەم بولسا رازاقنىڭ ئىلكىدە دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرەتتى. ئابدۇللا ئۆزىنى غازلىقتا گويا قاناتلىرى يۇلۇلدىلىپ ئازگالغا چۈشۈپ كەتكەن بىچارە قۇشتەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. قىشنىڭ باھارى بار دېگەندەك شۇنداق كۆڭۈلسىز ئۆتۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە بارات نىياز ئۇنىڭغا شۇنداق قۇتلۇق بىر خۇش خەۋەرنى يەتكۈزدى. ئەسلىدە ناھىيەدىن بۇ يىل ئاقتاش يېزىسىغا بەرگەن كادىر تولۇقلاش ئىشتاتىنى يېزا مەسئۇللىرى مەسلىھەتلىشىپ ئابدۇللاغا بەرگەنىدى، گەرچە بارات نىياز «بۇ ئىشنى يېزا مەسئۇللىرى ئورتاق قارار قىلدۇق» دېگەندەك گەپلەرنى قىلغان بولسىمۇ، بۇنىڭ ئاساسەن بارات نىيازنىڭ شاپائىتى ئىكەنلىكى ئابدۇللاغا ئايان ئىدى. ئالدىنقى كۈنى ئابدۇللا بارات نىيازنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، ناھىيەلىك كادىرلار ئىدارىسىگە يوللايدىغان ماتېرىياللارنى تەييارلاپ ئاپىرىپ بەرگەنىدى. بۈگۈن ئەتىگەندە ئۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىدا باشقىلار بىلەن تازىلىق قىلىۋاتقاندا بارات نىياز ئۇنى چاقىرىپ ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى.

— ئابدۇللا، بىلىدىغانسەن، مېنىڭ بارلىق ئۈمىدىم ساڭا باغلانغان، ئىشتات ئىشىڭمۇ ئاخىر ھەل بولدى. ئاڭلىسام بۇ يىلقى بىر سان ئەڭ ئاخىرقىسىكەن، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق سان كەلمەيدىكەن، كەلگۈن يېتىپ كەلگۈچە دەريادىن ئۆتۈۋالدۇق دېگەندەك ئىش بولدى، ساڭا دېسەم مېنىڭ يېشىممۇ بىر يەرگە باردى، بۇ ئەمەلمۇ مەندە تۇرۇۋەرمەيدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن بىزدەك

قىرىلارنىڭ ئورنىنى ساڭا ئوخشاش ياشلار ئىگىلەيسىلەر، ئەجرىمنى ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن.
— ماڭا قىلغان بۇ ياخشىلىقىڭىزنى ئەبەدىي ئۇنتۇپ قالمايمەن...... مەن سىزنى......
— بولدى - بولدى، سىنى چۈشىنىمەن، ئۆتكەندە كادىرلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا دېگەنىدىم، ئۇ ساڭا بەش يىللىق خىزمەت ئىستاژى قوشۇپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭغا بىرنەچچە تال ياغاچ كېرەككەن، ئاپارغۇزۇپ بېرەيلى. ھە راست، پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسىڭمۇ تەستىقلاندى، ئامەت كەلسە قوش كېلىدۇ دېگەن شۇ، ئۆزۈڭگە تەلەپنى قاتتىق قويۇپ تىرىشىپ ئىشلە، قالغان ئىشلارنى ئۆزۈم توغرىلايمەن.
بارات نىيازنىڭ بۇ گەپلىرى ئابدۇللانى سۆيۈندۈرۈۋەتتى، ئۇ تېخىمۇ ھاياجانلىق تەلەپپۇزدا بۇنىڭدىن كېيىن جان پىدالىق بىلەن ياخشى ئىشلەپ، بارات نىيازنىڭ ئۈمىدىنى تولۇق ئاقلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بارات نىياز ئاخىرىدا تاپىلاپ دېدى:
— مۇسىبەت سەۋەبىدىن سەدىردىننىڭ ئۆيىنى ئوڭشايدىغان ئىش جايىدىلا توختاپ قالدى. سەن بۈگۈن ناھىيەگە بېرىپ سەدىردىن بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆينىڭ ئىشىنى مەسلىھەتلىشىپ كەلگىن، يەنە...... مۇھىمى، مۇشۇ باھانىدە كەۋسەر بىلەن سەدىردىننىڭ ھازىرقى مۇناسىۋىتىنى ئوبدانراق كۆزىتىپ باقساڭ بولامدىكىن، باشقا ئىشقۇ يوق، ئىشقىلىپ، بىلىپ تۇرغىنىمىزنىڭ زىيىنى يوق.
— خاتىرجەم بولۇڭ، بۇ ئىشلارنى دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن!
ئابدۇللا چۈشكە يېقىن سەدىردىننىڭ ئىدارىسىگە كەلدى، ئىشخانىلارنى ئارىلاپ سەدىردىننى تاپالمىغاندىن كېيىن دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ كۈتۈشكە باشلىدى. ئانچە كۆپ ئۆتمەي قاياقتىندۇر دەرۋازىۋەن پەيدا بولۇپ، ئابدۇللانىڭ ئۇستىبېشىغا سەپسىلىپ

قارىۋەتكەندىن كېيىن سورىدى:
— ئۇكام، كىمنى ئىزدەيسىز؟
— سەدىردىننى ئىزدەيتتىم.
— سەدىردىن مۇدىر ھاكىم بىلەن يېزىغا كەتتى. كەچتە قايتىپ كېلەرمىكىن، سىز ئۇنىڭ نېمىسى؟
— دوستى.
— داشۆسىڭىزنىڭمۇ سىزدەك دېھقان دوستى باركەن - دە!
— ئەجەبلىنىۋاتامسىز؟
— ياقەي، مۇنداقلا دەپ قويدۇم، سەدىردىن مۇدىرچۇ قارالاڭ، ئىدارىمىزنىڭ كۆزى دېگە، بۇ ئىدارە ئۇزاققا قالماي ئۇنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ.
— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز!
— بۇ قىزىق گەپ ئەمەس، راست گەپ. ھازىر ھۆكۈمەت ياشلاشتۇرۇشنى تەكىتلەۋاتامدۇ، داشۆ پۈتكۈزگەنلەرنىڭ نەرخى ئۆسۈۋاتىدۇ، ئۇكام، بۇ ئىدارىدە داشۆسىڭدىن سەدىردىن مۇدىرلا بار، ئات ھامان ئوقۇرىنى تاپماي قويمايدۇ!
ئابدۇللا دەرۋازىۋەننىڭ سۆزلىرىگە قىزىقىپ قالغان بولسىمۇ، ئىدارىگە كىرىپ - چىقىۋاتقان كىشىلەردىن سەل ئەيمىنىپ، كەۋسەرنىڭ مەكتىپىگە بىر قۇر قاراپ يول ئالدى. كېتىۋېتىپ دەرۋازىۋەننىڭ «سەدىردىننىڭ دېھقان ئاغىنىسى باركەن - دە!» دېگەن گېپى كاللىسىغا كىرىۋېلىپ ئۇستىبېشىغا بىرقۇر قاراپ چىقتى. دېمىسىمۇ ئابدۇللانىڭ كىيىملىرى ئاددىي بولغاندىن سىرت، بىرئاز كىرلىشىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى كەۋسەرنىڭمۇ نەزەرىنىڭ سىرتىدا قالمىدى. مەكتەپنىڭ ئالدىدا كەۋسەر ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈۋېتىپ ئىچ ئاغرىتقاندەك ئۇستىبېشىغا قاراپ قويدى، كېيىن ئۆيىگە باشلاپ كەلگەندە:
— كىيىملىرىڭ كىرلىشىپ قاپتۇ، سەدىردىننىڭ كىيىملىرىنى

كىيىپ تۇر، يۇيۇپ بېرەي، ــ دېۋىدى، ئابدۇللا قوشۇلمىدى:
ــ يېقىندىن بېرى بەكمۇ ئالدىراش ئۆتتۇم، شۇڭا...... بولدى سەن ئاۋارە بولما، ئۆيگە بېرىپ ئۆزۈم يۇيىمەن.
ــ جاھىللىق قىلماي، كىيىمىڭنى ئالماشتۇر، ھازىرلا يۇيۇۋەتسەم تاماق پىشقۇچە قۇرۇيدۇ. كادىر بولۇپ قالدىڭ، كىيىنىشكە ئەھمىيەت بەرگىن.
ئابدۇللا كەۋسەرنىڭ تەكرار زورلىشى بىلەن ئامالسىز كىيىمىنى ئالماشتۇردى. كەۋسەر چەبدەسلىك بىلەن كىر يۇيۇشقا تۇتۇندى. ئاڭغۇچە ئابدۇللا ئۆيىنى ۋە ھويلىنى بىرقۇر كۆرۈپ ئۆزگەرتىشنىڭ لاھىيەسىنى كۆڭلىدە تۈزۈپ ئۈلگۈردى. سەدىردىنلەر ئولتۇرۇۋاتقان بۇ ئۆي خېلىلا كونا بولسىمۇ كەۋسەرنىڭ چېۋەرلىكى بىلەن كۆركەم سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىدى. كەۋسەر ئابدۇللانىڭ كىيىملىرىنى يۇيۇپ بولۇپ تاماققا قوپقانىدى، ئابدۇللا:
ــ تاماق ئېتىمەن دەپ ئاۋارە بولما، قارىغاندا سەدىردىن كەچرەك كېلىدىغان ئوخشايدۇ، مەن كىيىملىرىم قۇرۇسىلا قايتمىسام بولمايدۇ. ئۆيىنى ئۆزگەرتىشنىڭ لايىھەسىنى پىلانلاپ قويدۇم، ئالدىمىزدىكى پەيشەنبە كۈنى ئۇستىلارنى باشلاپ كېلىمەن، ــ دېدى.
ــ تاماق يەپ كەتكىن، ــ دېدى كەۋسەر ئالدىراش ئوتياش توغراۋېتىپ.
ــ بولدى، قورسىقىم ئاچمىدى.
ــ سەدىردىنىڭمۇ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، كىيىملىرىڭ قۇرۇپ بولغۇچە تاماقنى تەييار قىلىمەن. جاھىللىق قىلماي تاماق يەپ كەتكىن.
ــ ماقۇل ئەمىسە. راست، سەندىن سورايدىغان بىر ئىش بار ئىدى. ياق - ياق...... مەن ئەمەس، يېزا باشلىقى شۇنداق دېگەن.

ــ نېمانــداق تىلىڭنــى چايناپســەن، نــېمە گەپ بولــسا دەۋەرمەمسەن؟

ــ دېمەكچــى بــولغىنىم، هــازىر سـەدىردىن بىـلەن ياخــشى ئۆتۈۋاتامسەن؟

كەۋسەر ئابدۇللاغا لاپپىدە قاراپ قويۇپ ئۈنچىقماي ئۆز ئىشىنى قىلىـۋەردى. شـۇنداقتىمۇ چىرايـى كۆڭلـىدىكىنى دەپ ئۇلگـۇردى. گەرچە ئابـدۇللا پەلـپەتىش سوئال سـورىغان بولـسىمۇ، كەۋسـەر ئۇچـۇن بۇنـىڭ ۋەزنــى هەقىـقەتەن ئېغــىر ئىدى. قىسقىـسى، بـۇ سوئالغا ئالدىراپلا جاۋاب بېرەلمەيتتى. ئـۇ ئابـدۇللانىڭ بـۇ سـوئالى ئـارقىلىق ئۆزىنىـڭ سـەدىردىن بىـلەن تـوي قىلغانـدىن كېيىنكـى، هەتتــا ئۇنىڭــدىن ئىلگىرىكــى نــازۇك ئىــشلارنى ســوراۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. بـارات نىيـاز ئەتىگەنـدە ئابـدۇللاغا تاپىلىغـان «ۋەزىـپە» نىـڭ ئەسـلىي مـاهىيىتى مۇشـۇ ئىـدى. زۇلەيخانىنـىڭ ۋاپـاتى بـارات نىيازنىڭ بۇ هەقـتە بـاش قاتۇرۇشـىغا ئـورۇن بەرمەي كەلگەنىدى. ئابدۇللا كەۋسەردىن جاۋاب كۈتۈپ ئارىلاپ قاراپ قوياتتى. كەۋسـەر كۆڭلىـدە: نـېمە دەيـمەن، هەممىڭـلار مېنـى ئارىغـا ئېلىـپ تـوي قىلىـشقا مەجبۇرلىغـان تۇرسـاڭلار، مەنـدە نـېمە ئامـال بولـسۇن، دەۋاتاتتى، ئۆتكەن ئىشلار ئېسىگە چۈشەتتى.

شـۇ كـۈنى زۇلەيخـان كەۋسـەرگە نەسـىھەت قىلىـپ يــاش تــۆككەچكە، كەۋســەر ئانىســىنىڭ كېــسىلىنىڭ ئېغىرلىــشىپ كېتىــشىدىن ئەنــسىرەپلا بــۇ تويغــا قوشــۇلغانىدى. يونۇغانغــا ئۇنىغانـدەك جالالىدىن ئاخۇن چاققان كېلىپ، ئارىـدىن ئـۈچ كـۈن ئۆتۈپلا قاسىم قارىم، ئەخمەت بوۋاي باشلىق مېهمانلارنى تەخلەپ كەۋسەرگە چاي ئىچۈردى، بـارات نىيازنىـڭ تەلىپـى بـويىچە باشـقا رەسمىيەتلەرنى قىسقارتىپ تـوي كۈنىنىمـۇ بېكىتتـى، تـوي خېتىمـۇ چاقماق تېزلىكىـدە تەييار بولـدى. كەۋسەرگە بـۇ ئىشلار خـۇددى چۈشــتەكلا بىلىنەتتــى. ئــۇ تــويى بولــۇپ بىــرنەچچە كــۈنگىچە

گاڭگىراپلا يۈردى، گەرچە كەۋسەر بۇ يىگىي ئائىلىنى بىرقانچە كۈنلۈك قونالغۇ ئورنىدا كۆرۈپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، سەدىردىن ئۆزىنىڭ قىزغىنلىقى، مېھرىبانلىقى ھەم سۆزمەنلىكى بىلەن ئۇنى ئاستا - ئاستا رېئاللىققا يۈزلەندۈردى. ئۇ بۇ رېئاللىقنىڭ ئۆزىگە قاچانغۇچە كۆڭۈلسىز تۇيۇلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، پەقەت ئۆكسۈپ تۇرغان كۆڭلىگە تەسەللى بولالايدىغىنى ئانىسىنىڭ بۇ تويىدىن شۇنچە خۇشال بولۇپ خاتىرجەم كۆز يۇمغانلىقى ئىدى.

ئابدۇللا ئۆز سوئالىغا كەۋسەرنىڭ جاۋاب بەرمىگەنلىكىدىن ئەجەبلىنىپمۇ كەتمىدى. كېيىن كەۋسەردىن جاۋاب كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن سەدىردىننىڭ خىزمىتى توغرىسىدا ئېغىز ئاچتى:

— سەدىردىننىڭ خىزمىتى ئالدىراش ئوخشايدۇ- ھە؟

— ھەئە.

— يېزىلارغا كۆپ بارىدىغان ئوخشىمامدۇ؟

— ھەئە، ھېلى ئۇ يېزىدا، ھېلى بۇ يېزىدا نەق مەيدان يىغىنى ئاچىمىز دەپ ئالدىراپلا يۈرىدۇ.

— ئاقتاشقا كۆپ بارالمايدىكەنسىلەر، شۇنىڭغا قارىغاندا خىزمەت دېگەنمۇ قوغلىشىپ كەتكۈدەك ئىش ئەمەسكەن.

— بۇنى ئەمدى ھېس قىلدىڭمۇ؟ بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ چۈشىنىپ قالىسەن. بايىقى سوئالىڭغا جاۋاب بەرمىسەممۇ، ھەممە ئىش ساڭا ئېنىق.

— بولدى ئارتۇقچە ئويلاپ كەتمە، مەن باشقا نىيەتتە سورىمىغان، ئەھۋال ياخشىكەنغۇ، تۇرمۇش دېگەن سەن - بىز ئوقۇغان كىتابلاردىكىگە ئوخشىمايدۇ، مۇشۇنىڭ ئۆزىمۇ كۇپايە.

— بۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟

— ھەممە ئىش ياخشى بولۇپ كېتىدۇ......

كەۋسەر يەنە ئىپادە بىلدۈرمەي ئۆز ئىشى بىلەن بولدى،

ئابدۇللا بىر پەسكىچە كىتاب كۆرۈپ تاماقنىڭ تەييار بولغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى. كەۋسەرنىڭ ئالدىراپ ـ تېنەپ ئەتكەن لەگمىنى ئابدۇللاغا بەكمۇ تېتىدى. ئۇ تەخسىدىكى لەگمەننى چوكا بىلەن ئىلىپ تۇرۇپ كەۋسەرنى: «بۇ ئاشنى خۇددى چېچەكلەردەكلا ئىنچىكە سوزۇپسەن» دەپ ماختاۋاتقاندا سىرتتىن تۇيۇقسىز كىرىپ كەلگەن سەدىردىن ئورنىدىلا تۇرۇپلا قالدى. نىمشقىدۇر سەدىردىننىڭ چىرايى تاتىرىپ، قوشۇمىلىرى تۈرۈلگەنىدى. ئۇ ئابدۇللادىن سوغۇقلا ئەھۋال سوراپ قويۇپ ھۇجرىدىكى كارىۋاتتا سوزۇلۇپ ياتتى. كەۋسەر ئۇنىڭغا تاماق ئىلىپ ئەكىرىپ سۇنغانىدى:

— يېمەيمەن، يېزىدا تاماق يەپ كەلدىم! — دەپلا تام تەرەپكە قارىۋالدى، كەۋسەر قاتتىق رەنجىگەن ھالدا چىقىپ كەتتى.

ئابدۇللا سەدىردىننىڭ بۇنداق ئاچچىقلاپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىدى. ئارىدا كىشىنى ئوڭايسىزلاندۇرىدىغان جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ھەر ئىككىسىنىڭ قۇلىقىغا ئۇستەلدىكى سائەتنىڭ چىكىلدىغان ئاۋازىلا كىرىپ تۇراتتى. ئاخىر ئابدۇللا بۇرۇقتۇرمىلىقىقا بەرداشلىق بېرەلمىدى:

— سەن بىلەن كۆرۈشۈپ قايتاي دەپ كۈتۈپ ئولتۇرغانىدىم، سالامەت تۇرۇۋېتىپسەن، ۋاقتىڭ يەتسە ئاقتاشقا بېرىپ كەلگىن، چىناخان ئانام ساقسىز بولۇپ قاپتۇ. راست، مەن پەيشەنبە كۈنى بۇ ئۆيىنى يېڭىلاپ سىلىش ئۈچۈن ئۇستىلارنى باشلاپ كېلىمەن، مەن قايتاي.

— بۇ ئۆي ئىدارىنىڭ بولغاندىكىن يېڭىلايمىز دەپ جاپا تارتىپ يۈرمەيلى،ئۇزاققا قالماي يېڭىراق ئۆيگە كۆچىۋالارمەن، — دېدى سەدىردىن كۆزىنى تورۇستىن ئۈزمەي يېتىپ.

— ئۆيلەرنى يېڭىلاپ سىلىشقا كۆپ ئىش كەتمەيدۇ، ماتېرىيال ھەم ئۇستىلار تەق بولغاندىكىن بىرنەچچە كۈندىلا ئىشلەپ

بولىمىز، مەن ئۇستىلار بىلەن بىللە بولىمەن، سەن ئىشىڭنى قىلىۋەرگىن، ـــ ئابدۇللا شۇنداق دەپلا هويلىغا چىقتى.
ـــ بولدى ئاۋارە بولما،ئۇزاققا قالمايلا بۇ ئۆيدىن كۆچۈپ كېتىمىز،ـــ ئۆي ئىچىدىن سەدىردىنىڭ ئاۋازى سەل قوپالراق ئاڭلاندى. ئابدۇللا ئورنىدا توختاپ بېشىنى يېنىك چايقىغىنىچە خورسىنىپ قويدى. ئۇنىڭ سەدىردىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىدىن رەنجىگەنلىكى ئېنىق ئىدى.
بۇ چاغدا كەۋسەر هويلىدا ئابدۇللانىڭ كىيىملىرىنى تۇتقىنىچە خىيال سۈرۈپ تۇراتتى،كېيىن ئابدۇللا ياندىكى ئۆيگە كىرىپ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ بولۇپ، هويلىدا سەدىردىنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇردى. بىراق سەدىردىن ئۆيدىن چىقمىدى. ئۇ ئېغىر تىنىپ قويۇپ سەدىردىنىڭ يېنىغا كىرىش ئۈچۈن ماڭغانىدى، كەۋسەر ئۇنى توسۇپ:
ـــ بولدى كېتىۋەر، ئۇ هېرىپ قالغان ئوخشايدۇ، ـــ دېدى.
ئابدۇللا ئوڭايسىزلىنىپ ئازراق تۇرغاندىن كېيىن كەۋسەر بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قالدى.
كەۋسەر ئابدۇللانى ئۇزىتىپ قويۇپ سەدىردىنىڭ يېنىغا كىردى ـ دە:
ـــ بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ ئابدۇللاغا ئوچۇق چىراي ئاچمىغىنىڭنى ئاز دەپ، ئۇزىتىپ قويۇشقىمۇ رايىڭ بارمىدىغۇ! نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىسەن؟ــ دېدى ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ.
ـــ سەن ئۇزىتىپ قويغاندىكىن بولدىغۇ!
ـــ ئابدۇللا ئۆزىمىزنىڭ دوستى تۇرسا! قانچىلىك خاپا بولغاندۇ ـ هە؟
ـــ دوستىمىز بولغاندىكىن ئۆزىنى سوراش كېرەك ـ دە!
ـــ ئۇ ئۆزىنى سورىماي نېمە ئىش قىپتۇ؟
ـــ سېنىڭچە يەنە نېمە ئىش قىلسا بولاتتى؟ ئۇنىڭ كىيىمىنى

يۈيدىغانغا سەن نېمىسى ئىدىڭ؟
دېمىسىمۇ سەدىردىن بايا سىرتتىن كىرگەندە ئابدۇللانىڭ ھويلىغا يېيىپ قويۇلغان كىيىملىرىنى كۆرگەن، گەرچە ئۇ كىيىملەرنىڭ ئابدۇللانىڭ ئىكەنلىكىنى بىلمىسىمۇ، ئەرلىك غۇرۇرى كۆڭلىگە سايە تاشلاپ ئۈلگۈرگەنىدى.
— نېمىسى بولاتتىم؟ دوستىنغۇ! نېمانداق قاملاشمىغان گەپلەرنى قىلىسەن؟ كىيىمنى يۇيۇپ بەرسەم نېمە بوپتۇ؟ ئۇنىڭ ئۆيىدە كىيىمنى يۇيۇپ بېرىدىغان ئايالى ياكى ئانىسى بولمىسا! شۇنچىلىك ئىشقىمۇ مۇشۇنچە قىلىپ كەتكەن بارمۇ؟
— ئۇ كىيىمنى يېزىدىن شەھەرگە ئەكېلىپ ساڭا يۇدۇرسا قاملىشامدۇ؟
— يۇيۇپ بەرسەم مەن يۇيۇپ بەردىم، ساڭا نېمە دەز كەتتى؟
— مەن دېگەن سېنىڭ ئېرىڭ! سەن ئەمدى خەقنىڭ دوستى ئەمەس، مېنىڭ ئايالىم! بۇنى ئوبدان بىلىپ قوي!
— سەن...... ھۇ يۈزسىز!......
كەۋسەر غەزەپلەنگىنىدىن تىترەپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى. سەدىردىننىڭ كۆتۈلمىگەندە ئابدۇللانى مەنىستىمىگەنلىكىلا ئەمەس، ئەسلىدىكى ھالىتىدىن بىراقلا بىريۈز سەكسەن گرادۇس بۇرۇلۇپ، ئۆزىنى مەنىستىمىگەنلىكى قەلبىدىكى كونا جاراھەتنىڭ ئۈستىگە تۇز سەپتى. كەۋسەر توي كۈنى سەدىردىن بىلەن سۆيگۈ ئاساسى بولمىغان كۆڭۈلسىز تۇرمۇش قوينىغا كىرىپ قالغانلىقىغا يەتكۈچە ھەسرەت چەككەن بولسىمۇ، كېيىنكى كۈنلەردە سەدىردىننىڭ بۇنداق تېز ئۆزگىرىپ كېتىشىنى ئويلىمىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆڭۈلسىز مۇنازىرىسى بۇ گۈن ئەلياتقۇغىچە داۋام قىلىپ بېسىقتى. كېيىنكى بىرنەچچە كۈنمۇ كۆڭۈلسىز ئۆتتى، بۇ جەرياندا كەۋسەر سەدىردىننى تازا

ئەيىبلىدى، ئۇنىڭغا كىشىلىك قەدىر - قىممەت، ۋىجدان، ئەقىدە ھەققىدە سۆزلەپ ئىبغىز ئاچۇرمىدى. ئاخىر سەدىردىن ئۆز سەۋەنلىكىنى بوينىغا ئېلىپ، كەۋسەرنىڭ كۆڭلىنى ياسىغان بولدى. لېكىن، كەۋسەر ئابدۇللانىڭ تەرىپىنى قىلسىلا يەنە ئۆز لەۋزىدىن يېنىپ، يەنىلا كەۋسەرنىڭ زىتىغا تېگەتتى، بۇ ھال كەۋسەرنى بارغانسېرى ئۈمىدسىزلەندۈرۈشكە باشلىدى.

ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ كەۋسەر بىلەن سەدىردىننىڭ مۇناسىۋىتى يېنىلا ئۆز ئىزىغا چۈشمىدى. بۈگۈن چۈشتە ئۇلار تاماق يەۋېتىپ ئىلگىرىكىدەكلا مۇنازىرىلىشىپ قالدى. ئەسلىدە كەۋسەر سەدىردىننى سىنىماقچى بولغاندەك ئابدۇللانىڭ قانداقلا بولسۇن ئۆز ئىستىقبالىنى تاپقانلىقىنى، كەلگۈسىنىڭ پارلاق بولىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغانىدى، سەدىردىن ئاخشامقىدەك چېچىلمىغان بولسىمۇ، بىردەم جىم بولۇپ قالغاندىن كېيىن دېدى:

— مەن دوستلۇققا ۋاپاسىزلىق قىلىدىغانلاردىن ئەمەس، بىراق ئىككىمىز زىيالىي، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئابدۇللادىن پەرقلىنىمىز، تېخىمۇ مۇھىمى ئىككىمىز ئەر - خوتۇن، بۇنىڭدىن كېيىن ھەممە ئىشنى يادا باققان چاغدىكى دوستلارغىلا تايىنىپ قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىمىز چوڭ بولدۇق، ئۆز ئالدىمىزغا ئىشىمىز بار، يەنە شۇ كونا ئىشلارنى تىلغا ئېلىپ يېتىلىشىپ يۈرسەك ياخشى بولمايدۇ، مېنىڭ ناھىيەدىكى ئاغىنىلىرىممۇ يېتىپ ئاشىدۇ. بۇنداق دېگىنىم ئابدۇللادىن ۋاز كېچىمەن دېگىنىم ئەمەس، ھەممىسىنىڭ ئۆز يولى بار ئەمەسمۇ؟

— راست، ھەممە ئىشنىڭ ئۆز يولى بار، ئەمما سەن ئۆزۈڭنىڭ يولىدىن چەتنەۋاتقانلىقىڭنى سەزمەيۋاتىسەن، مۇبادا ئەمەل مەنسەپ ۋە ئۇنىڭ ھەۋىسى ئادەملەرنى سەندەك تېز ئۆزگەرتىۋېتىدىغان بولسا بۇ بەكمۇ ئېچىنىشلىق بولغۇدەك! ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا

يــۈز بەرگەن ئىــشلارنى ئوبــدان بىلىــسەن، بــۇ ھەقــتە گەپ قىلمايمەن، ئۆزۈڭ چاغلاپ بىر ئىش قىل، ئەمما ئۆزۈڭنى بۇنچە چوڭ تۇتۇپ كەتمە. «بىز دېگەن زىيالىي» دېدىڭ، تـوغرا، بىـز دېــگەن زىيــالىي، بىزنىڭ ئىشىمىزدىكى قالپــاق چــوڭ بولغــان بىــلەن، قورسىقىمىزدىكى ئۇماچىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ئۆزىمىزگە ئايان. جەمئىيەتمۇ بىر ئالىي مەكتەپ، ئابدۇللا بۇ مەكتەپنـى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىدى، ئابـدۇللا سىزنىڭ ھېلىقى بىـر تـوپ ئىچەرمەن، لاۋزا دوستلىرىڭغا ھەرگىزمۇ ئوخشمايدۇ، ھېچبولمىغاندا ئابـدۇللادا غـايە، ئىنـتىلىش، غـۇرۇر بولغانـدىن باشـقا، مۇھىمى دوسـتلۇققا سادىق قەلـب بـار، بـۇ جەھەتـتە ئىككىمىز ئۇنىڭغـا يېتەلمەيمىـز، سەن بۇنى ھېس قىلمىدىڭما؟

— نېمە، يەنە شۇ ئابدۇللانىڭ گېپىما! سەن ماڭا ئۆرۈمچىـدە: مۇھەببەت بىـلەن دوسـتلۇقنىڭ پەرقـى بـار دېگەنـدەك گەپلەرنـى قىلغانـدىڭ. ئەمەلىيەتـتە بىـز تـوي قىلـدۇق، بىـراق سـەن ئـۆز قارىشىڭغا خىلاپ ھالدا ئابدۇللانى ئويلاپ كېتىۋاتىسەن، ئۇ دېگەن بالىلىقتىكى ئىشلارغۇ، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن ئەمدى؟

— شەيئى ئۆزگىرىدۇ، ئۇنىڭغا ماس ھالدا قاراشمۇ ئۆزگىرىدۇ، بىــراق چىــن دوسـتلۇق مەۋجـۇت بولىـدىكەن، ۋاپـادارلىق مەڭگـۈ ئۆزگەرمەيدۇ، سەن مۇشۇ نۇقتىغا سەل قاراۋاتىسەن!

— شەيئىنىڭ ئۆزگىرىشنى سەمىمگە سىلىپ تـوغرا قىلـدىڭ، توغرا، يەنە بىرنەچچە ئايدىن كېيىن 90- يىلى كىرىدۇ، دېمەك، 90- يىللار 80- يىللارغا ئوخشمايدۇ، نۇرغۇن ئىشلار ئۆزگىرىـدۇ، قىسقىسى، ئۆزگىرىش بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغىچە بۆسۈپ كىرىدۇ. بـۇ خىل قانۇنىيەتكە كۆزۈڭنى يۇمۇۋالساڭ قامىلىشامدۇ؟

— بولـدى، پەلسەپىۋى ئۇقـۇملار توغرىسىدا سـەن بىـلەن تالاشمايمەن، ياخشىسى بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈڭنى دەڭسەپ يۈر! بولسا ئاقتاشقا بارغاندا ئابدۇللادىن ئەپۇ سورا.

— سەن...... بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ ئابدۇللا مەندىن ئەمەس، مەن ئابدۇللادىن ئەپۇ سورامدىم تېخى؟

— ئابدۇللا ساڭا نېمە قىلدى؟ ئۇ نېمىشقا سەندىن ئەپۇ سورىغۇدەك؟

— بۇنى سەن ئېنىق بىلىسەن.

— سەن...... نېمە دېمەكچى زادى؟

كەۋسەرنىڭ كەيپى ئۇشتۇمتۇت بۇزۇلدى. ئۇ سەدىردىن بىلەن ئوبدانراق دېيىشىشنى نىيەت قىلىپ تۇراتتى، كۈتۈلمىگەندە ئانايەت كۇدەك بىر سېۋەتنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى ـ دە:

— كۆك شاپتۇل ئەكەلدىم، ئۆتكەن ھەپتە يېزا باشلىقى سىلەرنى بۇ شاپتۇلنى سېغىنغاندۇ، ئاپىرىپ بەر دەپ تاپىلىغانىدى، چولام تەگمەي شۇ...... بۈگۈن كەلدىم مانا، — دېدى.

— رەھمەت، ئانايەتكا، قېنى ئولتۇرۇڭ! — دېدى كەۋسەر قىزغىن ھالدا.

ئانايەت كۇدەك سېۋەتنى شىرە ئۈستىدە قويۇپ:

— مەن قايتاي، ئېشىكىم بەك چىتىن، ھارۋىنى ئېلىپ قاچىسۇن يەنە، — دېدى.

— بىر پىيالە چاي بولسىمۇ ئىچىپ كەتمىسىڭىز مەن خاپا بولىمەن جۇمۇ، — دېدى كەۋسەر چاي دەملەشكە تۇتۇنۇۋېتىپ.

— ماقۇل ئەمىسە، چاي ئىچىپ كېتەي، — ئانايەت كۇدەك سەدىردىننىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا تومپىيىپ چىقىپ تۇرغان قورسىقىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ دېدى، — ئۇكام سەدىردىن، سەمرىپ ئەسكەتكە كىرىپ قاپسەن، ھۆكۈمەتنىڭ مومىسى ئەمدىلەتىن پايدا قىلغان ئوخشىمامدۇ ساڭا، بۇ تۇرقۇڭدا ناھىيەمىزگە ھاكىم بولساڭمۇ ھېچ چانمىغۇدەكسەن.

— ئاغزىڭدىن سائەت چىققاي، ئانايەتكا، جاپا تارتىپسەن، بۇ شاپتۇلنى ئەتىمالىم قاسىم قارىمنىڭ بېغىدىن ئەكەلدىڭمۇ

ھەقاچان؟ــ دېدى سەدىردىن سېۋەتتىن سارغىيىپ پىشقان شاپتۇلدىن ئىككىنى قولىغا ئېلىپ.

ئاردا كەۋسەر سەدىردىنگە مەنىلىك قاراپ قويدى.

ــ ئۇنتۇپ قالماپسەن، ئۇكام، بۇ خىل شاپتۇل ئاقتاشتا پەقەت قاسىم قارىمنىڭلا بېغىدا بار، كىچىك ۋاقتىڭلاردا ئوغرىلاپ يەيتتىڭلار ئەمەسمۇ؟ ھې - ھې -ھې...... تازا ھايتاق كەنجىلەردىڭلا سىلەر، مانا ئەمدى ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ قالدىڭلار.

ئانايەت كۇدەكىنىڭ بۇ سۆزىدىن كەۋسەر يىراقتا قالغان بىر ئىشنى ئېسىگە ئالدى بولغاي:

ــ راست، ئابدۇللا بۇ شاپتۇلدىن ماڭا ئوغرىلاپ ئەكېلىپ بېرەتتى، ــ دېدى خۇشخۇي ھالدا.

شۇئان سەدىردىنىنىڭ تەرى تورۇلدى. كەۋسەر ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ ئەپسۇسلىنىپ قالدى، ھەر ھالدا بۇنى ئانايەت كۇدەك سەزمىدى.

ــ ھەي ئۇكام! ئابدۇللانى ئېسىمگە سىلىپ ئوبدان قىلمىدىڭ سەن. ئۇ بەك بەلەن بالا ئىدى، ئادەمگە بالا كەلسە قوش كېلىدۇ دېگەن گەپ بەرھەق تۇغرا ئىكەن، تەقدىر ئۇنى ئانىسىدىن ئايرىغاننى ئاز دەپ، ئەمدى تېگى يوق ھاڭغا ئىتتىرىۋېتىپ يامان قىلدى، ئاڭلىسام يېقىندا ھۆكۈمەتنىڭ تۆمۈر دەپتىرىگە كىرىپتىكەن ئۇ بىچارە، ئەمدى ھۆكۈمەتنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى ئەمەسما!

ــ نېمە؟...... نېمە دەۋاتىسىز، ئابدۇللاغا بىر ئىش بولدىما؟ــ سەدىردىن گاڭگىراپ تۇرغاندا كەۋسەر جىددىي ھالدا سورىدى.

ــ سىلەر ئابدۇللانىڭ تونۇگۈن كەچتە رازاقنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغىنىنى ئاڭلىمىدىڭلارما؟

كەۋسەرنىڭ قولىدىكى بىر دانە شاپتۇل يەرگە چۈشۈپ كەتتى. سەدىردىننىڭ ھەيرانلىقتىن كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى.

— ساراڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ، ئانايەتكا، نېمانداق قاملاشمىغان گەپ قىلىسىز؟— دېدى كەۋسەر ئۆزىنى تەستە تۇتۇۋېلىپ.

— ئەستا! مېنىڭ مۇشۇ شاللاق ئاغزىمنى كۆرمەمدىغان! ئەسلىدە يېزا باشلىقى سىلەرنى پاراكەندە قىلماي دەپ خەۋەر بەرمەپتىكەن - ھە! بولدى، مەن بۇ گەپنى دېمىگەن بولاي، ئاستا غازلىققا كېتىۋالاي!

ئانايەت كۇدەك شۇنداق دەپلا ئالدىراپ چىقىپ كەتتى، كەۋسەر بىلەن سەدىردىن بۇ شۇم خەۋەرگە ئىشىنەلمەي بىر - بىرىگە قاراپ قېلىشتى.

## ئون بىرىنچى باب

# هالاكەتتە تېپىرلاش

ئابدۇللانىڭ تۈرمىگە مەھكۇم بولغىنى راست ئىدى. ئۇنى ئاقتاش يېزىلىق ساقچىخانىنىڭ توخۇ گۆشىگە ئامراق، سېمىز باشلىقى غېنى ئەمەس، بەلكى ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئالاھىدە سۇر ـ ھەيۋىتى بار ئون نەچچە ساقچىسى قولىغا كويزا سېلىپ، ئۈستى يېپىق ساقچى ماشىنىسىدا ئەنسىز سىگنال ياڭرىتىپ ئېلىپ كەتتى. غېنى ساقچىنىڭ ئۈچ چاقلىق موتوسىكلىتى بىر ياندا بويۇن قىسىپ قالدى. مۇبادا ئابدۇللانى غېنى ساقچى تولا بۇزۇلىدىغان بۇ ئەبجەق موتوسىكلىتىغا چىقىرىپ ئېلىپ كەتكەن بولسا ھېچقانچە خەتەرلىك ئاقىۋەت كېلىپ چىقمايتتى. ئېغىر بولسا بىر نەچچە كۈن تۇتۇپ تۇرۇلۇپ، ساقچىخانىنىڭ بېغىدا ئەمگەككە سېلىنغاندىن كېيىن تۇتقۇنلۇقتىن قۇتۇلاتتى. ئەپسۇسلانماي ئامال يوق، ئابدۇللانى ناھىيەدىن كەلگەن ساقچىلار ھەقىقەتەنمۇ يېزا ئورگىنىدىن، يەنە كېلىپ يېزا باشلىقى بارات نىيازنىڭ كۆز ئالدىدىن يالاپ ئېلىپ چىقىپ، ماشىنىسىغا دۈشكۈشلەپ چىقىرىپ يۈرەكلەرگە ۋەھىمە سالىدىغان قورقۇنچلۇق سىگنال ياڭراتقىنىچە ئېلىپ ماڭدى. بۇنىڭغا شاھىت بولغانلار ئەجەبلەنگەن ھالدا بىر ـ بىرىسىگە قاراپ بارماقلىرىنى چىشلىشىپ تۇرۇپ قېلىشتى. كىشىلەر بۇ كۈتۈلمىگەن ھادىسىدىن

ھەقىقەتەنمۇ گاڭگىراشتى. ھەممىدىن بەكرەك گاڭگىرىغىنى يېزا باشلىقى بارات نىياز ئىدى. ئۇ مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى كۆڭلىدە ئابدۇللانىڭ ھۆكۈمەتنىڭ تۆمۈر دەپتىرىگە ئۆتكەنلىكىدىن سۆيۈنۈپ، قولى ئىشتىن سەل بوشىسىلا ئابدۇللانى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ مۇڭدىشىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ ئىچ پۇشۇقنى چىقىرىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئابدۇللانىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىستىقبالىغا ئۆزىنىڭ بىرقوللۇق ئەجىر سىڭدۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلاتتى. ئەمەلدارلىق رىسالىسىدىن دەرس ئۆتۈپ، تەجرىبە - ساۋاق ئۆگىتەتتى. بارات نىيازنىڭ بۇنداق ياخشى كۆڭلىنىمۇ چۈشىنىشكە بولاتتى. ھەرقانداق رەھبەر ئىككىنچى سەپكە چېكىنىشتىن ئىلگىرى ئۆز ئورنىغا يېقىنلىرىنى دەسسىتىشنى ئويلايدىغۇ! بارات نىيازمۇ بۇ مۇھىم ئىشقا كۆڭۈل بۆلمىسە بولمايدۇ- دە! ئۇ بۇرۇنمۇ بۇ ھەقتە نەچچە قېتىملاپ باش قاتۇرغان. بىراق، جەمەتىدە ئۆز ئىزىنى بېسىشقا مۇناسىپ كېلىدىغان بىرەرسىنىڭ يوقلۇقىدىن كۆڭلى بەكلا يېرىم بولغانىدى. ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ بارات نىيازنىڭ نەزەرى ئاخىر ئابدۇللاغا چۈشتى. ئابدۇللانىڭ بەردەم ۋە ئەقىللىك يىگىت بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكى، بۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى ھەرقانداق ئىشتا ئۆزىنى باش پاناھ ھېسابلايدىغانلىقى بارات نىيازنىڭ دىققىتىنى تارتقانىدى. كېيىنكى تەكرار كۆزىتىش ھەم مەخپىي سىناشلارنىڭ نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ئابدۇللا كەلگۈسىدە بارات نىيازنىڭ دۈچ كېلىش ئالدىدا تۇرغان كۆڭۈل يېرىملىقىنى پۈتۈنلەيدىغان ئىشەنچلىك ئىزباسارلىققا يارايدىغاندەك قىلاتتى. ئابدۇللانىڭ يېزا ئورگىنىدىكى ئورنىنىڭ تېز ئۆسۈۋاتقانلىقى بۇنىڭغا تەلتۆكۈس ئىسپات بولالايتتى. بارات نىيازنىڭ ئويىچە ئابدۇللا ۋاپادار ھەم ئەقىدىلىك بولۇپ، كەلگۈسىدە ئۆزىگە چوقۇم ۋاپا قىلاتتى. شۇڭا، ئابدۇللانىڭ ئۆزىنىڭ بىر قوللۇق تەربىيەسىدە

ئۆسۈپ يېتىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ تۆمۈر دەپتىرىگە ئۆتكەنلىكى خاسىيەتلىك ئىش ھېسابلىناتتى. ئەمدى ئابدۇللانى پەم بىلەن مۇھىم ئورۇنغا دەسسىتىپ پەرۋىش قىلىش زۆرۈر ئىدى. پەرۋىش قىلغاندىمۇ باشقىلار ئاسانلىقچە چەيلىۋېتەلمەيدىغان ئۇسۇلدا چېنىقتۇرمىسا بولمايتتى. بارات نىيازنىڭ يېزا ئورگىنىدا دائىملىق ئويلايدىغىنى مۇشۇ ئەھمىيەتلىك ئىش ئىدى. ئابدۇللا تۇتۇپ كېتىلىشتىن ئىلگىرى كىمدۇر بىرسى «رازاق خۇمدانچى ئۆلۈپ كېتىپتۇ» دېگەن شۇم خەۋەرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىغا ئېلىپ كىرگەندە، بارات نىياز ھېچقانداق غەلىتىلىك ھېس قىلماي، ئادەتتىكى قازايىقەدەر دەپلا چۈشەنگەنىدى. دېمىسىمۇ 50 نەچچە مىڭدىن ئارتۇق نوپۇسى بار بۇنداق چوڭ يېزىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كۈتۈلمىگەن ئۆلۈم - يېتىمنىڭ ئارىلاپ كۆرۈلۈپ تۇرۇشى نورمال ھادىسە ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئىرەنشىپ كەتمەستىن، كۆڭلىدە ئەتىلىككە مېيىت نامىزىغا بارارمەن، ئامال بار بۆگۈن ۋاقىت چىقىرىپ ئاچما كەنتىگە بېرىپ ئىمامىبەگدىن ھال سوراپ قوياي، قانداقلا بولسۇن رازاق مۇشۇ ئاقتاشنىڭ پۇقراسى ئەمەسمۇ دېگەنلەرنى ئويلىغانىدى.

ئابدۇللانى ساقچىلارنىڭ تۇتۇپ كەتكەنلىكى مەيلى كۈتۈلمەسلىك بولسۇن ياكى مۇقەررەرلىك بولسۇن ئاقتاش يېزىسىدا يۈز بەرگەن زور ۋەقەگە ئايلىنىپ، بارات نىياز ئېغىر غەمگە پاتتى. گويا ئىبلىس مۇدھىش قولىنى سوزۇپ، بارات نىيازنىڭ ئىلكىدىكى بىردىنبىر كوزىرنى يۇلۇپ ئېلىپ كەتكەندەكلا غەيرىي بىر سېزىم ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالدى. بۇنىڭسىزمۇ ئۇنىڭ خاپىلىقى ئۆزىگە يېتىپ ئاشاتتى. ئۇ تۇرۇپلا ئۆلۈمنى كۈتۈپ نىمجان ھالدا ياتقان سۇلايمان ياۋاشنى خىيال قىلىپ قالدى. بۇ كۈنلەردە سۇلايمان ياۋاش قىزى چولپانخاننىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتاتتى. ئەگەر ئۇ ئوغلى ئابدۇللانىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپسا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقى

ئېنىق ئىدى. بۇنى ئويلاپ ئۈلگۈرگەن بارات نىياز مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە بۇ خەۋەرنى ئىمكانقەدەر تېزگىنلەپ پىنھان تۇتۇشنى، سۇلايمان ياۋاشقا ئاگاھلاندۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردى، ئاندىن غېنى ساقچىنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ ئابدۇللانىڭ ئىشى توغرۇلۇق سۆزلىشىشكە تۇتۇندى.

— ماڭا تەپسىلىي ئېيتىڭنا، بۇ زادى نېمە ئىش؟ ئابدۇللانى ساقچىلار نېمىشقا تۇتۇپ كېتىدۇ؟ ئابدۇللانىڭ راستتىنلا رازاقنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىگە پاكىت بارمۇ؟

— مەن...... مەنمۇ...... شۇ...... سىزگە......

— نېمىشقا تىلىڭنى چاينايسەن؟ سەن ئاقتاش يېزىسىنىڭ ئامانلىقىغا مەسئۇل ساقچى، مەن بولسام يېزىنىڭ پۈتكۈل ئىشىغا مەسئۇل يېزا باشلىقى. مۇشۇنداق چوڭ ئىش يۈز بەرگەن تۇرسا، نېمىشقا ماڭا ۋاقتىدا ئىنكاس قىلمايسەن؟ بىر ھېسابتا سېنى ئوغلۇمنىڭ ئورنىدا كۆرەتتىم، ساقچىخانا باشلىقى بولۇپلا مېنى ئۇنتۇدۇڭما!؟ دۇگدىيىپ ئولتۇرماي گەپ قىلمامسەن!؟

— سىز دادامنىڭ ئورنىدا. بېشىم كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ سىزگە يۈزسىزلىك قىلمايمەن. ئالدىراشچىلىقتا يېنىڭىزغا كېلىپ بولالمىدىم شۇ.

— قېنى ئېيتە! ئابدۇللا راستتىنلا رازاقنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنمۇ؟

— بۇ...... بۇنىڭغا ھازىرچە بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ. دەس...... دەسلەپكى ئالامەتلەردىن قارىغاندا مۇشۇنداق گۇمان قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى، رازاقنىڭ بېشى ئېغىر زەخملەنگەن. قانۇن دوختۇرىنىڭ ئىسپاتىغا قارىغاندا رازاق مېڭىسىگە قان چۈشۈپ ئۆلۈپ كەتكەن. مېنىڭچىمۇ......

— قانۇن گۇماننى ئەمەس، پاكىتنى ئاساس قىلىدۇ، پاكىتنى! مۇشۇنداق ئاددىي قائىدىنى بىلمەي، ساقچىخانىنى قانداق باشقۇرۇۋاتىسەن، ئۇكام!؟

ــ ياق، مېنىڭ دېگىنىم...گەپنىڭ ئۆزىنى دېسەم......

ــ باياتىن بېرى گەپنىڭ ئۆزىنى دەيدۇ دەپ ئاغزىڭغا قاراپ ئولتۇرۇۋاتىمەن. بۇ ئىشتا ئېنىق پاكىتىڭ يوق تۇرۇپ، نېمىشقا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە ئابدۇللانى گۇماندار دەپ دوكلات قىلدىڭ؟

ــ بۇ...... بۇ مۇنداق ئىش، سىزگە ئەھۋالنى باشتىن سۆزلەپ بېرەي، رازاقنىڭ جەسىتى ئاچما كۆۋرۈكنىڭ ئەتراپىدىكى ئويماندا بايقالدى. ئۇ يەرنى سىزمۇ ئوبدان بىلىسىز. بىر تەرىپى دۆڭلۈككە، يەنە بىر تەرىپى جىگدىلىككە تۇتىشىدۇ. ھېلىقى يول ئارىشقا يېقىن يەردىكى ئويمانچۇ؟

ــ بولدى- بولدى، چۈشەندىم. ئەزمەڭنى ئەزمەي، گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېگىنە !

ــ ماقۇل. ئۇ يەر خىلۇەت بولغانلىقتىن سىرتىدا كىشىلەرنىڭ قارىشىچە «شەتلىك» ئىكەن. بىز نەق مەيدانغا يېتىپ بارغاندا رازاقنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە يەنە نۇرغۇن كىشىلەر جەسەتنىڭ قېشىغا توپلىشىپ بوپتىكەن.

ــ مەن كېچىچە قارت ئويناپ، چۈشكىچە ئۇخلىغان دېگىن!

ــ ...... ياق، قارتنى تاشلىۋەتكىنىمگە ئۇزاق بولدى. بىزگە ئۇلار تاڭ ئاتقاندا دېلو مەلۇم قىلىشتى، قارىسام ئەھۋال چاتاق...... شۇڭا......

ــ قانداق چاتاق؟

ــ قارىسام رازاقنىڭ ئۆلۈمى سىرلىق تۇيۇلدى، بىرەرسىنىڭ قەست قىلغانلىقىنى گۇمان قىلدىم.

ــ گۇمان...... گۇمان دېگەن سۆزنى ئازراق قىل! سەن دېگەن ساقچى، پاكىتنىڭ گېپىنى قىل، پاكىتنىڭ!

ــ ماقۇل...... شۇ چاغدا رازاقنىڭ دادىسى قولۇمنى تۇتۇۋېلىپ «ئوغلۇمنى بىرەر ناكەس ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، ماڭا

قاتىلنى تېپىپ بەر» دەپ يىغلىدى. ئۆزۈممۇ رازاقنى بىرەرسى قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ دەپ گۇمان قىلىپ تۇراتتىم. شۇڭا، دەرھال دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشكە باشلىدۇق، تەكشۈرۈش چوڭقۇرلىغانسېرى ئابدۇللادىن گۇمان قىلدۇق......

— ئاغزىڭغا «گۇمان»دىن باشقا گەپ كەلمەمدۇ سېنىڭ؟ يەنە شۇ گۇمانىنىڭ گېپىما!؟

— يا...... ياق...... توپلانغانلارنىڭ ئىچىدە بىر بالا ئالدىنقى كۈنى شۇ ئەتراپتا قوي بېقىۋېتىپ، رازاق بىلەن ئابدۇللانىڭ جېدەللىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتىكەن......

— نېمە؟ بۇ گەپنى ساڭا كىم دېدى ؟

— باشقا بىرى ئەمەس، ئاشۇ بالىنىڭ ئۆزى شۇنداق دېدى، شۇڭا بىز گۇماندارنى مۇقىملاپ، سىزگە ئەھۋالنى مەلۇم قىلاي دەپ تۇرسام ئىمامبەگ ياقامغا ئېسىلىپ «ماڭا ئابدۇللا دېگەن قاتىلنى تۇتۇپ ئەكېلىپ بەر، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم ھېسابلىشىمەن» دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. شۇنچە قىلىپمۇ ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايۋاتسام، ئاڭغۇچە ناھىيەدىن ساقچىلار كەلدى، جەسەتنى ئىدارىگە ئېلىپ بېرىپ قانۇن دوختۇرىغا تەكشۈرتتۇق. مېنىڭچە رازاقنى ئابدۇللا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغاندەك قىلىدۇ......

— نېمە؟ ئابدۇللانىڭ رازاقنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى قانۇن دوختۇرى كۆرۈپتىكەنما؟

— ياق، مەن ئۇنداق دېمىدىم. قانۇن دوختۇرى جەسەتنى تەكشۈرۈپ «زىيانلانغۇچى بېشىغا تۆمۈر سايمان بىلەن قاتتىق ئۇرۇلۇپ، مېڭىسىگە قان چۈشۈپ ئۆلگەن» دەپ بېكىتتى شۇ...... يەنە...... يەنە......

— شۇنىڭ بىلەن سەن: رازاقنى ئابدۇللا ئۆلتۈرۈۋەتكەن دەپ دېلو تۇرغۇزدۇڭ، شۇنداقما؟ مۇشۇمۇ دېلو ئىشلەش بولامدۇ!؟ چىقىپ قارتاڭنى ئويناۋەرسەڭچۇ! — بارات نىياز غېنى ساقچىنىڭ

يەنە نىمىلەرنــى دەيــدىغانلىقىنى كــۆتمەيلا شــۇنداق چالۋاقىــدى. ئۇنىڭ تازا تېرىككەنلىكى ئېنىق ئىدى.

غېنى ساقچى بارات نىيازغا قــاراپ ئــازراق ئۇلتۇرغانــدىن كېــيىن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ سالپايغان پېتى تالاغا ماڭــدى. بــارات نىيــاز يالغۇز قېلىپ خىيالغا پاتتى.

ئابــدۇللانىڭ ھۆكۈمەتنىــڭ تۆمۈر دەپتــرىگە ئۆتــۈپ بىــرنەچچە كــۈن بولمــايلا تــۇرمىگە ســولانغانلىقى بــارات نىيــازنى ھەقىقەتەنمۇ ھەســـرەتكە مــۇپتىلا قىلغانـــدى. كوچــا ـ كـــويلاردا، رەســـتە ۋە دوقمۇشلاردا ئابدۇللانىڭ بــۇ ئېچىنىــشلىق تەقــدىرى توغرىــسىدىكى سۆز ـ چۆچەكلەر بارغانسېرى ئــاۋۇپ، ئاقتــاش يېزىــسىدىكى قىزىــق نۇقتىغا ئايلانــدى. بۇ خۇسۇستا ھەركىم ھەرنىمە دەيتتى:

ـــ ۋاي ئىســت، ئابــدۇللانىڭ ئــاغزى ئاشقا تېگــىپ بولغــۇچە، بۇرنى تاشقا تەگكىنىنى قارىمامسىلەر!...... نىمــانچە شــور پېــشانە بولغىيتتى بۇ يىتىم!

ـــ «بىتەلەي تالقان يېسە، قارنىــدىن بوران چىقىپتۇ» دېــگەن مۇشۇ ئەمەسمۇ! سۇلايمان ياۋاش بۇ كېلىشمەسلىكنى ئاڭلىــسا نــېمە بولۇپ كېتەر ئەمدى!

ـــ بــۇ كەنجــلەر ئەجەب بىــتەلەي چىقتىغــۇ! ھەمــمە خــاپىلىق مۇشۇلارنىڭلا بېشىغا كېلىۋاتىدا!

ـــ ئەخمەتكام كەۋسەر بىلەن خەلچەمنى «ئاقتاشنىڭ بىرجۈپ قىزىل گۈلى» دەپ ماختايتتى، ئۇلارغا يامانىنىڭ كۆزى تەگــدىمۇ ـ قانــداق، ھەر ئىككىــسىنىڭ بىــردىن يىگىتنىــڭ بېــشىغا چىققىنــى ئەجەب ئىش بولدىغۇ!

ـــ تەلىيـــى ئوڭــدىن كەلگەنلەرمــۇ بـــارغۇ ئەنە، جالالـــدىن ئاكامنىـــڭ ئوغلىغــا قارىمامــسىلەر، بىـــرنەچچە يىلنىـــڭ ئالدىـــدا تەسكەنلىكتە توشقان قوغلاپ يۈرەتتى. ئەمدىلىكتە بويى توغراقتەك ئۆسۈپ ناھىيەنىــڭ يــاراملىق كــادىرى بولــۇپ كەتتىغــۇ! يەنە نىيــاز

بىلەن راشىدىننى ئالساق، ئىككىسى كۆلىدا بىر ئوبدان تاپاۋەت قىلىۋاتامدۇ!

— ئۇلارنىڭمۇ تارتقان خاپىلىقى ئاز ئەمەس. ئەجرى ئەزىم بولغاندۇ شۇ.

— ھەي، ئابدۇللانى بىلى چىڭ ئوغۇل بالا دېسەم، رازاق بىلەن خوتۇن تالىشىپ تېرىغان ئىشنى قارىمامدىغان! ئۇغۇل بالا دېگەنگە خوتۇن ئۇچۇن قان تۆكۈش ئەرزىمدۇ!؟

— خوتۇن دېگەن تېپىلماسىنىڭ خورمىسى بولمىغاندىكىن، ئۇنچە قىلىپ كەتمىسىمۇ بولاتتىغۇ!؟

— ئاڭلىسام ئابدۇللا رازاقنىڭ بېشىغا تاش بىلەن قاتتىق ئۇرغانىكەن، رەھمەتلىك غىڭ قىلمايلا جان بېرىپتۇ......

— ئابدۇللا رازاقنى ئۆلتۈرۈشنى خېلى بۇرۇنلا كۆڭلىگە پۈككەن ئىكەن - دە! كۈچ جەھەتتە ئابدۇللانىڭ رازاققا تەڭ كەلمىكى تەس ئىدى. قارىغاندا پايلاپ تۇرۇپ قول سالغان ئوخشايدۇ.

— ئاڭلىسام ئىككىسى خېلى بەك تۇتۇشۇپتۇ. شۇ ئەتراپتا قوي بېقىۋاتقان باللار پاكىت بەرگەنمىش.

— ھەي ئىست! ھۆكۈمەت ئەمدى ئابدۇللانى ئېتىۋېتەرمۇ!

— ئادەم ئۆلتۈرگەندىكىن ئېتىۋەتمەي قالامدۇ!

— ۋاي خۇدايىمەي! شۇم گەپ قىلمىغىنە، ئۇكام، ئىگەم ئۇنداق بالا- قازانى ئابدۇللاغا كۆرسەتمىسۇن.

— هاي...... هاي...... ئاغزىڭلارغا كەلگەننى دەۋەرمەڭلار. بولغۇلۇق ئىش بولۇپتۇ. گەپنىڭ قىسقىسى باللىرىمىزنىڭ ئىنسابىنى تىلەيلى. مەن شۇ تاپتا نېمىنى ئويلىدىم بىلەمسىلەر؟ يېزا باشلىقىنىڭ چىرايلىق قىزى كەۋسەر بىلەن رەھمەتلىك رازاقجاننىڭ خوتۇنى خەلچەمنى ئويلاۋاتىمەن. چىرايلىقنىڭ دەردى يامان دەپ، مانا بۇ ئىككىسى ئىككى ئەرنىڭ بېشىغا چىقىپ تېخىمۇ داڭ كۆتۈردى ئەمەسما!

— راست دەيسەن!
— بۇنداق بولۇشنى كىممۇ ئويلىغان دەيسلەر.
— خەپ شۇك! ئەنە قاراڭلار، يېزا باشلىقى كېلىۋاتىدۇ!

راست، ئابدۇللا تۈرمىگە سولاندى. شۇ كۈنى كەۋسەر سەدىردىننىڭ ئابدۇللاغا بىكاردىنلا سوغۇق مۇئامىلە قىلغانلىقىغا ھەقىقەتەنمۇ خاپا بولغانىدى. شۇنداقتىمۇ كەۋسەر ئابدۇللانىڭ ھۆكۈمەتنىڭ تۆمۈر دەپتىرىگە ئۆتۈپ ئىستىقبالىنى تاپقانلىقىدىن خۇشال ئىدى. كەۋسەرنىڭ قارىشىچە ئابدۇللا تەقدىر تەقدىم ئەتكەن ئوڭۇشسىزلىقلارنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈپ بولغان، ئەمدىلىكتە ھاياتىدا زور بۇرۇلۇش بولۇپ، تۇرمۇش، خىزمەت ۋە ئارزۇ ـ ئارمانلىرىدا يېڭىلىنىش، ياخشىلىنىش بولۇۋاتاتتى. بۇ كىشىلىك مۇناسىۋەت مىزانلىرىغا ۋە ئىنسان ھاياتىدىكى ئادەتتىكى قانۇنىيەتلەرگىمۇ ئۇيغۇن كېلەتتى. نېمە ئامال؟ ئابدۇللا توغرۇلۇق ئانايەت كۇدەك كۆتۈرۈپ كەلگەن شۇم خەۋەر كەۋسەرنىلا ئەمەس، سەدىردىننىمۇ يەتكۈچە ئەلەمگە پاتۇردى. دەسلەپتە ئۇلار ئانايەت كۇدەكنىڭ ئاقتاشتا يالغان ـ ياۋىداق گەپلەرنى ئاغزىغا كەلگەنچە تارقىتىپ، كىشىلەر ئارىسىدا قىزىقچىلىق قىلىپ يۈرىدىغان ئادىتىنى ئېسىگە ئېلىشىپ، بۇ شۇم خەۋەرنىڭ ئەپقاچتى پاراڭ بولۇپ چىقىشىنى كۈتۈشكەنىدى: سەدىردىن كەۋسەرنىڭ تەلپىي بويىچە ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىكى دوستىدىن بۇ ئىشنى تەگلەش ئارقىلىق ھەقىقەتەن راستلىقىنى بىلىشتى. سەدىردىننىڭ دوستى ئاقتاش يېزىسىدا راستتىنلا قاتىللىق دېلوسى يۈز بەرگەنلىكىنى، دەسلەپكى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئابدۇللا ئىسىملىك بىرسىنىڭ ئاساسلىق گۇماندار قىلىپ بېكىتىلگەنلىكىنى، شۇڭا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئۇنى تۇتۇپ تۇرۇپ تەكشۈرۈۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. كەۋسەرنىڭ كۆڭلى بۇنىڭلىق بىلەنمۇ ئارام تاپماي،

سەدىردىندىن غازلىققا بىرىسپ ئەھۋالنى ئېنىق ئۇقۇپ كېلىشنى ئۆتۈندى. سەدىردىن ئىدارىسىدىكى ئالدىراشچىلىقنى ئېيتىپ باھانە كۆرسىتىۋىدى، كەۋسەر:

ــ مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە مەكتىپىمىزدە ئىمتىھان باشلىنىدۇ. سىنىپ مۇدىرى بولمىغان بولسام رۇخسەت ئېلىپ ئاقتاشقا ئۆزۈملا باراتتىم. ماڭا ھەرقانداق پىكرىڭ بولسا ۋاقتىنچە كۆڭلۈڭدە ساقلاپ قوي. كېيىنچە سۆزلەشسەكمۇ ئۈلگۈرىمىز. دوستىمىزنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەندە بىز بىر چەتتە قاراپ تۇرساق قاملاشمايدۇ. سەن ماڭا قارىغاندا ئانچە ئالدىراش بولمىغاندىكىن غازلىققا بىرىپ ئەھۋالنى تەپسىلىي ئۇقۇپ كەل، ــ دىدى ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا.

سەدىردىن ھەر ھالدا كەۋسەرنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپ، شۇ كۈنىلا ئاقتاشقا قاراپ ماڭدى، يول بويى ئۆزىنىڭ ئۇرۇمچىدە تەلئەتنىڭ ئۆلۈمىدە تارتقان دەرد ـ ئەلەملىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئويلىدى. بېشىغا كەلگەن قىسمەتنىڭ ئەمدى ئابدۇللانىڭ ھاياتىدا تەكرارلانغانلىقىغا بەكمۇ ئەجەبلەندى. «مۇبادا دېلونىڭ نەتىجىسى مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەندەك خۇلاسىلەنمەي، باشقىچە بولۇپ قالسا ئابدۇللانىڭ تۆگەشكىنى شۇ ئەمەسمۇ!» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى. غازلىققا كېلىپ ئالدى بىلەن بارات نىياز بىلەن كۆرۈشتى، ئاندىن ئاتا ـ ئانىسىنى يوقلاپ قايتىپ كەلدى ـ دە، ئىشلارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ساقچى دوستى دېگەندەك ئېغىر ئىكەنلىكىنى كەۋسەرگە ئېيتىپ بەردى. شۇ كۈندىن باشلاپ كەۋسەرنىڭ خۇشاللىقى يوقالدى. تىلىغا ھېچ نەرسە تېتىمىدى. قولى ئىشقا بارمىدى. مەكتىپىدىمۇ خىيال سۈرۈپلا يۈردى. كوچىدا كىمدۇر بىرسىنىڭ ئۆزىنى يىپىندىكى بىرسىگە ئىما قىلىپ تۇرۇپ: «ئۇ ئىلگىرى بىر يىگىتنىڭ بېشىغا چىققانىدى، ئەمدى يېقىن دوستىمۇ ئىرىنىڭ بېشىغا چىققانمىش، چىرايلىقتا ۋاپا يوق دېگەن

شۇ ئەمەسمۇ» دېگەنلىكىنى خىرە - شىرە ئاڭلىدى. شۇئان ۋۇجۇدى ئازابلىق سېزىمدىن سىلكىنىپ، چىرايى ئۆڭدى. كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، نېپىز ھەم ئويماقتەك ئومىاق لەۋلىرى تىترىدى. بوغۇ مەيلىتى، يامان بولغىنى ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپ سەدىردىنىنىڭ ئابدۇللا توغرىسىدا سىرتتا ئاڭلاپ كەلگەن يېڭى خەۋىرى بولدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە رازاقنىڭ ئۆلۈمى ھەقىقەتەنمۇ ئابدۇللا بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى بېكىتىلگەن بولۇپ، بۇ خەتەرلىك پاتقاقتىن قۇتۇلۇپ چىقىشى مۇمكىن ئەمەستەك قىلاتتى. مۇبادا دېلوغا زىيادە كۆڭۈل بولۇپ تىڭتىڭلاۋەرسە يامانغا يان تاياق بولغان ھېسابلىنىپ ئۆز ئىستىقبالىغا قارا چېكىت قويۇلۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى بار ئىدى. بىراق، سەدىردىنىنىڭ بۇ ھەقتىكى نەسىھەتلىرى كەۋسەرنىڭ قۇلىقىغا پەقەت كىرمەيۋاتاتتى، بەلكى پۈتۈن ئوي - خىيالى ئابدۇللانىڭ مۇشۇ مەنزىلگە يېتىپ كەلگۈچە بولغان ئۇزاق جەرياندا تارتقان كۈلپەتلىرى، ئوڭۇشسىزلىقلىرى ئۈستىدە كېزەتتى. چۈنكى، ئابدۇللانىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەي، روھىي جەھەتتە قاتتىق ئازابلانغانلىقى كەۋسەرنىڭ ئېسىدە ھېلىمۇ بار ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە سارەم بىلەن ئۆتكۈزگەن كۆڭۈلسىز تۇرمۇش، ئىمجان دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش، كەنتنىڭ تۈگمەس ئالۋان - ھەشەلىرىگە تۇتۇلۇپ مۇڭغا چۆكۈش، دوستلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىش...... دەمسىز، ئىشقىلىپ، ئۆتكەن نەچچە يىل ۋاقىت ئابدۇللانىڭ ھەقىقەتەنمۇ ھالىنى قويمىغانىدى. بۇ بىر قاتار ئىشلارنى كەۋسەر خۇددى ئابدۇللاغا ئوخشاشلا ئۇنتۇپ كېتەلمەيتتى. مانا ئۇنىڭ بەخت گۈلى ئەمدىلا ئېچىلىشقا باشلىغاندا...... كەۋسەرنىڭ خىياللىرى يېڭى - يېڭى خىياللارنى تۇغاتتى. ئويلىغانسېرى ئۆپكىدەپ يىغلىغۇسى كېلەتتى. ئاخىر يىغلىمايمۇ تۇرالمىدى. سەدىردىن: «قارىغاندا ئابدۇللا بۇ پاتقاقتىن

پۇتىنى تارتالمىغۇدەك، بىزمۇ تەقدىرگە تەن بېرەيلى» دېگەندە سەدىردىنگە سوغۇق نەزەردە بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆككەن هالدا دېدى:

— مەن ئابدۇللانىڭ رازاقنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىگە هەرگىزمۇ ئىشەنمەيمەن. ئۇ ئەقلىدىن ئاداشقان تەقدىردىمۇ بۇنداق ئىشنى قىلمايدۇ. پىسخىكا جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ ئابدۇللا ئەزەلدىن سوغۇققان، ئېغىر - بېسىق تۇرسا، مېنىڭچە بۇ ئىشتا يامان غەرەزلىك بىرسىنىڭ قولى بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىرتەرەپتىن رازاق بۇرۇندىنلا ئۆكتەم، جېدەلخور ئىكەنمىش. بۇنداق ئادەمنىڭ ئىلگىرى بوزەك ئېتىشكە ئۇچرىغان ياكى بىرەر سەۋەبتىن ئارازلىشىپ كۆڭلىدە غۇم ساقلاپ كېلىۋاتقان بىرەر رەقىبى يوق دېگىلى بولمايدۇ. ساقچىلار نېمىشقا مۇشۇ يىپ ئۇچىنى مەركەز قىلىپ ئىنچىكە تەكشۈرمەيدىغاندۇ؟

— سەن قايسى پاكىتقا ئاساسەن ئابدۇللادا گۇناھ يوق دەپ قارايسەن؟ ئاددىيسى ئىككىمىز ئابدۇللانىڭ خەلچەمنى ئەگىپ يۈرگەنلىكىنى ئوبدان بىلىمىز. مەن بۇ ھەقتىكى گەپ - سۆزلەرنى باشقىلاردىن ئاڭلاۋېرىپ، ئاخىر تاقەت قىلالماي ئابدۇللاغا «ئۆزۈڭنى تۇتۇۋېلىپ خەلچەمنى ئەگىپ يۈرمە، ئۇ هازىر باشقىلارنىڭ ئەمرىدىكى ئائىلىسى بار ئايال. كىچىك ۋاقتىمىزدىكى ئىشلار ئۆز ئورنىدا قالدى» دەپ بىرقانچە قېتىم نەسىھەتمۇ قىلغان. لېكىن، ئابدۇللا ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرمەي «بۇ ھەقتە نەسىھەت قىلمىغان ئەمدى سەن قالغانمۇ، ماڭا نەسىھەت قىلما» دەپ ماڭا قاتتىق تەگكەنلىكى ئېسىڭدە باردۇ؟

— بولدى، بىردەم نېرۋامنى چاچماي تۇرغىنە!

— ياق، گېپىم تېخى تۈگىمىدى. مانا ئاقىۋەت مەن ئويلىغاندەك بولدى. ساقچىلار بىز ئويلىغاننى ئويلىماي قالامدۇ!؟ ئاڭلىسام، ئۇلار ئاقتاشتا ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن

كېيىن پاكىتقا ئاساسەن ئابدۇللانى قاتىل دەپ بېكىتىپتۇ. ئەمدى پۇشايمان قىلغان بىلەن بىكار..... ئابدۇللا مەن نەسىھەت قىلغاندا گېپىمگە كىرگەن بولسا بۇنداق ئېغىر ئاقىۋەت يۈز بەرمەسلىكى مۇمكىن ئىدى.

— نېمە، سەن مۇشۇنداق ئېغىر ئاقىۋەتنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى بۇرۇنلا بىلەمتىڭ؟

— مەنلا ئەمەس، سەنمۇ بىلەتتىڭ! سەن ھەرقانداق ئىشقا سەۋەب- نەتىجە نۇقتىئىنەزەرى بويىچە قارايدىغان بىر ئوقۇتقۇچى تۇرۇپ، ھەقىقەتكە كۆز يۇمساڭ بولامدۇ؟ سۇبيېكتىپ ئارزۇيۇڭنى ئاساس قىلىپ، ئابدۇللانى گۇناھسىز دېسەڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلەمدۇ؟

— بولدى قىل! بۇنداق تېتىقسىز گېپىڭنى ئاڭلىمايمەن. قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئابدۇللا بىزنىڭ دوستىمىز. مەن مانا مۇشۇنىلا بىلىمەن. مېنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنىم قانداقتۇر قانۇنىي ئۇقۇملار ئەمەس، ئابدۇللانىڭ ئىستىقبالى، خالاس.

— شۇنداقتىمۇ ھەقىقەتكە كۆز يۇماسلىقىڭ كېرەك- دە! ئابدۇللا مېنىڭمۇ دوستۇم بولغاچقا، تەگلەپ سۈرۈشتۈرسەم، رازاقنىڭ قاتىلى ئىكەنلىكى ئاساسەن بېكىتىلىپ بوپتۇ. كونىلارنىڭ «كېپىش قىلىپتىن چىقىپ كەتكەندە ھەرقانچە قىلغان بىكار» دېگىنىدەك، سەن - بىزنىڭ ھەرقانچە پىتىرىغىنىمىزنىڭ پايدىسى يوق ئەمدى.

— ئابدۇللانىڭ بېشىغا شۇنچە ئېغىر كۈن چۈشۈۋاتسا، ھېسداشلىق قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنى بىھۇدە ئەيىبلەپ كەتكىنىڭ نېمىسى!؟ مۇبادا مەن مۇشۇنداق بولۇشىنى ساڭا ئوخشاش بۇرۇنلا بىلگەن بولسام، بېشىمنى ئىچىمگە تىقىپ يۈرمەي، ئابدۇللاغا ئاقىلانە يول كۆرسىتىپ، بۇ خەتەرلىك ھاڭدىن تارتىۋالغان، دوستلۇق مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلغان بولاتتىم !

— سىڭىلچە مەن دوستلۇق مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلماي ئابدۇللانىڭ ھاڭغا چۈشۈپ كېتىشىگە قاراپ تۇرۇپتىمەن - دە؟ ساڭا ئېنىق دەپ قوياي! ھازىردىن باشلاپ كاللاڭنى سىلكىۋېتىپ، ئابدۇللانىڭ ئىشىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمە! سەن - بىز ھازىر كەلسە - كەلمەس ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدىغان كىچىك بالا ئەمەس. قىلغان ئىشىمىزغا ئۆزىمىز مەسئۇل بولمىساق بولمايدۇ. ئابدۇللا قاتىللىق قىلىپ كىشىلەرنىڭ نەپرىتىگە ئۇچراپ تۇرغاندا، سەن ئۇنى قاماقتىن قۇتۇلدۇرىمەن دەپ تالا - تۈزدە ئۆزۈڭ بىلگەنچە قاتراپ يۈرسەڭ قاملاشمايدۇ. سىڭىلىڭ كۆزۈڭگە ئاق - قارا كۆرۈنمىگەن بىلەن ماڭا سىياسى ئىستىقبال كېرەك!

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟بۇرنۇڭغا كىچىككىنە ئەمەلنىڭ پۇرىقى يۈرىۋىدى بارغانسېرى لاۋزىلاشقىلى تۇردۇڭغۇ!؟ سىڭىلىڭ مەجبۇرىيەت جەھەتتە قەرزدار بولمىغان دوستلىرىڭمۇ بارمۇ؟ غازىلىقتىكى بىرنەچچىمىزنى دېمەيلا تۇرايلى، ئۈرۈمچىدە بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە ساڭا شۇنچە كۆپ ياردەملەرنى قىلغان دوستۇڭ پولاتقا ۋاپا قىلدىڭمۇ؟ بېشىغا تاسادىپىي كۈن چۈشۈپ يېنىڭغا كەلسە قانداق پوزىتسىيەدە بولدۇڭ؟ ئىلگىرى بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە پولات ساڭا شۇنچە ساداقەت كۆرسەتكەنغۇ!؟ مۇشۇ ئەلپازىڭدا چوڭراق ئەمەلدار بولۇپ كالساڭ باشقا بىر ئادەمگە ئۆزگۈرۈپ كەتكۈدەكسەن!

— بۇ ئىشقا پولاتنى ئارىلاشتۇرما! بىلسەڭ دوستىغا يۈزسىزلىك قىلىشتا سەندىن ئېشىپ چۈشىدىغىنى يوق. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمىزدا سىڭىلىڭ تەلئەتنى دەپ ماڭا قىلغان يۈزسىزلىكىڭنى نېمە دەيمىز؟ شۇ چاغدا ساڭا دوستلۇقنى قەدىرلەش توغرىسىدا نەسىھەت قىلسام، ماڭا نېملەرنى دەپ كەتتىڭ؟ مەن بۇنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ كېتەي!

— ۋۇ تۈزكور، يۈزسىز! سەن...... ماڭا مۇشۇنداق

ناچار گەپنىمۇ قىلامسەن؟ ــ كەۋسەر غەزەپتىن بوغۇلۇپ قەلبىدىكى پىغانلىرىنى سىرتقا چىقىرالماي، چىرايى ئۆڭۈپ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

ــ ھېلى ساڭا دېدىمغۇ! مۇشۇنداق گەپ قىلىشنى مەن ئۇرۇمچىدە سەندىن ئۆگەنگەن !

شۇ تاپتا سەدىردىن ئۆزىنىڭ سۆزمەنلىكىگە تايىنىپ كەۋسەرنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلگەندەك قىلىسمۇ، بىراق كەۋسەرنىڭ چىرايىدىكى نەپرەت ئۇچقۇنلىرى ئۇنىڭغا يەنىلا ئاراملىق بەرمەيۋاتساتتى ھېس قىلماي تۇرالمايتتى. گەرچە كەۋسەرنىڭ ئەمدى گەپ قىلمىسىمۇ بىر نۇقتىغا تىكىلىپ جىمجىت ئولتۇرۇشى سەدىردىنگە كۈتۈلمىگەن زەربە بولۇپ تۇيۇلۇۋاتاتتى. سەدىردىن كۆڭلىدە كەۋسەر مەندىن ئۆچ ئېلىشنىڭ يېڭى پىلانى ئۈستىدە باش قاتتۇرۇۋاتسا كېرەك دەپ پەرەز قىلدى- يۇ، ئارقىدىنلا بۇ گۇمانىدىن ۋاز كەچتى. تۇرۇپلا سەدىردىننىڭ كۆز ئالدىدا پولاتنىڭ يادىكىغۇ تەق - تۇرقى نامايان بولۇشقا باشلىدى. كەۋسەر بايا گەپ ئارىسىدا پولاتنى تىلغا ئالغاندا سەدىردىن كەۋسەرنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ئۆز يېغىرىغا تېگىدىغان گەپلەرگە ئېرەن قىلىپ كەتمىگەنىدى. ئەمەلىيەتتە كەۋسەر پولاتنى تىلغا ئېلىپ سەدىردىننىڭ كۆڭۈل زىدىسىنى تاتىلىغانىدى. چۈنكى ئىلگىرى سەدىردىن پولاتقا سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ كەۋسەرنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىغانىدى.

ئەسلىدە بۇ سەدىردىننىڭ خىزمەت ئورنىدا ئىناۋىتى تېز ئۆسۈۋاتقان، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئەمەلنىڭ ئەڭ تۆۋەنكى بالدىقى ھېساپلىنىدىغان ئىشخانا مۇدىرلىق مەرتىۋىسىگە مۇشەررەپ بولغاندىن كېيىنكى قۇتلۇق كۈنلەر ئىدى. بىر كۈنى كەچلىكى كەۋسەر ئالدىراش ھالدا تاماق ئېتىشكە تۇتۇش قىلىۋاتاتتى، بىركىم ئىشىكنى يېنىك چەكتى. كەۋسەر كۆڭلىدە سەدىردىن بولسا

كىرەك، دىگىنىچە دەرھال كىلىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئاچتى- يۇ، داڭقىتىپ تۇرۇپلا قالدى. چۈنكى، ئىشىك ئالدىدا جۇدەپ باشقىچىلا بولۇپ قالغان پولات تۇراتتى. بۇ كەۋسەرنىڭ خىيالىغا ئەسلا كىرىپ چىقمايدىغان كۆرۈنۈش ئىدى. ئەسلىدە سەدىردىن بىلەن پولاتنىڭ مۇناسىۋىتى خىرىسقا دۇچ كەلگەن، ئىنقىراق ئېيتقاندا، پولات سەدىردىن بىلەن بولغان دوستلۇقنى قوغداشقا ھەرقانچە تىرىشسىمۇ، سەدىردىن دوستلۇق رىشتىسىنى ئاللىقاچان ئۈزۈۋەتكەنىدى. پولاتنىڭ سەدىردىنگە يازغان خەتلىرى جاۋابسىز قىلىۋەرگەرچە، كەۋسەر سەدىردىننىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىپ، ھەتتا پولاتتەك دىلكەش دوستىدىنمۇ يۈز ئۆرۈۋاتقانلىقىغا ئىچىنماي تۇرالمىدى. ئۇنىڭسىزمۇ ئەينى چاغدا سەدىردىن ئۈرۈمچىدە تۇرمىگە كىرىپ قالغاندا پولاتنىڭ ئۇنى قۇتقۇزىمەن دەپ تارتقان جاپالىرى كەۋسەرنىڭ كۆز ئالدىدا ھازىرغىچە نامايان بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. كەۋسەر شۇنى كۆزدە تۇتۇپ سەدىردىننى ئەيىبلەيتتى. سەدىردىن بولسا پولاتتىن يىراقلىشىشقا ھەر خىل باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئۆزىنى قاچۇراتتى. بۇنداق چاغدا كەۋسەر تېخىمۇ جاھىللىشىپ، سەدىردىننىڭ مىجەزىدىكى ھەربىر ئۆزگىرىشنى پولاتقا ھەم كەنجىلەرگە قىلىۋاتقان سوغۇق مۇئامىلىسى بىلەن ئىسپاتلاشقا تىرىشاتتى. كەۋسەر قاچاندا بولسۇن، پولاتنىڭ سەدىردىنگە يازغان خېتىنى كۆرسىلا سەدىردىننى ئەيىبلەيتتى. ئاخىر بىر كۈنى كەچلىكى كەۋسەرنىڭ ئەيىبلىشىگە تاقەت قىلالمىغان سەدىردىن پولاتتىن نېمىشقا رايى يانغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى كەۋسەرگە ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە دەپ بەردى. سەدىردىننىڭ دېيىشىچە پولات يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن ئۆز يېزىسىدا دېھقانچىلىق تېخنىكى بولۇپ ئىشلەپتۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ يېزىنىڭ تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ۋەزىپىسىگە قويۇلۇپتۇ. ئەسلىدە تەشكىل ئۇنى يېزىمىزدىكى

بىردىن بىر ئالىي مەلۇماتلىق زىيالىي دەپ شۇنچە ئىشەنچ باغلىغاندىكىن، تولا بىلەرمەنلىك قىلماي سۇنىڭ ئېيتىشىغا، تۆكىنىڭ يېتىشىغا بېقىپ ئىش قىلسا يوللۇق بولاركەن. بىراق، مۇئاۋىن يېزا باشلىقى بولۇپلا ئۇستىدىكىلەرگە شىلتىنىڭ ئېتىشقا باشلاپتۇ. بەكمۇ يامان بولغىنى ئۇستىدىكىلەرنى «دۆلەتنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى جايىغا ئىشلەتمىدى» دەپ يۇقىرىغا چېقىشتۇرۇپتۇ. چاتاق مانا مۇشۇ يەردىن چىقىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ، ئويلاشقىنى ئۆلگۈرمىگەن زىددىيەت تورىغا چىرمىشىپ قالغان پولات ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي مۇئاۋىن يېزا باشلىقلىق مەنسىپىدىن ئايرىلىپتۇ. ئىش مۇشۇ دەرىجىگە يەتكەندىمۇ ھوشىنى تاپماي ئىلگىرىكى بىلەرمەنلىك ئادىتىنى بىمالال داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ. شۇنداقتىمۇ تەشكىل ئۇنى يەنىلا ئەتىۋارلاپ كەنت خىزمىتىگە مەسئۇل قىپتۇ. چاتاقنىڭ چوڭى شۇنىڭدىن كېيىن چىقىپتۇ. ئەمدى ئۇ دېھقانلارغا: «مەركەز ئۈچ قالايمىقانچىلىقنى تۈزەڭلا دەۋاتسا، يېزا مەسئۇللىرى ئۈچ قالايمىقانچىلىقنى ئەۋج ئالدۇردى» دەپ قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، دېھقانلارنى ناھىيەگە بېرىپ ئەرز قىلىشقا تەشكىللەپتۇ. ئاقىۋەت كېيىنكى نەتىجە كونىلارنىڭ «غوجامغا ئاتقان تاياق قايتىپ كېلىپ ئۆزۈڭنىڭ پېشانىسىگە تېگىدۇ» دېگەن ھېكمىتىدەك خۇلاسىلىنىپتۇ. شۇغىنىسى ئۇ كېيىن كادىرلىق ئىمتىيازىدىن ئايرىلىپ قالغىنى بىلەن تەشكىلنىڭ كەڭ قورساقلىق قىلىشى ئارقىلىق ئىشچى ئىشتاتىدا تاغلىق يېزىغا ئەۋتىلىپتۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى، پوستى تولا سويۇلۇپ، جىسمى كۆرۈنەرلىك كىچىكلىتىلگەن بولسىمۇ، جاھىل مىجەزىدە قىلچە ئۆزگىرىش بولماپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزى ئىشلەپ كېلىۋاتقان چارۋا پونكىتىنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك مەسئۇلى بىلەن چىنىغا چىققۇدەك بىر ئېلىشىپتۇ ـ دە، ئىشچىلىقىنىمۇ تاشلاپ بېرىپ، پېشىنى قاققىنىچە

ئـۆيىگە قايتىــپ ئـارام تېپىپتـۇ. ئەتراپىــدىكى بۇنىڭـدىن خەۋەردار بەزى كىشىلەر پولاتنىڭ ئىدىيەسىدىن گۇمانلىنىشقا باشلاپتۇ......

سەدىردىنىنىڭ بۇ ئىشلارنى كەۋسەرگە يىپىدىن يىڭنىسىگىچە دەپ بولـۇپ ئاخىرىـدا ئالاھىـدە ئەسـكەرتكىنىدىن قارىغانـدا، پولاتنىـڭ ئىدىيەسـىدىن چاتـاق چىققانلىقى ھەممىـدىن خەتەرلىـك ئىـكەن. ئىنقىـلاب ئىپتىقانـدا، بـۇ خىلـدىكى ئـادەملەر گويـا تېنىـدە ئەيدىز ۋىرۇسـىنى ئېلىــپ يـۈرگەن ئـادەملەردىنمۇ خەتەرلىــك ئىــكەن؛ ئولتۇرسـا ـ قوپـسا ئىـشلاردىن قۇسـۇر ئىـزدەپلا يۈرىــدىكەن. ئۇنـداقلارنىڭ ئەڭ گەۋدىلىـك ئالاھىـدىلىكى نـارازىلىق بولـۇپ، باشقىلارنى ئاسانلا قايمۇقتۇرىدىكەن. ئۇلاردىن باشقىلار، بولۇپمۇ سىياسىي ئىستىقبالى پارلاقلار ھەزەر ئەيلىمىسە ئەسلا بولمايدىكەن. تولىمـۇ ئەپسـۇس، سـەدىردىنىنىڭ بـۇ قارىـشىغا كەۋسـەر پەقەت قوشـۇلمىدى، يەنە كىلىــپ «پولاتنىـڭ ئاتـالمىش كەچمىـشلىرىنى سـەن يالغانـدىن توقـۇپ چىقتىـڭ» دەپ تۇرىۋالـدى. سـەدىردىن خىـزمەت سومكىــسىدىن پــولات بىــلەن بىــر يۇرتلـۇق يەنە بىـر ساۋاقدىشىنىڭ مۇشۇ ھەقتە يازغان خېتىنى چىقىرىــپ كەۋسـەرنىڭ قولىغـا تۇتقـۇزۇپ قويـدى. خەتنىـڭ مەزمـۇنى بـويىچە بولغانـدا سەدىردىنىنى دوستلۇققا ۋاپاسىزلىق قىلـدى دېگىلـى بولمايـدىكەن. بۇنىڭدىن كـۆرە سىياسـىي سـەزگۈرلۈكى ئالاھىـدە ئۈسـتۈن دېـگەن تۈزۈك ئىكەن......

پولاتنىڭ چىرايىـدىكى ئۆزگىرىـشلەر كەۋسـەرنىڭ ھەيرانلىقىنـى قوزغاۋاتـاتتى. دېمىــسىمۇ ئىلگىرىكـى قويـۇق چـاچلار كۆرۈنەرلىـك شالاڭـشىپ ئاقىرىــشقا باشــلىغان، كــۆزلىرى ئولتۇرۇشـۇپ، ئــېڭەك سـۆڭىكى چىقىــپ قالغــان، چىرايــى قارىـــداپ بىلىمــۇ بىرئــاز ئېگىلگەنىــدى. «تــوۋا، كــۆز ئالدىمــدىكى بــۇ ئــادەم راســتىنلا سـەدىردىن دائىـم ‹مـوللا تاپقـاق› دەپ ماختايـدىغان، تـۇرقى ۋە ھەرىكىتىـدىن ھەقىقىـي بىلىـم ئەھلىلىرىـدە بولۇشـقا تېگىـشلىك

بارلىق ئالاھىدىلىك تولۇق تېپىلىدىغان پولات شۇمۇ!؟ ئۆز ۋاقتىدا سەدىردىن بىلەن بىر قاتاردا ئوقۇۋاتقان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سەر خىلى، ساۋاقداشلار ئارا ئىناۋىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكى، ئىلىم ـ مەرىپەتكە مەجنۇنلارچە ئىشتىياق باغلىغانلىقى بىلەنلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى ئادىمىلىك پەزىلەتلىرى بىلەن ھەتتا ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭمۇ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان پولات راستىنلا شۇمۇ!؟ ۋاقىت نېمىدېگەن قالتىس ئېكەك ـ ھە! بىرنەچچە يىلدا ئۇنى شۇنچە ئۆزگەرتىۋەتكىنىنى كۆرمەمدىغان. ھەي ئىسىت، سەدىردىننىڭ ئىلگىرى ئۇ توغرۇلۇق دېگەنلىرى راستكەن ـ دە!» كەۋسەر قانداق گۇمانلارنى قىلغان بىلەن، بىراق كۆز ئالدىدىكى ئەمەلىيەت ئالدىدا نېمە دېيىشنى، نېمە قىلىشنى بىلمەي تېڭىرقاۋاتاتتى.

— كەۋسەر، خەقلەردىن تولا سوراپ ئۆيۈڭلەرنى ئاران تېپىپ كەلسەم قولىڭىزغا پىچاق ئېلىپ يولۇمنى توسامسىز نېمە!؟ — ئارىدىكى سۈكۈتكە پولات شۇنداق دەپ خاتىمە بەردى. ئۇنىڭ تەلەپپۇزى ۋە روھىي ھالىتى چىرايىدىكى ئۆزگىرىشكە ئەسلا ماس كەلمىدى.

كەۋسەر شۇندىلا قولىدىكى پىچاققا قاراپ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى، ئەسلىدە ئۇ ھېلى ئىشىك چېكىلگەندە قولىدىكى ئوتياش توغراۋاتقان پىچاقنى قويۇپ قويۇشقا ئۈلگۈرمەيلا ئىشىكنى ئاچقانىدى. ھەر ھالدا كەۋسەرگە پولاتنىڭ ئۆزىنى «سىز»لىگەنلىكى بەكمۇ يېقىملىق تۇيۇلدى. شۇڭا، دەرھال پولاتقا ئۆزرە ئېيتىپ:

— پولات، بۇ ھەقىقەتەن سىزمۇ؟ ئەڭ ئەزىز مېھمان كەلگەندە قىلغان ئىشىمنى كۆرمەمدىغان! بۇنداق تاسادىپىي كېلىپ قېلىشىڭىزنى ئويلىمىغاندىكىن سىزنى كۆرۈپلا گاڭگىراپ قاپتىمەن. قېنى، ئۆيگە كىرىڭ، — دېدى.

— ئـاربلىقىمىز يىـراق بولغـان بىـلەن، كۆكـۆل رىـشتىمىز ئۈزۈلمەيدۇ ئەمەسمۇ! يۇرتتا ئاپتوبۇسقا چىقىپ خىيال سۈرۈشنى باشلىغىنىم ئېسىمدە، كېيىن قانچىلىك ئۇخلىدىم بىلمەيمەن، ئويغانـسام سىـلەرنىڭ بـۇ ئەزىـز يۇرتۇڭلارغـا كېلىـپ قـاپتىمەن. كونىلارنىـڭ «كۆكـۆل رىشتىـسى يىـراق مەنزىلنـى يېقىنلاشـتۇرۇپ بېرىدۇ» دېگىنى مۇشۇ ئوخشايدۇ.

پـولات ئۆيگە كىرىـپ يانـدىكى ئورۇنـدۇقتا ئولتـۇردى. كېيىن كەۋسەر پولاتقا چاي سۇنۇۋېتىپمۇ شۇنچە جىددەپ كەتكەنلىكىگە دىققەت قىلدى. ئەلـۋەتتە ۋاقىـت بىـلەن تۇرمـۇش گېـزى كەلسە ئادەملەرگە مانا مۇشۇنداق ئۆزگىرىشلەرنى تەقدىم ئېتىشكە قادىر ئىدى. شـۇ تاپتـا كەۋسـەر ئـۆزىنى ئەجەبلەنـدۈرگەن بـۇ ئىشلارنى پـولاتتىن سـوراپ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىـشنى ئويلىـدى - يـۇ، بىـراق ئەپـسىز ھـېس قىلـدى. دېمىـسىمۇ كەۋسـەر بايـا ئىـشىك ئالدىـدا پولاتنىـڭ ئىـشەنگۈسىز ھـالىتىنى كـۆرۈپلا، دەرھـال سـەدىردىنىنىڭ ئىلگـىرى دەپ بەرگەن گەپلىرىنـى ئېـسىگە ئالغانـدى. قارىغانـدا پولات مۇشۇ يىللاردا ھەقىقەتەنمۇ ئەسلا كۈتۈلمىگەن قىسمەتلەرنى بېـشىدىن ئۆتكـۈزگەن، ئاشـۇ قىـسمەتلەر گەرچە ئۇنىـڭ روھىغـا ئالاھىـدە تەسىـر كۆرسـىتەلمىگەن بولـسىمۇ، بىـراق جىسمانىيىتىدە كۆرۈنەرلىـك ئىـز قالـدۇرۇپ كەتكەنـدەك قىلاتتـى. پـولات كەۋسـەر سـۇنغان چـاينى ئېلىـپ شىـرەدە قويـۇپلا، ئۇدۇلـدىكى دېرىـزە تەكچىـسىدىن قايـسىدۇر بىـر ژۇرنـالنى قولىغـا ئالـدى. ئېنىقكـى، پولاتنىـڭ ئىلكىـدىكى كـۆپ نەرسىلەر ئۆزگەرگەن بىـلەن، كىتاب ئوقۇشقا ھېرىسمەنلىكى ئۆزگەرمىگەنىدى.

كەۋسـەر ئالـدىراش ھالـدا تامـاق ئېتىـشكە تۇتـۇش قىلىۋېتىـپ ئـاربلاپ پولاتقـا قـاراپ قويـاتتى. خىيالـدا ئەينـى ۋاقتىـدىكى كەچۈرمىشلەر يادلىناتتى. بىردەمدىن كېيىن كەۋسـەر پولات بىـلەن خاس ئائىلىۋى تۇرمۇشى توغرۇلۇقلا پاراڭلىششنى ئويلىـدى. گەرچە

پولات هازىر كەۋسەرگە قەيرىنى تۇتسا شۇ يېرىدىن دەرد ـ ئەلەم تۆكۈلىدىغاندەك، قىسقىسى نېمە توغرۇلۇق بولسۇن پاراڭلىشىش كۆڭۈلسىزلىك ئېلىپ كېلىدىغاندەك تۇيغۇ بېرىۋاتىسىمۇ، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، كەۋسەر ئۆز ۋاقتىدا سەدىردىننى تۇتقۇنلۇقتىن قۇتۇلدۇرىمىز دەپ پولات بىلەن ئۇرۇمچىدە ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى ئەبەدىيلىك دوستلۇققا يارايدۇ دەپ بىلەتتى. ئۇنىڭسىزمۇ كەۋسەر چىن دوستلۇق بابىدا بەختىيارلىقنىكى ھەمراھتىن، كۈلپەتتىكى شېرىكنى ئەلا بىلەتتى.

شۇ ئەسنادا پولات كەۋسەرنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەكلا ئۆز ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى:

— خىزمەتتىن بوشاپ بىكارچىلىقتا بىر مەزگىل جاھان كۆرەي، بۇنىڭدىن كېيىن قىلىدىغان ئىشلىرىمنى دەڭسەپ باقاي دەپ يۇرتۇڭلارغا قەدەم بېسىشىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىندىن بېرى ئاشقازىنىمدىنمۇ سەل چاتاق چىقىپ قالدى. بويتاقچىلىقتا ئاچ ـ توق يۈرگىنىمنىڭ كاساپىتى ئوخشايدۇ. ئوقۇشتىكى ۋاقتىمىزدا سەدىردىن يۇرتۇڭلاردىكى ھەكىملەرنىڭ داڭقىنى كۆپ تىلغا ئالاتتى. ئۇلارغا كۆرۈنۈپ باقايمىكىن دەيدىغان نىيىتىممۇ بار......

پولات ژۇرنال كۆرۈۋېتىپ شۇلارنى دېدى. ئۇنىڭ بۇ بىرنەچچە جۈملە سۆز ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەرگەنىدى. ئەمدى كەۋسەرنىڭ سوراپ يۈرۈشىنىڭ ھاجىتى قالمىغان، قارىغاندا پولاتمۇ «دېپىشكە تېگىشلىك گەپنىڭ ھەممىسىنى ئىخچاملا دېۋېتەي، كەۋسەر سوراپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمىسۇن» دېگەندەك قىلاتتى.دەرۋەقە كەۋسەرگە ئېنىق بولدىكى، پولات راستتىنلا خىزمەتتىن چېكىنىپتۇ، ئايالىدىنمۇ ئايرىلىپ بويتاق ئۆتۈۋېتىپتۇ. ياخشى يېرى، بۇنىڭدىن كېيىن تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىشنى ئويلاۋېتىپتۇ، يامان بولغىنى ئاشقازىنىدا كېسەل كۆرۈلۈپتۇ. كەۋسەر بۇ

ئۈچـۈرلاردىن خـۇش بـولغىنىنى يـاكى قـايغۇرغىنىنى دەماللىققـا بىلەلمىدى. شۇنداقتىمۇ كەۋسـەرگە پولاتنىـڭ يۇقىرىقى بىر قاتـار ئىشلار ئۈچۈن سەدىردىندىن ياردەم ئۈمىـد قىلىپ كەلگەنلىكـى ئېنىق بولدى. كەۋسەرنىڭ ئويىچە، پولاتنىڭ بۇ قىلغىنى ئەلـۋەتتە يوللـۇق ئىدى. چـۈنكى، ھەقىقـي دوسـتلار بېشىغا ئېغىـر كـۈن چۈشـكەندە ئىككـى تەرىـپكە قارىمـايلا دوسـتلىرىنى تېپىـشى، دەردلىرىنى، ئوي ـ خىياللىرىنى تارتىنماي ئېيتىشى، بـۇ ئـارقىلىق قىيىنچىلىقنى يېڭىدىغان ئورتاق كۈچكە ئېرىششى كېرەك. كەۋسـەر كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ۋاقىتتا شۇلارنى خىيالىـدىن ئۆتكـۈزدى. ئارىــدا پــولات كەۋســەرنىڭ خىزمىتــى ۋە دادىــسىنىڭ ئەھــۋالىنى سوراپ، ئانىسىنىڭ قازا قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ قايغۇ ئىلكىدە بىـردەم سـۈكۈتكە چۆمـدى. ئانـدىن كەۋسـەرنىڭ تۈجـۈپىلەپ ئەتـكەن چۆچىرىسىگە ئېغىز تېگىپ ئولتۇرۇپ:

ــ سەدىردىنىنىڭ سىرتتا مۇھىم ئىشى چىقىـپ قالـدىمۇ نـېمە، كەچ كىرىۋاتــسىمۇ قايتىــپ كەلمەيــدىغۇ!؟ ــ دېــدى ســەل تاقەتسىزلىنىپ.

ــ بۈگۈنلا ئەمەس، دائىم شۇنداق ئالدىراش ئۆتىدۇ. ئەتىگەن ماشىدىغاندا يېزىغا بـارىمەن دېگەنـدەك قىلغـان. بەلكـم كەچـرەك قايتىــپ كېلىــشى مــۇمكىن، ــ كەۋســەر شــۇلارنى دەۋېتىــپ نېمــشقىدۇر ئوڭايــسىزلىنىپ قالــدى. ئەسـلىدە ئۇنـىڭ كـۆڭلىگە سەدىردىنىنىڭ پولات ھەققىدە دېگەن گەپلىرىدىن باشقا، مۇھىمى پولاتتىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزمەكچى بولغانلىقى سايە تاشلىۋالغانىدى.

ــ بايا دەرۋازىنىڭ ئالدىـدا ئۆيـۈڭلەرنى سۈرۈشتۈرۈۋاتـسام بىـر كىـشى يېنىمغـا كېلىــپ، سەدىردىنىنىڭ بـازارلىق ھۆكـۈمەتتىكى ئوتيـاش پارتىكىـدا ئىكەنلىكىنـى، ئۆزىنىـڭ ھـازىر قولىـدىكى ماتېرىيالنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ بەرگىلى بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئـۇ كىشىگە سـەدىردىنگە «دوسـتىڭىز پـولات كەپتـۇ» دەپ

قويۇقى دېگەنىدىم بولمىسا......

پولاتنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ كەۋسەرنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى. قارىغاندا سەدىردىن پولاتنىڭ كەلگەنلىكىدىن ئاللىقاچان خەۋەر تاپقاندەك قىلاتتى. كەۋسەر دەرھال ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ پولاتنىڭ دىققىتىنى ئالىي مەكتەپتىكى ئۇنتۇلماس ئەسلىمىلەرگە بۇرىدى. ئىككىسى بۇ ھەقتە خېلىغىچە مۇڭداشقان بولسىمۇ، كەۋسەر تازا قانائەت ھاسىل قىلالمىدى. چۈنكى، پولات كەۋسەرگە گۈزەل كەچمىشلەرنى ئىلگىرىكىدەك پەلسەپىۋى ئۇقۇملار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئەمەس، بەلكى ھەربىر سۆزنى بىۋاستە رېئاللىققا باغلاپ سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. قارىغاندا پولات ھازىر غايىۋى نەرسىلەردىن كۆرە، رېئاللىقتىكى ھادىسىلەرگە بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدىغاندەك قىلاتتى.

— پولات، مېنىڭ كامىنۇر بىلەن مىرئادىلنىڭ ئەھۋالىنى بەكمۇ بىلگۈم بار، — دېدى كەۋسەر ئىلتىجا قىلغاندەك تەلەپپۇزدا.

— بىلىمەن، ئوتتۇراڭلاردىكى شۇنچە قەدىرلىك دوستلۇق رىشتىسى ئېچىنىشلىق ھالدا نابۇت بولدى. كامىنۇر بىلەن مىرئادىل سىزنى سەدىردىن بىلەن توي قىلدى دەپ باتنىمىغان بولسا بۇ دوستلۇق قوغدىلىپ قالاتتى. ئەگەر ئۇلار شۇ چاغدا ئۆزلىرىنى سوتتا يېڭىلگۈچى ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتنى ياقلىغۇچى دەپ بىلىشكەن بولسا، كېيىنكى خاتا چۈشەنچىگە قاپسىلىپ قالمىغان بولاتتى. ئىككىسى توي قىلغاندىن كېيىن بىزنىڭمۇ سالام - سەھەتىمىز توختىغان.

— بەكمۇ ئېچىنىمەن. سەدىردىن بىلەن تويىمىز بولغۇچە ئۇلار بىلەن خەت يېزىشىپ تۇرغان ئىدۇق، تويىمىز بولغاندىن كېيىنلا ئۇلار خەتلىرىمنى جاۋابسىز قالدۇردى. قارىغاندا كامىنۇر «سەدىردىن بىلەن توي قىلساڭ بىزنىڭ دوستلۇقىمىز توختايدۇ» دېگەن گېپىنى ماڭا ئىسپاتلاپ بەرگەن ئوخشايدۇ.

دوستلۇق مەلۇم ئىدېئولوگىيە ياكى ئىدىيە سىستېمىسىنىڭ ئۈستىگە ئەمەس، سۇبيېكتىپ قاراش بىلەن شەخسىي مۇددىئا ئۈستىگە قۇرۇلۇپ قالسا ئاخىرىدا مۇشۇنداق كىرىزىسقا پاتىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ. مېنىڭ بىلىشىمچە ھەربىر كىشىنىڭ ھاياتىدا يۈز بەرگەن ئۇڭۇشسىزلىق ھەم بەختسىزلىكلەردە، شۇ كىشىنىڭ چىن دوستلۇق بىلەن ئىنسانىي سەممىيەتكە مۇشەررەپ بولالمىغانلىقىدەك ئاچچىق ساۋاقلىرى بولىدۇ.

كەۋسەر پولاتنىڭ بۇ گېپىدىن كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ تولىمۇ مۇرەككەپ بولغان بىر قانۇنىيىتىنى قايتا چۈشەنگەندەك بېشىنى خىيالچان ھالدا لىڭشىتتى. كېيىن كۆزىنى بىر نۇقتىدىن ئۈزمەي تۇرۇپ:

— قانداقلا بولسۇن مەن ئۇلارنىڭ بەختلىك ئۆتۈشىنى تىلەيمەن، — دېدى.

— ئەپسۇس، ئۇلار ھازىر ئايرىلىپ كەتتى، — پولاتنىڭ بۇ سۆزى كەۋسەرنى تولىمۇ ئەجەپلەندۈردى.

— نېمە، مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ پەقەت ئىشەنمىگەنىدىم، قارىغاندا ئۇلارنىڭ ئايرىلىپ كەتكىنى راستكەن - دە؟

— ئائىلە سىرتقا ئوخشمايدۇ، سىرتتا ئەر - ئاياللار ياخشى ئۆتۈشتە ھېسسىياتنىڭ بىرلىكىنىلا ئالدىنقى شەرت قىلىشىدۇ. ئائىلىدە بولسا ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، تۇرمۇش يولى ۋە مىجەز-خۇلقى ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتىدۇ. كامىنۇر بىلەن مىرئادىل ھېسسىياتتا بىرلىك ھاسىل قىلالىغان بىلەن، ئائىلە ئۇچۇن ئەڭ كېرەكلىك بولغان يۇقىرىقى شەرتلەردە بىردەكلىك ھاسىل قىلالمىغان ئوخشايدۇ، — پولات سۆزلەۋېتىپ دېرىزىدىن سىرتقا، ئاندىن سائەتكە قاراپ قويدى. كۈن ئاللىقاچان ئولتۇرغان بولۇپ ئەتراپ قاراڭغۇلۇق قوينىغا چۆكۈۋاتاتتى. ئەمدى سەدىردىنىنىڭ

كەلمەيۋاتقىنىدىن كەۋسەرمۇ پولاتقا ئوخشاشلا تاقەتسىزلىنىشكە باشلىدى. ئارىنى ئازراق سۈكۈت قاپلىدى. بۇ قىسقا ۋاقىت كەۋسەرگە بەكمۇ ئۇزاق تۇيۇلدى. پولاتنىڭ قولىدىكى ژۇرنال ئاللىقاچان قايسىدۇر تۇم بىر كىتابقا ئالماشقانىدى. ئۇ ئارىلاپ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ قوياتتى.

كەۋسەر پولاتنىڭ بايىقى سۆزىنى ئەمدى چۈشەنگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ:

— سىزنىڭچە ھېسسىيات بىرلىكىلا ئەمەس، تۇرمۇش يولى ئوخشىمايدىغانلارنىڭ نىكاھى كىرىزىسقا ئەڭ يېقىن بولىدىكەن-دە؟ — دېدى. ئۇ سۆزلەۋاتقاندا كۆز ئالدىغا نېمىشقىدۇر سەدىردىن كېلىۋالدى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ. ئائىلە قارىماققا تۇرمۇشنىڭ رامكىسىدەك ئاددىي كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ جەمئىيەتنىڭ كىچىكلىتىلگەن نۇسخىسىدۇر. ئەتراپتا يۈز بېرىۋاتقان ۋەقە - ھادىسىلەر ئەر - خوتۇنلارنىڭ ھېسسىياتىغا چوڭ تەسىرلەرنى كۆرسىتەلمىسىمۇ، بىراق ئائىلىگە مۇئەييەن تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. نىكاھقا نىسبەتەن تۇرمۇش يولىنىڭ كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھېسسىياتنىڭ تەسىرىدىن چوڭ بولىدۇ. شۇڭا، تۇرمۇش يولى ئوخشىمايدىغانلار توي قىلىشتىن بۇرۇن شۇنداق يېقىن ئۆتىدۇ - يۇ، بىراق توي قىلىپلا ئۇزاققا قالماي تۇرمۇش يولىدىكى پەرقىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن ئادا- جۇدا بولۇپ كېتىشىدۇ.

— سىزنىڭچە ئەر - خوتۇنلار ئوخشاش بولمىغان تۇرمۇش يولىنى تىرىشىش ئارقىلىق جىپسىلاشتۇرالامدۇ؟

— مەن سىناق قىلىپ مەغلۇپ بولغۇچى. شۇڭا، بۇ ھەقتە ۋەز ئېيتالمايمەن.

— ھېلىقى باھارگۈلنىڭ ئەھۋالىنى بىلەمسىز؟ ئۇ ھازىر قانداق تۇرۇۋاتقاندۇ؟ — سورىدى كەۋسەر پولاتنىڭ ئالدىدىكى پىيالىگە

چاي قويۇۋېتىپ. ئۇنىڭ مۇشۇ گەپلەر ئارقىلىق كەيپىياتنى تەڭشىمەكچى بولغانلىقى ئېنىق ئىدى.

— ئۆز ۋاقتىدا باھارگۈل بەكمۇ چەت بىر يېزىغا تەقسىم قىلىنىپتىكەن، بىرنەچچىمىز ساۋاقداشلارنى يوقلايمىز دەپ ئۇ يەرگە بېرىپ كۆرۈشەلمىگەنىدۇق. ئالدىنقى ئايدا ئۈرۈمچىدە داۋالىنىۋاتقان ۋاقتىمدا باھارگۈل بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدىم. بەكمۇ سالاپەتلىك بولۇپ كېتىپتۇ. تېخى يېقىندىلا توي قىپتۇ. ناھىيەلىك ئاياللار بىرلەشمىسىگە مۇدىر بولدۇم دەيدۇ. مېنىڭچە ئۇنىڭدا ئۆزگىچە سېھرىي كۈچ بار.

— مەنمۇ شۇنداق قارايمەن، ئۇنىڭ شۇ چاغدا سوتتا دېگەن گەپلىرى ئېسىمدىن پەقەتلا چىقمايدۇ.

پولات كەۋسەرنىڭ گېپىگە ئىپادە بىلدۈرمەيلا ئورنىدىن تۇردى - دە:

— كەۋسەر، قارىغاندا سەدىردىنىڭ سىرتتا مۇھىم ئىشى چىقىپ قالغان ئوخشايدۇ. بىرمەھەل بولۇپ كەتتى. مەن قايتىپ بىرەر مېھمانخانىغا ئورۇنلىشىۋالاي، ئەتىلىككە كۆرۈشەيلى، — دېدى.

كەۋسەر پولاتنى يەنە بىردەم كۈتۈشكە ئۈندىيەلمەي تولىمۇ ئوڭايسىزلانغان ھالدا:

— سىز ئاران بىر كەلگەندە سەدىردىن ئۆيدە بولماي سەت بولدى، — دېگىنىچە ئىشىك تەرەپكە تەقەززالىق ئىلكىدە قاراپ قويدى. ئەمەلىيەتتە كەۋسەرنىڭ مۇشۇنداق دېيىشتىن ئۆزگە ئامالى يوق ئىدى. ئۇ سەدىردىن قايتىپ كەلگەن بولسا پولاتنىڭ مېھمانخانىغا بېرىشىنىڭ ئورنى يوق ئىدى دەپ ئويلىدى.

ئىشىك ئالدىغا چىققاندا كەۋسەر پولاتقا ئەتە چوقۇم كېلىشنى تاپىلاپ خوشلاشتى. پولات قايتىپ كەتكەندىن كېيىن كەۋسەرنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى.

پولات كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا سەدىردىن قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپلا گەپ ـ سۆزىدىن ئىدارىگە خېلى بۇرۇنلا قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، پولاتتىن ئۆزىنى ئەتەي چەتكە ئالغانلىقىنى چاندۇرۇپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن كەۋسەرنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى. كېيىن سەدىردىن ئۇيقۇغا كەتكەندىمۇ پولاتنىڭ بىچارە ھالىتى كۆز ئالدىغا كېلىۋالغان كەۋسەر بىرچاغقىچە ئۇخلىيالمىدى. ئەتىسى كەۋسەر پولاتنى كېلىدۇ دەپ قانچە كۈتكەن بولسىمۇ، بىراق پولات قارىسىنى كۆرسەتمىگەچكە، پولات سەدىردىننىڭ نىيىتىنى بىلىپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ گۇمان قىلدى. ئەپسۇس، ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە كەۋسەرنىڭ بۇ گۇمانى خاتا بولۇپ چىقتى. كەۋسەر چۈشلۈك تاماققا مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىۋاتقاندا پولات بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئەسلىدە پولات كەۋسەرنى مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇرغانىدى.

ــ سىز بىلەن خوشلاشاي دەپ كەلدىم،ــ دېدى پولات كەۋسەر يېنىغا كەلگەندە يەسرەك ئاۋازدا. گەرچە پولاتنىڭ كۆزلىرى يەنىمۇ ئولتۇرۇشۇپ، چىرايى سەل سارغىيىپ قالغان بولسىمۇ، روھىي ھالىتى ئىلگىرىكىدەكلا ئۈستۈن بولۇپ، چىرايىدىن كۈلكە يېغىپلا تۇراتتى.

كەۋسەر كۆڭلىدە پولاتنىڭ شۇ تاپتا سەدىردىن تەرىپىدىن شۇنچە چەتكە قېقىلىۋاتقانلىقى بىلەن قىلچە ھېسابلاشماي، يەنىلا دوستلۇقنى قەدىرلەۋاتقانلىقىغا قاراپ ئۇنىڭ ئاغزىدا دېگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە قىلىۋاتقىنىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر بىردەكلىكىگە قايىل بولماي تۇرالمىدى. دېمىسىمۇ پولات بېشىغا كېلىۋاتقان كۆلپەتلەرگە ھېچبىر پەسەنت قىلماي، سەدىردىن قىلىۋاتقان ساداقەتسىزلىكنىمۇ كۆڭلىگە ئالمايۋاتاتتى، بەلكى بۇنداق تەگسىزلىكلەرگە ئىدىيەسىدە ئالدىن تەييارلىق قىلىپ قويغاندەك، كىشىلىك دۇنياسىدا ياخشىلىق يولىنى ئۆزىگە مەڭگۈلۈك نىشان

قىلىپ تاللىغانلارنىڭ، پۇرسەتپەرەسلەرگە ۋە دىلى بىلەن تىلى ئۆزئارا مۇخالىپ ئەگرى كۆڭۈللەرگە قارىغاندا كۆپ دىشۋارچىلىق تارتىدىغانلىقىنى چوڭقۇر بىلىدىغانىدەك قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى بىلىشلىرى ئالىيجانابلىقنىڭ، ياخشىلىق يولىنى تۇتقۇچىلارنىڭ نۇرغۇنلىغان دەرد- ئەلەملىرى ئارقىلىقلا بارلىققا كېلىشىگە بولغان چەكسىز ئىشەنچىسىدە گەۋدىلىنەتتى.

— نېمىشقا بۇنچە تېز قايتماقچى بولۇپ قالدىڭىز؟ سىز تېخى......

كەۋسەر ئەسلىدە پولاتقا «سىز تېخى سەدىردىن بىلەن كۆرۈشمىدىڭىز» دېمەكچىدى، بىراق سەدىردىننى نېمىشقىدۇر تىلغا ئالغۇسى كەلمىدى. شۇ دەقىقىدە كۆڭلىدىن گويا پولات بىلەن سەدىردىننىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقتەك بىر خىل سېزىم يالت قىلىپ ئۆتتى.

— سىلەرنىڭ ھەكىملىرىڭلار دەرۋەقە سەدىردىن ماختىغاندەك قالتىس ئىكەن. تېببىي ئۇنىۋېرسىتېت دوختۇرخانىسىدا ئۇدا ئون كۈن زامانىۋى ئۈسكۈنىلەردە تەكشۈرۈپ قويغان دىياگنوزنى ئۇلار تومۇرۇمنى شۇنداق تۇتۇپلا ئىسپاتلاپ چىقتى، مەن بەكلا ھەيران بولدۇم دەڭە!

— نېمە كېسەل بولۇپسىزا؟ ھەكىملەر كېسىلىڭىزگە توغرا دىياگنوز قويغاندىكىن ئەمدى مۇشۇ يەردە داۋالىنىڭ.

— ھەكىملەر مەنىدىكى كېسەلنى «سەرەتان» دەپ ئاتايدىكەن، بۇ خىل ئاتالغۇ ھەرھالدا باشقىسىغا قارىغاندا كىشىگە قوپال ئاڭلانمايدىكەن. ئۆتكەندە ئۈرۈمچىدە خىمىيەلىك داۋالانـ ـغاندىم، ھەكىملەر: «خىمىيەلىك داۋالاشنى قوبۇل قىلمىغان بولسىڭىز، بىز بىر ئامالىنى قىلاتتۇق، ياخشىسى يەنە خىمىيەلىك داۋالىنىڭ» دېيىشتى. يۇرتۇمغا تېزرەك قايتىپ ئۈرۈمچىگە مېڭىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلاي دەيمەن.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسىز، پولات! سەرەتان دېگىنى نېمىكەن ئەمدى؟

— نېمە بولاتتى،ھېلىقى ئون ئىككى مۇقامنىڭ بىرى بولمامدۇ! بايا سەدىردىن بىلەن كۆرۈشۈۋالاي دەپ ئىدارىسىگە بارغانىدىم، بۈگۈن نېمە بولىدىكىن دەرۋازىۋەننىڭ ئەلپازى يامان تۇرىدۇ. شۇنچە يېلىنساممۇ مېنى كىرگۈزمىدى، شۇڭا ئۇدۇل بۇ تەرەپكە كەلدىم. سەدىردىنگە سالامىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ، ئۇ ئۆزىنى ئاسرىسۇن، ئۆزلۈكىدىن نېسىپ بولمىغان نەرسىلەر ئۈچۈن ۋاقتىنى زايە قىلمىسۇن. مەن ئەمدى ماڭمىسام ئاپتوبۇسقا ئۈلگۈرەلمەيمەن، خوش، بەختىڭلارنى قەدىرلەڭلا!

پولات شۇلارنى دەپلا ياندا تۇرغان ئۈچ چاقلىق كىرا هارۋىسىغا ئولتۇرۇپ كېتىپ قالدى. كەۋسەرنىڭ قۇلاقلىرى تۇۋىدە ئۇشتۇمتۇت كۈچلۈك شاۋقۇن پەيدا بولغاندەك قولىدىكى سومكىسى يەرگە چۈشۈپ كەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇ ئېسىنى يىغىپ پولاتقا گەپ قىلىپ بولغۇچە، پولاتنىڭ قارىسى يىراقتىكى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا غايىب بولغانىدى. كەۋسەر باياتىن پولات بىلەن رېئال دۇنيادا ئەمەس، بەلكى چۈشىدە پاراڭلاشقاندەك تۇيغۇ ئىلكىدە، ئۇنىڭ ئۆز كېسىلى ھەققىدە سۆزلەۋاتقاندىكى خاتىرجەم، ئۈمىدۋار ھەم خىرامان روھىي ھالىتىنى كۆز ئالدىدىن قايتا بىر قېتىم ئۆتكۈزدى.قارىغاندا پولات بېشىدىكى شۇنچە چوڭ قىسمەتلەرنى قىلچە مەنىستىمىگەندەك قىلاتتى. كەۋسەرنىڭ قەلبىدە پولاتنىڭ سەدىردىنگە دوستانە سالام يوللىغاندىكى سەمىمىي ھالىتى نەقىش بولۇپ قالدى.

* * *

ئابدۇللانىڭ ھېچكىم خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن قىسمەتكە دۇچار

بولۇشى غازلىقتىكى ئانايەت كۈدەكتىن باشلاپ، يۇرت مۆتىۋەرى قاسىم قارىمغىچە بولغان نۇرغۇن كىشىلەرنى بىسەرەمجان قىلىۋەتكەنىدى. دىمىسىمۇ سەھرا دىگەندە بىرسىگە يەتكەن ئەلەم ئۇچۇن ھەممە تەڭ قايغۇرىدۇ. بىرسى ئۇچۇن ھەممەيلەن ئەلەم چىكىدۇ. ئۇنىڭغا ياردەم بىرىشنى ئۆزلىرى ئۇچۇن مۇقەددەس بۇرچ ھىسابلايدۇ.

قادىر ئاخۇن رازاقنىڭ يەتتە نەزىرىنى بىرىپ بولۇپ غازلىققا قايتىپ كەلگەن كۇنى، ئۇنىڭ يىنىغا بىرىنچى بولۇپ ئەخمەت بوۋاي ھاسراپ ـ ھۆمۈدىگىنىچە يىتىپ كەلدى، ئاندىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قولۇم ـ قوشنىلار، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىر ـ بىرلەپ كىلىپ جەم بولۇشتى. ئەخمەت بوۋاي دىمىنى ئاران بىسىپ دىدى:

ــ بۇ نىمە تارتقۇلۇق بىزگە! ئابدۇللانى قايسى شەيتان ئازدۇرغاندۇ. مۇشۇ يىللاردا مەن نىيازدىن ئەنسىرەپلا كەلگەنىدىم. ئۇنى خەقنىڭ يۇرتىدا ھايتاق بولۇپ كەتتىمىكىن دەپ يۇرىكىم سۇ ئىدى. ئەممازە، ئابدۇللانىڭ بۇنداق قاراملىق قىلىشىنى ھەرگىزمۇ خىيالىمغا كەلتۇرمەپتىمەن. ئۇنىڭ مەھەللىدىن نىرى كەتمەي يۇرگىنىگە قاراپ شۇنداق ئوڭلۇق بالا بولدى دىسەم، ماۋۇ قىلغان ئىشىنى كۆرمەمدىغان!

بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان ھوشۇر موزدۇز ئەخمەت بوۋاينىڭ سۆزى ئۈزۈلۈشى بىلەن قوشۇمچە قىلدى:

ــ خۇدايا توۋا! بۇ ئىشقا پەقەت ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ مىنىڭ. مەن تىبخى بىزنىڭ راشىدىن كىچىكىدىن باشباشتاق چوڭ بولغاچقا، مىنى بىرەر خاپىلىققا تىقىپ قويارمۇ دەپ كىچە ـ كۈندۈز غەم يەيتتىم. خۇدا ئىنساب بەرگەن چىغى، بىرنەچچە يىل سىرتلاردا يۇرۇپمۇ يولدىن تىيىپ كەتمەپتۇ. بۇ ئابدۇللانىزە......

ھوشۇر موزدۇزنىڭ گىپى تۆردە ئولتۇرغان قاسىم قارىمغا

ياقمىدىمۇ، ئەيتاۋۇر، دىمىقىنى قىرىپ قويۇپ دېدى:
— ھوشۇر ئاخۇن، بۇنداق گەپلەرنى قويۇپ تۇرسىلا! ئەخمەتكام بىلەن سىلە ئىككىلىرى نىياز بىلەن راشىدىنى يەنە كۆلغا يولغا سېلىپ ئوبدان قىلىشمىدىلا. كونىلارنىڭ «كوزا كۆندە سۇنماس، كۈنىدە سۇنار» دەيدىغان سۆزى بار. باللار بىر ئوبدان مەھەللىگە قايتىپ كەلسە ئۇلارنى چىلك تۇتماي ئۆز يولغا قويۇپ بەرگىنىڭلار نېمىسى!
— راشىدىن بىلەن نىيازنىڭ بۇ ئاكىلارغا ئېلىپ كەلگەن پۇلىنىڭ ھۆرمىتى بولمامدۇ، قارىم. ئۇ ئىككىسى يېنىنى تومۇلاپ كېلىشىپ، بۇلارنىڭ مۇشكۇللىرىنى ئاسان قىلىپ بەردى ئەمەسمۇ! ھېچبولمىغاندا ھوشۇركام ئۆيىنى يېڭىلىۋالدى. ئەخمەتكامۇ مەيلىك بولۇپ قالدى،— سۇپىنىڭ لېۋىدە ئولتۇرغان پاكار بويلۇق كىشى شۇنداق دېگەندى، قاسىم قارىم شۇئان تېرىكىپ ئېيتتى:
— قويۇڭلا ئۇنداق گەپنى! كۆپ ھاللاردا گۇناھى كەبىر مال - دۇنيا توپلاشتىن كېلىپ چىقىدۇ. ئۇ باللارنى كۆلدا ھالال پۇل تاپتى دەپ ھۆددە قىلالايمىزمۇ؟ مۇشۇ ئابدۇللامۇ ئۇستىخىنى پاكىز بالا ئىدى. ئەقلىدىن ئازدىمۇ كىم بىلىدۇ، يېقىندىن بۇيان قىڭغىر دەسسەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. مانا «بالا - قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس، پۇت - قولىنى ساڭگىلىتىپ» دېگەندەك كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە سولاققا چۈشۈپ قالدى. شۇڭا، سىلەرگە دەپ قوياي: ئۆشرە - زاكاتنى ۋاقتىدا بېرىڭلار، ھەپتە- قارارلاردا قۇشقاچ چاغلىق نەرسە بولسىمۇ سويۇپ قان قىلىپ تۇرۇڭلار......
ھوشۇر موزدۇز يېنىدا كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ ئولتۇرغان ئەخمەت بوۋايغا يەر تېگىدىن قاراپ قويدى. ئۇنىڭ قاسىم قارىمنىڭ يۇقىرىقى ۋەز - نەسىھەتىگە رازىلىقى يوقتەك قىلاتتى. شۇ ئەسنادا جالالىدىن ئاخۇن ئالدىغا بىرئاز سۈرۈلۈپ شۇنداق دېدى:

— جامائەت، بىز قادىر ئاخۇننىڭ ئۆيىگە مەسچىتتىن ھېلىلا كىردۇق. ھەممىمىز تېخى تەرتىمىزنى سۇندۇرمىدۇق. شۇڭا، باشقا گەپلەرنى قويۇپ، ئاللادىن كۆز ئالدىمىزدىكى مۇشكۇلچىلىكنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىشنى تىلەيلى. ئابدۇللانىڭ بېشىغا كۈن چۈشتى ھەم يەنە قادىر ئاخۇنمۇ كۈيۈ ئوغلىدىن ئايرىلىپ قالدى. يامىنى خەلچەمگە ئۇۋال بولدى. بۇنداق قىسمەتنى مەنمۇ ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن. چىدىماق ئوڭاي ئەمەس. مېنىڭچە، بىز ئەمدى بۇ يەردە بىر - بىرىمىزگە تاپا - تەنە قىلىشىپ ئولتۇرماي، ئابدۇللانى سولاقتىن قوتۇلدۇرىدىغاننىڭ ئامالىنى قىلايلى. بۇ ئىشلارنى ھازىرچە سۇلايمان ئاخۇندىن سىر تۇتقىنىمىز بىلەن، تامنىڭمۇ قۇلىقى بار دېگەندەك، ئۇ ھامان بىر كۈنى ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەي قالمايدۇ. ئۇ چاغدا كېسەل ئازابىدا ياتقان ئاجىز بەندە بۇ ئازابقا قانداقمۇ چىدايدۇ !؟

— جالالىدىن ئاخۇن دۇرۇس گەپ قىلدى. ئاڭلىسام يېزا باشلىقى ناھىيەگە كېتىپتۇ. ۋاللاھۇ ئالەم ئۇ ئابدۇللانىڭ ئىشى توغرۇلۇق كەتتى بولغاي. بىزمۇ قاراپ تۇرماي ئامال تاپايلى. خۇدايىم بۇ يولدىكى ئەجرىمىزنى ئەزىم قىلىپ بېرەر!

ئوتتۇرا ياشلاردىكى تەمبەل كىشىنىڭ بۇ سۆزى ھەممەيلەنگە ياقتى. ئۆيگە جەم بولغانلار ئۇنىڭغا قاراپ رازىمەنلىك بىلەن باشلىرىنى لىڭشىتىشتى. شۇ ئەسنادا ھوشۇر موزدۇز سۆز نۆۋىتى ئېلىپ دېدى:

— مېنىڭچە دۇئا - تەكبىر ئۆتكۈزسەكمىكىن، مۇشۇ يىللاردا كەنتىمىزدە قازايىقەدەر ھەم بالايىئاپەت ئاۋۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئۆيلىساق كۆڭلىمىز تولىمۇ يېرىم بولىدۇ. گېپىم توغرىمۇ - خاتامۇ بىلمىدىم، قاسىم قارىم ئارىمىزدا ئولتۇرۇپتۇ، بىزگە يول كۆرسەتسىلە، قارىم!

قاسىم قارىم ھوشۇر موزدۇزغا بۇرۇلۇپ قاراپ تەبەسسۇم قىلدى،

ئاندىن ھەممەيلەنگە تەكشى كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن ئېيتتى:
ــ جامائەت، ھوشۇر ئاخۇن كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدى. ئاللانىڭ قۇدرىتىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ. مۇشۇ كۈنلەردە كەنتىمىزدە ھەقىقەتەنمۇ سۇنۇقچىلىق كۆپ بولدى. بۇ ئارىمىزدىكى بەزىلەرنىڭ لەنتى شەيتانىنىڭ كەينىگە كىرىپ ھىدايەت يولىدىن ئاداشقانلىقىنىڭ جازاسىدۇر. ئاللاتائالا: «سىلەرگە يەتكەن ھەربىر قازايى، مەئسىيەتلەردە قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسى بار» دېگەن. مۇشۇ يىللاردا ھۆكۈمەت يەرلەرنى ھۆددە بېرىپ تىزگىننى سەل بوشاتقاندى، ئارىمىزدا ئىنسابسىزلىق، ئىمانسىزلىق ئاۋۇپ كەتتى. ئاللاتائالا ئۆزىنىڭ قۇدرەت كامالىغا بويسۇنمىغان، ئازغۇن بەندىسىنى جازالىماقچى بولسا ئۇنىڭغا قولۇم-قوشنا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى قوشۇپ بىللە جازالايدۇ. نېمىشقا بۇنداق قىلىدۇ؟ مەن سىلەرگە دەپ بەرسەم: بىز مۇسۇلمانلار يارالمىشىمىزدا بىر-بىرىمىزگە مەسئۇل بولۇش، بىر - بىرىمىزنى توغرا يولغا يېتەكلەش مەجبۇرىيىتىمىز بىلەن يارالغان.شۇڭا ئارىمىزدا كىم يامان يولغا ماڭسا بىز ئۇنى دەل ۋاقتىدا توسۇپ توغرا يولغا يېتەكلىمەي قاراپ تۇرساق ئۇنىڭ كاساپىتىگە ھەممىمىز كېتىمىز. ھەممە كىشىلەرنى ياخشى يولغا يېتەكلەش شەرئەت ئەھكامىدا بىز مۇسۇلمانلارغا پەرز قىلىنغاندۇر. بىز ئاللادىن گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىپ كەنتىمىزگە ئامان-ئېسەنلىك، قۇت- ھىدايەت ھەدىيە قىلىشنى تىلەيلى. ئاللاتائالا تىۋىمىزنى مەقبۇل كۆرۈپ مۇراد - مەقسىتىمىزگە يەتكۈزگەي!......
ــ قان قىلىدىغانغا قوي بىزنىڭ قوتاندا بار، قارىم، ئۆزلىرى جامائەتنىڭ بېشى. سىلى نېمە دېسىلە شۇنى قىلىمىز. ئاللا بەندىسىگە بۇنداق مۇشكۈلچىلىكنى راۋا كۆرمىسۇن! ــ دېدى قادىر ئاخۇن قاسىم قارىمنىڭ گېپى ئۈزۈلۈشىنى كۈتمەيلا مىشىلداپ يىغلىغىنىچە.

— قادىر ئاخۇن، ئاڭلىسام ئىمامبەگ قازايىقەدەرگە ئىشەنمەي سىلىگە تاپا - تەنە قىلىپتۇدەك. ئۇ خەقمۇ ئاللانىڭ ئۇرۇنلاشتۇرۇشىغا ئىشەنسە بولمامدۇ!؟

تەمبەل كەلگەن كىشىنىڭ بۇ گېپىگە ئارىدا ھېچكىم ئىپادە بىلدۈرمىدى.

— جامائەت، مەن ھەممىڭلاردىن ياشتا چوڭ. مۇشۇ يېشىمغىچە جاھاندا نۇرغۇن ئىشلارنى كۆردۈم. ئىمامبەگنىمۇ ئوبدان بىلىمەن. ئۇ قارىماققا قوپال كۆرۈنگىنى بىلەن، دىلى يۇمشاق ئادەم. بىز بۇ يەردە ئۇنى - بۇنى دەپ ئولتۇرماي بىرنەچچىمىز ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭغا چىرايلىقچە كۆڭۈل قويايلى. ئۇنى ئابدۇللادىن خۇن تەلەپ قىلماسلىققا كۆندۈرەيلى. مېنىڭچە ئۇمۇ ئەھلى مۇسۇلمان بولغاندىكىن سۆزىمىزنى ئىلىك ئالار!

— ئەخمەت بوۋاينىڭ بۇ گېپى ھەممەيلەنگە ياقتى.

— مانى! بۇ ئەقىل ئەجەب مېنىڭ خىيالىمغا كىرمەپتا!؟ ھەرنېمە قىلغان بىلەن ياشتا چوڭنىڭ ئەقلىمۇ چوڭ - دە. ئەخمەتكا، قانداق بولۇپ بۇ ئەپچىل چارە خىيالىڭىزغا كىرىپ قالدى؟— سورىدى جالالىدىن ئاخۇن.

— ئەتىدىن بېرى سىلەرنى ئوبدانراق بىر ئەقىل تاپامدىكىن دەپ جىم ئولتۇرسام،ھەممىڭلار ئۆزۈڭلەرنىڭ گېپىڭلا قىلىشتىڭلا. شۇنىڭ بىلەن ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ مۇشۇ ئامالنى تاپتىم.

ئۇلار شۇ تەرزدە بىردەم پاراڭلاشتى. ئاخىر ئەخمەت بوۋاينىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىمامبەگكە كۆڭۈل قويۇش ئۈچۈن ئاچما كەنتىگە بېرىشقا تايىن تاپتى.

دېگەندەك شۇ كۈنى كەچلىكى غازلىق كەنتىدىكى بىرنەچچەيلەن قاسىم قارىم بىلەن ئەخمەت بوۋاينىڭ باشچىلىقىدا ئىمامبەگنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ مەقسەتلىرىنى بايان قىلىشتى. بىراق، ئۇلارنىڭ ئارزۇلىرىنى كۈتۈلمىگەندە ئىمامبەگ ۋە ئۇنىڭ

دەلدۈشىرەك كەلگەن چوڭ ئوغلى مادىيابەگ بەربات قىلىۋەتتى. گەرچە ئىمامبەگ غازلىق كەنتىنىڭ بۇ مۆھتەرەم جامائەتلىرىنى ئوبدان كۆتۈپ ئالدىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ مۇددىئاسىنى بىلگەندىن كېيىن بىردىنلا تەرىنى تۈرۈپ تۇيۇقسىز چاقماق چاققاندەك ئاۋازدا:

— ھەرقايسىلىرىنىڭ بىزنى ئۆز بىلىپ پاتىھە قىلغىلى كەلگەنلىكلىرىگە مىڭ مەرتىۋە رەھمەت! ئەممازە، مېنى ئەيىبكە بۇيرۇشمىغايلا. ئوغلۇم رازاق ئاخۇن ناھەقتىن ـ ناھەق ئۆلۈپ كەتتى. ئابدۇللا دېگەن مۇتتەھەمنى ھۆكۈمەت جازالاپ بەرمىسە بېيجىڭغىچە ئەرزىم بار! — دېدى غەزەپ بىلەن. ئۇنىڭ چىرايىدىكى سۈرلۈك ئىپادىلەردىن ئادەمنىڭ تېنى شۈركۈنەتتى.

شۇ ئەسنادا ھويلىدا ئۆز ـ ئۆزىگە نېمىدۇر دەپ ئولتۇرغان مادىيابەگ ئوشتۇمتۇت: «ئاما......» دېگىنىچە دورداي كالپۇكلىرى قورشاۋىدىكى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، بولۇڭدا تۇرغان پالتىنى ئېلىپ ئايۋانغا ئېتىلىپ كىردى. شۇئان ئىمامبەگنىڭ ئازادە ئايۋىنىدا قىيا ـ چىيا كۆتۈرۈلدى.

— ئۇكام رازاقجاننىڭ قېنىغا قان، جېنىغا جان ئالىمەن! كېلىشە ھارامزادىلەر! ھەممىڭنى قىيما ـ چىيما قىلىپ ئۆلۈكۈڭنى باغدىكى ئىتقا تاشلاپ بېرىمەن!

مادىيابەگ پالتىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ، غازلىق كەنتىدىن كەلگەن جامائەتنىڭ ئارىسىدىن كىمدۇر بىرىنى ئىزدەۋاتقاندەك ئەلەڭشىپ ۋارقىرايتتى. بۇ پاراكەندىچىلىكتىن باشلىرىغا ئاق رومال ئارتىشىپ مۇسىبەتتە تۇرۇشقان ئاياللاردىن تارتىپ ھويلىدا ئويناپ يۈرۈشكەن كىچىك باللارغىچە ئەنسىزلىككە پاتتى. بەزىلەر «بۇ قانلىق ۋەقەنى كۆزۈم كۆرمىسۇن» دېگەندەك ئالىقانلىرى بىلەن كۆزلىرىنى توسۇشتى، بەزىلەر بولسا ئوپۇر ـ توپۇر سىرتقا قېچىشتى. ئايۋاندا ئىمامبەگكە سەۋرچانلىق بىلەن نەسىھەت قىلىپ

ئولتۇرغان ئەخمەت بوۋاي گۇنسىز كۆزلىرىنى چىملىدىتىپ هودۇققىنىدىن ئاغزىنى ئېچىپلا قالغانىدى. باشقا جامائەتلەرمۇ ئالاقزادە بولۇشۇپ جىنىنى ئېلىپ قېچىشنىڭ كويىغا چۈشتى.

— هاي، هاي دېدىم، هاي! — دېدى ئىمامبەگ ئوغلىغا قاراپ.

مادىيابەگنىڭ نۇرى ئۆچكەن ئەلەس كۆزلىرى غەزەپتىن قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ شۇ ئەلپازىدا ئايۋاندىكى ئون نەچچە كىشىنى پالتا بىلەن چاناپ، گۆشىنى قىيما قىلىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى.

— بۇ كىشىلەردە نېمە گۇناھ؟ سەن پالتا كۆتۈرۈپ يۈرمىسەڭمۇ هۆكۈمەتنىڭ مىلتىقى بار. ۋاقتى كەلگەندە قاتىلنى ئاتماي قويمايدۇ. ماڭ، تالاغا چىقىپ ئىشىڭنى قىل! — ئىمامبەگ شۇنداق دەپلا مادىيابەگنىڭ قولىدىكى پالتىنى ئېلىۋالدى. ئاندىن يانىدا هاڭۋېقىپ تۇرۇشقان ئىككى كىشىگە قاراپ، — ماۋۇنى تالاغا ئەچىقىپ كېتىڭلار! — دېگەنىدى، ئۇلار مادىيابەگنىڭ قولىدىن يېتىلەپ سىرتقا ئېلىپ ماڭدى. شۇنىڭ بىلەن ئالاقزادىلىك پەسىيىپ، قالايمىقان سوقۇشقا باشلىغان يۈرەكلەر جايىغا چۈشتى.

— كۆڭۈللىرىگە ئېلىشمىسىلا، — دېدى ئىمامبەگ هەممەيلەن ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن خىجىل بولغاندەك بىرخىل تەلەپپۇزدا، — ئوغلۇم مادىيابەگ ئۆكسى رازاقجاننىڭ ئىچ ئاغرىقىدا ئاشۇنداق سەپرا بولۇپ قالدى. ئۇنى توسماي مەيلىگە قويۇپ بەرگەن بولسام هېلىغىچە قان تۆكەتتى، هەي......

— كونىلار «قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولماس» دەيتتىكەن...... هەم يەنە......

— قارىم، سىلى يۇرتنىڭ بېشى، هۆرمەتتە هەممىمىزدىن چوڭ ئادەم. ماڭا مۇشۇ گەپنى قىلمىسىلا، هېلى كۆردىلە،

مادىيابەگ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قالسا يەنە كۆڭلىمىزنى كىر قىلىدۇ. شۇڭا، سىلى - بىز ھازىرچە ھۆكۈمەتنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرايلى. يېزا باشلىقى كەتكەن، ئۇنىڭغىمۇ دەيدىغاننى دېدىم، — دېدى ئىمامبەگ قاسىم قارىمنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەيلا.

قاسىم قارىم يەنە گەپ قىلىشقا تەمشەلگەندى، جالالىدىن ئاخۇن ئۇنىڭغا قاراپ بېشىنى چايقاپ قويدى.

شۇنداق قىلىپ، ئىمامبەگدىن ئۈمىد كۈتۈپ كەلگەن جامائەت روھى چۈشكەن ھالدا قايتىشتى. ئۇلار يول ئۈستىدە كېيىنكى ئىشلار توغرۇلۇق يەنە باش قاتۇرۇپ، ھەركىم ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

ئاخىرىدا جالالىدىن ئاخۇن شۇنداق دېدى:

— ياپىرىم! ئىمامبەگنىڭ ھېلىقى سارىڭى تاس قالدىيا ھەممىمىزنى پالتا بىلەن چانىغىلى. قادىر ئاخۇن نېمىشقا بىز بىلەن كېلىشكە ئۇنىماي جاھىللىشىپ تۇرىدىكىن دېسەم، ئاشۇ ساراڭدىن قورقۇپ شۇنداق قىلغانىكەن - ھە! ۋاي ئىسىت، خەلچەمگە ئۇۋال بوپتۇ. ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىكىن قادىر ئاخۇن ئۇنى قايتۇرۇپ ئەكېلىۋالمىسا ئۇ بىچارە بالىنىڭ يۈرىكى لەختە بولۇپ تۆگىشىپ كەتكۈدەك......

— راست دېدىڭىز، ھېلىمۇ خەلچەم ئورۇۋقلاپ مۇشتۇمدەك قاپتۇ. تاپا- تەنە دېگەن جاندىن ئۆتىدۇ ئەمەسمۇ، — دېدى ھوشۇر موزدۇز ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ.

— سىلەرگە شۇنچە دېسەم گېپىمگە كىرمىدىڭلار. بىزگە ئىمامبەگنىڭ ئىنسابىنى تىلەپ دۇئا- تەكبىر قىلماقتىن باشقا يول يوق. مانا كۆرگەنسىلەر، ئىمامبەگنىڭ ئۆيىدىن جېنىمىزنى ئامان - ئېسەن ئېلىپ چىقالمىغىلى تاسلا قالدۇق. ھېلىقى مادىيابەگ دېگەن نېمە قىپقىزىل ساراڭنىڭ ئۆزىكەن. ئالىمادىس بىرەر- سىمىزگە قول سېلىپ قالغان بولسا قانداق قىلاتتۇقكىن خۇدا ئۆزى

بىلىدۇ! بولدى، ئەمدى بۇ تەرەپلەرگە ئۆتۈشتىن ھەزەر ئەيلەيلى. قارىغاندا بۇ خەق غازلىقتىكى ھەممە ئادەمگە ئۆچ بولۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

— نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا مەن مادىيابەگنى بازار ئەتراپىدا كۆرۈپ ھەيران قالغانىدىم. ساراڭلىق كېسىلى تۇتقان چېغى، كۇيكۇندۇزدە ئىشتىنىنى سېلىۋېتىپ ھاڭگا ئېشەككە ئوخشاپ قاپتىكەن. بۇگۇنغۇ ھەر ھالدا كىيىمنى كىيىۋاپتۇ.

— ئۇكام، ئۇ ساراڭنىڭ گېپىنى قىلىشۇەرمىگىنە بولدى. بىز دەرھال مەھەللىگە بېرىپ قادىر ئاخۇنغا خەلچەمنى ئۆيگە ئەكېلىۋېلىشنى ئېيتايلى. ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولمايدۇ. ھەر ھالدا خەلچەم ئىككى بالىسىنى بېقىپ قاتارغا قوشمىسا بولمايدۇ. بىزمۇ قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ دۇئا - تەكبىر ئۆتكۈزۈش ئىشىغا تۇتۇش قىلايلى. بالا - قازا بىزگىمۇ قانات سۆرەپ كەلمىسۇن يەنە......

— ئەتىدىن بېرى ھەممىڭلار ئۆزۈڭلەرنىڭ گېپىنى يورغىلىتىپ بېشىمنى ئايلاندۇرۇۋەتتىڭلار. ئەمدى بولدى قىلىڭلار. باشقا گەپنى قويۇپ، مېنىڭ ئاغزىمغا قاراڭلار!

قاسىم قارىم بۇ گەپ ئارقىلىق ھەممەيلەننى جىملىدى.

مەسلىھەت بويىچە ئەتىسى غازلىق كەنتىدىكى بىر قىسىم جامائەت قاسىم قارىمنىڭ باشچىلىقىدا قادىر ئاخۇننىڭ ئۆيىگە يىغىلىشتى. ئۇنىڭ تۆت چىشلىق بولغان ئېرىكىنى ئۆلتۈرۈپ قان قىلغاندىن كېيىن تەسۋى ۋە شېغىل تاشلارنى تەخلەپ دۇئا - تەكبىر ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. ئارىدا شۇنچە كۆپ جامائەتكە تاماق تەييارلاپ ھالىدىن كېتەي دەپ قالغان زورىخان قادىر ئاخۇنغا دوق قىلىپ: «خەلچەم دېگەن بەز قۇلاقنىڭ خاپىلىقىنى قاچانغۇچە تارتارمەن» دېۋىدى، قادىر ئاخۇن ئۇنىڭغا يېلىنىپ: «چىداڭلا، خوتۇن، مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىڭلا. بۇنىڭدىن كېيىن خاپىلىقىمىز

تـوگەر.......» دېگىـنىچە كـۆز ياشـلىرىنى ئالمـان - تالمـان سۈرتۈۋالدى.

*                *                *

مۇشۇ كۈنلەردە سۇلايمان ياۋاش قىزى چولپانخاننىڭ ئۆيىدە پاناھلىنىۋاتـاتتى. بىـرنەچچە كۈنـدىن بېرى كـۆڭلىگە ئاللىقانـداق گۇمانلار سايە تاشلاۋاتقان بوۋاي دەسلەپتە كۈندە دېگۈدەك كېلىپ ئـۆزىنى يـوقلاپ تۇرۇۋاتقـان ئابـدۇللانىڭ نېمىـشقىدۇر يوقـاپلا كەتكەنلىكىگە قاراپ، يېزىدا مۇھىم ئىش چىقىپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىغانىدى. بىراق، ئەمدى چولپانخاننىڭ سولغۇن چىرايى ئۇنىـڭ گۇمـانىنى بارغانـسېرى كـۈچەيتتى. بىـر كـۈنى ئـۇ پـۈتىنى يېنىـك ئـۇۋۇلاپ ئولتۇرغـان چولپانخاننىـڭ چىرايىغـا زەن سـېلىپ قاراپ باشقىچە ئۆگۈپ قالغانلىقىنى سېزىپ ئويچان ھالدا سورىدى:

— قىزىم، مۇشـۇ بىـرنەچچە كـۈن ئىچىـدە بـۆلەكچىلا جۈدەپ كەتتىڭ، ئاكاڭمۇ جىمىپلا قالـدى. قارىـسام سىلەر مەنـدىن بىـرەر ئىـشنى يوشـۇرۇۋاتقانـدەك قىلىـسىلەر. مەن سـاقايماس كېـسىلىم تۈپەيلى سىلەرگە ئېغىرىمنـى سېلىۋاتقان بىقۇۋۇل بەنـدە. ئانـاڭلار قازا قىلغانـدىن كېيىن ئاجىزلاپ قالدىم. تالا - تۈزگە چىقالمىساممۇ كۆڭلـۈم ھەمـمە ئىـشلارنى تۇيـۇپ تۇرىـدۇ. ۋاللاھۇئـالەم، ئابـدۇللاغا بىـرەر ئىـش بولـدى بولغـاي. مۇشـۇ كـۈنلەردە توختىمـاي چۈشـۈم بۇزۇلۇۋاتىدۇ. ھەرقانداق ئىش بولسا مەنـدىن يوشـۇرماڭلار. پانىيـدا بىــرنەچچە كۈنلـۈكى قالغــان مىـسكىن بەنــدىمەن، دىلىمنــى رەنجىـتمەڭلار. قىـزىم، قېنـى دېگىـنە، ئابـدۇللا بىـرەر ھادىـسىگە يولۇقتىمۇ؟

— سىزگە نەچچە قېتىم دېدىمغۇ، دادا، ئابـدۇللا نـاھىيەگە كۇرسقا كەتتى. يەنە بىـرنەچچە كۈنـدىن كېيىن قايتىـپ كېلىـدۇ.

يـوقلاڭ خيـاللارنى قىلىـپ ئەنـسىرىمەي خـاتىرجەم يېتىـڭ، ــ چولپانخان مىڭ تەسلىكتە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئـاران شۇ گەپـنىلا دېيەلىدى.

ــ ياق، قىزىم، مەندىن يوشۇرۇۋاتىسەن. باشقىلارمۇ كۆڭلۈمنى ئاۋايلاپ مەندىن يوشۇردى. سەن ئۆتكەنـدە ئابـدۇللا ھۆكۈمەتنىـڭ رەسمىي كادىرى بولدى، ئۇنىڭ بەخت ـ تەلىيى كەلـدى، ئەمدى ئايمۇئـاي مائـاش ئالــدۇ دېگەنــدەك قىلغــان. كــونىلار «بىــر خۇشـاللىقنىڭ بىـر يىغىـسى بـار» دەپ ناھـايىتى تـوغرا ئېيتقـان، كۆڭلـۈم سـېزىۋاتىدۇ، ئابـدۇللا چوقــۇم بىــرەر كېلىــشمەسلىككە يولۇقتى......

ــ ھېچ ئىش بولغىنى يوق، دادا!

ــ بىـز بـۇرۇن ـ بۇرۇنـدىن يەر بىـلەن ھەپىلىـشىپ كەلـگەن دېھقانلىرنىـڭ ئەۋلادى. ھەرقـانچە بولـسىمۇ ئەسـل ـ نەسـلىمىزنى ئۇنتـۇپ قالـساق ھەرگىـز بولمايـدۇ. كـادىر بولـدۇم دەپ كىبىـر ـ تەمەننا قىلىش ئېغىر گۇناھ. ئابدۇللا شـەيتاننىڭ كەينىگە كىرىـپ ئەقلــدىن ئاداشــقان بولــسا تەخــسىراتقا كەتــتىمكىن دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن. مۇبـادا شـۇنداق ئىـش سـادىر بولـدىكەن غۇسـلە قىلىپ، تـوۋا ـ ئىـستىغپار ئېيتـسۇن، دىلىنـى رەنجىتىـپ قويغـان كىشلەردىن ئەپۇ سوراپ، كىبىر ـ تەمەننادىن قول ئۈزسۇن. قېنـى ماڭا قاراپ تـۇرۇپ راستىنى ئېيتە، قىـزىم، ئابـدۇللاغا زادى نـېمە ئىـش بولـدى؟ــ سـۇلايمان يـاۋاش شـۇنداق دېگىـنىچە ئـورۇق قوللىرى بىلەن چولپانخاننىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

چولپانخـان دادىـسىنىڭ تەكـرار سـورىغان سـوئاللىرى ئالدىـدا ئامالـسىز قالـدى. بىـرەر باھـانە تېپىـپ سـىرتقا چىقىـپ كېتىـشكە تەرەددۇت قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئامال بولمىدى. ئۇ ھەسـرەتلىك كـۆزلىرىنى دادىـسىدىن ئېلىـپ قېچىـپ بىـر دەقىـقە ئويلانغانـدىن كېيىن، بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە پەس ئاۋازدا دېدى:

— دادا، كۆڭلىڭىزنى ئاياپ دېمەي دېسەم كوچىلاپ تۇرۇۋالدىڭىز، ئابدۇللاغا باشقا ئىش بولمىدى. ئۇ يېزىنىڭ موتوسىكلىتىغا مىنگەنىكەن، تاسادىپىي يىقىلىپ كېتىپ پۇتىنى سۇندۇرۇۋاپتۇ شۇ. يېزا باشلىقى ئۇنى ناھىيەگە ئاپىرىپ دوختۇرخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ. پۇتىدىكى تېڭىقنى ئېلىۋەتكۈچە بىر مەزگىل ياتقۇدەك. سىزنى ئەنسىرەپ كەتمىسۇن دەپ ناھىيەگە كۆرسقا كەتتى دەپ قويغانىدىم.

— مەن ھېلى دېمىدىممۇ! كادىر بولدۇم دەپ باشقىلارغا كىبىر ـ تەمەننا قىلغان گەپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەيتانچاققا مىنىۋېلىپ يولدا ئۇچرىغانلارغا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېيىشنى ئۇنتۇغان گەپ. ئادەم باشقا نەرسىدىن ئەمەس، ئادەمدىن تەخسىراتقا كېتىدۇ. ئىلگىرى ئابدۇللاغا بۇ گەپنى بىرنەچچە قېتىم دېگەنىمەن. چوڭ بولغانسېرى قۇلىقىغا گەپ كىرمەس بولۇپ قالدى. مانا كادىر بولۇپلا يۇرت ـ مەھەللىدىكىلەرگە تەكەببۇرلۇق قىلىپ تەخسىراتقا كېتىپتۇ ئەمەسمۇ!......

— بولدى، دادا، چېچىلماي جىم يېتىڭ. ئابدۇللا بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ياخشى بولۇپ قالىدۇ.

— ھە راست، پۇتى سۇنغان بولسا ناھىيەگە ئاپىرىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ دۆڭباغدىكى بودەك ئاخونغا تاڭدۇرساقلا ئۇزاققا قالماي سەللىمازا ساقىياتتى ئەمەسمۇ. ئاكاڭ كەلگەندە ئۇنىڭغا دېگىن، ئابدۇللانى قايتۇرۇپ كەلسۇن. ناھىيەدە پۇل بۇزۇپ يۈرگۈچە بودەك ئاخۇنىڭكىگە ئاپىرىڭلار.

— دادا، ئابدۇللا ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى قىلىمەن دەپ ھادىسىگە ئۇچرىغاچقا، ئۇنى يېزا باشلىقى داۋالىتىۋاتىدۇ. سىز ئۇ ئىشلارنى ئويلاپ كەتمەي، كېسىلىڭىز بىلەن بولۇپ جىم يېتىڭ.

— يېزا باشلىقى داۋالاتتى! ئۇنى قايسى پۇلغا داۋالىتىدۇ؟

— ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىغا.

— نېمە؟ ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىنىڭ ھېسابى يوقمىكەن؟ بۇ گېپىڭ قاملاشمىدى، قىزىم. مەيلى كىمنىڭ پۇلى بولسۇن ئىسراپخورلۇق قىلساق دۇرۇس بولمايدۇ. ماڭ، ئىشنى كەينىگە تارتماي ھازىرلا بېرىپ ئاكاڭغا دېگىن، ئۇ ئابدۇللانى بۇگۈنلا قايتۇرۇپ كەلسۇن. ئۇنىڭغا ئۆزۈم تۆت ئېغىز گەپ قىلاي. ئادەم دېگەن تاۋۇز ئۆسكەنسېرى مۇلايىم بولىدىغان. ئۆزىنى چاغلىيالمىسا ھەر بالاغا مۇپتىلا بولىدۇ مۇشۇنداق!

چولپانخان دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتى. ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۆپكىدەپ بىردەم يىغلىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ دەماللىقچە ئاردىكى تەڭقىسلىقتىن قۇتۇلغان بولدى، كېيىن ئۇ سۇلايمان ياۋاشنى خېلى بىر چاغقىچە «ئاكامغا دېدىم، ئۇ ھازىر ئېتىزنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراشكەن، چولىسى تەگكەندە ئابدۇللانى ناھىيەدىن قايتۇرۇپ كېلىدىغان بولدى» دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئالداپ ۋاقتنى ئۆتكۈزدى. ئەمما، ئۆلۈكنى قار بىلەن كۆمگىلى بولمىغاندەك، يوشۇرغان ئىش ئاخىر ئاشكارىلاندى.

ئۇ كۈنى چولپانخان ئېتىزغا مېڭىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقاندا سۇلايمان ياۋاش تۇگۈلۈكتىن ئۆيگە چۈشۈپ تۇرغان قۇياش نۇرىنى كۆرۈپ:

— قىزىم، بۈگۈن ئاپتاپ چىققان ئوخشايدۇ. مېنى ھويلىغا ئەچىقىپ قويۇپ ئىشىڭغا بارغىن. كۈن نۇرىنى كۆرسەم كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالىدىكەن، — دېدى.

چولپانخان دادىسىنىڭ تەلىپى بويىچە ھويلىدىكى كارىۋاتقا جاي راسلاپ سۇلايمان ياۋاشنى يۆلەپ ئەچىقىپ ياتقۇزدى. ئاندىن ئېتىزغا مېڭىشقا تەمشىلىۋېتىپ، نېمىشقىدۇر خىيالغا پاتتى. ئۇ ئەسلىدە، دادامنى ھويلىدا ياتقۇزۇپ قويۇپ ئېتىزغا كەتسەم قوشنىلارنىڭ بالىلىرى كىرىپ ئابدۇللانىڭ ئىشىنى ئاشكارىلىۋەتسە قانداق قىلغۇلۇق دېگەنلەرنى ئويلاپ قالغانىدى. بىردەمدىن كېيىن

قوشۇمسىنى بىرلا تۇرۇش بىلەن كاللىسىغا ئەقىل كەلدى بولغاي، دەرۋازىغا قولۇپ سېلىپ قويۇپ ئىتىزغا كەتتى. سۇلايمان ياۋاش كارىۋاتتا يېنىچە يېتىپ بىرھازا دۇرۇت ئوقۇدى، كېيىن قاپاق تېرەكنىڭ ھويلا تەرەپتىكى شاخلىرىغا قونۇۋېلىپ جاۋۇلداپ سايرىشىۋاتقان ئاق قۇشقاچلارغا قاراپ خىيال بۆشۈكىدە كۆڭۈل ئاۋۇندۇردى. كۆڭ چۈشكە ئۇلاشقاندا بىردىنلا ئۇيقۇ بېسىپ، بېشىنى ياستۇققا قويۇشىغىلا ئۇخلاپ كەتتى- دە، ھايال ئۆتمەي چۈش كۆردى. كۆز ئالدىدىكى كەڭرى سەينادا ئابدۇللا جان - جەھلى بىلەن قېچىۋاتاتتى. قورالىق بىر توپ ساقچىلار ئابدۇللانى قوغلاۋاتاتتى. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر چاغدا ئابدۇللا يۇگۇرۈپ كېتىۋېتىپ پاتقاققا يىقىلدى. شۇ ئەسنادا كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان بىرنەچچە ساقچى قوراللىرىنى ئابدۇللاغا تەڭلا بەتلەشتى. سۇلايمان ياۋاشنىڭ نەپسى بوغۇلۇپ، پۇت - قوللىرى غال - غال تىترەشكە باشلىدى. مىڭ تەسلىكتە قولىنى پۇلاڭلىتىپ: «بالامدا گۇناھ يوق، ئۇنى ئاتماڭلار!» دەپ ۋارقىراشقا شۇنچە ئىنتىلگەن بولسىمۇ ئاۋازى چىقمىدى. ئاڭغۇچە بىر ساقچى مىلتىقىدىن ئوق ئۈزدى. «پاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ سۇلايمان ياۋاش چۆچۈپلا ئويغىنىپ كەتتى. شۇ ئەسنادا سىرتتا بىركىمنىڭ «ئاپلا، ماۋۇ چاقنى ئەمدى!» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. سۇلايمان ياۋاش ئۆرۈلگەن ئۆپكىسىنى ئاران دېگەندە بېسىپ دەرۋازىنىڭ قىسلىچىقىغا كۆز تىكىپ سىرتقا ئەنسىز نەزەردە قارىدى. شۇ تاپتا ئۇ ھېلىلا كۆرگەن قورقۇنچلۇق چۈشىنى قايتا ئەسكە ئېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەرۋازىنىڭ ئالدىغا ئابدۇللا كەلگەندەك، ھېلى سىرتتا گەپ قىلغىنى ئوغلى ئابدۇللادەك بىر خىل سېزىم خىيالىنى ئىلكىگە ئېلىۋالغانىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ كۆز ئالدىدىكى دەرۋازا چوڭ يولغا قارايتتى. بۇ يول ئەگرى - بۈگرى يوللارغا ئۇلىشىپ ناھىيە

مەركىزىگىچە تۇتىشاتتى. ئابدۇللا قايتىپ كەلسىمۇ مۇشۇ يول بىلەن كېلەتتى.

بايا كۆرگەن چۈشىدىكى قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشلەردىن ۋەھىمىگە چۈشكەن سۇلايمان ياۋاش كۆڭلىگە ئاراملىق ئىزدىدى بولغاي، دەرۋازا تەرەپكە قاراپ:

— ئابدۇللا! ئابدۇللامۇ سەن؟ گەپ قىلغىنە، بالام! — دېگەن بولسىمۇ، سىرتتىن ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمىدى. ئاندىن ئۇ ئاۋازىنى بولۇشىچە قويۇۋېتىپ يەنە چاقىردى، — ئابدۇللا! مېنى بۇنداق تاشلىۋەتمە، بالام. ئۆيگە كىرگىن! ئاچاڭ ئاچقۇچنى تېرەكنىڭ تۈۋىگە كۆمۈپ قويغانىمىكىن!

ئازراق ۋاقىت ئۆتۈپ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا راستتىنلا بىرسىنىڭ قارىسى پەيدا بولدى. شۇئان سۇلايمان ياۋاشنىڭ ئەنسىز سوقۇۋاتقان يۈرىكى ئورنىغا چۈشۈپ كۆڭلى بىردىنلا يورۇغاندەك بولدى.

— نېمىشقا ئىشىك ئالدىدا قاراپ تۇرىسەن!؟ ئۆيگە كىرگىن، بالام، ئاچقۇچ تېرەكنىڭ تۈۋىگە كۆمۈكلۈك ھەقاچان، — دېگىنىچە دەرۋازا تەرەپكە بويۇندىدى.

شۇ چاغدا بىركىم دەرۋازىنىڭ سول قانىتىنى ئىتتىردى ۋە قىسىلچاقتىن ھويلىغا قاراپ:

— ئاخۇنۇم، ئۆيدە سىلى باركەنلا ـ ھە!؟ ھارۋامدا يۈك بار ئىدى، مۇشۇ يەرگە كەلگەندە چاق ئېتىلىپ كەتتى. ئۆزۈم بىر ئامالىنى قىلاي دېگەنتىم، ئۆيلىرىدە ناسوس بارمىدۇ؟ — دېدى ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا.

سۇلايمان ياۋاش «ئۇھ» دېگىنىچە بېشىنى ياستۇققا قويدى. شۇندىلا دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلگەن كىشىنى ئابدۇللا بولۇشى مۇمكىن دەپ ئارتۇقچە ئويلاپ كەتكەنلىكىگە خورسىندى. «راست، بايا مەن چۈش كۆردۈم. مېنى قارا باسقان ئوخشايدۇ. ئابدۇللانىڭ

پۈتى سۇنۇپ كەتكەن تۇرسا، قانداقمۇ ماڭالىسۇن» دېگەنلەرنى ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ ياتقان سۇلايمان ياۋاشنىڭ كۆزى تونۇر سۇپىسىدا تۇرغان ناسوسقا چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرۋازا تەرەپكە قاراپ:

— مەن ئورنۇمدىن تۇرالمايمەن، تېرەكنىڭ تۈۋىدە كۆمۈكلۈك ئاچقۇچ بارمىكىن، قۇلۇپنى ئېچىپ كىرسىلە! — دېدى مەيۈس هالدا.

بىردەمدىن كېيىن دەرۋازا ئېچىلىپ ئوتتۇز نەچچە ياشلاردىكى بىر يىگىت هويلىغا كىرىپ كەلدى- دە، دېدى:

— ئاپلا ! سىلىنى بىسەرەمجان قىپتىمەنغۇ! ئۆزلىرى كېسەل بولۇپ قالغان ئوخشايلا - ھە!؟ ئۆزۈم دۆڭباغ يېزىسىدىن بولىمەن. ناھىيە بازىرىدىن كۈنجۈرە ئېلىپ كەلگەنىدىم. مۇشۇ سىلىنىڭ ئۆيىنىڭ ئۇدىلىغا كەلگەنىدە هارۋامنىڭ چاقىدىن چاتاق چىقتى......

يىگىت گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋېتىپ هويلىغا سەپسىلىپ قاراشقا باشلىدى. سۇلايمان ياۋاش بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ تونۇر تەرەپنى ئىما قىلىپ:

— ئەنە، ئاۋۇ يەردە ناسوس باركەن. ئەچىقىپ ئىشلەتسىلە، بالام،— دەپلا بېشىنى يەنە ياستۇققا قويدى. يىگىت ناسوسنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن سۇلايمان ياۋاش بايا كۆرگەن چۈشى ئۈستىدە يەنە ئويلىنىپ قالدى: باللار مېنى ئالداۋاتمايدىغاندۇ - ھە، ئابدۇللانىڭ پۇتى سۇنۇپ كەتكەن بولسىغۇ ساقىيىپ قالار. مۇبادا باشقا ئىش بولۇپ قالسا...... ئۇ ئۆز - ئۆزىگە شۇلارنى پىچىرلىغاندىن كېيىن، كۈندىكى ئادىتى بويىچە چىن كۆڭلىدىن خۇداغا ھەمدۇ سانا ئېيتتى. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندە ھېلىقى يىگىت ناسوسنى كۆتۈرۈپ كىرىپ:

— ئوڭشاپ بولدۇم. ئۆزلىرىنىڭ كېسەل بولۇپ قالغىنىغا خېلى

كۆنلەر بولغان ئوخشايدۇ - ھە؟ — دېدى كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇرغانىدىن كېيىن. ئاندىن يانچۇقىدىن قوقاسقا كۆمۈپ پىشۇرۇلغان ئىككى دانە تۇخۇمنى چىقىرىپ سۇلايمان ياۋاشنىڭ يېنىدا قويدى، — يانلىرىغا قۇرۇق قول كىرىپتىمەن. ھەرنېمە بولسا يېنىمدا مۇشۇ ئىككى تۇخۇم باركەن. ئالسىلا، ئۆزىمىز باققان توخۇنىڭ تۇخۇمى، يەپ باقسىلا. دادام رەھمەتلىك كېسەل ئادەمنىڭ يېنىغا قۇرۇق قول كىرمەيدىغان دەپ تاپىلايتتى.

سۇلايمان ياۋاش بېشىنى ياستۇقتىن كۆتۈرۈپ:

— كايىمىسىلا، بالام، كېسەلنى كۆپ تارتتىم، تالا - تۈزگە چىقالمايمەن، پۇت - قولۇمدا ماغدۇر يوق. سىلەردەك ۋاقتىمدا بىر ئاخشامدا بىر سىيرىم يەرنىڭ ئورمىسىنى يالغۇز ئوراتتىم، جاڭگالدىن ئوتۇن ئەكېلىپ ھارمايتتىم. مانا، قېرىغاندا ئامال يوق ئىكەن، — دېدى بايىقىدەك مەيۈس ھالدا.

— قارىسام يانلىرىدا بىرەر كىم يوق ئىكەن، باللىرى سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ - دە!؟

— قىزىم ھېلىراقتا ئېتىزغا كەتتى. نەۋرىلىرىم بار ئىدى، مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. كەچتە ھەممىسى جەم بولىدۇ. كۈندۈزى قۇشقاچتەك ئۇچۇپ كېتىدۇ مۇشۇنداق.

— ئوغۇللىرى بولغان بولسا ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدىكەن مانا......

— ئىككى ئوغلۇم بار، چوڭى ئۈستۈن مەھەللىدە. ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولغىلى خېلى بولدى. كىچىكى ھېلىقى شەيتانچاقتىن يىقىلىپ چۈشۈپ پۇتىنى ناكا قىلىۋاپتۇ، ناھىيەلىك دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتىدۇ

— مۇشۇ كۈنلەردە غايىب خەۋپ - خەتەر كۆپ يۈز بېرىدىغان بولۇپ قالدىغۇ تاڭ. بىزنىڭ يېزىدىمۇ بۇنداق ئىشلار كۆپ دېيىسلە. بايا ئاڭلىسام مۇشۇ يېزىدا ئىشلەيدىغان ئابدۇللا ئىسىملىك بىرسى

غازلىقتىكى ئىمامبەگنىڭ كەنجى ئوغلى رازاق خۇمدانچىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇمىشكەن، مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ھۆكۈمەت ئۇنى ئاتقۇدەك. خوتۇن تالىشىپ بولغان ئىشمىش. شۇنچە نادانلىق قىلغان بارمۇ؟

— نېمە...... نېمە دېدىلە؟...... ئا...... دەم ئۆلتۈرۈپتۇ...... دېدىلىما؟...... بۇ......

خىرامان ھالدا سۆزلەۋاتقان يىگىت دەسلەپتە سۇلايمان ياۋاشنىڭ چىرايىنىڭ بارغانسېرى ئۆزگىرىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلمىغاندەك ئىدى. كېيىن ئۆزىنى ئوڭشىماقچى بولغاندەك ئېيتتى:

— ئاپلا! سىلىگە بۇ گەپنى دەپ ئوبدان قىلماپتىمەن. دادام كېسەل ئادەمنىڭ يېنىدا قازايىقەدەرنىڭ گېپىنى قىلماسلىق كېرەك دەيدىغان، تەنتەكلىك قىپتىمەن. مەن ماڭاي، خۇدايىمغا ئامانەت ئاخۇنۇم، خۇدايىم كېسەللىرىگە شىپالىق بېرەر. دەرۋازىغا قۇلۇپنى سېلىپ ئاچقۇچنى جايىغا كۆمۈپ قوياي - ھە،— دېگىنىچە ھويلىدىن چىقىپ كەتتى.

سۇلايمان ياۋاشنىڭ يۈرىكى كۆكرەك قەپىسگە كەپلەشتى. كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ گاراڭ ھالدا بېشىنى ياستۇققا تاشلىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ھېلىلا توختاپ قالىدىغاندەك سوقۇشى بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتاتتى......

كەچكە يېقىن چولپانخان ئېتىزدىن قايتىپ كەلگەندە سۇلايمان ياۋاشنىڭ ياغاق چىرايى كۆكىرىپ، كۆزلىرىدىن نۇر قاچقانىدى. شۇ كۈنى تۈن نىسپى بولغاندا سۇلايمان ياۋاشنىڭ ئەھۋالى بىردىنلا يامانلاشتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا پۈتى كۆيگەن توخۇدەك چىپىشىپ يۈرۈشكەن بالىچاقىلىرى ۋە قوشنىلار پاراكەندە بولۇپ كېتىشتى. بۇ ئۆيگە باشقىلاردىن خېلى بۇرۇن يېتىپ كەلگەن ھوشۇر موزدۇز، جالالىدىن ئاخۇن، ئەخمەت بوۋايلار بىلەن سۈرە «ياسىن»نى ئوقۇپ ئولتۇرغان قاسىم قارىمۇ قولىدىكى

تەسۋىسنى تاشلاپ سۇلايمان ياۋاشنى قۇچىقىغا ئېلىپ قايىسدۇر ئايەتنى ئوقۇپ سۆپكۈشلەشكە باشلىدى. راخمان دادىسىنى يېزا دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىمەن دېۋىدى، باشقىلار ئۇنى توستى. دېمىسىمۇ سۇلايمان ياۋاش سەكراتقا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ ئىككى سائەتچە ھايات ـ ماماتلىق ئارىسىدا بىھوش ياتقاندىن كېيىن، قاسىم قارىم تەييار قىلغان «ياسىن» سۆيىدىن بىر ئوتلام ئىچىپلا نەپەستىن قالدى. شۇئان ئۆي ئىچىدىن كۆتۈرۈلگەن يىغا ـ زار كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ كۆچۈم مەھەللىدىكى كىشىلەرنى شېرىن ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىۋەتتى. چولپانخان «ۋاي ئىسىت دادام! سىزنى يالغۇز تاشلاپ ئېتىزغا نېمىشقا كەتكەن بولغىيدىم دادام!» دەپ بوغۇلۇپ يىغلىسا، راخمان«ۋاي مۇلايىم دادام! بۇنچە تېز كېتىپ قالار دېمەپتىمەن دادام! مېنى ئۇتتا قويدىڭىز دادام! بىز ئەمدى قارا يېتىم بولدۇق دادام! ئىككىلا قانتىمىز چەيلەندى دادام!» دەپ ئۆپكىسىدەپ يىغلايتتى. بارا ـ بارا ئۇلارغا قوشۇلۇپ ياش تۆككۈچىلەر كۆپەيدى. تاڭ يورۇغاندا سۇلايمان ياۋاشنىڭ تۇن نىسپىدە ئۇشتۇمتۇت كۆز يۇمغانلىقى ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، ئاقتاش يېزىسىنىڭ چەتلىرىگىچە تارقالدى. بارات نىياز بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ يېزىنىڭ ئالاقىچىسىغا بىرنېمىلەرنى تاپىلاپ قويۇپ، ماشىنا بىلەن ئالدىراپ يېتىپ كەلدى. ئۇ سۇلايمان ياۋاشنىڭ مېيىتىگە تىكىلگىنىچە بىردەم ياش تۆكتى. ئاز ۋاقىت ئىچىدە ئۇ سۇلايمان ياۋاشنىڭ ئىلگىرىكى بەردەم ھالىتىنى، كىشىلەرگە كۆلۈمسىرەپ قاراپ سەممىيلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان، مەھەللىدە قانداقلىكى بىرسىنىڭ زۆرۈر ئىشى چىقىپ قالسا دەرھال يار ـ يۆلەك بولۇش ئۈچۈن تۇنجى بولۇپ يېتىپ كېلىدىغان ئادىتىنى، ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنى تۈجۈپىلەپ قىلىدىغان ئىشچانلىقىنى، ھېلىقى چاغدا ئۆستەڭگە كەپلەشكەن مۇزنى چېقىشتا پىداكارلىق كۆرسەتكەنلىكىنى بىر ـ بىرلەپ

خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. كېيىن يانىدىكى ئۆيدە قاسىم قارىمنى چۆرىدەپ، سۇلايمان ياۋاشنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى ئۈستىدە باش قوشۇپ ئولتۇرغانلارنىڭ يېنىغا كىرىپ:

— قارىم، مېيىتنى قاچان يەرلىكتە قويىمىز؟— دەپ سورىدى سۈپىنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇۋېتىپ.

— ئەسلىدىغۇ بامداتتا چىقارساق بولاتتى. ئەمما، سىلىگە قاراپ قالدۇق. ئابدۇللا دادىسىنىڭ يۈزىنى كۆرۈۋالسا بولاتتى. سىلىچە بۇ ئىشنىڭ ئامالىنى قىلغىلى بولارمۇ؟ بۇنىڭغا مۇمكىنچىلىك بولسا پېشىنغا چىقىرايلى. بولمىسا كىچىكتۇرمەي بامداتتا چىقىرايلى،— دېدى قاسىم قارىم كەسكىن تۇردە. ئەتراپتىكىلەرمۇ بارات نىيازغا بىر ئامال قىلىپ ئابدۇللانى دادىسىنىڭ مېيىت نامىزىغا داخىل قىلىشقا ئۇرۇنۇپ بېقىشنى ئېيتىشتى.

بارات نىياز بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە:

— مەن بۇ ئىشقا ئۇرۇنۇپ باقاي. ھەرقايسىلىرى مېيىتنى ئۇزىتىشقا كېرەكلىك زۆرۈرىيەتلەرنى تەل قىلىشسىلا. مەن يەنە يېزىدىن ئادەم ئەۋەتىمەن، ھەرقانداق ئىش بولسا ئۇلار ياردەملىشىدۇ،— دەپلا ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

قاسىم قارىم باشچىلىقىدىكى جامائەت تاڭ ئاتقۇچە بارات نىيازنىڭ يولىغا قارىغاچ ھەر ئىككى ئېھتىمالنى كۆزدە تۇتۇپ تەييارلىق قىلىشتى. ھەممەيلەن كۆڭۈللىرىدە، بارات نىياز بىر ئامال قىلىپ ئابدۇللانى ئېلىپ كەلسە ياخشى بولاتتى دېگەن ئارمانىنى قىلىشاتتى. ئارىدىن بىرەر سائەتچە ئۆتۈپ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كىچىك ماشىنىسى توپىلىق يولدا توپا ئۆرلىتىپ دەرۋازا ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ھازىغا داخىل بولۇۋاتقانلار بەئەينى كەلكۈن سۈيىدەك دەۋرەپ ماشىنىنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. ئەپسۇس،

ماشىنىدىن بارات نىياز مەيۈس هالدا چۈشۈپ ئۇدۇل قاسىم قارىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئامال بولمىدى، قارىم. يېزىغا بىرىپ تېلېفوندا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋە هاكىم، شۇجىلار بىلەنمۇ كۆرۈشتۈم. ئابدۇللا هازىر تەكشۈرۈش ئۈستىدە بولغاچقا كاپالەتكە بەرمەيدىكەن. قانۇن شۇنداق بولغاندىكىن ئەمدى بۇ ئىشتىن ئۈمىد كۈتمەيلى،— دېدى پەس ئاۋازدا.

— بالا - قازا كەلسە قوشلاپ كېلەر دېگەندەك ئىش بولدى. رەھمەتلىك سۇلايمان ئاخۇنىڭ روھى قورۇنمىغاي ئىلاهىم، سىلىمۇ تىرىشىپ باقتىلا، ئامال بولمىغاندىكىن مېيتنى كېچىكتۈرمەي بامداتتىلا يەرلىكتە قويۇۋېتەيلى. مەرھۇمنىڭ روھى خۇدايىتائالانىڭ دەرگاھىدا ئەمىن تاپسۇن،— دېدى قاسىم قارىم جاۋابەن، ئاندىن ھەسرەتلىك تەلەپپۇزدا گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەسلىدە باردۇ، مەرھۇم سۇلايمان ئاخۇن ئاشۇ يىلى قىشتا ئۆستەڭگە كەپلەشكەن مۇزنى چاقىمەن دەپ هادىسىگە ئۇچرىغان. مۇبادا ئۇ شۇنداق مەردانىلىق بىلەن ئۇتتۇرىغا چىقمىغان بولسا، سۇ ئۆستەڭدىن تېشىپ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنى نابۇت قىلىۋېتەتتى. بىز تەندۇرۇس تۇرۇپمۇ ھېچقايسىمىز مەرھۇمنىڭ قىلغىنىنى قىلالمىغاندۇق. ئۇنى ئويلىسام كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم بولىدۇ. مەرھۇم پاكىز ياشاپ ئالەمدىن كەتتى. دېمەكچىمەنكى، ئابدۇللا سىلى - بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا چوڭ بولۇپ قاتارغا قوشۇلدى. بىر هېساپتا ئۇ مەھەللىمىزنىڭ كۆزى ئىدى. ئۇنى بۇنداق شەيتان ئازدۇرار دەپ ھەرگىزمۇ خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم. بولغۇلۇق بولدى، مۇمكىن بولسا ئۇنىڭ جېنىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىپ باقسىلا. يېتىمنىڭ بېشىنى سىلاش كاتتا ساۋابلىق ئىش. چاۋاك بىر قولدىن چىقمىغاندەك ئۇرۇش- جېدەل دېگەندە ئىككىلا تەرەپنىڭ ھەسسىسى بولىدۇ. بۇنى سىلى مەندىن ياخشى بىلىلا.

بارات نىياز بۇنىڭغا ئېنىق ئىپادە بىلدۈرمىگەن بولسىمۇ، ئۈيچان نەزەردە قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى.

بامدات نامىزىدىن كېيىن مېيىتنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلۈپ قەبرىستانلىققا ئېلىپ مېڭىلدى. جامائەت توپى ئۇزۇن سەپ تۈزۈپ جىنازىنى نەچچە قەدەمدە بىرتالىشىپ قولدىن - قولغا ئېلىپ چوڭ يولغا چىقىشىغا يېتىپ كەلگەن كەۋسەر كىرا ماشىنىسىدىن چۈشۈپلا ئۆپكىدەپ يىغلاپ كەتتى. شۇ ئەسنادا توپ ئىچىدىن بارات نىياز ئالدىراپ چىقتى- دە، كەۋسەرنىڭ يېنىغا كەلدى. مەڭزىگە ئېقىپ چۈشۈۋاتقان ياشلىرىنى ئالىقانلىرى بىلەن سۈرتكىنىچە دېدى:

— ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، قىزىم، ئۆيگە كىرىپ كەت.

ئاغۇچە مۇسىبەت بولغان ئۆيدىن چىقىپ كەلگەن ئىككى ئايال كەۋسەرنى ئىككى بىقىنىدىن يۆلەپ ئەكىرىپ كەتتى. كەۋسەر ھويلىغا كىرىپلا ھازا ئاچتى. شۇ تاپتا ئۇ مەرھۇم ئانىسى زۆلەيخانىغا، سۇلايمان ياۋاشقا، ئابدۇللانىڭ بەختسىزلىكىگە، ھەممە- ھەممىگە ئۆكسۈپ -ئۆكسۈپ يىغلايتتى. ئۇنىڭ ئېسىدىن قانداقمۇ چىقسۇن، ئۇ ھەر قېتىم بۇ ئۆيگە ئاياغ باسقاندا سۇلايمان ياۋاش شۇنچە خۇشال بولۇپ: «يېنىمغا كەل، ئاقتاشنىڭ قىزىل گۈلى» دېگىنىچە ئۆزى ئېغىز تېگىشكە كۆزى قىيماي ياستۇقنىڭ ئاستىدا ساقلاپ كەلگەن تاتلىق - تۈرۈملارنى بېرىپ ئەركىلىتەتتى. باغرى يۇمشاق بوۋاينىڭ بۇ خىل ئادىتى كەنجىلەر چوڭ بولۇپ ئۆز يولىنى تاپقان بۈگۈنكى كۈنلەردىمۇ ئۆزگەرمىگەنىدى. تېخى نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا يوقلاپ كەلگەنىدىمۇ: «كۆنۈپ قاپتىمەن، قىزىم، چوڭ بولۇپ ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ قالغان بولساڭمۇ ماڭا يەنىلا كىچىك بالا پېتى كۆرۈنىسەن. ئالە، قىزىم، ساڭا ئاتاپ يېنىمدا ساقلىغىلى نەۋاق» دېگىنىچە ياستۇقنىڭ ئاستىدىن پاكىز قول ياغلىققا چىگىلگەن

خۇۋاينى گۈلە، مىغىز، ياڭاق قاتارلىق قۇرۇق يېمىشلەرنى ئېلىپ خۇشال هالدا قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغان ئەمەسمىدى! كەۋسەرمۇ ئۇنى خۇش قىلىپ: «مەنمۇ شۇ يېنىڭىزغا كەلسەملا ياستۇقىڭىزنىڭ ئاستىغا تەمە بىلەن قاراپ كۆنۈپ قاپتىمەن» دېگەنىدى. پۈتۈن ئۆمرىدە بىرەرسىنىڭ دىلىنى رەنجىتىپ باقمىغان، ئورنىدىن تۇرۇشقا ماجالى يەتمىسىمۇ، يۇمشاق گەپ ـ سۆزلىرى، ياخشى مەسلىهەتلىرى ئارقىلىق باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىغان سۇلايمان ياۋاش كەۋسەرنىڭ قەلبىدە كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا قەدىرلىنەتتى. مانا بۈگۈن ئۇ كەۋسەرنىڭ ئانىسى مەرھۇم زۇلەيخاندەكلا قارا تۇپراق ئاستىغا كىرىپ كەتتى. هەممىدىن ئەپسۇسلىنارلىقى ئوغلى ئابدۇللاغا ۋەسىيىتىنى ئېيتالمىدى. بۇ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق ۋىدالىشىش ـ هە!

قەبرىستانلىقنى قاسىم قارىمنىڭ سوزۇلۇك ئاۋازدا قىلغان قىرائىتى تېخىمۇ قايغۇلۇق تۈسكە كىرگۈزگەنىدى. ئەخمەت بوۋاينىڭ يېنىدا يۆكۈنۈپ ئولتۇرغان جالالىدىن ئاخۇن قەبرىنى چۆرىدەپ سۆكۈتكە پاتقان جامائەت توپى ئىچىدىن سەدىردىننى ئىزدەيتتى. بىراق، شۇنچە كۆپ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا سەدىردىننىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. جالالىدىن ئاخۇن نەزەرىنى ئەمدى سۇلايمان ياۋاشنىڭ مېيىتى قويۇلغان لەهەت تەرەپكە ئاغدۇردى. مۆھتىرەمخاننىڭ تۇپراق بېشىغا ياندىشىتۇرۇپ قېزىلغان گۆر ئۇنى ئۆلۈم توغرىسىدا تەگسىز خىياللارغا پاتۇردى. شۇ تاپتا بۇ خىلدىكى ئويلارغا ئەسرا بولغانلارنىڭ قاتارىدا بارات نىياز، ئەخمەت بوۋاي ۋە هوشۇر موزدۇزلارمۇ بار ئىدى. چىرايىنى غەم بۇلۇتى هەممىدىن بەكرەك قاپلىغىنى ئەخمەت بوۋاي بولۇپ، شۇ تاپتا ئۇ خۇدانىڭ ئۆزىگە بۇنچە ئۇزاق ئۆمۈر بەرگەنلىكىگە شۈكۈر ـ تەھسىن ئېيتاتتى. جامائەت قەبرىستانلىقتىن تارقىغاندا ئەخمەت بوۋاي جالالىدىن ئاخۇن بىلەن مۇڭدىشىپ كېتىۋېتىپ رەنجىگەنـ

ـدەك تەلەپپۇزدا دېدى:

— سەدىردىن نامازدا كۆرۈنمەيدىغۇ؟ ئۇ سەل ھايتاق بولۇپ قالغان ئوخشامدۇ! سۇلايمان ئاخۇننىڭ نامىزىغا كەلمىسە قانداق بولغىنى!؟ ئابدۇللا شۇ ھالدا تۇرسا، نىياز بىلەن راشىدىن تېخى بولمىسا، سەدىردىنگە كۆپرەك نەسىھەت قىلىڭ. كادىر بولدۇم دەپ مەھەللىدىن يۈز ئۆرىمىسۇن. ئادەم ئۆز ئەسلىنى ئۇنتۇسا خۇدامۇ راۋا كۆرمەيدۇ......

— ئېھتىمال مۇھىم ئىشى چىقىپ قالغان ئوخشايدۇ، ئەخمەتكا، بولمىسا كەلمەي قالمايتتى. خىزمەتچى دېگەن تۈزۈمنىڭ ئاستىدا بولغاچقا، مۇشۇنداق......

— كەۋسەرمۇ خىزمەتچىغۇ، مانا ئۇ كەپتىغۇ! ئەر - خوتۇن ئىككىسى بىرگە كەلسە خويمۇ ياخشى بولاتتى ئەمەسمۇ!

— ئۇغۇ شۇ...... ئەممازە...... بۇ بالا...... بەلكىم خىزمىتى......

— خىزمەت دېگەنىمۇ قىلغۇلۇق. ئۆلۈم بولغاندا نامازغىمۇ قاتناشقۇلۇق. ھۆكۈمەت ئۇنى مېيىت نامىزىغا قاتناشتىڭ دەپ كادىرلىقتىن چىقىرىۋەتمەيدىغاندۇ! سىلەرگە نەسىھەتىم شۇكى، ئۆزئارا تويغا داخىل بولالمىساڭلارمۇ، مانا مۇشۇنداق مېيىت نامىزىغا داخىل بولۇڭلا!

— بايىدىن بېرى بىر ياندا ئۇلارنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سېلىپ كېلىۋاتقان ھوشۇر موزدۇز گەپكە ئارىلاشتى:

— ئەتىدىن بېرى ئويلىغانسېرى بىر ئىش كاللامغا كىرىۋالدى. ناۋادا ئۆلۈمنىڭ نۆۋىتى ئالىمادىس بىزگە كېلىپ قالسا نىياز بىلەن راشىدىن قانداق قىلار؟ ئۇلارمۇ ئابدۇللاغا ئوخشاشلا بىزنىڭ يۈزىمىزنى كۆرەلمەيدۇ ئەمەسمۇ، ئەخمەتكا!؟ ئۆتكەندە ئۇلارنى رايىغا قويۇپ بېرىپ ئەقلىمىزدىن ئېزىپتىمىز!

— جايىدا گەپ قىلدىڭىز، ھوشۇر ئاخۇن. دەرۋەقە ھەر

ئىككىمىز شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ باللارنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىپتىمىز. ئويلاپ باقسام نىيازنىڭ: ئۇزاققا قالمايلا قايتىپ كېلىمىز دېگىنى يالغان ئوخشايدۇ. ئۆلۈم دېگەن مانا مۇشۇنداق قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدىكى ئىشكەن......

ئەخمەت بوۋاينىڭ گەپ قىلىۋېتىپ يۆتىلىپ كېتىشى بىلەن ئۇلارنىڭ پاراڭى ئۈزۈلۈپ قالدى.

سەدىردىننىڭ سۇلايمان ياۋاشنىڭ نامىزىغا كەلمىگەنلىكى شۇ كۈنى كەچلىكى كەنجىلەرنىڭ ئائىلىسىدىلا ئەمەس، بەلكى كەنجىلەرنىڭ دوستلۇقىغا مەستلىكى كېلىدىغان يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئائىلىسىدىمۇ پاراڭ تېمىسى بولۇپ قالدى. بەزىلەر، سەدىردىن ناھىيەدە كالتە قوشۇقنىڭ سېپى تېگە - تەگمەيلا ئۆزگىرىپ كەتتى دېيىشسە؛ بەزىلەر، سەدىردىن ئابدۇللادىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن بولۇشى مۇمكىن، بۇنىڭغا قارىغاندا ئابدۇللانى ھۆكۈمەت چوقۇم ئېتىۋەتكۈدەك، سەدىردىننىڭ قولىقى ئۇزۇن، بۇ توغرۇلۇق بىرەر خەۋەر ئاڭلىغان گەپ دېيىشەتتى.

بۇ چاغدا بارات نىيازنىڭ ئۆيىدىكى پاراڭمۇ سەدىردىننى مەركەز قىلىپ بارغانسېرى يۇقىرى پەللىگە چىقىپ، بارات نىياز سەدىردىننىڭ بۈگۈن سۇلايمان ياۋاشنىڭ مېيىت نامىزىغا كەلمىگەنلىكىگە چېچىلىۋاتاتتى:

— مەن تېلېفوندا سۇلايمان ئاخۇننىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى سەدىردىنگە ئۆز ئاغزىم بىلەن يەتكۈزگەن تۇرسام نېمىشقا كەلمەيدۇ؟ سۇلايمان ئاخۇنمۇ ئۇنىڭ دادىسىغا ئوخشاشقۇ! ھەرقانچە مۇھىم يىغىن بولسىمۇ ئۆلۈم - يېتىمدىن ئارتۇق ئەمەستۇ؟! نامازغا ئۈلگۈرۈپ كەلسە بولمامدۇ!؟ زۇلەيخان كۆز يۇمغاندا ئابدۇللا ئون نەچچە كۈنگىچە مۇشۇ ئۆيدىن نېرى بولماي ھەممىمىزگە تەسەللى بەردى، يۈگۈر - يېتىم ئىشلارغا قاراشتى. ئادەمنىڭ قانداقلىقى مانا مۇشۇنداق چاغدا ئايرىلىدۇ!

ئاچىسىغا ياردەملىشىپ تاماق ئېتىشىپ بىرىۋاتقان كەۋسەر دادىسىغا تەسەللى بېرىشنى ئويلىدى. بۇ، نېمىشقىدۇر ئاغزىغا مۇۋاپىق گەپ كەلمەي ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى. ئاچىسى ئۇنىڭ چىرايىنىڭ تۇتۇلۇپ بىر قىسىملا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ:

ــ دادا، بۇ گەپنى سەدىردىنگە دېمەي، كەۋسەرگە دېگىنىڭىز نېمىسى!؟ كەلگۈسى يوق ئادەمنى كەۋسەر بوينىدىن سۆرەپ ئەكېلەمتى!ــ دېدى سىڭلىسىنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ نارازى بولغاندەك تەلەپپۇزدا.

بارات نىيازنىڭ جۇدۇنى يەنە ئۆرلىدى:

ــ بۇ گېپىڭ قاملاشمىدى. كەۋسەر «ماڭ بىرگە بارىمىز» دېسە، سەدىردىن «ياق» دېيەلەمتى؟ سەدىردىن تاۋى ئۆسكەنـــ ـــسېرى بىزدىن يۈز ئۆرۈسە بولامدۇ؟ يېقىندىن بېرى مەھەللىدە شۇنچە كۆپ ۋەقەلەر يۈز بەردى. سۇلايمان ئاخۇنىنىڭ ئۆلۈمىدىن باشقا، ئابدۇللانىڭ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالدى. ئەل ـ ئاغىنە دېگەن پادا باققاندىلا ئەمەس، ياغاچ چاققاندىمۇ دوستلۇقنى تاشلىماي، مانا مۇشۇنداق باشقا كۈن چۈشكەندە بىر ـ بىرىگە يار ـ يۆلەك بولۇشى كېرەك!

بارات نىياز سۆزلىگەنسېرى ئەزۋەيلەپ پەسكارىغا چۈشىدىغاندەك قىلمايتتى. كەۋسەر ئاخىر نېمىلا بولسۇن سەدىردىننى ئاقلاشنى لايىق تاپتى.

ــ سەدىردىننىڭ دېيىشچە، ئەتىگەندە تەشكىلات بۆلۈمىدىكىلەر ئۇنىڭ ئىدارىسىگە كەلمەكچى ئىكەن.....ئۇنى ئۆستۈرىدىغان ئىش توغرۇلۇق باشلىقلاردىن پىكىر ئالارمىش... شۇڭا......

ــ بۇ ئىشتىن خەۋىرىم بار. دېھقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىق ئەملى ئۇنىڭغا ئاسماندىن چۈشمەيدۇ! بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مېنىڭ جاڭ شۇجى بىلەن ئىلگىرى مۇشۇ يېزىدا بىرنەچچە يىل

بىلله ئىشلىگىنىمنىڭ پايدىسى كۆردۇ! جاڭ شۇجى ئۆتكەندە ماڭا: «يېشىڭ ماس كەلمەي قويدى، بولمىسا سېنى ناھىيەگە ئۆستۈرەتتىم» دېگەندى، مەن پۇرسەتتى كەلگىنىنى سېزىپ، سەدىردىنىنىڭ قەددىنى كۆتۈرۈپ قويۇشنى ئۆتۈنگەن. بۇنىڭلىق بىلەنلا تاشلىۋەتمەي ھەر قېتىم ناھىيەگە بارسام‌لا جاڭ شۇجىدىن بۇ ئىشنى سوراپ تۇردۇم. بۇ پەيتكەن ئىش تۇرسا، «تەشكىلات بۆلۈمىدىكىلەر كېلىدۇ» دېگەن تەمەدە ئۆلۈم نامىزىغا كەلمىسە بولامدا؟

— چېچىلمىغە، دادا. ئەمدى بۇ گەپلەرنى قويۇپ ئابدۇللانىڭ ئىشىغا كېلەيلى، ئېيتىڭە، بۇ ئىشلارنىڭ ئاخىرى قانداق بولۇپ كېتەر زادى؟ — دېدى كەۋسەر قولىنى لۆڭگە بىلەن سۈرتكەچ دادىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ.

گەرچە بايا كەۋسەر دادىسىنىڭ ئالدىدا سەدىردىنىنى ئاقلىغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭمۇ ئۇنىڭ ئىشىغا زەردىسى قايناپ تۇراتتى. كۈتۈلمىگەندە كەۋسەرنىڭ ئابدۇللا توغرۇلۇق سورىغان سوئالى جاۋابسىز قېلىپ، پاراڭ تېمىسى خەلچەمگە يۆتكەلدى:

— ئابدۇللانىڭ گېپىنى قىلما، قىزىم. بۇنى ئويلىسام‌لا يۈرىكىم سىقىلىدۇ مېنىڭ. بىچارە خەلچەمگىمۇ ئۇۋال بولدى. ئۇنى رازاقنىڭ قىرىق نەزىرىگىچە ئىمامبەگنىڭ ئۆيىدە تۇرسۇن دېگەنىدىم. ئاڭلىسام ئۇ بىچارە تاپا - مالامەتنىڭ ئاستىدا قاپتۇ. بۇ ئاز كەلگەندەك ساقچىلار تولا گەپ سوراپ ئارامىدا قويماپتۇ. قانۇن شۇنداق تۇرسا، بىزدە نېمە ئامال بار!

— ئاڭلىسام ئابدۇللا بىلەن رازاقنىڭ ئۇرۇشقانلىقىنى قوي بېقىۋاتقان بىر كىچىك بالا كۆرۈپتىمىشكەن. قارىغاندا رازاقنى ئابدۇللا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى دېيىشكە پاكىت تولۇق ئەمەسكەن. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، ساقچىلار بىر كىچىك بالىنىڭ گېپى

بىلەنلا ئابدۇللانى قاتىل دەپ ھۆكۈم چىقارماس! دېلو سوت مەھكىمىسىگە تېزرەك ئۆتكۈزۈپ بېرىلسە ياخشى بولاتتى. ئابدۇللادىن بەزى بىر ئىشلارنى ئۇقۇشقا ئامال تۇغۇلاتتى.

— مەن بۇ ھەقتە بىرەر خەۋەر ئۇقۇپ كېلىشكە بىزنىڭ غېنىنى ناھىيەگە ئەۋەتكەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئابدۇللا «مەن رازاق بىلەن ياقىسا سىقىشىپ بىردەم تىللاشقاندىن باشقا ئۇرۇشمىغان» دەپ چىڭ تۇرۇۋېتىپتۇ. بىراق، بۇنىڭغا پاكىت بولمىغاچقا دېلونى ئېنىقلاشقا پايدىسى يوقكەن. رازاق بىلەن ئابدۇللانىڭ بىر - بىرىگە چىش بىلەپ يۈرۈشكەنلىكىنى يېزىدا ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ئىمامبەگنىڭ جەمەتلىرىمۇ مۇشۇ سەۋەبنى پاكىت قىلىپ چىڭ تۇرغان گەپ.

— پەرەزنى پاكىت ئورنىدا قويغىلى بولمايدۇ، دادا. مەن ئابدۇللانىڭ رازاقنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىگە ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيمەن. بۇ ئىشتا چوقۇم بىز تېگىگە يېتەلمەيۋاتقان بىرەر سىر باردەك قىلىدۇ.

كەۋسەر دادىسى بىلەن شۇ يوسۇندا بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن ئاخىرىدا:

— ئەتە خەلچەم بىلەن كۆرۈشۈپ ئاندىن قايتاي دەيمەن، — دېگەنىدى، بارات نىياز ئازراق ئويلىنىۋېلىپ ئېيتتى:

— بىرنەچچە كۈن تەخىر قىل، قىزىم. مۇشۇنداق چاغدا خەلچەمنى يوقلاپ بارساڭ بولمايدۇ. ئىمامبەگنىڭ جەمەتىدىكىلەر كۆڭلۈڭگە ئازار بېرىپ قويۇشى مۇمكىن. مەن ئايىمخانغا خەلچەمنى يوقلاپ تۇرۇشنى تاپىلىغان، ئۇ خەلچەمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتىدۇ. رەھبىرىي كادىر بولۇپ قالمىغان بولسام، بۇ ئىشنى ئوڭشاشقا كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە يول ماڭاتتىم. ئەتىلىككە ئۆيۈڭگە بېرىپلا سەدىرىدىنگە ئوبدان جېكىلىگىن. ئۇ مۇنداق بىشنى ئىچىگە تىقىپ يۈرۈۋەرمەي، ناھىيەدىن يارامىلىقراق ئادۋوكات

ئۇقۇشۇپ قويسۇن. ئابدۇللا توغرىسىدا بىرەر ئۇچۇر ئاڭلىساڭلا دەرھال ماڭا يەتكۈز. پۇل - پۇچەك، ياغاچ- تاش بىرىدىغان يەر چىقسا قالسا، مانا مەن ھەممىنى تەييار قىلىپ بېرىمەن!

كەۋسەر دادىسىغا قاراپ ئۇيغا پاتقان ھالدا بېشىنى لىڭشىتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ چىرايىدە قانداقتۇر ئۈمىدۋارلىق ئىپادىسى پەيدا بولغانىدى.

*　　　*　　　*

تاڭ سەھەر، ئۇپۇق گىرۋەكلىرى شەپەق نۇرىغا چۆمۈپ چوغلىنىۋاتاتتى. تەبىئەت ئاللىقاچان باھار پەسلىگە كىرىۋاتقان بولۇپ، ئاقتاش دەرياسىنىڭ سۈيىمۇ كۈندىن - كۈنگە ئۇلغىيىۋاتاتتى. ئۇچار قۇشلار شورلۇق تۇپراق كۆكسىدىكى يېشىل لىباسلار ئوراپ تۇرغان كەڭرى سەينادا يەر بېغىرلاپ ئۇچۇشۇپ سۈكۈت قوينىدىكى بۇ زېمىنغا بولغان مېھرىنى ئىزھار قىلىشىۋاتاتتى. قۇياش بارا - بارا بوشلۇققا كۆتۈرۈلۈپ ھاياتبەخش نۇرىنى ئەتراپقا سېخىيلىق بىلەن چېچىشقا باشلىدى. ئەمدى يېشىللىق بىلەن سېرىقلىق ئۆزئارا گىرەلىشىپ ئاجايىپ جىلۋىدار بىر سېھرىي گۈزەللىكنى ئاپىرىدە قىلدى. بۇ خىل ئۆزگىچە گۈزەل مۇھىتتا ھەركىمنىڭ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ۋارقىرىغۇسى، كۆڭۈل شادلىقىنى ھەر خىل ئۇسۇل بىلەن ئاشۇ گۈزەللىك باغرىغا تۆككۈسى كېلىدۇ. كەۋسەر دەريا قېشى بىلەن مېڭىپ، ئەتراپقا خىيالچان باقىنىچە كېلىۋاتاتتى. گەرچە ئاخشام بارات نىياز ئۇنىڭغا خەلچەم بىلەن ۋاقتىنچە كۆرۈشمەسلىكنى تاپىلىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ سەھەردىلا ئاقتاش دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنى بويلاپ غازلىق كەنتى بىلەن ئاچما كەنتىنىڭ ئارىلىقىدىكى جىغانلىق دالىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. شۇ تاپتا كۆڭلىدە بۇ

تەرەپلەردە خەلچەم بىلەن كۆرۈشۈپ قالسام ئەجەب ئەمەس دېگەندەك خىيال كېزەتتى. ئۇ نېمىشقىدۇر بىردىنلا رازاقنىڭ جەسىتى بايقالغان، مۇنداقچە ئېيتقاندا، پاجىئەلىك ۋەقە يۈز بەرگەن نەق مەيدانغا ـــ ئاچما كۆۋرۈكنىڭ يېنىغا بېرىشنى ئويلاپ قالدى. يېزا مەركىزىدىن ناھىيەگە بارىدىغان چوڭ يولمۇ مۇشۇ يەردىن ئۆتەتتى. يەنە كېلىپ بۇ يەر كىرا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ مەكتىپىگە قايتىشقىمۇ قولاي ئىدى. كەۋسەر ئاخىر كۆۋرۈكنىڭ يېنىغا كەلدى. كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا «ئاچما كۆۋرۈك» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ كۆۋرۈك دەريا تاشقىنىدىن ھاسىل ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدىغان بۇ كۆۋرۈك دەريا تاشقىنىدىن ھاسىل بولغان ئەگرى - بۈگرى ئېقىنغا تېرەك ۋە جىگدە ياغىچىدا ئاددىيلا ياسالغانىدى. يېزا مەركىزىدىن ناھىيەگە بارىدىغان تاش يولمۇ غازلىق كەنتى بىلەن ئاچما كەنتىنىڭ مۇشۇ پاسىلىدىن ئەگىپ ئۆتەتتى. ئەتراپىنى قومۇش، يۇلغۇن ۋە جىغانلار قاپلاپ تۇرغاچقا، يولۇچىلار بۇ جاينى ھەر خىل رىۋايەتلەرگە باغلاپ سىرلىقلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. بەزىلەر: «ئەسلىدە بۇ يەردە ناھايىتى چوڭ بىر تۈپ قاپاق تېرەك بار ئىدى، تېرەكنىڭ كاۋىكىدا جىن ئۇۋىسى بولۇپ، ئاخشاملىرى ئۆتۈپ قالغان كىشى جىنىنىڭ نەغمە-ناۋاسىنى ئاڭلايتتى» دېيىشسە، بەزىلەر: «ئىلگىرى كىمدۇر بىرسى تېرەك تۈۋىدىن بىر ئارقان تېپىۋېلىپ بېلىگە ئوراپتۇ. لېكىن، ئورىغانسېرى ئارقاننىڭ بىر ئۇچى تېرەك تۈۋىدىن چىقىۋېرىپتۇ. بۇ غەلىتە ئىشتىن ئەجەبلەنگەن ھېلىقى ئادەم تېرەككە قاراپ:

ـــ نېمانداق ئۇزۇن ئارقان بۇ! يۈگەۋەرسەم تۈگىمەيدىغۇ؟ ـــ دېگەنىكەن، شۇئان تېرەكنىڭ قويۇق شاخلىرى ئارىسىدىن:

ـــ ئارقان ئانىڭىزنىڭ ئۈچىيىدىنمۇ ئۇزۇنمىكەن؟ ـــ دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ كىشى داڭقىتىپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن تېرەككە قاراپ:

ـــ گەپ قىلغان كىم؟ ئادەمنى قورقۇتماي چىقمامسەن بۇياققا

كسپۇرۇش! ـــ دەپتۇ.

ئەسلىدە ئۇ بىرەرسى مۆكۈۋېلىپ، مېنى ئەتەي قورقۇتۇۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىغانىكەن، لېكىن ئاۋازنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ ‹بۇياققا چىق!› دېگىنىچە ئەتراپنى تەپسىلىي كۆزەتكەن بولسىمۇ ھېچنېمىنىڭ قارىسى كۆرۈنمەپتۇ. ئاخىر ئۇ ۋۇجۇدىنى قورقۇنچ باسقان ھالدا بېلىدىكى ئارقاننى دەرھال يېشىپ جايىغا تاشلاپ بەدەر تىكىۋېتىپتۇ. ئەتىسى ئىشنى مەھەللىدىكى كىشىلەرگە تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگەنىكەن، بىر مويسىپىت كىشى ئۇنىڭغا: ‹بۇ تېرەكتە جىنلارنىڭ پادىشاھى ئابدۇراخمان خاننىڭ ئۇۋىسى بار. مۇبادا سەن ئارقاننى ئۆز جايىدا قويماي ئېلىپ كەلگەن بولساڭ، چاتاقنىڭ چوڭى چىقاتتى. ھېچبولمىغاندىمۇ ئەقلىڭدىن ئادىشىپ ساراڭ بولۇپ قالاتتىڭ› دەپتۇ.......» دېگەن ھېكايىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي تەكرارلاپ سۆزلەيتتى. قانداق بولۇشتىن قەتئىيـ ـنەزەر، بۇ يەر كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە سىرلىق جاي ھېسابلىناتتى. بۇ قېتىمقى پاجىئەنىڭ دەل مۇشۇ يەردە يۈز بېرىشى يەنە بىر تاسادىپىيلىق ئىدى.

كەۋسەر ئەتراپقا ئويچان كۆزلىرى بىلەن باقاتتى. كۆز يەتكۈسىز كەڭرى دالىدا يايلاۋاتقان قوي ـ ئۆچكە، كالا پادىلىرى، كۆكتە شوخلۇق بىلەن ئۇيان ـ بۇيان ئۇچۇشۇپ يۈرۈشكەن خىلمۇخىل قۇشلار...... تېخىمۇ جەلپ قىلارلىقى تۈۋەن تەرەپكە قاراپ تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان زىلال سۇ ھېچقايسىسى كەۋسەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتالمايتتى. خىيال ئېكرانىدا تۇرۇپلا كامېردا ھەسرەتكە يەم بولۇپ ياتقان ئابدۇللانىڭ سىماسى گەۋدىلەنسە، تۇرۇپلا خەلچەمنىڭ ئىمامبەگنىڭ ئائىلىسىدە تاپا ـ تەنە ئاستىدا مۆكچىيىپ تۇرغان سىماسى زاھىر بولاتتى. بىرچاغدا ئۇنىڭ كۆزى بىردىنلا ئاچما كەنتىگە چۈشتى. ئاچما كەنتى بىر قەۋەت مانانىنىڭ ئارىسىدا خۇددى مېۋە ـ چېۋىلىرى مەي باغلاپ

پىشقان باغدەكلا كۆرۈنەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەۋەككۇل قىلىپ خەلچەمنى يوقلاپ بېرىپ، بىچارىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈتۈلمىگەن بەختسىزلىككە شېرىك بولۇشنى ئويلىدى- يۇ، بىراق دادىسىنىڭ ئاخشامقى گېپىنى ئېسىگە ئېلىپ ئىككىلىنىپ قالدى. شۇنداقتىمۇ بىرەر غايىۋى كۈچنىڭ ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ خەلچەم بىلەن ئابدۇللانىڭ بېشىدىكى بۇ كۈلپەتنى بىراقلا كۆتۈرۈۋېتىشىنى چىن دىلىدىن تىلىدى.

شۇنداق ئوي - خىياللار ئىلكىدە ئاچما كەنتكە قاراپ تۇرغان كەۋسەرنىڭ كۆز ئالدىدىكى ياندامىلىقتىن بىرنەچچە بالا تۆپىلىك ئۈستىگە چىقىپ قىيغىتىپ ئويناشقا باشلىۋىدى، خىيالى بىردىنلا قاناتلاندى. ئەنە ئابدۇللا راشىدىن بىلەن نىيازنى قوغلاۋاتىدۇ. سەدىردىن يۇلغۇن تۈۋىدە توشقان ماراپ ياتىدۇ. خەلچەم ياۋا گۈللەرنى تېرىپ گۈلدەستە تىزىۋاتىدۇ...... كەۋسەرنىڭ خىيالىي تۇيغۇسىدا بۇ سۆيۈملۈك كۆرۈنۈشلەر زاھىر بولۇۋاتقاندا، پاكار بوي بىر ئايال خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا يېنىدا پەيدا بولدى.

كەۋسەر شۇنداق قاراپلا ئۆزىدىن قىرغىن ھالدا تىنچ - ئامانلىق سوراۋاتقان بۇ ئايالنى تونۇدى. ئۇ ئاچما كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئاتىكە خانىم ئىدى.

— سىزنى كۆرمىگىنىمگە ئۇزاق بوپتۇ، كەۋسەر. ئوبدان تۇرۇۋاتامسىز؟ ئۆتكەندە يېزىغا يىغىنغا بارغاندا دادىڭىزدىن ئەھۋالىڭىزنى سورىغانىدىم، ئاڭلىسام مەكتەپتە ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن بەكمۇ ئالدىراش ئوخشايسىز. ئاقتاشقا ۋاقتى - قەرەلىدە كېلەلمەيدىكەنسىز - ھە!

— سىلىمۇ ياخشى تۇرۇپتىلا، ئاتىكە خانىم. ئاقتاشقا كۆپ كېلەلمەيمەن. سىلى - بىزگە ئوخشاش ئوقۇتقۇچىلار بىر ئۆمۈر ئالدىراش ئۆتىدىغان ئوخشايمىز.

— ھەي ئۇكام، ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلىگەن

ئادەم ئوقۇتقۇچى بولىدىكەن. سىزنىڭ باشقا خىزمەتنى تاللىماي، ئوقۇتقۇچىلىق قىلغىنىڭىزنى ئاڭلاپ بۇ بالا نىمانداق دېۋەڭلىك قىلغاندۇ دەپ قالدىم. سىزدەك داشۆ پۈتكۈزگەنلەر دېگەن ناھىيەدە ئورۇننى ئۆزى چېكىپ تۇرۇپ تاللايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دادىڭىزنىڭ قولىدا ھوقۇق بولغاندىكىن، مەمۇرىي ئورۇندا ئىشلىسىڭىزمۇ بولاتتىغۇ، نېمىشقىمۇ ھالاۋىتىدىن مۇشەققىتى كۆپ ئوقۇتقۇچىلىقنى تاللىغانسىز؟

— ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشنى ئۆزۈم ياقتۇرىمەن.

— ھەي، ماۋۇ بالىنىڭ گېپىنى! ئوقۇتقۇچىلىقنىڭ جاپادىن باشقا نېمە راھىتى بار؟ ئوقۇتقۇچى دېگەن باشقىلار ئۈچۈن شامدەك كۆيۈپ تۈگەيدۇ شۇ. ئەتىدىن كەچكىچە ماڭا ئوخشاش ئالدىراپلا ئۆتىسىز. مانا قارىمامسىز، مەنمۇ ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بېرى بور توزۇندىلىرى ئارىسىدا يۆرمەمدىمەن......

— خانىم، سىلىدىن بىر ئىشنى سوراي دېگەنىدىم...... ئابدۇللا......

— ۋاي ئۇكام! ئابدۇللانىڭ ئىشىنى تىلغا ئالسىڭىز يۈرىكىم ئېچىشىدۇ مېنىڭ! شۇنداق ئېسىل بالىنىڭ بېشىغا كەلگەن نېمە خاپىلىق بۇ! ئابدۇللانىڭ رازاقنى ئۆلگۈدەك ئۇرالىشى ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. مەن رازاقنى ئوبدان بىلىمەن. ئۇ كىچىكىدىك ۋاقتىدىمۇ مەكتەپتە ئۇچىغا چىققان جېدەلخور ئىدى. قايسى يىلى ئىكەنلىكى ئېسىمدە قالماپتۇ، مەكتەپتە چاپلىكەشلىك قىلىپ، توختى مۇئەللىمنى بىر مۇشت بىلەن ئوڭدىسىغا ئۈچۈرۈۋەتكەن دەڭە. ئۇنداق لۈكچەككە ئابدۇللانىڭ قانداقمۇ كۈچى يېتىدۇ؟

— مۇنداق دېسىلە.

— ئۇ كۈنى مەن ساقچىلارغا گۇۋاھلىق بەرگەن تۇردىنى ئىزدەپ ئۆيىگە بارسام، ئۇ يوقكەن، قايتىپ ئاچما كۆۋرۈكنىڭ قېشىغا كەلسەم، ئۇ تاز مېنى يىراقتىن كۆرۈپلا قاچتى. ئۇ يەردە

يەنە ھېيىزمۇ بار ئىدى. كېيىن ئۇ ماڭقىمۇ يەر يۇتقاندەكلا يوقاپ كەتتى. مېنىڭچە ئايتاغدىكى ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

— خانىم، ياخشىراق ئويلاپ باقسىلا. بەلكىم شۇ كۈنى سىلى بۇ تەرەپلەرگە كەلگەندىكىن بىرەر يىپ ئۇچىنى بىلسىلە كېرەك، ئابدۇللاغا ياردىمىمىز بولۇپ قالار ئىلاھىم......

— بېشىم ئاغرىپلا تۇرىدۇ، ئۇكام. پېنسىيەگە چىقاي دەپ ئىلتىماس يازغىنىمغا ئۈچ يىل بولدى. ھازىرغىچە ئۇچۇر يوق. سىزگە دېسەم، ئۇكام، مەن رەھمەتلىك سۇلايمان ياۋاش بىلەن تەڭ دېمەتلىك، ئۇ بىچارىمۇ نەچچە يىل كېسەل تارتىپ ئاخىر قازا قىلدى. مېنىڭمۇ يېنىم يەر تارتىپلا تۇرىدۇ شۇ......

كەۋسەرنىڭ تاقىتى تاق بولدى. بايا ئاتىكە خانىمنى كۆرۈپلا كۆڭلى بىرئاز يورۇپ قالغان. قىسقىسى، ساقچىلارغا گۇۋاھلىق بەرگەن ھېلىقى تۇردى ئىسىملىك بالا توغرۇلۇق ئەھۋال ئۇقۇشۇشنى ئويلىغانىدى. بىراق، ئاتىكە خانىمنىڭ كەيپىياتىدىن قارىغاندا كەۋسەر بۇ ئارزۇسىغا يېتەلمەيدىغاندەك قىلاتتى. نېمىشقىدۇر ئۇ تاغدىن - باغدىن سۆزلەپ كەۋسەرنى زېرىكتۈرۈۋاتاتتى. بۇ ھالدا كەۋسەر ئۇنى نېرۇسىدىن سەل ئازغاندەك ھېس قىلىپ قالدى. دېمىسىمۇ ئۇ بىر ئوبدان سۆزلەۋېتىپ گەپنى باشقا ياققا بۇرايتتى. كەۋسەر ئىلگىرىلا ئۇنىڭ بىر مەزگىل داۋالانغاندىن كېيىن مۇشۇنداق تۇرۇپ - تۇرۇپ گەپ- سۆزىدىن ئادىشىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى باشقىلاردىن ئاڭلىغانىدى. شۇ تاپتا كەۋسەر ئۇنىڭ بۇنداق روھىي ھالىتىدىن ئانچە ئەجەبلىنىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، مۇشۇ ھالەتتە تۇرۇپ ئوقۇغۇچىلارغا قانداق دەرس ئۆتىدىغاندىغانلىقىدىن ئەنسىرىمەيمۇ تۇرالمىدى. كەۋسەرنىڭ بىلىشىچە ئۇ ئاقتاشتىكى پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئۆزىنى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئىككى يىلچە

ئوقۇتقانــدىن كېيىن. ئاچمـا كەنتــدىكى باشـلانغۇچ مەكـتەپكە يۆتكىلىپ كەتكەندى. قانداقلا بولسۇن، كىيىنىشمۇ غەلىتىـرەك، گاھىدا ئۆزىچە سۆزلەپ كېتىـدىغان بۇ ئايال كەۋسـەرنىڭ دىلىغا تۈنجى مەرتىۋە ئۇرۇقىنى چاچقۇچى ھېسابلىناتتى. شـۇ تاپتا ئـۇ يەنە گېپىدىن ئېزىۋاتاتتى. كەۋسەر ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۆزى كۆڭـۈل بۆلۈۋاتقان ئىشقا بۇراش مەقسىتىدە ئېيتتى:

— خانىم، مەن ھېلىقى گەپنى، يەنى ئابدۇللاغا مۇناسـۋەتلىك ئىشنى ئۇقۇشـاي دېگەن...... سىلى تەپسىلىيرەك دەپ بەرگەن بولسىلا. شۇ كۈنى بۇ يەردە قوي باققان باللاردىن يەنە كىملەر بار بولغىيتتى؟

— بـۇ مـاڭقىلار ھەر كـۈنى چـارۋا بـاققىلى يايلاققـا قاچىـدۇ، ئۇكام. چوڭ بولغاندا ھەممىسى پـادىچى بولامـدىكىنتاڭ بىلمىدىم. مۇشـۇ ئەتراپتـا بـۇ تازلىنىـڭ كەينىـدىن چاپمايـدىغان كۈنـۈم يـوق مېنىڭ. پۇت - قولۇمـدا ماغـدۇرمۇ ئـاز قالـدى. يېنىم يەر تـارتىپلا تۇرىـدۇ. ئـۆمرۈم ئاخىرلـشىپ قېلىۋاتامـدىكىن دەيـمەن...... مەن سىزگە كاشىلا قىلماي، ئـاۋۇ يەردە بىـر تازنىـڭ قارىـسى كۆرۈنـدى ئەنە، مەن شـۇ تەرەپكە بـاراي. بولمىـسا ئـۇ مېنـى تونـۇپ قالـسىلا جىنىدىن قاچقاندەك قاچىدۇ ھېلى......— ئاتىكە خـانىم شـۇنداق دەپلا كەۋسـەردىن يىراقلاشـتى ۋە ئالـدىراش كېتىۋېتىــپ ئۈنلـۈك ئاۋازدا دېدى،— ئۇكام، مەن دېمىدىممۇ! ئاۋۇ ماڭقا مېنـى كـۆرۈپلا قاچتى ئەنە. ھاي تازەي! نەگە قاچىسەن، دۆڭنىڭ كەينىدە ئانـاڭ بارمىدى؟ توختا! دەيمەن، توختا!

ئاتىكە خـانىم يىراقتىكـى دۆڭلـۈككە قـاراپ يۈگـۈردى. كەۋسـەر ئۇن يېتىم يىراقلىقتىكـى دۆڭ باغرىـدا قـوي بېقىۋاتقـان بىـر باللىغا قاراپ خىيال سۈرۈپ تـۇرۇپ قالـدى. كاللىسىدىن بەلكىم ئـۇ بـالا دائىـم مۇشـۇ ئەتراپتـا قـوي باقسا بىـرەر يىـپ ئۇچىنى بىلىشى مـۇمكىن، رازاق بىـلەن ئابـدۇللانىڭ شـۇ كۈنـدىكى ماجىراسـىنى

كۆرمەي قالاتتىمۇ دېگەن ئوي يالت قىلىپ ئۆتۈپ، ئۆزىمۇ سەزمىگەن هالدا ئاشۇ تەرەپكە بىرنەچچە قەدەم ئېلىپلا يەنە توختىدى. چۈنكى، هېلىقى بالا ئاتىكە خانىمنىڭ ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپلا قويلىرىغىمۇ قارىماستىن بايا قاچقان باللارنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ كەتكەنىدى. ئاتىكە خانىم بالىنى قوغلاپ هاردى بولغاي، يىراقتىكى دۆڭ باغرىدا ئولتۇرۇپ قالدى. كەۋسەرنىڭ كۆز ئالدىدىلا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشلار روهىنى سۇندۇرۇپ قويدىمۇ، ئەيتاۋۇر، ئاتىكە خانىمغا قاراپ خورسىندى. كېيىن ئورنىدىن يۆتكىلىپ يېقىنلا يەردىكى يەنە بىر دۆڭ ئۈستىگە چىقتى. بۇ يەردە تۇرۇپ ئەتراپقا قارىسا ئاچما كەنت بىلەن غازلىق كەنت ۋە ئاقتاش دەرياسىنىڭ ساهىلى قوشۇلۇپ هاسىل قىلغان تەبىئىي گۈزەللىك كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا تولۇق نامايان بولاتتى. ئەمدى كەۋسەرنىڭ مەيۈسلۈك ئىلكىدىكى كۆڭلى ئاشۇ كەڭ دالىدىكى ئۆزگىچە مەنزىرىلەردىن هۇزۇرلاندى. يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى خىيال سۈرۈۋېرىپ چارچىغان نېرۋىلىرى ئارام ئالغاندەك، قانداقتۇر بىر غايىۋى شادلىق تۇيۇقسىزلا خۇش چىراي ئاچىدىغاندەك راهەتبەخش سېزىم ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى. ئۇ يىراققا نەزەر سېلىپ بىردەم تۇرۇۋىدى، ئاقتاش يېزىسىدىن ناهىيە بازىرىغا بارىدىغان كىرا ماشىنىسى نېرىدىنلا سىگنال بېرىپ ئۇنىڭغا قاراپ چاڭ توزىتىپ كەلدى. كەۋسەر روهى چۈشكۈن هالدا كىرا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ ناهىيەگە يۈرۈپ كەتتى.

* * *

كۈنلەر بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈۋاتاتتى. قاسىم قارىمنىڭ بېغىدىكى ئاقتاش يېزىسىغا داڭلىق خوندەكلا ئەمەس، جانانە ۋە خۇۋەينى ئۆرۈكمۇ پىشىپ تۈگىدى. كېيىن دېهقان هويلا -

ئارانلىرىدىكى تال باراڭلاردا ساپاق ـ ساپاق ھالدا ساڭگىلىشىپ تۇرۇشقان مۇناقى، سايۋا ۋە قىزىل ئۈزۈملەرمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن رەڭ تۇزۇپ چېكىلىشكە باشلىدى. ئۆستەڭنىڭ ئۇ قېتىدىكى كېۋەزلىك تەرەپتىن بىشەكشىرىن، كۆكچى قوغۇنلارنىڭ پۇرىقى مەيىن شامالغا قوشۇلۇپ دىماقلارغا ئۇرۇلاتتى. مەھەللىدىكى ھايتاق باللار قوغۇنلۇق تەرەپتىن يۈگۈرۈپ كېلىشىپ ئۆزلىرىنى بۆكلۈك قويىنغا ئېيتىشاتتى. كىمدۇر بىرسىنىڭ ئالتاغىل ئاۋازدا ئېيتقان ناخشىسى يىراقلاردا ئەكس سادا ھاسىل قىلاتتى. بۇ كۈنلەردە غازلىقتىكى كىشىلەر ئىلگىرىكىدەكلا ئالدىراش ئىدى. ئابدۇللانىڭ تۇرمىگە كىرىپ قالغانلىقى دەسلەپتە غازلىقتىكى كىشىلەر تەۋرىنىۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمدى ھەممە ئۆز ئىزىغا چۈشۈپ، كىشىلەرنىڭ بۇ توغرىدا كەنتنىڭ باش تەرىپىدىكى چۈشۈرگى بېشىدا، كۆل بويىدىكى كۆتەك ئۈستىدە، دوقمۇشلاردىكى پاسار، پىچان دۆۋىلىرىدە ئولتۇرۇشۇپ داۋام قىلىدىغان پاراڭلىرىمۇ بارا ـ بارا ئۈزۈلۈۋاتاتتى. قىسقىسى، بۇ ئىش ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كونا ئىشلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغانىدى. سەھرا دېگەن مانا مۇشۇ. بىرسى پىنھاندا «غىت» قىلىپ يەل قويۇۋەتتىمۇ بولدى، ئۇنىڭ «پۇرىقى» ھەش ـ پەش دېگۈچە كەنتنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقـ ـلىرىغىچە تارقايدۇ. بىراق، دەسلەپتە شۇنچە داغدۇغىسى بولغان ھەرقانچە زور ۋەقەلەرمۇ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئەسلىدە يۈز بېرىشى مۇقەررەر بولغان ئىشلاردەك بېسىقىپلا قالىدۇ. ئابدۇللا توغرىسىدىكى پاراڭلارمۇ مۇشۇ يوسۇندا بېسىقتى. كىشىلەر ئارىسىدا: «ئىمامبەگ خۇن داۋاسى قىلىپ چىڭ تۇرغاچقا، ئابدۇللاغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپتۇ. يۇقىرىدىن تەستىقلىنىپ كەلسىلا ئابدۇللانى ئېتىۋېـ ـتىدىكەن» دېگەن گەپ تارقىلىپ بىرمەھەل غۇلغۇلا قوزغاپ، كېيىن كونا ئىشلار قاتارىدا قۇيرۇقىنى قۇم باسقانىدى. ئەسلىدە بۇ ئىشنىڭ كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا شۇنچە تېز خۇلاسىلىنىپ،

جەمئىيەتتىكى ئانچە قىزىقى قالمىغان كونا - يېڭى ئىشلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالغانلىقىنىمۇ چۈشىنىشكە بولاتتى. تەپسىلىيرەك ئېيتقاندا، ئاقتاشلىقلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان يېڭى ئىشلارمۇ ئارىلاپ يۈز بىرىپ تۇراتتى. مانا ئەمدى ئۇلار ھەر خىل يوللار بىلەن ئالدىن ھاللانغان ساناقلىق كىشلەرنىڭ تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ، موتوسىكلىت.......قا ئوخشاش زامانىۋى تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئارقا - ئارقىدىن سېتىۋېلىۋاتقانلىقىغا قىزىقىشىۋاتاتتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە سەدىردىننىڭ ئىستىقبالىنىڭ بىردىنلا نۇرلىنىپ، ئىلگىرىكى ئىشخانا مۇدىرى دېگەن ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدىن بىراقلا ھالقىپ ئىدارە باشلىقلىق ئەمىلىگە ئېرىشكەنلىكى كىشلەرنىڭ يېڭى بىر قىزىقىش نۇقتىسى بولۇپ قالغانىدى. بەزىلەر: «كەنجىلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ ھايىتقى سەدىردىن ئىدى، مانا ئەمدى ئۇ ئەڭ يارامىلىقى بولدى. شۇنىڭغا قارىغاندا بالا دېگەن كىچىك ۋاقتىدا ئاز - تولا چاپلىكەش بولمىسا بولمايدىكەن» دېيىسە، يەنە بەزىلەر: «تەلەيىنى ‹نەگە بارىسەن› دېيىسە، ‹دوقا ماڭلايغا› دېگەندەك، سەدىردىننىڭ كۆتۈلمىگەندە دەرىجە ئاتلاپ باشلىق بولۇپ كەتكەنلىكىگە ئەجەبلىنىپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ. بۇمۇ جاھاننىڭ قىزىقلىقى» دېيىشەتتى. يەنە بەزىلەر بولسا تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ: «تۆۋەندىن يۇقىرىغا ئۆتتىرىدىغان، يۇقىرىدا تۇرۇپ قولىدىن تارتىدىغان كۆيگۈچىلىك بولسا سەدىردىندەك تېز ئۆسىسەن، مۇشۇ كۆنلەردە تەشكىل زىيالىيلارنىڭ قەددىنى كۆتۈرۈپ، رەھبىرىي كادىرلارنى ياشلاشتۇرۇشنى ئېغىزدىلا ئەمەس، مۇھىمى ئەمەلدە كۆرسىتىۋاتىدۇ، قارىغاندا بۇنىڭدىن كېيىن زىيالىيلارنىڭ نەرخى نەچچە ھەسسە ئۆسۈپ كەتكۈدەك» دېيىشەتتى.

ئەسلىدە ئىشلارنىڭ ئاخىرىمۇ سەدىردىننىڭ تەلىيىگە ماس ھالدا داۋاملاشسا يوللۇق بولاتتى. بىراق، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي

ئۇنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى بۇ زور خۇشاللىقنىڭ قايغۇسى سەدىردىنگە قانات سۆرەپ كەلدى. بىر ھېسابتا بۇ ئىشمۇ جاھان ئىشلىرىنىڭ رەپتارىغا ئۇيغۇن ئىدى. ئىنقىلاق ئىيتقاندا، سەدىردىن ئىدارە باشلىقى بولۇپ بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپلا كەۋسەر بىلەن ئاراز لىشىپ قالدى. ئارازلىشىپلا بولدى قىلغان بولسا مەيلىدى، يامان يېرى كەۋسەر ئۆي ئايرىپ مەكتىپىدىكى بويتاقلار ياتىقىغا كۆچۈپ كەتتى. بۇ ئىشنىڭ تەسىرى كەۋسەر بىلەن سەدىردىننىڭ ئەتراپىدىن ئالاقاچان ھالقىپ ئاقتاش يېزىسىغىچە كېڭىيىپ ئۈلگۈردى. گەرچە ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئابدۇللانىڭ ئىشى توغرىسىدا تەگىشىپ قالغان بولسىمۇ، سىرتتا «سەدىردىن باشلىق بولۇپلا كەۋسەرنى كۆزگە ئىلماس بولۇۋاپتۇ» دېگەن گەپلەر قانات چىقىرىپ ئېغىزدىن قۇلاققا ئۇچتى.

ئەسلىدە شۇ كۈنى كەۋسەر ئاچما كۆۋرۈك تۇۋىدە ئاتىكە خانىمدىن ئۆزى كۈتكەن جاۋابقا ئېرىشەلمەي، مەيۇس ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە، سەدىردىن قول سومكىسىنى ئاپالماي تىت - تىت بولۇۋاتاتتى. كەۋسەرنىڭ ئىشىكتىن كىرىپلا ئابدۇللانىڭ ئىشى توغرۇلۇق ئېغىز ئېچىپ قېلىشى جۇدۇنى ئۆرلەپ تۇرغان سەدىردىننىڭ ئوغىسىنى قايناتتى.

— ئىككى كۈندىن بېرى ئاقتاشتا ئابدۇللانىڭ گېپىنى قىلىپ ھارمىدىڭما؟ بۇ ئۆيدە زادى ئابدۇللانىڭ گېپىدىن باشقا گەپ يوقما؟ — دېدى سەدىردىن زەردە بىلەن.

ئوڭغۇل - دوڭغۇل سەھرا يولىنى قىستا - قىستاڭ كىرا ماشىنىسىدا بېسىپ ئۇستىخانلىرى زىڭىلداپ ئاغرىپ ئاران كەلگەن كەۋسەرگە بۇ سۆزلەر تولىمۇ ھار كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەدىردىننىڭ سۇلايمان ياۋاشنىڭ مېيىت نامىزىغا قاتناشماسلىقى كەۋسەرنىڭ ئوغىسىنى قايىنتىپ تۇرغاچقا، شۇ تاپتا سەۋر قاچىسى توشۇپ، تۇتىسلا يېرىلىدىغان ھالغا كېلىپ قالغانىدى. كەۋسەر

سەدىردىننىڭ ھۆرپىيىپ تۇرغان ھالىتىگە تىكىلىپ بىر قاراپ قويۇپ ئۆزىنى كىرىسلوغا تاشلىدى. كۆڭلىدە زۇۋان سۇرمەي تۇرۇۋالسام سەدىردىننىڭ ئاچچىقى يانىدۇ دەپ ئويلىغانىدى. بىر ھېسابتا كەۋسەر پەرىشان كۆڭلىنى ئۆستىلەپ پەرىشان قىلىشنى خالىمايتتى. بىراق، بۆگۈن سەدىردىننىڭ خۇي - پەيلى نېمىشقىدۇر بۇرۇنقىغا ئوخشىمايۋاتاتتى. ئىلگىرى مۇشۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەندە كەۋسەر ئېغىر بولۇپ زۇۋان سۇرمەي تۇرۇۋالسا سەدىردىن بىردەم پۇشۇقۇنۇپ تۇرغاندىن كېيىن، سىرتقا چىقىپ كېتەتتى ياكى ئۆزىچىلا پەسكويىغا چۈشۈپ قالاتتى. قارىغاندا بۆگۈن كەۋسەرنىڭ بۇ ئۇمىدى بەربات بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا كۈتۈلمىگەن بىر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ يۈز بېرىشى قاش بىلەن كىرپىكتەك يېقىنلاپ قالغانىدى.

— بۇرۇنراق قايتىپ كەل دەپ شۇنچە جېكىلىسەم مەن بىلەن قېيىشىپ ئەمدى كەلدىڭمۇ؟ سەن زادى مېنى كۆزلۈككە ئىلەمسەن-يوق؟ قورسىقىڭدا غوم بولسا يوشۇرماي ئوچۇقىنى ئېيت! — سەدىردىن شۇنداق دەپلا شىرە ئۈستىدىكى پىيالىنى يەرگە زەرب بىلەن ئۇرۇپ پارە- پارە قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ چىرايى ئاچچىقتىن ئۆڭۈپ ئەسلىي رەڭگىنى يوقاتقانىدى. بۇ ئەلپازدىن كەۋسەر چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ، بىراق سەدىردىننىڭ بۆگۈنكى كۈتۈلمىگەن يولسىزلىقى غەزەپ پىلتىسىگە ئوت ياقتى.

— نېمە دەۋاتىسەن؟ ئاقتاشقا تونۇگۈن بېرىپ بۆگۈن قايتىپ كەلسەممۇ يەنە سېنىڭ بىلەن قېيىشقان بولامدىمەن؟ مەن ئاقتاشقا ئوينىغىلى بارغىنىم يوق. تونۇگۈن سۇلايمان دادامنىڭ نامىزىغا بارايلى دېسەم: «مۇھىم ئىشىم بار، تەشكىلات بۆلۈمىدىن ئادەم كېلىدۇ» دەپ بارمىدىڭ. مەن يالغۇز بارغىنىمغا تۇغقانلارنىڭ ئالدىدا يۈزۈمنى كۆتۈرۈلمەي سولىشىپ قايتىپ كەلسەم يەنە ماڭا

ھۇرپىيەمسەن؟ بىلىپ قوي! سېنىڭ يولسىزلىقىڭنى ئەمدى كۆتۈرمەيمەن!

— ھازىرغىچە ھېس قىلمايۋاتامسەن؟ يولسىزلىقنى مەن ئەمەس، سەن قىلىۋاتىسەن. ئىۋىلاپ باقە! تۈنۈگۈن تەشكىلات بۆلۈمىدىن مېنىڭ ئۆسۈش ئىشىم توغرۇلۇق ئىدارىدىكىلەردىن پىكىر ئالغىلى مەخسۇس ئادەم كېلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان تۇرسا، ئاقتاشقا كەتسەم قاملاشامدۇ؟ تۈنۈگۈن ئاقتاشتىن تېز قايتىپ كەلگەن بولساڭ تەشكىلات بۆلۈمىدىن كەلگەنلەرگە لايىقىدا چاي بېرەتتۇق ئەمەسمۇ! مېيىت نامازىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئىككى كۈن كېتەمدا؟ مېنى بىلمەيدۇ دېمە، دېسەم - دېمىسەم ئاقتاشتا باشقا ئىشلار بىلەن كاشىلا بولۇپ يۈردۈڭ......

— پەرىزىڭ توغرا، ئاقتاشتا ئابدۇللانىڭ ئىشلىرىنى ئۇقۇشۇش ئۈچۈن ئازراق كاشىلا بولدۇم شۇ. تېخى كۆپرەك تۇرمىغىنىمغا ئەمدى پۇشايمان قىلىۋاتىمەن. بىلىپ قوي! ئەتىلا مەكتەپتىن بىرنەچچە كۈنلۈك رۇخسەت ئېلىپ ئاقتاشقا يەنە بارىمەن. ئابدۇللانىڭ ئىشى ئۈچۈن يول ماڭىمەن. جېدەل قىلىپ مانا مۇشۇ مەقسىتىمنى بىلمەكچى ئىدىڭمۇ؟ سېنى مەقسىتىڭگە يەتكۈزۈپ قوياي، چېچىكىڭ چاي بولدىمۇ ئەمدى!

كەۋسەر تەئەددى بىلەن شۇلارنى دېگەندىن كېيىن ئۈستەل ئۈستىدىكى ماتېرىياللىرىنى رەتلەشكە تۇتۇندى. سەدىردىنىڭ جۇدۇنى كەۋسەرنىڭ ئاغزىدىن ئابدۇللانىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپلا بايىقىدىن ئۆتە ئۆرلىگەنىدى. كەۋسەرنىڭ قىرىشقاندەك ئۆزىنىڭلا ئەمەس، بەلكى سەدىردىنىڭمۇ مەقسىتىنى ئاشكارىلىۋېتىشى بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئاچچىققا يەم بولۇپ دەردىنى ئالىدىغان يەر تاپالماي تۇرغان سەدىردىنگە كۈتۈلمىگەن زەربە بولدى. ئۇ بىردىنلا يارىدار بولغان قاۋان جان ئاچچىقىدا ئەسەبىيلەشكەندەك ئەلەڭلەپ كېلىپ كەۋسەرنىڭ مەڭزىگە بىر تەستەك سالدى.

ئارقىدىنلا غەزەپلىك تەلەپپۇزدا:

— يوقال! ھازىردىن باشلاپ سېنى كۆرەر كۆزۈم يوق! — دېدى.

سەدىردىنىنىڭ سەۋر قاچىسى ئاخىر يېرىلغانىدى. ئۇنىڭ ئىرادىسىگىلا ئەمەس، مۇھىمى تەبىئىتىگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان بۇ ھەرىكەت ئەسلىدە بىرنەچچە كۈن ئىلگىرىلا، يەنى ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئابدۇللا توغرىسىدا ئارازلىشىپ قالغان كۈنىلا يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بار بولسىمۇ، ھەر ھالدا مۇشۇ كۈنگىچە چىداشلىق بېرىپ كەلگەنىدى. ئەمدىلىكتە سەدىردىن كەۋسەرنىڭ ئۆيگە كىرىپلا ئەتەي ئۆزى بىلەن ئۆچەكىشىپ ئابدۇللانىڭلا گېپىنى قىلىشىغا ھەرگىزمۇ تاقەت قىلالمايتتى. كەۋسەر ئابدۇللانىڭ گېپىنى قىلىسىلا سەدىردىنىنىڭ ئاچچىقلاپ قىلىشىدا كۈنداشلىق تۇيغۇسىدىن باشقا يەنە بىر مۇھىم سەۋەبمۇ بار ئىدى. ئېنىقراق ئېيتقاندا، سەدىردىنىنىڭ قۇلىقىغا بىرسى پىچىرلاپ: «سەن يېقىندا ئۆستۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتىسەن، بىر مەزگىل كەلسە - كەلمەس ئىشلارغا ئارىلاشماي تۇرغىن» دەپ ئۇچۇر يەتكۈزگەنىدى. بۇ خۇش خەۋەر ئۇنىڭ خىيالىدىن بېرىقى ئەجرىنىڭ ئەزىم بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلايتتى. شۇنداقتىمۇ تەگلىك تارتىدىغان يەرلىرى يوق دېگىلى بولمايتتى، يەنى غازلىقتىكى يۇرتداشلاردىن تارتىپ ئايالى كەۋسەرگىچە ئابدۇللانى قۇتقۇزۇشىنىڭ ئامالىنى تېپىشقا ئۈندەپ خىجىل قىلىۋاتاتتى. تېخىمۇ تاسادىپىي تۇيۇلغىنى بارات نىيازنىڭ يۇرىكىنى قاپتەك قىلىپ: «ئابدۇللانى قۇتقۇزۇشقا قانچىلىك پۇل كەتسە مانا مەن تەييارلايمەن» دېگەنىدىن باشقا يەنە ياغاچ - تاش، قوي، كالا، ئۈزۈم، ياڭاق قاتارلىق نەرسىلەرنىڭمۇ تەل قىلىپ قويۇلغانلىقىنى بىرنەچچە قېتىم تىلغا ئېلىشى ئىدى. بىراق، باشقىلار سەدىردىنىنى ئابدۇللانىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ساناپ بۇ گەپلەرنى قىلغان بىلەن، سەدىردىن

ئۆزىنى دەگسىيەلمەي كۆتۈلمىگەن ئىشلارغا چېتىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيتتى. قىسقىسى سەدىردىننى قەلبىدىكى كۆنداشلىق بىلەن ئىستىقبالىغا داغ يۇقتۇرۇۋېلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل بېسىم ئىسكەنجىگە ئېلىۋاتاتتى. سەدىردىننىڭ ھەر ئىككىسىگە بەرداشلىق بېرىشى ھازىرقى ئەھۋالدا قىيىنغا توختايتتى. ئۆزىنى كونترول قىلالماي كەۋسەرنىڭ مەگزىگە بىر تەستەك سېلىشى مانا مۇشۇ بېسىمنىڭ تەدرىجىي كۈچىيىۋاتقانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىدى. سەدىردىن كەۋسەرگە قول تەگكۈزگەندىن كېيىن كۆڭلىدە، ئۇ ئەمدى ماڭا ئېسىلىدۇ، ئىككىمىز يەنە بىر مەيدان ئېلىشىمىز، مۇشۇ پۇرسەتتە ئىچ ـ قارنىمدىكى ھەممە تۈگۈنلەرنى يېشىۋالىمەن، قاراشلىرىمنى كەسكىن ئوتتۇرىغا قويۇپ قايىل قىلىمەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھەدېسىلا ئابدۇللانىڭ گېپىنى قىلمايدىغان بولىدۇ دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۈلگۈرگەنىدى. ئەپسۇس، ئاخىرقى نەتىجە ھەرگىزمۇ ئۇ كۈتكەندەك بولماي، ئەكسىچە كەۋسەر بۇ ئۇشتۇمتۇت زەربىنىڭ تەسىرىدە خۇددى ئوت ئىچىدىن ھازىرلا تارتىلغان لاخشىگىر يېقىلغاندەك ئېچىشىپ ئاغرىۋاتقان مەگزىنى سىلىدى، ئاندىن سەدىردىنگە تولىمۇ ئۆمىدسىزلىك ئىلكىدە شۇنداقلا بىر قاراپ قويۇپ ماتېرىياللىرىنى سومكىسىغا سېلىپ لام ـ جىم دېمەستىنلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. سەدىردىن پۇشۇشىدە بىرنى تىنىپ، لاسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. راستىنى ئېيتقاندا، كەۋسەرنىڭ ئىلگىرىكى چاغلاردىكىدەك بىر ئېغىز گەپكە ئىككى ئېغىزنى تاقاپ زاكونلاشمايلا ئۆيدىن چىقىپ كېتىشى سەدىردىنگە ئېغىر زەربە بولغانىدى.

ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى. كەۋسەر كوچىدا كېتىۋاتاتتى. يۇتىدىكى توپلەيدىن يېنىك تاقىلدىغان ئاۋاز چىقاتتى. كوچىدا مۇشۇنداق نىشانسىز مېڭىۋاتقىلى خېلى ۋاقىت بولغانىدى. ئۇ ئۆيدىن چىققاندا قويۇش پېتىۋاتقان زاۋال مەزگىلى بولۇپ،

ئەمدىلىكتە قاراڭغۇ چۈشكەنىدى. كەۋسەر ئۆيلىرىگە ئالدىراۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بىر پەس ماڭغاندىن كېيىن، ئادەملەر شالاڭ كوچىلارنىمۇ مەقسەتسىز ئارىلاپ چىقتى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى قاسىراق تاشلاپ خېلىلا كېڭىيىپ قالغان شەھەرنىڭ مەركىزى كوچىسىنى ئايلىنىپ بولغان بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر قەدىمىنى توختاتقۇسى كەلمەيتتى. كۆڭلى نىمىدۇر بىرنەرسىنى تىنىمسىز ئىزدەپ كۆڭلىگە ئاراملىق بەرمەيۋاتاتتى. مۇشۇنداق مېڭىۋەرسە كۆڭلى ئارام تاپىدىغاندەك، ئىزدەۋاتقان نەرسىسى ئالدىغا ئۇچراپ قالىدىغاندەك بىر خىل سېزىم غەشلىككە تولغان ۋۇجۇدىنى ئەسىر قىلىۋالغانىدى. قەلبى سەدىردىنىڭ نامەردلىكىدىن كۆرە، ئابدۇللانىڭ بەختسىزلىكىگە ئۆرتىنىپ ئارامسىزلىناتتى. تەقدىرنىڭ ئابدۇللا بىلەن بۇ دەرىجىدە قېرىشقانلىقىغا يەتكۇچە ھەسرەتلىنەتتى. ئەجەبلىنەرلىكى كەۋسەرنىڭ روھىي ھالىتى ھايات مۇساپىسىدە مۇشۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشى مۇقەررەردەك خىرامان ئىدى. شۇ ئەسنادا ئۇشتۇمتۇت ئەسكەن شامال زىلۇا بويىغا ئۇرۇلۇشى بىلەن كەرسەرنىڭ ئەتىدىن بېرى سىقىلىۋاتقان يۈرىكى ئازراق راھەتلەنگەندەك بولدى. شۇ چاغدىلا ئۇ ئەتراپقا سىنچىلاپ قاراپ مەكتىپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە سەدىردىن مەكتەپكە ئىزدەپ كەلگەندە كەۋسەر دەرسكە كىرىپ كەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تېرەك تۈۋىدىكى ئورۇندۇقتا كەۋسەرنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپ ئاخشامقى يەڭگىلتەكلىكىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. سەدىردىن ئىلگىرىمۇ كەۋسەر بىلەن مۇشۇنداق ئارازلىشىپ قالغاندا تۇرۇپلا ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. كەۋسەرنى ئابدۇللادىن كۆنلەش ھېسسىياتى ئۇنى مۇشۇنداق تۇتۇرۇقسىز ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇۋاتاتتى. ئاخشام بىرمەھەل بولغۇچە ئۇ كەۋسەر بېرىشى مۇمكىن دەپ قارىغان بىرنەچچە ئورۇنغا بېرىپ، كەۋسەرنى تاپالماي ئۆيگە

ھارغىن ھالدا قايتىپ كەتكەنىدى. ئەمما، خىيالىغا مەكتەپ كىرىپ چىقمىغاچ، كەۋسەر ئىشخانىسىدا كېچىچە تەنھا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزغانىدى. دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى ئۇشتۇمتۇت چېلىنىپ سەدىردىننى چۆچۈتۈۋەتتى.

كەۋسەرنىڭ كۆزى يىراقتىن سەدىردىنگە چۈشۈپ ئارىدا ھېچ ئىش بولمىغاندەكلا يېنىغا كەلدى. بۇنى تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمىغان سەدىردىن كەۋسەرگە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ھودۇقۇپ قالدى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ ئەتىدىن بېرى كەۋسەرگە دېيىش ئۈچۈن كۆڭلىگە پۈككەن گەپلىرى نەگىدۇر يوقاپ كەتتى.

سەدىردىن ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە كەۋسەر ئەتراپقا شۈبھىلىك نەزەردە قاراپ قويغاندىن كېيىن:

— بۇ يەردە ئولتۇرماي، خىزمىتىڭگە بېرىۋەرگىن. مەن چۈشتە ئۆيگە بارىمەن. قالغان گەپنى شۇ چاغدا دېيىشەيلى، — دەپلا ئىشخانا تەرەپكە كېتىپ قالدى. بۇ ھال سەدىردىننى بايىقىدىن ئۆتە گاڭگىرىتىۋەتتى. ئۇنىڭ گاڭگىرىشى چۈشتە ئۆيگە كەلگەندە تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. ئەسلىدە كەۋسەر ئۆزىنىڭ مەكتەپتىن ياتاق ھەل قىلىپ كۆچۈپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا قىسقىلا خەت يېزىپ قالدۇرۇپ كېتىپ قالغانىدى.

سەدىردىن كېيىنكى ئۈچ كۈندە كەۋسەرنى بىرنەچچە قېتىم ئىزدەپ كېلىپ، ئۆيگە قايتىپ كېتىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، بىراق كەۋسەر «بىر مەزگىل مۇشۇنداق ئۆتەيلى» دەپ قايتقىلى ئۇنىمىدى. بۇنداق كۆڭۈلسىز كۈنلەر ئۇزاق داۋام قىلمايلا سەدىردىن ئوقتۇرۇشقا ئاساسەن رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپىگە كېتىپ قالدى.

ئون ئىككىنچى باب

## شۋىرغاندىكى ئەقدە

تومۇز كىرىشى بىلەن ئاقتاش دەرياسىنىڭ سۈيى كۈندىن - كۈنگە ئۇلغايدى، دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى كەڭ كەتكەن ساھىلدا نەملىك كۆتۈرۈلۈپ، شىۋاقلار ئارىسىدىن خۇددى يەرمەدىكى ئۈنگەندەكلا شور ئۆرلەشكە باشلىدى. بۇ مەۋسۇمدا ئاقتاشلىقلار ئەڭ ئالدىراش بولۇپ كېتەتتى. يەنى كېۋەز بىلەن بۇغداي ئېگىزىغا تېرىلغان باشقا زىرائەتلەرنىڭ پەرۋىشى بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ، دېھقانلارنى ئالدىغا سېلىۋالاتتى. ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن ھاۋا - جاھان تونۇردەك قىزىپ كەتكەچكە، دېھقانلار سەھەردە تورغاي چۇچۇلىماستا ئېتىزغا چىقىپ، كۈن تىكلەشكۈچە بىر كۈنلۈك ئىشنى تۈگىتەتتى. يازلىق تەتىلگە قويۇپ بېرىلگەن باللار ئېتىز - ئېرىقنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىش ۋە چارۋا بېقىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئېغىرچىلىقىنى ئازراق بولسىمۇ يېنىكلىتەتتى.

بارات نىياز بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ماشىنىسىدا ناھىيەگە كېتىۋېتىپ، يايلاقتا چارۋا بېقىۋاتقان باللارنى كۆرۈپلا كەنجىلەرنىڭ كىچىك ۋاقتىنى ئەسلەپ قالدى. نېمىشقىدۇر خىياللىرى چوڭقۇرلىغانسېرى كۆڭلى بىر قىسما بولدى. ناھىيەدە ئېچىلغان كەلكۈن ئاپىتىگە تەييار تۇرۇش ھەققىدىكى سەپەرۋەرلىك

يىغىنغا قاتنىشىپ بولۇپ كەۋسەر بىلەن كۆرۈشۈشنى ئويلىدى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ كەۋسەر بىلەن كۆرۈشمىگىنىگە خېلى كۈنلەر بولغانىدى. گەرچە سەدىردىنىڭ دېھقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىپ بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپلا ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپىگە ئۆگىنىشكە كەتكەنلىكىدىن چالا - بۇلا خەۋەر تاپقان بولىسىمۇ، بىراق كەۋسەرنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى بىلمەيتتى، كۆڭلىدە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ناھىيە بويىچە قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان سىياسىي ئۆگىنىش پائالىيىتىگە قاتنىشىۋاتىدۇ دەپلا ئويلايتتى. بارات نىياز سائىتىگە قاراپ كەۋسەرنىڭ ئاللىقاچان چۈشلۈك تاماق ئۈچۈن ئۆيىگە بېرىپ بولغىنىنى مۆلچەرلىدى- دە، ئۇدۇل ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىدارىسىدىكى ئۆيىگە كەلدى. تولىمۇ ئەپسۇس، ئىشىككە سېلىنغان قولۇپتىن كۆرە، مۇھىمى ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى مۇھەت بارات نىيازنىڭ كۆڭلىنى بەكلا يېرىم قىلدى. ئىشىك ئالدىنى ئەخلەت، توپا - توزان باسقان بولۇپ، خېلىدىن بېرى سۈپۈرگە تەگمىگەنىدى.

بارات نىياز سولغۇن كەيپىياتتا دەرۋاز ئالدىغا چىققاندا دەرۋازىۋەن ئۇنىڭغا كونا تونۇشلاردەك سۆزلەپلا كەتتى:

— ۋۆي! ئۆزلىرى ئاقتاش يېزىسىنىڭ باشلىقى بارات نىيازغۇ!؟ بايا تازا زەن سالماپتىمەن، سىلى مېنى تونۇمىغان بىلەن مەن ئۆزلىرىنى ئوبدان تونۇيمەن. مۇشۇنداق بىر كۆرۈشۈپ قېلىشنى ئارمان قىلىپ تۇرسام، ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئىدارىمىزگە كەپلا مانا. سىلىگە دەيدىغان مۇھىم گېپىم بار ئىدى. جۇرسىلە، ئاۋۇ يەرگە بارايلى.

بارات نىياز دەماللىققا گاڭگىراپ قالغان بولسىمۇ، دەرۋازىۋەننىڭ ئۆز ئىسمىنى ئاتىغاندىكى سىپايىلىقىغا قاراپ باشقا گەپ قىلمايلا ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئۇلار دەرۋازىنىڭ يان تەرىپىدىكى قوغداش ئۆيىنىڭ كەينىگە ئۆتكەندىن كېيىن، دەرۋازىۋەن ئەتراپقا

بىرقۇر قارۇۋېتىپ پەس ئاۋازدا دېدى:
— مېنى يات كۆرمىسىلە. سىلى تونۇمىغان بىلەن مېنىڭمۇ تېگىم ئاقتاشتىن. چوڭ دادام ئاقتاشلىق ئىكەن. شۇڭا، دەيمەنكى...... مەن سىلىگە يات ئەمەس...... سىلى ئىدارە باشلىقىمىزنىڭ قېينئاتىسىغۇ، قانداق بىلەمدىكەنمەن......
شۇ...... راست گەپنى دېسەم...... سىلى......
بۇ ئادەمنىڭ ئەزمىلىكىدىن بارات نىيازنىڭ ئىچى سىقىلدىمۇ، ئەيتاۋۇر، يان تەرەپتە توختىتىپ قويۇلغان ماشىنىنىڭ ئالدىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان شوپۇرغا لاپپىدە قاراپ قويدى. ئاندىن سەل تىت - تىت بولغان هالدا دېدى:
— نېمە گېپىڭىز بولسا چاپسانراق ئېيتىڭ. مەن ئاقتاشقا كەتمىسەم بولمايدۇ......
— نېمىگە ئالدىرايلا، يېزىدا دېهقانغا ئىشنى ئورۇنلاشتۇرغىلى سېكرېتار بارغۇ. ماشىنىلىرى تۇرسا ئاقتاش دېگەنگە غۇر قىلىپلا بارىلىغۇ. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ گەپنى سىلىنى ئۆزلىرىگە يېقىن بىلىپ دەيمەن قارىسىلا، سىلى بىلىلا، سەدىردىن مۇدىر هازىر ئىدارىمىزنىڭ باشلىقى بولدى. مەن ئۇنىڭ مۇشۇنداق تېز ئۆسىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئويلىغىنىمدەك بولدى مانا......
سىلىگە دېسەم بۇ ئىدارىدا مەن بىلمەيدىغان ئىش يوق دېسلە...... شۇغىنىسى... ...شۇ...... سىلىنىڭ......
بارات نىيازنىڭ تاقىتى تاق بولدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس- يادى كەۋسەردە بولغاچقا، كۈتۈلمىگەندە بۇ كوت - كوت كىشىگە يولۇقۇپ قالغانلىقىغا ئۆكۈندى. شۇڭا، ئۇ كەسكىن تۈردە:
— مەن ئالدىرايمەن، ماڭغاچ تۇراي. گەپ بولسا كېيىنچە دېيىشەرمىز- هە، — دەپلا ماڭغانىدى، بىراق دەرۋازىۋەن ئۇنىڭ قولىدىن كاپپىدە تۇتۇۋالدى:
— ئاهاي! ئالدىرىمىسىلا. سىلىگە مۇهىم گېپىم بار دېدىمغۇ

مەن!

ئۇنىڭ بۇ قاملاشمىغان ئىشى بارات نىيازنىڭ غۇزۇرىدە ئاچچىقىنى كەلتۈرگەن بولسىمۇ، چاندۇرماي ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ دېدى:

— مەن ئەمدى كۈتۈۋېرەلمەيمەن. گېپىڭىزنى ئەگىتىپ يۈرمەي ئۇدۇللا دەۋېرىڭ، بولامدۇ!؟

— ھە ماقۇل، دەۋەردىم ئەمىسە. قارىسىلا، يەنە دېسەم يەنە شۇ، ئىدارە باشلىقىمىز بەلەن ئادەم ماخما. قاراپ تۇرسىلا، ئۇ يەنە ئۆسىدۇ. ئەمما، مۇشۇ سىلىنىڭ قىزلىرى كەۋسەر خانىم باشلىقىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئارام تاپتۇرمىدى ئەمەسما!؟ يامانلاپ كەتسىغۇ كارايىتى چاغلىق ئىدى، لېكىننزە، مەكتىپىدە ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرۇپ چاتاق قىلدى دەيمەن! ئاڭلىسام قىزلىرى كەۋسەر خانىم ھازىر باشبېغىدىن بوشانغان غۇنچىدەك ھايتاق بولۇپ كېتىپتۇ. ياتىقىدىن مۇئەللىمچاقلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەسىمىش...... بۇنداق بولۇپ كەتسە، ھەي...... ئىدارە باشلىقىمىزنىڭ يۈزىگە سەت ئەمەسمۇ!؟ ئۇ ۋىلايەتتىن قايتىپ كەلسە يۈزىنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ دەيمەن!؟

— ئەمدى بولدى قىلىڭ! تونۇشمىساقمۇ سىزگە نەسىھەت قىلىپ قوياي، سىز پەقەت ئىدارىنىڭ دەرۋازىسىغا قارايدىغان ئادەم. باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئارىلىشىش ھوقۇقىڭىز يوق، بولۇپمۇ ئىدارە باشلىقىنىڭ شەخسىي ئىشلىرىغا ئارىلاشسىڭىز...... ئۆزىڭىزنىڭ پۇتىغا ئۆزىڭىز پالتا چېپىۋالىسىز. مۇبادا ئىدارە باشلىقىڭىزغا كۆيۈنسىڭىز مۇنداق ئەپقاچتى گەپلەرنى ئەتراپقا تارقاتماي ئۇنى توسۇڭ. شۇنداق قىلسىڭىز ئىدارە باشلىقى قايتىپ كەلگەندە سىزدىن خۇش بولىدۇ. ئەگەر ماڭا دېگەندەك داڭقانپۇتى ئۆسەك سۆزلەرنى ئەتراپقا يايسىڭىز سىزدىن رەنجىيدۇ. رەنجىسە قانداق قىلىدۇ بىلەمسىز؟ سىزنى دەرھال ئىشتىن بوشىتىپ

ئورنىڭىزغا باشقا ئادەم ئەكىلىپ دەرۋازىغا قارىتىدۇ شۇ. ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ يەۋاتقان نېنىمدىن ئايرىلىپ قالماي دېسىڭىز، بۇنداق بولىمغۇر خۇيىڭىزنى دەرھال ئۆزگەرتىڭ!

بارات نىياز تەئەددى تەلەپپۇزىدا شۇلارنى دەپلا دەرۋازىۋەنىنىڭ يېنىدىن كەتتى. دەرۋازىۋەن بۇتتەك تۇرۇپلا قالدى. لېكىن، چىرايى تاتىرىپ جىسمىغا تىترەك ئولاشتى. ئارقىدىنلا بۇرۇلۇپ، بارات نىياز ئولتۇرۇپ كەتكەن ماشىنىغا قاراپ« ئۆزىگە شۇنداق پايدىلىق گەپلەرنى قىلسام خاپا بولۇپ قالدىغۇ ماۋۇ ئادەم. ئاپلا، ئۇ مېنى ئىدارە باشلىقىغا چېقىشتۇرۇپ چاتاق چىقىرارمۇ ئەمدى!» دېگىنىچە قورقۇنچقا چۈشتى.

ماشىنا ناھىيەلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بولغۇچە بارات نىيازنىڭ يۈرىكى بىرقانچە قېتىم ئاغقاندەك بولدى، كۆڭلى ئالاغۇرىدى، لەۋلىرى تىترەپ، ئاغزى قۇرۇدى. دەرۋازىۋەنىنىڭ ھېلىقى گەپلىرى ئۇنىڭغا ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر زەربە بولغانىدى. مۇبادا ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلمەي يەڭگىلتەكلىك قىلغان بولسا بايا ماشىنىغا چىقىشقا ئۈلگۈرمەيلا كونا كېسىلى قوزغىلىپ قالغان بولاتتى. ھەر ھالدا ئۇ بۇ ئۇشتۇمتۇت زەربىگە ۋۇجۇدىدا ئەزەلدىن بار بولغان ئېغىر ـ بېسىق مىجەز ئارقىلىق بەرداشلىق بەردى. مۇھىمى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئارىلىقتا ئۆزىنى كونترول قىلىش بىلەنلا چەكلەنمەستىن، بەلكى دۇچ كەلگەن مەسىلىنىڭ سالمىقىنى دەڭسەپ كەۋسەر بىلەن سەدىردىنىنىڭ تۇرمۇشىدا خېلىدىن بېرى يوشۇرۇن مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان جاراھەتنىڭ تولىمۇ بالدۇر ئېغىز ئالغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۈلگۈردى. شۇڭا، بۈگۈن يېزىغا قايتماي كەۋسەر بىلەن ئوبدانراق مۇڭدىشىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. مۇشۇنداق قىلمايمۇ باشقا ئامال يوق ئىدى. مۇبادا كەۋسەر بىلەن سەدىردىنىنىڭ ئارىسىدىكى كۆڭۈلسىزلىك كۈچىيىپ كەتسە كېيىنكى ئاقىۋىتى ياخشى

بولمايتتى.

بارات نىياز دەرۋازا ئالدىدا ماشىنىدىن چۈشۈپ، شوپۇرغا يېقىنراق يەردىكى مېھمانخانىلاردىن بىرىگە ئورۇنلىشىپ ئارام ئېلىپ ئەتە ئەتىگەندە بۇ يەرگە كېلىشنى تاپىلاپ قويۇپ مەكتەپكە كىرىپ كەتتى. كانىكول ۋاقتى بولغاچقا، مەكتەپنىڭ ئىچى جىمجىت ئىدى. ھەرھالدا ئۇ بىرسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ كەينىدىكى بۇلۇڭدىن كەۋسەرنىڭ ياتىقىنى تېپىۋالدى. بۇ چاغدا كەۋسەر ئىككى نەپەر خىزمەتدىشى بىلەن خاتىرىسىگە ئۆگىنىش تەسىراتلىرىنى يېزىۋاتاتتى. ئۇ دادىسى بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. خىزمەتداشلىرى ئاتا - بالا ئىككىيلەننى ئەركىن - ئازادە مۇڭدىشىۋالسۇن دېگەندەك ياتاقتىن چىقىپ كېتىشتى. بارات نىياز دەسلەپتە كەۋسەرنىڭ جۇدەپ قالغان چىرايىغا، كېيىن شىرە ئۈستىدە تۇرغان قاتتىق - قۇرۇق نانغا قاراپ يۈرىكى قوقاستا پۇچىلانغاندەك ئېچىشتى. ئىككىسى تولۇن نىسپىگىچە مۇڭداشتى. بارات نىياز باشتا كەۋسەرنىڭ ئارىدىكى ئىشلارنى مۇشۇ ۋاقىتقىچە ئۆزىدىن سىر تۇتقانلىقىغا خاپا بولغان بولسا، كېيىن كەۋسەرنىڭ تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرىنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە سۆزلەپ بەرگىنىدىن رازى بولدى. كەۋسەر دادىسىنىڭ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئۆزى بىلەن «خىزمىتىم ئالدىراش» دېمەستىن، شۇنچە ئەركىن - ئازادە مۇڭداشقانلىقىدىن سۆيۈندى. دەرۋەقە ئىككىسى ئېچىلىپ - يېيىلىپ مۇڭداشتى. كەۋسەر دادىسىغا سەدىردىن بىلەن مىجەز - خۇلق جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا قاراش، جۇملىدىن تۇرمۇش قارىشى جەھەتتىنمۇ بىردەكلىككە ئىگە بولالمىغاچقا، ئايرىلىپ كېتىش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى دادىل ئېيتتى. شۇنداقتىمۇ بارات نىياز بىرھازا نەسىھەت قىلىپ ئەپلىشىپ قېلىشقا ئۈندىدى. كەۋسەرنىڭ سەدىردىندىن ئاجرىشىپ كېتىشتە كۆرسەتكەن سەۋەبلىرى ھەقىقەتەن جىڭغا ئولتۇراتتى. ئەمما، بارات

نىيازنىڭ سەمىمىي نەسىھەتلىرى ئالدىدا ئۆز گېپىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇۋشقا ئامالسىز قالغان كەۋسەر سىياسىي ئۆگىنىشنى تۆگىتىپ ئاقتاشقا بارىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغىچە بۇ ئىش توغرۇلۇق ياخشىراق ئويلىنىپ كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ دادىسىنى خاتىرجەم قىلدى.
ئەتىسى بارات نىياز كۆڭلى خېلى ئارامغا چۈشكەن هالدا ئاقتاشقا قايتىپ كېلىپ، ئەمدىلا ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكىنى ئاچاي دەۋاتقاندا ئايالالار مۇدىرى ئايىم خانىم يېنىغا پەيدا بولۇپ، سۆزلەپلا كەتتى.
— يېزا باشلىقى، سىلىنى ساقلاپ تاقىتىم تاق بولدى مېنىڭ. قارىماملا، ئاچما كەنتىدە چاتاق چىقتى! قادىر ئاخۇن خەلچەمنى قايتۇرۇپ كېلىشكە بارغانىكەن، ئىمامبەگ قادىر ئاخۇنغا ئاھانەت قىلىپ، خەلچەمنىڭ غازلىققا قايتىپ كېلىشىگە قوشۇلماپتۇ...... مەن ئۇلارنىڭكىگە بېرىپ ئىمامبەگكە خىزمەت ئىشلىگەن بولسامۇ، ئۇ جاھىللىق قىلىپ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. شۇڭا......
— تىلىڭىزنى چاينىماي، گاچ - گاچ گەپ قىلمامسىز مۇنداق!؟ — دېدى بارات نىياز ئايىم خانىمنىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىكنى كۆرۈپ تاقەتسىزلەنگەن هالدا، ئاندىن ئايىم خانىمنىڭ ئەتراپقا ئەنسىرەش ئىچىدە قاراۋاتقىنىنى سېزىپ ئۆزىنى سەل تۇتۇۋېلىپ ئېيتتى، — بۇ يەر ئەپسىز بولسا ئىشخانىغا كىرەيلى ئەمىسە. تازا شۇ...... — ئۇلار ئىشخانىغا كىرىشتى، — ھە، ئىشىكنى يېپىۋېتىپ دەڭە ئەمدى! قانداق چاتاق زادى ئۇ؟
رازاق ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بارات نىياز خەلچەمگە كۆڭۈل بۆلۈپ ئارىدىكى ئىشلارنى ماسلاشتۇرۇشقا، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئىمامبەگ جەمەتىدىكىلەرنىڭ خەلچەمگە يامان كۆزدە قارىشىنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ چەكلەشكە مەخسۇس ئايىم خانىمنى مەسئۇل قىلغانىدى، شۇڭا ئۇ خەلچەمگە مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق ئىشقا ئالاھىدە ئېتىبار بېرەتتى.

— يېزا باشلىقى، مۇشۇ بىرنەچچە كۈننىڭزى مېنى ئورگانىدا كۆرۈنمىدى دەپ ئويلىغانلا، ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى بويىچە كۆپرەك ۋاقتىم ئاساسەن ئاچما كەنتىدە ئۆتتى. رازاقنىڭ قىرىق نەزىرى بېرىلگەن كۈنى كەچتە قادىر ئاخۇن بىرنەچچە جامائەتنى ئارىغا سېلىپ ئىمامبەگدىن خەلچەمنى ئەكېتىشكە قوشۇلۇشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆتۈنگەنىدى، ئىمامبەگ غەزەپلىنىپ چاچراپ ئورنىدىن تۇرغىنىچە قايناپ كەتتى. «سىلى خەلچەمنى ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېتىپلا قۇيرۇقلىرىنى قىسماقچىمۇ؟ خاتىرىلىرىنى جەم قىلسىلا، ئۇنداق ئاسان ئىش يوق! مەن خەلچەمنى مەرھۇم رازاقجانغا قانۇنلۇق نىكاھلاپ ئېلىپ بەرگەن. ئوغلۇم ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ ئۇنىڭ ئىگىسى مانا مەن. خەلچەم رازاقجاننىڭ بېشىغا چىقتى. يەنە كېلىپ قاتىل تېخى ئېتىلمىدى. سىلى بىلەن ۋاقتى كەلگەندە قىلىشىدىغان ھېساب بار تېخى!» دەپ قادىر ئاخۇننى ئېغىز ئاچۇرمىدى. بىچارە خەلچەمگە بەكمۇ ئۇۋال بولدى. ئۇ يەنە ئىمامبەگنىڭ ئائىلىسىدە تۇرۇۋەرسە ئەمدى بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئائىلىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممىسى ئۇنى رازاقنىڭ بېشىغا چىقتى دەپ دوقۇسلىتىدىكەن، ئۇ مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئىككى قېتىم ھوشىدىن كېتىپتۇ......

ئايىم خانىمنىڭ بۇ گېپى بارات نىيازنى تېرىكتۈردى:

— ئىمامبەگ ئاشۇنداق ئۆكتەملىك قىلسا، سىز سۈكۈت قىلىپ قاراپ تۇرىدىكەنزما؟ مەن سىزنى ئادەمنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىدىغان ھالقىلىق ۋاقىتتىمۇ قارانچۇقتەك قاراپ تۇرسۇن دەپ ئەۋەتكەنما؟ مەن سىزنى ئىمامبەگكە قانۇننى تەشۋىق قىلىپ خەلچەمنى قوغدىسۇن دەپ ئەۋەتكەنغۇ!؟ تاپىلىغان خىزمەتنى مۇشۇنداق ئىشلەمسىز!؟ ھېچبولمىغاندا كەنت كومىتېتى ھەيئەتلىرىنى تەشكىللەپ، ئىمامبەگكە خىزمەت ئىشلەپ خەلچەمنى قادىر ئاخۇنغا قوشۇپ قويىسىگىز بولمامدۇ!؟

— يېزا باشلىقى، مەن قانداقمۇ سۈكۈت قىلىپ قاراپ تۇراي؟ ئارىغا چۈشۈپ ئىمامبەگكە تەكرار نەسىھەت قىلدىم. كەنت كادىرلىرىمۇ ئاغزىنىڭ بىرقات تېرىسى چۈشكۈچە تەربىيە ئىشلىدى. بىراق، ئىمامبەگ ھېچقايسىمىزنىڭ گېپىمىزنى ئىلىك ئالمىدى. تېخىمۇ قاملاشمىغان يېرى، ھېلىقى سارالڭ ئوغلى مادىيابەگ قولىغا پالتىنى ئېلىۋېلىپ بىزنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقاردى. قارىغاندا ئىمامبەگ خەلچەمنى ئاسانلىقچە قويۇپ بەرمەيدىغاندەك تۇرىدۇ. دېمەكچى بولغىنىم قانۇن ئورۇنلىرى بۇ ئەنزىنى تېزرەك بىر تەرەپ قىلمىسا، كۆڭۈلمىگەن ۋەقە چىقىپ قالىدىغاندەك قىلىدۇ. بۇ ئىشقا ئۆزلىرى ئىگە بولمىسىلا، مەن ئاجىز كېلىپ قالىدىكەنمەن......

بارات نىياز بىردىنلا جىمىپ قالدى. قارىغاندا ئۇنىڭ «ئىستىمىسى»نى ئايىم خانىمنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى پەسەيتىپ قويغاندەك قىلاتتى. ئۇ خىيالغا پېتىپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن سالماق تەلەپپۇزدا دېدى:

— مادىيابەگ شۇنداق يامان نېمىمكەن؟ ساراڭلىقتىن ئوڭشىلىپ قالغاندەك قىلاتتىغۇ؟

— ۋاي خۇدايىم! ئۇنى بىر دېمىسىلە، يېزا باشلىقى! قىپقىزىل ساراڭنىڭ ئۆزىكەن ئۇ! ئىمامبەگمۇزە قاملاشمىغان ئادەمكەن. گېزى كەلگەندە ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ ئاشۇ ساراڭنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قويىدىكەن. ئۇ نەدىمۇ گەپ ئاڭلىسۇن دەيلا! ھە دېسىلا قولىغا پالتا، پىچاق ئېلىپ ئادەمگە ئېتىلىپ كېلىدىكەن. ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە جاننى ياقىغا ئېلىپ قاچماي بولمايدىكەن شۇ. سىلىگە دەيدىغان يەنە بىر ئىش بار ئىدى، ئەتىدىن بېرى ئاغزىمدىن چىقىرالماي تۇرىمەن......

— سىز دادىل ئوتتۇرىغا چىقماي بۇنداق كېكەچلەپ تۇرسىڭىز قانداق بولغىنى!؟ يېزىمىزنىڭ ئاياللار خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبىرى ئىكەنلىكىڭىزنى ئېسىڭىزدە تۇتۇپ رولىڭىزنى تولۇق جارى

قىلىشىڭىز كېرەك. خەلچەم يېزىمىزنىڭ پۇقراسى. ئۇنى قوغداش سىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىڭىز. ھەرقانداق ئەھۋالغا يولۇقسىڭىز كىچىكتۈرمەي ۋاقتىدا ماڭا دوكلات قىلىڭ.

— ماقۇل ئەمىسە، سىلىگە دېسەم ئىمامبەگنىڭ خەلچەمنى قادىراخۇننىڭ قايتۇرۇپ كېتىشىگە قوشۇلماسلىقىدا مۇنداق ئويى باركەن، — ئايىم خانىم ئىشىككە لاپپىدا قاراپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئىمامبەگ «بۇ دېلو بىر تەرەپ بولۇپ، قاتىل جازالانغاندىن كېيىن خەلچەمنى مادىيابەگكە نىكاھلاپ قويىمەن. ئىككى نەۋرەم ياتنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتسە بولمايدۇ» دەپ يۈرگۈدەك. قارىماملا بۇ قاملاشمىغان گەپمۇ!؟ مادىيابەگ ئەركىشى بولغان بىلەن، ئەقلىدىن ئاداشقان قىيقىزىل سارالڭ تۇرسا. ئاڭلىسام ئۇ سارالڭ بولغاچقا ئىمامبەگ ھازىرغىچە پەرزىنى ئادا قىلالماي كەلگەنىكەن. ساپساق بىر چوكاننى ئاشۇنداق ساراڭغا نىكاھلاپ بېرىدىغان ئىش نەدە بار؟ بۇ قانداق گەپ بولدى ئەمدى!

بۇ يېڭى خەۋەر بارات نىيازنىڭ جۇدۇننى ئۆرلەتتى. ئۇ ئاچچىقىدا شىرەنى مۇشتلاپ سۆزلەپلا كەتتى:

— نەدىمۇ بۇنداق ئىش باركەن! قانۇنغا خىلاپ ئەمەسمۇ بۇ! ئىمامبەگنى خېلى كاللىسى ئىشلەيدىغان ئادەم دېسەم، ساراڭ ئوغلىدىن مىسقال قىلىشمايدىكەنغۇ! «بەگ ئەۋلادىمەن» دەپ ماختىنىپ يۈرگىنى نېمىسى؟ بىز قانۇنغا تايىنىپ ئۇنىڭ خەلچەمنى مادىيابەگكە نىكاھلاپ بېرىشىنى قەتئىي توسۇشىمىز كېرەك! — دېدى غەزىپىنى ئاران بېسىپ، ئاندىن ئايىم خانىمغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ سورىدى، — ئىمامبەگنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى كىمدىن ئاڭلىدىڭىز؟

— دەسلەپتە بۇ گەپنى كەنت كادىرلىرىدىن ئاڭلاپ تازا ئىشەنمىگەنىدىم. كېيىن ئىمامبەگ بىلەن سۆزلىشىش ئارقىلىق بۇ

گەپنىڭ راست - يالغانلىقىنى سورىسام، ئۇ: «شۇنداق قىلسمەن، قانۇن ھەرقانچە قىلسمۇ بالامنى تىرىلدۈرۈپ بەرمەيدۇ. كېلىنىم ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتسە ئۇزاق ئۆتمەيلا ياتلىق بولىدۇ. ئىككى نەۋرەم ئۆگەي دادىنىڭ قولىدا قالىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە كېلىنىمنى رازاقجاننىڭ ئاكىسى مادىيابەگكە نىكاھلاپ بەرسەم كاۋاپمۇ، زىخمۇ كۆيمەيدىغان ئىش بولمامدۇ» دەپ كەسكىن تۇردە ئېيتتى.

— ئۇ مۇغەمبەرلىك قىلىپ مۇشۇنداق دېسە، سىز دەرھال دەككىسىنى بەرمەي، سۈكۈت قىلىپ تۇردىڭىزما؟

— قانداقسىگە قاراپ تۇراي، ئىمامبەگكە بۇنداق قىلىشنىڭ نىكاھ قانۇنىغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ھاردىم. ئۇ غەرەز ئۇقمايدىغان ئادەمكەن. شۇڭا، بۇنداق مۇجمەل ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلىقىمنى ھېس قىلىپ ئەھۋالنى سىلىگە ئېيتىۋاتىمەن. مېنى بۇ ئىشنى ھەل قىلىسەن دەپ يەنە قىستاۋەرسىلە، بولىدى، ۋەزىپەمدىن ئىستىپا بېرەي...... ئىشقىلىپ، بۇنىڭغا قانۇن ئورۇنلىرى ئارىلاشمىسا چوقۇم چاتاق چىقىدۇ. مېنىڭ گېپىم تۈگىدى.

ئايىم خانىم خوشلىشىپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، بارات نىياز ئويغا پاتتى. بارات نىيازلا ئەمەس، باشقىلارنىڭ نەزەرىدىمۇ ئايىم خانىم ئاقتاشتا خېلى - خېلى ئىشلارنى بىمالال ھەل قىلالايدىغان قابىلىيەتى ئارقىلىق تونۇلغان رەھبىرىي كادىر ھېسابلىناتتى. شۇڭا، ئۇنى ئىمامبەگكە تاقابىل تۇرالمىدى دېسە ئەقىلگە سىغمايتتى. بارات نىياز خىيال قايىنىمىدا ئۈزۈپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۆزىنىڭ ئىمامبەگنى تولۇق چۈشەنمەيدىغانلىقىنى، خەلچەمنى ئۇنىڭ ئىلكىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئاسانغا توختىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئاخىرىدا بۇ ئىشقا ئۆزى بىۋاسىتە قول تىقىش قارارىغا كەلدى - دە، ئاچما كەنتىگە بېرىش

ئۆچــۈن ئىشخانىــــسىدىن ئالــدىراش چىقتـــى. ئــۇ شـــوپۇرنى ئىزدەۋاتقانــدا، ئــۇنى پــارتكوم شۇجىــسى ئىشخانىــسىغا چاقىرىـــپ قالدى.

*　　*　　*

كەۋسـەر ئىمامبەگنىـڭ هويلىـسىغا كىرىـپ كەلگەنـدە خەلـچەم كاۋا، قاپاق گىرەلىـشىپ ئۆسكەن بـاراڭ ئاسـتىدا بوغداي ئۆگـۈت قىلىۋاتاتتى. يەنە بىر چوكان بىلەن ياشانغان بىـر ئايال ئۇنىڭغا ياردەملىـــشىۋاتاتتى. ئــۇلار ئىمامبەگنىــــڭ يىــــراقتىن كەلـــگەن تۇغقانلىرىدەك قىلاتتى. ھەممىسىنىڭ ئۇچىسىدىكى قـارىلىق كىيىم خىلىلا كىرلىشىپ كەتكەنـدى. ھويلىنىـڭ كـۈنگەي تەرىپىـدىكى پىچان دۆۋىسىنىڭ ئۈستىدە مادىيابەگ خـۇددى چـالا بوغۇزلانغـان كالىدەك خارقىراپ خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ يېنىـدىكى باراڭنى تاشلاپ، كۆيدۈرگۈچ ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتقانلىقى كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغمايتتى. ئۇنىڭدىن سەل نېرىـدىكى باسـما قۇدۇقنىـڭ يېنىدا كىچىك باللار ئويناۋاتاتتى.

خەلـچەم كەۋسـەرنى كــۆرۈش بىـلەن كــۆزلىرىنى چەكچەيتىـــپ قاراپلا قالدى. قولىدىكى غەلۋىرمۇ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن ھەددىدىن ئارتۇق ئەجەبلەنگەنلىكى بىلىنىپ تــۇراتتى. قارىغانــدا كەۋسـەرنىڭ ئۇشـتۇمتۇت كــۆز ئالدىــدا پەيـدا بولغىنىغـا دەماللىققا ئىـشىنەلمەيۋاتاتتى. كەۋســەر ئۇنىــڭ شــۇنچە جــۈدەپ تونۇغۇسىز بىر ھالغا كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ بەكمۇ ئازابلانـدى. شـۇ تاپتـا ئۇنىـڭ خاسلىقى ھېـسابلانغان چـوڭ ـ چـوڭ كــۆزلىرى بىلەن ئۆسكىلەڭ چاچلىرىدىنلا ئۇنى «خەلچەم» دېمىـسە، تەق ـ تۇرقىدىكى ئۆزگىرىش گويا باشقا بىـر ئايالغا، يەنە كېلىپ ئۇزاق مۇددەت كېسەل كۆرپىسىدە ياتقان نىمجان بىرسىگە ئايلاندۇرۇپ

قويغانىدى. كەۋسەر ئۆزىگە قاراپ نېمە دېيىشنى، نېمە قىلىشنى بىلمەي مەڭدەپ تۇرغان خەلچەمنى قۇچاقلاپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۆپكىدەپ يىغلاپ تاشلىدى. بۇ ھالنى كۆرگەن ھېلىقى ئىككى ئايالمۇ بېشىدىكى داكا ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆزلىرىنى تۇتۇشۇپ قوشاق قېتىپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇلار كۆڭلىدە كەۋسەرنى رازاقنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئەمدىلەتىن ئاڭلاپ، يىراقتىن كەلگەن بىرەر تۇغقۇنىمىز ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قىلىشقانىدى.

— ۋاي رازاق ئاخۇن غوجام!

— ساڭا يامانىنىڭ كۆزى تەگدى غوجام!

— تاغدەك بەستىڭ يىقىلدى غوجام!

— كۆزۈمنىڭ يېشى ئېقىپ تۈگىدى غوجام!

يۈرەكنى ئېزىدىغان ئېچىنىشلىق يىغا ئاۋازى تېخى بىرنەچچە كۈن ئىلگىرىلا بېسىققان ھويلىدا ئۇشتۇمتۇت يەنە ئەۋجىگە چىقىپ، مۇسىبەتنىڭ قارا كۆلەڭگىسى ئەمدى تەسكىن تېپىۋاتقان كۆڭۈللەردىكى يورۇقلۇقنى يۇتۇپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. باسما قۇدۇقنىڭ يېنىدا ئويناۋاتقان سەبىي باللار يىغلاۋاتقانلارنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كېلىشىپ قارلىغاچ باللىرىدەك ۋىچىرلاشقىنىچە بىرنېمىلەرنى دېيىشەتتى. پىچان دۆۋىسىنىڭ ئۈستىدە كېرىلىپ ياتقان مادىيابەگ، ئەخلەت - توزغاق يۇقۇپ كۆلكىلىك ھالغا كېلىپ قالغان بېشىنى ئېرەنسىزلىك بىلەن كۆتۈرۈپ ئەتراپقا خامۇشلارچە قارىۋەتكەندىن كېيىن يەنە پوككىدە قويدى. ئازراق ئۆتۈپلا خورەكنى يېڭىباشتىن باشلىۋەتتى. شۇ تاپتا يىغلاۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆزلىرىدىن ئوخشاشلا ئاچچىق ياش چىقىۋاتىسىمۇ، ئەمما كىمنىڭ قايسى قىسمەتكە يىغلاۋاتقانلىقى پەقەت ئۆزىگىلا ئايان ئىدى.

شۇ ئەسنادا باغدىكى كۆكتاتلىرىنى ئوغۇتلاۋاتقان ئىمامبەگ يىغا

ئـاۋازىنى ئاڭلاپلا ئۆزى بىلەن ئىشلەۋاتقان ئايالى، قىزى ھەم كۈيئوغلىنى ئەگەشتۈرگىنىچە ھويلىغا چىقىپ:
— بولـدى، ئەمـدى يىغلىماڭلا! ئـاخۇنۇم مېيىتقا يىغلىغـان يامـان، ئۆلـۈككە ئـازاب بولـىدۇ دەپ نەچـچە مەرتەم دېـدىغۇ،— دېۋىدى، شۇ ھامان ھويلا ئىچى خۇددى قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەك جىمىدى.

كېيىن ئىمامبەگ خەلچەمنىڭ يېنىدا تۇرغان كەۋسەرنى كـۆرۈپ دەماللىققا تونۇيالماي سىنچىلاپ قاراپ كەتتى. يېنىدا تۇرغان قىزى ئۇنىـڭ قۇلىقىغـا بىرنېمىلەرنـى پىچىرلىغانـدىن كېـيىن بېـشىنى لىڭشىتىپ:

— مانى! يېزا باشلىقىنىڭ قىزى كەۋسەرخان كەپتىكەن- ھە، دەرد- ئەلەمنىـڭ دەسـتىدە كـۆزۈم ئـاجىزلاپ قالغاچقـا، سـىزنى تونۇيالماپتىمەن. ھويلىدا تۇرماي ئۆيگە كىرىـڭ،— دېـدى سـىپايە ھالدا.

كەۋسـەر خەلچەمـگە قارىۋىـدى، خەلـچەم پىچىان دۆۋىـسىگە ئەنـدىكىش ئىچىـدە قـاراپ قويـدى. ئىمامبەگنىـڭ ئايـالى بولـسا نېمىدىندۇر ئەنسىرىگەندەك ئالدىرىغان پېتى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.
— قاراپ تۇرۇشماي مېھمانىنى ئۆيگە باشلاڭلا! — دېـدى ئارىـدا ئىمامبەگ ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرۇشقان ئايالارغا ئاچچىقلىنىپ.
— بولـدى، ئـۆيگە كىـرمەي، رازاقجاننىـڭ ئـۆلىمنى ئـاڭلاپ كۆڭلـۈم بەكمـۇ يېـرىم بولـدى. مەن سـىلى بىـلەن كۆرۈشـۈپ خەلچەمنـى بىرنەچچە كـۈن بولـسىمۇ دادىـسىنىڭ يېنىغـا ئاپىرىـپ قوياي دەپ كەلگەنىدىم. قادىر ئاخۇن دادام كېسەل بولۇپ يېتىـپ قاپتۇ، كېسىلى ئېغىركەن......
— بولمايـدۇ! غـازىلىقتىن كەلگەنلىكـى ئادەمنىـڭ ھەرقانـدىقى ئۆزئـارا كېلىـشىۋالغاندەك كېلىنىمنـى ئېلىـپ كېتىـشكە ئورۇنـدۇيا! ئۇنداق ئاسان ئىش يوق. مېنـى ياخشىـسى گەپـكە سالماڭ ئۇكـام.

ئاغزىمنى ئېچىۋەتسەم مۇشۇ بالىنىڭ ئۆزىگە سەت بولىدۇ ھېلى. رازاقجان ئۆلۈپ كەتتى. ئىككى نەۋرەمنى ئەمدى ئۇنىڭ ئاكىسى مادىيابەگ باقمىسا كىم باقىدۇ؟ ئانىسى بىلەن مەن قېرىدىم. نەۋرە باقىدىغانغا ماجالىمىز يوق. شۇڭا، ئۇنى مادىيابەگكە نىكاھلاپ قويدۇق......

— بۇ...... بۇ...... نېمە گەپ ئەمدى؟ مەن بۇ ئىشنى سىرتتا ئاڭلاپ ھەرگىزمۇ ئىشەنمىگەنىدىم. راست شۇنداق ئىشكەن - ھە، بۇنداق قىلىش قانۇنغا خىلاپ! سىز بېشىڭىزدىن كۆپ ئىسسىق - سوغۇق ئۆتۈلگەن ئەقىللىك ئادەم تۇرۇپ نېمىشقا قائىدىسىزلىك قىلىسىز؟— كەۋسەرنىڭ ئاغزىدىن بۇ گەپلەر ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا پىلىموتنىڭ ئوقىدەك تېز چىقىپ كەتتى.

— تۇل قالغان كېلىنىمنى چوڭ ئوغلۇمغا نىكاھلاپ بەرگىنىم قانۇنغا خىلاپ بولسا، قاتىلنىڭ كىچىك ئوغلۇمنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشى قانۇنغا ئۇيغۇنما ئەمەسە، ئۇكام؟! سىز يېزا باشلىقىنىڭ قىزى، يەنە كېلىپ ئالىي مەلۇماتلىق كادىر بولغاندىكىن، بىزدەك قارىتورۇك دېھقانلارغا قانۇن - قائىدىنى ئوبدانىراق ئۆگىتىپ قويۇڭە! ئەمىسە قانداق قىلسام قانۇنلۇق بولىدۇ؟

— قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولمايدىغانلىقىنى سىز ياخشى بىلىسىز. بۇ ئىش چوقۇم ئۆز يولى بويىچە بىر تەرەپ بولىدۇ. مەن سىزدىن ئۆتۈنەي، خەلچەمگە ياخشى بولسۇن دېسىڭىز، چىرايلىقچە ئاتا- ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكىلى قويۇڭ. ئۇ ھېچبولمىغاندىمۇ ئىككى نەۋرىڭىزنىڭ ئانىسى، شۇنىڭ يۈزىنى قىلىڭ......

— توۋا خۇدايىم! مەھەللىدىكىلەر يېزا باشلىقىنىڭ قىزى ئۇرۇمچى دېگەن كاتتا شەھەردە ئوقۇپ كەلگەن دېيىشسە، سىزنى قالتىس چاغلاپتىكەنمەن! كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن، ماڭا قاننى قان

بىلەن يۇغىلى بولمايدۇ دېگەن بۇ كونا گەپنى ھەرگىز قىلمىگە ماخما! مەن يېقىنىنىڭزى بۇ گەپنى ناھايىتى كۆپ ئاڭلاپ كەتتىم! قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولمىسا باشقا نەرسە بىلەنغۇ يۇغىلى بولا، ئۆيىمىزگە چىرايلىق كەپسىز، خۇش بولدۇم. ياخشىسى بىھۇدە گەپ قىلماي بىر پىيالە چىيىمىزنى ئىچىپ چىرايلىق قايتىپ كېتىڭە، ئۇكام! كېلىنىم بىلەن ئاداش ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىمەن. بىراقزە سىلەر ھازىر پاسارلىقتا ئۆي تۇتۇشۇپ ئوينايدىغان كىچىك بالا ئەمەس، چوڭ بولدۇڭلار. يېزا باشلىقى بىلەن كۆڭلىمىز يېقىن، بىكاردىن ئارىمىزغا ئارازلىق يېتىپ قالمىسۇن ماخما!؟ — ئىمامبەگ كەۋسەرنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەي شۇلارنى دەپلا پىچان دۆۋىسى تەرەپكە قاراپ يۆتىلىپ قويدى. كەۋسەرمۇ بوش كەلمەي ئەتىدىن بېرى يول ئۈستىدە ئۇنىڭغا دېيىش ئۈچۈن كۆڭلىگە تىزىپ كەلگەن گەپلىرىنى دېيىشكە تەرەددۇتلاندى. بىراق، شۇ چاغدا پىچان دۆۋىسىدىن ئەلەك - سەلەك ھالدا ئورنىدىن تۇرغان مادىيابەگ تەرىنى تۈرۈپ ئۇدۇل كەۋسەرگە قاراپ كەلدى...... خەلچەم جىددىيلىشىپ كەۋسەرنىڭ يېنىدىن ئايرىلدى. دېگەندەك مادىيابەگ ئەلەس كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە كېلىپ، خەلچەمنىڭ قولىدىن كاپپىدە تۇتۇپ يانغا تارتقىنىچە:

— كامشۇگۇگنى ئۈچۈرۈۋېتىمەن ھېلى! بۇ يەردە نېمىشقا قاراپ تۇرىسەن؟ ماگە ئۆيگە! قورسىقىم ئېچىپ كەتتى مېنىڭ، قوقاسقا كۆمەچ كۆمۈپ بەر! — دېدى قوپاللىق بىلەن.

خەلچەم بەئەينى بۆرىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغان توشقاندەك تىپىرلىدى. چىرايلىق لەۋلىرى ئۈمچەيدى. جىسمى قورقۇنچتىن پىچاق سۇرۇلۇپ جان تالىشىۋاتقان قويدەك تىترىدى. كەۋسەرنىڭ كۆزىگە ئۇنىڭ جىسمىلا ئەمەس، پاخپاقلىشىپ كەتكەن ھەربىر تال چېچىمۇ تىترەۋاتقاندەك كۆرۈندى، كەۋسەر ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى:

ــ خەلچەمنــى قويــۇۋەت! ئــۇنى ئۇرۇشــقا ســېنىڭ نــېمە هەددىڭ؟ــ دېدى غەزەپ بىلەن.

ــ هاي، هاي، هاي دېدىم، هــاي! خوتــۇن كىشىگە مۇنــداق قوپاللىق قىلساڭ قانداق بولغىنى! چىرايلىق گەپ قىلىپ، ئاستا ـ ئاستا ئۆزۈڭگە كۆندۈرمەمسەن ئۇنى، ــ دېدى ئىمامبەگ مادىيابەگنى پەيلىدىن ياندۇرۇشقا تىرىشىپ.

ــ مانا قاراڭ، بۇ ئوغلىڭىزنىڭ نېرۋىسى جايىدا بولمىسا...... يەنە سىز......

ــ بولــدى، گېپىڭىزنىــڭ ئــاخىرىنى دېــمەڭ. مەقــسىتىڭىزنى چۈشەندىم. باشقا گەپنى قويۇپ، سىزگە بىرلا ئىشنى دەپ قويــاي ئۇكام، ماۋۇ ئوغلۇم سەل كېسەلچان بولغــان بىــلەن پۇت ـ قــولى ساق، ئېتىزدا ئەمگەك قىلالايدۇ، يەنە كېلىپ ئۇ مېنىــڭ پۇشــتۇم، بەگ ئەۋلادى. شــۇڭا، ئۇنىڭغــا بوۋامنىــڭ ئىــسمىنى قويغــانمەن. بوۋامنىڭ كىملىكىنى سىز بىلمەيسىز. سىزنىڭ دادىڭىز ئاران مۇشــۇ ئاقتاشنى باشقۇرغان بىــلەن، مېنىــڭ مادىيابەگ بــوۋام ئاقتاشــتىن باشقا قوشدۆڭ، ئارال، شامالباغ يېزىلىرىنىمۇ باشقۇراتتى. ئەمــدى بىلدىڭىزما؟

ئىمامبەگنىڭ گېپى ئۆزۈلۈشىگە سىرتتىن كەنت مۇدىرى بىــلەن ئامــانلىق مــۇدىرى هويلىغــا ئالــدىراش كىرىــپ كەلــدى. مادىيــابەگ ئــۆلارنى كــۆرۈپ پەسكويغا چۈشــۈش ئۈيــاقتا تــۇرســۇن، كەۋسەرگە قاراپ بىردىنلا ئەزۋەيلىدى:

ــ ئــۆتەپ بــارە، ۋۇي قاشــلىقچى! بىزنىــڭ ئــۆيگە نېمــشقا كېلىسەن!؟ مــاڭ، دەرهــال كەت! خەلچەم هــازىر مېنىــڭ خوتۇنۇم! بىلىــپ قــوي، ئەخــتەم قــارىم ماڭــا نىكــاهلاپ بەرگىلــى هەپــتە بولدى!ــ ئانــدىن ئــۇ خەلچەمنىــڭ بېلىكىــدىن ئامبۇردەك تۇتــۇپ كــۈچەپ تــارتتى، خەلــچەم هەش ـ پەش دېگــۈچە ئۇنىــڭ ســول تەرىــپىگە ئۆتــۈپ ئۆلگــۈردى ۋە كۆزلىرىــدىن تۆكۈلۈۋاتقــان ياشــنى

سۇرتۇپ ئۆلگۈرمىگەن ھالدا:

— كەۋسەر، سەندىن ئۆتۈنەي، بۇ يەردىن تېز كەتكىن. ماڭ، چاپسان بول! — دېدى. ئاردا ئىمامبەگ ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە كەنت مۇدىرى مادىيابەگكە دېدى:

— مادىيابەگ، سىلى دېگەن ئاچما كەنتنىڭ نوچىسى تۇرساڭلا، ئايال خەق بىلەنمۇ تەڭ بولۇپ يۈرەمسىلە؟ قاراڭلا ئەلپازىڭلىغا، مۇشۇنداق ئۆزۈڭلىنى تۇتالمىساڭلا، سىلىنى كەنتكە قانداقمۇ بوغالتىر قىلىمەن؟ ئۆزۈڭلا ئۆتكەندە: ياۋاش بولاي، مېنى كەنتكە بوغالتىر قىلىڭلا دېمىگەنمىدىڭلا؟ ئەمدى ئۇنتۇپ قالدىڭلىما؟ يىگىت دېگەن ئايالالارغا تازىم قىلىپ ئۇلارنى ھۆرمەتلەيدۇ. مەن تازىم قىلىشنى ئۆتكەندە سىلىگە يار بويىدا ئۆگىتىپ قويغانغۇ؟!

ئاردا كەنت مۇدىرى كەۋسەرگە قاراپ كۆزىنى مەنىلىك قىسىپ قويدى. كەنت مۇدىرىنىڭ بۇ ئامالى ئۈنۈمىنى كۆرسەتتى بولغاي، مادىيابەگ خەلچەمنى دەرھال قويۇۋېتىپ كەنت مۇدىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ بېشىنى قاشلىغىنىچە:

— مەن ئۇنتۇغاق بولۇپ قاپتىمەن. پىچان دۆۋىسىدە ئۇخلىساملا مۇشۇنداق بولۇپ قالىدىكەنمەن. ھى- ھى- ھى...... مېنى چاپسانراق بوغالتىر قىل ئەمىسە. ھازىرلا خوتۇنۇمغا تازىم قىلاي !— دەپ خەلچەمگە قاراپ بېشىنى ئارقا- ئارقىدىن ئېگىپ، — بىر تازىم، ئىككى تازىم، ئۈچ تازىم، تۆت تازىم...... — دېيىشكە باشلىدى. ئامانلىق مۇدىرى مادىيابەگنىڭ بۇ غەيرىي قىلىقىغا قاراپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈۋەتتى. بىراق، ئىمامبەگنىڭ بىردىنلا جۇدۇنى تۇتۇپ كەنت مۇدىرىغا ھومىيىپ:

— ھاي- ھاي، قۇناخۇن! بۇ نېمە قىلىق ئەمدى!؟ مادىيابەگكە مۇشۇنداقمۇ قاملاشمىغان ئىشنى ئۆگىتىپ يۈردۈڭلىما ؟ ئەرنىڭ خوتۇنىغا تازىم قىلغىنىنى سىلى نەدە كۆرگەن ؟ يىغۇش-

ـتۇرۇڭلا بۇنداق قاملاشمىغان ئويۇنۇڭلانى! بىرگە ماتەم بولۇۋاتسا، سىلىگە بايرام بولدىما ئويۇن ئوينىغىلى!؟ — دېدى غەزەپ بىلەن.

— بۇ ئويۇن مادىيابەگنىڭ خەلچەمنى ئۇرغىنىدىن ئەۋزەل ئەمەسما؟ بىچارە مەزلۇم تۇرسا ئۇ! ئالىمادىس مادىيابەگنىڭ قولى جان يېرىگە تېگىپ كەتسە قانداق بولىدۇ!؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە يېنىڭلاردا يېزا باشلىقىنىڭ قىزى تۇرسا، ئىشنى مۇشۇنداق ئوڭشىمامدۇق! — كەنت مۇدىرى ئىمامبەگكە چۈشەندۈردى، ئاندىن خەلچەمگە تېخىچە تازىم قىلىۋاتقان مادىيابەگكە دېدى، — مادىيابەگ، ئەمدى بولدى قىلىڭلا، بۇگۈن ئوبدان تازىم قىلدىڭلا، بۇنىڭدىن كېيىن خەلچەمنى ئۇرماي مۇشۇنداق تازىم قىساڭلا، سىلىنى چوقۇم كەنتكە بوغالتىر قىلىمەن، ماخما؟

مادىيابەگ بۇ گەپنى ئاڭلاپ خەلچەمگە يەنە تازىم قىلغىلى تۇردى. ئامانلىق مۇدىرى كەۋسەرنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ بىرنېمىلەرنى دېگەنىدى، كەۋسەر خەلچەم بىلەن خوشلىشىپ ئامانلىق مۇدىرى بىلەن سىرتقا ماڭدى. بۇ چاغدا مادىيابەگنىڭ قاملاشمىغان قىلىقىغا قاراپ ئىمامبەگنىڭ ئەرۋاھى ئۇچقانىدى.

— ھوي لالاگوش لامزەللە، بولدى ئەمدى! ئادەمنىڭ يۈزىنى چۈشۈرمەي كۆزۈمدىن بىردەم يوقىلە ماڭ! — دېدى ئۇ مادىيابەگكە ۋارقىراپ.

مادىيابەگ ئىمامبەگكە قاراپ نېمىلەرنىدۇر دەپ غودۇڭشىغاندىن كېيىن پىچان دۆۋىسى تەرەپكە كېتىپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، كەنت مۇدىرىنىڭ ئويۇن چىقىرىشى بىلەن، يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدەك يېقىن قالغان ماجىرانىڭ ئالدى ئېلىنغان بولدى. ئەپسۇس، بۇ ئىمامبەگ بىلەن كەنت مۇدىرىنىڭ يەنە زاكونلىشىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئىمامبەگ تولىمۇ خاپا ھالدا:

— مادىيابەگنىڭ نىرۋىسىنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا مۇشۇنداقمۇ قاملاشمىغان ئىشنى ئۆگىتەمسىلە؟ سىلى مۇنداق قىلساڭلا مېنىڭ ئەرۋاھىم ئۇچمامدا! — دېسە، كەنت مۇدىرى جاۋابەن:

— مادىيابەگنىڭ نىرۋىسىنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا خەلچەمنى ئۇنىڭغا چېتىپ قويىسىلە؟ بۇ قىلغىنىڭلا قانۇنغىلا ئەمەس، بىلىسەڭلا شەرىئىتىمىزگىمۇ مۇخالىپ كېلىدىغۇ! — دەيتتى.

— سىلى كەنت كادىرلىرىزە، ئەزەلدىن مەن بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ كەلدىڭلا. مەقسىتىڭلارنى ياخشى بىلىمەن. بەلكىم مېنى ئىلگىرىكىدەك ئۆزلۈكلىگە خوش دەپ تۇرمايدۇ دەيسىلە تايىلىق. سىلىگە دەپ قوياي، قۇناخۇن! ھازىر دېگەن جاھان ئۆزگەردى. سىلىنىڭ ئىلگىرىكىدەك زۇلۇم سېلىشىڭلارغا قاراپ تۇرمايمىز ئەمدى! مېڭىڭلا، ئاچچىقىم تۇتۇپدىن قوپماستا ھويلامدىن چىقىپ كېتىۋېلىڭلا. مادىيابەگنى شۇنداقلا ئېچىتىدىغان بولسام بىرەر يېرىڭلىنى ناكا قىلىپ قويىدۇ ھېلى......

— ماقۇل، چىقىپ كەتىسەممۇ كېتەي، سىلىمۇ ئۇنتۇپ قالماڭلا، مەن مادىيابەگ بىلەن يېقىن ئاغىنە. ئۇنى ئىتنىڭ ئورنىدا ماڭا كۈشكۈرتكىنىڭلا بىلەن ئۇ مېنى چىشلىمەيدۇ ماخما؟

كەنت مۇدىرى سىرتقا چىققاندا كەۋسەر ئامانلىق مۇدىرى بىلەن يولنىڭ ئۇ قېتىدىكى سۆگەتنىڭ سايىسىدا پاراڭلىشىۋاتاتتى.

— ۋاي ئۇكام! ئەجەب بۇ خەقنىڭ ئۆيىگە قورقماي كىرىپسىزيا! ئەسلىدىغۇ خېلى يوللۇق ئادەملەر ئىدى بۇ. رازاق قازا قىلغاندىن بۇيان مۇشۇنداق غەرەز ئۇقمايدىغان بولۇپ قېلىشتى. ئۆلۈم دېگەن غايىب نەرسە تۇرسا، ئۇنىڭغا مۇشۇنداق ئىشلار سەۋەب بولىدىغۇ!؟ رەھمەتلىك رازاق ھېلىغۇ ئابدۇللا بىلەن ئۇرۇشۇپ قازا تېپىپتۇ، يولدا بەخىرامان مېڭىپ كېتىۋېتىپ بىر تال

تېزەككە پۈتلىشىپلا ئۆلۈپ كەتكەن ئادەملەرنىمۇ كۆرگەن بىز! شۇڭا دەيمەنكى، قاراڭ، بەزى خەقلەر بەكمۇ دېۋەڭ، سەۋەبنى بەندىدىن ئەمەس، ئاللانىڭ تەقدىرىدىن ئىزدەشنى ئۇقمايدۇ دېسە! ھېلىمۇ بىز دەل ۋاقتىدا ئۇلگۇرۇپ كېلىپتىمىز، بولمىسا كۆڭلىڭىز بىكارغىلا كىر بولاتتىكەن.

— سىلەرنى ئاۋارە قىلىپ قويۇپتىمەن. ئەسلىدە بۇ يەرگە كېلىش نىيىتىم يوق ئىدى. يولدا روزىكامدىن ئىمامبەگنىڭ خەلچەمنى ساراڭ ئوغلىغا چېتىپ قويغانلىقىنى ئاڭلاپ ئاچچىقتىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي كېلىپ قاپتىمەن. قارىغاندا دادامۇ بىسەرەمجان بولۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

— ئۇنى بىر دېمەڭ، يېزا باشلىقى يىغىن ئېچىۋاتقاچقا ئەنسىرەپ يېنىمغا غېنى ساقچىنى كىرگۈزۈپتۇ. بىز سىزنى بەكمۇ ئىزدەپ كەتتۇق. يولدا خەقتىن سۈرۈشتۈرسەك سىزنى ئاچما كۆۋرۈكنىڭ يېنىدا تۇراتتى دېيىشتى. راستىنى دېسەم بۇ خەقنىڭ ئۆيىگە مەندىن باشقىلار كىرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ھەممىسى مادىيابەگدىن قورقىدۇ. مەن بايا غېنى ساقچىغا سىزنى مۇشۇ يەردىن ئىزدەپ بېقىشنى ئېيتقان. ئۇمۇ قورقۇپ بۇ يەرگە كەلمەپتۇ. ئىككىمىز گۇمان بىلەن كېلىپ ھەرھالدا سىزنى سالامەت تېپىۋالدۇق.

— غېنىكاممۇ كەلگەن ئىكەن۔ ھە؟

— ھەئە كەلگەن. سىزگە دېسەم، ئۇكام، ئابدۇللاغا قانۇننىڭ ھۆكمى چىقمىغۇچە بۇ خەق بىلەن نېمىلا دېيىشكىنىمىز بىكار. ھۆكۈم چىقسا، ئەگەر گۇناھ راستتىن ئابدۇللادا بولۇپ ئۇ جازالانسا، قانۇندا جازا دېگەن بىر بولىدۇ. بۇ چاغدا يەنە خەلچەم ئاقلىنىدۇ. خۇدانىڭ ياخشىلىقى بىلەن ئابدۇللا گۇناھسىز بولۇپ چىقسا، ئارىدىكى ھەممە ئىش بىر يولىلا ئوڭشىلىدۇ.

كەنت مۇدىرىنىڭ بۇ گەپلىرى نېمىشقىدۇر كەۋسەرنىڭ

ئۆرتىنىپ تۇرغان كۆڭلىنى سەل ئاۋۇندۇرغانىدەك تۇيۇلدى. كېيىن كەنت مۇدىرىنىڭ ئۆزىنى مەپە بىلەن ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇش تەكلىپىنى چىرايلىقچە رەت قىلىپ يولىنى داۋاملاشتۇرغاندا، ئۇنىڭ ھېلىقى گەپلىرى كەۋسەرنى گۇمانلاندۇرۇپ قويدى.

*　　　　*　　　　*

كەۋسەر ئاتىكە خانىمنى ئۇچرىتالىغانلا ئادەمدىن سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ ئاخىر يېكەنكۆل دەپ ئاتىلىدىغان سازلىقتا كۆرۈشتى. بۇ چاغدا ئاللىقاچان كۈن ئىگىلەنگەن ئىدى. مۇبادا ئاتىكە خانىمنىڭ سەھەردىن بېرى ئىزدەپ تاپالمىغان ئوغلىقى بۇ يەردە لايغا پېتىپ ياتمىغان بولسا، كەۋسەرنىڭ ئۇنى بۇ باغرى كەڭ سەھرادىن ئىزدەپ تېپىشىمۇ ئۇڭايغا چۈشمەيتتى.

— سىلىنى ئىزدەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى، خانىم. قوشنىلىرى سىلىنىڭ مۇشۇ يەردە ئىكەنلىكلىرىنى دېمىگەن بولسا، يەنىلا ئۈستۈن مەھەللىدە يۈرىدىكەنمەن. ئوبدان تۇرۇپلا...... سىلىدىن ھېلىقى كۈنى ئابدۇللا بىلەن رازاقنىڭ ئۇرۇشقانلىقىنى ئېنىق كۆرگەن باللارنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلگەنىدىم. شۇ كۈندىكى ئىشلارنى ئەسلەپ باققان بولسىلا. مەن ئابدۇللاغا ياردەم قىلاي دېگەن.

— يېتىم ئوغلاق دېگەن مۇشۇنداق چاپلىكەش بولىدىكەن قاراڭ. ئاخشام قاچقانچە مۇشۇ يەرگە كېلىپ لايغا پېتىپتۇ مانا......

— ئوغلاقلىرى ھەرھالدا ساق ئىكەن. مەن سىلى بىلەن بىردەم پاراڭلىشاي دەپ......

— بۇ خەدىچەك جىناقنىڭ قىلغان ئىشى بولمامدۇ! چېپىلغاق مۈشۈكنى قۇمغا سولاپ باقسا بولماسمىدى؟ تۈل خوتۇن قېرىسا

مۇشۇنداق ئەسكى بولۇپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ!
— خانىم، مەن سىلىدىن ئابدۇللانىڭ ئىشىنى......
— سىز بىلمەيسىز، ئۇكام، ئۇ جىناقنىڭ مۇشۇكى بەك يامان. ماۋۇ يېتىم ئوغلاق ئۇنى كۆرسە قورقۇپ سىيىۋېتىدۇ. ئاخشام چوقۇم مۇشۇكتىن قورقۇپ مۇشۇ يەرگە قېچىپ كەلگەن گەپ......
— خانىم......
كەۋسەرنىڭ تاقىتى تاق بولدى. ئىشى ئوڭغا تارتقىنىدا بۇ چاغقا ئاتىكە خانىم بىلەن پاراڭلىشىپ كۆڭلىدىكى تۈگۈنىنى يېشىپ، ھەتتا ھېلىقى بالىنىمۇ ئىزدەپ تېپىپ بولسا بولاتتى. بايا ئىمامبەگنىڭ ئۆيىگە بېرىشى بۇگۈنكى پىلانىدا بولمىغاچقا، شۇ تاپتا ۋاقىت ئۇنىڭغا تولىمۇ بىھۇدە ئۆتۈۋاتقاندەك سېزىلىۋاتاتتى. دېمىسىمۇ بۇ قېتىم ئاقتاشتا ئۇزاق تۇرالمايتتى. بۇ يىل ئوقۇتقۇچىلار يازلىق تەتىل ھېسابىدا بىر ھەپتىلا دەم ئېلىپ قالغان ۋاقىتنى سىياسىي ئۆگىنىش قىلىشقا قاراتقاچقا، ئۇ بۇ قىسقا ۋاقىتنى چىڭ تۇتمىسا بولمايتتى. شۇڭا، تولىمۇ تىت - تىت بولۇۋاتاتتى. ئۇنى ھەممىدىن جىلە قىلىۋاتقىنى ئاتىكە خانىمنى بۇ سازلىقتىن ئاران تاپقاندا، ئۇنىڭ باش - ئاخىرى يوق گەپلەرنى قىلىپ ئۆزىگە ئېتىبار بەرمەسلىكى ئىدى.
ئاتىكە خانىم يەنىلا لايغا مىلىنىپ ياتقان ئوغلاققا قاراپ سۆزلەۋاتاتتى:
— مەن ئوبدان بىلىمەن، ئۇ جىناقمۇ ئىنىكىدىن ساققان سۈتنى قۇمنىڭ ئۈستىدە قويماي، سارايدىكى تاختىپەردە قويسا بولمامدا، ئۇكام!؟ سۈتنى مۇشۇكى ئۆرۈۋەتسە، ئاچچىقىنى ماۋۇ يېتىم ئوغلاقتىن ئالسا قانداق بولغىنى؟ مەن بىلمەمدىم! ئىزى ئۆچۈپ كەتكەن بىلەن، قوتاننىڭ ئىشىكىنى ئاشۇ جىناق قەستەن ئېچىۋەتكەن گەپ!
— ھەر ھالدا ئوغلاق ساق ئىكەن، خانىم. ئەمدى خاپا

بولۇۋەرمىسلە...... مەن...... شۇ ئابدۇللانىڭ ئىشى بىلەن......

— قانداقمۇ خاپا بولمايمەن، ئۇكام؟ تام قوشنا تۇرۇپ قوتانغا سولاپ قويۇشتا يوق، سىرتقا چىقىرىۋەتسە كىمنىڭ زەردىسى قاينىمايدۇ!؟ — ئاتىكە خانىم شۇنداق دېگىنىچە ئوغلاقنىڭ باشىبغىنى كۆچەپ تارتتى، — تۇرە ئورنۇڭدىن! تېرەڭگە كىرىپ ئەتلىنەي دېگىنىمگە تويدۇردۇڭغۇ سەن! تېۋىپ دېمىگەن بولسا، سېنى باقمەن دەپ بۇنچە قىلىپ كەتمەيتتىم! بۇ سازلىققا جىنلىرىڭ چاقىرىپ كەلدىما سېنى؟......

كەۋسەر ئاتىكە خانىمنىڭ كۆڭلى ئوغلاقنى پاتقاقتىن قۇتقۇزۇپ چىقمىغۇچە ئارام تاپمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى- دە، دەرھال ئۇنىڭغا ياردەملەشتى. ئىككىسى بىر ئاماللارنى قىلىپ ئوغلاقنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ ياندىكى توقايلىققا ئېلىپ كېلىشتى. كەۋسەر ئوغلاقنى زەيكەشتىكى سۇدا يۇيۇشقا تۇتۇنغانىدى، ئاتىكە خانىم:

— بولدى ئاۋارە بولماڭ، ئۇكام! — دېدى بېشىنى چايقاپ، — ئاپتاپقا قاقلانسۇنا بۇ بەڭباش. بىرئاز ئەتلەنسە ئۆلتۈرۈپ تېرىسىگە كىرەي دېسەم، ئەت ئېلىشتا يوق، شاتراقلاپ تۇرىدۇ ئەنە. ھە راست، ئېسىم قۇرۇسۇن، سىز بايا ئابدۇللانىڭ گېپىنى قىلغاندەك قىلدىڭىزغۇ دەيمەن!؟

— ھەئە، مەن ئابدۇللانىڭ رازاق بىلەن ئۇرۇشقان كۈندىكى ئىشلارنى ئۇقۇشاي دەپ كەلگەن. راست گەپنى قىلسام ئابدۇللانىڭ رازاقنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىغا ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيمەن. ۋەقە يۈز بەرگەن كۈندىكى ئىشلار توغرىسىدا بىلگەنلىرىنى ماڭا دەپ بەرسىلە بوپتىكەن. بەلكىم سىلى شۇ كۈنى مەكتەپتىن قاچقان باللارنى ئىزدەپ ۋەقە يۈز بەرگەن نەق مەيداننىڭ ئەتراپىغا كەلگەن بولغىيتتىلە؟ مەن يەنە ساقچىلارغا گۇۋاھلىق بەرگەن باللا بىلەنمۇ كۆرۈشسەم بولاتتى.

— ناۋاتتەك گەپ قىلدىڭىز، ئۇكام! ساقچىلارمۇ كۆپ كەلدى

بولمىسا. ئابدۇللانىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ قولىدىن ئىش كەلمىگەن بىلەن، سىزنىڭ ئارقا تىرىكچىڭىز كۆچلۈك ئەمەسمۇ! ھەرقانداق ئىشنى قىلالايسىز.

— مەنمۇشۇ ئابدۇللاغا ياردەم قىلاي دەيمەن.

— ئوبدان ئويلاپسىز. سىلەر كەنجىلەر بەكمۇ شورپېشانە چىقتىڭلار. ئابدۇللانىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە، بىز بىر ياندا قاراپ تۇرساق بولمايدۇ.

— ئۆتكەندە سىلى بىر بالىنىڭ گېپىنى قىلغان ئىدىلە......

— راست، بىز ھاشىم تاغىنىڭ نەۋرىسى ھېپىز ماڭقىنى تاپساق بولاتتى. شۇ كۈنى ئۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە مۇشۇ ئەتراپتا قوي بېقىپتىكەن. كېيىن ئاڭلىسام ئۇ ماڭقا مەندىن قورقۇپ ئايتاغدىكى ئاچىسىنىڭ يېنىغا بېرىۋاپتۇ. قارىغە، ئۇكام، ماۋۇ يېتىم ئوغلاق ماڭالمايدىغان ئوخشايدۇ. مۇشۇ يەردە ئۆلەمدۇ نېمە؟ سۆرەپ ئاپىرىپ خەدىچەك جىنىاققا تاشلاپ بېرەيمۇيا!؟

كەۋسەرنىڭ ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى. گەرچە ئاتىكە خانىم بىر ئوبدان سۆزلەپ كېلىۋېتىپ بىردىنلا گېپىدىن ئازغان بولسىمۇ، بىراق كۆتۈلمىگەندە «ھېپىز» ئىسىملىك بالىنى تولىمۇ ئىشەنچ بىلەن تىلغا ئالغانلىقىغا كەۋسەر قىزىقىپ قېلىۋاتاتتى. دېمىسىمۇ ئابدۇللانىڭ «رازاقنىڭ قاتىلى» ئىكەنلىكى تۇردى ئىسىملىك بالىنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن پۇت تىرەپ تۇرۇۋاتاتتى. مۇبادا شۇ كۈنى ھېپىز ئىسىملىك يەنە بىر بالا نەق مەيداندا بار بولسا دېلونىڭ ھەقىقىتى تېخىمۇ ئايدىڭلىشاتتى. كەۋسەر ئاتىكە خانىم بىلەن كۆڭۈلدىكىدەك پاراڭلىشىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئوغلاقنى قوتانغا سولىۋېتىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ، ئاتىكە خانىمنىڭ توسۇشىغا قارىماي ئوغلاقنى سۇ بويىغا ئەكېلىپ يۇيۇشقا باشلىدى. يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ئىككىيلەن قولىقىدىن تۇتۇپ سۆرىگەنچە ئەكېلىپ، ئاتىكە خانىمنىڭ ئۆيىنىڭ

كەينىدىكى قوتانغا سولىۋەتتى. شۇندىلا ئاتىكە خانىمنىڭ كۆڭلى تىنىپ، چىرايى ئېچىلدى.

— ئۇھ، يېتىم ئوغلاقنى ئىزدەيمەن دەپ خويمۇ هاردىم. قېنى ئولتۇرۇڭ ئۇكام، — دېدى ئۇ كەۋسەرنى ئازادە ئايۋاننىڭ سۇپىغا تەكلىپ قىلىپ.

كەۋسەر ئۇنىڭ سىرتلاردا ئۆزىنى ئانچە تونۇيمەي، ئەلەك — سەلەك يۈرگىنىگە باقماي، ئۆينى شۇنداق پاكىز، رەتلىك تۇتقانلىقىغا قاراپ سۆيۈندى. ئۇ كەۋسەرنىڭ قولىغا بىر پىيالە چاينى تۇتقۇزۇپ بولۇپ يەنە ئوغلاقنىڭ گېپىنى قىلىۋىدى، كەۋسەر ئالدىراپلا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

— خانىم، سىلىچە هېلىقى هېيىز ئىسىملىك بالا شۇ كۈنى ئابدۇللا بىلەن رازاقنىڭ تۇتۇشۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەنمىدۇ؟ دېمەكچى بولغىنىم، بىز شۇ كۈنى ئابدۇللا بىلەن رازاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئېنىق كۆرگەن باللارنى تاپساق بولاتتى.

— ئۇ كۈنى مەن چارۋا باققىلى بارغان تازلىدىن بىرنەچچىسىنى تۇتۇۋالغان. ئەممازە، تۇردى بىلەن هېيىز قېچىپ كەتتى. ۋۇي! ئەمدى ئېسىمگە كەلدى! توۋا خۇدايىم، يېتىم ئوغلاق مەرەپ كەتتىغۇ! دېسەم - دېمىسەم ماۋۇ جىنتاقنىڭ مۇشۇكى سۆڭگۈچتىن هويلىغا كىرگەن گەپ......

— خانىم، جېنىم خانىم! گەپلىرىنىڭ ئاخىرىنى دېسىلە! مەرىگىنى ئوغلاق ئەمەس، قوي! ئوغلاقلىرى قوتاندا بىر ئوبدان چۆپ يەۋاتىدۇ، — كەۋسەر ئىلتىجالىق تەلەپپۇزدا شۇنداق دېگىنىچە ئاتىكە خانىمنىڭ يېنىغا سۈرۈلدى. گەپ تازا هالقىلىق يەرگە كەلگەندە، ئاتىكە خانىمنىڭ گېپىدىن ئادىششى كەۋسەرنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتكەندى.

— هېيىز دېگەن ماڭقا ئاشۇ تەرەپكە قېچىپ كەتكەن راست!

كېيىن مەن تۇردىنى تۇتۇۋېلىپ مەكتەپكە ئېلىپ كەلگەن بولسامۇ، ئىككى سائەت دەرسكە قاتنىشىپلا يەنە قېچىپ كەتتى.
— مۇنداق دېسىلە، سىلىچە باللار چارۋىلىرىنى ئەتىگەندىن كەچكىچە يايلاقتا باقامدۇ؟
— ھەي ئۇكام! ئۇ ماڭقىلار يايلاققا ئويۇنى دەپ قاچىدۇ! چارۋىلىرىغا قارىمىسىمۇ ئۆزلىرى ئوتلايدۇ ئەمەسمۇ!
— مېنىڭ دېگىنىم.......
— دېمەكچى بولغىنىڭىزنى ئۇقتۇم. ئۇلار بۇ پەسىلدە چارۋىلىرىنى ئەتىگەندە يايلاققا ئاپىرىۋالسا، كەچتە قاراڭغۇ چۈشكەندە قايتۇرۇپ كېلىشىدۇ. دېھقان بالىسى دېگەن رېزىنكىدەك مەزمۇت قاراڭ، سومكىسىدىكى زاغرىنى غاجاپ ئويناۋېرىدۇ دەڭە!
— قارىغاندا مەن سىلى ئېيتقان ھېيىز ئىسىملىك بالا بىلەن كۆرۈشسەم بولغۇدەك......
— توغرا دېدىڭىز، شۇ ماڭقىنى تاپايلى، ئۇكام. رازاق ئۆلۈپ كەتكەن كۈنىنىڭ ئەتىسى ئەتىگەندە مەن ئۇنى ئىزدەپ يايلاق تەرەپكە بارماقچى بولۇپ يېرىم يولغا كەلگەندە، باشقا باللاردىن رازاقنىڭ ئاچما كۆۋرۈكنىڭ يېنىدىكى يارداڭلىقتا ئۆلۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلىدىم. شۇنىڭ بىلەن يۈرەك كېسىلىمنىڭ قوزغىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ مەكتەپكە قايتىپ كەلدىم. خۇداغا شۈكرى. ھەرنېمە بولسا ماۋۇ يېتىم ئوغلاقنىڭ زۇۋانى بېسىقتى.
— دېمەك، سىلى دېگەن ھېيىز ئىسىملىك بالىنىڭ شۇ كۈندىكى ئىشلارنى تولۇق كۆرۈش ئېھتىماللىقى باركەن- دە؟
— ھەببەللى، بەكمۇ توغرا دېدىڭىز. مېنىڭچە ساقچىلار ھېيىزدىنمۇ سۈرۈشتۈرسە بولاتتى. مەن تۇردىدىن سورىسام ئەينى چاغدا ھېيىزمۇ شۇ يەردە باركەن.
— توغرا دېدىلە. ساقچىلارغا مۇشۇ تەكلىپنى بەرسەك

بولغۇدەك.

— بۇ گەپنى شۇ چاغدا مەن غېنى ساقچىغا دېگەنىدىم، كېيىن قانداق بولدى بۇنى بىلمىدىم. ھېلىمۇ ھازىر ئاياغدىكى ئاچىسىنىڭ يېنىدا ئىكەن، — ئاتىكە خانىم شۇلارنى دېگەندىن كېيىن ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، ھايالشىمايلا بىر چىنە قېتىقنى كۆتۈرۈپ چىقتى، — بۇ قېتىق مۇزدەك تۇرۇپتۇ. ماۋۇ جىنتاق تونۇگۇن قىزىدىن كىرگۈزۈپتىكەن. ئاچچىقىم كېلىپ ئىچمىگەنىدىم. سىز ئىچىڭە، ئۇكام، ئىلىڭە! ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتتى، تازا ياقىدۇ سىزگە...... مەنغۇ بۇ جىنتاقتا ئۆچلۈك قىلمايمەن بولمىسا. ئۇ نېمىشقىكىن يېتىم ئوغلاقتا بەكمۇ ئۆچ چىقتى قاراڭ...... نېرىغا ھەيدىۋېتىدۇ. تام قوشنا بولغاندىكىن ھويلىسىغا كىرسە نېمە بولىدۇ دەيمەن! سۈت دېگەننى قورما ئۈستىدە قويغۇچە تاختىپەرىدە قويسا بولمامدۇ؟ قاراڭە...... مەن......

ئاتىكە خانىم شۇ يوسۇندا ئىلگىرىكىدەكلا سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ باش- ئاخىرى يوق بۇ سۆزلىرىدىن يەنىلا قوشنىسىدىن رەنجىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغىلى بولاتتى. نېمىلا بولسۇن ئۇنىڭ باشتا دېگەن گەپلىرىدىن كەۋسەر كۆز ئالدىدىكى تۇمان سەل تارقىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ، ئاتىكە خانىمنى ئىزدەپ تارتقان جاپاسىغا تۇشلۇق يىپ ئۇچىغا ئېرىشكەنلىكىدىن خۇش بولدى. ئۇ ئالدىدىكى قېتىقتا ئارىلاپ نان تۇگۇرۇپ يېگەچ ھېلىمۇ ئىسمىلىك بالا توغرىسىدا خىيال سۈرۈۋاتقاندىمۇ ئاتىكە خانىم بايىقىدەكلا ئوغلىقى بىلەن قوشنىسى ھەققىدە تاققا - تۇققا سۆزلەشتىن توختىمىغانىدى.

يېنىدا يەنە بىردەم ئولتۇرسا نېرۋىسىنىڭ قالايمىقانلىشىپ كېتىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن كەۋسەر ئاتىكە خانىمدىن ھېلىمۇ ئىسمىلىك بالىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىسمىنى سورىۋېلىپلا

خوشلاشتى.
مەھەللىنىڭ جىمجىتلىقىنى قويلارنىڭ مەرىشى بۇزۇپ تۇراتتى. بۇ يۇرتتىكى دېھقانلارنىڭ يىللىق كىرىمىنىڭ بىرىمى چارۋا بېقىشتىن كىرگەچكە كىشىلەر مال - ۋاران بېقىشقا ئەھمىيەت بېرەتتى. بۇنداق ئەۋزەللىك ئەلۋەتتە كەنتنىڭ ئەتراپىدىكى كەگرى يايلاقنىڭ بولغانلىقىدىن ئىدى.
كەۋسەر ھېچىز ئىسسىلىك بالىنىڭ دېرىكىنى قىلىش ئۈچۈن ھويلىلىرى قومۇش، يۇلغۇنلاردا قاشالانغان ئۆيلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئەگرى - بۈگرى توپىلىق يولدا مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە قاراپ ئالدىراش كېتىۋاتاتتى. كەۋسەر ئەتىگەندە كىرا ماشىنىسىدا شەھەردىن ئاقتاشقا قاراپ يولغا چىققاندا، بۈگۈن باشقا ھەرقانداق مۇھىم ئىشنى قويۇپ، ئاتىكە خانىم بىلەن كۆرۈشۈپ بىرەر يىپ ئۇچى تېپىشنى، ئاندىن غېنى ساقچى بىلەن كۆرۈشۈپ بەزىبىر ئىشلارنى ئۇقۇشۇشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. گەرچە ئۇ ھازىرقى ئەھۋالدا ئۆزىنىڭ ئابدۇللانىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە قادىر ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، قەلبىدىكى ئۆزگىچە بىر سېزىم ئۇنىڭغا ھەر ۋاقىت «ئابدۇللا گۇناھسىز، ئۇنى سەن ئىسپاتلا» دەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئاخىرقى نەتىجىگە ئەمەس، بەلكى كۆڭلىنى ئازراق بولسىمۇ ئارام تاپتۇرۇشقا ئىنتىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. بىر ھېسابتا ئۇ ھېلىقى رىۋايەتتە سۆزلىنىدىغان دوزاخنىڭ ئوتىنى شور دەرياسىدىن ئۈچ يۈز يىلدا بىر قېتىم تىلىدا ئېلىپ كېلىدىغان سۇ بىلەن ئۆچۈرۈشكە بەل باغلىغان قارلىغاچقا ئوخشايتتى.
ئەسلىدە كەۋسەر بۈگۈن چاشگاھ مەھەلدە ئاقتاشقا كېلىپلا دادىسى بىلەنمۇ كۆرۈشمەي، ئاتىكە خانىم بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن پىيادە ھالدا ماڭغانىدى. بىراق، يېرىم يولدا روزى كادالاڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ ئۇنىڭدىن ئىمامبەگنىڭ خەلچەمنى

مادىيابەگكە نىكاھلاپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ جۇدۇنى تۇتتى. كۆز ئالدىدا بىچارە خەلچەمنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتى قايتا گەۋدىلەندى. كەۋسەر مادىيابەگنىڭ قىياپىتىنى دەماللىققا ئەسلىيەلمىگەن بىلەن، ئۇنىڭ دەلدۈشلۈكى ھەققىدە كۆپ ئاڭلىغانىدى. كەۋسەرنىڭ بىلىشىچە ئۇ تولىمۇ قورقۇنچلۇق بولۇپ، خەلچەمنىڭ ئاشۇنداق بىر ساراڭنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغانلىقى ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۇغىسىنى قايىنىتاتتى. تەگلەپ كەلگەندە بۇ ئىمامبەگنىڭ ھىيلە - نەيرىڭى ئىدى.

كەۋسەر روزى كاداڭنىڭ توسۇشىغا قارىماي، يولىنى دەرھال ئۆزگەرتىپ ئاچما كەنتىگە قاراپ ماڭدى. روزى كاداڭ كەۋسەرنىڭ كۆزلىرىدىن چاچرىغان نەپرەت ئۇچقۇنلىرىنى كۆرۈپ دەرھال ۋېلىسىپىتىگە مىندى - دە، يېزىلىق ھۆكۈمەت تەرەپكە كەتتى. ئۇ بارات نىيازنى جايتېرەك كەنتىنىڭ چېتىدىكى زاكو بويىدىن تاپقانىدى. مۇبادا ئۇ بايا ئاچما كەنتىنىڭ مۇدىرى بىلەن ئامانلىق مۇدىرىنى ئىمامبەگنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتمىگەن بولسا، كەۋسەر ئاچما كەنتىدىن قاراڭغۇ چۈشكۈچە قايتىپ كېتەلمىگەن بولاتتى. كەۋسەر ئاتىكە خانىمنىڭ ئۆيىدىن ئۇزاپ قاپاق تېرەكلىك دوقمۇشقا كەلگۈچە يۇقىرىقىلارنى خىيالىدىن قايتا ئۆتكۈزۈپ ئۈلگۈردى. شۇ چاغدا قۇلىقىغا توساتتىن موتوسىكلىتنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئارىلىقتا يېنىغا غېنى ساقچى ئۈچ چاقلىق موتوسىكلىتنىڭ كەينىگە بىر ھەمراھىنى مىندۈرگەن ھالدا پەيدا بولدى.

— كەۋسەر، يېزا باشلىقى سىزنى نەدىن بولسا تېپىپ دەرھال ئېلىپ كېلىشكە مېنى ئەۋەتكەنىدى. ئەتىدىن بېرى دېرىكىڭىزنى ئالالماي ئاقتاش يېزىسىدا بارمىغان يېرىم قالمىدى مېنىڭ. ھە راست، سىزگە ئەدەپسىزلىك قىلغان مادىيابەگ دېگەن ساراڭنى تازا ئەدەپلەپ قويدۇم......

كەۋسەر غېنى ساقچىنىڭ سىپىز بەستىگە قاراپ قىزىقىش ئىچىدە دېدى:

— كىمكىن بۇ دېسەم، غېنىكامكەنغۇ! كۆرۈشمىگەندىن بېرى تېخىمۇ سۈرلۈك بولۇپ كېتىپسىز. مېنىڭ بۇ يەردىلىكىمنى قانداق بىلدىڭىز؟

— سىز ئاقتاشنىڭ گۈلى بولغاندىكىن، قەدىمىڭىز ئاقتاشقا يەتكەن ھامان خۇش پۇرىقىڭىز ھەممە يەرگە تارقاپ بولىدۇ - دە!

— چاقچاقنى قويۇپ راست گەپ قىلىڭە! دادام مېنىڭ ئاقتاشقا كېلىپ ئىمامبەگنىڭ ئۆيىگە بارغانلىقىمنى بىلمەيتتى. سىلەر قانداق بىلدىڭلار؟

— گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېسەم قاراڭ، مەن يېزا باشلىقى بىلەن جايىتېرەك كەنتىدە ئىدىم. روزى كادا ھاسىراپ - ھۆمۈدىگىنىچە كېلىپ يېزا باشلىقىغا سىزنى« توسقىنىمغا قارىماي ئىمامبەگنىڭ ئۆيىگە كەتتى» دېدى. يېزا باشلىقى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بەكمۇ ئاچچىقلاپ كەتتى، ئاندىن يېنىڭىزغا مېنى ئەۋەتتى. موتوسىكلىتنى چاپتۇرۇپ ئىمامبەگنىڭ ئۆيىگە كەلسەم سىز كېتىپ بولۇپسىز. ئامانلىق مۇددىرىدىن ھەممە ئىشنى ئۇقتۇم.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۈگۈن ئاقتاشقا كېلىپ ھەممىڭلارنى بىسەرەمجان قىلىۋەتكەن ئوخشايمەن. بۇ يەرگە كەلمىگەن بولسىڭىزمۇ سىزنى ئۆزۈم ئىزدەپ باراتتىم. بىر ھېسابتا بۇمۇ ياخشى بولدى. ئەمدىكى ئىشلارنى...... — كەۋسەر گەپنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋېتىپ ئويغا پاتقىنىچە تۇرۇپ قالدى. شۇ تاپتىكى روھىي ھالىتىدىن كۆز ئالدىدىكى ئىشلارنى دەگسەۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. غېنى ساقچى شەپكىسىدە ئۆزىنى يەلپۈگەچ، ئارىلاپ كەۋسەرنىڭ تولغان كۆكسىگە ئوغرىلىقچە قاراپ قوياتتى. بىردەمدىن كېيىن كەۋسەرنىڭ چىرايى خۇددى كۆڭلىدىكى مۇھىم بىر تۈگۈن يېشىلگەندەكلا نۇرلىنىپ، قىزغىنلىق بىلەن ئېيتتى، — غېنىكا،

مەن ئابدۇللانىڭ ئىشى بىلەن كەلدىم. قولۇمدىن چوڭ ئىش كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرساممۇ، يەنىلا ئۇرۇنۇپ باقماقچى بولۇۋاتىمەن. مۇشۇنداق قىلسام كۆڭلۈم سەل ئارام تېپىپ قالىدىكەن.

— سىزنىڭ ئاقتاشقا كېلىپلا ئۇدۇل ئىمامبەگنىڭ ئۆيىگە بارغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ، مەنمۇ ئابدۇللا بىلەن خەلچەمنىڭ ئىشى ئۈچۈن كەلگەنلىكىڭىزنى جەزملەشتۈرگەنىدىم. بىراق، ئىمامبەگ جاھىللىقىدىن يانماي ئابدۇللادىن جانغا جان، قانغا قان ئېلىش نىيىتىدە تاش چىشلەپ تۇرۇۋاتىدۇ، سىز ئاچما كۆۋرۈكنىڭ يېنىغا بارغاچ تۇرۇڭ. بەزىبىر ئىشلارنى مەن سىزگە ئايرىم چۈشەندۈرۈپ قوياي، بىرسى بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپلا يېنىڭىزغا بارىمەن.

— ئۇنداق بولسا ماۋۇ ھەمراھىڭىز ھازىر موتوسىكلىت بىلەن بېرىپ، دادامغا مېنىڭ سالامەت ئىكەنلىكىمنى يەتكۈزۈپ قويسۇن، بولامدۇ؟

— سىزنى موتوسىكلىتتا ئېلىپ كېتەيلى دېگەن......

— نېمە، مېنى موتوسىكلىتىڭىزغا ئولتۇرغۇزۇپ ئاقتاشتا سازايى قىلماقچىمۇ؟

— قاراڭ، مېنىڭ ئەقىلسىزلىكىمنى! ئەسلىدە سىز ئوقۇتقۇچى بولماي، دادىڭىزدەك رەھبىرىي كادىر بولغان بولسىڭىز بوپتىكەن. ئىشلارنى بەك ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرىدىكەنسىز. بوپتۇ، سىز دېگەندەك قىلايلى، — غېنى ساقچى يېنىدىكى ھەمراھىغا ماڭايلى دېگەن مەنىدە بېشىنى يانغا قىسايتىپ ئىشارەت قىلدى. ئۇنىڭ بۇ خىل چاققانلىقىدىن كەۋسەرنىڭ تەلپىنى بەجانىدىل ئورۇنلايدىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

ئۇ ئىككىسى كەتكەندىن كېيىن كەۋسەر ھېيىز ئىسمىلىك بالىنىڭ ئۆيىنى كىشىلەردىن سوراشتۇرۇپ ئاخىر تاپتى. پاكار سوقما تامغا يۆلەنگىنىچە ئارىلاپ يۆتىلىپ ئولتۇرغان چار ساقال

كىشى ھېيىزنىڭ خىيلىدىن بېرى ئايتاغ يېزىسىدىكى ئاچىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىۋىدى، كەۋسەر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى، ئاندىن ئۇ كىشىدىن ھېيىزنىڭ ئايتاغ يېزىسىدىكى ئاچىسىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىنى تەپسىلىي سورىۋېلىپ يەنە مېڭىشنى داۋاملاشتۇردى. قەلبىنى تىنىمسىز ئۆرتەۋاتقان قانداقتۇر بىر ئوت ئۇنى زادىلا جىم تۇرغۇزمايۋاتاتتى. ئۇ كۆجۈم مەھەللىلەردىكى تورسىمان يوللارنى بېسىپ، ئاچما كۆۋرۈك تەرەپكە بارىدىغان شىۋاقلىققا كەلگۈچە خەلچەمنىڭ ئىمامبەگنىڭ ئۆيىدىكى بىچارە ھالىتىنى خىيالىدىن پەقەتلا نېرى قىلالمىدى. ھەر ھالدا بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى مەھەللىنىڭكىدىن ساپ ۋە سالقىن ئىدى. ئارىلاپ ئەسكەن باھار شامىلى كىشىگە ھۇزۇر بەخش ئېتەتتى.

كەۋسەر كېتىۋېتىپ ئاچما كۆۋرۈك تەرەپتە غېنى ساقچىنىڭ يەر بېغىرلاپ ئۇچۇۋاتقان قۇشلارغا قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قەدىمىنى تېزلەتتى.

— شەھەرلىككە سەھرا يېرىدە يول ماگماق ئوڭاي ئەمەس. بايا ئوچۇق دېگەن بولسىڭىز بارىدىغان يېرىڭىزگە موتوسىكلىت بىلەن غاچچىدە باراتتۇق ئەمەسمۇ، چارچاپ كېتىپسىز مانا! — دېدى غېنى ساقچى كەۋسەر يېنىغا يېتىپ كېلىشىگە چاقچاق تەرىقىسىدە.

— مېنى كىم شەھەرلىك دەيدۇ!؟ مەنمۇ سىزگە ئوخشاش ئاقتاشنىڭ يەرلىك ئادەمزاتىغۇ! ھېرىشنىغۇ ھاردىم، ئەمما موتوسىكلىتىڭىزغا ئولتۇرۇپ مەھەللىلەردە سازايى بولۇپ يۈرسەم كىشىلەر دادامغا «كەۋسەر جىنايەت سادىر قىپتىكەن، غېنى ساقچى تۇتۇپ كەتتى» دېمەمدۇ؟ — دېدى كەۋسەر كۈلۈمسىرەپ، ئاندىن ئاپتاپ چىقىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، پېشانىسىدىن ئالدىغا ئاشۇرۇپ چىگىۋالغان ھاۋا رەڭ گاز ياغلىقىنى كەينىگە سۈرۈپ قويدى.

— زىيالىي دېگەن يەنىلا زېرەك ھەم ئەقىللىك - دە، بەكلا ئەتراپلىق ئويلايدىكەنسىز. مەن بۇنىڭغا كاللا يۇگۇرتمەپتىمەن.

كەۋسەرنىڭ تەلپىي بويىچە ئىككىيلەن ئەنە شۇنداق مۇڭدىشىپ مېڭىپ رازاقنىڭ جەسىتى بايقالغان ئورۇنغا كېلىشتى. كەۋسەر ئەتراپنى بىردەم كۆزەتكەندىن كېيىن غېنى ساقچىغا ئابدۇللانىڭ رازاقنىڭ قاتىلى ئىكەنلىكىگە ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ئېيتقاندى، غېنى ساقچى ئېچىنىش ئىلكىدە دېدى:

— ئابدۇللا يېزىمىزدا تازا كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقاندا ئېنىقلا كۆز تەگدى. سىلەر بىرقانچىڭلار كىچىك ۋاقتىڭلاردىن باشلاپ ساۋاقداش ھەم دوستلاردىن ئىدىڭلار. شۇڭا، مەن كۆڭلىڭىزنى ئوبدان چۈشىنىمەن. سىزگە دېسەم، بۇنىڭغا مېنىڭمۇ پەقەتلا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. بىراق، پاكىت شۇنداق تۇرسا ئىشەنمەي نېمە ئامال؟

— غېنىكا، ئوقۇرىڭىز بارغانسېرى ئېگىزلەۋاتىدۇ. مۇشۇنداق چاغدا ئائىلىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىزنى ئۇنتۇپ قالمايدىغانسىز- ھە؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ئەمدى، مېنىڭ قانداق ئادەملىكىمنى سىز ياخشى بىلىسىزغۇ. ئۇنداق تۇزكورلاردىن ئەمەسمەن. مېنى دادىڭىز بىر قوللۇق تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن. گەرچە ئاچمىلىق بولغىنىم بىلەن، سىلەرنىڭ ئۆيدە ئاش - تۇز يەپ چوڭ بولدۇم. بۇلارنى ئۇنتۇسام مېنى غازلىقنىڭ تۇزى تۇتماسمۇ!؟

— بەكمۇ ئورۇنلۇق گەپ قىلدىڭىز. مۇشۇ كۈنلەردە نەزەر دائىرىڭىز كېڭىيىپ دۇنيا قارىشى بېكىكەن بىر ئادەم بولۇپ قاپسىز، غېنىكا!

— بۇنداق ماختىسىڭىز بويۇم بىردىنلا ئۆسۈپ كەتكەندەك تۇيۇلىدىكەن ماڭا. شۇ كۈنى ئابدۇللانى قوغداپ قالاي دەپ خېلى كۈچىدىم بولمىسا. بىراق، پاكىت ئېنىق بولغاچقا ئارا

تۇرالمىدىم......

— سۆزۈمنى تـوغرا چۈشـىنىڭ، غېنىكـا. مەن سـىزنى قانۇنغـا خىلاپلىق قىلىڭ دېمەكچى ئەمەس.

— بـۇنى چۈشـىنىمەن. شـۇنداقتىمۇ سـىزگە كۆڭلۈمـدىكىنى ئېيتمـىسام بولمايـدۇ. رازاقنىـڭ خەلچەمنـى ئابـدۇللادىن كـۈنلەپ يۇرگەنلىكىنى ئاقتاشتا ھەممە ئـادەم بىلىـدۇ. دېـمەك، ئابـدۇللادا رازاققا ئۆچمەنلىك قىلىپ قاتىللىق قىلىشنىڭ ئاساسـى يارىتىلغان دېگەن گەپ.

— بولدى دېمەڭ. مەن بۇنداق گەپلەرنى باشقىلاردىنمۇ كۆپ ئـاڭلاپ كەتـتىم، ماڭـا ئابـدۇللانىڭ دېلوسـىنىڭ ھـازىر قانـداق بولۇۋاتقـانلىقىنى بىلـسىڭىز شـۇنىلا دەپ بېرىـڭ. كىـشىلەرنىڭ ئارىـسىدا «سـاقچىلار دېلـونى سـوتقا يوللاپتـۇ، ئابـدۇللاغا ئۆلـۈم جازاسـى بەرگـۈدەك» دېـگەن گەپـلەر تـارقىلىۋېتىپتۇ، سـىزنىڭچە راست شۇنداقمىدۇ؟

— ئەگەر تالا ـ تۈزدىكى گەپلەر بويىچە بولسا ئابـدۇللا بىـر ئاينىڭ ئالدىدا ئېتىلىپ بولاتتى. خەق دېگەن ئالدى ـ ئارقىـسىغا قارىمايلا ئاغزىغا كەلـگەن گەپلەرنـى قىلىۋېرىـدۇ. سـىزگە گەپنىـڭ ئـۆزىنى دېـسەم قـاراڭ، ئىدارىـدىكىلەر ئابـدۇللانىڭ دېلوسـىنى ھېلىغىچە بىر ياقلىق قىلالمىدى. ئاڭلىسام ئابـدۇللا: رازاقنـى مەن ئۆلتۈرمىدىم، ئۇ كۈنى رازاق مېنى يولدا توسۇپ، قەستەن جېدەل قىلمـاقچى بولغـان بولـسىمۇ، مەن ئـۆزۈمنى تۇتۇۋېلىـپ يولۇمغـا كېتىۋەرگەن، دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ.

ھـازىرچە ئابـدۇللاغا جىنـايەت بېكىتىـشتە پاكىـت يېتەرلىـك ئەمەسمىش.

— سىزنىڭچە ئىمامبەگنىڭ خەلچەمنـى ئاتـا ـ ئانىـسىنىڭكىگە كەتكـۈزۈۋەتمەي، مادىيـابەگكە نىكـاھلاپ بەرگەنلىكـى قانۇنغـا خىلاپمۇ ـ ئەمەسمۇ؟ سىلەر مۇشۇنداق ھەق ـ نـاھەق مەسىلىـسىدە

يەنە سۈكۈت قىلىپ تۇرامسىلەر؟
— دېگىنىڭىز ئورۇنلۇق. سىزگە گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېسەم، بۇ ئىش توغرۇلۇق تۈنۈگۈن ئىدارىگە دوكلات يوللىدىم، مۇشۇ بىرنەچچە كۈندە مەسىلىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىشىمىز.
غېنى ساقچىنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان شۇنچە تەبىئىي گەپلەردىن كەۋسەرنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ، قۇياشنىڭ نۇرى تۇمان ئارىسىدىن غىل - پال كۆرۈنۈۋاتقاندەك بىر خىل ئۈمىدۋارلىق تۇيغۇسى قەلبىنى چۇلغىدى. ئۇ غېنى ساقچىنىڭ قارامتۇل ھەم جاۋىدەك يېرىك چىرايىغا رازىمەنلىك بىلەن قاراپ، بۇ قېتىم ئۆزىنىڭ ئاقتاشتا قىلماقچى بولغان بىر قاتار ئىشلىرىدا غېنى ساقچىنى تاللاپ توغرا قىلغانلىقىنى ھېس قىلدى.
غېنى ساقچى ھەقىقەتەنمۇ ئاچما كەنتلىك ئىدى. ئاچارچىلىق بولغان يىللاردا دادىسى يۇرتتىن چىقىپ كېتىپ ئىز - دېرىكى بولمىغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «ئۆلدى»گە چىقىرىۋېتىشتى. ئانىسى بىرنەچچە يىلدىن كېيىن يۇرەك كېسىلى بىلەن قازا قىلدى. شۇنداق قىلىپ، غېنى چوڭ دادىسىنىڭ ھامىيلىقىدا قالدى. ئۇ ئون ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغاندا چوڭ دادىسىمۇ قازا قىلىپ قارا يېتىملىك ھاياتى باشلاندى. شۇ كۈنلەردە قايسىدۇر ئىش بىلەن ئاچما كەنتىگە كەلگەن بارات نىياز كىشىلەردىن غېنىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ، شۇئان ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ يېتىم بولۇپ قالغان ۋاقىتلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. كۆڭلىدە بۇ ئالەمدە يېتىمنىڭ بېشىنى سىلاشتىن چوڭ ساۋابلىق ئىش بولمىسا كېرەك دېگەنلەرنى ئويلاپ غېنىنى بېقىۋېلىش ئۈچۈن ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. شۇ چاغدا بارات نىيازنىڭ بۇ خەيرلىك ئىشى زۇلەيخانىنى ھەممىدىن بەك خۇش قىلىۋەتكەنىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن غېنى شاپائەتچىسى بارات نىيازنىڭ ئائىلىسىدە تۇردى.

يېشى چوڭايغانسېرى بوي - بەستىمۇ ئۆسۈپ چوڭ بولۇپ، كۆچتۆگگۈر يىگىتكە ئايلاندى. ئۇ جاپا - مۇشەققەتتىن قورقمايتتى. بەزىدە باشقىلار قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان ئىشلارغا تەۋەككۈل دەپ بەل باغلايتتى. شۇڭا، ئاقتاشلىقلارنىڭ ئارىسىدا «نى - نى ئوغۇل باللار يارالمىغان كۆتەكنى غېنى چوقۇم ياردۇ»، «ھېچكىم يىقىتالمىغان دەرەخنى غېنى چوقۇم يىقىتىدۇ»، «باشقىلار قانچە كۆچەپمۇ كۆتۈرەلمىگەن يۈكنى غېنى بىر قولىدىلا كۆتۈرۈۋېتىدۇ» دەيدىغان گەپلەر تارقىلىپ يۈرەتتى. بىرنەچچە يىل ئىلگىرى بارات نىيازنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن يېزا ئورگىنىنىڭ قوغداش خادىملىقىغا قوبۇلغان غېنىنىڭ ئىناۋەت - ئورنى ناھايىتى تېز ئۆستى. مىجەز - خاراكتېر جەھەتتە ئىشچان، چىقىشقاق بولغاچقا يېزا مەسئۇللىرىلا ئەمەس، يېزا ئورگىنىدىكى خادىملارنىڭ ھەممىسى ئۇنى ياقتۇراتتى. ئۇزاق ئۆتمەي كۆچتۆگگۈرلۈكى بىلەن ھەرقانداق خەتەرگە تەۋەككۈل قىلالايدىغان مىجەزى ئۇنى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتىدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق ئوت ئاپىتىدە بىردىنلا قەھرىمانغا ئايلاندۇردى. ئۇنىڭ خەلقنىڭ ھاياتى ھەم مال - مۈلكىنى قوغداش يولىدا ئوت ئىچىگە ئېتىلىپ كىرىپ پىداكارلىق كۆرسەتكەنلىكى پۈتۈن ناھىيەنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ تەشكىلنىڭ نەزىرىگە ئېلىنىپ، تۆت يىلنىڭ ئالدىدىكى ج خ ئىدارىسىگە ئادەم تولۇقلاشتا بارات نىيازنىڭ يول مېڭىشى، ناھىيەدىكى قايسىدۇر بىر باشلىقنىڭ «خەيرخاھلىقى» بىلەن ج خ كادىرلىقىغا قوبۇل قىلىندى. ئۇ يېزا ئورگىنىنىڭ ئادەتتىكى قوغداش خادىمىدىن يېزىلىق ساقچىخانىنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆسكۈچە بولغان ئۇزاق جەرياندا، بارات نىيازنىڭ بىر قوللۇق پەرۋىشىگە نائىل بولغانلىقىنى ئېسىدىن چىقارماي، تېخى يېقىنغىچە تېرىقچىلىق ئىشلىرىدىن تارتىپ ئائىلىسىنىڭ ئادەتتىكى ئىشلىرىغىچە قارىشىپ

كېلىۋاتاتتى. ئاقتاشلىقلار بارات نىيازنىڭ غېنىدەك بىر يېتىم بالىنى بېقىپ تەربىيەلەپ ئاخىر يارامىلىق ئادەم قىلىپ چىققانلىقىنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەي: «يېزا باشلىقىنىڭ شۇنچە يىلدىن بېرى ئەمىلىدىن ئايرىلماي كېلىشى ئۇنىڭ ئادىللىقىدىن كۆرە، غېنىدەك ئىگە - چاقىسىز يېتىمەكنىڭ بېشىنى سىلىغانلىقىدىن بولدى. ياغلىق قاپاقنىڭ يېنىدىن ئۆتسەڭ پېشكىگە ياغنىڭ يۇقۇندىسى يۇقماي قالمايدۇ......» دېيىشەتتى. بىراق، غېنى ساقچى ئارىلاپ بارات نىيازنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپمۇ قوياتتى. ئۇ دەسلەپتە يېزىدا ئامانلىق ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا سەل قوپاللىق قىلىپ خەقلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپمۇ قويدى. تېخىمۇ يامان بولغىنى خىزمەتكە قېتىرقانماي، «ئاكاڭ كىمنى ئالسا يەڭگەڭ شۇ» دەپ قورساق بېقىش كويىغا چۈشكەندىن باشقا، بىكارچىلار بىلەن قارتا ئويناپ يېزىدا «غېنى كورت» دەپ نام ئالدى. بارا - بارا سەمرىپ قورساق سالغاندىن كېيىن «غېنى باداڭ» دېگەن ئاتاق قوشۇلدى. بارات نىياز ئۇنىڭ بۇ خىلدىكى قاملاشمىغان لەقەملىرىنى ئاڭلاپ تازا جىلە بولۇپ يۈرگەندە، «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، كىشىلەر ئۇنى ئەمدى «غېنى توخۇ» دەيدىغان بولۇۋېلىشتى. كېيىنكى لەقەمگە ئۇنىڭ ھاراقنى توخۇ گۆشىنى زاكوسكا قىلىپ ئىچىشكە ئامراقلىقى بىلەن، ئىش بېجىرىشتە ھاجەتمەنلەرگە توخۇ ئالۋىنى قويۇشى سەۋەب بولغانىدى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ ئەسلىنى ئوبدان بىلىدىغانلار «ئۆيىدىن چىققان تورپاق ئۆي بولماپتۇ» دېگەن خەلق ماقالىنى تەتبىقلاپ، گېزى كەلسە ھەتتا جەددى - جەمەتىگىمۇ تىل سالاتتى.

بىر كۈنى بارات نىياز غېنىنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ كېلىپ بىرھازا چېچىلدى. خەلق ساقچىسىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى، مەسئۇلىيىتىنى قايتا - قايتا ئىزاھلىدى. ئاخىرىدا ھېلىقىدەك بولمىغۇر ئىشلاردىن دەرھال قول ئۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى

ياخشى نامنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مۆھلەت بەلگىلەپ بەردى. بىراق، «كۆنگەن خۇي كۆڭۈلدىن قالماپتۇ» دەپ بۇنى ئۆزگەرتمەكمۇ ئاسانغا چۈشمىدى. غېنى ناباب خۇيىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان كۈنلەردە، نىمە زۆرۈرىيەتتىنكىن، ئەيتاۋۇر، ناھىيەلىك ج خ ئىدارىسىگە يۆتكەپ كېتىلىپ يەنە ئۇزاق ئۆتمەيلا ئاقتاشقا قايتىپ كەلدى. نېمىسىنى دەيسىز،بۇ قېتىم ھېچكىم ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ ئامىتى كېلىپ، ئادەتتىكى ساقچىدىن بىراقلا ساقچىخانا باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەنىدى. ئۇنىڭغا ھەدىگەندە لەقەم قويۇپ يۈرىدىغان كىشىلەرنىڭ ئاغزى يەنە جىم تۇرماي: «بىر قىسىم نۇقسانلىرى بولغان بىلەن، خەسىنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا نەرخى بار دېگەنەدەك، غېنى ساقچىنىڭمۇ دېلولارنى تەھقىقلەشتە بىڭسىسى باركەن، تەشكىل ئۇنىڭ مۇشۇ ئالاھىدىلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ ئۆستۈرگەن گەپ» دەپ يۈرۈشتى. قانداقلا بولسۇن ئۇ ئاقتاشتا كونا بولسىمۇ ھېلىقى ئۈچ چاقلىق موتوسىكلىتقا مىنىپ، توپىلىق يولدا چاڭ چىقىرىپ ھەيۋەت بىلەن ماڭىدىغان بولسا، يامان ئىش قىلغانلارنىڭلا ئەمەس، بەلكى يامان ئىش قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، پۇرسەت كۈتۈپ يۈرگەنلەرنىڭمۇ يۈرىكى جىغىلدايتتى. گاھىدا ئۇنىڭغىمۇ دەماللىققا چىشى ئۆتمەيدىغان قاتتىق ئۇستىخانلار ئۇچراپ قالاتتى. بۇنداق ۋاقىتتا ئۇ ئىلگىرىكى سۈر - ھەيۋىسىنى يوقىتىپ، بىردىنلا ياۋاشلىشىپ قالاتتى. دەل رازاقنىڭ جەسىتى بايقالغان كۈنى مۇشۇنداق ئەھۋال يەنە يۈز بەردى.

ئۇ كۈندىكى ئىشلار ھېلىھەم غېنى ساقچىنىڭ كۆز ئالدىدا ھازىرلا يۈز بەرگەندەك گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. رازاقنىڭ جەسىتىنى تاڭ سەھەردە تۇز كولاشقا ماڭغان بىر دېھقان بايقىغان بولۇپ، دېلو يېزىلىق ساقچىخانىغا مەلۇم قىلىنغاندا، ساقچىخانىدا نۆۋەتچى ساقچىدىن باشقىلار سىرتتا ۋەزىپە ئۆتەۋاتاتتى. غېنى ساقچى

ئالدىنقى كۈنى بىرسىنىڭ ئۆيىدە تۈزۈلگەن سورۇندا ھاراقنى ھەددىدىن ئارتۇق ئىچىۋەتكەچكە تىنچە بېشىنى ياستۇقتىن كۆتۈرمەي ياتاتتى. نۆۋەتچى ساقچى ئالاقزادىلىك ئىلكىدە ئۇنىڭغا خەۋەرنى يەتكۈزگەندە، ھودۇقىنىدىن كىيىملىرىنى بىر ـ نۆۋەت تەتۈر كىيىپ، يەنە ئوڭشاپ ئۈلگۈردى. غېنى ساقچى نەق مەيدانغا يېتىپ كەلگەندە جەسەتنىڭ ئەتراپىغا خېلى كۆپ كىشى ئولىشىۋالغان بولۇپ، ئىمامبەگ ۋە ئۇنىڭ جەمەتىدىكىلەر ئىچىنىشلىق يىغا ـ زار قىلىشىۋاتاتتى. غېنى ساقچى ئاچما كەتمىنىڭ ئامانلىق مۇدىرىدىن سوراپ، رازاقنىڭ قاچانلاردا نەپەستىن قالغانلىقىنى چالا ـ بۇلا ئۇقتى، ئاندىن يولدىن ئون نەچچە مېتىر نېرىدىكى ياردائىلىقتا بىر پۇتى زەيكەشتىكى سۇغا چىلىنىپ ياتقان جەسەتكە قارىدى.كىمدۇر بىرسى جەسەتنىڭ ئۈستىگە يەكتىكىنى يېپىپ قويغانىدى.

ئىمامبەگ غېنى ساقچىنى كۆرۈپلا:

— غازلىقتىكى ئابدۇللا دېگەن قاتىلنى تۇتۇپ بەر! بالامنى شۇ مۇتتەھەم ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ! قانغا قان، جانغا جان ئالىمەن! پالتىدا چانايمەن! جەددى ـ جەمەتىنى قۇرۇتىمەن! ۋاي ئىسست بالام! قىساسىڭنى ئالماي قويمايمەن بالام ! — دەپ ئاللا ـ تۇۋا كۆتۈرۈۋېدى، تېخىچە گاراڭلىقتىن ئوڭشالماي تۇرغان غېنى ساقچى بىردىنلا چۆچۈدى.

گەرچە ئۇ ئىمامبەگنىڭ نالە ـ زارىغا ئانچە بەك ئېتىبار بەرمىگەن بولسىمۇ، ھەرھالدا ئەقلى نەق مەيداننى قوغداشقا يېتىپ، كىشىلەرنى جەسەتتىن نېرى تۇرۇشقا دەۋەت قىلدى. شۇ چاغدا كۈتۈلمىگەن ئىش يۈز بەردى، يەنى ئىمامبەگ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ:

— ساقچى دېگەنمۇ سەندەك بولامدۇ!؟ مۇشۇ چاغقىچە بۇ يەرگە كەلمەي، ئاتاڭنىڭ بېشىغا باردىڭمۇ!؟ قاتىلنى تۇتۇشتا

يوق، يەنە بىرنى بۇ يەردىن قوغلامسەن! — دېگىنىچە غېنى ساقچىنىڭ گېلىدىن بوغدى. كىشلەر پاتپاراق بولۇشۇپ كەتتى، شۇ چاغدىلا ئىبسنى يىغقان غېنى ساقچىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى. ئىمامبەگنىڭ پەيلىدىن ئاسانلىقچە يانمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۇنىڭغا ئازراق تەھدىت ئىشلىتىشنى ئويلاپ شۇنداق دېدى:

— قاتىلنى چوقۇم تۇتىمىز! ئەمما، ھازىرچە ئابدۇللانى قاتىل دەيدىغانغا پاكىت بارمۇ؟ بۇنداق يولسىزلىق قىلسىڭىز بۇ دېلونى تەكشۈرگىلى بولامدۇ!؟ سىزگە دەپ قوياي، بۇ يەردە مۇشۇنداق جېدەل چىقىرىپ، نەق مەيداننى بۇزۇۋەتسىڭىز ھەممە مەسئۇلىيەت سىزگە يۈكلىنىدۇ ماخما!

— مانا بۇ كىشلەردىن سوراپ باق! تۈنۈگۈن ئابدۇللا دېگەن مۇتتەھەم رازاقجان بىلەن مۇشۇ يەردە تۇتۇشۇپ قالغانىكەن. كۆرگەن بالىلار ئەھۋالنى بىزگە دېدى، ئۇ قاتىل ئوغلۇمنىڭ بېشىغا چىقتى، ھازىرلا تۇتۇپ بەر! ۋاي ئىسىت بالام ! كۆزۈمنىڭ ئوچۇق كېتىپتۇ بالام!

ئارىدا ئاچما كەنتىنىڭ ئامانلىق مۇدىرى غېنى ساقچىنىڭ قۇلىقىغا كۇسۇرلاپ:

— سىلى بۇ يەرگە كەلگۈچە ئارىلىقتا مەن دېلونى بىرقۇر تەكشۈرۈپ باقتىم، رازاقنى راستتىنلا غازلىقتىكى ئابدۇللا بېشىغا تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. تۈنۈگۈن مۇشۇ ئەتراپتا چارۋا باققان تۇردى ئىسىملىك بالا ئابدۇللا بىلەن رازاقنىڭ بىر - بىرىگە ھۇرپىيىشىپ تۇرۇشقانلىقىنى كۆرۈپتىكەن. ئۇنىڭدىن گۇۋاھلىق ئېلىپ كەلدىم. دېگەندەك رازاقنىڭ بېشىنىڭ چوققىسىدا زېدە باردەك قىلىدۇ،— دېدى جەسەت تەرەپكە قاراپ قويۇپ.

— بولدى، بۇ گەپلەرنى قويۇپ تۇرۇڭ. بۇ كىچىك دېلو ئەمەس، بىز ئۆز ئالدىمىزغا بىر تەرەپ قىلىپ بولالمايمىز. مەن

ئىدارىگە تېلېفون قىلىۋېتىپ كەلدىم. كېلىدىغانلارمۇ چۈشكە قالماي يېتىپ كېلەر. بىز ئاڭغىچە نەق مەيداننى قوغدىساق بولمايدۇ. جەسەتنىڭ يېنىغا ئەمدى ھېچكىم بارمىسۇن، ماۋۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بۇ يەردىن كەتسۇن، — دېدى غېنى ساقچى جاۋابەن.

شۇ ئەسنادا ئەتراپتا قاراپ تۇرۇشقان كىشىلەر بىردىنلا پاتپاراق بولۇشۇپ تەرەپ - تەرەپكە قېچىشتى. ئەسلىدە مەھەللە تەرەپتىن مادىيابەگ پالتا كۆتۈرگەن ھالدا بۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. مادىيابەگنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ غېنى ساقچىنىڭ تىلى كالۋالاشتى، كۆزلىرى چەكچەيدى. مەن - مەن دېگەن نوچىلاردىن قورقمايدىغان غېنى ساقچى ئاقتاش يېزىسىدا مۇشۇ مادىيابەگدىنلا قورقاتتى. ئىلگىرى ئۆزىنى چاغلىماي مادىيابەگ بىلەن تۇتۇشۇپ قويۇپ، بىرنەچچە ئايغىچە قۇتۇلالمىغانىدى. مادىيابەگ غېنى ساقچىنى نەدە كۆرسە شۇ يەردە پالتا كۆتۈرۈپ قوغلاپ ئارامىدا قويمايتتى. غېنى ساقچىنىڭ مادىيا بەگكە كۈچى يەتمىسۇ بىراق مادىيابەگنىڭ نېرۋىسى جايىدا بولمىغاچقا قانۇنىي تەدبىر قوللىنالمايتتى. بۇ قېتىممۇ شۇنداق ئاقىۋەتنىڭ يۈز بېرىشى كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. شۇ تاپتا غېنى ساقچى باشقا ئىشتىن كۆرە، مادىيابەگدىن قانداق قۇتۇلۇشنىڭ غېمىگە چۈشكەنىدى. رازاق ئىچىنىشلىق ھالدا قازا تاپقان، ئۆزى ئىمامبەگ بىلەن زاكونلىشىپ تۇرغان ئەھۋالدا، مادىيابەگنىڭ ئۇدۇل كېلىپ ئۆزىگە ئېسىلىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. مانا ئاقىۋەت غېنى ساقچىنىڭ ئويىدىكىدەك بولدى. مادىيابەگ كېلىپلا:

— ئۇكامنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن قاتىلنىڭ بېشىنى چاناي مەن! قورسىقىنى ماتىلايمەن! بۆرىكىنى سۇغۇرۇۋالىمەن! قېنى قايسىڭ ئۇكامنى ئۆلتۈردۈڭ؟ ماياققا كەل! — دېگىنىچە ئەتراپقا ئەلەڭلەپ بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئىمامبەگنىڭ يېنىدا قېچىشنى ياكى

بىرەر تەدبىر قوللىنىشنى بىلەلمەلمەي گاڭگىراپ قاراپ تۇرغان غىنى ساقچىنى كۆردى ـ دە، ــ ھوي توخۇ ئوغرىسى! سەن ساقچى بولغاندىكىن ئۆكامنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن قاتىلنى تېپىپ بەرمەي، دادامغا گەپ ياندۇرۇپ تۇرامسەن!؟ سېنىمۇ چانايمەن مانا!ــ دېگىنىچە قولىدىكى پالتىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ يۈگۈرۈپ كەلدى.

چوڭ چاتاق چىقىدىغانلىقىنى پەملىگەن ئىمامبەگ شۇئان غىنى ساقچىنى يانغا ئىتتىرىۋېتىپ:

ــ ھاي ـ ھاي، ھاي دېدىم ھاي! مەن خاپىلىقنى بىر تەرەپتىن تارتاي، ئۆكاڭنىڭ تېنى سوۋۇماي تۇرۇپ، ئەمدى سەندىن ئايرىلىپ قالسام قانداق بولغىنى! ئالدى بىلەن تەشكىل ئايرىپ باقسۇن، رازى بولمىغاندا ئاندىن پالتىنى كۆتۈرسەڭمۇ ئۈلگۈرسەن! ــ دېدى مادىيابەگنىڭ ئالدىنى توسۇپ.

بىراق، مادىيابەگ ئىمامبەگنىڭ توسۇشىغا پىسەنت قىلماستىن يانغا بۇرۇلۇپ، جىگدىلىك تەرەپكە كېتىۋاتقان غىنى ساقچىنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. ئىشنىڭ يامانلىشىۋاتقىنىنى سەزگەن غىنى ساقچى:

ــ ئاداش مادىيابەگ، ئۇنداق قىلماڭلا! قولۇڭلىدىكى پالتىنى تاشلىۋېتىڭلا! مەن سىلىگە رەگەتكە ياساپ بېرەي. نېمە دېسەڭلا شۇنى بېرەي! غوجام ئاداش، ئۆز ئاداش، ئۆزۈڭلىنى تۇتۇۋېلىڭلا!ــ دېسە، مادىيابەگ:

ــ قىلىۋرغامنى تۆلەپ بەر! بولمىسا پالتىدا پۇتۇڭنى چانايمەن!ــ دەپ يۈگۈرەيتتى.

ئىمامبەگ مادىيابەگنى قوغلاپ يېتىشەلمەي، دېمىنى ئاران دېگەندە بېسىپ ئورنىدىلا ئولتۇردى. شۇ تاپتا رازاقنىڭ جەسىتىگە يىراقتىن قاراپ تۇرۇشقان ئاياللارنىڭ يىغا ئاۋازى ئەتراپنى بىر ئالغاندى. ئادەملەرنىڭ بىر تۈركۈمى مادىيابەگدىن قورقۇپ بۇ

يەردىن يىراقلىشىۋاتاتتى، يەنە مەھەللە- مەھەللىلەردىن ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان ئادەملەر خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ جەسەتنىڭ يېنىغا يېقىنلىشىشقا ئۇرۇنۇشاتتى. ئىمامبەگ شۇ ھالدا ئولتۇرۇپ رازاقىنىڭ جەسىتىگە قاراپلا يەنە يىغلاپ كەتتى. ياندا قاراپ تۇرغان ئامانلىق مۇدىرى غېنى ساقچىنى قوغلاۋاتقان مادىيابەگنىڭ بىردىنلا ئېسىنى يوقىتىپ، كونا خامانىنى سورۇۋاتقانلىقىغا ئەجەبلەنگەن بىلەن، ئىمامبەگنىڭ ئۇ ئىشلارنى ئويلاشقا ھەپىلىسى يوق ئىدى. راست، غېنى ساقچى بىلەن مادىيابەگنىڭ كونا «ئاداۋىتى»گە ئۆز ۋاقتىدا مادىيابەگنىڭ سىمدا ياسىۋالغان چەمبەر شەكىللىك ئويۇنچۇقى سەۋەب بولغانىدى، يەنى مادىيابەگ ئۇ ئويۇنچۇقنى شورلۇقتا ئويناۋاتقاندا موتوسىكلىت بىلەن كېتىۋاتقان غېنى ساقچى ئويۇنچۇقنى ئېھتىياتسىزلىقتىن بېسىۋەتكەنىدى. گەرچە ئۇنى غېنى ساقچى ئۆز ۋاقتىدىلا ئوڭشاپ بەرگەن بولسىمۇ، بىراق مادىيابەگ شۇنىڭدىن بۇيان غېنى ساقچىنى كۆرسىلا «قىلىوغامنى تۆلەپ بەر» دەپ ياقىسىغا ئېسىلاتتى. كېيىنكى كۈنلەردە تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ پالتىنى پۇلاڭلىتىپ كەينىدىن قوغلايدىغان بولۇۋالدى. غېنى ساقچى شۇ ئىشتىن كېيىن ھەر قېتىم ئاچما كەنتكە كەلسە مادىيابەگ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئىمامبەگنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. بىراق، بۈگۈن ئۇ كەلمىسە بولمايتتى. شۇ تاپتا غېنى ساقچى مادىيابەگنىڭ ئالدىدا ئىتتىن قورققان مۈشۈكتەك يۈگۈرۈپ ماجالىدىن كېتەي دەپ قالغانىدى. مادىيابەگ ھېچ بولدى قىلاي دېمەيتتى. ئاخىر نېمىدۇر بىر ئىشنى كۆڭلىگە پۈككەن كەنت مۇدىرى مادىيابەگنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ، ئاران دېگەندە يېتىشىۋالدى ـ دە، قولىدىن تۇتۇپ توختاتتى، ئاندىن قۇلىقىغا بىرنېمە دەپ كۇسۇرلىغانىدى، مادىيابەگ قولىدىكى پالتىنى كەنت مۇدىرىغا بېرىپ، ئىككىسى بىللە مەھەللە تەرەپكە

قاراپ كېتىپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن يۇگۈرۈۋېرىپ تەرلەپ كەتكەن غېنى ساقچى نەق مەيدانغا قايتىپ كەلدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ناھىيە تەرەپتىن كېلىۋاتقان ساقچى ماشىنىسىنىڭ ۋەھىمىلىك سىگنال ئاۋازى ئاقتاش دەرياسىنىڭ ساھىلىدىكى كۆجۈم مەھەللىلەرنى ئەنسىزلىككە پاتۇردى......

كەۋسەر كۆز ئالدىدىكى دۆگىلۈكتە ئويناۋاتقان بالىلارغا كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى. ئىككىيلەننىڭ يېنىدىن بىر توپ قوي مەرىگىنىچە ئۆتۈپ كەتتى. غېنى ساقچى گەرچە ۋەھىمىلىك خىيالنىڭ قوينىدىن يۇلقۇنۇپ چىققان بولسىمۇ، بىراق كۆز ئالدىدا مادىيابەگ ھېلىقى كۈندىكىدەكلا پالتىسىنى يۇلاڭلىتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى......

ــ مەن مادىيابەگنى كىچىك ۋاقتىمدا كۆرگەندىن بۇيان ھازىرغىچە قايتا كۆرۈپ باقمىغاچقا، ئۇنىڭ بۇنچە قوپال، ئەسكىلىكىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتىكەنمەن. پەقەت نىرۋىسى سەل ئاجىز دەپلا بىلەتتىم، بىراق ئۇ...... بىچارە خەلچەم قانداقمۇ قىلغاندۇ؟

ــ ھازىر مادىيابەگنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى مىجەزى يوق. بەزىدە ئوڭشالغاندەك قىلغان بىلەن، كېسىلى قوزغالسا كۆزى ھېچنېمىنى كۆرمەيدۇ. ئەمما، سىز غەم قىلماڭ، كەۋسەر، بۇ دېلو ئۇزاققا قالمايلا بىر تەرەپ بولىدۇ.

ــ غېنىكا، بايا سىزنىڭ: ئابدۇللا ھازىرغىچە، رازاقنى مەن ئۆلتۈرمىدىم دەپ چىڭ تۇرۇۋېتىپتۇ دېگەن گېپىڭىز راستىنى دېسەم ماڭا زور ئۈمىد بېغىشلىدى. ئۆزۈممۇ ھەيران، مەندىمۇ مۇشۇنداق بىر خىل سېزىم بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئابدۇللانىڭ مىجەزىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىمەن. ئۇ ھەرگىزمۇ بىردەملىك ئاچچىقنىڭ كەينىگە كىرىپ ئادەم ئۆلتۈرىدىغان ئىشنى قىلمايدۇ. بۇنىڭغا ئالدى بىلەن سىز ئىشىنىشىڭىز كېرەك. سىزگە دېسەم ئابدۇللا

بىلەن رازاقنىڭ جېدەللەشكەنلىكى ھەققىدە سىلەرگە گۇۋاھلىق بەرگەن تۇردى ئىسمىلىك بالىدىن باشقا يەنە ھېچېز ئىسمىلىك بىر بالىنىڭ بارلىقى بۈگۈن مەلۇم بولدى......

— قارىغاندا سىز ئاتىكە خانىمنىڭ گەپلىرىگە ئىشىنىپ قالغان ئوخشايسىز. ئۇ دېگەن نېرۋىسى ئاجىز ئايال قاراڭ، سىزنىڭچە مەن ئۇ ئىشلارنى تەكشۈرمەي قالامدىمەن! مەن مەكتەپكە ھەم بېرىشقا تېگىشلىك يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە بېرىپ بالىلاردىن ئېنىقلىغان تۇرسام، ئۇ خوتۇن ئاغزىغا كەلگەننى دەۋېرىدۇ شۇنداق!

— غېنىكا، بۇ ئىشقا ئۇنداق سەل قارىماڭ، گېپىمنى بۆلمەي ئاخىرىغىچە ئاڭلاپ بېقىڭ!

— چاتاق يوق، مەن سىزگە شۇ گەپنىڭ ئۆزىنى دەي دەپ......

— مەن سىزنى ئاكامنىڭ ئورنىدا كۆرىمەن. ئەقلىمگە كەلسەم سىز ئائىلىمىزنىڭ بىر ئەزاسى ئىكەنسىز. بايا سىزگە كۆڭلۈمدىكىنى دېدىم. قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، بۇ قېتىمقى تەلپىمنى رەت قىلماڭ. ئاخىرقى نەتىجىگە ئەمەس، مېنىڭ كۆڭۈل ئارامىمغا ئېتىبار بېرىڭ بولامدۇ!؟

— بولىدۇ، بولمامدىغان.

— سىز دېگەندەك ئاتىكە خانىم ھازىر گېپىدىن سەل ئازدىغان بولۇپ قاپتۇ. بىراق، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر ئوبدان مۇڭداشتىم. بەزى گەپلىرىنىڭ خېلى ئاساسى باردەك قىلىدۇ. بۈگۈن كەچ بولۇپ قالدى. ئەتىلىككە سىز مېنى ئايتاغقا ئاپارسىڭىز. مەن ئۇ يەرنى ھازىرغىچە كۆرۈپ باقمىغان. بىز بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقۇپ تاغ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغاچ، ھېلىقى ھېچېز ئىسمىلىك بالا بىلەن كۆرۈشۈپ باقساق، كۈتمىگەن يەردىن بىرەر يىپ ئۇچى چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. قانداق، مېنى ئايتاغقا ئاپىرالامسىز؟

— چاتاق يوق. ئايتاغنى كۆرگۈڭىز بولسا سىزنى باشلاپ باراي. دېمىسىمۇ بىر كۆرگۈچىلىكى بار يەر ئۇ! بىراقىزە...... يېزا باشلىقى قوشۇلماسمىكىن. ھېلىغىچىمۇ ئۇ سىزدىن ئەنسىرەپ كەتتى بولغاي.

— بىلىمەن، سىز قوشۇلسىڭىزلا قالغان ئىشلارنى ئۆزۈم توغرىلايمەن. ئىمكان بار دادامغا چاندۇرمايمىز، قانداق؟

— سىز مۇشۇنداق دېگەندىكىن مەندە چاتاق يوق - دە! سىزنى كىچىك چاغلىرىڭىزدىمۇ مەن ئوينىتاتتىم ئەمەسمۇ! چوڭ بولغان ۋاقتىڭىزدا ئوينىتىش نۆۋىتى ماڭا كەلمىگەندى، ئەمدى بولسىمۇ ئۇلگۇرۇپتىمەن. بىلسىڭىز بۇ مېنىڭ بەختىم.

— راست، ئېسىمدە بار. سىز بىر قېتىم ماڭا تەپكۈچ ياساپ بەرگەن......

— مانا - مانا، ھوشيارده، سىز، ئۇنتۇپ قالماپسىز.

— ئۇنىڭ ئۇستىگە مېنى ھېلىقى موتوسىكلىتىڭىزغا مىندۈرگىنىز بار ئىدىغۇ! ئەمىسە ئەتە ئەتىگەندە موتوسىكلىتىڭىز بىلەن مېنى قېقىر تەرەپتىكى چوڭ توغراقنىڭ يېنىدا كۈتۈپ تۇرۇڭ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن، — غېنى ساقچىنىڭ قارامتۇل چىرايىنىڭ بىردىنلا نۇرلىنىشى كەۋسەرنى خاتىرجەم قىلدى.

كەۋسەر غېنى ساقچى بىلەن شۇنداق كېلىشكەندىن كېيىن، غازلىققا ماڭغان بىر دېھقاننىڭ ئېشەك ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ يۇرۇپ كەتتى.

*　　　*　　　*

تاڭ سەھەر. غازلىقتىكى ئەرلەر بامدات نامىزى ئۇچۇن

مەسچىتكە جۆنەپ بولدى. دەل شۇ چاغدا بارات نىيازنىڭ بىغىدىن چىقىپ، قىقىر تەرەپكە تېز قەدەم بىلەن كېتىۋاتقان يوچۇن كىشى كەۋسەر ئىدى. ئەسلىدە كەۋسەرنى دەماال تونۇيالمىغۇدەك دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋەتكىنى باشقا نەرسە ئەمەس، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا قايسىدۇر بىر پائالىيەتتە كىيىش ئۈچۈن سېتىۋالغان هاۋا رەڭ بوغما چاپان، شىم ھەم شامال شەپكىسىدىن تەركىب تاپقان بىرقۇر كىيىم بولۇپ، بۇگۈن ئۇنى كىيىپ بەئەينى يىگىتكىلا ئوخشاپ قالغانىدى. كەۋسەر چوڭ توغراقنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلگەندە، مۆكۈدەپ ئولتۇرغان غېنى ساقچىمۇ تونۇماي ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— غېنىكا، بۇ كىيىنىشىم بوپتىمۇ؟ — دېدى كەۋسەر غېنى ساقچىغا تەبەسسۇم بىلەن قاراپ.

— نىمە، سىز...... كەۋسەر...... پاھ! قالتىس يارىشىپتۇ! سىزنى تونۇيالمىغىلى تاسلا قاپتىمەن. چىرايلىق ئادەم دېگەن ئادەتتىكى كىيىمنى مۇنداقلا كىيىپ قويسىمۇ بۆلەكچىلا ئۆز كۆرۈنىدىكەن ئەمەسمۇ!

— ئاخشامدىن بېرى باش قاتۇرۇپ ئاخىر مۇشۇ چارىنى تاپتىم. مۇشۇنداق قىلسام ھەم كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتمايدىكەنمەن، ھەم ئۆزۈممۇ شامالداپ قالمىغۇدەكمەن.

— ناھايىتى پۇختا ئويلاپسىز، كەۋسەر. سىز چوڭ بولغانسېرى ئەقىللىك بولۇپ كېتىپسىز. دېمىسىڭىزمۇ ئايتاغنىڭ ھاۋاسى ئۆزگىرىشچان. بىردەم ئاپتاپ چىقسا، بىردەم شامال چىقىدۇ، — غېنى ساقچى شۇنداق دېگەندىن كېيىن كېرىلىپ بىر ئەسنىۋالدى - دە، موتوسىكلىتنى يولغا توغرىلاپ مېڭىشقا ھازىرلاندى.

— غېنىكا، كېچىدىن ياخشى ئارام ئالمىغاندەك قىلىسىزغۇ، ساقچىخانىدا نۆۋەتچىلىك قىلدىڭىزمۇيا؟ — دېدى كەۋسەر موتوسىكلىتقا جايلىشىۋېتىپ.

— بويتاقچىلىقنىڭ دەردى بولمامدۇ، بىرچاغقۇچە ئۇيقۇم كەلمەي شۇ......

— نىمە، بەختىگۈل ھەدەمنى يەنە يامانلىتىۋېتىپسىز- ھە؟ سىزمۇزە ئىككى بالىڭىز بولغاندا قاملاشمىغان ئىش قىپسىزغۇ!

— نەدە يامانلايدۇ، ئۇزاق بولدى خېتىنى ئېلىپ كەتكىلى! گاچا قىزنىڭ تىلىنى ئانىسى بىلىدۇ دەپ ئانىسىنىڭ ئۇسالىلىقى بولمامدۇ!

غېنى ساقچى شۇنداق دەپلا موتوسىكلىتىنى قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن مەھەللىدىن خېلىلا چەت دالىنىڭ جىملىقىنى موتوسىكلىتنىڭ ئاۋازى بۇزۇۋەتتى. ئەتراپتىكى جىغان ھەم قومۇشلارنىڭ ئارىسىدىن بوز تورغايلار ئۇچۇپ چىقىشىپ بوشلۇققا كۆتۈرۈلدى. ياۋا توشقانلارنىڭ ئالاقزادىلىك ئىچىدە ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرەۋاتقانلىرىمۇ ئارىلاپ كۆرۈنۈپ قالاتتى. ئۇلار ئەگرى - بۈگرى توپىلىق يولدا بىردەم ماڭغاندىن كېيىن تاش يولغا ئۇلىشىپ سۈرئەتنى تېزلەتتى.

غېنى ساقچى بۈگۈن ھارغىن كۆرۈنسىمۇ، بىراق بەكمۇ خۇشال ئىدى. شۇ تاپتا گەپ - سۆزلىرىدىكى يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيەتـ ـلەردىنمۇ كەۋسەرنى ئېلىپ ئايتاغقا قاراپ ماڭغانلىقىدىن بەكمۇ خۇشال ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. غېنى ساقچىنىڭ بۇ خىل روھىي ھالىتىنىمۇ چۈشىنىشكە بولاتتى. بۇ ھال ئۇنىڭ خېلى ئۇزاقتىن قىلىۋاتقان ئارزۇلىرىنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتاتتى. چۈنكى، ئۇمۇ ئەلۋەتتە ئاقتاش يېزىسىدىكى كەۋسەرنىڭ كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان گۈزەللىكىگە شەيدالاردىن ئىدى. قىسقىسى، كەۋسەرنىڭ نەزەرىگە ئېلىنالماي، ئامالسىز ھالدا دەردىنى ئىچىگە يۇتقانلارنىڭ ئىچىدە ئۇمۇ بار ئىدى. بولغاندىمۇ ئالاھىدىرەكى بولۇپ، بالاغەتكە يەتكەندىن تارتىپ بارات نىيازنىڭ ئائىلىسىدە، تېرىلغۇ يەرلىرىدە ھەردەم ھازىر بولغاچقا، بەئەينى تۇتىيادەك

ئەتىۋارلىنىپ چوڭ بولۇۋاتقان كەۋسەرنى كۆرۈش پۇرسىتى باشقىلاردىن كۆپ بولاتتى. «كۆزگە يېقىن ــ كۆڭۈلگە يېقىن» دېگەندەك، كەۋسەر شۇنچە چىرايلىق چوڭ بولغانسېرى ئەمدىلەتىن كۆزى ئېچىلىۋاتقان غېنىنىڭ ئۇنىڭغا شۇنچە ئىچى كۆيەتتى. بىراق، كېيىنكى كۈنلەردە ئىشلار ئۇنداق بولمىدى. غېنى بۇ ئائىلىنىڭ بىرقىسىم ئىش - كۈشلىرىدىن قولىنى ئاران دېگەندە بوشىتىپ، كەۋسەرنى كۆرۈشكە، ئۇنىڭ بىلەن بىردەم بولسىمۇ مۇڭدىشىشقا ئىنتىلگەندە بولسا، كەۋسەر ئاللىقاچان ئابدۇللا باشچىلىقىدىكى دوستلىرى بىلەن ئاقتاش دەرياسىنىڭ بويلىرىغا كېتىپ بولغان بولاتتى. ئىشلار بىر ئىزدا تۇرمىدى. ئارزۇدىكى ئىنتىلىش كۈندىن - كۈنگە يېڭىلىنىپ تۇرغان بىلەن رېئاللىق ھەممىنى ئۆز رايىغا بويسۇندۇرىدىكەن. غېنىنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى ئاشۇ سەرگۈزەشتىلىرى قەلبىدە بىر قېتىملىق شېرىن چۈشتەكلا يادلىنىپ كېلىۋاتاتتى. ئەپسۇس، غېنىنىڭ قانات ـ قۇيرۇقى يېتىلگەندە ئىش باشقىچە بولدى. بارات نىياز ئۇنىڭغا قوشنا كەنتتىن بەختىگۈل ئىسىملىك خۇش پىچىم تىككۈچى قىزنى ئېلىپ بېرىپ، مۇستەقىل تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە ئىجازەت بەردى. گەرچە ئۇنىڭ ھاياتىدا ئەنە شۇنداق چوڭ ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، بىراق كەۋسەرنى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ھەر خىل باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن بارات نىيازنىڭ ئۆيىگە كېلىدىغان ئادىتى ھازىرغىچە ئۆزگەرمىگەنىدى. ساقچى بولغاندىن كېيىن ئىلگىرىكىدەك بوش ۋاقتى كۆپ بولمىسىمۇ، كەۋسەرنىڭ ئاقتاشقا كەلگەنلىكىنى ئاڭلىسىلا بىر ئامال قىلىپ كۆرۈشەتتى. كەۋسەرمۇ ئۇنى ئۆچ كۆرمەيتتى. گاھىدا ئۆزىنىڭ ئاكىسىنىڭ ئورنىدا كۆرۈپ «مېنىڭمۇ سىزدەك ئاكام بولغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى» دېگىنىچە ئەركىلەپمۇ قوياتتى. بۇنداق چاغلاردا غېنى ساقچى خۇشال بولغىنىدىن قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالاتتى.

ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ ھازىرغىچە دەز كەتمەي ساقلىنىپ كېلىشىگە ئەلۋەتتە بىر خىل مەنتىقە سەۋەبچى ئىدى. ئېنىق ئېيتقاندا غېنى ساقچى كەۋسەرگە شۇنچە ئامراق بولسىمۇ، بىراق ئەزەلدىن ئۆزىنى كەۋسەرگە تەڭلەشتۈرۈشكە، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۆزىنى كەۋسەرگە مۇناسىپ ھېسابلاشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. لېكىن، مۇشۇ كۆنلەردە ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدىلا ئەمەس، بەلكى كەۋسەرنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ ئارقا - ئارقىدىن يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەر غېنى ساقچىنى ئارىلاپ ئويغا سېلىپ كېلىۋاتاتتى. گەرچە ئايالىنىڭ خىيتىنى بېرىۋەتكەندە بۇ ئويلىرى ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمىگەن بىلەن كەۋسەرنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى تۇرۇپلا ئۈمىدلەندۈرەتتى. يېقىندا ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان ئاغىنىسى ئاقتاشقا ئويناش ئۈچۈن كەلگەندە، غېنى ساقچىغا كەۋسەرنىڭ سەدىردىن بىلەن ئاراز- لىشىپ مەكتىپىدىكى ياتاققا كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ پەرىزىچە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۇزاققا قالمايلا ئادا - جۇدا بولىدىغانلىقىنى، شۇڭا بۇنداق بويتاق يۈرۈۋەرمەي كەۋسەرنى ئىندەككە كەلتۈرۈۋېلىشىنى ئېيتقاندا، غېنى ساقچىنىڭ كۆڭلىدە ئۈمىد نۇرلىرى غىل - پال چاقنىغانىدى. غېنى ساقچىنىڭ ھازىرقى ئويىچە بولغاندا، مۇبادا كەۋسەر سەدىردىندىن ئاجرىشىپ كەتسە تەبىئىي ھالدا «نەرخى» چۈشەتتى. چۈنكى، ھازىر ئۇنى كۆز قارىچۇقىدەك ئەتىۋارلاپ نەرخىنى كۆتۈرىدىغان ئانىسى زۇلەيخان يوق ئىدى. بارات نىيازنىڭمۇ يېشى بىر يەرگە بېرىپ، غازلىقتا ئۇزاق داۋام قىلغان سەلتەنىتى ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇراتتى. يەنە بىر تەرەپتىن غېنى ساقچى ھازىر خەقلەر تەرىپىدىن ئىلگىرىكىدەك «ئاچمىلىق يېتىمەك»، «يېزا باشلىقىنىڭ قورۇقچىسى» دېگەندەك بولمىغۇر ناملار بىلەن مازاق قىلىنىدىغان غېنى ئەمەس، بەلكى ئاقتاشتا ئىسمى تىلغا ئېلىنسا بەزىلەر تىترەيدىغان، كوچىدا ماڭسا

ھەممە دېگۇدەك باش ئېگىپ سالام قىلىدىغان، ھەتتا بارات نىيازدىن باشلاپ، ئانايەت كۇدەككىچە ھاجىتى چۈشىدىغان غېنى ساقچى ئىدى. غېنى ساقچى دېگەندىن كۆرە، ساقچىخانا باشلىقى دېسە تېخىمۇ جايىغا چۈشەتتى. گەرچە بۇگۈنگىچە كۆنگەن خۇيىنى ئۆزگەرتەلمەي، گاھىدا بارات نىيازنىڭ ئالدىدا تەمتىرەپ، ھودۇقۇپ يۈرسىمۇ، گېزى كەلگەندە بارات نىيازدىنمۇ چوڭ ھەم پىچىقى ئىتتىك ئادەم بولۇپ قالاتتى، بولۇپمۇ مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ باشقىلارغا ھەيۋە كۆرسىتىدىغان ۋاقىتلىرى بارغانسېرى كۆپىيىۋاتاتتى. بۇ ھالدا ئۇ مادىيابەگنى ھېسابقا ئالمىغاندا پۈتۈن ئاقتاش يېزىسىدا بىرەرسىدىن قورقۇپ قالمايتتى. مانا مۇشۇ ئىمتىيازغا ئاساسلانغاندا ئۇنى كەۋسەرنىڭ نەزەر قىرىغا ئېلىنمايدۇ دېگىلىمۇ بولمايتتى. مۇشۇ يولدىكى ئۈمىد بىلەن تەمە ئۇنى يېقىندىن بېرى خۇشال قىلىپ كېلىۋاتاتتى. بۇنى خۇشاللىق دەپلا ئاتىماي، خام خىيال قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرمىگەن بىر قېتىملىق تاسادىپىي پۇرسەت دېگىنىمىز تۇزۇك ئىدى.

غېنى ساقچى تۈنۈگۈن كەچتە كەۋسەرنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلاشقا ۋەدە بەرگەندىن كېيىن خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي، بىرمەھەلگىچە خۇش كەيپ بولۇپ يۈردى. كېيىن يېزا بازىرىدىكى رېمونتچىنى ئويغىتىپ، موتوسىكلىتنى بىرقۇر تەكشۈرۈپ، ئەتە يولدا چاتاق چىقمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىشنى تاپىلاپ قايتىپ كەلدى. لېكىن، نېمىشقىدۇر قولى ئىشقا بارمىدى. يەنە يېزا بازىرىغا كېلىپ كاۋاپچىنى ئويغاتتى. كاۋاپچى ئۇيقۇسىنى ئاران ئېچىپ: «دۇكاندا تەييار گۆش يوق ئىدى» دەپ بېشىنى قاشلىغانىدى، دەرھال توخۇ بولسىمۇ سويۇپ تونۇردا كاۋاپ قىلىپ بېرىشنى تاپىلىدى. كاۋاپچى ئىشقا تۇتۇنغاندا غېنى ساقچى يانىدىكى دۇكانچىنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا ئىچىملىك ۋە پېچىنە - پىرەنىك تەييارلاپ بېرىشنى تاپىلىدى، ئاندىن

دۇكانىنىڭ ئالدىدىكى كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ كۆڭلىدە ئەمدى تەييارلاشقا تېگىشلىك يەنە نېمە قالغاندۇ دېگەنلەرنى ئويلىدى. شۇ چاغدا كاۋاپچى يېنىغا كېلىپ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەكلا:

— غېنى سوجاڭ، توخۇدىمۇ كاۋاپ قىلايلى. مېنىڭچە تەنلىرىگە تازا قۇۋۋەت بولۇپ، مۇسكۇللىرىنى چىڭىتىش ئۈچۈن قوقاسقا غازنىڭ توخۇمى بىلەن قارا مېكيانىنىڭ توخۇمىدىن يېتەرلىك كۆمسەك بولارمۇ؟— دېدى مەنىلىك كۆز قىسىپ.

— مانا - مانا، دېمىسەممۇ كۆڭلۈمدىكىنى تاپتىڭغۇ سەن! شۇنداق قىل. ئويلاپ باقە، يەنە نېمە تەييارلىساق بولار؟ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تەييارلايدىغان نەرسىلەر چوڭ سۈپەت ھەم يېيىشلىك بولسا بولاتتى......

— بۇ گەپلىرى بەك قىزىق بولدىغۇ!

— قانداق دەيسەن؟ مەن تېخى قىزىق گەپ قىلغۇچى بولمىدۇمغۇ!

— سىلى دېگەن داۋاملىق باشقىلارغا مېھمان بولىدىغان تۇرسىلا، ئەجەب ئەمدى ئۆزلىرى باشقىلارنى مېھمان قىلىدىغاندەك گەپ قىلىلىغۇ؟ شۇڭا، دەيمىنا!

— ھى- ھى- ھى...... بولدى، تولا گەپ ئويناتماي، مەن سورىغانغا جاۋاب بەر !

— بۇ كېچىدە كىمنى كۈتەتتىلە؟ ناھايىتى شۇ ناھىيەدىن ئېچەرمەن ئاغىنىلىرى كەلگەندۇ تايىلىق! ئۇلارغا توخۇ كاۋىپىنى تەييارلاپ بەرسەم بولدىغۇ؟ دېسەم - دېمىسەم ئۇلار چوقۇم توخۇ كاۋىپى يېگىلى كېلىدىغۇ......

— تولا ھەددىڭدىن ئاشما! مەنچۇ، بۇ قېتىم مۇنداق جانغا راھەت بېرىدىغان پەرىزاتنى كۈتىمەن، بىلدىڭما!؟

— ئاھاي! بۇرۇنراق دېسىلە بولمامدۇ! پەرىزاتنى كۈتەر بولسىلا بۇ توخۇلارنى ئۆلتۈرۈپ نېمە قىلاتتىممەن!؟ ھازىرقى پەرىزاتلىرچۇ،

يەيدىغانغا ئەمەس، يانچۇقتىكى ئاقچىلىرىغا خۇشتار، سوچاڭ!
— مەن كۈتىدىغان پەرزات ئۇلارغا ئوخشىمايدۇ. تولا ۋالاقلىماي ئىشىڭنى چاپسان قىلە ماڭ!
— ماقۇل ئەمىسە، دېگەنلىرى بويىچە بولسۇن.
غېنى ساقچى ئاخشام بۈگۈنكى سەپەرگە پۇختا تەييارلىق قىلىمەن دەپ ئاقتاشنىڭ كىچىككىنە كالتە بازىرىدا ئەنە شۇنداق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنىدى. يەنە كېلىپ كىچىچە تاسادىپىي ئۇخلاپ قېلىپ كەۋسەرنى ساقلىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ تۈنەپ دېگۈدەك تاڭ ئاتقۇزغانىدى.
موتوسىكلىت تاشلىق يولدا بىر خىل سۈرئەتتە كېتىۋاتاتتى. ئۇلار ئايتاغقا قاراپ ئۆزىغانسىرى، غېنى ساقچىنىڭ ۋۇجۇدىنى بىر خىل ھاياجان ئىلكىگە ئېلىۋاتاتتى. بىر ھېسابتا غېنى ساقچى بۈگۈن ئۆزىنى كەۋسەر بىلەن ئابدۇللانىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر گۇۋاھچى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سەيلە - ساياھەت قىلىشقا كېتىۋاتقاندەك سېزەتتى. شۇنداقتىمۇ موتوسىكلىتنى سىلىق ھەيدەشكە تىرىشقاچ، ئايتاغقا مۇناسىۋەتلىك مۆجىزىلەر ھەققىدە ئارىلاپ پاراڭ قىلىپ، ئۆزىنىڭ بۇ ھاياجانلىق ھالىتىنى ئىمكان بار كەۋسەرگە چاندۇرماسلىققا ئۇرۇناتتى. بىراق، كەۋسەرنىڭ قۇلىقىغا ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى گەپلىرى كىرمەيتتى. ئەسلىدە كەۋسەر ئايتاغ توغرىسىدىكى بۇنىڭدىنمۇ قىزىق پاراڭلارنى ئەخمەت بوۋايدىن ئىلگىرىلا ئاڭلاپ بولغانىدى. كەۋسەرنىڭ ئاڭلىغانلىرىنىڭ ئىچىدە ئۇنى ئەڭ قىزىقتۇرغىنى ئايتاغدىكى سىرلىق ئۆڭكۈر ئىدى. شۇ چاغدا ئەخمەت بوۋاي ئەينى يىلى ھەمراھلىرى بىلەن پولات تاۋلاش ئۈچۈن ئايتاغقا چىققاندا بۇ ئۆڭكۈرنى كۆرگەنلىكىنى، ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە بىر بۇلاق بارلىقىنى، كىمدۇر بىرىنىڭ ئىلگىرى مۇشۇ بۇلاقتىن ئالتۇن سۈزۈۋالغانلىقىنى، كېيىنكى كۈنلەردە بۇلاق بويىدىكى قورام

تاشنىڭ ئۈستىگە چوڭ بىر چار پاقىنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى، كىم بۇلاقتا يېقىنلاشسا غەلىتە ئاۋاز چىقىرىپ خىرىس قىلىدىغانــ ـــلىقىنى دەپ بەرگەنىــدى. كەۋســەر مۇشــۇلارنى خىيالىــدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ كۆڭلى يېرىم بولدى. دېمىسىمۇ ئەخمەت بوۋاي بۇ گەپلەرنى قوغۇنلۇقنىڭ ساتمىسىدا دەپ بەرگەن بولۇپ، ئۇ چاغدا دوستلىرىنىڭ ھەممىسى يېنىدا بار ئىدى. نىياز ئەخمەت بوۋايغا تېخى: «سىز شۇ چاغدا نېمىشقا بۇلاقتىن ئالتۇن سۈزۈۋالمىغان. شۇنداق قىلغان بولسىڭىز، ھازىر باي بولۇپ كەتمەسمىدۇق» دېسە، خەلچەم: «ئالتۇنلارنى قوغدايدىغان چار پاقا تۇرسا قانداق سۈزۈۋالىدۇ» دېگەنىدى. خىيالغا پېتىپ قالغان ئابدۇللا بولسا: «پولات دېگەننى پىچتا، يۇقىرى ھارارەتتە تاۋلايدىغان تۇرسا، سىلەر ئايىتاغدا قانداق تاۋلىغان ئىدىڭلار؟» دەپ سورىغاندا، ئەخمەت بوۋاي: «بىز پولاتنى پاسار ئوتىدا تاۋلايمىز دەپ نوغۇچتا ئوت پۈۋلىگەنىدۇق» دەپ قىزىقارلىق جاۋاب بەرگەنىدى.

يىراقتىكى چېقىللارغا قاراپ خىيال سۈرۈۋاتقان كەۋسەرنىڭ قۇلاق تۈۋىدە دوستلىرىنىڭ شۇ چاغدىكى كۈلكە ساداسى قايتا ياڭرىغاندەك بولدى. غېنى ساقچى بولسا كەۋسەرنىڭ ئۆز يېنىدا جىمجىتلا ئولتۇرغانلىقىغا قاراپ، كۆڭلىگە ھەر خىل گۇمانلارنى كەلتۈرۈپ ئۈلگۈرگەنىدى. ئۇ موتوسىكلىتنى سەل ئاستىلىتىپ دېدى:

— كەۋسەر، جىمپىلا كەتتىڭىزغۇ؟ گەپ قىلغاچ ئولتۇرىڭە، مۇنداق جىم ئولتۇرسىڭىز كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ قالىدىكەن. ھە راست، ئاخشام ئۆيدە باشلىقتىن تەنقىد ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

— ئاڭلىماي قالامدىمەن، دادام: ئىمامبەگنىڭ ئۆيىگە نېمىشقا باردىڭ؟ دەپ خاپا بولدى. «بۇنداق ئىشلارنى غېنى قىلىدىغان تۇرسا، ساڭا نېمە كەپتۇ» دېدى. بەختىمگە يارىشا دادامغا بۈگۈن ناھىيەدە يىغىن باركەن. ئۇ كەتمىگەن بولسا ھەرقانچە قىلسامۇ

ئۆيدىن سىرتقا چىقالمايتتىم دەڭە!

— پەرىزىمچە بىرەر ئىش سىزنى بىئارام قىلىۋاتقاندەك قىلىدۇ. مەن يات ئادەم بولمىغاندىكىن ھەرقانداق ئىش بولسىمۇ يوشۇرماي دەڭ، قولۇمدىن كەلسە ياردەم قىلىمەن. ئەگەر ياردەم قىلىش قولۇمدىن كەلمىسە ياخشى مەسلىھەت بېرىمەن.

— ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، غېنىكا. سىز شۇ تاپتىمۇ ماڭا ياردەم قىلىۋاتىسىزغۇ مانا!

— ھەي، تۈزۈك گەپ قىلىڭە، كەۋسەر. ماڭا بۇنداق دېسىڭىز سىزدىن رەنجىپ قالىمەن. بۇ دېگەن ئادەتتىكى ئىش تۇرسا. سىزگە راست گەپنى دېسەم قاراڭ، ئۆتكەن يىللار ئىچىدە بېشىڭىزدىن كۆپ ئىشلار ئۆتتى. مەن سىزگە ياردەم قىلىشنى شۇنچە ئويلىغان بولسامۇ ئەمما...... ماڭا پۇرسەت بولمىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا بەكمۇ خىجىل.

— ئۇنداق دېمەڭ.

— رەھمەتلىك زۇلەيخان ئانام ماڭا بەكمۇ ئامراق ئىدى. شۇ...... كېيىن...... ھەي، بۇ جاھاندا بەزىبىر ئىشلار ئادەمنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمايدىكەن. كېيىنكى ئىشلارنى ئويلىغانسېرى كىچىك ۋاقىتلىرىمنى خىيال قىلىپ قالىمەن. كونا ئۆينىڭ بېغى ھۆددەس ئېسىمدىن چىقمايدۇ. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھېلىقى ئىككى تۈپ ئالۇچىغا سىزگە ئېلەڭگۈچ ياساپ بېرەتتىم، ئېسىڭىزدە بارمۇ؟

— ئەلۋەتتە ئېسىمدە بار. سىز ماڭا يەنە تال چىۋىقتا چاچمۇ ياساپ بەرگەن......

كەۋسەر گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېمەي بىردىنلا جىمىپ قالدى. گەرچە ئۇنىڭ باياتىنقى گېپى بىلەن ئەتىدىن بېرى ئۆزىچە قورۇنۇپ، نېمىلەردىندۇر گۇمانسىراپ كېلىۋاتقان غېنى ساقچى روھلىنىپ قالغان بولسىمۇ، بىراق كەۋسەر ئەمدى بايىقىدىنمۇ

مۇھىمراق خىياللار قاينىمىغا شۇڭغۇدى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭغا غېنى ساقچىنىڭ ھازىر ئېيتقان ئۆتمۈش توغرىسىدىكى گەپلىرى سەۋەب بولغانىدى. ئەنە، كەۋسەرنىڭ كۆز ئالدىدا نەقىشلىق سالاسۇنلىرى كۆل بويىغا قارايدىغان پېشايۋانلىق ئۆيىنىڭ كەينىدىكى مۇشۇ يۇرت تەۋەسىدىكى ھەممە مېۋىلىك دەرەخ تۈرلىرى تېپىلىدىغان ئازادە بېغى. باغنىڭ يان تەرىپىدىكى سۆڭگۆچتىن كىرىپ، قارشى تەرەپتىكى سۆڭگۆچتىن سىرتقا چىقىپ كېتىدىغان ئېرىق، سۇ يۈزىدە ئېقىپ كېتىۋاتقان ئالما، ئالۇچا، جىنەستىلەر، ئەنە قىرىق تال قىلىپ ئۆرۈلگەن بوستان چاچلىرى دولىسىغا يېيىلغان خەلچەم ئېرىق بويىدا شوخلۇق قىلماقتا. راشىدىن، نىياز، سەدىردىن سۇغا چۆكۈپ سۆڭگۆچتىن باغقا كىرىپ خەلچەمگە ھەم ئېرىققا كىرىشكە ئۈنتىلىۋاتىسمۇ، بىراق سۇدىن ئەندىكىپ جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى. كەۋسەرگە سۇ چاچماقتا. ئاللىقاچان باغ پاسىلىدىكى قاپاق تېرەككە يامىشىپ چىقىپ پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان ئابدۇللا خۇددى مولۇندەك قاپاق تېرەكتىن جانانە ئۆرۈككە، جانانە ئۆرۈكتىن نەشپۈت دەرىخىگە ئۆتكەندىن كېيىن ئاخىرىدا ئېرىققا سەكرەپ چۈشۈپ كەۋسەر بىلەن خەلچەمگە تۇيۇقسىز «ھۇجۇم» قىلماقچى بولغان ئۈچ نەپەر «دۈشمەن»گە ئەجەللىك زەربە بەرمەكتە..... باغقا ئوتۇن يېرىش ئۈچۈن چىققان ئۆسكىلەك، قارىمۇتۇق كەلگەن غېنى بولسا يان تەرەپتىكى ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن ئاق لەيلىنىڭ ئارىسىغا مۆكۈۋېلىپ پىخىلداپ كۈلمەكتە. ئەنە، ئابدۇللانىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشكە بەرداشلىق بېرەلمىگەن بىر «دۈشمەن» قاچقانچە كېلىپ ئاق لەيلىنىڭ ئارىسىغا كىرمەكچى بولغاندا، ئۇ يەردىن غېنى يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۆزىنى چەتكە ئالماقتا..... ئابدۇللا: «قاراڭلار! كىمكىن دېسەم، غېنى قارىكەن، بىزنى يەنە مارايتۇ! ئەنە قېچىپ كەتتى» دەپ ئۇي تەرەپنى ئىما قىلماقتا......

— كەۋسەر، بۇ يەردە ئاجايىپ ھەيۋەتلىك بىر شارقىراتما بار، موتوسىكلىتتىن چۈشۈپ كۆرەيلى ھەم ئاز - تولا بىرنەرسە يەپ ئاندىن ماڭايلى!

غېنى ساقچىنىڭ بۇ گېپى ئەتىدىن بېرى تاتلىق خىيالغا پېتىپ ئولتۇرغان كەۋسەرنى گاڭگىرىتىپ قويدى. ئەسلىدە غېنى ساقچى موتوسىكلىتنى ئۇدۇل يولدىن ياندىكى چىغىر يولغا قايرىپ شارقىراتمىغا يېقىن يەردىكى بوشلۇقتا توختاتقانىدى. بۇ يەر قارىماققا خىلۋەت بولۇپ، چىغىر يول يېقىنلا يەردىكى جىرادا ئۈزۈلەتتى. خىيالنى توختىتىپ رېئاللىققا قايتقان كەۋسەر ئەتراپقا قاراپ قانچىلىك يول باسقىنىنى سەزمەيلا مەنزىلگە يېتىپ كەلگەنلىكىدىن ئەجەبلەندى. بۇ چاغدا غېنى ساقچى جەنۇب تەرەپتىكى ئېگىز قىياغا كۆز تىكىپ تۇراتتى.

— غېنىكا، ئاياغقا كېلىپ بولدۇقمۇ؟ مەن سەزمەيلا قاپتىمەنغۇ! — دېدى كەۋسەر موتوسىكلىتتىن چۈشۈۋېتىپ تىزىنى ئۇۋۇلىغىنىچە.

— بۇ يەرمۇ ئاياغقا تەۋە. يېزا مەركىزىگە يەنە ئون نەچچە كىلومېتىر يول بار. بۇنىڭدىن كېيىنكى يولىمىزدا ئەمدى مەھەللىلەر ئۇچراپ تۇرىدۇ. مۇشۇ يەردە بىردەم ئارام ئېلىپ ئۇسسۇلۇق ئىچەيلى ھەم يەنە...... — غېنى ساقچى شۇنداق دېگەچ موتوسىكلىتنىڭ كەينىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان چوڭ سومكىنى يەشتى - دە، بىر ئەدىيالنى ئېلىپ چۆپلۈككە يايدى، ئاندىن سومكىدىن سولياۋ خالتا ھەم گېزىتكە ئورالغان ئىچىملىك ھەم يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ ئەدىيالنىڭ بىر تەرىپىدە قويدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ يەردە كىچىك بولسىمۇ بىر نازۇ - نېمەتلىك داستىخان ھاسىل بولدى.

— غېنىكا، بۇ چوڭ سومكىنى نېمىشقا موتوسىكلىتنىڭ كەينىگە قىستۇرۇۋالغاندۇ دېسەم، ئەسلىدە سومكىدا چۆچەكلەردىكى خىسلەتلىك داستىخان باركەن ئەمەسمۇ! — دېدى

كەۋسەر قىزىقچىلىق قىلىپ. كېيىن ئۇ شارقىراتمىغا قاراپ ھاياجانغا چۆمدى.
دەرۋەقە بۇ يەر ئاجايىپ گۈزەل بولۇپ، بىر - بىرىگە مىنگىشىپ پەلەككە بوي سوزغان چېقىللار سوزۇلۇپ ياتاتتى، ئۇنىڭ قىسىلچىقىدا ساڭگىلاپ تۇرۇۋاتقان قورام تاشلار كىشىگە ھېلىلا تۆۋەنگە سىيرىلىپ چۈشىدىغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. ھەيۋەتلىك جىرادا ھاسىل بولغان شارقىراتما كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا يىراقتىكى نامەلۇم بىر سىرلىق دۇنيانى كەلتۈرەتتى. شارقىراتمىنىڭ بۇژغۇنلىرىدىن چاچرىغان زىلال سۇ ئىككى قىرغاقتىكى يېشىل چۆپلەرنىڭ ياپراقلىرىغا قونۇپ، خۇددى يېشىل مەرۋايىتتەك چاقنايتتى. تۆۋەن تەرەپ يىراقتىكى تاغ باغرىغىچە سوزۇلغان ياندامىلىق بولۇپ، باغرىدا ياۋا گۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ياندامىلىقنىڭ ئاخىرقى بۆلىكىدە بىر توپ قوي پادىسى يايلاۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ گويا ئاق رەڭلىك داستىخاننى يېيىپ قويغاندەكلا كۆرۈنەتتى. بۇ مەپتۇنكار مەنزىرىلەر كەۋسەرنى ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالدى. شۇ تاپتا ئۇ ئەتراپقا تويماي قاراپ، ئۆز - ئۆزىگە: بىزنىڭ يۇرتىمىزدىمۇ مۇشۇنداق گۈزەل جايلار باركەنغۇ دېگەنلەرنى پىچىرلايتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقان غېنى ساقچى ئۆز ئەقلىگە بارىكاللا ئېيتىۋاتاتتى.
— غېنىكا، ئايتاغنى بوران چىقىپلا تۇرىدىغان كۆرۈمسىز تاغلىق بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلاتتىم. پۇتۇنلەي خاتالىشىپ-تىمەن، بۇ يەر ھەقىقەتەنمۇ چىرايلىقكەن! — كەۋسەر ئىختىيارسىز ھالدا شۇنداق دېگەنىدى، غېنى ساقچى مىيىقىدا كۈلۈپ:
— ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەندىكىن خاتالاشماي قالمايدۇ. دېمەكچى بولغىنىم يۇرتىمىزدا، بولۇپمۇ مەھەللىمىزدە ئىلگىرى سىز كۆرمىگەن، كۆرگەن بولسىڭىزمۇ ئانچە ئېتىبار

بەرمىگەن نۇرغۇن گۈزەل نەرسىلەر بار...... — دېدى مەنىلىك قىلىپ.

— راست دەيسىز، ھەر قېتىم ئاقتاشقا كەلسەم سىز دېگەندەك نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولىمەن. ماڭا ئاقتاشنىڭ شورلۇق توپىسىمۇ شۇنچە سۆيۈملۈك تۇيۇلىدۇ.

كەۋسەرنىڭ بۇ گېپى غېنى ساقچىنى قەۋەتلا خۇش قىلىۋەتتى. شۇ تاپتا غېنى ساقچى ئۆزىنىڭ بۇگۈن بۇنچە گەپدانلىشىپ قالغانلىقىغا، بۇ گەپلەرنىڭ ئاغزىدىن بۇنچە ئوبرازلىق چىقىۋاتقانلىقىغا ئىشىنەلمەيۋاتاتتى. ئەلۋەتتە، غېنى ساقچىنىڭ بۇ ئۆزگىچە ھالىتىگە كەۋسەر بەكرەك ھەيران قېلىۋاتاتتى. كىچىك ۋاقىتلىرىدا ھەرقانداق گەپنى مىجەزىگە قارشى ھالدا تەمتىرەپ، ھودۇقۇپ قىلىپ كۆنۈپ قالغان غېنى ساقچىنىڭ بۈگۈن ھەقىقەتەنمۇ مۆجىزە يۈز بەرگەندەك ئاغزى ئېچىلىپلا كېتىۋاتاتتى. كەۋسەر ئەتراپتىكى گۈزەل مەنزىرىلەردىن مەستخۇش بولۇپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن ئاستا كېلىپ ئەدىيال ئۈستىدە ئولتۇردى. غېنى ساقچىنىڭ خۇشاللىقى يەنە ھەسسىلەپ ئېشىپ ئاغزى ئېچىلىپلا كەتتى:

— قاراڭ، كەۋسەر، ئايتاغنىڭ ھاۋاسى كۆپ ھاللاردا مۇشۇنداق ساپ بولىدۇ. بۇنداق مۇھىتتا ئادەمنىڭ ئىشتىھاسى ئېچىلىپلا كېتىدۇ دەڭە. قېنى تارتىنماي داستىخانغا بېقىڭ. مانا ماۋۇ ئاقتاشنىڭ باغلىرىدا خالىغانچە دانلاپ سەمرىگەن توخۇنىڭ كاۋىپى، ماۋۇسى ئاقتاش دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن غازلىق كەنتىنىڭ ئۆزۈمىدە ياسالغان تاتلىق ئىچىملىك، مانا ماۋۇ......

— خۇددى مەن چەت ئەلدىن كەلگەندەك بىرمۇبىر تونۇشتۇرۇپ كەتتىڭىزغۇ! بۇ نەرسىلەرنىڭ ئاقتاشنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتى ئىكەنلىكىنى قاراپلا بىلەلەيمەن. تېخى سىز بىلمەيدىغان يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى مەن بىلىمەن!

— قارىغاندا شەھەرلىك بولۇپ كەتكەن بولسىڭىزمۇ ئاقناشىنى ۋە يەنە مېنى ئۇنتۇپ كەتمەپسىز- ھە؟ ئەمىسە مەن قول كەلتۈرۈپ بېرەي، بەھۇزۇر باقايلى.
— غېنىكا، راستىنى ئېيتسام، مەن سىزنىڭ ئاپتاغنىڭ باغرىغا يايغان بۇ داستىخىنىڭىزغا بىرئاز ئەجەبلىنىۋاتىمەن. ئويلاپ باقسام بىز مۇشۇ كۈنگىچە بۇگۈنكىدەك كۆكۈللۈك پاراڭلىشىپ باقماپتىمىز. ئارىدا كۆپ ئىشلار يۈز بەردى. ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كەلسەم سىز باشقىچە بىر ئادەم بولۇپ قاپسىز. بۇرۇنقى رايىش ۋە يۇمشاق-لىقىڭىزدىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ. ھەممە كىشىگە ھومىيىپ قاراپ......
— ھا- ھا- ھا...... قاراڭ گېپىڭىزنى! بىلسىڭىز بۇ دېگەن كەسىپ كېسىلى، ئەتىدىن كەچكىچە ئوغرى - قىمارۋازلارنى قوغلاپ يۈرۈپ شۇنداق بولۇپ قالدىم. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ باغرىم بەكمۇ يۇمشاق!
— بۈگۈن قارىسامغۇ ئەھۋال باشقىچە تۇرىدۇ. ئەسلىدىكى تەبئىتىڭىزگە قايتىپ كەلگەندەك تۇرىسىز. گەرچە بىز بىر - بىرىمىزنىڭ باللىق چاغلىرىغا شاھىت بولساقمۇ، چوڭ بولغاندىن كېيىن تۇرلۇك سەۋەبلەر بىلەن تازا ئىزدىشىپ ئۆتەلمىدۇق. باللىقىمنى ئويلىساملا ئاۋۋال سىز كۆز ئالدىمغا كېلىسىز. بۈگۈن ئىككىمىزگە ياخشى بىر پۇرسەت كەلگەن چېغى، تازا قانغۇدەك مۇڭدىشىۋالايلى، بولامدۇ؟
كەۋسەرنىڭ بۇ گەپلىرىدىن غېنى ساقچى بەك ھاياجانلىنىپ كەتتىمۇ، ئەيتاۋۇر، سېمىز بەدىنىگە تىترەك ئولىشىۋاتقىنىنى سېزىپ، ئۆزىدىكى بۇ خىل نورمالسىزلىقنى ئاۋالقىدەكلا كەۋسەردىن يوشۇرۇشقا تىرىشىۋاتاتتى.
— ئوغۇل بالىنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالسىڭىز، تۇرقىڭىز ئوغۇل بالىغا ئوخشاپلا قالماي، گەپلىرىڭىزمۇ مەردانىلىشىپ كېتىدىكەن -

هه، كەۋسەر! گەپلىرىڭىز مېنى بەكلا خۇش قىلىۋەتتى. دېگىنىڭىزدەك چوڭ بولغانسېرى ئىزدىنىشەلمەي قالدۇق. بۇ ئىشتا مەن ئەيىبلىك. ئەسلىدە مەن ئوغۇل بالا بولغاندىكىن بەزىبىر ئىشلاردا سىزگە يار - يۆلەك بولسام بولاتتى.

— يەنە شۇنداق دەۋاتىسىزغۇ، بولدى، ئۆزىڭىزنى ئەيىبلىمەڭ. مانا شۇ تاپتىمۇ ماڭا كۆيۈنۈۋاتىسىزغۇ!

— يۈرىكىمدىكى گەپنى دېسەم، سىزنى كىچىك ۋاقتىڭىزدىن باشلاپ بىلگەنلىكىم ئۈچۈن كۆڭلۈمنى سىزگە بەكمۇ يېقىندەك سېزىمەن، كىچىكلىكىمنى ئويلىسام ھېلىھەم سىزدىن بۆلەك قىزلارنى پەقەت ئەسلىيەلمەيمەن ھەمدە ئەسلىگۈممۇ كەلمەيدۇ. يەنە...... يەنە ئويلاپ باقسام، مۇشۇ كۈنگىچە سىزگە دېيىشنى ئويلىغان گەپلىرىمنى ھۆددەس دېيەلمەيتىمەن...... خەقلەر ھەرنېمە دېگەنبىلەن يەنىلا جۈرئەتسىزكەنمەن......

— راست، تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن ئىشلار بىزنىڭ رايىمىزغا باقمايدىكەن. بۇ دۇنيادا ئىنسانلار كۆپ ھاللاردا ئۆزى ئارزۇ قىلغان نەرسىلەرگە ئېرىشەلمەي، ئەكسىچە بىزار بولغان نەرسىلەرنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالىدىكەن...... بەلكىم بىلىسىز كېرەك، مەن تېخى بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسىدىن غېمى يوق ئەركە بىر قىز ئىدىم. مانا ئەمدى بېشىمدىن ئۆتكەن كەچمىشلىرىمنى ئويلىسام، ئۆزۈمنى قېرىسپ موماي بولۇپ قالغاندەكلا ھېس قىلىمەن.

كەۋسەرنىڭ بۇ سەمىمىي گەپلىرى غېنى ساقچىنىڭ قەلبىدە ئىلگىرىكىدىن بەكرەك ھاياجان ۋە ئۈمىدۋارلىق تۇيغۇسىنى قوزغىدى. ئۇلارنىڭ ئۇسسۇلۇق ئىچىپ، ئاز - تولا بىرنەرسە يېگەچ قىلىشقان پاراڭلىرى مۇشۇ يوسۇندا بىردەم داۋاملاشتى. بۇ جەرياندا غېنى ساقچى گەپنىڭ تېمىسىنى قەلبىدە ئۇزاقتىن بۇيان تۇنەپ ياتقان مەقسەتكە ئەتەي بۇراپ، كەۋسەرنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ

ئۆلگۈردى. كەۋسەرمۇ بۇنىڭغا يارىشا سەممىي گەپلەرنى قىلىپ ئۇمىدلەندۈردى. مۇبادا غېنى ساقچى غەيرەتكە كېلىپ ئەتىدىن بېرى دىلىدا تەكرارلاپ ياد ئالغان: «مەن سىزنى كىچىك ۋاقتىمدىن باشلاپ ياخشى كۆرەتتىم، ئەمما ئارىدا ماڭا پۇرسەت نېسىپ بولمىدى. ئەمدى بولىسىمۇ كۆڭلۈمنى قوبۇل قىلىڭ. سەدىردىندىن دەرھال ئاجرىشىپ كېتىڭ، ئۇ سىزنى خەسنىڭ ئورنىدا كۆرۈپ دىلىڭىزغا ئازار بەرگەن بولسا، مانا مەن تۇتىيادىن ئارتۇق كۆرۈپ ئەزىزلەيمەن» دېگەن گەپنى دادىل دېيەلىسە ئارىدىكى سىرلىق تام دەرھال يىقىلىپ، كەۋسەرنىڭ ئۆزىگە بولغان ھەقىقىي قارىشى نامايان بولاتتى. بىراق، غېنى ساقچىنىڭ ھازىرقى مادارى ئۇنىڭغا يەتمەيدىغاندەك قىلاتتى. كەۋسەرنىڭ ھەدېگەندە ئۆزىنى قېرىنداش ئاكىسىنىڭ ئورنىدا كۆرۈپ يېقىنچىلىق قىلىۋاتقانلىقىلا ئەمەس، يەنە بىر تەرەپتىن بايا مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇش بىلەنلا جىسمىدا باشلانغان ھېلىقى تىترەك ئەدىگەچكە ئۆزىنى ئەركىن تۇتالمايۋاتاتتى. توۋا، ئىلگىرى خېلى زور ۋەھىمە ئالدىدىمۇ ھېچ تەۋرىمەيدىغان جىسمى بوگۈن نېمىشقا كۆتۈلمىگەندە مادىيابەگنىڭ قوغلاش نىشانىغا ئايلىنىپ قالغاندەكلا تىترەيدىغاندۇ!؟ غېنى ساقچى بۇنىڭ تېگىگە يەتمەكچى بولاتتى. «بۇ شارقىراتما تەرەپتىن كېلىۋاتقان سوغۇق شامالنىڭ تەسىرىمىدۇ. ياق، ئۇنداق بولسا يېنىمدا ئولتۇرغان كەۋسەرمۇ ئاللىقاچان توڭۇپ تىترەپ كەتسە بولاتتىغۇ؟ ھە بىلدىم، ئۇ دەل كەۋسەرنىڭ شەھلا كۆزلىرىدىكى ئۆزگىچە نۇرنىڭ كارامىتىكەن ـ دە! راست شۇنداقكەن. ئەنە ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ ئاشۇ نۇرغا دۇچ كەلسەملا پۇت ـ قولۇمدىن ماغدۇر قېچىۋاتىدۇ......» غېنى ساقچى كۆڭلىدە شۇلارنى ئويلىغاندىن كېيىن، ئاساسىي مەقسەتكە قەدەممۇقەدەم يېقىنلىششقا باشلىدى.

ــ سەزدىڭىزمىكىن، كەۋسەر، زۇلەيخان ئانام قازا قىلغاندىن

كېيىن يېزا باشلىقىمۇ بىردىنلا جۇدەپ كەتتى. ئۇنىڭغا قارىسام يۈرىكىم ئېچىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ئىسلاھاتنىڭ گېپى كۆنسېرى ئاۋۇۋاتقاچقا، يېزىنىڭ ئىشلىرى يىلدىن - يىلغا مۇرەككەپلىشىۋاتىدۇ. بۈگۈن بۇ ئىشنىڭ قۇيرۇقىنى ئۈزۈپ بولغۇچە، ئەتىسى يېڭى بىر ئىش چىققان؛ بۇنداق بولۇۋەرسە مېنىڭچە، يېزا باشلىقىنىڭ سالامەتلىكى يار بەرمەي قالىدۇ. ئاچىلىرىڭىز ئۇنىڭ ھالىدىن نۆۋەتلىشىپ خەۋەر ئالدى دېگەنىبىلەن، ئۇلارنىڭمۇ بالىلىرى بىر - بىرلەپ چوڭ بولۇپ ئائىلىنىڭ ئىش - كۈشلىرىمۇ كۆپەيدى. بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق ئۇنداق قىلىپ بولالمايدۇ، شۇڭا...... دېمەكچىمەنكى، ئاقتاشتىمۇ مەكتەپ بولغاندىكىن يۆتكىلىپ كەلگەن بولسىڭىز ئوبدان بولاتتى.

— سىزگە رەھمەت، غېنىكا، دادامغا ھەم ئائىلىمىزگە بۇنچە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىڭىزنى بىلىپ سىزدىن ھەقىقەتەنمۇ خۇش بولدۇم. دېگىنىڭىزدەك دادام بەكمۇ يالغۇزسىراپ قالدى. بۇنى ئويلىسام ئىختىيارسىز يىغا تۇتىدۇ. ئاتا - ئانا بىر ئۆمۈر بالام - بالام دەپ خۇددى پەرۋانە ئۆزىنى ئوتقا ئۇرغاندەك جاپا - مۇشاققەتكە ئۆزىنى ئۇرۇپ ياشايدىكەن. بىز بالىلار گەرچە كۆڭلىمىزدە ئاتا - ئانىمىزنىڭ ئەجرىگە مۇناسىپ جاۋاب قايتۇرۇشنى ئويلىساقمۇ، ئەپسۇس تۇرمۇشقا چىقىپلا ئۆزىمىزنىڭ ھالى بىلەن بولۇپ كېتىدىكەنمىز. ئەقلىمىزنى تېپىپ بولغۇچە ئۇلار بىر - بىرلەپ بىزنى تاشلاپ كېتىپ قالىدىكەن. ھەر قېتىم ئانام ئېسىمگە كەلسە ئۇنىڭ بىزنى قاتارغا قوشۇش يولىدا تارتقان بىرتالاي جاپاسىنى ئويلاپ ھەسرەت يۇتىمەن.

— قانداقلا بولسۇن سىز ئۇنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئوبدان بېقىۋالدىڭىز.

— قارىسام، سىز دېگەندەك دادام ھەقىقەتەن ئاجىزلاپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن كېيىن قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، دادامنى

ھەرگىزمۇ يالغۇز قالدۇرمايمەن!— كەۋسەر شۇ سۆزلەرنى دېگەندە كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. شۇ تاپتا مەرھۇم ئانىسى زۆلەيخانىنى ئەسلەپ قالغانلىقى ئېنىق ئىدى.

غېنى ساقچى ئېغىر نەپەس ئېلىپ ئۈنچىقماي ئولتۇراتتى. بىر ھېسابتا ئۇ كېيىنكى گەپنى پىلانى بويىچە مۇھىم يەردىن باشلاپ، كەۋسەرنى ھاياجانغا سالالىغانلىقىغا خۇش ئىدى. ئۇ يەنە ئۆزىچىلا رىغبەتلىنىپ گەپ باشلىدى:

— كەۋسەر، ئاڭلىسام ھازىر مەكتىپىڭىزدىكى ياتىقىڭىزدا تۇرۇۋېتىپسىز. سىز ئاشۇ جالالىدىن ئاخۇننىڭ ئوغلى سەدىردىن خورلاپ، دوقا - دوقالاڭ قىلىدىغان كەۋسەر ئەمەس، بەلكى پۈتۈنسۈرۈك بىر يېزىنىڭ باشلىقىنىڭ ئەتىۋارلىق قىزى. سەدىردىن ئىدارە باشلىقى بولسا نېمە بوپتۇ!؟ ئۇ قايسى ھالىغا سىزگە چوكچىلىق قىلىدىكەن! يېزا باشلىقمۇ ئاقتاشنى ئالىقىنىدا چۆرۈيدىغان ئەمەلدار تۇرۇپمۇ، مەرھۇم زۆلەيخان ئانامغا بىرەر قېتىممۇ چوكچىلىق قىلىپ، دىلىنى رەنجىتىپ باقمىغانغۇ!؟ بولدى، ئاقتاشقا قايتىپ كېلىڭ. قالغان ئىشلارغا مەن بار.

— مېنىڭ سەدىردىن بىلەن بولغان ئىشىمنى كىمدىن ئاڭلىدىڭىز؟— كەۋسەر سەل جىددىيلىشىپ ئورنىدىن تۇردى.

غېنى ساقچى كەۋسەرنىڭ بۇ ھالىتىدىن چۆچۈپ كەتتى. ئەتىدىن بېرى پىلانلىق قىلغان پاراڭلىرى گەرچە ئارزۇسىدىكىدەك ئۈنۈم بېرىۋاتىسىمۇ، ئەپسۇسلىنارلىقى، يادرولۇق گەپ كۆتۈلمىگەندە كەۋسەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەكس سادا پەيدا قىلىۋاتاتتى. غېنى ساقچى خۇددى ئۆزىمۇ سەزمەي خاتا گەپ قىلىپ قويغاندەك لام - جىم دېيەلمىدى. گەپ قىلىشقا ئورۇنسىمۇ نېمە دېيىشنى بىلمەيۋاتاتتى. ئەتىدىن بېرى گاھ ھاياجانلىنىپ، گاھ جىمىپ ئولتۇرغان كەۋسەر غېنى ساقچىنىڭ شۇ گېپىدىن كېيىنلا گويا قەلبىدىكى جاراھەتكە تۇز سېپىلگەندەك ئازابلىنىپ، كەيپىياتى ئەسلىگە كېلەلمىدى.

بىردەمــدىن كېيــىن: «ۋەزىيەتنــى ئوگــشاش» نىيىتنــدە ئېغىــز ئاچتى:

— غېنىكــا، ئويلىــسام بــۇ يەردە بەك ئــۇزاق ئولتــۇرۇپ كېتىپتىمىز. ئەسلىدە بىز سەيلە - ساياھەتكە ئەمەس، ھېلىقى ھېيىز ئىسملىك بالا بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەنغۇ! ماگــايلى، دەرھال ماگايلى! مانا ماۋۇ ھېيىز ئىسملىك بالىنىڭ ئادرېسى، سىزگە بېرەي، ئۇدۇل شۇ يەرگە بارايلى،— كەۋسەر يارىشىملىق بوغما چاپاننىڭ يانچۇقىدىن پىر بارچە قەغەزنى چىقىرىپ گاگگىراپ تۇرغان غېنى ساقچىغا ئۇزاتتى. غېنى ساقچى شۇئان:

— بولدى، ئۇ كېرەك ئەمەس. مەن ھېيىزنىڭ ئاچىسىنىڭ ئۆيىنى بىلىمەن. ماگــايلى ئەمىسە، ئــۇ يەرگە كېلىپمــۇ قالغاندۇق......— دېدى- دە، نەرسە - كېرەكلەرنى ئالدىراپ يىغىشتۇرۇپ موتوسىكلىتنى يولغا توغرىلىدى.

ئــۇلار ئالدىراش يولغا چىقىپ بىردەم ماگغاندىن كېيىنلا دېگەندەك ئاپتاغىنىڭ چېچىلاگغۇ كەنت - مەھەللىلىرى كۆزگە چېلىقىشقا باشلىدى. تاغ باغرىدىكى پاكار سوقما تاملىق ئۆيلەر كەۋسەرگە باشقىچە كۆرۈندى. بارا - بارا جىددىيلىشىشكە باشلىدى. جىسمىغا نەدىندۇر دەۋرەپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئىزتىراپ موتوسىكلىتنىڭ تېزلىكى بىلەن بەسلەشكەندەك دەۋرىيلىنىپ ئېشىۋاتاتتى. شۇ ھالدا غېنى ساقچى كەۋسەرنى تېزرەك ئارمانىغا يەتكۈزۈپ، كۆڭلىنى تىندۇرۇشنى ئويلىدى بولغاي، مۇسابە ئازايغانسېرى موتوسىكلىتنى تېز ھەيدىدى. ئاخىر ئــۇلار بىرنەچچە ئائىلە جايلاشقان تۆپىلىككە يېتىپ كېلىپ موتوسىكلىتتىن چۈشتى. غېنى ساقچى كەۋسەرنى ئالدى تەرەپتىكى سوقما تاملىق ئۆيگە باشلاپ كېتىۋېتىپ چىرايىغا ئارىلاپ قاراپ قوياتتى. كەۋسەرنىڭ ئاق سۈزۈك چىرايى تېخىمۇ ئاقىرىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئۇلار ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، ھويلىدا قوي قىرقىۋاتقان بىر بوۋاي سالام - سەھەتنىمۇ ئۇنتۇپ سۆزلەپلا كەتتى:

— ۋاي، ساقچى غوجام! يەنە كەپلىغۇ؟ تېخى بۈرناكۈن بىرنەچچە ساقچى كېلىپتىكەن، بالىدىن گەپ سوراپ بولۇپ بۈنىڭدىن كېيىن بۇ بالىنى ئىزدىمەيمىز دېگەن. بۇ شۇ ئوغلۇمنىڭ ئىشى بولمامدۇ؟ خوتۇنىنىڭ كەينىگە كىرىپ قېيىنئىنىسىنى قوي بېقىشقا چىللاپ ئەكېلىپ نېمە قىلىدۇ؟ مانا ئەمدى ھەرقايسىلىرى ئۇ شۇمنى تولا ئىزدەپ كېلىۋېرىپ خەقنىڭ ئالدىدا يۈزۈمنى قويۇشىمدىلا. بۇ تاغ يېرى بولغان بىلەن، ساقچى غوجام، ئۆينىڭ كەينىگە چىقىپ كۈسىدە بىرنى ئۇسۇرساقمۇ ھەش - پەش دېگۈچە پۈرىقى تۆت ئەتراپقا تاراپ بولىدۇ! ئۆيىمىزدىن ھەرقايسىلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەندىن بېرى يۈرت-مەھەللىدىكىلەر بىزنى ئارىغا ئالماس بولدى مانا! ئۇ شۇم ئەنە ئاۋۇ تەسكەن دۆڭدە قوي بېقىۋاتىدۇ، قۇلاق تىنچىيدىغانلا بولسا ئېلىپ كېتىشسىلە!

— بۇ...... بۇ...... نېمە گەپ زادى؟ غېنىكا، سىلەر ساقچىلار بۇ يەرگە بۈرۈن كېلىپ بوپتىكەنسىلەر، شۇنداقمۇ!؟ ماڭا بۇرۇنراق دېسىڭىز بولمامدۇ؟!— كەۋسەر ئاچچىقتىن يېرىلاي دەۋاتاتتى. شۇڭا، دەرھال بوۋايغا كۆڭۈل قويۇپ ئەپۇ سورىدى.

— ئىلگىرى مەن بۇ يەرگە كېلىپ ئەھۋالنى ئېنىقلىغان. رازاق ئابدۇللا بىلەن زاكونلىشىۋاتقاندىلا ھېچقىز بىلەن تۇردىنى نەق مەيداندىن ھەيدىۋېتىپتىكەن. تۈنۈگۈن سىز بۇ يەرگە كېلىشنىڭ گېپىنى قىلغاندا قاراپ تۇرۇپ رايىڭىزنى ياندۇرغۇم كەلمىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئىدارىدە بۇ دېلونى ئىشلەۋاتقانلارمۇ بۇ يەرگە كەلگەن ئوخشايدۇ. ئۇلار ئەھۋالنى قايتا ئىگىلەپ توغرا قىپتۇ. بىر قايتىپ كېتەيلى ئەمىسە،— دېدى غېنى ساقچى سەل ئوڭايسىز-لانغان ھالدا.

كەۋسەرنىڭ روھى بىردىنلا چۈشۈپ كۆز ئالدىدا بىر پارچە چالما سۇغا چۈشۈپ لايغا ئايلانغاندەكلا بولدى. ئۇ خېلىدىن بېرى ئۆزىدىكى ئالاھىدە بىر خىل سېزىمغىلا تايىنىپ ئابدۇللانى گۇناھسىز دەپ قارايتتى. بىر ھېسابتا بۇ قارىشىنى مۇشۇ ھېپىز ئىسمىلىك بالا ئارقىلىق ئىسپاتلايمەن دەپ يۈرەتتى. شۇ تاپتا ئۇ غېنى ساقچىنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلاپ تىلك قىيادىن قايىنامغا چۈشۈپ كەتكەندەك تۇيغۇغا كەلدى. ئارىدا بوۋاينىڭ ئاچچىقى سەل يېنىپ قالدى بولغاي، كەۋسەرگە قاراپ:

— پەمىچە، ماۋۇ قىزىمنىڭ ئايتاغقا تۇنجى كېلىشى ئوخشايدۇ. بوسۇغىمىزنىڭ تۆۋىگە كېلىپ ئاغزىڭلارنى نەم قىلماي قايتساڭلار كۆڭلۈم بەكلا يېرىم بولىدۇ. باشقىنى تەل قىلىشقا ساقلىيالمىساڭلارمۇ، مۇزدەك قېتىقتىن بىر ئاياق بولسىمۇ ئىچىپ كېتىڭلار! — دېدى يانغا قىيسىيىپ تۇرغان ئىشكنى داغدام ئېچىپ تۇرۇپ.

— رەھمەت سىلىگە، كۆڭۈللىرى بىزگە تېگىل بولدى. سىلىنى پاراكەندە قىلىپ قويۇپتۇق. بىز قايتايلى، ئامان بولسىلا، — دېدى كەۋسەر غېنى ساقچىغا ئەگىشىپ كەينىگە يانغاچ.

بوۋاي ئەپسۇسلانغاندەك بوسۇغىدا تۇرۇپلا قالدى. غېنى ساقچى توقاي - جىلغىلاردىن ئۆتۈپ غول يولغا تۇتىشىدىغان چىغىر يولدا موتوسىكلىتنى بولۇشىغا ھەيدىدى. دېمىسىمۇ ھېرىپ ئاران كەلگەندە بوۋاينىڭ ئىشك ئالدىدىلا دېگەن ھېلىقى گەپلىرى ئۇنىڭغا يەتكۈچە ئەلەم بولغانىدى. كەۋسەر ئۇنىڭ ھازىرقى روھىي كەيپىياتىنى چۈشەنگەن بولسىمۇ، زۇۋان سۈرمەي ئولتۇراتتى. ئاخىر غېنى ساقچى ئۆزى ئېغىز ئاچتى:

— تاغلىق دېگەننى ئەگەكىم، شۇنداقمۇ سوغۇق گەپ قىلغان بارمۇ كىشىگە! بىز خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى بىلەن كەلگەن تۇرساق!

— خاپا بولماڭ، ياخشىراق ئويلاپ باقساق بوۋاينىمۇ ئەيىبلەپ

كەتكىلى بولمايدۇ. بىركىمنىڭ ئۆيىگە ساقچىلار تولا كەلگىلى تۇرسا قولۇم ـ قوشنىلىرى ھەر خىل گۇماندا بولىدۇ. ئەمدى بۇ گەپلەرنى قىلىشمايلى. ئىشقىلىپ، مەن سىزدىن رازى. قارىماققا خىيالىي يۈرگەندەك قىلىسىڭىزمۇ ئىشلارنى خېلى ئەتراپلىق ئويلايدىكەنسىز. ھەر ھالدا ئابدۇللانىڭ غېمىنى يەپ بېقىپسىز. غازلىققا تېزرەك بېرىپ، دادام ناھىيەدىن قايتىپ كېلىپ بولغۇچە ئۆيگە كىرىۋالاي. ئۇ مېنىڭ ئايتاغقا كەلگىنىمنى بىلىپ قالسا، ئاخشام شۇنچە نەسىھەت قىلسام ئاڭلىمىدىڭمۇ دەپ قاتتىق رەنجىيدۇ.

ــ ماقۇل ئەمىسە، مەھكەم ئولتۇرۇڭ، موتوسىكلىتنى تېزرەك ھەيدەي.

موتوسىكلىتنىڭ تېزلىكى بىردىنلا ئاشتى. كەۋسەر ئەتراپقا خىيالچان باققىنىچە ئولتۇراتتى. گەرچە ئۇ ئۇزاقتىن بېرى ئۈمىد باغلاپ كېلىۋاتقان ئىشنىڭ كۆتكەن يەردىن چىقمىغانلىقىغا ئۆكۈنسىمۇ، غېنى ساقچىنىڭ روھى بارغانسېرى كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. چۈنكى، كەۋسەرنىڭ ھېلىقى گەپلىرى چېچىكىنى چاي قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ يۈرۈشى جىددىي داۋام قىلىپ بىر قايرىلمىدىن ئۆتكەندە، توساتتىن موتوسىكلىتنىڭ زەنجىرى ئۈزۈلۈپ، تاراق ـ تۇرۇق قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئوتى ئۆچتى. كۈتۈلمىگەندە يۈز بەرگەن بۇ كاشىلا غېنى ساقچىنىڭ ئەرۋاھىنى قىرىق گەز ئۇچۇردى. ئۇ تونۇگۈندىن بېرى بۇ ئەبجەق موتوسىكلىتنىڭ ئۆزىنى كەۋسەرنىڭ ئالدىدا مۇشۇنداق ئوسال قىلىشىدىن ئەنسىرەپلا كەلگەنىدى. گەرچە ئۇ ھەپىلىشىپ يۈرۈپ زەنجىرنى ئۇلاپ ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، بىراق موتوسىكلىت نېمىشقىدۇر ئوت ئالمىدى. ئۇ كەۋسەرنىڭ ئالدىدا قاتتىق ئوڭايسىزلىنىپ، رېمونتچىنى ئىچىدە بولۇشىغا تىللىدى. كېيىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ بىرنەچچە خىل چارىنى قوللىنىپ باققان

بولسىمۇ، موتوسىكلىت يەنىلا ئوت ئالمىدى. بىر چاغدا ئۇنىڭدىن بەكرەك تىت - تىت بولۇپ كەتكەن كەۋسەر ئەتراپقا قاراپ باش تەرەپتىن بىر تىراكتورنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى - دە:

— بولدى، ئاۋارە بولماڭ، غېنىكا، موتوسىكلىت ئوڭشالمايدىغاندەك قىلىدۇ. ئەنە ئاۋۇ يەردە بىر تىراكتور كېلىۋاتىدۇ، ئۇنى توسايلى، — دېدى.

— تىراكتورنى توسۇپ نېمە قىلىمىز؟ ھەرقانچە بولسىمۇ ئايتاغدىن تىراكتوردا قايتماسمىز. بولمىغاندا بىردەم ساقلىساق ماشىنا كېلىپ قالار، — دېدى غېنى ساقچى بېشىنى قاشلاپ.

— باياتىن شۇنىمۇ كۆڭلۈمگە ئەكەلدىم. ئەمما، بۇ يولدىن ماشىنىلار ئاساسەن قاتنىمايدىكەن. مەيلى ماشىنىنى ساقلىماي تىراكتوردا بولسىمۇ كېتىۋالايلى.

— بۇ گېپىڭىزمۇ راست، ئايتاغدىن باشقا جايلارغا بارغىلى بولمىغاندىكىن بۇ تەرەپكە كېلىدىغان قاتناشمۇ ئاز. ماقۇل ئەمىسە، تىراكتورنى توسايلى، — غېنى ساقچى ئامالسىز ھالدا كەۋسەرنىڭ گېپىگە كۆندى.

ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلارغا يېقىنلاپ كەلگەن تىراكتور، غېنى ساقچى قولىنى كۆتۈرۈپ بولغۇچە بىلگەندەكلا يېنىدا توختىدى. ئۇ ئەللىك ئات كۈچلۈك كونا تىراكتور بولۇپ، كوزۇپىدا بىرنەچچە كىشى ئولتۇراتتى.

— سوجاڭ، قارىغاندا موتوسىكلىتتىن چاتاق چىققان ئوخشايدۇ، دامبا قۇرۇلۇشى باشلانغاندىن بۇيان بۇ يول بەكمۇ بۇزۇلۇپ كەتتى دېسىلە، بىز ناھىيەگە سېمونت ئەكېلىش ئۈچۈن ماڭغان، ياخشىسى......

— بۇ تەرەپتىن ياخشىراق ماشىنىلار كەلمەسمۇ؟ — غېنى ساقچى تىراكتور شوپۇرىنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەيلا سورىدى.

— كېلىشىنغۇ كېلە، ئەمما...... بۈگۈن كەلمەسلىكى

مۇمكىن. دامبا بويىدىكى تۇغان ئەتىگەن يېرىلىپ كەتمىگەن بولسا، سېمونت توشۇش بىزگىمۇ ئاشمايتتى. قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ ماشىنىلىرى قاشىنىڭ ئۇ تەرىپىدە قالدى. ئەمدى ئۇلار تۇغاننى قاچان سوقۇپ، سۇنى توختاتسا ئاندىن ماشىنىلار بۇ تەرەپكە ئۆتەلەيدۇ شۇ......

— بولدى، مۇشۇ تىراكتوردا ماڭايلى،— دېدى كەۋسەر تىراكتور شوپۇرىنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەيلا.

— ئەمىسە ياردەملىشىڭلار! موتوسىكلىتنى كوزۇپقا ئالايلى،— غېنى ساقچىنىڭ گېپى تىراكتورنىڭ كوزىپىدا بەئەينى قارلىغاچ باللىرىدەك بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ ئولتۇرۇشقان تۆت كىشىنى ھەرىكەتكە كەلتۈردى. جاپاكەشلەرنىڭ كىرلىشىپ كەتكەن كىيىملىرىنىڭلا ئەمەس، تاغنىڭ شالاڭ ھاۋاسىدا چىرايلىرىنىڭمۇ ئۆڭسۈلى قالمىغانىدى. تۇرقىدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان ھارغىنلىق ئىپادىلىرى ئۇلارنىڭ خېلىدىن بېرى مۇشۇ ئەتراپتا جاپالىق ئەمگەك قىلىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلايتتى.

غېنى ساقچى ئۇلارغا ياردەملىشىپ موتوسىكلىتنى كوزۇپنىڭ يېنىغا ئەكېلىۋېتىپ پېتىدىن چۈشمەي ئولتۇرغان پاكار بوي، ئۇڭ مەڭزىدە تەڭگىدەك تارتۇقى بار يىگىتكە سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن:

— ھوي! باقى پەشتاق، سەنكەنسەنغۇ بۇ! ئاقتاشنى تاشلاپ ئەمدى بۇ تاغتۇرانى ماكان قىلدۇقما؟ قانداق يانچۇقچى! بۇ تەرەپلەردىغۇ يەنە خەقنىڭ يانچۇقىنى كوچىلاپ يۈرمىگەندىمىز؟ بىزنىڭ تۇرماي چاپسان پەسكە چۈشمەمسە؟پۇتۇڭنى بىركىم كوزۇپقا باغلاپ قويمىغاندىكىن! — دېدى كىنايە ئارىلاش.

— غېنى سوجاڭ، دامبا قۇرۇلۇشىدا ئىشلەپ ئالىقانلىرىمنىڭ يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرمىدىلىما؟ بايا بۇ يەردە سىلىنى كۆرۈپ، مېنى مۇشۇنداق تىللامدىكىن دەپ تونۇشلۇقمۇ بەرمەي

تۇرسام ئاخىر دەيدىغاننى دېدىلە مانا!

يىگىت خورلۇق ھېس قىلىپ شۇنداق دېگىنىچە كوزۇپتىن چۈشتى. كەۋسەر ئۇنىڭ جاپپا دەستىدە ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزىدىكى خورلۇق ئىپادىسىنى كۆرۈپ:

— غېنىكا، بۇنداق قوپال گەپ قىلمىسىڭىز بولمامدۇ؟ سىزمۇزە...... — دېدى پەس ئاۋازدا. كەۋسەرنىڭ ئۇ يىگىتكە ھەقىقەتەن ئىچى ئاغرىپ قالغانىدى.

— سىز بىلمەيسىز، بۇ پەشتاق ئەسلىدە ياپچۇقچىلىق قىلىپ...... ھە راست، ئۇ بىزنىڭ يېزىنىڭ قۇشدۆك كەنتىدىن بولىدۇ، يوقاپ كەتكىلى خېلى بولغانىدى.

— بولدى - بولدى، بۇ يەر سىزنىڭ ساقچىخانىڭىز بولمىغاندىكىن دەۋەرمەڭە ئۇ گەپنى! — كەۋسەر غېنى ساقچىغا سەل تېرىكتى.

شۇ ئەسنادا:

— ۋوي! سىلى ئەسلىدە...... كىيىملىرىگە قاراپ ئەجەب كىلىشكەن يىگىتكەن بۇ دەپتىمەن تېخى، خانىمكەنلا- دە!؟ — دېدى تىراكتور شوپۇرى كەۋسەرگە قىزىقسىنىپ قاراپ.

كەۋسەر بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئارىدا ھەممەيلەن ھەرىكەتكە كېلىپ موتوسىكلىتنى تىراكتورنىڭ كوزۇپىغا ئالدى. غېنى ساقچى سومكىدىكى ئەدىيالنى ئېلىپ كەۋسەرگە كوزۇپنىڭ ئالدى تەرىپىدىن ئەپلىك ئورۇن ھازىرلاپ بەردى. ئۆزى يان تەرەپتە ئىشلەمچىلەرنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. تىراكتور قوزغىلىپ بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، كەۋسەر قايسىدۇر بىر ئىشنى ئېسىگە ئېلىپ، غېنى ساقچىدىن موتوسىكلىتنىڭ كەينىگە قىستۇرۇۋالغان چوڭ سومكىنى سۇنۇپ بېرىشنى ئۆتۈندى. غېنى ساقچى كەۋسەرنىڭ مەقسىتىنى دەماللىققا چۈشىنەلمەي ئازراق مەڭدەپ قالغاندىن كېيىن، چاققانلىق بىلەن سومكىنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ

بەردى. كەۋسەر سومكىدىن گېزىتكە ئورالغان توخۇ كاۋىپى، پېچىنە، تۇخۇم، ئىچىملىك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ يېنىدا ئۆزىگە قىزىقىش ئىچىدە قاراپ ئولتۇرۇشقان ئىشلەمچىلەرگە تەڭلىگىنىچە دېدى:

— كېلىڭلار! بۇلارغا ئېغىز تېگىڭلار، تارتىنماڭلار - ھە!

بىراق، ئىشلەمچىلەر لام - جىم دېمەي، ئۆزلىرىگە سوغۇق نەزەردە قاراپ ئولتۇرغان غېنى ساقچىغا لاپىدە قاراپ قويۇشۇپ ئورۇنلىرىدىن قىمىر قىلىشمىدى. كەۋسەر ھېلىقى باقى ئىسىملىك يىگىتكە قاراپ:

— باقىجان، بىز بىر يېزىدىن ئىكەنمىز. قېنى، سىز ئاۋۋال قول كەلتۈرۈپ بېرىڭ، — دېدى نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا ئۇزىتىپ. باقى قورۇنۇش ئىلكىدە كەۋسەر تەرەپكە سۈرۈلۈپ نەرسىلەرنى ئالدى ۋە:

— مەن سىلىنى ئەمدى تونۇدۇم. سىلى يېزا باشلىقىنىڭ قىزىغۇ ! قارىغاندا بۇ نازۇنېمەتلەرگە بىزنىڭ رىزقىمىز چۈشكەن ئوخشايدۇ. قورسىقىمىزمۇ ئېچىپ كورۇلداپ كەتكەنىدى، مەززە قىلىپ يېۋېتەيلى ئەمىسە، — دېدى خۇشال ھالدا.

باقىنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك قىلاتتى. كەۋسەرمۇ ئۇنىڭ ئورۇنلۇق، ئاشكارا ۋە يۇمۇرىستىك گەپلىرىدىن خۇش بولۇپ قالدى. ئارىدا ئىشلەمچىلەر غېنى ساقچىغا قاراپ كۇسۇرلىشىۋىدى، ئۇ شۇئان:

— ئۇتتۇرۇۋەتكەنىدەك ئولتۇرۇشقىنىنى ماۋۇ ئاداشلىنىڭ! كەۋسەر قىز يەڭلا دېگەنىدىكىن، ئوغۇل بالىدەك گاچ - گۇچ يېمەمسىلەر نېزىقىماي! — دېدى زورىغا كۈلۈمسىرەپ.

شۇنىڭدىن كېيىنلا ئىشلەمچىلەر تالىشىپ - تارتىشىپ يېيىشكە باشلىدى. دەرۋەقە ئۇلارنىڭ قورساقلىرى ئاچقانىدى. ھەش - پەش دېگۈچە يېگۈلۈكلەر تەلتۆكۈس تۈگىدى. بۇ چاغدا ھارغىنلىق

يەتكەن غېنى ساقچىنى ئۈيقۇ لەشكەرلىرى قاپساپ، تىزىغا بېشىنى قويغىنىچە ئۇخلىغانىدى. ئاگغۇچە ئارىدىكى تارتىنىش تۈگەپ، كەۋسەر ئىشلەمچىلەر بىلەن قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. ئەسلىدە بۇ كىشىلەر بىرنەچچە ئايدىن بېرى ئاقتاش دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىدىكى دامبا قۇرۇلۇشىدا ئىشلەۋاتقانلار ئىكەن. بۈگۈن ناھىيەگە سېمونت ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن مېڭىپتۇ.

كەۋسەر پارك ئارىسىدا ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئايتاغقا كېلىشتىكى مەقسىتىنى دەپ بەرگەنىدى. باقى بىردەم جىم بولۇپ قالغاندىن كېيىن:

— مەن رازاقىنى تونۇيمەن. ئەمما، ئابدۇللانى ئانچە تونۇپ كەتمەيدىكەنمەن. ئىشقىلىپ، بۇ ئىش...... ھەي! كىم ئويلىغان بۇنداق بولۇشىنى! — دېگىنىچە ھەمراھلىرىغا قاراپ قويدى. ھەمراھلىرىمۇ ئۇزاقتىن بۇيان تاغ ئارىسىدا ئىشلەۋاتقاچقا بۇ ۋەقەدىن خەۋىرى يوقلۇقىنى ئېيتىشتى. ئارىدا بىردەم جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. كەۋسەر سۆكۈتكە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن ئىشلەمچىلەردىن دامبا قۇرۇلۇشىدىكى تۇرمۇشىنى سورىغانىدى، بەس - بەستە سۆزلەپلا كېتىشتى:

— كۆنىمىز تەس، خانىم. بۇ قۇرۇلۇشنى ۋىلايەتتىكى قايسىدۇر بىر قۇرۇلۇش شىركىتى ھۆددىگە ئالغانىكەن. ئىش ھەققىمىزنى ۋاقتىدا بەرمەيدۇ. قولىمىزدا پۇل بولمىغاندىكىن بەزىدە قورساقمۇ ئاچ قالدى. مىڭ تەستە بەرگەن پۇلغا ئايتاغدا نان ياقتۇرۇپ ئەكېلىپ يېدۇق شۇ.

— ھەپتە - ئايلاپ بىرەرچىلىك گۆش تېپىپ يېگىلى بولمىغاندىكىن، يۈز - كۆزلىرىمىز يېرىلىپ مۇشۇنداق بولۇپ كەتتى.

— يۈز - كۆزنىڭ گېپىنى قىلماي، ئىش قىلىدىغان ماۋۇ قولنىڭ گېپىنى قىلغىنا! مانا، قوللار تەرى قوغۇندەك يېرىلىپ كەتكەچكە گۆرجەكنىڭ سېپىنى تۇتماق تەس بولدى.

— ئــــشلىمەي كېتەيلـــى دېـــسەك قـــولىمىزدا هـــۆنىرىمىز بولمىغاندىكىن، چىدىماي باشقا ئامال يوق.
— دېهقانچىلىق بىلەنلا شۇغۇللىنىپ يەر بىلەن هەپىلىشۋەرسەك، يەر ئىلكىمىزدىكى هەممىنى يەپ بولىدىكەن. شۇڭا، سىرتقا چىقىپ ئـاز - تـولا تاپـاۋەت قىلايلـى دېگەنىـدۇق، كىـم بىلـسۇن بۇنداق ئېغىر ئەهۋالدا قېلىشىمىزنى!
— هەيـرانمەن، جاهـان ئۆگشالغانـسېرى ئـادەمنى بـوزەك قىلىدىغان ئالدامچى - كاززاپلار چىۋىندەك كۆپىيىۋاتىدا!؟
— ئەمگەك بەك ئېغـر، ئـش بېشى كۆنلۈك ۋەزىـپە بېرىـدۇ. كۆندۈزى قىلىپ بولالمىساق كېچىسى قىلىدىغان گەپ ئۆزى......
— ئىش قىلغانغا ئادەم ئۆلمەيدۇ. مۇهىمى ئـش هەققىمىزنـى ۋاقتىدا بەرسە بولاتتى. خوتۇن - باللارغا هەپتە - قـاراردا ئـازراق بولسىمۇ پۇل ئەۋەتىپ تۇرمىساق قاملاشمادۇ!......
ئۇلار شۇ يوسۇندا قاينىشىۋاتقاندا، كەۋسەر:
— بـۇ ئـشتىن غەم قىلمـاڭلار، مەن غېنىكامغـا ئېيتـاي، ئـش هەققىڭلارنـى ۋاقتىـدا ئېلىـشىڭلارغا يـاردەم قىلـسۇن، — دېـدى ئەشەنچ بىلەن غېنى ساقچىغا قاراپ.
شـۇ ئەسـنادا تىراكتورنىـڭ كـوزۇپى قـاتتىقراق تەۋرەنگەنـدى، غېنى ساقچى چۆچۈگەن هالدا بېشىنى كۆتۈرۈپ:
— ئەجەب تۇتتا بۇ ئۇيقۇ! نېمە ئۇ تاراقلىغان؟ — دېدى گـاراڭ هالدا. شۇئان هەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىشتى. تىراكتـور ئاقتـاش يېزىـسىنىڭ بـاش تەرىپىـدىكى تومـا تۈۋىـدە توختىغانـدا كـۈن ئولتۇرغانىدى.

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: **غەيرەت خالىق**

# يېشىل تۇمان

ھەربىر كىشىنىڭ ھاياتىدا يۈز بەرگەن ئوڭۇشسىزلىق ۋە بەختسىزلىكلەردە شۇ كىشىنىڭ چىن دوستلۇق بىلەن ئىنسانىي سەمىمىيەتكە مۇشەررەپ بولالمىغانلىقىدەك ئاچچىق ساۋىقى بولىدۇ.

ISBN 978-7-5373-2279-9

(民文)总定价：130.00元